# سەھىھ مۇسلىمنىڭ تەرجىمىسى

سەھىھ مۇسلىمنىڭ تەرجىمىسى

## 2 ـ قىسىم

ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان الله نىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن،

بارلىق ھەمدۇ ــ سانا ئاللاھقا خاستۇر. بىز ئاللاھقا چەكسىز ھەمدۇ ــ سانا ئېيتىمىز. ياردەمنى پەقەت بىر ئاللاھدىنلا سورايمىز. ئاللاھدىن گۇناھلىرىمىزنىڭ كەچۈرۈم قىلىنىشىنى سورايمىز. ئاللاھقا شەكسىز ئىشەنگەن ھالدا تەۋەككۈل قىلىمىز. ئاللاھ ھىدايەت قىلغان كىشىنى ھېچكىشى ئازدۇرالمايدۇ. ئاللاھ بۇ بەندە ئازغۇن دەپ ھۆكۈم قىلسا، يول قويسا، شارائىت، پۇرسەت بەرسە، ھېچكىشى ئۇ بەندىنى ھىدايەت قىلالمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بىز ئاللاھدىن ھىدايەت، توغرا يول سوراپلا قالماستىن، نەپسىمىزنىڭ ئەمەللىرىمىزنىڭ يامانلىقلىرىدىن ئاللاھقا سېغىنىپ پاناھ تىلەيمىز. شەيتاندىنمۇ ۋە ئۇنىڭ قوشۇنلىرىدىن، جىننى، ئىنسى شەيتانلاردىن ئاللاھقا سېغىنىپ پاناھ تىلەيمىز.

ئاللاھنىڭ بارلىق بىرلىكىگە، مۇھەممەد سەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئاللاھنىڭ ئەلچىسى ئىكەنلىكىگە، قىيامەت كۈنىگە، پەرىشتىلەرگە، پەيغەمبەرلەرگە، ساماۋى كىتابلارغا، ئۆلگەندىن كېيىن روھ ۋە تەن جىسىم بىلەن تېرىلىشىمىزگە شەكسىز ئىشىنىمىز، ئىمان كەلتۈرىمىز. ئاللاھتائالا، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە، ئائىلە ــ تاۋابىئاتلىرىغا، ساھابىلار، تابىئىنلارغا، ئۇلارغا ئەگەشكەن بارلىق مۇسۇلمان مۆئمىنلەرگە رەھمەت قىلسۇن، رازى بولسۇن، جەننەتتە جامالىنى ئاتا قىلسۇن. ئامىن!

بارلىق ئىشلىرىمىزنى، خىزمەتلىرىمىزنى ئوڭۇشلۇق قىلسۇن، ئۆز رازىلىقى ئۈچۈن، جامالى ئۈچۈن خالىس قىلىپ بىرىپ قوبۇل قىلسۇن. ئامىن!

پۈتۈن دۇنيا مۇسۇلمانلىرىغا، بولۇپمۇ، زۇلۇمغا ئۇچراۋاتقان ئاجىز، بىچارە مۇسۇلمانلارغا ئاللاھ ئۆزى ئىگە بولۇپ رەھىم قىلسۇن، بۇ مۇسۇلمانلارنىڭ خاتالىق، گۇناھ، مەئسىيەتلىرىنى كەچۈرۈپ، ئەپۇ قىلىپ، ئىككى ئالەملىك بەخت ــ سائادەتمەنلىك ئاتا قىلىپ، ياردەم بەرسۇن، قەلبىنى ھىدايەت قىلىپ، ئىسلاھ قىلىپ ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، تەقۋا مۆئمىنلەردىن قىلسۇن. ئامىن!

## كتاب البيوع ـ بەيئى، سودا ـ سېتىقنىڭ كىتابى

*667 ـ باب إبطال بيع الملامسة والمنابذة*

### مالنى سىلاش ۋە نەرسە تاشلاپ سودا قىلىشتىن چەكلەش توغرىسىدا

3758 ـ 3759 ـ3760 ـ3761 ـ حدّثنا يَحْيَى بْنُ يَحْيَى التّمِيميّ قَالَ: قَرَأْتُ عَلَى مَالِكٍ، عَنْ مُحَمّدِ بْنِ يَحْيَى بْنِ حَبّانَ، عَن الأَعْرَجِ، عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ أَنّ رَسُولَ الله صلى الله عليه وسلم نَهَى عَنِ الْمُلاَمَسَةِ وَالْمُنَابَذَةِ.
3762 ـ وحدّثني مُحَمّدُ بْنُ رَافِعٍ، حَدّثنا عَبْدُ الرّزّاق أَخْبَرَنَا ابْنُ جُرَيْجٍ، أَخْبَرَنِي عَمْرُو بْنُ دِينَارٍ عَنْ عطاءِ بْنِ مِينَاءَ أَنّهُ سَمِعَهُ يُحَدّثُ عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ أَنّهُ قَالَ: نُهِيَ عَنْ بَيْعَتَيْنِ: الْمُلاَمَسَةِ وَالْمُنَابَذَةِ، أَمّا الْمُلاَمَسَةُ فَأَنْ يَلْمِسَ كُلّ وَاحِدٍ مِنْهُمَا ثَوْبَ صَاحِبِهِ بِغَيْرِ تَأَمّلٍ، وَالْمُنَابَذَةُ أَنْ يَنْبِذَ كُلّ وَاحِدٍ مِنْهُمَا ثَوْبَهُ إِلَى الآخَرِ، وَلَمْ يَنْظُرْ وَاحِدٌ مِنْهُمَا إِلَى ثَوْبِ صَاحِبِهِ.

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئىككى خىل سودىدىن توسقان، ئۇ ئىككى سودا؛ ئېلىپ ساتقۇچى ئىككى كىشىنىڭ بىرسى يەنە بىرسىنىڭ مېلىنى كېچە ياكى كۈندۈزدە، سىلاپ تۇتۇپ قويۇشى بىلەنلا، بەيئى سودىنى ۋاجىپ قىلىشتىن، ئۇ ئىككى كىشىنىڭ ئىككى نەرسىنى، كىيىمنى تەكشۈرۈپ قاراپ باقماستىنلا، بىرسى ـ بىرسىگە تاشلاپ بېرىشى بىلەنلا، سودا قىلىشتىن توسقان.

3763 ـ وحدّثني أَبُو الطّاهِرِ و حرملة بْنُ يَحْيَى (وَاللّفْظُ لِحَرْمَلَةَ) قَالاَ: أَخْبَرَنَا ابْنُ وَهْبٍ، أَخْبَرَنِي يُونُسُ عَن ابْنِ شِهَابٍ، أَخْبَرَنِي عَامِرُ بْنُ سَعْدِ بْنِ أَبِي وَقّاصٍ أَنّ أَبَا سَعِيدٍ الْخُدْرِيّ قَالَ: نَهَانَا رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم عَنْ بَيْعَتَيْنِ وَلِبْسَتَيْنِ: نَهَى عَنَ الْمُلاَمَسَةِ وَالْمُنَابَذَةِ فِي الْبَيْعِ، وَالْمُلاَمَسَةُ لَمْسُ الرّجُلِ ثَوْبَ الآخَرِ بِيَدِهِ بِاللّيْلِ أَوْ بِالنّهَارِ، وَلاَ يَقْلِبُهُ إِلاّ بِذَلِكَ، وَالْمُنَابَذَةُ أَنْ يَنْبِذَ الرّجُلُ إِلَى الرّجُلِ بِثَوْبِهِ وَيَنْبِذَ الآخَرُ إِلَيْهِ ثَوْبَهُ، وَيَكُونُ ذَلِكَ بَيْعَهُمَا مِنْ غَيْرِ نَظَرٍ وَلاَ تَرَاضٍ.
3764 ـ وَحَدّثَنِيهِ عَمْرٌو النّاقِدُ، حَدّثَنَا يَعْقُوبُ بْنُ إِبْرَاهِيمَ بْنِ سَعْدٍ، حَدّثَنَا أَبِي عَنْ صَالِحٍ، عَن ابْنِ شِهَابٍ بِهَـٰذَا الأَسْنَادِ.

ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئىككى خىل كىيىنىشتىن، ئىككى خىل سودىدىن توسقان، ئىككى سودا؛ ئېلىپ ساتقۇچى ئىككى كىشىنىڭ بىرسى يەنە بىرسىنىڭ مېلىنى كېچە ياكى كۈندۈزدە، سىلاپ تۇتۇپ قويۇشى بىلەنلا، بەيئى سودىنى ۋاجىپ قىلىشتىن، ئىككى كىشىنىڭ ئىككى نەرسىنى تەكشۈرۈپ قاراپ باقماستىنلا، بىرسى ـ بىرسىگە تاشلاپ بېرىشى بىلەنلا، سودا قىلىشتىن توسقان. ئىككى خىل كىيىنىش بولسا؛ پۈتۈن بەدىنىنى پۈتۈنلەي يۆگىۋېلىشدىن،بىر مۈرىسىگە كىيىم ئارتىپ، يەنەبىر مۈرىسىنى ئۇچۇق قويۇشتىن، بىرلا كىيىمدە، ئەۋرىتى ئۈستىدە نەرسە بولماستىن ئىتقا ئوخشاش زوڭ ئولتۇرۇشدىن توسقان. بۇخارى 2002 ـ ھەدىس، ئەھمەد 9838 ـ ھەدىس، بەيھەقى،مۇسلىم، نەسەئى، ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

*668 ـ باب بطلان بيع الحصاة، والبيع الذي فيه غرر*

### تاش ئېتىش ئارقىلىق سودا قىلىشنىڭ ۋە ھىيلە ـ مىكىر، ئالداش بىلەن سودا قىلىشنىڭ باتىللىقى توغرىسىدا

3765 ـ وحدّثنا أَبُو بَكْرِ بْنُ أَبِي شَيْبَةَ، حَدّثَنَا عَبْدُ اللّهِ بْنُ إِدْرِيسَ وَيَحْيَى بْنُ سَعِيدٍ وَأَبُو أُسَامَةَ عَنْ عُبَيْدِ اللّهِ، ح وَحَدّثَنِي زُهَيْرُ

بْنُ حَرْبٍ (وَاللّفْظُ لَهُ)، حَدّثَنَا يَحْيَى بْنُ سَعِيدٍ عَنْ عُبَيْدِ اللّهِ، حَدّثَنِي أَبُو الزّنَادِ عَنِ الأَعْرَجِ، عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ قَالَ: نَهَى رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم عَنْ بَيْعِ الْحَصَاةِ، وَعَنْ بَيْعِ الْغَرَرِ.

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم تاش ئېتىش ئارقىلىق سودا قىلىشدىن (يەنى ئۇستىگە تاش چۈشكەن نەرسىنى سېتىپ بېرىش سودىسىدىن)، ھىيلە ــ مىكىر، ئالداش، ساختىپەزلىك ئارىلاشقان سودىدىن، (مۇجمەللىك، نامەلۇملۇق ئارىلاشقان سودىدىن) توسقان. مۇسلىم دىبسكا 2783 ــ ھەدىس، ئەھمەد 7104 ــ ھەدىس، زىيائۇلمەقدەسى، تۆت كىتاب توپلىغان، سەھىھ.

## 669 ـ باب تحريم بيع حبل الحبلة بۇغاز ھايۋاننىڭ بالىسىنىڭ بالىسىنى سېتىشنىڭ ھاراملىقى توغرىسىدا

3766 ـ حدّثنا يَحْيَى بْنُ يَحْيَى وَ مُحَمّدُ بْنُ رُمْحٍ، قالاَ: أَخْبَرَنَا اللّيْثُ، ح وَحَدّثَنَا قُتَيْبَةُ بْنُ سَعِيدٍ، حَدّثَنَا لَيْثٌ عَنْ نَافِعٍ، عَنْ عَبْدِ اللّهِ ،عَنْ رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم أَنّهُ نَهَى عَنْ بَيْعِ حَبَلِ الْحَبَلَةِ.

3767 ـ حدّثني زُهَيْرُ بْنُ حَرْبٍ وَ مُحَمّدُ بْنُ الْمُثَنّى (وَاللّفْظُ لِزُهَيْرٍ)، قالاَ: حَدّثَنَا يَحْيَى (وَهُوَ الْقَطّانُ) عَنْ عُبَيْدِ اللّهِ، أَخْبَرَنِي نَافِعٌ عَنِ ابْنِ عُمَرَ قَالَ: كَانَ أَهْلُ الْجَاهِلِيّةِ يَتَبَايَعُونَ لَحْمَ الْجَزُورِ إِلَى حَبَلِ الْحَبَلَةِ، وَحَبَلُ الْحَبَلَةِ أَنْ تُنْتَجَ النّاقَةُ ثُمّ تَحْمِلَ الّتِي نُتِجَتْ، فَنَهَاهُمْ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم عَنْ ذَلِكَ.

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بوغاز تۆگىنىڭ ئىچىدىكى ھايۋاننىڭ يەنە بوغاز بولۇپ تۇغۇلىدىغان بالىسىنى (يەنى بوغاز تۆگىنىڭ بالىسىنىڭ بالىسىنى) سېتىشدىن،ئالدىن پۇل ئېلىشدىن توسقان. (بۇ جاھالىيەت ئەھلىنىڭ سودىسى ئىكەن)بۇخارى 1999 ــ ھەدىس، مۇسلىم 2784 ــ ھەدىس، كىيىنكى تۆت كىتاب، ئەھمەد، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ. ئىبنى ئاbbاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئەركەك ھايۋاننىڭ سۇلبىدىكى، نەسلىدىكى تېخى تۇغۇلمىغان ھايۋانىنى سېتىشدىن، ئالدىن پۇل ئېلىشدىن توسقان ۋە كالا، تۆگىنىڭ ۋە باشقا چىشى ھايۋاننىڭ قورسىقىدىكى تېخى تۇغۇلمىغان ھايۋانىنى سېتىشدىن، ئالدىن پۇل ئېلىشدىن توسقان، بوغاز ھايۋاننىڭ قورسىقىدىكى بالىسىنىڭ بالىسىنى سېتىشدىن توسقان. تەبرانى توپلىغان، سەھىھ.

## 670 ـ باب تحريم بيع الرجل على بيع أخيه، وسومه على سومه، وتحريم النجش، وتحريم التصرية

## كىشىنىڭ سودىسى ئۈستىگە سودا قىلىشنىڭ، باھاسى ئۈستىگە باھا قويۇشنىڭ، باشقىلارنى ئالداپ باھانى ئۆستۈرۈۋېلىشنىڭ، ئۇلاغنىڭ يېلىنىغا سۈت يىغىپ سېتىشنىڭ ھاراملىقى توغرىسىدا

3768 ـ حدّثنا يَحْيَى بْنُ يَحْيَى، قَالَ: قَرَأْتُ عَلَى مَالِكٍ عَنْ نَافِعٍ، عَنِ ابْنِ عُمَرَ أَنّ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم قَالَ: «لاَ يَبِعْ بَعْضُكُمْ عَلَى بَيْعِ بَعْضٍ».

3769 ـ حدّثنا زُهَيْرُ بْنُ حَرْبٍ وَ مُحَمّدُ بْنُ الْمُثَنّى (وَاللّفْظُ لِزُهَيْرٍ) قالاَ: حَدّثَنَا يَحْيَى عَنْ عُبَيْدِ اللّهِ، أَخْبَرَنِي نَافِعٌ عَنِ ابْنِ عُمَرَ ، عَنِ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم قَالَ: «لاَ يَبِعِ الرّجُلُ عَلَى بَيْعِ أَخِيهِ، وَلاَ يَخْطُبْ عَلَى خِطْبَةِ أَخِيهِ، إِلاّ أَنْ يَأْذَنَ لَهُ».

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: كىشى قېرىندىشىنىڭ قىلغان سودىسى ئۈستىگە سودا قىلمىسۇن. ئەلچى ئەۋەتكەن جايغا ئەلچى ئەۋەتمىسۇن، لېكىن،

**سەھىھ مۇسلىمنىڭ تەرجىمىسى**

تەرىك ئەتسە، ئىزنى، رۇخستى بىلەن سودا قىلسا ياكى ئەلچى ئەۋەتسە بولىدۇ. ئەھمەد، مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: كىشى قېرىندىشىنىڭ بەيئىسى ئۈستىگە بەيئى قىلمىسۇن، قويغان باھاسى ئۈستىگە باھا قويمىسۇن، تالىشىپ سېتىۋالمىسۇن. ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

**3770 ـ3771 ـ حدّثنا يَحْيَى بْنُ أيّوبَ وَ قُتَيْبَةُ بْنُ سَعِيدٍ وَ ابْنُ حُجْرٍ، قالُوا: حَدّثَنَا إِسْمَاعِيلُ (وَهُوَ ابْنُ جَعْفَرٍ) عَنِ الْعَلاَءِ، عَنْ أبِيهِ، عَنْ أبِي هُرَيْرَةَ أنّ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم قالَ: «لاَ يَسُمِ الْمُسْلِمُ عَلَى سَوْمِ أخِيهِ».**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: (كىشى قېرىندىشىنىڭ بەيئىسى ئۈستىگە بەيئى قىلمىسۇن)، مۇسۇلمان قېرىندىشىنىڭ قويغان باھاسى ئۈستىگە باھا قويمىسۇن، تالىشىپ سېتىۋالمىسۇن.مۇسلىم، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

**3772 ـ حدّثنا يَحْيَى بْنُ يَحْيَى، قالَ: قَرَأْتُ عَلَى مَالِكٍ عَنْ أبِي الزّنَادِ، عَنِ الأعْرَجِ، عَنْ أبِي هُرَيْرَةَ أنّ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم قالَ: «لاَ يُتَلَقّى الرّكْبَانُ لِبَيْعٍ، وَلاَ يَبِعْ بَعْضُكُمْ عَلَى بَيْعِ بَعْضٍ، وَلاَ تَنَاجَشُوا، وَلاَ يَبِعْ حَاضِرٌ لِبَادٍ، وَلاَ تُصَرّوا الإِبِلَ وَالْغَنَمَ، فَمَنِ ابْتَاعَهَا بَعْدَ ذٰلِكَ فَهُوَ بِخَيْرِ النّظَرَيْنِ، بَعْدَ أنْ يَحْلُبَهَا، فَإِنْ رَضِيَهَا أمْسَكَهَا، وَإِنْ سَخِطَهَا رَدّهَا وَصَاعاً مِنْ تَمْرٍ».**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: بازارغا مال ئېلىپ ماڭغانلارنىڭ ئالدىنى سودا قىلىش ئۈچۈن توسىۋالماڭلار، بەزىڭلار بەزىڭلارنىڭ سودىسىنىڭ ئۈستىگە بەيئى سودا قىلماڭلار، سېتىۋالسا ئۆزىنىڭ ئۈستىگە ساتماڭلار، ئالىمەن دىگەننى ۋاز كەچمىگىچە ئالماڭلار، كىشلەرنى ئالداپ مالنىڭ باھاسىنى زىيادە ئۆستۈرۈۋالماڭلار، نەرسلەرنى نەمدەپ ساتماڭلار، شەھەر ئەھلى، يېزا، سەھرالىقلارغا نەرسە سېتىپ بەرمەڭلار، (يەنى بىدىك بولۇپ ئۇلارنى ئالدىماڭلار، زىيانغا ئۇچراتماڭلار)، تۆگە، قويلارغا ئالدامچىلىق ئىشلىتىپ، يەلىنىگە سۈت يىغماڭلار. كىم شۇنداق چارۋىنى سېتىۋالسا، سېغىپ كۆرگەندىن كىيىن، ئىككى خىل كۆز قاراشنىڭ بىرىنى تاللايدۇ، ئەگەر رازى بولسا، ئۇنى ساقلاپ ئېلىپ قالىدۇ، ئەگەر كايىپ نارازى بولسا، ئۇ نەرسىنى بىر سا خورما بىلەن قايتۇرۇپ بېرىدۇ، سودىنى بۇزىدۇ. بۇخارى،مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

**3773 ـ3774 ـ حدّثنا عُبَيْدُ اللّهِ بْنُ مُعَاذٍ الْعَنْبَرِيّ، حَدّثَنَا أبِي، حَدّثَنَا شُعْبَةُ عَنْ عَدِيَ (وَهُوَ ابْنُ ثابِتٍ) عَنْ أبِي حَازِمٍ، عَنْ أبِي هُرَيْرَةَ أنّ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم نَهَى عَنِ التّلَقّي لِلرّكْبَانِ، وَأنْ يَبِيعَ حَاضِرٌ لِبَادٍ، وَأنْ تَسْألَ الْمَرْأةُ طَلاَقَ أخْتِهَا، وَعَنِ النّجْشِ وَالتّصْرِيَةِ، وَأنْ يَسْتَامَ الرّجُلُ عَلَى سَوْمِ أخِيهِ.**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بازارغا مال ئېلىپ ماڭغانلارنىڭ ئالدىنى سودا قىلىش ئۈچۈن توسىۋېلىشتىن، شەھەر ئەھلىنىڭ، يېزا، سەھرالىقلارغا بىدىك بولۇپ نەرسە سېتىپ بېرىشىدىن، ئايال كىشىنىڭ ئۆز ھەمشىرىسىنىڭ تالاق قىلىنىشىنى تەلەپ قىلىشىدىن، باشقىلارنى ئالداپ مالنىڭ

باھاسىنى زىيادە ئۆستۈرۈۋېلىشتىن، ئۇلاغنىڭ يەلىنىگە سۈت يىغىپ سېتىشتىن، مۇسۇلمان قېرىندىشىنىڭ قويغان باھاسى ئۈستىگە باھا قويۇشتىن توسقان.

**و3775 - حدّثنا يَحْيَى بْنُ يَحْيَى. قالَ: قَرَأْتُ عَلَى مَالِكٍ عَنْ نَافِعٍ، عَنِ ابْنِ عمرَ أَنّ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم نَهَى عَنِ النّجْشِ.**

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم، باشقىلارنى ئالداپ مالنىڭ باھاسىنى زىيادە ئۆستۈرۈۋېلىشتىن توسقان. بۇخارى 1998 _ ھەدىس، نەسەئى 4421 _ ھەدىس، بەيھەقى، ئىبنى ماجە.

## *671 - باب تحريم تلقي الجلب* بازارغا ئېلىپ ماڭغان مالنىڭ ئالدىنى توسۇۋېلىشنىڭ ھاراملىقى توغرىسىدا

**3776 –3777 - حدّثنا أَبُو بَكْرِ بْنُ أَبِي شَيْبَةَ. حَدّثَنَا ابْنُ أَبِي زَائِدَةَ. ح وَحَدّثَنَا ابْنُ الْمُثَنّى. حَدّثَنَا يَحْيَىَ (يَعْنِي ابْنَ سَعِيدٍ). ح وَحَدّثَنَا ابْنُ نُمَيْرٍ. حَدّثَنَا أَبِي. كُلّهُمْ عَنْ عُبَيْدِ اللّهِ، عَنْ نَافِعٍ، عَنِ ابْنِ عُمَرَ أَنّ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم نَهَى أَنْ تُتَلَقّى السّلَعُ حَتّى تَبْلُغَ الأَسْوَاقَ. وَهَذَا لَفْظُ ابْنِ نُمَيْرٍ. وَقَالَ الآخَرَانِ: إِنّ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم نَهَى عَنِ التّلَقّي.**

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بازارغا ئېلىپ كېلىنگەن ماللار بازارغا ئاپىرلىپ چۈشۈرۈلمىگىچە، ئۇنىڭ ئالدىنى توسۇۋالماڭلار. بۇخارى،مۇسلىم.

ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم سېتىلىدىغان مالنىڭ بازارغا يېتىپ بېرىشىدىن بۇرۇن، ئالدىنى توسۇۋېلىشىدىن توسقان. بۇخارى 2019 _ ھەدىس، مۇسلىم 2794 _ ھەدىس، تىرمىزى 1141 _ ھەدىس، ئىبنى ماجە 2171 _ ھەدىس، سەھىھ. يول ئۈستىدە ئالماي، بازاردا ئېلىڭلار!يانا شۇبازاردا سېتىڭلار ،ياباشقابازارغا يوتكەپ سېتىڭلار.

**3778 ـ وحدّثنا أَبُو بَكْرِ بْنُ أَبِي شَيْبَةَ. حَدّثَنَا عَبْدُ اللّهِ بْنُ مُبارَكٍ عَنِ التّيْمِيّ، عَنْ أَبِي عُثْمَانَ، عَنْ عَبْدِ اللّهِ، عَنِ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم أَنّهُ نَهَى عَنْ تَلَقّي الْبُيُوعِ.**
**3779 ـ حدّثنا يَحْيَى بْنُ يَحْيَى. أَخْبَرَنَا هُشَيْمٌ عَنْ هِشَامٍ، عَنِ ابْنِ سِيرِينَ، عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ قَالَ: نَهَى رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم أَنْ يُتَلَقّى الْجَلَبُ.**

ئىبنى ئۆمەر، ئەبۇ ھۈرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمدىن، رەسۇلۇللاھ بازارغا ئېلىپ مېڭىلغان مالنىڭ بازارغا يېتىپ بېرىشىدىن بۇرۇن ئالدىنى توسۇپ ئېلىۋېلىشىدىن توسقان (ۋە مال ئىگىسى بازارغا كىرگەندىن كېيىن قايتۇرۇۋېلىش ئىختىيارلىقىغا ئىگە دېگەن). (ئالىملار مالنى بازار يولىدا توسۇپ ئېلىۋېلىش، زور ئالدامچىلىق دېگەن، شۇڭا بازاردىن بازارغا ئاپىرىڭلار، يولدا توسۇۋالماڭلار، ياكى شۇ بازاردا ئېلىپ سېتىڭلار). تىرمىزى 1142 _ ھدىس، ئىبنى ماجە 2169 _ ھەدىس، 2170 _ ھەدىس، سەھىھ.

**3780 ـ حدّثنا ابْنُ أَبِي عُمَرَ. حَدّثَنَا هِشَامُ بْنُ سُلَيْمَانَ عَنِ ابْنِ جُرَيْجٍ. أَخْبَرَنِي هِشَامٌ الْقُرْدُوسِيّ عَنِ ابْنِ سِيرِينَ قَالَ: سَمِعْتُ أَبَا هُرَيْرَةَ يَقُولُ: إِنّ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم قَالَ: «لاَ تَلَقّوُا الْجَلَبَ. فَمَنْ تَلَقّاهُ فَاشْتَرَى مِنْهُ، فَإِذَا أَتَى سَيّدُهُ السّوقَ، فَهُوَ بِالْخِيَارِ».**

ئەبۇ ھۈرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بازارغا ئېلىپ كېلىنگەن ماللارنىڭ ئالدىنى توسۇۋالماڭلار، كىم شۇنداق مالنىڭ ئالدىنى توسۇۋېلىپ، ئۇنى سېتىۋالسا، مال

ئېگىسى بازارغا كەلگەندە ئىختىيارلىقتا بولىدۇ، خالىسا سودىنى ھېساب قىلىپ قويىدۇ، خالىسا مېلىنى ياندۇرۇپ قايتۇرۇۋالىدۇ. ئەھمەد، مۇسلىم، تىرمىزى، نەسەئى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ

## 672 ـ باب تحريم بيع الحاضر للبادي شەھەرلىكنىڭ يېزىلىقلارغا بېدىك بۇلۇشىنىڭ ھاراملىقى توغرىسىدا

3781 ـ حدّثنا أبو بكْرِ بْنُ أبي شيْبَةَ و عمْرو النّاقِدُ وَزُهَيْرُ بْنُ حَرْبٍ. قالُوا: حَدّثنَا سُفْيَانُ عَنِ الزّهْرِيّ، عَنْ سَعِيدِ بْنِ الْمُسَيّبِ، عَنْ أبي هُرَيْرَةَ يَبْلُغُ بِهِ النّبيّ صلى الله عليه وسلم. قالَ «لاَ يَبعْ حَاضِرٌ لِبَادٍ». وقَالَ زُهَيْرٌ: عَنِ النّبيّ صلى الله عليه وسلم أنّهُ نَهَى أنْ يَبِيعَ حَاضِرٌ لِبَادٍ.

3782 ـ وحدّثنا إِسْحَٰقُ بْنُ إِبْرَاهِيمَ و عَبْدُ بْنُ حُمَيْدٍ. قالاَ: حَدّثنَا عَبْدُ الرّزّاقِ أخْبَرَنَا مَعْمَرٌ عَنِ ابْنِ طَاوُسٍ، عَنْ أبِيهِ، عَنِ ابْنِ عَبّاسٍ قالَ: نَهَى رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم أنْ تُتَلَقّى الرّكْبَانُ. وَأنْ يَبِيعَ حَاضِرٌ لِبَادٍ.
قالَ: فقُلْتُ لابْنِ عَبّاسٍ: مَا قَوْلُهُ: حَاضِرٌ لِبَادٍ؟ قالَ: لاَ يَكُنْ لَهُ سِمْسَاراً.

ئەبۇ ھۇرەيرە، ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمەدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بازارغا مال ئېلىپ ماڭغانلارنىڭ ئالدىنى (سودا قىلىش ئۈچۈن) توسۇۋېلىشتىن، شەھەر ئەھلىنىڭ، يېزا، سەھرالىقلارغا بېدىك بۇلۇپ نەرسە سېتىپ بېرىشىدىن توسقان.

3783 ـ 3784 ـ حدّثنا يَحْيَى بْنُ يَحْيَى التّمِيمِيّ. أخْبَرَنَا أبُو خَيْثَمَةَ عَنْ أبي الزّبَيْرِ، عَنْ جَابِرٍ. ح وَحَدّثنَا أحْمَدُ بْنُ يُونُسَ. حَدّثنَا زُهَيْرٌ. حَدّثنَا أبُو الزّبَيْرِ عَنْ جَابِرٍ قالَ: قالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: «لاَ يَبعْ حَاضِرٌ لِبَادٍ. دَعُوا النّاسَ يَرْزُقِ اللّهُ بَعْضَهُمْ مِنْ بَعْضٍ». غَيْرَ أنّ فِي رِوَايَةِ يَحْيَى: «يُرْزَقُ».

جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: شەھەرلىك كىشى يېزا، سەھرالىققا بەيئى سودا قىلىپ بەرمىسۇن، كىشلەرنى سودا قىلىشقا قويۇپ بېرىڭلار،**الله** ئۇلارنىڭ بەزىسىگە بەزىسىدىن رىزىق بېرىدۇ. ئەھمەد، مۇسلىم تۆت كىتاب توپلىغان، سەھىھ.

3785 ـ وحدّثنا يَحْيَى بْنُ يَحْيَى. أخْبَرَنَا هُشَيْمٌ عَنْ يُونُسَ، عَنِ ابْنِ سِيرِينَ، عَنْ أنَسِ بْنِ مَالِكٍ قالَ: نُهِينَا أنْ يَبِيعَ حَاضِرٌ لِبَادٍ. وَإنْ كَانَ أخَاهُ أوْ أبَاهُ.

3786 ـ حدّثنا مُحَمّدُ بْنُ الْمُثَنّى. حَدّثنَا ابْنُ أبي عَدِيَ عَنِ ابْنِ عَوْنٍ، عَنْ مُحَمّدٍ، عَنْ أنَسٍ. ح وَحَدّثنَا ابْنُ الْمُثَنّى. حَدّثنَا مُعَاذٌ. حَدّثنَا ابْنُ عَوْنٍ عَنْ مُحَمّدٍ قالَ: قالَ أنَسُ بْنُ مَالِكٍ: نُهِينَا عَنْ أنْ يَبِيعَ حَاضِرٌ لِبَادٍ.

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: شەھەر ئەھلى، سەھرادىن كەلگەن كىشى ئۈچۈن (گەرچە دادىسى، قېرىندىشى بولسىمۇ) مېلىنى سېتىپ بەرمىسۇن. ئەبۇ داۋۇد، نەسەئىمۇ توپلىغان، ئەلبانى؛ بۇ ھەدىس سەھىھ. لېكىن، ئاخىرى يەنى دادىسىغا، قېرىندىشىغا سېتىپ بەرمىسۇن دېگىنى زەئىپ، چۈنكى كىشى دادىسىنىڭ ماللىرىدىن پايدىلىنىپ، دادىسىنى زىيانغا ئۇچراتمايدۇ دېگەن. دادىسىنىڭ قېرىندىشىنىڭ ماللىرىنى سېتىپ بەرسە بولىدۇ دېگەن.

## 673 ـ باب حكم بيع المصراة يەلنىگە سۈت يىغىلغان ھايۋاننىڭ سودىسىنىڭ ھۆكمى توغرىسىدا

3787 ـ حدّثنا عَبْدُ اللّهِ بْنُ مَسْلَمَةَ بْنِ قَعْنَبٍ. حَدّثنَا دَاوُدُ بْنُ قَيْسٍ عَنْ مُوسَى بْنِ يَسَارٍ، عَنْ أبي هُرَيْرَةَ قالَ: قالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: «مَنِ اشْتَرَىَ شَاةً مُصَرّاةً فَلْيَنْقَلِبْ بِهَا. فَلْيَحْلُبْهَا. فَإنْ رَضِيَ حِلاَبَهَا أمْسَكَهَا. وَإلاّ رَدّهَا وَمَعَهَا صَاعٌ مِنْ تَمْرٍ».

## سەھىھ مۇسلىمنىڭ تەرجىمىسى

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: تۆگە، قويلارغا ئالدامچىلىق ئىشلىتىپ، يېلىنىغا سۈت يىغماڭلار. كىم شۇنداق چارۋىنى سېتىۋالسا، قايتىپ بېرىپ، سېغىپ كۆرگەندىن كېيىن، ئىككى خىل كۆز قاراشنىڭ بىرىنى تاللايدۇ، ئەگەر رازى بولسا، ئۇنى ساقلاپ ئېلىپ قالىدۇ، ئەگەر كايىپ نارازى بولسا، ئۇ نەرسىنى بىر سا خورما بىلەن قايتۇرۇپ بېرىدۇ، سودىنى بۇزىدۇ. بۇخارى،مۇسلىم،

3788 ـ حدّثنا قُتَيْبَةُ بْنُ سَعِيدٍ. حَدّثنَا يَعْقُوبُ (يَعْنِي ابْنَ عَبْدِ الرّحْمَنِ الْقَارِيّ) عَنْ سُهَيْلٍ، عَنْ أَبِيهِ، عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ أَنّ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم قَالَ: «مَنِ ابْتَاعَ شَاةً مُصَرّاةً فَهُوَ فِيهَا بِالْخِيَارِ ثَلاَثَةَ أَيّامٍ. إِنْ شَاءَ أَمْسَكَهَا وَإِنْ شَاءَ رَدّهَا. وَرَدّ مَعَهَا صَاعاً مِنْ تَمْرٍ».

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم ئالدىنىپ يېلىنىگە سۈت يىغىلغان قوينى سېتىۋالغان بولسا، ئۇ كىشى ئۈچ كۈنگىچە ئىختىيارلىقتا ئىگە، ساقلاپ قالسا بۇ ئۆزىنىڭ ئىشى، ئەگەر قايتۇرۇپ بەرسە قوي بىلەن بىرگە بىر سا خورمىنى بىرگە قوشۇپ بېرىدۇ.

3789 ـ حدّثنا مُحَمّدُ بْنُ عَمْرِو بْنِ جَبَلَةَ بْنِ أَبِي رَوّادٍ. حَدّثنَا أَبُو عَامِرٍ (يَعْنِي الْعَقَدِيّ) حَدّثنَا قُرّةُ عَنْ مُحَمّدٍ، عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ، عَنِ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم قَالَ: «مَنِ اشْتَرَىَ شَاةً مُصَرّاةً هُوَ بِالْخِيَارِ ثَلاَثَةَ أَيّامٍ. فَإِنْ رَدّهَا رَدّ مَعَهَا صَاعاً مِنْ طَعَامٍ، لاَ سَمْرَاءَ».

3790 ـ حدّثنا ابْنُ أَبِي عُمَرَ. حَدّثنَا سُفْيَانُ عَنْ أَيّوبَ، عَنْ مُحَمّدٍ، عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ قَالَ: قَالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: «مَنِ اشْتَرَىَ شَاةً مُصَرّاةً فَهُوَ بِخَيْرِ النّظَرَيْنِ. إِنْ شَاءَ أَمْسَكَهَا، وَإِنْ شَاءَ رَدّهَا. وَصَاعاً مِنْ تَمْرٍ، لاَ سَمْرَاءَ».

3791 ـ وحدّثناه ابْنُ أَبِي عُمَرَ. حَدّثنَا عَبْدُ الْوَهّابِ عَنْ أَيّوبَ بِهَـذَا الأَسْنَادِ. غَيْرَ أَنّهُ قَالَ: «مَنِ اشْتَرَىَ مِنَ الْغَنَمِ فَهُوَ بِالْخِيَارِ».

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم ئالدىنىپ يېلىنىگە سۈت يىغىلغان قوينى سېتىۋالغان بولسا، ئۇ كىشى ئۈچ كۈنگىچە ئىختىيارلىقتا ئىگە، ساقلاپ قالسا بۇ ئۆزىنىڭ ئىشى، ئەگەر قايتۇرۇپ بەرسە قوي بىلەن بىرگە بىر سا خورمىنى بىرگە قوشۇپ بېرىدۇ، شام بۇغدىيىنى بەرمىسمۇ بولىدۇ، (پەقەت ئالتە جىڭ ئەتراپىدا خورما بېرىدۇ، ياكى قىممىتىنى بېرىدۇ). ئەھمەد، مۇسلىم، تىرمىزى، ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ.

3792 ـ حدّثنا مُحَمّدُ بْنُ رَافِعٍ. حَدّثنَا عَبْدُ الرّزّاقِ. حَدّثنَا مَعْمَرٌ عَنْ هَمّامِ بْنِ مُنَبّهٍ قَالَ: هَـذَا مَا حَدّثنَا أَبُو هُرَيْرَةَ عَنْ رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم. فَذَكَرَ أَحَادِيثَ مِنْهَا وَقَالَ: قَالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: «إِذَا مَا أَحَدُكُمُ اشْتَرَىَ لِقْحَةً مُصَرّاةً أَوْ شَاةً مُصَرّاةً، فَهُوَ بِخَيْرِ النّظَرَيْنِ بَعْدَ أَنْ يَحْلُبَهَا. إِمّا هِيَ، وَإِلاّ فَلْيَرُدّهَا وَصَاعاً مِنْ تَمْرٍ».

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بىرىڭلار يېلىنىگە سۈت يىغىلغان چارۋىنى، ياكى بىرەر قوينى سېتىۋالسا، قايتىپ بېرىپ، سېغىپ كۆرگەندىن كېيىن، ئىككى خىل كۆز قاراشنىڭ بىرىنى تاللايدۇ، ئەگەر رازى بولسا، ئۇنى ساقلاپ ئېلىپ قالىدۇ، ئەگەر كايىپ نارازى بولسا، سودىنى بۇزۇپ ئۇ نەرسىنى بىر سا خورما بىلەن قايتۇرۇپ بېرىدۇ.

## 674 – باب بطلان بيع المبيع قبل القبض ئالغان مالنى قولغا ئېلىشتىن بۇرۇن سېتىشنىڭ باتىللىقى توغرىسىدا

3793 –3794 – حدّثنا يَحْيَى بْنُ يَحْيَى. حَدّثَنَا حَمّادُ بْنُ زَيْدٍ. ح وَحَدّثَنَا أَبُو الرّبِيعِ الْعَتَكِيّ وَقُتَيْبَةُ. قالاَ: حَدّثَنَا حَمّادٌ عَنْ عَمْرِو بْنِ دِينَارٍ، عَنْ طَاوُسٍ، عَنِ ابْنِ عَبّاسٍ أَنّ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم قَالَ: «مَنِ ابْتَاعَ طَعَاماً فَلاَ يَبِعْهُ حَتّى يَسْتَوْفِيَهُ».
قَالَ ابْنُ عَبّاسٍ: وَأَحْسِبُ كُلّ شَيْءٍ مِثْلَهُ.

3795 – حدّثنا إِسْحَقُ بْنُ إِبْرَاهِيمَ وَ مُحَمّدُ بْنُ رَافِعٍ وَ عَبْدُ بْنُ حُمَيْدٍ (قَالَ ابْنُ رَافِعٍ: حَدّثَنَا. وَقَالَ الآخَرَانِ: أَخْبَرَنَا عَبْدُ الرّزّاقِ). أَخْبَرَنَا مَعْمَرٌ عَنِ ابْنِ طَاوُسٍ، عَنْ أَبِيهِ، عَنْ ابْنِ عَبّاسٍ قَالَ: قَالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: «مَنِ ابْتَاعَ طَعَاماً فَلاَ يَبِعْهُ حَتّى يَقْبِضَهُ». قَالَ ابْنُ عَبّاسٍ: وَأَحْسِبُ كُلّ شَيْءٍ بِمَنْزِلَةِ الطّعَامِ.

3796 – حدّثنا أَبُو بَكْرِ بْنُ أَبِي شَيْبَةَ وَ أَبُو كُرَيْبٍ وَ إِسْحَقُ بْنُ إِبْرَاهِيمَ قَالَ إِسْحَقُ: أَخْبَرَنَا. وَقَالَ الآخَرَانِ: حَدّثَنَا وَكِيعٌ عَنْ سُفْيَانَ، عَنِ ابْنِ طَاوُسٍ، عَنْ أَبِيهِ، عَنِ ابْنِ عَبّاسٍ،) قَالَ: قَالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: «مَنِ ابْتَاعَ طَعَاماً فَلاَ يَبِعْهُ حَتّى يَكْتَالَهُ».
فَقُلْتُ لاِبْنِ عَبّاسٍ: لِمَ؟ فَقَالَ: أَلاَ تَرَاهُمْ يَتَبَايَعُونَ بِالذّهَبِ، وَالطّعَامُ مُرْجأً؟. وَلَمْ يَقُلْ أَبُو كُرَيْبٍ: مُرْجَأً.

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:كىم تائامنى يەنى ئاشلىقنى سېتىۋالسا، ئۇنى جىڭلاپ، كەمچەنلەپ، قولىغا تولۇق، كامىل ئالمىغىچە ساتمىسۇن دەپ، (ئۇنى يۆتكەشتىن بۇرۇن سېتىشتىن توسقان.ھەممە نەرسىلەر شۇنىڭغا ئوخشاشتۇر. توسۇشنىڭ سەۋەبى ئۇلار ئالتۇننى ئېلىم بېرىم قىلىشتى، ئاشلىق تېخى نىسى يوق ئىدى. سېتىۋېلىپ، تولۇق قولغا ئېلىپ، ئاندىن سېتىڭلار.)

3797 – حدّثنا عَبْدُ اللّهِ بْنُ مَسْلَمَةَ الْقَعْنَبِيّ. حَدّثَنَا مَالِكٌ. ح وَحَدّثَنَا يَحْيَى بْنُ يَحْيَى قَالَ: قَرَأْتُ عَلَى مَالِكٍ عَنْ نَافِعٍ، عَنِ ابْنِ عُمَرَ أَنّ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم قَالَ: «مَنِ ابْتَاعَ طَعَاماً فَلاَ يَبِعْهُ حَتّى يَسْتَوْفِيَهُ».

3798 – حدّثنا يَحْيَى بْنُ يَحْيَى. قَالَ: قَرَأْتُ عَلَى مَالِكٍ عَنْ نَافِعٍ، عَنْ ابْنِ عُمَرَ قَالَ: كُنّا فِي زَمَانِ رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم نَبْتَاعُ الطّعَامَ. فَيَبْعَثُ عَلَيْنَا مَنْ يَأْمُرُنَا بِانْتِقَالِهِ مِنَ الْمَكَانِ الّذِي ابْتَعْنَاهُ فِيهِ. إِلَى مَكَانٍ سِوَاهُ. قَبْلَ أَنْ نَبِيعَهُ.

3799 – حدّثنا أَبُو بَكْرِ بْنُ أَبِي شَيْبَةَ. حَدّثَنَا عَلِيّ بْنُ مُسْهِرٍ عَنْ عُبَيْدِ اللّهِ. ح وَحَدّثَنَا مُحَمّدُ بْنُ عَبْدِ اللّهِ بْنِ نُمَيْرٍ (وَاللّفْظُ لَهُ). حَدّثَنَا أَبِي. حَدّثَنَا عُبَيْدُ اللّهِ عَنْ نَافِعٍ، عَنِ ابْنِ عُمَرَ أَنّ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم قَالَ: «مَنِ اشْتَرَى طَعَاماً فَلاَ يَبِعْهُ حَتّى يَسْتَوْفِيَهُ».

3801 – حدّثني حَرْمَلَةُ بْنُ يَحْيَى. أَخْبَرَنَا عَبْدُ اللّهِ بْنُ وَهْبٍ. حَدّثَنِي عُمَرُ بْنُ مُحَمّدٍ عَنْ نَافِعٍ، عَنْ عَبْدِ اللّهِ بْنِ عُمَرَ أَنّ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم قَالَ «مَنِ اشْتَرَى طَعَاماً فَلاَ يَبِعْهُ حَتّى يَسْتَوْفِيَهُ وَيَقْبِضَهُ».

3802 – حدّثنا يَحْيَى بْنُ يَحْيَى وَ عَلِيّ بْنُ حُجْرٍ (قَالَ يَحْيَى: أَخْبَرَنَا إِسْمَاعِيلُ بْنُ جَعْفَرٍ. وَقَالَ عَلِيّ: حَدّثَنَا إِسْمَاعِيلُ) عَنْ عَبْدِ اللّهِ بْنِ دِينَارٍ أَنّهُ سَمِعَ ابْنَ عُمَرَ قَالَ: قَالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم «مَنِ ابْتَاعَ طَعَاماً فَلاَ يَبِعْهُ حَتّى يَقْبِضَهُ».

ئىبنى ئۆمەر، ئىبنى ئابباس، ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇلاردىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: كىم تائامنى يەنى ئاشلىقنى سېتىۋالسا، ئۇنى جىڭلاپ، كەمچەنلەپ قولىغا تولۇق، كامىل ئالمىغىچە ئۇنى ساتمىسۇن، (قولىدا يوق نەرسىنى ساتسا، دۇرۇس ئەمەس). ئەھمەد، بەيھەقى،بۇخارى مۇسلىم، كىيىنكى تۆت كىتاب توپلىغان،سەھىھ.

3803 – حدّثنا أَبُو بَكرِ بْنِ أَبِي شَيْبَةَ. حَدّثَنَا عَبْدُ الأَعْلَى عَنْ مَعْمَرٍ، عَنِ الزّهْرِيّ، عَنْ سَالِمٍ، عَنِ ابْنِ عُمَرَ أَنّهُمْ كَانُوا يُضْرَبُونَ على بيعه عَلَى عَهْدِ رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم، إِذَا اشْتَرَوْا طَعَاماً جِزَافاً، أَنْ يَبِيعُوهُ فِي مَكَانِهِ حَتّى يُحَوّلُوهُ.

3804 – وحدّثني حَرْمَلَةُ بْنُ يَحْيَى. حَدّثَنَا ابْنُ وَهْبٍ. أَخْبَرَنِي يُونُسُ عَنِ ابْنِ شِهَابٍ. أَخْبَرَنِي سَالِمُ بْنُ عَبْدِ اللّهِ أَنّ أَبَاهُ قَالَ: قَدْ رَأَيْتُ النّاسَ فِي عَهْدِ رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم، إِذَا ابْتَاعُوا الطّعَامَ جِزَافاً، يُضْرَبُونَ فِي أَنْ يَبِيعُوهُ فِي مَكَانِهِمْ. وَذٰلِكَ حَتّى يُؤْوُوهُ إِلَى رِحَالِهِمْ. قَالَ ابْنُ شِهَابٍ: وَحَدّثَنِي عُبَيْدُ اللّهِ بْنُ عَبْدِ اللّهِ بْنِ عُمَرَ أَنّ أَبَاهُ كَانَ يَشْتَرِي الطّعَامَ جِزَافاً، فَيَحْمِلُهُ إِلَى أَهْلِهِ.

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ ئۇلار رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ زامانىدا، تائام ئاشلىقنى تارازا ـ مىيزان، كەمچەنلىرى نا مەلۇم، مىقدارى نا مەلۇم ھالدا مۆلچەرلەپلا سېتىۋېلىپ، ئاندىن ئۇنى

قولىغا تولۇق ئالماي، يۆتكىمەي تۇرۇپ ئۆز ئورنىدىلا سېتىشلىرىغا دەررە بىلەن ئۇرىلاتتى. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ تائام ئاشلىقنى تارازا ـ مىيزان، كەمچەنلىرى نا مەلۇم، مىقدارى نا مەلۇم ھالدا مۆلچەرلەپلا سېتىۋالسا، ئۇنى قولىغا تولۇق تاپشۇرۇپ ئېلىپ، ئۆيىگە يۆتكەيتتى.

3805 ـ حدّثنا أبُو بَكْر بْنُ أبي شَيْبَةَ وَ ابْنُ نُمَيْرٍ وَ أبُو كُرَيْبٍ. قَالُوا: حَدّثنَا زَيْدُ بْنُ حُبَابٍ عَنِ الضحّاكِ بْنِ عُثْمَانَ، عَنْ بُكَيْرِ بْنِ عَبْدِ اللّهِ بْنِ الأشَجّ، عَنْ سُلَيْمَانَ بْنِ يَسَارٍ، عَنْ أبي هُرَيْرَةَ أنّ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم قَالَ: «مَنِ اشْتَرَى طَعَاماً فَلاَ يَبِعْهُ حَتّى يَكْتَالَهُ». وَفِي رِوَايَةِ أبي بَكْرٍ: «مَنِ ابْتَاعَ».

ئىبنى ئۆمەر، ئىبنى ئابباس، ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇلاردىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم تائامنى يەنى ئاشلىقنى سېتىۋالسا، ئۇنى جىڭلاپ، كەمچەنلەپ قولىغا تولۇق، كامىل ئالمىغىچە ئۇنى ساتمىسۇن.

3806 ـ حدّثنا إسْحَقُ بْنُ إبْراهِيمَ، أخْبَرَنَا عَبْدُ اللّهِ بْنُ الْحَارِثِ الْمَخْزُومِيّ. حَدّثنَا الضحّاكُ بْنُ عُثْمَانَ عَنْ بُكَيْرِ بْنِ عَبْدِ اللّهِ بْنِ الأشَجّ، عَنْ سُلَيْمَانَ بْنِ يَسَارٍ، عَنْ أبي هُرَيْرَةَ أنّهُ قَالَ لِمَرْوَانَ: أحْلَلْتَ بَيْعَ الرّبَا. فَقَالَ مَرْوَانُ: مَا فَعَلْتُ. فَقَالَ أبُو هُرَيْرَةَ: أحْلَلْتَ بَيْعَ الصّكَاكِ. وَقَدْ نَهَى رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم عَنْ بَيْعِ الطّعَامِ حَتّى يُسْتَوْفَى. قَالَ: فَخَطَبَ مَرْوَانُ النّاسَ، فَنَهَى عَنْ بَيْعِهَا. قَالَ سُلَيْمَانُ: فَنَظَرْتُ إلَى حَرَسٍ يَأْخُذُونَهَا مِنْ أيْدِي النّاسِ.

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مەرۋانغا؛ سەن جازاينا سودىسىنى ھالال قىلىپسەنغۇ؟دېدى، ئۇ؛ مەن ئۇنداق قىلمىدىم دېدى، ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ؛ سەن كىشىلەرنىڭ دېپتىرىدىكى ئاشلىقلىرىنى (يەنى ئاشلىق بەلىتىنى) سېتىشنى ھالال قىلىپسەن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كىم تائامنى يەنى ئاشلىقنى سېتىۋالسا، ئۇنى جىڭلاپ، كەمچەنلەپ، قولىغا تولۇق، كامىل ئالمىغىچە ساتمىسۇن دېگەن تۇرسا دېدى. ئاندىن مەرۋان كىشىلەرگە خۇتبە ئوقۇپ؛ ئاشلىقنى قولىغا ئالماي تۇرۇپ، قۇرۇق دەپتەرنى سېتىشتىن توستى. شۇنداق قىلىشقا ئۇرۇنغان كىشىنىڭ قولىدىن ئاشلىق خېتىنى مۇھاپىزەتچىلەر ئېلىۋالدى.

3807 ـ حدّثنا إسْحَقُ بْنُ إبْراهِيمَ. أخْبَرَنَا رَوْحٌ. حَدّثنَا ابْنُ جُرَيْجٍ. حَدّثنِي أبُو الزّبَيْرِ أنّهُ سَمِعَ جَابِرَ بْنَ عَبْدِ اللّهِ يَقُولُ: كَانَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم يَقُولُ «إذَا ابْتَعْتَ طَعَاماً، فَلاَ تَبِعْهُ حَتّى تَسْتَوْفِيَهُ».

ئىبنى ئۆمەر، ئىبنى ئابباس، ئەبۇ ھۇرەيرە،جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇلاردىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دەيتتى: تائامنى يەنى ئاشلىقنى سېتىۋالساڭ، (ئۇنى جىڭلاپ، كەمچەنلەپ) قولۇڭغا تولۇق، كامىل تاپشۇرۇپ ئالمىغىچە ئۇنى ساتمىغىن، (قولىدا يوق نەرسىنى ساتسا، دۇرۇس ئەمەس).

### 675 ـ باب تحريم بيع صبرة التمر المجهولة القدر بتمر

3808 ـ حدّثني أبُو الطّاهِرِ أحْمَدُ بْنُ عَمْرِو بْنِ سَرْحٍ. أخْبَرَنَا ابْنُ وَهْبٍ. حَدّثنِي ابْنُ جُرَيْجٍ أنّ أبَا الزّبَيْرِ أخْبَرَهُ قَالَ: سَمِعْتُ جَابِرَ بْنَ عَبْدِ اللّهِ يَقُولُ: نَهَى رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم عَنْ بَيْعِ الصّبْرَةِ مِنَ التّمْرِ، لاَ تُعْلَمُ مَكِيلَتُهَا، بِالْكَيْلِ الْمُسَمّى مِنَ التّمْرِ.

3809 ـ حدّثنا إسْحَقُ بْنُ إبْراهِيمَ. حَدّثنَا رَوْحُ بْنُ عُبَادَةَ. حَدّثنَا ابْنُ جُرَيْجٍ. أخْبَرَنِي أبُو الزّبَيْرِ أنّهُ سَمِعَ جَابِرَ بْنَ عَبْدِ اللّهِ يَقُولُ: نَهَى رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم، بِمِثْلِهِ. غَيْرَ أنّهُ لَمْ يَذْكُرْ: مِنَ التّمْرِ. فِي آخِرِ الْحَدِيثِ.

جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كەمچەن، ۋەزنى مەلۇم بولمىغان بىر دۆۋە خورمىنى، كەمچەن، ۋەزنى مەلۇم بولغان يەنى مۇنچىلىك مىقداردىكى خورمىغا سېتىشتىن توسقان، (يەنى مۇشۇ بىر دۆۋە خورمىنى ياكى مۇنى مانچە كىلوگىرام خورمىغا ياكى مۇنىڭگە ئالغىن دەپ سېتىشتىن توسقان). ئەھمەد، نەسەئى. سەۋەبى، ئىللىتى، بىرەر تەرەپكە زىيان بولۇپ قالىدۇ، ئەڭ ياخشى ئىللەت، ھىكمەت، ئاللاھقا، ئاللاھنىڭ ئەلچىسىگە بويسۇنۇپ، ئىتائەت قىلىشتۇر. جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: مىقدارى نامەلۇم بىر دۆۋە تائام ئاشلىق، يەنە بىر دۆۋە تائامنىڭ بارابىرىگە سېتىلمايدۇ، بىر دۆۋە تاماق، ئاشلىق، مىقدارى مەلۇم كەمچىنى مەلۇم تاماقنىڭ ئاشلىقنىڭ بارابىرىگە سېتىلمايدۇ، (تارازا، مىيزانلىرى، كەمچەنلىرى مەلۇم بولسا، بىر جىنسىدىن بولمىسا، زىيادە، كام بولمىسا جازانە، ئۆسۈم بولمىسا ئاندىن دۇرۇس). نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

## 676 ـ باب ثبوت خيار المجلس للمتبايعين

## ئالغۇچى بىلەن ساتقۇچى ئىككى كىشىگە شۇ مەجلىستىلا ئىختىيارلىق بېرىش توغرىسىدا

**3810 ـ3811 ـ حدّثنا يَحْيَى بْنُ يَحْيَى. قال: قرأْتُ عَلَى مَالِكٍ عَنْ نَافِعٍ، عَنِ ابْنِ عُمَرَ أَنّ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم قالَ: «الْبَيّعَانِ، كُلّ وَاحِدٍ مِنْهُمَا بِالْخِيَارِ عَلَىَ صَاحِبِهِ، مَا لَمْ يَتَفَرّقَا. إلاّ بَيْعَ الْخِيَارِ».**

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ئالغۇچى، ساتقۇچى ئىككى كىشى بىر ــ بىرىدىن ئايرىلىپ كەتمىسىلا، سودىنى بۇزۇۋىشىدا ئىختىيارلىقتا بولىدۇ، ئايرىلىپ كەتسىلا ئىختىيارلىق يوقتۇر. لېكىن، سودىسى ئىختىيارلىق بېرىش سودىسى بولسا، ئىختىيارلىق باردۇر، ئىختىيارلىق بېرىش سودىسىدىمۇ، سودا، ئىلىم ــ سېتىم ۋاجىپ بولىدۇ. (چۈنكى، ئۇلار بىر ــ بىرىدىن ئايرىلدى، سودا ئىختىيارلىق سودىسىدا ۋاجىپ بولىدۇ).بۇخارى،مۇسلىم، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

**3812 ـ حدّثنا قُتَيْبَةُ بْنُ سَعِيدٍ. حَدّثنَا لَيْثٌ. ح وَحَدّثنَا مُحَمّدُ بْنُ رُمْحٍ. أَخْبَرَنَا اللّيْثُ عَنْ نَافِعٍ، عَنِ ابْنِ عُمَرَ، عَنْ رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم أَنّهُ قالَ: «إِذَا تَبَايَعَ الرّجُلاَنِ فَكُلّ وَاحِدٍ مِنْهُمَا بِالْخِيَارِ مَا لَمْ يَتَفَرّقَا، وَكَانَا جَمِيعاً، أَوْ يُخَيّرُ أَحَدُهُمَا الاَخَرَ. فَإِنْ خَيّرَ أَحَدُهُمَا الاَخَرَ فَتَبَايَعَا عَلَىَ ذَلِكَ، فَقَدْ وَجَبَ الْبَيْعُ. وَإِنْ تَفَرّقَا بَعْدَ أَنْ تَبَايَعَا وَلَمْ يَتْرُكْ وَاحِدٌ مِنْهُمَا الْبَيْعَ، فَقَدْ وَجَبَ الْبَيْعُ».**
**3813 ـ وحدّثني زُهَيْرُ بْنُ حَرْبٍ وَ ابْنُ أَبِي عُمَرَ. كِلاَهُمَا عَنْ سُفْيَانَ. قالَ زُهَيْرٌ: حَدّثنَا سُفْيَانُ ابْنُ عُيَيْنَةَ عَنِ ابْنِ جُرَيْجٍ قالَ: أَمْلَىَ عَلَيّ نَافِعٌ سَمِعَ عَبْدَ اللّهِ بْنَ عُمَرَ يَقُولُ: قالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم «إِذَا تَبَايَعَ الْمُتَبَايِعَانِ بِالْبَيْعِ فَكُلّ وَاحِدٍ مِنْهُمَا بِالْخِيَارِ مِنْ بَيْعِهِ مَا لَمْ يَتَفَرّقَا. أَوْ يَكُونَ بَيْعُهُمَا عَنْ خِيَارٍ. فَإِذَا كَانَ بَيْعُهُمَا عَنْ خِيَارٍ، فَقَدْ وَجَبَ».**
**زَادَ ابْنُ أَبِي عُمَرَ فِي رِوَايَتِهِ: قالَ نَافِعٌ: فَكَانَ إِذَا بَايَعَ رَجُلاً فَأَرَادَ أَنْ لاَ يُقِيلَهُ، قامَ فَمَشَىَ هُنَيّةً، ثُمّ رَجَعَ إِلَيْهِ.**

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ئىككى كىشى سودا قىلىشقاندا، بىر ــ بىرىدىن ئايرىلىپ كەتمىسىلا، ئېلىم ــ سېتىمدا ئىختىيارلىقتا بولىدۇ،ياكى سودا قىلغاندا، ئىختىيارلىق شەرتىنى قويسا، بىرسى يەنە بىرسىگە ئى ختىيارلىق بەرسە، ئايرىلىپ كەتسىمۇ سودىنى شۇ بويىنچە قىلىدۇ،ئىختىيارلىق بۇلىدۇ، بەيئى سودا، ئېلىم ــ سېتىم ۋاجىپ بولۇپ مۇقىملىنىدۇ،(سودىدىن كېيىن ئۇلار بىر ــ بىرىدىن ئايرىلىپ كەتسە، بىرسى تېخى سودىنى، بەيئىنى تەرىك ئەتمىس ىمۇ، يەنىلا سودا، سودا بولۇپ ۋاجىپ بولىدۇ، مۇقىملىنىدۇ،) ئېلىپ ــ ساتقۇچى ئىككى كىشى بىر ــ بىرىدىن ئايرىلىپ كەتمىسىلا ئىختيارلىقتا بولىدۇ، ياكى ئىككىسىنىڭ بىرسى ھەمراھىغا ئىختىيار قىل دىسە، يەنىلا بۇ ئىختىيارلىق سودىسى بولىدۇ، (سىناپ كۆرگەندىن كېيىن خالىسا ئالىدۇ، خالىسا قايتۇرۇپ بېرى دۇ، مەسلىھەتتىن كېيىن خالىسا ساتىدۇ، خالىسا

قايتۇرۇۋالدۇ) گەپ ــ سۆز قىلماي ئايرىلىپ كەتسە، ئىختىيارلىق يوق . ئەھمەد، بۇخارى،مۇسلىم، نەسەئى، ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى ، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ. ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ئېلىپ ــ ساتقۇچى ئىككى كىشى ى سودا بەيئىسىدە ئىختىلاپ قىلىشىپ، كېلىشەلمىسە، بەيئى سودىسى قايتۇرۇلۇپ، رەت قىلىنىدۇ . تەبرانى توپلىغان، سەھىھ. ئىبنى ئەمرۇ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: دەلىل ــ ئىسپات، ھۆججەت كەلتۈرۈش، داۋالاشقۇچى داۋاگەرنىڭ ئۈستىگە، قەسەم قىلىش بولسا، جاۋابكارنىڭ ئۈستىگە بولىدۇ. تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ. گۇۋاھچى بىلەن بىرگە قەسەم قىلدۇرۇپ، داۋا سورىغان ھەدىسمۇ بار، داۋا؛ ئىقرار بىلەن قەسەم قىلدۇرۇش، دەلىل ــ ئىسپات، گۇۋاھچى كەلتۈرۈشلەر بىلەن سورىلىدۇ.

**3814 ـ حدّثنا يَحْيَى بْنُ يَحْيَى وَ يَحْيَى بْنُ أيّوبَ وَ قُتَيْبَةُ وَ ابْنُ حُجْرٍ (قالَ يَحْيَى بْنُ يَحْيَى: أَخْبَرَنَا. وَقالَ الآخَرُونَ: حَدّثَنَا إِسْمَاعِيلُ بْنُ جَعْفَرٍ) عَنْ عَبْدِ اللّهِ بْنِ دِينَارٍ أَنّهُ سَمِعَ ابْنَ عُمَرَ يَقُولُ: قالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم «كُلّ بَيّعَيْنِ لاَ بَيْعَ بَيْنَهُمَا حَتّى يَتَفَرّقَا. إلاّ بَيْعُ الْخِيَارِ».**

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ھەرقانداق ئېلىپ ــ ساتقۇچى ئىككى كىشى سودا قىلغان نەخ مەيداندىن بىر ــ بىرىدىن ئايرىلىپ كەتمىگىچە، سودىسى ۋاجىپ ئەمەس ، ئىختىيارلىق بېرىلگەن سودا بۇنىڭدىن مۇستەسنا. (ئايرىلماي تۇرۇپ قايتا سودا قىلىشمۇ دۇرۇس ئەمەس، يەنى ئىككى كىشى بىر ــ بىرىدىن ئايرىلىپ كەتمىگىچە سودىسى ۋاجىپ بولمايدۇ ياكى ئالغۇچى ساتقۇچىغا بىر ــ بىرىدىن ئايرىلماي تۇرۇپلا، شۇ جايدا، يەنە ساتسا بۇ دۇرۇس ئەمەس،) ئايرلىپ كەتسە سودا مۇقىم بولىدۇ.( چۈنكى، ئايرىلماي تۇرغاچقا، ساتقۇچى ئىختىيارلىقتا بولىدۇ، خالىسا ئۆزىنىڭ نەرسىسىنى سېتىۋالمىسىمۇ، قايتۇرۇۋالسا بولىدۇ) لېكىن، بىر ــ بىرىدىن ئايرىلىپ كەتسە، ياكى ئىختىيارلىق سودىسى قىلىشسا، بۇ چاغدا بەيئى ۋاجىپ بۇلۇپ، سودا قىلىشسا دۇرۇس بولىدۇ، (چۈنكى، ئايرىلىپ كەتسە، ئىختىيارلىق تۈگەيدۇ، ئاندىن ئۆزى ساتقان نەرسىنى ئۆزى سېتىۋالدۇ، ياكى ئىختىيارلىق بېرىشىپ، سودا قىلغان بولسا، ئىختىيارلىق بار). نەسەئى 4399 ــ ھەدىس، بۇخارى 1971 ــ ھەدىس، مۇسلىم دىيسكا 2822 ــ ھەدىس، تىرمىزى، ئەبۇ داۋۇد، ئەھمەد، دارمى، بەيھەقىيلار توپلىغان، سەھىھ.

## *677 ـ باب الصدق في البيع والبيان* سودىدا ئەيىبنى بايان قىلىپ راست سۆزلەش توغرىسىدا

**3815 ـ3816 ـ حدّثنا مُحَمّدُ بْنُ الْمُثَنّى. حَدّثَنَا يَحْيَى بْنُ سَعِيدٍ عَنْ شُعْبَةَ. ح وَحَدّثَنَا عَمْرُو بْنُ عَلِيَ. حَدّثَنَا يَحْيَى بْنُ سَعِيدِ وَ عَبْدُ الرّحْمَنِ بْنُ مَهْدِيَ. قالاَ: حَدّثَنَا شُعْبَةُ عَنْ قَتَادَةَ، عَنْ أَبِي الْخَلِيلِ، عَنْ عَبْدِ اللّهِ بْنِ الْحَارِثِ، عَنْ حَكِيمِ بْنِ حِزَامٍ، عَنِ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم قالَ: «الْبَيّعَانِ بِالْخِيَارِ مَا لَمْ يَتَفَرّقَا. فَإِنْ صَدَقَا وَبَيّنَا بُورِكَ لَهُمَا فِي بَيْعِهِمَا. وَإِنْ كَذَبَا وَكَتَمَا مُحِقَتْ بَرَكَةُ بَيْعِهِمَا».**

ھەكىيم ئىبنى ھىزام رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ئالغۇچى بىلەن ساتقۇچى ئىككى كىشى (تەنلىرى بىلەن) بىر ــ بىرىدىن ئايرىلىپ كەتمىسلا، ئىختىيارلىق بولىدۇ،

(ئايرىلىپ كەتسە، ئىختىيارلىق يوق) ئەگەر ئۇلار راست سۆزلەپ، ئەيىبلىرىنى بايان قىلسا، ئۇ ئىككىسىنىڭ سودىسىدا بەرىكەت بېرىلىدۇ، ئەگەر ئۇلار ئەيىبلىرىنى يوشۇرسا، يالغان سۆزلىسە، سودىسىنىڭ بەرىكىتى ئۆچۈرۈلىدۇ. ئەھمەد، بەيھەقى، بۇخارى،مۇسلىم، نەسەئى، تىرمىزى، ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ.

### 678 ـ باب من يخدع في البيع سودىسىدا ئالدىنىپ قالىدىغان كىشى نىمە دەيدۇ؟

3817 ـ حدّثنا يَحْيَى بْنُ يَحْيَى وَ يَحْيَى بْنُ أيّوبَ وَ قُتَيْبَةُ وَ ابْنُ حُجْرٍ (قَالَ يَحْيَى بْنُ يَحيَى: أخْبَرَنَا. وَقَالَ الآخَرُونَ: حَدّثَنَا إسْمَاعِيلُ بْنُ جَعْفَرٍ) عَنْ عَبْدِ اللّهِ بْنِ دِينَارٍ أنّهُ سَمِعَ ابْنَ عُمَرَ يَقُولُ: ذَكَرَ رَجُلٌ لِرَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم أنّهُ يُخْدَعُ فِي الْبُيُوعِ. فَقَالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم «مَنْ بَايَعْتَ فَقُلْ: لاَ خِلاَبَةَ»

3818 ـ حدّثنا أبُو بَكْرِ بْنُ أبِي شَيْبَةَ. حَدّثنَا وَكِيعٌ. حَدّثنَا سُفْيَانُ. ح وَحَدّثنَا مُحَمّدُ بْنُ الْمُثَنّى. حَدّثنَا مُحَمّدُ بْنُ جَعْفَرٍ. حَدّثنَا شُعْبَةُ. كِلاَهُمَا عَنْ عَبْدِ اللّهِ بْنِ دِينَارٍ بِهَذَا الإسْنَادِ، مِثْلَهُ. وَلَيْسَ فِي حَدِيثِهِمَا: فَكَانَ إذَا بَايَعَ يَقُولُ: لاَ خِيَابَةَ.

ئىبنى ئۆمەر، ئەنە س رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملاردىن، بىر كىشى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم گە؛ مەن سودىدا ساختىلىقتا، ئالدىنىشقا ئۇچرايمەن دىگەندە مۇنداق دىگەن: سەن سودا قىلىپ، بىرەر نەرسە سېتىپ ـ ئالساڭ، «ساختىلىق، ئالداش، ھىيلە ــ مىكىر بولمىسۇن جۇمۇ! » دەپ قويغىن .ئۇكىشى سودا قىلسا، شۇنداق دەپ قوياتتى. مالىك ئەھمەد، بەيھەقى، بۇخارى،مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد، نەسەئى، تىرمىزى، ئىبنى ماجە ، سەھىھ.

### 679 ـ باب النهي عن بيع الثمار قبل بدوّ صلاحها بغير شرط القطع

**ئاشلىق ياكى مۆلەرنى ئۇنىڭ پىشىپ قېتىشىش سالاھىيتى ئاشكارا بولمىغىچە سېتىۋېلىشتىن، سېتىشتىن توسۇش**

3819 ـ3820 ـ حدّثنا يَحْيَى بْنُ يَحْيَى. قَالَ: قَرَأتُ عَلَى مَالِكٍ عَنْ نَافِعٍ، عَن ابْنِ عُمَرَ أنّ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم نَهَى عَنْ بَيْعِ الثّمَارِ حَتّى يَبْدُوَ صَلاَحُهَا. نَهَى الْبَائِعَ وَالْمُبْتَاعَ.

3821 ـ وحدّثني عَلِيّ بْنُ حُجْرٍ السّعْدِيّ، وَ زُهَيْرُ بْنُ حَرْبٍ. قَالاَ: حَدّثنَا إسْمَاعِيلُ عَنْ أيّوبَ، عَنْ نَافِعٍ، عَن ابْنِ عُمَرَ أنّ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم نَهَى عَنْ بَيْعِ النّخْلِ حَتّى يَزْهُوَ. وَعَن السّنْبُلِ حَتّى يَبْيَضّ وَتَؤمَنَ الْعَاهَةَ. نَهَى الْبَائِعَ وَالْمُشْتَرِيَ.

ئائىشە،ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۆلەرنى سالاھىيتى ئاشكارا بولمىغىچە، پىشىپ يېتىلمىگىچە، ئاپەتتىن ساق ــ سالامەت ئەمىن، تىنچ ئۆتۈپ كەتمىگىچە سېتىشتىن توسقان.ساتقۇچى، سېتىۋالغۇچى ھەرئىككىلىسىنى توسقان. ئەھمەد، بۇخارى.مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۆنىنى ئۇنىڭ سالاھىيتى يەنى پىشىپ ــ يېتىلگەن قىزىللىقى ئاشكارا بولمىغىچە، خورمىنى قىزىرىپ، تولۇق پىشىپ يېتىلمىگىچە،ئاشلىقنى دېنى قېتىپ، باشاقچىسى ئاقارمىغىچە، ئاپەتتىن ساق ــ سالامەت ئەمىن، تىنچ ئۆتۈپ كەتمىگىچە سېتىشتىن توسقان. بۇخارى توپلىغان، سەھىھ. زەيد ئىبنى سابىت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۆلەرنى ئاپەتتىن ساق ــ سالامەت قۇتۇلمىغىچە، پىششىدىن بۇرۇن سېتىشتىن توسقان. تەبرانى توپلىغان، سەھىھ.

**3822 ـ حدّثني زُهَيْرُ بْنُ حَرْبٍ. حدّثنا جَرِيرٌ عَنْ يَحْيَى بْنِ سَعِيدٍ، عَنْ نَافِعٍ، عَنِ ابْنِ عُمَرَ قالَ: قالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: «لاَ تَبْتَاعُوا الثّمَرَ حَتّى يَبْدُوَ صَلاَحُهُ وَتَذْهَبَ عَنْهُ الآفَةُ». قالَ: يَبْدُوَ وصَلاَحُهُ، حُمْرَتُهُ وَصُفْرَتُهُ.**

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: مىۋىلەرنى ئۇ پىشىپ يېتىلىپ، قىزارمىغىچە ساتماڭلار، ئۇنىڭدىن ئاپەت كەتمىگىچە سېتىۋالماڭلار ھەم ساتماڭلار، (ئاپەت ئۆتۈپ كېتىپ، ساق ــ سالامەت قۇتۇلۇپ پىشسا سېتىڭلار).

**3823 ـ 3824 ـ3825 ـ وحدّثنا مُحَمّدُ بْنُ الْمُثَنّى. وَ ابْنُ أَبي عُمَرَ. قالاَ: حَدّثنَا عَبْدُ الْوَهّابِ عَنْ يَحْيَى بِهَذَا الإِسْنَادِ، حَتّى يَبْدُوَ صَلاَحُهُ. لَمْ يَذْكُرْ مَا بَعْدَهُ.**

**3826 ـ حدّثنا يَحْيَى بْنُ يَحْيَى وَ يَحْيَى بْنُ أَيّوبَ وَ قُتَيْبَةُ وَ ابْنُ حُجْرٍ (قالَ يَحْيَى بْنُ يَحْيَى: أَخْبَرَنَا. وَقالَ الآخَرُونَ: حَدّثنَا إِسْمَاعِيلُ) (وَهُوَ ابْنُ جَعْفَرٍ) عَنْ عَبْدِ اللّهِ بْنِ دِينَارٍ أَنّهُ سَمِعَ ابْنَ عُمَرَ قالَ: قالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم «لاَ تَبِيعُوا الثّمَرَ حَتّى يَبْدُوَ صَلاَحُهُ».**

**3827 ـ وَحَدّثنِيهِ زُهَيْرُ بْنُ حَرْبٍ. حَدّثنَا عَبْدُ الرّحْمَنِ عَنْ سُفْيَانَ. ح وَحَدّثنَا ابْنُ الْمُثَنّى. حَدّثنَا مُحَمّدُ بْنُ جَعْفَرٍ. حَدّثنَا شُعْبَةُ. كِلاَهُمَا عَنْ عَبْدِ اللّهِ بْنِ دِينَارٍ بِهَذَا الإِسْنَادِ. وَزَادَ فِي حَدِيثِ شُعْبَةَ: فَقِيلَ لاِبْنِ عُمَرَ: مَا صَلاَحُهُ؟ قالَ: تَذْهَبُ عَاهَتُهُ.**

ئەنەس،ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مىۋىنى ئۇنىڭ سالاھىيىتى يەنى پىشىپ ــ يېتىلگەن قىزىللىقى ئاشكارا بولمىغىچە، خورمىنى قىزىرىپ، تولۇق پىشىپ يېتىلمىگىچە سېتىشتىن توسقان. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم : قېنى دەپ باققىنە؟ ئەگەر **الله** تائالا مىۋىنى بەرمىسە، بىرىڭلار قېرىندىشىنىڭ مال ـ مۈلكىنى نىمىگە ئالىدۇ؟ دىگەن. بۇخارى،مۇسلىم ، سەھىھ.

**3828 ـ حدّثنا يَحْيَى بْنُ يَحْيَى. أَخْبَرَنَا أَبُو خَيْثَمَةَ عَنْ أَبي الزّبَيْرِ، عَنْ جَابِرٍ. ح وَحَدّثنَا أَحْمَدُ بْنُ يُونُسَ. حَدّثنَا زُهَيْرٌ. حَدّثنَا أَبُو الزّبَيْرِ عَنْ جَابِرٍ قالَ: نَهَى (أَوْ نَهَانَا) رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم عَنْ بَيْعِ الثّمَرِ حَتّى يَطِيبَ.**

جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مىۋىلەرنى تولۇق پىشىپ ــ يېتىلىپ بولمىغىچە سېتىشتىن توسقان. ئەھمەد، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.

**3829 ــ حدّثنا أَحْمَدُ بْنُ عُثْمَانَ النّوْفَلِيّ. حَدّثنَا أَبُو عَاصِمٍ. ح وَحَدّثنِي مُحَمّدُ بْنُ حَاتِمٍ (وَاللّفْظُ لَهُ). حَدّثنَا رَوْحٌ. قالاَ: حَدّثنَا زَكَرِيّاءُ بْنُ إِسْحَقَ. حَدّثنَا عَمْرُو بْنُ دِينَارٍ أَنّهُ سَمِعَ جَابِرَ بْنَ عَبْدِ اللّهِ يَقُولُ: نَهَى رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم عَنْ بَيْعِ الثّمَرِ حَتّى يَبْدُوَ صَلاَحُهُ.**

**3830 ـ حدّثنا مُحَمّدُ بْنُ الْمُثَنّى وَ ابْنُ بَشّارٍ. قالاَ: حَدّثنَا مُحَمّدُ بْنُ جَعْفَرٍ. حَدّثنَا شُعْبَةُ عَنْ عَمْرِو بْنِ مُرّةَ، عَنْ أَبي الْبَخْتَرِيّ قالَ: سَأَلْتُ ابْنَ عَبّاسٍ عَنْ بَيْعِ النّخْلِ؟ فَقالَ: نَهَى رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم عَنْ بَيْعِ النّخْلِ حَتّى تَأْكُلَ مِنْهُ أَوْ يُؤْكَلَ، وَحَتّى يُوزَنَ. قال فَقُلْتُ: مَا يُوزَنُ؟ فَقالَ رَجُلٌ عِنْدَهُ: حَتّى يَحْزَرَ.**

**3831 ـ حدّثني أَبُو كُرَيْبٍ مُحَمّدُ بْنُ الْعَلاَءِ. حَدّثنَا مُحَمّدُ بْنُ فُضَيْلٍ عَنْ أَبِيهِ، عَنِ ابْنِ أَبي نُعْمٍ، عَنْ أَبي هُرَيْرَةَ قالَ: قالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: «لاَ تَبْتَاعُوا الثّمَارَ حَتّى يَبْدُوَ صَلاَحُهَا».**

**3832 ـ3833 ـ حدّثنا يَحْيَى بْنُ يَحْيَى. أَخْبَرَنَا سُفْيَانُ بْنُ عُيَيْنَةَ عَنِ الزّهْرِيّ. ح وَحَدّثنَا ابْنُ نُمَيْرٍ وَ زُهَيْرُ بْنُ حَرْبٍ (وَاللّفْظُ لَهُمَا) قالاَ: حَدّثنَا سُفْيَانُ. حَدّثنَا الزّهْرِيّ عَنْ سَالِمٍ، عَنِ ابْنِ عُمَرَ أَنّ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم نَهَى عَنْ بَيْعِ الثّمَرِ حَتّى يَبْدُوَ صَلاَحُهُ. وَعَنْ بَيْعِ الثّمَرِ بِالتّمْرِ.**

ئائىشە،ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مىۋىلەرنى سالاھىيىتى ئاشكارا بولمىغىچە، پىشىپ يېتىلمىگىچە، ئاپەتتىن ساق ــ سالامەت ئەمىن، تېنچ ئۆتۈپ كەتمىگىچە سېتىشتىن توسقان.ساتقۇچى، سېتىۋالغۇچى ھەرئىككىلىسىنى توسقان. ئەھمەد، بۇخارى.مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مىۋىنى ئۇنىڭ سالاھىيىتى يەنى پىشىپ ــ

يېتىلگەن قىزىللىقى ئاشكارا بولمىغىچە، خورمىنى قىزىرىپ، تولۇق پىشىپ يېتىلمىگىچە،ئاشلىقنى دېنى قېتىپ، باشاقچىسى ئاقارمىغىچە، ئاپەتتىن ساق ــ سالامەت، تېنچ ئۆتۈپ كەتمىگىچە سېتىشتىن توسقان. بۇخارى تопلىغان، سەھىھ. زەيد ئىبنى سابىت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مېۋىلەرنى ئاپەتتىن ساق ــ سالامەت قۇتۇلمىغىچە، پىششىدىن بۇرۇن سېتىشتىن توسقان. تەبرانى توپلىغان، سەھىھ. جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مېۋىلەرنى تولۇق پىشىپ ــ يېتىلىپ بولمىغىچە سېتىشتىن توسقان. ساتماڭلار، سېتىۋالماڭلار دېگەن.ئەھمەد، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.

**ق3834 ـ وحدّثني أَبُو الطّاهِرِ وَ حَرْمَلَةُ (وَاللّفْظُ لِحَرْمَلَةَ) قالاَ: أَخْبَرَنَا ابْنُ وَهْبٍ. أَخْبَرَنِي يُونُسُ عَنِ ابْنِ شِهَابٍ. حَدّثَنِي سَعِيدُ بْنُ الْمُسَيّبِ وَ أَبُو سَلَمَةَ بْنُ عَبْدِ الرّحْمَنِ أَنّ أَبَا هُرَيْرَةَ قَالَ: قَالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم «لاَ تَبْتَاعُوا الثّمَرَ حَتّى يَبْدُوَ صَلاَحُهُ. وَلاَ تَبْتَاعُوا الثّمَرَ بِالتّمْرِ».قال ابن شهاب: وحدثني سالم بن عبد الله بن عمر عن أبيه، عن النبي صلى الله عليه وسلم، مثله، سواء.**

ئەبۇ ھۇرەيرە، ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مېۋىنى، خورمىنى ئۇ پىشىپ ــ يېتىلىپ، سالاھىيىتى ئاشكارا بولمىغىچە يەنى قىزىرىپ، سارغايمىغىچە ساتماڭلار، ھۆل خورمىنى قۇرۇق خورمىنىڭ بارابىرىگە ساتماڭلار، (چۈنكى جازانە بولىدۇ، ھۆل مېۋىنى قۇرۇق خورمىغا ساتماڭلار،سېتىۋالماڭلار). نەسەئى 4445 ــ ھەدىس، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.مەخسەت، ئاپەتتىن ساق ــ سالامەت ئۆتكۈزۈپ سېتىش، جازانىدىن ساقلىنىشدۇر.

## ***680 ـ باب تحريم بيع الرطب بالتمر إلا في العرايا*** هۆل مېۋىنى قۇرۇق مېۋە خورمىغا سېتىشتىن توسۇش توغرىسىدا

**3835 ـ وحدّثني مُحَمّدُ بْنُ رَافِعٍ. حَدّثَنَا حُجَيْنُ بْنُ الْمُثَنّى. حَدّثَنَا اللّيْثُ عَنْ عُقَيْلٍ، عَنِ ابْنِ شِهَابٍ، عَنْ سَعِيدِ بْنِ الْمُسَيّبِ أَنّ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم نَهَى عَنْ بَيْعِ الْمُزَابَنَةِ وَالْمُحَاقَلَةِ. وَالْمُزَابَنَةُ أَنْ يُبَاعَ ثَمَرُ النّخْلِ بِالتّمْرِ. وَالْمُحَاقَلَةُ أَنْ يُبَاعَ الزّرْعُ بِالْقَمْحِ. وَاسْتِكْرَاءُ الأَرْضِ بِالْقَمْحِ. قَالَ: وَأَخْبَرَنِي سَالِمُ بْنُ عَبْدِ اللّهِ عَنْ رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم أَنّهُ قَالَ «لاَ تَبْتَاعُوا الثّمَرَ حَتّى يَبْدُوَ صَلاَحُهُ. وَلاَ تَبْتَاعُوا الثّمَرَ بِالتّمْرِ».**

**وَقَالَ سَالِمٌ: أَخْبَرَنِي عَبْدُ اللّهِ عَنْ زَيْدِ بْنِ ثَابِتٍ، عَنْ رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم أَنّهُ رَخّصَ بَعْدَ ذَلِكَ فِي بَيْعِ الْعَرِيّةِ بِالرّطَبِ أَوْ بِالتّمْرِ. وَلَمْ يُرَخّصْ فِي غَيْرِ ذَلِكَ.**

**3836 ـ3837 ـ حدثنا يَحْيَى بْنُ يَحْيَى. قَالَ: قَرَأْتُ عَلَى مَالِكٍ عَنْ نَافِعٍ، عَنِ ابْنِ عُمَرَ، عَنْ زَيْدِ بْنِ ثَابِتٍ أَنّ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم رَخّصَ لِصَاحِبِ الْعَرِيّةِ أَنْ يَبِيعَهَا بِخَرْصِهَا مِنَ التّمْرِ.**

**3838 ـ وحدّثناه يَحْيَى بْنُ يَحْيَى. أَخْبَرنَا هُشَيْمٌ عَنْ يَحْيَى بْنِ سَعِيدٍ بِهَذَا الإِسْنَادِ. غَيْرَ أَنّهُ قَالَ: وَالْعَرِيّةُ النّخْلَةُ تُجْعَلُ لِلْقَوْمِ فَيَبِيعُونَهَا بِخِرْصِهَا تَمْراً.**

**3839 ـ وحدّثنا مُحَمّدُ بْنُ رُمْحِ بْنِ الْمُهَاجِرِ. حَدّثَنَا اللّيْثُ عَنْ يَحْيَى بْنِ سَعِيدٍ، عَنْ نَافِعٍ، عَنْ عَبْدِ اللّهِ بْنِ عُمَرَ. حَدّثَنِي زَيْدُ بْنُ ثَابِتٍ أَنّ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم رَخّصَ فِي بَيْعِ الْعَرِيّةِ بِخَرْصِهَا تَمْراً.**

**قَالَ يَحْيَى: الْعَرِيّةُ أَنْ يَشْتَرِيَ الرّجُلُ ثَمَرَ النّخَلاَتِ لِطَعَامِ أَهْلِهِ رُطَباً، بِخِرْصِهَا تَمْراً.**

**3840 ـ وحدّثنا ابْنُ نُمَيْرٍ. حَدّثَنَا أَبِي. حَدّثَنَا عُبَيْدُ اللّهِ. حَدّثَنِي نَافِعٌ عَنِ ابْنِ عُمَرَ، عَنْ زَيْدِ بْنِ ثَابِتٍ أَنّ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم رَخّصَ فِي الْعَرَايَا أَنْ تُبَاعَ بِخَرْصِهَا كَيْلاً.**

**3841 ـ وحدّثناه ابْنُ الْمُثَنّى. حَدّثَنَا يَحْيَى بْنُ سَعِيدٍ عَنْ عُبَيْدِ اللّهِ بِهَذَا الإِسْنَادِ. وَقَالَ: أَنْ تُؤْخَذَ بِخَرْصِهَا.**

**3842 ـ وحدّثنا أَبُو الرّبِيعِ وَ أَبُو كَامِلٍ. قَالاَ: حَدّثَنَا حَمّادٌ. ح وَحَدّثَنِيهِ عَلِيّ بْنُ حُجْرٍ. حَدّثَنَا إِسْمَاعِيلُ. كِلاَهُمَا عَنْ أَيّوبَ، عَنْ نَافِعٍ بِهَذَا الإِسْنَادِ أَنّ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم رَخّصَ فِي بَيْعِ الْعَرَايَا بِخَرْصِهَا.**

زەيدئىبنى سابىت، جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم باشاقچەدىكى ئاشلىقنى، تەييار ئاشلىققا، بۇغدايغا سېتىشتىن، خورمىنىڭ ھۆل مىۋىسىنى قۇرۇق خورمىغا، ھۆل ئۈزۈمنى قۇرۇق ئۈزۈمگە يەنى يىمىشكە سېتىشتىن، باشقىلارنىڭ زىمىنىنى، زىمىندىن چىققان كىرىم مەھسۇلاتىنىڭ يېرىمىغا، يا ئۈچتەن بىرىگە، يا بەزىسىگە يا شۇنىڭغا ئوخشاش نەرسە بېرىپ تېرىشتىن،يىلنى سېتىشتىن، باشقىلارنىڭ زىمىنىنى، كىرىمنىڭ بەزىسنى،ياكى يېرىمىنى يا ئۈچدەن بىرىنى بېرىپ ئىجارىگە تېرىشتىن، ساتقان نەرسىدىن نا مەلۇم مىقداردا چىقىرىۋېلىپ، نامەلۇم نەرسىنى ئۆزگە قالدۇرۇپ سېتىشتىن توسقاندۇر. بايلار پەقىرلارغا بىرىپ تۇرغان خورمىنىڭ ھۆل مىۋىسىنى قۇرۇق خورمىغا مۆلچەرلەپ سېتىشقا رۇخسەت قىلغاندۇر.

3843 ـ وحدّثنا عَبْدُ اللّهِ بْنُ مَسْلَمَةَ الْقَعْنَبِيّ. حَدّثنَا سُلَيْمَان (يَعْنِي ابْنَ بِلاَلٍ)، عَنْ يَحْيَى (وَهُوَ ابْنُ سَعِيدٍ)، عَنْ بُشَيْرِ بْنِ يَسَارٍ، عَنْ بَعْضِ أَصْحَابِ رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم مِنْ أَهْلِ دَارِهِمْ مِنْهُمْ سَهْلُ بْنُ أَبِي حَثْمَةَ أَنّ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم نَهَى عَنْ بَيْعِ الثّمَرِ بِالتّمْرِ. وَقَالَ «ذَلِكَ الرّبَا، تِلْكَ الْمُزَابَنَةُ» إِلاّ أَنّهُ رَخّصَ فِي بَيْعِ الْعَرِيّةِ. النّخْلَةِ وَالنّخْلَتَيْنِ يَأْخُذُهَا أَهْلُ الْبَيْتِ بِخَرْصِهَا تَمْراً. يَأْكُلُونَهَا رُطَباً.
3844 ـ وحدّثنا قُتَيْبَةُ بْنُ سَعِيدٍ. حَدّثنَا لَيْثٌ. ح وَحَدّثنَا ابْنُ رُمْحٍ. أَخْبَرَنَا اللّيْثُ عَنْ يَحْيَى ابْنِ سَعِيدٍ، عَنْ بُشَيْرِ بْنِ يَسَارٍ، عَنْ أَصْحَابِ رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم أَنّهُمْ قَالُوا: رَخّصَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم فِي بَيْعِ الْعَرِيّةِ بِخَرْصِهَا تَمْراً.
3845 ـ3846 ـ وحدّثنا مُحَمّدُ بْنُ الْمُثَنّى وَ إِسْحَقُ بْنُ إِبْرَاهِيمَ وَ ابْنُ أَبِي عُمَرَ. جَمِيعاً عَنِ الثّقَفِيّ. قَالَ: سَمِعْتُ يَحْيَى بْنَ سَعِيدٍ يَقُولُ: أَخْبَرَنِي بُشَيْرُ بْنُ يَسَارٍ عَنْ بَعْضِ أَصْحَابِ رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم مِنْ أَهْلِ دَارِهِ أَنّ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم نَهَى. فَذَكَرَ بِمِثْلِ حَدِيثِ سُلَيْمَانَ بْنِ بِلاَلٍ عَنْ يَحْيَى. غَيْرَ أَنّ إِسْحَقَ وَابْنَ الْمُثَنّى جَعَلاَ (مَكَانَ الرّبَا) الزّبْنَ. وَقَالَ ابْنُ أَبِي عُمَرَ: الرّبَا.
3847 ـ حدّثنا أَبُو بَكْرِ بْنُ أَبِي شَيْبَةَ وَ حَسَنٌ الْحُلْوَانِيّ. قَالاَ: حَدّثَنَا أَبُو أُسَامَةَ عَنِ الْوَلِيدِ بْنِ كَثِيرٍ. حَدّثَنِي بُشَيْرُ بْنُ يَسَارٍ مَوْلَى بَنِي حَارِثَةَ أَنّ رَافِعَ بْنَ خَدِيجٍ وَ سَهْلَ بْنَ أَبِي حَثْمَةَ حَدّثَاهُ أَنّ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم نَهَى عَنِ الْمُزَابَنَةِ. الثّمَرِ بِالتّمْرِ. إِلاّ أَصْحَابَ الْعَرَايَا. فَإِنّهُ قَدْ أَذِنَ لَهُمْ.

سەھلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھۆل مىۋىنى يەنى ھۆل خورمىنى قۇرۇق خورمىغا سېتىشتىن توسقان.بۇ جازاينا ئۇسۇمدۇر.لىكىن بايلار پەقىرلارغا ئارىيەت بىرىپ تۇرغان خورمىنىڭ ھۆل مىۋىسىنى قۇرۇق خورمىغا سېتىشقا رۇخسەت قىلغاندۇر.ھۆل خورمىنى مۇنچىلىك قۇرۇق خورما چىقىدىكەن دەپ مۆلچەرلەپ، ئىگىسى شۇ بۇيىنچە قۇرۇق خورمىغاساتىدۇ ياكى ھۆل پىتىلا يەيدۇ. بەيھەقى،بۇخارى.مۇسلىم ئەبۇ داۋۇد تويلىغان،سەھىھ.

3848 ـ حدّثنا عَبْدُ اللّهِ بْنُ مَسْلَمَةَ بْنِ قَعْنَبٍ. حَدّثنَا مَالِكٌ. ح وَحَدّثنَا يَحْيَى بْنُ يَحْيَى (وَاللّفْظُ لَهُ). قَالَ: قُلْتُ لِمَالِكٍ: حَدّثَكَ دَاوُدُ بْنُ الْحُصَيْنِ عَنْ أَبِي سُفْيَانَ (مَوْلَى ابْنِ أَبِي أَحْمَدَ)، عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ أَنّ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم رَخّصَ فِي بَيْعِ الْعَرَايَا بِخَرْصِهَا فِيمَا دُونَ خَمْسَةِ أَوْسُقٍ أَوْ فِي خَمْسَةٍ (يَشُكّ دَاوُدُ قَالَ: خَمْسَةٌ أَوْ دُونَ خَمْسَةٍ)؟ قَالَ: نَعَمْ.

ئەبۇھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم، بايلار پەقىرلارغا ئارىيەت بىرىپ تۇرغان خورمىنىڭ ھۆل مىۋىسىنى، مۇنچىلىك قۇرۇق خورما چىقىدىكەن دەپ مۆلچەرلەپ، بەش ۋەسىق ياكى ئۇنىڭدىن

تۇۋەن بولسا، قۇرۇق خورمىغا سېتىشقا رۇخسەت قىلىنغاندۇر. بۇخارى.مۇسلىم .بەش ۋەسەق؛ 300سا، 1500 جىڭ ئەتراپىدا. بۇ قەپىرلارغا ئاسان قىلىش ئۈچۈندۇر.

3939 ـ وحدّثني غَيْرُ وَاحِدٍ مِنْ أَصْحَابِنَا قالُوا: حَدّثَنَا إِسْمَاعِيلُ بْنُ أَبِي أُوَيْسٍ: حَدّثَنِي أَخِي: عَنْ سُلَيْمَانَ (وَهُوَ ابْنُ بِلاَلٍ)، عَنْ يَحْيَى بْنِ سَعِيدٍ، عَنْ أَبِي الرّجَالِ مُحَمّدِ بْنِ عَبْدِ الرّحْمَـنِ أَنّ أُمّهُ عَمْرَةَ بِنْتَ عَبْدِ الرّحْمَـنِ قَالَتْ: سَمِعْتُ عَائِشَةَ تَقُولُ: سَمِعَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم صَوْتَ خُصُومٍ بِالْبَابِ، عَالِيَةً أَصْوَاتُهُمَا، وَإِذَا أَحَدُهُمَا يَسْتَوْضِعُ الآخَرَ وَيَسْتَرْفِقُهُ فِي شَيْءٍ. وَهُوَ يَقُولُ: وَاللّهِ لاَ أَفْعَلُ. فَخَرَجَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم عَلَيْهِمَا. فقَالَ «أَيْنَ الْمُتَأَلّي عَلَى اللّهِ لاَ يَفْعَلُ الْمَعْرُوفَ؟» قَالَ: أَنَا، يَا رَسُولَ اللّهِ فَلَهُ أَيّ ذَلِكَ أَحَبّ.

ئائشه رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ؛ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئىشىك ئالدىدا داۋاگەرلەرنىڭ ئاۋازلىرىنىڭ ئۈستۈن كۆتۈرۈلگىنىنى ئاڭلاپ قالدى، ئۇلارنىڭ بىرسى يەنەبىرسىدىن قەرزىدىن ئازراق كۆتۈرۈۋېتىشىنى، ئۆزىگە رەھىم شەپقەت قىلىشىنى تەلەپ قىلىۋاتاتتى، يەنەبىرسى بولسا؛ **الله** بىلەن قەسەمكى، مەن ئۇنداق قىلمايمەن دېدى، ئاندىن رەسۇلۇللاھ ئۇلارنىڭ قېشىغا چىقىپ؛ ياخشىلىق قىلماسلىققا **الله** بىلەن قەسەم قىلىۋاتقان كىشى قېنى؟دېدى، ئۇكىشى؛ ئى **الله** نىڭ ئەلچىسى!مانا مەن، بۇنىڭ دېگىنىدەك بولسۇن دېدى.

3940 -3941 ـ ـ حدّثنا حَرْمَلَةُ بْنُ يَحْيَىَ: أَخْبَرَنَا عَبْدُ اللّهِ بْنُ وَهْبٍ: أَخْبَرَنِي يُونُسُ عَنِ ابْنِ شِهَابٍ: حَدّثَنِي عَبْدُ اللّهِ بْنُ كَعْبِ بْنِ مَالِكٍ: أَخْبَرَهُ، عَنْ أَبِيهِ أَنّهُ تَقَاضَى ابْنَ أَبِي حَدْرَدٍ دَيْناً كَانَ لَهُ عَلَيْهِ، فِي عَهْدِ رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم، فِي الْمَسْجِدِ، فَارْتَفَعَتْ أَصْوَاتُهُمَا، حَتّى سَمِعَهَا رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم وَهُوَ فِي بَيْتِهِ، فَخَرَجَ إِلَيْهِمَا رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم حَتّىَ كَشَفَ سِجْفَ حُجْرَتِهِ. وَنَادَى كَعْبَ بْنَ مَالِكٍ. فَقَالَ: «يَا كَعْبُ»! فَقَالَ: لَبّيْكَ يَا رَسُولَ اللّهِ فَأَشَارَ إِلَيْهِ بِيَدِهِ أَنْ ضَعِ الشّطْرَ مِنْ دَيْنِكَ. قَالَ كَعْبٌ: قَدْ فَعَلْتُ، يَا رَسُولَ اللّهِ! قَالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم «قُمْ فَاقْضِهِ».

3942 ـ قَالَ مُسْلِمٌ: وَرَوَى اللّيْثُ بْنُ سَعْدٍ: حَدَثَنِي جَعْفَرُ بْنُ رَبِيعَةَ، عَنْ عَبْدِ الرّحْمَـنِ بْنِ هُرْمُزَ، عَنْ عَبْدِ اللّهِ بْنِ كَعْبِ بْنِ مَالِكٍ، عَنْ كَعْبِ بْنِ مَالِكٍ أَنّهُ كَانَ لَهُ مَالٌ عَلَى عَبْدِ اللّهِ بْنِ أَبِي حَدْرَدٍ الأَسْلَمِيّ، فَلَقِيَهُ فَلَزِمَهُ، فَتَكَلّمَا حَتّى ارْتَفَعَتْ أَصْوَاتُهُمَا، فَمَرّ بِهِمَا رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم، فَقَالَ: «يَا كَعْبُ» فَأَشَارَ بِيَدِهِ، كَأَنّهُ يَقُولُ النّصْفَ. فَأَخَذَ نِصْفاً مِمّا عَلَيْهِ. وَتَرَكَ نِصْفاً.

كەئبى ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ زامانىدا، ئىبنى ئەبۇھەدرەتنىڭ ئۈستىدىكى ئېلىشىمنى مەسجىدنىڭ ھويلىسىدا تەلەپ قىلدىم، ئىككىمىزنىڭ ئاۋازى ئۈستۈن كۆتۈرۈلۈپ كەتتى، رەسۇلۇللاھ ئۆز ئۆيىدە تۇرۇپمۇ ئاۋازىمىزنى ئاڭلاپ، قېشىمىزغا چىقماقچى بولۇپ، ھۇجرىسىنىڭ پەردىسىنى قايرىپ ئېچىپ؛ ئى كەئبى! دەپ توۋلىدى، مەن ؛ ئى **الله** نىڭ ئەلچىسى! لەببەي، مانامەن تەييار دېدىم، رەسۇلۇللاھ ماڭا قولى بىلەن ئىشارەت قىلىپ، ئېلىشىڭىنىڭ يېرىمىنى ئۆنىڭدىن كۆتۈرۈۋەتكىن، ئۈتۈۋەتكىن دېدى، مەن: ئى **الله** نىڭ ئەلچىسى! مەن شۇنداق قىلدىم، دېسەم، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئىبنى ئەبۇھەدرەتكە: قوپ، قەرزىڭنى ئادا قىلىپ بەرگىن دېدى.بۇخارى،مۇسلىم.

### *692 ـ باب من أدرك ما باعه عند المشتري، وقد أفلس، فله الرجوع فيه*

## ھەرقانداق بىر كىشى ساتقان مېلىنى سېتىۋالغۇچى كىشى تىجارەتتە ۋەيران بولغان چاغدا شۇنىڭ يېنىدا تاپسا، ئۆز مېلىغا ئۆزى قايتۇۋالسا دۇرۇس بۇلىدۇ، دېگەن توغرىسىدا

3943 ـ3944 ـ حدّثنا أَحْمَدُ بْنُ عَبْدِ اللّهِ بْنِ يُونُسَ: حَدّثَنَا زُهَيْرُ بْنُ حَرْبٍ: حَدّثَنَا يَحْيَى ابْنُ سَعِيدٍ. أخبرني أَبو بَكْرِ بْنُ مُحَمّدِ بْنِ عَمْرِو بْنِ حَزْمٍ، أَنّ عُمَرَ بْنَ عَبْدِ الْعَزِيزِ[1] أَخْبَرَهُ أَنّ أَبَا بَكْرِ بْنَ عَبْدِ الرّحْمَـنِ بْنِ الْحَارِثِ بْنِ هِشَامٍ أَخْبَرَهُ [1] أَنّهُ سَمِعَ عَنْ أَبَا هُرَيْرَةَ

يَقُولُ: قَالَ رَسُولُ اللَّهِ صلى الله عليه وسلم (أَوْ سَمِعْتُ رَسُولَ اللَّهِ صلى الله عليه وسلم يَقُولُ) «مَنْ أَدْرَكَ مَالَهُ بِعَيْنِهِ عِنْدَ رَجُلٍ قَدْ أَفْلَسَ (أَوْ إِنْسَانٍ قَدْ أَفْلَسَ) فَهُوَ أَحَقُّ بِهِ مِنْ غَيْرِهِ».

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم ئۆز مېلىنى ئۆز ئەينى ئىپلاس بولغان يەنى تىجارەتتە ۋەيران بولۇپ، قەرزگە بوغۇلغان كىشىنىڭ يېنىدا تاپسا،(ئەگەر ئۇ مېلىغا پۇل ئالمىغان بولسا) ئۆز مېلىغا ئۆزى باشقىلاردىن ھەقلىقراق بولىدۇ.(ئەگەرپۇل ئالغان بولسا، لېكىن،ئازىراق ئېلىشى قالغان بولسا،ئۇ باشقا قەرز ئىگىسىگە ئوخشاشتۇر) بەيھەقى،ئەبۇ داۋۇد توپلىغان سەھىھ

3945 ـ وحدثني ابْنُ أَبِي عُمَرَ، عن هِشَامِ بْنِ سُلَيْمَانَ (وَهُوَ ابْنُ عِكْرِمَةَ بْنِ خَالِدٍ الْمَخْزُومِيّ)، عَنِ ابْنِ جُرَيْجٍ: حَدّثَنِي ابْنُ أَبِي حُسَيْنٍ أَنّ أَبَا بَكْرِ بْنَ مُحَمّدِ بْنِ عَمْرِو بْنِ حَزْمٍ أَخْبَرَهُ[1] أَنّ عُمَرَ بْنَ عَبْدِ الْعَزِيزِ حَدّثَهُ عَنْ حَدِيثِ أَبِي بَكْرِ بْنِ عَبْدِ الرّحْمَنِ، عَنْ حَدِيثِ أَبِي هُرَيْرَةَ عَنِ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم فِي الرّجُلِ الّذِي يُعْدِمُ، إِذَا وُجِدَ عِنْدَهُ الْمَتَاعُ وَلَمْ يُفَرّقْهُ «أَنّهُ لِصَاحِبِهِ الّذِي بَاعَهُ».
3946 ـ حدثنا مُحَمّدُ بْنُ الْمُثَنّى: حَدّثَنَا مُحَمّدُ بْنُ جَعْفَرٍ وَ عَبْدُ الرّحْمَنِ بْنُ مَهْدِيّ قَالاَ: حَدّثَنَا شُعْبَةُ، عَنْ قَتَادَةَ، عَنِ النّضْرِ بْنِ أَنَسٍ، عَنْ بَشِيرِ بْنِ نَهِيكٍ، عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ عَنِ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم قَالَ «إِذَا أَفْلَسَ الرّجُلُ، فَوَجَدَ الرّجُلُ مَتَاعَهُ بِعَيْنِهِ، فَهُوَ أَحَقّ بِهِ».
3947 ـ وحدّثني زُهَيْرُ بْنُ حَرْبٍ: حَدّثَنَا إِسْمَاعِيلُ بْنُ إِبْرَاهِيمَ: حَدّثَنَا سَعِيدٌ. ح وَحَدّثَنِي زُهَيْرُ بْنُ حَرْبٍ أَيْضاً: حَدّثَنَا مُعَاذُ بْنُ هِشَامٍ: حَدّثَنِي أَبِي كِلاَهُمَا عَنْ قَتَادَةَ بِهَذَا الإِسْنَادِ، مِثْلَهُ، وَقَالاَ «فَهُوَ أَحَقّ بِهِ مِنَ الْغُرَمَاءِ».

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: قايسى بىر كىشى ئىپلاس بولۇپ، تىجارەتتە ۋەيران بولۇپ، قەرزگە بوغۇلۇپ قالسا، ئىككىنچى بىر كىشى ئۆز مېلىنى ئۆز ئەينى شۇنىڭ يېنىدا تاپسا، مانا بۇ مېلىنى تاپقۇچى كىشى ئۆز مېلىغا ئۆزى باشقىلاردىن ئەۋلاراق، ھەقلىقراقتۇر، . بۇخارى،مۇسلىم، تىرمىزى، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ. بۇ ھەدىستىكى مەخسەت؛ شۇ مالنىڭ ئىگىسىنىڭ شۇ مال ئۈچۈن بولغان پۇل ئېلىشى بولسا، شۇنداق بولىدۇ، ئەگەر مالنىڭ پۇلى بېرىلىپ بولسا، ھېچقانداق ھوقۇق بولمايدۇ، شەرت ئېلىشى بۇلۇشتۇر.

3948 ـ وحدّثني مُحَمّدُ بْنُ أَحْمَدَ بْنِ أَبِي خَلَفٍ وَ حَجّاجُ بْنُ الشّاعِرِ قَالاَ: حَدّثَنَا أَبُو سَلَمَةَ الْخُزَاعِيّ (قَالَ حَجّاجٌ حَدّثَنَا: مَنْصُورُ بْنُ سَلَمَةَ): أَخْبَرَنَا سُلَيْمَانُ بْنُ بِلاَلٍ، عَنْ خُثَيْمِ بْنِ عِرَاكٍ، عَنْ أَبِيهِ، عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ، أَنّ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم قَالَ «إِذَا أَفْلَسَ الرّجُلُ، فَوَجَدَ الرّجُلُ عِنْدَهُ سِلْعَتَهُ بِعَيْنِهَا، فَهُوَ أَحَقّ بِهَا».

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: قايسى بىر كىشى ئىپلاس بولۇپ، تىجارەتتە ۋەيران بولۇپ، قەرزگە بوغۇلۇپ قالسا، ئىككىنچى بىر كىشى ئۆز مېلىنى ئۆز ئەينى شۇنىڭ يېنىدا تاپسا، مانا بۇ مېلىنى تاپقۇچى كىشى ئۆز مېلىغا ئۆزى باشقىلاردىن ئەۋلاراق، ھەقلىقراقتۇر، تىرمىزى، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: قايسى بىر كىشى مېلىنى ساتسا، ئاندىن مېلىنى ئۆز ئەينى يەنە بىر كىشىنىڭ يەنى سېتىۋالغۇچىنىڭ يېنىدا تاپسا، بۇ كىشى بۇ چاغدا ۋەيران بولۇپ دەسمايىسىنى يوقاتسا، مالنى ساتقان كىشى مالغا پۇل ئالمىغان بولسا، ئۇ مال ، ساتقۇچى كىشىنىڭ بولىدۇ، يەنى ئۆزىگە قايتۇرۇلىدۇ، ئەگەر ساتقۇچى مالنىڭ

پۇلىدىن بىرەر نەرسە ئالسا، بۇ چاغدا ئۇكىشى، باشقا قەرىز ئىگىلىرىنىڭ ئۆلگىسى بولۇپ قالىدۇ، يەنى شۇلارغا ئوخشاش ئۆز ھەققىنى ئالىدۇ. ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ، باشقا كىتابلاردىمۇ بار.

## 693 ـ *باب فضل إنظار المعسر* قەرز ئىگىسىنىڭ نامرات قەرىزدار قادىر بولغىچە ساقلاپ تۇرىشىنىڭ پەزىلىتى

3949 ـ 3950 ـ حدّثنا أحْمَدُ بْنُ عَبْدِ اللّهِ بْنِ يُونُسَ: حَدّثَنَا زُهَيْرٌ: حَدّثَنَا مَنْصُورٌ عَنْ رِبْعِيّ بْنِ حِرَاشٍ أَنّ حُذَيْفَةَ حَدّثَهُمْ قَالَ: قَالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم «تَلَقّتِ الْمَلاَئِكَةُ رُوحَ رَجُلٍ مِمّنْ كَانَ قَبْلَكُمْ. فَقَالُوا: أَعَمِلْتَ مِنَ الْخَيْرِ شَيْئاً؟ قَالَ: لاَ. قَالُوا: تَذَكّرْ. قَالَ: كُنْتُ أُدَايِنُ النّاسَ، فَآمُرُ فِتْيَانِي أَنْ يُنْظِرُوا الْمُعْسِرَ وَيَتَجَوّزُوا عَنِ الْمُوسِرِ. قَالَ: قَالَ اللّهُ عَزّ وَجَلّ: تَجَوّزُوا عَنْهُ».

ھۇزەيفە، ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن سىلەردىن بۇرۇن ياشاپ ئۆتكەن بىر كىشى بولۇپ، ئۇنىڭ جېنىنى ئېلىش ئۈچۈن ئۇنىڭغا ئۆلۈم پەرىشتىسى كېلىپ، پەرىشتىلەر ئۇنىڭ روھىغا ئۇچۇرشۇپ؛ بىرەر ياخشىلىق قىلىپ باقتىڭمۇ؟ دەپ سورايدۇ، ئۇ، ياق مەن بىلمەيمەن دەيدۇ، پەرىشتە ئۇنىڭغا؛ قاراپ باققىن، دېسە، ئۇ، مەن ھېچبىر ياخشىلىق قىلمىغان ئىدىم، لېكىن مەن كىشىلەر بىلەن ئېلىم ــ سېتىم، سودا قىلاتتىم، كەسىپ قىلاتتىم، ھۈنىرىم بار ئىدى، خادىملىرىمنى بۇيرۇپ؛كەمبەغەل، پېقىر بولسا كۈتۈپ تۇراتتىم، ھەتتا ئۆتنۈۋېتەتتىم، باي بولسا، چىرايلىقچە ئالاتتىم، ئۇنىڭدىنمۇ بەزىدە ئاسان قىلاتتىم دەيدۇ، ئاندىن، ئاللاھ ئۇنىڭدىن ئۆتۈۋېتىڭلار دەپ،ئۇنى شۇ ئىشى سەۋەبلىك جەننەتكە كىرگۈزىدۇ، ئەھمەد، بەيھەقى، ئىبنى ماجە توپلىغان، بۇ سەھىھ

3951 ـ حدّثنا مُحَمّدُ بْنُ الْمُثَنّى: حَدّثَنَا مُحَمّدُ بْنُ جَعْفَرٍ: حَدّثَنَا شُعْبَةُ، عَنْ عَبْدِ الْمَلِكِ بْنِ عُمَيْرٍ، عَنْ رِبْعِيّ بْنِ حِرَاشٍ، عَنْ حُذَيْفَةَ، عَنِ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم «أَنّ رَجُلاً مَاتَ فَدَخَلَ الْجَنّةَ، فَقِيلَ لَهُ: مَا كُنْتَ تَعْمَلُ؟ (قَالَ: فَإِمّا ذَكَرَ وَإِمّا ذُكّرَ) فَقَالَ: إِنّي كُنْتُ أُبَايِعُ النّاسَ، فَكُنْتُ أُنْظِرُ الْمُعْسِرَ وَأَتَجَوّزُ فِي السّكّةِ أَوْ النّقْدِ. فَغُفِرَ لَهُ» فَقَالَ أَبُو مَسْعُودٍ: وَأَنَا سَمِعْتُهُ مِنْ رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم.

3952 ـ حدّثنا أَبُو سَعِيدٍ الأَشَجّ: حَدّثَنَا عن أَبِي خَالِدٍ الأَحْمَرِ، عَنْ سَعْدِ بْنِ طَارِقٍ، عَنْ رِبْعِيّ بْنِ حِرَاشٍ، عَنْ حُذَيْفَةَ قَالَ: «أُتِيَ اللّهُ بِعَبْدٍ مِنْ عِبَادِهِ، آتَاهُ اللّهُ مَالاً، فَقَالَ لَهُ: مَاذَا عَمِلْتَ فِي الدّنْيَا؟ (قَالَ: وَلاَ يَكْتُمُونَ اللّهَ حَدِيثاً) قَالَ: يَا رَبّ آتَيْتَنِي مَالَكَ، فَكُنْتُ أُبَايِعُ النّاسَ، وَكَانَ مِنْ خُلُقِي الْجَوَازُ، فَكُنْتُ أَتَيَسّرُ عَلَى الْمُوسِرِ وَأُنْظِرُ الْمُعْسِرَ. فَقَالَ اللّهُ: أَنَا أَحَقّ بِذَا مِنْكَ. تَجَاوَزُوا عَنْ عَبْدِي». فَقَالَ عُقْبَةُ بْنُ عَامِرٍ الْجُهَنِيّ، وَأَبُو مَسْعُودٍ الأَنْصَارِيّ: هَكَذَا سَمِعْنَا ذلك مِنْ فِي رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم.

ھۇزەيفە ، ئۇقبەت ئىبنى ئامىر ، ئەبۇ مەسئۇدىلئەنسارى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: قىيامەت كۈنى ئاللاھتائالا بەندىلىرىدىن ناھايىتى كۆپ مال ــ دۇنيا بەرگەن بىر بەندىنى كەلتۈرۈپ مۇنداق دەيدۇ: سەن دۇنيادا نېمە ئەمەل قىلدىڭ؟ بەندە ئېيتىدۇ، مەن دۇنيادا ھېچ ئىش قىلالمىدىم، پەقەت سىلى بەرگەن مالدا تىجارەت قىلىپ، كىشىلەر بىلەن سودا ئالاقىسى قىلدىم، مىنىڭ ئەخلاقىم بايلارغا ئاسان قىلىپ بېرىش، پېقىر، يوقسىز بولسا، ئىنتىزار بولۇپ ساقلاپ تۇرۇش،ئۆتنۈتىش بولدى، ئاللاھتائالا بۇ ئىشقا مەن لايىق دەپ، بەندەمدىن ئۆتۈۋېتىڭلار دەيدۇ، ئۇنىڭغا مەغپىرەت قىلىنىدۇ.ھاكىممۇ توپلىغا،سەھىھ.

3953 – حدّثنا يَحْيَى بْنُ يَحْيَى و أَبُو بَكْر بْنُ أَبِي شَيْبَةَ و أَبُو كُرَيْبٍ وَ إِسْحَقُ بْنُ إِبْرَاهِيمَ (وَاللّفظُ لِيَحْيَى) (قَالَ يَحْيَى: أَخْبَرَنَا. وَقَالَ الآخَرُونَ: حَدّثَنَا أَبُو مُعَاوِيَةَ) عَنِ الأَعْمَش، عَنْ شَقِيقٍ، عَنْ أَبِي مَسْعُودٍ قَالَ: قَالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم «حُوسِبَ رَجُلٌ مِمّنْ كَانَ قَبْلَكُمْ. فَلَمْ يُوجَدْ لَهُ مِنَ الْخَيْرِ شَيْءٌ. إِلاّ أَنّهُ كَانَ يُخَالِطُ النّاسَ، وَكَانَ مُوسِراً، فَكَانَ يَأْمُرُ غِلْمَانَهُ أَنْ يَتَجَاوَزُوا عَنِ الْمُعْسِرِ. قَالَ: قَالَ اللّهُ عَزّ وَجَلّ: نَحْنُ أَحَقّ بِذَلِكَ مِنْهُ. تَجَاوَزُوا عَنْهُ».

ئەبۇ مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: سىلەردىن بۇرۇن ياشاپ ئۆتكەن بىر كىشىدىن ھېساب ئېلىندى، ئۇنىڭ ئۇچۇن ياخشىلىقتىن ھېچ نەرسە تېپىلمىدى، پەقەت ئۇ باي كىشى بولۇپ، كىشىلەر بىلەن ئارىلىشىپ ئېلىم ــ بېرىم قىلاتتى، قەرز بېرىپ تۇراتتى، خادىم غىلمانلىرىنى كەمبەغەللەردىن ئۆتنۇۋېتىشكە بۇيرۇيتتى، ئاللاھتائالا پەرىشتىلىرىگە ؛ ئۆتنۇۋېتىشكە ئۇنىڭدىن بىز بەك لايىق، ھەقلىقمىز، ئۇنىڭدىن ئەپۇ قىلىپ ئۆتنۇۋېتىڭلار دېدى. تىرمىزى، ھاكىم، بەيھەقى، بۇخارى ئەدەپتە.

3954 –3955 – حدّثنا مَنْصُورُ بْنُ أَبِي مُزَاحِمٍ وَ مُحَمّدُ بْنُ جَعْفَرِ بْنِ زِيَادٍ (قَالَ مَنْصُورٌ: حَدّثَنَا إِبْرَاهِيمُ بْنُ سَعْدٍ، عَنِ الزّهْرِيّ. وَقَالَ ابْنُ جَعْفَرٍ: أَخْبَرَنَا إِبْرَاهِيمُ (وَهُوَ ابْنُ سَعْدٍ) عَنِ ابْنِ شِهَابٍ) عَنْ عُبَيْدِ اللّهِ بْنِ عَبْدِ اللّهِ بْنِ عُتْبَةَ، عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ أَنّ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم قَالَ «كَانَ رَجُلٌ يُدَايِنُ النّاسَ. فَكَانَ يَقُولُ لِفَتَاهُ: إِذَا أَتَيْتَ مُعْسِراً فَتَجَاوَزْ عَنْهُ. لَعَلّ اللّهَ يَتَجَاوَزُ عَنّا. فَلَقِيَ اللّهَ فَتَجَاوَزَ عَنْهُ».

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن، سىلەردىن بۇرۇنقى بىر كىشى كىشىلەرگە قەرز بېرىپ تۇراتتى، قەرزنى يىغىدىغان چاغدا بولسا، ياش خادىمغا؛ قىيىنچىلىقتا قالغان يوقسىز نامرات كىشىگە بارساڭ، ئۇنىڭدىن ئۆتنۇۋەتكىن، ئاللاھتائالامۇ بىزدىن ئۆتنۇۋېتىشى مۇمكىن دەيتتى، ئاندىن ئۇ، ئاللاھقا ئۇچراشقاندا، ئاللاھ ئۇنىڭدىن ئۆتنۇۋەتتى. ئەھمەد، بەيھەقى، بۇخارى،مۇسلىم، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ. مەخسەت، سىلەرمۇ ئۆتنۇۋېتىپ، كەچۈرۈمگە ئېرىشىڭلار.

3956 –3957 - حدّثنا أَبُو الْهَيْثَمِ خَالِدُ بْنُ خِدَاشِ بْنِ عَجْلاَنَ: حَدّثَنَا حَمّادُ بْنُ زَيْدٍ عَنْ أَيّوبَ، عَنْ يَحْيَى بْنِ أَبِي كَثِيرٍ، عَنْ عَبْدِ اللّهِ بْنِ أَبِي قَتَادَةَ أَنّ أَبَا قَتَادَةَ طَلَبَ غَرِيماً لَهُ فَتَوَارَىَ عَنْهُ، ثُمّ وَجَدَهُ، فَقَالَ: إِنّي مُعْسِرٌ. فَقَالَ: آللّهِ؟ قَالَ: آللّهِ. قَالَ: فَإِنّي سَمِعْتُ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم يَقُولُ: «مَنْ سَرّهُ أَنْ يُنْجِيَهُ اللّهُ مِنْ كُرَبِ يَوْمِ الْقِيَامَةِ فَلْيُنَفّسْ عَنْ مُعْسِرٍ، أَوْ يَضَعْ عَنْهُ».

ئەبۇ قەتادە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىمنى، **الله** نىڭ قىيامەت كۈنىنىڭ مۇشەققەتلىرىدىن، قىيىنچىلىقلىرىدىن ئاسان قىلىپ كۆتۈرۈۋېتىشى، ئۇنى قۇتقۇزۇشى خۇرسەن قىلسا، ئۇكىشى بۇدۇنيادا نامرات، پېقىرلاردىن ئاسان قىلسۇن، ياكى ئۇلاردىن ئېلىشنى كۆتۈرۈۋەتسۇن.

### 694 – *باب تحريم مطل الغني، وصحة الحوالة، واستحباب قبولها إذا أحيل على ملي*

### باي كىشىنىڭ قادىر تۇرۇپ قەرزنى كېچىكتۈرىشى زۇلۇمدۇر، ھاۋالىنىڭ دۇرۇسلىقى توغرىسىدا

3958-3959 ـ حدّثنا يَحْيَى بْنُ يَحْيَىَ قَالَ: قَرَأْتُ عَلَىَ مَالِكٍ عَنْ أَبِي الزّنَادِ، عَنِ الأَعْرَجِ، عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ أَنّ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم قَالَ «مَطْلُ الْغَنِيّ ظُلْمٌ وَإِذَا أُتْبِعَ أَحَدُكُمْ عَلَىَ مَلِيءٍ فَلْيَتْبَعْ».

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: باي كىشىنىڭ قەرزنى كېچىكتۈرۈپ، بەرگىلى ئۇنىماسلىقى زۇلۇمدۇر، بىرىڭلار ئېلىشنى ئېلىشتا، باي كىشىگە ھاۋالە

قىلىنسا،( ئېلىشى بايغا يۈتكەلسە)، ھاۋالىسنى قوبۇل قىلىپ، ئېلىشنى شۇ بايدىن ئالسۇن. مۇسلىم 2924 ــ ھەدىس، بەيھەقى،بۇخارى، ۋە باشقىلار توپلىغان، سەھىھ. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: باينىڭ قەرزىنى كېچىكتۈرۈپ كەينىگە سۈرۈشى زۇلۇمدۇر، سەن باي كىشىگە ھاۋالە قىلىنساڭ، (ئېلىشىڭنى بايدىن ئېلىش يۈتكەلسە) سەن ئۇنى شۇ بايدىن ئالغىن، (بەرسە بەرگەنچە، بەرمىسە ئۇ زالىم بولىدۇ). ئىبنى ماجەھ توپلىغان، سەھىھ.

## 695 ـ باب تحريم فضل بيع الماء الذي يكون بالفلاة ويحتاج إليه لرعي الكلأ، وتحريم منع بذله. وتحريم بيع ضراب الفحل

## پادىچىلار مۇھتاج بولىدىغان چۆلدىكى سۇنىڭ ئاشقىنىنى سېتىشنىڭ، ئەركەك ھايۋاننىڭ سېپرما سۈيىنى سېتىشنىڭ ھاراملىقى توغرىسىدا

3960 ـ وحدّثنا أبُو بَكْرِ بْنُ أبي شَيْبَةَ: أخْبَرَنَا وَكِيعٌ. ح وَحَدّثني مُحَمّدُ بْنُ حَاتِمٍ: حَدّثنَا يَحْيَى بْنُ سَعِيدٍ: جَمِيعاً عَنِ ابْنِ جُرَيْجٍ، عَنْ أبي الزّبَيْرِ، عَنْ جَابِرِ بْنِ عَبْدِ اللّهِ قالَ: نَهَى رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم عَنْ بَيْعِ فَضْلِ الْمَاءِ.

جابىر، ئىياس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمىدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم سۇنىڭ ئېشىپ قالغان ئارتۇقىنى سېتىشتىن توسقان. مۇسلىم، ئەھمەد، تۆت كىتاب توپلىغان، سەھىھ. شۇنىڭ جۈملىسىدىن يايلاقتىكى سۇنىڭ، قۇدۇق سۈيىنىڭ، سەپەر ئۈستىدىكى سۇنىڭ ئارتۇق ئېشىپ قالغىنىنى سېتىشتىن توسقان.

3961 ـ حدّثنا إِسْحَقُ بْنُ إِبْرَاهِيمَ: أخْبَرَنَا رَوْحُ بْنُ عُبَادَةَ: حَدّثنَا ابْنُ جُرَيْجٍ: أخْبَرَنِي أبُو الزّبَيْرِ أنّهُ سَمِعَ جَابِرَ بْنَ عَبْدِ اللّهِ يَقُولُ: نَهَى رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم عَنْ بَيْعِ ضِرَابِ الْجَمَلِ، وَعَنْ بَيْعِ الْمَاءِ وَالأرْضِ لِتُحْرَثَ. فَعَنْ ذَلِكَ نَهَى النّبِيّ صلى الله عليه وسلم.

جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئەركەك تۆگىنىڭ مەنى سېپرما سۈيىنى سېتىشتىن (يەنى چاڭلاشتۇرىدىغان ئىسپىرما سۈيىنى سېتىشتىن)، سۇنى ۋە زېمىننى زىرائەت تېرىتىشۈپلىش ئۈچۈن سېتىشتىن توسقان. نەسائى 4591 ــ ھەدىس، ئەھمەد توپلىغان،سەھىھ.

3962 ـ حدّثنا يَحْيَى بْنُ يَحْيَى. قالَ: قَرَأْتُ عَلَى مَالِكٍ. ح وَحَدّثنَا قُتَيْبَةُ: حَدّثنَا لَيْثٌ: كِلاَهُمَا عَنْ أبي الزّنَادِ، عَنِ الأعْرَجِ، عَنْ أبي هُرَيْرَةَ[1] أنّ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم قالَ «لاَ يُمْنَعُ فَضْلُ الْمَاءِ لِيُمْنَعَ بِهِ الْكَلأُ».

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بىرىڭلار قۇدۇق ئەتراپىدىكى ئوت ــ چۆپلەرنى چەكلەپ توسۇش ئۈچۈن سۈيىنىڭ ئاشقىنىنى چەكلەپ توسمىسۇن. بەيھەقى، تىرمىزى، ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

3963 ـ وحدّثني أبُو الطّاهِرِ وَ حَرْمَلَةُ (وَاللّفْظُ لِحَرْمَلَةَ). أخْبَرَنَا ابْنُ وَهْبٍ: أخْبَرَنِي يُونُسُ عَنِ ابْنِ شِهَابٍ: حَدّثَنِي سَعِيدُ بْنُ الْمُسَيّبِ وَ أبُو سَلَمَةَ بْنُ عَبْدِ الرّحْمَنِ أنّ أبَا هُرَيْرَةَ قالَ: قالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم «لاَ تَمْنَعُوا فَضْلَ الْمَاءِ لِتَمْنَعُوا بِهِ الْكَلأَ».

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: سىلەر قۇدۇق ئەتراپىدىكى ئوت ــ چۆپلەرنى چەكلەپ توسۇش ئۈچۈن سۇنىڭ ئاشقىنىنى چەكلەپ توسماڭلار. (سۇنى توسسا، ئوت ـ چۆپمۇ تۇسۇلۇپ قالىدۇ)بەيھەقى،بۇخارى،مۇسلىم، تىرمىزى، ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

**3964 ـ وحدّثنا أحْمَدُ بْنُ عُثْمَانَ النّوْفَلِيّ: حَدّثَنَا أَبُو عَاصِمٍ الضّحّاكُ بْنُ مَخْلَدٍ: حَدّثَنَا ابْنُ جُرَيْجٍ: أَخْبَرَنِي زِيَادُ بْنُ سَعْدٍ أَنّ هِلاَلَ بْنَ أُسَامَةَ أَخْبَرَهُ أَنّ أَبَا سَلَمَةَ بْنَ عَبْدِ الرّحْمَنِ أَخْبَرَهُ أَنّهُ سَمِعَ أَبَا هُرَيْرَةَ يقُولُ: قَالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم «لاَ يُبَاعُ فَضْلُ الْمَاءِ لِيُبَاعَ بِهِ الْكَلأُ».**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: قۇدۇق ئەتراپىدىكى ئوت ــ چۆپلەرنى سېتىپ بېرىش مەخسىتىدە، قۇدۇقنىڭ ئاشقان سۈيى سېتىلمايدۇ. (قۇدۇقنىڭ ئېشىپ قالغان سۈيىنى ساتسا بولمايدۇ، ھەممىسىنىڭ ھەققى بار).بۇخارى، مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئەركەك ھايۋاننىڭ ئىسپىرما سۈيىنى سېتىشتىن توسقان. ئەھمەد، بۇخارى، ئۈچ كىتاب توپلىغان، سەھىھ. ئۇنى خالىس ئاللاھ يولىدا قويۇپ بېرىش لازىم، بۇخارىينىڭ شەرھىسى پەتھۇلبارىيدا مۇنداق دېيىلگەن؛ سىپېرما سۇنى سېتىش مەكرۇھ ياكى ھارام. چۈنكى، ئۇ مەلۇم ئەمەس، قىممىتى، باھاسى يوق، ۋەزنى، جىنىڭ سانى يوق، نامەلۇمدۇر. لېكىن، چىشى ھايۋان چاڭلاشقىچە، مەخسىتىگە يېتىپ، بوغاز بولغانلىقى مەلۇم بولغىچە ئىجارىگە بەرسە، ئالسا بولىدۇ، بۇ شافئى، ھەنبەلى، ھەسەن بەسرى، ئىبنى سىرىين، ئىمام مالىكنىڭ سۆزى، ئارىيەتكە بېرىپ تۇرسا، مۇتلەق دۇرۇس. ھەتتا، ئارىيەتكە ئالغۇچى، چىشى ھايۋىنىنى چاڭلاشتۇرغۇچى، ھەدىي ئېلىپ كەلسە، يەنى قوناق، ئارپا، ئوت ــ چۆپ ئېلىپ كەلسە بۇ مەيلى، لېكىن، شەرتلەشسە بولمايدۇ. چۈنكى، تىرمىزىينىڭ بىر ھەدىسىدە، ئەركەك ھايۋانى ھۆرمەتلىسە، يەنى ئازىراق نەرسە ئاپارسا،دۇرۇس بولۇشىغا ھەدىس بار. ئالىملار بۇنىڭدىن ھازىرقى كالا، تۆگە، قويلارنى ئۇرۇق سېلىپ چاڭلاشتۇرۇشقا يەنى بوغاز بولغىچە ئىجارە، كۆتۈرە ئېلىپ، ئۇرۇق سالسا بۇ دۇرۇس. لېكىن، سۇنى ساتسا دۇرۇس ئەمەس دېگەن. سۇنى ساتماي، بوغاز بولغىچە چاڭلاشتۇرۇپ، ئىجارە ئىش ھەققىنى ئالسا بۇ دۇرۇس بولىدۇ. چۈنكى، بۇنى يۇقىردا ئىجارىگە ئالسا دۇرۇس دېدى.نەسلىنى قۇرۇتماي ساقلاش كېرەكدە!!.

## 696 ـ باب تحريم ثمن الكلب، وحلوان الكاهن، ومهر البغيّ. والنهي عن بيع السنور

## ئىت ۋە مۈشۈك ساتقان پۇلنىڭ، جىنكەش كاھىننىڭ ۋە پاھىشىۋاز ئايالنىڭ تاپقان پۇلنىڭ ھاراملىقى توغرىسىدا

**3965 ــ3966 ـ حدّثنا يَحْيَى بْنُ يَحْيَىَ قالَ: قَرَأْتُ عَلَىَ مَالِكٍ، عَنِ ابْنِ شِهَابٍ، عَنْ أَبِي بَكْرِ بْنِ عَبْدِ الرّحْمَنِ، عَنْ أَبِي مَسْعُودٍ الأَنْصَارِيّ[1] أَنّ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم نَهَىَ عَنْ ثَمَنِ الْكَلْبِ، وَمَهْرِ الْبَغِيّ، وَحُلْوَانِ الْكَاهِنِ.**

ئەبۇ مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئىتنىڭ پۇلىدىن، زىناخور پاھىشىۋازنىڭ پۇلىدىن، غەيىب داۋاسى قىلىدىغان جىنكەش، كاھىننىڭ تاپقان پۇلىدىن توسقان، يەنى ھارام.

بۇخارى 2121 ــ ھەدىس، بۇلاردىن كېيىنكى تۆت كىتاب، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.

**3967 ـ وحدّثني مُحَمّدُ بْنُ حَاتِمٍ: حَدّثَنَا يَحْيَى بْنُ سَعِيدٍ الْقَطّانُ، عَنْ مُحَمّدِ بْنِ يُوسُفَ قالَ: سَمِعْتُ السّائِبَ بْنَ يَزِيدَ يُحَدّثُ، عَنْ رَافِعِ بْنِ خَدِيجٍ قالَ: سَمِعْتُ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم يَقُولُ: «شَرّ الْكَسْبِ مَهْرُ الْبَغِيّ، وَثَمَنُ الْكَلْبِ، وَكَسْبُ الْحَجّامِ».**

رافىئ ئىبنى خەدىج رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كەسىبنىڭ ئەڭ يامىنى زىناخورنىڭ كەسپى، پاھىشىۋازنىڭ كەسپى، ئىتنى ساتقان پۇل، قان ئېلىش كەسپى قاتارلىقلار دۇر. يەنى ھارام، ئەھمەد، مۇسلىم، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

**3968 ـ3969 ـ3970 ـ حدّثنا إِسْحَقُ بْنُ إِبْرَاهِيمَ: أَخْبَرَنَا الْوَلِيدُ بْنُ مُسْلِمٍ عَنِ الأَوْزَاعِيِّ، عَنْ يَحْيَى بْنِ أَبِي كَثِيرٍ: حَدّثَنِي إِبْرَاهِيمُ بْنُ قَارِظٍ عَنَ السّائِبِ بْنِ يَزِيدَ: حَدّثَنِي رَافِعُ بْنُ خَدِيجٍ عَنْ رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم قَالَ «ثَمَنُ الْكَلْبِ خَبِيثٌ، وَمَهْرُ الْبَغِيّ خَبِيثٌ، وَكَسْبُ الْحَجّامِ خَبِيثٌ».**

رافىئ ئىبنى خەدىج رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئىتنىڭ پۇلى نىجىستۇر، (يەنى ئىت ساتقان پۇل ھارام) زىناخور، پاھىشىۋازنىڭ پۇلى نىجىستۇر، قان ئېلىش كەسپى بىلەن تاپقان پۇل ھارام، نىجىستۇر . ئەھمەد 15251 ـ ھەدىس، تىرمىزى 1196 ـ ھەدىس، نەسەئى 4220 ـ ھەدىس، ئەبۇ داۋۇتتىمۇبار، سەھىھ. ئىبنى ئاباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھاراق ساتقان پۇل ھارام، زىناخور، پاھىشىۋازنىڭ تاپقان پۇلى ھارام، ئىتنى ساتقان پۇل ھارام، شىشخال ھارام، ئەگەر ساڭا بىرسى ئىتنىڭ پۇلىنى تەلەپ قىلىپ كەلسە، ئۇنىڭ ئىككى قولىغا توپىنى لىق توللاپ قوي، ھاراق بىلەن قىمار ھارام، ھەرقانداق مەست قىلغۇچى ھارامدۇر. ئەھمەد توپلىغان، سەھىھ.

**3971 ـ حدّثني سَلَمَةُ بْنُ شَبِيبٍ: حَدّثَنَا الْحَسَنُ بْنُ أَعْيَنَ: حَدّثَنَا مَعْقِلٌ عَنْ أَبِي الزّبَيْرِ قَالَ: سَأَلْتُ جَابِراً عَنْ ثَمَنِ الْكَلْبِ وَالسّنّوْرِ؟ قَالَ: زَجَرَ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم عَنْ ذَلِكَ.**

جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئىتنىڭ پۇلىدىن، مۈشۈك ساتقان پۇلدىن توسقان، (يەنى بۇ نەرسىلەرنى يېيىش ھارام، ساتقان پۇلىمۇ ھارام، خۇددى ئۆزى ئۆلگەن ئۆلۈك ھارام، ئۇنى ساتقان پۇلىمۇ ھارام بولغاندەك). ئەھمەد،مۇسلىم، ھاكىم، تۆت كىتاب توپلىغان، سەھىھ. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئىت ساتقان پۇلدىن توسقان، لېكىن، ئوۋ ئىتىنىڭ پۇلىدىن توسمىغان. تىرمىزى توپلىغان، ھەسەن.

***697 ـ باب الأمر بقتل الكلاب. وبيان نسخه. وبيان تحريم اقتنائها، إلا لصيد أو زرع أوْ ماشية ونحو ذلك***

## ئىتلارنى ئۆلتۈرۈۋېتىشكە بۇيرىغان بۇيرۇقنىڭ ئەمەلدىن قالغانلىقى، ئوۋ ئىتىدىن، ياكى زىرائەت، مال ـ چارۋىلارنى قوغدايدىغان ئىتتىن باشقا كىرەكسىز ئىتنى بېقىشنىڭ ھاراملىقى توغرىسىدا

**3972 ـ حدّثنا يَحْيَى بْنُ يَحْيَىَ قَالَ: قَرَأْتُ عَلَىَ مَالِكٍ عَنْ نَافِعٍ، عَنِ ابْنِ عُمَرَ أَنّ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم أَمَرَ بِقَتْلِ الْكِلاَبِ.**

**3973 ـ حدّثنا أَبُو بَكْرِ بْنُ أَبِي شَيْبَةَ: حَدّثَنَا أَبُو أُسَامَةَ: حَدّثَنَا عُبَيْدُ اللّهِ، عَنْ نَافِعٍ، عَنِ ابْنِ عُمَرَ قَالَ: أَمَرَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم بِقَتْلِ الْكِلاَبِ، فَأَرْسَلَ فِي أَقْطَارِ الْمَدِينَةِ أَنْ تُقْتَلَ.**

**3974 ـ وحدّثني حُمَيْدُ بْنُ مَسْعَدَةَ: حَدّثَنَا بِشْرٌ (يَعْنِي ابْنَ الْمُفَضّلِ): حَدّثَنَا إِسْمَاعِيلُ (وَهُوَ ابْنُ أُمَيّةَ) عَنْ نَافِعٍ، عَنْ عَبْدِ اللّهِ قَالَ: كَانَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم يَأْمُرُ بِقَتْلِ الْكِلاَبِ، فَنَنْبَعِثُ فِي الْمَدِينَةِ وَأَطْرَافِهَا فَلاَ نَدَعُ كَلْباً إِلاّ قَتَلْنَاهُ، حَتّى إِنّا لَنَقْتُلُ كَلْبَ الْمُرِيّةِ مِنْ أَهْلِ الْبَادِيَةِ، يَتْبَعُهَا.**

ئىبنى ئۆمەر، ئىبنى مۇغەپپەل، جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ،(چارۋا — ماللارنى قوغدايدىغان، ئوۋ ئوۋلاشقا كۆندۈرۈلگەن ئىتتىن، زىرائەت، قويلارنى قوغدايدىغان ئىتتىن باشقا) بارلىق ئىتلارنى ئۆلتۈرۈۋىتىشكە بۇيرىغان. بىز مەدىنىنىڭ ئەتراپىدىكى ئىتلاردىن بىرنىمۇ قويماي، ئىزدەپ بىرىپ ئۆلتۈردۇق، ھەتتا بىزا سەھرادىكى بىرەر يالغۇز ئايالنىڭ ئىتىنىمۇ ئۆلتۈرىۋەرەتتۇق.......

3975 ـ حدّثنا يَحْيَى بْنُ يَحْيَى: أَخْبَرَنَا حمّادُ بْنُ زَيْدٍ، عَنْ عَمْرِو بْنِ دِينَارٍ، عَنِ ابْنِ عُمَرَ أَنّ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم أَمَرَ بِقَتْلِ الْكِلاَبِ. إلاّ كَلْبَ صَيْدٍ أَوْ كَلْبَ غَنَمٍ، أَوْ مَاشِيَةٍ. فَقِيلَ لاِبْنِ عُمَرَ: إنّ أَبَا هُرَيْرَةَ يَقُولُ: أَوْ كَلْبَ زَرْعٍ. فَقَالَ ابْنُ عُمَرَ: إنّ لأَبِي هُرَيْرَةَ زَرْعاً.

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم،چارۋا — ماللارنى قوغدايدىغان ئىتتىن، ئوۋ ئوۋلاشقا كۆندۈرۈلگەن ئىتتىن، زىرائەت، قويلارنى قوغدايدىغان ئىتتىن باشقا بارلىق ئىتلارنى ئۆلتۈرىۋىتىشكە بۇيرىغان. بۇخارى، مۇسلىم. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: تۆت كۆزلۈك تۇم قارا ئىت شەيتاندۇر. ئەھمەد توپلىغان، سەھىھ.

3976 ـ حدّثنا مُحَمّدُ بْنُ أَحْمَدَ بْنِ أَبِي خَلَفٍ: حَدّثَنَا رَوْحٌ. ح وَحَدّثَنِي إِسْحَقُ بْنُ مَنْصُورٍ: أَخْبَرَنَا رَوْحُ بْنُ عُبَادَةَ: حَدّثَنَا ابْنُ جُرَيْجٍ: أَخْبَرَنِي أَبُو الزّبَيْرِ أَنّهُ سَمِعَ جَابِرَ بْنَ عَبْدِ اللّهِ يَقُولُ: أَمَرَنَا رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم بِقَتْلِ الْكِلاَبِ، حَتّى إِنّ الْمَرْأَةَ تَقْدَمُ مِنَ الْبَادِيَةِ بِكَلْبِهَا فَنَقْتُلُهُ، ثُمّ نَهَى النّبِيّ صلى الله عليه وسلم عَنْ قَتْلِهَا. وَقَالَ «عَلَيْكُمْ بِالأَسْوَدِ الْبَهِيمِ ذِي النّقْطَتَيْنِ. فَإِنّهُ شَيْطَانٌ».
3977 ـ3978 ـ حدّثنا عُبَيْدُ اللّهِ بْنُ مُعَاذٍ: حَدّثَنَا أَبِي: حَدّثَنَا شُعْبَةُ، عَنْ أَبِي التّيّاحِ سَمِعَ مطَرّفَ ابْنَ عَبْدِ اللّهِ عَنِ ابْنِ الْمُغَفّلِ قَالَ: أَمَرَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم بِقَتْلِ الْكِلاَبِ، ثُمّ قَالَ: «مَا بَالُهُمْ وَبَالُ الْكِلاَبِ؟» ثُمّ رَخّصَ فِي كَلْبِ الصّيْدِ وَكَلْبِ الْغَنَمِ.

ئىبنى مۇغەپپەل، جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ،( چارۋا — ماللارنى قوغدايدىغان ئىتتىن، ئوۋ ئوۋلاشقا كۆندۈرۈلگەن ئىتتىن، زىرائەت، قويلارنى قوغدايدىغان ئىتتىن باشقا) بارلىق ئىتلارنى ئۆلتۈرىۋىتىشكە بۇيرىغان. ھەتتا بىرەر يالغۇز ئايال بىزا سەھرادىن ئىتىنى ئەكەلسىمۇ، ئۇئىتنى ئۆلتۈرىۋەرەتتۇق، ئاندىن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئىتنىڭ ھەممىنى ئۆلتۈرۈشتىن توسۇپ؛كۆزىنىڭ ئۈستىدە ئىككى چىكىتى بار، تۆت كۆزلۈك، تۇم قارا ئىتنى ئۆلتۈرۈڭلار، چۈنكى، ئۇ شەيتاندۇر،دىدى. ئەبۇ داۋۇد 2463 — ھەدىس، ئەھمەد 14048 — ھەدىس، سەھىھ.

3979 ـ حدّثنا يَحْيَى بْنُ يَحْيَى قَالَ: قَرَأْتُ عَلَى مَالِكٍ، عَنْ نَافِعٍ، عَنِ ابْنِ عُمَرَ قَالَ: قَالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: «مَنِ اقْتَنَى كَلْباً إلاّ كَلْبَ مَاشِيَةٍ أَوْ ضَارِي نَقَصَ مِنْ عَمَلِهِ، كُلّ يَوْمٍ، قِيرَاطَانِ».
3980 ـ وحدّثنا أَبُو بَكْرِ بْنُ أَبِي شَيْبَةَ وَ زُهَيْرُ بْنُ حَرْبٍ وَ ابْنُ نُمَيْرٍ، قَالُوا: حَدّثَنَا سُفْيَانُ، عَنِ الزّهْرِيّ، عَنْ سَالِمٍ، عَنْ أَبِيهِ عَنِ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم قَالَ «مَنِ اقْتَنَى كَلْباً، إلاّ كَلْبَ صَيْدٍ أَوْ مَاشِيَةٍ نَقَصَ مِنْ أَجْرِهِ، كُلّ يَوْمٍ، قِيرَاطَانِ».
3981 ـ حدّثنا يَحْيَى بْنُ يَحْيَى وَ يَحْيَى بْنُ أَيّوبَ وَ قُتَيْبَةُ وَ ابْنُ حُجْرٍ (قَالَ يَحْيَى بْنُ يَحْيَى: أَخْبَرَنَا. وَقَالَ الآخَرُونَ: حَدّثَنَا إِسْمَاعِيلُ (وَهُوَ ابْنُ جَعْفَرٍ) عَنْ عَبْدِ اللّهِ بْنِ دِينَارٍ[1] أَنّهُ سَمِعَ ابْنَ عُمَرَ قَالَ: قَالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم «مَنِ اقْتَنَى كَلْباً إلاّ كَلْبَ ضَارِيَةٍ أَوْ مَاشِيَةٍ، نَقَصَ مِنْ عَمَلِهِ، كُلّ يَوْمٍ، قِيرَاطَانِ».

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: كىم چارۋا — ماللارنى قوغدايدىغان ئىتتىن، ئوۋ ئوۋلاشقا كۆندۈرۈلگەن ئىتتىن باشقا بىر ئىتنى باقسا، ئۇ كىشىنىڭ ياخشى

ئەمەللىرىدىن ھەر كۈنى ئىككى قىرات يەنى چوڭ ئىككى تاغدەك كاملاپ تۇرىدۇ. ئەھمەد، بەيھەقى،بۇخارى.مۇسلىم، نەسەئى، تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.

**3982 ـ3983 ـ حدّثنا يَحْيَى بْنُ يَحْيَى وَ يَحْيَى بْنُ أيّوبَ وَ قُتَيْبَةُ وَ ابْنُ حُجْرٍ (قالَ يَحْيَى: أخْبَرَنَا. وَقَالَ الآخَرُونَ: حَدّثَنَا إسْمَاعِيلُ، عَنْ مُحَمّدٍ) (وَهُوَ ابْنُ أبي حَرْمَلَةَ) عَنْ سَالِمِ بْنِ عَبْدِ اللّهِ، عَنْ أبيهِ أنّ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم قالَ «مَنِ اقْتَنَى كَلْباً إلاّ كَلْبَ مَاشِيَةٍ أوْ كَلْبَ صَيْدٍ، نَقَصَ مِنْ عَمَلِهِ، كُلّ يَوْمٍ، قِيرَاطٌ». قالَ عَبْدُ اللّهِ: وَقَالَ أبُو هُرَيْرَةَ: «أوْ كَلْبَ حَرْثٍ».**

ئەبۇ ھۇرەيرە ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم چارۋىلارنى قوغدايدىغان ئىتتىن،زىرائەت ئىتىدىن، ئوۋ ئوۋلاش ئىتىدىن باشقا كېرەكسىز ئىتنى باقسا، ئۇنىڭ ئەجىر، ساۋابىدىن ھەر كۈنى بىر قىيرات يەنى چوڭ تاغدەك كاملاپ تۇرىدۇ.ئەھمەد،بۇخارى، مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد.

**3984 ـ حدّثنا دَاوُدُ بْنُ رُشَيْدٍ: حَدّثَنَا مَرْوَانُ بْنُ مُعَاوِيَةَ: أخْبَرَنَا عُمَرُ بْنُ حَمْزَةَ بْنِ عَبْدِ اللّهِ بْنِ عُمَرَ: حَدّثَنَا سَالِمُ بْنُ عَبْدِ اللّهِ، عَنْ أبيهِ قالَ: قَالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم «أيّمَا أهْلِ دَارٍ اتّخَذُوا كَلْباً إلاّ كَلْبَ مَاشِيَةٍ أوْ كَلْبَ صَائِدٍ، نَقَصَ مِنْ عَمَلِهِمْ، كُلّ يَوْمٍ، قِيرَاطَانِ».**
**3985 ـ حدّثنا مُحَمّدُ بْنُ الْمُثَنّى وَ ابْنُ بَشّارٍ (وَاللّفْظُ لاِبْنِ الْمُثَنّى) قالاَ: حَدّثَنَا مُحَمّدُ بْنُ جَعْفَرٍ: حَدّثَنَا شُعْبَةُ، عَنْ قَتَادَةَ، عَنْ أبي الْحَكَمِ قالَ: سَمِعْتُ ابْنَ عُمَرَ يُحَدّثُ عَنِ النّبيّ صلى الله عليه وسلم قالَ «مَنِ اتّخَذَ كَلْباً إلاّ كَلْبَ زَرْعٍ أوْ غَنَمٍ أوْ صَيْدٍ، يَنْقُصُ مِنْ أجْرِهِ، كُلّ يَوْمٍ، قِيرَاطٌ».**
**3986 ـ3987 ـ وحدّثني أبُو الطّاهِرِ وَ حَرْمَلَةُ قالاَ: أخْبَرَنَا ابْنُ وَهْبٍ: أخْبَرَنِي يُونُسُ، عَنِ ابْنِ شِهَابٍ، عَنْ سَعِيدِ بْنِ الْمُسَيّبِ، عَنْ أبي هُرَيْرَةَ عَنْ رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم قالَ «مَنِ اقْتَنَى كَلْباً لَيْسَ بِكَلْبِ صَيْدٍ وَلاَ مَاشِيَةٍ وَلاَ أرْضٍ، فَإنّهُ يَنْقُصُ مِنْ أجْرِهِ قِيرَاطَانِ، كُلّ يَوْمٍ». وَلَيْسَ فِي حَدِيثِ أبي الطّاهِرِ «وَلاَ أرْضٍ».**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم ئوۋ ئىتىدىن، چارۋىلارنى قوغدايدىغان ئىتتىن، زېمىن، زىرائەتنى قوغدايدىغان ئىتتىن باشقا بىر ئىتنى باغلاپ باقسا، ھەققەتەن ئۇنىڭ ئەجىر ــ ساۋابلىرىدىن ھەر كۈنى چوڭ ئىككى تاغدەك كەملەپ تۇرىدۇ. مۇسلىم 2942 ــ ھەدىس، تىرمىزى، نەسەئى سەھىھ. (زىرائەت، دېھقانچىلىقنى قوغداش، چارۋا مالنى قوغداش، ئوۋ ئوۋلاش، ئىز قوغلاپ جىنايەتچىنى تۇتۇش، زەھەرلىك بويۇملارنى بايقاش توغرىسىدا ئاپشاركا باقسا دۇرۇس بولىدۇ).

**3988 ـ3989 ـ3990 ـ حدّثني زُهَيْرُ بْنُ حَرْبٍ: حَدّثَنَا إسْمَاعِيلُ بْنُ إبْرَاهِيمَ: حَدّثَنَا هِشَامٌ الدّسْتَوَائِيّ: حَدّثَنَا يَحْيَى بْنُ أبي كَثِيرٍ، عَنْ أبي سَلَمَةَ، عَنْ أبي هُرَيْرَةَ قالَ: قالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم «مَنْ أمْسَكَ كَلْباً فَإنّهُ يَنْقُصُ مِنْ عَمَلِهِ، كُلّ يَوْمٍ، قِيرَاطٌ، إلاّ كَلْبَ حَرْثٍ أوْ مَاشِيَةٍ».**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم ئىت باقسا، ھەققەتەن ئۇنىڭ ياخشى ئەمەللىرىدىن ھەر كۈنى چوڭ بىر تاغدەك كاملاپ تۇرىدۇ، لېكىن، زىرائەتلەرنى، چارۋا ــ ماللارنى قوغدايدىغان ئاپشاركا ئىت بۇنىڭدىن مۇستەسنادۇر. (ئوۋ ئىتى، رازۋېتكا ئىتى مۇستەسنادۇر). بۇخارى

**3991 ـ 3992 ـ3993 ـ حدّثنا قُتَيْبَةُ بْنُ سَعِيدٍ: حَدّثَنَا عَبْدُ الْوَاحِدِ (يَعْنِي ابْنَ زِيَادٍ) عَنْ إسْمَاعِيلَ بْنِ سُمَيْعٍ: حَدّثَنَا أبُو رَزِينٍ قالَ: سَمِعْتُ أبَا هُرَيْرَةَ يَقُولُ: قالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم «مَنِ اتّخَذَ كَلْباً لَيْسَ بِكَلْبِ صَيْدٍ وَلاَ غَنَمٍ، نَقَصَ مِنْ عَمَلِهِ، كُلّ يَوْمٍ، قِيرَاطٌ».**

ئەبۇ ھۇرەيرە، ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم زىرائەت ئىتىدىن، قويلارنى قوغدايدىغان ئىتتىن، ئوۋ ئوۋلاش ئىتىدىن باشقا كېرەكسىز ئىتنى باقسا، ئۇنىڭ

ئەجىر، ساۋابىدىن ھەر كۈنى بىر قىيرات يەنى چوڭ تاغدەك كامالاپ تۇرىدۇ. (زىرائەت، دېھقانچىلىقنى قوغداش، چارۋا مالنى قوغداش، ئوۋ ئوۋلاش، ئىز قوغلاپ جىنايەتچىنى تۇتۇش، زەھەرلىك بويۇملارنى بايقاش توغرىسىدا ئاپشاركا باقسا دۇرۇس بولىدۇ). ئەھمەد، مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ

## 698 ـ باب حل أجرة الحجامة قان ئېلىشتىكى ئىش ھەققىنىڭ ھالاللىقى توغرىسىدا

3994 ـ حدّثنا يَحْيَى بْنُ أيّوبَ وَ قُتَيْبَةُ بْنُ سَعِيدٍ وَ عَلِيّ بْنُ حُجْرٍ قالُوا: حَدّثنَا إسْمَاعِيلُ (يَعْنُونَ ابْنَ جَعْفَرٍ) عَنْ حُمَيْدٍ قالَ: سُئِلَ أنَسُ بْنُ مَالِكٍ عَنْ كَسْبِ الْحَجّامِ؟ فقالَ: احْتَجَمَ رَسُولُ الله صلى الله عليه وسلم. حَجَمَهُ أبُو طَيْبَةَ، فَأمَرَ لَهُ بِصَاعَيْنِ مِنْ طَعَامٍ، وَكَلّمَ أهْلَهُ فَوَضَعُوا عَنْهُ مِنْ خَرَاجِهِ. وَقَالَ: «إنّ أفْضَلَ مَا تَدَاوَيْتُمْ بِهِ الْحِجَامَةُ، أوْ هُوَ مِنْ أمْثَلِ دَوَائِكُمْ».

3995 ـ حدّثنا ابْنُ أبي عُمَرَ: حَدّثنَا مَرْوَانُ (يَعْنِي الْفَزَارِيَ) عَنْ حُمَيْدٍ قالَ: سُئِلَ أنَسٌ عَنْ كَسْبِ الْحَجّامِ؟ فَذَكَرَ بِمِثْلِهِ، غَيْرَ أنّهُ قالَ: «إنّ أفْضَلَ مَا تَدَاوَيْتُمْ بِهِ الْحِجَامَةُ وَالْقُسْطُ الْبَحْرِيّ، وَلاَ تُعَذّبُوا صِبْيَانَكُمْ بِالْغَمْزِ».

3996 ـ حدّثنا أحْمَدُ بْنُ الْحَسَنِ بْنِ خِرَاشٍ: حَدّثنَا شَبَابَةُ: حَدّثنَا شُعْبَةُ، عَنْ حُمَيْدٍ قالَ: سَمِعْتُ أنَساً يَقُولُ: دَعَا النّبيّ صلى الله عليه وسلم غُلاَماً لَنَا حَجّاماً، فَحَجَمَهُ، فَأمَرَ لَهُ بِصَاعَيْنِ بِصاعٍ أوْ مُدَ أوْ مُدّيْنِ. وَكَلّمَ فِيهِ. فَخُفّفَ عَنْ ضَرِيبَتِهِ.

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، قان ئېلىش كەسپىدىن سورالغاندا ئۇمۇنداق دېدۇ؛ئەبۇتەييبە دېگەن قۇل رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن قان ئېلىپ قويدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنىڭ ھەققى ئۈچۈن، ئۇنىڭغا بىر ئىككى سا خورما ياكى بىر ئىككى مۇد ئاشلىق بىرىلىشكە بۇيرىدى، ۋە ئۇنىڭ ئەھلىنى يەنى خوجايىنلىرىنى، ئۇنىڭ چىقىملىرىنى ئۇنىڭدىن يەڭگىللىتىشنى بۇيرىدى. شۇچاغدا رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەققەتەن سىلەر داۋالىنىدىغان نەرسىلەرنىڭ ئەڭ ئەۋزەل، ياخشىراقى قان ئالدۇرۇشتۇر، دېڭىزغا مەنسۇپ بولغان قستى ئىسمىلىك، خۇشپۇراق دورا ئۆسۈملۈكدۇر، (بۇنى كىشىلەر قستى بەھرى دەپ ئاتىشىدۇ) كىچىك، سەبى باللىرىڭلارنى ئۇلارنىڭ گاللىرىغا، تاماقلىرىغا مەلۇم كېسەل سەۋەبىدىن بارماقلىرىڭلارنى سىلىپ، ئازابلىماڭلار، لېكىن، سىلەر قستى بەيھرىينى، ھىندى ئاچا ياغىچىنى لازىم تۇتۇڭلار، شۇنىڭ بىلەن داۋالاڭلار. بۇخارى،مۇسلىم.

3997 ـ حدّثنا أبُو بَكْرِ بْنُ أبي شَيْبَةَ: حَدّثنَا عَفّانُ بْنُ مُسْلِمٍ. ح وَحَدّثنَا إسْحَـقُ بْنُ إبْرَاهِيمَ: أخْبَرَنَا الْمَخْزُومِيّ، كِلاَهُمَا عَنْ وُهَيْبٍ: حَدّثنَا ابْنُ طاوُسٍ، عَنْ أبِيهِ، عَنِ ابْنِ عَبّاسٍ أنّ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم احْتَجَمَ وَأعْطَى الْحَجّامَ أجْرَهُ، وَاسْتَعَطَ.

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم قان ئالدۇرۇپ، قان ئالغۇچىغا ئۇنىڭ ئىش ھەققىنى بەرگەن ئىدى، رەسۇلۇللاھ سەئۈت ئۆسۈملىكى بىلەن بۇرنىنى داۋالىغان ئىدى. بۇخارى،مۇسلىم بىرلىككە كەلگەن.

3998 ـ حدّثنا إسْحَـقُ بْنُ إبْرَاهِيمَ وَ عَبْدُ بْنُ حُمَيْدٍ (وَاللّفْظُ لِعَبْدٍ). قالاَ: أخْبَرَنَا عَبْدُ الرّزّاقِ: أخْبَرَنَا مَعْمَرٌ، عَنْ عَاصِمٍ، عَنِ الشّعْبِيّ، عَنِ ابْنِ عَبّاسٍ قالَ: حَجَمَ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم عَبْدٌ لِبَنِي بَيَاضَةَ، فَأعْطَاهُ النّبيّ صلى الله عليه وسلم أجْرَهُ، وَكَلّمَ سَيّدَهُ فَخَفّفَ عَنْهُ مِنْ ضَرِيبَتِهِ. وَلَوْ كَانَ سُحْتاً لَمْ يُعْطِهِ النّبيّ صلى الله عليه وسلم.

ئەنەس،ئىبنى ئاباباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمدىن، قان ئېلىش كەسپىدىن سورالغاندا ئۇمۇنداق دەيدۇ؛ئەبۇتەييبە دېگەن قۇل رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن قان ئېلىپ قويدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنىڭ ھەققى ئۈچۈن، ئۇنىڭغا بىر ئىككى سا خورما (ياكى بىر ئىككى مۇد ئاشلىق) بېرىلىشكە بۇيرىدى، ۋە ئۇنىڭ ئەھلىنى يەنى خوجايىنلىرىنى، ئۇنىڭدىن ئۇنىڭ چىقىملىرىنى يەڭگىللىتىشنى بۇيرىدى. ئەگەر قان ئېلىپ تاپقان پۇل ھارام بولغان بولسا، ئۇقۇلغا ھېچ نەرسە بەرمەيتتى.

## 699 - باب تحريم بيع الخمر      ھاراق سېتىشنىڭ ھاراملىقى توغرىسىدا

3999 -حدّثنا عُبيْدُ اللّهِ بْنُ عُمَرَ الْقَوارِيرِيّ: حَدّثَنا عَبْدُ الأعْلَى بْنُ عَبْدِ الأعْلَىَ أبُو هَمّامٍ: حَدّثَنَا سَعِيدٌ الْجُرَيْرِيّ، عَنْ أبي نَضْرَةَ، عَنْ أبي سَعِيدٍ الْخُدْرِيّ قالَ سَمِعْتُ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم يَخْطُبُ بِالْمَدِينَةِ قالَ: «يَا أيّهَا النّاسُ إنّ اللّهَ تَعَالَى يُعَرّضُ بِالْخَمْرِ، ولَعَلّ اللّهِ سَيُنْزِلُ فِيهَا أمْراً، فَمَنْ كَانَ عِنْدَهُ مِنْهَا شَيْءٌ فَلْيَبِعْهُ وَلْيَنْتَفِـــعْ بِهِ». قالَ: فَمَا لَبِثْنَا إلاّ يَسِيراً حَتّى قالَ النّبيّ صلى الله عليه وسلم «إنّ الله تَعَالَى حرّمَ الْخَمْرَ فَمَنْ أدْرَكَتْهُ هَذِهِ الآيَةُ وَعِنْدَهُ مِنْهَا شَيْءٌ فَلاَ يَشْرَبْ وَلاَ يَبِـــعْ» قالَ: فاسْتَقْبَلَ النّاسُ بِمَا كَانَ عِنْدَهُ مِنْهَا، فِي طَرِيق الْمَدِينَةِ، فَسَفَكُوهَا.

ئەبۇسەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئى ئىنسانلار! **الله** تائالا ھاراق توغرىسىدا ئۇچۇق سۆز قىلماي، ئۇنىڭ ھاراملىقى توغرىسىدا كىنايە سۆز قىلىۋاتىدۇ، پات يېقىندا ھاراقنىڭ ھاراملىقى توغرىسىدا ئەمر-پەرمان، بۇيرۇق چۈشۈرىشى مۇمكىن. كىمنىڭ يېنىدا ھاراق بولسا، ھازىرچە ئۇنى سېتىپ مەنپەئەتلىنىپ تۇرسۇن دېدى. ئۇزۇن ئۆتمەيلا، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېدى: ئى ئىنسانلار! ھەقىقەتەن **الله** تائالا ھاراقنى ھارام قىلدى. كىمگە ھاراقنى ھارام قىلغان ئايەت يەتسىلا، ئۇ يېنىدىكى ھاراقنى ئىچمىسۇن ھەم ساتمىسۇن. ئاندىن كىشلەر ئۆيلىرىدىكى بارلىق ھاراقلارنى مەدىنىنىڭ كوچا، يوللىرىغا ئېلىپ چىقىپ تۆكىۋەتتى.(مانا بۇ ئىماننىڭ كارامىتى ئىدى)

4000 –4001 - حدّثنا سُوَيْدُ بْنُ سَعِيدٍ: حَدّثَنَا حَفْصُ بْنُ مَيْسَرَةَ، عَنْ زَيْدِ بْنِ أسْلَمَ، عَنْ عَبْدِ الرّحْمَـنِ بْنِ وَعْلَةَ (رَجُلٌ مِنْ أهْلِ مِصْرَ) أنّهُ جَاءَ عَبْدَ اللّهِ بْنَ عَبّاسٍ! ح وَحَدّثَنَا أبُو الطّاهِرِ (وَاللّفْظُ لَهُ): أخْبَرَنَا ابْنُ وَهْبٍ: أخْبَرَنِي مَالِكُ بْنُ أنَس وَغَيْرُهُ، عَنْ زَيْدِ بْنِ أسْلَمَ، عَنْ عَبْدِ الرّحْمَـنِ بْنِ وَعْلَةَ السّبَإيّ (مِنْ أهْلِ مِصْرَ) أنّهُ سَألَ عَبْدَ اللّهِ بْنُ عَبّاسٍ عَمّا يُعْصَرُ مِنَ الْعِنَبِ؟ فَقَالَ ابْنَ عَبّاسٍ: إنّ رَجُلاً أهْدَى لِرَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم رَاوِيَةَ خَمْرٍ، فَقَالَ لَهُ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم «هَلْ عَلِمْتَ أنّ اللّهِ قَدْ حَرّمَهَا؟» قالَ: لاَ، فَسَارّ إنْسَاناً، فَقَالَ لَهُ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم «بِمَ سَارَرْتَهُ؟» فَقَالَ: أمَرْتُهُ بِبَيْعِهَا. فَقَالَ: «إنّ الّذِي حَرّمَ شُرْبَهَا حَرّمَ بَيْعَهَا» قالَ: فَتَحَ الْمَزَادَةَ حَتّى ذَهَبَ مَا فِيهَا.

مىسىرلىق ئابدۇررەھمان، ئىبنى ئاباباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن ؛ ئۈزۈمدىن سىقىلغان ئىچىملىك توغرىسىدا سورىغاندا، ئۇ مۇنداق دېدى؛ بىركىشى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە بىر تۇلۇم ھاراق ھەدىيە قىلدى، ئاندىن رەسۇلۇللاھ ئۇنىڭغا: **الله** تائالانىڭ ھاراقنى ھارام قىلغانلىقىنى سەن تېخى بىلمەمسەن؟ دېدى. ئۇكىشى؛ ياق بىلمەيمەن دەپ، يەنەبىركىشى بىلەن مەخپى مۇڭداشتى، رەسۇلۇللاھ ئۇنىڭغا: سەن ئۇنىڭ بىلەن نىمە دەپ

مۇڭداشتىڭ؟دەپ سوردى، ئۇكىشى؛ مەن ئۇنى ھاراقلارنى سېتىۋېتىشكە بۇيرۇدۇم دېدى، ئاندىن رەسۇلۇللاھ :

ھەققەتەن ھاراقنى ئىچىشنى ھارام قىلغان زات ئاللاھ، سېتىشنىمۇ ھارام قىلغاندۇر، دېدى. ئاندىن ئۇكىشى

تۇلۇمنىڭ ئاغزىنى ئېچىپ، ھاراقلارنى تۆكۈۋەتتى. ئەھمەد، نەسەئى.

**4002 ـ حدّثنا زُهَيْرُ بْنُ حَرْبٍ وَ إِسْحَقُ بْنُ إبْرَاهِيمَ (قالَ زُهَيْرٌ: حَدّثَنَا. وَقالَ إِسْحَقُ: أَخْبَرَنَا جَرِيرٌ) عَنْ مَنْصُورٍ، عَنْ أَبِي الضّحَى، عَنْ مَسْرُوقٍ، عَنْ عَائِشَةَ قالَتْ: لَمّا نَزَلَتِ الآيَاتُ مِنْ آخِرِ سُورَةِ الْبَقَرَةِ، خَرَجَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم فَاقْتَرَأَهُنّ عَلَى النّاس، ثُمّ نَهَى عَنِ التّجَارَةِ فِي الْخَمْرِ.**

**4003 ـ حدّثنا أَبُو بَكْرِ بْنُ أَبِي شَيْبَةَ و كُرَيْبٍ وَ إِسْحَقُ بْنُ إبْرَاهِيمَ (وَاللّفْظُ لأَبِي كُرَيْبٍ) (قالَ إِسْحَقُ: أَخْبَرَنَا. وَقالَ الآخَرَانِ: حَدّثَنَا أَبُو مُعَاوِيَةَ) عَنِ الأَعْمَشِ، عَنْ مُسْلِمٍ، عَنْ مَسْرُوقٍ، عَنْ عَائِشَةَ قالَتْ: لَمّا أُنْزِلَتِ الآيَاتُ مِنْ آخِرِ سُورَةِ الْبَقَرَةِ، فِي الرّبَا، قالَتْ: خَرَجَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم إِلَى الْمَسْجِدِ، فَحَرّمَ التّجَارَةَ فِي الْخَمْرِ.**

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ؛ سۈرە بەقەرىنىڭ ئاخىرقى ئايەتلىرى يەنى جازاينە ئۆسۈم توغرىسىدىكى

ئايەتلەر نازىل بولغاندا، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كىشىلەرنىڭ قېشىغا چىقىپ، مەسجىدتە

بۇئايەتلەرنى ئوقۇپ، كىشىلەرنى ھاراق تىجارىتىدىن توسۇپ، ھاراق تىجارىتىنى ھارام قىلدى. ئائىشە رەزىيەللاھۇ

ئەنھادىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ھاراق تىجارەتى قىلىش ھارام قىلىندى،

(يەنى ھاراق ئېلىش، سېتىش ھارام) بۇخارى، ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ.سۈرە مائىدەنىڭ 191 ـ ئايىتىدەبار.

### *700 ـ باب تحريم بيع الخمر والميتة والخنزير والأصنام*

## ھاراق، ئۆزى ئۆلگەن ئۆلۈك، توڭگۇز، بۇتلارنى سېتىشنىڭ ھاراملىقى توغرىسىدا

**4004 ـ4005 ـ حدّثنا قُتَيْبَةُ بْنُ سَعِيدٍ: حَدّثَنَا لَيْثٌ، عَنْ يَزِيدَ بْنِ أَبِي حَبِيبٍ، عَنْ عَطَاءِ بْنِ أَبِي رَبَاحٍ، عَنْ جَابِرِ بْنِ عَبْدِ اللّهِ أَنّهُ سَمِعَ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم يَقُولُ، عَامَ الْفَتْحِ، وَهُوَ بِمَكّةَ: «إِنّ اللّهَ وَرَسُولَهُ حَرّمَ بَيْعَ الْخَمْرِ وَالْمَيْتَةِ وَالْخِنْزِيرِ وَالأَصْنَامِ» فَقِيلَ: يَا رَسُولَ اللّهِ أَرَأَيْتَ شُحُومَ الْمَيْتَةِ فَإِنّهُ يُطْلَى بِهَا السّفُنُ وَيُدْهَنُ بِهَا الْجُلُودُ وَيَسْتَصْبِحُ بِهَا النّاسُ؟ فَقَالَ: «لاَ. هُوَ حَرَامٌ» ثُمّ قَالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم، عِنْدَ ذَلِكَ «قَاتَلَ اللّهُ الْيَهُودَ، إِنّ اللّهَ عَزّ وَجَلّ لَمّا حَرّمَ عَلَيْهِمْ شُحُومَهَا، أَجْمَلُوهُ ثُمّ بَاعُوهُ، فَأَكَلُوا ثَمَنَهُ».**

جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مەككىنى پەتھى قىلغان يىلى، مەككىدىكى

چاغدا مۇنداق دىگەن: ھەققەتەن، ئاللاھ ۋە ئاللاھنىڭ ئەلچىسى، ھاراقنى سېتىشنى، ئۆزى ئۆلگەن ئۆلۈكنى

سېتىشنى، توڭگۇزنى، بۇتلارنى سېتىشنى ھارام قىلدى، ئى **الله** نىڭ ئەلچىسى! ئۆزى ئۆلگەن ئۆلۈكنى ڭ يېغىغا

قانداق قارايلا؟ ئۇنىڭ بىلەن كىشىلەر كېمىنىڭ يېرىقلىرىنى ئېتىدۇ، تېرىلەرنى ياغلايدۇ، چىراق قىلىپ يۇتىدۇ

دېيىلدى، ئاندىن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: ئاللاھتائالا يەھۇدىيلارغا لەنەت قىلسۇن، رەھمىتىدىن

يىراق قىلسۇنكى، ھەققەتەن ئاللاھ ئەززە ۋە جەللە ئۇلارغا ياغنى ھارام قىلسا، ئۇلار ياغنى كۆيدۈرۈپ، ئېرىتىپ

ئېلىۋېلىپ، ئاندىن ئۇنى سېتىپ، بۇ ھارام نەرسىنىڭ پۇلىنى يەپ كەتتى،دىدى. ئەھمەد، بەيھەقى،بۇخارى،

مۇسلىم، نەسەئى، تىرمىزى، ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ماجە، مۇسلىملار توپلىغان، سەھىھ. ئۆزى ئۆلگەن ئۆلۈكنىڭ پۇلى

ھارامدۇر، تېرىسىنى ئىلىشىلىشقا ئوچۇق ھەدىس باردۇر، لېكىن، ئۇچەيلىرىنى ئىلىشىلىشقا قەتئىي بولمايدۇ، ئۆلۈكنى دىنسىزلارغا ساتساق بۇ دۇرۇس ئەمەس، چۈنكى، سەھىھ ھەدىس كىتابلىرىدا ئۆزى ئۆلگەن ئۆلۈكنى سېتىشدىن توسقان سەھىھ ھەدىس بار، بۇ يۇقىرىدا ئۆتتى. بۇ ھەدىستىن ئۆزى ئۆلۈپ كەتكەن، ھارام بولۇپ كەتكەن قوي ــ كاللارنى،توڭگە ـ ئىشەكلەرنى سېتىش ھارام، پۇلىمۇ ھارامدۇر.

**4006 ـ4007 ـ حدّثنا أَبُو بَكْرِ بْنُ أَبِي شَيْبَةَ وَ زُهَيْرُ بْنُ حَرْبٍ و إِسْحَقُ بْنُ إِبْرَاهِيمَ (وَاللّفْظ لأَبِي بَكْرٍ) قَالُوا: حَدّثَنَا سُفْيَانُ بْنُ عُيَيْنَةَ، عَنْ عَمْرٍو، عَنْ طَاوُسٍ، عَنِ ابْنِ عَبّاسٍ قَالَ: بَلَغَ عُمَرَ أَنّ سَمُرَةَ بَاعَ خَمْراً، فَقَالَ: قَاتَلَ اللّهُ سَمُرَةَ، أَلَمْ يَعْلَمْ أَنّ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم قَالَ «لَعَنَ اللّهُ الْيَهُودَ، حُرّمَتْ عَلَيْهِمُ الشّحُومُ فَجَمَلُوهَا فَبَاعُوهَا؟».**

جابىر، ئەبۇ ھۇرەيرە، ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمدىن، ئۆمەرگە سەمۇرەنىڭ ھاراق ساتقانلىق خەۋىرى يەتكەندە، ئۇ؛ **الله** سەمۇرەگە لەنەت قىلسۇن، ئۇ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دىگەنلىكىنى بىلمەمدىغاندۇ؟: ئاللاھتائالا يەھۇدىيلارغا لەنەت قىلسۇن، رەھمىتىدىن يىراق قىلسۇن، ھەققەتەن ئاللاھ ئەززە ۋە جەللە ئۇلارغا ياغنى ھارام قىلسا، ئۇلار ياغنى كۆيدۈرۈپ، ئېرىتىپ ئىلىشىلىپ، ئاندىن ئۇنى سېتىپ، بۇ ھارام نەرسىنىڭ پۇلىنى يەپ كەتتى. ئەھمەد، بەيھەقى، بۇخارى، مۇسلىم، كىيىنكى تۆت كىتاپ.

**4008 ـ حدّثنا إِسْحَقُ بْنُ إِبْرَاهِيمَ الْحَنْظَلِيّ: أَخْبَرَنَا رَوْحُ بْنُ عُبَادَةَ: حَدّثَنَا ابْنُ جُرَيْجٍ: أَخْبَرَنِي ابْنُ شِهَابٍ، عَنْ سَعِيدِ بْنِ الْمُسَيّبِ أَنّهُ حَدّثَهُ عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ عَنْ رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم قَالَ: «قَاتَلَ اللّهُ الْيَهُودَ، حَرّمَ اللّهُ عَلَيْهِمُ الشّحُومَ فَبَاعُوهَا وَأَكَلُوا أَثْمَانَهَا».**
**4009 ـ حدّثني حَرْمَلَةُ بْنُ يَحْيَىَ: أَخْبَرَنَا ابْنُ وَهْبٍ: أَخْبَرَنِي يُونُسُ: عَنِ ابْنِ شِهَابٍ، عَنْ سَعِيدِ بْنِ الْمُسَيّبِ، عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ قَالَ: قَالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم «قَاتَلَ اللّهُ الْيَهُودَ، حُرّمَ عَلَيْهِمُ الشّحْمُ فَبَاعُوهُ وَأَكَلُوا ثَمَنَهُ».**

جابىر، ئەبۇ ھۇرەيرە، ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ئاللاھتائالا يەھۇدىيلارغا لەنەت قىلسۇن، رەھمىتىدىن يىراق قىلسۇن، ھەققەتەن ئاللاھ ئەززە ۋە جەللە ئۇلارغا ياغنى ھارام قىلسا، ئۇلار ياغنى كۆيدۈرۈپ، ئېرىتىپ ئىلىشىلىپ، ئاندىن ئۇنى سېتىپ، بۇ ھارام نەرسىنىڭ پۇلىنى يەپ كەتتى. ئەھمەد، بەيھەقى، بۇخارى، مۇسلىم، نەسەئى، تىرمىزى، ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ماجەتوپلىغان، سەھىھ

## 701 ـ *باب الربا* جازاينا ئۆسۈمنىڭ ھاراملىقى توغرىسىدا

**4010 ـ حدّثنا يَحْيَىَ بْنُ يَحْيَىَ. قَالَ: قَرَأْتُ عَلَىَ مَالِكٍ، عَنْ نَافِعٍ، عَنْ أَبِي سَعِيدٍ الْخُدْرِيّ أَنّ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم قَالَ: «لاَ تَبِيعُوا الذّهَبَ بِالذّهَبِ إِلاّ مِثْلاً بِمِثْلٍ، وَلاَ تُشِفّوا بَعْضَهَا عَلَىَ بَعْضٍ. وَلاَ تَبِيعُوا الْوَرِقَ بِالْوَرِقِ إِلاّ مِثْلاً بِمِثْلٍ، وَلاَ تُشِفّوا بَعْضَهَا عَلَىَ بَعْضٍ، وَلاَ تَبِيعُوا مِنْهَا غَائِباً بِنَاجِزٍ».**

ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ئالتۇننى ئالتۇنغا زىيادە ـ كام قىلىشىپ ساتماڭلار، لېكىن، ئوخشاش بارابەر ھالەتتە ئالماشتۇرساڭلار بولىدۇ، بەزىسىنى بەزىسىنىڭ ئۈستىگە يەزىيلەتلىك، ئارتۇق قىلىۋالماڭلار، كۈمۈشنى كۈمۈشكە ساتماڭلار، لېكىن، ۋەزنىدە ئوخشاش، بارابەر، قولمۇ ــ قول ئالماشتۇرۇڭلار، بەزىسىنى بەزىسىگە ئارتۇق بىلمەڭلار، ئالتۇن ــ كۈمۈشتىن يوق، غائىپ نىسىنى،

ھازىر بار نەخكە ساتماڭلار. (ئالتۇننى كۈمۈشكە نەخ، قولمۇ — قول ئالماشتۇرۇڭلار، ئۆزئارا جىنسى ئوخشاش نەرسىلەردە زىيادە بەرسە يا ئالسا جازانە ئۆسۈم بولىدۇ). ئەھمەد، بەيھەقى، بۇخارى،مۇسلىم تىرمىزى، نەسەئى.

**4011 ـ4012 ـ حدّثنا قُتيْبَةُ بْنُ سَعِيدٍ: حَدّثنَا لَيْثٌ. ح وحَدّثنَا مُحمّدُ بْنُ رُمْحٍ: أخْبَرَنَا اللّيْثُ، عَنْ نَافِعٍ أنّ ابْنَ عُمَرَ قالَ لَهُ رَجُلٌ مِنْ بَنِي لَيْثٍ: إنّ أبَا سَعِيدٍ الْخُدْرِيّ يَأثُرُ هَذَا عَنْ رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم فِي رِوَايةِ قُتيْبة، فَذَهَبَ عَبْدُ اللّهِ وَنَافِعٌ مَعَهُ. وَفِي حَدِيثِ ابْنِ رُمْحٍ: قَالَ نَافِعٌ: فَذَهَبَ عَبْدُ اللّهِ وأنَا معَهُ وَاللّيْثِيّ، حَتّى دَخَلَ عَلَى أبي سَعِيدٍ الْخُدْرِيّ، فَقَالَ: إنّ هَذَا أخْبَرَنِي أنّكَ تُخْبِرُ أنّ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم نَهَى عَنْ بَيْعِ الْوَرِقِ بالْوَرِقِ إلاّ مِثْلاً بمِثْلٍ وَعَنْ بَيْعِ الذّهبِ بالذّهَبِ إلاّ مِثْلاً بمِثْلٍ. فَأشَارَ أبُو سَعِيدٍ بإصْبَعَيْهِ إلَى عَيْنَيْهِ وَأُذُنَيْهِ. فقالَ: أبْصرَتْ عَيْنَايَ وَسَمِعَتْ أُذُنَايَ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم يَقُولُ «لاَ تَبيعُوا الذّهَبَ بالذّهَبِ، وَلاَ تَبيعُوا الْوَرِقَ بالْوَرِقِ، إلاّ مِثْلاً بمِثْلٍ، وَلاَ تُشِقّوا بَعْضَهُ عَلَى بَعْضٍ، ولاَ تَبيعُوا شَيْئاً غَائِباً مِنْهُ بِنَاجِزٍ، إلاّ يَداً بيَدٍ».**

**4013 ـ وحدّثنا : قُتَيْبَةُ بْنُ سَعِيدٍ: حَدّثنَا يَعْقُوبُ (يَعْنِي ابْنَ عَبْدِ الرّحْمَنِ الْقَارِيّ) عَنْ سُهَيْلٍ، عَنْ أبيهِ، عَنْ أبي سَعِيدٍ الْخُدْرِيّ أنّ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم قالَ: «لاَ تَبيعُوا الذّهَبَ بالذّهَبِ وَلاَ الْوَرِقَ بالْوَرِقِ، إلاّ وَزْناً بوَزْنٍ، مِثْلاً بمِثْلٍ، سَوَاءً بسَوَاءٍ».**

ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ؛ مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى مۇشۇ ئىككى قۇلۇقۇم بىلەن ئاڭلىغان ھەم ئىككى كۆزۈم بىلەن كۆرگەن دەيدۇ: ئالتۇننى ئالتۇنغا زىيادە ـ كام قىلىشىپ ساتماڭلار، لېكىن، ئوخشاش بارابەر ھالەتتە ئالماشتۇرساڭلار بولىدۇ، بەزىسنى بەزىسىنىڭ ئۈستىگە پەزىيلەتلىك، ئارتۇق قىلىۋالماڭلار، كۈمۈشنى كۈمۈشكە ساتماڭلار، لېكىن، ۋەزنىدە ئوخشاش، بارابەر، قولمۇ — قول ئالماشتۇرۇڭلار، بەزىسنى بەزىسىگە ئارتۇق بىلمەڭلار، ئالتۇن — كۈمۈشتىن يوق، غائىپ نىسىنى، ھازىر بار نەخكە ساتماڭلار. (ئالتۇننى كۈمۈشكە نەخ، قولمۇ — قول ئالماشتۇرۇڭلار، ئۆزئارا جىنسى ئوخشاش نەرسىلەردە زىيادە بەرسە يا ئالسا جازانە ئۆسۈم بولىدۇ). ئەھمەد، بەيھەقى، بۇخارى،مۇسلىم تىرمىزى، نەسەئى. ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئالتۇننى ئالتۇنغا، كۈمۈشنى كۈمۈشكە زىيادە، كام قىلىپ ساتماڭلار، لېكىن، ۋەزنىدە ئوخشاش، بارابەر، نەخمۇ نەخ ئېلىم — بېرىم، ئۆتنە بېرىم قىلساڭلار بولىدۇ، زىيادە بولسا، جازانە بولىدۇ. ئەھمەد، مۇسلىم.

**4014 ـ حدّثنا أبُو الطّاهِرِ، وَ هَرُون بْنُ سَعِيدٍ الأيْلِيّ، وَ أحْمَدُ بْنُ عِيسَى قَالُوا: حَدّثنَا ابْنُ وَهْبٍ: أخْبَرَنِي مَخْرَمَةُ عَنْ أبيهِ قالَ: سَمِعْتُ سُلَيْمَانَ بْنَ يَسَارٍ يَقُولُ: إنّهُ سَمِعَ مَالِكَ بْنَ أبي عَامِرٍ يُحَدّثُ عَنْ عُثْمَانَ بْنِ عَفّانَ أنّ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم قالَ «لاَ تَبيعُوا الدّينَارَ بالدّينَارَيْنِ وَلاَ الدّرْهَمَ بالدّرْهَمَيْنِ».**

ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بىر دىينارنى ئىككى دىينارغا، بىر دەرھەم كۈمۈش پۇلنى ئىككى دەرھەم كۈمۈش پۇلغا ساتماڭلار. (بۇ جازانە بولۇپ قالىدۇ).

ئەبۇ بۇكرەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئالتۇننى ئالتۇنغا، كۈمۈشنى كۈمۈشكە ساتماڭلار، لېكىن، بارابەر، ئوخشاش ۋەزنى، مىزانى تەڭ ھالەتتە زىيادە، كام قىلماي

ئالماشتۇرۇڭلار، ئالتۇننى كۈمۈشكە، كۈمۈشنى ئالتۇنغا نېسى قىلماي خالىغانچە زىيادە، كام قىلىپ ساتساڭلار بولىدۇ. نېسى بولسا بولمايدۇ. بۇخارى توپلىغان، سەھىھ.

*702 ـ باب الصرف وبيع الذهب بالورق نقدا*

## ئالتۇننى كۈمۈشكە نەخمۇ ـ نەخ ئالماشتۇرۇپ سودا قىلىش توغرىسىدا

**4015 ـ4016 ـ حدّثنا قُتَيْبَةُ بْنُ سَعِيدٍ: حَدّثنا لَيْثٌ. ح وَحدّثنا مُحَمّدُ بْنُ رُمْحٍ: أَخْبَرَنَا اللّيْثُ عَنِ ابْنِ شِهَابٍ، عَنْ مَالِكِ بْنِ أَوْسِ بْنِ الْحَدَثَانِ أَنّهُ قَالَ: أَقْبَلْتُ أَقُولُ: مَنْ يَصْطَرِفُ الدّرَاهِمَ؟ فَقَالَ طَلْحَةُ بْنُ عُبَيْدِ اللّهِ (وَهُوَ عِنْدَ عُمَرَ بْنِ الْخَطّابِ): أَرِنَا ذَهَبَكَ، ثُمّ ائْتِنَا، إذَا جَاءَ خَادِمُنَا، نُعْطِيكَ وَرِقَكَ. فَقَالَ عُمَرُ بْنُ الْخَطّابِ: كَلاّ، وَاللّهِ لَتُعْطِيَنّهُ وَرِقَهُ، أَوْ لَتَرُدّنّ إلَيْهِ ذَهَبَهُ. فَإِنّ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم قَالَ: «الْوَرِقُ بِالذّهَبِ رِباً إلاّ هَاءَ وَهَاءَ، وَالْبُرّ بِالْبُرّ رِباً إلاّ هَاءَ وَهَاءَ، وَالشّعِيرُ بِالشّعِيرِ رِباً إلاّ هَاءَ وَهَاءَ، وَالتّمْرُ بِالتّمْرِ رِباً إلاّ هَاءَ وَهَاءَ».**

مالىك ئىبنى ئەۋس: كىم ئالتۇننى كۈمۈشكە ساتىدۇ؟دەپ كەلدى، ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ نىڭ يېنىدا تۇرغان تەلھە: بىزگە ئالتۇنىڭنى ئەكىلىپ كۆرسەتكىن، خادىملىرىمىز كەلسە، كۈمۈش پۇلۇڭنى بىرىمىز دېدى. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: ياق! بۇ ھەرگىز دۇرۇس ئەمەس. الله بىلەن قەسەمكى، يا ئۇنىڭ كۈمۈش پۇللىرىنى ھازىرلا بەر ياكى ئۇنىڭ ئالتۇنلىرىنى قايتۇرۇپ بەرگىن. چۈنكى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئالتۇننى كۈمۈشكە (نېسى) ساتسا، جازانە، ئۆسۈم قىلغان بولىدۇ، لېكىن، نەخ ئېلىم ــ بېرىم قىلسا، بۇ ئۇنىڭدىن مۇستەسنا بولىدۇ، بۇغداي بۇغدايغا، خورما خورمىغا، ئارپا ئارپىغا ئالماشسا، سودا قىلىنسا، جازانە ئۆسۈم بولىدۇ، لېكىن، نەخ مەيداندا ئالدىم ــ بەردىم قىلىپ، نەخ بولسا، بۇ مۇستەسنا بولىدۇ، (زىيادە بەرگۈچى، ئالغۇچى يەنىلا جازان خوردۇر) مالىك، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ. خۇلاسە سۆز شۇكى، نېسى بولغان پايدىدا جازانە، ئۆسۈم يۈز بېرىپ قالىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن ئالتۇن ــ كۈمۈشنى بىر ــ بىرىگە نېسى ئېلىپ ــ سېتىشقا رۇخسەت يوق، ھەرقانداق نەرسە ئۆز جىنسىدا مىقداردىن زىيادە بېرىلسە، زىيادە ئېلىنسا، جازانە، ئۆسۈمدۇر، جىنسى ئۆرى ئالماشسا دۇرۇس، ئالتۇن ئالتۇنغا سېتىلمايدۇ، كۈمۈش كۈمۈشكە، لېكىن مىقدارى ئوخشاش بولسا، ۋەزىندە باراۋەر بولسا بولىدۇ، ئالتۇن ــ كۈمۈش بىر ــ بىرىگە نەخ سېتىلسا بولىدۇ، نېسى بولمايدۇ، بىر سەنى ئىككى سەرگە ئالسا،ياكى بەرسە جازانە، مانا بۇ زىيادە بەرگەن ياكى ئالغان بولىدۇ، ناچارلىرىنى پۇلغا سېتىپ، ياخشىسىنى ئالىمىز، گەرچە شۇنداق باھادا شۇنداق نەخ كېلىپ قالسىمۇ، يەنىلا ئېلىپ ساتىمىز، زىيادە، كام قىلىپ تېگىشمەيمىز، نەخ 10 دەرھەمگە ساتقاننى نېسى 12 ــ 15 دەرھەمگە ساتسا، مانا بۇ نەخ جازانە ئۆسۈم بولىدۇ، مۇددەتنى، ۋاقىتنى ساتتى، زىيادە ئالدى، زىيادە بەردى، بۇ جازانىدۇر.

**4017 ـ4018 ـ حدّثنا عُبَيْدُ اللّهِ بْنُ عُمَرَ الْقَوَارِيرِيّ: حَدّثنا حَمّادُ بْنُ زَيْدٍ عَنْ أَيّوبَ، عَنْ أَبِي قِلاَبَةَ قَالَ: كُنْتُ بِالشّامِ فِي حَلْقَةٍ فِيهَا مُسْلِمُ بْنُ يَسَارٍ، فَجَاءَ أَبُو الأَشْعَثِ. قَالَ: قَالُوا: أَبُو الأَشْعَثِ، أَبُو الأَشْعَثِ. فَجَلَسَ فَقُلْتُ لَهُ: حَدّثْ أَخَانَا حَدِيثَ عُبَادَةَ بْنِ الصّامِتِ قَالَ:**

نَعَمْ، غَزَوْنَا غَزَاةً وَعَلَى النّاسِ مُعَاوِيَةُ. فَغَنِمْنَا غَنَائِمَ كَثِيرَةً، فَكَانَ فِيمَا غَنِمْنَا، آنِيَةٌ مِنْ فِضّةٍ. فَأَمَرَ مُعَاوِيَةُ رَجُلاً أَنْ يَبِيعَهَا فِي أَعْطِيَاتِ النّاسِ، فَتَسَارَعَ النّاسُ، فَبَلَغَ عُبَادَةَ بْنَ الصّامِتِ فَقَامَ فَقَالَ: إنّي سَمِعْتُ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم يَنْهَى عَنْ بَيْعِ الذّهَبِ بِالذّهَبِ، وَالْفِضّةِ بِالْفِضّةِ، وَالْبُرّ بِالْبُرّ، وَالشّعِيرِ بِالشّعِيرِ، وَالتّمْرِ بِالتّمْرِ، وَالْمِلْحِ بِالْمِلْحِ إلاّ سَوَاءً بِسَوَاءٍ، عَيْناً بِعَيْنٍ، فَمَنْ زَادَ أَوِ ازْدَادَ فَقَدْ أَرْبَى. فَرَدّ النّاسُ مَا أَخَذُوا، فَبَلَغَ ذَلِكَ مُعَاوِيَةَ فَقَامَ خَطِيباً فَقَالَ: أَلاَ مَا بَالُ رِجَالٍ يَتَحَدّثُونَ عَنْ رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم أَحَادِيثَ، قَدْ كُنّا نَشْهَدُهُ وَنَصْحَبُهُ فَلَمْ نَسْمَعْهَا مِنْهُ. فَقَامَ عُبَادَةُ بْنُ الصّامِتِ فَأَعَادَ الْقِصّةَ. ثُمّ قَالَ: لَنُحَدّثَنّ بِمَا سَمِعْنَا مِنْ رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم وَإِنْ كَرِهَ مُعَاوِيَةُ (أَوْ قَالَ: وَإِنْ رَغِمَ). مَا أُبَالِي أَنْ لاَ أَصْحَبَهُ فِي جُنْدِهِ لَيْلَةً سَوْدَاءَ. قَالَ حَمّادٌ: هَذَا أَوْ نَحْوَهُ.

ئەشئەس مۇنداق دەيدۇ: بىز مۇئاۋىيە خەلىپە چاغدا، كاپىرلارغا قارشى ئۇرۇش قىلىپ نۇرغۇن غەنىيمەت ئولجا ئالدۇق، غەنىيمەتلىرىمىز ئارىسىدا كۈمۈش قاچىلار بار ئىدى، كىشىلەر غەنىيمەتلىرىنى ئېلىش ئۈچۈن توپلاشقان جايدىلا، مۇئاۋىيە رەزىيەاللە ئەنھۇ بىركىشىنى كۈمۈش قاچىسىنى (ئالتۇنغا)سېتىشقا بۇيرىدى، شۇنىڭ بىلەن كىشىلەر بۇسودىغا ئالدىرىشىپ كەتتى، بۇئىش ئۇبادەت ئىبنى سامىت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ غا يېتىپ، ئۇ: مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم نىڭ تۆۋەندىكى نەرسىلەرنى بىربىرىگە سېتىشتىن توسۇپ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىدىم: ئالتۇن، ئالتۇن بىلەن ئوخشاش مىقداردا ئالماشتۇرۇلىدۇ، كۈمۈش كۈمۈش بىلەن، خورما خورما بىلەن، بۇغداي بۇغداي بىلەن، تۇز تۇز بىلەن، ئارپا ئارپا بىلەن ئوخشاش، نەخمۇ نەخ، باراۋەر ئالماشتۇرۇلىدۇ، كىم زىيادە بەرسە، زىيادە ئالسا، جەزمەن جازانە، ئۆسۈم يېگەن بولىدۇ، ئالتۇننى كۈمۈشكە قولدىن ــ قولغا نەخ ھالەتتە خالىغانچە سېتىڭلار، ئارپىنى خورمىغا (ياكى تۇرىنى ئالماشتۇرۇپ) نەخ ھالەتتە خالىغانچە سېتىڭلار، دېدى. ئاندىن كىشىلەر ئالغان نەرسىلەرنى قايتۇرۇۋەتتى. بۇئىش مۇئاۋىيەغا يەتكەندە، ئۇكىشىلەر ئارىسىدا خۇتبە ئوقۇغان ھالدا تۇرۇپ مۇنداق دېدى: دىققەت قىلىڭلار، نۇرغۇن كىشىلەر رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن نۇرغۇن ھەدىسلەرنى سۆزلەيدىكەن، ئۇلارغا نىمە بولغاندۇ؟ بىزمۇ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە ساھابە بولغان، سۆز قىلغان سورۇنلىرىغا ھازىر بولغان، لېكىن بىز ئۇنداق ھەدىسلەرنى ئاڭلىمىغان دېدى. ئاندىن ئۇبادەت ئىبنى سامىت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئورنىدىن تۇرۇپ، يۇقىرقى قىسسىنى قايتا سۆزلىنىپ، بىز گەرچە مۇئاۋىيە ياقتۇرمىسىمۇ، رەسۇلۇللاھ تىن ئاڭلىغان ھەدىسلەرنى سۆزلەيمىز، مەن قاراڭغۇ كېچىلەردە ئۇنىڭ قوشۇنلىرىغا ھەمراھ بولالمىغانغا پەرۋا قىلمايمەن دېدى.

4019 ــ حدّثنا أَبُو بَكْرِ بْنُ أَبِي شَيْبَةَ، وَ عَمْرٌو النّاقِدُ، وَ إِسْحَقُ بْنُ إِبْرَاهِيمَ (وَاللّفْظُ لاِبْنِ أَبِي شَيْبَةَ) (قَالَ إِسْحَقُ: أَخْبَرَنَا. وَقَالَ الاَخَرَانِ: حَدّثَنَا وَكِيعٌ). حَدّثَنَا سُفْيَانُ، عَنْ خَالِدٍ الْحَذّاءِ، عَنْ أَبِي قِلاَبَةَ، عَنْ أَبِي الأَشْعَثِ، عَنْ عُبَادَةَ بْنِ الصّامِتِ قَالَ: قَالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم «الذّهَبُ بِالذّهَبِ، وَالْفِضّةُ بِالْفِضّةِ، وَالْبُرّ بِالْبُرّ، وَالشّعِيرُ بِالشّعِيرِ، وَالتّمْرُ بِالتّمْرِ، وَالْمِلْحُ بِالْمِلْحِ، مِثْلاً بِمِثْلٍ، سَوَاءً بِسَوَاءٍ، يَداً بِيَدٍ، فَإِذَا اخْتَلَفَتْ هَذِهِ الأَصْنَافُ، فَبِيعُوا كَيْفَ شِئْتُمْ، إِذَا كَانَ يَداً بِيَدٍ».

ئۇبادەت ئىبنى سامىت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئالتۇن ئالتۇن بىلەن، كۈمۈش كۈمۈش بىلەن، بۇغداي بۇغداي بىلەن ئارپا ئارپا بىلەن، خورما ــ خورما بىلەن، تۇز تۇز

بىلەن ئوخشاش، باراۋەر، نەخ ھالەتتە ئالماشتۇرۇلدۇ، زىيادە، كام قىلسا، جازانە ئۆسۈم بولىدۇ، بۇ سىنىپ تۈرلەر ئالمىشىپ كەتسە، خالىغانچە ئېلىپ ــ ساتساڭلار بولىدۇ، لېكىن، شەرت، نەخ قولدىن قولغا بولۇشى لازىم، (نىسى ياكى زىيادە ئالغان نەرسە جازانە بولىدۇ) ئەھمەد، مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ماجە

4020 ـ4021 ـ حدّثنا أبُو بَكْرِ بْنُ أبي شَيْبَةَ: حَدّثَنَا وَكِيعٌ: حَدّثَنَا إسْمَاعِيلُ بْنُ مُسْلِمٍ الْعَبْدِيّ: حَدّثَنَا أبُو الْمُتَوَكّلِ النّاجِيّ، عَنْ أبي سَعِيدٍ الْخُدْرِيّ قَالَ: قَالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: «الذّهَبُ بِالذّهَبِ، وَالْفِضّةُ بِالْفِضّةِ، وَالْبُرّ بِالْبُرّ، وَالشّعِيرُ بِالشّعِيرِ، وَالتّمْرُ بِالتّمْرِ، وَالْمِلْحُ بِالْمِلْحِ، مِثْلاً بِمِثْلٍ، يَداً بِيَدٍ، فَمَنْ زَادَ أوِ اسْتَزَادَ فَقَدْ أرْبَى، الآخِذُ وَالْمُعْطِي فِيهِ سَوَاءٌ».

ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئالتۇن ئالتۇن بىلەن، كۈمۈش كۈمۈش بىلەن، بۇغداي بۇغداي بىلەن، ئارپا ئارپا بىلەن خورما خورما بىلەن، تۇز تۇز بىلەن ئوخشاش باراۋەر مىقداردا قولدىن قولغا نەخ ئېلىم ــ سېتىم ،ئۆتنە بېرىم قىلىنىدۇ، ئالماشتۇرۇلىدۇ، كەم زىيادە بەرسە ياكى ئالسا، ئۇ جەزمەن جازانە ئۆسۈم يېگەن بولىدۇ، زىيادە بەرگۈچى بىلەن ئالغۇچى باراۋەر ئوخشاش گۇناھكاردۇر، ئەھمەد، مۇسلىم، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

4022 ـ4023 ـ حدّثنا أبُو كُرَيْبٍ مُحَمّدُ بْنُ الْعَلاَءِ وَ وَاصِلُ بْنُ عَبْدِ الأعْلَى قَالاَ: حَدّثَنَا ابْنُ فُضَيْلٍ عَنْ أبِيهِ، عَنْ أبي زُرْعَةَ، عَنْ أبي هُرَيْرَةَ قَالَ: قَالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم «التّمْرُ بِالتّمْرِ، وَالْحِنْطَةُ بِالْحِنْطَةِ، وَالشّعِيرُ بِالشّعِيرِ، وَالْمِلْحُ بِالْمِلْحِ، مِثْلاً بِمِثْلٍ. يَداً بِيَدٍ، فَمَنْ زَادَ أوِ اسْتَزَادَ فَقَدْ أرْبَى، إلاّ مَا اخْتَلَفَتْ ألْوَانُهُ.

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: خورما خورمىغا ، بۇغداي بۇغدايغا، ئارپا ئارپىغا، تۇز تۇزغا ئوخشاش باراۋەر ھالدا قولدىن ــ قولغا ئالماشسا، سېتىلسا جازانە بولمايدۇ. كەم زىيادە بەرسە، زىيادە ئالسا، جەزمەن جازانە، ئۆسۈم قىلغان بولىدۇ . لېكىن، تۈرلىرى ئالمىشىپ كەتسە، كېرەك يوق، جازانە، ئۆسۈم بولمايدۇ، (يەنى يۇقىرقىلارنى ئالماشتۇرۇپ، سودا قىلساڭلار بولىدۇ). مۇسلىم 2972. ھەدىس، نەسەئى 4491 ــ ھەدىس، ئىبنى ماجە 2246 ــ ھەدىس، 1144 ــ ھەدىس سەھىھ.

4024 ـ حدّثنا أبُو كُرَيْبٍ وَوَاصِلُ بْنُ عَبْدِ الأعْلَى، قَالاَ: حَدّثَنَا ابْنُ فُضَيْلٍ عَنْ أبِيهِ، عَنِ ابْنِ أبي نُعْمٍ، عَنْ أبي هُرَيْرَةَ قَالَ: قَالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: «الذّهَبُ بِالذّهَبِ، وَزْناً بِوَزْنٍ، مِثْلاً بِمِثْلٍ، وَالْفِضّةُ بِالْفِضّةِ وَزْناً بِوَزْنٍ، مِثْلاً بِمِثْلٍ، فَمَنْ زَادَ أوِ اسْتَزَادَ فَهُوَ رِباً».

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئالتۇن ئالتۇن بىلەن، ۋەزنىدە، مىقداردا ئوخشاش، باراۋەر ھالدا ئالماشتۇرۇلىدۇ، ئېلىم ــ سېتىم قىلىنىدۇ، كۈمۈشمۇ شۇنداق.كەم زىيادە بەرسە، مىقداردىن زىيادە ئالسا، جەزمەن جازانە، ئۆسۈم قىلغان بولىدۇ، ئەھمەد، نەسەئى

4025 ـ 4026 ـ حدّثنا عَبْدُ اللّهِ بْنُ مَسْلَمَةَ الْقَعْنَبِيّ: حَدّثَنَا سُلَيْمَانُ (يَعْنِي ابْنَ بِلاَلٍ) عَنْ مُوسَى بْنِ أبي تَمِيمٍ، عَنْ سَعِيدِ بْنِ يَسَارٍ، عَنْ أبي هُرَيْرَةَ أنّ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم قَالَ «الدّينَارُ بِالدّينَارِ لاَ فَضْلَ بَيْنَهُمَا، وَالدّرْهَمُ بِالدّرْهَمِ لاَ فَضْلَ بَيْنَهُمَا».

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: دىينار ئالتۇن ئالتۇنغا تەڭ، كۈمۈش پۇل كۈمۈش پۇلغا تەڭ باراۋەردە ۋەزىن قىلىنسۇن، ئۇنىڭ ئارىسىدا ئىگىز ـ پەسلىك، ئارتۇقلۇق يوق، (ئالتۇننى ئالتۇنغا، كۈمۈشنى كۈمۈشكە زىيادە بەرسە، زىيادە ئالسا، جازانە، ئۆسۈم بولىدۇ) مۇسلىم، نەسەئى

ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: دىينار دىينارنىڭ باراۋىرىدە تەڭدۇر، ئۇنىڭ ئارىسىدا ئارتۇقلۇق يوقتۇر، دەرھەم دەرھەمگە تەڭ، بۇنىڭ ئارىسىدىمۇ ئارتۇقلۇق يوق، كىمنىڭ كۈمۈشكە ھاجىتى بولۇپ قالسا، ئۇنى ئالتۇنغا ئالماشتۇرۇپ سودا قىلسۇن، كىمنىڭ ئالتۇنغا ھاجىتى بولۇپ قالسا، ئۇنى كۈمۈشكە سېتىپ ئالسۇن، ئالتۇن بىلەن كۈمۈشنىڭ سودىسى نەخ بولۇشى، مەيداندا ئالدىم ـ بەردىم بولىشى لازىم، ئىبنى ماجە، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ

## 703 - باب النهي عن بيع الورق بالذهب دينا

## كۈمۈشنى ئالتۇنغا نىسى ئالماشتۇرۇپ سودا قىلىشتىن چەكلەش توغرىسىدا

4027 - حدّثنا مُحَمّدُ بْنُ حَاتِمِ بْنِ مَيْمُونٍ: حَدّثَنَا سُفْيَانُ بْنُ عُيَيْنَةَ عَنْ عَمْرٍو، عَنْ أَبِي الْمِنْهَالِ قَالَ: بَاعَ شَرِيكٌ لِي وَرِقاً بِنَسِيئَةٍ إِلَى الْمَوْسِمِ، أَوْ إِلَى الْحَجّ، فَجَاءَ إِلَيّ فَأَخْبَرَنِي، فَقُلْتُ: هَذَا أَمْرٌ لاَ يَصْلُحُ. قَالَ: قَدْ بِعْتُهُ فِي السّوق. فَلَمْ يُنْكِرْ ذٰلِكَ عَلَيّ أَحَدٌ، فَأَتَيْتُ الْبَرَاءَ بْنَ عَازِبٍ فَسَأَلْتُهُ. فَقَالَ: قَدِمَ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم الْمَدِينَةَ وَنَحْنُ نَبِيعُ هَذَا الْبَيْعَ. فَقَالَ: «مَا كَانَ يَداً بِيَدٍ، فَلاَ بَأْسَ بِهِ. وَمَا كَانَ نَسِيئَةً فَهُوَ رِباً» وَائْتِ زَيْدَ بْنَ أَرْقَمَ فَإِنّهُ أَعْظَمُ تِجَارَةً مِنّي. فَأَتَيْتُهُ. فَسَأَلْتُهُ. فَقَالَ مِثْلَ ذٰلِكَ.

ئەبۇلمىنھال مۇنداق دەيدۇ؛ مېنىڭ شېرىكىم كۈمۈشنى مەۋسىمغىچە ياكى ھەجگىچە نىسى سېتىپ كېلىپ، بۇئىشنى ماڭا خەۋەر قىلدى، مەن ئۇنىڭغا؛ بۇئىش (يەنى كۈمۈشنى ئالتۇنغا نىسى سېتىش )دۇرۇس ئەمەس دېسەم، ئۇ؛ مەن ئۇنى بازاردىلا ساتتىم، ھېچ بىركىشى ماڭا بۇنى ئىنكار قىلمىدىغۇ؟دېدى، مەن ئاندىن بەررائى، زەيد ئىبنى ئەرقەم رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمالاردىن سورسام، ئۇلار؛ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مەدىنىگە كەلگەندە بىز شۇنداق سودا قىلاتتۇق، ئاندىن رەسۇلۇللاھ؛ بۇخىل سودا قولمۇ ـ قول، نەخ بولسا، چاتاق يوق دۇرۇس، نىسى بولغىنى جازانە ـ ئۆسۈمدۇر، دېگەن،دېدى.

4028 - حدّثنا عُبَيْدُ اللّهِ بْنُ مُعَاذٍ الْعَنْبَرِيّ: حَدّثَنَا أَبِي: حَدّثَنَا شُعْبَةُ عَنْ حَبِيبٍ أَنّهُ سَمِعَ أَبَا الْمِنْهَالِ يَقُولُ: سَأَلْتُ الْبَرَاءَ بْنَ عَازِبٍ عَنِ الصّرْفِ؟ فَقَالَ: سَلْ زَيْدَ بْنَ أَرْقَمَ فَهُوَ أَعْلَمُ. فَسَأَلْتُ زَيْداً فَقَالَ: سَلِ الْبَرَاءَ فَإِنّهُ أَعْلَمُ، ثُمّ قَالاَ: نَهَى رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم عَنْ بَيْعِ الْوَرِقِ بِالذّهَبِ دَيْناً.

بەررائى، زەيد ئىبنى ئەرقەم رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئالتۇننى، كۈمۈشنىڭ باراۋىرىگە نىسىگە، قەرزگە سېتىشتىن توسقان. (بۇنى باشقا ھەدىسلەردە جازانە دېگەن). ئەھمەد، نەسەئى، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.

4029 – 4030 ـ حدّثنا أبُو الرّبيع العَتَكِيّ: حَدّثنا عَبّادُ بْنُ الْعَوّامِ: أَخْبَرَنا يَحْيَى بْنُ أَبي إسْحَقَ: حَدّثنا عَبْدُ الرّحْمَن بْنُ أَبي بَكْرَةَ، عَنْ أَبيه قال: نَهَى رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم عَن الْفِضّةِ بِالْفِضّةِ، وَالذّهَبِ بالذّهَبِ، إلاّ سَوَاءً بسَوَاءٍ، وَأمَرَنَا أَنْ نَشْتَرِيَ الْفِضّةَ بالذّهَبِ كَيْفَ شِئْنَا، وَنَشْتَرِيَ الذّهَبَ بِالْفِضّةِ كَيْفَ شِئْنَا، قالَ: فَسَأَلَهُ رَجُلٌ فقالَ: يَداً بِيَدٍ؟ فقال: هَكَذَا سَمِعْتُ.

### 704 – باب بيع القلادة فيها خرز وذهب

## ئالتۇن ۋە جەۋھەركۆزمۇنچاق، گۆھەر۔ مارجان بار گىلاپكىنى قانداق سېتىش توغرىسىدا

4031 ـ حدثني أَبُو الطّاهِرِ أَحْمَدُ بْنُ عَمْرِو بْنِ سَرْحٍ: أَخْبَرَنَا ابْنُ وَهْبٍ: أَخْبَرَنِي أَبُو هَانِىءٍ الْخَوْلاَنِيّ أَنّهُ سَمِعَ عُلَيّ بْنَ رَبَاحٍ اللّخْمِيّ يَقُولُ: سَمِعْتُ فَضَالَةَ بْنَ عُبَيْدٍ الأَنْصَارِيّ يَقُولُ: أُتِيَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم، وَهُوَ بِخَيْبَرَ، بِقِلاَدَةٍ فِيهَا خَرَزٌ وَذَهَبٌ وَهِيَ مِنَ الْمَغَانِمِ تُبَاعُ، فَأَمَرَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم بِالذّهَبِ الّذِي فِي الْقِلاَدَةِ فَنُزِعَ وَحْدَهُ. ثُمّ قالَ لَهُمْ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم «الذّهَبُ بِالذّهَبِ وَزْناً بِوَزْنٍ».

پۇزالەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە خەيبەردە ئالتۇن ۋە جەۋھەركۆزمۇنچاق، گۆھەر مارجان بار گىلاپكا كەلتۈرۈلدى، ئۇ غەنىيمەتتىن سېتىۋېلىنغان ئىكەن، رەسۇلۇللاھ ئۇنىڭدىكى ئالتۇننى ئايرىم ئايرىۋېتىشكە بۇيرۇپ، مۇنداق دېگەن: ئالتۇن ئالتۇن بىلەن، ۋەزىندە، مىقداردا ئوخشاش، باراۋەر ھالدا ئالماشتۇرۇلۇپ، ئېلىم ــ سېتىم قىلىنىدۇ، (كم زىيادە بەرسە، مىقداردىن زىيادە ئالسا، جەزمەن جازانە، ئۆسۈم قىلغان بولىدۇ).

4032 ـ 4033 ـ حدّثنا قُتَيْبَةُ بْنُ سَعِيدٍ: حَدّثنا لَيْثٌ عَنْ أَبي شُجَاعٍ سَعِيدِ بْنِ يَزِيدَ، عَنْ خَالِدِ ابْنِ أَبي عِمْرَانَ، عَنْ حَنَشٍ الصّنْعَانِيّ، عَنْ فَضَالَةَ بْنِ عُبَيْدٍ قالَ: اشْتَرَيْتُ، يَوْمَ خَيْبَرَ، قِلاَدَةً بِاثْنَيْ عَشَرَ دِينَاراً، فِيهَا ذَهَبٌ وَخَرَزٌ، فَفَصّلْتُهَا، فَوَجَدْتُ فِيهَا أَكْثَرَ مِن اثْنَيْ عَشَرَ دِينَاراً، فَذَكَرْتُ ذَلِكَ لِلنّبِيّ صلى الله عليه وسلم فقالَ «لاَ تُبَاعُ حَتّىَ تُفَصّلَ».

پۇزالەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: مەن خەيبەر كۈنى بىردانە مارجان گىلاپكىنى 12 دىنار ئالتۇنغا سېتىۋالدىم، ئۇنىڭدا ئالتۇن ۋە جەۋھەركۆزمۇنچاق، گۆھەر مارجان بار ئىدى، مەن ئۇنى بىر۔بىرىدىن ئايرىغاندا، 12 دىنار ئالتۇندىن كۆپرەك ئالتۇن تاپتىم، مەن بۇئىشنى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە بايان قىلسام، رەسۇلۇللاھ ماڭا: سەن ئۇنى بىر۔بىرىدىن ئايرىمىغىچە ساتمىغىن دېدى.

4034 ـ حدّثنا قُتَيْبَةُ بْنُ سَعِيدٍ: حَدّثنا لَيْثٌ عَنْ ابْنِ أَبي جَعْفَرٍ، عَنِ الجُلاَحِ أَبي كَثِيرٍ: حَدّثَنِي حَنَشٌ الصّنْعَانِيّ، عَنْ فَضَالَةَ بْنِ عُبَيْدٍ قالَ: كُنّا مَعَ رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم يَوْمَ خَيْبَرَ، نُبَايِعُ الْيَهُودَ، الْوُقِيّةَ الذّهَبَ بِالدّينَارَيْنِ وَالثّلاَثَةِ. فَقالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم «لاَ تَبِيعُوا الذّهَبَ بِالذّهَبِ، إلاّ وَزْناً بِوَزْنٍ».

ئەبۇ سەئىد، پۇزالەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمدىن، بىز خەيبەر كۈنى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن بىللە ئىدۇق، بىز يەھۇدىيلەر بىلەن سودا قىلىشىپ، 40 دەرھەم كۈمۈش پۇلنى ئىككى ئۈچ دىنار ئالتۇنغا ئالماشتۇردۇق، ئاندىن رەسۇلۇللاھ: ئالتۇننى ئالتۇنغا، (كۈمۈشنى كۈمۈشكە) زىيادە، كام قىلىپ ساتماڭلار، لېكىن، ۋەزىندە ئوخشاش، بارابەر، نەخمۇ نەخ ئېلىم ــ بېرىم قىلساڭلار بولىدۇ، دېدى.

4035 ـ حدّثني أَبُو الطّاهِرِ: أَخْبَرَنَا ابْنُ وَهْبٍ، عَنْ قُرّةَ بْنِ عَبْدِ الرّحْمَنِ الْمَعَافِرِيّ و عَمْرِو بْنِ الحَارِثِ وَغَيْرِهِمَا أَنّ عَامِرَ بْنَ يَحْيَى الْمَعَافِرِيّ أَخْبَرَهُمْ عَنْ حَنَشٍ أَنّهُ قالَ: كُنّا مَعَ فَضَالَةَ بْنِ عُبَيْدٍ فِي غَزْوَةٍ: فَطَارَتْ لِي وَلأَصْحَابِي قِلاَدَةٌ فِيهَا ذَهَبٌ وَوَرِقٌ وَجَوْهَرٌ. فَأَرَدْتُ أَنْ أَشْتَرِيَهَا، فَسَأَلْتُ فَضَالَةَ بْنَ عُبَيْدٍ فَقالَ: انْزِعْ ذَهَبَهَا فَاجْعَلْهُ فِي كِفّةٍ، وَاجْعَلْ ذَهَبَكَ فِي كِفّةٍ، ثُمّ لاَ تَأْخُذَنّ إلاّ مِثْلاً بِمِثْلٍ. فَإنّي سَمِعْتُ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم يَقُولُ: «مَنْ كَانَ يُؤْمِنُ بِاللّهِ وَالْيَوْمِ الآخِرِ فَلاَ يَأْخُذَنّ إلاّ مِثْلاً بِمِثْلٍ».

ھەنەش مۇنداق دەيدۇ؛ مەن بىر غازاتتا پۈزالەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىلەن بىللە ئىدىم، تۇيۇقسىزلا بىرتەرەپكە ئالتۇن ـ كۈمۈش، جەۋھەر بار بىر گىلاپكا ئۇچۇپ كەلدى، (يەنى قولىمىزغا چۈشتى)ئۇنى مەن سېتىۋالماقچى بولۇپ پۈزالەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن سورىسام، ئۇ؛ سەن ئۇنىڭ ئالتۇنلىرىنى بىر ئالقىنىڭغا، ئۆزۈڭنىڭ ئالتۇنلىرىنى بىر ئالقىنىڭغا ئېلىپ، ھەر ئىككىلىسىنى بارابەر، ئوخشاش قىلىپ ئالماشتۇرغىن، چۈنكى مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىدىم؛ **الله** قا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىمان ئەيتقان كىشى پەقەت ۋەزىندە ئوخشاش، بارابەر، نەخمۇ نەخ ئېلىم ــ بېرىم قىلىدۇ.(يەنى ئالتۇن ـ كۈمۈشنى)

## 705 ـ باب بيع الطعام مثلاً بمثل

## تائام ئاشلىقلارنى ئوخشاش مىقداردا ئالماشتۇرۇپ سېتىش توغرىسىدا

4036 ـ حدّثنا هَارُونُ بْنُ مَعْرُوفٍ: حَدّثنا عَبْدُ اللّهِ بْنُ وَهْبٍ: أَخْبَرَنِي عَمْرٌو. ح وَحَدّثَنِي أَبُو الطّاهِرِ: أَخْبَرَنَا ابْنُ وَهْبٍ عَنْ عَمْرِو بْنِ الحَارِثِ أَنّ أَبَا النّضْرِ حَدّثَهُ أَنّ بُسْرَ بْنَ سَعِيدٍ حَدّثَهُ عَنْ مَعْمَرِ بْنِ عَبْدِ اللّهِ أَنّهُ أَرْسَلَ غُلاَمَهُ بِصَاعِ قَمْحٍ، فَقَالَ: بِعْهُ ثُمّ اشْتَرِ بِهِ شَعِيراً، فَذَهَبَ الْغُلاَمُ فَأَخَذَ صَاعاً وَزِيَادَةَ بَعْضِ صَاعٍ، فَلَمّا جَاءَ مَعْمَراً أَخْبَرَهُ بِذَلِكَ، فَقَالَ لَهُ مَعْمَرٌ: لِمَ فَعَلْتَ ذَلِكَ؟ انْطَلِقْ فَرُدّهُ. وَلاَ تَأْخُذَنّ إِلاّ مِثْلاً بِمِثْلٍ. فَإِنّي كُنْتُ أَسْمَعُ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم يَقُولُ «الطّعَامُ بِالطّعَامِ مِثْلاً بِمِثْلٍ» قَالَ: وَكَانَ طَعَامُنَا، يَوْمَئِذٍ، الشّعِيرَ. قِيلَ لَهُ: فَإِنّهُ لَيْسَ بِمِثْلِهِ. قَالَ: إِنّي أَخَافُ أَنْ يُضَارِعَ.

مەئمەر ئىبنى ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ خادىمىنى بىر سا بۇغداي بىلەن بازارغا ئەۋەتىپ؛ بۇنى سېتىپ، ئۇنىڭغا بىرسا ئارپا سېتىۋېلىپ كەلگىن دېدى. غۇلام كېتىپ، بىر سا بۇغدايغا، بىرسادىن كۆپرەك ئارپا ئېلىپ كېلىپ، مەئمەرگە خەۋەرقىلغاندا، مەئمەر ئۇنىڭغا؛ نىمە ئۈچۈن شۇنداق قىلدىڭ؟ ماڭ سەن بېرىپ بۇنى قايتۇرىۋەتكىن، سەن پەقەت بىر ساغا بىرسانىلا، ئوخشاش، بارابەر ئالغىن ، چۈنكى مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ؛« تائام تائامنىڭ باراۋىرىدە ئوخشاش مىقداردا زىيادە، كام قىلىنماي ئالماشتۇرۇلىدۇ» دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىدىم: (يەنى بېرىپ تۇرسا، ياكى سودا قىلسا، زىيادە ئالمايدۇ، زىيادە بەرمەيدۇ، كەم ئارتۇق بەرسە ياكى ئالسا، جازانە، ئۆسۈم يېگەن بولىدۇ،دېدى.) شۇكۈنلەردە بىزنىڭ ئاشلىقىمىز ئارپا ئىدى. مەئمەرگە؛ بۇغداي بىلەن ئارپا ئوخشىمايدىغان تۇرسا؟دېيىلدى، مەئمەر؛ مەن بۇلارنىڭ ئوخشاپ قېلىشىدىن ئەنسىرىدىم دېدى.ئەھمەد،

4037 ـ حدّثنا عَبْدُ اللّهِ بْنُ مَسْلَمَةَ بْنِ قَعْنَبٍ: حَدّثَنَا سُلَيْمَانُ (يَعْنِي ابْنَ بِلاَلٍ) عَنْ عَبْدِ الْمَجِيدِ بْنِ سُهَيْلِ بْنِ عَبْدِ الرّحْمَنَ [1] أَنّهُ سَمِعَ سَعِيدَ بْنَ الْمُسَيّبِ يُحَدّثُ أَنّ أَبَا هُرَيْرَةَ وَ أَبَا سَعِيدٍ حَدّثَاهُ أَنّ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم بَعَثَ أَخَا بَنِي عَدِيَ الأَنْصَارِيّ فَاسْتَعْمَلَهُ عَلَى خَيْبَرَ، فَقَدِمَ بِتَمْرٍ جَنِيبٍ. فَقَالَ لَهُ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم «أَكُلّ تَمْرِ خَيْبَرَ هَكَذَا؟» قَالَ: لاَ، وَاللّهِ يَا رَسُولَ اللّهِ إِنّا لَنَشْتَرِي الصّاعَ بِالصّاعَيْنِ مِنَ الْجَمْعِ، فَقَالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم «لاَ تَفْعَلُوا، وَلَكِنْ مِثْلاً بِمِثْلٍ. أَوْ بِيعُوا هَذَا وَاشْتَرُوا بِثَمَنِهِ مِنْ هَذَا، وَكَذَلِكَ الْمِيزَانُ».

4038 ـ حدّثنا يَحيَ بْنُ يَحْيَى قَالَ: قَرَأْتُ عَلَى مَالِكٍ، عَنْ عَبْدِ الْمَجِيدِ بْنِ سُهَيْلِ ابْنِ عَبْدِ الرّحْمَنِ بْنِ عَوْفٍ، عَنْ سَعِيدِ بْنِ الْمُسَيّبِ، عَنْ أَبِي سَعِيدٍ الْخُدْرِيّ وَعَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ أَنّ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم اسْتَعْمَلَ رَجُلاً عَلَى خَيْبَرَ، فَجَاءَهُ بِتَمْرٍ جَنِيبٍ. فَقَالَ لَهُ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: «أَكُلّ تَمْرِ خَيْبَرَ هَكَذَا؟» فَقَالَ: لاَ، وَاللّهِ يَا رَسُولَ اللّهِ إِنّا لَنَأْخُذُ الصّاعَ مِنْ هَذَا بِالصّاعَيْنِ. وَالصّاعَيْنِ بِالثّلاَثَةِ. فَقَالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم «فَلاَ تَفْعَلْ بِــعِ الْجَمْعَ بِالدّرَاهِمِ. ثُمّ ابْتَعْ بِالدّرَاهِمِ جَنِيباً».

ئەبۇ ھۇرەيرە، ئەبۇسەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم خەيبەرگە بىر كىشىنى ئەمەلدار قىلدۇ، ئۇ كىشى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە ناھايىتى ياخشى خورمىلارنى ئېلىپ كېلدۇ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇ كىشىدىن؛ خەيبەر خورمىسىنىڭ ھەممىسى مۇشۇنداق ياخشىمۇ؟ دەپ سورىسا، ئۇ كىشى؛ ياق، بىز بۇ ياخشى خورمىنىڭ بىر ساسىنى ئىككى ساغا،ئىككى سەسىنى ئۈچ ساغا ئالىمىز دېگەندە، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: ھەرگىز ئۇنداق قىلما، (چۈنكى، ئۇ ئۆز ئەينى جازانە، ئۆسۈمدۇر) لېكىن، سەن ناچار خورمىنىڭ ھەممىسىنى پۇلغا سېتىپ، ئاندىن ئېسىل، ياخشى خورمىنى شۇ پۇلغا سېتىۋالغىن، ياكى ئوخشاش، بارابەر، نەخمۇ-نەخ ئالماشتۇرۇڭلار، دېدى. تارازا-مىزاندىمۇ شۇنداق دېدى،يەنى زىيادە-كام قىلما.بۇخارى 2050 ـ ھەدىس، نەسەئى 4477 ـ ھەدىس،مۇسلىم، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ. بۇ ھەدىس، مەسلىنى ھەل قىلىشنىڭ چارىسىنى، جازانە، ئۆسۈمدىن قۇتۇلۇش چارىسىنى كۆرسىتىدۇ.

**4039 ـ حدّثنا إِسْحٰقُ بْنُ مَنْصُورٍ: أَخْبَرَنَا يَحْيَى بْنُ صَالِحٍ الْوُحَاظِيّ: حَدّثَنَا مُعَاوِيَةُ. ح وَحَدّثَنِي مُحَمّدُ بْنُ سَهْلٍ التّمِيمِيّ، وَ عَبْدُ اللّهِ بْنُ عَبْدِ الرّحْمَنِ الدّارِمِيّ (وَاللّفْظُ لَهُمَا). جَمِيعاً عَنْ يَحْيَى بْنِ حَسّانَ: حَدّثَنَا مُعَاوِيَةُ (وَهُوَ ابْنُ سَلاّمٍ): أَخْبَرَنِي يَحْيَى (وَهُوَ ابْنُ أَبِي كَثِيرٍ) قَالَ: سَمِعْتُ عُقْبَةَ بْنَ عَبْدِ الْغَافِرِ يَقُولُ: سَمِعْتُ أَبَا سَعِيدٍ يَقُولُ: جَاءَ بِلاَلٌ بِتَمْرٍ بَرْنِيَ. فَقَالَ لَهُ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم «مِنْ أَيْنَ هَذَا؟» فَقَالَ بِلاَلٌ: تَمْرٌ، كَانَ عِنْدَنَا، رَدِيءٌ. فَبِعْتُ مِنْهُ صَاعَيْنِ بِصَاعٍ، لِمَطْعَمِ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم. فَقَالَ رَسُولُ اللّهِ، عِنْدَ ذٰلِكَ: «أَوّهْ! عَيْنُ الرّبَا، لاَ تَفْعَلْ، وَلٰكِنْ إِذَا أَرَدْتَ أَنْ تَشْتَرِيَ التّمْرَ فَبِعْهُ بِبَيْعٍ آخَرَ، ثُمّ اشْتَرِ بِهِ».**
**لَمْ يَذْكُرِ ابْنُ سَهْلٍ فِي حَدِيثِهِ: عِنْدَ ذٰلِكَ.**

**4040 ـ وحدّثنا سَلَمَةُ بْنُ شَبِيبٍ: حَدّثَنَا الْحَسَنُ بْنُ أَعْيَنَ: حَدّثَنَا مَعْقِلٌ، عَنْ أَبِي قَزَعَةَ الْبَاهِلِيّ، عَنْ أَبِي نَضْرَةَ، عَنْ أَبِي سَعِيدٍ قَالَ: أُتِيَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم بِتَمْرٍ. فَقَالَ «مَا هَذَا التّمْرُ مِنْ تَمْرِنَا» فَقَالَ الرّجُلُ: يَا رَسُولَ اللّهِ بِعْنَا تَمْرَنَا صَاعَيْنِ بِصَاعٍ مِنْ هٰذَا، فَقَالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: «هٰذَا الرّبَا، فَرُدّوهُ. ثُمّ بِيعُوا تَمْرَنَا وَاشْتَرُوا لَنَا مِنْ هٰذَا».**

ئەبۇسەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە كاتتا ئېسىل خورما ئېلىپ كېلدۇ، رەسۇلۇللاھ ئۇنىڭغا: بۇخورما قەيەردىن كەلدى؟ دېسە، ئۇ: بىزنىڭ يېنىمىزدا ناچار خورمىلار بار بولۇپ، مەن ئۇنىڭدىن ئىككى سانى، ماۋۇ ياخشى خورمىنىڭ بىرساسىغا ساتتىم دەيدۇ، رەسۇلۇللاھ: ئۇھ!! ئۆز ئەينى جازاينە بولۇپتۇ، ئۆز ئەينى ئۇسۇم بولۇپتۇ، بۇندىن كېيىن ھەرگىز ئۇنداق قىلمىغىن، ئەگەر ياخشى خورما سېتىۋالماقچى بولساڭ، ناچار خورماڭنى ئايرىم سودا قىلىپ ساتقىن، ئاندىن ئۇنىڭ پۇلغا ياخشى خورما سېتىۋالغىن» يەنەبىردە؛ بۇ جازاينە بولۇپتۇ، بۇنى قايتۇرۇپ بېرىپ، ئاندىن بىزنىڭ ناچار خورمىمىزنى سېتىپ، بۇ ئېسىل خورمىدىن سېتىۋېلىڭلار»دېدى. بۇخارى،مۇسلىم بىرلىككە كەلگەن.

**4041 ـ حدّثني إِسْحَـٰقُ بْنُ مَنْصُورٍ: حَدّثَنَا عُبَيْدُ اللّهِ بْنُ مُوسَىٰ، عَنْ شَيْبَانَ، عَنْ يَحْيَىٰ، عَنْ أَبِي سَلَمَةَ، عَنْ أَبِي سَعِيدٍ قَالَ: كُنّا نُرْزَقُ تَمْرَ الْجَمْعِ عَلَىٰ عَهْدِ رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم. وَهُوَ الْخِلْطُ مِنَ التّمْرِ. فَكُنّا نَبِيعُ صَاعَيْنِ بِصَاعٍ، فَبَلَغَ ذٰلِكَ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم فَقَالَ: «لاَ صَاعَيْ تَمْرٍ بِصَاعٍ. وَلاَ صَاعَيْ حِنْطَةٍ بِصَاعٍ. وَلاَ دِرْهَمَ بِدِرْهَمَيْنِ».**

ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ زامانىدا بىزگە ئارلاشتۇرۇلۇپ

توپلانغان خورمىدىن رىزىق بېرلەتتى، بىز ئۇنىڭدىن ئىككى سا خورمىنى بىرسا(ياخشى)خورمىغا ساتاتتۇق،

بۇئىش رەسۇلۇللاھقا يەتكەندە مۇنداق دىگەن: ئىككى سا خورمىنى بىر ساغا، ئىككى سا بۇغداينى بىر سا

بۇغدايغا، ئىككى دەرھەم كۈمۈش پۇلنى، بىر دەرھەمگە يا ئىككى دىينار ئالتۇننى بىر دىينارغا ئالماشتۇرۇش

قەتئىي دۇرۇس ئەمەس. (ھالال ئەمەس، هارامدۇر). نەسەئى، ئىبنى ھەببان توپلىغان، سەھىھ.

4042 ـ حدّثني عَمْرٌو النّاقِدُ: حَدّثنَا إِسْمَاعِيلُ بْنُ إِبْرَاهِيمَ، عَنْ سَعِيدٍ الجُرَيْرِيّ، عَنْ أَبِي نَضْرَةَ قالَ: سَأَلْتُ ابْنَ عَبّاسٍ عَنِ الصّرْفِ؟ فقالَ: أَيداً بِيدٍ؟ قُلتُ: نَعمْ، قالَ: فَلاَ بَأسَ بِهِ، فَأَخْبَرْتُ أَبَا سَعِيدٍ، فَقُلْتُ: إِنّي سَأَلْتُ ابْنَ عَبّاسٍ عَنِ الصّرْفِ؟ فَقَالَ: أَيداً بِيدٍ؟ قُلْتُ: نَعمْ، قالَ: فَلاَ بَأسَ بِهِ. قالَ أَوْ قالَ ذَلِكَ؟ إِنّا سَنَكْتُبُ إِلَيْهِ فَلاَ يُفْتِيكُمُوهُ، قالَ: فَوَاللّهِ لَقَدْ جَاءَ بَعْضُ فِتْيَانِ رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم بِتَمْرٍ فَأَنْكَرَهُ فقالَ «كَأَنّ هَذَا لَيْسَ مِنْ تَمرِ أَرْضِنَا». قالَ: كَانَ فِي تَمرِ أَرْضِنَا (أَوْ فِي تَمْرِنَا)، الْعَامَ، بَعْضُ الشّيْءِ. فَأَخَذْتُ هَذَا وَزِدْتُ بَعْضَ الزّيَادَةِ، فقالَ «أَضْعَفْتَ، أَرْبَيْتَ لاَ تَقْرَبَنّ هَذَا. إِذَا رَابَكَ مِنْ تَمرِكَ شَيْءٌ فَبِعْهُ. ثُمّ اشْتَرِ الّذِي تُرِيدُ مِنَ التّمْرِ».

ئەبۇنەزرەت مۇنداق دەيدۇ؛ مەن ئىبنى ئابباسقا ئۇچۇرشۇپ؛ ئالتۇن ـ كۈمۈشنى ئالماشتۇرۇش توغرىسىدا سورسام،

ئۇ؛ قولمۇ ـ قول، نەخمۇ؟دېدى، مەن ھەئە دېسەم، ئۇ؛ چاتاق يوق دۇرۇس دېدى. مەن بۇنى ئەبۇسەئىدقا خەۋەر

قىلسام، ئۇ؛ ئىبنى ئاباس شۇنداق دەمدا؟ بىز ئۇنىڭغا سىلەرگە بۇنداق پەتۋا بەرمەسلىككە خەت يازساق

بولغىدەك، الله بىلەن قەسەمكى، ياش خادىملارنىڭ بەزىسى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم گە خورما

كەلتۈرۈپتى، رەسۇلۇللاھ ئىنكار قىلىپ؛ بۇ بىزنىڭ زېمىنىمىزنىڭ خورمىسى ئەمەسقۇ؟دېدى، ئۇكىشى؛بىزنىڭ

خورمىمىزغا بۇيىل ئاپەت يەتكەن ئىدى، مەن بۇياخشى خورمىنى بىزنىڭ ناچار خورمىمىزدىن كۆپرەك بېرىپ

سېتىۋالدىم دېدى، ئاندىن رەسۇلۇللاھ؛ زىيادە بەرسەڭ، جازاينە قىلغان بولسەن، بۇنداق سودىغا يېقىن كەلمە!

سىنى خورماڭدىن بىرەر نەرسە ئىككىلەندۈرۈپ شەكلەندۈرسە، ئۇنى سېتىپ، ئاندىن (ئۇنىڭ پۇلىغا)سەن

مەقسەت قىلغان خورمىنى سېتىۋالغىن،دېدى.

4043 ـ حدّثنا إِسْحَقُ بْنُ إِبْرَاهِيمَ. أَخْبَرَنَا عَبْدُ الأَعْلَى. أَخْبَرَنَا دَاوُدُ عَنْ أَبِي نَضْرَةَ قالَ: سَأَلْتُ ابْنَ عُمَرَ وَ ابْنَ عَبّاسٍ عَنِ الصّرْفِ فَلَمْ يَرَيَا بِهِ بَأْساً. فَإِنّي لَقَاعِدٌ عِنْدَ أَبِي سَعِيدٍ الْخُدْرِيّ فَسَأَلْتُهُ عَنِ الصّرْفِ؟ فقالَ: مَا زَادَ فَهُوَ رِباً. فَأَنْكَرْتُ ذَلِكَ، لِقَوْلِهِمَا. فقالَ: لاَ أُحَدّثُكَ إِلاّ مَا سَمِعْتُ مِنْ رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم. جَاءَهُ صَاحِبُ نَخْلِهِ بِصَاعٍ مِنْ تَمْرٍ طَيّبٍ. وَكَانَ تَمْرُ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم هَذَا اللّوْنَ. فقالَ لَهُ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم: «أَنّى لَكَ هَذَا؟» قالَ: انْطَلَقْتُ بِصَاعَيْنِ فَاشْتَرَيْتُ بِهِ هَذَا الصّاعَ. فَإِنّ سِعْرَ هَذَا فِي السّوقِ كَذَا. وَسِعْرَ هَذَا كَذَا. فقالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم «وَيْلَكَ أَرْبَيْتَ؟. إِذَا أَرَدْتَ ذَلِكَ فَبِـــعْ تَمْرَكَ بِسِلْعَةٍ. ثُمّ اشْتَرِ بِسِلْعَتِكَ أَيّ تَمْرٍ شِئْتَ». قالَ أَبُو سَعِيدٍ: فَالتّمْرُ بِالتّمْرِ أَحَقّ أَنْ يَكُونَ رِباً أَمِ الْفِضّةُ بِالْفِضّةِ؟ قالَ: فَأَتَيْتُ ابْنَ عُمَرَ، بَعْدُ، فَنَهَانِي وَلَمْ آتِ ابْنَ عَبّاسٍ، قالَ: فَحَدّثَنِي أَبُو الصّهْبَاءِ أَنّهُ سَأَلَ ابْنَ عَبّاسٍ عَنْهُ بِمَكّةَ، فَكَرِهَهُ.

ئەبۇنەزرەت مۇنداق دەيدۇ؛ مەن ئىبنى ئابباس، ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ملاردىن ئالتۇن ـ كۈمۈشنى

ئالماشتۇرۇش سودىسى توغرىسىدا سورسام، ئۇلار؛ نەخ بولسا دۇرۇس دېدى. ئاندىن ئەبۇسەئىد رەزىيەللاھۇ

ئەنھۇدىن سورسام، ئۇ؛ زىيادە بولغانلا نەرسە جازاينە ـ ئۇسۇمدۇر دېدى. مەن ھېلىقى ئىككەيلەننىڭ «دۇرۇس»

دېگەن سۆزىگە ئاساسەن، بۇنىڭ سۆزىنى ئىنكار قىلسام، ئۇماگا؛ مەن پەقەت ساگا رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن ئاڭلىغان ھەدىسنى سۆزلەپ بېرىمەن. رەسۇلۇللاھنىڭ خورمىسىغا قارايدىغان كىشى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە بىرسا كاتتا ئىسىل خورما ئېلىپ كىلىدۇ، ـ رەسۇلۇللاھنىڭ خورمىسى مانا مۇشۇ تۈردىن ئىدى ـ رەسۇلۇللاھ ئۇنىڭغا: بۇخورما قەيەردىن كەلدى؟ دىسە، ئۇ: بىزنىڭ يېنىمىزدا ناچار خورمىلار بار بولۇپ، مەن ئۇنىڭدىن ئىككى سانى، ماۋۇ ياخشى خورمىنىڭ بىرساسىغا ساتتىم، بازاردا بۇنىڭ باھاسى مۇنچىلىك، بۇنىڭ باھاسى مۇنچىلىك (يەنى ياخشىسى ناچارلىرىدىن قىممەتراق ئىكەن)دېدى، رەسۇلۇللاھ: ئۇھ!! ئۆز ئەينى جازاينە بولۇپتۇ، ئۆز ئەينى ئۇسۇم بولۇپتۇ، ساگا ۋايدۇر، بۇندىن كىيىن ھەرگىز ئۇنداق قىلمىغىن، ئەگەر ياخشى خورما سېتىۋالماقچى بولساڭ، ناچار خورماڭنى ئايرىم سودا قىلىپ ساتقىن، ئاندىن ئۇنىڭ پۇلىغا سەن خالىغان ياخشى خورما سېتىۋالغىن»دېدى. ئەبۇسەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ؛ خورمىنى خورمىغا (زىيادە ـ كەم قىلىپ) ئالماشتۇرۇش جازاينە ـ ئۇسۇم بولۇشقا ئەڭ لايىقمۇ؟ ياكى كۈمۈشنى كۈمۈشكىمۇ؟ دېدى. ئاندىن مەن ئىبنى ئۆمەرنىڭ قېشىغا بارسام، ئۇمىنى بۇنداق سودا قىلىشتىن توستى. مەن ئىبنى ئاباسنىڭ قېشىغا بارمىدىم. ئەبۇسسەھبائ ماڭا مۇنداق ھەدىس سۆزلەپ بەردى؛ مەن مەككىگە ئىبنى ئاباسنىڭ قېشىغا بېرىپ ئالتۇن ـ كۈمۈشنى ئالماشتۇرۇش سودىسى توغرىسىدا سورسام، ئۇ بۇنى ياقتۇرمىدى.يەنى مەكروھ دېدى.

**4044 – بۇ ھەدىس يۇقىرقىغا ۋە تۆۋەندىكىگە ئوخشاشتۇر.**

**4045 ـ حدّثنا أَبُو بَكْرِ بْنُ أَبِي شَيْبَةَ وَ عَمْرٌو النّاقِدُ وَ إِسْحَقُ بْنُ إِبْرَاهِيمَ وَ ابْنُ أَبِي عُمَرَ (وَاللّفْظُ لِعَمْرٍو) (قالَ إِسْحَقُ: أَخْبَرَنَا. وَقَالَ الآخَرُونَ: حَدّثَنَا سُفْيَانُ بْنُ عُيَيْنَةَ) عَنْ عُبَيْدِ اللّهِ بْنِ أَبِي يَزِيدَ أَنّهُ سَمِعَ ابْنَ عَبّاسٍ يَقُولُ: أَخْبَرَنِي أُسَامَةُ بْنُ زَيْدٍ أَنّ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم قَالَ «إِنّمَا الرِّبَا فِي النّسِيئَةِ».**

ئۇسامەت ئىبنى زەيد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ھەقىقەتەن جازانە، ئۆسۈم دىگەن، نىسى ئېلىشدا، نىسى سېتىشتا بولىدۇ. «يەنى نىسى سېتىپ، قىممەت سېتىپ ساتقان پۇلنىڭ ئۈستىگە زىيادە ئېلىشىدا بولىدۇ، جازانە، ئۆسۈم توغرىسىدا ئەڭ ئوچۇق، ئەڭ روشەن توغرا، ئادىل مىيزان، سەھىھ مۇسلىمدىكى مۇنۇ ھەدىستۇر. «كىم زىيادە بەرسە، زىيادە ئالسا، جەزمەن جازانە، ئۆسۈم قىلغان بولىدۇ» بۇ ھەدىس مۇتلەق، نەخ، نېسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئەھمەد، مۇسلىم، نەسەئى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

**4046 ـ حدّثنا زُهَيْرُ بْنُ حَرْبٍ: حَدّثَنَا عَفّانُ. ح وَحَدّثَنِي مُحَمّدُ بْنُ حَاتِمٍ: حَدّثَنَا بَهْزٌ. قَالاَ: حَدّثَنَا وُهَيْبٌ: حَدّثَنَا ابْنُ طَاوُسٍ، عَنْ أَبِيهِ، عَنِ ابْنِ عَبّاسٍ، عَنْ أُسَامَةَ بْنِ زَيْدٍ أَنّ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم قَالَ «لاَ رِباً فِيمَا كَانَ يَداً بِيَدٍ».**

ئۇسامە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: نەخمۇ ــ نەخ، قولمۇ ــ قول قىلىنغان سودىدا جازانە، ئۆسۈم يوقتۇر. ئەھمەد، بەيھەقى، نەسەئى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ. بۇ

ھەدىس، ئالتۇننى كۈمۈشكە ياكى كۈمۈشنى ئەكسىگە ياكى بۇغداينى ئارپىغا ساتسا جىنسى بىر خىل بولمىسا، جازانە يوق دېگەن بولىدۇ. لېكىن، زىيادە بەرسە، زىيادە ئۆسۈق ئالسا جازانە، ئۆسۈم دېگەن ھەدىس بولسا، نەخ بولىسمۇ جازانە ئۆسۈمنى كۆرسىتىدۇ، ئۇ بولسا، بىر سا خورمىنى ئىككىگە تېگىشسە، بىر تاغا بۇغداينى ئىككى تاغاغا تېگىشسە جازانە بولىدۇ، چۈنكى جىنسى بىرخىل، بۇنى سېتىپ پۇلغا ئال دېدى. دېمەك، نەخ بولىسمۇ جازانە ئۆسۈم بولىدىغىنى بار، ئۇ بولسا زىيادە بەرسە يا ئالسا، ئۆسۈم بولىدۇ، بىرنى ئىككىگە تېگىشسە جازانە، ئۆسۈم بولمايدىغان نەخ سودا بەيئىلەر بار. چۈنكى، ۋاختىنى ساتمىدى دە! ھەم تۆرى ئوخشىمايدۇ.

4047 ـ حدّثنا الحَكَمُ بْنُ مُوسَى: حَدّثنا هِقْلٌ، عَنِ الأَوْزَاعِيّ. قَالَ: حَدّثني عَطاءُ ابْنُ أَبِي رَبَاحٍ أَنّ أَبَا سَعِيدٍ الْخُدْرِيّ لَقِيَ ابْنَ عَبّاسٍ فَقَالَ لَهُ: أَرَأَيْتَ قَوْلَكَ فِي الصّرْفِ، أَشَيْئاً سَمِعْتَهُ مِنْ رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم، أَمْ شَيْئاً وَجَدْتَهُ فِي كِتَابِ اللّهِ عَزّ وَجَلّ؟ فَقَالَ ابْنُ عَبّاسٍ: كَلاّ. لاَ أَقُولُ. أَمّا رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم فَأَنْتُمْ أَعْلَمُ بِهِ مِني. وَأَمّا كِتَابُ اللّهِ فَلاَ أَعْلَمُهُ. وَلَكِنْ حَدّثَنِي أُسَامَةُ ابْنُ زَيْدٍ أَنّ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم قَالَ «أَلاَ إِنّمَا الرّبَا فِي النّسِيئَةِ».

ئەبۇسەئىد، ئىبنى ئابباسقا ئۇچۇرشۇپ؛ سەن ئالتۇن ـ كۈمۈشنى ئالماشتۇرۇش توغرىسىدىكى سۆزۈڭنى رەسۇلۇللاھتىن ئاڭلىغانمۇ؟ ياكى الله نىڭ كىتابىدىن تاپتىڭمۇ؟دەپ سوردى، ئۇ؛ ئۇنداق ئەمەس، مەن ئۆزۈم بىرنەرسە دېيەلمەيمەن. رەسۇلۇللاھ نىڭ سۆزىگە كەلسەك، ئۇنىڭغا سىلەر مەندىن ئالىمراق، الله نىڭ كىتابىغا كەلسەك، مەن بۇ توغرۇلۇق بىر نەرسە بىلمەيمەن. لېكىن ماڭا ئۇسامەت ئىبنى زەيد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق بىر ھەدىسنى سۆزلەپ بەرگەن؛ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن جازانە، ئۆسۈم دېگەن، نىسى ئېلىشدا، نىسى سېتىشتا بولىدۇ.

## 706 – باب لعن آكل الربا ومؤكله

## جازايىنە ـ ئۆسۈم يېگۈچىگە ۋە يېدۈرگۈچىگە لەنەت قىلىش توغرىسىدا

4048 ـ حدّثنا عُثْمَانُ بْنُ أَبِي شَيْبَةَ وَ إِسْحَقُ بْنُ إِبْرَاهِيمَ (وَاللّفْظُ لِعُثْمَان) (قَالَ إِسْحَقُ: أَخْبَرَنَا. وقَالَ عُثْمَانُ: حَدّثنا جَرِيرٌ) عَنْ مُغِيرَةَ. قَالَ: سَأَلَ شِبَاكٌ إِبْرَاهِيمَ. فَحَدّثَنَا، عَنْ عَلْقَمَةَ، عَنْ عَبْدِ اللّهِ قَالَ: لَعَنَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم آكِلَ الرّبَا وَمُؤْكِلَهُ. قَالَ قُلْتُ: وَكَاتِبَهُ وَشَاهِدَيْهِ؟ قَالَ: هُم سواءٌ إِنّمَا نُحَدّثُ بِمَا سَمِعْنَا.

4049 ـ حدّثنا مُحَمّدُ بْنُ الصّبّاحِ وَ زُهَيْرُ بْنُ حَرْبٍ وَ عُثْمَانُ بْنُ أَبِي شَيْبَةَ قَالُوا: حَدّثنا هُشَيْمٌ: أَخْبَرَنَا أَبُو الزّبَيْرِ، عَنْ جَابِرٍ قَالَ: لَعَنَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم آكِلَ الرّبَا، وَمُوكِلَهُ، وَكَاتِبَهُ، وَشَاهِدَيْهِ، وَقَالَ: هُمْ سَوَاءٌ.

جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاللاھتائالا جازانە، ئۆسۈم يىگۈچىگە، ۋە يېدۈرگۈچىگە، كاتىبىغا، ئىككى گۇۋاھچىسىغا لەنەت قىلدى، ئۇلار ھەممىسى جازانىنىڭ گۇناھىدا، باراۋەر ئوخشاشتۇر. ئەھمەد، مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ. تېپىشتۇرغۇچىمۇ ۋە باشقىلارمۇ ئوخشاشتۇر.يەنە بىر خاتىردە؛ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم لەنەت قىلدى، دېيىلگەن. ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن،

رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئالللاھتائالا جازانە، ئۆسۈم يىگۈچىگە، ۋەيدۇرگۈچىگە، گۇۋاھچى، كاتىپ بولغۇچىلارغا لەنەت قىلدى، رەھمىتىدىن يىراق قىلدى. ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى، ئىبنى ماجە.

**707 ـ  باب أخذ الحلال وترك الشبهات**

**ھالال نەرسىلەرنى ئېلىپ، شۈبھىلىك نەرسىلەرنى تەرك ئېتىش توغرىسىدا**

**4050 ـ4051 ـ4052 ـ حدّثنا مُحَمّدُ بْنُ عَبْدِ اللّهِ بْنِ نُمَيْرِ الْهَمْدَانِيّ: حَدّثَنَا أَبي: حَدّثَنَا زَكَرِيّاءُ، عَنِ الشّعْبِيّ، عَنِ النّعْمَانِ بْنِ بَشِيرِ قَالَ: سَمِعْتُهُ يَقُولُ سَمِعْتُ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم يَقُولُ: (وَأَهْوَى النّعْمَانُ بِإِصْبَعَيْهِ إِلَىَ أُذُنَيْهِ) «إِنّ الْحَلاَلَ بَيّنٌ وَإِنّ الْحَرَامَ بَيّنٌ وَبَيْنَهُمَا مُشْتَبِهَاتٌ لاَ يَعْلَمُهُنّ كَثِيرٌ مِنَ النّاسِ، فَمَنِ اتّقَى الشّبُهَاتِ اسْتَبْرَأَ لِدِينِهِ وَعِرْضِهِ، وَمَنْ وَقَعَ فِي الشّبُهَاتِ وَقَعَ فِي الْحَرَامِ، كَالرّاعِي يَرْعَى حَوْلَ الْحِمَى، يُوشِكُ أَنْ يَرْتَعَ فِيهِ، أَلاَ وَإِنّ لِكُلّ مَلِكٍ حِمىً، أَلاَ وَإِنّ حِمَى اللّهِ مَحَارِمُهُ، أَلاَ وَإِنّ فِي الْجَسَدِ مُضْغَةً، إِذَا صَلَحَتْ صَلَحَ الْجَسَدُ كُلّهُ وَإِذَا فَسَدَتْ، فَسَدَ الْجَسَدُ كُلّهُ، أَلاَ وَهِيَ الْقَلْبُ».**

**4053 ـ حدّثنا عَبْدُ الْمَلِكِ بْنُ شُعَيْبِ بْنِ اللّيْثِ بْنِ سَعْدٍ: حَدّثَنِي أَبِي عَنْ جَدّي: حَدّثَنِي خَالِدُ بْنُ يَزِيدَ: حَدّثَنِي سَعِيدُ بْنُ أَبِي هِلاَلٍ عَنْ عَوْنِ بْنِ عَبْدِ اللّهِ، عَنْ عَامِرٍ الشّعْبِيّ أَنّهُ سَمِعَ نُعْمَانَ بْنَ بَشِيرِ بْنِ سَعْدٍ، صَاحِبَ رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم وَهُوَ يَخْطُبُ النّاسَ بِحِمْصَ. وَهُوَ يَقُولُ: سَمِعْتُ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم يَقُولُ: «الْحَلاَلُ بَيّنٌ وَالْحَرَامُ بَيّنٌ». فَذَكَرَ بِمِثْلِ حَدِيثِ زَكَرِيّاءَ عَنِ الشّعْبِيّ. إِلَىَ قَوْلِهِ: «يُوشِكُ أَنْ يَقَعَ فِيهِ».**

نۇئمان ئىبنى بۇشەير رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھالالمۇ ئوچۇق ــ ئاشكارا ، ھاراممۇ ئوچۇق ئاشكارىدۇر، نۇرغۇن شۈبھىلىك نەرسىلەر بولۇپ، ئۇنى كىشىلەرنىڭ كۆپىنچىسى بىلەلمەيدۇ، كىم شۈبھىلىك نەرسىلەردىن ھەزەر قىلىپ ساقلانسا، ھەققەتەن ئۇ ئۆزىنىڭ يۈز ــ ئابرۇي، ئىناۋىتى ئۈچۈن، دىنى ئۈچۈن پاكلانغان، پاكلىق يولىنى تۇتقان بولىدۇ، كىم شۈبھىلىك نەرسىنى قىلىپ سالسا، شۈبھىگە چۈشۈپ كەتسە، ئۇ ھارامغا چۈشكەن بولىدۇ، (يەنى، بۇ ھارامغا ئاپىرىدۇ) ئۇنىڭ مىسالى، چېگرا ئەتراپىدا پادا باققان پادىچىغا ئوخشايدۇ، پادىچى، چېگرا ئىچىگە كىرىپ كېتىشى، چېگرا ئىچىدىمۇ پادىنى بېقىپ سېلىشى مۇمكىن، (ئەنە شۇنىڭدەك، شۈبھىلىك نەرسە بىلەن شۇغۇللانغۇچى ھارامغىمۇ كىرىپ كېتىدۇ) ئاگاھ بولۇڭلار، ھەققەتەن ھەربىر پادىشاھنىڭ چېگراسى بار، ئاگاھ بولۇڭلار، ھەققەتەن ئالللاھتائالانىڭ زېمىندىكى چېگرالىرى ھارام قىلغان نەرسىلەردۇر، دىققەت قىلىڭلار، جەسەدتە بىر چىشلەم گۆش بار، ئۇ ئوڭشالسا، بارلىق جەسەد ئوڭشىلىدۇ، ئۇ بۇزۇلسا، جەسەدنىڭ ھەممە يېرى بۇزۇلىدۇ، ئاگاھ بولۇڭلاركى، ئۇ گۆش بولسا، قەلب، يۈرەكتۇر. بەيھەقى،بۇخارى،مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد ، نەسەئى، تىرمىزى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

**708 ـ  باب بيع البعير واستثناء ركوبه**

**تۆگىنى ئۆيگە كەلگىچە مىنىۋېلىشنى مۇستەسنا قىلىپ سېتىشنىڭ دۇرۇسلۇقى توغرىسىدا**

**4054 ـ4055 ـ حدّثنا مُحَمّدُ بْنُ عَبْدِ اللّهِ بْنِ نُمَيْرٍ: حَدّثَنَا أَبِي: حَدّثَنَا زَكَرِيّاءُ، عَنْ عَامِرٍ: حَدّثَنِي جَابِرُ بْنُ عَبْدِ اللّهِ أَنّهُ كَانَ يَسِيرُ عَلَىَ جَمَلٍ لَهُ قَدْ أَعْيَا. فَأَرَادَ أَنْ يُسَيّبَهُ، قَالَ: فَلَحِقَنِي النّبِيّ صلى الله عليه وسلم، فَدَعَا لِي وَضَرَبَهُ، فَسَارَ سَيْراً لَمْ يَسِرْ مِثْلَهُ، قَالَ «بِعْنِيهِ بِوُقِيّةٍ» قُلْتُ: لاَ، ثُمّ قَالَ: «بِعْنِيهِ» فَبِعْتُهُ بِوُقِيّةٍ، وَاسْتَثْنَيْتُ عَلَيْهِ حُمْلاَنَهُ إِلَىَ أَهْلِي، فَلَمّا بَلَغْتُ أَتَيْتُهُ بِالْجَمَلِ، فَنَقَدَنِي ثَمَنَهُ، ثُمّ رَجَعْتُ، فَأَرْسَلَ فِي أَثَرِي، فَقَالَ: «أَتُرَانِي مَاكَسْتُكَ لآخُذَ جَمَلَكَ؟ خُذْ جَمَلَكَ وَدَرَاهِمَكَ، فَهُوَ لَكَ».**

جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن،ئۇ ئۆزىنىڭ تۆگىسى ئۈستىدە كېتىۋاتاتتى، ۋەھالەنكى ئۇنىڭ تۆگىسى ھېرىپ قالغان ئىدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنىڭ ئۆتتۈرىدىن ئۆتۈپ، تۆگىنى بىرنى ئۇرۇپ قويۇشىدى، تۆگە شۇنداق تېز ماڭدىكى، بۇرۇن ئۇنداق تېز مېڭىپ باقمىغان ئىدى، رەسۇلۇللاھ ماڭا: بۇتۆگىنى ماڭا 40 دەرھەمگە سېتىپ بەرگىن دېدى، مەن ئۇ تۆگىگە مىنىپ ئەھلىمگە بېرىۋېلىشنى شەرتلىشىپ، تۆگىنى رەسۇلۇللاھقا ساتتىم، مەن مەدىنىگە كەلگەندە، تۆگىنى ئەكىلىپ بەرسەم، ماڭا ئۇنىڭ پۇلىنى نەخ بەردى، يەنەبىرخاتىردە؛ ماڭا ئۇنىڭ پۇلىنى بىرىپ، تۆگىنىمۇ قايتۇرۇپ بەردى، يەنەبىرخاتىردە؛ بىلالغا؛ ئۇنىڭ پۇلىنى بەرگىن، ئارتۇقراق بەرگىن دېدى،ئۇ ماڭا پۇلنى نەخ بىرىپ، بىرنەچچە پارچا پۇلنى ئارتۇقراق بەردى،دېيىلگەن.بۇخارى،مۇسلىم.

4056 ـ حدّثنا عُثْمَانُ بْنُ أَبِي شَيْبَةَ وَ إِسْحَقُ بْنُ إِبْرَاهِيمَ (وَاللّفْظُ لِعُثْمَانَ) (قَالَ إِسْحَقُ: أَخْبَرَنَا، وَقَالَ عُثْمَانُ: حَدّثَنَا جَرِيرٌ) عَنْ مُغِيرَةَ، عَنِ الشّعْبِيّ، عَنْ جَابِرِ بْنِ عَبْدِ اللّهِ قَالَ: غَزَوْتُ مَعَ رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم، فَتَلاَحَقَ بِي، وَتَحْتِي نَاضِحٌ لِي قَدْ أَعْيَا وَلاَ يَكَادُ يَسِيرُ، قَالَ: فَقَالَ لِي «مَا لِبَعِيرِكَ؟» قَالَ قُلْتُ: عَلِيلٌ، قَالَ: فَتَخَلّفَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم فَزَجَرَهُ وَدَعَا لَهُ، فَمَا زَالَ بَيْنَ يَدَيِ الإِبِلِ قُدّامَهَا يَسِيرُ، قَالَ: فَقَالَ لِي: «كَيْفَ تَرَى بَعِيرَكَ؟» قَالَ قُلْتُ: بِخَيْرٍ، قَدْ أَصَابَتْهُ بَرَكَتُكَ، قَالَ: «أَفَتَبِيعُنِيهِ؟» فَاسْتَحْيَيْتُ، وَلَمْ يَكُنْ لَنَا نَاضِحٌ غَيْرُهُ، قَالَ فَقُلْتُ: نَعَمْ، فَبِعْتُهُ إِيّاهُ، عَلَى أَنّ لِي فَقَارَ ظَهْرِهِ حَتّى أَبْلُغَ الْمَدِينَةَ، قَالَ فَقُلْتُ لَهُ: يَا رَسُولَ اللّهِ إِنّي عَرُوسٌ فَاسْتَأْذَنْتُهُ، فَأَذِنَ لِي، فَتَقَدّمْتُ النّاسَ إِلَى الْمَدِينَةِ، حَتّى انْتَهَيْتُ، فَلَقِيَنِي خَالِي فَسَأَلَنِي عَنِ الْبَعِيرِ، فَأَخْبَرْتُهُ بِمَا صَنَعْتُ فِيهِ، فَلاَمَنِي فِيهِ، قَالَ: وَقَدْ كَانَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم قَالَ لِي حِينَ اسْتَأْذَنْتُهُ: «مَا تَزَوّجْتَ؟ أَبِكْراً أَمْ ثَيّباً؟» فَقُلْتُ لَهُ: تَزَوّجْتُ ثَيّباً، قَالَ: «أَفَلاَ تَزَوّجْتَ بِكْراً تُلاَعِبُكَ وَتُلاَعِبُهَا؟» فَقُلْتُ لَهُ: يَا رَسُولَ اللّهِ تُوُفّيَ وَالِدِي (أَوِ اسْتُشْهِدَ) وَلِي أَخَوَاتٌ صِغَارٌ، فَكَرِهْتُ أَنْ أَتَزَوّجَ إِلَيْهِنّ مِثْلَهُنّ، فَلاَ تُؤَدّبُهُنّ وَلاَ تَقُومُ عَلَيْهِنّ، فَتَزَوّجْتُ ثَيّباً لِتَقُومَ عَلَيْهِنّ وَتُؤَدّبَهُنّ، قَالَ: فَلَمّا قَدِمَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم الْمَدِينَةَ، غَدَوْتُ إِلَيْهِ بِالْبَعِيرِ، فَأَعْطَانِي ثَمَنَهُ، وَرَدّهُ عَلَيّ.

جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن بىللە ئۇرۇشقا قاتناشقان ئىدىم، بىز ئۇرۇشتىن قايتقاندا مەن بىزنىڭ سۇ تۇشۇيدىغان تۆگىنىڭ ئۈستىدە كىلىۋاتاتتىم، ئۇتۆگە شۇنداق قاتتىق ھېرىپ قالغانكى، ماڭالمىغلى تاس ـ تاس قالاتتى، ئارقام تەرەپتىن رەسۇلۇللاھ كىلىپ؛ تۆگەڭگە نىمە بولدى؟دېدى، مەن؛ قاتتىق ھېرىپ قالدى دېسەم، رەسۇلۇللاھ تۆگىنىڭ ئارقىسىغا ئۆتۈپ، چوھ!دەپ تۆگىگە ۋارقىراپ قويۇپ ئاندىن دۇئا قىلىپ قويدى، شۇنىڭ بىلەن مىنىڭ تۆگەم ھەممە تۆگىلەرنىڭ ئالدىدا ماڭدى، رەسۇلۇللاھ ماڭا؛ ئەمدى تۆگەڭنى قانداقراق كۆردۈڭ؟دېدى، مەن؛ ئىنتايىن ياخشى، تۆگەمگە سىلىنىڭ دۇئالىرىنىڭ بەركىتى يەتتى دېسەم، رەسۇلۇللاھ؛تۆگەڭنى ماڭا 40 دەرھەمگە ساتامسەن؟دېدى، مەن تۆگەمنى مەدىنىگە مىنىپ كىلىۋېلىش شەرتى بىلەن رەسۇلۇللاھقا ساتتىم، تاغام بۇنى ئاڭلاپ ماڭا تاپا قىلدى، رەسۇلۇللاھ مەدىنىگە كەلگەندە، مەن تۆگەمنى ئەتىگەندە ئېلىپ باردىم، ئاندىن ماڭا تۆگىنىڭ پۇلىنى بىرىپ،تۆگەمنىمۇ ماڭا قايتۇرۇپ بەردى......ئاخرى يۇقىردا ئۆتكەن.بۇخارى،مۇسلىم.

4057 ـ 4058 ـ4059 ـ4060 ـ بۇھەدىسلەر يۇقىرقىغا ئوخشاشتۇر. پەقەت بۇنىڭدا 200دەرھەم دېگەن پۇلنىڭ مىقدارى ئوخشمايدۇ.

**4061 ـ حدّثنا عُبَيْدُ اللّهِ بْنُ مُعَاذٍ الْعَنْبَرِيّ: حَدّثَنَا شُعْبَةُ، عَنْ مُحَارِبٍ أَنّهُ سَمِعَ جَابِرَ بْنَ عَبْدِ اللّهِ يَقُولُ: اشْتَرَى مِنّي رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم بَعِيراً بِوُقِيّتَيْنِ وَدِرْهَمٍ أَوْ دِرْهَمَيْنِ، قَالَ: فَلَمّا قَدِمَ صِرَاراً أَمَرَ بِبَقَرَةٍ فَذُبِحَتْ، فَأَكَلُوا مِنْهَا، فَلَمّا قَدِمَ الْمَدِينَةَ أَمَرَنِي أَنْ آتِيَ الْمَسْجِدَ فَأُصَلّيَ رَكْعَتَيْنِ، وَوَزَنَ لِي ثَمَنَ الْبَعِيرِ فَأَرْجَحَ لِي.**

**4062 ـ حدّثني يَحْيَى بْنُ حَبِيبٍ الْحَارِثِيّ: حَدّثَنَا خَالِدُ بْنُ الْحَارِثِ: حَدّثَنَا شُعْبَةُ: أَخْبَرَنَا مُحَارِبٌ، عَنْ جَابِرٍ عَنِ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم بِهَـذِهِ الْقِصّةِ غَيْرَ أَنّهُ قَالَ: فَاشْتَرَاهُ مِنّي بِثَمَنٍ قَدْ سَمّاهُ، وَلَمْ يَذْكُرِ الْوُقِيّتَيْنِ وَالدّرْهَمَ وَالدّرْهَمَيْنِ، وَقَالَ: أَمَرَ بِبَقَرَةٍ فَنُحِرَتْ، ثُمّ قَسَمَ لَحْمَهَا.**

جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم تۆگەمنى 81 ياكى 82 دەرھەم كۈمۈش پۇلغا سېتىۋېلىپ، سىرار دېگەن جايغا كەلگەندە بىر كالا ئۆلتۈرۈشكە بۇيرۇپ، ئۇنىڭ گۆشىدىن يەپ، مەدىنىگە كەلگەندە منى مەسجىدكە بېرىپ، ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇشۇمغا بۇيرۇپ، ماڭا تۆگەمنىڭ پۇلنى ئېغىرراق تارتىپ بەردى.

**4063 ـ حدّثنا أَبُو بَكْرِ بْنُ أَبِي شَيْبَةَ: حَدّثَنَا ابْنُ أَبِي زَائِدَةَ، عَنِ ابْنِ جُرَيْجٍ، عَنْ عَطَاءٍ، عَنْ جَابِرٍ أَنّ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم قَالَ لَهُ: «قَدْ أَخَذْتُ جَمَلَكَ بِأَرْبَعَةِ دَنَانِيرَ، وَلَكَ ظَهْرُهُ إِلَى الْمَدِينَةِ».**

جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ماڭا؛ تۆگەڭنى تۆت دىنار ئالتۇنغا ئالدىم، سەن ئۇنىڭغا مىنىپ مەدىنىگە بېرىۋالساڭ بولىدۇ، دېگەن ئىدى.

### *709 ـ باب من استسلف شيئاً فقضى خيراً منه، و«خيركم أحسنكم قضاء»*

### قەرز ئېلىپ ئۇنىڭدىن ياخشىراقىنى قايتۇرغان كىشىنىڭ ئەڭ ياخشى كىشى بولىدىغانلىقى توغرىسىدا

**4064 ـ حدّثنا أَبُو الطّاهِرِ أَحْمَدُ بْنُ عَمْرِو بْنِ سَرْحٍ: أَخْبَرَنَا ابْنُ وَهْبٍ، عَنْ مَالِكِ ابْنِ أَنَسٍ، عَنْ زَيْدِ بْنِ أَسْلَمَ، عَنْ عَطَاءِ بْنِ يَسَارٍ، عَنْ أَبِي رَافِعٍ أَنّ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم اسْتَسْلَفَ مِنْ رَجُلٍ بَكْراً فَقَدِمَتْ عَلَيْهِ إِبِلٌ مِنْ إِبِلِ الصّدَقَةِ، فَأَمَرَ أَبَا رَافِعٍ أَنْ يَقْضِيَ الرّجُلَ بَكْرَهُ، فَرَجَعَ إِلَيْهِ أَبُو رَافِعٍ فَقَالَ: لَمْ أَجِدْ فِيهَا إِلاّ خِيَاراً رَبَاعِياً، فَقَالَ: «أَعْطِهِ إِيّاهُ، إِنّ خِيَارَ النّاسِ أَحْسَنُهُمْ قَضَاءً».**

**4065 ـ حدّثنا أَبُو كُرَيْبٍ: حَدّثَنَا خَالِدُ بْنُ مَخْلَدٍ، عَنْ مُحَمّدِ بْنِ جَعْفَرٍ: سَمِعْتُ زَيْدَ بْنَ أَسْلَمَ: أَخْبَرَنَا عَطَاءُ بْنُ يَسَارٍ، عَنْ أَبِي رَافِعٍ مَوْلَى رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم، قَالَ: اسْتَسْلَفَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم بَكْراً، بِمِثْلِهِ، غَيْرَ أَنّهُ قَالَ: «فَإِنّ خَيْرَ عِبَادِ اللّهِ أَحْسَنُهُمْ قَضَاءً».**

ئىرباز ئىبنى سارىيە، ئەبۇراپىئ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىركىشىدىن بىر بوتلاق تۆگىنى قەرز ئالدى، ئاندىن رەسۇلۇللاھ قا زاكات تۆگىللىرى كەلدى، ئاندىن منى ھېلىقى كىشىنىڭ بوتلاق تۆگىسىنى بېرىۋېتىشكە بۇيرىدى، مەن: مەن پەقەت زاكات تۆگىللىرىدىن تۆت چىشلىق ياخشى تۆگىنىلا تاپتىم دىسەم، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ماڭا: سەن ئۇ ياخشى تۆگىنى ھېلىقى بوتلاق تۆگىنىڭ بەدىلگە بېرىۋەرگىن، چۈنكى كىشلەرنىڭ ئەڭ ياخشىسى، يەنەبىردە؛ **الله** نىڭ بەندىللىرىنىڭ ئەڭ ياخشىسى قەرزنى ئادا قىلىشتا ياخشى بولغىنىدۇر،دىدى. مۇسلىم، ئىبنى ماجە.بۇ جازايىننى مەقسەت قىلماستىن بەلكى ياخشىلىقتۇر.

**4066 ـ حدّثنا مُحَمّدُ بْنُ بَشّارِ بْنِ عُثْمَانَ الْعَبْدِيّ: حَدّثَنَا مُحَمّدُ بْنُ جَعْفَرٍ: حَدّثَنَا شُعْبَةُ، عَنْ سَلَمَةَ بْنِ كُهَيْلٍ، عَنْ أَبِي سَلَمَةَ، عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ قَالَ: كَانَ لِرَجُلٍ عَلَى رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم حَقّ، فَأَغْلَظَ لَهُ، فَهَمّ بِهِ أَصْحَابُ رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم، فَقَالَ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم: «إِنّ لِصَاحِبِ الْحَقّ مَقَالاً»، فَقَالَ لَهُمْ: «اشْتَرُوا لَهُ سِنّا فَأَعْطُوهُ إِيّاهُ» فَقَالُوا: إِنّا لاَ نَجِدُ إِلاّ سِنّا هُوَ خَيْرٌ مِنْ سِنّهِ، قَالَ: «فَاشْتَرُوهُ فَأَعْطُوهُ إِيّاهُ، فَإِنّ مِنْ خَيْرِكُمْ ــــ أَوْ خَيْرَكُمْ ــــ أَحْسَنُكُمْ قَضَاءً».**

**4067 ـ حدّثنا أَبُو كُرَيْبٍ: حَدّثَنَا وَكِيعٌ عَنْ عَلِيّ بْنِ صَالِحٍ، عَنْ سَلَمَةَ بْنِ كُهَيْلٍ، عَنْ أَبِي سَلَمَةَ، عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ قَالَ: اسْتَقْرَضَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم سِنّا، فَأَعْطَى سِنّا فَوْقَهُ، وَقَالَ: «خِيَارُكُمْ مَحَاسِنُكُمْ قَضَاءً».**

**4068 ـ حدّثنا مُحَمّدُ بْنُ عَبْدِ اللّهِ بْنِ نُمَيْرٍ: حَدّثنَا أَبِي: حَدّثنَا سُفْيَانُ عَنْ سَلَمَةَ بْنِ كُهَيْلٍ، عَنْ أَبِي سَلَمَةَ، عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ قَالَ: جَاءَ رَجُلٌ يَتَقَاضَىَ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم بَعِيراً، فَقَالَ: «أَعْطُوهُ سِنّا فَوْقَ سِنّهِ»، وَقَالَ: «خَيْرُكُمْ أَحْسَنُكُمْ قَضَاءً».**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، بىركىشى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم دىن ئېلىشنى ئېلىش ئۈچۈن، قەرز سۈيلەپ كېلىپ، قاتتىق قوپاللىق قىلدى، ساھابىلار ئۇنى ئەدەپلەپ قويۇشنى مەقسەت قىلغاندا، رەسۇلۇللاھ: ئۇنى قويىۋېتىڭلار، سۆز قىلغىلى قويۇڭلار، ھەققەتەن ھەق ئىگىسىنىڭ سۆز قىلىش ھوقۇقى بولىدۇ، سىلەر ئۇنىڭ ئۈچۈن بىر دانە تۆگە سېتىۋېلىپ، ئۇنى ئۇنىڭغا بېرىڭلار دېدى. ئۇلار؛ بىز ئۇنىڭ تۆگىسىدىن يېشى جەھەتتە ئەبزەلرەك تۆگىنىلا تاپتۇق دېگەندە، رەسۇلۇللاھ:سىلەر ئۇنى سېتىۋېلىپ، بۇكىشىگە بېرىۋېرىڭلار، چۈنكى سىلەرنىڭ ئەڭ ياخشىڭلار، قەرزنى ئادا قىلىشتا ياخشى بولغىنىڭلاردۇر،دېدى. بۇخارى،مۇسلىم، تىرمىزى.

### *710 ـ باب جواز بيع الحيوان بالحيوان، من جنسه، متفاضلا*

### بىر ھايۋاننى شۇنىڭ جىنسىدىن بولغان ياخشىراق يەنەبىر ھايۋانغا نەخ ساتسا دۇرۇس بولىدۇ.

**4069 ـ حدّثنا يَحْيَى بْنُ يَحْيَى التّمِيمِيّ وَ ابْنُ رُمْحٍ قالاَ: أَخْبَرَنَا اللّيْثُ، ح وَحَدّثَنِيهِ قُتَيْبَةُ بْنُ سَعِيدٍ: حَدّثنَا لَيْثٌ عَنْ أَبِي الزّبَيْرِ، عَنْ جَابِرٍ قَالَ: جَاءَ عَبْدٌ فَبَايَعَ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم عَلَى الْهِجْرَةِ، وَلَمْ يَشْعُرْ أَنّهُ عَبْدٌ، فَجَاءَ سَيّدُهُ يُرِيدُهُ، فَقَالَ لَهُ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم: «بِعْنِيهِ» فَاشْتَرَاهُ بِعَبْدَيْنِ أَسْوَدَيْنِ، ثُمّ لَمْ يُبَايِعْ أَحَداً بَعْدُ، حَتّى يَسْأَلَهُ «أَعَبْدٌ هُوَ؟».**

جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، بىر قۇل كېلىپ، ھىجرەت قىلىشقا، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە بەيئەت قىلدى، رەسۇلۇللاھ ئۇنىڭ قۇل ئىكەنلىكىنى بىلمىدى، ئاندىن ئۇنىڭ خوجايىنى كېلىپ، ئۇقۇلنى ئېلىپ كېتىشنى مەقسەت قىلدى، رەسۇلۇللاھ ئۇنىڭغا: ئۇنى ماڭا سېتىپ بەرگىن دەپ، ئۇنى قارا تەنلىك ئىككى قۇلغا سېتىۋالدى، شۇنىڭدىن كېيىن قۇلمۇ؟ ياكى ھۆرمۇ؟ سوراپ باقمىغىچە، ھېچ كىشىگە بەيئەت قىلمىدى.

سەمۇرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھايۋاننى يەنەبىر ھايۋانغا نىسى سېتىشتىن توسقان. ئەھمەد، زىيائۇلمەقدەسى ، ن،ت،ئە،ئىبنى ماجە تۆت كىتاب توپلىغان، سەھىھ.

جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھايۋانلارنى، بىرنى ئىككىگە نەخمۇ ــ نەخ، قولمۇ ــ قول ئالماشتۇرسا گۇناھ يوق. ئەھمەد، ئىبنى ماجە.

### *711 ـ باب الرهن وجوازه في الحضر والسفر*

### سەپەردە ۋە مۇقۇم تۇرغاندىمۇ رەنىگە نەرسە قويۇشنىڭ دۇرۇسلىقى توغرىسىدا

**4070 ـ حدّثنا يَحْيَىَ بْنُ يَحْيَىَ وَ أَبُو بَكْرِ بْنُ أَبِي شَيْبَةَ وَ مُحَمّدُ بْنُ الْعَلاَءِ (وَاللّفْظُ لِيَحْيَىَ) (قَالَ يَحْيَىَ: أَخْبَرَنَا، وَقَالَ الاَخَرَانِ: حَدّثنَا أَبُو مُعَاوِيَةَ) عَنِ الأَعْمَشِ، عَنْ إِبْرَاهِيمَ، عَنِ الأَسْوَدِ، عَنْ عَائِشَةَ قَالَتْ: اشْتَرَىَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم مِنْ يَهُودِيَ طَعَاماً بِنَسِيئَةٍ، فَأَعْطَاهُ دِرْعاً لَهُ، رَهْناً.**

**4071 ـ حدّثنا إِسْحَقُ بْنُ إِبْرَاهِيمَ الْحَنْظَلِيّ وَ عَلِيّ بْنُ خَشْرَمٍ، قالاَ: أَخْبَرَنَا عِيسَى بْنُ يُونُسَ عَنِ الأَعْمَشِ، عَنْ إِبْرَاهِيمَ، عَنِ الأَسْوَدِ، عَنْ عَائِشَةَ قَالَتْ: اشْتَرَىَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم مِنْ يَهُودِيّ طَعَاماً، وَرَهَنَهُ دِرْعاً مِنْ حَدِيدٍ.**

**4072 ـ4073 ـ حدّثنا إِسْحَقُ بْنُ إِبْرَاهِيمَ الْحَنْظَلِيّ: أَخْبَرَنَا الْمَخْزُومِيّ: حَدّثَنَا عَبْدُ الْوَاحِدِ بْنُ زِيَادٍ عَنْ الأَعْمَش قال: ذَكَرْنَا الرّهْنَ فِي السّلَم عِنْدَ إِبْرَاهِيمَ النّخَعِيّ، فقال: حَدّثَنَا الأَسْوَدُ بْنُ يَزِيدَ عَنْ عَائِشَةَ أَنّ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم اشْتَرَىَ مِنْ يَهُودِيّ طعاماً إِلَىَ أَجَلٍ، وَرَهَنَهُ دِرْعاً لَهُ مِنْ حَدِيدٍ.**

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھ ا مۇنداق دەيدۇ؛ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىر يەھۇدىيدىن مەلۇم مۇددەتكىچە تائام ئاشلىق سېتىۋېلىپ، ئۇنىڭغا تۆمۈردىن ياسالغان ئۆزىنىڭ جەڭ كىيىمىنى رەنگە قويغان ئىدى. بۇخارى،مۇسلىم بىرلىككە كەلگەن.

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ؛ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ، تۆمۈردىن ياسالغان ئۆزىنىڭ جەڭ كىيىمى، 30 سا ئارپىغا، بىر يەھۇدىينىڭ يېنىدا رەنگە قويۇلغان ھالدا ۋاپات تاپتى. بۇخارى.

## 712 - باب السلم

## تارازا ـ كەمچەنلىرىنى، ۋاقتىنى ئېنىق قىلىپ مالغا ئالدىن پۇل بېرىش توغرىسىدا

**4074 ـ حدّثنا يَحْيَىَ بْنُ يَحْيَىَ وَ عَمْرٌو النّاقِدُ (وَاللّفْظُ لِيَحْيَى) (قَالَ عَمْرٌو: حَدّثَنَا، وَقَالَ يَحْيَى: أَخْبَرَنَا سُفْيَانُ بْنُ عُيَيْنَةَ) عَنِ ابْنِ أَبِي نَجِيحٍ، عَنْ عَبْدِ اللّهِ بْنِ كَثِيرٍ، عَنْ أَبِي الْمِنْهَالِ، عَنِ ابْنِ عَبّاسٍ قال: قَدِمَ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم الْمَدِينَةَ، وَهُمْ يُسْلِفُونَ فِي الثّمَارِ، السّنَةَ وَالسّنَتَيْنِ فقال: «مَنْ سلفَ فِي تَمْرٍ، فَلْيُسْلِفْ فِي كَيْلٍ مَعْلُومٍ، وَوَزْنٍ مَعْلُومٍ، إِلَىَ أَجَلٍ مَعْلُومٍ».**

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مەدىنىگە كەلگەندە، كىشىلەر بەيئى سەلەم قىلىپ، مېۋىگە بىر يىللىق، ئىككى ـ ئۈچ يىللىق ئالدىن پۇل بىرەتتى، ئاندىن مۇنداق دېگەن: كىم بىرەر نەرسىگە بەيئى سەلەم قىلىپ ئالدىن پۇل بەرسە، مەلۇم كەمچەن، مەلۇم ۋەزنە، مەلۇم ئەجەلگە، ۋاختى مەلۇم، جىلڭ، ۋەزنىنى مەلۇم قىلىپ پۇل بەرسۇن. (نەرقىنى ئۆزلىرى شۇ ۋاختىكى نەرقى بويىنچە بېكىتىدۇ). ئەھمەد، بەيھەقى،بۇخارى،مۇسلىم، تۆت كىتاب توپلىغان، سەھىھ. جىلڭ سانىنى ،ۋاقتىنى،ئورنىنى بېكىتىپ، پۇلنى ئالدىن بىرىپ ، مالنى كىيىن ئالىدۇ،لىكىن ئالدامچىلىق، ساختىپەزلىك، ھىيلە ـ مىكىر،جازاينە ـ ئۇسۇم بولماسلىقى لازىم.

**4075 ـ حدّثنا شَيْبَانُ بْنُ فَرّوخَ: حَدّثَنَا عَبْدُ الْوَارِثِ، عَنِ ابْنِ أَبِي نَجِيحٍ: حَدّثَنِي عَبْدُ اللّهِ بْنُ كَثِيرٍ عَنْ أَبِي الْمِنْهَالِ، عَنِ ابْنِ عَبّاسٍ قَالَ: قَدِمَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم وَالنّاسُ يُسْلِفُونَ، فَقَالَ لَهُمْ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: «مَنْ أَسْلَفَ فَلاَ يُسْلِفْ إِلاّ فِي كَيْلٍ مَعْلُومٍ، وَوَزْنٍ مَعْلُومٍ».**

**4076 ـ4077 ـ حدّثنا يَحْيَىَ بْنُ يَحْيَىَ و أَبُو بَكْرِ بْنُ أَبِي شَيْبَةَ وَ إِسْمَاعِيلُ بْنُ سَالِمٍ، جَمِيعاً عَنِ ابْنِ عُيَيْنَةَ، عَنِ ابْنِ أَبِي نَجِيحٍ بِهَذَا الإِسْنَادِ، مِثْلَ حَدِيثِ عَبْدِ الْوَارِثِ، ولَمْ يَذْكُرْ: «إِلَىَ أَجَلٍ مَعْلُومٍ».**

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مەدىنىگە كەلگەندە، كىشىلەر بەيئى سەلەم قىلىپ، مېۋىگە بىر يىللىق، ئىككى ـ ئۈچ يىللىق ئالدىن پۇل بىرەتتى، ئاندىن رەسۇلۇللاھ ئۇلارغا مۇنداق دېگەن: كىم بىرەر نەرسىگە بەيئى سەلەم قىلىپ ئالدىن پۇل بەرسە، مەلۇم كەمچەن، مەلۇم ۋەزنە، مەلۇم ئەجەلگە، ۋاختى مەلۇم، جىلڭ، ۋەزنىنى مەلۇم قىلىپ پۇل بەرسۇن.

713 - باب تحريم الاحتكار في الأقوات

## ئاشلىقنى مونوپول قىلىۋېلىشنىڭ هاراملىقى توغرىسىدا

4078 ـ حدّثنا عَبْدُ اللهِ بْنُ مَسْلَمَةَ بْن قعْنَبٍ: حَدّثَنَا سُلَيْمَانُ (يَعْنِي ابْنَ بِلاَلٍ) عَنْ يَحْيَى (وَهُوَ ابْنُ سَعِيدٍ) قالَ: كَانَ سَعِيدُ بْنُ الْمُسَيّبِ يُحَدّثُ أنّ مَعْمَراً قالَ: قالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: «مَنِ احْتَكَرَ فَهُوَ خَاطِىءٌ» فَقِيلَ لِسَعِيدٍ: فَإنّكَ تَحْتَكِرُ؟ قالَ سَعِيدٌ: إنّ مَعْمَراً الّذِي كَانَ يُحَدّثُ هَذَا الْحَدِيثَ كَانَ يَحْتَكِرُ.

سەئىد ئىبنى مۇسەييىبتىن، مەئمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاشلىقنى پەقەت خاتالاشقۇچى كىشىلا، مونوپول قىلىۋېلىپ، ساتماي يىغىۋالىدۇ.«ئاشلىقنى باھاسى ئۆسكەندە ساتىمەن دەپ، مونوپول قىلىۋالغان كىشى قەستەن خاتالاشقۇچىدۇر». سەئىد ئىبنى مۇسەييىبكە؛ سەن (ياغنى)ئىھتىكار قىلىپ ساقلايدىكەنسەنغۇ؟دېيىلگەندە، ئۇ؛ مۇشۇ ھەدىسنى سۆزلەپ بەرگەن مەئمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمۇ (ياغنى)ئىھتىكار قىلىپ ساقلايتتى.يەنى باھاسى ئۆسكەندە ساتاتتى دېدى. ئەھمەد، مۇسلىم، نەسەئى، ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ماجە سەھىھ.بۇنەھى ئاشلىققا خاستۇر دېگەنلەر بار.ئەمما ھەرقانداق نەرسىدە ئىھتىيات قىلىڭلار.

4079 – 4080 ـحدّثنا سَعِيدُ بْنُ عَمْرٍو الأَشْعَثِيّ: حَدّثَنَا حَاتِمُ بْنُ إسْمَاعِيلَ، عَنْ مُحَمّدِ بْنِ عَجْلاَنَ، عَنْ مُحَمّدِ بْنِ عَمْرِو بْنِ عَطاءٍ، عَنْ سَعِيدِ بْنِ الْمُسَيّبِ، عَنْ مَعْمَر بْنِ عَبْدِ اللّهِ عَنْ رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم قالَ: «لاَ يَحْتَكِرُ إلاّ خَاطِىءٌ».

مەئمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاشلىقنى پەقەت خاتالاشقۇچى كىشىلا، مونوپول قىلىۋېلىپ، ساتماي يىغىۋالىدۇ. (بۇ كىشى قەستەن خاتالاشقۇچىدۇر). ئەھمەد، مۇسلىم، نەسەئى، ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ماجە تولپىلغان، سەھىھ.

714 - باب النهي عن الحلف في البيع

## تىجارەت سودىسىدا قەسەم قىلىشتىن چەكلەش توغرىسىدا

4081 ـ حدّثنا زُهَيْرُ بْنُ حَرْبٍ، حَدّثَنَا أَبُو صَفْوَانَ الأَمَوِيّ، ح وَحَدّثَنِي أَبُو الطَاهِرِ وَ حَرْمَلَةُ بْنُ يَحْيَى، قالاَ: أَخْبَرَنَا ابْنُ وَهْبٍ، كِلاَهُمَا عَنْ يُونُسَ، عَنِ ابْنِ شِهَابٍ، عَنِ ابْنِ الْمُسَيّبِ أَنّ أَبَا هُرَيْرَةَ قالَ: سَمِعْتُ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم يَقُولُ: «الْحَلِفُ مَنْفَقَةٌ لِلسّلْعَةِ، مَمْحَقَةٌ لِلرّبْحِ».

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: قەسەم قىلىپ سېتىش، تىجارەتنى ئۇبدان راۋاجلاندۇرىدۇ، ماللارنى ئوبدان ساتتۇرىدۇ، لېكىن، پايدا، بەرىكەتنى ئۇچۇرىۋېتىدۇ . بەيھەقى،بۇخارى، مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

4082 ـ حدّثنا أَبُو بَكْرِ بْنُ أَبِي شَيْبَةَ وَ أَبُو كُرَيْبٍ وَ إسْحَقُ بْنُ إبْرَاهِيمَ (وَاللّفْظ لابْنِ أَبِي شَيْبَةَ) (قالَ إسْحَقُ: أَخْبَرَنَا، وَقالَ الآخَرَانِ: حَدّثَنَا أَبُو أُسَامَةَ) عَنِ الْوَلِيدِ بْنِ كَثِيرٍ، عَنْ مَعْبَدِ بْنِ كَعْبِ بْنِ مَالِكٍ، عَنْ أَبِي قَتَادَةَ الأَنْصَارِيّ أَنّهُ سَمِعَ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم يَقُولُ: «إيّاكُمْ وَكَثْرَةَ الْحَلِفِ فِي الْبَيْعِ، فَإنّهُ يُنَفّقُ ثُمّ يَمْحَقُ».

ئەبۇ قەتادە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن، بەيئى سۇدىدا قەسەمنى كۆپ قىلىشتىن ھەزەر قىلىڭلار، ھەقىقەتەن ئۇ كۆرۈنۈشكە سودىنى ئاقتۇرغاندەك قىلسىمۇ، ئاندىن كېيىن بەرىكىتىنى ئۇچۇرۇۋېتىدۇ، مالنى ھالاك قىلىۋېتىدۇ. ئەھمەد، مۇسلىم، نەسەئى، ئىبنى ماجە ، سەھىھ.

## 715 - باب الشفعة

## شۇپئەت ھوقۇقى (شېرىكتاچىلىق) توغرىسىدا

**4083 - حدّثنا أحْمَدُ بْنُ يُونُس: حَدّثنَا زُهَيْرٌ: حَدّثنَا أبُو الزّبَيْر، عَنْ جَابِرٍ، ح وَحَدّثنَا يَحْيَى بْنُ يَحْيَى: أخْبَرَنَا أبُو خَيْثمَة عَنْ أبي الزّبَيْر، عَنْ جَابِرٍ قالَ: قالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: «مَنْ كَانَ لَهُ شَرِيكٌ فِي رَبْعَةٍ أوْ نَخْلٍ، فَلَيْسَ لَهُ أنْ يَبِيعَ حَتّى يُؤْذِنَ شَرِيكَهُ، فَإنْ رَضِيَ أخَذَ، وَإنْ كَرِهَ تَرَكَ».**

جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىمنىڭ بىرەر زېمىندا تۇرالغۇ جاي، ئۆي، قورۇدا ياكى خورمازارلىقدا، باغلاردا شېرىكى بولسا، ئۆز نېسۋىسىنى ساتىدىغانلىقىنى شېرىكىگە بىلدۈرۈپ قويماي تۇرۇپ، تەكلەپ باقماي تۇرۇپ ئۇنى سېتىشى دۇرۇس ئەمەس، شېرىكى رازى بولسا، شۇ باھاغا ئالىدۇ، ئەگەر سېتىۋېلىشنى ياقتۇرمىسا، تەرىك ئېتىدۇ. ئاندىن ساتسا دۇرۇس بولىدۇ.

**4084 - حدّثنا أبُو بَكْرِ بْنُ أبِي شَيْبَةَ وَ مُحَمّدُ بْنُ عَبْدِ اللّهِ بْنِ نُمَيْرٍ وَ إسْحَقُ بْنُ إبْرَاهِيمَ (وَاللّفْظُ لابْنِ نُمَيْرٍ) (قَالَ إسْحَقُ: أخْبَرَنَا، وَقَالَ الآخَرَان: حَدّثنَا عَبْدُ اللّهِ بْنُ إدْرِيس)، حَدّثنَا ابْنُ جُرَيْجٍ، عَنْ أبِي الزّبَيْر، عَنْ جَابِرٍ قالَ: قَضَى رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم بِالشّفْعَةِ فِي كُلّ شِرْكَةٍ لَمْ تُقْسَمْ، رَبْعَةٍ أوْ حَائِطٍ، لاَ يَحِلّ لَهُ أنْ يَبِيعَ حَتّى يُؤْذِنَ شَرِيكَهُ، فَإنْ شَاءَ أخَذَ وَإنْ شَاءَ تَرَكَ، فَإذَا بَاعَ وَلَمْ يُؤْذِنْهُ فَهُوَ أحَقّ بِهِ.**

جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم شۇپئەتكە مۇنداق ھۆكۈم قىلغان: ھەرقانداق شېرىكچىلىكتىكى تەقسىم قىلىنىپ بولمىغان ئۆي ــ زېمىندا ، تېرىلغۇ يەر ، باغ - بوستاندا، شېرىكىنىڭ، خوشنىسىنىڭ شۇپئەت ھوقۇقى بولىدۇ، (يەنى باشقىلاردىن بۇرۇن ئېتىۋار باھادا، ئەرزانراق سېتىۋېلىش ھوقۇقى بولىدۇ )، مال ئىگىسىنىڭ ؛ شېرىكىگە مالنى ئالامسىز؟ دەپ تەكلەپ باقمىغىچە ، سېتىشى دۇرۇس ئەمەس، شېرىكى، ياكى خوشنىسى خالىسا ئالىدۇ، خالىسا باشقىلارغا ئۆتۈنۈپ بېرىدۇ، ئەگەر مال ئىگىسى شېرىكىدىن ئىزنى سورىمايلا مالنى سېتىۋەتسە، ئۇنىڭ شېرىكى، ئىزنى، رۇخسەت بەرگەنگە قەدەر مالغا شۇ لايىق، ھەقلىقراقتۇر . مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

**4085 - وحدّثني أبُو الطّاهِرِ: أخْبَرَنَا ابْنُ وَهْبٍ، عَن ابْنِ جُرَيْجٍ أنّ أبَا الزّبَيْرِ أخْبَرَهُ أنّهُ سَمِعَ جَابِرَ بْنَ عَبْدِ اللّهِ يَقُولُ: قَالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: «الشّفْعَةُ فِي كُلّ شِرْكٍ فِي أرْضٍ أوْ رَبْعٍ أوْ حَائِطٍ، لاَ يَصْلُحُ أنْ يَبِيعَ حَتّى يَعْرِضَ عَلَى شَرِيكِهِ فَيَأْخُذَ أوْ يَدَعَ، فَإنْ أبَى فَشَرِيكُهُ أحَقّ بِهِ حَتّى يُؤْذِنَهُ».**

جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەرقانداق شېرىكچىلىكتە، ئۆي ــ زېمىندا ، تېرىلغۇ يەر باغ - بوستاندا، شېرىكىنىڭ، خوشنىسىنىڭ شۇپئەت ھوقۇقى بولىدۇ، (يەنى

باشقىلاردىن بۇرۇن ئېتىۋار باھادا، ئەرزانراق سېتىۋېلىش ھوقۇقى بولىدۇ )، مال ئىگىسىنىڭ شېرىكىگە مالنى ئالامسىز؟ دەپ تەكلىپ باقمىغىچە سېتىشى دۇرۇس ئەمەس، شېرىكى، يا كى خوشنىسى يا ئالىدۇ، يا باشقىلارغا ئۆتۈنۈپ بېرىدۇ، ئەگەر مال ئىگىسى ئۇنىمىسا، (يەنى سورمايلا ساتسا)ئۇنىڭ شېرىكى، ئىزنى، رۇخسەت بەرگەنگە قەدەر مالغا شۇشىرىكى لايىق، ھەقلىقراقتۇر، مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

## 716 – باب غرز الخشب في جدار الجار

## خوشنىسىنىڭ تېمىغا ياغاچ يۆلەپ سېلىشنىڭ دۇرۇسلىقى توغرىسىدا

4086 –4087 – حدّثنا يَحْيَى بْنُ يَحْيَى قالَ: قرَأتُ عَلَى مَالِكٍ، عَنِ ابْنِ شِهَابٍ، عَنْ الأعْرَجِ، عَنْ أبي هُرَيْرَةَ أنّ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم قالَ: «لاَ يَمْنَعْ أحَدُكُمْ جَارَهُ أنْ يَغْرِزَ خَشَبَةً فِي جِدَارِهِ»، قالَ: ثُمّ يَقُولُ أبُو هُرَيْرَةَ: مَا لِي أرَاكُمْ عَنْهَا مُعْرِضِينَ؟ وَاللّهِ لأرْمِيَنّ بِهَا بَيْنَ أكْتَافِكُمْ.

ئەبۇ ھۇرەيرە، ئىبنى ئابباس، مەجمەئ ۋە ئەنسارىلاردىن نۇرغۇن ساھابە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇلاردىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: خوشنا ئولتۇرغان كىشى، خوشنىسىنى تېمىغا ياغاچ يۆلەشتىن توسمىسۇن. ئەبۇ ھۇرەيرە؛سىلەرگە نىمە بولدى؟ سىلەر يۈز ئۆرۈۋاتىسىلەرغۇ؟ مەن بۇ ھەدىسنى ئۇچۇق بايان قىلىپ تاغاقلىرىڭلارغا ئېتىپ ئارتىپ قويىمەن دېدى. بەيھەقى، ئەھمەد،بۇخارى،مۇسلىم، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.( يەنى خوشنىسىنى تېمىغا ياغاچ يۆلەشدىن دېگىنى، تېمىنى بىر تام ھېسابلاپ، ئۆي سېلىشدىن، تېمىغا ياغاچ يۆلەپ، ئۆگزىسىنى يېپىشدىن توسمىسۇن دېگەنمۇ بولىدۇ).

## 717 – باب تحريم الظلم وغصب الأرض وغيرها

## زۇلۇم قىلىشنىڭ ۋە ئوغۇرلۇق قىلىشنىڭ، يەرنى بۇلاپ ئېلىۋېلىشنىڭ ھاراملىقى توغرىسىدا

4088 – حدّثنا يَحْيَى بْنُ أيّوبَ وَ قُتَيْبَةُ بْنُ سَعِيدٍ وَ عَلِيّ بْنُ حُجْرٍ قالُوا: حَدّثَنَا إسْمَاعِيلُ (وَهُوَ ابْنُ جَعْفَرٍ) عَنِ الْعَلاَءِ بْنِ عَبْدِ الرّحْمَنِ، عَنْ عَبّاسِ بْنِ سَهْلِ بْنِ سَعْدٍ السّاعِدِيّ، عَنْ سَعِيدِ بْنِ زَيْدِ بْنِ عَمْرِو بْنِ نُفَيْلٍ أنّ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم قالَ: «مَنِ اقْتَطَعَ شِبْراً مِنَ الأرْضِ ظُلْماً، طَوّقَهُ اللّهُ إيّاهُ يَوْمَ الْقِيَامَةِ مِنْ سَبْعِ أرَضِينَ».

سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم ھەقسىز زۇلۇم قىلىپ، زېمىندىن بىر غېرىچ بۇلۇۋېلىۋالسا، قىيامەت كۈنى ئاللاھتائالا ئۇنىڭ بوينىغا يەتتە زېمىننى يۆگەشتۈرۈپ، كۆتۈرگۈزۈپ قويىدۇ.ۋائىل رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم بىرەر زېمىننى زۇلۇم قىلغان ھالدا بۇلىۋېلىۋالسا، ئۇ كىشى ئاللاھ بىلەن، ئاللاھ ئۇ كىشىگە غەزەپ قىلغان ھالدا ئۇچرىشىدۇ، (يەنى ئاللاھ قاتتىق غەزەپ قىلىدۇ). ئەھمەد،

4089 – حدّثني حَرْمَلَةُ بْنُ يَحْيَى: أخْبَرَنَا عَبْدُ اللّهِ بْنُ وَهْبٍ: حَدّثَنِي عُمَرُ بْنُ مُحَمّدٍ أنّ أبَاهُ حَدّثَهُ، عَنْ سَعِيدِ بْنِ زَيْدِ بْنِ عَمْرِو بْنِ نُفَيْلٍ أنّ أرْوَى خَاصَمَتْهُ فِي بَعْضِ دَارِهِ فقَالَ: دَعُوهَا وَإيّاهَا، فَإنّي سَمِعْتُ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم يَقُولُ: «مَنْ أخَذَ شِبْراً مِنَ الأرْضِ بِغَيْرِ حَقّهِ، طُوّقَهُ فِي سَبْعِ أرَضِينَ يَوْمَ الْقِيَامَةِ»، اللّهُمّ إنْ كَانَتْ كَاذِبَةً، فَأعْمِ بَصَرَهَا، وَاجْعَلْ قَبْرَهَا فِي دَارِهَا،

قالَ: فَرَأَيْتُهَا عَمْيَاءَ تَلْتَمِسُ الْجُدُرَ، تَقُولُ: أَصَابَتْنِي دَعْوَةُ سَعِيدِ بْنِ زَيْدٍ، فَبَيْنَمَا هِيَ تَمْشِي فِي الدّارِ مَرّتْ عَلَى بِئْرٍ فِي الدّارِ، فَوَقَعَتْ فِيهَا، فَكَانَتْ قَبْرَهَا.

4090 ـ حدّثنا أَبُو الرّبِيعِ الْعَتَكِيّ: حَدّثَنَا حَمّادُ بْنُ زَيْدٍ عَنْ هِشَامِ بْنِ عُرْوَةَ، عَنْ أَبِيهِ أَنّ أَرْوَى بِنْتَ أُوَيْسٍ ادّعَتْ عَلَى سَعِيدِ بْنِ زَيْدٍ أَنّهُ أَخَذَ شَيْئاً مِنْ أَرْضِهَا، فَخَاصَمَتْهُ إِلَى مَرْوَانَ بْنِ الْحَكَمِ، فَقَالَ سَعِيدٌ: أَنَا كُنْتُ آخُذُ مِنْ أَرْضِهَا شَيْئاً بَعْدَ الّذِي سَمِعْتُ مِنْ رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم؟ قَالَ: وَمَا سَمِعْتَ مِنْ رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم؟ قَالَ: سَمِعْتُ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم يَقُولُ: «مَنْ أَخَذَ شِبْراً مِنَ الأَرْضِ ظُلْماً طُوّقَهُ إِلَى سَبْعِ أَرَضِينَ»، فَقَالَ لَهُ مَرْوَانُ: لاَ أَسْأَلُكَ بَيّنَةً بَعْدَ هَذَا فَقَالَ: اللّهُمّ إِنْ كَانَتْ كَاذِبَةً فَعَمّ بَصَرَهَا وَاقْتُلْهَا فِي أَرْضِهَا، قَالَ: فَمَا مَاتَتْ حَتّى ذَهَبَ بَصَرُهَا، ثُمّ بَيْنَا هِيَ تَمْشِي فِي أَرْضِهَا إِذْ وَقَعَتْ فِي حُفْرَةٍ فَمَاتَتْ.

ئۇرۋەت ئىبنى زۇبەير رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: ئۇۋەيسنىڭ قىزى ئەرۋا مەرۋاننىڭ قېشىغا؛ سەئىيدئىبنى زەيد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مىنىڭ زېمىنمنى ئېلىۋالدى دەپ داۋالششىپ،ئەرز قىلىپ باردى، سەئىيد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ؛ مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن ھەدىس ئاڭلاپ تۇرۇپمۇ، ئۇنىڭ زېمىندىن بىرەر نەرسىنى ئېلىۋالامەنمۇ؟دېدى، مەرۋان؛سەن رەسۇلۇللاھتىن قانداق ھەدىسنى ئاڭلىغان؟دەپ سوردى، ئۇ؛مەن رەسۇلۇللاھنىڭ:«كىم زۇلۇم قىلىپ باشقىلارنىڭ زېمىندىن بىر غېرىچ جاينى ئېلىۋالسا، ئۇنىڭ بويىنىغا يەتتەقات زېمىن يۆگەشتۈرلۈپ قويىلىدۇ»دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىدىم دېدى، مەرۋان؛ مەن سەندىن مۇشۇ ھەدىستىن باشقا يەنە بىرەر ھۆججەت تەلەپ قىلمايمەن دېدى، سەئىيد؛ئى الله! ئەگەر بۇ ئايال يالغانچى بولسا، ئۇنىڭ كۆزىنى ئەئما قىلىپ قويسىلا، ئۇنىڭ ئۆز زېمىنىدا جېنىنى ئالسىلا دېدى، ئۇ ئايال ئەئما بولماي تۇرۇپ ئۆلمىدى، (يەنى ئەئما بولۇپ قېلىپ)، ئاندىن ئۆز زېمىنىدا كېتىۋېتىپ، تۈيۇقسىز قۇدۇققا چۈشۈپ كېتىپ، ئۆز زېمىنىدا ئۆلدى، يەنەبىردە؛ ئۇئايال ئەئما بولۇپ قېلىپ، تامنى سىلاپ مېڭىپ؛ماڭا سەئىدنىڭ دۇئاسى يەتتى، دەيتتى. ئۇ ئايال كېتىۋېتىپ، ھېلىقى داۋالاشقان ھويلىنىڭ ئىچىدىكى قۇدۇققا چۈشۈپ كېتىپ ئۆلدى، قۇدۇق ئۇنىڭ قەبرىسى بولۇپ قالدى دېيىلگەن.بۇخارى،مۇسلىم.

4091 ـ حدّثنا أَبُو بَكْرِ بْنُ أَبِي شَيْبَةَ: حَدّثَنَا يَحْيَى بْنُ زَكَرِيّاءَ بْنِ أَبِي زَائِدَةَ، عَنْ هِشَامٍ، عَنْ أَبِيهِ، عَنْ سَعِيدِ بْنِ زَيْدٍ قَالَ: سَمِعْتُ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم يَقُولُ: «مَنْ أَخَذَ شِبْراً مِنَ الأَرْضِ ظُلْماً، فَإِنّهُ يُطَوّقُهُ يَوْمَ الْقِيَامَةِ مِنْ سَبْعِ أَرَضِينَ».

ئەبۇ ھۇرەيرە،سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم ھەقسىز زۇلۇم قىلىپ، زېمىندىن بىر غېرىچ ئېلىۋالسا، قىيامەت كۈنى ئاللاھتائالا ئۇنىڭ بويىنىغا يەتتە زېمىننى يۆگەشتۈرۈپ، كۆتۈرگۈزۈپ قويىدۇ.

4092 ـ وحدّثني زُهَيْرُ بْنُ حَرْبٍ: حَدّثَنَا جَرِيرٌ، عَنْ سُهَيْلٍ، عَنْ أَبِيهِ، عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ قَالَ: قَالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: «لاَ يَأْخُذُ أَحَدٌ شِبْراً مِنَ الأَرْضِ بِغَيْرِ حَقّهِ، إِلاّ طَوّقَهُ اللّهُ إِلَى سَبْعِ أَرَضِينَ يَوْمَ الْقِيَامَةِ».

## سەھىھ مۇسلىمنىڭ تەرجىمىسى

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم ھەقسىز زۇلۇم قىلىپ، زېمىندىن بىر غېرىچ ئېلىۋالسا، قىيامەت كۈنى ئالللاھتائالا ئۇنىڭ بوينىغا يەتتە زېمىننى يۈگەشتۈرۈپ، كۆتۈرگۈزۈپ قويىدۇ.

**4093 ـ4094 ـ حدّثنا أحْمَدُ بْنُ إبْرَاهِيمَ الدّوْرَقِيّ: حَدّثَنَا عَبْدُ الصّمَدِ (يَعْنِي ابْنَ عَبْدِ الْوَارِثِ) حَدّثَنَا حَرْبٌ (وَهُوَ ابْنُ شَدّادٍ) حَدّثَنَا يَحْيَىَ (وَهُوَ ابْنُ أبي كَثِيرٍ) عَنْ مُحَمّدِ بْنِ إبْرَاهِيمَ أنّ أبَا سَلَمَةَ حَدّثَهُ، وَكَانَ بَيْنَهُ وَبَيْنَ قَوْمِهِ خُصُومَةٌ فِي أرْضٍ، وَأنّهُ دَخَلَ عَلَىَ عَائِشَةَ فذَكَرَ ذَلِكَ لَهَا فقالَتْ: يَا أبَا سَلَمَةَ اجْتَنِب الأرْضَ فإنّ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم قالَ: «مَنْ ظَلَمَ قِيدَ شِبْرٍ مِنَ الأرْضِ طُوّقَهُ مِنْ سَبْعِ أرَضِينَ».**

ئائىشە، سەئىد ئىبنى زەيد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمەدىن، ئۇ زېمىن داۋاسى توغرىسىدا سورىغان كىشىگە؛ زېمىندىن يىراقراق تۇرغىن، چۈنكى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم بىر غېرىچ زېمىنغا زۇلۇم قىلسا، يەنى بىر غېرىچ زېمىننى زۇلۇم قىلىپ ئېلىۋالسا، ئۇ كىشىنىڭ بوينىغا يەتتە زېمىن يۈگەشتۈرۈلۈپ قويۇلىدۇ،دېدى. ئەھمەد، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ. زېمىن يەتتە، بۇنىڭ توغرىسىنى ئالللاھ ئۆزى بىلىدۇ. تەپسىردىن كۆرۈلىك.

***718 – باب قدر الطريق إذا اختلفوا فيه***

### پىيتىشمىغاندا يولنى كەڭرىتىشنىڭ مىقدارى توغرىسىدا

**4095 ـ حدّثني أبُو كَامِلٍ فُضَيْلُ بْنُ حُسَيْنٍ الْجَحْدَرِيّ: حَدّثنَا عَبْدُ الْعَزِيزِ بْنُ الْمُخْتَارِ: حَدّثنَا خَالِدٌ الْحَذّاءُ، عَنْ يُوسُفَ بْنِ عَبْدِ اللّهِ، عَنْ أبِيهِ، عَنْ أبِي هُرَيْرَةَ أنّ النّبيّ صلى الله عليه وسلم قالَ: «إذَا اخْتَلَفْتُمْ فِي الطّرِيقِ ، جُعِلَ عَرْضُهُ سَبْعَ أذْرُعٍ».**

ئەبۇ ھۇرەيرە، ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملاردىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: يولغا سىغىشماي سوقۇشۇپ كەتكەندەك بولساڭلار، يولنى يەتتە گەز قىلىڭلار، يەنى 3 ـ 4 مېتىر قىلىڭلار، ئەھمەد، مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى، ئىبنى ماجە، بەيھەقىلەر توپلىغان، سەھىھ، (يەنە سىغىشمىسا، يەنە كەڭرى قىلسا بولىدۇ، مۇسۇلمانلار ياخشى دېگەن ئىش ياخشى بولىدۇ).

## 24 – كتاب الفرائض مىراسنىڭ كىتابى

***719 – باب***

**4096 ـ حدّثنا يَحْيَى بْنُ يَحْيَىَ وَ أبُو بَكْرِ بْنُ أبِي شَيْبَةَ وَ إسْحَقُ بْنُ إبْرَاهِيمَ (وَاللّفْظُ لِيَحْيَى) (قالَ يَحْيَىَ: أخْبَرَنَا، وَقالَ الاَخَرَانِ: حَدّثنَا ابْنُ عُيَيْنَةَ) عَنِ الزّهْرِيّ، عَنْ عَلِيّ بْنِ حُسَيْنٍ، عَنْ عَمرِو بْنِ عُثْمَانَ، عَنْ أسَامَةَ بْنِ زَيْدٍ أنّ النّبيّ صلى الله عليه وسلم قالَ: «لاَ يَرِثُ الْمُسْلِمُ الْكَافِرَ، وَلاَ يَرِثُ الْكَافِرُ الْمُسْلِمَ».**

ئۇسامە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مۇسۇلمان كىشى كاپىرغا ۋارىس بولالمايدۇ، كاپىركىشى، مۇسۇلمانغا ۋارىس بولالمايدۇ. ئەھمەد، بەيھەقى، بۇخارى،مۇسلىم، تۆت كىتاب توپلىغان، سەھىھ. بەزى خاتىردە؛ ئىككى دىن، ئىككى مىللەت ئەھلى بىر ـ بىرىگە ۋارىس بولشالمايدۇ دېگەن.

### 720 ـ باب ألحقوا الفرائض بأهلها فما بقي فلأولى رجل ذكر

4097 ـ حدّثنا عَبْدُ الأعْلَى بْنُ حَمّادٍ (وَهُوَ النّرْسِيّ): حَدّثنَا وُهَيْبٌ، عَنِ ابْنِ طاوُسٍ، عَنْ أبيهِ، عَنِ ابْنِ عَبّاسٍ قالَ: قالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: «ألْحِقُوا الْفَرائِضَ بِأهْلِهَا، فَمَا بَقِيَ فَهُوَ لأوْلَى رَجُلٍ ذَكَرٍ».

4098 ـ حدّثنا أمَيّةُ بْنُ بِسْطامَ الْعَيْشِيّ: حَدّثنَا يَزِيدُ بْنُ زُرَيْعٍ: حَدّثنَا رَوْحُ بْنُ الْقاسِمِ عَنْ عَبْدِ اللّهِ بْنِ طاوُسٍ، عَنْ أبيهِ، عَنِ ابْنِ عَبّاسٍ عَنْ رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم قالَ: «ألْحِقُوا الْفَرائِضَ بِأهْلِهَا، فَمَا تَرَكَتِ الْفَرائِضُ فَلأوْلَى رَجُلٍ ذَكَرٍ».

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن ؛ مىراس مېلىنى مىراس ئەھلىگە تەككۈزۈڭلار، مىراس مېلىدىن ئېشىپ قالسا، مىيىتكە ئەڭ يېقىن ئەر كىشىگە بېرىلىدۇ، شۇ لايىقتۇر، ئەھمەد، بەيھەقى، بۇخارى،مۇسلىم،تىرمىزى تويلىغان، سەھىھ.

4099 ـ 4100 ـ حدّثنا إسْحَقُ بْنُ إبْرَاهِيمَ وَ مُحَمّدُ بْنُ رَافِعٍ وَ عَبْدُ بْنُ حُمَيْدٍ (وَاللّفْظُ لابْنِ رَافِعٍ) (قالَ إسْحَقُ: حَدّثنَا، وَقالَ الآخَرَانِ: أخْبَرَنَا عَبْدُ الرّزّاقِ): أخْبَرَنَا مَعْمَرٌ، عَنِ ابْنِ طاوُسٍ، عَنْ أبيهِ، عَنِ ابْنِ عَبّاسٍ قالَ: قالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: «اقْسِمُوا الْمَالَ بَيْنَ أهْلِ الْفَرَائِضِ عَلَى كِتَابِ اللّهِ، فَمَا تَرَكَتِ الْفَرَائِضُ فَلأوْلَى رَجُلٍ ذَكَرٍ».

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مىراس مېلىنى، مىراس ئەھلىنىڭ ئارىسىغا، ئاللاھنىڭ كىتابى قۇرئانغا ئاساسەن تەقسىم قىلىپ بېرىڭلار، ئاللاھنىڭ كىتابىدىكى مىراس تەقسىماتىدىن ئېشىپ قالغان مال بولسا، مىيىتكە يېقىن ئەر كىشىگە بېرىلىدۇ، مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ماجە تويلىغان،سەھىھ. ئالىملار؛ مىراس تەقسىماتىدىن ئېشىپ قالغان، ئارتۇق چىقىدىغان مال، مىيىتنىڭ ئەڭ يېقىن كىشىسىگە بولۇپمۇ ئەر كىشىگە بېرىلىدۇ دېگەنگە ئىجمائقا كەلدى، ئەر كىشى بولمىسا، ئايال كىشى تۇغقىنىغا بېرىلىدۇ، ئەلۋەتتە شۇنداق، «زەكەرىن دېگەن سۆز ئەر لايىق دېگەنگە تەكىت تەنبىھدۇر».

### 721 ـ باب ميراث الكلالة

### ئاتا ـ ئانىسى، باللىرى يوق كىشىنىڭ مىراسى توغرىسىدا

4101 ـ حدّثنا عَمْرُو بْنُ مُحَمّدِ بْنِ بُكَيْرٍ النّاقِدُ: حَدّثنَا سُفْيَانُ بْنُ عُيَيْنَةَ عَنْ مُحَمّدِ بْنِ الْمُنْكَدِرِ، سَمِعَ جَابِرَ بْنَ عَبْدِ اللّهِ قالَ: مَرِضْتُ فَأتَانِي رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم وَأبُو بَكْرٍ يَعُودَانِي، مَاشِيَيْنِ، فَأُغْمِيَ عَلَيّ، فَتَوَضّأ ثُمّ صَبّ عَلَيّ مِنْ وَضُوئِهِ، فَأفَقْتُ، قُلْتُ: يَا رَسُولَ اللّهِ كَيْفَ أقْضِي فِي مَالِي؟ فَلَمْ يَرُدّ عَلَيّ شَيْئاً، حَتّى نَزَلَتْ آيَةُ الْمِيرَاثِ: {يَسْتَفْتُونَكَ قُلِ اللّهُ يُفْتِيكُمْ فِي الْكَلاَلَةِ}(4النساء الآية: 176).

جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېيدۇ؛مەن كېسەل بولۇپ قالغاندا رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئەبۇبەكرى بىلەن بىللە پىيادە ماڭغان ھالدا مېنى يوقلاپ كەپتۇ، مەن ئۇشۇمدىن كىتىپتىمەن، رەسۇلۇللاھ تاھارەت ئېلىپ، تاھارىتىنىڭ ئاشقان سۈيىنى ماڭا چاچقاندا ھوشۇمغا كىلىپ؛ ئى الله نىڭ ئەلچىسى! مەن مال ـ مۈلۈكۈمگە قانداق ھۆكۈم قىلىمەن؟دېسەم، رەسۇلۇللاھ ماڭا «(ئى مۇھەممەد!)ئۇلار سەندىن (ئاتا ـ ئانىسى، باللىسى يوق مىيىتنىڭ مىراسى توغرۇلۇق)سورىشىدۇ، ئەيتقىنكى بۇتوغرىسىدا الله پەتىۋا بېرىدۇ، ........»دېگەن مىراس ئايىتى نازىل بولمىغىچە جاۋاپ قايتۇرمىدى.

4102 ـ4104 ـ حدّثني مُحمّدُ بْنُ حَاتِمِ بْنِ مَيْمُونٍ: حَدّثنَا حَجّاجُ بْنُ مُحمّدٍ: حَدّثنَا ابْنُ جُرَيْجٍ، قالَ: أَخْبَرَنِي ابْنُ الْمُنْكَدِرِ عَنْ جَابِرِ بْنِ عَبْدِ اللّهِ قالَ: عَادَنِي النّبيّ صلى الله عليه وسلم وَأَبُو بَكْرٍ فِي بَنِي سَلِمَةَ يَمْشِيَانِ، فَوَجَدَنِي لاَ أَعْقِلُ، فَدَعَا بِمَاءٍ فَتَوَضّأَ، ثُمّ رَشّ عَلَيّ مِنْهُ فَأَفَقْتُ، فَقُلْتُ: كَيْفَ أَصْنَعُ فِي مَالِي؟ يَا رَسُولَ اللّهِ فَنَزَلَتْ: {يُوصِيكُمُ اللّهُ فِي أَوْلاَدِكُمْ لِلذّكَرِ مِثْلُ حَظّ الأُنْثَيَيْنِ} (4النساء الآية: 11).

4103 ـ حدّثنا عُبَيْدُ اللّهِ بْنُ عُمَرَ الْقَوَارِيرِيّ: حَدّثنَا عَبْدُ الرّحْمَنِ (يَعْنِي ابْنَ مَهْدِيّ)، حَدّثنَا سُفْيَانُ قَالَ: سَمِعْتُ مُحَمّدَ بْنَ الْمُنْكَدِرِ قَالَ: سَمِعْتُ جَابِرَ بْنَ عَبْدِ اللّهِ يَقُولُ: عَادَنِي رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم، وَمَعَهُ أَبُو بَكْرٍ، مَاشِيَيْنِ، فَوَجَدَنِي قَدْ أُغْمِيَ عَلَيّ، فَتَوَضّأَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم، ثُمّ صَبّ عَلَيّ مِنْ وَضُوئِهِ فَأَفَقْتُ، فَإِذَا رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم، فَقُلْتُ: يَا رَسُولَ اللّهِ كَيْفَ أَصْنَعُ فِي مَالِي؟ فَلَمْ يَرُدّ عَلَيّ شَيْئاً، حَتّىَ نَزَلَتْ آيَةُ الْمِيرَاثِ: {يوصيكم الله في أولادكم}.

جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېيدۇ؛مەن كېسەل بولۇپ قالغاندا رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئەبۇبەكرى بىلەن بىللە پىيادە ماڭغان ھالدا مېنى يوقلاپ كەپتۇ، ئۇلار قېشىمغا كەلگەندە مەن ئۇشۇمدىن كېتىپتىمەن، رەسۇلۇللاھ تاھارەت ئېلىپ، تاھارىتىنىڭ ئاشقان سۈيىنى ماڭا چاچقاندا ھۇشۇمغا كېلىپ؛ ئى الله نىڭ ئەلچىسى! مەن مال ـ مۈلۈكۈمگە قانداق ھۆكۈم قىلىمەن؟ ماللىرىمنى قانداق قىلىمەن؟دېسەم، «الله باللىرىڭلار(غا تېگىدىغان مىراس)ھەققىدە تەۋسىيە قىلىدۇكى، بىر ئەرگە ئىككى ئايالنىڭ ھەسسى تېگىدۇ....» دېگەن مىراس ئايىتى نازىل بولدى.

4105 ـ 4106 ـ4107 ـ حدّثنا مُحَمّدُ بْنُ أَبِي بَكْرٍ الْمُقَدّمِيّ وَ مُحَمّدُ بْنُ الْمُثَنّى (وَاللّفْظُ لابْنِ الْمُثَنّى) قالاَ: حَدّثنَا يَحْيَى بْنُ سَعِيدٍ، حَدّثنَا هِشَامٌ، حَدّثنَا قَتَادَةُ عَنْ سَالِمِ بْنِ أَبِي الْجَعْدِ، عَنْ مَعْدَانَ ابْنِ أَبِي طَلْحَةَ أَنّ عُمَرَ بْنَ الْخَطّابِ خَطَبَ يَوْمَ جُمُعَةٍ، فَذَكَرَ نَبِيّ اللّهِ صلى الله عليه وسلم، وَذَكَرَ أَبَا بَكْرٍ، ثُمّ قَالَ: إِنّي لاَ أَدَعُ بَعْدِي شَيْئاً أَهَمّ عِنْدِي مِنَ الْكَلاَلَةِ، مَا رَاجَعْتُ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم فِي شَيْءٍ مَا رَاجَعْتُهُ فِي الْكَلاَلَةِ، وَمَا أَغْلَظَ لِي فِي شَيْءٍ مَا أَغْلَظَ لِي فِيهِ، حَتّىَ طَعَنَ بِإِصْبَعِهِ فِي صَدْرِي، وَقَالَ: «يَا عُمَرُ أَلاَ تَكْفِيكَ آيَةُ الصّيْفِ الّتِي فِي آخِرِ سُورَةِ النّسَاءِ؟» وَإِنّي إِنْ أَعِشْ أَقْضِ فِيهَا بِقَضِيّةٍ، يَقْضِي بِهَا مَنْ يَقْرَأُ الْقُرْآنَ وَمَنْ لاَ يَقْرَأُ الْقُرْآنَ.

ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ جۈمئە كۈنى خۇتبە ئوقۇپ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم نى ۋە ئەبۇبەكرىنى تىلغا ئېلىپ، ئاندىن «مەن كەتكەندىن كېيىن مېنىڭ نەزىرىمدە ئاتا ـ ئانىسى، بالىسى يوق مېيىتنىڭ مىراسىدىنمۇ مۇھىمراق بىرەر نەرسىنى قالدۇرمايمەن، مەن رەسۇلۇللاھ تىن ئاتا ـ ئانىسى، بالىسى يوق مېيىتنىڭ مىراسى توغرىسىدا مۇراجىئەت قىلىشىپ قايتا ـ قايتا سوئال سورىغاندەك، بىرەر نەرسە ھەققىدە سوئال سوراپ باقمىغان ئىدىم، رەسۇلۇللاھمۇ ماڭا بۇھەقتە ئاچچىقلانغاندەك بىرەر نەرسە ھەققىدە ئاچچىقلانمىغان ئىدى، ھەتتا بارمىقى بىلەن كۆكسىمگە چېكىپ تۇرۇپ؛ ئى ئۆمەر!ساڭا سۈرە نىسائىنىڭ ئەڭ ئاخىردىكى ياز ۋاقتىسى نازىل بولغان ئايەت كۇپايە قىلمامدۇ؟دېدى. ئەگەر مەن يەنەياشاپ ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈپ قالسام، بۇھەقتە ئۇچۇق ھۆكۈم قىلىمەنكى، قۇرئان ئوقۇيالايدىغان ۋە قۇرئان ئوقۇيالمايدىغان ھەرقانداق كىشى مېنىڭ شۇھۆكمىم بىلەن ھۆكۈم قىلالايدۇ،دېدى.

### 722 ـ باب آخر آية أنزلت آية الكلالة

### ئەڭ ئاخىردا نازىل قىلىنغان سۈرە ۋە ئايەت توغرىسىدا

4108 ـ حدّثنا عَلِيّ بْنُ خَشْرَمٍ: أَخْبَرَنَا وَكِيعٌ، عَنْ ابْنِ أَبِي خَالِدٍ، عَنْ أَبِي إِسْحَقَ، عَنِ الْبَرَاءِ قَالَ: آخِرُ آيَةٍ أُنْزِلَتْ مِنَ الْقُرْآنِ: {يَسْتَفْتُونَكَ قُلِ اللّهُ يُفْتِيكُمْ فِي الْكَلاَلَةِ}.

4109 ـ حدّثنا مُحَمّدُ بْنُ الْمُثَنّى وَ ابْنُ بَشّارٍ قالاَ: حَدّثنا مُحَمّدُ بْنُ جَعْفَرٍ: حَدّثنا شُعْبَةُ، عَنْ أَبي إِسْحَقَ قَالَ: سَمِعْتُ الْبَرَاءَ بْنَ عَازِبٍ يَقُولُ: آخِرُ آيَةٍ أُنْزِلَتْ، آيَةُ الْكَلاَلَةِ، وَآخِرُ سُورَةٍ أُنْزِلَتْ بَرَاءَةُ.

بەررائى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ قۇرئاندىن ئەڭ ئاخىردا نازىل قىلىنغان ئايەت «(ئى مۇھەممەد!)ئۇلار سەندىن (ئاتا ـ ئانىسى، بالىسى يوق مىيىتنىڭ مىراسى توغرۇلۇق)سورىشىدۇ، ئەيتقىنكى بۇتوغرىسىدا الله پەتىۋا بېرىدۇ، ........»دېگەن مىراس ئايىتىدۇر. ئەڭ ئاخىردا نازىل بولغان سۈرە «سۈرە بەرائەتتۇر».

4110 ـ4111 ـ4112 ـ حدّثنا إِسْحَقُ بْنُ إِبْرَاهِيمَ الْحَنْظَلِيّ: أَخْبَرَنَا عِيسَىَ (وَهُوَ ابْنُ يُونس)، حَدّثنا زَكَرِيّاءُ عَنْ أَبي إِسْحَقَ، عَنِ الْبَرَاءِ أَنّ آخِرَ سُورَةٍ أُنْزِلَتْ تَامّةً سُورَةُ التّوْبَةِ، وَأَنّ آخِرَ آيَةٍ أُنْزِلَتْ آيَةُ الْكَلاَلَةِ.

بەررائى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ قۇرئاندىن ئەڭ ئاخىردا كامىل،تولۇق نازىل بولغان سۈرە «سۈرە تۆۋبە يەنى بەرائەتتۇر». ئەڭ ئاخىردا نازىل قىلىنغان ئايەت «(ئى مۇھەممەد!)ئۇلار سەندىن (ئاتا ـ ئانىسى، بالىسى يوق مىيىتنىڭ مىراسى توغرۇلۇق)سورىشىدۇ، ئەيتقىنكى بۇتوغرىسىدا الله پەتىۋا بېرىدۇ، ...»دېگەن مىراس ئايىتىدۇر.

## 723 ـ باب من ترك مالاً فلورثته

## كىم مال قالدۇرسا، بۇمال شۇكىشىنىڭ ۋارىسلىرىنىڭ بولىدۇ،دېگەن توغرىسىدا

4113 ـ4114 ـ وحدّثني زُهَيْرُ بْنُ حَرْبٍ: حَدّثنا أَبُو صَفْوَانَ الأُمَوِيّ، عَنْ يُونُسَ الأَيْلِيّ، ح وَحَدّثني حَرْمَلَةُ بْنُ يَحْيَىَ (وَاللّفْظُ لَهُ) قالَ: أَخْبَرَنَا عَبْدُ اللّهِ بْنُ وَهْبٍ، أَخْبَرَنِي يُونُسُ عَنِ ابْنِ شِهَابٍ، عَنْ أَبي سَلَمَةَ بْنِ عَبْدِ الرّحْمَنِ، عَنْ أَبي هُرَيْرَةَ أَنّ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم كَانَ يُؤْتَىَ بِالرّجُلِ الْمَيّتِ، عَلَيْهِ الدّيْنُ، فَيَسْأَلُ: «هَلْ تَرَكَ لِدَيْنِهِ مِنْ قَضَاءٍ؟» فَإِنْ حُدّثَ أَنّهُ تَرَكَ وَفَاءً صَلّىَ عَلَيْهِ، وَإِلاّ قَالَ: «صَلّوا عَلَىَ صَاحِبِكُمْ»، فَلَمّا فَتَحَ اللّهُ عَلَيْهِ الْفُتُوحَ قَالَ: «أَنَا أَوْلَىَ بِالْمُؤْمِنِينَ مِنْ أَنْفُسِهِمْ، فَمَنْ تُوُفّيَ وَعَلَيْهِ دَيْنٌ فَعَلَيّ قَضَاؤُهُ، وَمَنْ تَرَكَ مَالاً فَهُوَ لِوَرَثَتِهِ».

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە، گەردىنىدە قەرز قالدۇرۇپ قويۇپ ۋاپات تاپقان كىشى كەلتۈرۈلسە، «ئۇكىشى قەرزى ئۈچۈن ئادا قىلغىدەك نەرسە قالدۇرۇپتىمۇ؟» دەيتتى، ئەگەر ھەئە قەرزىنى ئادا قىلغىدەك نەرسە قالدۇرۇپتۇ دېيىلسە، ئۇنىڭ نامىزىنى ئوقۇيتتى، ئەگەر ھېچ نەرسە قالدۇرماپتۇ دېيىلسە، مۇسۇلمانلارغا؛ «ھەمراھىڭلارغا ئۆزۈڭلار ناماز چۈشۈرۈڭلار» دەيتتى، الله تائالا رەسۇلۇللاھقا نۇرغۇن غەلبە ئىشغاللارنى ئاتا قىلغاندا، كىشىلەر ئارىسىدا تۇرۇپ مۇنداق دىگەن: «مەن مۆئمىنلەرگە ئۇلارنىڭ جېنىدىنمۇ ئەۋلاراق، مۆئمىنلەردىن كىم ۋاپات تېپىپ قەرىز قالدۇرسا، ئۇنى مەن ئۇستۇمگە ئېلىپ تۆلەيمەن، كىم مال ــ دۇنيا قالدۇرسا، ئۇ مال، ئۇنىڭ ۋارىسىنىڭ بولىدۇ.ئەھمەد، نەسەئى، بەيھەقى،بۇخارى،مۇسلىم، ئىبنى ماجە.

4115 ـ حدّثني مُحَمّدُ بْنُ رَافِعٍ: حَدّثنا شَبَابَةُ قَالَ: حَدّثَنِي وَرْقَاءُ عَنْ أَبي الزّنَادِ، عَنِ الأَعْرَجِ، عَنْ أَبي هُرَيْرَةَ عَنِ النّبيّ صلى الله عليه وسلم قَالَ: «وَالّذِي نَفْسُ مُحَمّدٍ بِيَدِهِ إِنْ عَلَى الأَرْضِ مِنْ مُؤْمِنٍ إِلاّ أَنَا أَوْلَى النّاسِ بِهِ، فَأَيّكُمْ مَا تَرَكَ دَيْناً أَوْ ضَيَاعاً فَأَنَا مَوْلاَهُ، وَأَيّكُمْ تَرَكَ مَالاً فَإِلَى الْعَصَبَةِ مَنْ كَانَ».

4116 ـ حدّثنا مُحَمّدُ بْنُ رَافِعٍ: حَدّثنا عَبْدُ الرّزّاقِ: أَخْبَرَنَا مَعْمَرٌ، عَنْ هَمّامِ بْنِ مُنَبّهٍ قَالَ: هَذَا مَا حَدّثنا أَبُو هُرَيْرَةَ عَنْ رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم، فَذَكَرَ أَحَادِيثَ مِنْهَا، وَقَالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: «أَنَا أَوْلَى النّاسِ بِالْمُؤْمِنِينَ فِي كِتَابِ اللّهِ عَزّ وَجَلّ، فَأَيّكُمْ مَا تَرَكَ دَيْناً أَوْ ضَيْعَةً فَادْعُونِي، فَأَنَا وَلِيّهُ، وَأَيّكُمْ مَا تَرَكَ مَالاً فَلْيُؤْثَرْ بِمَالِهِ عَصَبَتُهُ، مَنْ كَانَ».

4117 ـ4118 ـ حدّثنا عُبَيْدُ اللّهِ بْنُ مُعَاذٍ الْعَنْبَرِيّ: حَدّثَنَا أبي: حَدّثَنَا شُعْبَةُ عَنْ عَدِيَ أنهُ سَمِعَ أبَا حَازِمٍ عَنْ أبي هُرَيْرَةَ عَنِ النّبيّ صلى الله عليه وسلم أنّهُ قَالَ: «مَنْ تَرَكَ مَالاً فَلِلْوَرَثَةِ، وَمَنْ تَرَكَ كَلاّ فَإِلَيْنَا».

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: مەن مۆئمىن كىشىلەرگە ئۇلارنىڭ جېنىدىنمۇ ئەۋلاراق، مۆئمىنلەردىن كىم ۋاپات تېپىپ قەرز قالدۇرسا، ئادا قىلغىدەك نەرسە قالدۇرمىغان بولسا، ئۇنى مەن ئۈستۈمگە ئېلىپ تۆلەيمەن، كىم مال ــ دۇنيا قالدۇرسا، ئۇ مال ئۇنىڭ ۋارىسىنىڭ بولىدۇ. كىم قەرز ياكى بالا ــ چاقا ئەھلىنى قالدۇرسا، ئۇلار مىنى چاقىرسۇن، قېشىمغا كەلسۇن، مەن ئۇنىڭ ئىگىسى، كىم مال ــ مۈلۈك قالدۇرسا، ئۇ ۋارىسلىرىنىڭ بولىدۇ، كىم ئەھلىنى، ئائىلىسىنى، يېتىم باللىرىنى، قەرزنى قالدۇرسا، ئۇ ئاللاھقا ۋە ئاللاھنىڭ ئەلچىسىگە بولىدۇ، مانا مەن تۆلەيمەن، مەن ۋارىس يوق كىشىگە ۋارىس بولىمەن، ئۇنىڭ دىيەت، تۆلەم پۇلىنى بەيتۇلمالدىن تۆلىشىپ بىرىمەن، ھەم مىلىغا ۋارىس بولىمەن، چۈنكى ئۇنىڭ ۋارىس بولىدىغان كىشىسى يوق، ئانا تەرەپ تاغىمۇ ۋارىس يوق كىشىگە ۋارىس بولالايدۇ، ۋارىس بولغاچ ئۇنىڭ خاتا قاتىللىق قىلغان چاغدىكى دىيەت، تۆلەم پۇلىنىمۇ تۆلىشىپ بىرىدۇ.             ئەھمەد، نەسەئى، بەيھەقى،بۇخارى،مۇسلىم، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ. دىنى رەھبەر، قۇماندان، ئەنە شۇنداق بولۇپ، دىنى خادىملارنى خاتىرجەم قىلىشى لازىم. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: مەن ئاللاھنىڭ كىتابىدا، مۆئمىنلەرگە ئىگە بولۇشتا ئەڭ لايىق ئەۋلادۇرمەن، قايسى بىرىڭلار قەرز ياكى بالا ــ چاقا ئەھلىنى قالدۇرسا، ئۇلار مىنى چاقىرسۇن، قېشىمغا كەلسۇن، مەن ئۇنىڭ ئىگىسى (قەرزنى تۆلەيمەن، يېتىم باللىرىغا ئىگە بولىمەن) قايسىڭلار مال ــ دۇنيا قالدۇرسا، ئۇنىڭ مىلىغا دادا تەرەپ يېقىن تۇغقان ۋارىس بولسۇن ياكى ۋارىسلار ئالىدۇ، مۇسلىم     3042 ــ ھەدىس، مۇسلىم  3042 ــ ھەدىس، بۇخارى، تىرمىزى، ئەھمەد، دارمىيلار توپلىغان، سەھىھ.

## 25 ـ كتاب الهبات     سەدىقە ـ ئېھسان، سوغا ـ سالام توغرىسىدا

### 724 ـ باب كراهة شراء الإنسان ما تصدق به ممن تصدق عليه

### سەدىقە ـ ئېھسان قىلغان نەرسىنى سېتىۋېلىشنىڭ مەكرۇھلىقى توغرىسىدا

4119 ـ حدّثنا عَبْدُ اللّهِ بْنُ مَسْلَمَةَ بْنِ قَعْنَبٍ، حَدّثَنَا مَالِكُ بْنُ أَنَسٍ عَنْ زَيْدِ بْنِ أَسْلَمَ، عَنْ أَبِيهِ أَنّ عُمَرَ بْنَ الْخَطّابِ قَالَ: حَمَلْتُ عَلَىَ فَرَسٍ عَتِيقٍ فِي سَبِيلِ اللّهِ، فَأَضَاعَهُ صَاحِبُهُ، فَظَنَنْتُ أَنّهُ بَائِعُهُ بِرُخْصٍ، فَسَأَلْتُ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم عَنْ ذَلِكَ؟ فَقَالَ: «لاَ تَبْتَعْهُ وَلاَ تَعُدْ فِي صَدَقَتِكَ، فَإِنّ الْعَائِدَ فِي صَدَقَتِهِ كَالْكَلْبِ يَعُودُ فِي قَيْئِهِ».

4120 ـ وحَدّثنيهِ زُهَيْرُ بْنُ حَرْبٍ: حَدّثَنَا عَبْدُ الرّحْمَنِ (يَعْنِي ابْنَ مَهْدِيَ) عَنْ مَالِكِ بْنِ أَنَسٍ بِهَذَا الإِسْنَادِ، وَزَادَ: «لاَ تَبْتَعْهُ وَإِنْ أَعْطَاكَهُ بِدِرْهَمٍ».

4121 –4122 ـ حدّثني أمَيّةُ بْنُ بسْطامَ: حَدّثنا يَزيدُ (يَعْني ابْنَ زُرَيْعٍ): حَدّثنا رَوْحٌ (وَهُوَ ابْنُ القاسِمِ)، عَنْ زَيْدِ بْنِ أسْلَمَ، عَنْ أبيهِ، عَنْ عُمَرَ) أنّهُ حَمَلَ عَلَى فَرَسٍ فِي سَبيلِ اللهِ، فَوَجَدَهُ عِنْدَ صَاحِبِهِ وَقَدْ أضَاعَهُ، وَكَانَ قَليلَ المَالِ، فَأرَادَ أنْ يَشْتَرِيَهُ، فَأتَى رَسُولَ اللهِ صلى الله عليه وسلم فَذَكَرَ ذَلِكَ لَهُ فَقالَ: «لاَ تَشْتَرِهِ، وَإنْ أعْطِيتَهُ بِدِرْهَمٍ، فَإنّ مَثَلَ العَائِدِ فِي صَدَقَتِهِ، كَمَثَلِ الْكَلْبِ يَعُودُ فِي قَيْئِهِ».
4123 –4124 ـ حدّثنا يَحْيَى بْنُ يَحْيَى قالَ: قَرَأتُ عَلَى مَالِكٍ، عَنْ نَافِعٍ، عَنِ ابْنِ عُمَرَ أنّ عُمَرَ بْنَ الْخَطّابِ حَمَلَ عَلَى فَرَسٍ فِي سَبِيلِ اللهِ، فَوَجَدَهُ يُبَاعُ، فَأرَادَ أنْ يَبْتَاعَهُ، فَسَألَ رَسُولَ اللهِ صلى الله عليه وسلم عَنْ ذَلِكَ؟ فَقالَ: «لاَ تَبْتَعْهُ، وَلاَ تَعُدْ فِي صَدَقَتِكَ».
4125 ـ حدّثنا ابْنُ أبِي عُمَرَ وَ عَبْدُ بْنُ حُمَيْدٍ (وَاللّفْظُ لِعَبْدٍ) قالَ: أخْبَرَنَا عَبْدُ الرّزّاقِ: أخْبَرَنَا مَعْمَرٌ عَنِ الزّهْرِيّ، عَنْ سَالِمٍ، عَنِ ابْنِ عُمَرَ أنّ عُمَرَ حَمَلَ عَلَى فَرَسٍ فِي سَبِيلِ اللهِ، ثُمّ رَآهَا تُبَاعُ فَأرَادَ أنْ يَشْتَرِيهَا، فَسَألَ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم؟ فَقالَ رَسُولُ اللهِ صلى الله عليه وسلم: «لاَ تَعُدْ فِي صَدَقَتِكَ، يَا عُمَرُ».

ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، مەن بىر ئاتنى الله يولىدا ھەدىيە قىلىپ بەرسەم، ئۇ ئاتنى باققان كىشى ياخشى باقالماي ئاتنى زايا قىلىۋەتتى، مەن ئۇ ئاتنى ئەرزان ساتىدىغۇ دەپ گۇمان قىلىپ، مەن سەدىقە قىلغان ئاتنى يەنە ئۆزۈم سېتىۋالماقچى بولۇپ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن سورسام، رەسۇلۇللاھ ماڭا: ئۇنى سېتىۋالما، قىلغان سەدىقەڭگە قايتما، گەرچە ئۇ ساڭا بىر دەرھەمگە ساتسىمۇ سېتىۋالما، چۈنكى، قىلغان سەدىقە ــ ئېھسانغا قايتقۇچى، خۇددى ئۆزىنىڭ قۇسقان قۇسقىغا قايتىپ، قۇسۇقنى يېگۈچى ئىتقا ئوخشايدۇ.

يەنەبىرخاتىردە، قىلغان سەدىقەڭگە قايتما، چۈنكى، قىلغان سەدىقە ــ ئېھسانغا قايتقۇچى، خۇددى ئۆزىنىڭ قۇسقان قۇسقىغا قايتىپ،ئۆز قۇسۇقنى يېگۈچىگە ئوخشايدۇ،دېدى. (يەنى بۇ ھارام). ئەھمەد، بەيھەقى، بۇخارى،مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد، نەسەئى تىپىلغان، سەھىھ.

## 725 ـ باب تحريم الرجوع في الصدقة والهبة بعد القبض إلا ما وهبه لولده وإن سفل

## ئاتا-ئانىدىن باشقىلارنىڭ سەدىقە-ئېھسان قىلغان نەرسىسىگە قايتىۋېلىشىنىڭ ھاراملىقى توغرىسىدا

4126 –4127 ـ حدّثني إبْرَاهِيمُ بْنُ مُوسَى الرّازِيّ وَ إسْحَقُ بْنُ إبْرَاهِيمَ قالاَ: أخْبَرَنَا عِيسَى ابْنُ يُونُسَ، حَدّثنَا الأوْزَاعِيّ عَنْ أبِي جَعْفَرٍ مُحَمّدِ بْنِ عَلِيّ، عَنِ ابْنِ الْمُسَيّبِ، عَنِ ابْنِ عَبّاسٍ أنّ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم قالَ: «مَثَلُ الّذِي يَرْجِعُ فِي صَدَقَتِهِ، كَمَثَلِ الْكَلْبِ يَقِيءُ ثُمّ يَعُودُ فِي قَيْئِهِ، فَيَأكُلُهُ».
4128 ـ وَحَدّثنِيهِ حَجّاجُ بْنُ الشّاعِرِ: حَدّثنَا عَبْدُ الصّمَدِ: حَدّثنَا حَرْبٌ: حَدّثنَا يَحْيَى (وَهُوَ ابْنُ أبِي كَثِيرٍ): حَدّثنِي عَبْدُ الرّحْمَنِ بْنُ عَمْرٍو أنّ مُحَمّدَ بْنَ فَاطِمَةَ بِنْتِ رَسُولِ اللهِ صلى الله عليه وسلم حَدّثَهُ، بِهَذَا الإسْنَادِ، نَحْوَ حَدِيثِهِمْ.
4129 ـ وحدّثني هَرُونُ بْنُ سَعِيدٍ الأيْلِيّ وَ أحْمَدُ بْنُ عِيسَى قالاَ: حَدّثنَا ابْنُ وَهْبٍ: أخْبَرَنِي عَمْرٌو (وَهُوَ ابْنُ الحَارِثِ) عَنْ بُكَيْرٍ أنّهُ سَمِعَ سَعِيدَ بْنَ الْمُسَيّبِ يَقُولُ: سَمِعْتُ ابْنَ عَبّاسٍ يَقُولُ: سَمِعْتُ رَسُولَ اللهِ صلى الله عليه وسلم يَقُولُ: «إنّمَا مَثَلُ الّذِي يَتَصَدّقُ بِصَدَقَةٍ ثُمّ يَعُودُ فِي صَدَقَتِهِ، كَمَثَلِ الْكَلْبِ يَقِيءُ ثُمّ يَأكُلُ قَيْأهُ».

ئىبنى ئابباس، ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ھەققەتەن سوۋغا ــ سالام، سەدىقە ــ ئېھسان ھەدىيلىرىدىن قايتىۋالغۇچى كىشى، ئالدى بىلەن يەپ تويۇپ، قۇسۇپ ، ئاندىن ئۆزىنىڭ قۇسقا ن نەرسىسىگە يەنە قايتىپ كېلىپ يىگەن ئىتقا ئوخشايدۇ، ئىبنى ماجە مۇ تىپىلغان. ئالىملار بۇ سەھىھ ھەدىسىدىن ، سەدىقە ــ ئېھسان ھەدىيە قىلغان نەرسىسىدىن يېنىۋېلىش ھارام دېدى.

4130 ـ وحدّثناه مُحَمّدُ بْنُ الْمُثنّى وَ مُحَمّدُ بْنُ بَشّارٍ قالاَ: حَدّثنَا مُحَمّدُ بْنُ جَعْفَرٍ: حَدّثنَا شُعْبَةُ: سَمِعْتُ قَتَادَةَ يُحَدّثُ، عَنْ سَعِيدِ بْنِ الْمُسَيّبِ، عَنِ ابْنِ عَبّاسٍ عَنِ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم أنّهُ قالَ: «الْعَائِدُ فِي هِبَتِهِ كَالْعَائِدِ فِي قَيْئِهِ».

4131 ـ وحدّثناه مُحَمّدُ بْنُ الْمُثَنّى: حَدّثَنَا ابْنُ أَبِي عَدِيّ، عَنْ سَعِيدٍ، عَنْ قَتَادَةَ بِهَذَا الإِسْنَادِ، مِثْلَهُ.

ئىبنى ئاbbas رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بەرگەن سەدىقە ــ ئېھسان، ھەدىيىسىگە قايتىۋالغۇچى، ئۆزقۇسۇقىغا قايتقۇچىغا ئوخشاشتۇر، (يەنى ئېھسانىنى قايتۇرۇۋېلىش ھارامدۇر) ئەھمەد، بەيھەقى، ئەبۇ داۋۇد، نەسەئى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

4132 ـ وحدّثنا إِسْحَقُ بْنُ إِبْرَاهِيمَ: أَخْبَرَنَا الْمَخْزُومِيّ: حَدّثَنَا وُهَيْبٌ: حَدّثَنَا عَبْدُ اللّهِ بْنُ طَاوُسٍ عَنْ أَبِيهِ، عَنِ ابْنِ عَبّاسٍ عَنْ رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم قَالَ: «الْعَائِدُ فِي هِبَتِهِ كَالْكَلْبِ، يَقِيءُ ثُمّ يَعُودُ فِي قَيْئِهِ».

ئىبنى ئاbbas، ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئۆزىنىڭ سەدىقە ــ ئېھسانىغا قايتىۋالغۇچى كىشى ئۆزىنىڭ ياندۇرغان قۇسۇقىغا قايتقان ئىتقا ئوخشايدۇ، بىز ئۈچۈن بۇنداق يامان مىسال، ناچار تەمسىل قەتئىي دۇرۇس ئەمەس، (يەنى بەرگەن ھەدىيە، سەدىقىگە قايتىۋېلىپ، ئېلىۋالسا بۇ ھارام). بۇخارى 6460 ــ ھەدىس، مۇسلىم 3049 ــ ھەدىس، تىرمىزى، نەسەئى 3641 ــ ھەدىس، ئەبۇ داۋۇد ئىبنى ماجە، ئەھمەد 2858 ــ ھەدىس، ئىبنى ئەدى، دارىقۇتنى ، سەھىھ.

ئىبنى ئۆمەر، ئىبنى ئاbbas رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەر قانداق كىشىنىڭ بەرگەن سەدىقە ــ ئېھسان، سوۋغا ــ سالاملىرىدىن قايتىۋېلىپ، ئۇنى ياندۇرۇۋېلىشى ھالال ئەمەس، پەقەت ئاتا ــ ئانا، بالىسىغا بەرگەن نەرسىدىن قايتۇۋالسا بولىدۇ، سوۋغا ــ سالام، ھەدىيە، ئېھسانلىرىغا قايتىۋالغۇچى، خۇددى يەپ تويۇپ، ئاندىن قۇسۇپ ئۆز قۇسقىنى يېگەن ئىتقا ئوخشايدۇ. ئەھمەد، ھاكىم، تۆت كىتاب توپلىغان، سەھىھ.

## 726 ـ باب كراهة تفضيل بعض الأولاد في الهبة

## بەرگەن نەرسىدە باللىرىنىڭ بەزىسىنى بەزىسىدىن ئۈستۈن كۆرۈشنىڭ مەكروھلىقى توغرىسىدا

4133 ـ4134 ـ4135 ـ حدّثنا يَحْيَىَ بْنُ يَحْيَىَ، قَالَ: قَرَأْتُ عَلَىَ مَالِكٍ عَنِ ابْنِ شِهَابٍ، عَنْ حُمَيْدِ ابْنِ عَبْدِ الرّحْمَنِ وَعَنْ مُحَمّدِ بْنِ النّعْمَانِ بْنِ بَشِيرٍ يُحَدّثَانِهِ عَنِ النّعْمَانِ بْنِ بَشِيرٍ أَنّهُ قَالَ: إِنّ أَبَاهُ أَتَىَ بِهِ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم فَقَالَ: إِنّي نَحَلْتُ ابْنِي هَذَا غُلاَماً كَانَ لِي، فَقَالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: «أَكُلّ وَلَدِكَ نَحَلْتَهُ مِثْلَ هَذَا؟» فَقَالَ: لاَ، فَقَالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: «فَارْجِعْهُ».وحدّثنا يَحْيَىَ بْنُ يَحْيَىَ: أَخْبَرَنَا إِبْرَاهِيمُ بْنُ سَعْدٍ، عَنِ ابْنِ شِهَابٍ، عَنْ حُمَيْدِ ابْنِ عَبْدِ الرّحْمَنِ وَ مُحَمّدِ بْنِ النّعْمَانِ، عَنِ النّعْمَانِ بْنِ بَشِيرٍ قَالَ: أَتَىَ بِي أَبِي إِلَىَ رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم فَقَالَ: إِنّي نَحَلْتُ ابْنِي هَذَا غُلاَماً، فَقَالَ: «أَكُلّ بَنِيكَ نَحَلْتَ؟» قَالَ: لاَ، قَالَ: «فَارْدُدْهُ».

4136 ـ حدّثنا قُتَيْبَةُ بْنُ سَعِيدٍ: حَدّثَنَا جَرِيرٌ عَنْ هِشَامِ بْنِ عُرْوَةَ، عَنْ أَبِيهِ، قَالَ: حَدّثَنَا النّعْمَانُ بْنُ بَشِيرٍ قَالَ: وَقَدْ أَعْطَاهُ أَبُوهُ غُلاَماً، فَقَالَ لَهُ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم: «مَا هَذَا الْغُلاَمُ؟» قَالَ: أَعْطَانِيهِ أَبِي قَالَ: «فَكُلّ إِخْوَتِهِ أَعْطَيْتَهُ كَمَا أَعْطَيْتَ هَذَا؟» قَالَ: لاَ، قَالَ: «فَرُدّهُ».

4137 ـ حدّثنا أَبُو بَكْرِ بْنُ أَبِي شَيْبَةَ، حَدّثَنَا عَبّادُ بْنُ الْعَوّامِ، عَنْ حُصَيْنٍ، عَنِ الشّعْبِيّ قَالَ: سَمِعْتُ النّعْمَانَ بْنَ بَشِيرٍ، ح وَحَدّثَنَا يَحْيَىَ بْنُ يَحْيَىَ (وَاللّفْظُ لَهُ)، أَخْبَرَنَا أَبُو الأَحْوَصِ، عَنْ حُصَيْنٍ، عَنِ الشّعْبِيّ، عَنِ النّعْمَانِ بْنِ بَشِيرٍ قَالَ: تَصَدّقَ عَلَيّ أَبِي بِبَعْضِ مَالِهِ فَقَالَتْ أُمّي عَمْرَةُ بِنْتُ رَوَاحَةَ: لاَ أَرْضَىَ حَتّىَ تُشْهِدَ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم، فَانْطَلَقَ أَبِي إِلَى النّبِيّ صلى الله عليه وسلم لِيُشْهِدَهُ عَلَىَ صَدَقَتِي، فَقَالَ لَهُ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: «أَفَعَلْتَ هَذَا بِوَلَدِكَ كُلّهِمْ؟» قَالَ: لاَ، قَالَ: «اتّقُوا اللّهَ وَاعْدِلُوا فِي أَوْلاَدِكُمْ» فَرَجَعَ أَبِي، فَرَدّ تِلْكَ الصّدَقَةَ.

4138 ـ حدّثنا أَبُو بَكْرِ بْنُ أَبِي شَيْبَةَ: حَدّثَنَا عَلِيّ بْنُ مُسْهِرٍ، عَنْ أَبِي حَيّانَ، عَنِ الشّعْبِيّ، عَنِ النّعْمَانِ بْنِ بَشِيرٍ، ح وَحَدّثَنَا مُحَمّدُ بْنُ عَبْدِ اللّهِ بْنِ نُمَيرٍ (وَاللّفْظُ لَهُ)، حَدّثَنَا مُحَمّدُ بْنُ بِشْرٍ، حَدّثَنَا أَبُو حَيّانَ التّيْمِيّ عَنِ الشّعْبِيّ، حَدّثَنِي النّعْمَانُ بْنُ بَشِيرٍ أَنّ أُمّهُ بِنْتَ رَوَاحَةَ سَأَلَتْ أَبَاهُ بَعْضَ الْمَوْهُوبَةِ مِنْ مَالِهِ لاِبْنِهَا، فَالْتَوَى بِهَا سَنَةً، ثُمّ بَدَا لَهُ، فَقَالَتْ: لاَ أَرْضَىَ حَتّى تُشْهِدَ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم عَلَىَ مَا وَهَبْتَ لاِبْنِي، فَأَخَذَ أَبِي بِيَدِي، وَأَنَا يَوْمَئِذٍ غُلاَمٌ، فَأَتَىَ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم فَقَالَ: يَا رَسُولَ اللّهِ إِنّ أُمّ هَذَا، بِنْتَ رَوَاحَةَ، أَعْجَبَهَا أَنْ أُشْهِدَكَ عَلَى الّذِي وَهَبْتُ لاِبْنِهَا، فَقَالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: «يَا بَشِيرُ أَلَكَ وَلَدٌ سِوَىَ هَذَا؟» قَالَ: نَعَمْ، فَقَالَ: «أَكُلّهُمْ وَهَبْتَ لَهُ مِثْلَ هَذَا؟» قَالَ: لاَ، قَالَ: «فَلاَ تُشْهِدْنِي إِذاً فَإِنّي لاَ أَشْهَدُ عَلَىَ جَوْرٍ».

4139 ـ حدّثنا ابْنُ نُمَيْرٍ: حَدّثَنِي أَبِي: حَدّثَنَا إِسْمَاعِيلُ، عَنِ الشّعْبِيّ، عَنِ النّعْمَانِ ابْنِ بَشِيرٍ أَنّ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم قَالَ «أَلَكَ بَنُونَ سِوَاهُ؟» قَالَ: نَعَمْ، قَالَ «فَكُلّهُمْ أَعْطَيْتَ مِثْلَ هَذَا؟» قَالَ: لاَ، قَالَ «فَلاَ أَشْهَدُ عَلَىَ جَوْرٍ».

4140 ـ حدّثنا إِسْحَقُ بْنُ إِبْرَاهِيمَ، أَخْبَرَنَا جَرِيرٌ عَنْ عَاصِمٍ الأَحْوَلِ، عَنِ الشّعْبِيّ، عَنِ النّعْمَانِ بْنِ بَشِيرٍ أَنّ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم قَالَ لأَبِيهِ «لاَ تُشْهِدْنِي عَلَىَ جَوْرٍ».

4141 ـ حدّثنا مُحَمّدُ بْنُ الْمُثَنّى: حَدّثَنَا عَبْدُ الْوَهّابِ وَ عَبْدُ الأَعْلَىَ، ح وَحَدّثَنَا إِسْحَقُ بْنُ إِبْرَاهِيمَ وَ يَعْقُوبُ الدّوْرَقِيّ، جَمِيعاً عَنِ ابْنِ عُلَيّةَ (وَاللّفْظُ لِيَعْقُوبَ)، قَالَ: حَدّثَنَا إِسْمَاعِيلُ بْنُ إِبْرَاهِيمَ، عَنْ دَاوُدَ بْنِ أَبِي هِنْدٍ، عَنِ الشّعْبِيّ، عَنِ النّعْمَانِ بْنِ بَشِيرٍ قَالَ: انْطَلَقَ بِي أَبِي يَحْمِلُنِي إِلَى رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم فَقَالَ: يَا رَسُولَ اللّهِ اشْهَدْ أَنّي قَدْ نَحَلْتُ النّعْمَانَ كَذَا وَكَذَا مِنْ مَالِي، فَقَالَ: «أَكُلّ بَنِيكَ قَدْ نَحَلْتَ مِثْلَ مَا نَحَلْتَ النّعْمَانَ؟» قَالَ: لاَ، قَالَ: «فَأَشْهِدْ عَلَىَ هَذَا غَيْرِي»، ثُمّ قَالَ: «أَيَسُرّكَ أَنْ يَكُونُوا إِلَيْكَ فِي الْبِرّ سَوَاءً؟» قَالَ: بَلَىَ، قَالَ: «فَلاَ، إِذاً»

نۇئمان ئىبنى بەشىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، دادام مىنى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم نىڭ قېشىغا ئاپىرىپ؛ مەن ماۋۇ بالامغا نىسۋە ، ھەدىي بۇلۇپ بەردىم دىدى، رەسۇلۇللاھ :ھەممە بالاڭغا شۇنىڭغا ئوخشاش بەردىڭمۇ؟ دىدى، دادام ياق دىدى، رەسۇلۇللاھ :ئۇنداق بولسا قايتۇرىۋالغىن دىدى.يەنەبىرخاتىردە؛باللىرىڭنىڭ ھەممىسى ساڭا ياخشىلىق قىلىشتا، بارابەر ئوخشاش بۇلۇشىنى ياخشى كۆرمەمسەن؟ دىدى، دادام؛ ئەلۋەتتە ئوخشاش بۇلىشىنى ياخشى كۆرىمەن دىدى، رەسۇلۇللاھ:ئۇنداق بولسا، ھەممىسگە ئوخشاش ئادىل بەرمەسلىكىڭ دۇرۇس ئەمەس دىدى. يەنەبىرخاتىردە؛دادام ماڭا ھەدىي قىلىپ نەرسە بەردى، ئانام ئۆمرەت بىنتى راۋاھە؛ سەن رەسۇلۇللاھنى گۇۋاھچى قىلمىساڭ، مەن رازى بولمايمەن دىدى، دادام كىلىپ؛ ئى **الله** نىڭ ئەلچىسى! مەن ماۋۇ ئۆمرەت بىنتى راۋاھەدىن بولغان بالامغا ھەدىي قىلىپ نەرسە بەرسەم، ئۇماڭا؛ سەن رەسۇلۇللاھنى گۇۋاھچى قىلمىساڭ، مەن رازى بولمايمەن دەپ، سىلىنى گۇۋاھچى قىلىشمىنى تەلەپ قىلدى دىدى، رەسۇلۇللاھ :قالغان ھەممە باللىرىڭغىمۇ شۇنىڭغا ئوخشاش بەردىڭمۇ؟ دىدى، دادام ياق دىۋىدى، رەسۇلۇللاھ : ئاللاھدىن قورقۇڭلار، باللىرىڭلار توغرىسىدا ئادىل بولۇڭلار، مەن بۇنداق زۇلۇمغا گۇۋاھچى بولمايمەن دىدى. ئۇ قايتىپ بىرىپ، نەرسىسىنى قايتۇرىۋالدى. بەيھەقى، بۇخارى، مۇسلىم توپلىدى، سەھىھ.

4142 ـ حدّثنا أَحْمَدُ بْنُ عُثْمَانَ النّوْفَلِيّ: حَدّثَنَا أَزْهَرُ: حَدّثَنَا ابْنُ عَوْنٍ، عَنِ الشّعْبِيّ، عَنِ النّعْمَانِ بْنِ بَشِيرٍ قَالَ: نَحَلَنِي أَبِي نُحْلاً، ثُمّ أَتَىَ بِي إِلَىَ رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم لِيُشْهِدَهُ، فَقَالَ «أَكُلّ وَلَدِكَ أَعْطَيْتَهُ هَذَا؟» قَالَ: لاَ،قَالَ: «أَلَيْسَ تُرِيدُ مِنْهُمُ الْبِرّ مِثْلَ مَا تُرِيدُ مِنْ ذَا؟» قَالَ: بَلَىَ، قَالَ: «فَإِنّي لاَ أَشْهَدُ»، قَالَ ابْنُ عَوْنٍ: فَحَدّثْتُ بِهِ مُحَمّداً، فَقَالَ: إِنّمَا تَحَدّثْنَا أَنّهُ قَالَ «قَارِبُوا بَيْنَ أَوْلاَدِكُمْ».

4143 ـ حدّثنا أَحْمَدُ بْنُ عَبْدِ اللّهِ بْنِ يُونُسَ: حَدّثَنَا زُهَيْرٌ: حَدّثَنَا أَبُو الزّبَيْرِ، عَنْ جَابِرٍ قَالَ: قَالَتِ امْرَأَةُ بَشِيرٍ: انْحَلِ ابْنِي غُلاَمَكَ، وَأَشْهِدْ لِي رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم، فَأَتَى رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم فَقَالَ: إِنّ ابْنَةَ فُلاَنٍ سَأَلَتْنِي أَنْ أَنْحَلَ ابْنَهَا

غُلاَمِي، وَقَالَتْ: أَشْهِدْ لِي رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم، فَقَالَ: «أَلَهُ إِخْوَةٌ؟» قَالَ نَعَمْ، قَالَ: «أَفَكُلَّهُمْ أَعْطَيْتَ مِثْلَ مَا أَعْطَيْتَهُ؟» قَالَ: لاَ، قَالَ: «فَلَيْسَ يَصْلُحُ هَذَا، وَإِنِّي لاَ أَشْهَدُ إِلاَّ عَلَى حَقّ».

جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: بۇشەيرنىڭ ئايالى ئۇنىڭغا: ئوغلۇڭ نوئمانغا نەرسە بېرىپ، مەن ئۈچۈن رەسۇلۇللاھنى گۇۋاھچى قىلغىن، (ئەگەر ئۇنداق قىلمىساڭ، مەن رازى بولمايمەن) دېدى، ئۇ كېلىپ: ئى اللە نىڭ ئەلچىسى! پالانىنىڭ قىزى ئۆمرەت بىنتى راۋاھە، مىنىڭ ئۇنىڭدىن بولغان بالامغا ھەدىيە قىلىپ نەرسە بېرىشىمنى تەلەپ قىلىپ، يەنە تېخى ماڭا؛ مەن ئۈچۈن رەسۇلۇللاھ نى گۇۋاھچى قىلغىن، (ئەگەر ئۇنداق قىلمىساڭ، مەن رازى بولمايمەن) دەپ، سىلىنى گۇۋاھچى قىلىشىمنى تەلەپ قىلدى دېدى، رەسۇلۇللاھ ؛ ئۇبالاڭنىڭ قېرىنداشلىرى بارمۇ؟ دېدى، ئۇ ھەئە بار دېدى، رەسۇلۇللاھ ؛ قالغان ھەممە باللىرىڭغىمۇ شۇنىڭغا ئوخشاش بەردىڭمۇ؟ دېدى، ئۇ؛ ياق دېۋىدى، رەسۇلۇللاھ : بۇنداق قىلىشىڭ دۇرۇس ئەمەس، مەن بۇنداق زۇلۇمغا گۇۋاھچى بولمايمەن، مەن پەقەت ھەق ئىشقىلا گۇۋاھچى بولىمەن دېدى.

## 727 – باب العمرى

**مەن ھاياتلا بولسام، ماللىرىمدىن تەك بەھرىمەن بولىمىز، ياكى مەن ئۆلسەم، مىلىم سىنىڭ بولسۇن، دېيىش توغرىسىدا**

4144 – حدّثنا يَحْيَى بْنُ يَحْيَى قَالَ: قَرَأْتُ عَلَى مَالِكٍ، عَنِ ابْنِ شِهَابٍ، عَنْ أَبِي سَلَمَةَ بْنِ عَبْدِ الرّحْمَنِ، عَنْ جَابِرِ بْنِ عَبْدِ اللّهِ أَنّ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم قَالَ: «أَيّمَا رَجُلٍ أُعْمِرَ عُمْرَى لَهُ وَلِعَقِبِهِ، فَإِنّهَا لِلّذِي أُعْطِيَهَا، لاَ تَرْجِعُ إِلَى الّذِي أَعْطَاهَا، لأَنّهُ أَعْطَى عَطَاءٍ وَقَعَتْ فِيهِ الْمَوَارِيثُ».

جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: قايسى بىر كىشى گە ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى ۋارىسلىرى غا، بىرەر مال — دۇنيا ئۆمرا قىلىپ، ھاياتلا بولسام، مەن ۋە سەن، ۋە سىنىڭ كەينىڭدىكى ۋارىسلىرىڭ تەك بەھرىمەن بولىمىز دېيىلسە، ھەققەتەن ئۇ مال ـ دۇنيا، بېرىلگەن شۇ كىشىگە ۋە ۋارىسلىرىغا بىتىدۇ، بېرىلگەن كىشى ئۆلۈپ كەتسە،ئۇنىڭ ھەققى بەرگەن مال ئىگىسىگە قايتمايدۇ،بەلكى،شۇ سۆز دېيىلگەن كىشىنىڭ ۋارىسلىرى تەك بەھرىمەن بولىدۇ، چۈنكى ئۇبەرگەن كىشى، ئۆلگەن كىشىنىڭ ۋارىسلىرى مىراس سۈپىتىدە ئالىدىغان سوغا ـ سالام بەردى.بۇخارى، مۇسلىم، نەسەئى، تىرمىزى، ئەبۇ داۋۇد توپلىغان،سەھىھ.

4145 – حدّثنا يَحْيَى بْنُ يَحْيَى وَ مُحَمّدُ بْنُ رُمْحٍ قَالاَ: أَخْبَرَنَا اللّيْثُ، ح وَحَدّثَنَا قُتَيْبَةُ: حَدّثَنَا لَيْثٌ، عَنِ ابْنِ شِهَابٍ، عَنْ أَبِي سَلَمَةَ، عَنْ جَابِرِ بْنِ عَبْدِ اللّهِ أَنّهُ قَالَ: سَمِعْتُ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم يَقُولُ: «مَنْ أَعْمَرَ رَجُلاً عُمْرَى لَهُ وَلِعَقِبِهِ، فَقَدْ قَطَعَ قَوْلُهُ حَقّهُ فِيهَا، وَهِيَ لِمَنْ أُعْمِرَ وَلِعَقِبِهِ»، غَيْرَ أَنّ يَحْيَى قَالَ فِي أَوّلِ حَدِيثِهِ «أَيّمَا رَجُلٍ أُعْمِرَ عُمْرَى، فَهِيَ لَهُ وَلِعَقِبِهِ».

جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم بىر كىشىگە مەن ھاياتلا بولسام، مال — مۈلكۈمدىن تەك بەھرىمەن بولىمىز دەپ ئۆمرا قىلىپ بەرسە، ئۇ بەھرىمەن بولۇش، شۇ ئۆمرا قىلىنغان كىشىگە، ئۇنىڭ كەينىدىكى ۋارىسلىرىغا بىتىدۇ، ئۇنىڭ سۆزى مالدىكى ھەققىنى ئۇنىڭغا بۇلۇپ بەردى، بۇ كىشى ئۆلۈپ كەتسە، ۋارىس قىلىنىدىغان كىشىلىرى ئۇ بەھرىمەن بولۇشقا ۋارىس بولالايدۇ، (شۇ

سۆزنى دېگۈچى ئۆلۈپ كەتسە، ھوقۇق تۈگەيدۇ، ئەگەر سەن ھاياتلا بولساڭ،دېسە، سۆز دېيىلگەن كىشى ئۆلسە ھوقۇق تۈگەيدۇ،). مۇسلىم، نەسەئى، ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

**4146 ـ حدّثني عَبْدُ الرّحْمَن بْنُ بِشْرِ الْعَبْدِيّ: أَخْبَرَنَا عَبْدُ الرّزّاق: أَخْبَرَنَا ابْنُ جُرَيْج، أَخْبَرَنِي ابْنُ شِهَابٍ، عَنِ الْعُمْرَىَ وَسُنّتِهَا، عَنْ حَدِيثِ أَبِي سَلَمَةَ بْنِ عَبْدِ الرّحْمَنِ أَنّ جَابِرَ بْنَ عَبْدِ اللّهِ الأَنْصَارِيّ أَخْبَرَهُ أَنّ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم قَالَ: «أَيّما رَجُلٍ أَعْمَرَ رَجُلاً عُمْرَىَ لَهُ وَلِعَقِبِهِ، فَقَالَ: قَدْ أَعْطَيْتُكَهَا وَعَقِبَكَ مَا بَقِيَ مِنْكُمْ أَحَدٌ، فَإِنّهَا لِمَنْ أُعْطِيَهَا، وَإِنّهَا لاَ تَرْجِعُ إِلَىَ صَاحِبِهَا، مِنْ أَجْلِ أَنّهُ أَعْطَىَ عَطَاءً وَقَعَتْ فِيهِ الْمَوَارِيثُ».**

جابىر، ئىبنى زۇبەير رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: قايسى بىر كىشى يەنە بىر كىشىگە ۋە ئۇنىڭ ۋارىسلىرىغا مال ــ دۇنياسىنى ئۇمرا قىلىپ؛سىلەردىن بىر كىشى ھاياتلا بولسا، بۇ ماللاردىن تەڭ بەھرىمەن بولىمىز، بۇھەم سېنىڭ ۋە ۋارىسىڭنىڭ دېسە، ئۇ ماللار شۇ كىشىگە ۋە كېيىنكى ئىز باسار ۋارىسلىرىغا يېتىدۇ، ۋارىسلىرى ۋارىس بولۇپ، تەڭ بەھرىمەن بولىدۇ، مال بېرىلگەن كىشى ئۆلۈپ كەتسە، ئۇنىڭ ھەققى بەرگەن مال ئىگىسىگە قايتمايدۇ،بەلكى،شۇ سۆز دېيىلگەن كىشىنىڭ ۋارىسلىرى تەڭ بەھرىمەن بولىدۇ،چۈنكى ئۇبەرگەن كىشى، ئۆلگەن كىشىنىڭ ۋارىسلىرى مىراس سۈپىتىدە ئالىدىغان سوغا ـ سالام بەردى (چۈنكى، ئۇ ساڭا ۋە ۋارىسىڭغا دېگەندۇر) نەسەئى.

**4147 ـ حدّثنا إِسْحَقُ بْنُ إِبْرَاهِيمَ وَ عَبْدُ بْنُ حُمَيْدٍ (وَاللّفْظُ لِعَبْدٍ) قَالاَ: أَخْبَرَنَا عَبْدُ الرّزّاق، أَخْبَرَنَا مَعْمَرٌ عَنِ الزّهْرِيّ، عَنْ أَبِي سَلَمَةَ، عَنْ جَابِرٍ قَالَ: إِنّمَا الْعُمْرَىَ الّتِي أَجَازَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم، أَنْ يَقُولَ: هِيَ لَكَ وَلِعَقِبِكَ، فَأَمّا إِذَا قَالَ: هِيَ لَكَ مَا عِشْتَ، فَإِنّهَا تَرْجِعُ إِلَىَ صَاحِبِهَا، قَالَ مَعْمَرٌ: وَكَانَ الزّهْرِيّ يُفْتِي بِهِ.**

جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم دۇرۇس قىلىپ بەرگەن ئۆمرا بولسا، كىشى؛ «بۇماللار سىنىڭ ۋە سەندىن كېيىنكى ۋارىسلىرىڭنىڭدۇر»دەيدۇ، ئەگەر بۇ ماللار سەن ھايات بولساڭلا سىنىڭ بۇلىدۇ، سەن ئۆلسەڭ بۇ سۆزۈمنىڭ كۈچى تۈگەيدۇ دېسە، ئۇچاغدا شۇ سۆز دېيىلگەن كىشى ئۆلۈپ كەتسە، مال ئۆز ئىگىسىگە قايتىدۇ.زۇھەيرى ئەنە شۇنداق پەتىۋا بەردى. بۇخارى، مۇسلىم.

**4148 ـ حدّثنا مُحَمّدُ بْنُ رَافِعٍ: حَدّثَنَا ابْنُ أَبِي فُدَيْكٍ، عَنِ ابْنِ أَبِي ذِئْبٍ، عَنِ ابْنِ شِهَابٍ عَنْ أَبِي سَلَمَةَ بْنِ عَبْدِ الرّحْمَنِ، عَنْ جَابِرٍ (وَهُوَ ابْنُ عَبْدِ اللّهِ) أَنّ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم قَضَىَ فِيمَنْ أُعْمِرَ عُمْرَىَ لَهُ وَلِعَقِبِهِ، فَهِيَ لَهُ بَتْلَةً، لاَ يَجُوزُ لِلْمُعْطِي فِيهَا شَرْطٌ وَلاَ ثُنْيَا، قَالَ أَبُو سَلَمَةَ: لأَنّهُ أَعْطَىَ عَطَاءً وَقَعَتْ فِيهِ الْمَوَارِيثُ، فَقَطَعَتِ الْمَوَارِيثُ شَرْطَهُ.**

جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىرەر مال ـ دۇنيا ياكى يەر ـ زېمىن ئۇمرا قىلىپ بېرىلگەن (يەنى سەن ھاياتلا بولساڭ بۇسېنىڭ دېيىلگەن)كىشى ھەققىدە، ئۇنەرسە شۇسۆز دېيىلگەن كىشىنىڭ ۋە ئۇنىڭ باللىرىنىڭ دەپ ھۆكۈم قىلغان ئىدى. بېرىلگەن نەرسىلەر ئۇكىشىگە يۈرۈپ كەتكەن ھالدا شۇنىڭ بۇلۇپ كېتىدۇ، ئىگىسىگە قايتمايدۇ. بەرگۈچىنىڭ شەرت قويۇشى ياكى بىرەر نەرسىنى

مۇستەسنا قىلىپ چىقىرۋېلىشى دۇرۇس ئەمەس. چۈنكى ئۇبەرگەن كىشى، ئۆلگەن كىشىنىڭ ۋارىسلىرى مىراس سۈپىتىدە ئالىدىغان سوغا ـ سالام بەردى. (چۈنكى ئۇ؛ ساڭا ۋە ۋارىسىڭغا، ھاياتىلا بولساڭ، دىگەندۇر)

**4149 ـ 4150 ـ حدّثنا عُبَيْدُ اللّهِ بْنُ عُمَرَ الْقَوَارِيرِيّ: حَدّثَنَا خَالِدُ بْنُ الْحَارِثِ: حَدّثَنَا هِشَامٌ عَنْ يَحْيَىَ بْنِ أَبِي كَثِيرٍ: حَدّثَنِي أَبُو سَلَمَةَ بْنُ عَبْدِ الرّحْمَنِ قالَ: سَمِعْتُ جَابِرَ بْنَ عَبْدِ اللّهِ يَقُولُ: قالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم «الْعُمْرَىَ لِمَنْ وُهِبَتْ لَهُ».**
**4151 ـ حدّثنا أَحْمَدُ بْنُ يُونسَ: حَدّثَنَا زُهَيْرٌ: حَدّثَنَا أَبُو الزّبَيْرِ، عَنْ جَابِرٍ يَرْفَعُهُ إِلَى النّبِيّ صلى الله عليه وسلم.**

جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: مەن ھاياتلا بولسام، بۇ ماللار سىنىڭ دەپ بېرىلگەن ھەدىي ئېھسان ماللىرى شۇ سۆز دېيىلگەن، شۇ مال بېرىلگەن كىشى ئۈچۈن بولىدۇ، مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد، نەسەئى تويلىغان، سەھىھ.

**4152 ـ وحدّثنا يَحْيَى بْنُ يَحْيَىَ (وَاللّفْظ لَهُ): أَخْبَرَنَا أَبُو خَيْثَمَةَ، عَنْ أَبِي الزّبَيْرِ، عَنْ جَابِرٍ قالَ: قالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: «أَمْسِكُوا عَلَيْكُمْ أَمْوَالَكُمْ وَلاَ تُفْسِدُوهَا، فَإِنّهُ مَنْ أَعْمَرَ عُمْرَىَ فَهِيَ لِلّذِي أُعْمِرَهَا، حَيّاً وَمَيّتاً، وَلِعَقِبِهِ».**
**4153 ـ حدّثنا أَبُو بَكْرِ بْنُ أَبِي شَيْبَةَ: حَدّثَنَا مُحَمّدُ بْنُ بِشْرٍ: حَدّثَنَا حَجّاجُ بْنُ أَبِي عُثْمَانَ، ح وَحَدّثَنَا أَبُو بَكْرِ بْنُ أَبِي شَيْبَةَ وَ إِسْحَقُ بْنُ إِبْرَاهِيمَ عَنْ وَكِيعٍ، عَنْ سُفْيَانَ، ح وَحَدّثَنَا عَبْدُ الْوَارِثِ بْنُ عَبْدِ الصّمَدِ حَدّثَنِي أَبِي، عَنْ جَدّي، عَنْ أَيّوبَ، كُلّ هَـؤلاَءِ عَنْ أَبِي الزّبَيْرِ، عَنْ جَابِرٍ، عَنِ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم بِمَعْنَى حَدِيثِ أَبِي خَيْثَمَةَ، وَفِي حَدِيث أَيّوبَ مِنَ الزّيَادَةِ قالَ: جَعَلَ الأَنْصَارُ يُعْمِرُونَ الْمُهَاجِرِينَ، فَقَالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: «أَمْسِكُوا عَلَيْكُمْ أَمْوَالَكُمْ».**

جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: سەدىقە قىلساڭلارمۇ، بىر قىسىم مىلىڭلارنى ئۆزۈڭلارغا ئېلىپ قېلىڭلار، مالنى پاساد قىلىپ بۇزماڭلار، كىم مىلىنى ئۆمراى قىلسا، (يەنى مەن ھاياتلا بولسام، مىلىمدىن تەڭ بەھرىمەن بولىسەن دېسە) ئۇ مال شۇنداق دېيىلگەن كىشى ھايات چاغدىمۇ ۋە ئۆلۈپ كەتسىمۇ، شۇ كىشىگە تەڭ بېرىلىدۇ، ھەتتا، ئۇ كىشى ئۆلۈپ كەتسىمۇ، ئۇنىڭ ئەۋلادلىرىغا بېرىلىدۇ، (پەقەت شۇ سۆزنى دىگۈچى، ھايات بولسىلا) ئەھمەد، مالىك، ئىبنى ماجە، ئەبۇ داۋۇد،

**4154 ـ4155 ـ وحدّثني مُحَمّدُ بْنُ رَافِعٍ وَ إِسْحَقُ بْنُ مَنْصُورٍ (وَاللّفْظُ لاِبْنِ رَافِعٍ)، قالاَ: حَدّثَنَا عَبْدُ الرّزّاقِ: أَخْبَرَنَا ابْنُ جُرَيْجٍ: أَخْبَرَنِي أَبُو الزّبَيْرِ، عَنْ جَابِرٍ قالَ: أَعْمَرَتِ امْرَأَةٌ بِالْمَدِينَةِ حَائِطاً لَهَا ابْناً لَهَا، ثُمّ تُوُفّيَ، وَتُوُفّيَتْ بَعْدَهُ، وَتَرَكَتْ وَلَداً، وَلَهُ إِخْوَةٌ بَنُونَ لِلْمُعْمِرَةِ، فَقَالَ وَلَدُ الْمُعْمِرَةِ: رَجَعَ الْحَائِطُ إِلَيْنَا، وَقالَ بَنُو الْمُعْمَرِ: بَلْ كَانَ لأَبِينَا حَيَاتَهُ وَمَوْتَهُ، فَاخْتَصَمُوا إِلَى طَارِقٍ مَوْلَى عُثْمَانَ، فَدَعَا جَابِراً فَشَهِدَ عَلَى رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم بِالْعُمْرَى لِصَاحِبِهَا، فَقَضَى بِذَلِكَ طَارِقٌ، ثُمّ كَتَبَ إِلَىَ عَبْدِ الْمَلِكِ فَأَخْبَرَهُ ذَلِكَ، وَأَخْبَرَهُ بِشَهَادَةِ جَابِرٍ، فَقَالَ عَبْدُ الْمَلِكِ: صَدَقَ جَابِرٌ، فَأَمْضَىَ ذَلِكَ طَارِقٌ، فَإِنّ ذَلِكَ الْحَائِطَ لِبَنِي الْمُعْمَرِ حَتّى الْيَوْمِ.**

جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ مەدىنىدە بىر ئايال ئۆزىنىڭ بېغىنى بالىسىغا «ھاياتىلا بولساڭ بۇباغ سىنىڭ بولسۇن» دەپ ئۆمرا قىلىپ بەردى، ئاندىن بۇبالا ئۆلۈپ كەتتى. ھېلىقى ئايالمۇ يەنەبىربالىسىنى قالدۇرۇپ ئۆلۈپ كەتتى. بۇنىڭ ھېلىقى ئايالدىن تۇغۇلغان قېرىنداشلىرى بار ئىدى. ئايالنىڭ ھايات قالغان بالىسى؛ باغ بىزگە قايتتى، دېدى. ئۆلۈپ كەتكەن ئۆمرا ئىگىسىنىڭ باللىرى؛ ياق، بەلكى بۇباغ دادام ھايات بولسۇن ياكى ئۆلۈپ كەتسۇن دادامغا تەۋە(يەنى بىزنىڭ بۇلىدۇ)دېدى. ئۇلار ئوسماننىڭ ئازادكەردە قۇلى تارىقنىڭ قېشىغا داۋالىشىپ باردى، تارىق جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ نى چاقىردى، جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ؛

رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم؛ ئۇمرا قىلىپ بېرىلگەن مال ــ دۇنيا، ئۆز ئەھلىگە، بېرىلگەن ئىگىسىگە مىراس قالىدۇ، دېگەن دەپ گۇۋاھلىق بەردى. تارىق شۇنداق ھۆكۈم قىلىپ، ئاندىن ئابدۇلمەلىققا خەت يېزىپ، بولغان ئىشلارنى، جابىرنىڭ گۇۋاھلىقىنى خەۋەر قىلىۋىدى، ئابدۇلمەلىك؛ جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ راست ئەيتىپتۇ دېدى. ئاندىن تارىق شۇ ھۆكۈمنى ئىجرا قىلىۋەردى. ئۇ باغ تا ھازىرقى كۈنگىچە ئۇمرا قىلىپ بېرىلگەن كىشىنىڭ باللىرىغا تەۋە بولماقتا.

**4156 ـ حدّثنا مُحمّدُ بْنُ الْمُثنّى وَ مُحمّدُ بْنُ بَشّارٍ قالاَ: حَدّثنا مُحمّدُ بْنُ جَعْفرٍ: حَدّثنا شُعْبَةُ قال: سَمِعْتُ قَتَادَةَ يُحَدّثُ عَنْ عطاءٍ، عَنْ جَابِرِ بْنِ عَبْدِ اللّهِ عَنِ النّبيّ صلى الله عليه وسلم قالَ: «الْعُمْرَى جَائِزَةٌ».**

جابىر، ئەبۇ ھۇرەيرە، سۇمرەت، زەيىد ئىبنى سابىت، ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇلاردىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ئۇمرا (يەنى مەن ھاياتلا بولسام، بارلىق مال ــ مۈلۈكۈمدىن تەڭ بەھرىمەن بولىمىز، سەنمۇ ماڭا ئوخشاش ھوقۇققا ئىگە) دېيىش، شۇنىڭ ئۆز ئەھلىگە دۇرۇستۇر. (جائىز دىگەن دۇرۇس بولۇپ يۈرىيدۇ دىگەن بولىدۇ، ئۇمرا رۇقبا جائىز دىگىنى يولۇپ كېتىدۇ، بەرگۈچى قايتۇۋالالمايدۇ دىگەن بولىدۇ.)ئەھمەد، بەيھەقى،بۇخارى،مۇسلىم، نەسەئى، ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.

**4157 ـ حدّثنا يَحْيَى بْنُ حَبِيبٍ الْحَارِثِيّ: حَدّثنا خَالِدٌ (يَعْنِي ابْنَ الْحَارِثِ)، حَدّثنا سَعِيدٌ عَنْ قَتَادَةَ، عَنْ عَطاءٍ، عَنْ جَابِرٍ، عَنِ النّبيّ صلى الله عليه وسلم أنّهُ قالَ «الْعُمْرَى مِيرَاثٌ لأَهْلِهَا».**

**4158 ـ حدّثنا مُحمّدُ بْنُ الْمُثنّى وَ ابْنُ بَشّارٍ، قالاَ: حَدّثنا مُحمّدُ بْنُ جَعْفرٍ، حَدّثنا شُعْبَةُ، عَنْ قَتَادَةَ، عَنِ النّضْرِ بْنِ أنسٍ، عَنْ بَشِيرِ بْنِ نَهِيكٍ، عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ عَنِ النّبيّ صلى الله عليه وسلم قالَ: «الْعُمْرَى جَائِزَةٌ».**

**4159 ـ وَحَدّثنِيهِ يَحْيَى بْنُ حَبِيبٍ: حَدّثنا خَالِدٌ (يَعْنِي ابنَ الْحَارِثِ): حَدّثنا سَعِيدٌ عَنْ قَتَادَةَ بهذا الإِسْنَادِ، غَيْرَ أَنّهُ قالَ «مِيرَاثٌ لأَهْلِهَا» أوْ قالَ «جَائِزَةٌ».**

جابىر، ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ئۇمرا قىلىپ بېرىلگەن مال ــ دۇنيا، ئۆز ئەھلىگە مىراس قالىدۇ، (يەنى يۇقىرقى سۆز دېيىلگەن، شۇ مال بېرىلگەن كىشى ئۆلۈپ كەتسە، مال ئىگىسى تېخى ھايات بولسا، بۇ ماللارغا ئۆلگەن كىشىنىڭ ۋارىسلىرى ۋارىس بولۇپ، مىراس ئالالايدۇ، پايدىلىنىدۇ، چۈنكى ئۇ سۆزنى دىگۈچى تېخى ھايات ــ دە!)

## 26 ـ كتاب الوصية　　　ۋەسىيەتنىڭ كىتابى

### 728 ـ باب

4297 ـ حدّثنا قُتَيْبَةُ بْنُ سَعِيدٍ حدّثنا الْمُغِيرَةُ (يَعْنِي الْحِزَامِيّ) عَنْ عَبْدِ الْمَجِيدِ بْنِ سُهَيْلٍ، عَنْ عطَاءِ بْنِ أَبِي رَبَاحٍ، عَنْ جَابِرِ بْنِ عَبْدِ اللّهِ، ح وَحدّثنِي عَبْدُ اللّهِ بْنُ هَاشِمٍ: حدّثنَا يَحْيَى (يَعْنِي ابْنَ سَعِيدٍ) عَنِ الْحُسَيْنِ بْنِ ذَكْوَانَ الْمُعَلّمِ: حَدّثنِي عَطَاءٌ، عَنْ جَابِرٍ، ح وَحَدّثنِي أَبُو غَسّانَ الْمِسْمَعِيّ، حدّثنَا مُعَاذٌ، حَدّثنِي أَبِي عَنْ مَطَرٍ، عَنْ عَطَاءِ بْنِ أَبِي رَبَاحٍ، وَ أَبِي الزّبَيْرِ، وَ عَمْرِو بْنِ دِينَارٍ أَنّ جَابِرَ بْنَ عَبْدِ اللّهِ حَدّثَهُمْ فِي بَيْعِ الْمُدَبّرِ، كُلّ هَوَلاَءِ قَالَ: عَنِ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم، بِمَعْنَى حَدِيثِ حَمّاد وابْنِ عُيَيْنَةَ عَنْ عَمْرٍو، عَنْ جَابِرٍ.

جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، ئەنسارلاردىن بىركىشى ئۆز قۇلىنى «مەن ئۆلسەم ، سەن ئازات »دېدى، ئۇكىشىنىڭ شۇ قۇلىدىن باشقا ھېچ قانداق مېلى يوق ئىدى، بو ئىش رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە يەتكەندە، رەسۇلۇللاھ: بۇ قۇلنى مەندىن كىم سېتىۋالىدۇ؟ دېدى، ئاندىن ئۇ قۇلنى نۇئەيم 800 دەرھەمگە سېتىۋالدى، رەسۇلۇللاھ ئۇ پۇللارنى ئېلىپ كېلىپ، ئۇنى ھېلىقى كىشىگە بەردى، ئاندىن ئۇنىڭغا: سەدىق ـ ئېھسان، ھەدىيىنى ئالدى بىلەن ئۆزۈڭدىن باشلاپ قىلغىن، ئېشىپ قالسا، ئەھلى ئائىلە ــ تاۋابىئاتلىرىڭغا قىلغىن، ئۇلاردىنمۇ ئېشىپ قالسا، ئۇرۇق ــ تۇققانلىرىڭغا قىلغىن، ئۇلاردىنمۇ ئېشىپ قالسا، ئاۋۇلار، ماۋۇلارغا يەنى ئەتراپىڭدىكى خۇلۇم ــ خوشنىلارغا قىلغىن،دېدى. بۇخارى،مۇسلىم، نەسەئى توپلىغان.سەھىھ.

## 29 ـ كتاب القسامة والمحاربين والقصاص والديات

## قەسەم قىلدۇرۇش، قىساس، دىيەت، خۇن تۆلەم پۇلى توغرىسىدا

### 752 ـ باب القسامة

### قەسەم قىلدۇرۇش توغرىسىدا

4298 ـ4299 ـ حدّثنا قُتَيْبَةُ بْنُ سَعِيدٍ: حَدّثنَا لَيْثٌ، عَنْ يَحْيَى (وَهُوَ ابْنُ سَعِيدٍ)، عَنْ بُشَيْرِ بْنِ يَسَارٍ، عَنْ سَهْلِ بْنِ أَبِي حَثْمَةَ (قَالَ يَحْيَى: وَحَسِبْتُ قَالَ) وَعَنْ رَافِعِ بْنِ خَدِيجٍ أَنّهُمَا قَالاَ: خَرَجَ عَبْدُ اللّهِ بْنُ سَهْلِ بْنِ زَيْدٍ وَمُحَيّصَةُ بْنُ مَسْعُودِ بْنِ زَيْدٍ، حَتّىَ إِذَا كَانَا بِخَيْبَرَ تَفَرّقَا فِي بَعْضِ مَا هُنَالِكَ، ثُمّ إِذَا مُحَيّصَةُ يَجِدُ عَبْدَ اللّهِ بْنَ سَهْلٍ قَتِيلاً، فَدَفَنَهُ، ثُمّ أَقْبَلَ إِلَى رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم هُوَ وَحُوَيّصَةُ بْنُ مَسْعُودٍ وَعَبْدُ الرّحْمَنِ بْنُ سَهْلٍ، وَكَانَ أَصْغَرَ الْقَوْمِ، فَذَهَبَ عَبْدُ الرّحْمَنِ لِيَتَكَلّمَ قَبْلَ صَاحِبَيْهِ، فَقَالَ لَهُ رَسُولُ الله صلى الله عليه وسلم «كَبّرْ» (الْكُبْرَ فِي السّنّ) فَصَمَتَ، فَتَكَلّمَ صَاحِبَاهُ، وَتَكَلّمَ مَعَهُمَا، فَذَكَرُوا لِرَسُولِ الله صلى الله عليه وسلم مَقْتَلَ عَبْدِالله بْنِ سَهْلٍ، فَقَالَ لَهُمْ «أَتَحْلِفُونَ خَمْسِينَ صَاحِبَكُمْ؟» (أَوْ قَتِلَكُمْ) قَالُوا: وَكَيْفَ نَحْلِفُ وَلَمْ نَشْهَدَ؟ «فَتُبْرِئُكُمْ يَهُودُ بِخَمْسِينَ يَمِيناً؟» قَالُوا: وَكَيْفَ نَقْبَلُ أَيْمَانَ قَوْمٍ كُفّارٍ؟ فَلَمّا رَأَى ذَلِكَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم أَعْطَى عَقْلَهُ.

4300 ـ وحدّثنا الْقَوَارِيرِيّ: حَدّثنَا بِشْرُ بْنُ الْمُفَضّلِ: حَدّثنَا يَحْيَى بْنُ سَعِيدٍ، عَنْ بُشَيْرِ بْنِ يَسَارٍ، عَنْ سَهْلِ بْنِ أَبِي حَثْمَةَ عَنِ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم نَحْوَهُ، وَقَالَ فِي حَدِيثِهِ: فَعَقَلَهُ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم مِنْ عِنْدِهِ، وَلَمْ يَقُلْ فِي حَدِيثِهِ فَرَكَضَتْنِي نَاقَةٌ.

4301 ـ حدّثنا عَمْرٌو النّاقِدُ: حَدّثنَا سُفْيَانُ بْنُ عُيَيْنَةَ. ح وَحَدّثنَا مُحَمّدُ بْنُ الْمُثَنّى: حَدّثنَا عَبْدُ الْوَهّابِ (يَعْنِي الثّقَفِيّ) جَمِيعاً، عَنْ يَحْيَى بْنِ سَعِيدٍ، عَنْ بُشَيْرِ بْنِ يَسَارٍ، عَنْ سَهْلِ بْنِ أَبِي حَثْمَةَ بِنَحْوِ حَدِيثِهِمْ.

4302 ـ4303 ـ حدّثنا عَبْدُ اللّهِ بْنُ مَسْلَمَةَ بْنِ قَعْنَبٍ: حَدّثنَا سُلَيْمَانُ بْنُ بِلاَلٍ، عَنْ يَحْيَى بْنِ سَعِيدٍ، عَنْ بُشَيْرِ بْنِ يَسَارٍ أَنّ عَبْدَ اللّهِ بْنَ سَهْلِ بْنِ زَيْدٍ وَمُحَيّصَةَ بْنَ مَسْعُودِ بْنِ زَيْدٍ الأَنْصَارِيّيْنِ، ثُمّ مِنْ بَنِي حَارِثَةَ، خَرَجَا إِلَى خَيْبَرَ فِي زَمَانِ رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم، وَهِيَ يَوْمَئِذٍ صُلْحٌ، وَأَهْلُهَا يَهُودُ، فَتَفَرّقَا لِحَاجَتِهِمَا، فَقُتِلَ عَبْدُ اللّهِ بْنُ سَهْلٍ، فَوُجِدَ فِي شَرَبَةٍ مَقْتُولاً، فَدَفَنَهُ صَاحِبُهُ، ثُمّ أَقْبَلَ إِلَى الْمَدِينَةِ، فَمَشَى أَخُو الْمَقْتُولِ، عَبْدُ الرّحْمَنِ بْنُ سَهْلٍ وَمُحَيّصَةُ وَحُوَيّصَةُ، فَذَكَرُوا (لِرَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم شَأْنَ عَبْدِ اللّهِ، وَحَيْثُ قُتِلَ، فَزَعَمَ بُشَيْرٌ وَهُوَ يُحَدّثُ عَمّنْ أَدْرَكَ مِنْ أَصْحَابِ رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم أَنّهُ قَالَ لَهُمْ «تَحْلِفُونَ خَمْسِينَ يَمِيناً وَتَسْتَحِقّونَ قَاتِلَكُمْ؟» (أَوْ صَاحِبَكُمْ) قَالُوا: يَا رَسُولَ اللّهِ مَا شَهِدْنَا وَلاَ حَضَرْنَا، فَزَعَمَ أَنّهُ قَالَ: «فَتُبْرِئُكُمْ يَهُودُ بِخَمْسِينَ؟» فَقَالُوا: يَا رَسُولَ اللّهِ كَيْفَ نَقْبَلُ أَيْمَانَ قَوْمٍ كُفّارٍ؟ فَزَعَمَ بُشَيْرٌ أَنّ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم عَقَلَهُ مِنْ عِنْدِهِ.

4304 4305 ـ حدّثنا مُحَمّدُ بْنُ عَبْدِ اللّهِ بْنِ نُمَيْرٍ: حَدّثنَا سَعِيدُ بْنُ عُبَيْدٍ: حَدّثنَا بُشَيْرُ بْنُ يَسَارٍ الأَنْصَارِيّ عَنْ سَهْلِ بْنِ أَبِي حَثْمَةَ الأَنْصَارِيّ، أَنّهُ أَخْبَرَهُ أَنّ نَفَراً مِنْهُمُ انْطَلَقُوا إِلَى خَيْبَرَ، فَتَفَرّقُوا فِيهَا، فَوَجَدُوا أَحَدَهُمْ قَتِيلاً، وَسَاقَ الْحَدِيثَ، وَقَالَ فِيهِ: فَكَرِهَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم أَنْ يُبْطِلَ دَمَهُ، فَوَدَاهُ مِائَةً مِنْ إِبِلِ الصّدَقَةِ.

رابىئ ، سەھلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن، ئابدۇﷲ ئىبنى سەھلى بىلەن مۇھەييەسەت ئىبنى مەسئۇد خەيبەرگە بېرىپ، خورمىزارلىقتا بىر ـ بىردىن ئايرىلىپ كىتىدۇ، ئاندىن ئىبنى سەھلى ئۆلتۈرۈلىدۇ، ئاندىن كىيىن ئۇنىڭ قېرىندىشى ئابدۇررەھمان ئىبنى سەھلى ۋە مەسئۇدنىڭ ئىككى ئوغلى ھۇۋەييەسەت بىلەن مۇھەييەسەت رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قېشىغا كىلىپ، ھەمراھىنىڭ ئىشى توغرىسىدا سۆز قىلىدۇ، قەۋمىنىڭ كىچىكرەكى بولغان ئابدۇررەھمان سۆزلەشكە باشلىغاندا، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: چوڭلارنى سۆزلىگىلى قويغىن، ئالدى بىلەن چوڭلار سۆز قىلسۇن دېدى. ئاندىن ئۇلار سۆزلىرىنى دەپ بولغاندا، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:سىلەردىن 50 كىشىنىڭ قەسەم قىلىشى بىلەن ئۆلتۈرۈلگەن ھەمراھىڭلارنىڭ تۆلەم پۇلىنى تەلەپ قىلساڭلار بۇلىدۇ دېدى، ئۇلار: ئى ﷲ نىڭ ئەلچىسى! بىز بۇنداق قارىمايمىز، بۇ بىزنىڭ كۆزقارىشىمىز ئەمەس تۇرسا، بىز قانداق قەسەم قىلىمىز؟دېدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: ئۇنداق بولسا، خەيبەر يەھۇدىيلىرىدىن 50 كىشى قەسەم قىلىپ، سىلەرنىڭ گۇمانىڭلارنى يوق قىلىپ، تۆھمەتتىن قۇتۇلىدۇ دېدى، ئۇلار: ئى ﷲ نىڭ ئەلچىسى!ئۇلار دىگەن كاپىر تۇرسا،(ئۇلار بۇنىڭدىنمۇ چوڭ ـ چوڭ گۇناھ ـ مەئسىيەتلەرنى قىلغان تۇرسا، بۇ ئۇلارغا قانچىلىك ئىش ئىدى؟)دېدى،ئاندىن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۆزىنىڭ يېنىدىن (يەنى بەيتۇلمالدىن)100 تۆگە تۆلەم بەردى.بۇخارى،مۇسلىم.

4306 ـــ 4307ـــ4308 حدّثني أَبُو الطّاهِرِ وَ حَرْمَلَةُ بْنُ يَحْيَىَ (قَالَ أَبُو الطّاهِرِ: حَدّثنَا، وَقَالَ حَرْمَلَةُ: أَخْبَرَنَا ابْنُ وَهْبٍ) أَخْبَرَنِي يُونُسُ عَنِ ابْنِ شِهَابٍ: أَخْبَرَنِي أَبُو سَلَمَةَ بْنُ عَبْدِ الرّحْمَنِ وَ سُلَيْمَانُ بْنُ يَسَارٍ، مَوْلَى مَيْمُونَةَ، زَوْجِ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم عَنْ رَجُلٍ مِنْ أَصْحَابِ رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم مِنَ الأَنْصَارِ أَنّ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم أَقَرّ الْقَسَامَةَ عَلَىَ مَا كَانَتْ عَلَيْهِ فِي الْجَاهِلِيّةِ.

ئەنسارلاردىن بىر ساھابە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ؛رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم قەسەم قىلدۇرۇشنى جاھالىيەت ۋاقتىدىكى قەسەم قىلدۇرۇش ئىشلىرىغا ئوخشاش ئورۇنلاشتۇرۇپ قالدۇردى دېدى.

## 753 ـ باب حكم المحاربين والمرتدين

## ئىسلام خەلىپىسىگە جەڭ ئېلان قىلغان كىشىنىڭ ۋە مۇرتەدنىڭ ھۆكمى توغرىسىدا

4309 ـ وحدّثنا يَحْيَى بْنُ يَحْيَى التّمِيمِيّ وَ أَبُو بَكْرِ بْنُ أَبِي شَيْبَةَ، كِلاَهُمَا عَنْ هُشَيْمٍ، (وَاللّفْظُ لِيحْيَى) قَالَ: أَخْبَرَنَا هُشَيْمٌ عَنْ عَبْدِ الْعَزِيزِ بْنِ صُهَيْبٍ وَ حُمَيْدٍ، عَنْ أَنَسِ ابْنِ مَالِكٍ أَنّ نَاساً مِنْ عُرَيْنَةَ قَدِمُوا عَلَىَ رَسُولِ اللّهِ، صلى الله عليه وسلم، الْمَدِينَةَ، فَاجْتَوَوْهَا، فَقَالَ لَهُمْ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم «إِنْ شِئْتُمْ أَنْ تَخْرُجُوا إِلَى إِبِلِ الصّدَقَةِ فَتَشْرَبُوا مِنْ أَلْبَانِهَا وَأَبْوَالِهَا» فَفَعَلُوا، فَصَحّوا، ثُمّ

مَالُوا عَلَى الرِّعَاةِ فَقَتَلُوهُمْ، وَارْتَدُّوا عَنِ الْإِسْلَامِ، وَسَاقُوا ذَوْدَ رَسُولُ اللهِ صلى الله عليه وسلم، فَبَلَغَ ذَلِكَ النَّبِيَّ صلى الله عليه وسلم، فَبَعَثَ فِي أَثَرِهِمْ، فَأَتِيَ بِهِمْ، فَقَطَعَ أَيْدِيَهُمْ وَأَرْجُلَهُمْ، وَسَمَلَ أَعْيُنَهُمْ، وَتَرَكَهُمْ فِي الْحَرَّةِ حَتَّى مَاتُوا.

4310 ـ4311 ـ4312 ـ حدّثنا أَبُو جَعْفَرٍ مُحَمَّدُ بْنُ الصَّبَّاحِ وَ أَبُو بَكْرِ بْنُ أَبِي شَيْبَةَ (وَاللَّفْظُ لأَبِي بَكْرٍ) قَالَ: حَدَّثَنَا ابْنُ عُلَيَّةَ عَنْ حَجَّاجِ بْنِ أَبِي عُثْمَانَ، حَدَّثَنِي أَبُو رَجَاءٍ مَوْلَى أَبِي قِلَابَةَ عَنْ أَبِي قِلَابَةَ حَدَّثَنِي أَنَسٌ أَنَّ نَفَراً مِنْ عُكْلٍ، ثَمَانِيَةً، قَدِمُوا عَلَى رَسُولِ اللَّهِ صلى الله عليه وسلم، فَبَايَعُوهُ عَلَى الإِسْلاَمِ، فَاسْتَوْخَمُوا الأَرْضَ وَسَقُمَتْ أَجْسَامُهُمْ، فَشَكَوْا ذَلِكَ إِلَى رَسُولِ اللَّهِ صلى الله عليه وسلم، فَقَالَ «أَلاَ تَخْرُجُونَ مَعَ رَاعِينَا فِي إِبِلِهِ فَتُصِيبُونَ مِنْ أَبْوَالِهَا وَأَلْبَانِهَا؟ فَقَالُوا: بَلَى، فَخَرَجُوا فَشَرِبُوا مِنْ أَبْوَالِهَا وَأَلْبَانِهَا، فَصَحُّوا، فَقَتَلُوا الرَّاعِيَ وَطَرَدُوا الإِبِلَ، فَبَلَغَ ذَلِكَ رَسُولَ اللَّهِ صلى الله عليه وسلم، فَبَعَثَ فِي آثَارِهِمْ، فَأُدْرِكُوا، فَجِيءَ بِهِمْ، فَأَمَرَ بِهِمْ فَقُطِعَتْ أَيْدِيهِمْ وَأَرْجُلُهُمْ وَسُمِرَ أَعْيُنُهُمْ، ثُمَّ نُبِذُوا فِي الشَّمْسِ حَتَّى مَاتُوا، وَقَالَ ابْنُ الصَّبَّاحِ فِي رِوَايَتِهِ: وَاطَّرَدُوا النَّعَمَ، وَقَالَ: وَسُمِّرَتْ أَعْيُنُهُمْ. وحدّثنا مُحَمَّدُ بْنُ الْمُثَنَّى: حَدَّثَنَا مُعَاذُ بْنُ مُعَاذٍ، ح وَحَدَّثَنَا أَحْمَدُ بْنُ عُثْمَانَ النَّوْفَلِيّ: حَدَّثَنَا أَزْهَرُ السَّمَّانُ قَالاَ: حَدَّثَنَا ابْنُ عَوْنٍ: حَدَّثَنَا أَبُو رَجَاءٍ، مَوْلَى أَبِي قِلَابَةَ عَنْ أَبِي قِلَابَةَ قَالَ: كُنْتُ جَالِساً خَلْفَ عُمَرَ بْنِ عَبْدِ الْعَزِيزِ، فَقَالَ لِلنَّاسِ: مَا تَقُولُونَ فِي الْقَسَامَةِ؟ فَقَالَ عَنْبَسَةُ: قَدْ حَدَّثَنَا أَنَسُ بْنُ مَالِكٍ كَذَا وَكَذَا، فَقُلْتُ: إِيَّايَ حَدَّثَ أَنَسٌ، قَدِمَ عَلَى النَّبِيِّ صلى الله عليه وسلم قَوْمٌ، وَسَاقَ الْحَدِيثَ بِنَحْوِ حَدِيثِ أَيُّوبَ وَحَجَّاجٍ، قَالَ أَبُو قِلَابَةَ: فَلَمَّا فَرَغْتُ، قَالَ عَنْبَسَةُ سُبْحَانَ اللَّهِ قَالَ أَبُو قِلَابَةَ: فَقُلْتُ: أَتَتَّهِمُنِي يَا عَنْبَسَةُ؟ قَالَ: لاَ هَكَذَا حَدَّثَنَا أَنَسُ بْنُ مَالِكٍ، لَنْ تَزَالُوا بِخَيْرٍ، يَا أَهْلَ الشَّامِ مَا دَامَ فِيكُمْ هَذَا أَوْ مِثْلُ هَذَا.

4313 ـ4314 ـ4315 ـ وحدّثنا الْحَسَنُ بْنُ أَبِي شُعَيْبٍ الْحَرَّانِيّ، حَدَّثَنَا مِسْكِينٌ (وَهُوَ ابْنُ بُكَيْرٍ الْحَرَّانِيّ): أَخْبَرَنَا الأَوْزَاعِيّ. ح وَحَدَّثَنَا عَبْدُ اللَّهِ بْنُ عَبْدِ الرَّحْمَنِ الدَّارِمِيّ: أَخْبَرَنَا مُحَمَّدُ بْنُ يُوسُفَ، عَنِ الأَوْزَاعِيّ، عَنْ يَحْيَى بْنِ أَبِي كَثِيرٍ، عَنْ أَبِي قِلَابَةَ، عَنْ أَنَسِ بْنِ مَالِكٍ قَالَ: قَدِمَ عَلَى رَسُولِ اللَّهِ صلى الله عليه وسلم ثَمَانِيَةُ نَفَرٍ مِنْ عُكْلٍ، بِنَحْوِ حَدِيثِهِمْ، وَزَادَ فِي الْحَدِيثِ: وَلَمْ يَحْسِمْهُمْ.

4316 ـ وحدّثني الْفَضْلُ بْنُ سَهْلٍ الأَعْرَجُ: حَدَّثَنَا يَحْيَى بْنُ غَيْلاَنَ: حَدَّثَنَا يَزِيدُ بْنُ زُرَيْعٍ، عَنْ سُلَيْمَانَ التَّيْمِيّ، عَنْ أَنَسٍ قَالَ: إِنَّمَا سَمَلَ النَّبِيّ صلى الله عليه وسلم أَعْيُنَ أُولَئِكَ، لأَنَّهُمْ سَمَلُوا أَعْيُنَ الرِّعَاءِ.

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، ئۇرەينە ياكى ئۇكلىن قەبىلىسىدىن سەككىز نەپەر كىشلەر رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قېشىغا كىلىپ، بەيئەت قىلىپ مۇسۇلمان بولدى، ئاندىن ئۇلارغا مەدىنىنىڭ ھاۋاسى خىل كەلمەي، ئۇلار كېسەل بولۇپ كەتتى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇلارنى زاكات تۆگىلىرىنىڭ قېشىغا ېبرىپ، تۆگىلەرنىڭ سۈت،سۇدۇكلىرىدىن ئىچىشكە بۇيرىدى، ئاندىن ئۇلار تۆگىنىڭ سۈت ـ سۇدۇكلىرىنى ئىچىپ ساقىيىۋېلىپلا، مۇرتەد بولۇپ، دىندىن قايتىپ، تۆگەباقىدىغان پادىچىلارنى ئۆلتۈرۈپ، تۆگىلەرنى ھەيدەپ قاچتى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بۇئىشتىن خەۋەر تېپىپ،ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن قوشۇن ئەۋەتتى، ئۇلار كەلتۈرۈلگەندە، ئۇلارنىڭ پۇت ـ قوللىرى كىسىلدى، كۆزلىرى قىزىق تۆمۈر بىلەن قويۇلدى، ئاندىن كەسكەن جايلىرىنى داغلىمايلا، ئۇلارقىززىق ئاپتاپ، ھارارەتكە تاشلاپ قويۇلۇپ، سۇ سورسىمۇ سۇ بېرىلمىدى، ئاخىرى ئۇلار شۇنداق ئۆلدى. بۇخارى،مۇسلىم بىرلىككە كەلگەن.(ئۇلاردىن شۇنداق قىساس ئېلىندى، چۈنكى ئۇلارمۇ شۇنداق قىلغان ئىدى.**الله** ۋە **الله** نىڭ ئەلچىسىگە جەڭ ئىلان قىلغان كىشلەرنىڭ جازاسى قۇرئاندا ئەنە شۇنداقتۇر.)

## *754 ـ باب ثبوت القصاص في القتل بالحجر وغيره، من المحددات والمثقلات، وقتل الرجل بالمرأة*

**تاشقا ئوخشاش ئېغىر نەرسىلەربىلەن ۋە بىسىلىق نەرسىلەر بىلەن قىلىنغان قاتىللىقتا شۇنەرسىلەر بىلەن ئۆلتۈرلۈپ قىساس ئېلىنىدىغانلىقى ۋە ئەركىشىنى ئايال كىشىنىڭ بەدىلگە ئۆلتۈرۈش توغرىسىدا**

4317 ـ حدّثنا مُحمّدُ بْنُ الْمُثنّى و مُحمّدُ بْنُ بَشّارٍ (وَاللّفظ لاِبْنِ الْمُثنّى) قالاَ: حَدّثنَا مُحَمّدُ بْنُ جَعْفَرٍ: حَدّثنَا شُعْبَةُ، عَنْ هِشَامِ بْنِ زَيْدٍ، عَنْ أنَسِ بْنِ مَالِكٍ أنّ يَهُودِيّاً قتَلَ جَارِيَةً عَلَى أوْضَاحٍ لَهَا، فقتَلَهَا بِحَجَرٍ، قَالَ: فَجِيءَ بِهَا إلَى النّبيّ صلى الله عليه وسلم، وَبِهَا رَمَقٌ، فقالَ لَهَا: «أقتَلَكِ فُلاَنٌ؟» فَأشَارَتْ بِرَأسِهَا أنْ لاَ، ثُمّ قالَ لَهَا الثّانِيَةَ، فَأشَارَتْ بِرَأسِهَا أنْ لاَ، ثُمّ سَألَهَا الثّالِثَة، فقالَتْ: نَعَمْ. وَأشَارَتْ بِرَأسِهَا فقتَلَهُ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم بَيْنَ حَجَرَيْنِ.

4318 ـ وحدّثني يَحْيَى بْنُ حَبِيبٍ الْحَارِثِيّ: حَدّثنَا خَالِدٌ (يَعْنِي ابْنَ الْحَارِثِ)، ح وَحَدّثنَا أبُو كُرَيْبٍ: حَدّثنَا ابْنُ إدْرِيسَ، كِلاَهُمَا عَنْ شُعْبَةَ بِهَذَا الإسْنَادِ، نَحْوَهُ، وَفِي حَدِيثِ ابْنِ إدْرِيسَ فَرَضَخَ رَأسَهُ بَيْنَ حَجَرَيْنِ.

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ بىر يەھۇدىي كىشى، بىر قىزچاقنىڭ زىنەت بۇيۇملىرىنى مەقسەت قىلىپ، ئۇنىڭ بېشىنى ئىككى تاش ئارىسىدا يېرىپ ئۆلتۈرۈۋەتتى. ئۇقىزچاق رەسۇلۇللاھنىڭ قېشىغا كەلتۈرۈلگەندە ئۇنىڭ نەپسى توختاپ قالاي دەپتىكەن، ئۇنىڭغا؛ بۇنى ساڭا كىم قىلدى؟، سىنى پالانى ئۆلتۈردىمۇ؟ پالانى قىلدىمۇ؟ دېسە، ئۇقىزچاق بېشى بىلەن ئىشارەت قىلىپ، ياق، ياق دېدى، ھەتتا ھېلىقى يەھۇدىينىڭ ئىسمى چىقىرلىپ، ماۋۇ پالانى قىلدىمۇ؟ دېيىلگەندە، قىزچاق ئۈچۈنجى قېتىم بېشى بىلەن ئىشارەت قىلىپ؛ ھەئە دېدى، ھېلىقى يەھۇدىي كەلتۈرۈلدى، ئۇ ئۆز جىنايىتىنى ئىتراپ قىلدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنى جازالاشقا بۇيرىدى، قىساس يۈزىسىدىن ئۇنىڭمۇ بېشى تاش بىلەن يېرىپ ئۆلتۈرۈلدى.بۇخارى،مۇسلىم.

4319 – 4320 ـ حدّثنا عَبْدُ بْنُ حُمَيْدٍ: حَدّثنَا عَبْدُ الرّزّاقِ: أخْبَرَنَا مَعْمَرٌ، عَنْ أيّوبَ، عَنْ أبِي قِلاَبَةَ، عَنْ أنَسٍ أنّ رَجُلاً مِنَ الْيَهُودِ قتَلَ جَارِيَةً مِنَ الأنْصَارِ عَلَى حُلِيّ لَهَا، ثُمّ ألقاهَا فِي الْقلِيبِ، وَرَضَخَ رَأسَهَا بِالْحِجَارَةِ، فَأُخِذَ فَأُتِيَ بِهِ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم، فَأمَرَ بِهِ أنْ يُرْجَمَ، حَتّى يَمُوتَ، فَرُجِمَ حَتّى مَاتَ.

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ بىر يەھۇدىي كىشى، بىر قىزچاقنىڭ زىنەت بۇيۇملىرىنى مەقسەت قىلىپ، ئۇنىڭ بېشىنى تاش بىلەن يېرىپ ئۆلتۈرۈپ قۇدۇققا تاشلاپ قويۇپتىكەن، ھېلىقى يەھۇدىي كەلتۈرۈلدى، (ئۇ ئۆز جىنايىتىنى ئىتراپ قىلدى)، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنى ئۆلگىچە تاش ـ بوران قىلىپ جازالاشقا بۇيرىدى، ئاندىن ئۇ تاش ـ بوران قىلىنىپ ئۆلتۈرۈلدى.بۇخارى،مۇسلىم.

4321 ـ وحدّثنا هَدّابُ بْنُ خَالِدٍ: حَدّثنَا هَمّامٌ: حَدّثنَا قتَادَةُ، عَنْ أنَسِ بْنِ مَالِكٍ أنّ جَارِيَةً وُجِدَ رَأسُهَا قدْ رُضّ بَيْنَ حَجَرَيْنِ، فَسَألُوهَا: مَنْ صَنَعَ هَذَا بِكِ؟ فُلاَنٌ؟ فُلاَنٌ؟ حَتّى ذكَرُوا يَهُودِيّاً، فَأوْمَتْ بِرَأسِهَا، فَأُخِذَ الْيَهُودِيّ فَأقَرّ، فَأمَرَ بِهِ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم أنْ يُرَضّ رَأسُهُ بِالْحِجَارَةِ.

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمۇنداق دەيدۇ؛ بىر يەھۇدىي كىشى، بىر قىزچاقنىڭ بېشىنى ئىككى تاش ئارىسىدا يېرىۋەتتى، ئۇقىزچاققا؛ بۇنى ساڭا كىم قىلدى؟، پالانى قىلدىمۇ؟ پالانى قىلدىمۇ؟ دەپ، ھەتتا ھېلىقى يەھۇدىينىڭ ئىسمى چىقىرلىپ،ماۋۇ پالانى قىلدىمۇ؟ دېيىلگەندە، قىزچاق؛ بېشى بىلەن ئىشارەت قىلىپ ھەئە دېدى، ھېلىقى يەھۇدىي كەلتۈرۈلدى، ئۇ ئۆز جىنايىتىنى ئىتراپ قىلدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنى جازالاشقا بۇيرىدى، قىساس يۈزىسىدىن ئۇنىڭمۇ بېشى تاش بىلەن يېرىلدى.بۇخارى،مۇسلىم.

### 755 ـ باب الصائل على نفس الإنسان أو عضوه، إذا دفعه المصول عليه، فأتلف نفسه أو عضوه، لا ضمان عليه

### ئالدى بىلەن تاجاۋۇز قىلغۇچىنىڭ بىرەر ئەزاسىنى تاجاۋۇز قىلىنغۇچى ھالاك قىلىۋەتسە، بۇنىڭغا تۆلەم يوق

4322 ـ 4323 ـ حدّثنا مُحَمّدُ بْنُ الْمُثنّى وَ ابْنُ بَشّارٍ قالاَ: حَدّثَنَا مُحَمّدُ بْنُ جَعْفَرٍ: حَدّثَنَا شُعْبَةُ، عَنْ قَتَادَةَ، عَنْ زُرَارَةَ، عَنْ عِمْرَانَ بْنِ حُصَيْنٍ قَالَ: قَاتَلَ يَعْلَى بْنُ مُنْيَةَ أَوِ ابْنُ أُمَيّةَ رَجُلاً، فَعَضّ أَحَدُهُمَا الآخر ، فَانْتَزَعَ يَدَهُ مِنْ فَمِهِ، فَنَزَعَ ثَنِيّتَهُ، (وَقَالَ ابْنُ الْمُثنّى: ثَنِيّتَيْهِ) فَاخْتَصَمَا إِلَى النّبِيّ صلى الله عليه وسلم، فَقَالَ «أَيَعَضّ أَحَدُكُمْ كَمَا يَعَضّ الْفَحْلُ؟ لاَ دِيَةَ لَهُ».

4324 ـ حدّثني أَبُو غَسّانَ الْمِسْمَعِيّ، حَدّثَنَا مُعَاذٌ (يَعْنِي ابْنَ هِشَامٍ)، حَدّثَنِي أَبِي عَنْ قَتَادَةَ، عَنْ زُرَارَةَ بْنِ أَوْفَى، عَنْ عِمْرَانَ بْنِ حُصَيْنٍ أَنّ رَجُلاً عَضّ ذِرَاعَ رَجُلٍ، فَجَذَبَهُ فَسَقَطَتْ ثَنِيّتُهُ، فَرُفِعَ إِلَى النّبِيّ صلى الله عليه وسلم فَأَبْطَلَهُ، وَقَالَ: «أَرَدْتَ أَنْ تَأْكُلَ لَحْمَهُ؟».

4325 ـ حدّثني أَبُو غَسّانَ الْمِسْمَعِيّ: حَدّثَنَا مُعَاذُ بْنُ هِشَامٍ: حَدّثَنِي أَبِي عَنْ قَتَادَةَ، عَنْ بُدَيْلٍ، عَنْ عَطَاءِ بْنِ أَبِي رَبَاحٍ، عَنْ صَفْوَانَ بْنِ يَعْلَى أَنّ أَجِيراً لِيَعْلَى بْنِ مُنْيَةَ، عَضّ رَجُلٌ ذِرَاعَهُ، فَجَذَبَهَا فَسَقَطَتْ ثَنِيّتُهُ، فَرُفِعَ إِلَى النّبِيّ صلى الله عليه وسلم فَأَبْطَلَهَا وَقَالَ «أَرَدْتَ أَنْ تَقْضَمَهَا كَمَا يَقْضَمُ الْفَحْلُ؟».

ئىمران، يەئلا، مەسلەمەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمدىن، بىر كىشى يەنە بىر كىشىنىڭ قولىنى چىشلىۋالسا، ئۇ قولىنى تارتىشى بىلەنلا ئۇنىڭ چىشى چۈشۈپ كېتىپ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە ئەرز قىلىپ كېلىدۇ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم؛ بىرىڭلار قېرىندىشىنى خۇددى ئەركەك تۆگە چىشلىگەندەك چىشلەمدۇ؟ ئۇنىڭ چىشىغا تۆلەم پۇلى يوق دىگەن. ئەھمەد، بەيھەقى، نەسەئى، تىرمىزى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

4326 ـ حدّثنا أَحْمَدُ بْنُ عُثْمَانَ النّوْفَلِيّ: حَدّثَنَا قُرَيْشُ بْنُ أَنَسٍ، عَنِ ابْنِ عَوْنٍ، عَنْ مُحَمّدِ بْنِ سِيرِينَ، عَنْ عِمْرَانَ بْنِ حُصَيْنٍ أَنّ رَجُلاً عَضّ يَدَ رَجُلٍ، فَانْتَزَعَ يَدَهُ فَسَقَطَتْ ثَنِيّتُهُ أَوْ ثَنَايَاهُ، فَاسْتَعْدَى رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم، فَقَالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: «مَا تَأْمُرُنِي؟ تَأْمُرُنِي أَنْ آمُرَهُ أَنْ يَدَعَ يَدَهُ فِي فِيكَ تَقْضَمُهَا كَمَا يَقْضَمُ الْفَحْلُ؟ ادْفَعْ يَدَكَ حَتّى يَعَضّهَا ثُمّ انْتَزِعْهَا».

4327 ـ حدّثنا شَيْبَانُ بْنُ فَرّوخَ: حَدّثَنَا هَمّامٌ: حَدّثَنَا عَطَاءٌ، عَنْ صَفْوَانَ بْنِ يَعْلَى بْنِ مُنْيَةَ، عَنْ أَبِيهِ قَالَ: أَتَى النّبِيّ صلى الله عليه وسلم رَجُلٌ، وَقَدْ عَضّ يَدَ رَجُلٍ، فَانْتَزَعَ يَدَهُ فَسَقَطَتْ ثَنِيّتَاهُ (يَعْنِي الّذِي عَضّهُ)، قَالَ: فَأَبْطَلَهَا النّبِيّ صلى الله عليه وسلم، وَقَالَ «أَرَدْتَ أَنْ تَقْضَمَهُ كَمَا يَقْضَمُ الْفَحْلُ؟».

4328 ـ حدّثنا أَبُو بَكْرِ بْنُ أَبِي شَيْبَةَ: حَدّثَنَا أَبُو أُسَامَةَ: أَخْبَرَنَا ابْنُ جُرَيْجٍ: أَخْبَرَنِي عَطَاءٌ: أَخْبَرَنِي صَفْوَانُ بْنُ يَعْلَى بْنِ أُمَيّةَ عَنْ أَبِيهِ قَالَ: غَزَوْتُ مَعَ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم غَزْوَةَ تَبُوكَ، قَالَ: وَكَانَ يَعْلَى يَقُولُ: تِلْكَ الْغَزْوَةُ أَوْثَقُ عَمَلِي عِنْدِي، فَقَالَ عَطَاءٌ: قَالَ صَفْوَانُ: قَالَ يَعْلَى: كَانَ لِي أَجِيرٌ، فَقَاتَلَ إِنْسَاناً فَعَضّ أَحَدُهُمَا يَدَ الآخَرِ(قَالَ: لَقَدْ أَخْبَرَنِي صَفْوَانُ أَيّهُمَا عَضّ الآخَرَ) فَانْتَزَعَ الْمَعْضُوضُ يَدَهُ مِنْ فِي الْعَاضّ، فَانْتَزَعَ إِحْدَى ثَنِيّتَيْهِ، فَأَتَيَا النّبِيّ صلى الله عليه وسلم، فَأَهْدَرَ ثَنِيّتَهُ.

4329 ـ وحدثناه عَمْرُو بْنُ زُرَارَةَ، أَخْبَرَنَا إِسْمَاعِيلُ بْنُ إِبْرَاهِيمَ قَالَ: أَخْبَرَنَا ابْنُ جُرَيْجٍ بِهَذَا الإِسْنَادِ، نَحْوَهُ.

ئىمران ئىبنى ھۇسەيىن،يەئلا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمدىن، مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن بىللە تەبۇكتىكى ئەڭ قىين ئۇرۇشنى قىلغان ئىدىم، مەن ئىجارىگە ئالغان بىر كىشى يەنە بىر كىشى بىلەن ئۇرۇشۇپ قېلىپ ئۇلارنىڭ بىرسى يەنەبىرسىنىڭ قولىنى چىشلىۋالىدۇ، ئۇ قولىنى تارتىۋالسا، ئۇ كىشىنىڭ ئۈتتۈر چىشىدىن ئىككى تال چۈشۈپ كېتىدۇ، ئاندىن ئۇ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قېشىغا داۋا قىلىپ كېلىدۇ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنىڭ چىشىنىڭ تۆلەم پۇلىنى بىكار قىلىۋېتىپ: مېنى نېمىگە بۇيرۇيسەن؟ ئۇ قولىنى ئېغىزىڭدا تارتىۋالماي قويسا، سەن ئۇنى خۇددى ئەركەك تۆگە چىشلەپ ئۈزگەندەك

چىشلەپ ئۈزىۋەتسەڭ ھە! مېنى شۇنىڭغا بۇيرىسۇن دەمسەن؟ ھەي! قولۇڭنى بۇنىڭ ئاغزىغا سېلىپ بەرگىن، ئۇ چىشلىسۇن، ئاندىن قولۇڭنى تارتىۋال، سەن شۇنداق قىلىپ باققىن قېنى؟ دەپ كايىدى.

### 756 ـ باب إثبات القصاص في الأسنان وما في معناها

### چىشقا ئوخشاش ئەزالارغىمۇ قىساس ئېلىپ بېرىش توغرىسىدا

4330 ـ حدّثنا أَبُو بَكْرِ بْنُ أَبِي شَيْبَةَ: حَدّثَنَا عَفّانُ بْنُ مُسْلِمٍ: حَدّثَنَا حَمّادٌ: أَخْبَرَنَا ثَابِتٌ، عَنْ أَنَسٍ أَنّ أُخْتَ الرّبَيّعِ، أُمّ حَارِثَةَ ، جَرَحَتْ إِنْسَاناً ، فَاخْتَصَمُوا إِلَى النّبِيّ صلى الله عليه وسلم، فَقَالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: «الْقِصَاصَ، الْقِصَاصَ» فَقَالَتْ أُمّ الرّبِيعِ: يَا رَسُولَ اللّهِ أَيُقْتَصّ مِنْ فُلاَنَةَ؟ وَاللّهِ لاَ يُقْتَصّ مِنْهَا، فَقَالَ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم: «سُبْحَانَ اللّهِ يَا أُمّ الرّبِيعِ الْقِصَاصُ كِتَابُ اللّهِ» قَالَتْ: لاَ، واللّهِ لاَ يُقْتَصّ مِنْهَا أَبَداً، قَالَ: فَمَا زَالَتْ حَتّىَ قَبِلُوا الدّيَةَ، فَقَالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: «إِنّ مِنْ عِبَادِ اللّهِ مَنْ لَوْ أَقْسَمَ عَلَى اللّهِ لأَبَرّهُ».

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، ئەنەسنىڭ ھاممىسى رۇبەيئە ئەنسارلاردىن بىر قىزچاقنىڭ ئۈتتۈر چىشىنى سۇندۇرۇۋېتىدۇ، ئۇلار ئەپۇ قىلىنىشىنى، دىيەت يەنى بەش تۆگە بېرىشنى ئېيتسا، قىزچاقنىڭ ئىگىللىرى ئۇنىمايدۇ، ئۇلاررەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قېشىغا كېلىدۇ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم قىساس ئېلىنىشقا بۇيرىيدۇ، ئەنەس ئىبنى نەزىر؛ ئى ئاللاھنىڭ ئەلچىسى! رۇبەيئىنىڭ چىشى سۇندۇرۇلامدۇ؟ ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، ياق، ئۇنىڭ چىشىنى سۇندۇرمىسلا دەپ ئۆتىنىدۇ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم شۇ چاغدا؛ ئى ئەنەس! ئاللاھنىڭ كىتابى قۇرئان قىساسقا بۇيرۇيدۇ، جىنايەتچى جازالىنىشى لازىم دىگەن، كېيىن قەۋم، رازى بولۇپ،دىيەتنى قوبۇل قەلەپ، ئەپۇ قىلىدۇ، شۇ چاغدا رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم؛ ھەققەتەن ئاللاھنىڭ بەندىلىرى ئىچىدە شۇنداق ئېسىل كىشىلەر باركى، ئەگەر ئاللاھقا قەسەم قىلسا، ئاللاھ ئۇنىڭ دۇئاسىنى ئىجاۋەت قىلىدۇ، قەسىمىگە ۋاپا قىلدۇرىدۇ دىگەن. نەسەئى 4676 ـ ھەدىس، بۇخارى 6386 ـ ھەدىس، مۇسلىم 3174 ـ ھەدىس، ئەبۇ داۋۇد 3979 ـ ھەدىس، ئىبنى ماجە 2639 ـ ھەدىس، ئەھمەد 12243 ـ ھەدىس، بەيھەقىمۇ توپلىغان، سەھىھ.

### 757 ـ باب ما يباح به دم المسلم

### مۇسۇلماننىڭ قېنىنى (جازالاش يۈزىسىدىن) تۆكۈش دۇرۇس بولىدىغان ئىشلار توغرىسىدا

4331 ـ 4332 ـ حدّثنا أَبُو بَكْرِ بْنُ أَبِي شَيْبَةَ: حَدّثَنَا حَفْصُ بْنُ غِيَاثٍ وَ أَبُو مُعَاوِيَةَ وَ وَكِيعٌ، عَنِ الأَعْمَشِ، عَنْ عَبْدِ اللّهِ بْنِ مُرّةَ، عَنْ مَسْرُوقٍ، عَنْ عَبْدِ اللّهِ قَالَ: قَالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: «لاَ يَحِلّ دَمُ امْرِىءٍ مُسْلِمٍ، يَشْهَدُ أَنْ لاَ إِلَهَ إِلاّ اللّهُ، وَأَنّي رَسُولُ اللّهِ، إِلاّ بِإِحْدَىَ ثَلاَثٍ: الثّيّبُ الزّانِ، وَالنّفْسُ بِالنّفْسِ، وَالتّارِكُ لِدِينِهِ، الْمُفَارِقُ لِلْجَمَاعَةِ».

ئائىشە،ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ئاللاھدىن باشقا ھەق ئىلاھ يوق، مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئاللاھنىڭ ئەلچىسى دەپ گۇۋاھلىق بەرگەن مۇسۇلماننىڭ قېنىنى تۆكۈپ ئۆلتۈرۈش، پەقەت ئۈچ ئىشنىڭ بىرى بىلەنلا ھالال بولىدۇ، 1 ـ گۇناھسىز كىشىنى

ئۆلتۈرگەن قاتىل ئۆلتۈرۈلىدۇ. 2 ـ توي قىلغاندىن كېيىن زىنا قىلغان كىشى رىجىم قىلىنىپ ئۆلتۈرۈلىدۇ. 3 ـ خەلىپە جامائىتىنى تەرىك ئېتىپ، جامائەتتىن ئايرىلىپ دىننى تەرىك ئەتكەن مۇرتەد ئۆلتۈرۈلىدۇ.( ئاللاھقا، ئاللاھنىڭ ئەلچىسگە جەڭ ئېلان قىلىپ چىققان كىشى ئۆلتۈرۈلىدۇ، يا دارغا ئېسىلىدۇ، يا يۇرتىدىن پالاندى قىلىنىدۇ)بۇخارى،مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

4333 ـ حدّثنا أحْمَدُ بْنُ حَنْبَلٍ و مُحَمّدُ بْنُ الْمُثنّى (وَاللّفْظ لأحْمَد) قالاَ: حَدّثنا عَبْدُ الرحْمَن بْنُ مهْدِيّ،عَنْ سُفْيَانَ، عَنِ الأعْمَش، عَنْ عَبْدِ اللّهِ بْنِ مرّة، عَنْ مَسْرُوق، عَنْ عَبْدِ اللّهِ قال: قامَ فِينَا رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم فقال: «وَالّذِي لاَ إلَهَ غَيْرُهُ لاَ يَحِلّ دَمُ رَجُلٍ مُسْلِمٍ يَشْهَدُ أنْ لاَ إلَهَ إلاّ اللّهُ، وَأنّي رَسُولُ اللّهِ، إلاّ ثلاثَة نفرٍ: التّارِكُ الإسْلاَمَ، الْمُفارِقُ لِلْجَمَاعَةِ أو الْجَمَاعَة، (شَكّ فِيهِ أحْمَدُ)، وَالثّيّبُ الزّانِي، وَالنّفْسُ بالنّفْسِ». قالَ الأعْمَش: فَحَدّثتُ بِهِ إبْرَاهِيمَ، فَحدّثنِي عَنِ الأسْوَدِ، عَنْ عَائشَة، بِمِثْلِهِ.

4334 ـ وحدّثنِي حَجّاجُ بْنُ الشّاعِرِ و الْقاسِمُ بْنُ زَكَرِيّاءَ، قالاَ: حَدّثنا عُبَيْدُ اللّهِ بْنُ مُوسَى، عَنْ شَيْبَانَ، عَنِ الأعْمَشِ بَالإسْنَادَيْنِ جَمِيعاً، نَحْوَ حَدِيثِ سُفْيَانَ، وَلَمْ يَذْكُرَا فِي الْحَدِيثِ قوْلَهُ «وَالّذِي لاَ إلَـهَ غَيْرُهُ!».

ئوسمان، ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملاردىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: الله بىلەن قەسەمكى، ئاللاھدىن باشقا ھەق ئىلاھ يوق، مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئاللاھنىڭ ئەلچىسى دەپ گۇۋاھلىق بەرگەن مۇسۇلمان ئىنساننىڭ قېنىنى تۆكۈش پەقەت ئۈچ ئىشنىڭ بىرى بىلەن ھالال بولىدۇ، توي قىلىپ بولغاندىن كېيىن زىنا قىلغان كىشى رىجىم قىلىنىدۇ، يەنى تاش — بوران قىلىنىپ ئۆلتۈرۈلىدۇ. مۇسۇلمان بولۇپ بولغاندىن كېيىن دىندىن قايىپ مۇرتەد بولغان كىشى ئۆلتۈرۈلىدۇ، ھەقسىزلا گۇناھسىز كىشىنى زۇلۇم قىلىپ ئۆلتۈرگەن قاتىل، ئۇنىڭ بارابىرىگە ئۆلتۈرۈلىدۇ. ئەھمەد، نەسەئى، تىرمىزى، ھاكىم، ئىبنى ماجە. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ئاللاھدىن باشقا ھەق ئىلاھ يوق، مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئاللاھنىڭ ئەلچىسى دەپ گۇۋاھلىق بەرگەن مۇسۇلماننىڭ قېنىنى تۆكۈپ ئۆلتۈرۈش، پەقەت ئۈچ ئىشنىڭ بىرى بىلەنلا ھالال بولىدۇ، توي قىلغاندىن كېيىن زىنا قىلغان كىشى رىجىم قىلىنىپ ئۆلتۈرۈلىدۇ. ئاللاھقا، ئاللاھنىڭ ئەلچىسگە جەڭ ئېلان قىلىپ چىققان كىشى ئۆلتۈرۈلىدۇ، يا دارغا ئېسىلىدۇ، يا يۇرتىدىن پالاندى قىلىنىدۇ، گۇناھسىز كىشىنى ئۆلتۈرگەن قاتىل ئۆلتۈرۈلىدۇ. ئەبۇ داۋۇد، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

### 758 – باب بيان إثم من سنّ القتل

### قاتىللىقنى تۇنجى قېتىم يولغا قويغان كىشىنىڭ گۇناھى توغرىسىدا

4335 –4336 ـ حدّثنا أبُو بَكْرِ بْنُ أبي شَيْبَةَ و مُحَمّدُ بْنُ عَبْدِ اللّهِ بْنِ نُمَيْرٍ (وَاللّفْظُ لاِبْنِ أبي شَيْبَةَ) قالاَ: حَدّثنا أبُو مُعَاوِيَةَ عَنِ الأعْمَش، عَنْ عَبْدِ اللّهِ بْنِ مُرّة، عَنْ مَسْرُوق، عَنْ عَبْدِ اللّهِ قال: قالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: «لاَ تُقْتَلُ نَفْسٌ ظلْماً، إلاّ كَانَ عَلَى ابْنِ آدَمَ الأوّلِ كِفْلٌ مِنْ دَمِهَا، لأنّهُ كَانَ أوّلَ مَنْ سَنّ الْقَتْلَ»،

ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ھەر قانداق بىر جان ئىگىسى (يەنى ئىنسان)، زۇلۇم قىلىنىپ ئۆلتۈرۈلسە، ئۇنىڭ قىنىدىن، ئۆلتۈرۈلگەن خۇن جىنايەتتىن بىر كىشلىك نىسۋە ئادەمنىڭ تۇنجى قاتىل بالىسىغا بولىدۇ. چۈنكى ئۇ قاتىللىقنى تۇنجى بولۇپ يولغا قويغان، يامان سۈننەت قالدۇرغان، جىنايەتچىدۇر. ئەھمەد، بەيھەقى، بۇخارى، مۇسلىم، تىرمىزى، نەسەئى، ئىبنى ماجە.

## 759 ـــــ باب المجازاة بالدماء في الآخرة، وأنها أول ما يقضى فيه بين الناس يوم القيامة

4337 ـ حدّثنا عُثْمَانُ بْنُ أبي شَيْبَةَ وَ إسْحَقُ بْنُ إبْرَاهِيمَ وَ مُحَمّدُ بْنُ عَبْدِ اللّهِ بْنِ نُمَيرٍ، جَمِيعاً عَنْ وَكِيعٍ، عَنِ الأَعْمَشِ، ح وَحدّثنَا أَبُو بَكْرِ بْنُ أَبِي شَيْبَةَ: حَدّثَنَا عَبْدَةُ بْنُ سُلَيْمَانَ وَ وَكِيعٌ عَنِ الأَعْمَشِ، عَنْ أَبِي وَائِلٍ، عَنْ عَبْدِ اللّهِ قَالَ: قَالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: «أَوّلُ مَا يُقْضَى بَيْنَ النّاسِ، يَوْمَ الْقِيَامَةِ، فِي الدّمَاءِ».

4338 ـ حدّثنا عُبَيْدُ اللّهِ بْنُ مُعَاذٍ: حَدّثَنَا أَبِي. ح وَحَدّثَنِي يَحْيَى بْنُ حَبِيبٍ، حَدّثَنَا خَالِدٌ : (يَعْنِي ابْنَ الْحَارِثِ)، ح وَحَدّثَنِي بِشْرُ بْنُ خَالِدٍ، حَدّثَنَا مُحَمّدُ بْنُ جَعْفَرٍ، ح وَحَدّثَنَا ابْنُ الْمُثَنّى وَ ابْنُ بَشّارٍ قَالاَ: حَدّثَنَا ابْنُ أَبِي عَدِيّ، كُلّهُمْ عَنْ شُعْبَةَ، عَنِ الأَعْمَشِ، عَنْ أَبِي وَائِلٍ، عَنْ عَبْدِ اللّهِ عَنِ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم بِمِثْلِهِ، غَيْرَ أَنّ بَعْضَهُمْ قَالَ: عَنْ شُعْبَةَ «يُقْضَى»، وَبَعْضُهُمْ قَالَ «يُحْكَمُ بَيْنَ النّاسِ».

ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: قىيامەت كۈنى كىشلەر ئارىسىدا تۇنجى بولۇپ ھۆكۈم قىلىنىدىغان نەرسە، قان، خۇن داۋاسى، قاتىللىق دىلوسىدۇر . ئەھمەد، بەيھەقى، بۇخارى،مۇسلىم، نەسەئى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ھەقىقەتەن بەندىلەر ئارىسىدا ھۆكۈم قىلىنىدىغان نەرسىنىڭ تۇنجىسى، قان، خۇن توغرىسىدا بولىدۇ، تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ. ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: بەندە ھېساپ بېرىدىغان نەرسىنىڭ تۇنجىسى نامازدۇر . كىشلەر ئارىسىدا ھۆكۈم قىلىنىدىغان نەرسىنىڭ تۇنجىسى قان، خۇن داۋاسىدۇر، نەسەئى

## 760 ـ باب تغليظ تحريم الدماء والأعراض والأموال

**مۇسۇلمانلارنىڭ قېنىنى، يۈز ـ ئابرۇيىنى تۆكۈشنىڭ، مال ـ مۈلۈكلىرىنى ئېلىۋېلىشنىڭ قاتتىق ھاراملىقى**

4339 ـ حدّثنا أَبُو بَكْرِ بْنُ أَبِي شَيْبَةَ وَ يَحْيَى بْنُ حَبِيبٍ الْحَارِثِيّ (وَتَقَارَبَا فِي اللّفْظِ) قَالاَ: حَدّثَنَا عَبْدُ الْوَهّابِ الثّقَفِيّ، عَنْ أَيّوبَ، عَنِ ابْنِ سِيرِينَ، عَنِ ابْنِ أَبِي بَكْرَةَ، عَنْ أَبِي بَكْرَةَ عَنِ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم أَنّهُ قَالَ: «إِنّ الزّمَانَ قَدِ اسْتَدَارَ كَهَيْئَتِهِ يَوْمَ خَلَقَ اللّهُ السّمَاوَاتِ وَالأَرْضَ، السّنَةُ اثْنَا عَشَرَ شَهْراً، مِنْهَا أَرْبَعَةٌ حُرُمٌ، ثَلاَثَةٌ مُتَوَالِيَاتٌ: ذُو الْقَعْدَةِ وَذُو الْحِجّةِ وَالْمُحَرّمُ، وَرَجَبٌ، شَهْرُ مُضَرَ، الّذِي بَيْنَ جُمَادَى وَشَعْبَانَ»، ثُمّ قَالَ: (أَيّ شَهْرٍ هَذَا؟» قُلْنَا: الله وَرَسُولُهُ أَعْلَمُ، قَالَ: فَسَكَتَ حَتّى ظَنَنّا سَيُسَمّيهِ بِغَيْرِ اسْمِهِ، قَالَ: «أَلَيْسَ ذَا الْحِجّةِ؟» قُلْنَا: بَلَى. قَالَ: «فَأَيّ بَلَدٍ هَذَا؟» قُلْنَا: اللّهُ وَرَسُولُهُ أَعلَمُ. قَالَ: فَسَكَتَ حَتّى ظَنَنّا أَنّهُ، سَيُسَمّيْهِ بِغَيْرِ إسْمِهِ. قَالَ: «أَلَيْسَ الْبَلْدَةَ؟» قُلْنَا: بَلَى، قَالَ: «فَأَيّ يَوْمٍ هَذَا؟» قُلْنَا: اللّهُ وَرَسُولُهُ أَعْلَمُ، قَالَ: فَسَكَتَ حَتّى ظَنَنّا أَنّهُ سَيُسَمّيهِ بِغَيْرِ اسْمِهِ، قَالَ: «أَلَيْسَ يَوْمَ النّحْرِ؟» قُلْنَا: بَلَى، يَا رَسُولَ اللّهِ قَالَ:«فَإِنّ دِمَاءَكُمْ وَأَمْوَالَكُمْ (قَالَ مُحَمّدٌ: وَأَحْسِبُهُ قَالَ) وَأَعْرَاضَكُمْ حَرَامٌ عَلَيْكُمْ، كَحُرْمَةِ يَوْمِكُمْ هَذَا، فِي بَلَدِكُمْ هَذَا، فِي شَهْرِكُمْ هَذَا، وَسَتَلْقَوْنَ رَبّكُمْ فَيَسْأَلُكُمْ عَنْ أَعْمَالِكُمْ، فَلاَ تَرْجِعُنّ بَعْدِي كُفّاراً (أَوْ ضُلاّلاً) يَضْرِبُ بَعْضُكُمْ رِقَابَ بَعْضٍ، أَلاَ لِيُبَلّغِ الشّاهِدُ الْغَائِبَ، فَلَعَلّ بَعْضَ مَنْ يُبَلّغُهُ يَكُونُ أَوْعَى لَهُ مِنْ بَعْضِ مَنْ سَمِعَهُ»، ثُمّ قَالَ: «أَلاَ هَلْ بَلّغْتُ؟».

قَالَ ابْنُ حَبِيبٍ فِي رِوَايَتِهِ «وَرَجَبُ مُضَرَ»، وَفِي رِوَايَةِ أَبِي بَكْرٍ «فَلاَ تَرْجِعُوا بَعْدِي»

4340 ـ حدّثنا نَصْرُ بْنُ عَلِيّ الْجَهْضَمِيّ: حَدّثَنَا يَزِيدُ بْنُ زُرَيْعٍ: حَدّثَنَا عَبْدُ اللّهِ بْنُ عَوْنٍ، عَنْ مُحَمّدِ بْنِ سِيرِينَ، عَنْ عَبْدِ الرّحْمَنِ بْنِ أَبِي بَكْرَةَ، عَنْ أَبِيهِ قَالَ: لَمّا كَانَ ذَلِكَ الْيَوْمُ، قَعَدَ عَلَى بَعِيرِهِ وَأَخَذَ إِنْسَانٌ بِخِطَامِهِ، فَقَالَ: «أَتَدْرُونَ أَيّ يَوْمٍ هَذَا؟» قَالُوا: اللّهُ

وَرَسُولُهُ أَعْلَمُ، حَتَّى ظَنَنَّا أَنَّهُ سَيُسَمِّيهِ سِوَى اسْمِهِ. فَقَالَ: «أَلَيْسَ بِيَوْمِ النَّحْرِ؟» قُلْنَا: بَلَى. يَا رَسُولَ اللّهِ قَالَ: «فَأَيّ شَهْرٍ هَذَا؟» قُلْنَا: اللّهُ وَرَسُولُهُ أَعْلَمُ، قَالَ: «أَلَيْسَ بِذِي الْحِجَّةِ؟» قُلْنَا: بَلَى. يَا رَسُولَ اللّهِ قَالَ: «فَأَيّ بَلَدٍ هَذَا؟» قُلْنَا: اللّهُ وَرَسُولُهُ أَعْلَمُ، قَالَ: حَتَّى ظَنَنَّا أَنَّهُ سَيُسَمِّيهِ سِوَى اسْمِهِ، قَالَ: «أَلَيْسَ بِالْبَلْدَةِ؟» قُلْنَا بَلَى، يَا رَسُولَ اللّهِ؟ قَالَ: «فَإِنّ دِمَاءَكُمْ وَأَمْوَالَكُمْ وَأَعْرَاضَكُمْ عَلَيْكُمْ حَرَامٌ، كَحُرْمَةِ يَوْمِكُمْ هَذَا، فِي شَهْرِكُمْ هَذَا، فِي بَلَدِكُمْ هَذَا، فَلْيُبَلّغِ الشّاهِدُ الْغَائِبَ».

قَالَ: ثُمّ انْكَفَأَ إِلَىَ كَبْشَيْنِ أَمْلَحَيْنِ فَذَبَحَهُمَا، وَإِلَىَ جُزَيْعَةٍ مِنَ الْغَنَمِ فَقَسَمَهَا بَيْنَنَا.

4341 ـ حدّثنا مُحَمّدُ بْنُ الْمُثَنّى: حَدّثَنَا حَمّادُ بْنُ مَسْعَدَةَ، عَنِ ابْنِ عَوْنٍ، قَالَ: قَالَ مُحَمّدٌ: قَالَ عَبْدُ الرّحْمَنِ بْنُ أَبِي بَكْرَةَ، عَنْ أَبِيهِ قَالَ: لَمّا كَانَ ذَلِكَ الْيَوْمُ جَلَسَ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم عَلَىَ بَعِيرٍ، قَالَ: وَرَجُلٌ آخِذٌ بِزِمَامِهِ (أَوْ قَالَ بِخِطَامِهِ). فَذَكَرَ نَحْوَ حَدِيثِ يَزِيدَ بْنِ زُرَيْعٍ.

4342 ـ حدّثني مُحَمّدُ بْنُ حَاتِمِ بْنِ مَيْمُونٍ: حَدّثَنَا يَحْيَى بْنُ سَعِيدٍ: حَدّثَنَا قُرّةُ بْنُ خَالِدٍ: حَدّثَنَا مُحَمّدُ بْنُ سِيرِينَ، عَنْ عَبْدِ الرّحْمَنِ بْنِ أَبِي بَكْرَةَ، وَعَنْ رَجُلٍ آخَرَ هُوَ فِي نَفْسِي أَفْضَلُ مِنْ عَبْدِ الرّحْمَنِ بْنِ أَبِي بَكْرَةَ. ح وحَدّثَنَا مُحَمّدُ بْنُ عَمْرِو بْنِ جَبَلَةَ وَ أَحْمَدُ بْنُ خِرَاشٍ، قَالاَ: حَدّثَنَا أَبُو عَامِرٍ، عَبْدُ الْمَلِكِ بْنُ عَمْرٍو. حَدّثَنَا قُرّةُ بِإِسْنَادِ يَحْيَى بْنِ سَعِيدٍ (وَسَمّى الرّجُلَ حُمَيْدَ بْنَ عَبْدِ الرّحْمَنِ) عَنْ أَبِي بَكْرَةَ قَالَ: خَطَبَنَا رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم يَوْمَ النّحْرِ، فَقَالَ: «أَيّ يَوْمٍ هَذَا» وَسَاقُوا الْحَدِيثَ بِمِثْلِ حَدِيثِ ابْنِ عَوْنٍ. غَيْرَ أَنّهُ لاَ يَذْكُرُ «وَأَعْرَاضَكُمْ» وَلاَ يَذْكُرُ: ثُمّ انْكَفَأَ إِلَىَ كَبْشَيْنِ، وَمَا بَعْدَهُ. وَقَالَ فِي الْحَدِيثِ «كَحُرْمَةِ يَوْمِكُمْ هَذَا، فِي شَهْرِكُمْ هَذَا، فِي بَلَدِكُمْ هَذَا إِلَى يَوْمِ تَلْقَوْنَ رَبّكُمْ، أَلاَ هَلْ بَلّغْتُ؟» قَالُوا: نَعَمْ. قَالَ: «اللّهُمّ اشْهَدْ».

ئىبنى ئۆمەر،ئەبۇبەكرەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم نەھرى كۈنى بىزگە خۇتبە سۆزلەپ مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن زامان، **الله** تائالا ئاسمان ـ زېمىننى ياراتقان كۈندىكى ھەيئىتىدەك ئايلىنىۋاتىدۇ، بىر يىل 12 ئايدۇر، ئۇنىڭدىن تۆت ئاي ھارامدۇر، (يەنى ئۇ ئايلاردا ئۇرۇش قىلىش ھارامدۇر) ئۇرۇش ھارام قىلىنغان ئۈچ ئاي، كەينى ـ كەينىدىن كېلىدۇ، ئۇلار زۇلقەئدە، زۇلھەج ، مۇھەررەمدۇر(يەنى 11 ـ 12 ـ 1 ـ ئايلاردۇر) تۆتىنچىسى شەئبان بىلەن جىمادى ئايىنىڭ ئارلىقىدىكى رەجەب ئېيىدۇر. بۇ قايسى ئايدۇر؟ دېدى، بىز: **الله** ۋە **الله** نىڭ ئەلچىسى بىلىدۇ دېدۇق، رەسۇلۇللاھ بىر ئاز جىم تۇردى، بىز ئۇ ئاينى ئۇنىڭ ئىسمىدىن باشقا بىر ئىسىم بىلەن ئاتاپ بېرەمدىكى دەپ گۇمان قىلىپ قالدۇق، ئاندىن بۇ زۇلھەج ئېيى ئەمەسمۇ؟ دېدى، بىز ئەلۋەتتە زۇلھەج ئېيىدۇر دېسەك، بۇ قايسى شەھەردۇر؟ دېدى، بىز: **الله** ۋە **الله** نىڭ ئەلچىسى بىلىدۇ دېدۇق، رەسۇلۇللاھ بىر ئاز جىم تۇردى، بىز ئۇ شەھەرنى ئۇنىڭ ئىسمىدىن باشقا بىر ئىسىم بىلەن ئاتاپ بېرەمدىكى دەپ گۇمان قىلىپ قالدۇق، ئاندىن بۇ مەككەشەھرى ئەمەسمۇ؟ دېدى، بىز ئەلۋەتتە بۇ مەككە شەھرىدۇر دېسەك، بۇ قايسى كۈندۇر؟ دېدى، بىز: **الله** ۋە **الله** نىڭ ئەلچىسى ئالىم دېدۇق، رەسۇلۇللاھ بىر ئاز جىم تۇردى، بىز بۇ كۈننى ئۇنىڭ ئىسمىدىن باشقا بىر ئىسىم بىلەن ئاتاپ بېرەمدىكى دەپ گۇمان قىلىپ قالدۇق، ئاندىن بۇ نەھرى كۈنى ئەمەسمۇ؟ دېدى، بىز ئەلۋەتتە بۇ نەھرى كۈنىدۇر دېدۇق، ئاندىن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم : ئاگاھ بولۇڭلار، ھەقىقەتەن قانلىرىڭلار، جانلىرىڭلار، ماللىرىڭلار، يۈز ـ ئابرۇيلىرىڭلار بىر ـ بىرىڭلارغا، خۇددى مۇشۇ شەھرىڭلاردا مۇشۇ ئېيىڭلاردا، مۇشۇ كۈنىڭلار ھارام بولغاندەك (مۇشۇكۈننىڭ ھۆرمىتىنى دەپسەندە قىلىش ھارام بولغاندەك) ھارامدۇر، سىلەر پات يېقىندا رەببىڭلارغا مۇلاقات

بۇلۇپ ئۇچۇرشىسلەر، رەببىڭلار سىلەرنىڭ ئەمەللىرىڭلاردىن سورايدۇ، ئاگاھ بولۇڭلار، (سىلەرگە ۋاي، سىلەر ئۆزۈڭلارغا قاراپ بېقىڭلار، قاراپراق ئىش قىلارسىلەر)، مەندىن كېيىن بەزىڭلار، بەزىڭلارنىڭ بوينىغا قىلىچ ئۇرۇش بىلەن كاپىرلىققا،زالالەتكە قايتىپ كەتمەڭلار، ئاگاھ بولۇڭلار، مەن تولۇق يەتكۈزدىممۇ؟ ئۇلار ھەئە تولۇق يەتكۈزدىلە دىگەندە، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئى ئاللاھ گۇۋاھ بولغىن دەپ ئۈچ قېتىم دېدى، ئاندىن ھازىر بۇ جايدا بار بولغان كىشىلەر، يوق بولۇپ قالغان كىشىلەرگە مېنىڭ سۆزلىرىمنى يەتكۈزسۇن، (ھازىرقىلار كىيىنكىلەرگە ، ھازىر بولغانلار غائىپ بولغانلارغا يەتكۈزسۇن،كۆپۈنچە ھەدىس يەتكۈزۈلگەن كىشى ئۇنى ئاڭلىغۇچىدىن بەكىرەك يادا ئېلىپ ساقلايدۇ،دىدى. بۇخارى،مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.

*761 ـ باب صحة الإقرار بالقتل وتمكين وليّ القتيل من القصاص، واستحباب طلب العفو منه*

**قاتىللىق قىلغانلىقىغا ئىقرار قىلىشنىڭ دۇرۇسلىقى، قاتىلنى ئۆلتۈرۈلگەن كىشىنىڭ ۋەلىي ـ ئىگىسىگە تاپشۇرۇپ بېرىش، ئۇنىڭدىن ئەپۇ قىلىشنى سوراشنىڭ مۇستەھەپلىكى توغرىسىدا**

**4343 ـ حدّثنا عُبَيْدُ اللّهِ بْنُ مُعَاذٍ الْعَنْبَرِيّ: حَدّثَنَا أَبِي: حَدّثَنَا أَبُو يُونُسَ، عَنْ سِمَاكِ بْنِ حَرْبٍ أَنّ عَلْقَمَةَ بْنَ وَائِلٍ حَدّثَهُ أَنّ أَبَاهُ حَدّثَهُ قَالَ: إِنّي لَقَاعِدٌ مَعَ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم إِذْ جَاءَ رَجُلٌ يَقُودُه آخَرَ بِنِسْعَةٍ، فَقَالَ: يَا رَسُولَ اللّهِ! هَذَا قَتَلَ أَخِي. فَقَالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: «أَقَتَلْتَهُ؟» (فَقَالَ: إِنّهُ لَوْ لَمْ يَعْتَرِفْ أَقَمْتُ عَلَيْهِ الْبَيّنَة) قَالَ: نَعَمْ قَتَلْتُهُ. قَالَ: «كَيْفَ قَتَلْتَهُ؟» قَالَ: كُنْتُ أَنَا وَهُوَ نَخْتَبِطُ مِنْ شَجَرَةٍ، فَسَبّنِي فَأَغْضَبَنِي، فَضَرَبْتُهُ بِالْفَأْسِ عَلَى قَرْنِهِ فَقَتَلْتُهُ. فَقَالَ لَهُ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم: «هَلْ لَكَ مِنْ شَيْءٍ تُؤَدّيهِ عَنْ نَفْسِكَ؟» قَالَ: مَا لِي مَالٌ إِلاّ كِسَائِي وَفَأْسِي. قَالَ: «فَتَرَى قَوْمَكَ يَشْتَرُونَكَ؟» قَالَ: أَنَا أَهْوَنُ عَلَى قَوْمِي مِنْ ذَاكَ، فَرَمَى إِلَيْهِ بِنِسْعَتِهِ. وَقَالَ: «دُونَكَ صَاحِبَكَ». فَانْطَلَقَ بِهِ الرّجُلُ، فَلَمّا وَلّى قَالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: «إِنْ قَتَلَهُ فَهُوَ مِثْلُهُ» فَرَجَعَ. فَقَالَ: يَا رَسُولَ اللّهِ إِنّهُ بَلَغَنِي أَنّكَ قُلْتَ: «إِنْ قَتَلَهُ فَهُوَ مِثْلُهُ» وَأَخَذْتُهُ بِأَمْرِكَ. فَقَالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: «أَمَا تُرِيدُ أَنْ يَبُوءَ بِإِثْمِكَ وَإِثْمِ صَاحِبِكَ؟» قَالَ: يَا نَبِيّ اللّهِ (لَعَلّهُ قَالَ) بَلَى. قَالَ: «فَإِنّ ذَاكَ كَذَاكَ». قَالَ: فَرَمَى بِنِسْعَتِهِ وَخَلّى سَبِيلَهُ.**

**4344 ـ وحدّثني مُحَمّدُ بْنُ حَاتِمٍ: حَدّثَنَا سَعِيدُ بْنُ سُلَيْمَانَ: حَدّثَنَا هُشَيْمٌ: أَخْبَرَنَا إِسْمَاعِيلُ بْنُ سَالِمٍ، عَنْ عَلْقَمَةَ بْنِ وَائِلٍ، عَنْ أَبِيهِ قَالَ: أُتِيَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم بِرَجُلٍ قَتَلَ رَجُلاً. فَأَقَادَ وَلِيّ الْمَقْتُولِ مِنْهُ، فَانْطَلَقَ بِهِ وَفِي عُنُقِهِ نِسْعَةٌ يَجُرّهَا. فَلَمّا أَدْبَرَ قَالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: «الْقَاتِلُ وَالْمَقْتُولُ فِي النّارِ» فَأَتَى رَجُلٌ الرّجُلَ فَقَالَ لَهُ مَقَالَةَ رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم. فَخَلّى عَنْهُ. قَالَ إِسْمَاعِيلُ بْنُ سَالِمٍ: فَذَكَرْتُ ذَلِكَ لِحَبِيبِ بْنِ أَبِي ثَابِتٍ فَقَالَ: حَدّثَنِي ابْنُ أَشْوَعَ أَنّ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم إِنّمَا سَأَلَهُ أَنْ يَعْفُوَ عَنْهُ فَأَبَى.**

ۋائىل رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن بىللە ئولتۇراتتىم، تۇيۇقسىز بىركىشى يەنەبىركىشنى ئارغامچا بىلەن يۇتىلەپ ئېلىپ كىلىپ؛ ئى **الله** نىڭ ئەلچىسى! بۇكىشى مىنىڭ قېرىندىشىمنى ئۆلتۈرىۋەتتى، دېدى. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم؛ سەن ئۇنى راست ئۆلتۈردۈڭمۇ؟دېدى، (ۋە مۇشۇ سۆنى قىلىۋېتىپ؛ ئەگەر بۇ جىنايىتىنى ئىتراپ قىلمىسا، مەن بۇنىڭ ئۇستىگە (ئۇنى ئۆلتۈرگەنلىكىگە)دەلىل ـ ئىسپات، ھۆججەت تۇرغۇزىمەن دېدى.)ئۇكىشى؛ ھەئە ئۇنى ئۆلتۈردۈم دېدى. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم؛ ئۇنى قانداق ئۆلتۈردۈڭ؟دېدى، ئۇ؛ بىز(ئۇلاغلىرىمىزغا بېرىش ئۇچۈن) دەرەخ قۇلىقى يىغىۋاتاتتۇق، ئۇ مىنى تىللاپ قاتتىق ئاچچىقىمنى كەلتۈردى، شۇڭا مەن ئۇنىڭ بېشىغا پالتام

بىلەن ئۇرۇپ ئۆلتۈردۇم دېدى. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم؛ سىنىڭ ئۇنىڭغا دىيەت تۆلەم پۇلى بېرىدىغان نەرسەڭ بارمۇ؟دېدى، ئۇ؛ مىنىڭ مۇشۇ پالتام بىلەن كاسايىمدىن باشقا ھېچ نەرسەم يوق دېدى. رەسۇلۇللاھ ؛ قاراپ باققىن، قەۋمىڭ سىنى سېتىۋالامدۇ؟دېدى، ئۇ؛ مەن قەۋمىمگە ئۇنىڭدىنمۇ ھاقارەتلىكتۇرمەن دېدى. ئاندىن رەسۇلۇللاھ ئارغامچىنى ئۆلتۈرۈلگەن كىشىنىڭ ۋەلىيسىگە تاشلاپ بېرىپ؛ سەن بۇنى چىڭ تۇت دېدى. ئۇكىشى قاتىلنى ئېلىپ مېڭىپ، ئارقىسىغا ئۆرۈلگەندە، رەسۇلۇللاھ؛ ئەگەر بۇۋەلى ئۇنى ئۆلتۈرسە، ھەر ئىككىلىسى ئوخشاش بولىدۇ(چۈنكى ئۇ ئەپۇ قىلغانىنىڭ پەزلىنى ئالماي، ئۆز ھەققىنى تولۇق ئالغان بولىدۇ، ياكى يەنەبىرخاتىردە؛) قاتىل ۋە ئۆلتۈرۈلگەن كىشى ھەر ئىككىلىسى دەۋزەختە بولىدۇ، دېدى. ئۆلتۈرۈلگەن كىشىنىڭ ۋەلىيسى قايتىپ كېلىپ؛ ئى **الله** نىڭ ئەلچىسى! مەن ئۇنى سىلىنىڭ ئەمىر ـ پەرمانلىرى بىلەن ئېلىپ ماڭغان تۇرسام، سىلى يەنە «ئەگەر بۇۋەلى ئۇنى ئۆلتۈرسە، ھەر ئىككىلىسى ئوخشاش بولىدۇ، قاتىل ۋە ئۆلتۈرۈلگەن كىشى ھەر ئىككىلىسى دەۋزەختە بولىدۇ،»دەپلىغۇ؟دېدى. رەسۇلۇللاھ؛ (سەن ئۇنى ئۆلتۈرۈپ ئۆزۈڭنىڭ ۋە ئۇنىڭ گۇناھىنى گەردىنىڭگە ئېلىپ قايتىشنى ئىرادە قىلمىدىڭمۇ؟) ياكى سەن ئۆزۈڭنىڭ ۋە قېرىندىشىڭنىڭ گۇناھىنىڭ ساقىت قىلىنىشىنى مەقسەت قىلمامسەن؟دېدى. ئۇ؛ ئەلۋەتتە (گۇناھلارنى گەردىمگە ئېلىپ قايتىشنى خالىمايمەن،بەلكى گۇناھلارنىڭ)ساقىت قىلىنىشنى مەقسەت قىلىمەن دەپ،ئارقانىى ئېتىۋېتىپ  ئۇنى قويۇۋەتتى.

**762 ـ  باب دية الجنين، ووجوب الدية في قتل الخطأ وشبه العمد على عاقلة الجاني**

**قۇرساقتىكى تۆرەلمە چۈشۈرۈۋېتىلسە، بىرقۇل تۆلەم بېرىش، قەستەنگە ئوخشاپ كېتىدىغان خاتا قاتىللىقىمۇ دىيەت تۆلەم پۇلى بېرىش، بۇنى قاتىلنىڭ يېقىن تۇققانلىرى تۆلىشىپ بېرىش توغرىسىدا**

**4345 ـ حدّثنا يَحْيَى بْنُ يَحْيَى قالَ: قرَأتُ عَلَى  مَالِكٍ، عَنِ ابْنِ شِهَابٍ، عَنْ أبِي سَلَمَةَ، عَنْ أبي هُرَيْرَةَ أنّ امْرَأتَيْنِ مِنْ هُذَيْلٍ، رَمَتْ إحْدَاهُمَا الأُخْرَى، فَطَرَحَتْ جَنِينَهَا. فقضَى فِيهِ النّبيّ صلى الله عليه وسلم، بغُرّةٍ: عَبْدٍ أوْ أمَةٍ.**

ئەبۇھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، ھۇزەيل قەبىلىسىدىن ئىككى ئايال ئۇرۇشۇپ قېلىپ، بىرسى يەنە بىرسىگە تاش ئېتىپ، ئۇنى ۋە قۇرسىقىدىكى بالىسىنىمۇ ئۆلتۈرىۋەتكەندە، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ؛ئايال كىشىنىڭ قورسىقىدىكى بالىسىنى چۈشۈرىۋەتسە، بىر قۇل ياكى چۆرە دېدەك تۆلەيدۇ، ئايال كىشىنىڭ خاتا قاتىللىق قىلغاندىكى دىيەت، 100 تۆگەتۇلەم پۇلىنى قاتىلنىڭ يېقىن تۇغقانلىرى تۆلىشىپ بېرىدۇ، ئۆلگەن ئايالنىڭ مىراس مېلى باللىرىغا، ئېرىگە بېرىلىدۇ، ئۇنىڭغا بالىسى ۋە ئۇلار بىلەن بىللە بولغان كىشلەر ۋارىس بولىدۇ دەپ ھۆكۈم قىلدى.بۇخارى،مۇسلىم.

4346 ـ وحدّثنا قُتَيْبَةُ بْنُ سَعِيدٍ: حَدّثَنَا لَيْثٌ، عَنِ ابْنِ شِهَابٍ، عَنِ ابْنِ الْمُسَيّبِ، عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ أَنّهُ قَالَ: قَضَىَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم فِي جَنِينِ امْرَأَةٍ مِنْ بَنِي لَحْيَانَ، سَقَطَ مَيّتاً، بِغُرّةٍ: عَبْدٍ أَوْ أَمَةٍ، ثُمّ إِنّ الْمَرْأَةَ الّتِي قُضِيَ عَلَيْهَا بِالْغُرّةِ تُوُفّيَتْ. فَقَضَىَ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم بِأَنّ مِيرَاثَهَا لزوجها وَبنيها، وَأَنّ الْعَقْلَ عَلَىَ عَصَبَتِهَا.

ھەملۇ ئىبنى نابىغە،ئەبۇھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بەنىي لەھيان قەبىلىسىدىن بىر ئايالنىڭ تۇرەلمە بالىسى ئۆلۈك ھالدا چۈشۈپ كەتكەندە، مۇنداق ھۆكۈم قىلغان: ئايال كىشىنىڭ قورسىقىدىكى بالىسنى چۈشۈرۈۋەتسە، بىر قۇل ياكى چۆرە دىيەت تۆلەيدۇ، ئاندىن ئۇ ئايال ئۆلۈپ كىتىۋىدى، ئۇنىڭ مىراس مىلى باللىرىغا، ئېرىگە بېرىلىدۇ، ئايال كىشىنىڭ خاتا قاتىللىق قىلغاندىكى دىيەت، 100 تۆگىنى قاتىلنىڭ يېقىن تۇغقانلىرى تۆلىشىپ بېرىدۇدەپ ھۆكۈم قىلدى.بۇخارى،مۇسلىم، تەبرانى ،سەھىھ.

4347 ـ وحدّثني أَبُو الطّاهِرِ: حَدّثَنَا ابْنُ وَهْبٍ. ح وَحَدّثَنَا حَرْمَلَةُ بْنُ يَحْيَى التّجِيبِيّ: أَخْبَرَنَا ابْنُ وَهْبٍ: أَخْبَرَنِي يُونُسُ، عَنِ ابْنِ شِهَابٍ، عَنِ ابْنِ الْمُسَيّبِ وَ أَبِي سَلَمَةَ بْنِ عَبْدِ الرّحْمَنِ أَنّ أَبَا هُرَيْرَةَ قَالَ: اقْتَتَلَتِ امْرَأَتَانِ مِنْ هُذَيْلٍ. فَرَمَتْ إِحْدَاهُمَا الأُخْرَىَ بِحَجَرٍ فَقَتَلَتْهَا، وَمَا فِي بَطْنِهَا، فَاخْتَصَمُوا إِلَىَ رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم، فَقَضَىَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم أَنّ دِيَةَ جَنِينِهَا غُرّةٌ: عَبْدٌ أَوْ وَلِيدَةٌ، وَقَضَىَ بِدِيَةِ الْمَرْأَةِ عَلَىَ عَاقِلَتِهَا، وَوَرّثَهَا وَلَدَهَا وَمَنْ مَعَهُمْ، فَقَالَ حَمَلُ بْنُ النّابِغَةِ الْهُذَلِيّ: يَا رَسُولَ اللّهِ كَيْفَ أَغْرَمُ مَنْ لاَ شَرِبَ وَلاَ أَكَلَ، وَلاَ نَطَقَ وَلاَ اسْتَهَلّ؟ فَمِثْلُ ذَلِكَ يطَلّ، فَقَالَ رَسُولُ الله صلى الله عليه وسلم «إِنّمَا هَذَا مِنْ إِخْوَانِ الْكُهّانِ» مِنْ أَجْلِ سَجْعِهِ الّذِي سَجَعَ.

4348 ـ وحدّثنا عَبْدُ بْنُ حُمَيْدٍ: أَخْبَرَنَا عَبْدُ الرّزّاقِ. أَخْبَرَنَا مَعْمَرٌ، عَنِ الزّهْرِيّ، عَنْ أَبِي سَلَمَةَ، عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ قَالَ: اقْتَتَلَتِ امْرَأَتَانِ. وَسَاقَ الْحَدِيثَ بِقِصّتِهِ. وَلَمْ يَذْكُرْ: وَوَرّثَهَا وَلَدَهَا وَمَنْ مَعَهُمْ. وَقَالَ: فَقَالَ قَائِلٌ: كَيْفَ نَعْقِلُ؟ وَلَمْ يُسَمّ حَمَلَ بْنَ مَالِكٍ.

4349 ـ حدّثنا إِسْحَقُ بْنُ إِبْرَاهِيمَ الْحَنْظَلِيّ: أَخْبَرَنَا جَرِيرٌ، عَنْ مَنْصُورٍ، عَنْ إِبْرَاهِيمَ، عَنْ عُبَيْدِ بْنِ نُضَيْلَةَ الْخُزَاعِيّ، عَنِ الْمُغِيرَةِ بْنِ شُعْبَةَ قَالَ: ضَرَبَتِ امْرَأَةٌ ضَرّتَهَا بِعَمُودِ فُسْطَاطٍ وَهِيَ حُبْلَىَ. فَقَتَلَتْهَا. قَالَ: وَإِحْدَاهُمَا لَحْيَانِيّةٌ. قَالَ: فَجَعَلَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم دِيَةَ الْمَقْتُولَةِ عَلَىَ عَصَبَةِ الْقَاتِلَةِ، وَغُرّةً لِمَا فِي بَطْنِهَا. فَقَالَ رَجُلٌ مِنْ عَصَبَةِ الْقَاتِلَةِ: أَنَغْرَمُ دِيَةَ مَنْ لاَ أَكَلَ وَلاَ شَرِبَ وَلاَ اسْتَهَلّ؟ فَمِثْلُ ذَلِكَ يُطَلّ. فَقَالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: «أَسَجْعٌ كَسَجْعِ الأَعْرَابِ؟». قَالَ: وَجَعَلَ عَلَيْهِمُ الدّيَةَ.

4350 ـ4351 ـ وحدّثني مُحَمّدُ بْنُ رَافِعٍ: حَدّثَنَا يَحْيَى بْنُ آدَمَ: حَدّثَنَا مُفَضّلٌ، عَنْ مَنْصُورٍ، عَنْ إِبْرَاهِيمَ، عَنْ عُبَيْدِ بْنِ نُضَيْلَةَ، عَنِ الْمُغِيرَةِ بْنِ شُعْبَةَ أَنّ امْرَأَةً قَتَلَتْ ضَرّتَهَا بِعَمُودِ فُسْطَاطٍ، فَأُتِيَ فِيهِ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم، فَقَضَىَ عَلَىَ عَاقِلَتِهَا بِالدّيَةِ، وَكَانَتْ حَامِلاً، فَقَضَىَ فِي الْجَنِينِ بِغُرّةٍ. فَقَالَ بَعْضُ عَصَبَتِهَا «أَنَدِي مَنْ لاَ طَعِمَ وَلاَ شَرِبَ وَلاَ صَاحَ فَاسْتَهَلّ؟ وَمِثْلُ ذَلِكَ يُطَلّ؟ قَالَ: فَقَالَ «سَجْعٌ كَسَجْعِ الأَعْرَابِ؟».

4352 ـ وحدّثنا أَبُو بَكْرِ بْنُ أَبِي شَيْبَةَ وَ مُحَمّدُ بْنُ الْمُثَنّى وَ ابْنُ بَشّارٍ، قَالُوا: حَدّثَنَا مُحَمّدُ بْنُ جَعْفَرٍ، عَنْ شُعْبَةَ، عَنْ مَنْصُورٍ بِإِسْنَادِهِمُ الْحَدِيثَ بِقِصّتِهِ. غَيْرَ أَنّ فِيهِ: فَأَسْقَطَتْ، فَرُفِعَ ذَلِكَ إِلَى النّبِيّ صلى الله عليه وسلم فَقَضَىَ فِيهِ بِغُرّةٍ، وَجَعَلَهُ عَلَىَ أَوْلِيَاءِ الْمَرْأَةِ، وَلَمْ يَذْكُرْ فِي الْحَدِيثِ: دِيَةَ الْمَرْأَةِ.

مۇغەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ھەر ئىككىلىسى بىرلا ئەرنىڭ ئايالى بولغان، بىر ـ بىرىگە كۈندەش ئىككى ئايالنىڭ بىرسى يەنە بىرسىگە تاش ياكى چىدىرنىڭ تۈۋرىكىنى ئېتىپ، ئۇنىڭ تۇرەلمە بالىسنى چۈشۈرىۋەتتىدۇ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم تۇرەلمە بالا توغرىسىدا، بىر قۇل ياكى دىدەك بېرىشكە ھۆكۈم قىلىدۇ. بۇتۇلەم پۇلىنى ئۇرغان ئايالنىڭ يېقىن تۇققانلىرىنىڭ تۆلىشىپ بېرىشىنى بۇيرىيدۇ.تىرمىزى.

مۇسلىمنىڭ رىۋايىتىدە؛ئۇ ئايالنىڭ ئاتقان نەرسىسىدە ئانا ـ بالا ھەر ئىككىلىسى ئۆلىدۇ، ئاندىن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم تۇرەلمە بالا توغرىسىدا، بىر قۇل ياكى دىدەك بېرىشكە ھۆكۈم قىلىپ، ئۆلتۈرۈلگەن ئايالنىڭ خۇن تۆلەم پۇلىنى قاتىل ئايالنىڭ يېقىن تۇققانلىرىنىڭ تۆلىشىپ بېرىشىنى بۇيرىيدۇ. سەئىد ئىبنى

مۇسەييىب رەھ       دىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم، ئانىسىنىڭ قورسىقىدا ئۆلتۈرۈلگەن تۇرەلمە بالىغا بىر قۇل ياكى بىر دىدەك تۆلەم بېرىشكە ھۆكۈم قىلسا، تۆلەمنى بېرىدىغان جاۋاپكار:مەن نىمە دەپ ئىچەلمەيدىغان،بىرەر نەرسە يېيەلمەيدىغان، ئاۋاز ياكى سۆز قىلالمايدىغان كىچىك بالىغا تۆلەم بەرگىدەكمەن؟ بۇنداق بالىنىڭ قىنى بىكاردۇر، مەن ئۇنىڭغا قانداقمۇ قەرز بولغىدەكمەن؟دىگەندە، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم؛ ھەقىقەتەن بۇكىشى جىنكەش، گەپدانلارنىڭ قېرىندىشى ئىكەن دەپ كايىپ، ئۇلارغا بىر قۇل تۆلەم پىچىپ قويىدى.نەسەئى،مالىكمۇ توپلىغان.

4353 ـ وحدّثنا أَبُو بَكْرِ بْنُ أَبِي شَيْبَةَ وَ أَبُو كُرَيْبٍ وَ إِسْحَـٰقُ بْنُ إِبْرَاهِيمَ (وَاللّفظ لأَبي بَكْرٍ) (قَالَ إِسْحَـٰقُ: أَخْبَرَنَا. وَقَالَ الآخَرَانِ: حَدّثَنَا وَكِيعٌ) عَنْ هِشَامِ بْنِ عُرْوَةَ، عَنْ أَبِيهِ، عَنِ الْمِسْوَرِ بْنِ مَخْرَمَةَ قَالَ: اسْتَشَارَ عُمَرُ بْنُ الْخَطّابِ النّاسَ فِي مِلاَصِ الْمَرْأَةِ. فَقَالَ الْمُغِيرَةُ بْنُ شُعْبَةَ: شَهِدْتُ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم قَضَىَ فِيهِ بِغُرّةٍ: عَبْدٍ أَوْ أَمَةٍ. قَالَ فَقَالَ عُمَرُ: ائْتِنِي بِمَنْ يَشْهَدُ مَعَكَ. قَالَ: فَشَهِدَ لَهُ مُحَمّدُ بْنُ مَسْلَمَةَ.

ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ، ئايال كىشىنىڭ قورسىقىدىكى بالىسىنى (باشقىلار)چۈشۈرۈۋەتكەن جىنايەتكە قانداق تۆلەم بىكىتىش توغرىسىدا ساھابىلەردىن مەسلىھەت سورىغاندا، مۇغىيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ؛مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ؛ تۇرەلمە بالىنى چۈشۈرۈۋەتكەن جىنايەت توغرىسىدا، بىر قۇل ياكى دىدەك بېرىشكە ھۆكۈم قىلغانلىقىغا شاھىد بولغان ئىدىم، دىدى. ئاندىن ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ؛ بۇنىڭغا سەن بىلەن بىرگە گۇۋاھچى بولىدىغان بىرەر كىشىنى كەلتۈرگىن دىدى، ئاندىن ئۇنىڭغا مۇھەممەدئىبنى مەسلەمەت رەزي گۇۋاھچى بولدى.

## 30 ـ كتاب الحدود          جازا قانۇندىكى بەلگىلىمەلەرنىڭ كىتابى

### 763 ـ باب حدّ السرقة ونصابها

### ئوغرىنىڭ قولىنى كېسىش، ۋە بۇنىڭ مىلىنىڭ ئۆلچىمى توغرىسىدا

4354 ـ4355 ـ حدّثنا يَحْيَى بْنُ يَحْيَى وَ إِسْحَـٰقُ بْنُ إِبْرَاهِيمَ و ابْنُ أَبِي عُمَرَ (وَاللّفْظُ لِيَحْيَى) (قَالَ ابْنُ أَبِي عُمَرَ: حَدّثَنَا. وَقَالَ الآخَرَانِ: أَخْبَرَنَا سُفْيَانُ بْنُ عُيَيْنَةَ) عَنِ الزّهْرِيّ، عَنْ عَمْرَةَ، عَنْ عَائِشَةَ قَالَتْ: كَانَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم يَقْطَعُ السّارِقَ فِي رُبْعِ دِينَارٍ فَصَاعِداً.

ئائشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئوغرىنىڭ قولىنى پەقەت بىر دىنارنىڭ تۆتتەن بىرىدە، ئۇنىڭدىن زىيادە ئارتۇق نەرسىدە كېسەتتى.

4356 ـ وحدّثني أَبُو الطّاهِرِ وَ حَرْمَلَةُ بْنُ يَحْيَىَ. وَحَدّثَنَا الْوَلِيدُ بْنُ شُجَاعٍ (وَاللّفْظُ لِلْوَلِيدِ وَحَرْمَلَةَ) قَالُوا: حَدّثَنَا ابْنُ وَهْبٍ: أَخْبَرَنِي يُونُسُ، عَنِ ابْنِ شِهَابٍ، عَنْ عُرْوَةَ وَ عَمْرَةَ، عَنْ عَائِشَةَ، عَنْ رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم قَالَ: «لاَ تُقْطَعُ يَدُ السّارِقِ إِلاّ فِي رُبْعِ دِينَارٍ فَصَاعِداً».

4357 ـ وحدّثني أبُو الطاهِرِ وَ هَرُونُ بْنُ سَعِيدٍ الأَيْلِيّ وَ أَحْمَدُ بْنُ عِيسَىَ (وَاللّفظُ لِهَرُونَ وَأَحْمَدَ) (قالَ أبُو الطاهِرِ: أَخْبَرنَا. وَقالَ الآخَرَان: حَدّثنَا ابْنُ وَهْبٍ). أَخْبَرَنِي مَخْرَمَةُ، عَنْ أَبِيهِ، عَنْ سُلَيْمَان بْنِ يَسارٍ، عَنْ عَمْرَةَ أَنّهَا سَمِعَتْ عَائِشَةَ تُحَدّثُ أَنّهَا سَمِعَتْ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم يَقُولُ: «لاَ تُقْطَعُ الْيَدُ إِلاّ فِي رُبُعِ دِينَارٍ فَمَا فَوْقَهُ».

4358 ـ4359 ـ حدّثني بِشْرُ بْنُ الْحَكَمِ الْعَبْدِيّ: حَدّثنَا عَبْدُ الْعَزِيزِ بْنُ مُحَمّدٍ، عَنْ يَزِيدَ بْنِ عَبْدِ اللّهِ بْنِ الْهَادِ، عَنْ أَبِي بَكْرِ بْنِ مُحَمّدٍ، عَنْ عَمْرَةَ، عَنْ عَائِشَةَ أَنّهَا سَمِعَتِ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم يَقُولُ: «لاَ تُقْطَعُ يَدُ السّارِقِ إِلاّ فِي رُبُعِ دِينَارٍ فَصَاعِداً».

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئوغرىنىڭ قولى پەقەت بىر دىنارنىڭ تۆتتەن بىرىدە، ئۇنىڭدىن زىيادە ئارتۇق نەرسىدە كېسىلىدۇ، ئۇنىڭدىن ئاز مىقداردا كېسىلمەيدۇ، (ئۆلچەم پەقەت شۇدۇر). بۇخارى،مۇسلىم، نەسەئى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا ادىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بىر دىنارنىڭ 1/4گە قولنى كەسسەڭلار بولىدۇ، ئۇنىڭدىن ئاز ئوغۇرلىسا، قولنى كەسمەڭلار، ئەھمەد، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ، بىر دىنار، بىر مىسقال ، تۆت گىرام ئالتۇن بولۇپ، بىرگىرام ئالتۇن بەزىدە 150 بەزىدە 200يۈەن جۇڭگو پۇلى بولىۋاتىدۇ.

4360 ـ4361 ـ وحدّثنا مُحَمّدُ بْنُ عَبْدِ اللّهِ بْنِ نُمَيْرٍ: حَدّثنَا حُمَيْدُ بْنُ عَبْدِ الرّحْمَنِ الرّؤَاسِيّ، عَنْ هِشَامِ بْنِ عُرْوَةَ، عَنْ أَبِيهِ، عَنْ عَائِشَةَ قَالَتْ: لَمْ تُقْطَعْ يَدُ سَارِقٍ فِي عَهْدِ رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: فِي أَقَلّ مِنْ ثَمَنِ الْمِجَنّ، حَجَفَةٍ أَوْ تُرْسٍ، وَكِلاَهُمَا ذُو ثَمَنٍ.

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا ادىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم نىڭ زامانىدا، ئوغرىنىڭ قولى بىر دانە قالقاننىڭ پۇلىدىن ياكى قىممىتىدىن ئاز نەرسىلەردە كېسىلمەيتتى. (پەقەت شۇنىڭغا يەتسە كېسىلەتتى.)

4362 ـ حدّثنا يَحْيَىَ بْنُ يَحْيَىَ. قالَ: قَرَأْتُ عَلَىَ مَالِكٍ، عَنْ نَافِعٍ، عَنِ ابْنِ عُمَرَ أَنّ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم قَطَعَ سَارِقاً فِي مِجَنّ قِيمَتُهُ ثَلاَثَةُ دَرَاهِمَ.

ساسانىڭ دادىسى ھۇزەين مۇنداق دەيدۇ؛ مەن ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ھۇزۇرىغا ھازىر بولغان ئىدىم، ئۇنىڭغا ۋەلىيدئىبنى ئۇقبە كەلتۈرۈلدى، ئۇ بامداتنى ئىككى رەكئەت ئوقۇپ بولۇپ(مەستلىكتىن)سىلەرگە يەنىمۇ زىيادە قىلىپ ئوقۇپ بېرەيمۇ؟دەپتۇ، ۋەلىيدنىڭ ھاراق ئىچكەنلىكىگە ئىككى كىشى گۇۋاھلىق بەردى، بىرى ھۇمران بولۇپ، ئۇ؛ ۋەلىيدنىڭ ھاراق ئىچكەنلىكىگە گۇۋاھلىق بەردى، يەنەبىركىشى ئۇ ھاراق ئىچمىدى، ھاراقنى قۇستى دېدى. ئاندىن ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ؛ ھاراق ئىچمەي تۇرۇپ ھاراق قۇسمايدۇ، ئى ئەلى! ئورنۇڭدىن تۇر!ئۇنى قامچىلا دېدى. ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ؛ ئى ھەسەن ئۇنى سەن قامچىلا دېدى.ھەسەن رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ غەزەپ قىلغاندەك قىلىپ؛ خەلىپىلىكنىڭ لەززەت ھوزۇرلىرىغا ئىگە بولغان كىشىنى ئۇنىڭ قاتتىق قىيىن

## سەھىھ مۇسلىمنىڭ تەرجىمىسى

ئىشلىرىغىمۇ ئىگە قىلغىن دېدى. ئاندىن ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ؛ ئى ئىبنى جەئپەر!ئۇنى سەن قامچىلىغىن دېدى. ۋەلىيدنى ئىبنى جەئپەر قامچىلىدى، ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ساناپ تۇرغان ئىدى، 40 قامچا ئۇرۇلغاندا ئەمدى بولدى قىلغىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھاراق ئىچكەن كىشىنى (خورمىنىڭ شۇيۇڭ، چىۋىق تاللىرى، كەش ئاياقلار بىلەن) 40 قامچا ئۇرغان، ئەبۇبەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمۇ 40 قامچا ئۇرغان. ئۆمەر رەزىيەللاھۇئەنھۇ ھاراق ئىچكەن كىشىنى 80 قامچا ئۇرۇشقا بۇيرىغان. بۇلارنىڭ ھەممىسى پەيغەمبەرنىڭ ۋە خەلىپىلەرنىڭ سۈننىتى. ماڭا مۇشۇ(يەنى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ 40 قامچا ئۇرغان سۈننىتى) سۆيۈملۈكتۇر دېدى.

4414 ـ4415- حدّثني مُحَمّدُ بْنُ مِنْهَالٍ الضّرِيرُ: حَدّثَنَا يَزِيدُ بْنُ زُرَيْعٍ: حَدّثَنَا سُفْيَانُ الثّوْرِيّ، عَنْ أَبي حَصِينٍ، عَنْ عُمَيْرِ بْنِ سَعِيدٍ، عَنْ عَلِيّ قالَ: مَا كُنْتُ أُقِيمُ عَلَىَ أحَدٍ حَدّاً فَيَمُوتَ فِيهِ، فَأَجِدَ مِنْهُ فِي نَفْسِي، إلاّ صَاحِبَ الْخَمْرِ، لأَنّهُ إنْ مَاتَ وَدَيْتُهُ، لأَنّ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم لَمْ يَسُنّهُ. حدّثنا مُحَمّدُ بْنُ الْمُثَنّى: حَدّثَنَا عَبْدُ الرّحْمَنِ: حَدّثَنَا سُفْيَانُ بِهَذَا الإِسْنَادِ، مِثْلَهُ.

ئۇمەيرىننەخىيىدىن، ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ ھەرقانداق بىركىشىنى ھەد ئۇرۇپ جازالىسام، ئاندىن ئۇكىشى شۇ ئىش سەۋەبلىك ئۆلۈپ كەتسە، قەلبىمدە ئۇنىڭدىن ئازاپلىنىش، قايغۇرۇپ ئىچ ئاغرىتىش ھىس قىلىمەن، لېكىن ھاراق ئىچكۈچىنى جازالىسام، ئۇ ئۆلۈپ كەتسە، ئۇنىڭغا قەلبىمدە ئىچ ئاغرىتمايمەن، ئەگەر ئۇ جازادا ئۆلۈپ كەتسە، تۆلەم پۇلى بىرىمەن، چۈنكى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھاراق ئىچكۈچىگە مۇئەييەن ئېنىق ھەدجازانى سۈننەت قالدۇرمىغاندۇر. بۇخارى ،مۇسلىم توپلىغان.

### 771 ـ باب قدر أسواط التعزير

### تەزىر قامچىسىنىڭ مىقدارى توغرىسىدا

4416 ـ حدّثنا أحْمَدُ بْنُ عِيسَىَ: حَدّثَنَا ابْنُ وَهْبٍ: أَخْبَرَنِي عَمْرٌ، عَنْ بُكَيْرِ بْنِ الأَشَجّ قالَ: بَيْنَا نَحْنُ عِنْدَ سُلَيْمَانَ بْنِ يَسَارٍ، فَحَدّثَهُ. فَأَقْبَلَ عَلَيْنَا سُلَيْمَانُ. فقالَ: حَدّثَنِي عَبْدُ الرّحْمَنِ بْنُ جَابِرٍ، عَنْ أَبِيهِ، عَنْ أَبي بُرْدَةَ الأَنْصَارِيّ أَنّهُ سَمِعَ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم يَقُولُ: «لاَ يُجْلَدُ أَحَدٌ فَوْقَ عَشَرَةِ أَسْوَاطٍ، إلاّ فِي حَدّ مِنْ حُدُودِ اللّهِ».

ئەبۇ بۇردەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ھەرقانداق بىركىشىنى ئوندىن يۇقىرى تەزىر قامچىسى ئۇرۇلمايدۇ، لېكىن، ئاللاھنىڭ ھەد، جازالىرىدىن بىرەر جازاغا تارتىشتا ئۇنىڭدىن يۇقىرى كۆپ ئۇرۇلىدۇ. (مەسىلەن: ھاراق ئىچسە، بۆھتان قىلسا، 80 قامچا ئۇرۇلىدۇ، توي قىلماي تۇرۇپ زىنا قىلسا، 100 قامچا ئۇرۇلىدۇ، قۇرئان، ھەدىستە كۆرسىتىلگەن ھەد جازادىن باشقا تەزىر قامچىسى ئوندىن تۆۋەن ئۇرۇلىدۇ). ئەھمەد، بەيھەقى،بۇخارى،مۇسلىم، تۆت كىتاب توپلىغان، سەھىھ.

### 772 ـ باب الحدود كفارات لأهلها

### بۇدۇنيادىكى ھەد- جازالارنىڭ گۇناھلارغا كاپپارەت بۇلىشى توغرىسىدا

4417 ـ حدّثنا يَحْيَى بْنُ يَحْيَى التّمِيمِيّ وَ أَبُو بَكْرِ بْنُ أَبِي شَيْبَةَ وَ عَمْرٌو النّاقِدُ وَ إِسْحَـقُ بْنُ إِبْرَاهِيمَ وَ ابْنُ نُمَيْرٍ، كُلّهُمْ عَنِ ابْنِ عُيَيْنَةَ (وَاللّفْظُ لِعَمْرٍو) قالَ: حَدّثَنَا سُفْيَانُ بْنُ عُيَيْنَةَ عَنِ الزّهْرِيّ، عَنْ أَبِي إِدْرِيسَ، عَنْ عُبَادَةَ بْنِ الصّامِتِ قالَ: كُنّا مَعَ رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم فِي مَجْلِسٍ، فقالَ: «تُبَايِعُونِي عَلَى أَنْ لاَ تُشْرِكُوا بِاللّهِ شَيْئاً، وَلاَ تَزْنُوا، وَلاَ تَسْرِقُوا، وَلاَ تَقْتُلُوا النّفْسَ الّتِي حَرّمَ اللّهُ إلاّ بِالْحَقّ، فَمَنْ وَفَى مِنْكُمْ فَأَجْرُهُ عَلَى اللّهِ، وَمَنْ أَصَابَ شَيْئاً مِنْ ذَلِكَ فَعُوقِبَ بِهِ، فَهُوَ كَفّارَةٌ لَهُ، وَمَنْ أَصَابَ شَيْئاً مِنْ ذَلِكَ فَسَتَرَهُ اللّهِ عَلَيْهِ، فَأَمْرُهُ إِلَى اللّهِ، إِنْ شَاءَ عَفَا عَنْهُ وَإِنْ شَاءَ عَذّبَهُ».

4418 ـ حدّثنا عَبْدُ بْنُ حُمَيْدٍ: أَخْبَرَنَا عَبْدُ الرّزّاقِ: أَخْبَرَنَا مَعْمَرٌ، عَنِ الزّهْرِيّ بِهَـذَا الإِسْنَادِ. وَزَادَ فِي الْحَدِيثِ: فَتَلاَ عَلَيْنَا آيَةَ النّسَاءِ: {أَنْ لاَ يُشْرِكْنَ بِاللّهِ شَيْئاً} الآيَةَ (60الممتحنة الآية: 12).

4419 ـ وحدّثني إِسْمَاعِيلُ بْنُ سَالِمٍ: أَخْبَرَنَا هُشَيْمٌ: أَخْبَرَنَا خَالِدٌ، عَنْ أَبِي قِلاَبَةَ، عَنْ أَبِي الأَشْعَثِ الصّنْعَانِيّ، عَنْ عُبَادَةَ بْنِ الصّامِتِ قالَ: أَخَذَ عَلَيْنَا رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم كَمَا أَخَذَ عَلَى النّسَاءِ: أَنْ لاَ نُشْرِكَ بِاللّهِ شَيْئاً، وَلاَ نَسْرِقَ، وَلاَ نَزْنِيَ، وَلاَ نَقْتُلَ أَوْلاَدَنَا، وَلاَ يَعْضَهَ بَعْضُنَا بَعْضاً. «فَمَنْ وَفَى مِنْكُمْ فَأَجْرُهُ عَلَى اللّهِ، وَمَنْ أَتَى مِنْكُمْ حَدّاً فَأُقِيمَ عَلَيْهِ فَهُوَ كَفّارَتُهُ، وَمَنْ سَتَرَهُ اللّهِ عَلَيْهِ فَأَمْرُهُ إِلَى اللّهِ، إِنْ شَاءَ عَذّبَهُ، وَإِنْ شَاءَ غَفَرَ لَهُ».

ئۇبادەت ئىبنى سامىت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئەتراپىدىكى ساھابىلار جامائىتىگەمۇنداق دېگەن: كېلىڭلار! ئاللاھقا ھېچ نەرسىنى شېرىك كەلتۈرمەسلىككە، ئوغرىلىق قىلماسلىققا، زىنا قىلماسلىققا، بالىلىرىڭلارنى ئۆلتۈرمەسلىككە، پۇت ــ قوللىرىڭلار بىلەن بۆھتان قىلماسلىققا، (يەنى بالىلىرىڭلاردىن تانماسلىققا، ئۇلارنى باشقىلارنىڭ بالىسى دەپ داۋا قىلماسلىققا )، ياخشىلىقتا ماڭا ئاسىيلىق قىلماسلىققا، ماڭا بەيئەت قىلىڭلار! سىلەردىن كىم بۇ بەيئىتىگە ۋاپا قىلسا، ئۇنىڭ ئەجرى ئاللاھ قىدۇر. كىم يۇقىرىقى ئىشلاردىن بىرەرسىنى قىلىپ سالسا، ئاندىن بۇ دۇنيادا جازاغا تارتىلىپ، ئازابلانسا، ئۇ جازا، ئازاب ئۇنىڭ ئۈچۈن كاپارەت بولىدۇ، ئاخىرەتتە سوراۋشتۇرۇلمەيدۇ، ئەگەر بىر كىشى يۇقىرىقى ئىشلارنى قىلىپ سالسا، جازاغا تارتىلماي، ئاللاھ ئۇنى ياپقان بولسا، ئۇنىڭ ئىشى ئاللاھ قىدۇر، ئەگەر ئاللاھ خالىسا ئازابلايدۇ، خالىسا، ئەپۇ قىلىپ، ئۆتنۈۋېتىدۇ، ئاندىن بىز شۇنىڭغا بەيئەت قىلدۇق.بۇخارى،مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.

4420 ـ حدّثنا قُتَيْبَةُ بْنُ سَعِيدٍ: حَدّثَنَا لَيْثٌ. ح وَحَدّثَنَا مُحَمّدُ بْنُ رُمْحٍ: أَخْبَرَنَا اللّيْثُ، عَنْ يَزِيدَ بْنِ أَبِي حَبِيبٍ، عَنْ أَبِي الْخَيْرِ، عَنِ الصّنَابِحِيّ، عَنْ عُبَادَةَ بْنِ الصّامِتِ أَنّهُ قالَ: إِنّي لَمِنَ النّقَبَاءِ الّذِينَ بَايَعُوا رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم. وَقالَ: بَايَعْنَاهُ عَلَى أَنْ لاَ نُشْرِكَ بِاللّهِ شَيْئاً، وَلاَ نَزْنِيَ، وَلاَ نَسْرِقَ، وَلاَ نَقْتُلَ النّفْسَ الّتِي حَرّمَ اللّهُ إِلاّ بِالْحَقّ، وَلاَ نَنْتَهِبَ، وَلاَ نَعْصِيَ. فَالْجَنّةُ، إِنْ فَعَلْنَا ذَلِكَ، فَإِنْ غَشِينَا مِنْ ذَلِكَ شَيْئاً، كَانَ قَضَاءُ ذَلِكَ إِلَى اللّهِ، وَقالَ ابْنُ رُمْحٍ: كَانَ قَضَاؤُهُ إِلَى اللّهِ.

ئۇبادەت ئىبنى سامىت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمۇنداق دېدۇ؛ مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم گە بەيئەت قىلغان باشلىقلارنىڭ جۈملىسىدىن بۇلمەن، بىز رەسۇلۇللاھ قا؛ ئاللاھقا ھېچ نەرسىنى شېرىك كەلتۈرمەسلىككە، ئوغرىلىق قىلماسلىققا، زىنا قىلماسلىققا، باللىرىمىزنى ئۆلتۈرمەسلىككە، قاتىللىق قىلماسلىققا، بۆھتان قىلماسلىققا، ياخشىلىقتا ئاسىيلىق قىلماسلىققا، بۇلاڭچىلىق قىلماسلىققا بەيئەت قىلغان ئىدۇق.ئەگەر بىز بۇ بەيئەتكە ۋاپا قىلساق، بىزگە جەننەت، بىز نىڭ ئەجرىمىز ئاللاھقىدۇر. كىم يۇقىرىقى ئىشلاردىن بىرەرسىنى قىلىپ سالسا، (ئاندىن بۇ دۇنيادا جازاغا تارتىلىپ، ئازابلانسا، ئۇ جازا، ئازاب ئۇنىڭ ئۈچۈن كاپارەت بولىدۇ، ئاخىرەتتە

سۇرۇشتۇرۇلمەيدۇ، جازاغا تارتىلماي، ئاللاھ ئۇنى ياپقان بولسا )، ئۇنىڭ ئىشى ئاللاھ قىدۇر، ئەگەر ئاللاھ خالىسا

ئازابلايدۇ، خالىسا، ئەپۇ قىلىپ، ئۆتنۈۋېتىدۇ، بۇخارى،مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.

### 773 - باب جرح العجماء والمعدن والبئر جبار

### قۇدۇقنىڭ، مەدەن ـ كانىڭ، تىلسىز ھايۋاننىڭ جاراھەتلەندۈرۈشى بىكاردۇر(يەنى تۆلەم يوق)، دېگەن توغرىسىدا

4421 ـ حدّثنا يَحْيَى بْنُ يَحْيَى وَ مُحَمّدُ بْنُ رُمْحٍ قالاَ: أَخْبَرَنَا اللّيْثُ. ح وحَدّثنا قُتَيْبَةُ بْنُ سَعِيدٍ: حَدّثَنَا لَيْثٌ، عَنِ ابْنِ شِهَابٍ، عَنْ سَعِيدِ بْنِ الْمُسَيّبِ وَ أَبِي سَلَمَةَ، عَنْ أَبي هُرَيْرَةَ عَنْ رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم أَنّهُ قَالَ: «الْعَجْمَاءُ جَرْحُهَا جُبَارٌ، وَالْبِئْرُ جُبَارٌ، وَالْمَعْدِنُ جُبَارٌ، وَفِي الرّكَازِ الْخُمُسُ».

4422 ـ4423 ـ وحدّثنا يَحْيَى بْنُ يَحْيَى وَ أَبُو بَكْرِ بْنُ أَبِي شَيْبَةَ وَ زُهَيْرُ بْنُ حَرْبٍ وَ عَبْدُ الأَعْلَى بْنُ حَمّادٍ كُلّهُمْ، عَنِ ابْنِ عُيَيْنَةَ. ح وَحَدّثنَا مُحَمّدُ بْنُ رَافِعٍ: حَدّثنَا إِسْحَقُ (يَعْنِي ابْنَ عِيسَى): حَدّثنَا مَالِكٌ، كِلاَهُمَا، عَنِ الزّهْرِيّ بِإِسْنَادِ اللّيْثِ. مِثل حَدِيثِهِ.

ئەبۇ ھۇرەيرە، ئەمرۇ ئىبنى ئەۋف رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملاردىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق

دېگەن: تىلسىز ھايۋاننىڭ جاراھەتلەندۈرۈشى بىكاردۇر، قۇدۇقنىڭ، مەدەن، كانىڭ ئىچىدە بىرەر كىشىنىڭ

ھالاك بولۇشى بىكاردۇر، (يەنى تۆلەم يوق)، تېپىۋېلىنغان كانىڭ بايلىقىغا بەشتىن بىرىنى بېرىدۇ. مالىك، ئەھمەد،

بەيھەقى، تەبرانى،بۇخارى،مۇسلىم،كىيىنكى تۆت كىتاب توپلىغان، تۆت كىتاب دېگىنىمىز، تىرمىزى، نەسەئى، ئەبۇ

داۋۇد، ئىبنى ماجەلەر، سەھىھ.

4424 ـ4425 ـ حدّثنا مُحَمّدُ بْنُ رُمْحِ بْنِ الْمُهَاجِرِ: أَخْبَرَنَا اللّيْثُ، عَنْ أَيّوبَ بْنِ مُوسَى، عَنِ الأَسْوَدِ بْنِ الْعَلاَءِ، عَنْ أَبِي سَلَمَةَ بْنِ عَبْدِ الرّحْمَنِ، عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ، عَنْ رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم أَنّهُ قَالَ: «الْبِئْرُ جَرْحُهَا جُبَارٌ، وَالْمَعْدِنُ جَرْحُهُ جُبَارٌ، وَالْعَجْمَاءُ جَرْحُهَا جُبَارٌ، وَفِي الرّكَازِ الْخُمُسُ».

ئەبۇ ھۇرەيرە، ئەمرۇ ئىبنى ئەۋف رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملاردىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق

دېگەن: قۇدۇقنىڭ، مەدەن، كانىڭ ئىچىدە بىرەر كىشىنىڭ ھالاك بولۇشى بىكاردۇر، (يەنى تۆلەم يوق)،

تىلسىز ھايۋاننىڭ جاراھەتلەندۈرۈشى بىكاردۇر، تېپىۋېلىنغان كانىڭ بايلىقىغا بەشتىن بىرىنى بېرىدۇ.

## 31 - كتاب الأقضية داۋاغا ھۆكۈم قىلىش ۋە گۇۋاھلىق توغرىسىدا

### 774 - باب اليمين على المدعى عليه

### جاۋاپكارنىڭ قەسەم قىلىشى توغرىسىدا

4426 ـ حدّثني أَبُو الطّاهِرِ أَحْمَدُ بْنُ عَمْرِو بْنِ سَرْحٍ: أَخْبَرَنَا ابْنُ وَهْبٍ، عَنِ ابْنِ جُرَيْجٍ، عَنِ ابْنِ أَبِي مُلَيْكَةَ، عَنِ ابْنِ عَبّاسٍ أَنّ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم قَالَ: «لَوْ يُعْطَى النّاسُ بِدَعْوَاهُمْ ، لاَدّعَى نَاسٌ دِمَاءَ رِجَالٍ وَأَمْوَالَهُمْ، وَلَكِنّ الْيَمِينَ عَلَى الْمُدّعَى عَلَيْهِ».

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئەگەر كىشىلەرگە

ئۇلارنىڭ داۋاسى سەۋەبلىك داۋا قىلغان نەرسىسى بېرىلىۋەرسە، ئەلۋەتتە نۇرغۇن كىشىلەر باشقىلارنىڭ قانلىرىنى،

جانلىرىنى، ماللىرىنى داۋا قىلىدۇ، لېكىن، داۋاگەر دەلىل ــ ئىسپات كەلتۈرىدۇ،ئۇنى ئىنكار قىلغان جاۋابكار بولسا، قەسەم قىلىدۇ، (شۇنىڭ بىلەن دېلو ئاخىرلىشىدۇ).مۇسلىم، ئەھمەد، بەيھەقى، ئىبنى ماجە ، سەھىھ.

4427 ـ وحدّثنا أَبُو بَكْرِ بْنُ أَبِي شَيْبَةَ: حَدّثنَا مُحَمّدُ بْنُ بِشْرٍ، عَنْ نَافِعِ بْنِ عُمَرَ، عَنِ ابْنِ أَبِي مُلَيْكَةَ، عَنِ ابْنِ عَبّاسٍ أَنّ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم قَضَىَ بِالْيَمِينِ عَلَى الْمُدّعَىَ عَلَيْهِ.

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم (داۋاگەرنىڭ دەلىل ــ ئىسپات كەلتۈرىشى بىلەن)،ئۇنى ئىنكار قىلغان جاۋابكارنى قەسەم قىلدۇرۇش بىلەن ھۆكۈم قىلغان ئىدى.

### 775 ـ باب القضاء باليمين والشاهد

### داۋاگەرنىڭ بىرلا گۇۋاھچىسى ۋە قەسىمى بىلەن ھۆكۈم قىلىش توغرىسىدا

4428 ـ وحدّثنا أَبُو بَكْرِ بْنُ أَبِي شَيْبَةَ وَ مُحَمّدُ بْنُ عَبْدِ اللّهِ بْنِ نُمَيْرٍ قَالاَ: حَدّثنَا زَيْدٌ (وَهُوَ ابْنُ حُبَابٍ): حَدّثنِي سَيْفُ بْنُ سُلَيْمَانَ: أَخْبَرَنِي قَيْسُ بْنُ سَعْدٍ، عَنْ عَمْرِو بْنِ دِينَارٍ، عَنِ ابْنِ عَبّاسٍ أَنّ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم قَضَىَ بِيَمِينٍ وَشَاهِدٍ.

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم (جاۋابكارنىڭ قەسىمى بىلەن، داۋاگەرنىڭ دەلىل ــ ئىسپات، ھۆججەت،گۇۋاھچى كەلتۈرۈشى بىلەن ھۆكۈم قىلغان ئىدى، ياكى) داۋاگەر نىڭ بىرلا گۇۋاھچىسى ۋە قەسىمى بىلەن ھۆكۈم قىلغان ئىدى. )گۇۋاھچى بىلەن بىرگە قەسەم قىلدۇرۇپ، داۋا سورىغان ھەدىس مۇشۇ شۇدۇر).

### 776 ـ باب الحكم بالظاهر واللحن بالحجة

### تاشقى كۆرىنىشكە ۋە سۆزىگە قاراپ ھۆكۈم قىلىش توغرىسىدا

4429 ـ حدّثنا يَحْيَى بْنُ يَحْيَى التّمِيمِيّ: أَخْبَرَنَا أَبُو مُعَاوِيَةَ، عَنْ هِشَامِ بْنِ عُرْوَةَ، عَنْ أَبِيهِ، عَنْ زَيْنَبَ بِنْتِ أَبِي سَلَمَةَ، عَنْ أُمّ سلمَةَ قَالَتْ: قَالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: «إِنّكُمْ تَخْتَصِمُونَ إِلَيّ، وَلَعَلّ بَعْضَكُمْ أَنْ يَكُونَ أَلْحَنَ بِحُجّتِهِ مِنْ بَعْضٍ، فَأَقْضِيَ لَهُ عَلَىَ نَحْوِ مِمّا أَسْمَعُ مِنْهُ، فَمَنْ قَطَعْتُ لَهُ مِنْ حَقّ أَخِيهِ شَيْئاً، فَلاَ يَأْخُذْهُ، فَإِنّمَا أَقْطَعُ لَهُ بِهِ قِطْعَةً مِنَ النّارِ».
4430 ـ وحدّثناه أَبُو بَكْرِ بْنُ أَبِي شَيْبَةَ: حَدّثنَا وَكِيعٌ. ح وَحَدّثنَا أَبُو كُرَيْبٍ: حَدّثنَا ابْنُ نُمَيْرٍ، كِلاَهُمَا، عَنْ هِشَامٍ بِهَـَذَا الإِسْنَادِ، مِثْلَهُ.
4431 ـ وحدّثني حَرْمَلَةُ بْنُ يَحْيَىَ: أَخْبَرَنَا عَبْدُ اللّهِ بْنُ وَهْبٍ: أَخْبَرَنِي يُونسُ، عَنِ ابْنِ شِهَابٍ: أَخْبَرَنِي عُرْوَةُ بْنُ الزّبَيْرِ، عَنْ زَيْنَبَ بِنْتِ أَبِي سَلَمَةَ، عَنْ أُمّ سَلَمَةَ زَوْجِ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم [1] أَنّ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم سَمِعَ جَلَبَةَ خَصْمٍ بِبَابِ حُجْرَتِهِ، فَخَرَجَ إِلَيْهِمْ، فَقَالَ: «إِنّمَا أَنَا بَشَرٌ، وَإِنّهُ يَأْتِينِي الْخَصْمُ، فَلَعَلّ بَعْضَهُمْ أَنْ يَكُونَ أَبْلَغَ مِنْ بَعْضٍ، فَأَحْسِبُ أَنّهُ صَادِقٌ، فَأَقْضِي لَهُ، فَمَنْ قَضَيْتُ لَهُ بِحَقّ مُسْلِمٍ، فَإِنّمَا هِيَ قِطْعَةٌ مِنَ النّارِ، فَلْيَحْمِلْهَا أَوْ يَذَرْهَا».
4432 ـ وحدّثنا عَمْرٌو النّاقِدُ: حَدّثنَا يَعْقُوبُ بْنُ إِبْرَاهِيمَ بْنِ سَعْدٍ: حَدّثنَا أَبِي، عَنْ صَالِحٍ. ح وَحَدّثنَا عَبْدُ بْنُ حُمَيْدٍ: أَخْبَرَنَا عَبْدُ الرّزّاقِ: أَخْبَرَنَا مَعْمَرٌ، كِلاَهُمَا، عَنِ الزّهْرِيّ بِهَـَذَا الإِسْنَادِ، نَحْوَ حَدِيثِ يُونُسَ.
وَفِي حَدِيثِ مَعْمَرٍ: قَالَتْ: سَمِعَ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم لَجَبَةَ خَصْمٍ بِبَابِ أُمّ سَلَمَةَ.

ئۇممە سەلەمەت رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھۇجرىسىنىڭ ئالدىدا داۋاگەرلەرنىڭ ۋارقىراشقان ئاۋازىنى ئاڭلاپ چىقىپ مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن مەن بىر ئىنسان، سىلەر ماڭا داۋالىشىپ كېلىسىلەر، بەزىڭلار ــ بەزىڭلاردىن ھۆججەت كەلتۈرۈشتە گەپدان، سۆزگە ئۇستا پاساھەتلىك بولۇشى مۇمكىن، ئاندىن مەن ئاڭلىغىنىم بويىچە، بۇ سۆزگە ئۇستا كىشىگە ھۆكۈم قىلىپ قېلىشىم مۇمكىن، مەن كىمگە

**سەھىھ مۇسلىمنىڭ تەرجىمىسى**

مۇسۇلمانلاردىن ئۇنىڭ قېرىنداشلىرىنىڭ ھەققىنى ھۆكۈم قىلىپ سالسام، ھەققەتەن ئۇ باشقىلارنىڭ ھەققى دوۋزاخ ئوتىدىن بىر پارچىدۇر، خالىسا، ئۇنى ئالسۇن، خالىسا تەرىك ئېتىپ قويۇپ قويسۇن، مالىك، ئەھمەد، بەيھەقى، بۇخارى،مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى، نەسەئى، ئىبنى ماجەلەر توپلىغان، سەھىھ.

### 777 ـ باب قضية هند

## ئەبۇسۇپيياننىڭ ئايالى ھىندىنىڭ داۋاسى توغرىسىدا

**4433 ـ4434 ـ حدّثني عَلِيّ بْنُ حُجْرٍ السّعْدِيّ: حَدّثَنَا عَلِيّ بْنُ مُسْهِرٍ، عَنْ هِشَامِ بْنِ عُرْوَةَ، عَنْ أَبِيهِ، عَنْ عَائِشَةَ قَالَتْ: دَخَلَتْ هِنْدٌ بِنْتُ عُتْبَةَ، امْرَأَةُ أَبِي سُفْيَانَ، عَلَىَ رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم. فَقَالَتْ: يَا رَسُولَ اللّهِ إِنّ أَبَا سُفْيَانَ رَجُلٌ شَحِيحٌ، لاَ يُعْطِينِي مِنَ النّفَقَةِ مَا يَكْفِينِي وَيَكْفِي بَنِيّ، إِلاّ مَا أَخَذْتُ مِنْ مَالِهِ بِغَيْرِ عِلْمِهِ، فَهَلْ عَلَيّ فِي ذَلِكَ مِنْ جُنَاحٍ؟ فَقَالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: «خُذِي مِنْ مَالِهِ بِالْمَعْرُوفِ، مَا يَكْفِيكِ وَيَكْفِي بَنِيكِ».**

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن، ئەبۇ سوفيياننىڭ ئايالى ھىندى كېلىپ؛ ئى **الله** نىڭ ئەلچىسى! ئەبۇسۇپييان ناھايىتى بېخىل كىشى بولۇپ،ئۇ ماڭا ۋە بالىلىرىمغا كۇپايە بولغىدەك نەرسە بەرمەيدۇ، پەقەت مەن ئۇنىڭ مېلىدىن ئۇنىڭغا بىلدۇرمەي ئېلىۋالىمەن دېگەندە، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنىڭغا مۇنداق دېگەن:سەن ئەبۇ سوفيياننىڭ مېلىدىن ساڭا ۋە بالىلىرىڭغا كۇپايە قىلغۇدەك مالنى ياخشىلىقچە ئالغىن، (يەنى ئۇنىڭ رۇخسىتىسىز، خەۋەرسىز ئېلىپ، بالىلىرىڭغا چىقىم قىل، بۇ ياخشىلىقچە بولسۇن) بەيھەقى، بۇخارى،مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد، نەسەئى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

**4435 ـ وحدّثنا عَبْدُ بْنُ حُمَيْدٍ: أَخْبَرَنَا عَبْدُ الرّزّاقِ: أَخْبَرَنَا مَعْمَرٌ، عَنِ الزّهْرِيّ، عَنْ عُرْوَةَ، عَنْ عَائِشَةَ قَالَتْ: جَاءَتْ هِنْدٌ إِلَى النّبِيّ صلى الله عليه وسلم. فَقَالَتْ: يَا رَسُولَ اللّهِ وَاللّهِ مَا كَانَ عَلَىَ ظَهْرِ الأَرْضِ أَهْلُ خِبَاءٍ أَحَبّ إِلَيّ مِنْ أَنْ يُذِلّهُمُ اللّهُ مِنْ أَهْلِ خِبَائِكَ، وَمَا عَلَىَ ظَهْرِ الأَرْضِ أَهْلُ خِبَاءٍ أَحَبّ إِلَيّ مِنْ أَنْ يُعِزّهُمُ اللّهُ مِنْ أَهْلِ خِبَائِكَ. فَقَالَ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم: «وَأَيْضاً، وَالّذِي نَفْسِي بِيَدِهِ». ثُمّ قَالَتْ: يَا رَسُولَ اللّهِ إِنّ أَبَا سُفْيَانَ رَجُلٌ مُمْسِكٌ. فَهَلْ عَلَيّ حَرَجٌ أَنْ أُنْفِقَ عَلَىَ عِيَالِهِ مِنْ مَالِهِ بِغَيْرِ إِذْنِهِ؟ فَقَالَ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم: «لاَ حَرَجَ عَلَيْكِ أَنْ تُنْفِقِي عَلَيْهِمْ بِالْمَعْرُوفِ».**

**4436 ـ حدّثنا زُهَيْرُ بْنُ حَرْبٍ: حَدّثَنَا يَعْقُوبُ بْنُ إِبْرَاهِيمَ: حَدّثَنَا ابْنُ أَخِي الزّهْرِيّ، عَنْ عَمّهِ: أَخْبَرَنِي عُرْوَةُ بْنُ الزّبَيْرِ أَنّ عَائِشَةَ قَالَتْ: جَاءَتْ هِنْدٌ بِنْتُ عُتْبَةَ بْنِ رَبِيعَةَ فَقَالَتْ: يَا رَسُولَ اللّهِ! وَاللّهِ مَا كَانَ عَلَىَ ظَهْرِ الأَرْضِ خِبَاءٌ أَحَبّ إِلَيّ مِنْ أَنْ يَذِلّوا مِنْ أَهْلِ خِبَائِكَ، وَمَا أَصْبَحَ الْيَوْمَ عَلَىَ ظَهْرِ الأَرْضِ خِبَاءٌ أَحَبّ إِلَيّ مِنْ أَنْ يَعِزّوا مِنْ أَهْلِ خِبَائِكَ. فَقَالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: «وَأَيْضاً، وَالّذِي نَفْسِي بِيَدِهِ». ثُمّ قَالَتْ: يَا رَسُولَ اللّهِ إِنّ أَبَا سُفْيَانَ رَجُلٌ مِسّيكٌ، فَهَلْ عَلَيّ حَرَجٌ مِنْ أَنْ أُطْعِمَ، مِنَ الّذِي لَهُ، عِيَالَنَا؟ فَقَالَ لَهَا: «لاَ، إِلاّ بِالْمَعْرُوفِ».**

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن، ئەبۇ سوفيياننىڭ ئايالى ھىندى كېلىپ؛ ئى **الله** نىڭ ئەلچىسى!**الله** بىلەن قەسەمكى، مەن بۇرۇن **الله** تائالانىڭ يەريۈزىدە سىلىنىڭ چېدىر ئەھلىلىرىنىلا خار قىلىنۇتىشىنى بەكلا ياخشى كۆرەتتىم، مانا ئەمدى ھازىر **الله** تائالانىڭ يەريۈزىدە سىلىنىڭ چېدىر ئەھلىلىرىنى ئەزىز قىلىنۇتىشىنى بەكلا ياخشى كۆرىمەن، ئەبۇسۇپييان ناھايىتى بېخىل كىشى بولۇپ،ئۇ ماڭا ۋە بالىلىرىمغا كۇپايە بولغىدەك نەرسە بەرمەيدۇ، پەقەت مەن ئۇنىڭ مېلىدىن ئۇنىڭغا بىلدۇرمەي ئېلىۋالىمەن بۇنىڭغا گۇناھ بولامدۇ؟دېگەندە،

رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنىڭغا :سەن ئەبۇ سوفيياننىڭ مېلىدىن ساڭا ۋە بالىلىرىڭغا كۇپايە قىلغۇدەك مالنى ياخشىلىقچە ئالغىن، ئۇنىڭ رۇخسىتىسىز، خەۋەرسىز ئېلىپ، بالىلىرىڭغا چىقىم قىل، بۇ ياخشىلىقچە بولسا ساڭا گۇناھ يوق دېدى. بەيھەقى،بۇخارى،مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد، نەسەئى، ئىبنى ماجە .

*778 باب النهي عن كثرة المسائل من غير حاجة. والنهي عن منع وهات، وهو الامتناع من أداء حق لزم أو طلب ما لا يستحق*

**هاجەتسىز كۆپ سۇئال سوراشتىن، باشقىلارنىڭ ھەققىنى چەكلەپ، توسۇپ قېلىشتىن، ئېلىشقا تېگىشلىك بولمىغان باشقىلارنىڭ ھەققىنى ئېلىۋېلىشتىن، مالنى زايا قىلىۋېتىشتىن توسۇش توغرىسىدا**

**4437 ــ 4438 ــ حدّثني زُهَيْرُ بْنُ حَرْبٍ: حَدّثَنَا جَرِيرٌ عَنْ سُهَيْلٍ، عَنْ أَبِيهِ، عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ قَالَ: قَالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: «إِنّ اللّهَ يَرْضَىَ لَكُمْ ثَلاَثاً وَيَكْرَهُ لَكُمْ ثَلاَثاً فَيَرْضَىَ لَكُمْ أَنْ تَعْبُدُوهُ وَلاَ تُشْرِكُوا بِهِ شَيْئاً، وَأَنْ تَعْتَصِمُوا بِحَبْلِ اللّهِ جَمِيعاً وَلاَ تَفَرّقُوا، و أن تناصحوا من ولاه الله أمركم وَيَكْرَهُ لَكُمْ قِيلَ وَقَالَ، وَكَثْرَةَ السّؤَالِ. وَإِضَاعَةَ الْمَالِ».**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن ئاللاھتائالا سىلەرگە ئۈچ ئىشقا رازى بولۇپ، ئۈچ ئىشنى يامان كۆرىدۇ، ئاللاھ سىلەرگە رازى بولىدىغان ئۈچ ئىش بولسا،

1 ـ ئاللاھقا ھېچنەرسىنى شېرىك كەلتۈرمەي، پەقەت بىر ئاللاھقىلا ئىبادەت قىلىشىڭلاردۇر.

2 ـ ئاللاھنىڭ ئارغامچىسى قۇرئانغا ھەممىڭلار بىرلىكتە ئېسىلىپ، مۇتەپەررىق بولماسلىقىڭلاردۇر.

3 ـ ئاللاھ سىلەرگە سىلەرنىڭ ئىشىڭلارغا ئىگە قىلغان ئىمام، خەلىپىگە نەسىھەت قىلىشىڭلاردۇر.

ئاللاھ سىلەرگە يامان كۆرىدىغان ئۈچ ئىش بولسا:

1 ـ قىيلە ـ قال سۆزلەر مۇنداق دېيىلىپتۇ، ئۇنداق دېيىلىپتۇ، پالانى ئۇنى دەپتۇ، پوكۇنى بۇنى دەپتۇ دەپ پاراڭ سېلىشىڭلارنى يامان كۆرىدۇ.

2 ـ هاجەتسىز كۆپ سۇئال سوراشنى يامان كۆرىدۇ.

3 ـ مالنى زايا قىلىشنى، ئىسراپ قىلىشنى يامان كۆرىدۇ، ئەھمەد، مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.

**4439 ـ وحدّثنا إِسْحَقُ بْنُ إِبْرَاهِيمَ الْحَنْظَلِيّ: أَخْبَرَنَا جَرِيرٌ، عَنْ مَنْصُورٍ، عَنِ الشّعْبِيّ، عَنْ وَرّادٍ مَوْلَى الْمُغِيرَةِ بْنِ شُعْبَةَ، عَنِ الْمُغِيرَةِ بْنِ شُعْبَةَ، عَنْ رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم قَالَ: «إِنّ اللّهَ عَزّ وَجَلّ حَرّمَ عَلَيْكُمْ عُقُوقَ الأُمّهَاتِ، وَوَأْدَ الْبَنَاتِ وَمَنْعاً وَهَاتِ، وَكَرِهَ لَكُمْ ثَلاثاً: قِيلَ وَقَالَ، وَكَثْرَةَ السّؤَالِ، وَإِضَاعَةَ الْمَالِ».**

**4440 ـ وحدّثني الْقَاسِمُ بْنُ زَكَرِيّاءَ: حَدّثَنَا عُبَيْدُ اللّهِ بْنُ مُوسَىَ، عَنْ شَيْبَانَ، عَنْ مَنْصُورٍ بِهَـذَا الإِسْنَادِ، مِثْلَهُ. غَيْرَ أَنّهُ قَالَ: وَحَرّمَ عَلَيْكُمْ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم. وَلَمْ يَقُلْ: إِنّ اللّهَ حَرّمَ عَلَيْكُمْ.**

**4441 ـ حدّثنا أَبُو بَكْرِ بْنُ أَبِي شَيْبَةَ: حَدّثَنَا إِسْمَاعِيلُ بْنُ عُلَيّةَ، عَنْ خَالِدٍ الْحَذّاءِ: حَدّثَنِي ابْنُ أَشْوَعَ عَنِ الشّعْبِيّ: حَدّثَنِي كَاتِبُ الْمُغِيرَةِ بْنِ شُعْبَةَ قَالَ: كَتَبَ مُعَاوِيَةُ إِلَى الْمُغِيرَةِ: اكْتُبْ إِلَيّ بِشَيْءٍ سَمِعْتَهُ مِنْ رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم. فَكَتَبَ إِلَيْهِ: أَنّي سَمِعْتُ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم يَقُولُ: «إِنّ اللّهَ كَرِهَ لَكُمْ ثَلاَثاً: قِيلَ وَقَالَ، وَإِضَاعَةَ الْمَالِ، وَكَثْرَةَ السّؤَالِ».**

مۇغەيرەت ئىبنى شۇئبە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

ھەقىقەتەن ئاللاھ سىلەرگە ئانىلارغا ۋارقىراشنى، بويۇن قېقىشنى، قىز بالىلارنى تىرىك كۆمۈۋېتىشنى ، بېرىشكە تېگىشلىك باشقىلارنىڭ ھەققىنى چەكلەپ، توسۇپ قېلىشنى، ئېلىشقا تېگىشلىك بولمىغان باشقىلارنىڭ ھەققىنى ئېلىۋېلىشنى ھارام قىلدى، (يەنى باشقىلارنىڭ ھەققىنى ئېلىۋېلىشنى ياكى ھەققىنى بەرمەي قېلىشنى ھارام

قىلدى)، ئاللاھ، سىلەرگە قىيىل قالنى يەنى مۇنداق دېيىلىپتۇ، پالانى مۇنداق دەپتۇ دېگەندەك ئۆسەك سۆزلەرنى قىلىپ پاراڭ سېلىشنى، كۆپ سوئال سوراۋېرىشنى ، ماللارنى زايا قىلىۋېتىشنى يامان كۆرىدۇ، ياقتۇرمايدۇ، بۇخارى،مۇسلىم، بەيھەقى توپلىغان.

4442 ـ حدّثنا ابْنُ أبي عُمَرَ: حَدّثَنَا مَرْوَانُ بْنُ مُعَاوِيَةَ الْفَزَارِيّ، عَنْ مُحَمّدِ بْنِ سُوقَةَ: أَخْبَرَنَا مُحَمّدُ بْنُ عُبَيْدِ اللّهِ الثّقَفِيّ عَنْ وَرّادٍ قَالَ: كَتَبَ الْمُغِيرَةُ إِلَىَ مُعَاوِيَةَ: سَلاَمٌ عَلَيْكَ، أَمّا بَعْدُ فَإِنّي سَمِعْتُ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم يَقُولُ: «إِنّ اللّهَ حَرّمَ ثَلاَثاً، وَنَهَى عَنْ ثَلاَثٍ: حَرّمَ عُقُوقَ الْوَالِدِ، وَوَأْدَ الْبَنَاتِ، وَلاَ وَهَاتِ، وَنَهَى عَنْ ثَلاَثٍ: قِيلِ وَقَالٍ، وَكَثْرَةِ السّؤَالِ، وَإِضَاعَةِ الْمَالِ».

مۇغەيرەت ئىبنى شۇئبە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن ئاللاھ سىلەرگە ئانىلارغا ۋارقىراشنى، بويۇن قىيىشنى، قىز باللارنى تىرىك كۆمۈۋېتىشنى ، بېرىشكە تېگىشلىك باشقىلارنىڭ ھەققىنى چەكلەپ، توسۇپ قېلىشنى، ئېلىشقا تېگىشلىك بولمىغان باشقىلارنىڭ ھەققىنى ئېلىۋېلىشنى ھارام قىلدى . ئاللاھ ، سىلەرنى قىيىل ـ قالدىن (يەنى مۇنداق دېيىلىپتۇ، پالانى مۇنداق دەپتۇ دېگەندەك ئۆسەك سۆزلەرنى قىلىپ، پاراڭ سېلىشتىن)، كۆپ سوئال سوراۋېرىشتىن، ماللارنى زايا قىلىۋېتىشتىن توسىدۇ.بەيھەقى توپلىغان. بۇ ھەدىستە ھارام ۋە مەكرۇھ دېگەن ئاتالغۇلار بار ئىكەن، سەھىھ.

## 779 ـ باب بيان أجر الحاكم إذا اجتهد، فأصاب أو أخطأ

## ئىجتىھاتىدا توغرا ھۆكۈم قىلغان ياكى خاتالىشىپ قالغان مۇجتەھىد ھاكىمنىڭ ئەجرى توغرىسىدا

4443 ـ حدّثنا يَحْيَى بْنُ يَحْيَى التّمِيمِيّ: أَخْبَرَنَا عَبْدُ الْعَزِيزِ بْنُ مُحَمّدٍ، عَنْ يَزِيدَ بْنِ عَبْدِ اللّهِ بْنِ أُسَامَةَ بْنِ الْهَادِ، عَنْ مُحَمّدِ بْنِ إِبْرَاهِيمَ، عَنْ بُسْرِ بْنِ سَعِيدٍ، عَنْ أَبِي قَيْسٍ مَوْلَىَ عَمْرِو بْنِ الْعَاصِ، عَنْ عَمْرِو بْنِ الْعَاصِ أَنّهُ سَمِعَ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم قَالَ: «إِذَا حَكَمَ الْحَاكِمُ فَاجْتَهَدَ ثُمّ أَصَابَ، فَلَهُ أَجْرَانِ، وَإِذَا حَكَمَ فَاجْتَهَدَ، ثُمّ أَخْطَأَ، فَلَهُ أَجْرٌ».
4444 ـ وحدّثني إِسْحَقُ بْنُ إِبْرَاهِيمَ وَ مُحَمّدُ بْنُ أَبِي عُمَرَ، كِلاَهُمَا، عَنْ عَبْدِ الْعَزِيزِ بْنِ مُحَمّدٍ بِهَذَا الإِسْنَادِ، مِثْلَهُ. وَزَادَ فِي عَقِبِ الْحَدِيثِ: قَالَ يَزِيدُ: فَحَدّثْتُ هَذَا الْحَدِيثَ أَبَا بَكْرِ بْنَ مُحَمّدِ بْنِ عَمْرِو ابْنِ حَزْمٍ. فَقَالَ: هَكَذَا حَدّثَنِي أَبُو سَلَمَةَ، عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ.
4445 ـ وحدّثني عَبْدُ اللّهِ بْنُ عَبْدِ الرّحْمَنِ الدّارِمِيّ: أَخْبَرَنَا مَرْوَانُ (يَعْنِي ابْنَ مُحَمّدٍ الدّمَشْقِيّ): حَدّثَنَا اللّيْثُ بْنُ سَعْدٍ: حَدّثَنِي يَزِيدُ بْنُ عَبْدِ اللّهِ بْنِ أُسَامَةَ بْنِ الْهَادِ اللّيْثِيّ بِهَذَا الْحَدِيثِ، مِثْلَ رِوَايَةِ عَبْدِ الْعَزِيزِ بْنِ مُحَمّدٍ. بِالإِسْنَادَيْنِ جَمِيعاً.

رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھاكىم ھۆكۈم چىقارغاندا، ئىجتىھاد قىلىپ، تىرىشىپ توغرا ھۆكۈم چىقارسا، ئىككى ئەجىر ئالىدۇ، ھۆكۈم قىلغاندا ئىجتىھاد قىلىپ، خاتا ھۆكۈم قىلسا، يەنىلا بىر ئەجىر ئالىدۇ، «خاتالىق ئەپۇدۇر» بۇ ھەدىسنى ئەھمەد، بەيھەقى، بۇخارى،مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد، نەسەئى، ئىبنى ماجە، ئەمرۇ ئىبنى ئاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، ئەھمەد، بەيھەقى، نەسەئى، تىرمىزى، ئىبنى ماجە، ئەبۇ داۋۇد يەنى بۇ تۆت كىتاب، ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن توپلىغان، سەھىھ.

## 780 ـ باب كراهة قضاء القاضي وهو غضبان

## قازىنىڭ غەزەپ قىلغان ھالدا ھۆكۈم قىلىشىنىڭ مەكرۇھلىقى توغرىسىدا

**4446 ـ حدّثنا قُتَيْبَةُ بْنُ سَعِيدٍ: حَدّثَنَا أَبُو عَوَانَةَ، عَنْ عَبْدِ الْمَلِكِ بْنِ عُمَيْرٍ، عَنْ عَبْدِ الرّحْمَنِ بْنِ أَبِي بَكْرَةَ قَالَ: كَتَبَ أَبِي (وَكَتَبْتُ لَهُ) إِلَىَ عُبَيْدِ اللّهِ بْنِ أَبِي بَكْرَةَ وَهُوَ قَاضٍ بِسِجِسْتَانَ: أَنْ لاَ تَحْكُمَ بَيْنَ اثْنَيْنِ وَأَنْتَ غَضْبَانُ، فَإِنّي سَمِعْتُ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم يَقُولُ: «لاَ يَحْكُمْ أَحَدٌ بَيْنَ اثْنَيْنِ وَهُوَ غَضْبَانُ».**

**4447 ـ وحدّثناه يَحْيَى بْنُ يَحْيَى: أَخْبَرَنَا هُشَيْمٌ. ح وَحَدّثَنَا شَيْبَانُ بْنُ فَرّوخَ. حَدّثَنَا حَمّادُ بْنُ سَلَمَةَ. ح وَحَدّثَنَا أَبُو بَكْرِ بْنُ أَبِي شَيْبَةَ: حَدّثَنَا وَكِيعٌ، عَنْ سُفْيَانَ. ح وَحَدّثَنَا مُحَمّدُ بْنُ الْمُثَنّى: حَدّثَنَا مُحَمّدُ ابْنُ جَعْفَرٍ. ح وَحَدّثَنَا عُبَيْدُ اللّهِ بْنُ مُعَاذٍ. حَدّثَنَا أَبِي، كِلاَهُمَا، عَنْ شُعْبَةَ. ح وَحَدّثَنَا أَبُو كُرَيْبٍ: حَدّثَنَا حُسَيْنُ بْنُ عَلِيّ عَنْ زَائِدَةَ. كُلّ هَـؤُلاَءِ، عَنْ عَبْدِ الْمَلِكِ بْنِ عُمَيْرٍ، عَنْ عَبْدِ الرّحْمَنِ بْنِ أَبِي بَكْرَةَ، عَنْ أَبِيهِ عَنِ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم بِمِثْلِ حَدِيثِ أَبِي عَوَانَةَ.**

ئەبۇ بۇكرەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ سەجىستاننىڭ قازىسى ئۇبەيدىللاھقا ؛ سەن ھەرگىز ئىككى كىشى ئارىسىدا غەزەپلەنگەن ھالدا ھۆكۈم قىلما، چۈنكى مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىدىم: «قازى، ئىككى كىشى ئارىسىدا غەزەپ قىلغان ھالىتىدە ھۆكۈم قىلمىسۇن». دەپ خەت يازدۇ. ئەھمەد، بۇخارى،مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ماجە ، سەھىھ. ئەبۇ بۇكرەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بىرەر كىشى يەنى قازى، بىر ھۆكۈملۈك مەسىلىدە ئىككى خىل ھۆكۈم قىلمىسۇن، بىرەر كىشى ئىككى داۋاگەر ئارىسىدا غەزەپ قىلغان، ئاچچىقلانغان ھالدا ھۆكۈم چىقارمىسۇن. نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

## *781 ـ باب نقض الأحكام الباطلة، وردّ محدثات الأمور*

## باتىل ھۆكۈملەرنى بىكار قىلىش، بىدئەتلەرنى رەت قىلىش توغرىسىدا

**4448 ـ حدّثنا أَبُو جَعْفَرٍ مُحَمّدُ بْنُ الصّبّاحِ وَ عَبْدُ اللّهِ بْنُ عَوْنٍ الْهِلاَلِيّ، جَمِيعاً، عَنْ إِبْرَاهِيمَ بْنِ سَعْدٍ. قَالَ ابْنُ الصّبّاحِ: حَدّثَنَا إِبْرَاهِيمُ بْنُ سَعْدِ بْنِ إِبْرَاهِيمَ بْنِ عَبْدِ الرّحْمَنِ بْنِ عَوْفٍ: حَدّثَنَا أَبِي، عَنِ الْقَاسِمِ بْنِ مُحَمّدٍ، عَنْ عَائِشَةَ قَالَتْ: قَالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: «مَنْ أَحْدَثَ فِي أَمْرِنَا هَذَا مَا لَيْسَ مِنْهُ فَهُوَ رَدّ».**

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم بىزنىڭ مۇشۇ ئىشىمىزدا (ئىسلام دىنىمىزدا) بۇ دىندىن ئەمەس نەرسىنى، ئىسلام دىنىدا يوق نەرسىنى پەيدا قىلسا، ئۇ رەت قىلىنىدۇ. بەيھەقى،بۇخارى،مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم بىزنىڭ ئىشىمىزدىن باشقا بىر ئىشنى قىلسا، يەنى دىنىمىزدا يوق ئىشنى قىلسا، ئۇ رەت قىلىنىدۇ. ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ.

**4449 ـ وحدّثنا إِسْحَقُ بْنُ إِبْرَاهِيمَ وَ عَبْدُ بْنُ حُمَيْدٍ، جَمِيعاً عَنْ أَبِي عَامِرٍ قَالَ عَبْدٌ: حَدّثَنَا عَبْدُ الْمَلِكِ بْنُ عَمْرٍو: حَدّثَنَا عَبْدُ اللّهِ بْنُ جَعْفَرٍ الزّهْرِيّ، عَنْ سَعْدِ بْنِ إِبْرَاهِيمَ قَالَ: سَأَلْتُ الْقَاسِمَ بْنَ مُحَمّدٍ عَنْ رَجُلٍ لَهُ ثَلاَثَةُ مَسَاكِنَ، فَأَوْصَىَ بِثُلُثِ كُلّ مَسْكَنٍ مِنْهَا. قَالَ: يُجْمَعُ ذَلِكَ كُلّهُ فِي مَسْكَنٍ وَاحِدٍ. ثُمّ قَالَ: أَخْبَرَتْنِي عَائِشَةُ أَنّ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم قَالَ: «مَنْ عَمِلَ عَمَلاً لَيْسَ عَلَيْهِ أَمْرُنَا فَهُوَ رَدّ».**

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم بىزنىڭ ئىشىمىزدىن بولمىغان يەنى ئىسلام دىنىمىزدا يوق بىر ئەمەلنى قىلسا، ئۇ رەتتۇر، قەتئىي رەت قىلىنىدۇ. (چۈنكى ئۇ بىدئەتتۇر، بىدئەت، زالالەتتۇر). ئەھمەد، مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.

### 782 ـ باب بيان خير الشهود

## قانداق كىشىنىڭ گۇۋاھچىلارنىڭ ئەڭ ياخشىسى بولىدىغانلىقى توغرىسىدا

4450 ـ وحدّثنا يَحْيَى بْنُ يَحْيَى، قَالَ: قَرَأْتُ عَلَى مَالِكٍ، عَنْ عَبْدِ اللّهِ بْنِ أَبِي بَكْرٍ، عَنْ أَبِيهِ، عَنْ عَبْدِ اللّهِ بْنِ عَمْرِو بْنِ عُثْمَانَ، عَنِ ابْنِ أَبِي عَمْرَةَ الأَنْصَارِيِّ، عَنْ زَيْدِ بْنِ خَالِدٍ الْجُهَنِيِّ أَنّ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم قَالَ: «أَلاَ أُخْبِرُكُمْ بِخَيْرِ الشّهَدَاءِ الّذِي يَأْتِي بِشَهَادَتِهِ قَبْلَ أَنْ يُسْأَلَهَا».

زەيد ئىبنى خالىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مەن سىلەرگە گۇۋاھچىلارنىڭ ئەڭ ياخشىسىنى دەپ بەرمەيمۇ؟ ئۇ بولسىمۇ، گۇۋاھلىقى سورۇلۇشتىن بۇرۇنلا ھەق، ئادىل ھالەتتە كەلتۈرگەن، سورۇلۇشتىن بۇرۇنلا ئۆزى كېلىپ گۇۋاھلىق بەرگەن كىشىدۇر، مالىك، ئەھمەد، مۇسلىم، نەسەئى، ئىبنى ماجە، ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ.

### 783 ـ باب بيان اختلاف المجتهدين

## مۇجتەھىد ئالىملارنىڭ ئىختىلاپى توغرىسىدا

4451 ـ4452 ـ حدّثني زُهَيْرُ بْنُ حَرْبٍ: حَدّثَنِي شَبَابَةُ: حَدّثَنِي وَرْقَاءُ، عَنْ أَبِي الزّنَادِ، عَنِ الأَعْرَجِ، عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ عَنِ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم قَالَ: «بَيْنَمَا امْرَأَتَانِ مَعَهُمَا ابْنَاهُمَا، جَاءَ الذّئْبُ فَذَهَبَ بِابْنِ إِحْدَاهُمَا، فَقَالَتْ هَذِهِ لِصَاحِبَتِهَا: إِنّمَا ذَهَبَ بِابْنِكِ أَنْتِ. وَقَالَتِ الأُخْرَىَ: إِنّمَا ذَهَبَ بِابْنِكِ. فَتَحَاكَمَتَا إِلَى دَاوُدَ، فَقَضَىَ بِهِ لِلْكُبْرَىَ، فَخَرَجَتَا عَلَى سُلَيْمَانَ بْنِ دَاوُدَ عَلَيْهِمَا السّلاَمُ. فَأَخْبَرَتَاهُ. فَقَالَ: ائْتُونِي بِالسّكّينِ أَشُقّهُ بَيْنَكُمَا. فَقَالَتِ الصّغْرَىَ: لاَ، يَرْحَمُكَ اللّهُ هُوَ ابْنُهَا، فَقَضَىَ بِهِ لِلصّغْرَىَ».
قَالَ: قَالَ أَبُو هُرَيْرَةَ: وَاللّهِ إِنْ سَمِعْتُ بِالسّكّينِ قَطّ إِلاّ يَوْمَئِذٍ، مَا كُنّا نَقُولُ إِلاّ الْمُدْيَةَ.

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بىر چاغدا ئىككى ئايال بىلەن بىللە باللىرى ئويناۋاتاتتى، تۇيۇقسىز بىر بۆرە كېلىپ، ئۇ ئىككىسىنىڭ بىرسىنىڭ بالىسىنى ئېلىپ قېچىپ كەتتى، ئۇلارنىڭ بىرى ھەققەتەن بۆرە سېنىڭ بالاڭنى ئېلىپ كەتتى دېسە، يەنە بىرسى، ئۇ سېنىڭ بالاڭنى ئېلىپ قېچىپ كەتتى دېيتتى، بۇلار داۋالىشىپ، داۋۇد ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا ھۆكۈم تەلەپ قىلىپ كەلدى، داۋۇد ئەلەيھىسسالام بالىنى ئۇ ئىككى ئايالنىڭ چوڭراقىغا ھۆكۈم قىلىپ قويدى، ئۇلار چىقىپ كېتىپ بېرىپ داۋۇدنىڭ ئوغلى سۇلەيمان ئەلەيھىسسالامغا ئۇچراپ: بولغان ئىشلارنى ئۇنىڭغا خەۋەر قىلدى، سۇلەيمان ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا، ماڭا بىر پىچاق ئەكىلىڭلار، مەن ئۇ بالىنى بۇ ئىككى ئايالغا يېرىپ، بۆلۈپ بېرەي دېدى، بۇ سۆزنى ئاڭلاپ، كىچىك ئايال: ساڭا ئاللاھ رەھمەت قىلسۇن، ئۇنداق قىلمىغىن، بۇ بالا ئۇنىڭ ئىدى دېدى، ئاندىن سۇلەيمان ئەلەيھىسسالام بالىسغا ئىچى ئاغرىتقان بۇ ئانىنىڭ سۆزنى ئاڭلاپ، بالىنى كىچىك ئايالغا بۇيرىدى، ئەھمەد،بۇخارى، مۇسلىم، بەيھەقى، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ، ئالىملار بۇ سەھىھ ھەدىسنى «بىز سۇلەيمانغا پەھمى ئاتا قىلدۇق» دېگەن ئايەتكە تەپسىر قىلىدۇ، بۇ ئەسەر بىلەن تەپسىرلەش.

784 – باب استحباب إصلاح الحاكم بين الخصمين

قازى ـ ھاكىمنىڭ داۋاگەرلەر ئارىسىنى ئىسلاھ قىلىپ كېلىشتۈرۈشى توغرىسىدا

4453 ـ حدّثنا مُحمّدُ بْنُ رَافِعٍ: حَدّثنا عَبْدُ الرّزّاق: حَدّثنا معْمَرٌ، عَنْ هَمّام بْن مُنَبّهٍ قالَ: هَـٰذَا مَا حَدّثنا أبُو هُرَيْرَةَ عَنْ رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم. فَذكَرَ أحَاديثَ مِنْهَا: وَقَالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: «اشْتَرَىٰ رَجُلٌ مِنْ رَجُلٍ عَقاراً لَـهُ، فَوَجَدَ الرّجُلُ الّذِي اشْتَرَىٰ الْعَقارَ فِي عَقارِهِ جَرّةً فِيهَا ذَهَبٌ، فقالَ لَهُ الّذِي اشْتَرَىٰ الْعَقارَ: خُذْ ذَهَبَكَ مِنّي. إنّمَا اشْتَرَيْتُ مِنْكَ الأرْضَ، وَلَمْ أبْتَعْ مِنْكَ الذّهَبَ. فقالَ الّذِي شَرَىٰ الأرْضَ: إنّمَا بِعْتُكَ الأرْضَ وَمَا فِيهَا. قالَ: فَتَحَاكَمَا إلَىٰ رَجُلٍ. فقالَ الّذِي تَحاكَمَا إلَيْهِ: ألَكُمَا وَلَدٌ؟ فقالَ أحَدُهُمَا: لِي غلامٌ. وَقالَ الآخَرُ: لِي جَارِيَةٌ. قالَ: أنْكِحُوا الْغُلاَمَ الْجَارِيَةَ. وَأنْفِقُوا عَلَىٰ أنْفُسِكُمَا مِنْهُ، وَتَصَدّقَا».

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دېگەن: سىلەردىن بۇرۇن ياشاپ ئۆتكەن كىشىلەردىن بىر كىشى يەنە بىر كىشىدىن زېمىن سېتىۋالدى، زېمىننى سېتىۋالغىنى ئۇ جايدىن بىر كوزا ئالتۇن تېپىۋالدى، ئاندىن ئۇ زېمىن ئىگىسىگە ؛ مەن سەندىن زېمىننى سېتىۋالغان ، ئالتۇننى سېتىۋالمىغان، بۇ ئالتۇننى سەن ئال دېدى، زېمىن ئىگىسى ئۇنىڭغا ؛ مەن ساڭا زېمىننى ۋە ئۇنىڭ ئىچىدىكى نەرسىلەرنى ساتقان، ئالتۇننى سەن ئۆزۈڭ ئال دەپ، شۇنداق قىلىپ بۇلار ئالتۇننى بىرسى ـــ بىرسىگە ئۆتۈنۈشۈپ، يەنە بىر كىشىنىڭ قېشىغا داۋالىشىپ بېرىپتۇ، ھۆكۈم قىلغۇچى كىشى ئۇلارغا ؛ بالاڭلار بارمۇ؟ دەپ سوراپتۇ، بىرسى، مېنىڭ ئوغلۇم بار دېسە، يەنە بىرسى ؛ مېنىڭ بىر قىزىم بار دەپتۇ، ھۆكۈم قىلغۇچى كىشى ؛ ھەيبەللى!، بۇ ئوغۇلغا بۇ قىزنى نىكاھلاپ قويۇڭلار، بۇ ئالتۇننى ئۆزۈڭلارغا ۋە ئۇلارغا خىراجەت قىلىڭلار، سەدىقە قىلىڭلار دەپتۇ. ئەھمەد، بەيھەقى،بۇخارى،مۇسلىم، ئىبنى ماجە توپلىغان، سىھھ، پاھ! ئەنە شۇنداق پاك، ساپ نىيەتلىك سېخى كىشىلەر ھازىرمۇ بارمىدۇ؟ ئاللاھ خالىسا باردۇر.

32 – كتـاب اللقطـة

تېپىۋالغان نەرسىنى قانداق بىرتەرەپ قىلىش توغرىسىدا

785 – باب

4454 ـ حدّثنا يَحْيَىٰ بْنُ يَحْيَىٰ التّمِيمِيّ قالَ: قَرأتُ عَلَىٰ مَالِكٍ، عَنْ رَبِيعَةَ بْنِ أبِي عَبْدِ الرّحْمَـٰنِ، عَنْ يَزِيدَ مَوْلَىٰ الْمُنْبَعِثِ، عَنْ زَيْدِ بْنِ خَالِدٍ الْجُهَنِيّ أنّهُ قالَ: جَاءَ رَجُلٌ إلَىٰ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم فَسَألَهُ عَنِ اللّقطَةِ؟ فَقالَ: «اعْرِفْ عِفَاصَهَا وَوِكَاءَهَا، ثُمّ عَرّفْهَا سَنَةً، فَإنْ جَاءَ صَاحِبُهَا، وَإلاّ فَشَأنُكَ بِهَا». قالَ: فَضَالّةُ الْغَنَمِ؟ قالَ: «لَكَ أوْ لأخِيكَ أوْ لِلذّئْبِ». قالَ: فَضَالّةُ الإبِلِ؟ قالَ: «مَا لَكَ وَلَهَا؟ مَعَهَا سِقَاؤُهَا وَحِذَاؤُهَا، تَرِدُ الْمَاءَ وَتَأكُلُ الشّجَرَ، حَتّىٰ يَلْقَاهَا رَبّهَا». قالَ يَحْيَىٰ: أحْسِبُ قَرَأتُ: عِفَاصَهَا.

4455 ـ وحدّثنا يَحْيَىٰ بْنُ أيّوبَ وَ قُتَيْبَةُ وَ ابْنُ حُجْرٍ (قالَ ابْنُ حُجْرٍ: أخْبَرَنَا. وَقالَ الآخَرَانِ: حَدّثنَا إسْمَاعِيلُ) (وَهُوَ ابْنُ جَعْفَرٍ) عَنْ رَبِيعَةَ بْنِ أبِي عَبْدِ الرّحْمَـٰنِ، عَنْ يَزِيدَ مَوْلَىٰ الْمُنْبَعِثِ، عَنْ زَيْدِ بْنِ خَالِدٍ الْجُهَنِيّ أنّ رَجُلاً سَألَ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم عَنِ اللّقطَةِ؟ فقالَ: «عَرّفْهَا سَنَةً، ثُمّ اعْرِفْ وِكاءَهَا وَعِفَاصَهَا، ثُمّ اسْتَنْفِقْ بِهَا. فَإنْ جَاءَ رَبّهَا فَأدّهَا إلَيْهِ» فقالَ: يَا رَسُولَ اللّهِ فَضَالّةُ الْغَنَمِ؟ قالَ: خُذْهَا. فَإنّمَا هِيَ لَكَ أوْ لأخِيكَ أوْ لِلذّئْبِ. قالَ: يَا رَسُولَ اللّهِ فَضَالّةُ الإبِلِ؟ قالَ: فَغَضِبَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم حَتّىٰ احْمَرّتْ وَجْنَتَاهُ (أوِ احْمَرّ وَجْهُهُ) ثُمّ قالَ: «مَا لَكَ وَلَهَا؟ مَعَهَا حِذاؤُهَا وَسِقَاؤُهَا حَتّىٰ يَلْقَاهَا رَبّهَا».

**4456 ـ4457 ـ وحدّثني أَبُو الطّاهِرِ: أَخْبَرَنَا عَبْدُ اللّهِ بْنُ وَهْبٍ: أَخْبَرَنِي سُفْيَانُ الثّوْرِيّ وَ مَالِكُ بْنُ أَنَسٍ وَ عَمْرُو بْنُ الْحَارِثِ وَغَيْرُهُمْ[1] أَنّ رَبِيعَةَ بْنَ أَبِي عَبْدِ الرّحْمَنِ حَدّثَهُمْ بِهَـذَا الإِسْنَادِ، مِثْلَ حَدِيثِ مَالِكٍ. غَيْرَ أَنّهُ زَادَ: قَالَ: أَتَى رَجُلٌ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم وَأَنَا مَعَهُ. فَسَأَلَهُ عَنِ اللّقَطَةِ؟ قَالَ: وَقَالَ عَمْرٌو فِي الْحَدِيثِ: «فَإِذَا لَمْ يَأْتِ لَهَا طَالِبٌ فَاسْتَنْفِقْهَا».**

زەيدئىبنى خالىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، بىر كىشى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم نىڭ قېشىغا كېلىپ، تېپىۋالغان نەرسە تورسىدا سوردى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنىڭغا:« تېپىۋالغان نەرسىنىڭ سانىنى، بوغۇچ، بوخچىلىرىنى ئېلان قىلىپ تونۇتقىن، ئاندىن يەنە بىر يىل تونۇتقىن، ئەگەر ئىگىسى كەلسە بەرگىن، ئەگەر كەلمىسە، ئۆزۈڭنىڭ ئىشى، (ئۇ سېنىڭ مىلىڭنىڭ يول ىدەك بولىدۇ )،دىدى، ئۇكىشى؛ قوينىڭ ئېزىپ قالغىنىنى تېپىۋالسامچۇ؟دىدى، رەسۇلۇللاھ :ئۇ سىنىڭ ياكى قېرىندىشىڭنىڭ يەنى ئىگىسىنىڭ ياكى بۆرىنىڭ بولىدۇ دىدى، ئۇكىشى: تۆگىنىڭ ئېزىپ قالغىنىنى تېپىۋالسامچۇ؟دىدى، رەسۇلۇللاھ ئۇنىڭغا قاتتىق غەزەپ قىلىپ: ئۇنىڭ بىلەن سىنىڭ نىمە كارىڭ؟، ئۇنىڭ سۇيى، ئوت ـ چۆپلىرى ئۆزى بىلەن بىللە، ئۇ ئىگىسىگە ئۇچراشقانغا قەدەر، ئىگىسى ئۇنى تاپقانغا قەدەر ئۇ سۇ ئىچىپ، دەل ـ دەرەخ، ئوت ـ چۆپلەرنى يەلەيدۇ دىدى. بۇخارى،مۇسلىم .

**4458 ـ حدّثنا عَبْدُ اللّهِ بْنُ مَسْلَمَةَ بْنِ قَعْنَبٍ: حَدّثَنَا سُلَيْمَانُ (يَعْنِي ابْنَ بِلاَلٍ) عَنْ يَحْيَى بْنِ سَعِيدٍ، عَنْ يَزِيدَ مَوْلَى الْمُنْبَعِثِ أَنّهُ سَمِعَ زَيْدَ بْنَ خَالِدٍ الْجُهَنِيّ صَاحِبَ رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم يَقُولُ: سُئِلَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم عَنِ اللّقَطَةِ الذّهَبِ أَوِ الْوَرِقِ؟ فَقَالَ: «اعْرِفْ وِكَاءَهَا وَعِفَاصَهَا، ثُمّ عَرّفْهَا سَنَةً، فَإِنْ لَمْ تَعْرِفْ فَاسْتَنْفِقْهَا، وَلْتَكُنْ وَدِيعَةً عِنْدَكَ، فَإِنْ جَاءَ طَالِبُهَا يَوْماً مِنَ الدّهْرِ فَأَدّهَا إِلَيْهِ» وَسَأَلَهُ عَنْ ضَالّةِ الإِبِلِ؟ فَقَالَ: مَالَكَ وَلَهَا؟ دَعْهَا، فَإِنّ مَعَهَا حِذَاءَهَا وَسِقَاءَهَا، تَرِدُ الْمَاءَ وَتَأْكُلُ الشّجَرَ، حَتّى يَجِدَهَا رَبّهَا» وَسَأَلَهُ عَنِ الشّاةِ؟ فَقَالَ: «خُذْهَا، فَإِنّمَا هِيَ لَكَ أَوْ لأَخِيكَ أَوْ لِلذّئْبِ».**

**4459 ـ وحدّثني إِسْحَقُ بْنُ مَنْصُورٍ: أَخْبَرَنَا حَبّانُ بْنُ هِلاَلٍ: حَدّثَنَا حَمّادُ بْنُ سَلَمَةَ: حَدّثَنِي يَحْيَى بْنُ سَعِيدٍ وَ رَبِيعَةُ الرّأْيِ بْنُ أَبِي عَبْدِ الرّحْمَنِ، عَنْ يَزِيدَ مَوْلَى الْمُنْبَعِثِ، عَنْ زَيْدِ بْنِ خَالِدٍ الْجُهَنِيّ[1] أَنّ رَجُلاً سَأَلَ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم عَنْ ضَالّةِ الإِبِلِ؟ زَادَ رَبِيعَةُ: فَغَضِبَ حَتّى احْمَرّتْ وَجْنَتَاهُ. وَاقْتَصّ الْحَدِيثَ بِنَحْوِ حَدِيثِهِمْ. وَزَادَ: «فَإِنْ جَاءَ صَاحِبُهَا فَعَرَفَ عِفَاصَهَا، وَعَدَدَهَا وَوِكَاءَهَا، فَأَعْطِهَا إِيّاهُ. وَإِلاّ، فَهِيَ لَكَ».**

**4460 ـ وحدّثني أَبُو الطّاهِرِ أَحْمَدُ بْنُ عَمْرِو بْنِ سَرْحٍ: أَخْبَرَنَا عَبْدُ اللّهِ بْنُ وَهْبٍ: حَدّثَنِي الضّحّاكُ بْنُ عُثْمَانَ، عَنْ أَبِي النّضْرِ، عَنْ بُسْرِ بْنِ سَعِيدٍ، عَنْ زَيْدِ بْنِ خَالِدٍ الْجُهَنِيّ قَالَ: سُئِلَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم عَنِ اللّقَطَةِ؟ فَقَالَ: «عَرّفْهَا سَنَةً، فَإِنْ لَمْ تُعْتَرَفْ، فَاعْرِفْ عِفَاصَهَا وَوِكَاءَهَا، ثُمّ كُلْهَا، فَإِنْ جَاءَ صَاحِبُهَا فَأَدّهَا إِلَيْهِ».**

زەيدئىبنى خالىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، بىر كىشى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم نىڭ قېشىغا كېلىپ، ئالتۇن ـ كۈمۈشتىن تېپىۋالغان نەرسە تورسىدا سوردى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنىڭغا:« تېپىۋالغان نەرسىنىڭ سانىنى، بوغۇچ، بوخچىلىرىنى ئېلان قىلىپ تونۇتقىن، ئاندىن يەنە بىر يىل تونۇتقىن، بۇجەرياندا ئۇنى ئۆز يېنىڭدا ئامانەت تەرىقىسىدا ئىشلىتىپ تۇرۇپ، ئەگەر زامانلەردىن بىركۈنى ئىگىسى كەلسە بەرگىن، ئەگەر كەلمىسە، ئۆزۈڭنىڭ ئىشى، (ئۇ سېنىڭ مىلىڭنىڭ يول ىدەك بولىدۇ ، يىگىن) ،دىدى، ئۇكىشى؛ قوينىڭ ئېزىپ قالغىنىنى تېپىۋالسامچۇ؟دىدى، رەسۇلۇللاھ :ئۇ سىنىڭ ياكى قېرىندىشىڭنىڭ يەنى ئىگىسىنىڭ

ياكى بۆرىنىڭ بولىدۇ دىدى، ئۇكىشى: تۆگىنىڭ ئېزىپ قالغىنىنى تېپىۋالسامچۇ؟دىدى، رەسۇلۇللاھ: ئۇنىڭ بىلەن سىنىڭ نىمە كارىڭ؟، ئۇنىڭ سۇيى، ئوت ـ چۆپلىرى ئۆزى بىلەن بىللە، ئۇ ئىگىسىگە ئۇچراشقانغا قەدەر، ئىگىسى ئۇنى تاپقانغا قەدەر ئۇ سۇ ئىچىپ، دەل ـ دەرەخ، ئوت ـ چۆپلەرنى يەلەيدۇ دىدى. بۇخارى،مۇسلىم .

4461 ـ وحدّثنا مُحَمّدُ بْنُ بَشّارٍ: حَدّثنَا مُحَمّدُ بْنُ جَعْفَرٍ: حَدّثنَا شُعْبَةُ. ح وَحَدّثنِي أَبُو بَكْرِ ابْنِ نَافِعٍ (وَاللّفْظ لَهُ): حَدّثنَا شُعْبَةُ، عَنْ سَلَمَةَ بْنِ كُهَيْلٍ قالَ: سَمِعْتُ سُوَيْدَ بْنَ غفَلَةَ قالَ: خَرَجْتُ أنَا وَزَيْدُ بْنُ صُوحَانَ وَسَلْمَانُ بْنُ رَبِيعَةَ غَازِينَ، فَوَجَدْتُ سَوْطاً فَأَخَذْتهُ. فَقالاَ لِي: دَعْهُ. فقُلْتُ: لاَ. ولَـكِنّي أُعرّفُهُ، فإنْ جَاءَ صَاحِبُهُ وَإلاّ اسْتَمْتَعْتُ بِهِ. قالَ: فَأَبَيْتُ عَلَيْهِمَا، فَلَمّا رَجَعْنَا مِنْ غَزَاتِنَا قُضِيَ لِي أنّي حَجَجْتُ، فَأَتَيْتُ الْمَدِينَةَ، فَلَقِيْتُ أُبَيّ بْنَ كَعْبٍ، فَأَخْبَرْتُهُ بشَأْنِ السّوْطِ وَبقوْلِهما. فقالَ: إنّي وَجَدْتُ صُرّةً فِيهَا مِائَةُ دِينَارٍ عَلَى عَهْدِ رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم. فَأَتَيْتُ بِهَا رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم. فقالَ: «عَرّفْهَا حَوْلاً» قالَ: فَعَرّفْتُها فَلَمْ أَجِدْ مَنْ يَعْرِفُهَا، ثُمّ أَتَيْتُهُ فقالَ: «عَرّفْهَا حَوْلاً» فَعَرّفْتُها فَلَمْ أجِدْ مَنْ يَعْرِفُهَا، ثُمّ أَتَيْتُهُ فقالَ: «عَرّفْهَا حَوْلاً» فَعَرّفْتُها فَلَمْ أَجِدْ مَنْ يَعْرِفُهَا. فَقالَ: «احْفَظْ عَدَدَهَا وَوِعَاءَهَا ووِكَاءَهَا، فَإنْ جَاءَ صَاحِبُهَا وَإلاّ فَاسْتَمْتِعْ بِهَا» فَاسْتَمْتَعْتُ بِهَا.
فَلَقِيتُهُ بَعْدَ ذَلِكَ بِمَكّةَ فَقالَ: لاَ أَدْرِي بِثَلاَثَةِ أَحْوَالٍ أَوْ حَوْلٍ وَاحِدٍ.

4462 ـ وحدّثني عَبْدُ الرّحْمَنِ بْنُ بِشْرٍ الْعَبْدِيّ: حَدّثنَا بَهْزٌ: حَدّثنَا شُعْبَةُ: أَخْبَرَنِي سَلَمَةُ بْنُ كُهَيْلٍ أَوْ أَخْبَرَ الْقَوْمَ وَأَنَا فِيهِمْ. قالَ: سَمِعْتُ سُوَيْدَ بْنَ غفَلَةَ قالَ: خَرَجْتُ مَعَ زَيْدِ بْنِ صُوحَانَ وَسَلْمَانَ بْنِ رَبِيعَةَ، فَوَجَدْتُ سَوْطاً، وَاقْتَصّ الْحَدِيثَ بِمِثْلِهِ. إلَى قَوْلِهِ: فَاسْتَمْتَعْتُ بِهَا. قالَ شُعْبَةُ: فَسَمِعْتُهُ بَعْدَ عَشْرِ سِنِينَ يَقُولُ: عَرّفْهَا عَاماً وَاحِداً.

4463 ـ وحدّثنا قُتَيْبَةُ بْنُ سَعِيدٍ: حَدّثنَا جَرِيرٌ، عَنِ الأَعْمَشِ. ح وَحَدّثنَا أَبُو بَكْرِ بْنُ أَبِي شَيْبَةَ: حَدّثنَا وَكِيعٌ. ح وَحَدّثنَا ابْنُ نُمَيْرٍ: حَدّثنَا أَبِي، جَمِيعاً، عَنْ سُفْيَانَ. ح وَحَدّثنِي مُحَمّدُ بْنُ حَاتِمٍ: حَدّثنَا عَبْدُ اللّهِ بْنُ جَعْفَرٍ الرّقّيّ: حَدّثنَا عُبَيْدُ اللّهِ (يَعْنِي ابْنَ عَمْرٍو) عَنْ زَيْدِ بْنِ أَبِي أُنَيْسَةَ. ح وَحَدّثنِي عَبْدُ الرّحْمَنِ بْنُ بِشْرٍ: حَدّثنَا بَهْزٌ: حَدّثنَا حَمّادُ بْنُ سَلَمَةَ، كُلّ هَـؤُلاَءِ، عَنْ سَلَمَةَ بْنِ كُهَيْلٍ بِهَـذَا الإِسْنَادِ، نَحْوَ حَدِيثِ شُعْبَةَ. وَفِي حَدِيثِهِمْ جَمِيعاً: ثَلاَثَةَ أَحْوَالٍ. إلاّ حَمّادَ بْنَ سَلَمَةَ فَإنّ فِي حَدِيثِهِ: عَامَيْنِ أَوْ ثَلاَثَةً. وَفِي حَدِيثِ سُفْيَانَ وَزَيْدِ بْنِ أَبِي أُنَيْسَةَ وَحَمّادِ بْنِ سَلَمَةَ «فَإنْ جَاءَ أَحَدٌ يُخْبِرُكَ بِعَدَدِهَا وَوِعَائِهَا وَوِكَائِهَا، فَأَعْطِهَا إيّاهُ». وَزَادَ سُفْيَانُ فِي رِوَايَةِ وَكِيعٍ «وَإلاّ فَهِيَ كَسَبِيلِ مَالِكَ». وَفِي رِوَايَةِ ابْنِ نُمَيْرٍ «وَإلاّ فَاسْتَمْتِعْ بِهَا».

سۇۋەيد مۇنداق دەيدۇ؛ مەن زەيد، سەلمانلەر بىلەن بىللە غازاتقا چىقىپ، بىرقامچا تېپىۋىلىپ، ئۇنى ئالدىم. ئۇلارماڭا؛ ئۇنى ئۆز جايىدا قويۇپ قوي دىدى. مەن ئۇلارنىڭ سۆزىگە ئۇنىماي، قامچىنى ئېلىپ؛ مەن بۇنى ئىگىسىگە تونىتىمەن، ئەگەر ئىگىسى چىقسا، بىرىمەن، ئىگىسى چىقمىسا، مەن بۇنىڭدىن مەنپەئەتلىنىمەن دىدىم. بىز غازاتتىن قايتقاندا، مەن ھەج قىلدىم، مەن مەدىنىگە كىلىپ، ئۇبەي ئىبنى كەئبى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن بۇئىش توغرىسىدا سورسام ،ئۇ؛مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم نىڭ زامانىدا 100دىينار ئالتۇن بار بىرقاپچۇقنى تېپىۋىلىپ، ئۇنى رەسۇلۇللاھ نىڭ قىشىغا ئېلىپ كەلسەم، رەسۇلۇللاھ ماڭا : تېپىۋالغان نەرسىنىڭ سانىنى، بوغۇچ، بوخچىلىرىنى ئىلان قىلىپ بىرىيل تونۇتقىن،دىدى. مەن ئۇنى تونۇتۇپ ئىگىسىنى تاپالماي يەنەكەلسەم، رەسۇلۇللاھ ماڭا: ئۇنى يەنە بىر يىل تونۇتقىن،دىدى. ئاندىن مەن ئۇنى تونۇتۇپ ئىگىسىنى تاپالماي يەنەكەلسەم، رەسۇلۇللاھ ماڭا: يەنە بىر يىل تونۇتقىن، ئەگەر ئىگىسى كەلسە بەرگىن، ئەگەر كەلمىسە، تېپىۋالغان نەرسىنىڭ سانىنى ، بوغۇچ، بوخچىلىرىنى ئوبدان مۇھاپىزەت قىلىپ ساقلاپ، ئۇنىڭدىن مەنپەئەتلەنسەڭ بولىدۇ،دىدى.ئاندىن مەن ئۇنىڭدىن مەنپەئەتلەنگەن ئىدىم دىدى.(يەنەبىردە؛ ئۇ سىنىڭ

مېلىگىنىڭ يولدەك بولىدۇ، دېدى. يەنى سەدىقە ـــ ئېھسان قىلساڭ، خەزىنەڭ بولىدۇ، ياخشىراقى ئۇمۇمنىڭ مەنپەئەتىگە ئىشلەتسەڭ ) ، مالىك، ئەھمەد، بەيھەقى، بۇخارى،مۇسلىم، تۆت كىتاب يەنى تىرمىزى، ئەبۇ داۋۇد، نەسەئى، ئىبنى ماجەلەر توپلىغان، سەھىھ.

## 786 ـ باب في لقطة الحاج

## ھەج قىلغۇچى كىشىنىڭ مەككىدە چۈشۈپ قالغان نەرسىسى توغرىسىدا

**4464 ـ حدّثني أَبُو الطّاهِرِ وَ يُونسُ بْنُ عَبْدِ الأَعْلَى قالاَ: أَخْبَرَنَا عَبْدُ اللّهِ بْنُ وَهْبٍ: أَخْبَرَنِي عَمْرُو بْنُ الْحَارِثِ، عَنْ بُكَيْرِ بْنِ عَبْدِ اللّهِ بْنِ الأَشَجِّ، عَنْ يَحْيَى بْنِ عَبْدِ الرّحْمَنِ بْنِ حَاطِبٍ، عَنْ عَبْدِ الرّحْمَنِ بْنِ عُثْمَانَ التّيْمِيّ أَنّ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم نَهَى عَنْ لُقَطَةِ الْحَاجّ.**

ئابدۇرەھمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھاجىلارنىڭ چۈشۈپ قالغان، يوتۇپ كەتكەن نەرسىلىرىنى تېپىۋېلىپ ئېلىۋېلىشىدىن توسقان. (چۈنكى ھاجىلار يۇرتىغا كەتسە قايتىپ كېلەلمەيدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇ نەرسە ئالغۇچىغا قالىدۇ، بۇنىڭدىن توسقان، شۇڭا ئۇ نەرسە جايىدا تۇرىدۇ، ھاجىلار ئۆزى كېلىپ ئېلىۋالىدۇ. پەقەت ئېلىۋالمىسا، جاكارچى ئېلىپ قويىدۇ، ھۆكۈمەت بەيتۇلمالغا قوشۇپ قويۇپ، كېلەر يىلى ئېلان قىلىپ بېرىشى لازىم). ئەھمەد، مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ.

**4465 ـ وحدّثني أَبُو الطّاهِرِ وَ يُونُسُ بْنُ عَبْدِ الأَعْلَى، قالاَ: حَدّثَنَا عَبْدُ اللّهِ بْنُ وَهْبٍ. قالَ: أَخْبَرَنِي عَمْرُو بْنُ الْحَارِثِ، عَنْ بَكْرِ بْنِ سَوَادَةَ، عَنْ أَبِي سَالِمٍ الْجَيْشَانِيّ، عَنْ زَيْدِ بْنِ خَالِدٍ الْجُهَنِيّ عَنْ رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم أَنّهُ قَالَ: «مَنْ آوَى ضَالّةً فَهُوَ ضَالّ، مَا لَمْ يُعَرّفْهَا».**

زەيد ئىبنى خالىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم ئېزىپ قالغان كالا ـ قويدەك ھايۋاننى ئۆيىگە ئەكىرىۋالسا، ئۇنى كىشىلەرگە ئېلان قىلىپ تونۇتمىسىلا، ئۆزىمۇ زالالەتتە ئازغۇن بولىدۇ، (ئەگەر تونۇتۇپ، ئىگىسىگە بەرسە ياكى ئىگە چىقمىغاندىن كېيىن ئۆزى ئالسا، ئاللاھ يولىدا سەدىقە قىلسا بولىدۇ). ئەھمەد، مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.

## 787 ـ باب تحريم حلب الماشية بغير إذن مالكها

## چارۋا ماللارنى ئىگىسىنىڭ رۇخسىتىسىز سېغىۋېلىشنىڭ ھاراملىقى توغرىسىدا

**4466 ـ حدّثنا يَحْيَى بْنُ يَحْيَى التّمِيمِيّ قَالَ: قَرَأْتُ عَلَى مَالِكِ بْنِ أَنَسٍ، عَنْ نَافِعٍ، عَنِ ابْنِ عُمَرَ أَنّ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم قَالَ: «لاَ يَحْلُبَنّ أَحَدٌ مَاشِيَةَ أَحَدٍ إِلاّ بِإِذْنِهِ، أَيُحِبّ أَحَدُكُمْ أَنْ تُؤْتَى مَشْرَبَتُهُ، فَتُكْسَرَ خِزَانَتُهُ، فَيُنْتَقَلَ طَعَامُهُ؟ إِنّمَا تَخْزُنُ لَهُمْ ضُرُوعُ مَوَاشِيهِمْ أَطْعِمَتَهُمْ، فَلاَ يَحْلُبَنّ أَحَدٌ مَاشِيَةَ أَحَدٍ إِلاّ بِإِذْنِهِ».**

**4467 ـ وحدّثناه قُتَيْبَةُ بْنُ سَعِيدٍ وَ مُحَمّدُ بْنُ رُمْحٍ، جَمِيعاً، عَنِ اللّيْثِ بْنِ سَعْدٍ. ح وَحَدّثَنَاهُ أَبُو بَكْرِ بْنُ أَبِي شَيْبَةَ: حَدّثَنَا عَلِيّ بْنُ مُسْهِرٍ. ح وَحَدّثَنَا ابْنُ نُمَيْرٍ: حَدّثَنِي أَبِي، كِلاَهُمَا، عَنْ عُبَيْدِ اللّهِ. ح وَحَدّثَنِي أَبُو الرّبِيعِ وَأَبُو كَامِلٍ قَالاَ: حَدّثَنَا حَمّادٌ. ح وَحَدّثَنِي زُهَيْرُ بْنُ حَرْبٍ: حَدّثَنَا إِسْمَاعِيلُ (يَعْنِي ابْنَ عُلَيّةَ)، جَمِيعاً، عَنْ أَيّوبَ. ح وَحَدّثَنَا ابْنُ أَبِي عُمَرَ: حَدّثَنَا سُفْيَانُ، عَنْ إِسْمَاعِيلَ بْنِ أُمَيّةَ. ح وَحَدّثَنَا مُحَمّدُ بْنُ رَافِعٍ: حَدّثَنَا عَبْدُ الرّزّاقِ، عَنْ مَعْمَرٍ، عَنْ أَيّوبَ وَ ابْنُ جُرَيْجٍ، عَنْ مُوسَى، كُلّ هَـؤُلاَءِ، عَنْ نَافِعٍ، عَنِ ابْنِ عُمَرَ عَنِ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم نَحْوَ حَدِيثِ مَالِكٍ. غَيْرَ أَنّ فِي حَدِيثِهِمْ جَمِيعاً «فَيُنْتَثَل» إِلاّ اللّيْثَ بْنَ سَعْدٍ فَإِنّ فِي حَدِيثِهِ «فَيُنْتَقَلَ طَعَامُهُ» كَرِوَايَةِ مَالِكٍ.**

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھېچ بىر كىشى بىرەر كىشىنىڭ چارۋا — ماللىرىنى ئۇنىڭ ئىزنىسىز سېغىۋالمىسۇن، بىرىڭلار تامقى، ئىچملىكى بار قاچىسى كەلتۈرلۈپ، ئاندىن ئۇ سۇنۇپ كېتىپ، تامقىنىڭ تۆكۈلۈپ كېتىشىنى، يۆتكىلىپ كېتىشىنى ياخشى كۆرەمدۇ؟ ھەقىقەتەن ئۇلار ئۈچۈن چارۋا — ماللىرىنىڭ يېلىنلىرى، تامقىنى، سۈتلىرىنى ساقلاپ بېرىدۇ، شۇڭا بىر كىشى ھېچ كىشىنىڭ سېغىن ھايۋىنىنى ئۇنىڭ ئىزنىسىز سېغىۋالمىسۇن، رۇخسىتى بىلەن ساغسۇن. بەيھەقى،مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ماجە.

*788 – باب الضيافة ونحوها*

### زىياپەت ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش ئىشلار توغرىسىدا

**4468 – حدّثنا قُتَيْبَةُ بْنُ سَعِيدٍ: حَدّثنَا لَيْثٌ، عَنْ سَعِيدِ بْنِ أَبي سَعِيدٍ، عَنْ أَبي شُرَيْحٍ الْعَدَوِيّ أَنّهُ قَالَ: سَمِعَتْ أُذُنَايَ وَأَبْصَرَتْ عَيْنَايَ حِينَ تَكَلّمَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم فقَالَ: «مَنْ كَانَ يُؤْمِنُ بِاللّهِ وَالْيَوْمِ الآخِرِ، فَلْيُكْرِمْ ضَيْفَهُ جَائِزَتَهُ». قَالُوا: وَمَا جَائِزَتُهُ؟ يَا رَسُولَ اللّهِ قَالَ: «يَوْمُهُ وَلَيْلَتُهُ، وَالضّيَافَةُ ثَلاَثَةُ أَيّامٍ، فَمَا كَانَ وَرَاءَ ذٰلِكَ فَهُوَ صَدَقَةٌ عَلَيْهِ». وَقَالَ: «مَنْ كَانَ يُؤْمِنُ بِاللّهِ وَالْيَوْمِ الآخِرِ فَلْيَقُلْ خَيْراً أَوْ لِيَصْمُتْ».**

ئەبۇ شۇرەيھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى كۆزۈم بىلەن كۆرۈپ تۇرۇپ، قۇلۇقۇم بىلەن ئاڭلىغان: كىم ئاللاھقا، ئاخىرەت كۈنىگە شەكسىز ئىشەنگەن مۆئمىن بولسا، مېھمىنىنى ھۆرمەتلەپ، ياخشى كۈتسۇن، مېھمانىنىڭ ھەققى بىر كېچە — كۈندۈز كۈتۈلۈشتۇر، زىياپەت ئۈچ كۈن بولىدۇ، ئۈچ كۈندىن كېيىنكى قىلىنغان نەرسە سەدىقە بولىدۇ. (يەنى كىشىلەر سەدىقىدىن ئۆزىنى تارتىدۇ، يېيىشنى خالىمايدۇ). مېھمانىڭمۇ ئۇنى قوغلاپ چىقارغانغا قەدەر تۇرىۋېرىشى ھالال ئەمەس. (بىر كۈندىن كېيىن، ئېشىپ كەتسە، ئۈچ كۈندىن كېيىن كېتىدۇ). كىم ئاللاھقا، ئاخىرەت كۈنىگە ئىمان كەلتۈرگەن مۆئمىن بولسا، ياخشى سۆز قىلسۇن ياكى سۈكۈتتە جىم تۇرسۇن. ئەھمەد، بەيھەقى، بۇخارى،مۇسلىم،كېيىنكى تۆت كىتاپ.

**4469 – حدّثنا أَبُو كُرَيْبٍ مُحَمّدُ بْنُ الْعَلاَءِ: حَدّثنَا وَكِيعٌ: حَدّثنَا عَبْدُ الْحَمِيدِ بْنُ جَعْفَرٍ، عَنْ سَعِيدِ بْنِ أَبي سَعِيدٍ الْمَقْبُرِيّ، عَنْ أَبي شُرَيْحٍ الْخُزَاعِيّ قَالَ: قَالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: «الضّيَافَةُ ثَلاَثَةُ أَيّامٍ، وَجَائِزَتُهُ يَوْمٌ وَلَيْلَةٌ، وَلاَ يَحِلّ لِرَجُلٍ مُسْلِمٍ أَنْ يُقِيمَ عِنْدَ أَخِيهِ حَتّى يُؤْثِمَهُ». قَالُوا: يَا رَسُولَ اللّهِ وَكَيْفَ يُؤْثِمُهُ؟ قَالَ: «يُقِيمُ عِنْدَهُ، وَلاَ شَيْءَ لَهُ يَقْرِيهِ بِهِ».**

**4470 – وحدّثناه مُحَمّدُ بْنُ الْمُثَنّىَ: حَدّثنَا أَبُو بَكْرٍ (يَعْنِي الْحَنَفِيّ): حَدّثنَا عَبْدُ الْحَمِيدِ بْنُ جَعْفَرٍ: حَدّثنَا سَعِيدٌ الْمَقْبُرِيّ أَنّهُ سَمِعَ أَبَا شُرَيْحٍ الْخُزَاعِيّ يَقُولُ: سَمِعَتْ أُذُنَايَ وَبَصُرَ عَيْنِي وَوَعَاهُ قَلْبِي حِينَ تَكَلّمَ بِهِ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم. فَذَكَرَ بِمِثْلِ حَدِيثِ اللّيْثِ. وَذَكَرَ فِيهِ «وَلاَ يَحِلّ لأَحَدِكُمْ أَنْ يُقِيمَ عِنْدَ أَخِيهِ حَتّىَ يُوءثِمَهُ» بِمِثْلِ مَا فِي حَدِيثِ وَكِيعٍ.**

ئەبۇ شۇرەيھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: زىياپەت ئۈچ كۈن بولىدۇ، ئۈچ كۈندىن كېيىنكى قىلىنغان نەرسە سەدىقە بولىدۇ. (يەنى كىشىلەر سەدىقىدىن ئۆزىنى تارتىدۇ، يېيىشنى خالىمايدۇ. مېھمانىڭمۇ ئۇنى قوغلاپ چىقارغانغا قەدەر تۇرىۋېرىشى ھالال ئەمەس). مۇسۇلمان

كىشىنىڭمۇ، قېرىندىشىنىڭ ئۆيىدە ئۇنى گۇناھكار قىلىپ تۇرۇۋېرىشى ھالال ئەمەس. ئۇ قانداق قىلىپ گۇناھكار قىلىپ قويىدۇ؟ دېيىلدى. رەسۇلۇللاھ: ئۇ قېرىندىشىنىڭ ئۆيىدە تۇرۇۋېرىدۇ، قېرىندىشىنىڭ ئۆيىدە ئۇنى مېھمان قىلغىدەك ھېچ نەرسە بولمايدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇنى قوغلاپ چىقىرىپ گۇناھكار بولۇپ قالىدۇ دېدى.

**4471 ـ حدّثنا قُتَيْبَةُ بْنُ سَعِيدٍ: حَدّثَنَا لَيْثٌ. ح وحَدّثَنَا مُحَمّدُ بْنُ رُمْحٍ: أَخْبَرَنَا اللّيْثُ، عَنْ يَزِيدَ بْنِ أَبِي حَبِيبٍ، عَنْ أَبِي الْخَيْرِ، عَنْ عُقْبَةَ بْنِ عَامِرٍ أَنّهُ قَالَ: قُلْنَا: يَا رَسُولَ اللّهِ إِنّكَ تَبْعَثُنَا فَنَنْزِلُ بِقَوْمٍ فَلاَ يَقْرُونَنَا، فَمَا تَرَى؟ فَقَالَ لَنَا رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: «إِنْ نَزَلْتُمْ بِقَوْمٍ فَأَمَرُوا لَكُمْ بِمَا يَنْبَغِي لِلضّيْفِ، فَاقْبَلُوا، فَإِنْ لَمْ يَفْعَلُوا، فَخُذُوا مِنْهُمْ حَقّ الضّيْفِ الّذِي يَنْبَغِي لَهُمْ».**

ئۇقبەت ئىبنى ئامىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، مەن؛ ئى الله نىڭ ئەلچىسى! سىلى بىزنى دەۋەتكە ئەۋەتىلا، ئاندىن بىز بىرەر قەۋمنىڭ يۇرتىغا چۈشسەك ئۇلار بىزنى مېھمان قىلمايدۇ، ياخشى كۈتمەيدۇ، بىز بۇنداق ئەھۋال ئاستىدا قانداق قىلىمىز؟دېسەم، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىزگە مۇنداق دېگەن: ئەگەر بىرەر قەۋمنىڭ يۇرتىغا چۈشسەڭلار، ئۇلار سىلەر ئۈچۈن مېھمانغا، زىياپەتكە لايىق نەرسىگە بۇيرىسا، قوبۇل قىلىڭلار، ئەگەر ئۇنداق قىلمىسا، شۇلارغا لايىق بولغۇدەك مېھماندارچىلىقنىڭ زىياپەتنىڭ ھەققىنى ئېلىڭلار، (يەنى ئامال بولمىسا، رۇخسەتسىز يەۋېرىڭلار، چۈنكى، ئۇلارنىڭ مەجبۇرىيىتى باردۇر)، ئەھمەد، بەيھەقى، بۇخارى،مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ماجە

*789 ـ باب استحباب المؤاساة بفضول المال*

## سەپەردە سۇنىڭ ئاشقىنىنى ئورتاق ئىشلىتىش توغرىسىدا

4526 ـ حدّثنا زُهَيْرُ بْنُ حَرْبٍ: حَدّثَنَا عُمَرُ بْنُ يُونُسَ الْحَنَفِيّ: حَدّثَنَا عِكْرِمَةُ بْنُ عَمّارٍ: حَدّثَنِي إِيَاسُ بْنُ سَلَمَةَ: حَدّثَنِي أَبِي، سَلَمَةُ بْنُ الأَكْوَعِ قَالَ: غَزَوْنَا مَعَ رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم هَوَازِنَ، فَبَيْنَا نَحْنُ نَتَضَحّى مَعَ رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم إِذْ جَاءَ رَجُلٌ عَلَى جَمَلٍ أَحْمَرَ، فَأَنَاخَهُ، ثُمّ انْتَزَعَ طَلَقاً مِنْ حَقَبِهِ فَقَيّدَ بِهِ الْجَمَلَ، ثُمّ تَقَدّمَ يَتَغَدّى مَعَ الْقَوْمِ، وَجَعَلَ يَنْظُرُ، وَفِينَا ضَعْفَةٌ وَرِقّةٌ فِي الظّهْرِ، وَبَعْضُنَا مُشَاةٌ، إِذْ خَرَجَ يَشْتَدّ، فَأَتَى جَمَلَهُ فَأَطْلَقَ قَيْدَهُ، ثُمّ أَنَاخَهُ وَقَعَدَ عَلَيْهِ، فَأَثَارَهُ، فَاشْتَدّ بِهِ الْجَمَلُ، فَاتّبَعَهُ رَجُلٌ عَلَى نَاقَةٍ وَرْقَاءَ. قَالَ سَلَمَةُ: وَخَرَجْتُ أَشْتَدّ، فَكُنْتُ عِنْدَ وَرِكِ النّاقَةِ، ثُمّ تَقَدّمْتُ، حَتّى كُنْتُ عِنْدَ وَرِكِ الْجَمَلِ، ثُمّ تَقَدّمْتُ حَتّى أَخَذْتُ بِخِطَامِ الْجَمَلِ فَأَنَخْتُهُ، فَلَمّا وَضَعَ رُكْبَتَهُ فِي الأَرْضِ اخْتَرَطْتُ سَيْفِي فَضَرَبْتُ رَأْسَ الرّجُلِ، فَنَدَرَ، ثُمّ جِئْتُ بِالْجَمَلِ أَقُودُهُ، عَلَيْهِ رَحْلُهُ وَسِلاَحُهُ، فَاسْتَقْبَلَنِي رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم وَالنّاسُ مَعَهُ. فَقَالَ: «مَنْ قَتَلَ الرّجُلَ؟» قَالُوا: ابْنُ الأَكْوَعِ. قَالَ: «لَهُ سَلَبُهُ أَجْمَعُ».

سەلەمەت ئىبنى ئەكۋە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، بىز رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن بىللە ھەۋازىن قەبىلىسىگە قارشى غازات قىلدۇق، بىر چاغدا بىز رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن بىللە ئۇلارغىلىرىمىزنى ئوتلاققا قويۇۋېتىپ، غىزالىنىۋاتساق، تۇيۇقسىز بىر كىشى قىزىل تۆگىگە مىنىپ كىلىپ، تۆگىسىنى چۆكىلاندۇرۇپ ياتقۇزۇپ، ئۇياق ـ بۇياققا قاراشقا باشلىدى،ـ مىنىدىغان ئۇلاغ بەكلا ئاز بولغاچقا ئارىمىزدا

ھېرىپ ـ چارچاپ كەتكەن ئاجىز كىشىلەر بار ئىدى، بەزىللىرىمىز پىيادە ئىدى، تۇيۇقسىز ھېلىقى كىشى ئالدىراپ چىقىپ، تۆگىسىنى ئورنىدىن قوزغاپ، ناھايىتى تېز قاچتى، مەنمۇ تېزلا ئۇنىڭغا يېتىشىۋېلىپ، تۆگىنىڭ نوختىسىدىن تۇتۇپ ئۇنى ياتقۇزدۇم ــ دە! قىلىچىمنى سۇغۇرۇپ، ئۇكىشىنىڭ بېشىغا ئۇردۇم، ئاندىن تۆگىنى يېتىلەپ كەلدىم، ئۇنىڭ جابدۇقلىرى،ماتالىرى، قۇراللىرى تۆگىنىڭ ئۈستىدە ئىدى، ماڭا كىشىلەر بىلەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇچراپ؛ بۇكىشىنى كىم ئۆلتۈردى؟دېدى، ئۇلار؛ سەلەمەت ئىبنى ئەكۋە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۆلتۈردى دېدى، رەسۇلۇللاھ: ئۇنىڭ يېنىدىكى كىيىم ـ كېچەك، بارلىق نەرسىللىرىنىڭ ھەممىسى سەلەمەتنىڭ بولىدۇ دېدى. بۇخارى،مۇسلىم توپلىغان.

### 804 ـ باب التنفيل وفداء المسلمين بالأسارى

### مۇسۇلمان ئەسىرلەرنى قۇتقۇزۇش

4527 ـ حدّثنا زُهَيْرُ بْنُ حَرْبٍ: حَدّثنَا عُمَرُ بْنُ يُونُسَ: حَدّثنَا عِكْرِمَةُ بْنُ عَمّارٍ: حَدّثنِي إِيَاسُ بْنُ سَلَمَةَ: حَدّثنِي أَبِي قَالَ: غَزَوْنَا فَزَارَةَ وَعَلَيْنَا أَبُو بَكْرٍ أَمّرَهُ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم عَلَيْنَا، فَلَمّا كَانَ بَيْنَنَا وَبَيْنَ الْمَاءِ سَاعَةً، أَمرَنَا أَبُو بَكْرٍ فَعرّسْنَا. ثُمّ شَنّ الْغَارَةَ، فَوَرَدَ الْمَاءَ فَقَتَلَ مَنْ قَتَلَ عَلَيْهِ، وَسَبَى، وَأَنْظُرُ إِلَى عُنُقٍ مِنَ النّاسِ. فِيهِمُ الذّرَارِيّ. فَخَشِيتُ أَنْ يَسْبِقُونِي إِلَى الْجَبَلِ، فَرَمَيْتُ بِسَهْمٍ بَيْنَهُمْ وَبَيْنَ الْجَبَلِ. فَلَمّا رَأَوُا السّهْمَ وَقَفُوا. فَجِئْتُ بِهِمْ أَسُوقُهُمْ، وَفِيهِمُ امْرَأَةٌ مِنْ بَنِي فَزَارَةَ. عَلَيْهَا قَشْعٌ مِنْ أَدَمٍ. (قَالَ: الْقَشْعُ النّطعُ) مَعَهَا ابْنَةٌ لَهَا مِنْ أَحْسَنِ الْعَرَبِ. فَسُقْتُهُمْ حَتّى أَتَيْتُ بِهِمْ أَبَا بَكْرٍ. فَنَفّلَنِي أَبُو بَكْرٍ ابْنَتَهَا، فَقَدِمْنَا الْمَدِينَةَ وَمَا كَشَفْتُ لَهَا ثَوْباً، فَلَقِيَنِي رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم فِي السّوقِ. فَقَالَ: «يَا سَلَمَةُ هَبْ لِي الْمَرْأَةَ». فَقُلْتُ: يَا رَسُولَ اللّهِ وَاللّهِ لَقَدْ أَعْجَبَتْنِي، وَمَا كَشَفْتُ لَهَا ثَوْباً. ثُمّ لَقِيَنِي رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم مِنَ الْغَدِ فِي السّوقِ. فَقَالَ لِي: «يَا سَلَمَةُ هَبْ لِي الْمَرْأَةَ، لِلّهِ أَبُوكَ» فَقُلْتُ: هِيَ لَكَ، يَا رَسُولَ اللّهِ فَوَاللّهِ مَا كَشَفْتُ لَهَا ثَوْباً، فَبَعَثَ بِهَا رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم إِلَى أَهْلِ مَكّةَ. فَفَدَى بِهَا نَاساً مِنَ الْمُسْلِمِينَ، كَانُوا أُسِرُوا بِمَكّةَ.

سەلەمەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ بىز رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ زامانىسىدا ئەبۇبەكرى بىلەن بىللە ئۇنىڭ باشچىلىقىدا ھەۋازىن قەبىلىسىگە قارشى ئۇرۇش قىلدۇق، بىز بەنى پەزارەتنىڭ سۈيى بار يېرىگە چۈشۈپ كەچ قىلدۇق، تاڭ يورىغاندا ئۇلارغا تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىپ غەلبە قىلدۇق، ماڭا پەزارەت جەمەتىدىن ئەرەپلەرنىڭ ئەڭ گۈزەلرەكى بولغان بىرقىزنى نىسۋەمدىن ئارتۇق بەردى، ئۇنىڭ ئۈستىدە يەنەبىردە ئانىسىنىڭ ئۈستىدە ئۆزىنىڭ كونا جۇۋىسى بارئىكەن، مەن مەدىنىگە كەلگىچە ئۇنىڭ كىيىمىنى ئېچىپ باقمىدىم(يەنى ئۇنىڭ بىلەن يېقىنچىلىق قىلمىدىم) رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ماڭا بازاردا ئۇچراپ قېلىپ؛ الله نىڭ نامى بىلەن سورسام، ئۇقىزنى ماڭا بەرگەن بولساڭ دېدى، مەن ئۇقىزنى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە ئۇچۇنجى قېتىم سورىغاندا بەردىم، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنى مەككە ئەھلىگە پىديە بېرىپ، مەككىدە ئەسىر ئېلىنغان مۇسۇلمان ئەسىرلەرنى قۇتقازدى.

## 805 - باب حكم الفيء

## ئۇرۇشسىز ئېلىنغان غەنىيمەت توغرىسىدا

4528 ـ حدّثنا أحْمَدُ بْنُ حَنْبَلٍ وَ مُحَمّدُ بْنُ رَافِعٍ، قالاَ: حَدّثنَا عَبْدُ الرّزّاقِ: أَخْبَرَنَا مَعْمَرٌ، عَنْ هَمّامِ بْنِ مُنَبّهٍ قالَ: هَذَا مَا حَدّثنَا أَبُو هُرَيْرَةَ، عَنْ رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم فَذَكَرَ أَحَادِيثَ مِنْهَا: وَقالَ: قال رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم «أَيّمَا قَرْيَةٍ أَتَيْتُمُوهَا، وَأَقَمْتُمْ فِيهَا، فَسَهْمُكُمْ فِيهَا، وَأَيّمَا قَرْيَةٍ عَصَتِ اللّهَ وَرَسُولَهُ، فَإِنّ خُمُسَهَا للّهِ وَلِرَسُولِهِ، ثُمّ هِيَ لَكُمْ».

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: قايسى بىر شەھەرگە باستۇرۇپ كىرسەڭلار، ئۇ جايدا مۇقىم تۇرالساڭلار، (يەنى، قۇرال كۈچى ئىشلەتمەي، ئىشغال قىلساڭلار) سىلەرنىڭ نىسۋە، ئۈلۈشىڭلار شۇ شەھەردە بولىدۇ، (يەنى بۇ فىيئى مال ئۇلجا قاتارىدا تەقسىم قىلىنىدۇ) قايسى بىر شەھەر ئەھلى ئاللاھقا ۋە ئۇنىڭ ئەلچىسىگە ئاسيلىق قىلسا، قۇرال كۈچى بىلەن ئىشغال قىلساڭلار، ھەقىقەتەن ئۇ غەنىيمەتلەرنىڭ 1/5 ى ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ ئەلچىسىنىڭ بولىدۇ، قالغان تۆت ھەسسىسىنى سىلەر ئۈلىشىسىلەر. ئەھمەد، مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ.

4529 ـ حدّثنا قُتَيْبَةُ بْنُ سَعِيدٍ، وَ مُحَمّدُ بْنُ عَبّادٍ، وَأَبُو بَكْرِ بْنُ أَبِي شَيْبَةَ، وَ إِسْحَقُ بْنُ إِبْرَاهِيمَ (وَاللّفْظُ لاِبْنِ أَبِي شَيْبَةَ) (قَالَ إِسْحَقُ: أَخْبَرَنَا. وَقالَ الآخَرُونَ: حَدّثنَا سُفْيَانُ) عَنْ عَمْرٍو، عَنِ الزّهْرِيّ، عَنْ مَالِكِ بْنِ أَوْسٍ، عَنْ عُمَرَ قالَ: كَانَتْ أَمْوَالُ بَنِي النّضِيرِ مِمّا أَفَاءَ اللّهِ عَلَى رَسُولِهِ، مِمّا لَمْ يُوجِفْ عَلَيْهِ الْمُسْلِمُونَ بِخَيْلٍ وَلاَ رِكَابٍ. فَكَانَتْ لِلنّبِيّ صلى الله عليه وسلم خَاصّةً، فَكَانَ يُنْفِقُ عَلَى أَهْلِهِ نَفَقَةَ سَنَةٍ، وَمَا بَقِيَ يَجْعَلُهُ فِي الْكُرَاعِ وَالسّلاَحِ، عُدّةً فِي سَبِيلِ اللّهِ.
4530 ـ حدّثنا يَحْيَى بْنُ يَحْيَى، قالَ: أَخْبَرَنَا سُفْيَانُ بْنُ عُيَيْنَةَ، عَنْ مَعْمَرٍ، عَنِ الزّهْرِيّ بِهَذَا الإِسْنَادِ.

ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ بەنى نەزىرنىڭ ماللىرى، الله ئۆز پەيغەمبىرىگە خاس ئاتا قىلىپ بەرگەن، مۇسۇلمانلار ئات ـ تۆگە چاپتۇرماي، ئۇرۇش قىلمايلا قولغاكەلتۈرگەن ئولجا مىلىدىن ئىدى، بۇ غەنىيمەت رەسۇلۇللاھقىلا خاس بولۇپ، رەسۇللاھ مۇشۇ مالدىن ئەھلىنىڭ بىر يىللىق نەپىقىسىنى بەرگەن ئىدى، ئاندىن ئېشىپ قالغىنىنى ئېلىپ، الله نىڭ مىلى يەنى بەيتۇلمال سەرىپ قىلىنىدىغان جايلارغا،الله يولىدا ئۇرۇشنىڭ تەييارلىقىنى قىلىپ، قۇرال،ئات ـ تۆگە سېتىۋېلىشقا چىقىم قىلدى. بۇخارى،مۇسلىم توپلىغان.

4531 ـ وحدّثني عَبْدُ اللّهِ بْنُ مُحَمّدِ بْنِ أَسْمَاءَ الضّبَعِيّ: حَدّثنَا جُوَيْرِيَةُ، عَنْ مَالِكٍ، عَنِ الزّهْرِيّأَنّ مَالِكَ بْنَ أَوْسٍ حَدّثَهُ. قَالَ: أَرْسَلَ إِلَيّ عُمَرُ بْنُ الْخَطّابِ، فَجِئْتُهُ حِينَ تَعَالَى النّهَارُ. قالَ: فَوَجَدْتُهُ فِي بَيْتِهِ جَالِساً عَلَى سَرِيرٍ، مُفْضِياً إِلَى رِمَالِهِ مُتّكِئاً عَلَى وِسَادَةٍ مِنْ أَدَمٍ. فَقَالَ لِي: يَا مَالُ! إِنّهُ قَدْ دَفّ أَهْلُ أَبْيَاتٍ مِنْ قَوْمِكَ، وَقَدْ أَمَرْتُ فِيهِمْ بِرَضْخٍ، فَخُذْهُ فَاقْسِمْهُ بَيْنَهُمْ. قالَ: قُلْتُ: لَوْ أَمَرْتَ بِهَذَا غَيْرِي؟ قالَ: خُذْهُ. يَا مَالُ! قالَ: فَجَاءَ يَرْفَا. فَقَالَ: هَلْ لَكَ، يَا أَمِيرَ الْمُؤْمِنِينَ! فِي عُثْمَانَ وَعَبْدِ الرّحْمَنِ بْنِ عَوْفٍ وَالزّبَيْرِ وَسَعْدٍ؟ فَقَالَ عُمَرُ: نَعَمْ. فَأَذِنَ لَهُمْ، فَدَخَلُوا. ثُمّ جَاءَ فَقَالَ: هَلْ لَكَ فِي عَبّاسٍ وَعَلِيّ؟ قالَ: نَعَمْ. فَأَذِنَ لَهُمَا. فَقَالَ عَبّاسٌ: يَا أَمِيرَ الْمُؤْمِنِينَ! اقْضِ بَيْنِي وَبَيْنَ هَذَا الْكَاذِبِ الآثِمِ الْغَادِرِ الْخَائِنِ. فَقَالَ الْقَوْمُ: أَجَلْ. يَا أَمِيرَ الْمُؤْمِنِينَ فَاقْضِ بَيْنَهُمْ وَأَرِحْهُمْ. (فَقَالَ مَالِكُ بْنُ أَوْسٍ: يُخَيّلُ إِلَيّ أَنّهُمْ قَدْ كَانُوا قَدّمُوهُمْ لِذَلِكَ) فَقَالَ عُمَرُ: اتّئِدَا، أَنْشُدُكُمْ بِاللّهِ الّذِي بِإِذْنِهِ تَقُومُ السّمَاءُ وَالأَرْضُ أَتَعْلَمُونَ أَنّ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم قالَ: «لاَ نُورَثُ، مَا تَرَكْنَا صَدَقَةٌ» قَالُوا: نَعَمْ. ثُمّ أَقْبَلَ عَلَى الْعَبّاسِ وَعَلِيّ فَقَالَ: أَنْشُدُكُمَا بِاللّهِ الّذِي بِإِذْنِهِ تَقُومُ السّمَاءُ وَالأَرْضُ أَتَعْلَمَانِ أَنّ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم قالَ: «لاَ نُورَثُ، مَا تَرَكْنَاهُ صَدَقَةٌ» قَالاَ: نَعَمْ. فَقَالَ عُمَرُ: إِنّ اللّهِ جَلّ وَعَزّ كَانَ خَصّ رَسُولَهُ صلى الله عليه وسلم بِخَاصّةٍ لَمْ يُخَصّصْ بِهَا أَحَداً غَيْرَهُ. قالَ: {مَا أَفَاءَ اللّهُ عَلَى رَسُولِهِ مِنْ أَهْلِ الْقُرَى فَلِلّهِ وَلِلرّسُولِ} (59الحشر الآية: 7) (مَا أَدْرِي هَلْ قَرَأَ الآيَةَ الّتِي قَبْلَهَا أَمْ لاَ) قالَ: فَقَسَمَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم بَيْنَكُمْ أَمْوَالَ بَنِي النّضِيرِ، فَوَاللّهِ مَا اسْتَأْثَرَ عَلَيْكُمْ، وَلاَ أَخَذَهَا دُونَكُمْ، حَتّى بَقِيَ هَذَا الْمَالُ، فَكَانَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم يَأْخُذُ مِنْهُ نَفَقَةَ

سَنَةٍ، ثُمّ يَجْعَلُ مَا بَقِيَ أُسْوَةَ الْمَالِ. ثُمّ قَالَ: أَنْشُدُكُمْ بِاللّهِ الّذِي بِإِذْنِهِ تَقُومُ السّمَاءُ وَالأَرْضُ أَتَعْلَمُونَ ذٰلِكَ؟ قَالُوا: نَعَمْ. ثُمّ نَشَدَ عَبّاساً وَعَلِيّاً بِمِثْلِ مَا نَشَدَ بِهِ الْقَوْمَ: أَتَعْلَمَانِ ذٰلِكَ؟ قَالاَ: نَعَمْ. قَالَ: فَلَمّا تُوُفّيَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم قَالَ أَبُو بَكْرٍ: أَنَا وَلِيّ رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم فَجِئْتُمَا، تَطْلُبُ مِيرَاثَكَ مِنَ ابْنِ أَخِيكَ، وَيَطْلُبُ هٰذَا مِيرَاثَ امْرَأَتِهِ مِنْ أَبِيهَا. فَقَالَ أَبُو بَكْرٍ: قَالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: «مَا نُورَثُ، مَا تَرَكْنَا صَدَقَةٌ» فَرَأَيْتُمَاهُ كَاذِباً آثِماً غَادِراً خَائِناً، وَاللّهُ يَعْلَمُ إِنّهُ لَصَادِقٌ بَارّ رَاشِدٌ تَابِعٌ لِلْحَقّ، ثُمّ تُوُفّيَ أَبُو بَكْرٍ، وَأَنَا وَلِيّ رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم وَوَلِيّ أَبِي بَكْرٍ. فَرَأَيْتُمَانِي كَاذِباً آثِماً غَادِراً خَائِناً، وَاللّهُ يَعْلَمُ إِنّي لَصَادِقٌ بَارّ رَاشِدٌ تَابِعٌ لِلْحَقّ، فَوَلِيتُهَا. ثُمّ جِئْتَنِي أَنْتَ وَهٰذَا، وَأَنْتُمَا جَمِيعٌ، وَأَمْرُكُمَا وَاحِدٌ. فَقُلْتُمَا: ادْفَعْهَا إِلَيْنَا. فَقُلْتُ: إِنْ شِئْتُمْ دَفَعْتُهَا إِلَيْكُمَا عَلَى أَنّ عَلَيْكُمَا عَهْدَ اللّهِ أَنْ تَعْمَلاَ فِيهَا بِالّذِي كَانَ يَعْمَلُ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم فَأَخَذْتُمَاهَا بِذٰلِكَ. قَالَ: أَكَذٰلِكَ؟ قَالاَ: نَعَمْ. قَالَ: ثُمّ جِئْتُمَانِي لأَقْضِيَ بَيْنَكُمَا. وَلاَ، وَاللّهِ لاَ أَقْضِي بَيْنَكُمَا بِغَيْرِ ذٰلِكَ حَتّى تَقُومَ السّاعَةُ، فَإِنْ عَجَزْتُمَا عَنْهَا فَرُدّاهَا إِلَيّ.

4532 ـ حدّثنا إِسْحَقُ بْنُ إِبْرَاهِيمَ وَ مُحَمّدُ بْنُ رَافِعٍ وَ عَبْدُ بْنُ حُمَيْدٍ (قَالَ ابْنُ رَافِعٍ: حَدّثَنَا. وَقَالَ الآخَرَانِ: أَخْبَرَنَا عَبْدُ الرّزّاقِ). أَخْبَرَنَا مَعْمَرٌ، عَنِ الزّهْرِيّ، عَنْ مَالِكِ بْنِ أَوْسِ بْنِ الْحَدَثَانِ قَالَ: أَرْسَلَ إِلَيّ عُمَرُ بْنُ الْخَطّابِ. فَقَالَ: إِنّهُ قَدْ حَضَرَ أَهْلُ أَبْيَاتٍ مِنْ قَوْمِكَ. بِنَحْوِ حَدِيثِ مَالِكٍ. غَيْرَ أَنّ فِيهِ: فَكَانَ يُنْفِقُ عَلَى أَهْلِهِ مِنْهُ سَنَةً. وَرُبّمَا قَالَ مَعْمَرٌ: يَحْبِسُ قُوتَ أَهْلِهِ مِنْهُ سَنَةً، ثُمّ يَجْعَلُ مَا بَقِيَ مِنْهُ مَجْعَلَ مَالِ اللّهِ عَزّ وَجَلّ.

مالىك ئىبنى ئەۋس مۇنداق دەيدۇ:ماڭا ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇكىشى ئەۋەتىپتۇ، مەن كۈن خېلى ئېگىز كۆتۈرۈلگەندە كەلسەم، ئۇ ئۆيدە كارىۋىتى ئۈستىدە تېرىدىن بولغان ياستۇققا يۆلىنىپ، ئاستىغا ھېچ نەرسە سالمايلا ئولتۇرۇپتۇ، ئۇماڭا: ئى مالىك!قەۋمىڭنىڭ ئەھلى بەيتلىرى مۇھتاجلىقتىن ئالدىرىشىپ كەپتۇ، مەن ئۇلارغا ئازراق نەرسە بېرىشكە بۇيرۇدۇم، ئۇنى سەن ئېلىپ ئۇلارنىڭ ئارىسىغا تەقسىم قىلىپ بەرگىن دېدى، مەن ئۇنىڭغا: بۇئىشقا مەندىن باشقىلارنى بۇيرىغان بولسىلا دېسەم، ئۇ ئى مالىك بۇئىشنى سەن قىلىۋەرگىن دېدى، ئاندىن ئۇنىڭ ئىشىك باقار خاس ھاجىبى يەرپەئ كىلىپ:ئى مۆئمىنلەرنىڭ ئەمىرى!ئوسمان، ئابدۇررەھمان، زۇبەير، سەئدلەر كىرىشكە ئىزنى سوراۋاتىدۇ، ئۇلار كىرسە بولامدۇ؟دېدى، ئۇ بولىدۇ دېدى، ئۇلار كىردى، ئاندىن ئاббاس بىلەن ئەلىيمۇ ئۇنىڭ ئىزنى بىلەن كىردى، ئاббاس:ئى مۆئمىنلەرنىڭ ئەمىرى!مەن بىلەن بۇكاززاپنىڭ ئارىسىدا ئادىل ھۆكۈم قىلىپ قويسىلا دېدى،(يەنى ئەلىنى دېمەكچى) كىشىلەرمۇ:شۇنداق قىلسىلا، بۇلارنى ياراشتۇرۇپ قويسىلا دېدى، ئاندىن ئۆمەرئۇلارغا:سەۋرە قىلىپ چىداپ، ئالدىرىماي تۇرۇڭلار، ئى قەۋم!مەن سىلەردىن ئاسمان ـ زېمىن ئۆزىنىڭ ئىزنى بىلەن بەرپا بولۇپ مۇقىم تۇرىدىغان **الله** نىڭ نامى بىلەن سورايكى، سىلەر رەسۇلۇل**الله** نىڭ« بىز مىراس قالدۇرمايمىز، ۋارىس قىلىنمايمىز، بىز پەيغەمبەرلەر قالدۇرغان نەرسە سەدىقىدۇر »دېگەنلىكىنى بىلەمسىلەر؟ دېدى، ئۇلار ھەئە بىلىمىز دېدى، ئاندىن ئەلى بىلەن ئابباسقا ئالدىنى قىلىپ ئۇلاردىنمۇ شۇنداق سوراپتى ئۇلارمۇ ھەئە بىزمۇ شۇنداق دېگىنىنى بىلىمىز دېدى، ئاندىن ئۇ:ھەققەتەن **الله** تائالا ئۆز ئەلچىسى رەسۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە ئۇرۇشسىز ئېلىنغان مۇشۇ غەنىيمەتتىن ھېچ بىر كىشىگە بەرمىگەننى خاس ئاتا قىلىپ بەردى دەپ؛ « **الله** پەيغەمبىرىگە ئۇلاردىن يەنى (بەنى نەزىرنىڭ ماللىرىدىن) قايتۇرغان غەنىيمەتلەرنى سىلەر ئات ـ تۆگىلەرنى چاپتۇرۇپ (يەنى ئەجىر قىلىپ، جاپا ـ مۇشەققەت

تارتىپ) قولغا كەلتۈرگەن ئەمەس، لېكىن الله پەيغەمبەرلىرىنى خالىغان ئادەمگە مۇسەللەت قىلىدۇ، الله ھەر نەرسىگە قادىردۇر.»دىگەن سۈرە ھەشر 6 ـ ئايەتنى ئوقۇدى، ئاندىن ئۇ: رەسۇلۇلالله بەنى نەزىرلەرنىڭ ماللىرىنى ئۆزى ئەلىۋالماستىن، سىلەرنىڭ ئۈستىڭلارغا بىرەر كىشىنى ئۈستۈن بىلمەستىن سىلەرگە تەقسىم قىلىپ بەردى، ئاندىن بۇماللار قېلىپ قالدى، بۇ غەنىيمەت رەسۇللاھقىلا خاس بولۇپ، رەسۇللاھ مۇشۇ مالدىن ئەھلىنىڭ بىر يىللىق نەپىقىسىنى بەرگەن ئىدى، ئاندىن ئېشىپ قالغىنىنى ئېلىپ، الله نىڭ مېلى يەنى بەيتۇلمال سەرىپ قىلىنىدىغان جايلارغا سەرىپ ئەتتى. ئى قەۋم!مەن سىلەردىن ئاسمان ـ زىمىن ئۆزىنىڭ ئىزنى بىلەن بەرپا بولۇپ مۇقۇم تۇرىدىغان الله نىڭ نامى بىلەن سورايكى، سىلەر شۇنى بىلەمسىلەر دېدى ئۇلار ھەئە بىلىمىز دېدى، ئاندىن ئەلى بىلەن ئابباسقا ئالدىنى قىلىپ ئۇلاردىنمۇ شۇنداق سوراپتى ئۇلارمۇ ھەئە بىزمۇ بىلىمىز دېدى، ئاندىن ئۇ: ئاندىن رەسۇلۇلالله ۋاپات تاپتى، ئاندىن كىيىن ئەبۇبەكرى سىلەرگە: مەن رەسۇلۇلالله نىڭ ئىشلىرىغا ئىگە بولىمەن، بىرىڭلار قېرىندىشىنىڭ بالىسىنىڭ مىراسىنى تەلەپ قىلىپ كەلسە، يەنەبىرىڭلار ئايالىنىڭ دادىسىن قالغان مىراسىنى تەلەپ قىلىپ كىلىپسىلەر، (يەنى ئۇلار ئەلى بىلەن ئابباس ئىدى) رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: بىز مىراس قالدۇرمايمىز، ۋارىس قىلىنمايمىز، بىز پەيغەمبەرلەر قالدۇرغان نەرسە سەدىقىدۇر دىگەن، دېدى. سىلەرئەبۇبەكرىنى يالغانچى كاززاپ، گۇناھكار خائىن دەپ قەرامسىلەر؟ ئۇنىڭ ھەق يولغا ئەگەشكۈچى، توغرا يولدا ماڭغۇچى، ياخشىلىق قىلغۇچى، سەمىيمى سادىق كىشى ئىكەنلىكىنى الله ئوبدان بىلىدۇ. ئاندىن ئەبۇبەكرىمۇ ۋاپات بولدى، مەن ئۇئىككەيلەننىڭ ئىشىغا ئىگە بولدۇم، سىلەرمىنى يالغانچى كاززاپ، گۇناھكار خائىن دەپ قەرامسىلەر؟ مىنىڭ ھەق يولغا ئەگەشكۈچى، توغرا يولدا ماڭغۇچى، ياخشىلىق قىلغۇچى، سەمىيمى سادىق كىشى ئىكەنلىكىمنى الله ئوبدان بىلىدۇ. بۇئىشقا مەن ئىگە بولدۇم، ئاندىن سىلەر ئىككىڭلار بىرنىيەت، بىرمەقسەتتە كىلىپ؛ بۇماللارنى بىزگە بەرگىن دېدىڭلار، ئاندىن مەن سىلەرگە ئۇماللارنى الله نىڭ ئەھدىسىنى ئېلىپ، سىلەر بۇنىڭدا رەسۇلۇلالله قىلغاندەكلا قىلىڭلار دەپ شەرت قويۇپ بەردىم، سىلەر ئۇنى شۇشەرت بىلەن ئالدىڭلار، شۇنداق ئەمەسما؟ دېدى، ئۇلار ئەلۋەتتە شۇنداق دېدى، ئاندىن ئۆمەر: ئاندىن كىيىن سىلەر يەنەقېشىمغا ھۆكۈم قىلىپ قويۇۇشۇم ئۈچۈن كەپسىلەر، الله بىلەن قەسەمكى، قىيامەت قايىم بولغانغا قەدەر مەن سىلەرنىڭ ئاراڭلاردا بۇنىڭدىن باشقا ھۆكۈم قىلمايمەن، ئەگەر ئۇنى باشقۇرۇشتىن ئاجىز كەلسەڭلار، ئۇنى ماڭاقايتۇرۇپ بېرىڭلار دېدى.بۇخارى،مۇسلىم.

## 806 ـ باب قول النبيّ صلى الله عليه وسلم «لا نورث ما تركنا فهو صدقة»

4533 ـ حدّثنا يَحْيَى بْنُ يَحْيَى. قالَ: قَرَأْتُ عَلَى مَالِكٍ عَنِ ابْنِ شِهَابٍ، عَنْ عُرْوَةَ، عَنْ عَائِشَةَ أَنّهَا قالَتْ: إنّ أَزْوَاجَ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم، حِينَ تُوُفّيَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم، أَرَدْنَ أَنْ يَبْعَثْنَ عُثْمَانَ بْنَ عَفّانَ إِلَى أَبِي بَكْرٍ، فَيَسْأَلْنَهُ مِيرَاثَهُنّ مِنَ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم. قالَتْ عَائِشَةُ لَهُنّ: أَلَيْسَ قَدْ قالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: «لاَ نُورَثُ، مَا تَرَكْنَا فَهُوَ صَدَقَةٌ؟».

ئۆمەر، سەئىد، تەلھە، زۇبەير، ئابدۇرەھمان،ئەبۇبەكرى، ئائىشە، ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇلاردىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: بىز مىراس قالدۇرمايمىز، ۋارىس قىلىنمايمىز، بىز پەيغەمبەرلەر قالدۇرغان نەرسە سەدىقىدۇر. بۇھەدىسنى رەسۇلۇالله نىڭ ئاياللىرى ئەبۇبەكرىدىن مىراس سىپرغاندا دىگەندۇر.

ئەھمەد، بەيھەقى،بۇخارى، مۇسلىم، ئۈچ كىتاب توپلىغان، سەھىھ. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: بىز مىراس قالدۇرمايمىز، ۋارىسمۇ قىلىنمايمىز، بىز قالدۇرغان نەرسىلەر سەدىقە ــ ئېھساندۇر، ھەقىقەتەن بۇ مال، مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئائىلىسى، ئۇلارنىڭ خىزمەتچى خادىملىرى، مېھمانلىرى ئۈچۈندۇر، مەن ئۆلۈپ كەتسەم ئۇ ماللار مەندىن كىيىنكى ئىشقا ئىگە بولغان خەلىپىگە مەنسۇپ بولىدۇ. ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ.

4534 ـ حدّثني مُحَمّدُ بْنُ رَافِعٍ: أَخْبَرَنَا حُجَيْنٌ: حَدّثَنَا لَيْثٌ، عَنْ عُقَيْلٍ، عَنِ ابْنِ شِهَابٍ، عَنْ عُرْوَةَ بْنِ الزّبَيْرِ، عَنْ عَائِشَةَ أَنّهَا أَخْبَرَتْهُ أَنّ فاطِمَةَ بِنْتَ رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم أَرْسَلَتْ إِلَى أَبِي بَكْرٍ الصّدّيق تَسْأَلُهُ مِيرَاثَهَا مِنْ رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم. مِمّا أَفَاءَ اللّهُ عَلَيْهِ بِالْمَدِينَةِ وَفَدَكٍ، وَمَا بَقِيَ مِنْ خُمُسِ خَيْبَرَ، فَقَالَ أَبُو بَكْرٍ: إِنّ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم قَالَ: «لاَ نُورَثُ، مَا تَرَكْنَا صَدَقَةٌ، إِنّمَا يَأْكُلُ آلُ مُحَمّدٍ صلى الله عليه وسلم فِي هَذَا الْمَالِ». وَإِنّي، وَاللّهِ لاَ أُغَيّرُ شَيْئاً مِنْ صَدَقَةِ رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم، عَنْ حَالِهَا الّتِي كَانَتْ عَلَيْهَا، فِي عَهْدِ رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم، وَلأَعْمَلَنّ فِيهَا، بِمَا عَمِلَ بِهِ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم، فَأَبَى أَبُو بَكْرٍ أَنْ يَدْفَعَ إِلَى فَاطِمَةَ شَيْئاً، فَوَجَدَتْ فَاطِمَةُ عَلَى أَبِي بَكْرٍ فِي ذَلِكَ. قَالَ: فَهَجَرَتْهُ. فَلَمْ تُكَلّمْهُ حَتّى تُوُفّيَتْ، وَعَاشَتْ بَعْدَ رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم سِتّةَ أَشْهُرٍ. فَلَمّا تُوُفّيَتْ دَفَنَهَا زَوْجُهَا عَلِيّ بْنُ أَبِي طَالِبٍ لَيْلاً، وَلَمْ يُؤْذِنْ بِهَا أَبَا بَكْرٍ، وَصَلّى عَلَيْهَا عَلِيّ، وَكَانَ لِعَلِيَ مِنَ النّاسِ وِجْهَةٌ، حَيَاةَ فَاطِمَةَ. فَلَمّا تُوُفّيَتِ اسْتَنْكَرَ عَلِيّ وُجُوهَ النّاسِ، فَالْتَمَسَ مُصَالَحَةَ أَبِي بَكْرٍ وَمُبَايَعَتَهُ. وَلَمْ يَكُنْ بَايَعَ تِلْكَ الأَشْهُرَ. فَأَرْسَلَ إِلَى أَبِي بَكْرٍ: أَنِ ائْتِنَا، وَلاَ يَأْتِنَا مَعَكَ أَحَدٌ (كَرَاهِيَةَ مَحْضَرِ عُمَرَ بْنِ الْخَطّابِ) فَقَالَ عُمَرُ، لأَبِي بَكْرٍ: وَاللّهِ لاَ تَدْخُلْ عَلَيْهِمْ وَحْدَكَ. فَقَالَ أَبُو بَكْرٍ: وَمَا عَسَاهُمْ أَنْ يَفْعَلُوا بِي. إِنّي، وَاللّهِ لآتِيَنّهُمْ. فَدَخَلَ عَلَيْهِمْ أَبُو بَكْرٍ. فَتَشَهّدَ عَلِيّ بْنُ أَبِي طَالِبٍ. ثُمّ قَالَ: إِنّا قَدْ عَرَفْنَا، يَا أَبَا بَكْرٍ فَضِيلَتَكَ وَمَا أَعْطَاكَ اللّهُ. وَلَمْ نَنْفَسْ عَلَيْكَ خَيْراً سَاقَهُ اللّهُ إِلَيْكَ، وَلَكِنّكَ اسْتَبْدَدْتَ عَلَيْنَا بِالأَمْرِ، وَكُنّا نَحْنُ نَرَى لَنَا حَقّاً لِقَرَابَتِنَا مِنْ رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم. فَلَمْ يَزَلْ يُكَلّمُ أَبَا بَكْرٍ حَتّى فَاضَتْ عَيْنَا أَبِي بَكْرٍ. فَلَمّا تَكَلّمَ أَبُو بَكْرٍ قَالَ: وَالّذِي نَفْسِي بِيَدِهِ لَقَرَابَةُ رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم أَحَبّ إِلَيّ أَنْ أَصِلَ مِنْ قَرَابَتِي، وَأَمّا الّذِي شَجَرَ بَيْنِي وَبَيْنَكُمْ مِنْ هَذِهِ الأَمْوَالِ، فَإِنّي لَمْ آلُ فِيهَا عَنِ الْحَقّ، وَلَمْ أَتْرُكْ أَمْراً رَأَيْتُ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم يَصْنَعُهُ فِيهَا إِلاّ صَنَعْتُهُ. فَقَالَ عَلِيّ لأَبِي بَكْرٍ: مَوْعِدُكَ الْعَشِيّةُ لِلْبَيْعَةِ. فَلَمّا صَلّى أَبُو بَكْرٍ صَلاَةَ الظّهْرِ، رَقِيَ عَلَى الْمِنْبَرِ، فَتَشَهّدَ، وَذَكَرَ شَأْنَ عَلِيّ وَتَخَلّفَهُ عَنِ الْبَيْعَةِ، وَعُذْرَهُ بِالّذِي اعْتَذَرَ إِلَيْهِ، ثُمّ اسْتَغْفَرَ، وَتَشَهّدَ عَلِيّ بْنُ أَبِي طَالِبٍ فَعَظّمَ حَقّ أَبِي بَكْرٍ، وَأَنّهُ لَمْ يَحْمِلْهُ عَلَى الّذِي صَنَعَ نَفَاسَةً عَلَى أَبِي بَكْرٍ، وَلاَ إِنْكَاراً لِلّذِي فَضّلَهُ اللّهُ بِهِ، وَلَكِنّا كُنّا نَرَى لَنَا فِي الأَمْرِ نَصِيباً، فَاسْتُبِدّ عَلَيْنَا بِهِ، فَوَجَدْنَا فِي أَنْفُسِنَا، فَسُرّ بِذَلِكَ الْمُسْلِمُونَ. وَقَالُوا: أَصَبْتَ. فَكَانَ الْمُسْلِمُونَ إِلَى عَلِيّ قَرِيباً، حِينَ رَاجَعَ الأَمْرَ الْمَعْرُوفَ.

4535 ـ حدّثنا إِسْحَقُ بْنُ إِبْرَاهِيمَ وَ مُحَمّدُ بْنُ رَافِعٍ وَ عَبْدُ بْنُ حُمَيْدٍ (قَالَ ابْنُ رَافِعٍ: حَدّثَنَا. وَقَال الآخرَانِ: أَخْبَرَنَا عَبْدُ الرّزّاقِ). أَخْبَرَنَا مَعْمَرٌ، عَنِ الزّهْرِيّ، عَنْ عُرْوَةَ، عَنْ عَائِشَةَ أَنّ فَاطِمَةَ وَالْعَبّاسَ أَتَيَا أَبَا بَكْرٍ يَلْتَمِسَانِ مِيرَاثَهُمَا مِنْ رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم. وَهُمَا حِينَئِذٍ يَطْلُبَانِ أَرْضَهُ مِنْ فَدَكٍ وَسَهْمَهُ مِنْ خَيْبَرَ. فَقَالَ لَهُمَا أَبُو بَكْرٍ: إِنّي سَمِعْتُ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم.
وَسَاقَ الْحَدِيثَ بِمِثْلِ مَعْنَى حَدِيثِ عُقَيْلٍ، عَنِ الزّهْرِيّ. غَيْرَ أَنّهُ قَالَ: ثُمّ قَامَ عَلِيّ فَعَظّمَ مِنْ حَقّ أَبِي بَكْرٍ، وَذَكَرَ فَضِيلَتَهُ وَسَابِقَتَهُ، ثُمّ مَضَى إِلَى أَبِي بَكْرٍ فَبَايَعَهُ، فَأَقْبَلَ النّاسُ إِلَى عَلِيّ فَقَالُوا: أَصَبْتَ وَأَحْسَنْتَ. فَكَانَ النّاسُ قَرِيباً إِلَى عَلِيّ حِينَ قَارَبَ الأَمْرَ الْمَعْرُوفَ.

4536 ـ وحدّثنا ابْنُ نُمَيْرٍ: حَدّثَنَا يَعْقُوبُ بْنُ إِبْرَاهِيمَ: حَدّثَنَا أَبِي. ح وَحَدّثَنَا زُهَيْرُ بْنُ حَرْبٍ وَ الْحَسَنُ بْنُ عَلِيَ الْحُلْوَانِيّ، قَالاَ: حَدّثَنَا يَعْقُوبُ (وَهُوَ ابْنُ إِبْرَاهِيمَ): حَدّثَنَا أَبِي، عَنْ صَالِحٍ، عَنِ ابْنِ شِهَابٍ. أَخْبَرَنِي عُرْوَةُ بْنُ الزّبَيْرِ أَنّ عَائِشَةَ زَوْجَ النّبِيّ صلى الله عليه

**وسلم أَخْبَرَتْهُ أَنّ فاطِمَةَ بِنْتَ رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم سَأَلَتْ أَبَا بَكْرٍ، بَعْدَ وَفَاةِ رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم، أَنْ يَقْسِمَ لَهَا مِيرَاثَهَا، مِمّا تَرَكَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم، مِمّا أَفَاءَ اللّهُ عَلَيْهِ. فَقَالَ لَهَا أَبُو بَكْرٍ: إِنّ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم قَالَ: «لاَ نُورَثُ، مَا تَرَكْنَا صَدَقَةٌ». قَالَ: وَعَاشَتْ بَعْدَ رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم سِتّةَ أَشْهُرٍ. وَكَانَتْ فَاطِمَةُ تَسْأَلُ أَبَا بَكْرٍ نَصِيبَهَا مِمّا تَرَكَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم مِنْ خَيْبَرَ وَفَدَكٍ، وَصَدَقَتِهِ بِالْمَدِينَةِ، فَأَبَىَ أَبُو بَكْرٍ عَلَيْهَا ذَلِكَ. وَقَالَ: لَسْتُ تَارِكاً شَيْئاً كَانَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم يَعْمَلُ بِهِ إِلاّ عَمِلْتُ بِهِ، إِنّي أَخْشَىَ إِنْ تَرَكْتُ شَيْئاً مِنْ أَمْرِهِ أَنْ أَزِيغَ، فَأَمّا صَدَقَتُهُ بِالْمَدِينَةِ فَدَفَعَهَا عُمَرُ إِلَىَ عَلِيّ وَعَبّاسٍ، فَغَلَبَهُ عَلَيْهَا عَلِيّ، وَأَمّا خَيْبَرُ وَفَدَكُ فَأَمْسَكَهُمَا عُمَرُ وَقَالَ: هُمَا صَدَقَةُ رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم. كَانَتَا لِحُقُوقِهِ الّتِي تَعْرُوهُ وَنَوَائِبِهِ، وَأَمْرُهُمَا إِلَىَ مَنْ وَلِيَ الأَمْرَ. قَالَ: فَهُمَا عَلَىَ ذَلِكَ إِلَىَ الْيَوْمِ.**

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ: رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ۋاپات بولغاندا، رەسۇلۇللاھ نىڭ قىزى پاتىمە رەزىيەاللە ئەنھا ئەبۇبەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا كىشى ئەۋەتىپ، **الله** تائالا رەسۇلۇللاھ قا مەدىنىدە ۋە پەدەكتە ئۇرۇشسىز ئاتا قىلغان ئولجىلاردىن، خەيبەردىكى غەنىيمەتلەرنىڭ قالدۇقلىرىدىن بولغان مىراسىنى تەلەپ قىلدى، ئاندىن ئەبۇبەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:رەسۇلۇللاھ مۇنداق دىگەن: بىز مىراس قالدۇرمايمىز، ۋارىس قىلىنمايمىز، بىز پەيغەمبەرلەر قالدۇرغان نەرسە سەدىقىدۇر.مىنىڭ ئائىلەم مۇشۇ ئۇرۇشسىز ئېلىنغان غەنىيمەتتىن يەيدۇ. **الله** بىلەن قەسەمكى، مەن رەسۇلۇللاھ نىڭ سەدىقىسىنىڭ شۇچاغدىكى ھالىتىدىن ھېچ بىر نەرسىنى ئۆزگەرتىۋەتمەيمەن، مەن رەسۇلۇللاھ قانداق قىلغان بولسا شۇنداق قىلىمەن، مەن ئۇنى ئۆزگەرتىۋىتىپ ئېزىپ كىتىشىمدىن قورقىمەن دەپ، پاتىمەرەزىيەللاھۇ ئەنھاغا بىرنەرسە بىرىشكە قەتئى ئۇنىمىدى، پاتىمەرەزىيەللاھۇ ئەنھا ئەبۇبەكرىدىن خاپا بولۇپ قېلىپ، ئۆلۈپ كەتكىچە گەپ ـ سۆز قىلمىدى.(ئىبنى كەسىير «بەدايەت ۋە نەھايەت»دىگەن تارىخىدا ئەبۇبەكرى ئۇنى يوقلاپ كىرىپ ئۇنىڭدىن رازىلىق ئالغان، ئۇلار يارىشىپ قالغان دەپ يازغاندۇر) پاتىمەرەزىيەاللە ئەنھا رەسۇلۇللاھ تىن كىيىن ئاران ئالتە ئايلا ئۆمۈر كۆرگەن ئىدى، ئۇ ۋاپات بولغاندا ئۇنىڭغا ئۇنىڭ ئېرى ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ناماز چۈشۈرۈپ، ئۇنى كىچىسىلا دەپنە قىلىۋەتتى، ئۇھايات چاغلاردا ئەلىنىڭ كىشىلەرئارىسىدا ئالاھىدە يۈز ـ ئابرۇي، ئىناۋىتى بارئىدى، ئۇ ۋاپات بولغاندا بۇئىشلار ئازراق ئۆزگەردى، (كىشىلەر دىگەن شۇنداق ئەمەسما؟!)ئاندىن ئۇ ئەبۇبەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىلەن كېلىشىپ ئۇنىڭغا بەيئەت قىلىشنى تەلەپ قىلدى، چۈنكى ئۇ مەلۇم ئۆزرىلەر بىلەن بۇمۇددەتتە بەيئەت قىلماي تۇرغان ئىدى، ئۇ ئەبۇبەكرىگە:ئۆزۈلۈڭ يالغۇزلا كەلگىن، سەن بىلەن ھېچ بىركىشى بىللە كەلمىسۇن دىدى، ئاندىن ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئەبۇبەكرىگە: سەن ئۇنىڭ قېشىغا يالغۇز كىرمىگىن دىدى، ئەبۇبەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:ئۇلار ماڭا نىمە ئىش قىلىۋىتەر؟ **الله** بىلەن قەسەمكى مەن ئۇلارنىڭ قېشىغا يالغۇزلا كىرىۋىرىمەن دەپ كىرىپ كەلدى، ئاندىن ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ شاھادەت كەلىمىسىنى ئەيتقاندىن كيىن:ئى ئەبۇبەكرى!بىز سىنىڭ پەزىلىتىڭنى، **الله** نىڭ ساڭا ئاتا قىلغان پەزلىنى ئوبدان بىلىمىز، **الله** نىڭ ساڭا ئاتا قىلغان ياخشىلىقلىرىغا بىز ساڭا ھەسەد قىلمايمىز، لېكىن بىز رەسۇلۇللاھ نىڭ يېقىن تۇققانلىرى بولغاچقا، بىزگىمۇ بىر مەسلىھەت سېلىنىش ھەققىمىز بار دەپ ئويلىدۇق، لېكىن سەن بۇئىشتا مەجبۇرلىغاندەك قىلىپ، بىزگە مۇستەبىتلىك قىلدىڭ دەپ، خېلى ئۇزۇن ياخشى سۆزلەرنى قىلدى، ئەبۇبەكرىنىڭ ئىككى كۆزىدىن ياشلار قۇيۇلۇپ كەتتى، ئاندىن ئۇ:**الله** بىلەن قەسەمكى، رەسۇلۇللاھ نىڭ يېقىن تۇققانلىرىغا سىلە ـ رەھىم قىلىشىم، ئۆزۈمنىڭ يېقىن تۇققانلىرىغا سىلە ـ رەھىم قىلىشىمدىن ماڭا بەكمۇ سۆيۈملۈكتۇر، ئارىمىزدىكى بۇمىراس مېلى توغرىسىدىكى ئىختىلاپقا كەلسەك، مەن بۇئىشتا زور تىرىشچانلىق كۆرسەتتىم، ھەقتىن چەتنەپ كەتمىدىم، بۇماللاردا رەسۇلۇللاھ نىڭ قىلغان ئىش ـ ئىزلىرىنى كۆرگەن

ئىدىم، مەنمۇ ئۇنى تەرىك ئەتمەي شۇنداقلا قىلدىم دېدى. ئاندىن ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئەبۇبەكرىگە: مەن ساڭا كەچتە بەيئەت قىلاي دەپ ۋەدە بەردى. ئاندىن ئەبۇبەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پېشىن نامىزىنى ئوقۇپ بولۇپ، مۇنبەر ئۈستىگە چىقىپ، شاھادەت كەلىمىسىنى ئەيتقاندىن كېيىن، ئەلىينىڭ ئىشىنى تىلغا ئېلىپ، ئۇنىڭ بەيئەت قىلىشتىن كېچىكىپ قالغان ئۆزرىللىرىنى بايان قىلىپ، ئۇنىڭغا ۋە ئۆزىگە مەغپىرەت سوردى. ئاندىن ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ شاھادەت كەلىمىسىنى ئەيتقاندىن كېيىن ئەبۇبەكرىنىڭ ھەققىنىڭ چوڭ ۋە ئۇلۇغلىقىنى، ئۇنىڭ بۇئىشقا لايىق ئىكەنلىقىنى، ئەبۇبەكرىگە ھەسەد قىلمىغانلىقىنى، **الله** نىڭ ئۇنىڭغا ئاتا قىلغان پەزلىنى ئىنكار قىلمايدىغانلىقىنى، ئۇنى پەزىلەتلىك قىلغانلىقىنى ئېتراپ قىلىدىغانلىقىنى ، لېكىن بۇئىشتا رەسۇلۇل**الله** نىڭ يېقىن تۇققانلىرى بولۇش سالاھىيىتى بىلەن ئۆزلىرىگە مەسلىھەت سېلىنىش نىسۋىسىنىڭ بارلىقىنى، ئەمما ئۇلارغا مۇستەبىتلىك قىلىنغانلىقىنى، شۇنىڭ ئۈچۈن (ئىنسان بالىسى بولۇش سۈپىتى بىلەن)ئازراق كۆڭۈلسىزلىكنىڭ، مىراس مېلى توغرىسىدىكى ئىختىلاپلارنىڭ يۈز بەرگەنلىكىنى بايان قىلىپ، ئەبۇبەكرىگە بەيئەت قىلىپ، ئىشلارنى ياخشىسىغا قايتۇرغاندا مۇسۇلمانلار ناھايىتى خۇرسەن بولۇپ، ياخشى قىلدىڭ، توغرا قىلدىڭ دېيىشىپ، ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ يېقىن تۇققانلىرىدەك بولۇپ كەتتى.

**4537 ـ حدّثنا يَحْيَى بْنُ يَحْيَى. قالَ: قَرَأْتُ عَلَى مَالِكٍ، عَنْ أبي الزّنَادِ، عَنِ الأعْرَجِ، عَنْ أبي هُرَيْرَةَ أنّ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم قالَ: «لاَ يَقْتَسِمُ وَرَثَتِي دِينَاراً، مَا تَرَكْتُ، بَعْدَ نَفَقَةِ نِسَائِي وَمَؤُونَةِ عَامِلِي، فَهُوَ صَدَقَةٌ».**
**4538 ـ حدّثنا مُحَمّدُ بْنُ يَحْيَى بْنُ أبي عُمَرَ الْمَكِيّ: حَدّثَنَا سُفْيَانُ، عَنْ أبي الزّنَادِ بِهَذَا الإِسْنَادِ، نَحْوَهُ.**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇلاردىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مېنىڭ ۋارىسلىرىم ئالتۇن ـ كۈمۈشنى تەقسىم قىلىپ ئۈلەشمەيدۇ. (چۈنكى بىز مىراس قالدۇرمايمىز، ۋارىس قىلىنمايمىز)، مەن ئاياللىرىمنىڭ نەپىقىسىدىن، خىزمەتچى ـ خادىملىرىمنىڭ چىقىملىرىدىن باشقا قالدۇرغان نەرسە (ۋە بىز پەيغەمبەرلەر قالدۇرغان نەرسە) سەدىقىدۇر.

**4539 ـ وحدّثني ابْنُ أبي خَلَفٍ: حَدّثَنَا زَكَرِيّاءُ بْنُ عَدِيّ. أخْبَرَنَا ابْنُ الْمُبَارَكِ عَنْ يُونُسَ، عَنِ الزّهْرِيّ، عَنِ الأعْرَجِ، عَنْ أبي هُرَيْرَةَ عَنِ النّبيّ صلى الله عليه وسلم قالَ: «لاَ نُورَثُ، مَا تَرَكْنَا صَدَقَةٌ».**

ئۆمەر، سەئىد، تەلھە، زۇبەير، ئابدۇرەھمان،ئەبۇبەكرى، ئائىشە، ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇلاردىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بىز مىراس قالدۇرمايمىز، ۋارىس قىلىنمايمىز، بىز پەيغەمبەرلەر قالدۇرغان نەرسە سەدىقىدۇر.

### *807 ـ باب كيفية قسمة الغنيمة بين الحاضرين*

**4540 ـ حدّثنا يَحْيَى بْنُ يَحْيَى وَ أبُو كَامِلٍ فُضَيْلُ بْنُ حُسَيْنٍ كِلاَهُمَا، عَنْ سُلَيْمٍ. قالَ يَحْيَى: أخْبَرَنَا سُلَيْمُ بْنُ أخْضَرَ، عَنْ عُبَيْدِ اللّهِ بْنِ عُمَرَ: حَدّثَنَا نَافِعٌ، عَنْ عَبْدِ اللّهِ بْنِ عُمَرَ أنّ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم قَسَمَ فِي النّفَلِ: لِلْفَرَسِ سَهْمَيْنِ وَلِلرّجُلِ سَهْماً.**
**4541 ـ حدّثناه ابْنُ نُمَيْرٍ: حَدّثَنَا أبي: حَدّثَنَا عُبَيْدُ اللّهِ بِهَذَا الإِسْنَادِ، مِثْلَهُ. وَلَمْ يَذْكُرْ: فِي النّفَلِ.**

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم نەپلە غەنىيمەتنى ئاتلىق كىشىگە ئۈچ ئۈلۈش نىسۋە بۆلۈپ بەردى، بىر ئۈلۈشنى ئۇكىشىنىڭ ئۆزىگە، ئىككى ئۈلۈش نىسۋىنى ئېتىغا بەردى. بۇخارى،مۇسلىم.

*808 ـ باب الإمداد بالملائكة في غزوة بدر، وإباحة الغنائم*

**بەدرى ئۇرۇشىدا پەرىشتىلەرنىڭ ياردەم بېرىشى ۋە غەنىيمەتلەرنىڭ دۇرۇس بولۇشى توغرىسىدا**

4542 ـ حدّثنا هَنّادُ بْنُ السّرِيّ: حَدّثنَا ابْنُ الْمُبَارَكِ، عَنْ عِكْرِمَةَ بْنِ عَمّارٍ: حَدّثنِي سِمَاكٌ الْحَنَفِيّ قَالَ: سَمِعْتُ ابْنَ عَبّاسٍ يَقُولُ: حَدّثنِي عُمَرُ بْنُ الْخَطّابِ. قَالَ: لَمّا كَانَ يَوْمُ بَدْرٍ. ح وحَدّثنَا زُهَيْرُ بْنُ حَرْبٍ (وَاللّفْظُ لَهُ): حَدّثنَا عُمَرُ بْنُ يُونُسَ الْحَنَفِيّ: حَدّثنَا عِكْرِمَةُ بْنُ عَمّارٍ. حَدّثنِي أَبُو زُمَيْلٍ (هُوَ سِمَاكٌ الْحَنَفِيّ): حَدّثنِي عَبْدُ اللّهِ بْنُ عَبّاسٍ قَالَ: حَدّثنِي عُمَرُ بْنُ الْخَطّابِ قَالَ: لَمّا كَانَ يَوْمُ بَدْرٍ، نَظَرَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم إِلَى الْمُشْرِكِينَ وَهُمْ أَلْفٌ، وَأَصْحَابُهُ ثَلاَثُمِائَةٍ وَتِسْعَةَ عَشَرَ رَجُلاً، فَاسْتَقْبَلَ نَبِيّ اللّهِ صلى الله عليه وسلم الْقِبْلَةَ، ثُمّ مَدّ يَدَيْهِ فَجَعَلَ يَهْتِفُ بِرَبّهِ: «اللّهُمّ! أَنْجِزْ لِي مَا وَعَدْتَنِي، اللّهُمّ! آتِ مَا وَعَدْتَنِي، اللّهُمّ! إِنْ تَهْلِكْ هَـذِهِ الْعِصَابَةَ مِنْ أَهْلِ الإِسْلاَمِ لاَ تُعْبَدْ فِي الأَرْضِ» فَمَا زَالَ يَهْتِفُ بِرَبّهِ، مَادّاً يَدَيْهِ، مُسْتَقْبِلَ الْقِبْلَةِ، حَتّىَ سَقَطَ رِدَاؤُهُ عَنْ مَنْكِبَيْهِ، فَأَتَاهُ أَبُو بَكْرٍ، فَأَخَذَ رِدَاءَهُ فَأَلْقَاهُ عَلَى مَنْكِبَيْهِ. ثُمّ الْتَزَمَهُ مِنْ وَرَائِهِ. وَقَالَ: يَا نَبِيّ اللّهِ كَذَاكَ مُنَاشَدَتُكَ رَبّكَ، فَإِنّهُ سَيُنْجِزُ لَكَ مَا وَعَدَكَ. فَأَنْزَلَ اللّهُ عَزّ وَجَلّ: {إِذْ تَسْتَغِيثُونَ رَبّكُمْ فَاسْتَجَابَ لَكُمْ أَنّي مُمِدّكُمْ بِأَلْفٍ مِنَ الْمَلاَئِكَةِ مُرْدِفِينَ}. (8الأنفال الآية: 9) فَأَمَدّهُ اللّهُ بِالْمَلاَئِكَةِ.

قَالَ أَبُو زُمَيْلٍ: فَحَدّثنِي ابْنُ عَبّاسٍ قَالَ: بَيْنَمَا رَجُلٌ مِنَ الْمُسْلِمِينَ يَوْمَئِذٍ يَشْتَدّ فِي أَثَرِ رَجُلٍ مِنَ الْمُشْرِكِينَ أَمَامَهُ، إِذْ سَمِعَ ضَرْبَةً بِالسّوْطِ فَوْقَهُ، وَصَوْتَ الْفَارِسِ يَقُولُ: أَقْدِمْ حَيْزُومُ. فَنَظَرَ إِلَى الْمُشْرِكِ أَمَامَهُ فَخَرّ مُسْتَلْقِياً. فَنَظَرَ إِلَيْهِ فَإِذَا هُوَ قَدْ خُطِمَ أَنْفُهُ، وَشُقّ وَجْهُهُ كَضَرْبَةِ السّوْطِ، فَاخْضَرّ ذَلِكَ أَجْمَعُ. فَجَاءَ الأَنْصَارِيّ فَحَدّثَ بِذَلِكَ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم. فَقَالَ: «صَدَقْتَ. ذَلِكَ مِنْ مَدَدِ السّمَاءِ الثّالِثَةِ» فَقَتَلُوا يَوْمَئِذٍ سَبْعِينَ، وَأَسَرُوا سَبْعِينَ.

قَالَ أَبُو زُمَيْلٍ: قَالَ ابْنُ عَبّاسٍ: فَلَمّا أَسَرُوا الأُسَارَىَ قَالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم لأَبِي بَكْرٍ وَعُمَرَ: «مَا تَرَوْنَ فِي هَـؤُلاَءِ الأُسَارَىَ؟» فَقَالَ أَبُو بَكْرٍ: يَا نَبِيّ اللّهِ هُمْ بَنُو الْعَمّ وَالْعَشِيرَةِ، أَرَىَ أَنْ تَأْخُذَ مِنْهُمْ فِدْيَةً، فَتَكُونُ لَنَا قُوّةً عَلَى الْكُفّارِ، فَعَسَىَ اللّهُ أَنْ يَهْدِيَهُمْ لِلإِسْلاَمِ. فَقَالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: «مَا تَرَىَ؟ يَا ابْنَ الْخَطّابِ!» قُلْتُ: لاَ. وَاللّهِ يَا رَسُولَ اللّهِ! مَا أَرَى الّذِي رَأَىَ أَبُو بَكْرٍ، وَلَكِنّي أَرَىَ أَنْ تُمَكّنّا فَنَضْرِبَ أَعْنَاقَهُمْ، فَتُمَكّنَ عَلِيّاً مِنْ عَقِيلٍ فَيَضْرِبَ عُنُقَهُ، وَتُمَكّنّي مِنْ فُلاَنٍ (نَسِيباً لِعُمَرَ) فَأَضْرِبَ عُنُقَهُ. فَإِنّ هَؤُلاَءِ أَئِمّةُ الْكُفْرِ وَصَنَادِيدُهَا. فَهَوِيَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم مَا قَالَ أَبُو بَكْرٍ، وَلَمْ يَهْوَ مَا قُلْتُ. فَلَمّا كَانَ مِنَ الْغَدِ جِئْتُ فَإِذَا رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم وَأَبُو بَكْرٍ قَاعِدَيْنِ يَبْكِيَانِ. قُلْتُ: يَا رَسُولَ اللّهِ أَخْبِرْنِي مِنْ أَيّ شَيْءٍ تَبْكِي أَنْتَ وَصَاحِبُكَ، فَإِنْ وَجَدْتُ بُكَاءً بَكَيْتُ، وَإِنْ لَمْ أَجِدْ بُكَاءً تَبَاكَيْتُ لِبُكَائِكُمَا. فَقَالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: «أَبْكِي لِلّذِي عَرَضَ عَلَيّ أَصْحَابُكَ مِنْ أَخْذِهِمُ الْفِدَاءَ. لَقَدْ عُرِضَ عَلَيّ عَذَابُهُمْ أَدْنَى مِنْ هَـذِهِ الشّجَرَةِ» (شَجَرَةٍ قَرِيبَةٍ مِنْ نَبِيّ اللّهِ صلى الله عليه وسلم) وَأَنْزَلَ اللّهُ عَزّ وَجَلّ: {مَا كَانَ لِنَبِيَ أَنْ يَكُونَ لَهُ أَسْرَى حَتّىَ يُثْخِنَ فِي الأَرْضِ}. إِلَى قَوْلِهِ: {فَكُلُوا مِمّا غَنِمْتُمْ حَلاَلاً طَيّباً} (8الأنفال الآيات: 69 - 67) فَأَحَلّ اللّهُ الْغَنِيمَةَ لَهُمْ.

ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: بەدرى كۈنى بولغاندا رەسۇلۇللاھ، مۇشرىكلەرگە قارىسا، ئۇلار 1000كىشى ئەكەن، ساھابىللىرى بولسا 319كىشى ئىدى، ئاندىن رەسۇلۇللاھ ئىككى قولىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، قىبلىگە ئالدىنى قىلىپ رەببىگە مۇنداق دۇئا قىلىشقا باشلىدى:ئى ﷲ!ماڭا بەرگەن ۋەدىللىرىنى ئىجرا قىلىپ ئىشقا ئاشۇرسىلا، ماڭا ۋەدە بەرگەن نەرسىللىرىنى بەرسىلە، ئىسلام ئەھلىدىن ئىبارەت بۇجامائەت ھالاك بولسا، بۇنىڭدىن كېيىن يەر يۈزىدە سىلىگە ئىبادەت قىلىنماي قالىدۇ، رەسۇلۇللاھ ئىككى قولىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، قىبلىگە ئالدىنى قىلىپ مۈرىسىدىن رىدايى چۈشۈپ كەتكەنگە قەدەر رەببىگە دۇئا قىلىۋەردى، ئاندىن ئەبۇبەكرى رىدانى ئېلىپ رەسۇلۇللاھ نىڭ مۈرىسگە تاشلاپ قويۇپ، رەسۇلۇللاھ نى ئارقىسىدىن قۇچاقلاپ تۇرۇپ: ئى ﷲ نىڭ ئەلچىسى!رەببىلىرىدىن شۇنداقمۇ تەلەپ قىلاملا، (بەك يىتەرلىك قىلدىلا)ئەنسىرىمىسىلە، ﷲ چوقۇم سىلىگە بەرگەن ۋەدىسىنى ئىجرا قىلىدۇ دېدى، ئاندىن « ئۆز ۋاقتىدا رەببىڭلارغا پەرياد چېكىپ ياردەم سورىدۇڭلار، رەببىڭلار ﷲ؛ مەن سىلەرگە 1000پەرىشتە بىلەن ياردەم بېرىمەن دەپ، دۇئايىڭلارنى ئىجابەت قىلدى.....»دېگەن ئايەت نازىل قىلىندى، ﷲ ئۇلارغا 1000پەرىشتە بىلەن ياردەم قىلدى. ئىبنى ئاببىاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمۇنداق دەيدۇ: بىر چاغدا مۇسۇلمانلاردىن بىركىشى شۇكۈنى(يەنى بەدرى كۈنى) مۇشرىكلەردىن بىركىشنى ئالدى تەرەپكە قاتتىق قوغلاپ كىتىۋېتىپ، تۇيۇقسىز ئۈستى تەرەپتىن قامچىنىڭ ئاۋازىنى ۋە بىرئاتلىق كىشىنىڭ :«ئى ھەيزۇم! ئالدىغا تېز چاپقىن»دېگەن ئاۋازىنى ئاڭلاپ قاپتۇ، تۇيۇقسىز ئۇ ھېلىقى مۇشرىككە قارىسا،

ئۇ ئۇخلىغاندا ئۇ ئۇگدىسىغا يىقىلىپ يېتىپتۇ، ئۇنىڭغا قارىغىدەك بولسا، ناگاھان ئۇ خۇددى بىرسى ئۇنى قامچا بىلەن ئۇرغاندەك، يۈزى يېرىلىپ، بۇرنىغا نوختا سالغاندەك ئىز چىقىپ قاپتۇ،شۇ سەۋەبتىن ئۇنىڭ پۈتۈن بەدەنلىرى كۆكىرىپ كېتىپتۇ، ئاندىن ھېلىقى ئەنسارى كېلىپ، بولغان ۋەقەنى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە سۆزلەپ بەرسە، رەسۇلۇللاھ؛راست دېدىڭ، ئەشۇ بولسا، ئۈچۈنجى قەۋەت ئاسماننىڭ مەدەتلىرىدىندۇر، دېدى. ئۇلار شۇكۈنى مۇشرىكلەردىن 70 كىشىنى ئۆلتۈرۈپ، 70 كىشىنى ئەسىر ئالدى. ئاندىن رەسۇلۇللاھ ئەبۇبەكرى بىلەن ئۆمەرگە؛ سىلەر بۇئەسىرلەر توغرىسىدا قانداق قارايسىلەر؟دېدى، ئەبۇبەكرى: ئى **الله** نىڭ پەيغەمبىرى! ئۇلار يېقىن ئۇرۇق تۇققانلىرىمىزنىڭ، تاغىلىرىمىزنىڭ باللىرى، ئۇلارنى ئۆلتۈرمەي، پىدىيە ئېلىپ قويۇپ بەرسىلە، بۇپىدىيە ماللىرى كاپىرلارغا قارشى بىزگە كۈچ ـ قۇۋۋەت بولسا، **الله** ئۇلارنى ئىسلامغا ھىدايەت قىلسا ئەجەب ئەمەس دېدى.

رەسۇلۇللاھ:ئى ئىبنى خەتتاب!سەن قانداق قارايسەن؟دېدى، مەن: ياق، ئۇنداق قىلساق بولمايدۇ، ئى **الله** نىڭ ئەلچىسى! مەن ئەبۇبەكرىنىڭ كۆز قارىشىغا قوشۇلمايمەن، مېنىڭچە بولغاندا بىزگە ئىمكانىيەت بەرسىلە، ئۇلارنى ئۆلتۈرەيلى، ئۇقەيلنى ئەلى ئۆلتۈرسۇن، پالانى تۇققۇنۇمنى مەن ئۆلتۈرەي، ئۇلار دېگەن كاپىرلارنىڭ كاتاباشلىرى، يول باشچىللىرى، دېدى. رەسۇلۇللاھ مېنىڭ سۆزۈمگە كىرمەي، ئەبۇبەكرىنىڭ كۆز قارىشىغا مايىل بولدى. ئەتىسى كەلسەم، ئۇلار ئولتۇرۇپ يىغلىغىلى تۇرۇپتۇ، مەن؛ ئى **الله** نىڭ ئەلچىسى! ماڭا خەۋەر قىلسىلا، سىلەرنى نىمە يىغلاتتى؟ مەن يىغىنى كۆرسەم يىغلاپ كېتىمەن، يىغىنى كۆرمىسەممۇ، ئىككىڭلارنىڭ يىغىسى ئۈچۈن مەنمۇ يىغلايمەن ئەلۋەتتە دېسەم، رەسۇلۇللاھ: نىمگەيىغلايتتىم، ئەسىرلەردىن پىدىيە ئالغىنىمغا يىغلاۋاتىمەن، شۇ مەسلىھەتنى بەرگەنلەرگە يىغلاۋاتىمەن، ھەقىقەتەن ماڭا پىدىيە ئېلىش مەسلىھەتىنى بەرگەنلەرنىڭ ئازابى مۇشۇ دەرەختىنمۇ يېقىنراق قىلىپ تەڭلەندى دەپ، ئۆزىگە يېقىن دەرەخنى كۆرسەتتى، ئاندىن «پەيغەمبەرلەرنىڭ يەر يۈزىدە كاپىرلارغا قارشى ئۇرۇشنى قاتتىق ھەم كۆپ قىلمىغىچە ئەسىر ئېلىشى لايىق ئەمەس.......دېگەن ئايەت...غەنىيمەت ئالغان نەرسىلىرىڭلارنى ھالال ۋە پاك دەپ بىلىپ يەڭلار.....»دېگەن يېرىگىچە نازىل قىلىندى. **الله** ئۇلارغا غەنىيمەتلەرنى ھالال قىلدى.

### *809 ـ باب ربط الأسير وحبسه، وجواز المنّ عليه*

## ئەسىرلەرنى باغلاپ قويۇش، سولاپ قويۇش ۋە ئۇلارغا ياخشىلىق قىلىش توغرىسىدا

**4543 ـ حدّثنا قُتَيْبَةُ بْنُ سَعِيدٍ: حَدّثَنَا لَيْثٌ، عَنْ سَعِيدِ بْنِ أَبي سَعِيدٍ أَنّهُ سَمِعَ أَبَا هُرَيْرَةَ يَقُولُ: بَعَثَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم خَيْلاً قِبَلَ نَجْدٍ، فَجَاءَتْ بِرَجُلٍ مِنْ بَنِي حَنِيفَةَ يُقَالُ لَهُ ثُمَامَةُ بْنُ أُثَالٍ، سَيّدُ أَهْلِ الْيَمَامَةِ، فَرَبَطُوهُ بِسَارِيَةٍ مِنْ سَوَارِي الْمَسْجِدِ. فَخَرَجَ إِلَيْهِ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم فَقَالَ: «مَاذَا عِنْدَكَ؟ يَا ثُمَامَةُ»! فَقَالَ: عِنْدِي، يَا مُحَمّدُ! خَيْرٌ إِنْ تَقْتُلْ تَقْتُلْ ذَا دَمٍ. وَإِنْ تُنْعِمْ تُنْعِمْ عَلَىَ شَاكِرٍ. وَإِنْ كُنْتَ تُرِيدُ الْمَالَ فَسَلْ تُعْطَ مِنْهُ مَا شِئْتَ، فَتَرَكَهُ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم. حَتّىَ كَانَ بَعْدَ الْغَدِ. فَقَالَ: «مَا عِنْدَكَ؟ يَا ثُمَامَةُ!» قَالَ: مَا قُلْتُ لَكَ. إِنْ تُنْعِمْ تُنْعِمْ عَلَىَ شَاكِرٍ. وَإِنْ تَقْتُلْ تَقْتُلْ ذَا دَمٍ، وَإِنْ كُنْتَ تُرِيدُ الْمَالَ فَسَلْ تُعْطَ مِنْهُ مَا شِئْتَ. فَتَرَكَهُ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم حَتّىَ كَانَ مِنَ الْغَدِ. فَقَالَ: «مَاذَا عِنْدَكَ؟ يَا ثُمَامَةُ!» فَقَالَ: عِنْدِي مَا قُلْتُ لَكَ، إِنْ تُنْعِمْ تُنْعِمْ عَلَىَ شَاكِرٍ، وَإِنْ تَقْتُلْ تَقْتُلْ ذَا دَمٍ، وَإِنْ كُنْتَ تُرِيدُ الْمَالَ فَسَلْ تُعْطَ مِنْهُ مَا شِئْتَ، فَقَالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: «أَطْلِقُوا ثُمَامَةَ» فَانْطَلَقَ إِلَىَ نَخْلٍ قَرِيبٍ مِنَ الْمَسْجِدِ. فَاغْتَسَلَ. ثُمّ دَخَلَ الْمَسْجِدَ فَقَالَ: أَشْهَدُ أَنْ لاَ إِلَهَ إِلاّ اللّهُ وَأَشْهَدُ أَنّ مُحَمّداً عَبْدُهُ وَرَسُولُهُ. يَا مُحَمّدُ! وَاللّهِ مَا كَانَ عَلَى الأَرْضِ وَجْهٌ أَبْغَضَ إِلَيّ مِنْ وَجْهِكَ، فَقَدْ أَصْبَحَ وَجْهُكَ أَحَبّ الْوُجُوهِ كُلّهَا إِلَيّ، وَاللّهِ مَا كَانَ مِنْ دِينٍ أَبْغَضَ إِلَيّ مِنْ دِينِكَ، فَأَصْبَحَ دِينُكَ أَحَبّ الدّينِ كُلّهِ إِلَيّ، وَاللّهِ مَا كَانَ مِنْ بَلَدٍ أَبْغَضَ إِلَيّ مِنْ بَلَدِكَ، فَأَصْبَحَ بَلَدُكَ أَحَبّ الْبِلاَدِ كُلّهَا إِلَيّ، وَإِنّ خَيْلَكَ أَخَذَتْنِي وَأَنَا أُرِيدُ الْعُمْرَةَ، فَمَاذَا تَرَىَ؟ فَبَشّرَهُ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم. وَأَمَرَهُ أَنْ يَعْتَمِرَ. فَلَمّا قَدِمَ مَكّةَ قَالَ لَهُ قَائِلٌ: أَصَبَوْتَ؟ فَقَالَ: لاَ. وَلَـكِنّي أَسْلَمْتُ مَعَ رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم. وَلاَ، وَاللّهِ! لاَ يَأْتِيكُمْ مِنَ الْيَمَامَةِ حَبّةُ حِنْطَةٍ حَتّىَ يَأْذَنَ فِيهَا رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم.**

**4544 ـ حدّثنا مُحَمّدُ بْنُ الْمُثَنّى: حَدّثنَا أَبُو بَكْرٍ الْحَنَفِيّ: حَدّثنِي عَبْدُ الْحَمِيدِ بْنُ جَعْفَرٍ: حَدّثنِي سَعِيدُ بْنُ أَبِي سَعِيدٍ الْمَقْبُرِيّ أَنّهُ سَمِعَ أَبَا هُرَيْرَةَ يَقُولُ: بَعَثَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم خَيْلاً لَهُ نَحْوَ أَرْضِ نَجْدٍ، فَجَاءَتْ بِرَجُلٍ يُقَالُ لَهُ ثُمَامَةُ بْنُ أُثَالٍ الْحَنَفِيّ. سَيّدُ أَهْلِ الْيَمَامَةِ. وَسَاقَ الْحَدِيثَ بِمِثْلِ حَدِيثِ اللّيْثِ، إِلاّ أَنّهُ قَالَ: إِنْ تَقْتُلْنِي تَقْتُلْ ذَا دَمٍ.**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم نەجد تەرەپكە ئاتلىق قوشۇن ئەۋەتتى، ئۇلار يەمامە ئەھلىنىڭ سەييىدى ئاقساقالى بولغان، بەنى ھەنىيفە جەمەتىدىن سۇمامە دېيىلىدىغان بىر كىشىنى تۇتۇپ كېلىپ، مەسجىدنىڭ تۈۋرۈكلىرىدىن بىر تۈۋرۈككە باغلاپ قويدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنىڭ قېشىغا چىقىپ؛ ئى سۇمامە! سىنىڭ ماڭا بولغان گۇمانىڭ قانداق؟دېدى، ئۇ: ئى مۇھەممەد! سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مېنىڭ گۇمانىم ياخشى، ئەگەر مېنى ئۆلتۈرسەڭ، بىر خۇن ئىگىسىنى ئۆلتۈرىسەن، ئەگەر نېئمەت ئاتا قىلىپ قويۇپ بەرسەڭ، تەشەككۇر بىلدۈرىدىغان كىشىنى قويۇپ بەرگەن بولىسەن،(يەنى مەن ساڭا تەشەككۇر بىلدۈرىمەن)ئەگەر مال ـ دۇنيانى مەقسەت قىلساڭ، سورىغىن، ساڭا خالىغىنىڭ بېرىلىدۇ دېدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنى ئۆز پېتى قويۇپ تۇرۇپ، ئەتىسى بولغاندا، يەنە ئۇنىڭغا؛ ئى سۇمامە! سىنىڭ ماڭا بولغان گۇمانىڭ قانداق؟دېدى، ئۇيەنە: ئى مۇھەممەد! سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مەن ساڭا ئاخشام دېگەندەك، مېنىڭ گۇمانىم ياخشى، ئەگەر مېنى ئۆلتۈرسەڭ، بىر خۇن ئىگىسىنى ئۆلتۈرىسەن، ئەگەر نېئمەت ئاتا قىلىپ قويۇپ بەرسەڭ، تەشەككۇر بىلدۈرىدىغان كىشىنى قويۇپ بەرگەن بولىسەن،(يەنى مەن ساڭا تەشەككۇر بىلدۈرىمەن)ئەگەر مال ـ دۇنيانى مەقسەت قىلساڭ، سورىغىن، ساڭا خالىغىنىڭ بېرىلىدۇ دېدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنى يەنە ئۆز پېتى قويۇپ تۇرۇپ، ئەتىسى بولغاندا، يەنە ئۇنىڭغا؛ ئى سۇمامە! سىنىڭ ماڭا بولغان گۇمانىڭ قانداق؟دېدى، ئۇيەنە: ئى مۇھەممەد! سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مەن ساڭا ئاخشام دېگەندەك، مېنىڭ گۇمانىم ياخشى، ئەگەر مېنى ئۆلتۈرسەڭ، بىر خۇن ئىگىسىنى ئۆلتۈرىسەن، ئەگەر نېئمەت ئاتا قىلىپ قويۇپ بەرسەڭ، تەشەككۇر بىلدۈرىدىغان كىشىنى قويۇپ بەرگەن بولىسەن،(يەنى مەن ساڭا تەشەككۇر بىلدۈرىمەن)ئەگەر مال ـ دۇنيانى مەقسەت قىلساڭ، سورىغىن، ساڭا خالىغىنىڭ بېرىلىدۇ دېدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:سۇمامەنى قويۇپ بېرىڭلار دېدى، ئۇ چىقىپ مەسجىدكە يېقىن بىر خورمىزارلىققا بېرىپ غۇسلى قىلىپ يۇيۇنۇپ، ئاندىن مەسجىدكە كىرىپ؛«گۇۋاھلىق بېرىمەنكى، **الله** تىن باشقا ھەق ئىلاھ يوق، مۇھەممەد **الله** نىڭ بەندىسى ۋە ئەلچىسى» ئى مۇھەممەد! سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم **الله** بىلەن قەسەمكى، يەر يۈزىدە سىنىڭ يۈزۈڭدىنمۇ ماڭا دۈشمەنرەك، سەت،ئۆچ كۆرىنىدىغان بىرەر يۈز يوق ئىدى، مانا ئەمدى سىنىڭ يۈزۈڭ ماڭا، بارلىق يۈزلەردىن ئەڭ سۆيۈملۈك يۈزگە ئايلاندى، **الله** بىلەن قەسەمكى، يەر يۈزىدە سىنىڭ دىنىڭدىنمۇ ماڭا دۈشمەنرەك،ئۆچ كۆرىنىدىغان بىرەر دىن يوق ئىدى، مانا ئەمدى سىنىڭ دىنىڭ ماڭا، بارلىق دىنلاردىن ئەڭ سۆيۈملۈك دىنغا ئايلاندى، **الله** بىلەن قەسەمكى، يەر يۈزىدە سىنىڭ شەھرىڭدىنمۇ ماڭا دۈشمەنرەك،ئۆچ كۆرىنىدىغان بىرەر شەھەر يوق ئىدى، مانا ئەمدى سىنىڭ شەھرىڭ ماڭا، بارلىق شەھەرلەردىن ئەڭ سۆيۈملۈك شەھەرگە ئايلاندى، مەن ئۆمرە ھەج قىلىشنى مەقسەت قىلىپ كېتىۋاتسام، مېنى سىنىڭ ئاتلىق قوشۇنۇڭ تۇتىۋالدى، مانا ئەمدى ماڭا قانداق قارايسەن؟(مەن قانداق قىلىمەن؟) دېدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنىڭغا خۇش ـ بىشارەتلەر بېرىپ، ئۇنى ئۆمرە ھەج قىلىشقا بۇيرىدى، ئۇ مەككىگە كەلگەندە، بىرسى ئۇنىڭغا؛ سەن راست دىنىڭدىن قايتىۋالدىڭمۇ؟دېدى، ئۇ: ياق، لېكىن مەن مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى

ۋەسەللەم بىلەن بىرگە مۇسۇلمان بولدۇم، الله بىلەن قەسەمكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ماڭا ئىزنى قىلىپ رۇخسەت قىلمىغىچە، سىلەرگە يەمامەدىن بىر تال بۇغدايىنىڭ دېنىمۇ كەلمەيدۇ دېدى.(چۈنكى ئۇ ئاشلىق كارۋىنىنىڭ ئۆتۈش يولىدا ئىدى)بۇخارى،مۇسلىم.

### 810 ـ باب إجلاء اليهود من الحجاز

### يەھۇدىيلەرنى قوغلاپ چىقىرىش توغرىسىدا

4545 ـ حدّثنا قُتَيْبَةُ بْنُ سَعِيدٍ: حَدّثَنَا لَيْثٌ، عَنْ سَعِيدِ بْنِ أَبِي سَعِيدٍ، عَنْ أَبِيهِ، عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ أَنّهُ قالَ: بَيْنَا نَحْنُ فِي الْمَسْجِدِ، إِذْ خَرَجَ إِلَيْنَا رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم فقالَ: «انْطَلِقُوا إِلَىَ يَهُودَ» فَخَرَجْنَا مَعَهُ، حَتّىَ جِئْنَاهُمْ. فقامَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم فَنَادَاهُمْ. فقالَ: «يَا مَعْشَرَ يَهُودَ أَسْلِمُوا تَسْلَمُوا». فقالُوا: قَدْ بَلّغْتَ، يَا أَبَا الْقَاسِمِ! فقالَ لَهُمْ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: «ذَلِكَ أُرِيدُ، أَسْلِمُوا تَسْلَمُوا» فقالُوا: قَدْ بَلّغْتَ، يَا أَبَا الْقَاسِمِ! فقالَ لَهُمْ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: «ذَلِكَ أُرِيدُ» فقالَ لَهُمُ الثّالِثَةَ. فقالَ: «اعْلَمُوا أَنّمَا الأَرْضُ لِلّهِ وَرَسُولِهِ، وَأَنّي أُرِيدُ أَنْ أُجْلِيَكُمْ مِنْ هَذِهِ الأَرْضِ فَمَنْ وَجَدَ مِنْكُمْ بِمَالِهِ شَيْئاً فَلْيَبِعْهُ، وَإِلاّ فَاعْلَمُوا أَنّ الأَرْضَ لِلّهِ وَرَسُولِهِ».

ئەبۇ ھۈرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، بىر چاغدا بىز مەسجىدتە ئىدۇق، تۇيۇقسىز رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم قېشىمىزغا چىقىپ؛ يەھۇدىيلارنىڭ قېشىغا يۈرۈڭلار! دېدى، بىز رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن بىللە ئۇلارنىڭ دەرس ئۆيىگە باردۇق، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇلارنىڭ ئالدىدا تۇرۇپ؛ئى يەھۇدىيلار گورۇھى! مۇسۇلمان بولۇڭلار، سالامەت قالىسىلەر، دېدى. ئۇلار؛ ئى ئەبۇلقاسىم! سەن تۇلۇق يەتكۈزدۈڭ دېدى. رەسۇلۇللاھ مەن دەل شۇنى مەقسەت قىلىمەن، ئى يەھۇدىيلار گورۇھى! مۇسۇلمان بولۇڭلار، سالامەت قالىسىلەر، بىلىڭلاركى، ھەقىقەتەن زېمىن ئاللاھنىڭ ۋە ئاللاھنىڭ ئەلچىسىنىڭدۇر، ھەقىقەتەن مەن سىلەرنى بۇ زېمىندىن قوغلاپ چىقىرىشنى مەخسەت قىلدىم، سىلەردىن كىم مال ــ مۈلكىدىن بىرەر نەرسىنى تاپسا، ئۇنى سېتىۋالسۇن، تەييارلىق قىلسۇن، ئۇنداق قىلمايدىكەن، بىلىپ قالسۇنكى، ھەقىقەتەن بۇ زېمىن (پۈتۈن يەرشارى» ئاللاھنىڭ، ئاللاھنىڭ ئەلچىسىنىڭدۇر،دېدى.بۇخارى،مۇسلىم، بەيھەقى، ئەبۇ داۋۇد.

4546 ـ وحدّثني مُحَمّدُ بْنُ رَافِعٍ وَ إِسْحَقُ بْنُ مَنْصُورٍ (قالَ ابْنُ رَافِعٍ: حَدّثَنَا. وَقالَ إِسْحَقُ: أَخْبَرَنَا عَبْدُ الرّزّاقِ). أَخْبَرَنَا ابْنُ جُرَيْجٍ، عَنْ مُوسَىَ بْنِ عُقْبَةَ، عَنْ نَافِعٍ، عَنِ ابْنِ عُمَرَ أَنّ يَهُودَ بَنِي النّضِيرِ وَقُرَيْظَةَ حَارَبُوا رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم. فَأَجْلَىَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم بَنِي النّضِيرِ، وَأَقَرّ قُرَيْظَةَ وَمَنّ عَلَيْهِمْ، حَتّىَ حَارَبَتْ قُرَيْظَةُ بَعْدَ ذَلِكَ، فَقَتَلَ رِجَالَهُمْ، وَقَسَمَ نِسَاءَهُمْ وَأَوْلاَدَهُمْ وَأَمْوَالَهُمْ بَيْنَ الْمُسْلِمِينَ. إِلاّ أَنّ بَعْضَهُمْ لَحِقُوا بِرَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم فَآمَنَهُمْ وَأَسْلَمُوا. وَأَجْلَىَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم يَهُودَ الْمَدِينَةِ كُلّهُمْ: بَنِي قَيْنُقَاعَ (وَهُمْ قَوْمُ عَبْدِ اللّهِ بْنِ سَلاَمٍ). وَيَهُودَ بَنِي حَارِثَةَ، وَكُلّ يَهُودِيَ كَانَ بِالْمَدِينَةِ.

4547 ـ وحدّثني أَبُو الطّاهِرِ: حَدّثَنَا عَبْدُ اللّهِ بْنُ وَهْبٍ: أَخْبَرَنِي حَفْصُ بْنُ مَيْسَرَةَ، عَنْ مُوسَى بِهَذَا الإِسْنَادِ، هَذَا الْحَدِيثَ. وَحَدِيثُ ابْنُ جُرَيْجٍ أَكْثَرُ وَأَتَمّ.

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمدىن، بەنىي نەزىر ۋە قۇرەيزە يەھۇدىيلىرى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە قارشى ئۇرۇش قىلدى، رەسۇلۇللاھ بەنىي نەزىرلەرنى قوغلاپ چىقاردى، قۇرەيزلىك يەھۇدىيلەرگە ياخشىلىق قىلىپ ئۇلارنى ئورۇنلاشتۇردى، كېيىن ئۇلار يەنە ئۇرۇش قىلدى، ئاندىن ئۇلارنىڭ ئەرلىرىنى ئۆلتۈرۈپ، ئاياللىرىنى، باللىرىنى، ماللىرىنى مۇسۇلمانلار ئارىسىغا تەقسىم قىلىپ بەردى. ئۇلارنىڭ بەزىللىرى رەسۇلۇللاھ قا

قوشۇلدى، ئۇلارغا ئەمىنلىك بەردى، ئۇلار مۇسۇلمان بولدى، رەسۇلۇللاھ مەدىنىنىڭ بەنى قەينۇقا، بەنى ھارىس قاتارلىق بارلىق يەھۇدىيلىرىنى قوغلاپ چىقارى.قەينۇقا ئابدۇللاھ ئىبنى سالامنىڭ قەۋمى ئىدى.

### 811 ـ باب إخراج اليهود والنصارى من جزيرة العرب

4548 ـ وحدّثني زُهَيْرُ بْنُ حَرْبٍ: حَدّثَنَا الضّحّاكُ بْنُ مَخْلَدٍ، عَنِ ابْنِ جُرَيْجٍ. ح وَحَدّثنِي مُحَمّدُ بْنُ رَافِعٍ (وَاللّفْظُ لَهُ). حَدّثنَا عَبْدُ الرّزّاقِ: أَخْبَرَنَا ابْنُ جُرَيْجٍ: أَخْبَرَنِي أَبُو الزّبَيْرِ أَنّهُ سَمِعَ جَابِرَ بْنَ عَبْدِ اللّهِ يَقُولُ : أَخْبَرَنِي عُمَرُ بْنُ الْخَطّابِ أَنّهُ سَمِعَ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم يَقُولُ: «لأُخْرِجَنّ الْيَهُودَ وَالنّصَارَى مِنْ جَزِيرَةِ الْعَرَبِ، حَتّى لاَ أَدَعَ إِلاّ مُسْلِماً».

4549 ـ وحدّثني زُهَيْرُ بْنُ حَرْبٍ: حَدّثَنَا رَوْحُ بْنُ عُبَادَةَ: أَخْبَرَنَا سُفْيَانُ الثّوْرِيّ. ح وَحَدّثنِي سَلَمَةُ بْنُ شَبِيبٍ: حَدّثَنَا الْحَسَنُ بْنُ أَعْيَنَ: حَدّثَنَا مَعْقِلٌ (وَهُوَ ابْنُ عُبَيْدِ اللّهِ)، كِلاَهُمَا، عَنْ أَبِي الزّبَيْرِ بِهَـذَا الإِسْنَادِ، مِثْلَهُ.

جابىر، ئىبنى ئۆمەر، ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ئەلۋەتتە مەن ئەرەب ـ يېرىم ئاراللىرىدىن يەھۇدىي، ناسارالارنى قوغلاپ چىقىرىمەن، تاكى مەن پەقەت مۇسۇلمانىنلا قالدۇرۇپ، مۇسۇلمانلاردىن باشقىلارنى قالدۇرماي قوغلاپ چىقىرىمەن، (ھەتتا، مۇشرىك، دىنسىزلارمۇ قوغلاپ چىقىرىلىدۇ). ئەگەر ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈپ ياشاپ قالسام، ئاللاھ خالىسا چوقۇم يەھۇدىي، ناسارالارنى ئەرەپ ئاراللىرىدىن قوغلاپ چىقىرىمەن. مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ. ئىست! ھازىرقى ئىسلام دۆلەتلىرىگە ۋايدۇر.ئۇلارمۇ بۇ ھەدىسنى بىلەمدىغاندۇ؟ بىلىدۇ!!لېكىن نەپسى ـ راھەت،شەيتاننىڭ قۇلى ـ دە!

### 812 ـ باب جواز قتال من نقض العهد، وجواز إنزال أهل الحصن على حكم حاكم عدل أهل للحكم

**ئەھدىنى بۇزغان كىشىنى ئۆلتۈرۈش، قورغان ئەھلىنى ئادىل ھاكىمنىڭ ھۆكمىگەبوي سۇندۇرۇش توغرىسىدا**

4550 ـ وحدّثنا أَبُو بَكْرِ بْنُ أَبِي شَيْبَةَ وَ مُحَمّدُ بْنُ الْمُثنّى وَ ابْنُ بَشّارٍ (وَأَلْفَاظُهُمْ مُتَقَارِبَةٌ) (قَالَ أَبُو بَكْرٍ: حَدّثَنَا غُنْدَرٌ، عَنْ شُعْبَةَ. وَقَالَ الآخَرَانِ: حَدّثَنَا مُحَمّدُ بْنُ جَعْفَرٍ: حَدّثَنَا شُعْبَةُ) عَنْ سَعْدِ بْنِ إِبْرَاهِيمَ قَالَ: سَمِعْتُ أَبَا أُمَامَةَ بْنَ سَهْلِ بْنِ حُنَيْفٍ قَالَ: سَمِعْتُ أَبَا سَعِيدٍ الْخُدْرِيّ قَالَ: نَزَلَ أَهْلُ قُرَيْظَةَ عَلَىَ حُكْمِ سَعْدِ بْنِ مُعَاذٍ، فَأَرْسَلَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم إِلَىَ سَعْدٍ. فَأَتَاهُ عَلَىَ حِمَارٍ. فَلَمّا دَنَا قَرِيباً مِنَ الْمَسْجِدِ، قَالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم لِلأَنْصَارِ: «قُومُوا إِلَىَ سَيّدِكُمْ» (أَوْ خَيْرِكُمْ). ثُمّ قَالَ: «إِنّ هَـؤُلاَءِ نَزَلُوا عَلَىَ حُكْمِكَ» قَالَ: تَقْتُلُ مُقَاتِلَتَهُمْ، وَتَسْبِي ذُرّيّتَهُمْ. قَالَ: فَقَالَ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم: «قَضَيْتَ بِحُكْمِ اللّهِ» وَرُبّمَا قَالَ: «قَضَيْتَ بِحُكْمِ الْمَلِكِ» وَلَمْ يَذْكُرِ ابْنُ الْمُثَنّى: وَرُبّمَا قَالَ: «قَضَيْتَ بِحُكْمِ الْمَلِكِ».

4551 ـ وحدّثنا زُهَيْرُ بْنُ حَرْبٍ: حَدّثَنَا عَبْدُ الرّحْمَنِ بْنُ مَهْدِيّ، عَنْ شُعْبَةَ بِهَـذَا الإِسْنَادِ. وَقَالَ فِي حَدِيثِهِ: فَقَالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: «لَقَدْ حَكَمْتَ فِيهِمْ بِحُكْمِ اللّهِ». وَقَالَ مَرّةً: «لَقَدْ حَكَمْتَ بِحُكْمِ الْمَلِكِ».

ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، بەنىي قۇرەيزلەر سەئىد ئىبنى مۇئازنىڭ ھۆكمىگە چۈشكەندە، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنىڭغا كىشى ئەۋەتتى، ئۇ ئىشەككە مىنىپ كېلىپ يېقىنلاشقاندا، رەسۇلۇللاھ: سىلەرئۇرنۇڭلاردىن تۇرۇپ، سەييىدىڭلارغا،يول باشچىڭلارغا ياردەملىشىڭلار دېدى،(چۈنكى ئۇ ياردارئىدى) ئۇ كېلىپ ئولتۇرغاندا، رەسۇلۇللاھ:ئى سەئىدى! ئاۋۇ كىشىلەر سىنىڭ ھۆكۈم قىلىشىڭغا چۈشتى دېدى، سەئىد ئىبنى مۇئاز رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: مەن ئۇلارنىڭ ئەسكەرلىرىنىڭ ئۆلتۈرلىشىگە، ئاياللىرىنىڭ، باللىرىنىڭ ئولجا ئېلىنىشىغا

ھۆكۈم قىلىمەن دېدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:ھەقىقەتەن سەن ئۇلارغا بىردىنبىر پادىشاھ بولغان **الله** نىڭ ھۆكمى بىلەن ھۆكۈم قىلدىڭ دېدى. بۇخارى،مۇسلىم توپلىغان.

4552 ـ وحدّثنا أَبُو بَكْرِ بْنُ أَبِي شَيْبَةَ وَ مُحَمّدُ بْنُ الْعَلاَءِ الْهَمْدَانِيّ، كِلاَهُمَا، عَنِ ابْنِ نُمَيْرٍ. قَالَ ابْنُ الْعَلاَءِ: حَدّثَنَا ابْنُ نُمَيْرٍ: حَدّثَنَا هِشَامٌ، عَنْ أَبِيهِ، عَنْ عَائِشَةَ قَالَتْ: أُصِيبَ سَعْدٌ يَوْمَ الْخَنْدَقِ، رَمَاهُ رَجُلٌ مِنْ قُرَيْشٍ يُقَالُ لَهُ ابْنُ الْعَرِقَةِ، رَمَاهُ فِي الأَكْحَلِ. فَضَرَبَ عَلَيْهِ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم خَيْمَةً فِي الْمَسْجِدِ يَعُودُهُ مِنْ قَرِيبٍ. فَلَمّا رَجَعَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم مِنَ الْخَنْدَقِ، وَضَعَ السّلاَحَ، فَاغْتَسَلَ، فَأَتَاهُ جِبْرِيلُ وَهُوَ يَنْفُضُ رَأْسَهُ مِنَ الْغُبَارِ. فَقَالَ: وَضَعْتَ السّلاَحَ؟ وَاللّهِ مَا وَضَعْنَاهُ، اخْرُجْ إِلَيْهِمْ. فَقَالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: «فَأَيْنَ؟» فَأَشَارَ إِلَىَ بَنِي قُرَيْظَةَ، فَقَاتَلَهُمْ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم. فَنَزَلُوا عَلَىَ حُكْمِ رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم، فَرَدّ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم الْحُكْمَ فِيهِمْ إِلَىَ سَعْدٍ. قَالَ: فَإِنّي أَحْكُمُ فِيهِمْ أَنْ تُقْتَلَ الْمُقَاتِلَةُ، وَأَنْ تُسْبَى الذّرّيّةُ وَالنّسَاءُ، وَتُقْسَمَ أَمْوَالُهُمْ.

4553 ـ وحدّثنا أَبُو كُرَيْبٍ: حَدّثَنَا ابْنُ نُمَيْرٍ: حَدّثَنَا هِشَامٌ قَالَ: قَالَ أَبِي: فَأُخْبِرْتُ أَنّ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم قَالَ: «لَقَدْ حَكَمْتَ فِيهِمْ بِحُكْمِ اللّهِ عَزّ وَجَلّ».

ئەبۇ سەئىد ، ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھە ۋمادىن، سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ خەندەق كۈنى يارلانغان ئىدى. قۇرەيشلىك ئىبنى ئەرىيەت ئۇنىڭ كۆزىگە ئوق ئاتقان ئىدى. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنىڭ ئۈچۈن مەسجىد ئىچىگە چېدىر قىلىپ بېرىپ، يوقلاپ تۇرغان ئىدى. رەسۇلۇللاھ خەندەق ئۇرۇشىدىن قايتقاندا، قوراللىنى قويۇپ يۇيىنىۋاتسا، جىبرىئىل بېشىدىن چاڭ ـ توزانلارنى سۈرتكەن ھالدا كېلىپ؛ سەن قوراللىنى قويۇپ ، جەڭ كىيىمىنى سېلىۋېتىپ يۇيىنىۋاتامسەن؟ **الله** بىلەن قەسەمكى، مەن تېخى قوراللىمنى قويمۇدۇم، سەن ئۇلارغا قارشى ئۇرۇشقا چىققىن دەپتۇ، رەسۇلۇللاھ:قەيەرگە؟دىسە، ئۇ؛ بەنىي قۇرەيزىلەر تەرەپكە ئىشارەت قىلىپتۇ، ئاندىن رەسۇلۇللاھ ئۇلارغا قارشى ئۇرۇشقا چىقىپ غەلبە قىلدى. بەنىي قۇرەيزەلەر سەئىد ئىبنى مۇئازنىڭ ھۆكمىگە چۈشكەندە، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنىڭغا كىشى ئەۋەتتى، ئۇ ئىشەككە مىنىپ كېلىپ يېقىنلاشقاندا، رەسۇلۇللاھ: سىلەرئۇلۇغۇڭلاردىن تۇرۇپ، سەييىدىڭلارغا،يول باشچىڭلارغا ياردەملىشىڭلار دېدى،(چۈنكى ئۇ ياردارئىدى) ئۇ كېلىپ ئولتۇرغاندا، رەسۇلۇللاھ:ئى سەئدى! ئاۋۇ كىشىلەر سىنىڭ ھۆكۈم قىلىشىڭغا چۈشتى دېدى، سەئىد ئىبنى مۇئاز رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: مەن ئۇلارنىڭ ئەسكەرلىرىنىڭ ئۆلتۈرۈلىشىگە، ئاياللىرىنىڭ، باللىرىنىڭ ئولجا ئېلىنىشىغا ھۆكۈم قىلىمەن دېدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:ھەقىقەتەن سەن ئۇلارغا بىردىنبىر پادىشاھ بولغان **الله** نىڭ ھۆكمى بىلەن ھۆكۈم قىلدىڭ دېدى.

4554 ـ حدّثنا أَبُو كُرَيْبٍ: حَدّثَنَا ابْنُ نُمَيْرٍ عَنْ هِشَامٍ: أَخْبَرَنِي أَبِي، عَنْ عَائِشَةَ أَنّ سَعْداً قَالَ، وَتَحَجّرَ كَلْمُهُ لِلْبُرْءِ، فَقَالَ: اللّهُمّ! إِنّكَ تَعْلَمُ أَنْ لَيْسَ أَحَدٌ أَحَبّ إِلَيّ أَنْ أُجَاهِدَ فِيكَ، مِنْ قَوْمٍ كَذّبُوا رَسُولَكَ صلى الله عليه وسلم وَأَخْرَجُوهُ. اللّهُمّ! فَإِنْ كَانَ بَقِيَ مِنْ حَرْبِ قُرَيْشٍ شَيْءٌ فَأَبْقِنِي أُجَاهِدْهُمْ فِيكَ، اللّهُمّ! فَإِنّي أَظُنّ أَنّكَ قَدْ وَضَعْتَ الْحَرْبَ بَيْنَنَا وَبَيْنَهُمْ، فَإِنْ كُنْتَ وَضَعْتَ الْحَرْبَ بَيْنَنَا وَبَيْنَهُمْ فَافْجُرْهَا وَاجْعَلْ مَوْتِي فِيهَا، فَانْفَجَرَتْ مِنْ لَبّتِهِ، فَلَمْ يَرُعْهُمْ (وَفِي الْمَسْجِدِ مَعَهُ خَيْمَةٌ مِنْ بَنِي غِفَارٍ) إِلاّ وَالدّمُ يَسِيلُ إِلَيْهِمْ. فَقَالُوا: يَا أَهْلَ الْخَيْمَةِ مَا هَذَا الّذِي يَأْتِينَا مِنْ قِبَلِكُمْ فَإِذَا سَعْدٌ جُرْحُهُ يَغِذّ دَماً. فَمَاتَ مِنْهَا.

4555 ـ وحدّثنا عَلِيّ بْنُ الْحُسَيْنِ بْنِ سُلَيْمَانَ الْكُوفِيّ: حَدّثَنَا عَبْدَةُ، عَنْ هِشَامٍ بِهَـٰذَا الإِسْنَادِ، نَحْوَهُ. غَيْرَ أَنّهُ قَالَ: فَانْفَجَرَ مِنْ لَيْلَتِهِ، فَمَا زَالَ يَسِيلُ حَتّىَ مَاتَ. وَزَادَ فِي الْحَدِيثِ قَالَ: فَذَاكَ حِينَ يَقُولُ الشّاعِرُ:

أَلاّ يَا سَعْدُ سَعْدَ بَنِي مُعَاذٍفمَا فَعَلَتْ قُرَيْظَةُ وَالنّضِيرُلَعَمْرُكَ إِنّ سَعْدَ بَنِي مُعَاذٍغَدَاةَ تَحَمّلُوا لَهُوَ الصّبُورُتَرَكْتُمْ قِدْرَكُمْ لاَ شَيءِ فِيهَاوَقِدْرُ الْقَوْمِ حَامِيَةٌ تَفُورُوَقَدْ قَالَ الْكَرِيمُ أَبُو حُبَابٍ أَقِيمُوا، قَيْنُقَاعُ، وَلاَ تَسِيرُواوَقَدْ كَانُوا بِبَلْدَتِهِمْ ثِقَالاً كَمَا ثَقُلَتْ بِمَيْطَانَ الصّخُورُ

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن، سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ خەندەق كۈنى يارلانغان ئىدى. قۇرەيشلىك ئىبنى ئەرىەت ئۇنىڭ كۆزىگە ئوق ئاتقان ئىدى. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنىڭ ئۈچۈن مەسجىد ئىچىگە چېدىر قىلىپ بېرىپ، يوقلاپ تۇرغان ئىدى. ئۇنىڭ جاراھىتى ساقىيىش ئۈچۈن قېتىشقان ئىدى، ئۇ:ئى **الله**! سىلى ئوبدان بىلىپ تۇرىلا، پەيغەمبەرلىرىنى ئىنكار قىلغان، ئۇنى يۇرتىدىن قوغلاپ چىقارغان كاپىرلارغا قارشى سىلىنىڭ يوللىرىدا ئۇرۇش قىلىشنى مەندەك ياخشى كۆرىدىغان كىشى يوق، (يەنى مەن شۇلار بىلەن ئۇرۇش قىلىشنى بەك ياخشى كۆرىمەن) ئى **الله**! ئەگەر كاپىرلار بىلەن بولىدىغان ئۇرۇشتىن يەنەئازراق قېلىپ قالغان بولسا، مىنى ھايات قالدۇرسىلا، مەن سىلىنىڭ يوللىرىدا ئۇلارغا قارشى ئۇرۇش قىلغۇلاي، ـ مەن سىلىنى ئۇلار بىلەن بىزنىڭ ئارلىقىمىزدىكى جەڭنى توختاتتى دەپ گۇمان قىلىمەن ـ ئەگەر ئۇلار بىلەن بىزنىڭ ئارلىقىمىزدىكى جەڭنى توختاتقان بولسىلا، مىنىڭ بۇ جاراھىتىمنى يېرىۋېتىپ، ئۆلۈمىمنى مۇشۇنىڭدا قىلىپ بەرسىلە(شېھىد بولغۇلاي)دېدى. ئاندىن ئۇنىڭ جاراھىتى كۆكسىدىن يەنەبىردە بويىندىن يېرىلىپ كېتىپ، ئۇلارنى پەقەت سەئىدنىڭ چېدىرىدىن ئېقىپ كەلگەن قانلا چۆچۈتتى،ئۇلار: ئى چېدىر ئەھلى!سىلەر تەرەپتىن كېلىۋاتقان بۇ نىمە قان؟دېيىشتى، ناگاھان سەئىدنىڭ جاراھىتى قان ئاقتۇرىۋاتاتتى، ئۇ شۇنىڭ بىلەن ئۆلۈپ كېتىپ شېھىد بولدى. بۇھەقتە شائىرلار يۇقىردىكى شېئىرنى ئەيتتى.

### 813 ـ باب المبادرة بالغزو، وتقديم أهم الأمرين المتعارضين

### غازاتقا ئالدىراش، بىربىرىگە زىت ئىككى ئىشنىڭ مۇھىمراقىنى بۇرۇن قىلىش توغرىسىدا

4556 ـ وحدّثني عَبْدُ اللّهِ بْنُ مُحَمّدِ بْنِ أَسْمَاءَ الضّبَعِيّ: حَدّثَنَا جُوَيْرِيَةُ بْنُ أَسْمَاءَ، عَنْ نَافِعٍ، عَنْ عَبْدِ اللّهِ قَالَ: نَادَىَ فِينَا رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم يَوْمَ انْصَرَفَ عَنِ الأَحْزَابِ «أَنْ لاَ يُصَلّيَنّ أَحَدٌ الظّهْرَ إِلاّ فِي بَنِي قُرَيْظَةَ» فَتَخَوّفَ نَاسٌ فَوْتَ الْوَقْتِ، فَصَلّوْا دُونَ بَنِي قُرَيْظَةَ. وَقَالَ آخَرُونَ: لاَ نُصَلّي إِلاّ حَيْثُ أَمَرَنَا رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم، وَإِنْ فَاتَنَا الْوَقْتُ. قَالَ: فَمَا عَنّفَ وَاحِداً مِنَ الْفَرِيقَيْنِ.

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئەھزاپ ئۇرۇشىدىن قايتقان كۈنى ئارىمىزدا تۇرۇپ:سىلەردىن ھەرقانداق بىركىشى پېشىننى (يەنەبىردە ئەسرىنى)بەنىي قۇرەيزەلەرنىڭ جايىدا ئوقۇسۇن دەپ نىدا قىلدى. بەزى كىشلەر ناماز ۋاقتىنىڭ ئۆتۈپ كېتىشىدىن ئەنسىرەپ، ئۇجايغا بارماي تۇرۇپ نامازنى ئوقۇۋالدى. يەنەبەزىلەر:گەرچە نامازنىڭ ۋاقتى ئۆتۈپ كەتسمۇ، بىز پەقەت نامازنى رەسۇلۇللاھ بۇيرىغان جايدا ئوقۇيمىز دەپ،(شۇجايغا بېرىپ ئوقۇدى)ئاندىن بۇئىككى پىرقە كىشلەرنىڭ ھېچ قايسىسى ئەيىبلەنمىدى

## 814 - باب ردّ المهاجرين إلى الأنصار منائحهم من الشجر والثمر حين استغنوا عنها بالفتوح

## مۇھاجىرلارنىڭ غەلبىدىن كېيىن ئەنسارلارغا ئۇلاردىن ئالغان نەرسىللىرىنى قايتۇرۇپ بېرىشى

4557 - وحدّثني أَبُو الطّاهِرِ وَ حَرْمَلَةُ. قالاَ: أَخْبَرَنَا ابْنُ وَهْبٍ: أَخْبَرَنِي يُونُسُ، عَنِ ابْنِ شِهَابٍ، عَنْ أَنَسِ بْنِ مَالِكٍ قالَ: لَمّا قَدِمَ الْمُهَاجِرُونَ، مِنْ مَكّةَ، الْمَدِينَةَ قَدِمُوا وَلَيْسَ بِأَيْدِيهِمْ شَيْءٌ، وَكَانَ الأَنْصَارُ أَهْلَ الأَرْضِ وَالْعَقَارِ، فَقَاسَمَهُمُ الأَنْصَارُ عَلَى أَنْ أَعْطَوْهُمْ أَنْصَافَ ثِمَارِ أَمْوَالِهِمْ، كُلّ عَامٍ، وَيَكْفُونَهُمُ الْعَمَلَ وَالْمَؤُونَةَ، وَكَانَتْ أُمّ أَنَسِ بْنِ مَالِكٍ، وَهِيَ تُدْعَى أُمّ سُلَيْمٍ، وَكَانَتْ أُمّ عَبْدِ اللّهِ بْنِ أَبِي طَلْحَةَ، كَانَ أَخاً لأَنَسٍ لأُمّهِ، وَكَانَتْ أَعْطَتْ أُمّ أَنَسٍ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم عِذَاقاً لَهَا. فَأَعْطَاهَا رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم أُمّ أَيْمَنَ، مَوْلاَتَهُ، أُمّ أُسَامَةَ بْنِ زَيْدٍ. قَالَ ابْنُ شِهَابٍ: فَأَخْبَرَنِي أَنَسُ بْنُ مَالِكٍ أَنّ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم لَمّا فَرَغَ مِنْ قِتَالِ أَهْلِ خَيْبَرَ، وَانْصَرَفَ إِلَى الْمَدِينَةِ. رَدّ الْمُهَاجِرُونَ إِلَى الأَنْصَارِ مَنَائِحَهُمُ الّتِي كَانُوا مَنَحُوهُمْ مِنْ ثِمَارِهِمْ. قَالَ: فَرَدّ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم إِلَى أُمّي عِذَاقَهَا، وَأَعْطَى رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم أُمّ أَيْمَنَ مَكَانَهُنّ مِنْ حَائِطِهِ.
قَالَ ابْنُ شِهَابٍ: وَكَانَ مِنْ شَأْنِ أُمّ أَيْمَنَ، أُمّ أُسَامَةَ بْنِ زَيْدٍ أَنّهَا كَانَتْ وَصِيفَةً لِعَبْدِ اللّهِ بْنِ عَبْدِ الْمُطّلِبِ، وَكَانَتْ مِنَ الْحَبَشَةِ. فَلَمّا وَلَدَتْ آمِنَةُ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم، بَعْدَمَا تُوُفّيَ أَبُوهُ، فَكَانَتْ أُمّ أَيْمَنَ تَحْضُنُهُ، حَتّى كَبِرَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم. فَأَعْتَقَهَا، ثُمّ أَنْكَحَهَا زَيْدَ بْنَ حَارِثَةَ، ثُمّ تُوُفّيَتْ بَعْدَ مَا تُوُفّيَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم بِخَمْسَةِ أَشْهُرٍ.

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، مۇھاجىرلار مەككىدىن مەدىنىگە كەلگەندە ئۇلارنىڭ قوللىرىدا ھېچ نەرسە يوق ئىدى، ئەنسارلاربولسا تېرىلغۇ يەر، باغلارنىڭ ئىگىسى ئىدى، ئەنسارلار ئۇلارغا ھەر يىللىق چىققان كىرىم مىۋىنىڭ يېرىمىنى تەقسىم قىلىپ بەردى، مۇھاجىرلار سېلىنغان مەبلەغ بىلەن ئىش ـ ئەمگەكنىڭ ھۆددىسىدىن چىقاتتى، ئابدۇاللە نىڭ ئانىسى مىنىڭ ھاما ئانام ئىدى، ئانام ئۇممە سۇلەيىم رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم گە خورمىسىنى بەردى، رەسۇلۇللاھ ئۇخورمىنى ئازادكەردىسى، ئۇسامەنىڭ ئانىسى ئۇممەئەيمەنگە بەردى، ئۇلار خەيبەر ئۇرىشىدىن يېنىپ مەدىنىگە قايتىپ كەلگەندە، مۇھاجىرلار ئەنسارلارغا ئۇلاردىن بۇرۇن ئالغان نەرسىللىرىنى يەنى مىۋىللىرىنى قايتۇرۇپ بەردى، رەسۇلۇللاھ مۇ ئانامنىڭ خورمىسىنى قايتۇرۇپ بەردى، ئۇممەئەيمەنگە ئۇنىڭ ئورنىغا ئۆزىنىڭ بېغىدىن نەچچە ھەسسە ئارتۇق خورما بەردى.ئىبنى شىھاب مۇنداق دەيدۇ: ئۇسامەنىڭ ئانىسى ئۇممەئەيمەن ھەبەشىستانلىق ئىدى، ئۇ ئابدۇاللە ئىبنى ئابدۇلمۇتتەلىپنىڭ دېدەكى ئىدى، ئامىنە رەسۇلۇللاھ نى رەسۇلۇللاھ نىڭ دادىسى ئابدۇاللە ۋاپات تاپقاندىن كېيىن تۇغقۇدى، ئۇممەئەيمەن رەسۇلۇللاھ نى تەربىيلىدى، رەسۇلۇللاھ چوڭ بۇلۇپ ئۇنى ئازاد قىلىپ، ئۇسامەنىڭ دادىسى زەيدكەنىكاھلاپ قويىدى، ئۇممەئەيمەن رەسۇلۇللاھ نىڭ ۋاپاتىدىن بەش ئاي كېيىن ۋاپات بولدى.

4558 - حدّثنا أَبُو بَكْرِ بْنُ أَبِي شَيْبَةَ وَ حَامِدُ بْنُ عُمَرَ الْبَكْرَاوِيّ وَ مُحَمّدُ بْنُ عَبْدِ الأَعْلَى الْقَيْسِيّ، كُلّهُمْ، عَنِ الْمُعْتَمِرِ (وَاللّفْظُ لاِبْنِ أَبِي شَيْبَةَ): حَدّثَنَا مُعْتَمِرُ بْنُ سُلَيْمَانَ التّيْمِيّ عَنْ أَبِيهِ، عَنْ أَنَسٍ أَنّ رَجُلاً (وَقَالَ حَامِدٌ وَابْنُ عَبْدِ الأَعْلَى: أَنّ الرّجُلَ) كَانَ يَجْعَلُ لِلنّبِيّ صلى الله عليه وسلم النّخَلاَتِ مِنْ أَرْضِهِ، حَتّى فُتِحَتْ عَلَيْهِ قُرَيْظَةُ وَالنّضِيرُ، فَجَعَلَ، بَعْدَ ذَلِكَ، يَرُدّ عَلَيْهِ مَا كَانَ أَعْطَاهُ.
قَالَ أَنَسٌ: وَإِنّ أَهْلِي أَمَرُونِي أَنْ آتِيَ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم فَأَسْأَلَهُ مَا كَانَ أَهْلُهُ أَعْطَوْهُ أَوْ بَعْضَهُ. وَكَانَ نَبِيّ اللّهِ صلى الله عليه وسلم قَدْ أَعْطَاهُ أُمّ أَيْمَنَ، فَأَتَيْتُ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم فَأَعْطَانِيهِنّ. فَجَاءَتْ أُمّ أَيْمَنَ فَجَعَلَتِ الثّوْبَ فِي عُنُقِي وَقَالَتْ: وَاللّهِ لاَ نُعْطِيكَاهُنّ وَقَدْ أَعْطَانِيهِنّ. فَقَالَ نَبِيّ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: «يَا أُمّ أَيْمَنَ اتْرُكِيهِ وَلَكِ كَذَا وَكَذَا». وَتَقُولُ: كَلاّ. وَالّذِي لاَ إِلَهَ إِلاّ هُوَ فَجَعَلَ يَقُولُ كَذَا حَتّى أَعْطَاهَا عَشَرَةَ أَمْثَالِهِ، أَوْ قَرِيباً مِنْ عَشَرَةِ أَمْثَالِهِ.

**سەھىھ مۇسلىمنىڭ تەرجىمىسى**

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، بىركىشى زېمىنىدىكى خورمىللىرىنى قۇرەيزە بىلەن نەزىر زېمىنى پەتھى بولغانغا قەدەر رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە بېرىپ تۇردى. ئاندىن كېيىن رەسۇلۇﷲ ئۇنىڭغاخورمىللىرىنى قايتۇرۇپ بەردى. ئۆيۈمدىكىلەر مىنى رەسۇلۇﷲ نىڭ قېشىغا ئۇلار بەرگەن نەرسىلەرنىڭ بەزىسىنى سوراپ بېرىشىمغا ئەۋەتتى، رەسۇلۇﷲ ئۇ خورمىنى ئۇممەئەيمەنگەبەرگەن ئىكەن، مەن بارسام، ئۇنى ماڭابەردى، ئاندىن ئۇممەئەيمەن كىلىپ، كىيىمنى بوينۇمغا سېلىۋېلىپ؛ﷲ بىلەن قەسەمكى، رەسۇلۇﷲ بۇنى ماڭا بەرگەن، مەن بۇنى سىلەرگە ھەرگىز بەرمەيمەن دېدى، رەسۇلۇﷲ:ئى ئۇممەئەيمەن!ئۇنى قويۇۋەتكىن، ساڭا مۇنچىلىك، مۇنچىلىك بېرەي دېسمۇ، ئۇ ياق دەۋەردى، رەسۇلۇﷲ ئۇنىڭغا مۇنچىلىك بېرەي، مۇنچىلىك دەۋىرىپ، تاكى ئۇنىڭغا ئۇخورمىنىڭ ئون ھەسسىدەك كۆپ بەردى(بۇ ئۇنى رازى قىلىش ئىدى)

### *815 - باب جواز الأكل من طعام الغنيمة في دار الحرب*

### دۈشمەن زېمىنىدىكى غەنىيمەت تاماقلىرىدىن يېيىشنىڭ دۇرۇسلىقى

**4559 2771 — 27 حدّثنا شَيْبَانُ بْنُ فرّوخ: حَدّثنا سُلَيْمَانُ (يَعْنِي ابْنَ الْمُغِيرَةِ): حَدّثَنَا حُمَيْدُ بْنُ هِلاَلٍ، عَنْ عَبْدِ اللّهِ بْنِ مُغَفّلٍ قَالَ: أَصَبْتُ جِرَاباً مِنْ شَحْمٍ، يَوْمَ خَيْبَرَ. قَالَ: فَالْتَزَمْتُهُ. فَقُلْتُ: لاَ أُعْطِي الْيَوْمَ أَحداً مِنْ هَذَا شَيْئاً. قَالَ: فَالْتَفتّ فَإِذَا رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم مُتَبَسّماً.**
**4560 - حدّثنا مُحَمّدُ بْنُ بَشّارٍ الْعَبْدِيّ: حَدّثَنَا بَهْزُ بْنُ أَسَدٍ: حَدّثَنَا شُعْبَةُ: حَدّثنِي حُمَيْدُ بْنُ هِلاَلٍ قَالَ: سَمِعْتُ عَبْدَ اللّهِ بْنَ مُغَفّلٍ يَقُولُ: رُمِيَ إِلَيْنَا جِرَابٌ فِيهِ طَعَامٌ وَشَحْمٌ، يَوْمَ خَيْبَرَ، فَوَثَبْتُ لآخُذَهُ. قَالَ: فَالْتَفَتّ فَإِذَا رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم، فَاسْتَحْيَيْتُ مِنْهُ.**
**4561 - وحدّثناه مُحَمّدُ بْنُ الْمُثَنّى: حَدّثَنَا أَبُو دَاوُدَ، حَدّثَنَا شُعْبَةُ بِهَذَا الإِسْنَادِ. غَيْرَ أَنّهُ قَالَ: جِرَابٌ مِنْ شَحْمٍ، وَلَمْ يَذْكُرِ الطّعَامَ.**

ئابدۇللاھ ئىبنى مۇغەپپەل رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، مەن خەيبەر كۈنىدىكى ئۇرۇشتا، بىر تۇلۇن ياغقا ئېرىشىپ، ئۇنى مەھكەم چىڭ تۇتقىنىمچە؛ بۈگۈن مەن بۇنىڭدىن ھېچ كىشىگە بىرەر نەرسە بەرمەيمەن دېدىم، ئاندىن قارىسام، ناگاھان رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ماڭا قاراپ، تەبەسسۇم قىلىپ كۈلۈۋېتىپتۇ.ئاندىن مەن ھايا قىلىپ تارتىنىدىم . بۇخارى،مۇسلىم.

### *816 - باب كتاب النبيّ صلى الله عليه وسلم إلى هرقل يدعوه إلى الإسلام*

### رەسۇلۇﷲ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋە سەللەمنىڭ ھېرەقلىنى ئىسلام دىنىغا دەئۋەت قىلىپ مەكتۇپ يوللىشى

**4562 — حدّثنا إِسْحَقُ بْنُ إِبْرَاهِيمَ الْحَنْظَلِيّ وَ ابْنُ أَبِي عُمَرَ وَ مُحَمّدُ بْنُ رَافِعٍ وَ عَبْدُ بْنُ حُمَيْدٍ (وَاللّفْظُ لاِبْنِ رَافِعٍ) (قَالَ ابْنُ رَافِعٍ وَ ابْنُ أَبِي عُمَرَ: حَدّثَنَا. وَقَالَ الآخَرَانِ: أَخْبَرَنَا عَبْدُ الرّزّاقِ أَخْبَرَنَا مَعْمَرٌ، عَنِ الزّهْرِيّ، عَنْ عُبَيْدِ اللّهِ بْنِ عَبْدِ اللّهِ بْنِ عُتْبَةَ، عَنِ ابْنِ عَبّاسٍ أَنّ أَبَا سُفْيَانَ أَخْبَرَهُ، مِنْ فِيهِ إِلَىَ فِيهِ. قَالَ: انْطَلَقْتُ فِي الْمُدّةِ الّتِي كَانَتْ بَيْنِي وَبَيْنَ رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم. قَالَ: فَبَيْنَا أَنَا بِالشّأْمِ، إِذْ جِيءَ بِكِتَابٍ مِنْ رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم إِلَىَ هِرَقْلَ. يَعْنِي عَظِيمَ الرّومِ. قَالَ: وَكَانَ دِحْيَةُ الْكَلْبِيّ جَاءَ بِهِ. فَدَفَعَهُ إِلَىَ عَظِيمِ بُصْرَىَ. فَدَفَعَهُ عَظِيمُ بُصْرَىَ إِلَىَ هِرَقْلَ. فَقَالَ هِرَقْلُ: هَلْ هَهُنَا أَحَدٌ مِنْ قَوْمِ هَذَا الرّجُلِ الّذِي يَزْعُمُ أَنّهُ نَبِيّ؟ قَالُوا: نَعَمْ. قَالَ: فَدُعِيتُ فِي نَفَرٍ مِنْ قُرَيْشٍ، فَدَخَلْنَا عَلَىَ هِرَقْلَ، فَأَجْلَسَنَا بَيْنَ يَدَيْهِ. فَقَالَ: أَيّكُمْ أَقْرَبُ نَسَباً مِنْ هَذَا الرّجُلِ الّذِي يَزْعُمُ أَنّهُ نَبِيّ؟ فَقَالَ أَبُو سُفْيَانَ: فَقُلْتُ: أَنَا، فَأَجْلَسُونِي بَيْنَ يَدَيْهِ، وَأَجْلَسُوا أَصْحَابِي خَلْفِي، ثُمّ دَعَا بِتَرْجُمَانِهِ فَقَالَ لَهُ: قُلْ لَهُمْ: إِنّي سَائِلٌ هَذَا عَنِ الرّجُلِ الّذِي يَزْعُمُ أَنّهُ نَبِيّ، فَإِنْ كَذَبَنِي فَكَذّبُوهُ. قَالَ: فَقَالَ أَبُو سُفْيَانَ: وَايْمُ اللّهِ! لَوْلاَ مَخَافَةُ أَنْ يُؤْثَرَ عَلَيّ الْكَذِبُ لَكَذَبْتُ. ثُمّ قَالَ لِتَرْجُمَانِهِ: سَلْهُ، كَيْفَ حَسَبُهُ فِيكُمْ؟ قَالَ قُلْتُ: هُوَ فِينَا ذُو حَسَبٍ. قَالَ: فَهَلْ كَانَ مِنْ آبَائِهِ مَلِكٌ؟ قُلْتُ: لاَ. قَالَ: فَهَلْ كُنْتُمْ تَتّهِمُونَهُ بِالْكَذِبِ قَبْلَ أَنْ يَقُولَ مَا قَالَ؟ قُلْتُ: لاَ. قَالَ: وَمَنْ يَتّبِعُهُ؟ أَشْرَافُ النّاسِ أَمْ ضُعَفَاؤُهُمْ؟ قَالَ: قُلْتُ: بَلْ ضُعَفَاؤُهُمْ. قَالَ: أَيَزِيدُونَ أَمْ**

يَنْقُصُونَ؟ قالَ قُلْتُ: لاَ. بَلْ يَزِيدُونَ. قالَ: هَلْ يَرْتَدّ أَحَدٌ مِنْهُمْ عَنْ دِينِهِ، بَعْدَ أَنْ يَدْخُلَ فِيهِ، سَخْطَةً لَهُ؟ قالَ قُلْتُ: لاَ. قالَ: فَهَلْ قَاتَلْتُمُوهُ؟ قُلْتُ: نَعَمْ. قالَ: فَكَيْفَ كَانَ قِتَالُكُمْ إِيّاهُ؟ قالَ قُلْتُ: تَكُونُ الْحَرْبُ بَيْنَنَا وَبَيْنَهُ سِجَالاً، يُصِيبُ مِنّا وَنُصِيبُ مِنْهُ. قالَ: فَهَلْ يَغْدِرُ؟ قُلْتُ: لاَ. وَنَحْنُ مِنْهُ فِي مُدّةٍ لاَ نَدْرِي مَا هُوَ صَانِعٌ فِيهَا. قالَ: فَوَاللّهِ مَا أَمْكَنَنِي مِنْ كَلِمَةٍ أُدْخِلُ فِيهَا شَيْئاً غَيْرَ هَذِهِ.

قالَ: فَهَلْ قالَ هَذَا الْقَوْلَ أَحَدٌ قَبْلَهُ؟ قالَ قُلْتُ: لاَ. قالَ لِتَرْجُمَانِهِ: قُلْ لَهُ: إِنّي سَأَلْتُكَ عَنْ حَسَبِهِ فَزَعَمْتَ أَنّهُ فِيكُمْ ذُو حَسَبٍ، وَكَذَلِكَ الرّسُلُ تُبْعَثُ فِي أَحْسَابِ قَوْمِهَا. وَسَأَلْتُكَ: هَلْ كَانَ فِي آبَائِهِ مَلِكٌ؟ فَزَعَمْتَ أَنْ لاَ. فَقُلْتُ: لَوْ كَانَ مِنْ آبَائِهِ مَلِكٌ قُلْتُ رَجُلٌ يَطْلُبُ مُلْكَ آبَائِهِ. وَسَأَلْتُكَ عَنْ أَتْبَاعِهِ، أَضُعَفَاؤُهُمْ أَمْ أَشْرَافُهُمْ؟ فَقُلْتَ: بَلْ ضُعَفَاؤُهُمْ، وَهُمْ أَتْبَاعُ الرّسُلِ. وَسَأَلْتُكَ: هَلْ كُنْتُمْ تَتّهِمُونَهُ بِالْكَذِبِ قَبْلَ أَنْ يَقُولَ مَا قَالَ؟ فَزَعَمْتَ أَنْ لاَ. فَقَدْ عَرَفْتُ أَنّهُ لَمْ يَكُنْ لِيَدَعَ الْكَذِبَ عَلَى النّاسِ ثُمّ يَذْهَبَ فَيَكْذِبَ عَلَى اللّهِ. وَسَأَلْتُكَ: هَلْ يَرْتَدّ أَحَدٌ مِنْهُمْ عَنْ دِينِهِ بَعْدَ أَنْ يَدْخُلَهُ سَخْطَةً لَهُ؟ فَزَعَمْتَ أَنْ لاَ. وَكَذَلِكَ الإِيمَانُ إِذَا خَالَطَ بَشَاشَةَ الْقُلُوبِ. وَسَأَلْتُكَ: هَلْ يَزِيدُونَ أَوْ يَنْقُصُونَ؟ فَزَعَمْتَ أَنّهُمْ يَزِيدُونَ، وَكَذَلِكَ الإِيمَانُ حَتّى يَتِمّ. وَسَأَلْتُكَ: هَلْ قَاتَلْتُمُوهُ؟ فَزَعَمْتَ أَنّكُمْ قَدْ قَاتَلْتُمُوهُ. فَتَكُونُ الْحَرْبُ بَيْنَكُمْ وَبَيْنَهُ سِجَالاً، يَنَالُ مِنْكُمْ وَتَنَالُونَ مِنْهُ، وَكَذَلِكَ الرّسُلُ تُبْتَلَى ثُمّ تَكُونُ لَهُمُ الْعَاقِبَةُ. وَسَأَلْتُكَ: هَلْ يَغْدِرُ؟ فَزَعَمْتَ أَنّهُ لاَ يَغْدِرُ، وَكَذَلِكَ الرّسُلُ لاَ تَغْدِرُ. وَسَأَلْتُكَ: هَلْ قَالَ هَذَا الْقَوْلَ أَحَدٌ قَبْلَهُ؟ فَزَعَمْتَ أَنْ لاَ. فَقُلْتُ: لَوْ قَالَ هَذَا الْقَوْلَ أَحَدٌ قَبْلَهُ، قُلْتُ رَجُلٌ ائْتَمّ بِقَوْلٍ قِيلَ قَبْلَهُ. قالَ: ثُمّ قَالَ: بِمَ يَأْمُرُكُمْ؟ قُلْتُ: يَأْمُرُنَا بِالصّلاَةِ وَالزّكَاةِ وَالصّلَةِ وَالْعَفَافِ. قالَ: إِنْ يَكُنْ مَا تَقُولُ فِيهِ حَقّاً، فَإِنّهُ نَبِيّ. وَقَدْ كُنْتُ أَعْلَمُ أَنّهُ خَارِجٌ، وَلَمْ أَكُنْ أَظُنّهُ مِنْكُمْ، وَلَوْ أَنّي أَعْلَمُ أَنّي أَخْلُصُ إِلَيْهِ، لأَحْبَبْتُ لِقَاءَهُ، وَلَوْ كُنْتُ عِنْدَهُ لَغَسَلْتُ عَنْ قَدَمَيْهِ، وَلَيَبْلُغَنّ مُلْكُهُ مَا تَحْتَ قَدَمَيّ.

قالَ: ثُمّ دَعَا بِكِتَابِ رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم فَقَرَأَهُ، فَإِذَا فِيهِ: «بِسْمِ اللّهِ الرّحْمَنِ الرّحِيمِ، مِنْ مُحَمّدٍ رَسُولِ اللّهِ إِلَى هِرَقْلَ عَظِيمِ الرّومِ. سَلاَمٌ عَلَى مَنِ اتّبَعَ الْهُدَى، أَمّا بَعْدُ، فَإِنّي أَدْعُوكَ بِدِعَايَةِ الإِسْلاَمِ، أَسْلِمْ تَسْلَمْ وَأَسْلِمْ يُؤْتِكَ اللّهُ أَجْرَكَ مَرّتَيْنِ. وَإِنْ تَوَلّيْتَ فَإِنّ عَلَيْكَ إِثْمَ الأَرِيسِيّينَ. {وَيَا أَهْلَ الْكِتَابِ تَعَالَوْا إِلَى كَلِمَةٍ سَوَاءٍ بَيْنَنَا وَبَيْنَكُمْ أَنْ لاَ نَعْبُدَ إِلاّ اللّهَ وَلاَ نُشْرِكَ بِهِ شَيْئاً وَلاَ يَتّخِذَ بَعْضُنَا بَعْضاً أَرْبَاباً مِنْ دُونِ اللّهِ فَإِنْ تَوَلّوْا فَقُولُوا اشْهَدُوا بِأَنّا مُسْلِمُونَ} ( 3آل عمران الآية: 64). فَلَمّا فَرَغَ مِنْ قِرَاءَةِ الْكِتَابِ ارْتَفَعَتِ الأَصْوَاتُ عِنْدَهُ وَكَثُرَ اللّغْطُ، وَأَمَرَ بِنَا فَأُخْرِجْنَا. قالَ: فَقُلْتُ لأَصْحَابِي حِينَ خَرَجْنَا: لَقَدْ أَمِرَ أَمْرُ ابْنِ أَبِي كَبْشَةَ. إِنّهُ لَيَخَافُهُ مَلِكُ بَنِي الأَصْفَرِ. قالَ: فَمَا زِلْتُ مُوقِناً بِأَمْرِ رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم أَنّهُ سَيَظْهَرُ، حَتّى أَدْخَلَ اللّهُ عَلَيّ الإِسْلاَمَ.

4563 ـ وحدّثناه حَسَنٌ الْحُلْوَانِيّ وَ عَبْدُ بْنُ حُمَيْدٍ قَالاَ: حَدّثَنَا يَعْقُوبُ (وَهُوَ ابْنُ إِبْرَاهِيمَ بْنِ سَعْدٍ): حَدّثَنَا أَبِي عَنْ صَالِحٍ، عَنِ ابْنِ شِهَابٍ بِهَذَا الإِسْنَادِ. وَزَادَ فِي الْحَدِيثِ: وَكَانَ قَيْصَرُ لَمّا كَشَفَ اللّهُ عَنْهُ جُنُودَ فَارِسَ مَشَى مِنْ حِمْصَ إِلَى إِيلِيَاءَ. شُكْراً لِمَا أَبْلاَهُ اللّهِ. وَقَالَ فِي الْحَدِيثِ: «مِنْ مُحَمّدٍ عَبْدِ اللّهِ وَرَسُولِهِ». وَقَالَ: «إِثْمَ الْيَرِيسِيّينَ». وَقَالَ: «بِدَاعِيَةِ الإِسْلاَمِ».

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھ ئەنھۇمۇنداق دەيدۇ؛ ئەبۇسۇپيان ئىبنى سەخرى ماڭا ئۆز ئاغزى بىلەن مۇنداق دەپ بەرگەن:مەن بىلەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم نىڭ ئارىسىدا كېلىشىم تۈزۈلگەن مەزگىلدە، مەن شامغا بارغان ئىدىم،(يەنى ھازىرقى سۈريە)مەن شامدىكى چاغدا دىيەكەلبى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ھىرەقلىگە يازغان مەكتۇپىنى ئېلىپ كېلىپ، بۇسرانىڭ ۋالىيسى ئارقىلىق ھىرەقلىگە تاپشۇرغان ئىكەن، ھىرەقلى؛ ئۆزىنى پەيغەمبەر ھىساپلىغان بۇ ئادەمنىڭ خەلقىدىن بۇيەرەدە بىرەركىشى تېپىلامدۇ؟دەپ سوردى، يېنىكىلەر؛ ھەئە تېپىلىدۇ دىيىشتى، مەن ۋە قۇرەيشلىك بىرقانچە ئادەم ھىرەقلە تەرپىدىن چاقىرتىلىپ ئۇنىڭ يېنىغا كىردۇق، ئۇ بىزنى ئالدىدا ئولتۇرغۇزۇپ؛ ئۆزىنى پەيغەمبەر ھىساپلىغان بۇئادەمگە قايسىڭلارنىڭ نەسەبى ئەڭ يېقىن؟دەپ سوردى، مەن ئۇنىڭغا؛ مىنىڭ نەسەبىم ئەڭ يېقىن ئىكەنلىكىنى ئەيتتىم، شۇنىڭ بىلەن ئۇ مىنى ئالدىدا ئولتۇرغۇزدى، ھەمراھلىرىمنى ئارقامدا ئولتۇرغۇزدى، ئاندىن ئۆزىنىڭ تەرجىمانىنى چاقىرتىپ كېلىپ، ئۇ ئارقىلىق بىزگە: مەن بۇ كىشىدىن ئۆزىنى پەيغەمبەر ھىساپلىغان ئادەم توغرۇلۇق سورايمەن، ئەگەر ئۇ يالغان ئەيتسا، ئۇنىڭغا رەددىيە بىرىڭلار ، دىدى. ئەبۇسۇپيان مۇنداق دەيدۇ؛ **الله** بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، ئەگەر ئۇلارنىڭ مىنى يالغانچى دىيىشىدىن ئەنسىرىمىگەن بولسام، ئەلۋەتتە يالغان سۆزلىگەن بولاتتىم، ئاندىن ئۇنىڭ تەرجىمانى ئارقىلىق ئارىمىزدا مۇنداق سوئال ـ جاۋابلار بولدى؛ ھىرەقلە؛ ئاراڭلاردا ئۇنىڭ(يەنى پەيغەمبەرنىڭ)نەسەبى قانداق؟ ئەبۇسۇپيان؛ئۇنىڭ نەسەبى ئىسىل ، ئاتا ـ بوۋىلىرىنىڭ ئىچىدە پادىشاھ بولغان بىرەر كىشى بارمۇ؟ ياق، ئۇ پەيغەمبەرلىك داۋاسى قىلىشىدىن ئىلگىرى ئۇنى يالغانچىلىق بىلەن قارىلىغىنىڭلار بارمۇ؟ ياق، ئۇنىڭغا ئەگەشكەنلەر يۇقىرى تەبىقىدىنمۇ؟ياكى تۆۋەن تەبىقىدىنمۇ؟ تۆۋەن تەبىقىدىن، ئۇنىڭغا

**سەھىھ مۇسلىمنىڭ تەرجىمىسى**

ئەگەشكەنلەرنىڭ سانى كۆپىيىۋاتامدۇ؟ ئازىيىۋاتامدۇ؟ كۆپىيىۋاتىدۇ، ئۇنىڭ دىنىغا كىرگەنلەرنىڭ ئىچىدە دىنىنى ياقتۇرماي يېنىۋالغانلار بارمۇ؟ يوق، ئۇنىڭ بىلەن ئۇرۇش قىلدىڭلارمۇ؟ قىلدۇق، قايسىڭلار غالىپ كەلدىڭلار؟ بەزىدە ئۇ غالىپ كەلدى، بەزىدە بىز غالىپ كەلدۇق، مۇھەممەدنىڭ قىلغان ۋەدىسىگە خىيانەت قىلغان جايلىرى بارمۇ؟ يوق، ھازىر ئۇنىڭ بىلەن ئارىمىزدا كېلىشىم بار، بۇزامدۇ يوق؟بۇنى ئۇقمايمىز، (ئەبۇ سۇپيان؛**الله** بىلەن قەسەمكى، بۇسۆھبەتكە مۇشۇبىر جۈملە سۆزدىن باشقىنى ئۈز يېنىمدىن كىرگۈزۈشكە مۇمكىن بولمىدى دەيدۇ) مۇھەممەدتىن بۇرۇن ئاراڭلاردا پەيغەمبەرلىك داۋاسى قىلغان كىشى بولغانمۇ؟ ياق، ئاندىن كېيىن ھىرەقلى تەرجىمانى ئارقىلىق ئەبۇسۇپيانغا مۇنداق دېدى؛ مۇھەممەدنى ئېسىل نەسەپلىك دېدىڭ، پەيغەمبەر دېگەن شۇنداق ئېسىل نەسەپلىك بولىدۇ، ئاتا ـ بوۋىللىرىدىن پادىشاھلىق قىلغان كىشى يوق دېدىڭ، ئەگەر بولغان بولسا، ئۇنى ئاتا ـ بوۋىللىرىنىڭ پادىشاھلىقىنى تەلەپ قىلىدۇ دەيتتىم، ئۇنىڭغا ئەگەشكەنلەرنى تۆۋەن تەبىقىدىكىلەر دېدىڭ، ئەنە شۇنىڭدەك پەيغەمبەرلەرگە تۆۋەن تەبىقىدىكىلەر ئەگىشىدۇ، ئۇ پەيغەمبەرلىك داۋاسى قىلىشتىن ئىلگىرى يالغانچىلىق بىلەن قارلانمىغان دېدىڭ، ئۇ كىشىلەرگە يالغانچىلىق قىلمىغان ئىكەن، **الله** قىمۇ يالغانچىلىق قىلمايدۇ، ئەگەشكۈچىللىرى ئىچىدە ئىمانىدىن يېنىۋالغانلار يوق دېدىڭ، ئىمان دېگەن قەلبىگە سىڭىپ كەتكەندە شۇنداق بولىدۇ، ئەگەشكۈچىللىرىنى كۆپىيىۋاتىدۇ دېدىڭ، ئەھلى ئىمان شۇنداق كۆپىيىپ بارىدۇ، ئۇنىڭ بىلەن ئۇرۇشقانلىقىڭلارنى، گاھى ئۇنىڭ، گاھى سىلەرنىڭ غەلبە قىلغانلىقىڭلارنى ئەيتتىڭ، پەيغەمبەر شۇنداق سىنىلىدۇ، ئاخىرى ئۇلار ئۇتۇپ چىقىدۇ، ئۇنىڭ خىيانەت قىلمىغانلىقىنى ئەيتتىڭ، پەيغەمبەر شۇنداق بولىدۇ، خىيانەت قىلمايدۇ، ئۇنىڭدىن ئىلگىرى ھېچ كىم پەيغەمبەرلىك داۋاسى قىلمىغان دېدىڭ، پەيغەمبەرلىك داۋاسى قىلغان كىشى بولغان بولسا، ئۇنى دوراپ قىلغان دەيتتىم، ئاندىن ئۇ ئەبۇسۇپياندىن؛ مۇھەممەد سىلەرنى نىملەرنى قىلىشقا بۇيرۇيدۇ؟دەپ سورىغان، ئەبۇ سوپيان مۇنداق جاۋاب بەردىم دەيدۇ؛ بىزنى ناماز ئۇقۇشقا، زاكات بېرىشكە، يېقىن تۇغقانلارغا سىلە ـ رەھىم قىلىشقا، ئىپپەتلىك بولۇشقا بۇيرۇيدۇ، بۇچاغدا ھىرەقلى ئەبۇسۇپيانغا مۇنداق دەيدۇ؛ ئۇنىڭ ھەققىدە ئەيتقانلىرىڭ راست بولىدىغان بولسا، مۇھەممەد ھەق راست پەيغەمبەر ئىكەن، ئۇنىڭ بۇ زاماندا مەيدانغا كېلىدىغانلىقىنى بىلەتتىم، ئۇنى سىلەرنىڭ ئىچىڭلاردىن چىقىپ قالا دەپ ئويلىمىغان ئىدىم، ئەگەر ئۇنىڭ يېنىغا بارىدىغانلىقىمنى بىلسەم، ئەلۋەتتە ئۇنىڭ بىلەن ئۇچۇرشۇشنى ياقتۇراتتىم، ئەگەر ئۇنىڭ يېنىدا بولىدىغان بولسام، ئەلۋەتتە ئۇنىڭ ئىككى پۇتىنى يۇيۇپ قۇياتتىم، ئۇنىڭ ھۆكمرانلىقى چوقۇم رۇم زىمىنىغىمۇ يېتىپ كېلىدۇ، ئاندىن كېيىن ھىرەقلى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم نىڭ ئۇنىڭغا يازغان مەكتۇپىنى ئۇقۇدى، مەكتۇپنىڭ مەزمۇنى مۇنداق ئىدى:« ئىككىلا دۇنيادا كۆپ رەھىم شەپقەت قىلغۇچى **الله** نىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن، **الله** نىڭ ئەلچىسى مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم دىن رۇمنىڭ چوڭى ھىرەقلىگە؛ توغرا يولغا ئەگەشكۈچىلەرگە سالام بولسۇن، مەن سىنى ئىسلام دىنىغا دەۋەت قىلىمەن، مۇسۇلمان بولساڭ ئامان بۇلىسەن، مۇسۇلمان بولساڭ، **الله** ساڭا ئىككى ھەسسە ساۋاپ بېرىدۇ، (بىرسى ئەيسائەلەيھىسسالامغا،ئىككىنجىسى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە ئىمان ئەيتقىنى ئۈچۈندۇر) ئەگەر ئىسلامنى قوبۇل قىلمىساڭ، پۇتۇن خەلقىڭنىڭ گۇناھى ساڭا يۈكلىنىدۇ، «ئى ئەھلى كىتابلار! سىلەر بىلەن بىزنىڭ ئارىمىزدا ئورتاق بولغان مۇنداق بىرسۆزگە كېلىڭلار، **الله** تىن باشقا ھېچ كىمگە ئىبادەت قىلمايلى، **الله** قا ھېچ كىمنى شىرىك كەلتۈرمەيلى، **الله** تىن غەيرى بىر ـ بىرىمىزنى

ئىلاھ قىلىۋالمايلى، ئەگەر ئەھلى كىتاپلار بۇنىڭدىن يۈز ئۆرسە، بىزنىڭ ھەقىقەتەن مۇسۇلمان ئىكەنلىكىمىزگە گۇۋاھ بولۇڭلار دەڭلار»(سۈرە ئال ئىمران 64 ـ )ھىرەقلى مەكتۇپنى ئوقۇپ بولىشى بىلەن ئۇنىڭ يېنىدىكى ئادەملىرى چۇقان سېلىشىپ كەتتى، ئۇ بىزنى چىقىپ كېتىشكە بۇيرىدى، ـ مەن چىقىپ كېتىۋېتىپ ھەراھلىرىمغا؛ مۇھەممەدنىڭ ئىشى رۇم پادىشاھىسى قورقۇغىدەك دەرىجىگە يېتىپتۇ دېدىم، شۇنىڭدىن بۇيان تاكى **الله** مىنى ئىسلام دىنىغا كىرىشكە مۇيەسسەر قىلغانغا قەدەر رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم نىڭ ئىشىنىڭ غەلبە قىلىدىغانلىقىغا ئىشىنىپ كەلدىم، زۇھەيرى مۇنداق دەيدۇ؛ ھىرەقلى رۇمنىڭ چوڭلىرىنى چاقىرىپ ئۆزىنىڭ قورۇسىغا يىغىپ؛ئى رۇملۇقلار! سىلەر مەڭگۈ ھىدايەت تېپىشنى ۋە پادىشاھلىقىڭلارنىڭ داۋاملىشىشنى خالامسىلەر دېۋىدى، ئۇلار ياۋايى ئېشەكلەردەك دەرۋازا تەرەپكە قاراپ قېچىشتى، قارىسا دەرۋازا تاقاقلىق تۇرغان، ھىرەقلى ئۇلارنى چاقىرتىپ كېلىپ؛ سىلەرنىڭ دىنىڭلاردا چىڭ تۇرىدىغانلىقىڭلارنى سىناپ كۆردۈم دېدى.ئۇلار ھىرەقلىگە ئېگىلىپ تازىم قىلىشتى ۋە ئۇنىڭدىن مەمنۇن بولۇشتى. بۇخارى،مۇسلىم، ئەھمەد، تىرمىزى، بەيھەقى ، سەھىھ.

***817 ـ باب كتب النبيّ صلى الله عليه وسلم إلى ملوك الكفار يدعوهم إلى اللّهِ عزّ وجل***

**رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋە سەللەمنىڭ كاپىر پادىشاھلىرىنى ئىسلام دىنىغا دەئۋەت قىلىپ مەكتۇپ يوللىشى**

**4564 ـ حدّثني يُوسُفُ بْنُ حَمّادٍ الْمَعْنِيّ: حَدّثنَا عَبْدُ الأعْلَىَ، عَنْ سَعِيدٍ، عَنْ قَتَادَةَ، عَنْ أَنَسٍ [1] أَنّ نَبِيّ اللّهِ صلى الله عليه وسلم كَتَبَ إِلَىَ كِسْرَىَ، وَإِلَىَ قَيْصَرَ، وَإِلَىَ النّجَاشِي، وَإِلَى كُلّ جَبّارٍ، يَدْعُوهُمْ إِلَى اللّهِ تَعَالَىَ. وَلَيْسَ بِالنّجَاشِي الّذِي صَلّىَ عَلَيْهِ النّبيّ صلى الله عليه وسلم.**

**4565 ـ وحدّثناه مُحَمّدُ بْنُ عَبْدِ اللّهِ الرّزّيّ: حَدّثنَا عَبْدُ الْوَهّابِ بْنُ عَطَاءٍ، عَنْ سَعِيدٍ، عَنْ قَتَادَةَ. حَدّثَنَا أَنَسُ بْنُ مَالِكٍ عَنِ النّبيّ صلى الله عليه وسلم بِمِثْلِهِ. وَلَمْ يَقُلْ: وَلَيْسَ بِالنّجَاشِي الّذِي صَلّىَ عَلَيْهِ النّبيّ صلى الله عليه وسلم.**

**4566 ـ وَحَدّثِنِيهِ نَصْرُ بْنُ عَلِيّ الْجَهْضَمِيّ: أَخْبَرَنِي أَبِي: حَدّثَنِي خَالِدُ بْنُ قَيْسٍ، عَنْ قَتَادَةَ، عَنْ أَنَسٍ وَلَمْ يَذْكُرْ: وَلَيْسَ بِالنّجَاشِي الّذِي صَلّىَ عَلَيْهِ النّبيّ صلى الله عليه وسلم.**

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ؛ شام پادىشاسى كىسراغا، رۇم پادىشاسى قەيسەرگە ، ھەبەشىستان پادىشاسى نەجاشىيغا، ۋە بارلىق زالىم دىنسىز پادىشاھلارغا مەكتۇپ يوللاپ، خەت يېزىپ، ئۇلارنى **الله** تەرەپكە(ئىسلامغا) دەئۋەت قىلىپ چاقىردى. بۇ نەجاشىي سۇلۇللاھ جىنازا نامىزىنى ئوقۇغان نەجاشىي ئەمەستۇر.مۇسلىم 3323 ـ ھەدىس،تىرمىزى2640 ـ ھەدىسى سەھىھ.

**818 ـــــ** *باب في غزوة حنين* ***ھۇنەيىن ئۇرۇشى***

**4567 ـ وحدّثني أَبُو الطّاهِرِ أَحْمَدُ بْنُ عَمْرِو بْنِ سَرْحٍ: أَخْبَرَنَا ابْنُ وَهْبٍ: أَخْبَرَنِي يُونُسُ، عَنِ ابْنِ شِهَابٍ. قَالَ: حَدّثَنِي كَثِيرُ بْنُ عَبّاسِ بْنِ عَبْدِ الْمُطّلِبِ قَالَ: قَالَ عَبّاسٌ: شَهِدْتُ مَعَ رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم يَوْمَ حُنَيْنٍ. فَلَزِمْتُ أَنَا وَأَبُو سُفْيَانَ بْنُ الْحَارِثِ بْنِ عَبْدِ الْمُطّلِبِ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم، فَلَمْ نُفَارِقْهُ، وَرَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم عَلَىَ بَغْلَةٍ لَهُ، بَيْضَاءَ، أَهْدَاهَا لَهُ فَرْوَةُ بْنُ نُفَاثَةَ الْجُذَامِيّ، فَلَمّا الْتَقَى الْمُسْلِمُونَ وَالْكُفّارُ، وَلّى الْمُسْلِمُونَ مُدْبِرِينَ، فَطَفِقَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم يَرْكُضُ بَغْلَتَهُ قِبَلَ الْكُفّارِ. قَالَ عَبّاسٌ: وَأَنَا آخِذٌ بِلِجَامِ بَغْلَةِ رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم. أَكُفّهَا إِرَادَةَ أَنْ لاَ تُسْرِعَ، وَأَبُو سُفْيَانَ آخِذٌ بِرِكَابِ رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم. فَقَالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: «أَيْ عَبّاسُ! نَادِ أَصْحَابَ السّمُرَةِ». فَقَالَ عَبّاسٌ (وَكَانَ رَجُلاً صَيّتاً): فَقُلْتُ بِأَعْلَىَ صَوْتِي: أَيْنَ أَصْحَابُ السّمُرَةِ؟ قَالَ: فَوَاللّهِ لَكَأَنّ عَطْفَتَهُمْ، حِينَ سَمِعُوا صَوْتِي، عَطْفَةُ الْبَقَرِ عَلَىَ أَوْلاَدِهَا. فَقَالُوا: يَا لَبّيْكَ! يَا لَبّيْكَ! قَالَ: فَاقْتَتَلُوا وَالْكُفّارَ، وَالدّعْوَةُ فِي الأَنْصَارِ، يَقُولُونَ: يَا مَعْشَرَ الأَنْصَارِ! يَا مَعْشَرَ الأَنْصَارِ! قَالَ: ثُمّ قُصِرَتِ الدّعْوَةُ عَلَىَ بَنِي الْحَارِثِ بْنِ الْخَزْرَجِ. فَقَالُوا: يَا بَنِي الْحَارِثِ بْنِ الْخَزْرَجِ! يَا بَنِي الْحَارِثِ بْنِ الْخَزْرَجِ! فَنَظَرَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم وَهُوَ عَلَىَ بَغْلَتِهِ، كَالْمُتَطَاوِلِ عَلَيْهَا، إِلَىَ قِتَالِهِمْ. فَقَالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: «هَذَا حِينَ حَمِيَ الْوَطِيسُ». قَالَ: ثُمّ أَخَذَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم حَصَيَاتٍ فَرَمَىَ بِهِنّ وُجُوهَ الْكُفّارِ، ثُمّ قَالَ: «انْهَزَمُوا، وَرَبّ مُحَمّدٍ» قَالَ: فَذَهَبْتُ أَنْظُرُ فَإِذَا الْقِتَالُ عَلَىَ هَيْئَتِهِ فِيمَا أَرَىَ. قَالَ: فَوَاللّهِ مَا هُوَ إِلاّ أَنْ رَمَاهُمْ بِحَصَيَاتِهِ، فَمَا زِلْتُ أَرَىَ حَدّهُمْ كَلِيلاً وَأَمْرَهُمْ مُدْبِراً.**

**4568 ـ وحدّثناه  إِسْحَقُ بْنُ إِبْرَاهِيمَ وَ مُحَمّدُ بْنُ رَافِعٍ وَ عَبْدُ بْنُ حُمَيْدٍ، جَمِيعاً، عَنْ عَبْدِ الرّزّاقِ: أَخْبَرَنَا مَعْمَرٌ، عَنِ الزّهْرِيّ بِهَـذَا الإِسْنَادِ، نَحْوَهُ. غَيْرَ أَنّهُ قَالَ: فَرْوَةُ بْنُ نُعَامَةَ الْجُذَامِيّ. وَقَالَ «انْهَزَمُوا، وَرَبّ الْكَعْبَةِ! انْهَزَمُوا، وَرَبّ الْكَعْبَةِ!» وَزَادَ فِي الْحَدِيثِ: حَتّىَ هَزَمَهُمُ اللّهُ.  قَالَ: وَكَأَنّي أَنْظُرُ إِلَى النّبِيّ صلى الله عليه وسلم يَرْكُضُ خَلْفَهُمْ عَلَىَ بَغْلَتِهِ.**

**4569 ـ وحدّثناه  ابْنُ أَبِي عُمَرَ: حَدّثَنَا سُفْيَانُ بْنُ عُيَيْنَةَ، عَنِ الزّهْرِيّ. قَالَ: أَخْبَرَنِي كَثِيرُ بْنُ الْعَبّاسِ، عَنْ أَبِيهِ قَالَ: كُنْتُ مَعَ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم يَوْمَ حُنَيْنٍ. وَسَاقَ الْحَدِيثَ. غَيْرَ أَنّ حَدِيثَ يُونُسَ وَحَدِيثَ مَعْمَرٍ أَكْثَرُ مِنْهُ وَأَتَمّ.**

ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، مەن ھۇنەيىن كۈنى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن بىللە ئۇرۇشقا قاتناشقان ئىدىم، مۇسۇلمانلار كاپىرلار بىلەن ئۇچراشقان چاغدا ، مۇسۇلمانلار ئارقىسىنى قىلىپ قېچىشقا باشلىدى،رەسۇلۇللاھ خېچىرىنى كاپىرلار تەرەپكە ھەيدەشكە باشلىدى، مەن  رەسۇلۇللاھنىڭ خېچىرىنىڭ يۈگىنىنى تۇتۇۋالغۇچ ئىدىم، مەن خېچىرنىڭ تېز مېڭىپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن ئۇنى تۇسۇپ تۇردۇم، ئەبۇسۇپيان رەسۇلۇللاھنىڭ ئۈزەڭگىسىگە ئېسىلىۋالغان ئىدى، رەسۇلۇللاھ ماڭا؛ ئى ئاببااس! سەمۇرە دەرىخى ئاستىدا بەيئەت قىلغانلارنى توۋلىغىن دېدى، مەن ئاۋازى يۇقىرى چىقىدىغان كىشى ئىدىم، ئەڭ يۇقىر ئاۋازىم بىلەن: سەمۇرە دەرىخى ئاستىدا بەيئەت قىلغانلارقەيەردە سىلەر!!دېدىم، الله بىلەن قەسەمكى ئۇلار خۇددى كالا بالىسىغا كۈيۈنۈپ قايتقاندەك، ئاۋازىمنى ئاڭلاپلا؛لەببەي،لەببەي!مانا بىز تەييار دەپ قايتىپ كېلىپ، كاپىرلار بىلەن قاتتىق جەڭ قىلدى، ئاندىن چاقىرىق ئەنسارلارغا قىلىنىپ؛ ئى ئەنسارلار گۇرۇھى!ئى ئەنسارلار جامائىتى! دەپ توۋلاندى،ئاندىن ئى ھارىس جەمەتى! دەپ توۋلاندى(ئۇلارمۇ قاتتىق جەڭ قىلدى)ئاندىن  رەسۇلۇللاھ خېچىرىنىڭ ئۈستىدە تۇرۇپ، خۇددى غالىپ كەلگەن كىشى بويىنىنى سوزۇپ قارىغاندەك، ئۇلارنىڭ ئۇرۇش مەيدانىغا قاراپ؛ مانا ئەمدى جەڭ تازا قىززىپتۇ، مانا بۇ ئۇرۇش قاتتىق كۈچەيگەن ۋاقىتتۇر دەپ، بىر چاڭگال تاشنى ئېلىپ، ئۇنى كاپىرلارنىڭ يۈزىگە ئاتتى، ئاندىن؛ مۇھەممەدنىڭ رەببى بىلەن قەسەمكى، ئۇلار ئەمدى  يېڭىلىپ قاچىدۇ دېدى، الله بىلەن قەسەمكى، ئاندىن ئۇلار يېڭىلىپ قاچتى، ئۇلارنىڭ يېڭىلىشى پەقەت      رەسۇلۇللاھنىڭ ئۇلارغا تاشنى ئېتىشى بىلەنلا بولدى، مەن كاپىرلارنىڭ جەڭدىكى كۈچلۈك،باتۇرلۇقىنىڭ ئاجىزلاپ، ئارقىسىغا ئۆرۈلۈپ قاچقانلىقىنى كۆرۈپ تۇردۇم.مۇسلىم.

**4570 ـ حدّثنا يَحْيَىَ بْنُ يَحْيَىَ: أَخْبَرَنَا أَبُو خَيْثَمَةَ، عَنْ أَبِي إِسْحَقَ قَالَ: قَالَ رَجُلٌ لِلْبَرَاءِ: يَا أَبَا عُمَارَةَ! أَفَرَرْتُمْ يَوْمَ حُنَيْنٍ؟ قَالَ: لاَ، وَاللّهِ! مَا وَلّىَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم. وَلَكِنّهُ خَرَجَ شُبّانُ أَصْحَابِهِ وَأَخِفّاؤُهُمْ حُسّراً لَيْسَ عَلَيْهِمْ سِلاَحٌ، أَوْ كَثِيرُ سِلاَحٍ، فَلَقُوا قَوْماً رُمَاةً لاَ يَكَادُ يَسْقُطُ لَهُمْ سَهْمٌ. جَمْعُ هَوَازِنَ وَبَنِي نَصْرٍ. فَرَشَقُوهُمْ رَشْقاً مَا يَكَادُونَ يُخْطِئُونَ، فَأَقْبَلُوا هُنَاكَ إِلَىَ رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم، وَرَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم عَلَىَ بَغْلَتِهِ الْبَيْضَاءِ. وَأَبُو سُفْيَانَ بْنُ الْحَارِثِ بْنِ عَبْدِ الْمُطّلِبِ يَقُودُ بِهِ، فَنَزَلَ فَاسْتَنْصَرَ. وَقَالَ: «أَنَا النّبِيّ لاَ كَذِبْ أَنَا ابْنُ عَبْدِ الْمُطّلِبْ»  ثُمّ صَفّهُمْ.**

**4571 ـ حدّثنا أَحْمَدُ بْنُ جَنَابٍ الْمِصّيصِيّ: حَدّثَنَا عِيسَىَ بْنُ يُونُسَ، عَنْ زَكَرِيّاءَ، عَنْ أَبِي إِسْحَقَ قَالَ: جَاءَ رَجُلٌ إِلَىَ الْبَرَاءِ. فَقَالَ: أَكُنْتُمْ وَلّيْتُمْ يَوْمَ حُنَيْنٍ؟ يَا أَبَا عُمَارَةَ! فَقَالَ: أَشْهَدُ عَلَىَ نَبِيّ اللّهِ صلى الله عليه وسلم مَا وَلّىَ، وَلَكِنّهُ انْطَلَقَ أَخِفّاءُ مِنَ النّاسِ، وَحُسّرٌ**

إلَى هَذَا الْحَيّ مِنْ هَوَازِنَ، وَهُمْ قَوْمٌ رُمَاةٌ، فَرَمَوْهُمْ بِرِشْقٍ مِنْ نَبْلٍ، كَأنّهَا رِجْلٌ مِنْ جَرَادٍ، فَانْكَشَفُوا. فَأقْبَلَ الْقَوْمُ إلَى رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم، وَأبُو سُفْيَانَ بْنُ الْحَارِثِ يَقُودُ بِهِ بَغْلَتَهُ. فَنَزَلَ، وَدَعَا، وَاسْتَنْصَرَ، وَهُوَ يَقُولُ:
«أنَا النّبِيّ لاَ أكَذِبْأنَا ابْنُ عَبْدِ الْمُطّلِبْ» اللّهُمّ نَزّلْ نَصْرَكَ». قَالَ الْبَرَاءُ: كُنّا، وَاللّهِ إذَا احْمَرّ الْبَأسُ نَتّقِي بِهِ، وَإنّ الشّجَاعَ مِنّا لَلّذِي يُحَاذِي بِهِ، يَعْنِي النّبِيّ صلى الله عليه وسلم.

4572 ـ وحدّثنا مُحَمّدُ بْنُ الْمُثَنّى وَ ابْنُ بَشّارٍ (وَاللّفْظِ لاِبْنِ الْمُثَنّى) قالاَ: حَدّثَنَا مُحَمّدُ بْنُ جَعْفَرٍ: حَدّثَنَا شُعْبَةُ، عَنْ أبِي إسْحَقَ قَالَ: سَمِعْتُ الْبَرَاءَ، وَسَألَهُ رَجُلٌ مِنْ قَيْسٍ: أفَرَرْتُمْ عَنْ رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم يَوْمَ حُنَيْنٍ؟ فَقَالَ الْبَرَاءُ: وَلَـكِنْ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم لَمْ يَفِرّ. وَكَانَتْ هَوَازِنُ يَوْمَئِذٍ رُمَاةً، وَإنّا لَمّا حَمَلْنَا عَلَيْهِمُ انْكَشَفُوا، فَأكْبَبْنَا عَلَى الْغَنَائِمِ، فَاسْتَقْبَلُونَا بِالسّهَامِ. وَلَقَدْ رَأيْتُ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم عَلَى بَغْلَتِهِ الْبَيْضَاءِ. وَإنّ أبَا سُفْيَانَ بْنَ الْحَارِثِ آخِذٌ بِلِجَامِهَا، وَهُوَ يَقُولُ:
«أنَا النّبِيّ لاَ كَذِبْأنَا ابْنُ عَبْدِ الْمُطّلِبْ»

4573 ـ وحدّثني زُهَيْرُ بْنُ حَرْبٍ وَ مُحَمّدُ بْنُ الْمُثَنّى وَ أبُو بَكْرِ بْنُ خَلاّدٍ قَالُوا: حَدّثَنَا يَحْيَى بْنُ سَعِيدٍ، عَنْ سُفْيَانَ قَالَ: حَدّثَنِي أبُو إسْحَقَ، عَنِ الْبَرَاءِ قَالَ: قَالَ لَهُ رَجُلٌ: يَا أبَا عُمَارَةَ! فَذَكَرَ الْحَدِيثَ وَهُوَ أقَلّ مِنْ حَدِيثِهِمْ. وَهَؤُلاَءِ أتَمّ حَدِيثاً.

ئەبۇئىسھاق مۇنداق دەيدۇ؛ بىركىشى بەررائى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ غا؛ئى ئەبۇئەممارە! سىلەر راست ھۇنەين كۈنى جەڭدىن قاچقانمۇ؟دېدى، بەررائى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ؛ياق، الله بىلەن قەسەمكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم جەڭدىن ئارقىسىنى قىلىپ قېچىپ باقمىدى، لېكىن ساھابىلىرىدىن بىر تۈركۈم ياش يىگىتلەر، ئۈستىدە جەڭ كىيىمى يوق، ھەم قۇراللىرى تولۇق بولمىغان شارائىت ئاستىدا ئۇرۇشقا چىقىپ قالغان ئىدى، ئاندىن ئۇلار ئوقياغا ماھىر ياچاقچى قەۋمگە ئۇچراپ قالدى، بۇقەۋملەرنىڭ بىرتال ئوقمۇ يەرگە چۈشۈپ كەتمەيتتى، ئۇلارقارىغا ئېتىشتا شۇنداق ماھىر ئىدىكى، قەتئى خاتالاشمايتتى، ئاندىن ئۇلار ھېلىقى ياشلارنى قاتتىق ئوققا تۇتتى، ئاندىن ئۇياشلار شۇچاغدا رەسۇلۇللاھنىڭ قېشىغا كىلىشتى،(بۇمۇجەڭدىن قاچقانلىق ئەمەس ئىدى) رەسۇلۇللاھ ئۆزىنىڭ ئاق خېچىرى ئۈستىدە ئىدى، ئەبۇسۇپيان ئۇنى يېتىلەۋاتاتتى، رەسۇلۇللاھ خېچىرىدىن چۈشۈپ نۇسرەت ياردەم تەلەپ قىلىپ؛ مەن ھەق پەيغەمبەر، يالغانچى ئەمەسمەن، مەن ئابدۇلمۇتتەلىپنىڭ بالىسى بولىمەن» دەپ،ئاندىن ئۇلارنى سەپكە تىزغان ئىدى. يەنەبىرخاتىردە؛ بەررائى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمۇنداق دەيدۇ؛ الله بىلەن قەسەمكى، ئۇرۇش تازا قاتتىق قىززىغاندا،بىز رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم نى ئۆزىمىزگە قالقان قىلىپ، دۈشمەندىن رەسۇلۇللاھ بىلەن ساقلىناتتۇق، بىزدىن خېلى ـ خېلى باتۇركىشلەرمۇ، رەسۇلۇللاھ نىڭ ئارقىسىغا ئۆتىۋېلىپ جەڭ قىلاتتى. بۇخارى،مۇسلىم.

4574 ـ وحدّثنا زُهَيْرُ بْنُ حَرْبٍ: حَدّثَنَا عُمَرُ بْنُ يُونُسَ الْحَنَفِيّ: حَدّثَنَا عِكْرِمَةُ بْنُ عَمّارٍ: حَدّثَنِي إيَاسُ بْنُ سَلَمَةَ: حَدّثَنِي أبِي قَالَ: غَزَوْنَا مَعَ رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم حُنَيْناً. فَلَمّا وَاجَهْنَا الْعَدُوّ تَقَدّمْتُ. فَأعْلُو ثَنِيّةً. فَاسْتَقْبَلَنِي رَجُلٌ مِنَ الْعَدُوّ. فَأرْمِيهِ بِسَهْمٍ. فَتَوَارَى عَنّي. فَمَا دَرَيْتُ مَا صَنَعَ. وَنَظَرْتُ إلَى الْقَوْمِ فَإذَا هُمْ قَدْ طَلَعُوا مِنْ ثَنِيّةٍ أُخْرَى، فَالْتَقَوْا هُمْ وَصَحَابَةُ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم، فَوَلّى صَحَابَةُ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم. وَأرْجِعُ مُنْهَزِماً، وَعَلَيّ بُرْدَتَانِ، مُتّزِراً بِإحْدَاهُمَا، مُرْتَدِياً بِالأُخْرَى فَاسْتَطْلَقَ إزَارِي. فَجَمَعْتُهُمَا جَمِيعاً وَمَرَرْتُ، عَلَى رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم، مُنْهَزِماً وَهُوَ عَلَى بَغْلَتِهِ الشّهْبَاءِ. فَقَالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: «لَقَدْ رَأى ابْنُ الأكْوَعِ فَزَعاً» فَلَمّا غَشُوا رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم نَزَلَ عَنِ الْبَغْلَةِ، ثُمّ قَبَضَ قَبْضَةً مِنْ تُرَابٍ مِنَ الأرْضِ، ثُمّ اسْتَقْبَلَ بِهِ وُجُوهَهُمْ. فَقَالَ: «شَاهَتِ الْوُجُوهُ» فَمَا خَلَقَ اللّهُ مِنْهُمْ إنْسَاناً إلاّ مَلأ عَيْنَيْهِ تُرَاباً، بِتِلْكَ الْقَبْضَةِ. فَوَلّوْا مُدْبِرِينَ، فَهَزَمَهُمُ اللّهُ عَزّ وَجَلّ، وَقَسَمَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم غَنَائِمَهُمْ بَيْنَ الْمُسْلِمِينَ.

سەلەمەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، بىز رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن بىللە ھۇنەين ئۇرۇشىنى قىلغان ئىدۇق، بىر تۈركۈم ياش ساھابىلار قاچتى، كاپىرلەر رەسۇلۇللاھنى قورشىۋالغاندا، رەسۇلۇللاھ خېچىردىن چۈشۈپ، زېمىندىن بىر چاڭگال تۇپىنى ئېلىپ، ئاندىن ئۇنى ؛«كاپىرلارنىڭ يۈزلىرى قەبىھ بولسۇن»دەپ، ئۇلارنىڭ يۈزلىرىگە قارىتىپ ئاتتى، ئۇلاردىن **الله** تائالا ياراتقان ھەر بىر ئىنساننىڭ ئىككى كۆزىگە،**الله** شۇبىر چاڭگال تۇپىدىن لىق تۇپا توللۇۋەتتى، ئاندىن ئۇلار ئارقىسىنى قىلىپ قېچىشتى، ئۇلارنى **الله** ئۆزى يەڭدى، رەسۇلۇللاھ ئۇلاردىن ئېلىنغان غەنىيمەتلەرنى مۇسۇلمانلار ئارىسىغا تەقسىم قىلىپ بەردى. (چۈنكى قۇرئاندا تاشنى سەن ئاتمىدىڭ، بەلكى **الله** ئاتتى دېيىلگەن)

## 819 ــــ *باب غزوة الطائف* ***تائىف ئۇرۇشى***

**4575 ـ حدّثنا أبُو بَكْرِ بْنُ أبِي شَيْبَةَ وَ زُهَيْرُ بْنُ حَرْبٍ وَ ابْنُ نُمَيْرٍ، جَمِيعاً، عَنْ سُفْيَانَ قالَ زُهَيْرٌ: حَدّثَنَا سُفْيَانُ بْنُ عُيَيْنَةَ، عَنْ عَمْرٍو، عَنْ أبِي الْعَبّاسِ الشّاعِرِ الأعْمَى، عَنْ عَبْدِ اللّهِ بْنِ عُمْرٍو قالَ: حَاصَرَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم أهْلَ الطّائِفِ، فَلَمْ يَنَلْ مِنْهُمْ شَيْئاً. فَقالَ: «إنّا قافِلُونَ، إنْ شَاءَ اللّهُ» قالَ أصْحَابُهُ: نَرْجِعُ وَلَمْ نَفْتَتِحْهُ فَقالَ لَهُمْ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: «اغْدُوا عَلَى الْقِتَالِ» فَغَدَوْا عَلَيْهِ فَأصَابَهُمْ جِرَاحٌ. فَقالَ لَهُمْ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: «إنّا قافِلُونَ غداً» قالَ: فَأعْجَبَهُمْ ذٰلِكَ، فَضَحِكَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم.**

ئىبنى ئەمرۇ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم تائىف ئەھلىنى مۇھاسىرگە ئېلىپ، ئۇلاردىن ھېچ نەرسىگە ئېرىشەلمەي: ئەگەر **الله** خالىسا، بىز ئەتە قايتىپ كېتىمىز دېدى، ئۇلار: بىز بۇيەرنى پەتھى قىلماي تۇرۇپ قايتىپ كېتەمدۇق؟دېيىشتى، ئاندىن رەسۇلۇ**الله** ئۇلارغا:ئۇنداق بولسا، ئەتە جەڭگە ئاتلىنىڭلار! دېدى، ئۇلار ئەتىسى جەڭگە ئاتلىنىپ تالاپەتكە ئۇچراپ جاراھەتلەندى، ئاندىن رەسۇلۇ**الله** ئۇلارغا: مەن سىلەرگە: «ئەتە قايتىپ كېتىمىز» دېمىگەنمۇ؟دەپ كۈلدى، رەسۇلۇ**الله** نىڭ بۇسۆزى ئۇلارنى ھەيران قالدۇردى.

## 820 ــــ *باب غزوة بدر* ***بەدىر ئۇرۇشى***

**4576 ـ حدّثنا أبُو بَكْرِ بْنُ أبِي شَيْبَةَ: حَدّثَنَا عَفّانُ: حَدّثَنَا حَمّادُ بْنُ سَلَمَةَ، عَنْ ثَابِتٍ، عَنْ أنَسٍ أنّ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم شَاوَرَ، حِينَ بَلَغَهُ إقْبَالُ أبِي سُفْيَانَ. قالَ: فَتَكَلّمَ أبُو بَكْرٍ فَأعْرَضَ عَنْهُ، ثُمّ تَكَلّمَ عُمَرُ فَأعْرَضَ عَنْهُ، فَقَامَ سَعْدُ بْنُ عُبَادَةَ فَقالَ: إيّانَا تُرِيدُ؟ يَا رَسُولَ اللّهِ! وَالّذِي نَفْسِي بِيَدِهِ لَوْ أمَرْتَنَا أنْ نُخِيضَهَا الْبَحْرَ لأخَضْنَاهَا، وَلَوْ أمَرْتَنَا أنْ نَضْرِبَ أكْبَادَهَا إلَى بَرْكِ الْغِمَادِ لَفَعَلْنَا. قالَ: فَنَدَبَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم النّاسَ، فَانْطَلَقُوا حَتّى نَزَلُوا بَدْراً، وَوَرَدَتْ عَلَيْهِمْ رَوَايَا قُرَيْشٍ، وَفِيهِمْ غُلاَمٌ أسْوَدُ لِبَنِي الْحَجّاجِ، فَأخَذُوهُ. فَكَانَ أصْحَابُ رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم يَسْألُونَهُ، عَنْ أبِي سُفْيَانَ، وَأصْحَابِهِ؟ فَيَقُولُ: مَا لِي عِلْمٌ بِأبِي سُفْيَانَ. وَلَكِنْ هَـذَا أبُو جَهْلٍ وَعُتْبَةُ وَشَيْبَةُ وَأُمَيّةُ بْنُ خَلَفٍ، فَإذَا قالَ ذٰلِكَ، ضَرَبُوهُ. فَقالَ: نَعَمْ، أنَا أُخْبِرُكُمْ، هَـذَا أبُو سُفْيَانَ. فَإذَا تَرَكُوهُ فَسَألُوهُ فَقالَ: مَا لِي بِأبِي سُفْيَانَ عِلْمٌ. وَلَكِنْ هَذَا أبُو جَهْلٍ وَعُتْبَةُ وَشَيْبَةُ وَأُمَيّةُ بْنُ خَلَفٍ فِي النّاسِ، فَإذَا قالَ هَـذَا أيْضاً ضَرَبُوهُ، وَرَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم قَائِمٌ يُصَلّي، فَلَمّا رَأى ذٰلِكَ انْصَرَفَ. قالَ: «وَالّذِي نَفْسِي بِيَدِهِ لَتَضْرِبُوهُ إذَا صَدَقَكُمْ، وَتَتْرُكُوهُ إذَا كَذَبَكُمْ». قالَ: فَقالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: «هَـذَا مَصْرَعُ فُلاَنٍ» قالَ: وَيَضَعُ يَدَهُ عَلَى الأرْضِ، هَـهُنَا وَهَـهُنَا. قالَ: فَمَا مَاطَ أحَدُهُمْ، عَنْ مَوْضِعِ يَدِ رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم.**

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، ئەبۇسۇپيانىنىڭ شام تەرەپتىن كېلىۋاتقانلىق خەۋىرى بىزگە يەتكەندە،رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ساھابىللىرىدىن مەسلىھەت ئالدى، ئەبۇبەكرى بىلەن ئۆمەر سۆز قىلىۋىدى، ئۇلارنى

ئولتۇرغۇزىۋەتتى، ئاندىن سەئدئىبنى ئۇبادە ئورنىدىن تۇرۇپ؛ ئى الله نىڭ ئەلچىسى! سىلى بىزنى مەقسەت قىلدىلىما؟جېنىم قول ئىلكىدە بولغان الله بىلەن قەسەمكى، ئەگەر بىزنى مۇشۇ ئۇلاغلىرىمىز بىلەنلا دېڭىزغا كىرىشىمىزگە بۇيرىسىلا، ئەلۋەتتە بىز ئىككىلەنمەستىنلا دېڭىزغا كىرىمىز، ئەگەر بىزنى بىزدىن بەشكۈنلۈك يىراق بولغان بەركۇلغىماد دىگەن جايغا سەپەر قىلىشىمىزغا بۇيرىسىلا، ئەلۋەتتە بىز ئۇ سەپەرنى قىلىمىز دېدى، ئاندىن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كىشىلەرنى ئۇرۇش قىلىشقا چاقىردى، ئۇلار بېرىپ بەدرىگە چۈشتى، بۇچاغدا ئۇلارنىڭ يېنىدىن قۇرەيشلەرنىڭ سۇ توشۇغۇچىسى ئۆتۈپ قالدى، ئۇلار ئۇنى تۇتۇپ ئەبۇسوپيان توغرىسىدا سوراق قىلدى، ئۇ؛ مەن ئۇنى بىلمەيمەن، مىنىڭ بۇنىڭدىن خەۋىرىم يوق ، لېكىن بۇجايغا چۈشكىنى ئەبۇجەھىل، ئۇتبە، شەيبە، ئۇمەييەلەردۇر دېدى. ئۇبۇگەپنى قىلغاندا ئۇلار ئۇنى ئۇردى، ئاندىن ئۇ؛ ھەئە شۇنداق، مەن سىلەرگە دەپ بىرەي، بۇ ئەپۇسۇپيانىنىڭ كارۋىنى دېسە، ئۇلار ئۇنى قويۇپ بەردى. ئاندىن يەنە يۇقىرقى راست گەپنى قىلسا، يەنەئۇردى. رەسۇلۇللاھ بۇچاغدا ناماز ئۇقۇۋاتاتتى، ئاندىن رەسۇلۇللاھ نامىزىدىن قايتىپ؛ بۇسىلەرگە راست سۆزلىگەندە بۇنى ئۇرۇپ، يالغان سۆزلىگەندە قويۇپ بەردىڭلار دېدى، ئاندىن مانا بۇ پالانى كاپىرنىڭ ئۆلۈپ يىقىلىدىغان جايىدۇر دەپ، قولىنى زىمىنغا قويۇپ تۇرۇپ؛ مانا مۇشۇ جايدا،مانامۇشۇ جايدا ئۆلىدۇ دېدى، ئۇلارنىڭ ھەر بىرسى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم قولى بىلەن بەلگىلەپ بەرگەن جايدىن يىراقلاپ كەتمەي دەل شۇ جايدىلا ئۆلدى.

## *821 - باب فتح مكة*

## مەككىنى پەتھى قىلىش

4577 ـ حدّثنا شَيْبَانُ بْنُ فرّوخ: حَدّثَنَا سُلَيْمَانُ بْنُ الْمُغِيرَة: حَدّثَنَا ثَابتٌ الْبُنَانِيّ عَنْ عَبْدِ اللّهِ بْنِ رَبَاحِ، عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ قَالَ: وَفَدَتْ وُفُودٌ إِلَى مُعَاوِيَةَ، وَذَلِكَ فِي رَمَضَانَ، فَكَانَ يَصنَعُ بَعْضُنَا لِبَعْضِ الطّعَامَ، فَكَانَ أَبُو هُرَيْرَةَ مِمّا يُكْثِرُ أَنْ يَدْعُونَا إِلَى رَحْلِهِ. فَقُلْتُ: أَلاَ أَصْنَعُ طَعَاماً فَأَدْعُوَهُمْ إِلَى رَحْلِي؟ فَأَمَرْتُ بِطَعَامٍ يُصنَعُ، ثُمّ لَقِيتُ أَبَا هُرَيْرَةَ مِنَ الْعَشِيّ، فَقُلْتُ: الدّعْوَةُ عِنْدِي اللّيْلَةَ، فَقَالَ: سَبَقْتَنِي. قُلْتُ: نَعَمْ، فَدَعَوْتُهُمْ. فَقَالَ أَبُو هُرَيْرَةَ: أَلاَ أُعْلِمُكُمْ بِحَدِيثٍ مِنْ حَدِيثِكُمْ؟ يَا مَعْشَرَ الأَنْصَارِ ثُمّ ذَكَرَ فَتْحَ مَكّةَ فَقَالَ: أَقْبَلَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم حَتّى قَدِمَ مَكّةَ، فَبَعَثَ الزّبَيْرَ عَلَى إِحْدَى الْمُجَنّبَتَيْنِ، وَبَعَثَ خَالِداً عَلَى الْمُجَنّبَةِ الأُخْرَى، وَبَعَثَ أَبَا عُبَيْدَةَ عَلَى الْحُسّرِ، فَأَخَذُوا بَطْنَ الْوَادِي، وَرَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم فِي كَتِيبَةٍ. قَالَ: فَنَظَرَ فَرَآنِي. فَقَالَ «أَبُو هُرَيْرَةَ» قُلْتُ: لَبّيْكَ. يَا رَسُولَ اللّهِ! فَقَالَ: «لاَ يَأْتِينِي إِلاّ أَنْصَارِيّ». زَادَ غَيْرُ شَيْبَانَ: فَقَالَ «اهْتِفْ لِي بِالأَنْصَارِ» قَالَ: فَأَطَافُوا بِهِ، وَوَبّشَتْ قُرَيْشٌ أَوْبَاشاً لَهَا وَأَتْبَاعاً. فَقَالُوا: نُقَدّمُ هَؤُلاَءِ، فَإِنْ كَانَ لَهُمْ شَيْءٌ كُنّا مَعَهُمْ، وَإِنْ أُصِيبُوا أَعْطَيْنَا الّذِي سُئِلْنَا. فَقَالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: «تَرَوْنَ إِلَى أَوْبَاشِ قُرَيْشٍ وَأَتْبَاعِهِمْ» ثُمّ قَالَ بِيَدَيْهِ، إِحْدَاهُمَا عَلَى الأُخْرَى. ثُمّ قَالَ: «حَتّى تُوَافُونِي بِالصّفَا» قَالَ: فَانْطَلَقْنَا، فَمَا شَاءَ أَحَدٌ مِنّا أَنْ يَقْتُلَ أَحَداً إِلاّ قَتَلَهُ، وَمَا أَحَدٌ مِنْهُمْ يُوَجّهُ إِلَيْنَا شَيْئاً. قَالَ: فَجَاءَ أَبُو سُفْيَانَ فَقَالَ: يَا رَسُولَ اللّهِ أُبِيحَتْ خَضْرَاءُ قُرَيْشٍ، لاَ قُرَيْشَ بَعْدَ الْيَوْمِ. ثُمّ قَالَ: «مَنْ دَخَلَ دَارَ أَبِي سُفْيَانَ فَهُوَ آمِنٌ» فَقَالَتِ الأَنْصَارُ، بَعْضُهُمْ لِبَعْضٍ: أَمّا الرّجُلُ فَأَدْرَكَتْهُ رَغْبَةٌ فِي قَرْيَتِهِ، وَرَأْفَةٌ بِعَشِيرَتِهِ. قَالَ أَبُو هُرَيْرَةَ: وَجَاءَ الْوَحْيُ، وَكَانَ إِذَا جَاءَ الْوَحْيُ لاَ يَخْفَى عَلَيْنَا، فَإِذَا جَاءَ فَلَيْسَ أَحَدٌ يَرْفَعُ طَرْفَهُ إِلَى رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم حَتّى يَنْقَضِيَ الْوَحْيُ، فَلَمّا انْقَضَى الْوَحْيُ قَالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: «يَا مَعْشَرَ الأَنْصَارِ» قَالُوا: لَبّيْكَ، يَا رَسُولَ اللّهِ! قَالَ: «قُلْتُمْ: أَمّا الرّجُلُ فَأَدْرَكَتْهُ رَغْبَةٌ فِي قَرْيَتِهِ». قَالُوا: قَدْ كَانَ ذَاكَ. قَالَ: «كَلاّ. إِنّي عَبْدُ اللّهِ وَرَسُولُهُ، هَاجَرْتُ إِلَى الله وَإِلَيْكُمْ، وَالْمَحْيَا مَحْيَاكُمْ، وَالْمَمَاتُ مَمَاتُكُمْ». فَأَقْبَلُوا إِلَيْهِ يَبْكُونَ وَيَقُولُونَ: وَاللّهِ! مَا قُلْنَا الّذِي قُلْنَا إِلاّ الضّنّ بِاللّهِ وَبِرَسُولِهِ. فَقَالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: «إِنّ اللّهَ وَرَسُولَهُ يُصَدّقَانِكُمْ وَيَعْذِرَانِكُمْ» قَالَ: فَأَقْبَلَ النّاسُ إِلَى دَارِ أَبِي سُفْيَانَ، وَأَغْلَقَ النّاسُ أَبْوَابَهُمْ. قَالَ: وَأَقْبَلَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم حَتّى أَقْبَلَ إِلَى الْحَجَرِ، فَاسْتَلَمَهُ، ثُمّ طَافَ بِالْبَيْتِ. قَالَ: فَأَتَى عَلَى صَنَمٍ إِلَى جَنْبِ الْبَيْتِ كَانُوا يَعْبُدُونَهُ. قَالَ: وَفِي يَدِ رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم قَوْسٌ، وَهُوَ آخِذٌ بِسِيَةِ الْقَوْسِ. فَلَمّا أَتَى عَلَى الصّنَمِ جَعَلَ يَطْعُنُهُ فِي عَيْنِهِ وَيَقُولُ: «جَاءَ الْحَقّ وَزَهَقَ الْبَاطِلُ». فَلَمّا فَرَغَ مِنْ طَوَافِهِ أَتَى الصّفَا فَعَلاَ عَلَيْهِ، حَتّى نَظَرَ إِلَى الْبَيْتِ، وَرَفَعَ يَدَيْهِ، فَجَعَلَ يَحْمَدُ اللّهَ وَيَدْعُو بِمَا شَاءَ أَنْ يَدْعُوَ.

4578 ـ حدّثني عَبْدُ اللّهِ بْنُ عَبْدِ الرّحْمَنِ الدّارِمِيّ: حَدّثَنَا يَحْيَى بْنُ حَسّانَ: حَدّثَنَا حَمّادُ بْنُ سَلَمَةَ: أَخْبَرَنَا ثَابِتٌ، عَنْ عَبْدِ اللّهِ بْنِ رَبَاحِ قَالَ: وَفَدْنَا إِلَى مُعَاوِيَةَ بْنِ أَبِي سُفْيَانَ، وَفِينَا أَبُو هُرَيْرَةَ، فَكَانَ كُلّ رَجُلٍ مِنّا يَصْنَعُ طَعَاماً يَوْماً لأَصْحَابِهِ، فَكَانَتْ نَوْبَتِي. فَقُلْتُ:

يَا أَبَا هُرَيْرَةَ الْيَوْمُ نَوْبَتِي. فَجَاؤُا إِلَى الْمَنْزِلِ، وَلَمْ يُدْرِكْ طَعَامُنَا. فَقُلْتُ: يَا أَبَا هُرَيْرَةَ لَوْ حَدَّثْتَنَا عَنْ رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم حَتَّى يُدْرِكَ طَعَامُنَا. فَقَالَ: كُنَّا مَعَ رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم يَوْمَ الْفَتْحِ. فَجَعَلَ خَالِدَ بْنَ الْوَلِيدِ عَلَى الْمُجَنِّبَةِ الْيُمْنَى، وَجَعَلَ الزّبَيْرَ عَلَى الْمُجَنّبَةِ الْيُسْرَى، وَجَعَلَ أَبَا عُبَيْدَةَ عَلَى الْبَيَاذِقَةِ وَبَطْنِ الْوَادِي. فَقَالَ: «يَا أَبَا هُرَيْرَةَ! ادْعُ لِي الأَنْصَارَ» فَدَعَوْتُهُمْ فَجَاؤُا يُهَرْوِلُونَ. فَقَالَ: «يَا مَعْشَرَ الأَنْصَارِ، هَلْ تَرَوْنَ أَوْبَاشَ قُرَيْشٍ؟» قَالُوا: نَعَمْ. قَالَ: «انْظُرُوا. إِذَا لَقِيتُمُوهُمْ غَداً أَنْ تَحْصِدُوهُمْ حَصْداً» وَأَخْفَى بِيَدِهِ. وَوَضَعَ يَمِينَهُ عَلَى شِمَالِهِ. وَقَالَ: «مَوْعِدُكُمُ الصّفَا» قَالَ: فَمَا أَشْرَفَ يَوْمَئِذٍ لَهُمْ أَحَدٌ إِلاّ أَنَامُوهُ. قَالَ: وَصَعِدَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم الصّفَا. وَجَاءَتِ الأَنْصَارُ، فَأَطَافُوا بِالصّفَا. فَجَاءَ أَبُو سُفْيَانَ فَقَالَ: يَا رَسُولَ اللّهِ! أُبِيدَتْ خَضْرَاءُ قُرَيْشٍ، لاَ قُرَيْشَ بَعْدَ الْيَوْمِ. قَالَ أَبُو سُفْيَانَ: قَالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: «مَنْ دَخَلَ دَارَ أَبِي سُفْيَانَ فَهُوَ آمِنٌ، وَمَنْ أَلْقَى السّلاَحَ فَهُوَ آمِنٌ، وَمَنْ أَغْلَقَ بَابَهُ فَهُوَ آمِنٌ». فَقَالَتِ الأَنْصَارُ: أَمّا الرّجُلُ فَقَدْ أَخَذَتْهُ رَأْفَةٌ بِعَشِيرَتِهِ، وَرَغْبَةٌ فِي قَرْيَتِهِ، وَنَزَلَ الْوَحْيُ عَلَى رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم. قَالَ: «قُلْتُمْ: أَمّا الرّجُلُ فَقَدْ أَخَذَتْهُ رَأْفَةٌ بِعَشِيرَتِهِ وَرَغْبَةٌ فِي قَرْيَتِهِ، أَلاَ فَمَا اسْمِي إِذاً! (ثَلاَثَ مَرّاتٍ) أَنَا مُحَمّدٌ عَبْدُ اللّهِ وَرَسُولُهُ، هَاجَرْتُ إِلَى اللّهِ وَإِلَيْكُمْ. فَالْمَحْيَا مَحْيَاكُمْ وَالْمَمَاتُ مَمَاتُكُمْ». قَالُوا: وَاللّهِ! مَا قُلْنَا إِلاّ ضِنّاً بِاللّهِ وَرَسُولِهِ. قَالَ: «فَإِنّ اللّهِ وَرَسُولَهُ يُصَدّقَانِكُمْ وَيَعْذِرَانِكُمْ».

ئىبنى رەباھ مۇنداق دەيدۇ: رامىزان ئېيىدا مۇئاۋىيەنىڭ قېشىغا ئەلچى بولۇپ باردۇق، ئارىمىزدا ئەبۇھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمۇ بىللە بار ئىدى، بەزىمىز بەزىمىزگە نۆبەتلىشىپ تاماق قىلاتتۇق، ئەبۇھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ كۆپرەك چاقىراتتى، ئاندىن مىنىڭ نۆبىتىم كەلگەندە تاماق قىلىپ ئۇلارنى چاقىردىم، ئەبۇھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ سەن بۇگۈن مەندىن بۇرۇن چىقىپسەن ھە؟دىدى، مەن شۇنداق بۇگۈن مەن مىھمان قىلاي، تاماق تەييار بولغىچە بىزگە ھەدىس سۆزلەپ بەرگىن دىسەم، ئۇ:ئى ئەنسارىلەر جامائىتى! مەن سىلەرگە ئۆزۈڭلار توغرىسىدىكى بىر ھەدىسنى سۆزلەپ بىرەي، بىز پەتھى كۈنى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن بىللە ئىدۇق، رەسۇلۇللاھ مەككىگە كەلگەندە خالىدنى قوشۇننىڭ ئوڭ قانىتىغا، زۇبەيرنى سول قانىتىغا، ئەبۇئۇبەيدەنى ئۆزى بىلەن بىللە ئالدىن يۈرەر، جەڭ كىيىمسىز ئاۋانگارت قوشۇنغا باش قىلىپ، ئۇلار بەتنى ۋادىيدىن كىردى، رەسۇلۇللاھ قوشۇن ئارىسىدا مىنى كۆرۈپ:ئەبۇھۇرەيرە!دىدى، مەن لەببەي، مانا مەن خىزمەتلىرىگە تەييارمەن دەپ كەلدىم، رەسۇلۇللاھ: قېشىمغا بۇگۈن ئەنسارلاردىن باشقىلار كەلمەيدۇ، ئۇلارنى چاقىرغىن دىدى، ئاندىن ئۇلار ئالدىراپ كىلىشتى. ـ قۇرەيشلەر بارلىق قەبىلىللىرىنى ۋە ئۆزلىرىگە ئەگەشكەن كىشىلەرنى توپلاپ؛ ئاۋۋالارنى (يەنى ئۆزقەبىلىسىدىن باشقىلارنى)ئالدىدا ماڭدۇرىمىز، ئەگەر ئۇلار غەلبە قىلسا، بىز ئۇلار بىلەن بىللە، ئەگەر ئۇلارغا مۇسىيبەت يىتىپ مەغلۇپ بولسا، بىزدىن سورغان نەرسىسنى بىرىمىز دىدى. ـ ئاندىن رەسۇلۇللاھ:ئى ئەنسارلار! قۇرەيشلەرنىڭ توپلىغان قوشۇنلىرىنى كۆردىڭلارمۇ؟ ئۇلار ھەئە كۆردۇق،دىدى. ئاندىن ؛ ئەتە ئۇلارنى كۆسەڭلار ھەممىنى قىرىپ تاشلاڭلار، ـ ئوڭ قولىنى سول قولىنىڭ ئۈستىگە مەخپى قويۇپ؛ بىز ئەتە سەپا تېغىدا ئۇچۇرشىمىز دىدى، بىز ئۇرۇشقا ئاتلاندۇق، ئۇلاردىن بىرەر كىشى بىزگە ئۇرۇشۇش ئۈچۈن كەلسىلا، ئۇنى ئۆلتىرەتتۇق، ئۇلاردىن ھىچ بىركىشى ئۆزىنى مۇداپىئە قىلىپ قوغدىيالمىدى، ئاندىن ئۇلار سەپا تېغىغا كىلىپ زىيارەت قىلدى، ئاندىن ئەبۇسۇپيان كىلىپ؛ ئى الله نىڭ ئەلچىسى! قۇرەيشلەر جامائىتى پۈتۈنلەي ھالاك بولۇپ تۈگىشىدىغان بولدى، بۈگۈندىن باشلاپ بۇنىڭدىن كىيىن قۇرەيش مەۋجۇد بولمايدۇ دىدى، ئاندىن رەسۇلۇللاھ: كىم ئەبۇسۇپيانىنىڭ ئۆيىگە كىرىۋالسا، ئۇئەمىن بولىدۇ، كىم قورال تاشلىسا، ئۇ ئەمىن بولىدۇ دىدى، ئاندىن ئەنسارلار؛ بۇكىشىنى (يەنى رەسۇلۇللاھنى)ئۇرۇق ـ تۇققانلىرىغا مىھرىبانلىق قىلىش، ئۆز يۇرتىغا قىزىقىش تۇتۇپ كەتتى، دىدى، ئاندىن رەسۇلۇللاھقا ۋەھى نازىل قىلىندى، ۋەھى ئاخىرلاشقىچە ھىچ كىشى رەسۇلۇللاھ قا قارىيالمىدى، رەسۇلۇللاھ:سىلەر باياتىن بۇكىشىنى (يەنى رەسۇلۇللاھنى)ئۇرۇق ـ تۇققانلىرىغا مىھرىبانلىق قىلىش، ئۆز يۇرتىغا قىزىقىش تۇتۇپ

كەتتى، دېدىڭلار، ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس، مەن الله نىڭ بەندىسى ۋە ئەلچىسى، مەن الله تەرەپكە ھىجرەت قىلدىم، مەن سىلەرنىڭ قېشىڭلارغا ھىجرەت قىلىپ باردىم، مېنىڭ ھايات ـ ماماتىم سىلەرنىڭ ھايات ـ ماماتىڭلاردۇر(مەن سىلەردىن ھەرگىز ئايرىلمايمەن)دېدى، ئۇلار؛ الله بىلەن قەسەمكى، بىز ئۇسۆزلەرنى قەيەت الله نىڭ نېئمەت ـ پەزلىگە، رەسۇلۇللاھنىڭ سۆھبەت ـ شەرپىگە بېخىللىق قىلىپ، بۇ پەزىلەتلەرنىڭ بىزدىن باشقىلارغا ئۆتۈپ كېتىشىدىن ئەنسىرەپ شۇنداق دەپ سالدۇق دېدى، رەسۇلۇللاھ؛الله ۋە الله نىڭ ئەلچىسى سىلەرگە ئىشىنىدۇ، ئۆزرەڭلارنى قوبۇل قىلىدۇ دېدى.مەككىلىك كىشىلەر ئەبۇسۇپياننىڭ ئۆيىگە كىرىۋېلىپ، ئىشىكلىرىنى مەھكەم تاقىدى. رەسۇلۇللاھ ھەجەر ئەسۋەدنى سىلاپ ـ سۆيۈپ ، كەئبىنى تاۋاپ قىلىپ، كەئبىنىڭ يېنىدىكى قۇرەيشلەر بۇرۇن ئىبادەت قىلىدىغان بۇتلارنىڭ قېشىغا كېلىپ، قولىدىكى ياچاقنىڭ بىرتەرىپى بىلەن بۇتنىڭ كۆزىنى نوقۇپ ئىتتىرىپ مۇنۇ ئايەتنى ئوقۇدى:« ھەققەت يەنى ئىسلام كەلدى، باتىل يەنى كۇفرى يوقالدى، باتىل بەكلا ئوڭاي يوقىلىدۇ، دېگەن»رەسۇلۇللاھ تاۋاپتىن كېيىن سەپا تېغىنىڭ ئۈستىگە چىقىپ، بەيتۇللاھ قا قاراپ تۇرۇپ، ئىككى قولىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ الله قا ھەمدۇ ـ سانا ئېيتىپ دۇئا قىلدى.

822 – باب إزالة الأصنام من حول الكعبة

## كەئبە ئەتراپىدىن بۇتلارنى يوق قىلىش

4579 ـ حدّثنا أبو بَكْر بْنُ أبي شَيْبَة و عَمْرو النّاقِدُ و ابْنُ أبي عُمَرَ (وَاللّفْظ لِابْن أبي شَيْبَة) قالُوا: حَدّثنا سُفْيَانُ بْنُ عُيَيْنَة، عَنِ ابْنِ أبي نَجِيح، عَنْ مُجَاهِدٍ، عَنْ أبي مَعْمَر، عَنْ عَبْدِ اللّهِ قالَ: دَخَلَ النّبيّ صلى الله عليه وسلم مَكّة، وَحَوْلَ الْكَعْبَةِ ثَلاثُمِائَةٍ وَسِتّونَ نُصُباً، فَجَعَلَ يَطْعُنُهَا بِعُودٍ كَانَ بِيَدِهِ. وَيَقُولُ {جَاءَ الْحَقّ وَزَهَقَ الْبَاطِلُ، إنّ الْبَاطِلَ كَانَ زَهُوقاً} (17الإسراء الآية: 81). {جَاءَ الْحَقّ وَمَا يُبْدِىءُ الْبَاطِلُ وَمَا يُعِيدُ}» (34سبأ الآية: 49). زَادَ ابْنُ أبي عُمَرَ: يَوْمَ الْفَتْح.
4580 ـ وحدّثناه حَسَنُ بْنُ عَلِيّ الْحُلْوَانِيّ وَ عَبْدُ بْنُ حُمَيْدٍ، كِلاَهُمَا، عَنْ عَبْدِ الرّزّاق: أخْبَرَنَا الثّوْرِيّ، عَن ابْن أبي نَجِيح بِهَذَا الإسْنَادِ، إلَى قَوْلِهِ: زَهُوقاً وَلَمْ يَذْكُر الآيَةَ الأخْرَى. وَقالَ: (بَدَلَ نُصُباً) صَنَماً.

ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مەككە پەتھى كۈنى مەككىگە كىردى، ۋەھالەنكى كەئبىنىڭ ئەتراپىدا 360 بۇت بار ئىدى، رەسۇلۇللاھ بۇتلارنىڭ قېشىغا كېلىپ، قولىدىكى ياچاقنىڭ بىرتەرىپى بىلەن يەنەبىردە ھاسىسى بىلەن بۇتلارنى نوقۇپ ئىتتىرىپ مۇنۇ ئايەتنى ئوقۇدى:« ھەققەت يەنى ئىسلام كەلدى، باتىل يەنى كۇفرى يوقالدى، باتىل بەكلا ئوڭاي يوقىلىدۇ، دېگەن»سۈرەئىسرائ 81 ـ ئايەت.

823 – باب لا يقتل قرشيّ صبرا بعد الفتح

## مەككە پەتھىسىدىن كېيىن قۇرەيشلىكلەرنىڭ مەجبۇرىي ئۆلتۈرۈلمەسلىكى

4581 ـ حدّثنا أبو بَكْر بْنُ أبي شَيْبَة: حَدّثنا عَلِيّ بْنُ مُسْهِر وَ وَكِيعٌ، عَنْ زَكَرِيّاءَ، عَنِ الشّعْبِيّ، قالَ: أخْبَرَنِي عَبْدُ اللّهِ بْن مُطِيع، عَنْ أبيهِ قالَ: سَمِعْتُ النّبيّ صلى الله عليه وسلم يَقُولُ، يَوْمَ فَتْح مَكّة «لا يُقْتَلُ قُرَشِيّ صَبْراً بَعْدَ هَذَا الْيَوْم، إلَى يَوْم الْقِيَامَة».
4582 ـ حدّثنا ابْنُ نُمَيْر: حَدّثنا أبي: حَدّثنا زَكَرِيّاءُ بِهَذَا الإسْنَادِ، وَزَادَ: قالَ: وَلَمْ يَكُنْ أسْلَمَ أحَدٌ مِنْ عُصَاةِ قُرَيْشٍ، غَيْرَ مُطِيع، كَانَ اسْمُهُ الْعَاصِيَ. فَسَمّاهُ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم مُطِيعاً.

مۇتىيئ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مەككە پەتھى كۈنى مۇنداق دېگەن: بۈگۈنكى مۇشۇ كۈندىن باشلاپ تا قىيامەت كۈنىگىچە قۇرەيشلەر زۇلۇم قىلىنىپ، مەجبۇرى ئۆلتۈرۈلمەيدۇ.

## *824 ـ باب صلح الحديبية في الحديبية*

## ھۇدەيبىيە سۈلھىسى

4583 ـ حدّثني عُبَيْدُ اللّهِ بْنُ مُعَاذٍ الْعَنْبَرِيّ: حَدّثَنَا أَبِي: حَدّثَنَا شُعْبَةُ، عَنْ أَبِي إِسْحَقَ قَالَ: سَمِعْتُ الْبَرَاءَ بْنَ عَازِبٍ يَقُولُ: كَتَبَ عَلِيّ بْنُ أَبِي طَالِبٍ الصّلْحَ بَيْنَ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم وَبَيْنَ الْمُشْرِكِينَ، يَوْمَ الْحُدَيْبِيَةِ. فَكَتَبَ: «هَذَا مَا كَاتَبَ عَلَيْهِ مُحَمّدٌ رَسُولُ اللّهِ» فَقَالُوا: لاَ تَكْتُبْ: رَسُولُ اللّهِ. فَلَوْ نَعْلَمُ أَنّكَ رَسُولُ اللّهِ لَمْ نُقَاتِلْكَ. فَقَالَ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم لِعَلِيّ «امْحُهُ» فَقَالَ: مَا أَنَا بِالّذِي أَمْحَاهُ. فَمَحَاهُ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم بِيَدِهِ. قَالَ: وَكَانَ فِيمَا اشْتَرَطُوا، أَنْ يَدْخُلُوا مَكّةَ فَيُقِيمُوا بِهَا ثَلاَثاً، وَلاَ يَدْخُلُهَا بِسِلاَحٍ، إِلاّ جُلُبّانَ السّلاَحِ. قُلْتُ لأَبِي إِسْحَقَ: وَمَا جُلُبّانُ السّلاَحِ؟ قَالَ: الْقِرَابُ وَمَا فِيهِ.

4584 ـ حدّثنا مُحَمّدُ بْنُ الْمُثَنّى وَ ابْنُ بَشّارٍ قَالاَ: حَدّثَنَا مُحَمّدُ بْنُ جَعْفَرٍ: حَدّثَنَا شُعْبَةُ، عَنْ أَبِي إِسْحَقَ قَالَ: سَمِعْتُ الْبَرَاءَ بْنَ عَازِبٍ يَقُولُ: لَمّا صَالَحَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم أَهْلَ الْحُدَيْبِيَةِ، كَتَبَ عَلِيّ كِتَاباً بَيْنَهُمْ. قَالَ: فَكَتَبَ «مُحَمّدٌ رَسُولُ اللّهِ». ثُمّ ذَكَرَ بِنَحْوِ حَدِيثِ مُعَاذٍ. غَيْرَ أَنّهُ لَمْ يَذْكُرْ فِي الْحَدِيثِ «هَذَا مَا كَاتَبَ عَلَيْهِ».

4585 ـ حدّثنا إِسْحَقُ بْنُ إِبْرَاهِيمَ الْحَنْظَلِيّ وَ أَحْمَدُ بْنُ جَنَابٍ الْمِصّيصِيّ جَمِيعاً عَن عِيسَى بْنِ يُونُسَ: (وَاللّفْظُ لإِسْحَقَ). أَخْبَرَنَا عِيسَى بْنُ يُونُسَ. أَخْبَرَنَا زَكَرِيّاءُ، عَنْ أَبِي إِسْحَقَ، عَنِ الْبَرَاءِ قَالَ: لَمّا أُحْصِرَ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم عِنْدَ الْبَيْتِ، صَالَحَهُ أَهْلُ مَكّةَ عَلَى أَنْ يَدْخُلَهَا فَيُقِيمَ بِهَا ثَلاَثاً، وَلاَ يَدْخُلَهَا إِلاّ بِجُلُبّانِ السّلاَحِ، السّيْفِ وَقِرَابِهِ. وَلاَ يَخْرُجَ بِأَحَدٍ مَعَهُ مِنْ أَهْلِهَا، وَلاَ يَمْنَعَ أَحَداً يَمْكُثُ بِهَا مِمّنْ كَانَ مَعَهُ. قَالَ لِعَلِيّ: «اكْتُبِ الشّرْطَ بَيْنَنَا. بِسْمِ اللّهِ الرّحْمَنِ الرّحِيمِ. هَذَا مَا قَاضَى عَلَيْهِ مُحَمّدٌ رَسُولُ اللّهِ» فَقَالَ لَهُ الْمُشْرِكُونَ: لَوْ نَعْلَمُ أَنّكَ رَسُولُ اللّهِ تَابَعْنَاكَ، وَلَكِنِ اكْتُبْ: مُحَمّدُ بْنُ عَبْدِ اللّهِ. فَأَمَرَ عَلِيّاً أَنْ يَمْحَاهَا. فَقَالَ عَلِيّ: لاَ، وَاللّهِ! لاَ أَمْحَاهَا. فَقَالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: «أَرِنِي مَكَانَهَا» فَأَرَاهُ مَكَانَهَا، فَمَحَاهَا. وَكَتَبَ «ابْنُ عَبْدِ اللّهِ» فَأَقَامَ بِهَا ثَلاَثَةَ أَيّامٍ. فَلَمّا أَنْ كَانَ يَوْمُ الثّالِثِ قَالُوا لِعَلِيّ: هَذَا آخِرُ يَوْمٍ مِنْ شَرْطِ صَاحِبِكَ، فَأْمُرْهُ فَلْيَخْرُجْ. فَأَخْبَرَهُ بِذَلِكَ. فَقَالَ: «نَعَمْ» فَخَرَجَ.
وَقَالَ ابْنُ جَنَابٍ فِي رِوَايَتِهِ: (مَكَانَ تَابَعْنَاكَ) بَايَعْنَاكَ.

بەرائى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم زۇلقەئدە ئېيىدا ئۆمرە ھەج قىلماقچى بولغاندا، مەككە ئەھلى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مەككىگە كىرىشىگە يول قويماي، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇلار بىلەن مەككىگە كېلەر يىلى كىرىپ، ئۈچ كۈن تۇرۇشقا سۈلھى تۈزۈشتى، ئۇلار سۈلھى خېتىنى يازغاندا مۇنداق يازدى: «بۇ **الله** نىڭ ئەلچىسى مۇھەممەد رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم سۈلھى تۈزۈشكەن سۈلھىدۇر....» ئاندىن ئۇلار: بىز بۇنىڭغا ئىقرار قىلمايمىز، ئەگەر بىز سېنىڭ **الله** نىڭ ئەلچىسى ئىكەنلىكىڭنى بىلىدىغان، ئېتراپ قىلىدىغان بولساق، سېنى بەيتۇﷲ تىن توسمىغان، سەن بىلەنمۇ ئۇرۇش قىلمىغان بولاتتۇق، لېكىن سەن «مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇﷲ....» دەپ يازغىن دېدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: **الله** بىلەن قەسەمكى، گەرچە سىلەر مېنى ئىنكار قىلساڭلارمۇ، مەن چوقۇم **الله** نىڭ ئەلچىسى ۋە مەن مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇﷲ دەپ، ئاندىن ئى ئەلى! «**الله** نىڭ ئەلچىسى» دېگەن خەتنى ئۆچۈرۋەتكىن دېدى، ئۇ: **الله** بىلەن قەسەمكى، مەن ئۇنى ھەرگىز ئۆچۈرۋەتمەيمەن دېدى، ئاندىن قەلەمنى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېلىپ مۇنداق يازدى؛ ـ ئەمەلىيەتتە خەتنى ياخشى يازالمايتتى ـ «بۇ مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇﷲ قىلغان سۈلھىدۇر، ئۇ مەككىگە كېلەر يىلى كىرىدۇ، كىرگەندە قورال ئېلىپ كىرمەيدۇ، پەقەت قىلىچنى غىلاپ ئىچىدە ئېلىپ كىرسە بولىدۇ، ئەگەر ئۇنىڭغا مەككە ئەھلىدىن بىرەر كىشى ئەگىشىشنى مەقسەت قىلسا، ئۇنى بىللە ئېلىپ چىقىپ كەتمەيدۇ، ئەگەر ئۇنىڭ ساھابىلىرىدىن بىرەر كىشى مەككىدە تۇرۇپ قېلىشنى مەقسەت قىلسا، ئۇنى بۇئىشىدىن توسمايدۇ»، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كېلەر يىلى مەككىگە كىرىپ ، تۇرۇش مۇددىتى توشقاندا، ئۇلار ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ قېشىغا كېلىپ؛ تۇرۇش مۇددىتى

توشتى، سەن ساھىبىڭغا دېگىن، ئۇ ئەمدى بىزنىڭ قېشىمىزدىن چىقىپ كەتسۇن دېدى، ئاندىن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مەدىنىگە چىقىپ كەتتى.بۇخارى،مۇسلىم. بەررائى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھۇدەيبىييە كۈنى مۇشرىكلەر بىلەن مۇنداق ئۈچ شەرتكە ئاساسەن سۈلھى تۈزۈشتى؛1 ـ مۇشرىكلەردىن مۇسۇلمان بولۇپ رەسۇلۇللاھنىڭ قېشىغا كەلگەن كىشىنى ئۇلارغا قايتۇرۇپ بېرىش، مۇسۇلمانلاردىن ئۇلارنىڭ قېشىغا بارغان كىشىنى مۇسۇلمانلارغا قايتۇرماسلىق، 2 ـ مەككىگە كېلەر يىلى كىرىش، 3 ـ كىرگەندە مەككىدە ئۈچ كۈن تۇرۇش، مەككىگە قۇرالسىز كىرىش، پەقەت قىلىچ،ياچاق قاتارلىق قۇراللارنى غىلاپلاپ، غىلىپىدىن چىقارماي، تىرە بوخچىللىرىغا سېلىپ، تۆگىنىڭ ئارقىسىغا ئېسىپ كىرىشتۇر. ئاندىن سۈلھى تامام بولۇپ بولغاندا، ئەبۇ جەندەل كويزا ـ كىشەنلىرىنى سۆرەپ مۇسۇلمان بولۇپ كەلدى، رەسۇلۇللاھ ئۇنى سۈلھەدىكى بويىچە ئۇلارغا قايتۇرۇپ بەردى.بۇخارى،مۇسلىم.

**4586 ـ حدّثنا أبُو بَكْرِ بْنُ أبِي شَيْبَةَ: حَدّثَنَا عفّانُ: حَدّثَنَا حمّادُ بْنُ سَلَمَةَ، عَنْ ثابتٍ، عَنْ أنَسٍ [1] أنّ قُرَيْشاً صَالَحُوا النّبيّ صلى الله عليه وسلم. فِيهِمْ سُهَيْلُ بْنُ عَمْرٍو. فقَالَ النّبيّ صلى الله عليه وسلم لِعَلِيّ: «اكْتُبْ بِسْمِ اللّهِ الرّحْمَنِ الرّحِيمِ». قالَ سُهَيْلٌ: أمّا باسْمِ اللّهِ، فمَا نَدْرِي مَا بِسْمِ اللّهِ الرّحْمَنِ الرّحِيمِ. ولَكِنِ اكْتُبْ مَا نَعْرِفُ: باسْمِكَ اللّهُمّ. فقَالَ: «اكْتُبْ مِنْ مُحَمّدٍ رَسُولِ اللّهِ» قالُوا: لَوْ عَلِمْنَا أنّكَ رَسُولُ اللّهِ لاَتّبَعْنَاكَ، ولَكِنِ اكْتُبْ اسْمَكَ وَاسْمَ أبِيكَ. فقَالَ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم: «اكْتُبْ مِنْ مُحَمّدِ بْنِ عَبْدِ اللّهِ» فاشْتَرَطُوا عَلَى النّبِيّ صلى الله عليه وسلم أنّ مَنْ جَاءَ مِنْكُمْ لَمْ نَرُدّهُ عَلَيْكُمْ، وَمَنْ جَاءَكُمْ مِنّا رَدَدْتُمُوهُ عَلَيْنَا. فقَالُوا: يَا رَسُولَ اللّهِ أنَكْتُبُ هَذَا؟ قالَ: «نَعَمْ، إنّهُ مَنْ ذَهَبَ مِنّا إلَيْهِمْ، فَأبْعَدَهُ اللّهُ، وَمَنْ جَاءَنَا مِنْهُمْ، سَيَجْعَلُ اللّهُ لَهُ فَرَجاً وَمَخْرَجاً».**

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ ھۇدەيبىييە كۈنى قۇرەيش مۇشرىكلىرى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن سۈلھى تۈزۈشۈپ، مۇنداق شەرتلەرنى قويدى؛ سىلەردىن بىزنىڭ قېشىمىزغا كەلگەن كىشىنى بىز سىلەرگە قايتۇرمايمىز، بىز تەرەپتىن سىلەرنىڭ قېشىڭلارغا بارغان كىشىنى بىزگە قايتۇرىسىلەر، ئۇلار؛ ئى **الله** نىڭ ئەلچىسى! مۇشۇنداق سۈلھىنىمۇ يازىمىزمۇ؟دېگەندە، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: ھەئە يازىمىز، بىزدىن ئۇلارنىڭ قېشىغا مۇرتەد بولۇپ كەتكەن كىشىنى **الله** رەھمىتىدىن يىراق قىلسۇن، ئۇلاردىن بىزنىڭ قېشىمىزغا مۇسۇلمان بولۇپ كەلگەن كىشىگە **الله** ئاسانلىق، چىقىش يولى بېرىدۇ دېدى.

مىسۋەر بىلەن مەرۋان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دەيدۇ؛ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھۇدەيبىييە يىلى بىرمىڭ نەچچە يۈز ساھابە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملار بىلەن بىللە ھەجگە چىقتى، ئۇلار زۇلھۇلەيپ دېگەن جايغا كەلگەندە ھەدىي تۆگىلىرىنىڭ بوينىغا نەرسە ئېسىپ بەلگە سالدى، ۋە شۇجايدىن ئۆمرە ھەجگە ئېھرام باغلىدى، ئۇلار مېڭىپ مەككەئەھلىگە چۈشىدىغان سىنىيەت دېگەن جايغا كەلگەندە، تۆگە يېتىۋالدى، كىشىلەر چو! چو! دېيىشىپ، قەسۋائ دېگەن تۆگە يېتىۋالدى!تۆگە يېتىۋالدى دېيىشتى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم؛ تۆگە ئۆز ئىختىيارى بويىچە يېتىۋالمىدى، ئۇنىڭ بۇنداق ئادىتى يوق ئىدى ، لېكىن ئۇنى فىيلنى توختاتقان **الله** توختاتتى دەپ؛ **الله** بىلەن قەسەمكى، ئۇلار مەندىن **الله** ھارام قىلغان نەرسىلەرنىڭ ھۆرمىتىنى ئۇلۇغلايدىغان سۈلھى خىتى تەلەپ قىلغان بولسا، ئەلۋەتتە مەن ئۇلارغا سۈلھى خىتى بېرەتتىم (يەنى ئۇرۇش توختۇتۇش ئۈچۈن سۈلھى تۈزۈشكەن بولاتتىم)دېدى، ئاندىن تۆگىگە چو! دەپ ۋارقىرىدى، تۆگە سەكرەپ ئورنىدىن تۇردى، ئۇلار

# سەھىھ مۇسلىمنىڭ تەرجىمىسى

مەككە يولىدىن باشقا ياققا بۇرۇلۇپ، ھۇدەيبىييە تېغىنىڭ بىر چېتىدىكى سۈيى ئاز بىر قۇدۇق بويىغا چۈشتى، كىشىلەر ئۇ قۇدۇقتىن ئاز ـ ئازدىن سۇ ئالاتتى، كىشىلەر ئۇزۇن تۇرمايلا، قۇدۇقنىڭ سۈيىنى پاك ـ پاكىز قىرىپ تۈگەتتى، ئاندىن ئۇلار رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە ئۇسسۇزلۇقتىن شىكايەت قىلىشتى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئوق خالتىسىدىن يەنى ئوقدانىدىن بىر تال ئوقنى ئېلىپ، ئۇنى قۇدۇقنىڭ ئىچىگە سانجىپ قويۇشقا بۇيرىدى، **الله** بىلەن قەسەمكى، قۇدۇقنىڭ سۈيى بۇلدۇقلاپ ئۆرلەپ چىقىۋەردى، ئۇلار سۇغا قېنىپ، ئۇلاغلىرىنىمۇ سۇغۇرۇپ قايتتى، ئۇلار شۇ ھالەتتە تۇرغاندا، بۇدەيل ئىبنى ۋەرقا خۇزائە قەبىلىسىدىن بىر نەچچە نەپەر كىشى بىلەن كەلدى، ئاندىن ئۇرۋەت كەلدى، ئاندىن ئۈچۈنجى قېتىم سۇھەيل ئىبنى ئەمرۇ كەلگەندە، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم؛ ئى ئەلى! «بۇ **الله** نىڭ ئەلچىسى مۇھەممەد رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم سۈلھى تۈزۈشكەن سۈلھىدۇر....»دەپ يازغىن دېدى، ئاندىن سۇھەيل؛ بىز سېنىڭ **الله** نىڭ ئەلچىسى ئىكەنلىكىڭنى بىلىدىغان، ئېتىراپ قىلىدىغان بولساق، سېنى بەيتۇل**الله** تىن توسمىغان، سەن بىلەنمۇ ئۇرۇش قىلمىغان بولاتتۇق، لېكىن سەن «مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇل**الله**....» دەپ يازغىن دېدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: **الله** بىلەن قەسەمكى، گەرچە سىلەر مېنى ئىنكار قىلساڭلارمۇ، مەن چوقۇم **الله** نىڭ ئەلچىسى، بولۇپتۇ «مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇل**الله**....» دەپ يازغىن دېدى. بىسمىللاھى.......نىڭ ئورنىغىمۇ بىسمىكەئاللھھۇممەنى يازدى.سۇھەيل؛ بىز تەرەپتىن بىرەر كىشى گەرچە ئۇ سېنىڭ دىنىڭدا بولسىمۇ، مۇسۇلمان بولۇپ قېشىڭغا بارسا ، ئۇنى بىزگە قايتۇرىسەن، بىزگە كەلگەن كىشىڭلارنى سىلەرگە قايتۇرمايمىز دېدى.

سۈلھىنىڭ كىتابىدىن پارىغ بولغاندا، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ساھابىللىرىغا:قويۇڭلار، قۇربانلىق ھەدىيلىرىنى بوغۇزلاپ ، چېچىڭلارنى چۈشۈرۈڭلار دېدى. ئاندىن مەككىدىن مۆئمىن ئاياللار ھىجرەت قىلىپ كەلدى، **الله** تائالا بۇ توغرىسىدا مۇنۇ ئايەتنى نازىل قىلدى؛«ئى مۆئمىنلەر! سىلەرگە مۆئمىن ئاياللار ھىجرەت قىلىپ كەلسە،.......ئۇلارنى كاپىرلارغا قايتۇرماڭلار» (سۈرە مۇمتەھىنە)شۇنىڭ بىلەن **الله** تائالا مۇسۇلمانلارنى، ھىجرەت قىلىپ كەلگەن مۆئمىن ئاياللارنى كاپىرلارغا قايتۇرۇشتىن توستى، ئۇلارنىڭ تويلۇق مەھرىنى ئۇلارغا قايتۇرۇپ بېرىشكە بۇيرىدى.ئاندىن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مەدىنىگە قايتىپ كەلگەندە، قۇرەيشلەردىن ئەبۇبۇسەير مۇسۇلمان بولۇپ كەلدى، قۇرەيشلەر ئۇنى تەلەپ قىلىپ ئىككى كىشىنى ئەۋەتتى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنى سۈلھى بويىچە شۇئىككى كىشىگە تاپشۇرۇپ بەردى، ئۇلار ئۇنى ئېلىپ زۇلھۇلەيپىكە يەتكەندە، تاماق،خورما يېيىش ئۈچۈن ئارامغا چۈشتى، ئەبۇبۇسەير ئۇ ئىككىسىنىڭ بىرسىگە: **الله** بىلەن قەسەمكى، ئى پالانى! مەن سېنىڭ قىلىچىڭنى بەك كاتتا ياخشى قىلىچ دەپ گۇمان قىلىمەن، قېنى قىلىچىڭنى ئېلىپ ماڭا بىر كۆرسەتكىنە، مەن بىر كۆرۈپ باقاي دەيدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭدىن قىلىچنى ئېلىۋېلىپ ئىمكانىيەتكە ئېرىشىپلا، ئۇنى قىلىچ بىلەن بىرنى چېپىپ ئۆلتۈرىدۇ، يەنەبىرسى قېچىپ كېتىپ، مەدىنىگە بېرىپ، مەسجىدكە كىرىپ ئۇياق ـ بۇياقتىن يۈشۈرىدىغان جاي ئىزدەيدۇ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:ھەقىقەتەن بۇ قورقۇنۇشلۇق بىر خەۋىنى كۆرۈپتۇ دەيدۇ، ئۇكىشى؛ **الله** بىلەن قەسەمكى، ھەمراھىم ئۆلتۈرۈلدى، مەنمۇ ھازىر ئۆلتۈرۈلگىلى ئازلا قالدىم دەيدۇ، ئاندىن ئەبۇبۇسەير ئۇنى قوغلاپ كېلىدۇ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:ئۇنىڭ ئانىسىغا ۋايدۇر،يەنى بۇ قاتتىق مۇشەققەت،غەم ـ قايغۇ ئېلىپ كەلدى، بۇ يەنە

قايتا جەڭ ئۇرۇشقا ئوت ياقتى ، كاشكى بۇنى توختۇشقا قادىر بولالايدىغان بىرەر كىشى بولسىچۇ؟دېدى، ئەبۇبۇسەير بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئۇنى يەنە كاپىرلارغا تاپشۇرۇپ بېرىشىنى بىلىپ، دېڭىز ساھىلىغا قېچىپ چىقتى، ئەبۇجەندەلمۇ كاپىرلاردىن قېچىپ قۇتۇلۇپ، ئەبۇبۇسەيرگە قوشۇلدى، قۇرەيشلەردىن مۇسۇلمان بولۇپ قېچىپ چىققان ھەر قانداق بىر كىشى ئەبۇبۇسەيرنىڭ توپىغا قوشۇلۇشقا باشلىدى، ھەتتا بۇلار بىر توپ جامائەت بولۇپ شەكىللەندى، **الله** بىلەن قەسەمكى، بۇلار قۇرەيشلەرنىڭ شامغا ماڭغان بىرەر كارۋىنىنىڭ خەۋىرىنى ئاڭلاپلا قالسا، ئۇلارنى توسۇپ ئۆلتۈرۈپ، مال ـ مۈلۈكلىرىنى ئېلىۋالدى، ئاندىن قۇرەيشلەر رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە **الله** نىڭ نامىدىن، ئارىمىزدىكى سىلە ـ رەھىمنىڭ ھەققى ـ ھۆرمىتىدىن شۇنى تەلەپ قىلىمىزكى، بىز پەقەت سىلەرگە ئەبۇبۇسەيرنىڭ ئىشى توغرۇلۇقلا ئەلچى ئەۋەتتۇق، سىلەر ئۇنى قېشىڭلارغا ئېكىلىۋالساڭلار، ئۇلار كارۋانلىرىمىزنى توسىۋالمىسا، بىز تەرەپتىن سىلەرگە مۇسۇلمان بولۇپ بارغان كىشى ئەمىن خاتىرجەم بولسۇن،ئۇ بىزگە قايتۇرۇلمىسۇن دەپ ئەلچى ئەۋەتتى. ئاندىن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئەبۇبۇسەيرنىڭ جامائىتىگە ئەلچى ئەرەتىپ، ئۇلارنى قېشىغا ئېكىلىۋالدى. بۇخارى.

4587 ـ حدّثنا أبُو بَكْرِ بْنُ أبي شَيْبَةَ: حَدّثَنَا عَبْدُ اللّهِ بْنُ نُمَيْرٍ. ح وَحدّثَنَا ابْنُ نُمَيْرٍ (وَتَقَارَبَا فِي اللّفْظِ): حَدّثَنَا أبي: حَدّثَنَا عَبْدُ الْعَزِيزِ بْنُ سِيَاهٍ: حَدّثَنَا حَبِيبُ بْنُ أبي ثَابِتٍ، عَنْ أبي وَائِلٍ قالَ: قامَ سَهْلُ بْنُ حُنَيْفٍ يَوْمَ صِفّينَ فقالَ: أيّهَا النّاسُ اتّهِمُوا أنْفُسَكُمْ، لَقَدْ كُنّا مَعَ رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم يَوْمَ الْحُدَيْبِيَةِ، وَلَوْ نَرَى قِتَالاً لَقَاتَلْنَا، وَذلِكَ فِي الصّلْحِ الّذِي كَانَ بَيْنَ رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم وَبَيْنَ الْمُشْرِكِينَ. فَجَاءَ عُمَرُ بْنُ الْخَطّابِ، فَأتَى رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم فقالَ: يَا رَسُولَ اللّهِ ألَسْنَا عَلَى حَقّ وَهُمْ عَلَى بَاطِلٍ؟ قالَ: «بَلَى» قالَ: ألَيْسَ قَتْلاَنَا فِي الْجَنّةِ وَقَتْلاَهُمْ فِي النّارِ؟ قالَ: «بَلَى» قالَ: فَفِيمَ نُعْطِي الدّنِيّةَ فِي دِينِنَا، وَنَرْجِعُ وَلَمّا يَحْكُمِ اللّهُ بَيْنَنَا وَبَيْنَهُمْ؟ فقالَ: «يَا ابْنَ الْخَطّابِ! إنّي رَسُولُ اللّهِ، وَلَنْ يُضَيّعَنِي اللّهُ أبَداً» قالَ: فَانْطَلَقَ عُمَرُ فَلَمْ يَصْبِرْ مُتَغَيّظاً، فَأتَى أبَا بَكْرٍ فقالَ: يَا أبَا بَكْرٍ ألَسْنَا عَلَى حَقّ وَهُمْ عَلَى بَاطِلٍ؟ قالَ: بَلَى، قالَ: ألَيْسَ قَتْلاَنَا فِي الْجَنّةِ وَقَتْلاَهُمْ فِي النّارِ؟ قالَ: بَلَى، قالَ: فَعَلاَمَ نُعْطِي الدّنِيّةَ فِي دِينِنَا، وَنَرْجِعُ وَلَمّا يَحْكُمِ اللّهُ بَيْنَنَا وَبَيْنَهُمْ؟ فقالَ: يَا ابْنَ الْخَطّابِ! إنّهُ رَسُولُ اللّهِ وَلَنْ يُضَيّعَهُ اللّهُ أبَداً. قالَ: فَنَزَلَ الْقُرْآنُ عَلَى رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم بِالْفَتْحِ، فَأرْسَلَ إلَى عُمَرَ فَأقْرَأهُ إيّاهُ. فقالَ: يَا رَسُولَ اللّهِ أوَ فَتْحٌ هُوَ؟ قالَ: «نَعَمْ» فَطَابَتْ نَفْسُهُ وَرَجَعَ.

4588 ـ حدّثنا أبُو كُرَيْبٍ مُحَمّدُ بْنُ الْعَلاَءِ وَ مُحَمّدُ بْنُ عَبْدِ اللّهِ بْنِ نُمَيْرٍ قالاَ: حَدّثَنَا أبُو مُعَاوِيَةَ، عَنِ الأعْمَشِ، عَنْ شَقِيقٍ قالَ: سَمِعْتُ سَهْلَ بْنَ حُنَيْفٍ يَقُولُ، بِصِفّينَ: أيّهَا النّاسُ اتّهِمُوا رَأيَكُمْ، وَاللّهِ! لَقَدْ رَأيْتُنِي يَوْمَ أبي جَنْدَلٍ وَلَوْ أنّي أسْتَطِيعُ أنْ أرُدّ أمْرَ رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم لَرَدَدْتُهُ. وَاللّهِ مَا وَضَعْنَا سُيُوفَنَا عَلَى عَوَاتِقِنَا إلَى أمْرٍ قطّ، إلاّ أسْهَلْنَ بِنَا إلَى أمْرٍ نَعْرِفُهُ. إلاّ أمْرَكُمْ هَذَا. لَمْ يَذْكُرِ ابْنُ نُمَيْرٍ: إلَى أمْرٍ قطّ.

4589 ـ وحدّثناه عُثْمَانُ بْنُ أبي شَيْبَةَ وَ إسْحَقُ، جَمِيعاً، عَنْ جَرِيرٍ. ح وَحَدّثَنِي أبُو سَعِيدٍ الأشَجّ: حَدّثَنَا وَكِيعٌ، كِلاَهُمَا، عَنِ الأعْمَشِ بِهَذَا الإسْنَادِ. وَفِي حَدِيثِهِمَا: إلَى أمْرٍ يُفْظِعُنَا.

4590 ـ وحدّثني إبْرَاهِيمُ بْنُ سَعِيدٍ الجَوْهَرِيّ: حَدّثَنَا أبُو أسَامَةَ، عَنْ مَالِكِ بْنِ مِغْوَلٍ، عَنْ أبي حَصِينٍ، عَنْ أبي وَائِلٍ قالَ: سَمِعْتُ سَهْلَ بْنَ حُنَيْفٍ بِصِفّينَ يَقُولُ: اتّهِمُوا رَأيَكُمْ عَلَى دِينِكُمْ، فَلَقَدْ رَأيْتُنِي يَوْمَ أبي جَنْدَلٍ وَلَوْ أسْتَطِيعُ أنْ أرُدّ أمْرَ رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم، مَا فَتَحْنَا مِنْهُ فِي خُصْمٍ، إلاّ انْفَجَرَ عَلَيْنَا مِنْهُ خُصْمٌ.

سەھلى ئىبنى ھۇنەيف رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ سىپپىين كۈنى مۇنداق دېدى: ئى ئىنسانلار!ئۆزۈڭلارغا ۋە دىنىڭلارغا كۆڭۈل بۆلۈڭلار، ئۆزۈڭلارنى بېسىۋېلىپ، ئالدىراقسانلىق قىلماڭلار، يىراقنى كۆزلەپ كۆز قارىشىڭلارنى ئىسلاھ قىلىڭلار، **الله** بىلەن قەسەمكى مەن ئەبۇجەندەلنىڭ كۈنى يەنى ھۇدەيبىيەكۈنى رەسۇلۇ**الله** نىڭ ئىشىنى رەت قىلالىغان بولسام، ئەلۋەتتە رەت قىلاتتىم، بىز بىرەر ئىش ئۈچۈن قىلىچلىرىمىزنى مۈرىمىزگە قويساقلا، ئۇ ئىش بىزگە ياخشىلىقچە ئاسان بولاتتى، لېكىن سىلەرنىڭ بۇئىشىڭلار ئۇنداق ئەمەس (چۈنكى ھەر ئىككىلى تەرەپ مۇسۇلمان تۇرۇپ ئۇرۇشماقچى بولۇپ قالغان، سەۋەبى يەھۇدىيلەرنىڭ قەست قىلىشى ئىدى، شۇڭا ئىككى تەرەپنى ياراشتۇرماقچى بولۇپ مۇشۇ سۆزلەرنى قىلدى) كۆز قاراش ئىشىڭلاردىن بىرنى ئىسلاھ قىلساق،بىزگە يەنەبىرسى

ئاشكارا بولۇپ چىقىپ تۇرىدىكەن، بىز ھۇدەيبىيىيە كۈنى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن بىللە ئىدۇق، بىزمۇ ئۇ كۈنى ئۇرىشىشنى توغرا دەپ قارىغان بولساق، ئۇرۇشۇپ كېتەتتۇق، ئۇ رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ ھۇدەيبىيەكۈنى مۇشرىكلەر بىلەن سۈلھىلەشكەندىكى ئىش ئىدى، ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ كېلىپ؛ ئى اللە نىڭ ئەلچىسى! بىز ھەقنىڭ ئۈستىدە، ئۇلار باتىل ئۈستىدە ئەمەسمۇ؟دېدى، رەسۇلۇللاھ ﷺ ئەلۋەتتە شۇنداق، بىز ھەقنىڭ ئۈستىدە دېدى، ئۇ: بىزدىن ئۆلگەنلەر جەننەتكە كىرىدۇ، ئۇلاردىن ئۆلگەنلەر دوزەخكە كىرىدۇ، شۇنداق ئەمەسمۇ؟دېدى، رەسۇلۇللاھ ﷺ ئەلۋەتتە شۇنداق، دېدى. ئۇ: ئۇنداق بولسا، نىمە ئۈچۈن بۇ ناقىس، پۇچەك يۇقلاڭ نەرسىنى دىنىمىزنىڭ بەدىلىگە بېرىپ، اللە ئۇلار بىلەن بىزنىڭ ئارىمىزدا ھۆكۈم قىلماي تۇرسا، قايتىپ كېتىمىز؟(يەنى نىمە ئۈچۈن اللە يولىدا ئۇرۇش قىلماي، سۈلھىلىشىپ قايتىپ كېتىمىز؟)دېدى. رەسۇلۇللاھ ﷺ: ئى ئىبنى خەتتاب! مەن دېگەن اللە نىڭ ئەلچىسى! اللە تائالا مەڭگۈ مىنىڭ ئىشىمنى زايا قىلىۋەتمەيدۇ دېدى. ئاندىن ئۇ سەۋرە قىلىپ تۇرالماي، ئەبۇبەكرىنىڭ قېشىغا بېرىپ: ئى ئەبۇبەكرى! بىز ھەقنىڭ ئۈستىدە، ئۇلار باتىل ئۈستىدە ئەمەسمۇ؟دېدى، ئۇ ئەلۋەتتە شۇنداق، بىز ھەقنىڭ ئۈستىدە دېدى، ئۇ: بىزدىن ئۆلگەنلەر جەننەتكە كىرىدۇ، ئۇلاردىن ئۆلگەنلەر دوزەخكە كىرىدۇ، شۇنداق ئەمەسمۇ؟دېدى، ئۇ ئەلۋەتتە شۇنداق، دېدى. ئۇ: ئۇنداق بولسا، نىمە ئۈچۈن بۇ ناقىس، پۇچەك يۇقلاڭ نەرسىنى دىنىمىزنىڭ بەدىلىگە بېرىپ، اللە ئۇلار بىلەن بىزنىڭ ئارىمىزدا ھۆكۈم قىلماي تۇرسا، قايتىپ كېتىمىز؟(يەنى نىمە ئۈچۈن اللە يولىدا ئۇرۇش قىلماي، سۈلھىلىشىپ قايتىپ كېتىمىز؟)دېدى. ئەبۇبەكرى: ئى ئىبنى خەتتاب! ئۇ دېگەن اللە نىڭ ئەلچىسى! اللە تائالا مەڭگۈ رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ ئىشىنى زايا قىلىۋەتمەيدۇ دېدى. ئاندىن رەسۇلۇللاھ ﷺ قا سۈرە پەتھى نازىل قىلىندى، رەسۇلۇللاھ ﷺ ئۆمەرگە كىشى ئەۋەتىپ كەلتۈرۈپ، بۇسۈرىنى ئوقۇپ بەردى، ئۇ:ئى اللە نىڭ ئەلچىسى! قۇرئاندا تىلغا ئېلىنغان پەتھى ھۇدەيبىيە سۈلھىسى شۇمۇ؟دېدى، رەسۇلۇللاھ ﷺ:ھەئە شۇ دېدى، ئاندىن ئۇنىڭ قەلبى ئارام تېپىپ قايتتى.

4591 ـ وحدّثنا نَصْرُ بْنُ عَلِيّ الْجهْضَمِيّ: حَدّثَنَا خَالِدُ بْنُ الْحَارِثِ: حَدّثَنَا سَعِيدُ بْنُ أَبِي عَرُوبَةَ، عَنْ قَتَادَةَ أَنّ أَنَسَ بْنَ مَالِكٍ حَدّثَهُمْ قَالَ: لَمّا نَزَلَتْ: {إِنّا فَتَحْنَا لَكَ فَتْحاً مُبِيناً لِيَغْفِرَ لَكَ اللّهُ}. إِلَىَ قَوْلِهِ: {فَوْزاً عَظِيماً} (48الفتح الآيات: 1 ـــ 5) مَرْجِعَهُ مِنَ الْحُدَيْبِيَةِ وَهُمْ يُخَالِطُهُمُ الْحُزْنُ وَالْكَآبَةُ، وَقَدْ نَحَرَ الْهَدْيَ بِالْحُدَيْبِيَةِ. فَقَالَ: «لَقَدْ أُنْزِلَتْ عَلَيّ آيَةٌ هِيَ أَحَبّ إِلَيّ مِنَ الدّنْيَا جَمِيعاً».

4592 ـ وحدّثنا عَاصِمُ بْنُ النّضْرِ التّيْمِيّ: حَدّثَنَا مُعْتَمِرٌ. قَالَ: سَمِعْتُ أَبِي، حَدّثَنَا قَتَادَةُ. قَالَ: سَمِعْتُ أَنَسَ بْنَ مَالِكٍ. ح وَحَدّثَنَا ابْنُ الْمُثَنّى: حَدّثَنَا أَبُو دَاوُدَ: حَدّثَنَا هَمّامٌ. ح وَحَدّثَنَا عَبْدُ بْنُ حُمَيْدٍ: حَدّثَنَا يُونُسُ بْنُ مُحَمّدٍ: حَدّثَنَا شَيْبَانُ، جَمِيعاً، عَنْ قَتَادَةَ، عَنْ أَنَسٍ نَحْوَ حَدِيثِ ابْنِ أَبِي عَرُوبَةَ.

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ساھابىللىرى بىلەن ھۇدەيبىيىيەدە قۇربانلىقلارنى بوغۇزلاپ بولۇپ، ئاندىن بۇجايدىن غەم ـ قايغۇ، مۇشەققەتلەر بىلەن قايتقاندا «ئىننا پەتەھنا لەكە پەتھەن مۇبىينا... دېگەن ئايەت ئەزىيماغىچە» نازىل قىلىندى، ئاندىن رەسۇلۇللاھ مۇنداق دىگەن: ھەققەتەن ماڭا بىر ئايەت نازىل قىلىندى، ئۇ ئايەت ماڭا پۈتۈن دۇنيادىنمۇ سۆيۈملۈكتۇر.( ئۇئايەت:«ئىننا پەتەھنا لەكە پەتھەن مۇبىينا... ئەزىيماغىچە» (سۈرە فەتھى 1 ـ ئايەتتىن 5 ــ ئايەتكىچە).

***825 ـ باب الوفاء بالعهد***

## ئەھدىگە ۋاپا قىلىش توغرىسىدا

**4593 ـ وحدّثنا أبُو بَكْرِ بْنُ أبي شَيْبَةَ: حَدّثَنَا أبُو أُسَامَةَ، عَنِ الْوَلِيدِ بْنِ جُمَيْعٍ: حَدّثَنَا أبُو الطّفَيْلِ: حَدّثَنَا حُذَيْفَةُ بْنُ الْيَمَانِ قالَ: مَا مَنَعَنِي أنْ أشْهَدَ بَدْراً إلاّ أنّي خَرَجْتُ أنَا وَأبِي، حُسَيْلٌ. قالَ: فَأَخَذَنَا كُفّارُ قُرَيْشٍ. قالُوا: إنّكُمْ تُرِيدُونَ مُحَمّداً؟ فَقُلْنَا: مَا نُرِيدُهُ، مَا نُرِيدُ إلاّ الْمَدِينَةَ، فَأَخَذُوا مِنّا عَهْدَ اللّهِ وَمِيثَاقَهُ لَنَنْصَرِفَنّ إلَى الْمَدِينَةِ وَلاَ نُقَاتِلُ مَعَهُ. فَأَتَيْنَا رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم فَأَخْبَرْنَاهُ الْخَبَرَ. فَقَالَ: «انْصَرِفَا. نَفِي لَهُمْ بِعَهْدِهِمْ، وَنَسْتَعِينُ اللّهَ عَلَيْهِمْ».**

ھۇزەيفە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمۇنداق دەيدۇ؛ مىنىڭ بەدىر ئۇرىشىغا قاتنىشالماسلىقىمنىڭ سەۋەبى مۇنداق؛ مەن دادام بىلەن بىللە مەدىنىگە چىقتىم، بىزدىن قۇرەيشلەرنىڭ كۇپپارلىرى مەدىنىگە كىرىشىمىزگە بولىدىغانلىقى، لېكىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن بىرلىشىپ كاپىرلارغا قارشى ئۇرۇش قىلماسلىقىمىزغا ئەھدە، توختام ئېلىۋالدى، بىز مەدىنىنى مەقسەت قىلدۇق دېسەكمۇ، ئۇلار بىزگە ئىشەنمەي، سىلەر چوقۇم ئۇنى مەقسەت قىلىپ كەلدىڭلار دەپ ، بىزدىن شۇنداق ئەھدى ئېلىۋالدى.بىز كېلىپ بۇ ئىشنى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە خەۋەر قىلساق، رەسۇلۇللاھ مۇنداق دېگەن: سىلەر قايتىپ كېتىپ، جەڭگە قاتناشماڭلار، بىز ئۇلارنىڭ ئەھدىسىگە ۋاپا قىلىمىز، ئۇلارغا قارشى ئاللاھدىنلا ياردەم سورايمىز. مۇسلىم 3342 ــ ھەدىس، ئەھمەد 22265 ــ ھەدىس، سەھىھ. مەجبۇرى ئېلىۋالغان ئەھدىگىمۇ ۋاپا قىلغان، ئەمەلىيەتتە مەجبۇرلانغان ئەھدىگە ۋاپا يوق ئىدى. چۈنكى، مەجبۇرلانغان ئىش كۆتۈرۈۋېتىلدى.

***826 ـ باب غزوة الأحزاب***

## ئەھزاپ ئۇرىشى

**4594 ـ حدّثنا زُهَيْرُ بْنُ حَرْبٍ وَ إسْحَقُ بْنُ إبْرَاهِيمَ، جَمِيعاً، عَنْ جَرِيرٍ، قالَ زُهَيْرٌ: حَدّثَنَا جَرِيرٌ عَنِ الأعْمَشِ، عَنْ إبْرَاهِيمَ التّيْمِيّ، عَنْ أبِيهِ قالَ: كُنّا عِنْدَ حُذَيْفَةَ. فَقَالَ رَجُلٌ: لَوْ أدْرَكْتُ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم قَاتَلْتُ مَعَهُ وَأبْلَيْتُ. فَقَالَ حُذَيْفَةُ: أنْتَ كُنْتَ تَفْعَلُ ذَلِكَ؟ لَقَدْ رَأيْتُنَا مَعَ رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم لَيْلَةَ الأحْزَابِ، وَأخَذَتْنَا رِيحٌ شَدِيدَةٌ وَقُرّ. فَقَالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: «ألاَ رَجُلٌ يَأْتِينِي بِخَبَرِ الْقَوْمِ، جَعَلَهُ اللّهُ مَعِي يَوْمَ الْقِيَامَةِ؟» فَسَكَتْنَا. فَلَمْ يُجِبْهُ مِنّا أحَدٌ. ثُمّ قَالَ: «ألاَ رَجُلٌ يَأْتِينَا بِخَبَرِ الْقَوْمِ، جَعَلَهُ اللّهُ مَعِي يَوْمَ الْقِيَامَةِ؟» فَسَكَتْنَا. فَلَمْ يُجِبْهُ مِنّا أحَدٌ. ثُمّ قَالَ: «ألاَ رَجُلٌ يَأْتِينَا بِخَبَرِ الْقَوْمِ، جَعَلَهُ اللّهُ مَعِي يَوْمَ الْقِيَامَةِ؟» فَسَكَتْنَا، فَلَمْ يُجِبْهُ مِنّا أحَدٌ. فَقَالَ: «قُمْ. يَا حُذَيْفَةُ! فَأْتِنَا بِخَبَرِ الْقَوْمِ» فَلَمْ أجِدْ بُدّاً، إذْ دَعَانِي بِاسْمِي، أنْ أقُومَ. قَالَ: «اذْهَبْ. فَأْتِنِي بِخَبَرِ الْقَوْمِ، وَلاَ تَذْعَرْهُمْ عَلَيّ» فَلَمّا وَلّيْتُ مِنْ عِنْدِهِ جَعَلْتُ كَأنّمَا أمْشِي فِي حَمّامٍ، حَتّى أتَيْتُهُمْ. فَرَأيْتُ أبَا سُفْيَانَ يَصْلِي ظَهْرَهُ بِالنّارِ، فَوَضَعْتُ سَهْماً فِي كَبِدِ الْقَوْسِ، فَأَرَدْتُ أنْ أرْمِيَهُ، فَذَكَرْتُ قَوْلَ رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: «وَلاَ تَذْعَرْهُمْ عَلَيّ» وَلَوْ رَمَيْتُهُ لأصَبْتُهُ. فَرَجَعْتُ وَأنَا أمْشِي فِي مِثْلِ الْحَمّامِ، فَلَمّا أتَيْتُهُ فَأَخْبَرْتُهُ بِخَبَرِ الْقَوْمِ، وَفَرَغْتُ، قُرِرْتُ. فَألْبَسَنِي رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم مِنْ فَضْلِ عَبَاءَةٍ كَانَتْ عَلَيْهِ يُصَلّي فِيهَا، فَلَمْ أزَلْ نَائِماً حَتّى أصْبَحْتُ، فَلَمّا أصْبَحْتُ قَالَ: «قُمْ. يَا نَوْمَانُ!».**

ئىبراھىمنىڭ دادىسى مۇنداق دەيدۇ؛ بىز ھۇزەيفە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ نىڭ قېشىدا ئىدۇق، بىركىشى ؛ كاشكى مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنى تاپالىغان بولسام، (يەنى شۇزامانلاردا بىللە بولغان بولسام)رەسۇلۇللاھ بىلەن بىللە كاپىرلارغا قارشى ئۇرۇش قىلىپ، ئۆزۈمنى بىر سىناپ كۆرۈپ سىناقتىن ئۆتەر ئىكەنمەن دېدى، ئاندىن ھۇزەيفە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ؛سەن شۇنداق قىلالامسەنمۇ؟ بىز ئەھزاپ كېچىسى رەسۇلۇللاھ بىلەن بىللە ئىدۇق،

بىرگە قاتتىق شامال چىقىپ، سوغۇق يەتتى، دەل شۇ چاغدا رەسۇلۇللاھ بىرگە: كىم بىرگە كاپىرلانىڭ خەۋىرىنى ئېلىپ كېلىدۇ؟ كىم شۇنداق قىلالىسا، اللە ئۇنى قىيامەت كۈنى مەن بىلەن بىللە قىلىدۇ دېدى. بىز گەپ ـ سۆز قىلماي جىم تۇردۇق، بىزدىن ھېچ بىرىكىشى رەسۇلۇللاھ قا جاۋاپ بېرەلمىدى. ئاندىن يەنە: كىم بىرگە كاپىرلانىڭ خەۋىرىنى ئېلىپ كېلىدۇ؟ كىم شۇنداق قىلالىسا، اللە ئۇنى قىيامەت كۈنى مەن بىلەن بىللە قىلىدۇ دېدى. بىز گەپ ـ سۆز قىلماي جىم تۇردۇق، بىزدىن ھېچ بىرىكىشى رەسۇلۇللاھ قا جاۋاپ بېرەلمىدى. ئاندىن

يەنە:.....شۇنداق دېسە، يەنە جاۋاپ بېرەلمىدۇق، ئاندىن ئى ھۇزەيپە! قوپ، سەن ئورنىڭدىن تۇرۇپ، بىزگە كاپىرلارنىڭ خەۋىرىنى ئېلىپ كەلگىن دېدى، مېنىڭ ئىسمىمنى ئۇچۇق ئاتاپ چاقىرغاچقا مەن ھېچ بىر ئامال تاپالماي، ئورنۇمدىن تۇردۇم، ئاندىن ماڭا: سەن بېرىپ، ئۇلارنىڭ خەۋىرىنى ماڭا ئېلىپ كەلگىن، لېكىن سەن ئۇلارنى چۈچۈتۈپ قويما، بىزنى بىلىپ قالمىسۇن دېدى، مەن رەسۇلۇللاھ نىڭ يېنىدىن قايتىپ چىققاندا تاكى ئۇلارنىڭ قېشىغا بارغىچە خۇددى ئىسسىق مۇنچىنىڭ ئىچىدە تۇرغاندەك ئىسسىق ھالەتتە باردىم، مەن بارسام، ئەبۇسۇپيان ئۇچىسىنى ئوتقا قاقلاپ ئىسسىنىۋاتقان ئىكەن، مەن ئوقنى ياچاقنىڭ رەي تارىسىغا سېلىپ، ئۇنىڭغا ئېتىشنى مەقسەت قىلىپ بولۇپ، رەسۇلۇللاھ نىڭ «لېكىن سەن ئۇلارنى چۈچۈتۈپ قويما، بىزنى بىلىپ قالمىسۇن» دېگەن سۆزىنى ئەسلەپ، توختاپ قالدىم، ئەگەر ئۇنىڭغا ئوقنى ئاتقان بولسام، دەل تەككۈزەتتىم، مەن خۇددى ئىسسىق مۇنچىنىڭ ئىچىدە تۇرغاندەك ئىسسىق ھالەتتە قايتىپ كەلدىم، مەن كېلىپ رەسۇلۇللاھ قا ئۇلارنىڭ خەۋىرىنى بېرىپ بولۇپلا تولۇپ كەتتىم، رەسۇلۇللاھ ماڭا ئۆزىنىڭ ئۈستىدىكى ناماز ئوقۇيدىغان جۇۋىسىنىڭ ئارتۇق يېرىنى يېپىپ قويدى، مەن تاڭ ئاتقىچە ئۇخلىدۇم، تاڭ ئاتقاندا رەسۇلۇللاھ ماڭا؛ ئى نەۋمان!يەنى ئى كۆپ ئۇخلايدىغان كىشى ئورنۇڭدىن تۇر دېدى.

### 827 ـ باب غزوة أحد

### ئۇھۇد ئۇرىشى

4595 ـ وحدّثنا هَدّابُ بْنُ خَالِدٍ الأَزْدِيّ: حَدّثَنَا حَمّادُ بْنُ سَلَمَةَ، عَنْ عَلِيّ بْنِ زَيْدٍ وَ ثَابِتٍ الْبُنَانِيّ، عَنْ أَنَسِ بْنِ مَالِكٍ أَنّ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم أُفْرِدَ يَوْمَ أُحُدٍ فِي سَبْعَةٍ مِنَ الأَنْصَارِ وَرَجُلَيْنِ مِنْ قُرَيْشٍ. فَلَمّا رَهِقُوهُ قَالَ: «مَنْ يَرُدّهُمْ عَنّا وَلَهُ الْجَنّةُ، أَوْ هُوَ رَفِيقِي فِي الْجَنّةِ؟» فَتَقَدّمَ رَجُلٌ، مِنَ الأَنْصَارِ، فَقَاتَلَ حَتّىَ قُتِلَ، ثُمّ رَهِقُوهُ أَيْضاً. فَقَالَ: «مَنْ يَرُدّهُمْ عَنّا وَلَهُ الْجَنّةُ، أَوْ هُوَ رَفِيقِي فِي الْجَنّةِ؟» فَتَقَدّمَ رَجُلٌ، مِنَ الأَنْصَارِ، فَقَاتَلَ حَتّىَ قُتِلَ، فَلَمْ يَزَلْ كَذَلِكَ حَتّىَ قُتِلَ السّبْعَةُ. فَقَالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم لِصَاحِبَيْهِ: «مَا أَنْصَفْنَا أَصْحَابَنَا».

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇھۇد كۈنى يەتتەنەپەر ئەنسارى ۋە قۇرەيشلىك ئىككى كىشى بىلەنلا يالغۇز قېلىپ قالدى، كاپىرلار رەسۇلۇللاھ نى قورشىۋالغاندا رەسۇلۇللاھ: كىم

ئۇلارنى بىزدىن چېكىندۇرۇپ قايتۇرالىسا، ئۇنىڭغا جەننەت بېرىلىدۇ، ئۇ جەننەتتە مەن بىلەن بىللە ھەمراھ بولىدۇ، دېدى. ئەنسارلاردىن بىركىشى ئالدىغا چىقىپ، ئۇلار بىلەن ئۇرۇشۇپ، شېھىد قىلىندى. ئاندىن ئۇلار يەنە رەسۇلۇللاھ نى قورشىۋالدى ، رەسۇلۇللاھ: كىم ئۇلارنى بىزدىن چېكىندۇرۇپ قايتۇرالىسا، ئۇنىڭغا جەننەت بېرىلىدۇ، ئۇ جەننەتتە مەن بىلەن بىللە ھەمراھ بولىدۇ، دېدى. ئەنسارلاردىن يەنەبىركىشى ئالدىغا چىقىپ، ئۇلار بىلەن ئۇرۇشۇپ، شېھىد قىلىندى. ئاندىن ئۇلار يەنە شۇنداق قىلدى، ئۇرۇش شۇنداق داۋاملىشىۋېرىپ، ئەنسارلاردىن بولغان يەتتەنەپەر كىشى بىر بىرلەپ چىقىپ، كاپىرلار بىلەن قاتتىق ئۇرۇشۇپ، ھەممىسى شېھىد قىلىندى.

ئاندىن رەسۇلۇللاھ قۇرەيشلىك ئىككى كىشىگە: بىز ئەنسارلاردىن ئىبارەت قېرىنداشلىرىمىزغا ئىنساپ قىلمىدۇق، دېدى.(يەنى ئۇئىككى كىشى ئارلىقتا چىقالمىدى، ياكى بۇسۆز باشقا جەڭدىن قاچقانلارغا دېيىلدى)

**4596 ـ حدّثنا يَحْيَى بْنُ يَحْيَى التّمِيمِيّ. حَدّثَنَا عَبْدُ الْعَزِيزِ بْنُ أَبِي حَازِمٍ، عَنْ أَبِيهِ أَنّهُ سَمِعَ  سَهْلَ بْنَ سَعْدٍ يُسْأَلُ عَنْ جُرْحِ رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم، يَوْمَ أُحُدٍ؟ فَقَالَ: جُرِحَ وَجْهُ رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم، وَكُسِرَتْ رَبَاعِيَتُهُ، وَهُشِمَتِ الْبَيْضَةُ عَلَىَ رَأْسِهِ، فَكَانَتْ فَاطِمَةُ بِنْتُ رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم تَغْسِلُ الدّمَ، وَكَانَ عَلِيّ بْنُ أَبِي طَالِبٍ يَسْكُبُ عَلَيْهَا بِالْمِجَنّ. فَلَمّا رَأَتْ فَاطِمَةُ أَنّ الْمَاءَ لاَ يَزِيدُ الدّمَ إِلاّ كَثْرَةً، أَخَذَتْ قِطْعَةَ حَصِيرٍ فَأَحْرَقَتْهُ حَتّى صَارَ رَمَاداً، ثُمّ أَلْصَقَتْهُ بِالْجُرْحِ، فَاسْتَمْسَكَ الدّمُ.**

**4597 ـ حدّثنا قُتَيْبَةُ بْنُ سَعِيدٍ: حَدّثَنَا يَعْقُوبُ (يَعْنِي ابْنَ عَبْدِ الرّحْمَـنِ الْقَارِيّ) عَنْ أَبِي حَازِمٍ أَنّهُ سَمِعَ  سَهْلَ بْنَ سَعْدٍ وَهُوَ يُسْأَلُ عَنْ جُرْحِ رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم؟ فَقَالَ: أَمَ، وَاللّهِ! إِنّي لأَعْرِفُ مَنْ كَانَ يَغْسِلُ جُرْحَ رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم. وَمَنْ كَانَ يَسْكُبُ الْمَاءَ، وَبِمَاذَا دُووِيَ جُرْحُهُ. ثُمّ ذَكَرَ نَحْوَ حَدِيثِ عَبْدِ الْعَزِيزِ. غَيْرَ أَنّهُ زَادَ: وَجُرِحَ وَجْهُهُ. وَقَالَ (مَكَانَ هُشِمَتْ): كُسِرَتْ.**

**4598 ـ وحدّثناه  أَبُو بَكْرِ بْنُ أَبِي شَيْبَةَ وَ زُهَيْرُ بْنُ حَرْبٍ وَ إِسْحَـقُ بْنُ إِبْرَاهِيمِ وَ ابْنُ أَبِي عُمَرَ، جَمِيعاً، عَنِ ابْنِ عُيَيْنَةَ. ح وَحَدّثَنَا عَمْرُو بْنُ سَوّادٍ الْعَامِرِيّ: أَخْبَرَنَا عَبْدُ اللّهِ بْنُ وَهْبٍ: أَخْبَرَنِي عَمْرُو بْنُ الْحَارِثِ، عَنْ سَعِيدِ بْنِ أَبِي هِلاَلٍ. ح وَحَدّثَنِي  مُحَمّدُ بْنُ سَهْلٍ التّمِيمِيّ. حَدّثَنِي ابْنُ أَبِي مَرْيَمَ. حَدّثَنَا مُحَمّدٌ (يَعْنِي ابْنَ مُطَرّفٍ). كُلّهُمْ، عَنْ أَبِي حَازِمٍ، عَنْ سَهْلِ بْنِ سَعْدٍ بِهَـذَا الْحَدِيثِ عَنِ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم. فِي حَدِيثِ ابْنِ أَبِي هِلاَلٍ: أُصِيبَ وَجْهُهُ. وَفِي حَدِيثِ ابْنِ مُطَرّفٍ: جُرِحَ وَجْهُهُ.**

سەھلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم نىڭ ئۇھۇد كۈنىدىكى جاراھەتلىنىش ئەھۋالىدىن سورالغاندا ئۇ مۇنداق دېدۇ: ئۇھۇد كۈنى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم نىڭ ئۇتتۇر چىشىدىن ئىككىسى سۇنۇپ كەتتى، جەڭ كىيىمىنىڭ ھالقىسى بېشىغا پېتىپ كىتىپ بېشى يېرىلدى، يۈزى جارھەتلەندى، پاتىمە قانىنى يۇيۇپ تازلىدى، ئەلى قالقان بىلەن سۇئەكىلىپ سۇ قۇيۇپ بەردى، قان توختىماپتى، بورىنى كۆيدۈرۈپ ئۇنىڭ كۈلىنى جاراھەتكە بېسىپ قانىنى توختاتتى. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، ئۇھۇد كۈنى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئۇتتۇر چىشىدىن ئىككىسى سۇنۇپ كەتتى، بېشى يېرىلدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم يۈزىدىن قانىنى سۈرتۈپ ئەيتقاچ؛ئۆز پەيغەمبىرىنىڭ چىشلىرىنى سۇندۇرۇپ، بېشىنى يېرىۋەتكەن قەۋىم قانداقمۇ نىجات تاپسۇن؟دېدى.

**4599 ـ حدّثنا عَبْدُ اللّهِ بْنُ مَسْلَمَةَ بْنِ قَعْنَبٍ: حَدّثَنَا حَمّادُ بْنُ سَلَمَةَ، عَنْ ثَابِتٍ، عَنْ أَنَسٍ أَنّ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم كُسِرَتْ رَبَاعِيَتُهُ يَوْمَ أُحُدٍ، وَشُجّ فِي رَأْسِهِ، فَجَعَلَ يَسْلُتُ الدّمَ عَنْهُ وَيَقُولُ: «كَيْفَ يُفْلِحُ قَوْمٌ شَجّوا نَبِيّهُمْ وَكَسَرُوا رَبَاعِيَتَهُ، وَهُوَ يَدْعُوهُمْ إِلَى اللّهِ؟» فَأَنْزَلَ اللّهُ عَزّ وَجَلّ: {لَيْسَ لَكَ مِنَ الأَمْرِ شَيْءٌ} (3آل عمران الآية: 128).**

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، ئۇھۇد كۈنى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم نىڭ ئۇتتۇر چىشىدىن ئىككىسى سۇنۇپ كەتتى، بېشى يېرىلدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۆزىدىن قاننى سۈرتۈپ ئەيتقاچ؛ **الله** تەرىپكە چاقىرۋاتقان ئۆز پەيغەمبىرىنىڭ چىشلىرىنى سۇندۇرۇپ، بېشىنى يېرىۋەتكەن قەۋم قانداقمۇ نىجات تاپسۇن؟دېدى.ئاندىن «ئىش سىنىڭ ئىلكىڭدە ئەمەس.....»دېگەن ئايەت نازىل قىلىندى.

**4600 ـ حدّثنا مُحَمّدُ بْنُ عَبْدِ اللّهِ بْنِ نُمَيْرٍ: حَدّثَنَا وَكِيعٌ: حَدّثَنَا الأَعْمَشُ، عَنْ شَقِيقٍ، عَنْ عَبْدِ اللّهِ قَالَ: كَأَنّي أَنْظُرُ إِلَى رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم. يَحْكِي نَبِيّا مِنَ الأَنْبِيَاءِ ضَرَبَهُ قَوْمُهُ، وَهُوَ يَمْسَحُ الدّمَ عَنْ وَجْهِهِ وَيَقُولُ: «رَبّ اغْفِرْ لِقَوْمِي فَإِنّهُمْ لاَ يَعْلَمُونَ».**

**4601 ـ حدّثنا أَبُو بَكْرِ بْنُ أَبِي شَيْبَةَ: حَدّثَنَا وَكِيعٌ وَمُحَمّدُ بْنُ بِشْرٍ عَنِ، الأَعْمَشِ بِهَـذَا الإِسْنَادِ. غَيْرَ أَنّهُ قَالَ: فَهُوَ يَنْضِحُ الدّمَ عَنْ جَبِينِهِ.**

ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، گۇياكى مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم گە قاراۋاتاتتىم، رەسۇلۇللاھ ئۆتكەنكى پەيغەمبەرلەردىن بىر پەيغەمبەرنىڭ ھېكايىسىنى سۆزلەپ بىرىپ مۇنداق دېدى؛ ئۇنى قەۋمى قاتتىق ئۇرۇپ، باش ـ كۆزلىرىنى قانغا بويىۋەتتى، ئۇ پەيغەمبەر قاننى يۈزىدىن سۈرتۈپ ئەيتقاچ؛ ئى **الله!** قەۋمىمنى مەغپىرەت قىلسىلا، چۈنكى ئۇلار ھەققەتنى بىلمەيدۇ، دېدى.بۇخارى،مۇسلىم.

### 828 ـ باب اشتداد غضب اللّه على من قتله رسول اللّه صلى الله عليه وسلم

**4602 ـ حدّثنا مُحَمّدُ بْنُ رَافِعٍ: حَدّثَنَا عَبْدُ الرّزّاقِ: حَدّثَنَا مَعْمَرٌ، عَنْ هَمّامِ بْنِ مُنَبّهٍ قَالَ: هَـذَا مَا حَدّثَنَا أَبُو هُرَيْرَةَ عَنْ رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم. فَذَكَرَ أَحَادِيثَ مِنْهَا: وَقَالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: «اشْتَدّ غَضَبُ اللّهِ عَلَى قَوْمٍ فَعَلُوا هَذَا بِرَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم» وَهُوَ حِينَئِذٍ يُشِيرُ إِلَى رَبَاعِيَتِهِ، وَقَالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: «اشْتَدّ غَضَبُ اللّهِ عَلَى رَجُلٍ يَقْتُلُهُ رَسُولُ اللّهِ فِي سَبِيلِ اللّهِ عَزّ وَجَلّ».**

ئەبۇھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم سۇنۇپ كەتكەن ئۇتتۇر چىشىغا ئىشارەت قىلىپ تۇرۇپ مۇنداق دېگەن: ئۆز پەيغەمبىرىگە مۇشۇنداق قىلغان(يەنى باش ـ كۆزىنى يېرىپ، چىشلىرىنى سۇندۇرغان)قەۋمىگە **الله** نىڭ غەزىپى قاتتىق بولىدۇ، **الله** نىڭ ئەلچىسى **الله** يولىدا ئۆلتۈرگەن كىشىگىمۇ **الله** نىڭ غەزىپى قاتتىق بولىدۇ.بۇخارى،مۇسلىم. ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: قىيامەت كۈنى ئەڭ قاتتىق ئازابلىنىدىغان كىشى، پەيغەمبەرنى ئۆلتۈرگەن، ياكى پەيغەمبەر ئۆلتۈرگەن كىشىدۇر، يەنە بىرسى بولسا، كىشىلەرنى ئىلىمسىز ئازدۇرغان كىشى، ۋە شۇنداقلا، سۈرەت، ھەيكەل سىزىدىغان رەسسامدۇر، ئەھمەد توپلىغان، ھەسەن.

## 829 ـ باب ما لقي النبيّ صلى الله عليه وسلم من أذى المشركين والمنافقين

### رەسۇلۇللاھ نىڭ الله يولىدا، مۇشرىك، مۇناپىقلار تەرىپىدىن ئۇچرىغان ئەزىيەتلىرى ۋە سەۋرىسى توغرىسىدا

4603 ـ وحدّثنا عَبْدُ اللّهِ بْنُ عُمَرَ بْنِ مُحَمّدِ بْنِ أَبَانٍ الْجُعْفِيّ: حَدّثَنَا عَبْدُ الرّحِيمِ (يَعْنِي ابْنَ سُلَيْمَانَ) عَنْ زَكَرِيّاءَ، عَنْ أَبِي إِسْحَقَ، عَنْ عَمْرِو بْنِ مَيْمُونٍ الأَوْدِيّ، عَنِ ابْنِ مَسْعُودٍ قَالَ: بَيْنَمَا رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم يُصَلّي عِنْدَ الْبَيْتِ، وَأَبُو جَهْلٍ وَأَصْحَابٌ لَهُ جُلُوسٌ، وَقَدْ نُحِرَتْ جَزُورٌ بِالأَمْسِ. فَقَالَ أَبُو جَهْلٍ: أَيّكُمْ يَقُومُ إِلَىَ سَلاَ جَزُورِ بَنِي فُلاَنٍ فَيَأْخُذُهُ، فَيَضَعُهُ فِي كَتِفَيْ مُحَمّدٍ إِذَا سَجَدَ؟ فَانْبَعَثَ أَشْقَى الْقَوْمِ فَأَخَذَهُ، فَلَمّا سَجَدَ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم وَضَعَهُ بَيْنَ كَتِفَيْهِ. قَالَ: فَاسْتَضْحَكُوا، وَجَعَلَ بَعْضُهُمْ يَمِيلُ عَلَىَ بَعْضٍ، وَأَنَا قَائِمٌ أَنْظُرُ، لَوْ كَانَتْ لِي مَنَعَةٌ طَرَحْتُهُ عَنْ ظَهْرِ رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم، وَالنّبِيّ صلى الله عليه وسلم سَاجِدٌ، مَا يَرْفَعُ رَأْسَهُ، حَتّى انْطَلَقَ إِنْسَانٌ فَأَخْبَرَ فَاطِمَةَ. فَجَاءَتْ، وَهِيَ جُوَيْرِيَةٌ، فَطَرَحَتْهُ عَنْهُ. ثُمّ أَقْبَلَتْ عَلَيْهِمْ تَشْتِمُهُمْ، فَلَمّا قَضَى النّبِيّ صلى الله عليه وسلم صَلاَتَهُ رَفَعَ صَوْتَهُ ثُمّ دَعَا عَلَيْهِمْ، وَكَانَ إِذَا دَعَا، دَعَا ثَلاَثاً. وَإِذَا سَأَلَ، سَأَلَ ثَلاَثاً. ثُمّ قَالَ: «اللّهُمّ! عَلَيْكَ بِقُرَيْشٍ» ثَلاَثَ مَرّاتٍ. فَلَمّا سَمِعُوا صَوْتَهُ ذَهَبَ عَنْهُمُ الضّحِكُ، وَخَافُوا دَعْوَتَهُ. ثُمّ قَالَ: «اللّهُمّ! عَلَيْكَ بِأَبِي جَهْلِ بْنِ هِشَامٍ، وَعُتْبَةَ بْنِ رَبِيعَةَ، وَشَيْبَةَ بْنِ رَبِيعَةَ، وَالْوَلِيدِ بْنِ عُقْبَةَ، وَأُمَيّةَ بْنِ خَلَفٍ، وَعُقْبَةَ بْنِ أَبِي مُعَيْطٍ» (وَذَكَرَ السّابِعَ وَلَمْ أَحْفَظْهُ) فَوَالّذِي بَعَثَ مُحَمّداً صلى الله عليه وسلم بِالْحَقّ لَقَدْ رَأَيْتُ الّذِينَ سَمّى صَرْعَى يَوْمَ بَدْرٍ. ثُمّ سُحِبُوا إِلَى الْقَلِيبِ، قَلِيبِ بَدْرٍ.

قَالَ أَبُو إِسْحَقَ: الْوَلِيدُ بْنُ عُقْبَةَ غَلَطٌ فِي هَذَا الْحَدِيثِ.

4604 ـ حدّثنا مُحَمّدُ بْنُ الْمُثَنّى وَ مُحَمّدُ بْنُ بَشّارٍ (وَاللّفْظُ لابْنِ الْمُثَنّى) قَالاَ: حَدّثَنَا مُحَمّدُ ابْنُ جَعْفَرٍ: حَدّثَنَا شُعْبَةُ. قَالَ: سَمِعْتُ أَبَا إِسْحَقَ يُحَدّثُ عَنْ عَمْرِو بْنِ مَيْمُونٍ، عَنْ عَبْدِ اللّهِ قَالَ: بَيْنَمَا رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم سَاجِدٌ، وَحَوْلَهُ نَاسٌ مِنْ قُرَيْشٍ، إِذْ جَاءَ عُقْبَةُ بْنُ أَبِي مُعَيْطٍ بِسَلاَ جَزُورٍ، فَقَذَفَهُ عَلَى ظَهْرِ رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم، فَلَمْ يَرْفَعْ رَأْسَهُ. فَجَاءَتْ فَاطِمَةُ فَأَخَذَتْهُ عَنْ ظَهْرِهِ، وَدَعَتْ عَلَى مَنْ صَنَعَ ذَلِكَ. فَقَالَ: «اللّهُمّ! عَلَيْكَ الْمَلأَ مِنْ قُرَيْشٍ، أَبَا جَهْلِ بْنَ هِشَامٍ، وَعُتْبَةَ بْنَ رَبِيعَةَ، وَعُقْبَةَ بْنَ أَبِي مُعَيْطٍ، وَشَيْبَةَ بْنَ رَبِيعَةَ، وَأُمَيّةَ بْنَ خَلَفٍ، أَوْ أُبَيّ بْنَ خَلَفٍ (شُعْبَةُ الشّاكّ)» قَالَ: فَلَقَدْ رَأَيْتُهُمْ قُتِلُوا يَوْمَ بَدْرٍ، فَأُلْقُوا فِي بِئْرٍ، غَيْرَ أَنّ أُمَيّةَ أَوْ أُبَيّاً تَقَطّعَتْ أَوْصَالُهُ، فَلَمْ يُلْقَ فِي الْبِئْرِ.

4605 ـ وحدّثنا أَبُو بَكْرِ بْنُ أَبِي شَيْبَةَ: حَدّثَنَا جَعْفَرُ بْنُ عَوْنٍ: أَخْبَرَنَا سُفْيَانُ، عَنْ أَبِي إِسْحَقَ بِهَذَا الإِسْنَادِ، نَحْوَهُ. وَزَادَ: وَكَانَ يَسْتَحِبّ ثَلاَثاً يَقُولُ «اللّهُمّ! عَلَيْكَ بِقُرَيْشٍ. اللّهُمّ! عَلَيْكَ بِقُرَيْشٍ، اللّهُمّ! عَلَيْكَ بِقُرَيْشٍ» ثَلاَثاً. وَذَكَرَ فِيهِمُ الْوَلِيدَ بْنَ عُتْبَةَ، وَأُمَيّةَ بْنَ خَلَفٍ، وَلَمْ يَشُكّ. قَالَ أَبُو إِسْحَقَ: وَنَسِيتُ السّابِعَ.

4606 ـ وحدّثني سَلَمَةُ بْنُ شَبِيبٍ: حَدّثَنَا الْحَسَنُ بْنُ أَعْيَنَ: حَدّثَنَا زُهَيْرٌ: حَدّثَنَا أَبُو إِسْحَقَ، عَنْ عَمْرِو بْنِ مَيْمُونٍ، عَنْ عَبْدِ اللّهِ قَالَ: اسْتَقْبَلَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم الْبَيْتَ، فَدَعَا عَلَى سِتّةِ نَفَرٍ مِنْ قُرَيْشٍ، فِيهِمْ أَبُو جَهْلٍ وَأُمَيّةُ بْنُ خَلَفٍ وَعُتْبَةُ بْنُ رَبِيعَةَ وَشَيْبَةُ بْنُ رَبِيعَةَ وَعُقْبَةُ بْنُ أَبِي مُعَيْطٍ، فَأُقْسِمُ بِاللّهِ لَقَدْ رَأَيْتُهُمْ صَرْعَى عَلَى بَدْرٍ، قَدْ غَيّرَتْهُمُ الشّمْسُ، وَكَانَ يَوْماً حَارّاً.

ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن،بىر چاغدا رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كەئبىنىڭ يېنىدا ناماز ئوقۇۋاتاتتى، ۋە ھالەنكى شۇجايدا قۇرەيشلەر توپى ئۈز مەجلىسلىرىدە ئولتۇراتتى، تۈنۈگۈنسىز ئۇلاردىن بىرسى يەنى ئەبۇجەھىل؛ قايسىڭلار پالانىنىڭ تۆگىسى بوغۇزلانغان جايغا بىرىپ، ئۈتۈگىنىڭ نجاسەت،قانلىرىنى، قېرىنىنى ئېلىپ كېلىپ، ئاندىن مۆھلەت بىرىپ كۈتۈپ تۇرۇپ، مۇھەممەد سەجدە قىلغاندا ئۇنى ئىككى تاغىقى ئارىسىغا قويۇپ قويىدۇ؟ دېدى، ئۇلارنىڭ ئەڭ شەقىراقى ئۇقبە ئىبنى ئەبۇمۇئىيت بىرىپ، ئۇنى ئېلىپ كېلىپ، رەسۇلۇللاھ سەجدە قىلغاندا ھېلىقى قېرىنىنى رەسۇلۇللاھنىڭ ئىككى تاغىقى ئارىسىدا قويۇپ قويدى، رەسۇلۇللاھ سەجدە قىلغان ھالدا مۇقۇم تۇرىۋەردى، ئۇلار كۈلۈشۈپ كىتىپ، قاتتىق كۈلۈشكەنلىكىدىن بەزىسى بەزىسىگە مايىل بولۇپ يېتىشىپ كەتتى، ئاندىن بىركىشى پاتىمە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ قېشىغا بىرىپ ئەھۋالنى خەۋەر قىلدى، پاتىمە رەزىيەللاھۇ ئەنھا ئالدىراپ كەلدى، ئۇ كەلگەندىمۇ رەسۇلۇللاھ سەجدە قىلغان ھالدا مۇقۇم تۇرۇقلۇق ئىدى، ئۇ ھېلىقى قېرىنىنى ئېلىپ تاشلىۋېتىپ، قۇرەيشلەرنى تىللاپ ئەيىبلىدى، رەسۇلۇللاھ نامىزىنى كامىل ئوقۇپ بولغاندا، ئۈچ قېتىم:« ئى **الله** ! قۇرەيشلەرنى ئۆزۈڭ بىر تەرەپ قىلغىن،ئۇلارنى ساڭا تاپشۇردۇم »دېدى. ــرەسۇلۇللاھ دۇئا قىلسا، ئۈچ قېتىم قىلاتتى، بىرەر نەرسە سورىسىمۇ، ئۈچ قېتىم سورايتتى ـ ئاندىن ئى **الله** ! ئەمرۇئىبنى ھىشام، شەيبە ئىبنى رەبىئە، ۋەلىيدئىبنى ئۇتبە، ئۇمەييەئىبنى خەلەپ، ئۇقبەئىبنى ئەبۇمۇئىيت، ئەمارە ئىبنى ۋەلىيد

**سەھىھ مۇسلىمنىڭ تەرجىمىسى**

قاتارلىقلارنى ئۆزۈك بىر تەرەپ قىلغىن،مەن ئۇلارنى ساڭا تاپشۇردۇم،دېدى. ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمۇنداق دەيدۇ؛**الله** بىلەن قەسەمكى، مەن ئۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ بەدىر كۈنى ئۆلتۈرۈلۈپ ھالاك بولغانلىقىنى، ئاندىن بەدىر قۇدۇقلىرىدىن بىر قۇدۇققا سۆرەپ ئاپىرلىپ تاشلانغانلىقىنى كۆردۇم، ئۇلارنى قۇياش نۇرى قاردىتىپ ئۆزگەرتىۋەتكەن ئىدى، چۈنكى ئۇ بەكمۇ ھاۋا ئىسسىق كۈنلەر ئىدى.رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم؛بۇقۇدۇق ئەھلىگە قىيامەت كۈنىگىچە لەنەت ئەگەشتۈرلىدۇ دېدى.بۇخارى،مۇسلىم.

4607 ـ وحدّثني أبُو الطّاهِرِ أحْمَدُ بْنُ عَمْرِو بْنِ سَرْحٍ، وَ حَرْمَلَةُ بْنُ يَحْيَى، وَ عَمْرُو بْنُ سَوّادٍ الْعَامِرِيّ (وَألْفَاظُهُمْ مُتَقارِبَةٌ) قالُوا: حَدّثَنَا ابْنُ وَهْبٍ. قالَ: أخْبَرَنِي يُونُسُ، عَنِ ابْنِ شِهَابٍ: حَدّثَنِي عُرْوَةُ بْنُ الزّبَيْرِ [1] أنّ عَائِشَةَ زَوْجَ النّبيّ صلى الله عليه وسلم حَدّثَتْهُ أنّهَا قالَتْ لِرَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: يَا رَسُولَ اللّهِ! هَلْ أتَى عَلَيْكَ يَوْمٌ كَانَ أشَدّ مِنْ يَوْمِ أُحُدٍ؟ فَقالَ: «لَقَدْ لَقِيتُ مِنْ قَوْمِكِ، وكَانَ أشَدّ مَا لَقِيتُ مِنْهُمْ يَوْمَ الْعَقبَةِ، إذْ عَرَضْتُ نَفْسِي عَلَى ابْنِ عَبْدِ يَالِيلَ بْنِ عَبْدِ كُلاَلٍ، فَلَمْ يُجِبْنِي إلَى مَا أرَدْتُ، فَانْطَلَقْتُ وَأنَا مَهْمُومٌ عَلَى وَجْهِي، فَلَمْ أسْتَفِقْ إلاّ بِقَرْنِ الثّعَالِبِ. فَرَفَعْتُ رَأسِي فَإذَا أنَا بِسَحابَةٍ قَدْ أظَلّتْنِي، فَنَظَرْتُ فَإذَا فِيهَا جِبْرِيلُ، فَنَادَانِي. فقَالَ: إنّ اللّهَ عَزّ وَجَلّ قَدْ سَمِعَ قَوْلَ قَوْمِكَ لَكَ وَمَا رَدّوا عَلَيْكَ، وقَدْ بَعَثَ إلَيْكَ مَلَكَ الْجِبالِ لِتَأمُرَهُ بِمَا شِئْتَ فِيهِمْ. قالَ: فَنَادَانِي مَلَكُ الْجِبَالِ وَسَلّمَ عَلَيّ. ثُمّ قالَ: يَا مُحَمّدُ! إنّ اللّهَ قَدْ سَمِعَ قَوْلَ قَوْمِكَ لَكَ، وَأنَا مَلَكُ الْجِبَالِ، وَقَدْ بَعَثَنِي رَبّكَ إلَيْكَ لِتَأمُرَنِي بِأمْرِكَ. فَمَا شِئْتَ؟ إنْ شِئْتَ أنْ أُطْبِقَ عَلَيْهِمُ الأخْشَبَيْنِ». فقَالَ لَهُ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: «بَلْ أرْجُو أنْ يُخْرِجَ اللّهُ مِنْ أصْلاَبِهِمْ مَنْ يَعْبُدُ اللّهَ وَحْدَهُ، لاَ يُشْرِكُ بِهِ شَيْئاً».

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن، مەن؛ ئى **الله** نىڭ ئەلچىسى! سىلىگە ئۇھۇد كۈنىدىنمۇ ئېغىر قاتتىقراق بىرەر كۈن كىلىپ باققانمۇ؟دىسەم،رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ھەقىقەتەن مەن قەۋمىڭدىن كۆپ ئەزىيەتلەرگە يولۇقتۇم، مەن ئۇلاردىن يولۇققان ئەزىيەتنىڭ ئەڭ قاتتىقى، ئەقبە كۈنىدىكى بولدى، ئۇز ۋاقتىدا مەن ئۆزۈمنى ئابدۇياللىلنىڭ ئوغلىغا تەكلىدىم، يەنى ئۇلارنى ئىسلامغا دەۋەت قىلدىم، ئۇ مەن ئىرادە قىلغان نەرسىگە جاۋاب بەرمىدى، چاقىرقىمغا ئاۋاز قوشمىدى، مەن غەمگە پېتىپ يۈزۈمنى يەرگە قىلىپ كېتىۋاتاتتىم، مەن پەقەت، (نەجىد ئەھلىنىڭ ئىھرام باغلاش ئورنى بولغان) مەنزىللەرنىڭ يېنىدىكى كىچىك بىر تاغنىڭ قېشىدا ھۇشۇمغا كەلدىم، بېشىمنى كۆتۈرۈپ قارىسام، بىر پارچە بۇلۇت ماڭا سايە تاشلاپ تۇرۇپتۇ، قارىسام ئۇ جايدا جىبرىئىل بار ئىكەن، ئۇ ماڭا ندا قىلىپ: ھەقىقەتەن ئاللاھتائالا قەۋمىڭنىڭ ساڭا قىلغان سۆزلىرىنى ساڭا قايتۇرغان جاۋابلىرىنى ئاڭلىدى، ھەقىقەتەن ساڭا، تاغقا مۇئەككەل پەرىشتىنى ئەۋەتتى، سەن ئۇلار توغرىسىدا بۇ پەرىشتىنى خالىغان ئىشقا بۇيرىغىن دېدى، تاغ پەرىشتىسى ماڭا ندا قىلىپ: ماڭا سالام قىلىپ، ئاندىن ئى مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم! جىبرىئىل يۇقىرقى سۆزلەرنى دەپ ئۆتتى، نېمىنى خالايسەن؟ ئەگەر خالىساڭ، مەن ئۇلارنىڭ ئۈستىگە مەككىدىكى ئوخشۇپ دىگەن ئىككى تاغنى تاشلاپ باستۇرۇۋېتەي دېدى، مەن ئۇلارغا: ياق ئۇنداق قىلماڭلار، بەلكى مەن، ئاللاھتائالانىڭ ئۇلارنىڭ سۇلبىدىن، پۇشتىدىن يەككە ـ

يىگانە بىر ئاللاھقا ھېچ نەرسىنى شېرىك كەلتۈرمەي ئىبادەت قىلىدىغان كىشىلەرنى چىقىرىشنى ئۈمىد قىلىمەن دېدىم. ئەھمەد، بەيھەقى، بۇخارى 2992 ـ ھەدىس، مۇسلىم 3352 ـ ھەدىس، سەھىھ.

4608 ـ حدّثنا يَحْيَى بْنُ يَحْيَى وَ قُتَيْبَةُ بْنُ سَعِيدٍ: كِلاَهُمَا عَنْ أبِي عَوَانَةَ. قَالَ يَحْيَى: أَخْبَرَنَا أَبُو عَوَانَةَ، عَنِ الأَسْوَدِ بْنِ قَيْسٍ، عَنْ جُنْدُبِ بْنِ سُفْيَانَ قَالَ: دَمِيَتْ إِصْبَعُ رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم فِي بَعْضِ تِلْكَ الْمَشَاهِدِ. فَقَالَ: «هَلْ أَنْتِ إِلاَّ إِصْبَعٌ دَمِيتِ فِي سَبِيلِ اللّهِ مَا لَقِيتِ»

4609 ـ وحدّثناه أَبُو بَكْرِ بْنُ أَبِي شَيْبَةَ وَ إِسْحَقُ بْنُ إِبْرَاهِيمَ، جَمِيعاً، عَنِ ابْنِ عُيَيْنَةَ، عَنِ الأَسْوَدِ بْنِ قَيْسٍ بِهَـٰذَا الإِسْنَادِ. وَقَالَ: كَانَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم فِي غَارٍ، فَنُكِبَتْ إِصْبَعُهُ.

جۇندۇبۇبىجلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ بارمىقى بىرجەڭدە يارىلانغاندا مۇنداق دېگەن: سەن پەقەت ئاللاھ يولىدا، ئۇچرىغان ئەزىيەت، ئازارلاردا يارىلىنىپ قانىغان بارماقسەن. ئەھمەد، بەيھەقى، بۇخارى،مۇسلىم، تىرمىزى، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

4610 ـ حدّثنا إِسْحَقُ بْنُ إِبْرَاهِيمَ: أَخْبَرَنَا سُفْيَانُ، عَنِ الأَسْوَدِ بْنِ قَيْسٍ أَنَّهُ سَمِعَ جُنْدُباً يَقُولُ: أَبْطَأَ جِبْرِيلُ عَلَى رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم. فَقَالَ الْمُشْرِكُونَ: قَدْ وُدِّعَ مُحَمَّدٌ. فَأَنْزَلَ اللّهُ عَزّ وَجَلّ: {وَالضُّحَى. وَاللَّيْلِ إِذَا سَجَى. مَا وَدَّعَكَ رَبُّكَ وَمَا قَلَى} (93الضحى الآيات: 1، 2، 3).

جۇندۇپ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، بىر قېتىم جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە ۋەھى ئېلىپ كېلىشتە كېچىكىپ چۈشتى، ئاندىن مۇشرىكلەر: مۇھەممەد رەببى تەرىپىدىن تاشلىۋېتىلدى دېدى، ئاندىن الله تائالا:«چاشگاھ ۋاقتى بىلەن قەسەمكى ، قاراڭغۇلۇقى(ئەتراپنى قاپلىغان) چاغدىكى كېچە بىلەن قەسەمكى، (ئى مۇھەممەد! س)رەببىڭ سىنى تاشلىۋەتكىنىمۇ يوق، سىنى يامان كۆرۈپ قالغىنىمۇ يوق.ساڭا ئاخىرەت ئەلۋەتتە بۇدۇنيادىن ياخشىدۇر....دېگەن سۈرەزۇھانى نازىل قىلدى.

4611 ـ حدّثنا إِسْحَقُ بْنُ إِبْرَاهِيمَ وَ مُحَمَّدُ بْنُ رَافِعٍ (وَاللَّفْظُ لاِبْنِ رَافِعٍ) (قَالَ إِسْحَقُ: أَخْبَرَنَا. وَقَالَ ابْنُ رَافِعٍ: حَدّثَنَا يَحْيَى بْنُ آدَمَ): حدّثنا زُهَيْرٌ، عَنِ الأَسْوَدِ بْنِ قَيْسٍ قَالَ: سَمِعْتُ جُنْدُبَ ابْنَ سُفْيَانَ يَقُولُ: اشْتَكَى رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم. فَلَمْ يَقُمْ لَيْلَتَيْنِ أَوْ ثَلاَثاً، فَجَاءَتْهُ امْرَأَةٌ فَقَالَتْ: يَا مُحَمَّدُ! إِنِّي لأَرْجُو أَنْ يَكُونَ شَيْطَانُكَ قَدْ تَرَكَكَ، لَمْ أَرَهُ قَرِبَكَ مُنْذُ لَيْلَتَيْنِ أَوْ ثَلاَثٍ. قَالَ: فَأَنْزَلَ اللّهُ عَزّ وَجَلّ: {وَالضُّحَى. وَاللَّيْلِ إِذَا سَجَى. مَا وَدَّعَكَ رَبُّكَ وَمَا قَلَى}.

4612 ـ وحدّثنا أَبُو بَكْرِ بْنُ أَبِي شَيْبَةَ وَ مُحَمَّدُ بْنُ الْمُثَنَّى وَ ابْنُ بَشَّارٍ، قَالُوا: حَدّثَنَا مُحَمَّدُ بْنُ جَعْفَرٍ، عَنْ شُعْبَةَ. ح وَحَدّثَنَا إِسْحَقُ بْنُ إِبْرَاهِيمَ: أَخْبَرَنَا الْمُلاَئِيّ: حَدّثَنَا سُفْيَانُ، كِلاَهُمَا، عَنِ الأَسْوَدِ بْنِ قَيْسٍ بِهَـٰذَا الإِسْنَادِ، نَحْوَ حَدِيثِهِمَا.

جۇندۇپ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئاغرىپ قېلىپ، ئىككى ئۈچ كۈن ئورنىدىن تۇرالمىدى، ئاندىن مۇشرىكلەردىن بىرئايال كېلىپ: ئى مۇھەممەد! مەن سىنىڭ جىن ـ شەيتانلىرىڭنىڭ سىنى تاشلىۋەتكەن بولۇشنى بەكمۇ ئۈمۈت قىلىمەن، ئىككى ئۈچ كۈندىن بىرى ئۇلار ساڭا يېقىن كەلمىدىغۇ؟ (يەنى سەن بىلەن كارى بولمىدىغۇ) دېدى. ئاندىن الله تائالا:«چاشگاھ ۋاقتى بىلەن قەسەمكى ، قاراڭغۇلۇقى(ئەتراپنى قاپلىغان) چاغدىكى كېچە بىلەن قەسەمكى، (ئى مۇھەممەد! س)رەببىڭ سىنى

تاشلىۋەتكىنىمۇ يوق، سىنى يامان كۆرۈپ قالغىنىمۇ يوق.ساڭا ئاخىرەت ئەلۋەتتە بۇدۇنيادىن ياخشىدۇر....دېگەن سۈرەزۇھانى نازىل قىلدى.

**830 – باب في دعاء النبيّ صلى الله عليه وسلم، وصبره على أذى المنافقين**

**4613 – 4614 – حدّثنا إسحٰقُ بْنُ إبْراهِيمَ الحَنْظَلِيّ و مُحَمّدُ بْنُ رَافِعٍ و عَبْدُ بْنُ حُمَيْدٍ (وَاللّفْظُ لابْنِ رَافِعٍ) (قالَ ابْنُ رَافِعٍ: حَدّثَنَا. وَقالَ الآخَرَانِ: أخْبَرَنَا عَبْدُ الرّزّاق). أخْبَرَنَا معْمَرٌ، عَنِ الزّهْرِيّ، عَنْ عُرْوَةَ أنّ أسَامَةَ بْنَ زَيْدٍ أخْبَرَهُ أنّ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم رَكِبَ حِمَاراً، عَلَيْهِ إكَافٌ، تَحْتَهُ قَطِيفَةٌ فَدَكِيّةٌ، وَأرْدَفَ وَرَاءَهُ أُسَامَةَ، وَهُوَ يَعُودُ سَعْدَ بْنَ عُبَادَةَ فِي بَنِي الْحَارِثِ بْنِ الْخَزْرَجِ، وَذَاكَ قَبْلَ وَقْعَةِ بَدْرٍ، حَتّى مَرّ بِمَجْلِسٍ فِيهِ أخْلاَطٌ مِنَ الْمُسْلِمِينَ وَالْمُشْرِكِينَ عَبَدَةِ الأوْثَانِ، وَالْيَهُودِ. فِيهِمْ عَبْدُ اللّهِ بْنُ أُبَيَ، وَفِي الْمَجْلِسِ عَبْدُ اللّهِ بْنُ رَوَاحَةَ، فَلَمّا غَشِيَتِ الْمَجْلِسَ عَجَاجَةُ الدّابّةِ، خَمّرَ عَبْدُ اللّهِ بْنُ أُبَيّ أنْفَهُ بِرِدَائِهِ. ثُمّ قَالَ: لاَ تُغَبّرُوا عَلَيْنَا. فَسَلّمَ عَلَيْهِمُ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم. ثُمّ وَقَفَ فَنَزَلَ. فَدَعَاهُمْ إلَى اللّهِ وَقَرَأ عَلَيْهِمُ الْقُرْآنَ. فَقَالَ عَبْدُ اللّهِ بْنُ أُبَيّ: أيّهَا الْمَرْءُ! لاَ أحْسَنَ مِنْ هَـٰذَا، إنْ كَانَ مَا تَقُولُ حَقّاً، فَلاَ تُؤْذِنَا فِي مَجَالِسِنَا، وَارْجِعْ إلَى رَحْلِكَ، فَمَنْ جَاءَكَ مِنّا فَاقْصُصْ عَلَيْهِ. فَقَالَ عَبْدُ اللّهِ بْنُ رَوَاحَةَ: اغْشَنَا فِي مَجَالِسِنَا، فَإنّا نُحِبّ ذَلِكَ. قَالَ: فَاسْتَبّ الْمُسْلِمُونَ وَالْمُشْرِكُونَ وَالْيَهُودُ. حَتّى هَمّوا أنْ يَتَوَاثَبُوا، فَلَمْ يَزَلِ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم يُخَفّضُهُمْ، ثُمّ رَكِبَ دَابّتَهُ حَتّى دَخَلَ عَلَى سَعْدِ بْنِ عُبَادَةَ. فَقَالَ: «أيْ سَعْدُ! ألَمْ تَسْمَعْ إلَى مَا قَالَ أبُو حُبَابٍ؟ (يُرِيدُ عَبْدَ اللّهِ بْنَ أُبَيّ) قَالَ كَذَا وَكَذَا» قَالَ: اعْفُ عَنْهُ: يَا رَسُولَ اللّهِ! وَاصْفَحْ. فَوَاللّهِ! لَقَدْ أعْطَاكَ اللّهُ الّذِي أعْطَاكَ، وَلَقَدِ اصْطَلَحَ أهْلُ هَـٰذِهِ الْبُحَيْرَةِ أنْ يُتَوّجُوهُ، فَيُعَصّبُوهُ بِالْعِصَابَةِ. فَلَمّا رَدّ اللّهُ ذَلِكَ بِالْحَقّ الّذِي أعْطَاكَهُ، شَرِقَ بِذَلِكَ. فَذَلِكَ فَعَلَ بِهِ مَا رَأيْتَ، فَعَفَا عَنْهُ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم.**

ئۇسامە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇستىگە ئۇچۇلۇق سېلىنغان ئىشەككە ئاستىغا پەدەككە مەنسۇپ توننى سېلىپ مىنىپ، ئارقىسىغا ئۇسامەنى مىندۈرۈپ، ھارىس جەمەتىدىكى سەئدىنى يوقلاپ ماڭدى. بۇ بەدىر ۋەقەسىدىن بۇرۇنقى ئىش ئىدى. رەسۇلۇللاھ مۇسۇلمانلار، بۇتقا چوقۇنغۇچى مۇشرىكلەر، يەھۇدىيلەر ئارىلىشىپ ئولتۇرغان بىر مەجلىستىن ئۆتتى، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئىبنى ئۇبەيمۇ بارئىدى، مەجلىستە (مۇسۇلمانلاردىن)ئىبنى رەۋاھەمۇ بارئىكەن، مەجلىسنى ئىشەكنىڭ پۇتلىرى چىقارغان چاڭ ـ توزانلار قاپلاپ كەتتى، ئىبنى ئۇبەي بۇرنىنى رىدايى بىلەن ئورىۋېلىپ؛ بىزگە چاڭ ـ توزان يەتكۈزمەڭلار دېدى. رەسۇلۇللاھ ئۇلارغا سالام قىلىپ، توختاپ ئىشەكتىن چۈشۈپ، ئۇلارنى الله تەرىپكە(يەنى ئىسلامغا)چاقىرىپ، ئۇلارغا قۇرئان ئايىتىنى ئوقۇدى. ئىبنى ئۇبەي:ئى ئىنسان!ئەگەر سەن دېگەن بۇسۆزلەر ھەق بولىدىغان بولسا، بۇنىڭدىن ياخشى ئىش يوق، سەن بىزنىڭ مەجلىسىمىزگە ئازار بەرمەي، ئۆيۈڭگە قايتىپ بېرىپ، ئۆيۈڭدە ئولتۇرغىن، بىزدىن كىم سىنىڭ قېشىڭغا بارسا، شۇنىڭغا قىسسە سۆزلەپ بەرگىن دېدى. ئاندىن ئىبنى رەۋاھە: بىزنىڭ مەجلىسىمىزگە كەلسىلە، بىز شۇنى ياخشى كۆرىمىز دېدى. مۇسۇلمانلار بىلەن مۇشرىكلەر، يەھۇدىيلەر تىللىشىپ كەتتى، ھەتتا ئۇلار ئۇرۇشۇش ئۈچۈن دەس تۇرۇشتى، رەسۇلۇللاھ ئۇلارنى پەسكۈيغا چۈشۈرۈپ، تىنچلاندۇرغاندىن كېيىن ئىشەككە مىنىپ، سەئدىنىڭ قېشىغا كىرىپ: ئى سەئد! ئەبۇھۇباب يەنى ئىبنى ئۇبەي دېگەن سۆزلەرگە قۇلاق سالمامسەن؟ ئۇ مۇنداق مۇنداق سۆزلەرنى قىلىۋەتتى دېدى. سەئدى: ئى الله نىڭ ئەلچىسى! ئۇنىڭدىن ئەپۇ قىلسىلا، ئۇنىڭ خاتالىقنى ئۆتىۋەتسىلە، كەڭ قوساق بولسىلا، الله بىلەن قەسەمكى، الله سىلىگە بىرىشكە تېگىشلىك كاتتا پەزلىنى بەردى. بۇشەھەرنىڭ ئەھلى ئىبنى ئۇبەينى ئۆزىگە پادىشاھ قىلماقچى بولۇپ، شۇنىڭغا ئىتتىپاقتا كىلىپ تۇرغاندا، الله تائالا سىلىگە ئاتا قىلغان ھەققەت بىلەن ئۇنىڭ بۇئىشنى رەت قىلىپ قايتۇرىۋەتتى، شۇڭا ئۇنىڭ بۇنىڭغا كۆزى قىزىرىپ، سىلىگە ھەسەد قىلىپ، سىلى كۆرگەن شۇبەدقىلىق ئىشلارنى قىلىپتۇ دېدى. ئاندىن رەسۇلۇللاھ ئۇنىڭدىن ئەپۇ قىلدى.(ئۇنىڭ مۇناپىق بولۇشىغىمۇ مۇشۇئىش سەۋەپ بولغان)

4615 ـ حدّثنا مُحَمّدُ بْنُ عَبْدِ الأَعْلَى الْقَيْسِيّ: حَدّثنَا الْمُعْتَمِرُ، عَنْ أَبِيهِ، عَنْ أَنَسِ بْنِ مَالِكٍ قَالَ: قِيلَ لِلنّبِيّ صلى الله عليه وسلم: لَوْ أَتَيْتَ عَبْدَ اللّهِ بْنَ أُبَيّ؟ قَالَ: فَانْطَلَقَ إِلَيْهِ، وَرَكِبَ حِمَاراً، وَانْطَلَقَ الْمُسْلِمُونَ، وَهِيَ أَرْضٌ سَبِخَةٌ. فَلَمّا أَتَاهُ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم قَالَ: إِلَيْكَ عَنّي. فَوَاللّهِ لَقَدْ آذَانِي نَتْنُ حِمَارِكَ. قَالَ: فَقَالَ رَجُلٌ مِنَ الأَنْصَارِ: وَاللّهِ! لَحِمَارُ رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم أَطْيَبُ رِيحاً مِنْكَ. قَالَ: فَغَضِبَ لِعَبْدِ اللّهِ رَجُلٌ مِنْ قَوْمِهِ. قَالَ: فَغَضِبَ لِكُلّ وَاحِدٍ مِنْهُمَا أَصْحَابُهُ. قَالَ: فَكَانَ بَيْنَهُمْ ضَرْبٌ بِالْجَرِيدِ وَبِالأَيْدِي وَبِالنّعَالِ. قَالَ: فَبَلَغَنَا أَنّهَا نَزَلَتْ فِيهِمْ: {وَإِنْ طَائِفَتَانِ مِنَ الْمُؤْمِنِينَ اقْتَتَلُوا فَأَصْلِحُوا بَيْنَهُمَا} (49الحجرات الآية: 9).

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە: سىلى ئىبنى ئۇبەيىنىڭ قېشىغا بارغان بولسىلا دېيىلدى، رەسۇلۇللاھ ئېشەككە مىنىپ ئۇنىڭ قېشىغا ماڭدى، مۇسۇلمانلارمۇ بىللە ماڭدى. ئۇ گىياھ ئۈنمەس شورلۇق زېمىن ئىدى، رەسۇلۇللاھ ئۇنىڭ قېشىغا كەلگەندە ئۇ: مەندىن نېرىراق تۇرغىن، ماڭا ئېشىكىڭنىڭ سېسىق پۇرىقى ئازار بەردى، دېدى. ئەنسارلاردىن بىركىشى: الله بىلەن قەسەمكى، رەسۇلۇللاھ نىڭ ئېشىكىنىڭ پۇرىقى سەندىن خۇشپۇراقتۇر دېدى. ئىبنى ئۇبەيىنىڭ قەۋمىدىن بىركىشى ئۇنىڭ ئۈچۈن غەزەپلەندى. ھەر ئىككىلى تەرەپ بىر-بىرىگە غەزەپ قىلىشىپ، ئارىلىقتا ئۇرۇش يۈز بېرىپ، بىر بىرىنى قوللىرى بىلەن، خورما بادرىسى، ئاياقلىرى بىلەن ئۇرۇشۇپ كەتتى. ئاندىن :«ئەگەر مۆئمىنلەردىن ئىككى گۇرۇھ كىشىلەر ئۆز ئارا ئۇرۇشۇپ قالسا، ئۇلارنىڭ ئارىسىنى ئىسلاھ قىلىپ ياراشتۇرۇڭلار....دېگەن ئايەت نازىل قىلىندى.

## 831 ـ باب قتل أبي جهل

## ئەبۇجەھلنىڭ ئۆلتۈرۈلىشى

4616 ـ حدّثنا عَلِيّ بْنُ حُجْرٍ السّعْدِيّ: أَخْبَرَنَا إِسْمَاعِيلُ:(يَعْنِي ابْنَ عُلَيّةَ). حَدّثَنَا سُلَيْمَانُ التّيْمِيّ. حَدّثَنَا أَنَسُ بْنُ مَالِكٍ قَالَ: قَالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: «مَنْ يَنْظُرُ لَنَا مَا صَنَعَ أَبُو جَهْلٍ؟» فَانْطَلَقَ ابْنُ مَسْعُودٍ. فَوَجَدَهُ قَدْ ضَرَبَهُ ابْنَا عَفْرَاءَ حَتّى بَرَكَ. قَالَ: فَأَخَذَ بِلِحْيَتِهِ. فَقَالَ: آنْتَ أَبُو جَهْلٍ؟ فَقَالَ: وَهَلْ فَوْقَ رَجُلٍ قَتَلْتُمُوهُ (أَوْ قَالَ) قَتَلَهُ قَوْمُهُ؟.
قَالَ: وَقَالَ أَبُو مِجْلَزٍ: قَالَ أَبُو جَهْلٍ: فَلَوْ غَيْرُ أَكّارٍ قَتَلَنِي.

4617 ـ حدّثنا حَامِدُ بْنُ عُمَرَ الْبَكْرَاوِيّ: حَدّثَنَا مُعْتَمِرٌ قَالَ: سَمِعْتُ أَبِي يَقُولُ: حَدّثَنَا أَنَسٌ قَالَ: قَالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: «مَنْ يَعْلَمُ لِي مَا فَعَلَ أَبُو جَهْلٍ؟» بِمِثْلِ حَدِيثِ ابْنِ عُلَيّةَ، وَقَوْلِ أَبِي مِجْلَزٍ. كَمَا ذَكَرَهُ إِسْمَاعِيلُ.

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن،رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بەدىر كۈنى ؛ كىم ئەبۇجەھلغا نېمە بولغانلىقىغا قاراپ باقىدۇ؟ دېدى، ئاندىن ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بېرىپ، ئۇنىڭغا ئەپرائەنىڭ ئىككى ئوغلى قىلىچ ئۇرغانلىقىنى ، ئۇنىڭ ئۆلۈم گىرداۋىغا بېرىپ قالغانلىقىنى تېپىپ، ئۇنىڭ ساقىلىدىن تۇتۇپ تۇرۇپ؛ ئەبۇجەھىل دىگەن سەنما؟ دەيدۇ، ئۇ: سىلەر ئۆلتۈرگەن كىشىدىنمۇ مەرتىبىدە ئۈستۈن كىشى بارمۇ؟دەيدۇ. يەنەبىرخاترىدە؛ كاشكى مىنى ئۆككاردىن يەنى سەھرالىق دېھقان ئەپرائەنىڭ ئىككى ئوغلىدىن باشقىلار ئۆلتۈرگەن بولسىچۇ، سىلەرنىڭ قولۇڭلاردا ئۆلۈش ماڭا ئار-نۇمۇس ئەمەس، دەيدۇ. بۇخارى،مۇسلىم.

## 832 ـ باب قتل كعب بن الأشرف طاغوت اليهود

## يەھۇدىيلەرنىڭ كاتىپىشى كەئبى ئىبنى ئەشرەپنىڭ ئۆلتۈرۈلىشى

4618 ـ حدّثنا إِسْحَقُ بْنُ إِبْرَاهِيمَ الْحَنْظَلِيّ، وَ عَبْدُ اللّهِ بْنُ مُحَمّدِ بْنِ عَبْدِ الرّحْمَنِ بْنِ الْمِسْوَرِ الزّهْرِيّ، كِلاَهُمَا، عَنِ ابْنِ عُيَيْنَةَ (وَاللّفْظُ لِلزّهْرِيّ) حَدّثَنَا سُفْيَانُ، عَنْ عَمْرٍو سَمِعْتُ جَابِراً يَقُولُ: قَالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: «مَنْ لِكَعْبِ بْنِ الأَشْرَفِ؟ فَإِنّهُ قَدْ آذَى اللّهَ وَرَسُولَهُ» فَقَالَ مُحَمّدُ بْنُ مَسْلَمَةَ: يَا رَسُولَ اللّهِ! أَتُحِبّ أَنْ أَقْتُلَهُ؟ قَالَ: «نَعَمْ» قَالَ: ائْذَنْ لِي فَلأَقُلْ. قَالَ «قُلْ». فَأَتَاهُ فَقَالَ لَهُ. وَذَكَرَ مَا بَيْنَهُمَا. وَقَالَ: إِنّ هَـٰذَا الرّجُلَ قَدْ أَرَادَ صَدَقَةً، وَقَدْ عَنّانَا. فَلَمّا سَمِعَهُ قَالَ: وَأَيْضاً. وَاللّهِ! لَتَمَلّنّهُ. قَالَ: إِنّا قَدِ اتّبَعْنَاهُ الآنَ، وَنَكْرَهُ أَنْ نَدَعَهُ حَتّى نَنْظُرَ إِلَى أَيّ شَيْءٍ يَصِيرُ أَمْرُهُ. قَالَ: وَقَدْ أَرَدْتُ أَنْ تُسْلِفَنِي سَلَفاً. قَالَ: فَمَا تَرْهَنُنِي؟ قَالَ: مَا تُرِيدُ. قَالَ: تَرْهَنُنِي نِسَاءَكُمْ. قَالَ: أَنْتَ أَجْمَلُ الْعَرَبِ. أَنَرْهَنُكَ نِسَاءَنَا؟ قَالَ لَهُ: تَرْهَنُونِي أَوْلاَدَكُمْ. قَالَ: يُسَبّ ابْنُ أَحَدِنَا. فَيُقَالُ: رُهِنَ فِي وَسْقَيْنِ مِنْ تَمْرٍ. وَلَـٰكِنْ نَرْهَنُكَ اللأْمَةَ (يَعْنِي السّلاَحَ). قَالَ: فَنَعَمْ. وَوَاعَدَهُ أَنْ يَأْتِيَهُ بِالْحَارِثِ وَأَبِي عَبْسِ بْنِ جَبْرٍ وَعَبّادِ بْنِ بِشْرٍ. قَالَ: فَجَاؤُوا فَدَعَوْهُ لَيْلاً. فَنَزَلَ إِلَيْهِمْ. قَالَ سُفْيَانُ: قَالَ غَيْرُ عَمْرٍو: قَالَتْ لَهُ امْرَأَتُهُ: إِنّي لأَسْمَعُ صَوْتاً كَأَنّهُ صَوْتُ دَمٍ. قَالَ: إِنّمَا هَـٰذَا مُحَمّدُ بْنُ مَسْلَمَةَ وَرَضِيعُهُ وَأَبُو نَائِلَةَ. إِنّ الْكَرِيمَ لَوْ دُعِيَ إِلَى طَعْنَةٍ لَيْلاً لأَجَابَ. قَالَ مُحَمّدٌ: إِنّي إِذَا جَاءَ فَسَوْفَ أَمُدّ يَدِي إِلَى رَأْسِهِ. فَإِذَا اسْتَمْكَنْتُ مِنْهُ فَدُونَكُمْ. قَالَ: فَلَمّا نَزَلَ، نَزَلَ وَهُوَ مُتَوَشّحٌ. فَقَالُوا: نَجِدُ مِنْكَ رِيحَ الطّيبِ. قَالَ: نَعَمْ. تَحْتِي فُلاَنَةُ. هِيَ أَعْطَرُ نِسَاءِ الْعَرَبِ. قَالَ: فَتَأْذَنُ لِي أَنْ أَشُمّ مِنْهُ. قَالَ: نَعَمْ. فَشُمّ، فَتَنَاوَلَ فَشَمّ. ثُمّ قَالَ: أَتَأْذَنُ لِي أَنْ أَعُودَ؟ قَالَ: فَاسْتَمْكَنَ مِنْ رَأْسِهِ. ثُمّ قَالَ: دُونَكُمْ. قَالَ: فَقَتَلُوهُ.

جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: كەئبى ئىبنى ئەشرەپكە كىم تېتىيدۇ؟ (يەنى كىم ئۇنى ئۆلتۈرىۋېتىدۇ؟)چۈنكى ئۇ، **الله** ۋە ئالله نىڭ ئەلچىسىگە قاتتىق ئازار بەردى، دېدى.

مۇھەممەدئىبنى مەسلەمەت: ئى **الله** نىڭ ئەلچىسى!ئۇنى ئۆلتۈرىۋېتىشىمنى ياخشى كۆرەملا؟دېدى، رەسۇلۇالله:ھەئە شۇنداق دېدى، ئاندىن ئۇ: ئۇنداق بولسا، بەزى بىر كىنايە سۆزلەرنى قىلىشىمغا رۇخسەت قىلسىلا دېدى. رەسۇلۇللاھ بۇلىدۇ دەۋەرگىن دېدى. ئۇ كەئبى ئىبنى ئەشرەپنىڭ قېشىغا كېلىپ، ئىككىسىنىڭ ئارلىقىدىكى ئىشلارنى تىلغا ئېلىپ(كىنايە قىلىپ): ھەقىقەتەن ماۋۇ كىشى زاكات يىغىشنى مەقسەت قىلىپ بىزنى بەك قىيناپ جاپادا قويدى، دېدى. (ئەننانانىڭ يەنەبىر مەنىسى؛ بىزنى ئەدەپلەپ ئەخلاق ئۈگەتتى دېگەن بولاتتى)ئىبنى ئەشرەپ بۇنى ئاڭلاپ؛ سەن تېخى بۇنىڭدىنمۇ بەكرەك تويۇپ، ئۇنىڭدىن زېرىكسەن دېدى، ياكى ئۇ: ئۇنىڭدىن سەنمۇ خاپىغۇ دەيمەن، بىز ھازىر ئۇنىڭغا ئەگىشىپ تۇرىۋاتىمىز، ئۇنىڭ ئىشىنىڭ ئاقىبىتىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىغا قاراپ باقماي تۇرۇپ ئۇنى تاشلىۋېتىشنى ياقتۇرمايمىز، قېشىڭغا كېلىشىمدىكى مەقسىدىم، ماڭا ئازراق قەرز بېرىپ تۇرامدىكى دېگەن ئىدىم، دېدى. ئىبنى ئەشرەپ: نىمەڭنى رەنىگە قويىسەن؟ دېدى، ئۇ: سەن نىمىنى خالايسەن؟دېدى، ئىبنى ئەشرەپ: ئاياللىرىڭلارنى رەنىگە قويۇڭلار دېدى. مۇھەممەد:سەن ئەرەپلەرنىڭ ئەڭ گۈزەل كىشىسى تۇرساڭ، ساڭا ئاياللىرىمىزنى رەنىگە قويامدۇق؟دېدى. ئۇ: ئۇنداق بولسا، باللىرىڭلارنى رەنىگە قويۇڭلار دېدى. مۇھەممەد: باللىرىمىز بۇنىڭدىن كىيىن«ئىككى ۋەسقە خورمىغا رەنىگە قويۇلغان»دەپ ئەيىبلىنىدۇ، ئەڭ ياخشىسى قۇراللىرىمىزنى رەنىگە قويايلى دېسە، ئۇ بۇنىڭغا قوشۇلىدۇ، ئۇنىڭ قېشىغا ھارىس، ئەبۇئەبەس، ئەبباد‌ئىبنى بىشرىلار بىلەن بىللە كېلىشكە ۋەدىلىشىپ، كەچ كىرگەندە ئۇلار ئۇنىڭ قېشىغا كېلىپ، ئۇنى چاقىردى. كەئبى ئىبنى ئەشرەپ ئۇلارنىڭ قېشىغا چۈشمەكچى بولغاندا ئۇنىڭ ئايالى: مەن گوياكى قاننىڭ ئاۋازىدەك ئاۋازنى ئاڭلاۋاتىمەن، دېدى. (يەنى بىر شۇملۇقنى سىزىۋاتىمەن دېدى)ئۇ: ئەنسىرمىگىن بۇدېگەن مۇھەممەدئىبنى مەسلەمە ۋە ئۇنىڭ ئىمىلدەش تۇققىنى ئەبۇ نائىلە بولىدۇ، ئۇلۇغ كىشلەر دېگەن كېچىسى جەڭگە چاقىرىلسىمۇ چۇقۇم بېرىشى كېرەك دەپ چۈشۈپ كىتىدۇ، ئۈكىلىدىغان ۋاققىچە مۇھەممەد ھەمراھلىرىغا: ئۇ كەلسە، مەن ئىككى قولۇمنى ئۇنىڭ بېشىغا سوزۇپ ئاپىرىمەن، مەن شۇنداقلا ئىمكانىيەتكە ئېرىشسەم، سىلەر ئۇنى دەرھال ئۆلتۈرۈڭلار دېدى. ئۇ ئۇخلاش كىيىمى بىلەنلا چۈشتى، ئۇلار:ئەجەب خۇشپۇراق ئەتىرنىڭ پۇرىقىنى ھىس

قىلغۇاتىمىزغۇ؟دېدى، ئىبنى ئەشرەپ:ئەلۋەتتە، ئەرەپلەر ئىچىدە ئەڭ گۈزەل، ئەتىرخۇمار، خۇشپۇراقلىق پالانى ئايال مېنىڭ ئايالىم تۇرسا دېدى. مۇھەممەد: مېنىڭ بۇئەتىرنى پۇرىۋېلىشىمغا رۇخسەت قىلامسەن؟دېدى، ئۇ بولىدۇ پۇرىۋالغىن دېدى، ئۇ پۇراپ بولۇپ يەنەبىر قېتىم پۇرىۋېلىشىمغا بولامدۇ؟دېدى-دە، ئۇنىڭ بېشىنى تۇتۇۋېلىپ ئىمكانىيەتكە ئېرىشىپلا:ئۆلتۈرۈڭلار!!دېدى، ئۇلار ئۇنى ئۆلتۈرۈۋەتتى. (ئاندىن كېلىپ بۇئىشنى خەۋەر قىلدى).

### 833 - باب غزوة خيبر

### خەيبەر ئۇرىشى

4619 - وحدّثني زُهَيْرُ بْنُ حَرْبٍ: حَدّثنَا إِسْمَاعِيلُ (يَعْنِي ابْنَ عُلَيّة)، عَنْ عَبْدِ الْعَزِيزِ بْنِ صُهَيْبٍ، عَنْ أَنَسٍ أَنّ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم غَزَا خَيْبَرَ. قَالَ: فَصَلّيْنَا عِنْدَهَا صَلاَةَ الْغَدَاةِ بِغَلَسٍ، فَرَكِبَ نَبِيّ اللّهِ صلى الله عليه وسلم وَرَكِبَ أَبُو طَلْحَةَ وَأَنَا رَدِيفُ أَبِي طَلْحَةَ، فَأَجْرَىَ نَبِيّ اللّهِ صلى الله عليه وسلم فِي زُقَاقِ خَيْبَرَ، وَإِنّ رُكْبَتِي لَتَمَسّ فَخِذَ نَبِيّ اللّهِ صلى الله عليه وسلم. وَانْحَسَرَ الإِزَارُ عَنْ فَخِذِ نَبِيّ اللّهِ صلى الله عليه وسلم. وَإِنّي لأَرَىَ بَيَاضَ فَخِذِ نَبِيّ اللّهِ صلى الله عليه وسلم. فَلَمّا دَخَلَ الْقَرْيَةَ قَالَ: «اللّهُ أَكْبَرُ! خَرِبَتْ خَيْبَرُ، إِنّا إِذَا نَزَلْنَا بِسَاحَةِ قَوْمٍ فَسَاءَ صَبَاحُ الْمُنْذَرِينَ» قَالَهَا ثَلاَثَ مِرَارٍ. قَالَ: وَقَدْ خَرَجَ الْقَوْمُ إِلَىَ أَعْمَالِهِمْ. فَقَالُوا: مُحَمّدٌ. قَالَ عَبْدُ الْعَزِيزِ: وَقَالَ بَعْضُ أَصْحَابِنَا: وَالْخَمِيسُ. قَالَ: وَأَصَبْنَاهَا عَنْوَةً.

4620 - حدّثنَا أَبُو بَكْرِ بْنُ أَبِي شَيْبَةَ: حَدّثنَا عَفّانُ: حَدّثنَا حَمّادُ بْنُ سَلَمَةَ: حَدّثنَا ثَابِتٌ، عَنْ أَنَسٍ قَالَ: كُنْتُ رِدْفَ أَبِي طَلْحَةَ يَوْمَ خَيْبَرَ. وَقَدَمِي تَمَسّ قَدَمَ رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم. قَالَ: فَأَتَيْنَاهُمْ حِينَ بَزَغَتِ الشّمْسُ، وَقَدْ أَخْرَجُوا مَوَاشِيَهُمْ، وَخَرَجُوا بِفُؤُوسِهِمْ وَمَكَاتِلِهِمْ وَمُرُورِهِمْ. فَقَالُوا: مُحَمّدٌ وَالْخَمِيسُ. قَالَ: وَقَالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: «خَرِبَتْ خَيْبَرُ. إِنّا إِذَا نَزَلْنَا بِسَاحَةِ قَوْمٍ فَسَاءَ صَبَاحُ الْمُنْذَرِينَ» قَالَ: فَهَزَمَهُمُ اللّهُ عَزّ وَجَلّ.

4621 - حدّثنَا إِسْحَقُ بْنُ إِبْرَاهِيمَ وَ إِسْحَقُ بْنُ مَنْصُورٍ قَالاَ: أَخْبَرَنَا النّضْرُ بْنُ شُمَيْلٍ: أَخْبَرَنَا شُعْبَةُ، عَنْ قَتَادَةَ، عَنْ أَنَسِ بْنِ مَالِكٍ قَالَ: لَمّا أَتَىَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم خَيْبَرَ قَالَ: «إِنّا إِذَا نَزَلْنَا بِسَاحَةِ قَوْمٍ فَسَاءَ صَبَاحُ الْمُنْذَرِينَ».

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىز بىلەن بىللە دىنىسىز قەۋمگە قارشى ئۇرۇش قىلىپ قالسا، تاڭ ئاتمىغىچە، ئۇلارنىڭ ئەھۋالىغا قاراپ باقمىغىچە ھۇجۇم قىلمايتتى، ئەگەر ئۇلاردىن ئەزاننى ئاڭلىسا، ئۇلارنى ئۆلتۈرۈشتىن قول تارتىپ، ئۇلارغا ھۇجۇم قىلمايتتى، ئەگەر ئۇلاردىن ئەزاننى ئاڭلىمىسا، ئۇلارغا قارشى ھۇجۇم قىلاتتى، بىز خەيبەرگە ئۇرۇشقا چىقىپ، ئۇلارنىڭ جايىغا كېچىدە يېتىپ باردۇق، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم تاڭ ئاتقاندا ئۇلاردىن ھېچ ئەزاننىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىمىغاچقا، ئۇلارغا ھۇجۇم قىلىپ، ئات سالدى، مەن ئەبۇتەلھەنىڭ ئارقىسىغا مىنگىشىۋالدىم، مېنىڭ ئىككى پۇتۇم رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ پۇتىسىغا تېگىشىپ تۇراتتى،(چۈنكى بىز ئۈچ كىشى بىر تۆگىگە مىنگەشكەن ئىدۇق)خەيبەر ئەھلى بىزنىڭ بارغىنىمىزنى ئۇقماي، بىز تەرەپكە سۈۋەت-زەمبىل، كەتمەن-جوتۇلىرىنى ئېلىپ ئېتىزلىققا چىقىپتۇ، ئۇلار رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنى كۆرۈپلا؛ مۇھەممەد! الله بىلەن قەسەمكى، مۇھەممەد قوشۇن باشلاپ كەپتۇ!!دەپ، قورغانلىرىغا يۈگۈرۈشۈۋالدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇلارنى كۆرۈپ؛ « الله ئەكبەر الله ئەكبەر!!خەرىبەت خەيبەر خەيبەر خاراپ بولسۇن، بىز بىرەر دىنسىز قەۋم بار جاينىڭ بىر تەرىپىگە بىرچىتتىگە چۈشسەك، ئاگاھلاندۇرۇلغانلارنىڭ ئەتىگىنى نېمەدېگەن يامان ھە!»دېدى.بۇخارىي،مۇسلىم.

4622 ـ حدّثنا قُتَيْبَةُ بْنُ سَعِيدٍ وَ مُحَمّدُ بْن عَبّادٍ (وَاللّفْظُ لابْنِ عَبّادٍ). قالاَ: حَدّثَنَا حَاتِمٌ (وَهُوَ ابْنُ إِسْمَاعِيلَ) عَنْ يَزِيدَ بْنِ أَبي عُبَيْدٍ، مَوْلَى سَلَمَةَ بْنِ الأَكْوَعِ، عَنْ سَلَمَةَ بْنِ الأَكْوَعِ قَالَ: خَرَجْنَا مَعَ رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم إِلَى خَيْبَرَ. فَتَسَيّرْنَا لَيْلاً. فَقَالَ رَجُلٌ مِنَ الْقَوْمِ لِعَامِرِ بْنِ الأَكْوَعِ: أَلاَ تُسْمِعُنَا مِنْ هُنَيّاتِكَ؟ وَكَانَ عَامِرٌ رَجُلاً شَاعِراً. فَنَزَلَ يَحْدُو بِالقَوْمِ يَقُولُ:

اللّهُمّ! لَوْلاَ أَنْتَ مَا اهْتَدَيْنَاوَلاَ تَصدّقنَا وَلاَ صَلّيْنَافاغفِرْ، فِدَاءً لَكَ، مَا اقْتفَيْنَاوَثَبّتِ الأَقدَامَ إِنْ لاَقيْنَاوَأَلْقِيَنْ سَكِينَةً عَلَيْنَاإِنّا إِذَا صِيحَ بِنَا أَتَيْنَاوَبِالصِيَاحِ عَوّلُوا عَلَيْنَا فَقَالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: «مَنْ هَـٰذَا السّائِقُ؟» قَالُوا: عَامِرٌ. قَالَ: «يَرْحَمُهُ اللّهُ» فَقَالَ رَجُلٌ مِنَ الْقَوْمِ: وَجَبَتْ. يَا رَسُولَ اللّهِ! لَوْلاَ أَمْتَعْتَنَا بِهِ. قَالَ: فَأَتَيْنَا خَيْبَرَ فَحَاصَرْنَاهُمْ، حَتّى أَصَابَتْنَا مَخْمَصَةٌ شَدِيدَةٌ. ثُمّ قَالَ: «إِنّ اللّهَ فَتَحَهَا عَلَيْكُمْ» قَالَ: فَلَمّا أَمْسَى النّاسُ مَسَاءَ الْيَوْمِ الّذِي فُتِحَتْ عَلَيْهِمْ، أَوْقَدُوا نِيرَاناً كَثِيرَةً. فَقَالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: «مَا هَـٰذِهِ النّيرَانُ؟ عَلَى أَيّ شَيْءٍ تُوقِدُونَ؟» فَقَالُوا: عَلَى لَحْمٍ. قَالَ: «أَيّ لَحْمٍ؟» قَالُوا: لَحْمُ حُمُرِ الإِنْسِيّةِ. فَقَالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: «أَهْرِيقُوهَا وَاكْسِرُوهَا» فَقَالَ رَجُلٌ: أَوْ يُهْرِيقُوهَا وَيَغْسِلُوهَا؟ فَقَالَ: «أَوْ ذَاكَ» قَالَ: فَلَمّا تَصَافّ الْقَوْمُ كَانَ سَيْفُ عَامِرٍ فِيهِ قِصَرٌ. فَتَنَاوَلَ بِهِ سَاقَ يَهُودِيّ لِيَضْرِبَهُ. وَيَرْجِعُ ذُبَابُ سَيْفِهِ فَأَصَابَ رُكْبَةَ عَامِرٍ، فَمَاتَ مِنْهُ. قَالَ: فَلَمّا قَفَلُوا قَالَ سَلَمَةُ، وَهُوَ آخِذٌ بِيَدِي، قَالَ: فَلَمّا رَآنِي رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم سَاكِتاً قَالَ: «مَا لَكَ؟» قُلْتُ لَهُ: فَدَاكَ أَبِي وَأُمّي زَعَمُوا أَنّ عَامِراً حَبِطَ عَمَلُهُ. قَالَ: «مَنْ قَالَهُ؟» قُلْتُ: فُلاَنٌ وَفُلاَنٌ وَأُسَيْدُ بْنُ حُضَيْرٍ الأَنْصَارِيّ. فَقَالَ: «كَذَبَ مَنْ قَالَهُ، إِنّ لَهُ لأَجْرَانِ» وَجَمَعَ بَيْنَ إِصْبَعَيْهِ «إِنّهُ لَجَاهِدٌ مُجَاهِدٌ، قَلّ عَرَبِيّ مَشَى بِهَا مِثْلَهُ». وَخَالَفَ قُتَيْبَةُ مُحَمّداً فِي الْحَدِيثِ فِي حَرْفَيْنِ. وَفِي رِوَايَةِ ابْنِ عَبّادٍ: وَأَلْقِ سَكِينَةً عَلَيْنَا.

4623 ـ وحدّثني أَبُو الطّاهِرِ: أَخْبَرَنَا ابْنُ وَهْبٍ: أَخْبَرَنِي يُونُسُ، عَنِ ابْنِ شِهَابٍ: أَخْبَرَنِي عَبْدُ الرّحْمَـٰنِ (وَنَسَبَهُ غَيْرُ ابْنِ وَهْبٍ، فَقَالَ: ابْنُ عَبْدِ اللّهِ بْنِ كَعْبِ بْنِ مَالِكٍ) أَنّ سَلَمَةَ ابْنَ الأَكْوَعِ قَالَ: لَمّا كَانَ يَوْمُ خَيْبَرَ قَاتَلَ أَخِي قِتَالاً شَدِيداً مَعَ رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم. فَارْتَدّ عَلَيْهِ سَيْفُهُ فَقَتَلَهُ. فَقَالَ أَصْحَابُ رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم فِي ذَلِكَ. وَشَكّوا فِيهِ: رَجُلٌ مَاتَ فِي سِلاَحِهِ. وَشَكّوا فِي بَعْضِ أَمْرِهِ. قَالَ سَلَمَةُ: فَقَفَلَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم مِنْ خَيْبَرَ. فَقُلْتُ: يَا رَسُولَ اللّهِ! ائْذَنْ لِي أَنْ أَرْجُزَ لَكَ. فَأَذِنَ لَهُ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم. فَقَالَ عُمَرُ بْنُ الْخَطّابِ: أَعْلَمُ مَا تَقُولُ. قَالَ فَقُلْتُ: وَاللّهِ لَوْلاَ اللّهُ مَا اهْتَدَيْنَاوَلاَ تَصَدّقْنَا وَلاَ صَلّيْنَا فَقَالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم «صَدَقْتَ». وَأَنْزِلَنّ سَكِينَةً عَلَيْنَاوَثَبّتِ الأَقْدَامَ إِنْ لاَقَيْنَاوَالْمُشْرِكُونَ قَدْ بَغَوْا عَلَيْنَا قَالَ: فَلَمّا قَضَيْتُ رَجَزِي قَالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: «مَنْ قَالَ هَـٰذَا؟» قُلْتُ: قَالَهُ أَخِي. فَقَالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: «يَرْحَمُهُ اللّهُ» قَالَ فَقُلْتُ: يَا رَسُولَ اللّهِ إِنّ نَاساً لَيَهَابُونَ الصّلاَةَ عَلَيْهِ. يَقُولُونَ: رَجُلٌ مَاتَ بِسِلاَحِهِ. فَقَالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: «مَاتَ جَاهِداً مُجَاهِداً». قَالَ ابْنُ شِهَابٍ: ثُمّ سَأَلْتُ ابْنَاً لِسَلَمَةَ ابْنِ الأَكْوَعِ. فَحَدّثَنِي عَنْ أَبِيهِ مِثْلَ ذَلِكَ. غَيْرَ أَنّهُ قَالَ (حِينَ قُلْتُ: إِنّ نَاساً يَهَابُونَ الصّلاَةَ عَلَيْهِ) فَقَالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: «كَذَبُوا، مَاتَ جَاهِداً مُجَاهِداً، فَلَهُ أَجْرُهُ مَرّتَيْنِ» وَأَشَارَ بِإِصْبَعَيْهِ.

سەلەمەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، بىز رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن بىللە خەيبەر ئۇرۇشىغا چىقىپ، كېچىسى يول يۈردۇق، كىشىلەردىن بىرسى قېرىندىشىم ئامىرغا:بېيىت ـ قوشاقلىرىڭدىن ئوقۇمامسەن؟دېدى، ئۇ شائىر ئىدى، ئاندىن ئۇ چۈشۈپ قەۋمىنىڭ ئۇلىغىنى يېتىلەپ يول باشلىغاچ: « **الله** بىلەن قەسەمكى، **الله** بولمىغان بولسا، ھېچ نەرسە بولمايتتى، **الله** نىڭ ھىدايىتى بولمىغان بولسا، بىز ھىدايەت تاپالمايتتۇق، سەدىقە ـ زاكات بەرمەيتتۇق،ھەتتا نامازمۇ ئوقۇيالمايتتۇق، ئى **الله** ! بىزگە خاتىرجەملىك نازىل قىلسىلا، دۈشمەنلەرگە ئۇچراشقاندا قەدەملىرىمىزنى مۇستەھكەم قىلسىلا. كەسىپ قىلىپ تۇرساقلا، ھەقىقەت يولىدا ماڭساقلا، جېنىمىز سىلىگە پىدادۇر، بىزگە مەغپىرەت قىلسىلا، كاپىرلار بىزگە جەڭ ئېلان قىلسا، بىزمۇ بوش تۇرمايمىز، ئاۋۇ دىنسىزلار بىزگە بەك ھەددىدىن ئاشتى، ئۇلار پىتنە ـ پاسادلارنى مەقسەت قىلسا، بىز ئۇنىمايمىز،ھەرگىز ئۇنىمايمىز!!ئۇنىمايمىز!!!دەپ توۋلىدى.ئاندىن رەسۇلۇللاھ: بۇ يول باشلىغۇچى كىم بولىدۇ؟ دېدى. ئۇلار: بۇ ئامىردۇر دېدى، رەسۇلۇللاھ ؛ **الله** ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن، دېدى. ئاندىن قەۋمىدىن بىركىشى: ئى **الله** نىڭ ئەلچىسى!ئۇنىڭغا سىلىنىڭ ياخشى گۇۋاھلىقلىرى مۇقۇم بولدى، ئۇنىڭغا بۇ رەھمەت سۆزىنى كېيىنرەك دەپ، بىزنى ئۇنىڭ شېئىر ـ بېيىتلىرىنى يەنىمۇ ئاڭلىغىلى قويغان بولسىلا بولاتتى، ئۇنىڭدىن ياخشى پايدىلىنىپ يول يۈرگەن ئىدۇق دېدى. ئاندىن بىز خەيبەرگە كېلىپ، ئۇلارنى مۇھاسىرىگە ئالدۇق، بىزگە قاتتىق ئاچارچىلىق يەتتى، ئاندىن رەسۇلۇللاھ : **الله** سىلەرگە خەيبەرنى ئىشغال قىلىپ بىرىدۇ دېدى. خەيبەرنى پەتھى قىلغان كۈنىنىڭ ئاخشىمى كىشىلەر نۇرغۇن ئوت يېقىۋاپتۇ، رەسۇلۇللاھ:بۇ نىمە ئوتلاردۇ؟ سىلەر نىمىگە ئوت ياقتىڭلار؟ دېدى، ئۇلار: گۆشكە

دېدى، نىمىنىڭ گۆشىگە؟دېسە، ئۇلار: ئىنسانلار ئىشلىتىدىغان يەرلىك ئىشەكنىڭ گۆشىگە ئوت ياقتۇق دېدى، ئاندىن رەسۇلۇللاھ: ئۇنى تۆكۈۋېتىپ، ئۇچاق، قازانلارنى چېقىۋېتىڭلار دېدى،(چۈنكى يەرلىك ئىشەكنىڭ گۆشى نىجىستۇر، بۇجەمھۇرنىڭ سۆزى) بىركىشى: ئۇنى تۆكۈۋېتىپ، قازاننى يۇيسا بولا؟دېدى، رەسۇلۇللاھ شۇنداق قىلسا بولا دېدى. ئىككى تەرەپ ئۇرۇشقا سەپ تارتتى، جەڭ باشلاندى، ئامىرنىڭ قىلىچى بەكلا قىسقا ئىدى، ئۇ بىر يەھۇدىينىڭ پاچىقىنى چېپىش ئۈچۈن قىلىچ شىلتىۋىدى، قىلىچىنىڭ تىغ بىسسى قايتىپ كېلىپ ئۆزىنىڭ تىزىغا تەگدى. ئۇ شۇ سەۋەبتىن ئۆلۈپ كەتتى. ئۇلار ئۇرۇشتىن قايتتى، رەسۇلۇللاھ مېنىڭ غەمكىن ھالدا شۈك تۇرغىنىمنى كۆرۈپ: ساڭا نىمە بولدى؟دېدى، مەن: سىلىگە ئاتا ـ ئانام پىدا بولسۇن، كىشىلەر:ئامىر ئۆزىنىڭ قۇرالىدا ئۆلۈپ كەتتى، ئۇنىڭ ئەمەللىرى بىكار بولۇپ كەتتى دېيىشىۋاتىدۇ دېسەم، رەسۇلۇللاھ:كىم شۇنداق دەيدۇ؟دەپ سوردى، مەن: پالانى بىلەن پالانى ۋە ئۇسەيدئىبنى ھۇزەيرمۇ شۇنداق دەيدۇ دېسەم، رەسۇلۇللاھ: ئۇلار يالغان سۆزلەپتۇ، شۇنداق دېگەن كىشىنىڭ ئۆزى كاززاپ، ئۇنىڭغا ئىككى كىشىلىك ئەجىر باردۇر دەپ، ئىككى بارمىقىنى جۈپلەپ كۆسەتتى، ۋە يەنە: ئامىر ئۆز ئىلمىدە ۋە ئەمىلىدە تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ، الله يولىدا مۇجاھىد بولغان ھالدا ئۆلۈپتۇ، ئۇنىڭدەك يول تۇتۇپ ماڭغان ئەرەپ ناھايىتى ئازدۇر دېدى.

## 834 ـ باب غزوة الأحزاب وهي الخندق

## خەندەق ئۇرىشى

4624 ـ حدّثنا مُحمّدُ بْنُ الْمُثنّى وَ ابْنُ بَشّارٍ (وَاللّفظ لابْنِ الْمُثنّى)، قالاَ: حَدّثنَا مُحَمّدُ بْنُ جَعْفَرٍ: حَدّثنَا شُعْبَةُ، عَنْ أَبِي إِسْحَـقَ قَالَ: سَمِعْتُ الْبَرَاءَ قَالَ: كَانَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم يَوْمَ الأَحْزَابِ يَنْقُلُ مَعَنَا التّرَابَ. وَلَقَدْ وَارَى التّرَابُ بَيَاضَ بَطْنِهِ وَهُوَ يَقُولُ:
«وَاللّهِ! لَوْلاَ أَنْتَ مَا اهْتَدَيْنَاوَلاَ تَصَدّقْنَا وَلاَ صَلّيْنَافَأَنْزِلَنْ سَكِينَةً عَلَيْنَاإِنّ الأُلَى قَدْ أَبَوْا عَلَيْنَا»
قَالَ: وَرُبّمَا قَالَ: «إِنّ الْمَلاَ قَدْ أَبَوْا عَلَيْنَاإِذَا أَرَادُوا فِتْنَةً أَبَيْنَا» وَيَرْفَعُ بِهَا صَوْتَهُ.

4625 ـ حدّثنا مُحمّدُ بْنُ الْمُثنّى: حَدّثنَا عَبْدُ الرّحْمَـنِ بْنُ مَهْدِيّ. حَدّثنَا شُعْبَةُ، عَنْ أَبِي إِسْحَـقَ قَالَ: سَمِعْتُ الْبَرَاءَ. فَذَكَرَ مِثْلَهُ. إِلاّ أَنّهُ قَالَ: «إِنّ الأُلَى قَدْ بَغَوْا عَلَيْنَا».

بەررائى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم خەندەك كۈنى توپا يۆتكەپ، مۇبارەك قۇساقلىرى توپا ـ چاڭ بولۇپ كەتكەن ئىدى، ۋە مۇنداق دېدى؛« الله بىلەن قەسەمكى، الله بولمىغان بولسا، (ھېچ نەرسە بولمايتتى)الله نىڭ ھىدايىتى بولمىغان بولسا، بىز ھىدايەت تاپالمايتتۇق، سەدىقە ـ زاكات بەرمەيتتۇق،ھەتتا نامازمۇ ئوقۇيالمايتتۇق، ئى الله ! بىزگە خاتىرجەملىك نازىل قىلسىلا، دۈشمەنلەرگە ئۇچراشقاندا قەدەملىرىمىزنى مۇستەھكەم قىلسىلا. ئاۋۇ دىنسىزلار بىزگە بەك ھەددىدىن ئاشتى، ئۇلار پىتنە ـ پاسادلارنى مەقسەت قىلسا، بىز ئۇنىمايمىز،ھەرگىز ئۇنىمايمىز!!ئۇنىمايمىز!!!دەپ توۋلىدى.بۇخارى،مۇسلىم.

4626 ـ حدّثنا عَبْدُ اللّهِ بْنُ مَسْلَمَةَ الْقَعْنَبِيّ: حَدّثنَا عَبْدُ الْعَزِيزِ بْنُ أَبِي حَازِمٍ، عَنْ أَبِيهِ، عَنْ سَهْلِ بْنِ سَعْدٍ قَالَ: جَاءَنَا رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم وَنَحْنُ نَحْفِرُ الْخَنْدَقَ، وَنَنْقُلُ التّرَابَ عَلَى أَكْتَافِنَا. فَقَالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: «اللّهُمّ! لاَ عَيْشَ إِلاّ عَيْشُ الآخِرَةِ فَاغْفِرْ لِلْمُهَاجِرِينَ وَالأَنْصَارِ».

4627 ـ وحدّثنا مُحمّدُ بْنُ الْمُثنّى وَ ابْنُ بَشّارٍ (وَاللّفظُ لابْنِ الْمُثنّى): حَدّثنَا مُحمّدُ بْنُ جَعْفَرٍ: حَدّثنَا شُعْبَةُ، عَنْ مُعَاوِيَةَ بْنِ قُرّةَ، عَنْ أَنَسِ بْنِ مَالِكٍ عَنِ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم أَنّهُ قَالَ: «اللّهُمّ! لاَ عَيْشَ إِلاّ عَيْشُ الآخِرَهْ فَاغْفِرْ لِلأَنْصَارِ وَالْمُهَاجِرَهْ»

4628 ـ حدّثنا مُحمّدُ بْنُ الْمُثنّى وَ ابْنُ بَشّارٍ، قَالَ ابْنُ الْمُثنّى: حَدّثنَا مُحمّدُ بْنُ جَعْفَرٍ: أَخْبَرَنَا شُعْبَةُ، عَنْ قَتَادَةَ: حَدّثنَا أَنَسُ بْنُ مَالِكٍ [1] أَنّ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم كَانَ يَقُولُ اللّهمّ إِنّ الْعَيْشَ عَيْشُ الآخِرَةِ» قَالَ شُعْبَةُ: أَوْ قَالَ:

«اللّٰهُمّ! لاَ عَيْشَ إلاّ عَيْشُ الآخِرَهْفَأَكْرِمِ الأَنْصَارَ وَالْمُهَاجِرَهْ»

4629 ـ وحدّثنا يَحْيَى بْنُ يَحْيَى وَ شَيْبَان بْنُ فَرّوخ قالَ يَحْيَى: أَخْبَرَنَا. وَقالَ شَيْبَانُ: حَدّثَنَا عَبْدُ الْوَارِثِ عَنْ أَبي التّيّاح. حَدّثَنَا أَنَسُ بْنُ مَالِكٍ قالَ: كَانُوا يَرْتَجِزُونَ، وَرَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم مَعَهُمْ، وَهُمْ يَقُولُونَ: اللّهُمّ! لاَ خَيْرَ إلاّ خَيْرُ الآخِرَهْ فَانْصُرِ الأَنْصَارَ وَالْمُهَاجِرَهْ وَفِي حَدِيثِ شَيْبَانَ (بَدَلَ فَانْصُرْ): فَاغْفِرْ.

4630 ـ حدّثني مُحَمّدُ بْنُ حَاتِمٍ: حَدّثَنَا بَهْزٌ: حَدّثَنَا حَمّادُ بْنُ سَلَمَةَ: حَدّثَنَا ثَابِتٌ، عَنْ أَنَسٍ أَنّ أَصْحَابَ مُحَمّدٍ صلى الله عليه وسلم كَانُوا يَقُولُونَ يَوْمَ الْخَنْدَقِ: نَحْنُ الّذِينَ بَايَعُوا مُحَمّداًعَلَى الإِسْلاَمِ مَا بَقِينَا أَبَداً أَوْ قالَ: عَلَى الْجِهَادِ. شَكّ حَمّادٌ. وَالنّبِيّ صلى الله عليه وسلم يَقُولُ: «اللّهُمّ! إنّ الْخَيْرَ خَيْرُ الآخِرَهْفَاغْفِرْ لِلأَنْصَارِ وَالْمُهَاجِرَهْ»

ئەنەس ، سەھلى ئىبنى سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ م دىن، مۇھاجىرلار بىلەن ئەنسارلار خەندەك كولاپ تۇپا يۆتكىگىچە؛« بىز مەڭگۈ ھاياتلا بۇلىدىكەنمىز، مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم گە، **الله** يولىدا جىھاد قىلىشقا بەيئەت قىلغان كىشىلەرمىز»دېيىشتى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇلارغا جاۋابەن مۇنداق دېگەن: ئى ئاللاھ، ئاخىرەت تۇرمۇشىدىن باشقا ھەقىقى تۇرمۇش مەۋجۇت يوقتۇر، مۇھاجىرلار بىلەن ئەنسارلارغا مەغپىرەت قىلسىلا»بۇخارى،مۇسلىم، ئەھمەد، بەيھەقى، تىرمىزى، نەسەئى، ئەبۇ داۋۇد ت، سەھەھ.

## *835 ـ باب غزوة ذي قرد وغيرها*

## زىي قەرەدتىكى ئۇرۇش توغرىسىدا

4631 ـ حدّثنا قُتَيْبَةُ بْنُ سَعِيدٍ: حَدّثَنَا حَاتِمٌ (يَعْنِي ابْنَ إِسْمَاعِيلَ) عَنْ يَزِيدَ بْنِ أَبِي عُبَيْدٍ قالَ: سَمِعْتُ سَلَمَةَ بْنَ الأَكْوَعِ يَقُولُ: خَرَجْتُ قَبْلَ أَنْ يُؤَذّنَ بِالأُولَى، وَكَانَتْ لِقَاحُ رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم تَرْعَى بِذِي قَرَدٍ. قالَ: فَلَقِيَنِي غُلاَمٌ لِعَبْدِ الرّحْمَنِ بْنِ عَوْفٍ فَقَالَ: أُخِذَتْ لِقَاحُ رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم. فَقُلْتُ: مَنْ أَخَذَهَا؟ قالَ: غَطَفَانُ. قالَ: فَصَرَخْتُ ثَلاَثَ صَرَخَاتٍ: يَا صَبَاحَاهْ قالَ: فَأَسْمَعْتُ مَا بَيْنَ لاَبَتَي الْمَدِينَةِ، ثُمّ انْدَفَعْتُ عَلَى وَجْهِي حَتّى أَدْرَكْتُهُمْ بِذِي قَرَدٍ. وَقَدْ أَخَذُوا يَسْقُونَ مِنَ الْمَاءِ. فَجَعَلْتُ أَرْمِيهِمْ بِنَبْلِي، وَكُنْتُ رَامِياً. وَأَقُولُ: أَنَا ابْنُ الأَكْوَعِوَالْيَوْمُ يَوْمُ الرّضّعِ فَأَرْتَجِزُ، حَتّى اسْتَنْقَذْتُ اللّقَاحَ مِنْهُمْ. وَاسْتَلَبْتُ مِنْهُمْ ثَلاَثِينَ بُرْدَةً. قالَ: وَجَاءَ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم وَالنّاسُ، فَقُلْتُ: يَا نَبِيّ اللّهِ! إنّي قَدْ حَمَيْتُ الْقَوْمَ الْمَاءَ. وَهُمْ عِطَاشٌ. فَابْعَثْ إِلَيْهِمُ السّاعَةَ. فَقَالَ: «يَا ابْنَ الأَكْوَعِ مَلَكْتَ فَأَسْجِحْ». قالَ: ثُمّ رَجَعْنَا، وَيُرْدِفُنِي رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم عَلَى نَاقَتِهِ حَتّى دَخَلْنَا الْمَدِينَةَ.

4632 ـ حدّثنا أَبُو بَكْرِ بْنُ أَبِي شَيْبَةَ: حَدّثَنَا هَاشِمُ بْنُ الْقَاسِمِ. ح وَحَدّثَنَا إِسْحَقُ بْنُ إِبْرَاهِيمَ. أَخْبَرَنَا أَبُو عَامِرٍ الْعَقَدِيّ، كِلاَهُمَا، عَنْ عِكْرِمَةَ بْنِ عَمّارٍ. ح وَحَدّثَنَا عَبْدُ اللّهِ بْنُ عَبْدِ الرّحْمَنِ الدّارِمِيّ. وَهَذَا حَدِيثُهُ: أَخْبَرَنَا أَبُو عَلِيّ الْحَنَفِيّ عُبَيْدُ اللّهِ بْنُ عَبْدِ الْمَجِيدِ: حَدّثَنَا عِكْرِمَةُ (وَهُوَ ابْنُ عَمّارٍ) حَدّثَنِي إِيَاسُ بْنُ سَلَمَةَ: حَدّثَنِي أَبِي قالَ: قَدِمْنَا الْحُدَيْبِيَةَ مَعَ رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم وَنَحْنُ أَرْبَعَ عَشْرَةَ مِائَةً. وَعَلَيْهَا خَمْسُونَ شَاةً لاَ تُرْوِيهَا. قالَ: فَقَعَدَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم عَلَى جَبَا الرّكِيّةِ، فَإمّا دَعَا وَإمّا بَسَقَ فِيهَا. قالَ: فَجَاشَتْ، فَسَقَيْنَا وَاسْتَقَيْنَا. قالَ: ثُمّ إنّ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم دَعَانَا لِلْبَيْعَةِ فِي أَصْلِ الشّجَرَةِ. قالَ: فَبَايَعْتُهُ أَوّلَ النّاسِ. ثُمّ بَايَعَ وَبَايَعَ، حَتّى إذَا كَانَ فِي وَسَطٍ مِنَ النّاسِ قالَ: «بَايِعْ، يَا سَلَمَةُ!» قالَ قُلْتُ: قَدْ بَايَعْتُكَ. يَا رَسُولَ اللّهِ! فِي أَوّلِ النّاسِ. قالَ: «وَأَيْضاً» قالَ: وَرَآنِي رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم عَزِلاً (يَعْنِي لَيْسَ مَعَهُ سِلاَحٌ). قالَ: فَأَعْطَانِي رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم حَجَفَةً أَوْ دَرَقَةً، ثُمّ بَايَعَ. حَتّى إذَا كَانَ فِي آخِرِ النّاسِ قالَ: «أَلاَ تُبَايِعُنِي؟ يَا سَلَمَةُ» قالَ: قُلْتُ: قَدْ بَايَعْتُكَ، يَا رَسُولَ اللّهِ! فِي أَوّلِ النّاسِ، وَفِي أَوْسَطِ النّاسِ. قالَ: «وَأَيْضاً» قالَ: فَبَايَعْتُهُ الثّالِثَةَ. ثُمّ قالَ لِي: «يَا سَلَمَةُ أَيْنَ حَجَفَتُكَ أَوْ دَرَقَتُكَ الّتِي أَعْطَيْتُكَ؟» قالَ قُلْتُ: يَا رَسُولَ اللّهِ! لَقِيَنِي عَمّي عَامِرٌ عَزِلاً. فَأَعْطَيْتُهُ إِيّاهَا. قالَ: فَضَحِكَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم وَقَالَ: «إنّكَ كَالّذِي قَالَ الأَوّلُ: اللّهُمّ أَبْغِنِي حَبِيباً هُوَ أَحَبّ إلَيّ مِنْ نَفْسِي». ثُمّ إنّ الْمُشْرِكِينَ رَاسَلُونَا الصّلْحَ، حَتّى مَشَى بَعْضُنَا فِي بَعْضٍ. وَاصْطَلَحْنَا. قالَ: وَكُنْتُ تَبِيعاً لِطَلْحَةَ بْنِ عُبَيْدِ اللّهِ. أَسْقِي فَرَسَهُ، وَأَحُسّهُ، وَأَخْدُمُهُ. وَآكُلُ مِنْ طَعَامِهِ. وَتَرَكْتُ أَهْلِي وَمَالِي، مُهَاجِراً إلَى اللّهِ وَرَسُولِهِ صلى الله عليه وسلم. قالَ: فَلَمّا اصْطَلَحْنَا نَحْنُ وَأَهْلُ مَكّةَ، وَاخْتَلَطَ بَعْضُنَا بِبَعْضٍ، أَتَيْتُ شَجَرَةً فَكَسَحْتُ شَوْكَهَا. فَاضْطَجَعْتُ فِي أَصْلِهَا. قالَ: فَأَتَانِي أَرْبَعَةٌ مِنَ الْمُشْرِكِينَ مِنْ أَهْلِ مَكّةَ. فَجَعَلُوا يَقَعُونَ فِي رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم. فَأَبْغَضْتُهُمْ. فَتَحَوّلْتُ إلَى شَجَرَةٍ أُخْرَى. وَعَلّقُوا سِلاَحَهُمْ. وَاضْطَجَعُوا. فَبَيْنَمَا هُمْ كَذَلِكَ إذْ نَادَى مُنَادٍ مِنْ أَسْفَلِ الْوَادِي: يَا لَلْمُهَاجِرِينَ قُتِلَ ابْنُ زُنَيْمٍ. قالَ: فَاخْتَرَطْتُ سَيْفِي. ثُمّ شَدَدْتُ عَلَى أُولَئِكَ الأَرْبَعَةِ وَهُمْ رُقُودٌ. فَأَخَذْتُ سِلاَحَهُمْ. فَجَعَلْتُهُ ضِغْثاً فِي يَدِي. قالَ: ثُمّ قُلْتُ: وَالّذِي كَرّمَ وَجْهَ مُحَمّدٍ لاَ يَرْفَعُ أَحَدٌ مِنْكُمْ رَأْسَهُ إلاّ ضَرَبْتُ الّذِي فِيهِ عَيْنَاهُ. قالَ: ثُمّ جِئْتُ بِهِمْ أَسُوقُهُمْ إلَى رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم. قالَ: وَجَاءَ عَمّي عَامِرٌ بِرَجُلٍ مِنَ الْعَبَلاَتِ يُقَالُ لَهُ مِكْرَزٌ. يَقُودُهُ إلَى رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم. عَلَى فَرَسٍ مُجَفّفٍ. فِي سَبْعِينَ مِنَ

الْمُشْرِكِينَ. فَنَظَرَ إِلَيْهِمِ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم فَقَالَ: «دَعُوهُمْ. يَكُنْ لَهُمْ بَدْءُ الْفُجُورِ وَثِنَاهُ» فَعَفَا عَنْهُمْ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم. وَأَنْزَلَ اللّهُ: {وَهُوَ الّذِي كَفّ أَيْدِيَهُمْ عَنْكُمْ وَأَيْدِيَكُمْ عَنْهُمْ بِبَطْنِ مَكّةَ مِن بَعْدِ أَنْ أَظْفَرَكُمْ عَلَيْهِمْ} (48الفتح الآية: 24) الآيَةَ كُلّهَا. قَالَ: ثُمّ خَرَجْنَا رَاجِعِينَ إِلَى الْمَدِينَةِ. فَنَزَلْنَا مَنْزِلاً. بَيْنَنَا وَبَيْنَ بَنِي لِحْيَانَ جَبَلٌ. وَهُمُ الْمُشْرِكُونَ. فَاسْتَغْفَرَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم لِمَنْ رَقِيَ هَذَا الْجَبَلَ اللّيْلَةَ. كَأَنّهُ طَلِيعَةٌ لِلنّبِيّ صلى الله عليه وسلم وَأَصْحَابِهِ. قَالَ سَلَمَةُ: فَرَقِيتُ تِلْكَ اللّيْلَةَ مَرّتَيْنِ أَوْ ثَلاَثاً. ثُمّ قَدِمْنَا الْمَدِينَةَ. فَبَعَثَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم بِظَهْرِهِ مَعَ رَبَاحٍ غُلاَمِ رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم. وَأَنَا مَعَهُ. وَخَرَجْتُ مَعَهُ بِفَرَسِ طَلْحَةَ. أُنَدّيهِ مَعَ الظّهْرِ. فَلَمّا أَصْبَحْنَا إِذَا عَبْدُ الرّحْمَنِ الْفَزَارِيّ قَدْ أَغَارَ عَلَى ظَهْرِ رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم. فَاسْتَاقَهُ أَجْمَعَ. وَقَتَلَ رَاعِيَهُ. قَالَ فَقُلْتُ: يَا رَبَاحُ خُذْ هَذَا الْفَرَسَ فَأَبْلِغْهُ طَلْحَةَ بْنَ عُبَيْدِ اللّهِ. وَأَخْبِرْ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم أَنّ الْمُشْرِكِينَ قَدْ أَغَارُوا عَلَى سَرْحِهِ. قَالَ: ثُمّ قُمْتُ عَلَى أَكَمَةٍ فَاسْتَقْبَلْتُ الْمَدِينَةَ. فَنَادَيْتُ ثَلاَثاً: يَا صَبَاحَاهُ ثُمّ خَرَجْتُ فِي آثَارِ الْقَوْمِ أَرْمِيهِمْ بِالنّبْلِ. وَأَرْتَجِزُ. أَقُولُ: أَنَا ابْنُ الأَكْوَعِوَالْيَوْمُ يَوْمُ الرّضّعِ فَأَلْحَقُ رَجُلاً مِنْهُمْ. فَأَصُكّ سَهْماً فِي رَحْلِهِ. حَتّىَ خَلَصَ نَصْلُ السّهْمِ إِلَى كَتِفِهِ. قَالَ قُلْتُ: خُذْهَا. وَأَنَا ابْنُ الأَكْوَعُوالْيَوْمُ يَوْمُ الرّضّعِ

قَالَ: فَوَاللّهِ مَا زِلْتُ أَرْمِيهِمْ وَأَعْقِرُ بِهِمْ. فَإِذَا رَجَعَ إِلَيّ فَارِسٌ أَتَيْتُ شَجَرَةً فَجَلَسْتُ فِي أَصْلِهَا. ثُمّ رَمَيْتُهُ. فَعَقَرْتُ بِهِ. حَتّىَ إِذَا تَضَايَقَ الْجَبَلُ فَدَخَلُوا فِي تَضَايُقِهِ، عَلَوْتُ الْجَبَلَ. فَجَعَلْتُ أُرَدّيهِمْ بِالْحِجَارَةِ. قَالَ: فَمَا زِلْتُ كَذَلِكَ أَتْبَعُهُمْ حَتّى مَا خَلَقَ اللّهُ مِنْ بَعِيرٍ مِنْ ظَهْرِ رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم إِلاّ خَلّفْتُهُ وَرَاءَ ظَهْرِي. وَخَلّوْا بَيْنِي وَبَيْنَهُ. ثُمّ اتّبَعْتُهُمْ أَرْمِيهِمْ. حَتّى أَلْقَوْا أَكْثَرَ مِنْ ثَلاَثِينَ بُرْدَةً وَثَلاَثِينَ رُمْحاً. يَسْتَخِفّونَ. وَلاَ يَطْرَحُونَ شَيْئاً إِلاّ جَعَلْتُ عَلَيْهِ آرَاماً مِنَ الْحِجَارَةِ. يَعْرِفُهَا رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم وَأَصْحَابُهُ. حَتّى أَتَوْا مُتَضَايِقاً مِنْ ثَنِيّةٍ فَإِذَا هُمْ قَدْ أَتَاهُمْ فُلاَنُ بْنُ بَدْرٍ الْفَزَارِيّ. فَجَلَسُوا يَتَضَحّوْنَ (يَعْنِي يَتَغَدّوْنَ). وَجَلَسْتُ عَلَى رَأْسِ قَرْنٍ. قَالَ الْفَزَارِيّ: مَا هَذَا الّذِي أَرَى؟ قَالُوا: لَقِينَا، مِنْ هَذَا، الْبَرْحَ. وَاللّهِ مَا فَارَقَنَا مُنْذُ غَلَسٍ. يَرْمِينَا حَتّى انْتَزَعَ كُلّ شَيْءٍ فِي أَيْدِينَا. قَالَ: فَلْيَقُمْ إِلَيْهِ نَفَرٌ مِنْكُمْ، أَرْبَعَةٌ. قَالَ: فَصَعِدَ إِلَيّ مِنْهُمْ أَرْبَعَةٌ فِي الْجَبَلِ. قَالَ: فَلَمّا أَمْكَنُونِي مِنَ الْكَلاَمِ قَالَ قُلْتُ: هَلْ تَعْرِفُونِي؟ قَالُوا: لاَ. وَمَنْ أَنْتَ؟ قَالَ قُلْتُ: أَنَا سَلَمَةُ بْنُ الأَكْوَعِ. وَالّذِي كَرّمَ وَجْهَ مُحَمّدٍ صلى الله عليه وسلم لاَ أَطْلُبُ رَجُلاً مِنْكُمْ إِلاّ أَدْرَكْتُهُ. وَلاَ يَطْلُبُنِي رَجُلٌ مِنْكُمْ فَيُدْرِكَنِي. قَالَ أَحَدُهُمْ: أَنَا أَظُنّ. قَالَ: فَرَجَعُوا. فَمَا بَرِحْتُ مَكَانِي حَتّىَ رَأَيْتُ فَوَارِسَ رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم يَتَخَلّلُونَ الشّجَرَ. قَالَ: فَإِذَا أَوّلُهُمُ الأَخْرَمُ الأَسَدِيّ. عَلَى إِثْرِهِ أَبُو قَتَادَةَ الأَنْصَارِيّ. وَعَلَى إِثْرِهِ الْمِقْدَادُ بْنُ الأَسْوَدِ الْكِنْدِيّ. قَالَ: فَأَخَذْتُ بِعِنَانِ الأَخْرَمِ. قَالَ: فَوَلّوْا مُدْبِرِينَ. قُلْتُ: يَا أَخْرَمُ احْذَرْهُمْ. لاَ يَقْتَطِعُوكَ حَتّى يَلْحَقَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم وَأَصْحَابُهُ. قَالَ: يَا سَلَمَةُ إِنْ كُنْتَ تُؤْمِنُ بِاللّهِ وَالْيَوْمِ الآخِرِ، وَتَعْلَمُ أَنّ الْجَنّةَ حَقّ وَالنّارُ حَقّ، فَلاَ تَحُلْ بَيْنِي وَبَيْنَ الشّهَادَةِ. قَالَ: فَخَلّيْتُهُ. فَالْتَقَى هُوَ وَعَبْدُ الرّحْمَنِ. قَالَ: فَعَقَرَ بِعَبْدِ الرّحْمَنِ فَرَسَهُ. وَطَعَنَهُ عَبْدُ الرّحْمَنِ فَقَتَلَهُ. وَتَحَوّلَ عَلَى فَرَسِهِ. وَلَحِقَ أَبُو قَتَادَةَ، فَارِسُ رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم بِعَبْدِ الرّحْمَنِ. فَطَعَنَهُ فَقَتَلَهُ. فَوَالّذِي كَرّمَ وَجْهَ مُحَمّدٍ صلى الله عليه وسلم لَتَبِعْتُهُمْ أَعْدُو عَلَى رِجْلَيّ. حَتّى مَا أَرَى وَرَائِي، مِنْ أَصْحَابِ مُحَمّدٍ صلى الله عليه وسلم وَلاَ غُبَارِهِمْ، شَيْئاً. حَتّىَ يَعْدِلُوا قَبْلَ غُرُوبِ الشّمْسِ إِلَى شِعْبٍ فِيهِ مَاءٌ. يُقَالُ لَهُ ذَا قَرَدٍ. لِيَشْرَبُوا مِنْهُ وَهُمْ عِطَاشٌ. قَالَ: فَنَظَرُوا إِلَيّ أَعْدُو وَرَاءَهُمْ. فَحَلّيْتُهُمْ عَنْهُ (يَعْنِي أَجْلَيْتُهُمْ عَنْهُ) فَمَا ذَاقُوا مِنْهُ قَطْرَةً. قَالَ: وَيَخْرُجُونَ فَيَشْتَدّونَ فِي ثَنِيّةٍ. قَالَ: فَأَعْدُو فَأَلْحَقُ رَجُلاً مِنْهُمْ. فَأَصُكّهُ بِسَهْمٍ فِي نُغْضِ كَتِفِهِ. قَالَ قُلْتُ: خُذْهَا وَأَنَا ابْنُ الأَكْوَعِ. وَالْيَوْمُ يَوْمُ الرّضّعِ. قَالَ: يَا ثَكِلَتْهُ أُمّهُ أَكْوَعُهُ بُكْرَةَ. قَالَ قُلْتُ: نَعَمْ. يَا عَدُوّ نَفْسِهِ أَكْوَعُكَ بُكْرَةَ. قَالَ: وَأَرْدَوْا فَرَسَيْنِ عَلَى ثَنِيّةٍ. قَالَ: فَجِئْتُ بِهِمَا أَسُوقُهُمَا إِلَى رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم. قَالَ: وَلَحِقَنِي عَامِرٌ بِسَطِيحَةٍ فِيهَا مَذْقَةٌ مِنْ لَبَنٍ وَسَطِيحَةٍ فِيهَا مَاءٌ. فَتَوَضّأْتُ وَشَرِبْتُ. ثُمّ أَتَيْتُ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم وَهُوَ عَلَى الْمَاءِ الّذِي حَلاّتُهُمْ عَنْهُ. فَإِذَا رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم قَدْ أَخَذَ تِلْكَ الإِبِلَ. وَكُلّ شَيْءٍ اسْتَنْقَذْتُهُ مِنَ الْمُشْرِكِينَ وَكُلّ رُمْحٍ وَبُرْدَةٍ. وَإِذَا بِلاَلٌ نَحَرَ نَاقَةً مِنَ الإِبِلِ الّذِي اسْتَنْقَذْتُ مِنَ الْقَوْمِ. وَإِذَا هُوَ يَشْوِي لِرَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم مِنْ كَبِدِهَا وَسَنَامِهَا. قَالَ قُلْتُ: يَا رَسُولَ اللّهِ خَلّنِي فَأَنْتَخِبُ مِنَ الْقَوْمِ مِائَةَ رَجُلٍ. فَأَتّبِعُ الْقَوْمَ فَلاَ يَبْقَى مِنْهُمْ مُخْبِرٌ إِلاّ قَتَلْتُهُ. قَالَ: فَضَحِكَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم حَتّى بَدَتْ نَوَاجِذُهُ فِي ضَوْءِ النّارِ. فَقَالَ: «يَا سَلَمَةُ أَتُرَاكَ كُنْتَ فَاعِلاً؟» قُلْتُ: نَعَمْ. وَالّذِي أَكْرَمَكَ فَقَالَ: «إِنّهُمُ الآنَ لَيُقْرَوْنَ فِي أَرْضِ غَطَفَانَ» قَالَ: فَجَاءَ رَجُلٌ مِنْ غَطَفَانَ. فَقَالَ: نَحَرَ لَهُمْ فُلاَنٌ جَزُوراً. فَلَمّا كَشَفُوا جِلْدَهَا رَأَوْا غُبَاراً. فَقَالُوا: أَتَاكُمُ الْقَوْمُ. فَخَرَجُوا هَارِبِينَ. فَلَمّا أَصْبَحْنَا قَالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: «كَانَ خَيْرَ فُرْسَانِنَا الْيَوْمَ أَبُو قَتَادَةَ. وَخَيْرَ رَجّالَتِنَا سَلَمَةُ» قَالَ: ثُمّ أَعْطَانِي رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم سَهْمَيْنِ: سَهْمُ الْفَارِسِ وَسَهْمُ الرّاجِلِ. فَجَمَعَهُمَا لِي جَمِيعاً. ثُمّ أَرْدَفَنِي رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم وَرَاءَهُ عَلَى الْعَضْبَاءِ. رَاجِعِينَ إِلَى الْمَدِينَةِ. قَالَ: فَبَيْنَمَا نَحْنُ نَسِيرُ. قَالَ: وَكَانَ رَجُلٌ مِنَ الأَنْصَارِ لاَ يُسْبَقُ شَدّاً، قَالَ: فَجَعَلَ يَقُولُ: أَلاَ مُسَابِقٌ إِلَى الْمَدِينَةِ؟ هَلْ مِنْ مُسَابِقٍ؟ فَجَعَلَ يُعِيدُ ذَلِكَ. قَالَ: فَلَمّا سَمِعْتُ كَلاَمَهُ قُلْتُ: أَمَا تُكْرِمُ كَرِيماً، وَلاَ تَهَابُ شَرِيفاً؟ قَالَ: لاَ. إِلاّ أَنْ يَكُونَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم. قَالَ قُلْتُ: يَا رَسُولَ اللّهِ بِأَبِي وَأُمّي ذَرْنِي فَلأُسَابِقَ الرّجُلَ. قَالَ: «إِنْ شِئْتَ» قَالَ قُلْتُ: اذْهَبْ إِلَيْكَ. وَثَنَيْتُ رِجْلَيّ فَطَفَرْتُ فَعَدَوْتُ. قَالَ: فَرَبَطْتُ عَلَيْهِ شَرَفاً أَوْ شَرَفَيْنِ أَسْتَبْقِي نَفَسِي. ثُمّ عَدَوْتُ فِي إِثْرِهِ. فَرَبَطْتُ عَلَيْهِ شَرَفاً أَوْ شَرَفَيْنِ. ثُمّ إِنّي رَفَعْتُ حَتّى أَلْحَقَهُ. قَالَ: فَأَصُكّهُ بَيْنَ كَتِفَيْهِ. قَالَ قُلْتُ: قَدْ سُبِقْتَ. وَاللّهِ قَالَ: أَنَا أَظُنّ قَالَ: فَسَبَقْتُهُ إِلَى الْمَدِينَةِ. قَالَ: فَوَاللّهِ مَا لَبِثْنَا إِلاّ ثَلاَثَ لَيَالٍ حَتّى خَرَجْنَا إِلَى خَيْبَرَ مَعَ رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم. قَالَ: فَجَعَلَ عَمّي عَامِرٌ يَرْتَجِزُ بِالْقَوْمِ.

وَاللّهِ لَوْلاَ اللّهُ مَا اهْتَدَيْنَا

## سەھـە مۇسـلـمـنـڭ تـەرجـمـسـى

وَلاَ تَصَدَّقْنَا وَلاَ صَلَّيْنَا
وَنَحْنُ عَنْ فَضْلِكَ مَا اسْتَغْنَيْنَا
فَثَبِّتِ الأَقْدَامَ إِنْ لاَقَيْنَا
وَأَنْـزِلَـنْ سَـكِينَـةً عَلَـيْنَـا

سەلەمەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، بىز رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن بىللە ھۇدەيبىييەگە كەلدۇق، بىز 1400كىشى ئىدۇق، 50چە قوي قۇدۇق بۇيىدا سۇ ئىچەلمەي ئۇسسۇز تۇرۇپتۇ، رەسۇلۇللاھ قۇدۇقنىڭ لىۋىدە ئولتۇرۇپ دۇئا قىلىپ سۈي دىۋىدى، قۇدۇقتىن سۇ ئېتىلىپ چىقتى، بىز سۇ ئىچىپ، ئۇلاغلىرىمىزنى سۇغۇرۇپ، يەنەتولۇنلىرىمىزغىمۇ سۇ ئېلىۋالدۇق، ئاندىن رەسۇلۇللاھ سەمۇرە دەرىخىنىڭ تۈۋىدە ئولتۇرۇپ بىزنى بەيئەت قىلىشقا چاقىردى. مەن تۇنجى بولۇپ بەيئەت قىلدىم، ئاندىن كىشىلەر بىر بىرلەپ بەيئەت قىلدى، بەيئەت قىلىش كىشىلەرنىڭ ئوتتىرىغا كەلگەندە، رەسۇلۇللاھ :ئى سەلەمەت!بەيئەت قىلغىن دېدى، مەن: ئى اللە نىڭ ئەلچىسى! مەن تۇنجى بولۇپ بەيئەت قىلغان ئىدىم، دېسەم، يەنىمۇ بەيئەت قىلغىن دېدى، مەن يەنەبەيئەت قىلدىم،رەسۇلۇللاھ مەندە قورال يوقلىقنى كۆرۈپ، ماڭا بىر قالقان بەردى، ئاندىن يەنەبەيئەت قىلىشقا باشلىدى، كىشىلەرنىڭ بەيئىتى ئاخىرلاشقاندا ئى سەلەمەت!سەن بەيئەت قىلمامسەن؟دېدى، مەن: ئى اللە نىڭ ئەلچىسى! مەن تۇنجى بولۇپ بەيئەت قىلغان ئىدىم، ئوتتىرىدىمۇ بەيئەت قىلدىم دېسەم، يەنىمۇ بەيئەت قىلغىن دېدى، مەن يەنەئۈچۈنجى قېتىم بەيئەت قىلدىم،رەسۇلۇللاھ ئى سەلەمەت!مەن ساڭا بەرگەن قالقان قېنى؟دېدى، مەن: ئى اللە نىڭ ئەلچىسى! تاغام ئامىرنىڭ قورالى يوق ئىكەن، مەن ئۇ قالقاننى تاغامغا بىرىۋەتتىم دېسەم، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كۈلۈپ كىتىپ مۇنداق دىگەن: ھەقىقەتەن سەن تۇنجى قېتىمقى مۇنداق دۇئا قىلغان كىشىگە ئوخشايدىكەنسەن، ئى ئاللاھ، ماڭا ھەبىبىمنى بەرگىن، دوستۇمنى بەرگىن، ئۇ ماڭا جېنىمدىنمۇ سۆيۈملۈكتۇر، (يەنى سەن تاغاڭنى جېنىڭدىنمۇ ئېزىز بىلىدىكەنسەن) ئاندىن مۇشرىكلەر بىز بىلەن سۈلھى تۈزۈشكە باشتا سۆز ئاچتى، ئاندىن بىز ئۇلار بىلەن ئارلىشىپ ماڭغان ھالدا كىلىپ، سۈلھى تۈزۈشتۇق. مەن بۇچاغدا تەلھەرەزىيەاللە ئەنھۇغا ئەگىشىپ، ئۇنىڭ ئېتىنى سۇغۇرۇپ، تويا ـ چاڭلىرىنى قېقىپ، ئۇنىڭ خىزمىتىنى قىلىپ، ئۇنىڭ تاماقلىرىدىن يەپ ـ ئىچەتتىم، ئەھلى باللىرىمنى ۋە ماللىرىمنى اللە ۋە اللە نىڭ ئەلچىسىگە ھىجرەت قىلىش ئۈچۈن تەرىك ئەتكەن ئىدىم، بىز مەككە ئەھلى بىلەن سۈلھىلەشكەندە، بەزىمىز ئۇلارنىڭ بەزىسى بىلەن ئارلىشىپ ئولتۇردۇق، مەن بىرتۈپ دەرەخنىڭ يېنىغا كىلىپ ئۇنىڭ شۇخللىرىنى پۇتىۋىتىپ، ئۇنىڭ سايىسىدا ياتتىم، ئاندىن مەككەئەھلىنىڭ مۇشرىكلىرىدىن تۆت كىشى يېنىمغا كىلىپ، رەسۇلۇللاھ توغرىسىدا سۆز ئاچقىلى تۇردى، ئۇلارغاقاتتىق ئاچچىقىم كىلىپ، يەنەبىرتۈپ دەرەخنىڭ يېنىغا كەتتىم، ئۇلار قوراللىرىنى ئېسىپ قويۇپ يېتىشتى، شۇ ئارلىقتا ۋادىينىڭ تۈۋەن تەرىپىدىن بىرسى؛ ئى مۇھاجىرلار!ئىبنى زۇنەيىم ئۆلتۈرلىپتۇ دەپ نىدا قىلدى، ئاندىن مەن قىلىچىمنى غىلىپىدىن سۇغۇرۇپ ھېلىقى تۆت مۇشرىككە ھۇجۇم قىلدىم، ئۇلار ئۇخلاۋاتقان ئىكەن، مەن ئۇلارنىڭ قوراللىرىنى قولۇمدا يىغىپ ئېلىۋېلىپ: مۇھەممەدنىڭ يۈزىنى نۇرلۇق قىلغان اللە بىلەن قەسەمكى، سىلەردىن بىركىشى بېشىنى كۆتۈرگەن ھامان، مەن ئۇنىڭ كاللىسىنى سىلەر كۆرۈۋاتقان مۇشۇ قىلىچىم بىلەن كىسىپ تاشلايمەن دېدىم ـ دە، ئۇلارنى رەسۇلۇللاھ نىڭ قېشىغاھەيدەپ ئېلىپ كەلدىم، تاغام ئامىر ئىبلەت قەبىلىسىدىن بولغان مىكرەز ئىسىملىك

**سەھىھ مۇسلىمنىڭ تەرجىمىسى**

بىر مۇشرىكنى ئۇستىگە ئۇچۇلۇقتەك رەخت سېلىنغان ئاتنىڭ ئۈستىدە ھەيدەپ كەلدى، شۇنداق قىلىپ مۇشرىكلەرنىڭ سانى 70كە يەتكەن ئىدى، رەسۇلۇللاھ : ئۇلارنى قويىۋېتىڭلار، ئۇلار تۇنجى قېتىم(ئادەم ئۆلتۈرۈپ)گۇناھ قىلغان بولسا، بۇگۇناھنى يەنە ئىككىنجى قېتىممۇ قىلىدۇ دېدى، (يەنى ئۇلار يەنە ئادەم ئۆلتۈرۈپ سۈلھىنى بۇزىدۇ دېدى، شۇنداق بولدى)ئاندىن ﷲ تائالا:«ﷲ سىلەرنى كاپىلار ئۇستىدىن غالىب قىلغاندىن كىيىنمۇ مەككە ئىچىدە ئۇلارنىڭ قوللىرىنى سىلەردىن، سىلەرنىڭ قولۇڭلارنى ئۇلاردىن يىغىپ توستى»دېگەن ئايەتنى نازىل قىلدى. ئاندىن بىز مەدىنىگە قايتاشىمىزدا، بىز بىلەن بەنى لەھيان ئارلىقىدىكى بىر تاققا چۈشتۇق، ئۇلار مۇشرىك ئىدى، رەسۇلۇللاھ بۈگۈن كېچە مۇشۇ تاغقا كۆزۈتۈش ئۈچۈن چىققان كىشىگە مەغپىرەت سوردى، چۈنكى بۇتاققا چىققان كىشى ئۇلارنى قوغداپ كۆزۈتۈپ پوستتا تۇراتتى، مەن ئۇتاققا شۇكېچىسى ئىككى ئۈچ قېتىم چىققان ئىدىم. ئاندىن بىز مەدىنىگە كەلدۇق، رەسۇلۇللاھ تۆگىللىرىنى غۇلامى رىباھ بىلەن ئەۋەتتى، مەنمۇ ئۇنىڭ بىلەن بىللە ئىدىم، چۈنكى مەن تەلھەنىڭ ئېتىنى يايلاققا بېقىش ئۈچۈن ئېلىپ چىققان ئىدىم، بىز تاڭ ئاتقۇزغاندا، تۇيۇقسىز ئابدۇررەھمان پىزارى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ تۆگىللىرىگە ھۇجۇم قىلدى، ئاندىن مەن؛ ئى رەباھ!سەن بۇئاتنى تەلھەگە ئاپىرىپ بىرىپ، رەسۇلۇللاھ قا مۇشرىكلەرنىڭ تۆگىلەرگە ھۇجۇم قىلغىننى خەۋەر قىلىپ قويغىن دەپ، مەن بىر ئېگىز دۆڭ، تۆپۈلۈككە چىقىپ، مەدىنىگە ئالدىمنى قىلىپ تۇرۇپ؛ ئى سۇبھى ئەھلى!!يەنى قۇتقۇزىدىغان ئادەم بارمۇ؟!!!دەپ ئۈچ قېتىم توۋلۇدۇم، ئاندىن ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن قوغلاپ مېڭىپ، ئۇلارغا ئوق ئاتقاچ مۇنداق شېئىر ئوقۇدۇم: مەن ئەكۋەئىنىڭ ئوغلى، بۇگۇن بولسا، ھالاكەتنىڭ كۈنى، كىمنىڭ نوچىلىقى ئاشكارا بولىدىغان كۈندۇردەپ، مەن ئۇلارغا ئۇزمەي ئوق ئېتىپ، ئۇلارنى ئۆلتۈردۇم، مەن ئۇلاردىن بىركىشىگە يېتىشىۋېلىپ، ئۇنىڭ تاغىقىنىڭ ئۇچىدىن ئوق ئاتسام، ئوق ئۇنىڭ كۆكسىدىن تېشىپ چىقتى، ئاندىن مەن: مەن ئەكۋەئىنىڭ ئوغلى، بۇگۇن بولسا، ھالاكەتنىڭ كۈنى، كىمنىڭ نوچىلىقى ئاشكارا بولىدىغان كۈندۇر، بۇ ئوقنى ساڭا سوغا قىلاي بۇنى ئالغىن دەپ، مەن ئۇلارغا ئۇزمەي ئوق ئېتىپ، ئۇلارنى ئۆلتۈردۇم، قولۇمغا بىرەر ئات چۈشۈپ قالسا، ئۇنى دەرەخنىڭ كۆتىكىگە باغلاپ قويۇپ، ئاندىن يەنەئۇلارغا ئوق ئېتىپ قوغلايتتىم، ئاندىن تاغ يولى تارىيىپ، ئۇلار تاغنىڭ ئىچىگە كىرىپ كەتتى، مەن تاغنىڭ ئۇستىگە چىقىپ ئۇلارغا تاش ئاتتىم، مەن ئۇلار بىلەن ئۇرۇشۇپ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ﷲ ياراتقان بارلىق تۆگىللىرىنى ئارقامدا قالدۇردۇم(يەنى تۆگىلەرنىڭ ھەممىسنى قۇتقۇزدۇم) ئاندىن ئۇلارنى قوغلاپ بېرىپ، يەنە ئوق ئاتتىم، ئۇلار يەڭگىل بولۇشى ئۈچۈن 30 تون، 30 نەيزىنى تاشلاپ قاچتى، ئۇلار ھەرقانداق بىر نەرسىنى تاشلىسلا، مەن ئۇنىڭغا رەسۇلۇللاھ ۋە ساھابىللىرى ئۇنەرسىنى تونۇسۇن دەپ، تاشتا بەلگە ئالامەت سېلىپ قويدۇم، ئاندىن ئۇلار تاغنىڭ يەنەبىرتەرىپىدىكى تار چىقىش ئېغىزىغا بارغاندا بىرسى ئۇلارغا تاماق ئېلىپ كەپتۇ، ئۇلار ئولتۇرۇپ تاماق يېيىشتى، مەن تاغنىڭ تۆۋەن تەرىپىدىكى كىچىك بىر چوققىدا ئولتۇرسام، پەزارى مىنى كۆرۈپ؛ مەن كۆرگەن ئاۋۇ كىشى نىمە ئادەم؟ دېدى، ئۇلار: بۇنى بىر دېمىسلە، بىز بۇنىڭدىن باياتىن بىرى قاتتىق قىينچىلىقلارغا ئۇچرۇدۇق، بۇبىزنى بەك خاپىغا سالدى، بۇ ئەتىگەندىن بىرى بىزدىن ئارلىماي بىزگە ئوق ئېتىپ، قوللىرىمىزدىكى بارلىق نەرسىللىرىمىزنى تارتىۋالدى دېدى. ئاندىن ئۇ: سىلەردىن تۆت كىشى ئۇنىڭغا چىقسۇن دېدى، ئۇلار قېشىمغا چىقىش ئۈچۈن تاغقا ئۆرلىدى، ئۇلارغا سۆز قىلالىغىدەك بولغاندا، مەن ئۇلارغا: سىلەر مىنى

تۇنۇمىسلەر؟! دېسەم، ئۇلار: ياق، سەن كىم بولىسەن؟دېدى، مەن ئۇلارغا: ھېلىقى سەلەمەت ئىبنى ئەكۋە دېگەن مەن بولىمەن، مەن ھازىر سىلەردىن ھەرقانداق بىركىشىنى ھالاك قىلىپ ئۇجۇقتۇرىۋېتەلەيمەن، سىلەر مىنى ھېچ نىمە قىلالمايسىلەر دېسەم، ئۇلار بىز شۇنىڭغا ئىشىنىمىز دەپ قايتىپ كەتتى. ئاندىن مەن شۇجايدا تۇرۇپ دەرەخلەر ئارىسىدا رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئاتلىق قوشۇنىنى كۆردۇم، ئۇلارنىڭ ئەۋۋەلقىسى ئەخرەم، ئۇنىڭ ئارقىسىدىكى ئەبۇقەتادە، ئۇنىڭ ئارقىسىدىكى مىقداد ئىكەن، مەن ئەخرەمنىڭ ئېتىنىڭ يۈگىنىدىن تۇتۇپ: ئى ئەخرەم! ئۇلاردىن ھەزەر قىلغىن، ئۇلار سىنى رەسۇلۇللاھ نىڭ قوشۇنى كەلگىچە ھالاك قىلىۋەتمىسۇن دېسەم، ئۇماڭا: ئى سەلەمەت! ئەگەر سەن الله ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىمان كەلتۈرسەڭ، جەننەت ھەق، دەۋزەخ ھەق دەپ بىلسەڭ، مىنى شېھىد بولۇشۇمدىن توسۇپ قويما دېدى. مەن ئۇنى يولىغا قويىۋەتتىم، ئۇ ئابدۇررەھمان پەزارىيغا ئۇچۇرشۇپ، ئۇنىڭ ئېتىنى ئۆلتۈرىۋەتتى، ئابدۇررەھمان ئۇنىڭغا نەيزە سانجىپ ئۇنى ئۆلتۈرىۋەتتى، ئاندىن ئۇنىڭ ئېتىغا مىنمەكچى بولغاندا ئۇلاردىن ئەبۇقەتادەرەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئابدۇررەھمان پىزارىيغا يىتىشىۋېلىپ ئۇنى ئۆلتۈردى، الله بىلەن قەسەمكى، مەن ئۇلارنى پىيادە قوغلاپ كىتىۋاتاتتىم، ئارقامغا قارىسام، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ساھابىللىرىدىن ھېچ بىر كىشىنى كۆرمىدىم، ھەتتا چاڭ ـ تۇزانمۇ يوق. ئۇلار كۈن پېتىش تەرەپتىكى زىي قەرەد دېيىلىدىغان قۇدۇقنىڭ قېشىغا سۇ ئىچىش ئۈچۈن قەرىلىپ ماڭدى، ئۇلار بەكلا ئۇسساپ كەتكەن ئىدى، مەن ئۇلارنى توسىۋېلىپ، بىر تېمىممۇ سۇ ئىچكىلى قويمىدىم، ئۇلار تاغنىڭ چىقىش ئېغىزىغا قاراپ قاتتىق يۈرۈش قىلدى، مەن ئۇلارنى قوغلاپ ئۇلاردىن بىركىشىگە يىتىشىۋېلىپ، ئۇنىڭ تاغىقىنىڭ ئۇچىدىن ئوق ئاتسام، ئوق ئۇنىڭ كۆكسىدىن تىشىپ چىقتى، ئاندىن مەن: مەن ئەكۋەئىنىڭ ئوغلى، بۈگۈن بولسا، ھالاكەتنىڭ كۈنى، كىمنىڭ نوچىلىقى ئاشكارا بولىدىغان كۈندۇر، بۇ ئوقنى ساڭا سوغا قىلاي بۇنى ئالغىن دەپ، مەن ئۇلارغا ئۇزمەي ئوق ئېتىپ، ئۇلارنى ئۆلتۈردۇم، ئاندىن ئۇ: ھەي ئانىسى يۇقۇتۇپ قويغان گۆي! سەن ئەتىگەنكى ئىبنى ئەكۋە شۇما؟دېدى، مەن ئۇنىڭغا: ئى ئۆزىنىڭ دۇشمىنى! ھەئە، ئەتىگەنكى ئىبنى ئەكۋە مەن شۇ دېدىم، ئۇلار تاغ ئېغىزىدا ئىككى ئاتنى قالدۇرۇپ كىتىپتۇ، مەن ئۇ ئاتلارنى رەسۇلۇللاھ نىڭ قېشىغا يېتىلەپ كەلدىم، تاغام ئامىر بىر قاچىدا سۇ ئارلاشتۇرۇلغان سۈت، يەنەبىرقاچىدا سۇ ئېلىپ ئالدىمغا چىقىپتۇ، مەن تاھارەت ئېلىپ، سۈتنى ئىچىپ، رەسۇلۇللاھ نىڭ قېشىغا كەلسەم، رەسۇلۇللاھ ھېلىقى مەن ئۇلارنى سۇ ئىچىشتىن توسىۋالغان قۇدۇقنىڭ يېنىدا تۆگىللىرىنى ۋە مەن ئۇلاردىن ئولجا ئالغان تون، نەيزىلەردىن ئىبارەت بارلىق نەرسىلەرنى ئېلىپ تۇرۇپتۇ، بىلال تۆگىدىن بىرنى ئۆلتۈرۈپ، ئۇنىڭ جىگىرىدە ۋە لۆكسىنىڭ گۆشىدە رەسۇلۇللاھ قا كاۋاپ سېلىپ بەردى، ئاندىن مەن: ئى ئاللاھنىڭ ئەلچىسى! ئۇلار ھازىر ئۇسسۇز، ھېرىپ — چارچاپ قالدى، ئۇلارغا ھازىرلا قەۋمىدىن 100كىشىنى تاللاپ قوشۇن ئەۋەتسىلە، بۇقوشۇن بىلەن مىنىلا قويۇپ بەرسىلە، مەن بېرىپ ئۇلارنى خەۋەرچى خەۋەر يەتكۈزۈشتىن بۇرۇنلا ئۆلتۈرىۋېتەي دىسەم، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېزىق چىشلىرى كۆرۈنۈپ قالغىچە كۈلۈپ كىتىپ: ئى ئىبنى ئەكۋەئ! سەن شۇنداق قىلماپچىما؟ سەن تۆگىلەرگە ۋە30 تونغا ئىگە بولۇپسەن، چارىۋىلارنى ئۇلاردىن قايتۇرۋاپسەن، ئەمدى مېھرىبانراق بول، ئۆزۈڭنى بېسىۋالغىن، ئۇلار ھازىر بۇچاققىچە غەتەپان زىمىنىغا بېرىپ جايلىشىپ بولدى دېدى. ئاندىن غەتەپان تەرەپتىن بىركىشى كىلىپ: ئۇلارغا پالانى بىر تۆگە سويۇپ مېھمان قىلماقچى بولۇپ تېخى ئەمدىلا تۆگىنى سويۇپ تۇرىشىغا ئۇلار چاڭ ـ تۇزانلارنى

كۆرۈپ؛ۋوي ـ ۋوي!ئۇلار يەنە كەپتۇ دېيىشىپ قېچىپ كەتتى دېدى.تاڭ ئاتقاندا رەسۇلۇللاھ:بۈگۈن ئاتلىق قوشۇنىمىزنىڭ ئەڭ ياخشىسى ئەبۇ قەتادە، ئەرلىرىمىزنىڭ، پىيادە قىسمىمىزنىڭ ئەڭ ياخشىسى سەلەمەت بولدى دەپ، ئاندىن ماڭا غەنىيمەتتىن ئىككى ئۈلۈش نىسىۋە بەردى، يەنى ئاتلىق كىشىنىڭ ۋە پىيادە ئەسكەرنىڭ ئىككى ئۈلۈش نىسىۋىسىنى ماڭا جۇغلاپ بەردى، ئاندىن مەدىينىگە قايتقىچە، مىنى ئەزبائ دېگەن تۈگىسىنىڭ ئارقىسىغا مىندۈرۈۋالدى. بىز سەيىر قىلىپ كېتىۋاتساق ئەنسارلاردىن بىركىشى كىم مەن بىلەن مۇسابىقىلىشىدۇ؟دەۋەردى، ئاندىن مەن رەسۇلۇللاھ نىڭ رۇخسىتىنى ئېلىپ، ئۇنىڭ بىلەن پىيادە يۈگۈرۈشۈپ مۇسابىقىلىشىپ، مەدىينىگە كەلگىچە ئۇنى مۇسابىقىدە يېڭىۋالدىم، بىز ئۈچ كۈن تۇرۇپلا يەنە خەيبەرگە ئۇرۇشقا ئاتلاندۇق، بىز خەيبەرگە كېچىسى ماڭدۇق.........ـ بۇھەدىس يۇقىردا ئۆتتى ـ ...تاغام ئامىر ھېلىقى يەنى يۇقىرىدىكى شېئىر ـ بېيىتلارنى ئوقۇدى، رەسۇلۇللاھ ئۇنىڭغا مەغپىرەت سورىدى، رەسۇلۇللاھ كىمگە مەغپىرەت سورىسا، ئۇ شېھىد بولاتتى. يۇقىرقى ھەدىستە بىز ئۇنىڭدىن ئۇبدانلا پايدىلىنىپ يول يۈرۈۋاتاتتۇق دېگىنى ئۆمەر ئىدى. خەيبەرگە بارغاندا ئۇلارنىڭ باشلىقى مەرھەب جەڭگە چىقتى، ئۇنىڭغا تاغام ئامىر چىقىپ، ئاندىن شۇقىتىملىق جەڭدە ئۆزىنىڭ قىلىچى ئۆزىگە تېگىپ شېھىد بولدى. بۇقېتىمقى خەيبەر ئۇرىشىدا رەسۇلۇللاھ بايراقنى ئەلىيگە بەردى، ئەلى مەرھەبنى ئۆلتۈردى، بىز بۇجەڭدە غەلبىقىلدۇق. مۇسلىم . بۇخارى 2814 ـــ ھەدىس، سەھىھ.

حَدّثَنَا يَزِيدُ بْنُ هَرُونَ. أَخْبَرَنَا حَمّادُ بْنُ سَلَمَةَ عَنْ ثَابِتٍ، عَنْ أَنَس بْنِ مَالِكٍ أَنّ ثَمَانِينَ رَجُلاً مِنْ أَهْلِ مَكّةَ هَبَطُوا عَلَىَ رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم مِنْ جَبَلِ التّنْعِيمِ مُتَسَلّحِينَ. يُرِيدُونَ غِرّةَ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم وَأَصْحَابِهِ. فَأَخَذَهُمْ سَلْماً. فَاسْتَحْيَاهُمْ. فَأَنْزَلَ اللّهُ عَزّ وَجَلّ: {وَهُوَ الّذِي كَفّ أَيْدِيَهُمْ عَنْكُمْ وَأَيْدِيَكُمْ عَنْهُمْ بِبَطْنِ مَكّةَ مِنْ بَعْدِ أَنْ أَظْفَرَكُمْ عَلَيْهِمْ} (48الفتح الآية: 24).

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، (ھۇدەيبىيە يىلى) مەككە ئەھلىدىن 80 نەپەركىشى تەنئىم تېغىدىن قۇرال ئاسقان ھالدا رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە قارشى چۈشۈپ، (ئىبنى زۇنەيىمنى ئۆلتۈرۈپ) رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنى ۋە ساھابىللىرىنى غەپلەتتە قالدۇرۇپ، تۇيۇقسىز ئۆلتۈرمەكچى بولدۇ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇلارنى تەسلىم قىلدۇرۇپ ھايات ئەسىر ئالدۇ، ئاندىن ئۇلارنى ھايات قالدۇرۇپ ئازاد قىلىۋېتىدۇ، ئاندىن الله تائالا مۇنۇ ئايەتنى نازىل قىلدىدۇ:« الله ئۇلارنى سىلەرگە قول سېلىشتىن توستى ھەمدە ئۇلار ئۈستىدىن غەلىبە قىلغىنىڭلاردىن كېيىن، مەككىنىڭ ئىچىدە (يەنى ھۇدەيبىيەدە) سىلەرنى ئۇلارغا قول سېلىشتىن توستى، الله قىلىدىغان ئىشىڭلارنى كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر.»سۈرە پەتھى 24 ـ ئايەت.

### 836 ـ باب غزوة النساء مع الرجال

### ئاياللارنىڭ ئەرلەر بىلەن بىرگە جەڭ قىلىشى توغرىسىدا

4633 ـ حدّثنا أَبُو بَكْرِ بْنُ أَبِي شَيْبَةَ. حَدّثنا يَزِيدُ بْنُ هَرُونَ. أَخْبَرَنَا حَمّادُ بْنُ سَلَمَةَ عَنْ ثَابِتٍ، عَنْ أَنَسٍ أَنّ أُمّ سُلَيْمٍ اتّخَذَتْ يَوْمَ حُنَيْنٍ خَنْجَراً. فَكَانَ مَعَهَا. فَرَآهَا أَبُو طَلْحَةَ. فَقَالَ: يَا رَسُولَ اللّهِ هَذِهِ أُمّ سُلَيْمٍ مَعَهَا خَنْجَرٌ. فَقَالَ لَهَا رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم:

«مَا هَذَا الْخِنْجَرُ؟» قَالَتْ: اتَّخَذْتُهُ. إِنْ دَنَا مِنِّي أَحَدٌ مِنَ الْمُشْرِكِينَ بَقَرْتُ بِهِ بَطْنَهُ. فَجَعَلَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم يَضْحَكُ. قَالَتْ: يَا رَسُولَ اللّهِ اقْتُلْ مَنْ بَعْدَنَا مِنَ الطّلَقَاءِ انْهَزَمُوا بِكَ. فَقَالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: «يَا أُمّ سُلَيْمٍ إِنّ اللّهَ قَدْ كَفَى وَأَحْسَنَ».

4634 ـ وَحَدّثَنِيهِ مُحَمّدُ بْنُ حَاتِمٍ. حَدّثَنَا بَهْزٌ. حَدّثَنَا حَمّادُ بْنُ سَلَمَةَ. أَخْبَرَنَا إِسْحَقُ بْنُ عَبْدِ اللّهِ بْنِ أَبِي طَلْحَةَ عَنْ أَنَسِ بْنِ مَالِكٍ فِي قِصّةِ أُمّ سُلَيْمٍ عَنِ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم. مِثْلَ حَدِيثِ ثَابِتٍ.

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمۇنداق دەيدۇ؛ ئانام ئۇممە سۇلەيىم ھۇنەيىن كۈنى يېنىغا خەنجەر ئېلىۋاپتۇ، ئۇنى ئەبۇتەلھە كۆرۈپ قېلىپ: ئى الله نىڭ ئەلچىسى! ئۇممە سۇلەيىم يېنىغا خەنجەر ئېلىۋاپتۇ،دېدى. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنىڭغا: بۇنىمە خەنجەر؟بۇنى نىمە قىلىسەن؟دېدى، ئۇ:ئەگەر ماڭا مۇشرىكلەردىن بىرەرسى يېقىن كەلسە، مەن مۇشۇ خەنجەر بىلەن ئۇنىڭ قورسىقىنى يېرىۋېتىمەن، شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ خەنجەرنى ئېلىۋالدىم دېدى. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ كۈلۈپ كەتتى، ئاندىن ئۇ: ئى الله نىڭ ئەلچىسى! سىلى مەككىنى پەتھى قىلغان كۈنى ئازاد قىلىپ قويىۋەتكەن كىشىلەردىن تەركىب تاپقان ئەسكەرلەرنىڭ دۈشمەندىن يېڭىلىپ سىلى بىرنى تاشلاپ قويۇپ قاچقانلىرنى ئۆلتۈرسىلە دېدى. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: ئى ئۇممە سۇلەيىم! ھەممىگە الله ئەڭ ياخشى كۇپايە، الله بەكمۇياخشىلىق قىلدى دېدى.

4635 ـ حدّثنا يَحْيَىَ بْنُ يَحْيَىَ. أَخْبَرَنَا جَعْفَرُ بْنُ سُلَيْمَانَ عَنْ ثَابِتٍ، عَنْ أَنَسِ بْنِ مَالِكٍ قَالَ: كَانَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم يَغْزُو بِأُمّ سُلَيْمٍ. وَنِسْوَةٌ مِنَ الأَنْصَارِ مَعَهُ إِذَا غَزَا. فَيَسْقِينَ الْمَاءَ وَيُدَاوِينَ الْجَرْحَى.

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇممە سۇلەيىمنى ۋە ئەنسارلاردىن بىر تۈركۈم ئاياللارنى ئۆزى بىلەن بىللە ئېلىۋېلىپ غازات جەڭ قىلغان ئىدى، ئەرلەر جەڭ قىلسا، ئاياللار سۇ توشۇيتتى، يارادارلارنى داۋالايتتى.

4636 ـ حدّثنا عَبْدُ اللّهِ بْنُ عَبْدِ الرّحْمَنِ الدّارمِيّ. حَدّثَنَا عَبْدُ اللّهِ بْنُ عَمْرٍو (وَهُوَ أَبُو مَعْمَرٍ الْمِنْقَرِيّ). حَدّثَنَا عَبْدُ الْوَارِثِ. حَدّثَنَا عَبْدُ الْعَزِيزِ (وَهُوَ ابْنُ صُهَيْبٍ) عَنْ أَنَسِ بْنِ مَالِكٍ قَالَ: لَمّا كَانَ يَوْمُ أُحُدٍ انْهَزَمَ نَاسٌ مِنَ النّاسِ عَنِ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم. وَأَبُو طَلْحَةَ بَيْنَ يَدَيِ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم مُجَوّبٌ عَلَيْهِ بِحَجَفَةٍ. قَالَ: وَكَانَ أَبُو طَلْحَةَ رَجُلاً رَامِياً شَدِيدَ النّزْعِ. وَكَسَرَ يَوْمَئِذٍ قَوْسَيْنِ أَوْ ثَلاَثاً. قَالَ: فَكَانَ الرّجُلُ يَمُرّ مَعَهُ الْجَعْبَةُ مِنَ النّبْلِ. فَيَقُولُ: انْثُرْهَا لأَبِي طَلْحَةَ. قَالَ: وَيُشْرِفُ نَبِيّ اللّهِ صلى الله عليه وسلم يَنْظُرُ إِلَى الْقَوْمِ. فَيَقُولُ أَبُو طَلْحَةَ: يَا نَبِيّ اللّهِ بِأَبِي أَنْتَ وَأُمّي لاَ تُشْرِفْ لاَ يُصِبْكَ سَهْمٌ مِنْ سِهَامِ الْقَوْمِ. نَحْرِي دُونَ نَحْرِكَ. قَالَ: وَلَقَدْ رَأَيْتُ عَائِشَةَ بِنْتَ أَبِي بَكْرٍ وَأُمّ سُلَيْمٍ وَإِنّهُمَا لَمُشَمّرَتَانِ. أَرَىَ خَدَمَ سُوقِهِمَا. تَنْقُلاَنِ الْقِرَبَ عَلَى مُتُونِهِمَا. ثُمّ تُفْرِغَانِهِ فِي أَفْوَاهِهِمْ. ثُمّ تَرْجِعَانِ فَتَمْلآنِهَا. ثُمّ تَجِيئَانِ تُفْرِغَانِهِ فِي أَفْوَاهِ الْقَوْمِ. وَلَقَدْ وَقَعَ السّيْفُ مِنْ يَدَيْ أَبِي طَلْحَةَ إِمّا مَرّتَيْنِ وَإِمّا ثَلاَثاً، مِنَ النّعَاسِ.

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، ئۇھۇد كۈنى بولغاندا كىشلەر ئۇرۇشتا كاپىرلارتەرىپىدىن مەغلۇپ قىلىنىپ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم يالغۇز قالدى، ئەبۇتەلھە رەسۇلۇللاھ نىڭ ئالدىدا تۇرۇپ، (كاپىرلارنىڭ قۇراللىرى، ئوقلىرى رەسۇلۇللاھ قا تەگمەسلىكى ئۈچۈن) قالقان بىلەن توسۇپ رەسۇلۇللاھ نى قوغدىدى. ئۇ قاتتىق مەرگەن ئىدى. شۇكۈنى ئۇ ئىككى ئۈچ ياچاقنى سۇندۇرۋەتتى. ئۇنىڭ يېنىدىن ئوقدانىدا يا ئوقى باركىشى ئۆتۈپ قالسلا، رەسۇلۇللاھ ئۇنىڭغا: ئوقلىرىڭنى ئەبۇتەلھەگە تاشلاپ بىرىپ ماڭ دەيتتى، رەسۇلۇللاھ

قەۋمگە قاراش ئۈچۈن بوينىنى سوزىدى، ئاندىن ئەبۇتەلھە: ئى الله نىڭ پەيغەمبىرى!ئاتا ـ ئانام سىلىگە پىدا بولسۇن، كاپىرلارنىڭ ئوقى سىلىگە تېگىپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن ئۇلارغا بويۇنلىرىنى سوزىمىسىلا، مىنىڭ كۆكسىم سىلىنىڭ كۆكسىلىرى ئالدىدا تۇرسۇن، جېنىم سىلىگە پىدادۇر، دېدى. مەن شۇكۈنى ئائىشە رەزىيەاللە ئەنھابىلەن ئانام ئۇممە سۇلەيمنى كۆردۈم، ئۇلار ئىشتانلىرىنىڭ پاچىقىنى تۈرۈپ قويۇپ، ـ مەن تۇيۇقسىزلا ئۇلارنىڭ پاچىقىدىكى خەلخالنى كۆرۈپ قالدىم ـ تۇلۇمنى ئۈچىسىغا مۈرىلىرىگە ئارتىپ، سۇ توشۇپ، سۇنى ئۇلارنىڭ ئېغىزلىرىغا قۇياتتى، ئاندىن قايتىپ بېرىپ، يەنە تۇلۇمنى لىق توللاپ سۇ ئېكىلىپ ئۇلارنىڭ ئېغىزلىرىغا قۇياتتى. شۇكۈنى ئەبۇتەلھەنى مۈگە باسقانلىقتىن قىلىچ ئۇنىڭ قولىدىن ئىككى ئۈچ قېتىم چۈشۈپ كەتتى.

### 837 ـ باب النساء الغازيات يرضخ لهن ولا يسهم. والنهي عن قتل صبيان أهل الحرب

### غازى ئاياللارغا غەنىيمەتتىن نىسۋە بەرمەستىن ئازراق نەرسە بېرىش، كىچىك باللارنى ئۆلتۈرمەسلىك توغرىسىدا

4830 ـ وحدّثنا أَبُو بَكْرِ بْنُ أَبِي شَيْبَةَ وَ إِسْحَقُ بْنُ إِبْرَاهِيمَ وَ زُهَيْرُ بْنُ حَرْبٍ (وَاللّفْظُ لأَبِي بَكْرٍ وَإِسْحَقَ) (قَالَ إِسْحَقُ: أَخْبَرَنَا. وَقَالَ الآخَرَانِ: حَدّثنَا الْمُقْرِىءُ عَبْدُ اللّهِ بْنُ يَزِيدَ) عَنْ سَعِيدِ بْنِ أَبِي أَيّوبَ حَدّثنِي شُرَحْبِيلُ بْنُ شَرِيكٍ الْمَعَافِرِيّ عَنْ أَبِي عَبْدِ الرّحْمَنِ الْحُبُلِيّ قَالَ: سَمِعْتُ أَبَا أَيّوبَ يَقُولُ: قَالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: «غَدْوَةٌ فِي سَبِيلِ اللّهِ أَوْ رَوْحَةٌ، خَيْرٌ مِمّا طَلَعَتْ عَلَيْهِ الشّمْسُ وَغَرَبَتْ».

4831 ـ حدّثني مُحَمّدُ بْنُ عَبْدِ اللّهِ بْنِ قُهْزَاذَ. حَدّثنَا عَلِيّ بْنُ الْحَسَنِ عَنْ عَبْدِ اللّهِ بْنِ الْمُبَارَكِ. أَخْبَرَنَا سَعِيدُ بْنُ أَبِي أَيّوبَ وَ حَيْوَةُ بْنُ شُرَيْحٍ. قَالَ كُلّ وَاحِدٍ مِنْهُمَا: حَدّثنِي شُرَحْبِيلُ بْنُ شَرِيكٍ عَنْ أَبِي عَبْدِ الرّحْمَنِ الْحُبُلِيّ أَنّهُ سَمِعَ أَبَا أَيّوبَ الأَنْصَارِيّ يَقُولُ: قَالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم، بِمِثْلِهِ سَوَاءً.

ئەنەس، سەھلى ئىبنى سەئىد ،ئەبۇ ھۇرەيرە، ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملاردىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاللاھ يولىدا جىھاد ئۈچۈن ئەتىگەن يا كەچتە بىرېپ كېلىش، تەييارلىق قىلىش، دۇنيادىن ۋە دۇنيانىڭ ئىچىدىكى بارلىق نەرسىلەردىن ياخشىراقتۇر، بەيھەقى، بۇخارى،مۇسلىم، تىرمىزى، نەسەئى، مۇسلىم، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ. ئەبۇ ئەييۇب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاللاھ يولىدا ئەتىگەن ـ ئاخشام بېرىش، يەنى جەڭ قىلىش، ئۆزىنىڭ ئۈستىگە كۈن چىققان ۋە كۈن كىرگەن بارلىق نەرسىلەردىن يەنى دۇنيا، دۇنيانىڭ ئىچىدىكى نەرسىلەردىن ياخشىراقتۇر، ئەھمەد، مۇسلىم، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ. چۈنكى، جىھاددا شېھىدلىك بار، غەلىبە، غەنىيمەت بار، ساۋاب، ئەجىر بار، ئاللاھنىڭ مۇھەببىتى دوستلىقى بار، گۇناھلارنىڭ كەچۈرۈلۈشى، مەغپىرەت قىلىنىش، ۋە شاپائەت قىلىشلار باردۇر.

### 871 ـ باب بيان ما أعده الله تعالى للمجاهد في الجنة من الدرجات جەننەتتە تەييارلانغان مۇكاپات دەرىجىللىرى

4832 ـ حدّثنا سَعِيدُ بْنُ مَنْصُورٍ. حَدّثنَا عَبْدُ اللّهِ بْنُ وَهْبٍ. حَدّثنِي أَبُو هَانِىءٍ الْخَوْلاَنِيّ عَنْ أَبِي عَبْدِ الرّحْمَنِ الْحُبُلِيّ، عَنْ أَبِي سَعِيدٍ الْخُدْرِيّ أَنّ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم قَالَ: «يَا أَبَا سَعِيدٍ مَنْ رَضِيَ بِاللّهِ رَبّاً، وَبِالإِسْلاَمِ دِيناً، وَبِمُحَمّدٍ نَبِيّاً، وَجَبَتْ لَهُ الْجَنّةُ» فَعَجِبَ لَهَا أَبُو سَعِيدٍ. فَقَالَ: أَعِدْهَا عَلَيّ. يَا رَسُولَ اللّهِ فَفَعَلَ. ثُمّ قَالَ: «وَأُخْرَى يُرْفَعُ بِهَا الْعَبْدُ مِائَةَ دَرَجَةٍ فِي الْجَنّةِ. مَا بَيْنَ كُلّ دَرَجَتَيْنِ كَمَا بَيْنَ السّمَاءِ وَالأَرْضِ» قَالَ: وَمَا هِيَ؟ يَا رَسُولَ اللّهِ قَالَ: «الْجِهَادُ فِي سَبِيلِ اللّهِ. الْجِهَادُ فِي سَبِيلِ اللّهِ».

## سەھىھ مۇسلىمنىڭ تەرجىمىسى

ئەبۇ سەئىدىلخۇدرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئى ئەبۇ سەئىد! كىم ئاللاھقا رەب جەھەتتىن رازى بولسا، ئىسلامغا دىن جەھەتتىن رازى بولسا، مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە پەيغەمبەر جەھەتتىن رازى بولسا، ئۇ كىشىگە جەننەت ۋاجىپ بولىدۇ، ئۇ جەننەتكە ھەقلىق بولىدۇ، ئەبۇسەئىد رەزىيەللاھۇئەنھۇ بۇسۆزگە ئەجەپلىنىپ كىتىپ؛ ئى **الله** نىڭ ئەلچىسى! بۇسۆزنى ماڭا يەنە بىر قېتىم قايتىلاپ بەرسىلە دېدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ؛ئۇ سۆزنى ئۇنىڭغا قايتىلاپ بېرىپ؛ لېكىن، يەنە بىر ئىش باربولۇپ، **الله** تائالا بەندىگە شۇ ئىش سەۋەبلىك جەننەتتە 100 دەرىجە يۇقىر كۆتۈرىدۇ، ھەر ئىككى دەرىجىنىڭ ئارىلىقى خۇددى ئاسمان ــ زىمىنىنىڭ ئارىلىقىدەك چوڭدۇر،دېدى. ئەبۇسەئىد رەزىيەللاھۇئەنھۇ ؛ ئى **الله** نىڭ ئەلچىسى!ئۇقانداق ئىش؟دېۋىدى، رەسۇلۇللاھ؛ ئۇ ئىش بولسا، ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلىش، ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلىشتۇر!...... دېدى. ئەھمەد، مۇسلىم، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

### *872 ـ باب من قتل في سبيل الله كفرت خطاياه، إلا الدّين*

**4833 ـ حدّثنا قُتَيْبَةُ بْنُ سَعِيدٍ. حَدّثَنَا لَيْثٌ عَنْ سَعِيدِ بْنِ أَبِي سَعِيدٍ، عَنْ عَبْدِ اللّهِ بْنِ أَبِي قَتَادَةَ، عَنْ أَبِي قَتَادَةَ أَنّهُ سَمِعَهُ يُحَدّثُ عَنْ رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم أَنّهُ قَامَ فِيهِمْ فَذَكَرَ لَهُمْ: «أَنّ الْجِهَادَ فِي سَبِيلِ اللّهِ وَالإِيمَانَ بِاللّهِ أَفْضَلُ الأَعْمَالِ» فَقَامَ رَجُلٌ فَقَالَ: يَا رَسُولَ اللّهِ أَرَأَيْتَ إِنْ قُتِلْتُ فِي سَبِيلِ اللّهِ تُكَفّرُ عَنّي خَطَايَايَ؟ فَقَالَ لَهُ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: «نَعَمْ. إِنْ قُتِلْتَ فِي سَبِيلِ اللّهِ. وَأَنْتَ صَابِرٌ مُحْتَسِبٌ، مُقْبِلٌ غَيْرُ مُدْبِرٍ» ثُمّ قَالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: «كَيْفَ قُلْتَ؟» قَالَ: أَرَأَيْتَ إِنْ قُتِلْتُ فِي سَبِيلِ اللّهِ أَتُكَفّرُ عَنّي خَطَايَايَ؟ فَقَالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: «نَعَمْ. وَأَنْتَ صَابِرٌ مُحْتَسِبٌ، مُقْبِلٌ غَيْرُ مُدْبِرٍ. إِلاّ الدّيْنَ. فَإِنّ جِبْرِيلَ، عَلَيْهِ السّلاَمُ، قَالَ لِي ذَلِكَ».**

**4834 ـ حدّثنا أَبُو بَكْرِ بْنُ أَبِي شَيْبَةَ وَ مُحَمّدُ بْنُ الْمُثَنّى. قَالاَ: حَدّثَنَا يَزِيدُ بْنُ هَرُونَ. أَخْبَرَنَا يَحْيَىَ (يَعْنِي ابْنَ سَعِيدٍ) عَنْ سَعِيدِ بْنِ أَبِي سَعِيدٍ الْمَقْبُرِيّ، عَنْ عَبْدِ اللّهِ بْنِ أَبِي قَتَادَةَ، عَنْ أَبِيهِ قَالَ: جَاءَ رَجُلٌ إِلَىَ رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم. فَقَالَ: أَرَأَيْتَ إِنْ قُتِلْتُ فِي سَبِيلِ اللّهِ؟ بِمَعْنَىَ حَدِيثِ اللّيْثِ.**

**4835 ـ وحدّثنا سَعِيدُ بْنُ مَنْصُورٍ. حَدّثَنَا سُفْيَانُ عَنْ عَمْرِو بْنِ دِينَارٍ، عَنْ مُحَمّدِ بْنِ قَيْسٍ. ح قَالَ: وَحَدّثَنَا مُحَمّدُ بْنُ عَجْلاَنَ عَنْ مُحَمّدِ بْنِ قَيْسٍ، عَنْ عَبْدِ اللّهِ بْنِ أَبِي قَتَادَةَ، عَنْ أَبِيهِ، عَنِ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم يَزِيدُ أَحَدُهُمَا عَلَىَ صَاحِبِهِ: أَنّ رَجُلاً أَتَى النّبِيّ صلى الله عليه وسلم، وَهُوَ عَلَى الْمِنْبَرِ. فَقَالَ: أَرَأَيْتَ إِنْ ضَرَبْتُ بِسَيْفِي. بِمَعْنَىَ حَدِيثِ الْمَقْبُرِيّ.**

ئەبۇ قەتادە، ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇلارنىڭ ئارىسىدا تۇرۇپ، ئۇلارغا:**الله** قا ئىمان كەلتۇرۇش، **الله** يولىدىكى جىھاد ئەمەللەرنىڭ ئەڭ ئەۋزىلى دېگەندە، بىركىشى ئورنىدىن تۇرۇپ؛ ئى **الله** نىڭ ئەلچىسى! قېنى خەۋەر بەرسىلە، ئەگەر مەن **الله** يولىدا ئۆلتۈرۈلسەم، مىنىڭ بارلىق گۇناھلىرىم ئۆچۈرۈلەمدۇ؟دېدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنىڭغا؛ھەئە، ئەگەر سەن ئاللاھ يولىدا سەۋرە قىلغان، ساۋاب ئۈمىد قىلغان، ئارقاڭنى قىلىپ قاچماستىن دۈشمەنگە ئالدىڭنى قىلىپ تىك تۇرۇپ، ئۆلتۈرۈلسەڭ، يەنى شېھىد بولساڭ دەپ، ئاندىن سەن باياتىن نىمە دېدىڭ؟دېدى، ئۇكىشى؛ ئى **الله** نىڭ ئەلچىسى! قېنى خەۋەر بەرسىلە، ئەگەر مەن **الله** يولىدا ئۆلتۈرۈلسەم، مىنىڭ بارلىق گۇناھلىرىم ئۆچۈرۈلەمدۇ؟دېدىم دېدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى

ۋەسەللەم ئۇنىڭغا؛ھەئە، ئەگەر سەن ئاللاھ يولىدا سەۋرە قىلغان، ساۋاب ئۈمىد قىلغان، ئارقاڭنى قىلىپ قاچماستىن دۈشمەنگە ئالدىڭنى قىلىپ تىك تۇرۇپ، ئۆلتۈرۈلسەڭ، يەنى شېھىد بولساڭ ، ئاللاھ سەندىن قەرزىڭدىن باشقا بارلىق خاتالىقلىرىڭنى، گۇناھلىرىڭنى ئۆچۈرىۋېتىدۇ، ئەمما، قەرزىڭ يەنى كىشىلەر ھەققى قىلىپ قالىدۇ، ماڭا جىبرىئىل تېخى باياتىن شۇنداق دىگەن ئىدى،دىدى. ئەھمەد، مۇسلىم، تىرمىزى، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

**4836 ـ حدّثنا زَكَرِيّاءُ بْنُ يَحْيَى بْنِ صَالِحِ الْمِصْرِيّ. حَدّثنَا الْمُفَضّلُ (يَعْنِي ابْنَ فَضَالَةَ) عَنْ عَيّاشٍ (وَهُوَ ابْنُ عَبّاسٍ الْقِتْبَانِيّ) عَنْ عَبْدِ اللّهِ بْنِ يَزِيدَ أَبِي عَبْدِ الرّحْمَنِ الْحُبُلِيّ، عَنْ عَبْدِاللّهِ بْنِ عَمْرِو بْنِ الْعَاص أَنّ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم قَالَ: «يُغْفَرُ لِلشّهِيدِ كُلّ ذَنْبٍ، إلاّ الدّيْنَ».**

ئىبنى ئەمرۇ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: شېھىد ئۈچۈن قەرزدىن باشقا بارلىق گۇناھلىرى مەغپىرەت قىلىنىدۇ، شېھىد بولسىمۇ قەرزى كۆتۈرۈۋېتىلمەيدۇ. ئەھمەد، مۇسلىم.

**4837 ـ وحدّثني زُهَيْرُ بْنُ حَرْبٍ. حَدّثنَا عَبْدُ اللّهِ بْنُ يَزِيدَ الْمُقْرِىءُ. حَدّثنَا سَعِيدُ بْنُ أَبِي أَيّوبَ حَدّثَنِي عَيّاشُ بْنُ عَبّاسٍ الْقِتْبَانِيّ عَنْ أَبِي عَبْدِ الرّحْمَنِ الْحُبُلِي، عَنْ عَبْدِ اللّهِ بْنِ عَمْرِو بْنِ الْعَاص أَنّ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم قَالَ «الْقَتْلُ فِي سَبِيلِ اللّهِ يُكَفّرُ كُلّ شَيْءٍ، إلاّ الدّيْنَ».**

ئىبنى ئەمرۇ، ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ئاللاھ يولىدا ئۆلتۈرۈلۈش، قەرىزدىن باشقا بارلىق خاتالىقلارغا كاپارەت بولۇپ ھەممىنى ئۆچۈرۈۋېتىدۇ، پەقەت شېھىد بولسىمۇ قەرز قېلىپ قالىدۇ، مۇسلىم، تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ، قەرىزدىن ئاللاھقا سېغىنىپ پاناھ تىلەڭلار، قەرزنى ۋاختىدا بېرىۋېتىڭلار، ئاندىن شېھىد بولۇشقا ئالدىراڭلار، ئاللاھدىن سوراڭلار، ئاللاھ بىزگە شېھىد دەرىجىسىنى بەرسۇن، ئامىن!

***873 ـ باب بيان أن أرواح الشهداء في الجنة. وأنهم أحياء عند ربهم يرزقون***

**4838 ـ حدّثنا يَحْيَى بْنُ يَحْيَىَ وَ أَبُو بَكْرِ بْنُ أَبِي شَيْبَةَ. كِلاَهُمَا عَنْ أَبِي مُعَاوِيَةَ. ح وَحَدّثنَا إِسْحَقُ بْنُ إِبْرَاهِيمَ. أَخْبَرَنَا جَرِيرٌ وَ عِيسَى بْنُ يُونُسَ. جَمِيعاً عَنِ الأَعْمَشِ. ح وَحَدّثنَا مُحَمّدُ بْنُ عَبْدِ اللّهِ بْنِ نُمَيْرٍ (وَاللّفْظُ لَهُ). حَدّثنَا أَسْبَاطٌ وَ أَبُو مُعَاوِيَةَ. قَالاَ: حَدّثنَا الأَعْمَشُ عَنْ عَبْدِ اللّهِ بْنِ مُرّةَ، عَنْ مَسْرُوقٍ قَالَ: سَأَلْنَا عَبْدَ اللّهِ (هُوَ ابْنُ مَسْعُودٍ) عَنْ هَذِهِ الآيَةِ: {وَلاَ تَحْسَبَنّ الّذِينَ قُتِلُوا فِي سَبِيلِ اللّهِ أَمْوَاتاً بَلْ أَحْيَاءٌ عِنْدَ رَبّهِمْ يُرْزَقُونَ} (3آل عمران الآية: 961) قَالَ: أَمَا إِنّا قَدْ سَأَلْنَا عَنْ ذَلِكَ. فَقَالَ: «أَرْوَاحُهُمْ فِي جَوْفِ طَيْرٍ خُضْرٍ. لَهَا قَنَادِيلُ مُعَلّقَةٌ بِالْعَرْشِ تَسْرَحُ مِنَ الْجَنّةِ حَيْثُ شَاءَتْ. ثُمّ تَأْوِي إِلَى تِلْكَ الْقَنَادِيلِ. فَاطّلَعَ إِلَيْهِمْ رَبّهُمُ اطّلاَعَةً. فَقَالَ: هَلْ تَشْتَهُونَ شَيْئاً؟ قَالُوا: أَيّ شَيْءٍ نَشْتَهِي؟ وَنَحْنُ نَسْرَحُ مِنَ الْجَنّةِ حَيْثُ شِئْنَا. فَفَعَلَ ذَلِكَ بِهِمْ ثَلاَثَ مَرّاتٍ. فَلَمّا رَأَوْا أَنّهُمْ لَنْ يُتْرَكُوا مِنْ أَنْ يُسْأَلُوا، قَالُوا: يَا رَبّ نُرِيدُ أَنْ تَرُدّ أَرْوَاحَنَا فِي أَجْسَادِنَا حَتّى نُقْتَلَ فِي سَبِيلِكَ مَرّةً أُخْرَى. فَلَمّا رَأَى أَنْ لَيْسَ لَهُمْ حَاجَةٌ تُرِكُوا».**

مەسرۇق رەھ : بىز ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، «سىلەر الله يولىدا ئۆلتۈرۈلگەنلەرنى ئۆلۈك دەپ گۇمان قىلماڭلار،بەلكى ئۇلار رەببىنىڭ دەرگاھىدا تىرىكتۇر، ئۇلارغا رىزق بېرىلىپ تۇرىدۇ»دىگەن ئايەت توغرىسىدا سورساق، ئۇ:بىزمۇ شۇئايەت توغرىسىدا رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم دىن سورساق مۇنداق دىگەن: ھەققەتەن شېھىدلارنىڭ روھلىرى، يېشىل قۇشنىڭ پوكانلىرىدا بولىدۇ، بۇ قۇشلارنىڭ قەپەزلىرى ئەرشى تەھتىدە ئېسىقلىق تۇرىدۇ، قۇشلار بىلەن ئۇ روھ جەننەتنىڭ خالىغان يېرىدە يايراپ، ئوتلاپ، ئۇچۇپ يۈرىيدۇ، ئاندىن قەپەزلىرىگە قايتىشىدۇ، رەببى ئۇلارغا ئاشكارا بولۇپ، مۇنداق دەيدۇ: يەنە بىرەر نەرسە ئارزۇ قىلامسىلەر؟ ئۇلار بىز جەننەتتە خالىغان يېرىمىزدە يايراپ، ئۇچۇپ يۈرسەك، يەنە قانداق نەرسىنى ئارزۇ ۋە ئىشتىھا قىلارمىز؟ دەيدۇ، بۇ سوئال ــ جاۋابلار ئۇلارغا ئۈچ قېتىم

قىلىنىدۇ، ئۇلار زادى بىرەر نەرسە  سورىمىغىچە تەرىك ئېتىلمەيدىغىنىنى بىلگەندە، مۇنداق دەپ سورايدۇ، ئى رەببىمىز ئاللاھ، بىز سىلىنىڭ روھلىرىمىزنى جانلىرىمىزنى، جەسەدلىرىمىزگە قايتۇرۇشلىرىنى مەخسەت قىلىمىز، دۇنياغا قايتىپ، سىلىنىڭ يوللىرىدا يەنە بىر قېتىم ئۆلتۈرۈلسەك، شېھىد بولساق دەيمىز      .  ئاللاھ ئۇلار ئۇچۇن ھېچبىر ھاجەتنىڭ يوقلىغىنى كۆرگىنىدە، ئۇلار سۇئال سوراشدىن تەرىك ئېتىلىدۇ، (ئاللاھ ئالدىن بىلىپ تۇراتتى    ،بۇنى بىزلەرگە شېھىد بولسۇن دەپ سۆزلەتتى) مۇسلىم، تىرمىزى ت، سەھىھ.

### 874 ـ باب فضل الجهاد والرباط

4839 ـ حدّثنا مَنْصُورُ بْنُ أبي مُزَاحِمٍ. حَدّثَنَا يَحْيَى بْنُ حَمْزَةَ عَنْ مُحَمّدِ بْنِ الْوَلِيدِ الزّبَيْدِيّ، عَنِ الزّهْرِيّ، عَنْ عَطَاءِ بْنِ يَزِيدَ اللّيْثِيّ، عَنْ أبي سَعِيدٍ الْخُدْرِيّ أنّ رَجُلاً أتَى النّبيّ صلى الله عليه وسلم فقالَ: أيّ النّاس أفْضَلُ؟ فقالَ: «رَجُلٌ يُجَاهِدُ فِي سَبِيلِ اللّهِ بِمَالِهِ وَنَفْسِهِ» قالَ: ثُمّ مَنْ؟ قالَ: «مُؤْمِنٌ فِي شِعْبٍ مِنَ الشّعَابِ، يَعْبُدُ اللّهَ رَبّهُ، وَيَدَعُ النّاسَ مِنْ شَرّهِ».

4840 ـ حدّثنا عَبْدُ بْنُ حُمَيْدٍ. أخْبَرَنَا عَبْدُ الرّزّاقِ. أخْبَرَنَا مَعْمَرٌ عَنِ الزّهْرِيّ، عَنْ عَطَاءِ بْنِ يَزِيدَ اللّيْثِيّ، عَنْ أبي سَعِيدٍ قالَ: قالَ رَجُلٌ: أيّ النّاسِ أفْضَلُ؟ يَارَسُولَ اللّهِ قالَ: «مُؤْمِنٌ يُجَاهِدُ بِنَفْسِهِ وَمَالِهِ فِي سَبِيلِ اللّهِ» قالَ: ثُمّ مَنْ؟ قالَ: «ثُمّ رَجُلٌ مُعْتَزِلٌ فِي شِعْبٍ مِنَ الشّعَابِ. يَعْبُدُ رَبّهُ وَيَدَعُ النّاسَ مِنْ شَرّهِ».

4841 ـ وحدّثنا عَبْدُ اللّهِ بْنُ عَبْدِ الرّحْمَنِ الدّارِمِيّ. أخْبَرَنَا مُحَمّدُ بْنُ يُوسُفَ عَنِ الأوْزَاعِيّ، عَنِ ابْنِ شِهَابٍ بِهَذَا الإِسْنَادِ. فَقَالَ «وَرَجُلٌ فِي شِعْبٍ» وَلَمْ يَقُلْ «ثُمّ رَجُلٌ».

ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: كىشلەرنىڭ ئەڭ ئەۋزىلى، ئاللاھ يولىدا مېلى بىلەن جېنى بىلەن جەڭ قىلغان مۆئمىندۇر، ئاندىن قالسا، تاغلاردىن بىر تاغ، ئۆڭكۈردە ئۆزىنىڭ يامانلىقىدىن كىشلەرنى خاتىرجەم، ئەمىن قىلىپ قالدۇرغان، ئاللاھقا تەقۋالىق بىلەن ئىبادەت قىلىپ ئۆتكەن زاھىد مۆئمىندۇر، ئەھمەد، بەيھەقى، تىرمىزى، نەسەئى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

4842 ـ حدّثنا يَحْيَى بْنُ يَحْيَى التّمِيمِيّ. حَدّثَنَا عَبْدُ الْعَزِيزِ بْنُ أبي حَازِمٍ عَنْ أبِيهِ، عَنْ بَعْجَةَ، عَنْ أبي هُرَيْرَةَ، عَنْ رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم أنّهُ قالَ: «مِنْ خَيْرِ مَعَاشِ النّاسِ لَهُمْ، رَجُلٌ مُمْسِكٌ عِنَانَ فَرَسِهِ فِي سَبِيلِ اللّهِ. يَطِيرُ عَلَى مَتْنِهِ. كُلّمَا سَمِعَ هَيْعَةً أوْ فَزْعَةً طَارَ عَلَيْهِ. يَبْتَغِي الْقَتْلَ وَالْمَوْتَ مَظَانّهُ. أوْ رَجُلٌ فِي غُنَيْمَةٍ فِي رَأسِ شَعَفَةٍ مِنْ هَذِهِ الشّعَفِ. أوْ بَطْنِ وَادٍ مِنْ هَذِهِ الأوْدِيَةِ. يُقِيمُ الصّلاَةَ وَيُؤْتِي الزّكَاةَ. وَيَعْبُدُ رَبّهُ حَتّى يَأتِيَهُ الْيَقِينُ. لَيْسَ مِنَ النّاسِ إلاّ فِي خَيْرٍ».

4843 ـ وحدّثناه  قُتَيْبَةُ بْنُ سَعِيدٍ عَنْ عَبْدِ الْعَزِيزِ بْنِ أبي حَازِمٍ، وَ يَعْقُوبُ (يَعْنِي ابْنَ عَبْدِ الرّحْمَنِ الْقَارِيّ). كِلاَهُمَا عَنْ أبي حَازِمٍ بِهَذَا الإِسْنَادِ، مِثْلَهُ. وَقالَ: عَنْ بَعْجَةَ بْنِ عَبْدِ اللّهِ بْنِ بَدْرٍ. وَقالَ «فِي شِعْبَةٍ مِنْ هَذِهِ الشّعَابِ» خِلاَفَ رِوَايَةِ يَحْيَى.

4844 ـ وحدّثناه  أبُو بَكْرِ بْنُ أبي شَيْبَةَ وَ زُهَيْرُ بْنُ حَرْبٍ وَ أبُو كُرَيْبٍ. قالُوا: حَدّثَنَا وَكِيعٌ عَنْ أُسَامَةَ بْنِ زَيْدٍ، عَنْ بَعْجَةَ بْنِ عَبْدِ اللّهِ الْجُهَنِيّ، عَنْ أبي هُرَيْرَةَ، عَنِ النّبيّ صلى الله عليه وسلم بِمَعْنَى حَدِيثِ أبي حَازِمٍ عَنْ بَعْجَةَ. وَقالَ«فِي شِعْبٍ مِنَ الشّعَابِ».

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: كىشلەرنىڭ ئىككى ئالەمدە تۇرمۇشى ئەڭ ياخشى، بەختلىك بولىدىغىنى، مۇنۇ ئىككى كىشىدۇر، بىرى، الله يولدا ئېتىنىڭ يۈگىنىنى تۇتۇپ تۇرىدۇ، ھەر قاچان دۈشمەن كەلگىنىنى ئاڭلىسا ياكى دۈشمەن تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلغاندىكى قورقۇنۇشلۇق خەۋەرنى ئاڭلىسا، دەرھال شۇ تەرەپكە ئات سېلىپ، ئات ئۇستىدە ئۇچقاندەك يېتىپ بارىدۇ، ئۇ، ئاللاھ يولىدا ئۆلتۈرۈلۈشنى ياكى ئۆلۈپ كېتىشنى ئۈمىد قىلىپ، ئۆلۈمنىڭ ئېشەنچىلىك مەيدانىنى تەلەپ قىلىدۇ، يەنە بىرسى بولسا، مۇشۇ تاغنىڭ چوققىلىرىدىن بىر تاغ چوققىسىدا ياكى بىرەر يايلاق، يېزىلاردا بىر بۆلەك قوينى بېقىپ، تۇرمۇشنى قامداپ، ئۆلۈم كەلگەنگە قەدەر شۇ

جايدا ناماز ئوقۇپ، زاكات بېرىپ، رەببىگە ئىبادەت قىلىپ ياشايدۇ، ئۇ كىشىلەر ئارىسىدا ئەڭ ياخشى ھەم ياخشىلىقتىكى كىشىدۇر. مۇسلىم 3503 _ ھەدىس، ئىبنى ماجە 3967 _ ھەدىس. سەھىھ. بۇ ھەدىسىدىن ئاۋام خەلق زاكاتنى ئۆزلىرى، پېقىر، مىسكىنلەرگە بېرىپ، بىر تەرەپ قىلسا بولۇدۇ. ئىلىم، ئىبادەت بىلەنلا زاھىد بولۇپ ئۆتسە، دۇرۇس بولۇشى چىقىدۇ، ئۇنىدىن باشقا ئەڭ ياخشى، ئەۋزەل يول جىھاد قىلىشتۇر، يول ئاشۇ ئىكىكىدۇر.

## 875 ـــــ باب بيان الرجلين يقتل أحدهما الآخر، يدخلان الجنة

### ئاللاھتائالانىڭ بىرسى يەنە بىرسىنى ئۆلتۈرۈپ ھەر ئىككىلىسى جەننەتكە كىرگەن ئىككى كىشىدىن كۈلۈپ كېتىشى

**4845 ـ4846 ـ حدّثنا مُحَمّدُ بْنُ أبي عُمَرَ الْمَكّيّ. حَدّثنَا سُفْيَانُ عَنْ أبي الزّنَادِ، عَنِ الأعْرَجِ عَنْ أبي هُرَيْرَةَ أنّ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم قالَ: «يَضْحَكُ اللّهُ إلَى رَجُلَيْنِ. يَقْتُلُ أحَدُهُمَا الآخَرَ. كِلاَهُمَا يَدْخُلُ الْجَنّةَ» فَقالُوا: كَيْفَ؟ يَا رَسُولَ اللّهِ قالَ: «يُقَاتِلُ هَذَا فِي سَبِيلِ اللّهِ عَزّ وَجَلّ فَيُسْتَشْهَدُ. ثُمّ يَتُوبُ اللّهُ عَلَى الْقَاتِلِ فَيُسْلِمُ. فَيُقَاتِلُ فِي سَبِيلِ اللّهِ عَزّ وَجَلّ فَيُسْتَشْهَدُ».**
**4847 ـ حدّثنا مُحَمّدُ بْنُ رَافِعٍ. حَدّثنَا عَبْدُ الرّزّاقِ. أخْبَرَنَا مَعْمَرٌ عَنْ هَمّامِ بْنِ مُنَبّهٍ قالَ: هَذَا مَا حَدّثنَا أبُو هُرَيْرَةَ عَنْ رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم. فَذَكَرَ أحَادِيثَ مِنْهَا: وَقَالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: «يَضْحَكُ اللّهُ لِرَجُلَيْنِ. يَقْتُلُ أحَدُهُمَا الآخَرَ. كِلاَهُمَا يَدْخُلُ الْجَنّةَ». قالُوا: كَيْفَ؟ يَا رَسُولَ اللّهِ قالَ: «يُقْتَلُ هَذَا فَيَلِــجُ الْجَنّةَ. ثُمّ يَتُوبُ اللّهُ عَلَى الآخَرِ فَيَهْدِيهِ إلَى الإسْلاَمِ. ثُمّ يُجَاهِدُ فِي سَبِيلِ اللّهِ فَيُسْتَشْهَدُ».**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاللاھتائالا، بىرسى يەنە بىرسىنى ئۆلتۈرۈپ ھەر ئىككىلىسى جەننەتكە كىرگەن ئىككى كىشىدىن كۈلۈپ كېتىدۇ، ئۇلار ئى رەسۇلۇللاھ نىمە سەۋەبتىن ھەر ئىككىلىسى جەننەتكە كىردۇ؟ دېدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم؛ بۇ بىرسى، ئاللاھ يولىدا جەڭ قىلىپ ئۆلتۈرۈلىدۇ، ئاندىن ئاللاھتائالا قاتىلنىڭ تەۋبىسىنى قوبۇل قىلىدۇ، ئۇ مۇسۇلمان بولۇپ، ئاللاھ يولىدا جەڭ قىلىپ شېھىد بولىدۇ. (خۇددى ۋەھشى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ، ھەمزە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى ئۆلتۈرۈپ، كېيىن مۇسۇلمان بولۇپ، يالغان پەيغەمبەر مۇسەيلىمەت كاززاپنى ئۆلتۈرگەندەك).بۇخارى،مۇسلىم، ئەھمەد، بەيھەقى، نەسەئى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ. بۇنداق مىساللار بەك كۆپ، ھەم شۇ ئىشلار يۈز بېرىپ تۇرىدۇ

## 876 ـ باب من قتل كافراً ثم سدّد كاپىرنى ئۆلتۈرگەن كىشىنىڭ جەننەتكە كىرىشى

**4848 ـ حدّثنا يَحْيَى بْنُ أيّوبَ وَ قُتَيْبَةُ و عَلِيّ بْنُ حُجْرٍ. قالُوا: حَدّثنَا إسْمَاعِيلُ (يَعْنُونَ ابْنَ جَعْفَرٍ) عَنِ الْعَلاَءِ، عَنْ أبِيهِ، عَنْ أبي هُرَيْرَةَ أنّ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم قالَ: «لاَ يَجْتَمِعُ كَافِرٌ وَقَاتِلُهُ فِي النّارِ أبَداً».**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كاپىر بىلەن ئۇنى ئۆلتۈرگۈچى مەڭگۈ دوۋزاختا بىرلەشمەيدۇ، (يەنى كاپىر دوۋزاختا ، ئۇنى ئۆلتۈرگەن مۇجاھىد، جەننەتكە كىرىدۇ). مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ.

**4849 ـ حدّثنا عَبْدُ اللّهِ بْنُ عَوْنٍ الْهِلاَلِيّ. حَدّثنَا أبُو إسْحَقَ الْفَزَارِيّ، عن إبْرَاهِيمُ بْنُ مُحَمّدٍ عَنْ سُهَيْلِ بْنِ أبي صَالِحٍ، عَنْ أبِيهِ عَنْ أبي هُرَيْرَةَ قالَ: قالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: «لاَ يَجْتَمِعَانِ فِي النّارِ اجْتِمَاعاً يَضُرّ أحَدُهُمَا الآخَرَ» قِيلَ: مَنْ هُمْ؟ يَا رَسُولَ اللّهِ قالَ: «مُؤْمِنٌ قَتَلَ كَافِراً ثُمّ سَدّدَ».**

### سەھىھ مۇسلىمنىڭ تەرجىمىسى

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بىرسى يەنە بىرسىگە زەرەر يەتكۈزگەن ئىككى كىشى،دوۇزاختا بىرلەشمەيدۇ: ئى رەسۇلۇللاھ ئۇلار كىملەر؟دېيىلگەندە رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم؛ كاپىرنى ئۆلتۈرگەن مۆئمىن بىلەن ئۆلتۈرۈلگەن كاپىر، مەڭگۈ دوۋزاختا بىرگە بولمايدۇ، مۆئمىن كېيىن توغرا يول تۇتۇپ ئوتتۇرىھال،نورمال ئەمەل قىلىدۇ.(كاپىرنى ئۆلتۈرگەن مۆئمىن جەننەتتە بۇلىدۇ.) ئەھمەد، مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.

***877 ـ باب فضل الصدقة في سبيل اللّه، وتضعيفها***

**الله يولىدىكى جەڭ ئۈچۈن سەدىقە قىلىشنىڭ ۋە غازىيلەرگە ياردەم قىلىشنىڭ پەزىلىتى**

**4850 ـ حدّثنا إِسْحَقُ بْنُ إِبْرَاهِيمَ الحَنْظَلِيّ. أَخْبَرَنَا جَرِيرٌ عَنِ الأَعْمَشِ، عَنْ أَبِي عَمْرٍو الشّيْبَانِيّ، عَنْ أَبِي مَسْعُودٍ الأَنْصَارِيّ قَالَ: جَاءَ رَجُلٌ بِنَاقَةٍ مَخْطُومَةٍ. فَقَالَ: هَـٰذِهِ فِي سَبِيلِ اللّهِ. فَقَالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: «لَكَ بِهَا، يَوْمَ الْقِيَامَةِ. سَبْعُمِائَةِ نَاقَةٍ. كُلّهَا مَخْطُومَةٌ».**
**4851 ـ حدّثنا أَبُو بَكْرِ بْنُ أَبِي شَيْبَةَ. حَدّثَنَا أَبُو أُسَامَةَ عَنْ زَائِدَةَ. ح وَحَدّثَنِي بِشْرُ بْنُ خَالِدٍ. حَدّثَنَا مُحَمّدٌ (يَعْنِي ابْنَ جَعْفَرٍ). حَدّثَنَا شُعْبَةُ. كِلاَهُمَا عَنِ الأَعْمَشِ بِهَـٰذَا الإِسْنَادِ.**

ئەبۇ مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، بىر كىشى چۇلۇك ئۆتكۈزۈلگەن تۆگىسىنى، نۇختىسى بىلەن قوشۇپ ئەكىلىپ سەدىقە قىلىپ؛ بۇ الله يولىدا ئۇرۇش تەييارلىقى بولسۇن دېگەندە، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم؛ سەن ئۈچۈن شۇ بىر تۆگەڭنىڭ بارابىرىگە قىيامەت كۈنى جەننەتتىن 700 تۆگە نۇختىسى بىلەن بىللە بېرىلىدۇ دېدى.مۇسلىم، ئەبۇ نۇئەيم توپلىغان، سەھىھ.

***878 ـ باب فضل إعانة الغازي في سبيل اللّه بمركوب وغيره، وخلافته في أهله بخير***

**4852 ـ وحدّثنا أَبُو بَكْرِ بْنُ أَبِي شَيْبَةَ وَ أَبُو كُرَيْبٍ وَ ابْنُ أَبِي عُمَرَ (وَاللّفْظُ لأَبِي كُرَيْبٍ) قَالُوا: حَدّثَنَا أَبُو مُعَاوِيَةَ عَنِ الأَعْمَشِ، عَنْ أَبِي عَمْرٍو الشّيْبَانِيّ، عَنْ أَبِي مَسْعُودٍ الأَنْصَارِيّ قَالَ: جَاءَ رَجُلٌ إِلَى النّبِيّ صلى الله عليه وسلم فَقَالَ: إِنّي أُبْدِعَ بِي فَاحْمِلْنِي. فَقَالَ: «مَا عِنْدِي» فَقَالَ رَجُلٌ: يَا رَسُولَ اللّهِ أَنَا أَدُلّهُ عَلَىَ مَنْ يَحْمِلُهُ. فَقَالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: «مَنْ دَلّ عَلىَ خَيْرٍ فَلَهُ مِثْلُ أَجْرِ فَاعِلِهِ».**
**4853 ـ وحدّثنا إِسْحَقُ بْنُ إِبْرَاهِيمَ. أَخْبَرَنَا عِيسَى بْنُ يُونُسَ. ح وَحَدّثَنِي بِشْرُ بْنُ خَالِدٍ. أَخْبَرَنَا مُحَمّدُ بْنُ جَعْفَرٍ عَنْ شُعْبَةَ. ح وَحَدّثَنِي مُحَمّدُ بْنُ رَافِعٍ. حَدّثَنَا عَبْدُ الرّزّاقِ. أَخْبَرَنَا سُفْيَانُ كُلّهُمْ عَنِ الأَعْمَشِ، بِهَـٰذَا الإِسْنَادِ.**

ئەبۇ مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، بىركىشى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قېشىغا كېلىپ؛ مىنىڭ ئۇلۇغۇم ئۈزۈلۈپ قېلىپ،سەپەر قىلىشتىن توختاپ قالدىم،مىنى بىرەر ئۇلاغقا مىندۈرۈۋالغان بولساڭلا دېدى. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم؛مىنىڭ سىنى ئېلىۋالغۇدەك ھېچ نەرسەم يوق دېدى.ئاندىن بىر كىشى؛ئى رەسۇلەالله!مەن ئۇنىڭغا، ئۇنى ئېلىۋالىدىغان كىشىنى كۆرسۇتۇپ قويای دېگەندە، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم بىر ياخشىلىققا دالالەت قىلىپ كۆرستىپ قويسا، ئۇ كىشى ئۈچۈن شۇ ياخشىلىقنى قىلغان كىشىلەرنىڭ ئەجرىگە ئوخشاش ئەجىر بولىدۇ. ئەھمەد، مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.

**4854 ـ وحدّثنا أَبُو بَكْرِ بْنُ أَبِي شَيْبَةَ. حَدّثَنَا عَفّانُ. حَدّثَنَا حَمّادُ بْنُ سَلَمَةَ. حَدّثَنَا ثَابِتٌ عَنْ أَنَسِ بْنِ مَالِكٍ ح وَحَدّثَنِي أَبُو بَكْرِ بْنُ نَافِعٍ (وَاللّفْظُ لَهُ). حَدّثَنَا بَهْزٌ. حَدّثَنَا حَمّادُ بْنُ سَلَمَةَ. حَدّثَنَا ثَابِتٌ عَنْ أَنَسِ بْنِ مَالِكٍ أَنّ فَتَىً مِنْ أَسْلَمَ قَالَ: يَا رَسُولَ اللّهِ إِنّي أُرِيدُ الْغَزْوَ وَلَيْسَ مَعِي مَا أَتَجَهّزُ . قَالَ: «ائْتِ فُلاَناً فَإِنّهُ قَدْ كَانَ تَجَهّزَ فَمَرِضَ». فَأَتَاهُ فَقَالَ: إِنّ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم يُقْرِئُكَ السّلاَمَ وَيَقُولُ: أَعْطِنِي الّذِي تَجَهّزْتَ بِهِ. قَالَ: يَا فُلاَنَةُ أَعْطِيهِ الّذِي تَجَهّزْتُ بِهِ. وَلاَ تَحْبِسِي عَنْهُ شَيْئاً. فَوَاللّهِ لاَ تَحْبِسِي مِنْهُ شَيْئاً فَيُبَارَكَ لَكِ فِيهِ».**

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، ئەسلەم قەبىلىسىدىن بىركىشى؛ئى **الله** نىڭ ئەلچىسى! مەن غازات قىلىشنى ئىرادە قىلغان ئىدىم، لېكىن مېنىڭ تەييارلىق قىلغىدەك نەرسەم يوق دېگەندە، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:پالانى غازات قىلىشقا تەييارلىق قىلىپ بولۇپ ئاغرىپ قالغان ئىدى، سەن شۇنىڭ قېشىغا بارغىن دېدى. ئۇكىشى بېرىپ، رەسۇلۇ**الله** ساڭا مەندىن سالام يوللىدى، ۋە سىنىڭ تەييارلىق قىلغان نەرسىللىرىڭنى ماڭا بېرىشىڭگە بۇيرىدى دېدى. ئۇكىشى ئاياللىغا:ئى پالانى مىنىڭ تەييارلىق قىلغان نەرسىللىرىمنى بۇكىشىگە بەرگىن، **الله** بىلەن قەسەمكى ئۇنىڭدىن ھېچ نەرسىنى ئېلىپ قالماي بەرگىن، سىلەرگە بۇنىڭدا بەركەت بېرىلىدۇ دېدى.

**4855 ـ وحدّثنا سَعِيدُ بْنُ مَنْصُورٍ وَ أَبُو الطّاهِرِ (قالَ أَبُو الطّاهِرِ: أَخْبَرَنَا ابْنُ وَهْبٍ. وَقالَ سَعِيدٌ: حَدّثَنَا عَبْدُ اللّهِ بْنُ وَهْبٍ). أَخْبَرَنِي عَمْرُو بْنُ الْحَارِثِ عَنْ بُكَيْرِ بْنِ الأَشَجّ، عَنْ بُسْرِ بْنِ سَعِيدٍ، عَنْ زَيْدِ بْنِ خَالِدٍ الْجُهَنِيّ، عَنْ رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم أَنّهُ قالَ: «مَنْ جَهّزَ غَازِياً فِي سَبِيلِ اللّهِ فَقَدْ غَزَا. وَمَنْ خَلَفَهُ فِي أَهْلِهِ بِخَيْرٍ فَقَدْ غَزَا».**

**4856 ـ حدّثنا أَبُو الرّبِيعِ الزّهْرَانِيّ. حَدّثَنَا يَزِيدُ (يَعْنِي ابْنَ زُرَيْعٍ). حَدّثَنَا حُسَيْنٌ الْمُعَلّمُ. حَدّثَنَا يَحْيَىَ بْنُ أَبِي كَثِيرٍ عَنْ أَبِي سَلَمَةَ بْنِ عَبْدِ الرّحْمَنِ، عَنْ بُسْرِ بْنِ سَعِيدٍ، عَنْ زَيْدِ بْنِ خَالِدٍ الْجُهَنِيّ قَالَ: قَالَ نَبِيّ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: «مَنْ جَهّزَ غَازِياً فَقَدْ غَزَا. وَمَنْ خَلَفَ غَازِياً فِي أَهْلِهِ فَقَدْ غَزَا».**

زەيد ئىبنى خالىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: كىم ئالللاھ يولىدا بىر غازىينى جابدۇتسا، تەييارلىقنى قىلىپ بەرسە، ھەققەتەن ئۇ ئالللاھ يولىدا غازات قىلغان بولىدۇ، كىم ئالللاھ يولىدا جەڭ قىلىۋاتقان ئۇرۇشقا ماڭغان غازىي، جەڭچىنىڭ ئائىلىسىدە ياخشى ئىز باسار بولۇپ، ياردەم بىرىپ ياخشىلىق قىلسا، جەزمەن ئۇمۇ ئالللاھ يولىدا جەڭ قىلغان بولىدۇ. ئەھمەد، بەيھەقى،بۇخارى،مۇسلىم، ئۈچ كىتاب توپلىغان، سەھىھ. زەيد ئىبنى خالىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: كىم ئالللاھ يولىدا غازات قىلغۇچى غازىينى جابدۇتۇپ، تەييارلىقنى قىلىپ بەرسە، ئۇ كىشىگە شۇ غازىينىڭ ئەجىر، ساۋابلىرىدىن ھىچنەرسە كاملىماستىن، ئوخشاش ئەجىر، ساۋاب بولىدۇ، ئۇمۇ غازى ھېسابلىنىدۇ. ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ. جەڭ تەييارلىقى جەڭدىن بۇرۇنقى پەرزدۇر.

**4857 ـ وحدّثنا زُهَيْرُ بْنُ حَرْبٍ. حَدّثَنَا إِسْمَاعِيلُ بْنُ عُلَيّةَ عَنْ عَلِيّ بْنِ الْمُبَارَكِ. حَدّثَنَا يَحْيَىَ بْنُ أَبِي كَثِيرٍ. حَدّثَنِي أَبُو سَعِيدٍ، مَوْلَى المَهْرِيّ عَنْ أَبِي سَعِيدٍ الْخُدْرِيّ أَنّ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم بَعَثَ بَعْثاً إِلَىَ بَنِي لِحْيَانَ، مِنْ هُذَيْلٍ. فَقَالَ: «لِيَنْبَعِثْ مِنْ كُلّ رَجُلَيْنِ أَحَدُهُمَا. وَالأَجْرُ بَيْنَهُمَا».**

**4858 ـ وَحَدّثَنِيهِ إِسْحَقُ بْنُ مَنْصُورٍ. أَخْبَرَنَا عَبْدُ الصّمَدِ (يَعْنِي ابْنَ عَبْدِ الوَارِثِ) قَالَ: سَمِعْتُ أَبِي يُحَدّثُ: حَدّثَنَا الْحُسَيْنُ عَنْ يَحْيَىَ. حَدّثَنِي أَبُو سَعِيدٍ، مَوْلَى المَهْرِيّ. حَدّثَنِي أَبُو سَعِيدٍ الْخُدْرِيّ أَنّ رَسُولَ اللّهِ بَعَثَ بَعْثاً. بِمَعْنَاهُ.**

**4859 ـ وحدّثني إِسْحَقُ بْنُ مَنْصُورٍ. أَخْبَرَنَا عُبَيْدُ اللّهِ (يَعْنِي ابْنَ مُوسَىَ) عَنْ شَيْبَانَ، عَنْ يَحْيَىَ بِهَذَا الإِسْنَادِ، مِثْلَهُ.**

ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم، ھۇزەيلدىن بەنىي لەھيان قەبىلىسىگە قوشۇن ئەۋەتكەندە مۇنداق دىگەن: ھەر ئىككى كىشىدىن بىرسى جەڭگە بارسۇن، بىرسى خەلىپە، ئىز باسار بولۇپ

تۆرۈپ بېرىسنى ئەۋەتسۇن، ئەجىر، ساۋاب ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئورتاق بولىدۇ، مۇسلىم 3513 ـ ھەدىس، ئەبۇ داۋۇد 2149 ـ ھەدىس، ئەھمەد 10874 ـ ھەدىس، سەھىھ.

**4860 ـ وحدّثنا سَعِيدُ بْنُ مَنْصُورٍ. حَدّثنَا عَبْدُ اللهِ بْنُ وَهْبٍ. أَخْبَرَنِي عَمْرُو بْنُ الْحَارِثِ عَنْ يَزِيدَ بْنِ أَبِي حَبِيبٍ، عَنْ يَزِيدَ بْنِ أَبِي سَعِيدٍ، مَوْلَى الْمَهْرِيّ، عَنْ أَبِيهِ، عَنْ أَبِي سَعِيدٍ الْخُدْرِيّ أَنّ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم بَعَثَ إِلَى بَنِي لَحْيَانَ «لِيَخْرُجَ مِنْ كُلّ رَجُلَيْنِ رَجُلٌ» ثُمّ قَالَ لِلْقَاعِدِ: «أَيّكُمْ خَلَفَ الْخَارِجَ فِي أَهْلِهِ وَمَالِهِ بِخَيْرٍ، كَانَ لَهُ مِثْلُ نِصْفِ أَجْرِ الْخَارِجِ».**

ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم، بەنىي لەھيان قەبىلىسىگە قوشۇن ئەۋەتكەندە مۇنداق دېگەن: ھەر ئىككى كىشىدىن بىرسى جەڭگە بارسۇن، بىرسى خەلىپە، ئىز باسار بولۇپ تۇرۇپ بېرىسنى ئەۋەتسۇن، ئاندىن ئۆيىدە ئولتۇرۇپ قالغانلارغا: قايسىڭلار جەڭگە چىقىپ كەتكەنلەرنىڭ ئەھلى بالىلىرى ۋە ماللىرىغا ياخشىلىق بىلەن ئىز باسار بولسا، ئەجىر، ساۋاب ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئورتاق بولىدۇ، دېدى.

## *879 ـ باب حرمة نساء المجاهدين، وإثم من خانهم فيهن* مۇجاھىدلارنىڭ ئاياللىرىنىڭ ياشىقلارغا ھارام بولۇشى

**4861 ـ حدّثنا أَبُو بَكْرِ بْنُ أَبِي شَيْبَةَ. حَدّثنَا وَكِيعٌ عَنْ سُفْيَانَ، عَنْ عَلْقَمَةَ بْنِ مَرْثَدٍ، عَنْ سُلَيْمَانَ بْنِ بُرَيْدَةَ، عَنْ أَبِيهِ قَالَ: قَالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: «حُرْمَةُ نِسَاءِ الْمُجَاهِدِينَ عَلَى الْقَاعِدِينَ، كَحُرْمَةِ أُمهَاتِهِمْ. وَمَا مِنْ رَجُلٍ مِنَ الْقَاعِدِينَ يَخْلُفُ رَجُلاً مِنَ الْمُجَاهِدِينَ فِي أَهْلِهِ، فَيَخُونُهُ فِيهِمْ، إِلاّ وُقِفَ لَهُ يَوْمَ الْقِيَامَةِ، فَيَأْخُذُ مِنْ عَمَلِهِ مَا شَاءَ. فَمَا ظَنّكُمْ؟».**
**4862 ـ وحدّثني مُحَمّدُ بْنُ رَافِعٍ. حَدّثنَا يَحْيَى بْنُ آدَمَ. حَدّثنَا مِسْعَرٌ عَنْ عَلْقَمَةَ بْنِ مَرْثَدٍ، عَنِ ابْنِ بُرَيْدَةَ، عَنْ أَبِيهِ قَالَ: قَالَ (يَعْنِي النّبِيّ صلى الله عليه وسلم) بِمَعْنَى حَدِيثِ الثّوْرِيّ.**
**4863 ـ وحدّثناه سَعِيدُ بْنُ مَنْصُورٍ. حَدّثنَا سُفْيَانُ عَنْ قَعْنَبٍ، عَنْ عَلْقَمَةَ بْنِ مَرْثَدٍ بِهَـٰذَا الإِسْنَادِ: «فَقَالَ: فَخُذْ مِنْ حَسَنَاتِهِ مَا شِئْتَ». فَالْتَفَتَ إِلَيْنَا رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم فَقَالَ: «فَمَا ظَنّكُمْ؟».**

بۇرەيدەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئۇرۇشقا چىقىپ كەتكەن مۇجاھىدلارنىڭ ئاياللىرى ، جەڭگە چىقماي ئولتۇرغانلارغا خۇددى، ئانىلىرى ھارام بولغاندەك ھارامدۇر، جەڭدىن ئولتۇرۇۋالغان كىشىلەردىن بىرەر كىشى ، مۇجاھىدلاردىن بىرەر كىشىنىڭ ئەھلىگە خەلىپە، ئىز باسار بولۇپ، ئاندىن ئۇلارغا خىيانەت قىلىپ قالسا، بۇ خائىن قىيامەت كۈنى مۇجاھىد ئۈچۈن مەخسۇس توختىتۇپ بېرىلىدۇ، ئاندىن مۇنداق دېيىلىدۇ؛مانا بۇ ئورۇنىڭدا ئىز باسار خەلىپە بولۇپ، خىيانەت قىلغان كىشى، ئۇنىڭ ياخشىلىقلىرىدىن ئۆزۈڭ خالىغانچە ئېلىۋالغىن، ئاندىن مۇجاھىد ئۇ خائىننىڭ ياخشىلىقلىرىدىن خالىغانچە ئېلىۋالىدۇ، گۇمانىڭلار قانداقراق؟ (يەنى سىلەرچە قانچىلىك ئېلىۋالا؟) (مېنىڭچە، ھەممىنى ئېلىۋالىدۇ، ياخشىلىقى بولمىسا، يامانلىقلىرىنى ئۇنىڭ گە ردىنىگە ئارتىپ قويىدۇ،پەقەت بولمىغاندا، دەرىجە بېرىلىدۇ) ئەھمەد، مۇسلىم، نەسئەى، ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ.

## *880 ـ باب سقوط فرض الجهاد عن المعذورين*

## ئۆزرىسى بار كىشىلەردىن جىھادنىڭ پەرزلىكىنىڭ ساقىت قىلىنىشى

**4864 ـ حدّثنا مُحَمّدُ بْنُ الْمُثَنّى وَ مُحَمّدُ بْنُ بَشّارٍ (وَاللّفْظُ لاِبْنِ الْمُثَنّى). قَالاَ: حَدّثنَا مُحَمّدُ بْنُ جَعْفَرٍ. حَدّثنَا شُعْبَةُ عَنْ أَبِي إِسْحَقَ أَنّهُ سَمِعَ الْبَرَاءَ يَقُولُ فِي هَذِهِ الآيَةِ: {لاَ يَسْتَوِي الْقَاعِدُونَ مِنَ الْمُؤْمِنِينَ وَالْمُجَاهِدُونَ فِي سَبِيلِ اللّهِ} ( 4النساء الآية: 95) فَأَمَرَ**

رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم زَيْداً فَجَاءَ بِكَتِفٍ يَكْتُبُهَا. فَشَكَا إِلَيْهِ ابْنُ أُمّ مَكْتُومٍ ضَرَارَتَهُ. فَنَزَلَتْ: {لاَ يَسْتَوِي الْقَاعِدُونَ مِنَ الْمُؤْمِنِينَ غَيْرُ أُولِي الضّرَرِ}. قَالَ شُعْبَةُ: وَأَخْبَرَنِي سَعْدُ بْنُ إِبْرَاهِيمَ عَنْ رَجُلٍ، عَنْ زَيْدِ بْنِ ثَابِتٍ، فِي هَـٰذِهِ الآيَةِ: {لاَ يَسْتَوِي الْقَاعِدُونَ مِنَ الْمُؤْمِنِينَ}. بِمِثْلِ حَدِيثِ الْبَرَاءِ. وَقَالَ ابْنُ بَشّارٍ فِي رِوَايَتِهِ: سَعْدُ بْنُ إِبْرَاهِيمَ عَنْ أَبِيهِ، عَنْ رَجُلٍ، عَنْ زَيْدِ بْنِ ثَابِتٍ.

4865 ـ وحدّثنا أَبُو كُرَيْبٍ. حَدّثَنَا ابْنُ بِشْرٍ عَنْ مِسْعَرٍ. حَدّثَنِي أَبُو إِسْحَـٰقَ عَنِ الْبَرَاءِ قَالَ: لَمّا نَزَلَتْ: {لاَ يَسْتَوِي الْقَاعِدُونَ مِنَ الْمُؤْمِنِينَ} كَلّمَهُ ابْنُ أُمّ مَكْتُومٍ. فَنَزَلَتْ: {غَيْرُ أُولِي الضّرَرِ}.

بەررائى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، « مۆئمىنلەردىن جىھادقا چىقمىغانلار، الله يولىدا ماللىرىنى، جانلىرىنى تىكىپ جىھاد قىلاغانلار بىلەن باراۋەر بولمايدۇ، »دېگەن ئايەت نازىل قىلىنغاندا، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم زەيدنى بۇئايەتنى تاغاقتا يېزىۋېلىشقا بۇيرىدى، ئاندىن ئىبنى ئۇممەمەكتۇم ئۆزىنىڭ ئەمالىق كېسىلىدىن شىكايەت قىلىپ كەلدى، ئاندىن ئايەتنىڭ يەنەبىر تەرىپى نازىل قىلىنىپ: « مۆئمىنلەردىن ئۆزرىسىز جىھادقا چىقمىغانلار، الله يولىدا ماللىرىنى، جانلىرىنى تىكىپ جىھاد قىلاغانلار بىلەن باراۋەر بولمايدۇ، (ئەئما، پالەچ، ئېغىر كېسەللەرگە ئوخشاش ئۆزرىسى باركىشىلەر بۇنىڭدىن مۇستەسنا)»دېگەن بولدى.

## 881 ـ باب ثبوت الجنة للشهيد شېھىدنىڭ جەننەتكە كىرىشى

4866 ـ حدّثنا سَعِيدُ بْنُ عَمْرٍو الأَشْعَثِيّ وَ سُوَيْدُ بْنُ سَعِيدٍ (وَاللّفْظُ لِسَعِيدٍ). أَخْبَرَنَا سُفْيَانُ عَنْ عَمْرٍو سَمِعَ جَابِراً يَقُولُ: قَالَ رَجُلٌ: أَيْنَ أَنَا، يَا رَسُولَ اللّهِ إِنْ قُتِلْتُ؟ قَالَ: «فِي الْجَنّةِ» فَأَلْقَى تَمَرَاتٍ كُنّ فِي يَدِهِ. ثُمّ قَاتَلَ حَتّى قُتِلَ. وَفِي حَدِيثِ سُوَيْدٍ: قَالَ رَجُلٌ لِلنّبِيّ صلى الله عليه وسلم، يَوْمَ أُحُدٍ.

جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، ئۇھۇد كۈنى بىر كىشى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم گە: قېنى دەپ باقسىلا، ئەگەر مەن ئۆلتۈرۈلسەم قەيەردە بولىمەن؟دېدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم : جەننەتتە بولىسەن دېدى.ئۇكىشى قولىدىكى خورمىلىرىنى تاشلىۋېتىپ، الله يولىدا ئۆلتۈرۈلىپ شېھىد بولغانغا قەدەر جەڭ قىلدى.

بۇخارى،مۇسلىم بىرلىككە كەلگەن.

4867 ـ حدّثنا أَبُو بَكْرِ بْنُ أَبِي شَيْبَةَ. حَدّثَنَا أَبُو أُسَامَةَ عَنْ زَكَرِيّاءَ، عَنْ أَبِي إِسْحَـٰقَ، عَنِ الْبَرَاءِ قَالَ: جَاءَ رَجُلٌ مِنْ بَنِي النّبِيتِ إِلَى النّبِيّ صلى الله عليه وسلم. ح وَحَدّثَنَا أَحْمَدُ بْنُ جَنَابٍ الْمِصّيصِيّ. حَدّثَنَا عِيسَىَ (يَعْنِي ابْنَ يُونُسَ) عَنْ زَكَرِيّاءَ، عَنْ أَبِي إِسْحَـٰقَ، عَنِ الْبَرَاءِ. قَالَ: جَاءَ رَجُلٌ مِنْ بَنِي النّبِيتِ ــ قَبِيلٍ مِنَ الأَنْصَارِ ــ فَقَالَ: أَشْهَدُ أَنْ لاَ إِلَـٰهَ إِلاّ اللّهُ، وَأَنّكَ عَبْدُهُ وَرَسُولُهُ. ثُمّ تَقَدّمَ فَقَاتَلَ حَتّى قُتِلَ. فَقَالَ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم: «عَمِلَ هَذَا يَسِيراً، وَأُجِرَ كَثِيراً».

بەررائى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، نەبىيت قەبىلىسىدىن ياكى ئەنسارلاردىن بىركىشى:الله تىن باشقا ھەق ئىلاھ يوق، سىلى الله نىڭ بەندىسى ۋە ئەلچىسى دەپ مۇسۇلمان بولۇپلا ئۇرۇشتا شېھىد قىلىنىپ كەتتى،ئاندىن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: بۇ ئاز ئەمەل قىلىپ، ناھايىتى كۆپ ئەجىر ئالدى، (يەنى شۇ كۈنىلا مۇسۇلمان بولۇپ، شېھىد قىلىنىپ كەتتى) بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.

4868 ـ حدّثنا أَبُو بَكْرِ بْنُ النّضْرِ بْنِ أَبِي النّضْرِ وَ هَرُونُ بْنُ عَبْدِ اللّهِ وَ مُحَمّدُ بْنُ رَافِعٍ وَ عَبْدُ بْنُ حُمَيْدٍ. وَأَلْفَاظُهُمْ مُتَقَارِبَةٌ. قَالُوا: حَدّثَنَا هَاشِمُ بْنُ الْقَاسِمِ. حَدّثَنَا سُلَيْمَانُ (وَهُوَ ابْنُ الْمُغِيرَةِ) عَنْ ثَابِتٍ، عَنْ أَنَسِ بْنِ مَالِكٍ قَالَ: بَعَثَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم بُسَيْسَةَ، عَيْناً يَنْظُرُ مَا صَنَعَتْ عِيرُ أَبِي سُفْيَانَ. فَجَاءَ وَمَا فِي الْبَيْتِ أَحَدٌ غَيْرِي وَغَيْرُ رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم (قَالَ: لاَ أَدْرِي

**مَا اسْتَثْنَى بَعْضَ نِسَائِهِ) قَالَ: فَحَدَّثَهُ الْحَدِيثَ. قَالَ: فَخَرَجَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم فَتَكَلَّمَ. فَقَالَ: «إِنّ لَنَا طَلِبَةً. فَمَنْ كَانَ ظَهرُهُ حَاضِراً فَلْيَرْكَبْ مَعَنَا» فَجَعَلَ رِجَالٌ يَسْتَأْذِنُونَهُ فِي ظُهْرَانِهِمْ فِي عِلْوِ الْمَدِينَةِ. فَقَالَ: «لاَ. إِلاّ مَنْ كَانَ ظَهْرُهُ حَاضِراً» فَانْطَلَقَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم وَأَصْحَابُهُ. حَتّى سَبَقُوا الْمُشْرِكِينَ إِلَى بَدْرٍ. وَجَاءَ الْمُشْرِكُونَ. فَقَالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: «لاَ يُقَدّمَنّ أَحَدٌ مِنْكُمْ إِلَى شَيْءٍ حَتّى أَكُونَ أَنَا دُونَهُ» فَدَنَا الْمُشْرِكُونَ. فَقَالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: «قُومُوا إِلَى جَنّةٍ عَرْضُهَا السّمَاوَاتُ وَالأَرْضُ» قَالَ: يَقُولُ عُمَيْرُ بْنُ الْحُمَامِ الأَنْصَارِيّ: يَا رَسُولَ اللّهِ جَنّةٌ عَرْضُهَا السّمَاوَاتُ وَالأَرْضُ؟ قَالَ: «نَعَمْ» قَالَ: بَخٍ بَخٍ. فَقَالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: «مَا يَحْمِلُكَ عَلَى قَوْلِكَ بَخٍ بَخٍ» قَالَ: لاَ. وَاللّهِ يَا رَسُولَ اللّهِ إِلاّ رَجَاءَةَ أَنْ أَكُونَ مِنْ أَهْلِهَا. قَالَ: «فَإِنّكَ مِنْ أَهْلِهَا» فَأَخْرَجَ تَمَرَاتٍ مِنْ قَرَنِهِ. فَجَعَلَ يَأْكُلُ مِنْهُنّ. ثُمّ قَالَ: لَئِنْ أَنَا حَيِيتُ حَتّى آكُلَ تَمَرَاتِي هَذِهِ، إِنّهَا لَحَيَاةٌ طَوِيلَةٌ. قَالَ فَرَمَى بِمَا كَانَ مَعَهُ مِنَ التّمْرِ. ثُمّ قَاتَلَهُمْ حَتّى قُتِلَ.**

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم تۇگسى بار كىشى بىز بىلەن بىللە ماڭسۇن دەپ ساھابىللىرى بىلەن بىللە بەدىرگە مۇشرىكلەردىن بۇرۇن باردى، مەن بارمىغىچە ھېچ بىركىشى ئالدىغا چىقمىسۇن دەپ، ئاندىن مۇشرىكلەر يېقىن كەلگەندە، ساھابىلارنى جەڭگە قىزىقتۇرۇپ، مۇنداق بۇيرۇق قىلدى؛ توغرىلىقى ئاسمان — زىمىنچە كېلىدىغان جەننەتكە قوپۇڭلار، يەنى ئۇرۇش قىلىڭلار، ھۇجۇمغا ئاتلىنىڭلار، شېھىد بولساڭلار ئاشۇ جەننەت سىلەرنىڭ دېدى. ئۇمەير رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ؛ ياخشى،ياخشى دېدى، رەسۇلۇللاھ؛ سىنىڭ ياخشى،بەك ياخشى دېيىشىڭگە نىمە سەۋەب بولدى؟دېدى، ئۇ: ئى الله نىڭ ئەلچىسى! الله بىلەن قەسەمكى، شۇ جەننەتنىڭ ئەھلىدىن بولۇشۇمنى ئارزۇ قىلىپ شۇنداق دېدىم دېدى، رەسۇلۇللاھ؛ سەن شۇجەننەتنىڭ ئەھلىدىن دېدى، ئاندىن ئۇ ئوق خالتىسىدىن بىرنەچچە تال خورمىنى چىقىرىپ يېيىشكە باشلىدى، ئاندىن ئۇ: ئەگەر مەن مۇشۇ خورمىلارنى يەپ بولغىچە ھايات قالسام، بۇھاياتلىق ماڭا بەك ئۇزۇن ھاياتلىق بولۇپ كەتكىدەك دەپ، خورمىللىرىنى تاشلىۋېتىپ، مۇشرىكلەرگە قارشى ئۆلتۈرۈلگەنگە قەدەر ئۇرۇش قىلدى، ئاندىن ئۇ شېھىد قىلىندى. ئەھمەد، مۇسلىم توپ، سەھىھ

**4869 ـ حدّثنا يَحْيَى بْنُ يَحْيَى التّمِيمِيّ وَ قُتَيْبَةُ بْنُ سَعِيدٍ (وَاللّفْظُ لِيَحْيَى) (قَالَ قُتَيْبَةُ: حَدّثَنَا. وَقَالَ يَحْيَى: أَخْبَرَنَا جَعْفَرُ بْنُ سُلَيْمَانَ) عَنْ أَبِي عِمْرَانَ الْجَوْنِيّ، عَنْ أَبِي بَكْرِ بْنِ عَبْدِ اللّهِ بْنِ قَيْسٍ، عَنْ أَبِيهِ، قَالَ: سَمِعْتُ أَبِي، وَهُوَ بِحَضْرَةِ الْعَدُوّ يَقُولُ: قَالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم «إِنّ أَبْوَابَ الْجَنّةِ تَحْتَ ظِلاَلِ السّيُوفِ» فَقَامَ رَجُلٌ رَثّ الْهَيْئَةِ. فَقَالَ: يَا أَبَا مُوسَى آنْتَ سَمِعْتَ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم يَقُولُ هَذَا؟ قَالَ: نَعَمْ. قَالَ: فَرَجَعَ إِلَى أَصْحَابِهِ فَقَالَ: أَقْرَأُ عَلَيْكُمُ السّلاَمَ. ثُمّ كَسَرَ جَفْنَ سَيْفِهِ فَأَلْقَاهُ. ثُمّ مَشَى بِسَيْفِهِ إِلَى الْعَدُوّ. فَضَرَبَ بِهِ حَتّى قُتِلَ.**

ئەبۇ مۇسا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن جەننەتنىڭ ئىشىكلىرى قىلىچ سايىسى ئاستىدا، ئاندىن ھەيئەت،تەق ـ تۇرقى كۆرۈمسىز،نامرات چىراي بىركىشى ئورنىدىن تۇرۇپ؛ ئى ئەبۇمۇسا! سەن راستىنلا رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم نىڭ شۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىدىڭمۇ؟دېدى، ئەبۇمۇسا؛ ھەئە ئاڭلىدىم دېدى، ئۇكىشى قېرىنداشلىرىنىڭ قېشىغا قايتىپ بېرىپ؛ سىلەرگە ئەڭ ئاخىرقى قېتىم سالام يوللايمەن دەپ، قىلىچىنىڭ غىلىپىنى كىسىپ تاشلىۋېتىپ، ئاندىن قىلىچىنى كۆتۈرگىنىچە دۈشمەنلەر ئارىسىغا كىرىپ، قاتتىق جەڭ قىلىپ، شېھىد قىلىندى. ئەھمەد، مۇسلىم تىرمىزى توپلىغان، بۇ سەھىھ ھەدىس، خۇددى «جەننەت

ئانىنىڭ تاپىنى ئاستىدا» دېگەنگە ئوخشايدۇ. ئانىغا ياخشىلىق قىلىش بىلەن جەننەتكە كىرگەندەك، جەڭ مەيدانىغا

بارتۇلارچە قىلىچ ئوينۇتۇپ كىرىپ شېھىد بولسا، جەننەتكە كىرىدۇ.ھەدىسنى ساھابىلار ئەنە شۇنداق تېزلا توغرا چۈشىنەلەيتتى.

**4870 ـ حدّثنا مُحمّدُ بْنُ حَاتِمٍ. حَدّثنَا عفّان. حَدّثنا حمّادٌ. أخْبَرَنَا ثابتٌ عَنْ أنَسِ بْنِ مَالِكٍ قالَ: جَاءَ نَاسٌ إلَى النّبيّ صلى الله عليه وسلم فقالُوا: أنِ ابْعَثْ مَعَنَا رِجَالاً يُعَلّمُونَا الْقُرْآنَ وَالسنّةَ. فَبَعَثَ إلَيْهِمْ سَبْعِينَ رَجُلاً مِنَ الأنْصَارِ. يُقَالُ لَهُمُ الْقُرّاءُ. فِيهِمْ خَالِي حَرَامٌ. يَقْرَؤُنَ الْقُرْآنَ. وَيَتَدَارَسُونَ بِاللّيْلِ يَتَعَلّمُونَ. وكَانُوا بِالنّهَارِ يَجِيئُونَ بِالْمَاءِ فَيَضَعُونَهُ فِي الْمَسْجِدِ، وَيَحْتَطِبُونَ فَيَبِيعُونَهُ، وَيَشْتَرُونَ بِهِ الطّعَامَ لأَهْلِ الصفّةِ، وَلِلْفُقَرَاءِ. فَبَعَثَهُمُ النّبيّ صلى الله عليه وسلم إلَيْهِمْ. فَعَرَضُوا لَهُمْ فَقَتَلُوهُمْ. قَبْلَ أنْ يَبْلُغُوا الْمَكَانَ. فَقالُوا: اللّهُمّ بَلّغْ عَنّا نَبِيّنَا أنّا قَدْ لَقِينَاكَ فَرَضِينَا عَنْكَ. وَرَضِيتَ عَنّا. قَالَ وَأتَى رَجُلٌ حَرَاماً، خَالَ أنَس، مِنْ خَلْفِهِ فَطَعَنَهُ بِرُمْحٍ حَتّى أنْفَذَهُ. فَقَالَ حَرَامٌ: فُزْتُ، وَرَبّ الْكَعْبَةِ فَقَالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم لأَصْحَابِهِ «إنّ إخْوَانَكُمْ قَدْ قُتِلُوا. وَإنّهُمْ قَالُوا: اللّهُمّ بَلّغْ عَنّا نَبِيّنَا أنّا قَدْ لَقِينَاكَ فَرَضِينَا عَنْكَ. وَرَضِيتَ عَنّا».**

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، بىر تۈركۈم كىشىلەر رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم نىڭ قېشىغا كېلىپ:

سىلى بىز بىلەن بىللە بىرنەچچە كىشىلەرنى ئەۋەتسىلە، ئۇلار بىزگە قۇرئان ـ سۈننەتلەرنى ئۆگەتسۇن دېدى.

رەسۇلۇللاھ ئۇلارغا ئەنسارلاردىن قارىلەر دەپ ئاتىلىدىغان 70 كىشىنى بىللە ئەۋەتتى، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا مېنىڭ

تاغام ھەرامۇنمۇ بار ئىدى، ئۇلار قۇرئان ئوقۇيتتى، كېچىسى بىلىم ئېلىپ دەرس ئوقۇيتتى، كۈندۈزى مەسجىدكە

سۇ ئەكىلەتتى، ئوتان توشۇپ ساتاتتى، ئۇنىڭ پۇلىغا سۇپا ئەھلىگە ۋە پەقىرلارغا تاماق سېتىۋالاتتى. رەسۇلۇللاھ

ئۇلارغا ئەنەشۇكىشىلەرنى ئەۋەتكەن ئىدى. ئۇلار بۇ 70قارىغا يۈز ئۆرىپ، ئۇلارنى يولدىلا توسۇپ دېيىشكەن

ماكانغا بارغىچە ئۆلتۈرىۋەتتى، ئۇلار: ئى الله! بىزنىڭ سىلىگە ئۇچراشقانلىقىمىزنى، بىزنىڭ سىلىدىن رازى

بولغانلىقىمىزنى، سىلىنىڭ بىزدىن رازى بولغانلىقلىرىنى پەيغەمبىرىمىزگە يەتكۈزسىلە دەپ دۇئا قىلدى.

ئەنەسنىڭ تاغىسى ھەرامۇنىڭ ئارقىسىدىن بىركىشى كېلىپ، نەيزە سانجىپ ئالدىدىن چىقىرىپ ئۆلتۈرىۋەتتى،

ئۇ:كەئبىنىڭ رەببى بىلەن قەسەمكى مەن ئەمدى نىجات تاپتىم دېدى. رەسۇلۇللاھ يېنىدىكى ساھابىلىرىغا:

قېرىندىشىڭلار ئۆلتۈرۈلدى، ئۇلار: ئى الله! بىزنىڭ سىلىگە ئۇچراشقانلىقىمىزنى، سىلىدىن بىزنىڭ رازى

بولغانلىقىمىزنى، سىلىنىڭ بىزدىن رازى بولغانلىقلىرىنى پەيغەمبىرىمىزگە يەتكۈزسىلە دەپ دۇئا قىلدى، دېدى.

**4871841 ـــ3091 وحدّثني مُحمّدُ بْنُ حَاتِمٍ، حَدّثنَا بَهْزٌ. حَدّثنَا سُلَيْمَانُ بْنُ الْمُغِيرَةِ عَنْ ثَابِتٍ. قَالَ: قَالَ أنَسٌ: عَمّيَ الّذِي سُمّيتُ بِهِ لَمْ يَشْهَدْ مَعَ رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم بَدْراً. قَالَ: فَشَقّ عَلَيْهِ. قَالَ: أوّلُ مَشْهَدٍ شَهِدَهُ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم غُيّبْتُ عَنْهُ. وَإنْ أرَانِيَ اللّهُ مَشْهَداً، فِيمَا بَعْدُ، مَعَ رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم، لَيَرَانِيَ اللّهُ مَا أصْنَعُ. قَالَ: فَهَابَ أنْ يَقُولَ غَيْرَهَا. قَالَ: فَشَهِدَ مَعَ رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم يَوْمَ أُحُدٍ. قَالَ: فَاسْتَقْبَلَ سَعْدُ بْنُ مُعَاذٍ. فَقَالَ لَهُ أنَسٌ: يَا أبَا عَمْرٍو أيْنَ؟ فَقَالَ: وَاهاً لِرِيحِ الْجَنّةِ. أجِدُهُ دُونَ أُحُدٍ. قَالَ: فَقَاتَلَهُمْ حَتّى قُتِلَ. قَالَ: فَوُجِدَ فِي جَسَدِهِ بِضْعٌ وَثَمَانُونَ، مِنْ بَيْنِ ضَرْبَةٍ وَطَعْنَةٍ وَرَمْيَةٍ. قَالَ فَقَالَتْ أُخْتُهُ، عَمّتِيَ الرّبَيّعُ بِنْتُ النّضْرِ: فَمَا عَرَفْتُ أخِي إلاّ بِبَنَانِهِ. وَنَزَلَتْ هَذِهِ الآيَةُ: {رِجَالٌ صَدَقُوا مَا عَاهَدُوا اللّهَ عَلَيْهِ فَمِنْهُمْ مَنْ قَضَى نَحْبَهُ وَمِنْهُمْ مَنْ يَنْتَظِرُ وَمَا بَدّلُوا تَبْدِيلاً} (33الأحزاب الآية: 32) قَالَ: فَكَانُوا يُرَوْنَ أنّهَا نَزَلَتْ فِيهِ وَفِي أصْحَابِهِ.**

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، ماڭا ئىسمى قوتۇلغان تاغان ئەنەس، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم

بىلەن بىللە بەدىر ئۇرۇشىغا قاتنىشالماي بۇئىش ئۇنىڭغا بەكلا ئېغىر كېلىپ: رەسۇلۇللاھ قاتناشقان تۇنجى جەڭگە

قاتنىشالمىدىم، بۇنىڭدىن كېيىن الله تائالا مېنى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن بىللە بىرەر جەڭگە قاتناشتۇرۇپ قالسا، الله ۋە الله نىڭ ئەلچىسى مېنىڭ قانداق قىلىدىغانلىقىمنى كۆرۈپ بىلىپ قالىدۇ دەپ، ئۇنىڭدىن باشقا سۆز قىلىشتىن تارتىنىپ ياكى قورقۇپ قالدى. ئۇ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن بىللە ئۇھۇد ئۇرۇشىغا قاتنىشىپ، يولدا ئۇچۇرشۇپ قالغان سەئدىگە: ئى ئەبائەمرى!قەيەرگە ماڭدىڭ؟ ۋاھ!!جەننەت پۇرىقى، مەن جەننەتنىڭ پۇرىقىنى ئۇھۇد تېغىنىڭ يېنىدىن تاپتىم دەپ، كاپىرلارغا قارشى جەڭ قىلىپ، شېھىد قىلىندى. ئۇنىڭ جەسىدىدە قىلىچ بىلەن ئۇرۇلۇش، نەيزە سانچىلىش، ئوق ئىزلىرى بولۇپ 80 نەچچە جاراھەت ئىزلىرى تېپىلدى. ئۇنىڭ ھەمشىرىسى ھامما ئانام رەبىيئە؛مەن قېرىندىشىمنى پەقەت ئۇنىڭ بارماقلىرىدىنلا تونىيالىدىم دېدى. «مۆئمىنلەردىن بىر تۈركۈم كىشىلەر الله قا بەرگەن ئەھدىسىدە تۇرۇپ سەمىيمى سادىق بولدى، ئۇلاردىن ھاجىتىنى ئادا قىلغانلار(يەنى شېھىد بولغانلار)ۋە بۇنىڭدىن كېيىن شېھىد بولۇشقا ئىنتىزار بولۇپ كۈتۈپ تۇرغانلار بار...»دېگەن ئايەت ئەنەشۇنىڭ ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى توغرىسىدا نازىل بولدى.

### 882 ـ باب من قاتل لتكون كلمة الله هي العليا فهو في سبيل الله

## كىم ئاللاھنىڭ كەلىمىسى ئۈستۈن بولسۇن ئۈچۈن جەڭ قىلسا، ئەنە ئاشۇ ئاللاھ يولىدىكى جىھاد بولىدۇ

**4872 ـ حدّثنا مُحَمّدُ بْنُ الْمُثنّى وَ ابْنُ بَشّارٍ (وَاللّفْظ لاِبْنِ الْمُثنّى) قالاَ: حَدّثَنَا مُحَمّدُ بْنُ جَعْفَرٍ. حَدّثَنَا شُعْبَةُ عَنْ عَمْرِو بْنِ مُرّةَ قَالَ: سَمِعْتُ أَبَا وَائِلٍ قَالَ: حَدّثَنَا أَبُو مُوسَى الأَشْعَرِيّ أَنّ رَجُلاً أَعْرَابِيّاً أَتَى النّبِيّ صلى الله عليه وسلم فَقَالَ: يَا رَسُولَ اللّهِ الرّجُلُ يُقَاتِلُ لِلْمَغْنَمِ. وَالرّجُلُ يُقَاتِلُ لِيُذْكَرَ. وَالرّجُلُ يُقَاتِلُ لِيُرَى مَكَانُهُ. فَمَنْ فِي سَبِيلِ اللّهِ؟ فَقَالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم «مَنْ قَاتَلَ لِتَكُونَ كَلِمَةُ اللّهِ أَعْلَى فَهُوَ فِي سَبِيلِ اللّهِ».**

**4873 ـ حدّثنا أَبُو بَكْرِ بْنُ أَبِي شَيْبَةَ وَ ابْنُ نُمَيْرٍ وَ إِسْحَقُ بْنُ إِبْرَاهِيمَ وَ مُحَمّدُ بْنُ الْعَلاَءِ (قَالَ إِسْحَقُ: أَخْبَرَنَا. وَقَالَ الآخَرُونَ: حَدّثَنَا أَبُو مُعَاوِيَةَ) عَنِ الأَعْمَشِ، عَنْ شَقِيقٍ، عَنْ أَبِي مُوسَىَ قَالَ: سُئِلَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: عَنِ الرّجُلِ يُقَاتِلُ شَجَاعَةً، وَيُقَاتِلُ حَمِيّةً، وَيُقَاتِلُ رِيَاءً، أَيّ ذَلِكَ فِي سَبِيلِ اللّهِ؟ فَقَالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم «مَنْ قَاتَلَ لِتَكُونَ كَلِمَةُ اللّهِ هِيَ الْعُلْيَا، فَهُوَ فِي سَبِيلِ اللّهِ».**

**4874 ـ وحدّثناه إِسْحَقُ بْنُ إِبْرَاهِيمَ. أَخْبَرَنَا عِيسَى بْنُ يُونُسَ. حَدّثَنَا الأَعْمَشُ عَنْ شَقِيقٍ، عَنْ أَبِي مُوسَىَ قَالَ: أَتَيْنَا رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم فَقُلْنَا: يَا رَسُولَ اللّهِ الرّجُلُ يُقَاتِلُ مِنّا شَجَاعَةً. فَذَكَرَ مِثْلَهُ.**

ئەبۇ مۇسا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، بىر كىشى كېلىپ؛ ئى الله نىڭ ئەلچىسى! بىركىشى غەنىيمەت ئۈچۈنلا جەڭ قىلىدۇ، بىركىشى شۆھرەت،باتۇرلۇق ئۈچۈنلا جەڭ قىلىدۇ، بىركىشى ئۆز ئورنىنى كۆرسۈتۈش ئۈچۈن جەڭ قىلىدۇ، زادى كىم الله يولىدا جەڭ قىلغان بولىدۇ دېگەندە، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم ئاللاھنىڭ كەلىمىسى ئۈستۈن بولسۇن ئۈچۈن جەڭ قىلسا، ئەنە ئاشۇ ئاللاھ يولىدىكى جىھاد بولىدۇ. ئەھمەد، بەيھەقى،بۇخارى،مۇسلىم، تۆت كىتاب توپلىغان، سەھىھ. كەلىمىسىنى ئۈستۈن قىلىش قۇرئان بولۇپ، پۈتۈن دۇنياغا قۇرئاننى قانۇن قىلىپ خەلىپىلىك تۈزۈم ئورنىشتۇر، شۇ مەخسەتتە قىلىنغان ئۇرۇش، ئاللاھ يولىدا بولىدۇ

**4875 ـ وحدّثنا إِسْحَقُ بْنُ إِبْرَاهِيمَ. أَخْبَرَنَا جَرِيرٌ عَنْ مَنْصُورٍ، عَنْ أَبِي وَائِلٍ، عَنْ أَبِي مُوسَى الأَشْعَرِيّ أَنّ رَجُلاً سَأَلَ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم عَنِ الْقِتَالِ فِي سَبِيلِ اللّهِ عَزّ وَجَلّ؟ فقَالَ: الرّجُلُ يُقَاتِلُ غَضَباً وَيُقَاتِلُ حَمِيّةً. قَالَ: فَرَفَعَ رَأْسَهُ إِلَيْهِ ــ وَمَا رَفَعَ رَأْسَهُ إِلَيْهِ إِلاّ أَنّهُ كَانَ قَائِماً ــ فقَالَ «مَنْ قَاتَلَ لِتَكُونَ كَلِمَةُ اللّهِ هِيَ الْعُلْيَا فَهُوَ فِي سَبِيلِ اللّهِ».**

ئەبۇ مۇسا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، بىر كىشى كىلىپ؛ ئى الله نىڭ ئەلچىسى! بىركىشى غەنىيمەت ئۈچۈنلا جەڭ قىلىدۇ، بىركىشى شۆھرەت،باتۇرلۇق ئۈچۈنلا جەڭ قىلىدۇ، بىركىشى ئۆز ئورنىنى كۆرسۈتۈش ئۈچۈن جەڭ قىلىدۇ، زادى كىم الله يولىدا جەڭ قىلغان بۇلىدۇ دىگەندە، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنىڭغا بېشىنى كۆتۈرۈپ مۇنداق دىگەن: كىم ئاللاھنىڭ كەلىمىسى ئۈستۈن بولسۇن ئۈچۈن جەڭ قىلسا، ئەنە ئاشۇ ئاللاھ يولىدىكى جىھاد بولىدۇ. ئەھمەد، بەيھەقى،بۇخارى،مۇسلىم

## 883 ـ باب من قاتل للرياء والسمعة استحق النار ***رىيا قىلىپ جەڭ قىلغان كىشىنىڭ دەۋزەخكە كىرىشى***

**4876 ـ حدّثنا يَحْيَى بْنُ حَبِيبٍ الْحَارِثِيّ. حَدّثَنَا خَالِدُ بْنُ الْحَارِثِ. حَدّثَنَا ابْنُ جُرَيْجٍ. حَدّثَنِي يُونُسُ بْنُ يُوسُفَ عَنْ سُلَيْمَانَ بْنِ يَسَارٍ قَالَ: تَفَرّقَ النّاسُ عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ. فقَالَ لَهُ نَاتِلُ أَهْلِ الشّامِ: أَيّهَا الشّيْخُ حَدّثْنَا حَدِيثاً سَمِعْتَهُ مِنْ رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم. قَالَ: نَعَمْ. سَمِعْتُ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم يَقُولُ «إِنّ أَوّلَ النّاسِ يُقْضَى يَوْمَ الْقِيَامَةِ عَلَيْهِ، رَجُلٌ اسْتُشْهِدَ. فَأُتِيَ بِهِ فَعَرّفَهُ نِعَمَهُ فَعَرَفَهَا. قَالَ: فَمَا عَمِلْتَ فِيهَا؟ قَالَ: قَاتَلْتُ فِيكَ حَتّى اسْتُشْهِدْتُ. قَالَ: كَذَبْتَ. وَلَكِنّكَ قَاتَلْتَ لأَنْ يُقَالَ جَرِيءٌ. فَقَدْ قِيلَ. ثُمّ أُمِرَ بِهِ فَسُحِبَ عَلَى وَجْهِهِ حَتّى أُلْقِيَ فِي النّارِ. وَرَجُلٌ تَعَلّمَ الْعِلْمَ وَعَلّمَهُ وَقَرَأَ الْقُرْآنَ. فَأُتِيَ بِهِ. فَعَرّفَهُ نِعَمَهُ فَعَرَفَهَا. قَالَ: فَمَا عَمِلْتَ فِيهَا؟ قَالَ: تَعَلّمْتُ الْعِلْمَ وَعَلّمْتُهُ وَقَرَأْتُ فِيكَ الْقُرْآنَ. قَالَ: كَذَبْتَ وَلَـكِنّكَ تَعَلّمْتَ الْعِلْمَ لِيُقَالَ عَالِمٌ. وَقَرَأْتَ الْقُرْآنَ لِيُقَالَ هُوَ قَارِىءٌ. فَقَدْ قِيلَ. ثُمّ أُمِرَ بِهِ فَسُحِبَ عَلَى وَجْهِهِ حَتّى أُلْقِيَ فِي النّارِ. وَرَجُلٌ وَسّعَ اللّهُ عَلَيْهِ وَأَعْطَاهُ مِنْ أَصْنَافِ الْمَالِ كُلّهِ. فَأُتِيَ بِهِ فَعَرّفَهُ نِعَمَهُ فَعَرَفَهَا. قَالَ: فَمَا عَمِلْتَ فِيهَا؟ قَالَ: مَا تَرَكْتُ مِنْ سَبِيلٍ تُحِبّ أَنْ يُنْفَقَ فِيهَا إِلاّ أَنْفَقْتُ فِيهَا لَكَ. قَالَ: كَذَبْتَ. وَلَـكِنّكَ فَعَلْتَ لِيُقَالَ هُوَ جَوَادٌ. فَقَدْ قِيلَ. ثُمّ أُمِرَ بِهِ فَسُحِبَ عَلَى وَجْهِهِ. ثُمّ أُلْقِيَ فِي النّارِ».**

**4877 ـ وحدّثناه عَلِيّ بْنُ خَشْرَمٍ. أَخْبَرَنَا الْحَجّاجُ (يَعْنِي ابْنَ مُحَمّدٍ) عَنِ ابْنِ جُرَيْجٍ. حَدّثَنِي يُونُسُ بْنُ يُوسُفَ عَنْ سُلَيْمَانَ بْنِ يَسَارٍ قَالَ: تَفَرّجَ النّاسُ عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ. فقَالَ لَهُ: نَاتِلٌ الشّامِيّ. وَاقْتَصّ الْحَدِيثَ بِمِثْلِ حَدِيثِ خَالِدِ بْنِ الْحَارِثِ.**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ھەقىقەتەن قىيامەت كۈنى تۇنجى قېتىم ھۆكۈم قىلىنىدىغان كىشىلەر مۇنۇ ئۈچ كىشىدۇر.

بىرىنچىسى، شېھىد بولغان كىشى بولۇپ، بۇ كەلتۈرۈلىدۇ، ئاللاھ ئۇنىڭغا نېئمەتلىرىنى تونۇتىدۇ، ئۇ تونۇيدۇ، ئاللاھ ئۇنىڭغا بۇ نېئمەتلەردە قانداق ئەمەل قىلدىڭ؟ دېسە، ئۇ سېنىڭ رازىلىقىڭ ئۈچۈن جەڭ قىلىپ، شېھىد بولدۇم دەيدۇ، ئاللاھ: يالغان سۆزلىدىڭ، سەن كىشىلەر سېنى باتۇر، قەھرىمان دېسۇن دەپ ئۇرۇش قىلدىڭ، بۇ ئۇنۋان ساڭا بېرىلىپ، بۇ سۆزلەر دىيىلىپ بولدى دەيدۇ، ئاندىن ئۇ دوۋزاخقا بۇيرۇلىدۇ، ئۇ يۈزىچە سۆرۈلۈپ، دوۋزاخقا تاشلىنىدۇ.

ئىككىنچىسى، ئىلىم ئۆگىنىپ، ئىلىم ئۆگىتىپ، قۇرئان ئوقۇغان كىشى بولۇپ، بۇمۇ ھۆكۈم مەيدانىغا كەلتۈرۈلىدۇ، ئاللاھ نېئمەتلىرىنى تونۇتقاندىن كېيىن، سەن بۇ نېئمەتلەردە قانداق ئەمەل قىلدىڭ؟ دېسە، ئۇ ئى ئاللاھ، مەن سىلىنىڭ رازىلىقلىرى ئۈچۈن ئىلىم ئېلىپ، ئىلىم ئۆگىتىپ، قۇرئان ئوقۇدۇم دەيدۇ، ئاللاھ ئۇنىڭغا يالغان سۆزلىدىڭ، سەن ئۆزۈڭگە ئالىم دىيىلسۇن، قارى دىيىلسۇن ئۈچۈن ئىلىم ئېلىپ، ئېلىم بېرىپ، قۇرئان ئوقۇدۇڭ، بۇلار ساڭا دىيىلىپ بولدى، بېرىلىپ بولدى دەپ ئاندىن ئۇمۇ دوۋزاخقا بۇيرۇلىدۇ، ئۇ يۈزىچە سۆرىلىپ، دوۋزاخقا تاشلىنىدۇ.

ئۈچىنچىسى بولسا، ئاللاھ مال ـ دۇنياسىنى كەڭرى ئاتاقىلغان، مال ـ دۇنيانىڭ بارلىق تۈرلىرىنى، ھەر خىللىرىنى بەرگەن كىشى بولۇپ، بۇمۇ مەيدانىغا كەلتۈرۈلىدۇ، ئاللاھ نېئمەتلەرنى تونۇتسا، ئۇ تونۇيدۇ، ئاندىن، سەن بۇ نېئمەتلەردە

قانداق ئەمەل قىلدىڭ دېسە، ئۇ، ئى ئاللاھ، سىلىنىڭ رازىلىقلىرى ئۈچۈن، سىلى چىقىم قىلىنىشنى، خەژلەشنى ياخشى كۆرىدىغان بارلىق يوللارنىڭ بىرىنىمۇ قويماي خەژلىدىم، نەپىقە، سەدىقە قىلدىم دەيدۇ، ئاللاھ يالغان سۆزلىدىڭ، سەن ئۇماللارنى رىيا قىلىپ، باشقىلار سېنى سېخى دەپ قالسۇن ئۈچۈن، سېخى دېگەن نامغا ئېرىشىش ئۈچۈن خەژلىدىڭ، بۇمۇ ساڭا دېيىلىپ بولدى دەيدۇ، ئاندىن ئۇمۇ دوۋزاخقا بۇيرۇلىدۇ، ئۇمۇ يۈزىچە سۆرۈلۈپ، دوۋزاخقا تاشلىنىدۇ، ئەھمەد، مۇسلىم، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ، بۇ ھەدىستە رىياخور، شۆھرەتپەرەس، مەنمەنچى، خەخ دەپ ئىش قىلىدىغان، يالغان شېھىد، تاماخور داموللا، رىياخور سېخى دوۋزاخقا ھۆكۈم قىلىندى، بۇ قىلمىشلار هارام ئىكەن، چۈنكى، ئازاب بېرىلىدى.

### 884 - باب بيان قدر ثواب من غزا فغنم ومن لم يغنم

**4878 - حدّثنا عَبْدُ بْنُ حُمَيْدٍ. حَدّثنَا عَبْدُ اللّهِ بْنُ يَزِيدَ، أَبُو عَبْدِ الرّحْمَنِ. حَدّثنَا حَيْوَةُ بْنُ شُرَيْحٍ عَنْ أَبِي هَانِىءٍ، عَنْ أَبِي عَبْدِ الرّحْمَنِ الْحُبُلِيّ، عَنْ عَبْدِ اللّهِ بْنِ عَمْرٍو أَنّ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم قَالَ «مَا مِنْ غَازِيَةٍ تَغْزُو فِي سَبِيلِ اللّهِ فَيُصِيبُونَ الْغَنِيمَةَ، إلاّ تَعَجّلُوا ثُلُثَيْ أَجْرِهِمْ مِنَ الاخِرَةِ. وَيَبْقَى لَهُمُ الثّلُثُ. وَإِنْ لَمْ يُصِيبُوا غَنِيمَةً تَمّ لَهُمْ أَجْرُهُمْ».**

ئىبنى ئەمرۇ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاللاھ يولىدا ئۇرۇش قىلغان قوشۇن، غەنىيمەتكە يەتسە، ئۇلارغا ئاخىرەتتىكى ئەجرىنىڭ ئۈچتەن ئىككى قىسمى مۇشۇ دۇنيادىلا تېز بېرىلگەن بولىدۇ، ئۇلارغا ئەجرىنىڭ ئۈچتەن بىرى قالىدۇ، ئەگەر غەنىيمەتكە قەتئىي ئېرىشەلمىسە، ئۇلارنىڭ ئەجىر، ساۋابى تولۇق بېرىلىدۇ. ئەھمەد، مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد، نەسەئى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

**4879 - حدّثني مُحَمّدُ بْنُ سَهْلٍ التّمِيمِيّ. حَدّثنَا ابْنُ أَبِي مَرْيَمَ. أَخْبَرَنَا نَافِعُ بْنُ يَزِيدَ. حَدّثنِي أَبُو هَانِىءٍ. حَدّثنِي أَبُو عَبْدِ الرّحْمَنِ الْحُبُلِيّ عَنْ عَبْدِ اللّهِ بْنِ عَمْرٍو قَالَ: قَالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم «مَا مِنْ غَازِيَةٍ أَوْ سَرِيّةٍ تَغْزُو فَتَغْنَمُ وَتَسْلَمُ إلاّ كَانُوا قَدْ تَعَجّلُوا ثُلُثَيْ أُجُورِهِمْ. وَمَا مِنْ غَازِيَةٍ أَوْ سَرِيّةٍ تَخْفِقُ وَتُصَابُ إلاّ تَمّ أُجُورُهُمْ».**

ئىبنى ئەمرۇ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاللاھ يولىدا ئۇرۇش قىلغان ھەرقانداق بىر قوشۇن، غەنىيمەتكە يەتسە،مۇسىيبەتتىن سالامەت قالسا، ئۇلارغا ئاخىرەتتىكى ئەجرىنىڭ ئۈچتەن ئىككى قىسمى مۇشۇ دۇنيادىلا تېز بېرىلگەن بولىدۇ، ئۇلارغا ئەجرىنىڭ ئۈچتەن بىرى قالىدۇ، ئەگەر غەنىيمەتكە قەتئىي ئېرىشەلمىسە،ئۇنىڭ ئۈستىگە مۇسىيبەتكە يەتسە، ئۇلارنىڭ ئەجىر، ساۋابى تولۇق بېرىلىدۇ. ئەھمەد، مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد، نەسەئى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

### 885 - باب قوله صلى الله عليه وسلم «إنما الأعمال بالنية» وأنه يدخل فيه الغزو وغيره من الأعمال

**4880 - حدّثنا عَبْدُ اللّهِ بْنُ مَسْلَمَةَ بْنِ قَعْنَبٍ. حَدّثنَا مَالِكٌ عَنْ يَحْيَى بْنِ سَعِيدٍ، عَنْ مُحَمّدِ بْنِ إِبْرَاهِيمَ، عَنْ عَلْقَمَةَ بْنِ وَقّاصٍ، عَنْ عُمَرَ بْنِ الْخَطّابِ قَالَ: قَالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم «إِنّمَا الأَعْمَالُ بِالنّيّةِ. وَإِنّمَا لاِمْرِىءٍ مَا نَوَى. فَمَنْ كَانَتْ هِجْرَتُهُ إِلَى اللّهِ وَرَسُولِهِ، فَهِجْرَتُهُ إِلَى اللّهِ وَرَسُولِهِ. وَمَنْ كَانَتْ هِجْرَتُهُ لِدُنْيَا يُصِيبُهَا أَوِ امْرَأَةٍ يَتَزَوّجُهَا، فَهِجْرَتُهُ إِلَى مَا هَاجَرَ إِلَيْهِ».**

**4881 - حدّثنا مُحَمّدُ بْنُ رُمْحِ بْنِ الْمُهَاجِرِ. أَخْبَرَنَا اللّيْثُ. ح وَحَدّثنَا أَبُو الرّبِيعِ الْعَتَكِيّ. حَدّثنَا حَمّادُ بْنُ زَيْدٍ. ح وَحَدّثنَا مُحَمّدُ بْنُ الْمُثنّى. حَدّثنَا عَبْدُ الْوَهّابِ (يَعْنِي الثقفِيّ). ح وَحَدّثنَا إِسْحَقُ بْنُ إِبْرَاهِيمَ. أَخْبَرَنَا أَبُو خَالِدٍ الأَحْمَرُ، سُلَيْمَانُ بْنُ حَيّانَ. ح وَحَدّثنَا مُحَمّدُ بْنُ عَبْدِ اللّهِ بْنِ نُمَيْرٍ. حَدّثنَا حَفْصٌ (يَعْنِي ابْنَ غِيَاثٍ) وَ يَزِيدُ بْنُ هَارُونَ. ح وَحَدّثنَا مُحَمّدُ بْنُ الْعَلاَءِ الْهَمْدَانِيّ. حَدّثنَا ابْنُ الْمُبَارَكِ. ح وَحَدّثنَا ابْنُ أَبِي عُمَرَ. حَدّثنَا سُفْيَانُ. كُلّهُمْ عَنْ يَحْيَى بْنُ سَعِيدٍ بِإِسْنَادِ مَالِكٍ وَمَعْنَى حَدِيثِهِ.**

وَفِي حَدِيثِ سُفْيَانَ: سَمِعْتُ عُمَرَ بْنَ الْخَطَّابِ عَلَى الْمِنْبَرِ يُخْبِرُ عَنِ النَّبِيِّ صلى الله عليه وسلم.

ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن بارلىق ئەمەللەرنىڭ دۇرۇس بولۇشى، نىيەتلەرگە باغلىق بولىدۇ.(قوبۇل بولۇشى،كۆپلەپ ئەجىر بېرىلىشى ئىخلاسقا،ساپ نىيەتكە باغلىقتۇر)ھەر بىر كىشىگە (ئۇنىڭ ئەمىلىدە)ئۇ نىيەت قىلغان نەرسە بېرىلىدۇ.كىمنىڭ ھىجرىتى الله ۋە الله نىڭ ئەلچىسىنىڭ رازىلىقى ئۈچۈن بولسا،ئۇنىڭ ھىجرىتى، الله ۋە الله نىڭ ئەلچىسىگە بولغان بولۇپ،(ئۇ ئەجرىنى تولۇق ئالىدۇ) . كىمنىڭ ھىجرىتى بۇ دۇنيادا پۇل ـ مالغا ئېرىشىش ئۈچۈن ياكى بىرەر ئايالنى نىكاھلاپ ئېلىش ئۈچۈن بولسا،ئۇ ھىجرىتىدىن شۇنى تاپىدۇ . (ئەجىر بېرىلمەيدۇ). بۇخارىي،مۇسلىم بىرلىككەكەلگەن ھەدىس.

## 886 ـ باب استحباب طلب الشهادة في سبيل الله تعالى

## شېھىد بولۇشنى تەلەپ قىلىش ۋە الله يولىدا جەڭ قىلماي ئۆلگەن كىشىنىڭ گۇناھى توغرىسىدا

4882 ـ حدّثنا شَيْبَانُ بْنُ فَرّوخَ. حَدّثنَا حَمّادُ بْنُ سَلَمَةَ. حَدّثنَا ثَابِتٌ عَنْ أَنَسِ بْنِ مَالِكٍ قَالَ: قَالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم «مَنْ طَلَبَ الشّهَادَةَ صَادِقاً، أُعْطِيَهَا، وَلَوْ لَمْ تُصِبْهُ».

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم چىن قەلبىدىن سەممىي سادىقلىق بىلەن شېھىد بولۇشنى سورىسا، گەرچە ئۇ كىشىگە ئاللاھ يولىدا ئۆلتۈرۈلۈپ شېھىد بولۇش يەتمىسىمۇ شېھىدلىق بېرىلىدۇ. (يا ئەجىر بېرىلىدۇ). ئەھمەد، مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.

4883 ـ حدّثني أَبُو الطّاهِرِ وَ حَرْمَلَةُ بْنُ يَحْيَىَ (وَاللّفْظُ لِحَرْمَلَةَ) (قَالَ أَبُو الطّاهِرِ: أَخْبَرَنَا. وقَالَ: حَرْمَلَةُ: حَدّثنَا عَبْدُ اللّهِ بْنُ وَهْبٍ). حَدّثنِي أَبُو شُرَيْحٍ أَنّ سَهْلَ بْنَ أَبِي أُمَامَةَ بْنِ سَهْلِ بْنِ حُنَيْفٍ حَدّثهُ عَنْ أَبِيهِ، عَنْ جَدّهِ أَنّ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم قَالَ «مَنْ سَأَلَ اللّهَ الشّهَادَةَ بِصِدْقٍ، بَلّغَهُ اللّهُ مَنَازِلَ الشّهَدَاءِ، وَإِنْ مَاتَ عَلَىَ فِرَاشِهِ» وَلَمْ يَذْكُرْ أَبُو الطّاهِرِ فِي حَدِيثِهِ «بِصِدْقٍ».

سەھلى ئىبنى ھەنىيفە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم ئاللاھتائالادىن سەممىي، راستچىللىق بىلەن چىن دىلىدىن شېھىد بولۇشنى سورىسا، گەرچە ئۇ كىشى ئۆز كۆرپىسى ئۈستىدە ئۆلسىمۇ، ئاللاھ ئۇنى شېھىدلەرنىڭ مەنزىل مەرتىبىلىرىگە يەتكۈزىدۇ. مۇسلىم ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى تۆت كىتاب تو، سەھىھ

## 887 ـ باب ذم من مات ولم يغز، ولم يحدث نفسه بالغزو

4884 ـ حدّثنا مُحَمّدُ بْنُ عَبْدِ الرّحْمَنِ بْنِ سَهْمٍ الأَنْطَاكِيّ. أَخْبَرَنَا عَبْدُ اللّهِ بْنُ الْمُبَارَكِ عَنْ وُهَيْبٍ الْمَكّيّ، عَنْ عُمَرَ بْنِ مُحَمّدِ بْنِ الْمُنْكَدِرِ، عَنْ سُمَيَ، عَنْ أَبِي صَالِحٍ، عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ قَالَ: قَالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم «مَنْ مَاتَ وَلَمْ يَغْزُ، وَلَمْ يُحَدّثْ بِهِ نَفْسَهُ، مَاتَ عَلَىَ شُعْبَةٍ مِنْ نِفَاقٍ». قَالَ ابْنُ سَهْمٍ: قَالَ عَبْدُ اللّهِ بْنُ الْمُبَارَكِ: فَنُرَى أَنّ ذَلِكَ كَانَ عَلَى عَهْدِ رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم.

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم غازات، جەڭ قىلماي، ئاللاھ يولىدا جەڭ قىلىشنى قەلبىگە، كۆڭلىگە، خىيالىغىمۇ كەلتۈرۈپ باقماي، ئۆلۈپ كەتسە، ئۇ كىشى مۇناپىقلىقنىڭ بىر شاخچىسى ئۈستىدە ئۆلگەن بولىدۇ. ئەھمەد، مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

## 888 ـ باب ثواب من حبسه عن الغزو مرض أو عذر آخر

4885 ـ حدّثنا عُثْمَانُ بْنُ أَبِي شَيْبَةَ. حَدّثنَا جَرِيرٌ عَنِ الأَعْمَشِ، عَنْ أَبِي سُفْيَانَ، عَنْ جَابِرٍ قَالَ: كُنّا مَعَ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم فِي غَزَاةٍ. فَقَالَ «إِنّ بِالْمَدِينَةِ لَرِجَالاً مَا سِرْتُمْ مَسِيراً وَلاَ قَطَعْتُمْ وَادِياً، إِلاّ كَانُوا مَعَكُمْ. حَبَسَهُمُ الْمَرَضُ».

**4886 ـ وحدّثنا يَحْيَى بْنُ يَحْيَى. أَخْبَرَنَا أَبُو مُعَاوِيَةَ. ح وَحَدّثَنَا أَبُو بَكْرِ بْنُ أَبِي شَيْبَةَ وَ أَبُو سَعِيدٍ الأَشَجّ. قالاَ: حَدّثَنَا وَكِيعٌ. ح وَحَدّثَنَا إِسْحَقُ بْنُ إِبْرَاهِيمَ. أَخْبَرَنَا عِيسَى بْنُ يُونُسَ. كُلّهُمْ عَنِ الأَعْمَشِ بِهَـٰذَا الإِسْنَادِ. غَيْرَ أَنّ فِي حَدِيثِ وَكِيعٍ «إِلاّ شَرِكُوكُمْ فِي الأَجْرِ».**

**ط** ئەنەس، جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم تەبۇك ئۇرۇشىدىن قايتىپ كېلىۋېتىپ، مەدىنىنگە يېقىن قالغاندا مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن مەدىنىدە بىر تۈركۈم قەۋملەر باركى، سىلەر بىرەر ئۇرۇش مەيدانىغا سەپەر قىلساڭلار، بىرەر نەپىقە، چىقىم، سەدىقە قىلساڭلار، بىرەر يېرزا ــ قىشلاقلارنى بېسىپ ئۆتسەڭلار، ئۇلار سىلەر بىلەن شۇ ئىشلاردا ئەجىردە بىللە بولىدۇ،سىلەرگە شېرىك بولىدۇ.ئۇلار؛ ئى الله نىڭ ئەلچىسى! ئۇلار مەدىنىدە تۇرسا، دېگەندە، رەسۇلۇللاھ؛ ئۇلار مەدىنىدە بولغان بولسىمۇ، ئۇلارغا ئۆزرىسى كۈيايە بولىدۇدېدى. بۇ ھەدىسنى ئەھمەد، بۇخارى، ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ماجە، مۇسلىملار توپلىغان، سەھىھ.

## 889 ـ باب فضل الغزو في البحر دېڭىزدىكى غازاتنىڭ پەزىلىتى

**4887 ـ حدّثنا يَحْيَى بْنُ يَحْيَى. قالَ: قَرَأْتُ عَلَى مَالِكٍ عَنْ إِسْحَقَ بْنِ عَبْدِ اللّهِ بْنِ أَبِي طَلْحَةَ، عَنْ أَنَسِ بْنِ مَالِكٍ أَنّ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم كَانَ يَدْخُلُ عَلَى أُمّ حَرَامٍ بِنْتِ مِلْحَانَ فَتُطْعِمُهُ. وَكَانَتْ أُمّ حَرَامٍ تَحْتَ عُبَادَةَ بْنِ الصّامِتِ. فَدَخَلَ عَلَيْهَا رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم يَوْماً فَأَطْعَمَتْهُ. ثُمّ جَلَسَتْ تَفْلِي رَأْسَهُ. فَنَامَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم، ثُمّ اسْتَيْقَظَ وَهُوَ يَضْحَكُ. قَالَتْ: فَقُلْتُ: مَا يُضْحِكُكَ؟ يَا رَسُولَ اللّهِ قَالَ: «نَاسٌ مِنْ أُمّتِي عُرِضُوا عَلَيّ غُزَاةً فِي سَبِيلِ اللّهِ. يَرْكَبُونَ ثَبَجَ هَـٰذَا الْبَحْرِ. مُلُوكاً عَلَى الأَسِرّةِ. أَوْ مِثْلَ الْمُلُوكِ عَلَى الأَسِرّةِ». (يَشُكّ أَيّهُمَا قَالَ) قَالَتْ فَقُلْتُ: يَا رَسُولَ اللّهِ ادْعُ اللّهِ أَنْ يَجْعَلَنِي مِنْهُمْ. فَدَعَا لَهَا. ثُمّ وَضَعَ رَأْسَهُ فَنَامَ. ثُمّ اسْتَيْقَظَ وَهُوَ يَضْحَكُ. قَالَتْ فَقُلْتُ: مَا يُضْحِكُكَ؟ يَا رَسُولَ اللّهِ قَالَ: «نَاسٌ مِنْ أُمّتِي عُرِضُوا عَلَيّ غُزَاةً فِي سَبِيلِ اللّهِ» كَمَا قَالَ فِي الأُولَى. قَالَتْ فَقُلْتُ: يَا رَسُولَ اللّهِ ادْعُ اللّهَ أَنْ يَجْعَلَنِي مِنْهُمْ. قَالَ «أَنْتِ مِنَ الأَوّلِينَ».**

**4888 ـ حدّثنا خَلَفُ بْنُ هِشَامٍ. حَدّثَنَا حَمّادُ بْنُ زَيْدٍ عَنْ يَحْيَى بْنِ سَعِيدٍ، عَنْ مُحَمّدِ بْنِ يَحْيَى بْنِ حَبّانَ، عَنْ أَنَسِ بْنِ مَالِكٍ، عَنْ أُمّ حَرَامٍ وَهِيَ خَالَةُ أَنَسٍ. قَالَتْ: أَتَانَا النّبِيّ صلى الله عليه وسلم يَوْماً. فَقَالَ عِنْدَنَا. فَاسْتَيْقَظَ وَهُوَ يَضْحَكُ. فَقُلْتُ: مَا يُضْحِكُكَ؟ يَا رَسُولَ اللّهِ بِأَبِي أَنْتَ وَأُمِي قَالَ «أُرِيتُ قَوْماً مِنْ أُمّتِي يَرْكَبُونَ ظَهْرَ الْبَحْرِ. كَالْمُلُوكِ عَلَى الأَسِرّةِ» فَقُلْتُ: ادْعُ اللّهَ أَنْ يَجْعَلَنِي مِنْهُمْ. قَالَ «فَإِنّكِ مِنْهُمْ» قَالَتْ: ثُمّ نَامَ فَاسْتَيْقَظَ أَيْضاً وَهُوَ يَضْحَكُ. فَسَأَلْتُهُ. فَقَالَ مِثْلَ مَقَالَتِهِ. فَقُلْتُ: ادْعُ اللّهَ أَنْ يَجْعَلَنِي مِنْهُمْ. قَالَ «أَنْتَ مِنَ الأَوّلِينَ». قَالَ: فَتَزَوّجَهَا عُبَادَةُ بْنُ الصّامِتِ، بَعْدُ، فَغَزَا فِي الْبَحْرِ فَحَمَلَهَا مَعَهُ. فَلَمّا أَنْ جَاءَتْ قُرّبَتْ لَهَا بَغْلَةٌ. فَرَكِبَتْهَا. فَصَرَعَتْهَا. فَانْدَقّتْ عُنُقُهَا.**

**4889 ـ وحدّثناه مُحَمّدُ بْنُ رُمْحِ بْنِ الْمُهَاجِرِ وَ يَحْيَى بْنُ يَحْيَى. قالاَ: أَخْبَرَنَا اللّيْثُ عَنْ يَحْيَى بْنِ سَعِيدٍ، عَنِ ابْنِ حَبّانَ، عَنْ أَنَسِ بْنِ مَالِكٍ، عَنْ خَالَتِهِ أُمّ حَرَامٍ بِنْتِ مِلْحَانَ أَنّهَا قَالَتْ: نَامَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم يَوْماً قَرِيباً مِنّي. ثُمّ اسْتَيْقَظَ يَتَبَسّمُ. قَالَتْ فَقُلْتُ: يَا رَسُولَ اللّهِ مَا أَضْحَكَكَ؟ قَالَ: «نَاسٌ مِنْ أُمّتِي عُرِضُوا عَلَيّ. يَرْكَبُونَ ظَهْرَ هَـٰذَا الْبَحْرِ الأَخْضَرِ» ثُمّ ذَكَرَ نَحْوَ حَدِيثِ حَمّادِ بْنِ زَيْدٍ.**

**4890 ـ وحدّثني يَحْيَى بْنُ أَيّوبَ وَ قُتَيْبَةُ وَ ابْنُ حُجْرٍ. قَالُوا: حَدّثَنَا إِسْمَاعِيلُ (وَهُوَ ابْنُ جَعْفَرٍ) عَنْ عَبْدِ اللّهِ بْنِ عَبْدِ الرّحْمَـنِ أَنّهُ سَمِعَ أَنَسَ بْنَ مَالِكٍ يَقُولُ: أَتَى رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم ابْنَةَ مِلْحَانَ، خَالَةَ أَنَسٍ. فَوَضَعَ رَأْسَهُ عِنْدَهَا. وَسَاقَ الْحَدِيثَ بِمَعْنَى حَدِيثِ إِسْحَقَ بْنِ أَبِي طَلْحَةَ وَمُحَمّدِ بْنِ يَحْيَى بْنِ حَبّانَ.**

ئەنەس، ئۇممە ھەرام رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن، رەسۇلۇللاھ ئۇبادەنىڭ ئايالى ئۇممە ھەرامنىڭ ئۆيىگە پات ـ پات كىرىپ تۇراتتى، بىر كۈنى كىرىۋىدى، ئۇ رەسۇلۇللاھقا تاماق بەردى، ئاندىن ئولتۇرۇپ، رەسۇلۇللاھنىڭ بېشىدا پىت بارمۇ؟ ـ يوق قاراۋاتاتتى، رەسۇلۇللاھ ئۇخلاپ قالدى، ئاندىن كۈلگەن ھالدا ئويغاندى، مەن ؛ ئى الله نىڭ ئەلچىسى!سىلىنى نىمە كۈلدۈردى؟دېسەم، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئۈممىتىمدىن بىر تۈركۈم كىشىلەر ئاللاھ يولىدا غازات قىلغان ھالىتىدە ماڭا تەڭلىنىپ كۆرسىتىلدى. ئۇلار مۇشۇ دېڭىزنىڭ يۈزىدە، قاپ ئوتتۇرىدا خۇددى پادىشاھلار تەختى ئۈستىدە خاتىرجەم ئولتۇرغاندەك خاتىرجەم، كەڭ ــ كۇشادە سەپەر قىلىۋاتقىدەك. مەن ؛ ئى الله نىڭ

ئەلچىسى!الله نىڭ مېنى شۇلارنىڭ جۈملىسىدىن قىلىپ قويۇشىغا دۇئا قىلىپ قويسىلا دېسەم، ماڭا دۇئا قىلىپ قويدى، ئاندىن بېشىنى قويۇپ يەنە ئۇخلاپ قالدى، ئاندىن كۈلگەن ھالدا ئويغاندى، مەن ؛ ئى الله نىڭ ئەلچىسى!سىلىنى نېمە كۈلدۈردى؟دېسەم، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئۇممىتىمدىن بىر تۈركۈم كىشىلەر ئاللاھ يولىدا غازات قىلغان ھالىتىدە ماڭا تەڭلىنىپ كۆرسىتىلدى دەپ، تۇنجى قېتىمقىدەك دېدى، مەن؛ ئى الله نىڭ ئەلچىسى!الله نىڭ مېنى شۇلارنىڭ جۈملىسىدىن قىلىپ قويۇشىغا دۇئا قىلىپ قويسىلا دېسەم، سەن دېگەن ئەۋۋەلقىلەرنىڭ جۈملىسىدىن بولۇپ بولدۇڭ دېدى، ئۇممە ھەرام رەزىيەللاھۇ ئەنھا، مۇئاۋىيە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ زامانىدا دېڭىزغا ئۇرۇش سەپىرى ئۈچۈن چىقىپ، دېڭىزدىن چىققاندا ئۇلىغىدىن يىقىلىپ چۈشۈپ، الله يولىدا شېھىد بولدى.بۇخارى 5810 ــ ھەدىس،مۇسلىم نەسەئى 3120 ــھەدىسى،بەيھەقى، تىرمىزى، ئىبنى ماجە، ئەھمەد ،سەھىھ.

## 890 - باب فضل الرباط في سبيل الله عز وجل

**4891 ــ حدّثنا عَبْدُ اللّهِ بْنُ عَبْدِ الرّحْمَنِ بْنِ بَهْرَامٍ الدّارمِيّ. حَدّثَنَا أَبُو الْوَلِيدِ الطّيَالِسِيّ. حَدّثَنَا لَيْثٌ (يَعْنِي ابْنَ سَعْدٍ) عَنْ أَيّوبَ بْنِ مُوسَىَ، عَنْ مَكْحُولٍ، عَنْ شُرَحْبِيلَ بْنِ السِمِطِ، عَنْ سَلْمَانَ قَالَ: سَمِعْتُ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم يَقُولُ: «رِبَاطُ يَوْمٍ وَلَيْلَةٍ خَيْرٌ مِنْ صِيَامِ شَهْرٍ وَقِيَامِهِ. وَإِنْ مَاتَ، جَرَىَ عَلَيْهِ عَمَلُهُ الّذِي كَانَ يَعْمَلُهُ، وَأُجْرِيَ عَلَيْهِ رِزْقُهُ، وَأَمِنَ الْفَتّانَ».**

**4892 ـ حدّثني أَبُو الطّاهِرِ. أَخْبَرَنَا ابْنُ وَهْبٍ عَنْ عَبْدِ الرّحْمَنِ بْنِ شُرَيْحٍ، عَنْ عَبْدِ الْكَرِيمِ بْنِ الْحَارِثِ، عَنْ أَبِي عُبَيْدَةَ بْنِ عُقْبَةَ، عَنْ شُرَحْبِيلَ بْنِ السِمِطِ، عَنْ سَلْمَانَ الْخَيْرِ، عَنْ رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم بِمَعْنَىَ حَدِيثِ اللّيْثِ عَنْ أَيّوبَ بْنِ مُوسَىَ.**

سەلمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاللاھ يولىدا بىر كېچە ــ كۈندۈز ئۇرۇش تەييارلىق قىلىش، بىر ئاي روزا تۇتقاندىن كېچىلىرى قىيامدا تۇرغاندىن ياخشىراقتۇر، ئەگەر مۇجاھىد تەييارلىق قىلغان ھالدا ئۆلۈپ كەتسە، ئۇ قىلماقچى بولغان ئەمەللىرى ئۇنىڭغا يېتىپ تۇرىدۇ، ئۇنىڭغا جەننەتتىن ر ىزىق يېتىپ تۇرىدۇ، ئۇ قەبرىدىكى سوراق ــ سۇئالدىن ئازابدىن ئەمىن، خاتىرجەم قىلىنىدۇ، مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.

## 891 - باب بيان الشهداء شېھىدلەرنىڭ بايانى

**4893 ـ حدّثنا يَحْيَى بْنُ يَحْيَىَ. قَالَ: قَرَأْتُ عَلَىَ مَالِكٍ عَنْ سُمَيَ، عَنْ أَبِي صَالِحٍ، عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ أَنّ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم قَالَ «بَيْنَمَا رَجُلٌ، يَمْشِي بِطَرِيقٍ، وَجَدَ غُصْنَ شَوْكٍ عَلَى الطّرِيقِ. فَأَخّرَهُ. فَشَكَرَ اللّهُ لَهُ. فَغَفَرَ لَهُ». وَقَالَ: «الشّهَدَاءُ خَمْسَةٌ: الْمَطْعُونُ، وَالْمَبْطُونُ، وَالْغَرِقُ، وَصَاحِبُ الْهَدْمِ، وَالشّهِيدُ فِي سَبِيلِ اللّهِ عَزّ وَجَلّ».**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بىر چاغدا بىر كىشى يولدا كېتىۋېتىپ، يول ئۈستىدە تىكەنلىك بىر شاخنى ئۇچرىتىپ ئۇنى زىيان سالالمىغىدەك جايغا سۈرۈۋەتتى، شۇنىڭ بىلەن ئاللاھ ئۇ كىشىدىن رازى بولۇپ، ئۇ كىشى ئۈچۈن مەغپىرەت قىلدى، ۋە يەنە مۇنداق دېگەن: شېھىد لەر بەش تۈرلۈك بولىدۇ، ۋابادا ئۆلگەن، قورسىقى ئاغرىپ ئۆلگەن، سۇدا غەرىق بولۇپ، تام، بىنا بېسىۋېلىپ ئۆلگەن، ئاللاھ يولىدا ئۆلگەن

كىشىلەر شېھىددۇر، مالىك، بەيھەقى، بۇخارى،مۇسلىم، تىرمىز توپلىغان، سەھىھ. ئاللاھ يولىدا ئۆلتۈرۈلگەن كىشى ھەقىقى شېھىد، بۇنى شېھىد دەيمىز، قالغانلىرى بولسا، ھۆكۈمدە شېھىد، ئاخىرەتتە شېھىدنىڭ ئەجرى بېرىلىدىغان ھۆكمەن شېھىددۇر.

**4894 ـ وحدّثني زُهَيْرُ بْنُ حَرْبٍ. حَدّثَنَا جَرِيرٌ عَنْ سُهَيْلٍ، عَنْ أَبِيهِ، عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ قَالَ: قَالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم «مَا تَعُدّونَ الشّهِيدَ فِيكُمْ؟» قَالُوا: يَا رَسُولَ اللّهِ مَنْ قُتِلَ فِي سَبِيلِ اللّهِ فَهُوَ شَهِيدٌ. قَالَ «إِنّ شُهَدَاءَ أُمّتِي إِذاً لَقَلِيلٌ» قَالُوا: فَمَنْ هُمْ؟ يَا رَسُولَ اللّهِ قَالَ: «مَنْ قُتِلَ فِي سَبِيلِ اللّهِ فَهُوَ شَهِيدٌ. وَمَنْ مَاتَ فِي سَبِيلِ اللّهِ فَهُوَ شَهِيدٌ. وَمَنْ مَاتَ فِي الطّاعُونِ فَهُوَ شَهِيدٌ. وَمَنْ مَاتَ فِي الْبَطْنِ فَهُوَ شَهِيدٌ». قَالَ ابْنُ مِقْسَمٍ: أَشْهَدُ عَلَىَ أَبِيكَ، فِي هَـٰذَا الْحَدِيثِ أَنّهُ قَالَ «وَالْغَرِيقُ شَهِيدٌ».**

ئەبۇ ھۈرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: سىلەر ئاراڭلاردا قانداق كىشىنى شېھىد دەپ سانايسىلەر؟ ئۇلار: ئى الله نىڭ ئەلچىسى! الله يولىدا ئۆلتۈرۈلگەنلا كىشى شېھىد دېدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: ئۇنداقتا مېنىڭ ئۈممىتىمنىڭ شېھىد بولىدىغان كىشىلىرى بەكلا ئاز بولۇپ قالامدۇ؟ كىم، ئاللاھ يولىدا ئۆلتۈرۈلسە، ئۇ شېھىد، كىم ئاللاھ يولىدا ئۆلسىمۇ ئۇمۇ شېھىد بولىدۇ. ۋابادا، قورساق ئاغرىقىدا ئۆلسە، سۇدا غەرىق بولسا ئۇ كىشىمۇ شېھىد بولىدۇدېدى. مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.   جابىر ئىبنى ئەتىيكە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، ئۇنىڭ بوۋىسى ئاغرىپ قالغاندا، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم يوقلاپ كەلگەن، بىرسى بىز سېنىڭ ئاللاھ يولىدا ئۆلتۈرۈلۈپ، شېھىد بولۇشىڭنى ئارزۇ قىلاتتۇق دېدى، ئاندىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنداقتا مېنىڭ ئۈممىتىمنىڭ شېھىد بولىدىغان كىشىلىرى بەكلا ئاز بولۇپ قالامدۇ؟ ئاللاھ يولىدا ئۆلتۈرۈلۈش، شېھىدلىق بولىدۇ، ۋابا كېسىلىدە ئۆلگەن كىشى شېھىد بولىدۇ، ئىككى قات، ھامىلدار ھالەتتە ئۆلۈپ كەتكەن ئايال شېھىد بولىدۇ، سۇدا غەرىق بولۇپ، ئوتتا كۆيدۈرۈلۈپ ئۆلگەن كىشى شېھىد بولىدۇ، زاتۇلجەنبى دېگەن كېسەلدە، ئۆلگەن كىشى شېھى بولىدۇ، (بۇ كېسەل، مۇتلەق بىقىنى ئاغرىش ياكى قورساقتا جاراھەت چىقىش ياكى سىلسىلە كېسەل،ئىچكى كىسەل ) بۇ ھەدىس ئىبنى ماجە   2793 _ ھەدىس، نەسەئى   1823 _ ھەدىس، ئەبۇ داۋۇد   2704 _ ھەدىس، ئەھمەد 22635 ـ ھەدىس، مالىك  493 _ ھەدىس، سەھىھ. ئەمما، يۇقىرقى ئىشلاردا مۇسۇلمان، مۆئمىن بولۇشى، نىيىتى خالىس بولۇشى شەرىت، باشقا ھەدىسلەردە مۇسۇلمان، مۆئمىن،الله يولىدا دېگەن شەرتلەر بار.

**4895 ـ وحدّثني عَبْدُ الْحَمِيدِ بْنُ بَيَانٍ الْوَاسِطِيّ. حَدّثَنَا خَالِدٌ عَنْ سُهَيْلٍ، بِهَـٰذَا الإِسْنَادِ، مِثْلَهُ. غَيْرَ أَنّ فِي حَدِيثِهِ: قَالَ سُهَيْلٌ: قَالَ عُبَيْدُ اللّهِ بْنُ مِقْسَمٍ: أَشْهَدُ عَلَىَ أَخِيكَ أَنّهُ زَادَ فِي هَـٰذَا الْحَدِيثِ «وَمَنْ غَرِقَ فَهُوَ شَهِيدٌ».**

**4896 ـ وحدّثني مُحَمّدُ بْنُ حَاتِمٍ. حَدّثَنَا بَهْزٌ. حَدّثَنَا وُهَيْبٌ. حَدّثَنَا سُهَيْلٌ بِهَـٰذَا الإِسْنَادِ، وَفِي حَدِيثِهِ: قَالَ: أَخْبَرَنِي عُبَيْدُ اللّهِ بْنُ مِقْسَمٍ عَنْ أَبِي صَالِحٍ، وَزَادَ فِيهِ «وَالْغَرِقُ شَهِيدٌ».**

ئابدۇللى ئىبنى مىقسەم رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم سۇدا غەرىق بولسا ئۇ كىشىمۇ شېھىد بولىدۇ. مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.

**4897 ـ حدّثنا حَامِدُ بْنُ عُمَرَ الْبَكْرَاوِيّ. حَدّثنَا عَبْدُ الْوَاحِدِ (يَعْنِي ابْنَ زِيَادٍ). حَدّثنَا عَاصِمٌ عَنْ حَفْصَةَ بِنْتِ سِيرِينَ قَالَتْ: قَالَ لِي أَنَسُ بْنُ مَالِكٍ: بِمَ مَاتَ يَحْيَى بْنُ أَبِي عَمْرَةَ؟ قَالَتْ قُلْتُ: بِالطّاعُونِ. قَالَتْ فَقَالَ: قَالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم «الطّاعُونُ شَهَادَةٌ لِكُلّ مُسْلِمٍ».**

**4898 ـ وحدّثناه الْوَلِيدُ بْنُ شُجَاعٍ. حَدّثنَا عَلِيّ بْنُ مُسْهِرٍ عَنْ عَاصِمٍ فِي هَذَا الإِسْنَادِ، بِمِثْلِهِ.**

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ۋابا كېسىلى ھەربىر مۇسۇلمان ئۈچۈن شېھىدلىقتۇر، ئەھمەد، بەيھەقى، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

## 892 ـ باب فضل الرمي والحث عليه، وذم من علمه ثم نسيه ئوق ئېتىشنىڭ پەزىلىتى

**4899 ـ حدّثنا هَرُونُ بْنُ مَعْرُوفٍ. أَخْبَرَنَا ابْنُ وَهْبٍ. أَخْبَرَنِي عَمْرُو بْنُ الْحَارِثِ عَنْ أَبِي عَلِيَ، ثُمَامَةَ بْنِ شُفَيَ أَنّهُ سَمِعَ عُقْبَةَ بْنَ عَامِرٍ يَقُولُ: سَمِعْتُ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم، وَهُوَ عَلَى الْمِنْبَرِ، يَقُولُ {وَأَعِدّوا لَهُمْ مَا اسْتَطَعْتُمْ مِنْ قُوّةٍ} أَلاَ إِنّ الْقُوّةَ الرّمْيُ. أَلاَ إِنّ الْقُوّةَ الرّمْيُ. أَلاَ إِنّ الْقُوّةَ الرّمْيُ».**

ئۇقبەت ئىبنى ئامىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم نىڭ مۇنبەر ئۈستىدە، سۈرە تۆۋبىدىكى «قادىر بولالىشىڭلارچە دۈشمەنگە قارشى كۈچ ـ قۇۋۋەت جەھەتتىن تەييارلىق قىلىڭلار»دېگەن كۈچ ـ قۇۋۋەتنى تەپسىرلەپ مۇنداق دېگەن لىكى ئاڭلىدىم : ئاگاھ بولۇڭلار ، ھەقىقەتەن كۈچ ـ قۇۋۋەت، ئوق ئېتىش، ئوق ئېتىش! ئوق ئېتىش!!! دەپ ئۈچ قېتىم دېگەن. ئەھمەد، مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ، (سىلەرمۇ ئاگاھ بولۇڭلاركى، راستىنلا كۈچ ـ قۇۋۋەت، تەييارلىق، ئوق ئېتىش، بومبا ئېتىش!راكېتا ئېتىش!! ئاتوم ئېتىشتۇر!!!.)

**4900 - وحدّثنا هَرُونُ بْنُ مَعْرُوفٍ. حَدّثَنَا ابْنُ وَهْبٍ. أَخْبَرَنِي عَمْرُو بْنُ الْحَارِثِ عَنْ أَبِي عَلِيَ، عَنْ عُقْبَةَ بْنِ عَامِرٍ قَالَ: سَمِعْتُ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم يَقُولُ «سَتُفْتَحُ عَلَيْكُمْ أَرَضُونَ. وَيَكْفِيكُمُ اللّهُ. فَلاَ يَعْجِزُ أَحَدُكُمْ أَنْ يَلْهُوَ بِأَسْهُمِهِ».**

ئۇقبەت ئىبنى ئامىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: يات يېقىندا سىلەرگە رۇم زېمىنى ۋە نۇرغۇن زېمىنلار ئىشغال قىلىنىدۇ، سىلەرگە ئاللاھ كۇپايە بولىدۇ، شۇ چاغدىمۇ بىرىڭلار ئوق ئوقيالىرىنى تەييارلاپ، قارىغا ئېتىپ تۇرۇشتىن ئاجىز كەلمىسۇن، ئەھمەد، مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.

**4901 ـ حدّثنا مُحَمّدُ بْنُ رُمْحِ بْنِ الْمُهَاجِرِ. أَخْبَرَنَا اللّيْثُ عَنِ الْحَارِثِ بْنِ يَعْقُوبَ، عَنْ عَبْدِ الرّحْمَنِ بْنِ شِمَاسَةَ أَنّ فُقَيْماً اللّخْمِيّ قَالَ لِعُقْبَةَ بْنِ عَامِرٍ: تَخْتَلِفُ بَيْنَ هَذَيْنِ الْغَرَضَيْنِ، وَأَنْتَ كَبِيرٌ يَشُقّ عَلَيْكَ. قَالَ عُقْبَةَ: لَوْلاَ كَلاَمٌ سَمِعْتُهُ مِنْ رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم، لَمْ أُعَانِيهِ. قَالَ الْحَارِثُ: فَقُلْتُ لاِبْنِ شُمَاسَةَ: وَمَا ذَاكَ؟ قَالَ: إِنّهُ قَالَ «مَنْ عَلِمَ الرّمْيَ ثُمّ تَرَكَهُ، فَلَيْسَ مِنّا، أَوْ قَدْ عَصَى».**

ئۇقبەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم ئوق ئېتىشنى، قارىغا ئېتىشنى بىلىپ، ياخشى ئۆگىنىپ، ئاندىن ئۇنى تەرك ئېتىپ تاشلىۋەتسە، ئۇ بىزدىن ئەمەس. (يەنى ئەخلاقىمىزدىن، باتۇرئەسكەرلىرىمىزدىن ئەمەس،ئۇ ئاسىيدۇر). مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ. ئۇقبەت ئىبنى ئامىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم ئوق ئېتىشنى، قارىغا ئېتىشنى ياخشى ئۆگەنگەندىن كېيىن ئۇنىڭدىن يۈز ئۆرۈپ، تەرك ئېتىپ تاشلىۋەتسە، ھەقىقەتەن ئۇ كاتتا بىر نېئمەتكە كۇپرىلىق قىلغان بولىدۇ. تەبرانى توپلىغان سەھىھ. راست! ئوق ئېتىش، قارىغا ئېتىش كاتتا نېئمەتتۇر، ئۇ جەڭ مەيدانىدا مىسلىسىز نېئمەتتۇر، قارىغا

ئېيتىپ، نىشانلاپ ئاتقان كاپىرنىڭ بارلىق نەرسىلىرى غەنىيمەتتۇر، تېخى ئاخىرەتتىكى دەرىجىلەر ئۇنىڭدىن زور نىئمەتتۇر. سەئدى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئوقيا ئېتىشنى، قارىغا ئېتىشنى لازىم تۇتۇڭلار، چۈنكى، ئۇ ئويۇنلىرىڭلارنىڭ ياخشىسىدۇر،بەزار، تەبرانى ئەۋسەتتە توپلىغان، سەھىھ.

### *893 ـ باب قوله صلى الله عليه وسلم «لا تزال طائفة من أمّتي ظاهرين على الحق لا يضرهم من خالفهم»*

**ئۈممىتىمدىن بىر تائىپە بىر بۆلۈك كىشىلەر ئاللاھنىڭ ئەمرى كەلگەنگە قەدەر ھەق ئۈستىدە غەلىبە قىلغان ھالدا مۇستەھكەم تۇرىدۇ، ئۇلارغا خىلاپلىق قىلغان ئاسىي بولغان كىشىلەر ھەرگىز زەرەر يەتكۈزەلمەيدۇ، دېگەن توغرىسىدا**

**4902 ـ حدّثنا سَعِيدُ بْنُ مَنْصُورِ وَ أَبُو الرّبِيعِ الْعَتَكِيّ وَ قُتَيْبَةُ بْنُ سَعِيدٍ. قالُوا: حَدّثَنَا حَمّادٌ (وَهُوَ ابْنُ زَيْدٍ) عَنْ أَيّوب، عَنْ أَبي قِلاَبَةَ، عَنْ أَبي أَسْمَاءَ، عَنْ ثَوْبَانَ قَالَ: قَالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم «لاَ تَزَالُ طَائِفَةٌ مِنْ أُمّتِي ظَاهِرِينَ عَلَى الْحَقّ. لاَ يَضُرّهُمْ مَنْ خَذَلَهُمْ. حَتّى يَأْتِيَ أَمْرُ اللّهِ وَهُمْ كَذَلِكَ». وَلَيْسَ فِي حَدِيثِ قُتَيْبَةَ «وَهُمْ كَذَلِكَ».**
**4903 ـ وحدّثنا أَبُو بَكْرِ بْنُ أَبِي شَيْبَةَ. حَدّثَنَا وَكِيعٌ. ح وَحَدّثَنَا ابْنُ نُمَيْرٍ. حَدّثَنَا وَكِيعٌ وَ عَبْدَةُ. كِلاَهُمَا عَنْ إِسْمَاعِيلَ بْنِ أَبِي خَالِدٍ. ح وَحَدّثَنَا ابْنُ أَبِي عُمَرَ (وَاللّفْظُ لَهُ). حَدّثَنَا مَرْوَانُ (يَعْنِي الْفَزَارِيّ) عَنْ إِسْمَاعِيلَ، عَنْ قَيْسٍ، عَنِ الْمُغِيرَةِ قَالَ: سَمِعْتُ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم يَقُولُ «لَنْ يَزَالَ قَوْمٌ مِنْ أُمّتِي ظَاهِرِينَ عَلَى النّاسِ، حَتّى يَأْتِيَهُمْ أَمْرُ اللّهِ، وَهُمْ ظَاهِرُونَ».**
**4904 ـ وَحَدّثَنِيهِ مُحَمّدُ بْنُ رَافِعٍ. حَدّثَنَا أَبُو أُسَامَةَ. حَدّثَنِي إِسْمَاعِيلُ عَنْ قَيْس قَالَ: سَمِعْتُ الْمُغِيرَةَ بْنَ شُعْبَةَ يَقُولُ: سَمِعْتُ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم يَقُولُ. بِمِثْلِ حَدِيثِ مَرْوَانَ. سَوَاءً.**

سەۋبان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئۈممىتىمدىن بىر تائىپە بىر بۆلۈك كىشىلەر ئاللاھنىڭ ئەمرى كەلگەنگە قەدەر ھەق ئۈستىدە غەلىبە قىلغان ھالدا مۇستەھكەم تۇرىدۇ، ئۇلارغا خىلاپلىق قىلغان ئاسىي بولغان كىشىلەر ھەرگىز زەرەر يەتكۈزەلمەيدۇ. ئۇلار ئاللاھنىڭ ئەمرى، قىيامەت ياكى ئۇلارنىڭ جانلىرىنى ئالىدىغان شامال كەلگەندىمۇ غالىپ ھالەتتە تۇرىدۇ.(ئاندىن ئۆلىدۇ) مۇسلىم، تىرمىزى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

**4905 ـ وحدّثنا مُحَمّدُ بْنُ الْمُثَنّى وَ مُحَمّدُ بْنُ بَشّارٍ. قَالاَ: حَدّثَنَا مُحَمّدُ بْنُ جَعْفَرٍ. حَدّثَنَا شُعْبَةُ عَنْ سِمَاكِ بْنِ حَرْبٍ، عَنْ جَابِرِ بْنِ سَمُرَةَ، عَنِ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم أَنّهُ قَالَ «لَنْ يَبْرَحَ هَذَا الدّينُ قَائِماً، يُقَاتِلُ عَلَيْهِ عِصَابَةٌ مِنَ الْمُسْلِمِينَ، حَتّى تَقُومَ السّاعَةُ».**

جابىر ئىبنى سۇمرەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بۇ دىن مەڭگۈ بەرپا بولۇپ داۋام قىلىدۇ، بۇ ئىسلام دىنىنى قوغداپ، مۇسۇلمانلاردىن بىر تائىپە جامائەت، قىيامەت كۈنىگىچە ئۇرۇش قىلىپ تۇرىدۇ. مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.

**4906 ـ حدّثني هَرُونَ بْنُ عَبْدِ اللّهِ وَ حَجّاجُ بْنُ الشّاعِرِ. قَالاَ: حَدّثَنَا حَجّاجُ بْنُ مُحَمّدٍ. قَالَ: قَالَ ابْنُ جُرَيْجٍ: أَخْبَرَنِي أَبُو الزّبَيْرِ أَنّهُ سَمِعَ جَابِرَ بْنَ عَبْدِ اللّهِ يَقُولُ: سَمِعْتُ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم يَقُولُ «لاَ تَزَالُ طَائِفَةٌ مِنْ أُمّتِي يُقَاتِلُونَ عَلَى الْحَقّ، ظَاهِرِينَ إِلَى يَوْمِ الْقِيَامَةِ».**

جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئۈممىتىمدىن بىر بۆلەك كىشىلەر قىيامەت كۈنىگىچە ھەق ئۈستىدە مۇستەھكەم تۇرۇپ، غەلىبە قىلغان ھالدا دۈشمەنلەرگە قارشى جەڭ قىلىپ تۇرىدۇ، ئاندىن ئەڭ ئاخىرقى تائىپە ئارىسىغا مەريەم ئوغلى ئەيسا چۈشىدۇ، ئۇنىڭغا ئۇلارنىڭ ئەمرى، خەلىپىسى بۇياققا كەل!

بىرگە ناماز ئوقۇپ بەرگىن دەيدۇ. ئەيسا: ياق، ھەققەتەن بەزىڭلار بەزىڭلارغا ئەمىير، ئىمام بولىسىلەر، بۇ ئاللاھتائالانىڭ بۇ ئۈممەتنى ھۆرمەتلىشىدۇر دەيدۇ. مۇسلىم، ئەھمەد توپلىغان، سەھىھ.

**4907 ـ حدّثنا مَنْصُورُ بْنُ أَبِي مُزَاحِمٍ. حَدّثنَا يَحْيَى بْنُ حَمْزَةَ عَنْ عَبْدِ الرّحْمَـنِ بْنِ يَزِيدَ بْنِ جَابِرٍ أَنّ عُمَيْرَ بْنَ هَانِىءٍ قَالَ: سَمِعْتُ مُعَاوِيَةَ عَلَى الْمِنْبَرِ يَقُولُ: سَمِعْتُ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم يَقُولُ: «لاَ تَزَالُ طَائِفَةٌ مِنْ أُمّتِي قَائِمَةً بِأَمْرِ اللّهِ، لاَ يَضُرّهُمْ مَنْ خَذَلَهُمْ أَوْ خَالَفَهُمْ، حَتّىَ يَأْتِيَ أَمْرُ اللّهِ وَهُمْ ظَاهِرُونَ عَلَى النّاسِ».**

مۇئاۋىيە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ئۈممىتىمدىن بىر تائىپە كىشلەر، ئاللاھنىڭ ئەمرى كەلگەنگە قەدەر كىشلەرنىڭ ئۈستىگە غەلىبە قىلغان ھالەتتە، ئاللاھنىڭ ئەمرىنى بەرپا قىلغان ھالدا ھەق ئۈستىدە مۇستەھكەم تۇرىدۇ، ئۇلارغا خىلاپلىق قىلغان ئاسىي بولغان، ئۇلارنى خارلىماقچى بولغانلار زەرەر يەتكۈزەلمەيدۇ. ئەھمەد، بەيھەقىيلار توپلىغان، سەھىھ.

**4908 ـ وحدّثني إِسْحَقُ بْنُ مَنْصُورٍ. أَخْبَرَنَا كَثِيرُ بْنُ هِشَامٍ. حَدّثنَا جَعْفَرٌ (وَهُوَ ابْنُ بُرْقَانَ) حَدّثنَا يَزِيدُ بْنُ الأَصَمّ قَالَ: سَمِعْتُ مُعَاوِيَةَ بْنَ أَبِي سُفْيَانَ ذَكَرَ حَدِيثاً رَوَاهُ عَنِ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم. لَمْ أَسْمَعْهُ رَوَى عَنِ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم عَلَىَ مِنْبَرِهِ حَدِيثاً غَيْرَهُ. قَالَ: قَالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: «مَنْ يُرِدِ اللّهُ بِهِ خَيْراً يُفَقّهْهُ فِي الدّينِ. وَلاَ تَزَالُ عِصَابَةٌ مِنَ الْمُسْلِمِينَ يُقَاتِلُونَ عَلَى الْحَقّ ظَاهِرِينَ عَلَىَ مَنْ نَاوَأَهُمْ، إِلَىَ يَوْمِ الْقِيَامَةِ».**

مۇئاۋىيە، ئىبنى ئابباس، ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ئاللاھتائالا بىرەر كىشىگە ياخشىلىقنى ئىرادە قىلسا، ئۇ كىشىنى ئىسلام دىنىدا فىقھشۇناس ئالىم قىلىدۇ. ئۈممىتىمدىن،مۇسۇلمانلاردىن بىرتۈركۈم كىشلەر قىيامەت قايىم بولغىچە غەلىبە قىلغان ھالدا، ھەق ئۈستىدە مۇستەھكەم تۇرۇپ، ئۆزلىرىگە قارشى تۇرغانلارغا قارشى ئۇرۇش قىلىدۇ. ئەھمەد، بەيھەقى، تىرمىزى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

فىقھى ئالىم دىگەن، مەسىلىلەرگە ئالىم بولۇش بىلەن بىرگە ئاللاھدىن قورقۇدىغان، بۇيرىغاننى قىلىپ، توسقاندىن يانىدىغان ھەققەتچى ئالىمدۇر، ئاللاھدىن ئالىملارلا قورقىدۇ.بۇھەدىستە جىھاد قىلىشنى بىللە كەلتۈردى.

**4909 ـ حدّثني أَحْمَدُ بْنُ عَبْدِ الرّحْمَنِ بْنِ وَهْبٍ. حَدّثنَا عَمّي عَبْدُ اللّهِ بْنُ وَهْبٍ. حَدّثنَا عَمْرُو بْنُ الْحَارِثِ. حَدّثنِي يَزِيدُ بْنُ أَبِي حَبِيبٍ. حَدّثنِي عَبْدُ الرّحْمَنِ بْنُ شُمَاسَةَ الْمَهْرِيّ قَالَ: كُنْتُ عِنْدَ مَسْلَمَةَ بْنِ مُخَلّدٍ، وَعِنْدَهُ عَبْدُ اللّهِ بْنُ عَمْرِو بْنِ الْعَاصِ. فَقَالَ عَبْدُ اللّهِ: لاَ تَقُومُ السّاعَةُ إِلاّ عَلَىَ شِرَارِ الْخَلْقِ. هُمْ شَرّ مِنْ أَهْلِ الْجَاهِلِيّةِ. لاَ يَدْعُونَ اللّهَ بِشَيْءٍ إِلاّ رَدّهُ عَلَيْهِمْ.**

ئەمرۇئىبنى ئاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: قىيامەت مەخلۇلارنىڭ ئەڭ يامانلىرىنىڭ ئۈستىگە قۇرۇلىدۇ، ئۇلار جاھالىيەت ئەھلىدىنمۇ يامانراق كىشلەر بولۇپ، ئۇلار **الله** قا بىرەر نەرسىگە دۇئا قىلسا، **الله** ئۇ سورىغان نەرسىسنى ئۇلارنىڭ زىيىنىغا قايتۇرۇپ بىرىدۇ.

**فَبَيْنَمَا هُمْ عَلَىَ ذَلِكَ أَقْبَلَ عُقْبَةُ بْنُ عَامِرٍ. فَقَالَ لَهُ مَسْلَمَةُ: يَا عُقْبَةُ اسْمَعْ مَا يَقُولُ عَبْدُ اللّهِ. فَقَالَ عُقْبَةُ: هُوَ أَعْلَمُ. وَأَمّا أَنَا فَسَمِعْتُ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم يَقُولُ: «لاَ تَزَالُ عِصَابَةٌ مِنْ أُمّتِي يُقَاتِلُونَ عَلَىَ أَمْرِ اللّهِ، قَاهِرِينَ لِعَدُوّهِمْ، لاَ يَضُرّهُمْ مَنْ خَالَفَهُمْ، حَتّىَ تَأْتِيَهُمُ السّاعَةُ، وَهُمْ عَلَىَ ذَلِكَ». فَقَالَ عَبْدُ اللّهِ: أَجَلْ. ثُمّ يَبْعَثُ اللّهُ رِيحاً كَرِيحِ الْمِسْكِ. مَسّهَا مَسّ الْحَرِيرِ. فَلاَ تَتْرُكُ نَفْساً فِي قَلْبِهِ مِثْقَالُ حَبّةٍ مِنَ الإِيمَانِ إِلاّ قَبَضَتْهُ. ثُمّ يَبْقَى شِرَارُ النّاسِ، عَلَيْهِمْ تَقُومُ السّاعَةُ.**

ئۇقبە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ئۈممىتىمدىن بىر بۆلۈك جامائەتلەر قىيامەت كەلگەنگە قەدەر دۈشمەنلىرىنى قەھرى بىلەن يېڭىپ، غەلىبە قىلغان ھالدا، ئاللاھنىڭ ئەمرىنى بەرپا قىلىپ مەملىكەتۇللاھنى قۇرۇپ، قۇرئاننى قانۇن قىلىپ، دۈشمەنلەرگە قارشى ئۇرۇش قىلىپ تۇرىدۇ. قىيامەت قايىم

بولغىچە، ئاخىرى دەججالنى ئۆلتۈرگىچە ئەنە شۇنداق غالىپ ھالەتتە تۇرىدۇ. (ئاندىن مىسكىدەك خۇشپۇراق، يىپەكتەك يۇمشاق مۇلايىم شامالنى ئەۋەتىدۇ، بۇشامال قەلبىدە بىرتال دانچىلىق ئىمانى باركىشىنى قالدۇرماي ھەممىسىنىڭ جېنىنى ئالىدۇ، ئاندىن كىشىلەرنىڭ ئەڭ يامانلىرى قېلىپ قالىدۇ، دەل ئاشۇكىشىلەرنىڭ ئۈستىگە قىيامەت قايىم بۇلىدۇ.) مۇسلىملار توپلىغان، سەھىھ. بۇ توغرىسىدىكى ھەدىس مۇتىۋاتىردۇر.

**4910 ـ حدّثنا يَحْيَى بْنُ يَحْيَى. أَخْبَرَنَا هُشَيْمٌ عَنْ دَاوُدَ بْنِ أَبِي هِنْدٍ، عَنْ أَبِي عُثْمَانَ، عَنْ سَعْدِ بْنِ أَبِي وَقَاصٍ قالَ: قَالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: «لاَ يَزَالُ أَهْلُ الْغَرْبِ ظَاهِرِينَ عَلَى الْحَقّ حَتّى تَقُومَ السّاعَةُ».**

سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: غەرب ئەھلى، قىيامەت قايىم بولغىچە ھەقىيقەت ئۈستىدە مۇستەھكەم تۇرۇپ، دۈشمەنگە قارشى غەلبە قىلغان ھالدا داۋام قىلىدۇ. مۇسلىم 3551 ـ ھەدىس، سەھىھ. ئالىملار غەرب ئەھلىنى شامدا دىدى، بەزىلەر ئۇلار ئەرەب دىدى، بەزىلەر زىمىننىڭ غەرىپ تەرىپىدە دىدى، بەزىلەر يەنە باشقا سۆزنى قىلدى، توغرىسى ئۇلار يۇقىرىدا ئۆتكەن بىر تائىپە ئۇممەتتۇر، ئاللاھ ئالىم، مۇسلىمنىڭ شەرھىسىدىن ئېلىندى.

### *894 ـ باب مراعاة مصلحة الدوب في السير، والنهي عن التعريس في الطريق*

**4911 ـ حدّثني زُهَيْرُ بْنُ حَرْبٍ. حَدّثَنَا جَرِيرٌ عَنْ سُهَيْلٍ، عَنْ أَبِيهِ، عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ قَالَ: قَالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: «إِذَا سَافَرْتُمْ فِي الْخِصْبِ، فَأَعْطُوا الإِبِلَ حَظّهَا مِنَ الأَرْضِ. وَإِذَا سَافَرْتُمْ فِي السّنَةِ، فَأَسْرِعُوا عَلَيْهَا السّيْرَ. وَإِذَا عَرّسْتُمْ بِاللّيْلِ، فَاجْتَنِبُوا الطّرِيقَ. فَإِنّهَا مَأْوَى الْهَوَامّ بِاللّيْلِ».**

**4912 ـ حدّثنا قُتَيْبَةُ بْنُ سَعِيدٍ. حَدّثَنَا عَبْدُ الْعَزِيزِ (يَعْنِي ابْنَ مُحَمّدٍ) عَنْ سُهَيْلٍ، عَنْ أَبِيهِ، عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ أَنّ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم قَالَ: «إِذَا سَافَرْتُمْ فِي الْخِصْبِ، فَأَعْطُوا الإِبِلَ حَظّهَا مِنَ الأَرْضِ. وَإِذَا سَافَرْتُمْ فِي السّنَهِ، فَبَادِرُوا بِهَا نِقْيَهَا. وَإِذَا عَرّسْتُمْ، فَاجْتَنِبُوا الطّرِيقَ. فَإِنّهَا طُرُقُ الدّوَابّ، وَمَأْوَى الْهَوَامّ بِاللّيْلِ».**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: تۇرمۇش ،يامغۇر مولچۇلۇق چاغدا سەپەر قىلىپ قالساڭلار، تۆگىلەرنىڭ زىمىندىن بولغان نىسۋىسىنى بېرىڭلار، قەھەتچىلىك، قۇرغاقچىلىقتا سەپەر قىلىپ قالساڭلار، تۆگىنى تېزىراق ھەيدەپ ، قىسقا ۋاقىتتا ئىشنى تۈگىتىڭلار، كېچىدە يول ئۈستىدە قونۇپ قالساڭلار، يولدىن يىراقراق يېتىڭلار، ھەققەتەن يول، ھايۋانلارنىڭمۇ يولىدۇر، زەھەرلىك ھايۋان، ھاشارەتلەر جايىدۇر، بولۇپمۇ كېچىدە. مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: تۇرمۇش مول زىمىندا سەپەرە قىلساڭلار، ھايۋانلارنىڭ نىسۋىسىنى بېرىڭلار، قۇرغاق زىمىندا سەپەرە قىلساڭلار، تېز مېڭىڭلار، كېچىدە قونماقچى بولساڭلار، يول ئۈستىدە ياتماڭلار، يول بارلىق ھايۋانلار جايىدۇر، بەزار توپ، سەھىھ.

### *895 ـ باب السفر قطعة من العذاب، واستحباب تعجيل المسافر إلى أهله، بعد قضاء شغله*

**4913 ـ حدّثنا عَبْدُ اللّهِ بْنُ مَسْلَمَةَ بْنِ قَعْنَبٍ، وَ إِسْمَاعِيلُ بْنُ أَبِي أُوَيْسٍ، وَ أَبُو مُصْعَبٍ الزّهْرِيّ، وَ مَنْصُورُ بْنُ أَبِي مُزَاحِمٍ، وَ قُتَيْبَةُ بْنُ سَعِيدٍ. قَالُوا: حَدّثَنَا مَالِكٌ. ح وَحَدّثَنَا يَحْيَى بْنُ يَحْيَىَ. التّمِيمِيّ (وَاللّفْظ لَهُ). قَالَ قُلْتُ لِ مَالِكٍ: حَدّثَكَ سُمَيّ عَنْ أَبِي صَالِحٍ، عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ أَنّ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم قَالَ «السّفَرُ قِطْعَةٌ مِنَ الْعَذَابِ.يَمْنَعُ أَحَدَكُمْ نَوْمَهُ وَطَعَامَهُ وَشَرَابَهُ. فَإِذَا قَضَىَ أَحَدُكُمْ نَهْمَتَهُ مِنْ وَجْهِهِ، فَلْيُعَجّلْ إِلَىَ أَهْلِهِ؟» قَالَ: نَعَمْ.**

ئەبۇ ھۈرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: سەپەر دېگەن ئازابنىڭ بىر پارچىسىدۇر، ئۇ بىرىڭلارنى تائامىدىن، ئىچىملىكىدىن، ئۇيقۇسىدىن توسۇپ قويىدۇ، بىرىڭلار ئۆز يولىدا ھاجىتىنى ئادا قىلىپ بولسا، ئەھلىگە قايتىشقا ئالدىرىسۇن، مالىك، ئەھمەد، بەيھەقى، بۇخارى،مۇسلىم، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

**896 ـ باب كراهة الطروق، وهو الدخول ليلاً، لمن ورد من سفر**

**1م49141928 ـــ حع180)  حدّثني أَبُو بَكْرِ بْنُ أَبِي شَيْبَةَ. حَدّثَنَا يَزِيدُ بْنُ هَرُونَ عَنْ هَمّامٍ، عَنْ إِسْحَقَ بْنِ عَبْدِ اللّهِ بْنِ أَبِي طَلْحَةَ، عَنْ أَنَسِ بْنِ مَالِكٍ أَنّ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم كَانَ لاَ يَطْرُقُ أَهْلَهُ لَيْلاً. وكَانَ يَأْتِيهِمْ غُدْوَةً أَوْ عَشِيّةً.**

**4915 ـ وَحَدّثَنِيهِ  زُهَيْرُ بْنُ حَرْبٍ. حَدّثَنَا عَبْدُ الصّمَدِ بْنُ عَبْدِ الْوَارِثِ. حَدّثَنَا هَمّامٌ. حَدّثَنَا إِسْحَقُ بْنُ عَبْدِ اللّهِ بْنِ أَبِي طَلْحَةَ عَنْ أَنَسِ بْنِ مَالِكٍ، عَنِ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم بِمِثْلِهِ. غَيْرَ أَنّهُ قَالَ: كَانَ لاَ يَدْخُلُ.**

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم سەپەردىن كەلسە، ئەھلىگە تۇيۇقسىز كېچىسى كىرمەيتتى، مۆھلەت بېرىپ،ئەتىگەن ياكى كەچ تەرەپتە كىرەتتى. ئەھمەد، بەيھەقى،بۇخارى،مۇسلىم، نەسەئى تو، سەھىھ.

**4916 ـ حدّثني إِسْمَاعِيلُ بْنُ سَالِمٍ. حَدّثَنَا هُشَيْمٌ. أَخْبَرَنَا سَيّارٌ. ح وَحَدّثَنَا يَحْيَى بْنُ يَحْيَىَ. (وَاللّفْظُ لَهُ). حَدّثَنَا هُشَيْمٌ عَنْ سَيّارٍ، عَنِ الشّعْبِيّ، عَنْ جَابِرِ بْنِ عَبْدِ اللّهِ قَالَ: كُنّا مَعَ رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم فِي غَزَاةٍ. فَلَمّا قَدِمْنَا الْمَدِينَةَ ذَهَبْنَا لِنَدْخُلَ. فَقَالَ: «أَمْهِلُوا حَتّىَ نَدْخُلَ لَيْلاً (أَيْ عِشَاءً) كَيْ تَمْتَشِطَ الشّعِثَةُ وَتَسْتَحِدّ الْمُغِيبَةُ».**

جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، بىز بىر قېتىم رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن بىللە غازات قىلغان ئىدۇق، بىز غازاتتىن قايتىپ، مەدىنىگە كەلگەندە، ئۆيلىرىمىزگە كىرىش ئۈچۈن ماڭدۇق،رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: (كېچىدە كىرىشىمىز ئۈچۈن پۇرسەت مۆھلەت بېرىڭلار، كەچرەك كىرىشىمىز شۇنىڭ ئۈچۈنكى، چاچلىرى چۇۋۇق ئاياللار چېچىنى تارىۋالىدۇ، ئەرلىرى غائىپ بولغان ئاياللار ئېرىگە تەييارلىق قىلىۋالىدۇ              )،دېدى. ئەھمەد، بەيھەقى، بۇخارى،مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد، نەسەئىلار توپلىغان، سەھىھ.

**4917 ـ حدّثنا مُحَمّدُ بْنُ الْمُثَنّى. حَدّثَنِي عَبْدُ الصّمَدِ. حَدّثَنَا شُعْبَةُ عَنْ سَيّارٍ، عَنْ عَامِرٍ، عَنْ جَابِرٍ قَالَ: قَالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: «إِذَا قَدِمَ أَحَدُكُمْ لَيْلاً فَلاَ يَأْتِيَنّ أَهْلَهُ طُرُوقاً. حَتّىَ تَسْتَحِدّ الْمُغِيبَةُ. وَتَمْتَشِطَ الشّعِثَةُ».**

**4918 ـ وَحَدّثَنِيهِ  يَحْيَى بْنُ حَبِيبٍ. حَدّثَنَا رَوْحُ بْنُ عُبَادَةَ. حَدّثَنَا شُعْبَةُ. حَدّثَنَا سَيّارٌ بِهَذَا الإِسْنَادِ مِثْلَهُ.**

جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم   مۇنداق دېگەن: بىرىڭلار كېچىدە كېلىپ قالسا، ئەھلىگە كېچىسى كىرمىسۇن، ئۇ چاچلىرىنى تاراپ تەييارلىق قىلىۋالسۇن، مۇسلىم توپلىغان سەھىھ.

**4919 ـ وحدّثنا مُحَمّدُ بْنُ بَشّارٍ. حَدّثَنَا مُحَمّدٌ (يَعْنِي ابْنَ جَعْفَرٍ). حَدّثَنَا شُعْبَةُ عَنْ عَاصِمٍ، عَنِ الشّعْبِيّ، عَنْ جَابِرِ بْنِ عَبْدِ اللّهِ قَالَ: نَهَىَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم، إِذَا أَطَالَ الرّجُلُ الْغَيْبَةَ، أَنْ يَأْتِيَ أَهْلَهُ طُرُوقاً.**

**4920 ـ وَحَدّثَنِيهِ  يَحْيَى بْنُ حَبِيبٍ. حَدّثَنَا رَوْحٌ. حَدّثَنَا شُعْبَةُ بِهَذَا الإِسْنَادِ.**

جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بىرىڭلارنىڭ غايىپ بولۇپ، باشقا جايدا تۇرۇشى، ئۇزراپ كەتسە، ئۆيىگە كېچىدە كىرمىسۇن، ئەھمەد، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ، بۇ ھەدىستىن ئۇلارنى قورقۇتماسلىق، ئاۋارە قىلماسلىق ياكى تەييارلىقسىز ھالدا كىرمەسلىك ياكى باشقا سەۋەبلەر چىقىپ تۇرىدۇ.

**4921 ـ وحدّثنا أَبُو بَكْرِ بْنُ أَبِي شَيْبَةَ. حَدّثَنَا وَكِيعٌ عَنْ سُفْيَانَ، عَنْ مُحَارِبٍ، عَنْ جَابِرٍ. قَالَ: نَهَىَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم أَنْ يَطْرُقَ الرّجُلُ أَهْلَهُ لَيْلاً. يَتَخَوّنُهُمْ أَوْ يَلْتَمِسُ عَثَرَاتِهِمْ.**

**4922 ـ وَحَدّثَنِيهِ  مُحَمّدُ بْنُ الْمُثَنّى. حَدّثَنَا عَبْدُ الرّحْمَنِ. حَدّثَنَا سُفْيَانُ، بِهَذَا الإِسْنَادِ قَالَ  عَبْدُ الرّحْمَنِ: قَالَ  سُفْيَانُ: لاَ أَدْرِي هَذَا فِي الْحَدِيثِ أَمْ لاَ. يَعْنِي أَنْ يَتَخَوّنَهُمْ أَوْ يَلْتَمِسَ عَثَرَاتِهِمْ.**

**4923 ـ وحدّثنا مُحَمّدُ بْنُ الْمُثنّى. حَدّثنَا مُحَمّدُ بْنُ جَعْفَرٍ. ح وَحَدّثنَا عُبَيْدُ اللّهِ بْنُ مُعَاذٍ. حَدّثنَا أبي. قالاَ جَمِيعاً: حَدّثنَا شُعْبَةُ عَنْ مُحَارِبٍ، عَنْ جَابِرٍ، عَنِ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم. بِكَرَاهَةِ الطّرُوقِ. وَلَمْ يَذْكُرْ: يَتَخَوّنُهُمْ أوْ يَلْتَمِسُ عَثَرَاتِهِمْ.**

جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: بىرىڭلارنىڭ غايىپ بولۇپ باشقا جايدا تۇرۇشى ئۇزراپ كەتسە، ئۆيىگە كېچىدە كىرمىسۇن دەپ، كىشىنىڭ ئەھلىگە ئۇلارنىڭ ئەيىب ـ نوقسانلىرىنى تەلەپ قىلىپ، ئۇلارنىڭ خىيانىتىنى ئىزدەپ كېچىسى كىرىشتىن توسقان.

## 35 ـ كتاب الصيد والذبائح وما يؤكل من الحيوان

## ئوۋ ئوۋلاش ۋە بوغۇزلانغان چارۋا مالنىڭ كىتابى

### *897 ـ باب الصيد بالكلاب المعلّمة*

**4924 ـــ حدّثنا إسْحَقُ بْنُ إبْرَاهِيمَ الْحَنْظَلِيّ. أَخْبَرَنَا جَرِيرٌ عَنْ مَنْصُورٍ، عَنْ إبْرَاهِيمَ، عَنْ هَمّامِ بْنِ الْحَارِثِ، عَنْ عَدِيّ بْنِ حَاتِمٍ قَالَ: قُلْتُ: يَا رَسُولَ اللّهِ إنّي أُرْسِلُ الْكِلاَبَ الْمُعَلّمَةَ فَيُمْسِكْنَ عَلَيّ. وَأَذْكُرُ اسْمَ اللّهِ عَلَيْهِ. فَقَالَ: «إذَا أَرْسَلْتَ كَلْبَكَ الْمُعَلّمَ، وَذَكَرْتَ اسْمَ اللّهِ عَلَيْهِ، فَكُلْ» قُلْتُ: وَإنْ قَتَلْنَ؟ قالَ: «وَإنْ قَتَلْنَ. مَا لَمْ يَشْرَكْهَا كَلْبٌ لَيْسَ مَعَهَا» قُلْتُ لَهُ: فَإنّي أَرْمِي بِالْمِعْرَاضِ الصّيْدَ، فَأُصِيبُ. فَقَالَ: «إذَا رَمَيْتَ بِالْمِعْرَاضِ فَخَزَقَ. فَكُلْهُ. وَإنْ أَصَابَهُ بِعَرْضِهِ، فَلاَ تَأْكُلْهُ».**

ئەدىي ئىبنى ھاتەم رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، مەن؛ ئى الله نىڭ ئەلچىسى! بىز ئوۋغا ئۈگۈتۈلگەن ئىتىمىزنى قويۇپ بىرىمىز دىسەم،رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:ئىتنىڭ ساڭا تۇتۇپ ئەكەلگەن نەرسىنى يەۋەرگىن دېدى، مەن؛ گەرچە ئىت ئوۋنى ئۆلتۈرۈۋېپ قويسىمۇ شۇنداقمۇ؟دىسەم، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: گەرچە ئىت ئوۋنى ئۆلتۈرۈۋېپ قويسىمۇ،(ئىتنى بىسمىللاھى دەپ قويۇپ بەرگەن بولساڭ) ئىتنىڭ ساڭا تۇتۇپ ئەكەلگەن نەرسىنى يەۋەرگىن دېدى، مەن؛ بىز ئوق ـ يا ئاتىمىز دىسەم، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: ئوۋغا ئوقيانى ئاتساڭ، ئوقيا توغرىسىغا تەگسىمۇ يېرتىۋەتسە، تېشىپ ئۆتۈپ كەتسە، يېگىن، توغرىسىغا تېگىپ ئۆلتۈرسە يېمىگىن، ئۇ چاغدا ئۇ سوقۇلۇپ ئۆرۈلۈپ ئۆلگەن نەرسە بولىدۇ، ئۇنى يېيىش ھارام «قۇرئاندا بۇنى ھارام دىگەن بار» دېدى.بۇخارى، مۇسلىم، ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

**4925 ـ حدّثنا أَبُو بَكْرِ بْنُ أَبِي شَيْبَةَ. حَدّثنَا ابْنُ فُضَيْلٍ عَنْ بَيَانٍ، عَنِ الشّعْبِيّ، عَنْ عَدِيّ بْنِ حَاتِمٍ قالَ: سَأَلْتُ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم. قُلْتُ: إنّا قَوْمٌ نَصِيدُ بِهَذِهِ الْكِلاَبِ. فَقَالَ: «إذَا أَرْسَلْتَ كِلاَبَكَ الْمُعَلّمَةَ وَذَكَرْتَ اسْمَ الله عَلَيْهَا، فَكُلْ مِمّا أَمْسَكْنَ عَلَيْكَ، وَإنْ قَتَلْنَ. إلاّ أَنْ يَأْكُلَ الْكَلْبُ. فَإنْ أَكَلَ فَلاَ تَأْكُلْ. فَإنّي أَخَافُ أَنْ يَكُونَ إنّمَا أَمْسَكَ عَلَى نَفْسِهِ. وَإنْ خَالَطَهَا كِلاَبٌ مِنْ غَيْرِهَا، فَلاَ تَأْكُلْ».**

**4926 ـ4927 ـ وحدّثنا عُبَيْدُ اللّهِ بْنُ مُعَاذٍ الْعَنْبَرِيّ. حَدّثنَا أبي. حَدّثنَا شُعْبَةُ عَنْ عَبْدِ اللّهِ بْنِ أَبِي السّفَرِ عَنِ الشّعْبِيّ، عَنْ عَدِيّ بْنِ حَاتِمٍ قالَ: سَأَلْتُ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم عَنِ الْمِعْرَاضِ؟ فَقَالَ: «إذَا أَصَابَ بِحَدّهِ فَكُلْ. وَإذَا أَصَابَ بِعَرْضِهِ فَقَتَلَ، فَإنّهُ وَقِيذٌ، فَلاَ تَأْكُلْ». وَسَأَلْتُ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم عَنِ الْكَلْبِ؟ فَقَالَ: «إذَا أَرْسَلْتَ كَلْبَكَ وَذَكَرْتَ اسْمَ الله فَكُلْ. فَإنْ أَكَلَ مِنْهُ فَلاَ تَأْكُلْ. فَإنّهُ إنّمَا أَمْسَكَ عَلَى نَفْسِهِ» قُلْتُ: فَإنْ وَجَدْتَ مَعَ كَلْبِي كَلْباً آخَرَ، فَلاَ أَدْرِي أَيّهُمَا أَخَذَهُ؟ قالَ: «فَلاَ تَأْكُلْ. فَإنّمَا سَمّيْتَ عَلَى كَلْبِكَ. وَلَمْ تُسَمّ عَلَى غَيْرِهِ».**

**4928 ـ وحدّثني أَبُو بَكْرِ بْنُ نَافِعٍ الْعَبْدِيّ. حَدّثنَا غُنْدَرٌ. حَدّثنَا شُعْبَةُ. حَدّثنَا عَبْدُ اللّهِ بْنُ أَبِي السّفَرِ. وَعَنْ نَاسٍ ذَكَرَ شُعْبَةُ عَنِ الشّعْبِيّ قالَ: سَمِعْتُ عَدِيّ بْنَ حَاتِمٍ قالَ: سَأَلْتُ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم عَنِ الْمِعْرَاضِ. بِمِثْلِ ذَلِكَ.**

4929 ـ وحدّثنا مُحَمّدُ بْنُ عَبْدِ اللّهِ بْنِ نُمَيْرٍ. حَدّثَنَا أَبِي. حَدّثَنَا زَكَرِيّاءُ عَنْ عَامِرٍ، عَنْ عَدِيّ بْنِ حَاتِمٍ قَالَ: سَأَلْتُ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم عَنْ صَيْدِ الْمِعْرَاضِ؟ فَقَالَ: «مَا أَصَابَ بِحَدّهِ فَكُلْهُ. وَمَا أَصَابَ بِعَرْضِهِ فَهُوَ وَقِيذٌ». وَسَأَلْتُهُ عَنْ صَيْدِ الْكَلْبِ؟ فَقَالَ: «مَا أَمْسَكَ عَلَيْكَ وَلَمْ يَأْكُلْ مِنْهُ فَكُلْهُ. فَإِنّ ذَكَاتَهُ أَخْذُهُ. فَإِنْ وَجَدْتَ عِنْدَهُ كَلْباً آخَرَ، فَخَشِيتَ أَنْ يَكُونَ أَخَذَهُ مَعَهُ، وَقَدْ قَتَلَهُ، فَلاَ تَأْكُلْ. إِنّمَا ذَكَرْتَ اسْمَ اللّهِ عَلَىَ كَلْبِكَ. وَلَمْ تَذْكُرْهُ عَلَىَ غَيْرِهِ».

4930 ـ وحدّثنا إِسْحَقُ بْنُ إِبْرَاهِيمَ. أَخْبَرَنَا عِيسَى بْنُ يُونُسَ. حَدّثَنَا زَكَرِيّاءُ بْنُ أَبِي زَائِدَةَ بِهَـذَا الإِسْنَادِ.

4931 ـ4932 ـ وحدّثنا مُحَمّدُ بْنُ الْوَلِيدِ بْنِ عَبْدِ الْحَمِيدِ. حَدّثَنَا مُحَمّدُ بْنُ جَعْفَرٍ. حَدّثَنَا شُعْبَةُ عَنْ سَعِيدِ بْنِ مَسْرُوقٍ. حَدّثَنَا الشّعْبِيّ قَالَ: سَمِعْتُ عَدِيّ بْنَ حَاتِمٍ (وَكَانَ لَنَا جَاراً وَدَخِيلاً وَرَبِيطاً بِالنّهْرَيْنِ) أَنّهُ سَأَلَ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم قَالَ: أُرْسِلُ كَلْبِي فَأَجِدُ مَعَ كَلْبِي كَلْباً قَدْ أَخَذَ. لاَ أَدْرِي أَيّهُمَا أَخَذَ. قَالَ «فَلاَ تَأْكُلْ. فَإِنّمَا سَمّيْتَ عَلَىَ كَلْبِكَ، وَلَمْ تسَمّ عَلَىَ غَيْرِهِ».

4933 ـ حدّثني الْوَلِيدُ بْنُ شُجَاعٍ السّكُونِيّ. حَدّثَنَا عَلِيّ بْنُ مُسْهِرٍ عَنْ عَاصِمٍ، عَنِ الشّعْبِيّ، عَنْ عَدِيّ بْنِ حَاتِمٍ قَالَ: قَالَ لِي رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: «إِذَا أَرْسَلْتَ كَلْبَكَ فَاذْكُرِ اسْمَ الله. فَإِنْ أَمْسَكَ عَلَيْكَ فَأَدْرَكْتَهُ حَيّاً فَاذْبَحْهُ. وَإِنْ أَدْرَكْتَهُ قَدْ قَتَلَ وَلَمْ يَأْكُلْ مِنْهُ فَكُلْهُ. وَإِنْ وَجَدْتَ مَعَ كَلْبِكَ كَلْباً غَيْرَهُ وَقَدْ قَتَلَ فَلاَ تَأْكُلْ. فَإِنّكَ لاَ تَدْرِي أَيّهُمَا قَتَلَهُ. وَإِنْ رَمَيْتَ سَهْمَكَ فَاذْكُرِ اسْمَ اللّهِ. فَإِنْ غَابَ عَنْكَ يَوْماً فَلَمْ تَجِدْ فِيهِ إِلاّ أَثَرَ سَهْمِكَ، فَكُلْ إِنْ شِئْتَ. وَإِنْ وَجَدْتَهُ غَرِيقاً فِي الْمَاءِ، فَلاَ تَأْكُلْ».

4934 ـ حدّثنا يَحْيَى بْنُ أَيّوبَ. حَدّثَنَا عَبْدُ اللّهِ بْنُ الْمُبَارَكِ. أَخْبَرَنَا عَاصِمٌ عَنِ الشّعْبِيّ، عَنْ عَدِيّ بْنِ حَاتِمٍ قَالَ: سَأَلْتُ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم عَنِ الصّيْدِ؟ قَالَ: «إِذَا رَمَيْتَ سَهْمَكَ فَاذْكُرِ اسْمَ اللّهِ. فَإِنْ وَجَدْتَهُ قَدْ قَتَلَ فَكُلْ. إِلاّ أَنْ تَجِدَهُ قَدْ وَقَعَ فِي مَاءٍ، فَإِنّكَ لاَ تَدْرِي، الْمَاءُ قَتَلَهُ أَوْ سَهْمُكَ».

ئەدى ئىبنى ھاتەم رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئۆگىتىلگەن ئوۋ ئىتىڭنى ئاللاھنىڭ ئىسمىنى ئەسلەپ قويۇپ بەرسەڭ،ئۇ ساڭا نەرسە تۇتۇپ ئەكەلسە، ئوۋنى ھايات تاپساڭ، ئۇنى بوغۇزلاپ يېگىن، ئەگەر ئۇنى تاپقىنىڭدا ئوۋ ئۆلۈپ بولغان بولسا، گەرچە ئۇ ئوۋنى ئۆلتۈرۈپ قويسىمۇ، ئىتىڭ يېمىگەن بولسىلا يېگىن ، لېكىن ئىت يەپ قويغاننى يېمىگىن، ھەقىقەتەن مەن ئىتىنىڭ ئوۋنى ئۆزى ئۈچۈن تۇتۇپ ساقلاپ قېلىشىدىن ئەنسىرەيمەن، ئەگەر سەن قويۇپ بەرگەن ئىتقا باشقا ئىتلار ئارىلىشىپ قالسا، ئۇنى تاپقىنىڭدا ئوۋ ئۆلۈپ بولغان بولسا، يەنە يېمىگىن، چۈنكى سەن ئۆزۈڭنىڭ ئىتىغا بىسمىللا دەپ ئاللاھنىڭ ئىسمىنى تىلغان ئالغان، يەنە بىر ئىتقا بولسا، تىلغا ئالمىغان، قايسىسىنىڭ ئۆلتۈرگىنىنى بىلەلمەيسەن، ئەگەر سەن بىسمىللاھى دەپ ئاتقان ئوقيا، نەيزىلەرنىڭ بىسى، تىغ ئۇچى تەگكەن نەرسىنى يېگىن، توغرىسىغا تېگىپ ئۆلتۈرۈپ قويغان ئوۋنى يېمىگىن، چۈنكى، ئۇ ئۇرۇلۇپ، سوقۇلۇپ ئۆلگەن نەرسە بولىدۇ، ئەگەر سەن بىرەر ئوۋغا ئوقيا ئوقنى بىسمىللاھى دەپ ئاتساڭ، بىر ئىككى كۈندىن كېيىن ئۇنى تاپساڭ، ئۇنىڭدا پەقەت سېنىڭ ئوقۇڭنىڭ ئەسىرى بولسا، ئەگەر خالىساڭ ئۇنى يېگىن،ئەگەر ئوۋ سۇغا چۈشۈپ كەتسە «سىپسىپ كېتىش ئېھتىماللىقى بولغاچقا،ھەم سۇ ئۆلتۈرگەچكە»ئۇنى يېمىگىن . بۇخارى،مۇسلىم، بەيھەقى، نەسەئى، تىرمىزى، ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ. ئەبۇ سۇئلەبەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئۆگىتىلگەن ئىتىڭنى قويۇپ بەرسەڭ، ئاللاھنىڭ ئىسمىنى تىلغا ئېلىپ، بىسمىللا دېگەن بولساڭ، ئۇ تۇتۇپ ساقلاپ ئېلىپ كەلگەن نەرسىنى يېگىن، گەرچە ئۇ ئۆلتۈرۈپ قويسىمۇ شۇنداق، ئەگەر

سەن بوغۇزلاشقا ئۈلگۈرسەڭ، بوغۇزلاپ يېگىن، ئوقيادا ئۆلتۈرگەن نەرسە بولسىمۇ ئۇ ئوۋنى ئۆلتۈرۈپ قويسىمۇ يەۋەرگىن، بىسمىللا دېگىن، «قاپقانىمۇ مۇشۇنىڭ ئىچىدە» ئەھمەد، بەيھەقى، ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى، نەسەئى سەھىھ.

**4935 ـ حدّثنا هَنّادُ بْنُ السّرِيّ. حَدّثَنَا ابْنُ الْمُبَارَكِ عَنْ حَيْوَةَ بْنِ شُرَيْحٍ قَالَ: سَمِعْتُ رَبِيعَةَ بْنَ يَزِيدَ الدّمَشْقِيّ يَقُولُ: أَخْبَرَنِي أَبُو إِدْرِيسَ، عَائِذُ اللّهِ قَالَ: سَمِعْتُ أَبَا ثَعْلَبَةَ الْخُشَنِيّ يَقُولُ: أَتَيْتُ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم فَقُلْتُ: يَا رَسُولَ اللّهِ إِنّا بِأَرْضِ قَوْمٍ مِنْ أَهْلِ الْكِتَابِ. نَأْكُلُ فِي آنِيَتِهِمْ. وَأَرْضِ صَيْدٍ أَصِيدُ بِقَوْسِي، وَأَصِيدُ بِكَلْبِيَ الْمُعَلّمِ. أَوْ بِكَلْبِيَ الّذِي لَيْسَ بِمُعَلّمٍ. فَأَخْبِرْنِي مَا الّذِي يَحِلّ لَنَا مِنْ ذَلِكَ؟ قَالَ: «أَمّا مَا ذَكَرْتَ أَنّكُمْ بِأَرْضِ قَوْمٍ مِنْ أَهْلِ الْكِتَابِ، تَأْكُلُونَ فِي آنِيَتِهِمْ. فَإِنْ وَجَدْتُمْ غَيْرَ آنِيَتِهِمْ، فَلاَ تَأْكُلُوا فِيهَا. وَإِنْ لَمْ تَجِدُوا، فَاغْسِلُوهَا ثُمّ كُلُوا فِيهَا. وَأَمّا مَا ذَكَرْتَ أَنّكَ بِأَرْضِ صَيْدٍ، فَمَا أَصَبْتَ بِقَوْسِكَ فَاذْكُرِ اسْمَ اللّهِ ثُمّ كُلْ. وَمَا أَصَبْتَ بِكَلْبِكَ الْمُعَلّمِ فَاذْكُرِ اسْمَ اللّهِ ثُمّ كُلْ. وَمَا أَصَبْتَ بِكَلْبِكَ الّذِي لَيْسَ بِمُعَلّمٍ فَأَدْرَكْتَ ذَكَاتَهُ، فَكُلْ».**

**4936 ـ وحدّثني أَبُو الطّاهِرِ. أَخْبَرَنَا ابْنُ وَهْبٍ. ح وَحَدّثَنِي زُهَيْرُ بْنُ حَرْبٍ. حَدّثَنَا الْمُقْرِىءُ كِلاَهُمَا عَنْ حَيْوَةَ بِهَـذَا الإِسْنَادِ. نَحْوَ حَدِيثِ ابْنِ الْمُبَارَكِ. غَيْرَ أَنّ حَدِيثَ ابْنِ وَهْبٍ لَمْ يَذْكُرْ فِيهِ: صَيْدَ الْقَوْسِ.**

ئەبۇ سۇئلەبە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، مەن: ئى الله نىڭ پەيغەمبىرى! بىز ئەھلى كىتاپ يەنى يەھۇدىي ـ ناسارالاردىن ئىبارەت قەۋىم بار زىمىندا ياشايمىز، بىز ئۇلارنىڭ قاچىسىدا تاماق يىسەك بولامدۇ؟ يەنە بىز ئوۋ كۆپ زىمىندا ياشايمىز، مەن ياچاق بىلەن، ئۈگۈتۈلمىگەن ئىتىم بىلەن ۋە ئۈگۈتۈلگەن ئىتىم بىلەنمۇ ئوۋ ئوۋلايمەن بۇلارنىڭ قايسىسى دۇرۇس؟دىسەم، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق د بدى: سەن تىلغا ئالغان يەھۇدى، ناسارالاردىن ئىبارەت ئەھلى كىتابلارنىڭ قاچىلىرىغا كەلسەك، ئەگەر ئۇ قاچىلاردىن باشقا پاكىز قاچا تاپالىساڭلار، ئۇلارنىڭ قاچىلىرىدا يىمەي، شۇ پاكىز قاچىدا يەڭلار، ئەگەر ئۇلارنىڭ قاچىسىدىن باشقا قاچا زادى تاپالمىساڭلار، ئەھلى كىتابلارنىڭ قاچىسىنى پاكىز يۇيۇۋېتىپ، ئاندىن ئۇ قاچىدا يەڭلار . سەن ئوقيارىڭدا ئوۋلىغان نەرسىگە ئاللاھنىڭ ئىسمىنى ئەسلىگەن بولساڭ، بىسمىللاھى دىگە ن بولساڭ، ئۇنى يېگىن، سەن ئۈگىتىلگەن ئىت بىلەن ئوۋلىغان نەرسىگىمۇ بىسمىللاھى دەپ ئاللاھنىڭ ئىسمىنى تىلغا ئالساڭ، ئۇنى يېگىن، سەن ئۈگىتىلمىگەن ئىتىڭ بىلەن ئوۋلىغان نەرسىنى هايات تاپساڭ ، ئۇنى بوغۇزلىيالىساڭ ئاندىن ئۇنى يېگىن، (يەنى ئۆلگەن بولسا بوغۇزلىيالمىساڭ، ياكى بىسمىللا ھى دىمىگەن بولساڭ، يىمىگىن) بۇخارى، مۇسلىم، ئەھمەد، بەيھەقى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ. ئەبۇ سۇئلەبە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: مۇشرىكلەرنىڭ دىنىسىزلارنىڭ قازانلىرىدا نەرسە پىشۇرماڭلار، نەرسە يىمەڭلار، ئەگەر ئۇنىڭدىن باشقا قازاننى، قاچىنى تاپالمىساڭلار، قاتتىق يۇيۇۋېتىپ، پاكىز، ياخشى يۇيۇپ ئاندىن نەرسە پىشۇرۇپ يەڭلار. ئىبنى ماجە 2821 _ ھەدىس، ئەبۇ داۋۇد 3342 _ ھەدىس، سەھىھ.

### *898 ـ باب إذا غاب عنه الصيد ثم وجده*

**4937 ـ حدّثنا مُحَمّدُ بْنُ مِهْرَانَ الرّازِيّ. حَدّثَنَا أَبُو عَبْدِ اللّهِ حَمّادُ بْنُ خَالِدٍ، الْخَيّاطُ عَنْ مُعَاوِيَةَ بْنِ صَالِحٍ، عَنْ عَبْدِ الرّحْمَنِ بْنِ جُبَيْرٍ، عَنْ أَبِيهِ، عَنْ أَبِي ثَعْلَبَةَ، عَنِ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم قَالَ: «إِذَا رَمَيْتَ بِسَهْمِكَ، فَغَابَ عَنْكَ، فَأَدْرَكْتَهُ، فَكُلْهُ. مَا لَمْ يُنْتِنْ».**

ئەبۇ سۇئلەبە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بىرەر ئوۋغا ئوقيا ئاتساڭ، ئۇ غايىپ بولۇپ كەتسە، ئۇنى سەن ئۈچ كۈندىن كېيىن تاپساڭ، سېنىڭ ئوقيارىڭ ئۇنىڭدا تېخىچە بولسا، ئۇ نەرسە سېسىپ كەتمىگەن بولسىلا، يەۋەرگىن، ئەبۇ داۋۇد مۇ توپلىغان، بۇ ھەدىسنى ئەلبانى سەھىھ دېگەن، ئوقيانى بىسمىللا دەپ ئېتىش شەرت.

4938 ـ وحدّثني مُحَمّدُ بْنُ أحْمَدَ بْنِ أبي خَلَفٍ. حَدّثَنَا مَعْنُ بْنُ عِيسَىَ. حَدّثَنِي مُعَاوِيَةُ عَنْ عَبْدِ الرّحْمَنِ بْنِ جُبَيْرِ بْنِ نُفَيْرٍ، عَنْ أبيهِ، عَنْ أبي ثَعْلَبَةَ، عَنِ النّبيّ صلى الله عليه وسلم فِي الّذِي يُدْرِكُ صَيْدَهُ بَعْدَ ثَلاَثٍ: «فَكُلْهُ مَا لَمْ يُنْتِنْ».

4939 ـ وحدّثني مُحَمّدُ بْنُ حَاتِمٍ. حَدّثَنَا عَبْدُ الرّحْمَـنِ بْنُ مَهْدِيَ عَنْ مُعَاوِيَةَ بْنِ صَالِحٍ، عَنِ الْعَلاَءِ، عَنْ مَكْحُولٍ، عَنْ أبي ثَعْلَبَةَ الْخُشَنِيّ، عَنِ النّبيّ صلى الله عليه وسلم حَدِيثَهُ فِي الصّيْدِ. ثُمّ قَالَ ابْنُ حَاتِمٍ: حَدّثَنَا ابْنُ مَهْدِيَ عَنْ مُعَاوِيَةَ، عَنْ عَبْدِ الرّحْمَـنِ بْنِ جُبَيْرٍ، وَأبي الزّاهِرِيّةِ عَنْ جُبَيْرِ بْنِ نُفَيْرٍ، عَنْ أبي ثَعْلَبَةَ الْخُشَنِيّ. بِمِثْلِ حَدِيثِ الْعَلاَءِ. غَيْرَ أنّهُ لَمْ يَذْكُرْ نُتُونَتَهُ. وَقَالَ، فِي الْكَلْبِ «كُلْهُ بَعْدَ ثَلاَثٍ إلاّ أنْ يُنْتِنَ. فَدَعْهُ».

ئەبۇ سۇئلەبە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: سەن ئوقيارىڭنى ئاتساڭ، ئۇ ئۈچ كۈن غايىپ بولۇپ كەتسە، ئاندىن شۇ پېتى تاپساڭ، ئۇۋ سېسىپ كەتمىسىلا يېگىن، مۇسلىم، ئەھمەد توپلىغان، سەھىھ. بۇ خىل ھەدىسنىڭ ئوخشىشى كۆپ ئۆتتى، شەرتى بىسمىللا دېيىش، قان چىقىش، ئوقيا سوقۇلۇپ، توغرىسىغا تەگمەسلىك، سۇدا غەرىق بولماسلىق، سېسىپ كەتمەسلىك، ئۇۋ ئېتى بولسا، ئۆزى يېۋالماسلىق، باشقا بىر ئىت شېرىك بولماسلىك، قاپقان بولسا، بىسمىللا ھې دەپ قۇرسا يېسە بولىدۇ، تور، قاپقاندا قان چىقىۋەسمۇ بولىدۇ، سېسىپ كەتمىسىلا يەڭلار.

*899 ـ باب تحريم أكل كل ذي ناب من السباع وكل ذي مخلب من الطير*

## مەگىنى بار يىرتقۇچى، گۆشخور ھايۋانلارنىڭ ۋە ئىلمەك تىرنىقى بار گۆشخور قۇشلارنىڭ ھاراملىقى

49401932 ــــ حع12) حدّثنا أَبُو بَكْرِ بْنُ أَبِي شَيْبَةَ وَ إِسْحَـقُ بْنُ إِبْرَاهِيم وَ ابْنُ أَبِي عُمَرَ (قَالَ إِسْحَـقُ: أَخْبَرَنَـا. وَقَالَ الآخَرَانِ: حَدّثَنَا سُفْيَانُ بْنُ عُيَيْنَةَ) عَنِ الزّهْرِيّ، عَنْ أَبِي إِدْرِيسَ، عَنْ أَبِي ثَعْلَبَةَ قَالَ: نَـهَى النّبيّ صلى الله عليه وسلم عَنْ أَكْلِ كُلّ ذِي نَـابٍ مِنَ السّبُعِ. زَادَ إِسْحَـقُ وَابْنُ أَبِي عُمَرَ فِي حَدِيثِهِمَا: قَالَ الزّهْرِيّ: وَلَمْ نَسْمَعْ بِهَـذَا حَتّىَ قَدِمْنَا الشّامَ.

4941 ـ وحدّثني حَرْمَلَةُ بْنُ يَحْيَىَ. أَخْبَرَنَـا ابْنُ وَهْبٍ. أَخْبَرَنِي يُونسُ عَنِ ابْنِ شِهَابٍ، عَنْ أَبِي إِدْرِيس الْخَوْلاَنِيّ أَنّهُ سَمِعَ أَبَا ثَعْلَبَةَ الْخُشَنِيّ يَقُولُ: نَـهَى رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم عَنْ أَكْلِ كُلّ ذِي نَـابٍ مِنَ السّبَاعِ.

قَالَ ابْنُ شِهَابٍ: وَلَمْ أَسْمَعْ ذَلِكَ مِنْ عُلَمَائِنَا بِالْحِجَازِ. حَتّىَ حَدّثَنِي أَبُو إِدْرِيسَ. وَكَانَ مِنْ فُقَهَاءِ أَهْلِ الشّامِ.

4942 ـ وحدّثني هَرُونُ بْنُ سَعِيدٍ الأَيْلِيّ. حَدّثَنَا ابْنُ وَهْبٍ. أَخْبَرَنَـا عَمْرٌو (يَعْنِي ابْنَ الْحَارِثِ) أَنّ ابْنَ شِهَابٍ حَدّثَهُ عَنْ أَبِي إِدْرِيسَ الْخَوْلاَنِيّ، عَنْ أَبِي ثَعْلَبَةَ الْخُشَنِيّ أَنّ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم نَـهَىَ عَنْ أَكْلِ كُلّ ذِي نَـابٍ مِنَ السّبَاعِ.

4943 ـ وَحَدّثَنِيهِ أَبُو الطّاهِرِ. أَخْبَرَنَـا ابْنُ وَهْبٍ. أَخْبَرَنِي مَالِكُ بْنُ أَنَسٍ وَ ابْنُ أَبِي ذِئْبٍ وَ عَمْرُو بْنُ الْحَارِثِ وَ يُونُسُ بْنُ يَزِيدَ وَغَيْرُهُمْ. ح وَحَدّثَنِي مُحَمّدُ بْنُ رَافِعٍ وَ عَبْدُ بْنُ حُمَيْدٍ عَنْ عَبْدِ الرّزّاقِ، عَنْ مَعْمَرٍ. ح وَحَدّثَنَا يَحْيَى بْنُ يَحْيَىَ. أَخْبَرَنَـا يُوسُفُ بْنُ الْمَاجِشُونِ. ح وَحَدّثَنَا الْحُلْوَانِيّ وَ عَبْدُ بْنُ حُمَيْدٍ عَنْ يَعْقُوبَ بْنِ إِبْرَاهِيمَ بْنِ سَعْدٍ. حَدّثَنَا أَبِي عَنْ صَالِحٍ. كُلّهُمْ عَنِ الزّهْرِيّ بِهَـذَا الإِسْنَادِ. مِثْلَ حَدِيثِ يُونُسَ وَعَمْرٍو. كُلّهُمْ ذَكَرَ الأَكْلَ. إِلاّ صَالِحاً وَيُوسُفَ. فَإِنّ حَدِيثَهُمَا: نَـهَى عَنْ كُلّ ذِي نَـابٍ مِنَ السّبُعِ.

ئەبۇ سۇئلەبە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم، مەگىنى بار يىرتقۇچى، گۆشخور ھايۋانلارنى يېيىشدىن توسقان. بەيھەقى، تۈت كىتاب توپلىغان، سەھىھ.

4944 ـ وحدّثني زُهَيْرُ بْنُ حَرْبٍ. حَدّثَنَا عَبْدُ الرّحْمَنِ (يَعْنِي ابْنَ مَهْدِيَ) عَنْ مَالِكٍ عَنْ إِسْمَاعِيلَ بْنِ أَبِي حَكِيمٍ، عَنْ عَبِيدَةَ بْنِ سُفْيَانَ، عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ، عَنِ النّبيّ صلى الله عليه وسلم قَالَ: «كُلّ ذِي نَـابٍ مِنَ السّبَاعِ، فَأَكْلُهُ حَرَامٌ».

4945 ـ وَحَدّثَنِيهِ أَبُو الطّاهِرِ. أَخْبَرَنَـا ابْنُ وَهْبٍ. أَخْبَرَنِي مَالِكُ بْنُ أَنَسٍ بِهَـذَا الإِسْنَادِ، مِثْلَهُ.

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ھەرقانداق مەگىنىلىك، يىرتقۇچى گۆشخور ھايۋانلارنى يېيىش ھارامدۇر، (مەسىلەن: شىر ـ يولۋاس، ئىت ـ مۈشۈك، بۆرە قاتارلىق). مۇسلىم، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.ئەبۇ سۇئلەبە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم، مەگىنى بار يىرتقۇچى گۆشخور ھايۋانلارنى يېيىشدىن توسقان. بەيھەقى، تۆت كىتاب ت، سەھىھ.

4946 ـ وحدّثنا عُبَيْدُ اللّهِ بْنُ مُعَاذٍ الْعَنْبَرِيّ. حَدّثنَا أَبِي. حَدّثنَا شُعْبَةُ عَنِ الْحَكَمِ، عَنْ مَيْمُونِ بْنِ مِهْرَانَ، عَنِ ابْنِ عَبّاسٍ قَالَ: نَهَىَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم عَنْ كُلّ ذِي نَابٍ مِنَ السّبَاعِ. وَعَنْ كُلّ ذِي مِخْلَبٍ مِنَ الطّيْرِ.
4947 ـ وحدّثني حَجّاجُ بْنُ الشّاعِرِ. حَدّثنَا سَهْلُ بْنُ حَمّادٍ. حَدّثنَا شُعْبَةُ بِهَذَا الإِسْنَادِ، مِثْلَهُ.
ئۇقبەت ئىبنى ئامىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ دىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاياللار ئۆستىگە كىرمەڭلار، ئىززەتسىز، تۇيۇقسىز كىرىپ قېلىشتىن ھەزەر قىلىڭلار . بىركىشى؛ ئى الله نىڭ ئەلچىسى! قېنى دەپ باقسىلا؟ئايال كىشىنىڭ ئۆستىگە ئۆزىنىڭ ئېرىنىڭ يېقىن تۇققانلىرى (يەنى ئېرىنىڭ قېرىندىشى) ئىززەتسىز، تۇيۇقسىز كىرىپ قالسا قانداق بولىدۇ؟ دېدى، رەسۇلۇللاھ: ئەنە شۇ ئۆلۈمگە ئوخشاشتۇر دېدى.(يەنى شۇ ئىشتىن ئۆلۈمدىن ھەزەر قىلغاندەك، ھەزەر قىلسۇن، چۈنكى پىتنە ـ پاساد ئەشۇ يېقىندىن كىلىپ چىقىدۇ) ئەھمەد، بەيھەقى،بۇخارى،مۇسلىم، تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.

**5626 ـ حدّثنا هَرُونُ بْنُ مَعْرُوفٍ. حَدّثَنَا عَبْدُ اللّهِ بْنُ وَهْبٍ. أَخْبَرَنِي عَمْرٌو. ح وَحَدّثَنِي أَبُو الطّاهِرِ. أَخْبَرَنَا عَبْدُ اللّهِ بْنُ وَهْبٍ عَنْ عَمْرِو بْنِ الْحَارِثِ أَنّ بَكْرَ بْنَ سَوَادَةَ حَدّثَهُ أَنّ عَبْدَ الرّحْمَنِ بْنَ جُبَيْرٍ حَدّثَهُ أَنّ عَبْدَ اللّهِ بْنَ عَمْرِو بْنِ الْعَاصِ حَدّثَهُ أَنّ نَفَراً مِنْ بَنِي هَاشِمٍ دَخَلُوا عَلَىَ أَسْمَاءَ بِنْتِ عُمَيْسٍ. فَدَخَلَ أَبُو بَكْرٍ الصّدّيقُ، وَهِيَ تَحْتَهُ يَوْمَئِذٍ، فَرَآهُمْ. فَكَرِهَ ذَلِكَ. فَذَكَرَ ذَلِكَ لِرَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم وَقَالَ: لَمْ أَرَ إِلاّ خَيْراً. فَقَالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: «إِنّ اللّهَ قَدْ بَرّأَهَا مِنْ ذَلِكَ». ثُمّ قَامَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم عَلَى الْمِنْبَرِ فَقَالَ: «لاَ يَدْخُلَنّ رَجُلٌ، بَعْدَ يَوْمِي هَذَا، عَلَىَ مُغِيبَةٍ، إِلاّ وَمَعَهُ رَجُلٌ أَوِ اثْنَانِ».**

ئىبنى ئۆمەر، ئىبنى ئەمرۇ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، بەزىلەر ئاياللىنىڭ قېشىغا باشقىلارنىڭ كىرىشىنى ياقتۇرمىغاندا رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مۇشۇ كۈندىن باشلاپ، مۇندىن كېيىن ھېچ قانداق ئەر كىشى، ئېرى سىرتتا چىقىپ كەتكەن، ئېرى غائىپ ئايال كىشىنىڭ يېنىغا يالغۇز كىرمىسۇن، ئامالسىز كىرىشكە توغرا كەلسە، ئۆزى بىلەن بىر، ياكى ئىككى ئەر كىشى بىلەن بىللە كىرسۇن. ئەھمەد، مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.

***1006 ـ باب بيان أنه يستحب لمن روي خالياً بامرأة، وكانت زوجة أو محرماً له، أن يقول: هذه فلانة. ليدفع ظن السوء به***

**5627 ـ حدّثنا عَبْدُ اللّهِ بْنُ مَسْلَمَةَ بْنِ قَعْنَبٍ. حَدّثَنَا حَمّادُ بْنُ سَلَمَةَ عَنْ ثَابِتٍ الْبُنَانِيّ، عَنْ أَنَسٍ أَنّ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم كَانَ مَعَ إِحْدَىَ نِسَائِهِ. فَمَرّ بِهِ رَجُلٌ فَدَعَاهُ. فَجَاءَ. فَقَالَ: «يَا فُلاَنُ هَذِهِ زَوْجَتِي فُلاَنَةُ». فَقَالَ: يَا رَسُولَ اللّهِ مَنْ كُنْتُ أَظُنّ بِهِ، فَلَمْ أَكُنْ أَظُنّ بِكَ. فَقَالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: «إِنّ الشّيْطَانَ يَجْرِي مِنَ الإِنْسَانِ مَجْرَى الدّمِ».**

**5628 ـ وحدّثنا إِسْحَقُ بْنُ إِبْرَاهِيمَ وَ عَبْدُ بْنُ حُمَيْدٍ (وَتَقَارَبَا فِي اللّفْظِ) قَالاَ: أَخْبَرَنَا عَبْدُ الرّزّاقِ. أَخْبَرَنَا مَعْمَرٌ عَنِ الزّهْرِيّ، عَنْ عَلِيّ بْنِ حُسَيْنٍ، عَنْ صَفِيّةَ بِنْتِ حُيَيَ . قَالَتْ: كَانَ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم مُعْتَكِفاً. فَأَتَيْتُهُ أَزُورُهُ لَيْلاً. فَحَدّثْتُهُ. ثُمّ قُمْتُ لأَنْقَلِبَ. فَقَامَ مَعِيَ لِيَقْلِبَنِي. وَكَانَ مَسْكَنُهَا فِي دَارِ أُسَامَةَ بْنِ زَيْدٍ. فَمَرّ رَجُلاَنِ مِنَ الأَنْصَارِ. فَلَمّا رَأَيَا النّبِيّ صلى الله عليه وسلم أَسْرَعَا. فَقَالَ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم: «عَلَىَ رِسْلِكُمَا. إِنّهَا صَفِيّةُ بِنْتُ حُيَيَ» فَقَالاَ: سُبْحَانَ اللّهِ يَا رَسُولَ اللّهِ قَالَ: «إِنّ الشّيْطَانَ يَجْرِي مِنَ الإِنْسَانِ مَجْرَىَ الدّمِ. وَإِنّي خَشِيتُ أَنْ يَقْذِفَ فِي قُلُوبِكُمَا شَرّاً» أَوْ قَالَ «شَيْئاً».**

**5629 ـ وحَدّثَنِيهِ عَبْدُ اللّهِ بْنُ عَبْدِ الرّحْمَنِ الدّارِمِيّ. أَخْبَرَنَا أَبُو الْيَمَانِ. أَخْبَرَنَا شُعَيْبٌ عَنِ الزّهْرِيّ. أَخْبَرَنَا عَلِيّ بْنُ حُسَيْنٍ، أَنّ صَفِيّةَ زَوْجَ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم أَخْبَرَتْهُ أَنّهَا جَاءَتْ إِلَىَ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم تَزُورُهُ، فِي اعْتِكَافِهِ فِي الْمَسْجِدِ، فِي الْعَشْرِ الأَوَاخِرِ مِنْ رَمَضَانَ. فَتَحَدّثَتْ عِنْدَهُ سَاعَةً. ثُمّ قَامَتْ تَنْقَلِبُ. وَقَامَ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم يَقْلِبُهَا. ثُمّ ذَكَرَ بِمَعْنَى حَدِيثِ مَعْمَرٍ. غَيْرَ أَنّهُ قَالَ: فَقَالَ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم: «إِنّ الشّيْطَانَ يَبْلُغُ مِنَ الإِنْسَانِ مَبْلَغَ الدّمِ» وَلَمْ يَقُلْ «يَجْرِي».**

سەپىييە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن، ئۇ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم رامىزاننىڭ ئاخىرقى ئونىدا مەسجىدتە ئېتكاپ قىلىۋاتقان چاغدا رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنى زىيارەت قىلىپ كېلىپ، كەچ تەرەپتە رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن بىرسائەت مۇڭدىشىپ، ئاندىن قايتىش ئۈچۈن ئورنىدىن تۇرىدۇ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەممۇ ئۇنى ئۇزۇتۇش ئۈچۈن بىللە تۇرۇپ، ئۇلار ئۇممەسەلەمەتنىڭ ئۆيى يېنىدىكى مەسجىدنىڭ ئىشىكىگە بارغاندا، ئەنسارلاردىن ئىككى كىشى ئۇچراپ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە سالام قىلىپ ئۆتۈپ كېتىدۇ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇلارغا؛ جايىڭلاردا تۇرۇپ تۇرۇڭلار، ئۇ مېنىڭ ئايالىم سەپىييە بولىدۇ دەيدۇ، ئۇلار؛ سۇبھانەاللە!!ئى **الله** نىڭ ئەلچىسى! بىز سىلىدىنمۇ گۇمان قىلامدۇق؟دەيدۇ، بۇئىش ئۇلارغا ئېغىر كېلىدۇ، ئاندىن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم؛« شەيتان ئادەم باللىرىنىڭ قان ئاقىدىغان جايلىرىدا ئېقىپ يۈرىدۇ، مەن ئۇنىڭ سىلەرنىڭ قەلبىڭلارغا بىرەر ۋەسۋەسە تاشلىشىدىن ئەنسىرىدىم»دېدى. ئەنەس، سەفىييە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملاردىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ھەقىقەتەن شەيتان ئادەم باللىرىنىڭ قان ئاقىدىغان جايلىرىدا ئېقىپ يۈرىدۇ، ئەھمەد، بەيھەقى، بۇخارىي، مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ماجەلەر توپلىغان، سەھىھ. كۆزگە كۆرۈنگەن ماددا، ئېلېمېنت، ئوكسىگېن ۋە باشقا ماددىلار قاندا ئېقىپ يۈرىدۇكى، كۆزگە كۆرۈنمەس، ماددا بولمىغان، روھانى ئالەمگە مەنسۇپ بولغان شەيتان ئەلۋەتتە قانلاردا ئېقىپ يۈرۈشى مۇمكىن، ئاللاھ بۇ ئىشنى شەيتانغا بەردى، مەخسەت، ئىمتىھان دۇنياسىدا، بۇ مۇسابىقە دۇنياسىدا سىناق ئېلىپ بېرىش، ئاللاھ بىزنى شەيتاندىن ساقلىسۇن، ئامىن!!!

### *1007 ـ باب من أتى مجلساً فوجد فرجة فجلس فيها، وإلا وراءهم*

### بىرەر مەجلىسكە كەلگەن كىشىنىڭ باشقىلارنى قوپۇرۇۋەتمەي كەڭرى جايدا ياكى ئارقىسدا ئولتۇرىشى

**5630 ـ حدّثنا قُتَيْبَةُ بْنُ سَعِيدٍ عَنْ مَالِكِ بْنِ أَنَسٍ، فِيمَا قُرِىءَ عَلَيْهِ، عَنْ إِسْحَقَ بْنِ عَبْدِ اللّهِ بْنِ أَبِي طَلْحَةَ أَنّ أَبَا مُرّةَ، مَوْلَىَ عَقِيلِ بْنِ أَبِي طَالِبٍ، أَخْبَرَهُ عَنْ أَبِي وَاقِدٍ اللّيْثِيّ أَنّ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم بَيْنَمَا هُوَ جَالِسٌ فِي الْمَسْجِدِ وَالنّاسُ مَعَهُ. إِذْ أَقْبَلَ نَفَرٌ ثَلاَثَةٌ. فَأَقْبَلَ اثْنَانِ إِلَىَ رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم. وَذَهَبَ وَاحِدٌ. قَالَ فَوَقَفَا عَلَىَ رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم. فَأَمّا**

أَحَدُهُمَا فَرَأَى فُرْجَةً فِي الْحَلْقَةِ فَجَلَسَ فِيهَا. وَأَمّا الآخَرُ فَجَلَسَ خَلْفَهُمْ. وَأَمّا الثّالِثُ فَأَدْبَرَ ذَاهِباً. فَلَمّا فَرَغَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم قَالَ: «أَلاَ أُخْبِرُكُمْ عَنِ النّفَرِ الثّلاَثَةِ؟ أَمّا أَحَدُهُمْ فَأَوَى إِلَى اللّهِ، فَآوَاهُ اللّهُ. وَأَمّا الآخَرُ فَاسْتَحْيَا، فَاسْتَحْيَا اللّهُ مِنْهُ. وَأَمّا الآخَرُ فَأَعْرَضَ، فَأَعْرَضَ اللّهُ عَنْهُ».

5631 ـ وحدّثنا أَحْمَدُ بْنُ الْمُنْذِرِ. حَدّثَنَا عَبْدُ الصّمَدِ. حَدّثَنَا حَرْبٌ (وَهُوَ ابْنُ شَدّادٍ). ح وَحَدّثَنِي إِسْحَقُ بْنُ مَنْصُورٍ. أَخْبَرَنَا حَبّانُ. حَدّثَنَا أَبَانٌ. قَالاَ جَمِيعاً: حَدّثَنَا يَحْيَى بْنُ أَبِي كَثِيرٍ أَنّ إِسْحَقَ بْنَ عَبْدِ اللّهِ بْنِ أَبِي طَلْحَةَ حَدّثَهُ فِي هَذَا الأَسْنَادِ. بِمِثْلِهِ. فِي الْمَعْنَى.

ئەبۇۋاقىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، بىر چاغدا رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مەسجىدتە كىشىلەر بىلەن بىللە ھالقا بولۇپ ئولتۇراتتى، ئۈچ نەپەر كىشى كىلىپ، ئۇلارنىڭ بىرسى ئارقىسىنى قىلىپ قايتىپ كەتتى، ئىككىسى رەسۇلۇللاھ قا ئالدىنى قىلىپ كىلىپ، مەجلىسنىڭ قىشىدا توختاپ، بىرسى ھالقىدىكى بوش ئورۇننى كۆرۈپ شۇ جايدا ئولتۇردى، يەنەبىرسى ئۇلارنىڭ ئارقىسىدا ئولتۇردى، رەسۇلۇللاھ سۆزىدىن پارىغ بولۇپ: مەن سىلەرگە بايىقى ئۈچ نەپەر كىشى توغرىسىدا خەۋەر بەرمەيمۇ؟ ئۇلارنىڭ بىرسى الله تىن جاي سوردى، الله ئۇنىڭغا ئورۇن بەردى، يەنەبىرسى ھايا قىلىپ تارتىندى، الله مۇ ئۇنىڭدىن ھايا قىلدى. يەنەبىرسى يۈز ئۆرۈپ كەتتى، الله مۇ ئۇنىڭدىن يۈز ئۆرىدى، دىدى.

### 1008 ـ باب تحريم إقامة الإنسان من موضعه المباح الذي سبق إليه

5632 ـ وحدّثنا قُتَيْبَةُ بْنُ سَعِيدٍ. حَدّثَنَا لَيْثٌ. ح وَحَدّثَنِي مُحَمّدُ بْنُ رُمْحِ بْنِ الْمُهَاجِرِ. أَخْبَرَنَا اللّيْثُ عَنْ نَافِعٍ، عَنِ ابْنِ عُمَرَ، عَنِ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم قَالَ: «لاَ يُقِيمَنّ أَحَدُكُمُ الرّجُلَ مِنْ مَجْلِسِهِ، ثُمّ يَجْلِسُ فِيهِ».

5633 ـ حدّثنا يَحْيَى بْنُ يَحْيَى. أَخْبَرَنَا عَبْدُ اللّهِ بْنُ نُمَيْرٍ. ح وَحَدّثَنَا ابْنُ نُمَيْرٍ. حَدّثَنَا أَبِي. ح وَحَدّثَنَا زُهَيْرُ بْنُ حَرْبٍ. حَدّثَنَا يَحْيَى (وَهُوَ الْقَطّانُ). ح وَحَدّثَنَا ابْنُ الْمُثَنّى. حَدّثَنَا عَبْدُ الْوَهّابِ (يَعْنِي الثّقفِيّ). كُلّهُمْ عَنْ عُبَيْدِ اللّهِ. ح وَحَدّثَنَا أَبُو بَكْرِ بْنُ أَبِي شَيْبَةَ (وَاللّفْظُ لَهُ). حَدّثَنَا مُحَمّدُ بْنُ بِشْرٍ وَ أَبُو أُسَامَةَ وَ ابْنُ نُمَيْرٍ قَالُوا: حَدّثَنَا عُبَيْدُ اللّهِ عَنْ نَافِعٍ، عَنِ ابْنِ عُمَرَ، عَنِ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم قَالَ: «لاَ يُقِيمُ الرّجُلُ الرّجُلَ مِنْ مَقْعَدِهِ ثُمّ يَجْلِسُ فِيهِ. وَلَكِنْ تَفَسّحُوا وَتَوَسّعُوا».

5634 ـ وحدّثنا أَبُو الرّبِيعِ وَ أَبُو كَامِلٍ. قَالاَ: حَدّثَنَا حَمّادٌ. حَدّثَنَا أَيّوبُ. ح وَحَدّثَنِي يَحْيَى بْنُ حَبِيبٍ. حَدّثَنَا رَوْحٌ. ح وَحَدّثَنِي مُحَمّدُ بْنُ رَافِعٍ. حَدّثَنَا عَبْدُ الرّزّاقِ. كِلاَهُمَا عَنِ ابْنِ جُرَيْجٍ. ح وَحَدّثَنِي مُحَمّدُ بْنُ رَافِعٍ. حَدّثَنَا ابْنُ أَبِي فُدَيْكٍ. أَخْبَرَنَا الضّحّاكُ (يَعْنِي ابْنَ عُثْمَانَ). كُلّهُمْ عَنْ نَافِعٍ، عَنِ ابْنِ عُمَرَ، عَنِ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم. بِمِثْلِ حَدِيثِ اللّيْثِ. وَلَمْ يَذْكُرُوا فِي الْحَدِيثِ «وَلَكِنْ تَفَسّحُوا وَتَوَسّعُوا» وَزَادَ فِي حَدِيثِ ابْنِ جُرَيْجٍ. قُلْتُ: فِي يَوْمِ الْجُمُعَةِ؟ قَالَ: فِي يَوْمِ الْجُمُعَةِ وَغَيْرِهَا.

5635 ـ حدّثنا أَبُو بَكْرِ بْنُ أَبِي شَيْبَةَ. حَدّثَنَا عَبْدُ الأَعْلَى عَنْ مَعْمَرٍ، عَنِ الزّهْرِيّ، عَنْ سَالِمٍ، عَنِ ابْنِ عُمَرَ، أَنّ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم قَالَ: «لاَ يُقِيمَنّ أَحَدُكُمْ أَخَاهُ ثُمّ يَجْلِسُ فِي مَجْلِسِهِ». وَكَانَ ابْنُ عُمَرَ، إِذَا قَامَ لَهُ رَجُلٌ عَنْ مَجْلِسِهِ، لَمْ يَجْلِسْ فِيهِ.

5636 ـ وحدّثناه عَبْدُ بْنُ حُمَيْدٍ. أَخْبَرَنَا عَبْدُ الرّزّاقِ. أَخْبَرَنَا مَعْمَرٌ. بِهَذَا الأَسْنَادِ، مِثْلَهُ.

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: بىر كىشى يەنە بىر كىشىنى مەجلىسدىن قوپۇرۇۋىتىپ، ئۇنىڭ ئورنىدا ئولتۇرۇۋالمىسۇن، لىكىن، كەڭرىتىڭلار، كەڭرى قىلىڭلار ، ئورۇن بوشىتىڭلار دىسۇن. ئەھمەد، مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ. بۇ ھۆكۈم جۈمئە كۈنىگە ۋە باشقا كۈنلەرگىمۇ، جايلارغىمۇ ئامدۇر.

5637 ـ وحدّثنا سَلَمَةُ بْنُ شَبِيبٍ. حَدّثَنَا الْحَسَنُ بْنُ أَعْيَنَ. حَدّثَنَا مَعْقِلٌ (وَهُوَ ابْنُ عُبَيْدِ اللّهِ) عَنْ أَبِي الزّبَيْرِ، عَنْ جَابِرٍ، عَنِ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم قَالَ: «لاَ يُقِيمَنّ أَحَدُكُمْ أَخَاهُ يَوْمَ الْجُمُعَةِ. ثُمّ لِيُخَالِفْ إِلَى مَقْعَدِهِ فَيَقْعُدَ فِيهِ. وَلَكِنْ يَقُولُ: افْسَحُوا».

جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: بىرىڭلار جۈمئە كۈنىسىدە قېرىندىشىنىڭ ئورنىدا ئولتۇرۇشنى مەقسەت قىلىپ، ئۇنى ئورنىدىن قوپۇرىۋەتمىسۇن، ئۇنىڭ ئورنىدا ئولتۇرۇۋالمىسۇن. لېكىن، كەڭرى قىلىڭلار، سەل كەڭرىتىڭلار دېسۇن. مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.

### 1009 ـ باب إذا قام من مجلسه ثم عاد، فهو أحق به

**5638 ـ وحدّثنا قُتَيْبَةُ بْنُ سَعِيدٍ. أَخْبَرَنَا أَبُو عَوَانَةَ. وَقَالَ قُتَيْبَةُ أَيْضاً. حَدّثَنَا عَبْدُ الْعَزِيزِ (يَعْنِي ابْنَ مُحَمّدٍ). كِلاَهُمَا عَنْ سُهَيْلٍ، عَنْ أَبِيهِ، عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ أَنّ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم قَالَ: «إِذَا قَامَ أَحَدُكُمْ». وَفِي حَدِيثِ أَبِي عَوَانَةَ «مَنْ قَامَ مِنْ مَجْلِسِهِ ثُمّ رَجَعَ إِلَيْهِ، فَهُوَ أَحَقّ بِهِ».**

ئەبۇ ھۇرەيرە، ۋەھبى ئىبنى ھۇزەيفە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: بىر كىشى مەجلىسدىكى ئورنىدىن قوپۇپ كېتىپ، ئاندىن يەنە قايتىپ كەلسە، ئۇ ئورۇنغا ئۆزى لايىقتۇر، ئەھمەد، بۇخارى، ئەدەپتە، مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

### 1010 ـ باب منع المخنث من الدخول على النساء الأجانب خۇناسالارنىمۇ ئاياللار قېشىغا كىرىشتىن مەنئى قىلىش

**5639 ـ حدّثنا أَبُو بَكْرِ بْنُ أَبِي شَيْبَةَ وَ أَبُو كُرَيْبٍ. قَالاَ: حَدّثَنَا وَكِيعٌ. ح وَحَدّثَنَا إِسْحَقُ بْنُ إِبْرَاهِيمَ. أَخْبَرَنَا جَرِيرٌ. ح وَحَدّثَنَا أَبُو كُرَيْبٍ. حَدّثَنَا أَبُو مُعَاوِيَةَ. كُلّهُمْ عَنْ هِشَامٍ. ح وَحَدّثَنَا أَبُو كُرَيْبٍ أَيْضاً (وَاللّفْظُ هَذَا). حَدّثَنَا ابْنُ نُمَيْرٍ. حَدّثَنَا هِشَامٌ عَنْ أَبِيهِ، عَنْ زَيْنَبَ بِنْتِ أُمّ سَلَمَةَ، عَنْ أُمّ سَلَمَةَ أَنّ مُخَنّثاً كَانَ عِنْدَهَا وَرَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم فِي الْبَيْتِ. فَقَالَ لأَخِي أُمّ سَلَمَةَ: يَا عَبْدَ اللّهِ بْنَ أَبِي أُمَيّةَ إِنْ فَتَحَ الله عَلَيْكُمُ الطّائِفَ غَداً، فَإِنّي أَدُلّكَ عَلَى بِنْتِ غَيْلاَنَ. فَإِنّهَا تُقْبِلُ بِأَرْبَعٍ وَتُدْبِرُ بِثَمَانٍ. قَالَ فَسَمِعَهُ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم فَقَالَ: «لاَ يَدْخُلْ هَؤُلاَءِ عَلَيْكُمْ».**

**5640 ـ وحدّثنا عَبْدُ بْنُ حُمَيْدٍ. أَخْبَرَنَا عَبْدُ الرّزّاقِ عَنْ مَعْمَرٍ، عَنِ الزّهْرِيّ، عَنْ عُرْوَةَ، عَنْ عَائِشَةَ. قَالَتْ: كَانَ يَدْخُلُ عَلَى أَزْوَاجِ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم مُخَنّثٌ. فَكَانُوا يَعُدّونَهُ مِنْ غَيْرِ أُولِي الإِرْبَةِ. قَالَ فَدَخَلَ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم يَوْماً وَهُوَ عِنْدَ بَعْضِ نِسَائِهِ. وَهُوَ يَنْعَتُ امْرَأَةً. قَالَ: إِذَا أَقْبَلَتْ أَقْبَلَتْ بِأَرْبَعٍ. وَإِذَا أَدْبَرَتْ أَدْبَرَتْ بِثَمَانٍ. فَقَالَ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم: «أَلاَ أَرَى هَذَا يَعْرِفُ مَا هَهُنَا. لاَ يَدْخُلَنّ عَلَيْكُنّ» قَالَتْ فَحَجَبُوهُ.**

ئۇممە سەلەمەت رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنىڭ يېنىدىكى چاغدا، ئۇنىڭ ئۆيىدە بىر خۇناسا(يەنى سۆز ـ ھەركەت،ئەخلاقىدا ئاياللارغا ئوخشىۋالغان)كىشى بار ئىكەن، بۇكىشى ئۇممە سەلەمەت رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ جىيەنى ئابدۇللاھ قا: ئى ئابدۇللاھ! ئەگەر ئەتە الله تائالا سىلەرگە تائىپنى ئىشغال قىلىپ بەرسە، مەن سىنى غەيلاننىڭ قىزىغا كۆرسۈتۈپ قويىمەن، ئۇ شۇنداق كىلىشكەن سىمىز قىزكى، تۆت قاتلاق بىلەن ئالدىنى قىلسا، سەككىز قاتلاق بىلەن ئارقىسنى قىلىدۇ(يەنى شۇنداق بەك سىمىز)دىدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم (ئۇنىڭ سۆزىدىن ئۇنىڭمۇ ئاياللارغا سەپ سالىدىغىنىنى بىلىپ) ئاۋۇ كىشىلەر (يەنى خۇناسالار،پۇچتۇرۇلغان ئېرىكلەر)سىلەرنىڭ ئۇستۇڭلارغا كىرمىسۇن دىدى.بۇخارى،مۇسلىم.

### 1011 ـ باب جواز إرداف المرأة الأجنبية، إذا أعيت، في الطريق

**5641 ـ حدّثنا مُحَمّدُ بْنُ الْعَلاَءِ، أَبُو كُرَيْبٍ الْهَمْدَانِيّ. حَدّثَنَا أَبُو أُسَامَةَ عَنْ هِشَامٍ. أَخْبَرَنِي أَبِي عَنْ أَسمَاءَ بِنْتِ أَبِي بَكْرٍ. قَالَتْ: تَزَوّجَنِي الزّبَيْرُ وَمَا لَهُ فِي الأَرْضِ مِنْ مَالٍ وَلاَ مَمْلُوكٍ وَلاَ شَيْءٍ، غَيْرَ فَرَسِهِ. قَالَتْ: فَكُنْتُ أَعْلِفُ فَرَسَهُ. وَأَكْفِيهِ مَؤُنَتَهُ، وَأَسُوسُهُ، وَأَدُقّ النّوَى لِنَاضِحِهِ، وَأَعْلِفُهُ، وَأَسْتَقِي الْمَاءَ. وَأَخْرِزُ غَرْبَهُ، وَأَعْجِنُ. وَلَمْ أَكُنْ أُحْسِنُ أَخْبِزُ. وَكَانَ يَخْبِزُ لِي جَارَاتٌ مِنَ الأَنْصَارِ.**

**وَكُنّ نِسْوَةَ صِدْقٍ. قَالَتْ: وَكُنْتُ أَنْقُلُ النّوَىَ، مِنْ أَرْضِ الزّبَيْرِ الّتِي أَقْطَعَهُ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم، عَلَىَ رَأْسِي. وَهِيَ عَلَىَ ثُلُثَيْ فَرْسَخٍ. قَالَتْ: فَجِئْتُ يَوْماً وَالنّوَىَ عَلَىَ رَأْسِي. فَلَقِيتُ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم وَمَعَهُ نَفَرٌ مِنْ أَصْحَابِهِ. فَدَعَانِي ثُمّ قَالَ: «إخْ إخْ» لِيَحْمِلَنِي خَلْفَهُ. قَالَتْ: فَاسْتَحْيَيْتُ وَعَرَفْتُ غَيْرَتَكَ. فَقَالَ: وَاللّهِ لَحَمْلُكِ النّوَىَ عَلَىَ رَأْسِكِ أَشَدّ مِنْ رُكُوبِكِ مَعَهُ. قَالَتْ: حَتّىَ أَرْسَلَ إلَيّ أَبُو بَكْرٍ، بَعْدَ ذَلِكَ، بِخَادِمٍ، فَكَفَتْنِي سِيَاسَةَ الْفَرَسِ. فَكَأَنّمَا أَعْتَقَتْنِي.**

ئەسمائە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن، مېنى زۇبەير نىكاھىغا ئالغان ئىدى، ئۇنىڭ بىرلا ئېتىدىن باشقا ھېچ نەرسىسى يوق ئىدى، مال ـ دۇنياسى، قۇلمۇ يوق ئىدى، مەن ئۇنىڭ ئېتىغا خورما ئۇرۇقچىللىرىنى ئېزىپ سۇقۇپ ھەلەپ بېرەتتىم، ئۇنى سۇغۇرۇپ باقاتتىم، سۇ ئېكىلىپ ئۇنىڭ چوڭ تۇلۇنلىرىنى لىق تولدۇراتتىم، ئۇنىڭ كىر ـ قاتلىرىنى يۇيۇپ، ئاش ـ تاماقلىرىنى ئەتەتتىم، خېمىر يۇغراتتىم، نان ياقاتتىم، مەن ناننى ياخشى ياقالمىغاچقا مېنىڭ ئەنسارلاردىن بولغان خوشنىللىرىم نان يېقىپ بېرەتتى، ئۇلار سەمىيمى ـ سادىق راسچىل ئايالالار ئىدى. مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم زۇبەيرگە بۆلۈپ بەرگەن زېمىندىن خورما ئۇرۇقچىللىرىنى بېشىمدا كۆتۈرۈپ ئېلىپ كېلەتتىم، ئۇ زېمىن ئۆيىمىزدىن ئۈچ پەرسەخ(يەنى 12مىيل، تەخمىنەن 20كىلومېتىر)يىراقتا ئىدى، بىركۈنى مەن ئۇرۇقچىلارنى بېشىمدا كۆتۈرۈپ كېلىۋاتسام، ماڭا رەسۇلۇللاھ ساھابىللىرى بىلەن ئۇچراپ قېلىپ مېنى چاقىردى، مېنى ئارقىسىغا مىندۈرۈۋېلىش ئۈچۈن تۆگىسىنى ياتقۇزۇشقا چوك ـ چوك دېدى، مەن تارتىنىپ قالدىم، ھەم سىنىڭ كۈندەشلىكىڭنى ئەسلەپ قالدىم. زۇبەير:الله بىلەن قەسەمكى، بېشىڭدا ئۇرۇقچىلارنى كۆتۈرۈپ پىيادە مېڭىشىڭ، رەسۇلۇللاھ نىڭ تۆگىسىگە مىنىۋېلىشىڭدىن كۆپ مۇشەققەتلىكتۇر، (مەن سىنىڭ بۇنداق جاپادا قېلىشىڭنى ياقتۇرمايمەن) دېدى. شۇنىڭدىن كېيىن دادام ئەبۇبەكرى ماڭا بىر دېدەك خادىمنى ئەۋەتىپتۇ، ئۇ ماڭا ئات بېقىشتا كۇپايە قىلدى، دادام مېنى ئازاد قىلغاندەك بولدى.

**5642 ـ حدّثنا مُحَمّدُ بْنُ عُبَيْدٍ الْغُبَرِيّ. حَدّثَنَا حَمّادُ بْنُ زَيْدٍ عَنْ أَيّوبَ، عَنِ ابْنِ أَبِي مُلَيْكَةَ أَنّ أَسْمَاءَ قَالَتْ: كُنْتُ أَخْدُمُ الزّبَيْرَ خِدْمَةَ الْبَيْتِ. وَكَانَ لَهُ فَرَسٌ. وَكُنْتُ أَسُوسُهُ. فَلَمْ يَكُنْ مِنَ الْخِدْمَةِ شَيْءٌ أَشَدّ عَلَيّ مِنْ سِيَاسَةِ الْفَرَسِ. كُنْتُ أَحْتَشّ لَهُ وَأَقُومُ عَلَيْهِ وَأَسُوسُهُ. قَالَ ثُمّ إنّهَا أَصَابَتْ خَادِماً. جَاءَ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم سَبْيٌ فَأَعْطَاهَا خَادِماً. قَالَتْ: كَفَتْنِي سِيَاسَةَ الْفَرَسِ. فَأَلْقَتْ عَنّي مَؤُنَتَهُ. فَجَاءَنِي رَجُلٌ فَقَالَ: يَا أُمّ عَبْدِ اللّهِ إنّي رَجُلٌ فَقِيرٌ. أَرَدْتُ أَنْ أَبِيعَ فِي ظِلّ دَارِكِ. قَالَتْ: إنّي إنْ رَخّصْتُ لَكَ أَبَىَ ذَاكَ الزّبَيْرُ. فَتَعَالَ فَاطْلُبْ إلَيّ، وَالزّبَيْرُ شَاهِدٌ. فَجَاءَ فَقَالَ: يَا أُمّ عَبْدِ اللّهِ إنّي رَجُلٌ فَقِيرٌ أَرَدْتُ أَنْ أَبِيعَ فِي ظِلّ دَارِكِ. فَقَالَتْ: مَا لَكَ بِالْمَدِينَةِ إلاّ دَارِي؟ فَقَالَ لَهَا الزّبَيْرُ: مَا لَكِ أَنْ تَمْنَعِي رَجُلاً فَقِيراً يَبِيعُ؟ فَكَانَ يَبِيعُ إلَىَ أَنْ كَسَبَ. فَبِعْتُهُ الْجَارِيَةَ. فَدَخَلَ عَلَيّ الزّبَيْرُ وَثَمَنُهَا فِي حَجْرِي. فَقَالَ: هَبِيهَا لِي. قَالَتْ: إنّي قَدْ تَصَدّقْتُ بِهَا.**

ئەسمائە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن، مېنى زۇبەير نىكاھىغا ئالغان ئىدى، ئۇنىڭ بىرلا ئېتىدىن باشقا ھېچ نەرسىسى يوق ئىدى، مەن ئۇنىڭ ئېتىغا خورما ئۇرۇقچىللىرىنى ئېزىپ سۇقۇپ ھەلەپ بېرەتتىم، ئۇنى سۇغۇرۇپ غازاڭ قېقىپ بېرىپ باقاتتىم، سۇ ئېكىلىپ ئۇنىڭ چوڭ تۇلۇنلىرىنى لىق تولدۇراتتىم، ئۇنىڭ كىر ـ قاتلىرىنى يۇيۇپ، ئاش ـ تاماقلىرىنى ئەتەتتىم، خېمىر يۇغراتتىم، نان ياقاتتىم، ئۆي ئىشلىرىنىڭ ھەممىسىنى مەن قىلاتتىم. ئاندىن

رەسۇلۇللاھ قا ئۇلجا كەلگەندە ماڭا بىر دېدەك خادىم بەردى، ئۇ ماڭا ئات بېقىشتا كۆپايە قىلدى، ئېغىر ـ يىنىك ئىشلاردا ماڭا ياردەملەشتى. بىركىشى كېلىپ: ئى ئابدۇللاھ نىڭ ئانىسى! مەن بەك نامرات كىشى، مەن ھويلاڭنىڭ سايىسىدا نەرسە سېتىشنى مەقسەت قىلدىم دېدى، مەن ئۇنىڭغا: مەن ساڭا رۇخسەت قىلساممۇ زۇبەير ئۇنىماسلىقى مۇمكىن، بۇياققا كەل، زۇبەير ئۆيدە بار ئۇنىڭدىن سوراپ باقلى دېسەم، ئۇكىشى كەلدى، ئاندىن ئۇماڭا: ئى ئابدۇللاھ نىڭ ئانىسى! مەن بەك نامرات كىشى، مەن ھويلاڭنىڭ سايىسىدا نەرسە سېتىشنى مەقسەت قىلدىم دېدى، مەن بىلمىگەن بولۇۋېلىپ ئۇنىڭغا: ساڭا مەدىنىدە مېنىڭ ھويلامدىن باشقا ھويلا يوقمىكەن؟دېدىم، ئاندىن زۇبەير ماڭا: ساڭا نىمە بولدى؟ نىمە ئۈچۈن نامرات كىشىنى نەرسە ساتقىلى قويمايسەن؟ دەپ ئۇكىشىنى نەرسە ساتقىلى قويدى. شۇنداق قىلىپ ئۇكىشى(مېنىڭ چارە ـ ئامالىم بىلەن)بىرەر كەسپنى تاپقىچە شۇسايىدا نەرسە سېتىپ تۇردى. مەن ھېلىقى دېدەك قىزچاقنى سېتىۋېتىپ، پۇلنى ئېتىكىمدە ساناپ تۇرىشىمغا زۇبەير كىرىپ:ئۇنى ماڭا ھەدىيە قىلىپ بېرىۋەتكىن دېدى، مەن ئۇنىڭغا: مەن ئۇنى سەدىقە قىلىۋەتتىم دېدىم.

### 1012 – باب تحريم مناجاة الاثنين دون الثالث، بغير رضاه

### ئۈچۈنجى بىركىشىنى ئايرىپ قويۇپ، ئۇنىڭ رازىلىقىسىز ئىككى كىشىنىڭ مەخپى سۆزلىشىشى ھارامدۇر

5643 ـ حدّثنا يَحْيَى بْنُ يَحْيَى. قالَ: قَرَأْتُ عَلَى مَالِكٍ عَنْ نَافِعٍ، عَنِ ابْنِ عُمَرَ أنّ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم قالَ: «إذَا كَانَ ثَلاثَة، فَلا يَتَنَاجَى اثْنَانِ دُونَ وَاحِدٍ».

5644 ـ وحدّثنا أَبُو بَكْرِ بْنُ أَبِي شَيْبَةَ. حَدّثَنَا مُحَمّدُ بْنُ بِشْرٍ وَ ابْنُ نُمَيْرٍ. ح وَحَدّثَنَا ابْنُ نُمَيْرٍ. حَدّثَنَا أَبِي. ح وَحَدّثَنَا مُحَمّدُ بْنُ الْمُثَنّى وَ عُبَيْدُ اللّهِ بْنُ سَعِيدٍ. قالاَ: حَدّثَنَا يَحْيَى (وَهُوَ ابْنُ سَعِيدٍ) كُلّهُمْ عَنْ عُبَيْدِ اللّهِ. ح وَحَدّثَنَا قُتَيْبَةُ وَ ابْنُ رُمْحٍ عَنِ اللّيْثِ بْنِ سَعْدٍ. ح وَحَدّثَنَا أَبُو الرّبِيعِ و أَبُو كَامِلٍ قالاَ: حَدّثَنَا حَمّادٌ عَنْ أَيّوبَ، ح وَحَدّثَنَا ابْنُ الْمُثَنّى. حَدّثَنَا مُحَمّدُ بْنُ جَعْفَرٍ. حَدّثَنَا شُعْبَةُ. قالَ: سَمِعْتُ أَيّوبَ بْنَ مُوسَى. كُلّ هَـؤُلاَءِ عَنْ نَافِعٍ، عَنِ ابْنِ عُمَرَ، عَنِ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم. بِمَعْنَى حَدِيثِ مَالِكٍ.

ئىبنى ئۆمەر ئەبۇ ھۈرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئۈچ كىشى بىر بولۇپ قالسا، ئاردىن ئىككى كىشى يەنە بىر كىشىنى ئايرىپ قويۇپ، مەخپى مۇڭداشمىسۇن، ئەھمەد توپلىغان، سەھىھ.

5645 ـ حدّثنا أَبُو بَكْرِ بْنُ أَبِي شَيْبَةَ وَ هَنّادُ بْنُ السّرِيّ قالاَ: حَدّثَنَا أَبُو الأَحْوَصِ عَنْ مَنْصُورٍ. ح وَحَدّثَنَا زُهَيْرُ بْنُ حَرْبٍ وَ عُثْمَانُ بْنُ أَبِي شَيْبَةَ وَ إِسْحَـٰقُ بْنُ إِبْرَاهِيمَ ـ وَاللّفْظُ لِزُهَيْرٍ ـ (قَالَ إِسْحَـٰقُ: أَخْبَرَنَا. وَقَالَ الآخَرَانِ: حَدّثَنَا جَرِيرٌ عَنْ مَنْصُورٍ، عَنْ أَبِي وَائِلٍ، عَنْ عَبْدِ اللّهِ. قَالَ: قَالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم «إذَا كُنْتُمْ ثَلاَثَةً فَلاَ يَتَنَاجَى اثْنَانِ دُونَ الآخَرِ. حَتّىَ تَخْتَلِطُوا بِالنّاسِ. مِنْ أَجْلِ أَنْ يَحْزُنَهُ».

5646 -5647 ـ ـ وحدّثنا يَحْيَى بْنُ يَحْيَى وَ أَبُو بَكْرِ بْنُ أَبِي شَيْبَةَ وَ ابْنُ نُمَيْرٍ وَ أَبُو كُرَيْبٍ ـ وَاللّفْظُ لِيَحْيَى ـ (قَالَ يَحْيَى: أَخْبَرَنَا. وَقَالَ الآخَرُونَ: حَدّثَنَا أَبُو مُعَاوِيَةَ عَنِ الأَعْمَشِ، عَنْ شَقِيقٍ، عَنْ عَبْدِ اللّهِ. قَالَ: قَالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم «إذَا كُنْتُمْ ثَلاَثَةً فَلاَ يَتَنَاجَى اثْنَانِ دُونَ صَاحِبِهِمَا. فَإِنّ ذَلِكَ يُحْزِنُهُ».

ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئۈچ كىشى بولساڭلار، كىشىلەرگە ئارىلاشمىغىچە، بىرسىنى قويۇپ،قالغان ئىككىسى مەخپى مۇڭداشمىسۇن، ئۇنداق قىلسا، ئۇ كىشىنى غەمگە سېلىپ قويىدۇ، بۇخارى،مۇسلىم، ئەھمەد، بەيھەقى، تىرمىزى، ئىبنى ماجە توپلىغان

## 1013 - باب الطب والمرض والرقي   تىبابەتنىڭ ۋە ئايىتى شىپا ئوقۇشنىڭ كىتابى

**5648 - حدّثنا مُحَمّدُ بْنُ أَبِي عُمَرَ الْمَكّيّ. حَدّثَنَا عَبْدُ الْعَزِيزِ الدّرَاوَرْدِيّ عَنْ يَزِيدَ (وَهُوَ ابْنُ عَبْدِ اللّهِ بْنِ أُسَامَةَ بْنِ الْهَادِ) عَنْ مُحَمّدِ بْنِ إِبْرَاهِيمَ، عَنْ أَبِي سَلَمَةَ بْنِ عَبْدِ الرّحْمَـنِ، عَنْ عَائِشَةَ، زَوْجِ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم أَنّهَا قَالَتْ: كَانَ إِذَا اشْتَكَىَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم رَقَاهُ جِبْرِيلُ. قَالَ: بِاسْمِ اللّهِ يُبْرِيكَ. وَمِنْ كُلّ دَاءٍ يَشْفِيكَ. وَمِنْ شَرّ حَاسِدٍ إِذَا حَسَدَ. وَشَرّ كُلّ ذِي عَيْنٍ.**

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كېسەل بولۇپ قالسا، جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەپ ئايىتى شىپا ئوقۇپ داۋالايتتى: «ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن، ئاللاھ سېنى كېسەلدىن ساقايتىۋەتسۇن، ساڭا ھەسەد قىلغۇچىنىڭ ھەسەد قىلغان چاغدىكى يامانلىقىدىن، ھەرقانداق كۆزى يامانىنىڭ كۆزىنىڭ يامانلىقىدىن سېنى ساقلاپ، ساڭا شىپالىق ئاتا قىلسۇن» مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.

**5649 - حدّثنا بِشْرُ بْنُ هِلاَلٍ الصّوّافُ. حَدّثَنَا عَبْدُ الْوَارِثِ. حَدّثَنَا عَبْدُ الْعَزِيزِ بْنُ صُهَيْبٍ عَنْ أَبِي نَضْرَةَ، عَنْ أَبِي سَعِيدٍ أَنّ جِبْرِيلَ أَتَى النّبِيّ صلى الله عليه وسلم فَقَالَ: يَا مُحَمّدُ اشْتَكَيْتَ؟ فَقَالَ: «نَعَمْ» قَالَ: بِاسْمِ اللّهِ أَرْقِيكَ. مِنْ كُلّ شَيْءٍ يُؤْذِيكَ. مِنْ شَرّ كُلّ نَفْسٍ أَوْ عَيْنِ حَاسِدٍ اللّهُ يَشْفِيكَ. بِاسْمِ اللّهِ أَرْقِيكَ.**

ئائىشە، ئەبۇسەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمىدىن، جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قېشىغا كېلىپ: ئى مۇھەممەد! سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كېسەل بولۇپ قالدىڭمۇ؟دېدى، ھەئە دېسە، مۇنداق دەپ ئايىتى شىپا ئوقۇپ داۋالىدى: «ساڭا ئازار بەرگەن ھەرقانداق نەرسىدىن ، ساڭا ھەسەد قىلغۇچىنىڭ ھەسەد قىلغان چاغدىكى يامانلىقىدىن، ھەرقانداق كۆزى يامانىنىڭ كۆزىنىڭ يامانلىقىدىن ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلاپ ساڭا ئايىتى شىپا ئوقۇپ، سېنى داۋالايمەن، ئاللاھ سېنى كېسەلدىن ساقايتىپ، ساڭا شىپالىق ئاتا قىلسۇن، ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلاپ، ساڭا ئايىتى شىپا ئوقۇيمەن » مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.

**5650 - حدّثنا مُحَمّدُ بْنُ رَافِعٍ. حَدّثَنَا عَبْدُ الرّزّاقِ. حَدّثَنَا مَعْمَرٌ عَنْ هَمّامِ بْنِ مُنَبّهٍ. قَالَ: هَـذَا مَا حَدّثَنَا  أَبُو هُرَيْرَةَ عَنْ رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم. فَذَكَرَ أَحَادِيثَ مِنْهَا: وَقَالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم «الْعَيْنُ حَقّ».**
**5651 - وحدّثنا عَبْدُ اللّهِ بْنُ عَبْدِ الرّحْمَـنِ الدّارِمِيّ وَ حَجّاجُ بْنُ الشّاعِرِ وَ أَحْمَدُ بْنُ خِرَاشٍ (قَالَ  عَبْدُ اللّهِ: أَخْبَرَنَا. وَقَالَ الآخَرَانِ: حَدّثَنَا  مُسْلِمُ بْنُ إِبْرَاهِيمَ. قَالَ: حَدّثَنَا وُهَيْبٌ عَنِ ابْنِ طَاوُسٍ، عَنْ أَبِيهِ، عَنِ ابْنِ عَبّاسٍ، عَنِ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم قَالَ: «الْعَيْنُ حَقّ، وَلَوْ كَانَ شَيْءٌ سَابَقَ الْقَدَرَ سَبَقَتْهُ الْعَيْنُ، وَإِذَا اسْتُغْسِلْتُمْ فَاغْسِلُوا».**

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كۆز تېگىش ھەق، راستۇر، ئەگەر بىرەر نەرسە تەقدىردىن ئىلگىرلەپ كەتسە، ئەلۋەتتە كۆز تېگىش، ئىلگىرلەپ كېتەتتى، سىلەردىن كۆز تەگكەن كىشىنى يۇيۇپ قويۇشۇڭلارنى تەلەپ قىلسا، يۇيۇپ قويۇڭلار، (يەنى كۆز تەگكەن كىشىنى شۇ كۆز تاشلىغان، كۆزى چۇشكەن ھەسەدخور يۇيۇپ قويسا ساقىيىدۇ، بىر ھەدىستە رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم شۇنداق قىلىپ داۋالىغان) ئەھمەد، مۇسلىم 4058 _ ھەدىس، سەھىھ.

## 1014 ـ باب السحر سېھىرگەرلىكنىڭ ھارامىلىقى توغرىسىدا

56522189 ـــ حع43) حدّثنا أبُو كُرَيْبٍ. حَدّثَنا ابْنُ نُمَيْرٍ عَنْ هِشَامٍ، عَنْ أبيهِ، عَنْ عَائِشَةَ، قالتْ: سَحَرَ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم يَهُودِيّ مِنْ يَهُودِ بَنِي زُرَيْقٍ. يُقَالُ لَهُ: لَبِيدُ بْنُ الأعْصَمِ. قَالَتْ: حَتّىَ كَانَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم يُخَيّلُ إلَيْهِ أنّهُ يَفْعَلُ الشّيْءَ، وَمَا يَفْعَلُهُ. حَتّىَ إذَا كَانَ ذَاتَ يَوْمٍ، أَوْ ذَاتَ لَيْلَةٍ، دَعَا رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم. ثُمّ دَعَا. ثُمّ دَعَا. ثُمّ قَالَ: «يَا عَائِشَةُ أشَعَرْتِ أنّ اللّهَ أفْتَانِي فِيمَا اسْتَفْتَيْتُهُ فِيهِ؟ جَاءَنِي رَجُلاَنِ فَقَعَدَ أحَدُهُمَا عِنْدَ رَأسِي وَالآخَرُ عِنْدَ رِجْلَيّ. فَقَالَ الّذِي عِنْدَ رَأسِي لِلّذِي عِنْدَ رِجْلَيّ، أوِ الّذِي عِنْدَ رِجْلَيّ لِلّذِي عِنْدَ رَأسِي: مَا وَجَعُ الرّجُلِ؟ قَالَ: مَطْبُوبٌ. قَالَ: مَنْ طَبّهُ؟ قَالَ: لَبِيدُ بْنُ الأعْصَمِ. قَالَ: فِي أيّ شَيْءٍ؟ قَالَ: فِي مُشْطٍ وَمُشَاطَةٍ. قَالَ وَجُف طَلْعَةِ ذَكَرٍ. قَالَ: فَأيْنَ هُوَ؟ قَالَ: فِي بِئْرِ ذِي أرْوَانَ».
قَالَتْ: فَأتَاهَا رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم فِي أنَاسٍ مِنْ أصْحَابِهِ. ثُمّ قَالَ: «يَا عَائِشَةُ وَاللّهِ لَكَأنّ مَاءَهَا نُقَاعَةُ الْحِنّاءِ. وَلَكَأنّ نَخْلَهَا رُؤُوسُ الشّيَاطِينِ». قَالَتْ فَقُلْتُ: يَا رَسُولَ اللّهِ أفَلاَ أحْرَقْتَهُ؟ قَالَ: «لاَ. أمّا أنَا فَقَدْ عَافَانِي اللّهُ. وَكَرِهْتُ أنْ أُثِيرَ عَلَىَ النّاسِ شَرّاً، فَأمَرْتُ بِهَا فَدُفِنَتْ».5653 ـ حدّثنا أبُو كُرَيْبٍ. حَدّثَنا أبُو أُسَامَةَ. حَدّثَنا هِشَامٌ عَنْ أبِيهِ، عَنْ عَائِشَةَ. قَالَتْ: سُحِرَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم. وَسَاقَ أبُو كُرَيْبٍ الْحَدِيثَ بِقِصّتِهِ، نَحْوَ حَدِيثِ ابْنِ نُمَيْرٍ، وَقَالَ فِيهِ: فَذَهَبَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم إلَىَ الْبِئْرِ. فَنَظَرَ إلَيْهَا وَعَلَيْهَا نَخْلٌ. وَقَالَتْ: قُلْتُ: يَا رَسُولَ اللّهِ فَأخْرِجْهُ. وَلَمْ يَقُلْ: أفَلاَ أحْرَقْتَهُ؟ وَلَمْ يَذْكُرْ «فَأمَرْتُ بِهَا فَدُفِنَتْ»

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم يەھۇدىيلەر تەرىپىدىن سېھىرلىنىپ قىلىپ، قىلمىغان ئىشنى قىلغاندەك، قىلغان ئىشنى قىلمىغاندەك خىيال قىلىنىدىغان بولۇپ قالدى، ھەتتا بىر كۈنى رەسۇلۇللاھ مېنىڭ يېنىمدا الله قا دۇئا قىلىپ بولۇپ، ئاندىن يەنە تەكرار دۇئا قىلغان ئىدى، ئاندىن رەسۇلۇللاھ مۇنداق دېگەن: ئى ئائىشە! مەن سېھىرلەنگەندە پەتىۋا سورىسام، ئاللاھنىڭ ماڭا يول كۆرسەتكىنىنى ھېس قىلمىدىڭمۇ؟ ماڭا ئىككى كىشى كېلىپ، بىرسى بېشىم تەرەپتە، يەنە بىرسى بولسا پۇتۇم تەرەپتە ئولتۇردى، بېشىم تەرەپتىكىسى يەنە بىرسىگە، بۇ كىشى قانداق كېسەل بولۇپتۇ؟ دېدى. ئۇ؛ بۇ كىشى سېھىرلىنىپتۇ دېدى، بېشىم تەرەپتىكىسى، كىم سېھىرلەپتۇ؟ دېسە، ئۇ لۇبەيدە ئىبنى ئەئسەم دېگەن يەھۇدىي دېدى، ئۇ كىشى؛ نېمىگە؟ دېسە، ئۇ؛ تاغاقتا، تاغاق بىلەن تارلىپ چۈشكەن چاچقا ۋە ئەركەك خورمىنىڭ قوۋزاق شېخىغا قىلىپتۇ دېدى. ئاندىن ئۇ كىشى، قەيەردە ئىكەن؟ دېسە، ئۇ: زەرۋان قۇدۇقىدا دېدى. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم؛ ئى ئائىشە! ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، سېھىرنىڭ تەسىرىدىن ئۇ قۇدۇقنىڭ سۈيى خۇددى خېنىنىڭ لاي دۇغىدەك بولۇپ كېتىپتۇ، خورما قوۋزىقى بولسا، شەيتانلارنىڭ بېشىدەك سەتلىشىپ كېتىپتۇ،دېدى. ئاندىن رەسۇلۇللاھ ساھابىلىرى بىلەن بىللە بېرىپ، ماڭا كۆرسىتىلگەن قۇدۇق مۇشۇ شۇ دەپ، ئۇنى چىقىرىپ،(سۈرە فەلەق بىلەن ناسنى ئوقۇپ ساقىيىدۇ) ئى الله نىڭ ئەلچىسى! ئۇنى كۆيدۈرىۋەتمەملا؟ دېگەندە، ياق، مېنى الله ساقايتتى، مەن كىشىلەرگە يامان تەسىر بېرىشنى ياقتۇرمايمەن، مەن ئۇنى كۆمۈۋېتىشكە بۇيرۇدۇم دېدى. بۇخارى 5321 ــ ھەدىس، مۇسلىم 4059 ــ ھەدىس، ئەھمەد 23211 ــ ھەدىس، ئىبنى ماجە ت.

## 1015 ـ باب السم رەسۇلۇللاھ نىڭ زەھەرلىنىشى

5654 ـ حدّثنا يَحْيَى بْنُ حَبِيبٍ الْحَارِثِيّ. حَدّثَنا خَالِدُ بْنُ الْحَارِثِ. حَدّثَنا شُعْبَةُ عَنْ هِشَامِ بْنِ زَيْدٍ، عَنْ أنَسٍ أنّ امْرَأةً يَهُودِيّةً أتَتْ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم بِشَاةٍ مَسْمُومَةٍ. فَأكَلَ مِنْهَا. فَجِيءَ بِهَا إلَىَ رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم. فَسَألَهَا عَنْ ذَلِكَ؟

فَقالَتْ: أَرَدْتُ لأَقْتُلَكَ. قَالَ: «مَا كَانَ اللّهُ لِيُسَلّطَكِ عَلَىَ ذَاكِ» قَالَ أَوْ قَالَ «عَلَيّ» قَالَ قَالُوا: أَلاَ نَقْتُلُها؟ قَالَ «لاَ» قَالَ: فَمَا زِلْتُ أَعْرِفُهَا فِي لَهَوَاتِ رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم.

5655 ـ وحدّثنا هَرُونُ بْنُ عَبْدِ اللّهِ. حَدّثَنَا رَوْحُ بْنُ عُبَادَةَ. حَدّثَنَا شُعْبَةُ. سَمِعْتُ هِشَامَ بْنَ زَيْدٍ. سَمِعْتُ أَنَسَ بْنَ مَالِكٍ يحَدّثُ أَنّ يَهُودِيّةً جَعَلَتْ سَمّا فِي لَحْمٍ. ثُمّ أَتَتْ بِهِ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم. بِنَحْوِ حَدِيثِ خَالِدٍ.

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، بىرىيەھۇدىي ئايال رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم گە زەھەر سېلىنغان قوينىڭ گۆشىنى ئەكەلدى، رەسۇلۇللاﮬ ئۇنىڭ يېدى ـ دە، (بۇنىڭ ھېلىقى ئايالنىڭ ئىشى ئىكەنلىكىنى بىلەپ) ئۇئايال كەلتۈرۈلدى، رەسۇلۇللاﮬ ئا ئايالدىن زەھەر توغرىسىدا سورسا، ئۇ:مەن سىنى ئۆلتۈرمەكچى بولغان دېدى، رەسۇلۇللاﮬ ئۇنىڭغا: اللّه تائالا ھەرگىز سىنى ماڭا يەنى مىنى ئۆلتۈرۈشكە غالىب قىلمايدۇ دېدى. ساھابىلار: بۇئايالنى ئۆلتۈرىۋەتمەيلىمۇ؟دېگەندە، ياق بۇنى ئۆلتۈرمەڭلار دېدى. مەن دائىم شۇ زەھەرنىڭ تەسىرىنى رەسۇلۇللاﮬ نىڭ تامغاقلىرىدا بايقاپ تۇردۇم.

## 1016 ـ باب استحباب رقية المريض كېسەللەرگە ئايەتى شىپا ئوقۇش توغرىسىدا

5656 ـ حدّثنا زُهَيْرُ بْنُ حَرْبٍ وَ إِسْحَقُ بْنُ إِبْرَاهِيمَ (قَالَ إِسْحَقَ: أَخْبَرَنَا. وَقَالَ زُهَيْرٌ ـ وَاللّفْظُ لَهُ ـ: حَدّثَنَا جَرِيرٌ عَنِ الأَعْمَشِ، عَنْ أَبِي الضّحَىَ، عَنْ مَسْرُوقٍ، عَنْ عَائِشَةَ. قَالَتْ: كَانَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم، إِذَا اشْتَكَىَ مِنّا إِنْسَانٌ، مَسَحَهُ بِيَمِينِهِ. ثُمّ قَالَ: «أَذْهِبِ الْبَاسَ. رَبّ النّاسِ. وَاشْفِ أَنْتَ الشّافِي. لاَ شِفَاءَ إِلاّ شِفَاؤُكَ. شِفَاءً لاَ يُغَادِرُ سَقَماً».

فَلَمّا مَرِضَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم وَثَقُلَ، أَخَذْتُ بِيَدِهِ لأَصْنَعَ بِهِ نَحْوَ مَا كَانَ يَصْنَعُ فَانْتَزَعَ يَدَهُ مِنْ يَدِي. ثُمّ قَالَ: «اللّهُمّ اغْفِرْ لِي وَاجْعَلْنِي مَعَ الرّفِيقِ الأَعْلَى» قَالَتْ: فَذَهَبْتُ أَنْظُرُ، فَإِذَا هُوَ قَدْ قَضَى.

5657 ـ حدّثنا يَحْيَىَ بْنُ يَحْيَىَ. أَخْبَرَنَا هُشَيْمٌ. ح وَحَدّثَنَا أَبُو بَكْرِ بْنُ أَبِي شَيْبَةَ وَ أَبُو كُرَيْبٍ. قَالاَ: حَدّثَنَا أَبُو مُعَاوِيَةَ. ح وَحَدّثَنِي بِشْرُ بْنُ خَالِدٍ. حَدّثَنَا مُحَمّدُ بْنُ جَعْفَرٍ. ح وَحَدّثَنَا ابْنُ بَشّارٍ. حَدّثَنَا ابْنُ أَبِي عَدِيَ. كِلاَهُمَا عَنْ شُعْبَةَ. ح وَحَدّثَنَا أَبُو بَكْرِ بْنُ أَبِي شَيْبَةَ وَ أَبُو بَكْرِ بْنُ خَلاّدٍ قَالاَ: حَدّثَنَا يَحْيَىَ (وَهُوَ الْقَطّانُ) عَنْ سُفْيَانَ. كُلّ هَؤُلاَءِ عَنِ الأَعْمَشِ. بِإِسْنَادِ جَرِيرٍ.

فِي حَدِيثِ هُشَيْمٍ وَشُعْبَةَ: مَسَحَهُ بِيَدِهِ. قَالَ وَفِي حَدِيثِ الثّوْرِيّ: مَسَحَهُ بِيَمِينِهِ. وَقَالَ فِي عَقِبِ حَدِيثِ يَحْيَىَ عَنْ سُفْيَانَ عَنِ الأَعْمَشِ. قَالَ فَحَدّثْتُ بِهِ مَنْصُوراً فَحَدّثَنِي عَنْ إِبْرَاهِيمَ عَنْ مَسْرُوقٍ عَنْ عَائِشَةَ. بِنَحْوِهِ.

5658 ـ وحدّثنا شَيْبَانُ بْنُ فَرّوخَ. حَدّثَنَا أَبُو عَوَانَةَ عَنْ مَنْصُورٍ، عَنْ إِبْرَاهِيمَ، عَنْ مَسْرُوقٍ، عَنْ عَائِشَةَ أَنّ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم كَانَ إِذَا عَادَ مَرِيضاً يَقُولُ: «أَذْهِبِ الْبَاسَ. رَبّ النّاسِ. اشْفِهِ أَنْتَ الشّافِي. لاَ شِفَاءَ إِلاّ شِفَاؤُكَ. شِفَاءً لاَ يُغَادِرُ سَقَماً».

5659 ـ وحدّثناه أَبُو بَكْرِ بْنُ أَبِي شَيْبَةَ وَ زُهَيْرُ بْنُ حَرْبٍ. قَالاَ: حَدّثَنَا جَرِيرٌ عَنْ مَنْصُورٍ، عَنْ أَبِي الضّحَىَ، عَنْ مَسْرُوقٍ، عَنْ عَائِشَةَ. قَالَتْ: كَانَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم إِذَا أَتَى الْمَرِيضَ يَدْعُو لَهُ قَالَ «أَذْهِبِ الْبَاسَ. رَبّ النّاسِ. وَاشْفِ أَنْتَ الشّافِي. لاَ شِفَاءَ إِلاّ شِفَاؤُكَ. شِفَاءً لاَ يُغَادِرُ سَقَماً». وَفِي رِوَايَةِ أَبِي بَكْرٍ: فَدَعَا لَهُ. وَقَالَ «وَأَنْتَ الشّافِي».

5660 ـ وحدّثني الْقَاسِمُ بْنُ زَكَرِيّاءَ. حَدّثَنَا عُبَيْدُ اللّهِ بْنُ مُوسَىَ عَنْ إِسْرَائِيلَ، عَنْ مَنْصُورٍ، عَنْ إِبْرَاهِيمَ وَمُسْلِمُ بْنُ صُبَيْحٍ عَنْ مَسْرُوقٍ، عَنْ عَائِشَةَ. قَالَتْ: كَانَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم. بِمِثْلِ حَدِيثِ أَبِي عَوَانَةَ وَجَرِيرٍ.

5661 ـ5662 ـ وحدّثنا أَبُو بَكْرِ بْنُ أَبِي شَيْبَةَ وَ أَبُو كُرَيْبٍ (وَاللّفْظُ لأَبِي كُرَيْبٍ). قَالاَ: حَدّثَنَا ابْنُ نُمَيْرٍ. حَدّثَنَا هِشَامٌ عَنْ أَبِيهِ، عَنْ عَائِشَةَ أَنّ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم كَانَ يَرْقِي بِهَذِهِ الرّقْيَةِ: «أَذْهِبِ الْبَاسَ. رَبّ النّاسِ. بِيَدِكَ الشّفَاءُ. لاَ كَاشِفَ لَهُ إِلاّ أَنْتَ».

ئىبنى مەسئۇد، ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىزدىن بىرەركىشى ئاغرىپ قالسا، قولى بىلەن سىلاپ تۇرۇپ مۇنداق دۇئا قىلاتتى: «ئى ئىنسانلارنىڭ رەببى، ئازاب، ئەلەملەرنى يوق قىلسىلا، شىپالىق ئاتا قىلسىلا، سىلى شاپىي، شىپالىق ئاتا قىلغۇچى، سىلىنىڭ شىپالىرىدىن باشقا شىپا يوق، سىلىنىڭ شىپالىقلىرى ھېچبىر كېسەلنى قويماي ساقايتىۋېتىدۇ. بۇكېسەلنى پەقەت سىلىلا كۆتۈرۈۋېتەلەيلا. ۋاپات تاپقان كېسىلىدە ئاغرىپ قالغاندا،

رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم سۈف دەيدىغان سۈرە فەلەق، سۈرە ناستىن ئىبارەت مۇئەۋۋىزاتلارنى مەن ئوقۇپ سۈف دەپ قويدۇم ۋە ئۆزىنىڭ قولى بىلەن بەدەنلىرىنى سىلاپ قويدۇم. ئاندىن قولىنى تارتىۋېلىپ: ئى اﷲ! ماڭا مەغپىرەت قىلسىلا، مىنى پەيغەمبەرلەردىن ئىبارەت يۇكسەك دەرىجىلىك جامائەتلەر ئارىسىدا قىلسىلا دېدى، قارىسام، ۋاپات تېپىپتۇ. ئەھمەد،بۇخارى،مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

### 1017 – باب رقية المريض بالمعوذات والنفث

5663 ـ حدّثني سُرَيْجُ بْنُ يُونُسَ وَ يَحْيَى بْنُ أيّوبَ. قالاَ: حَدّثَنَا عَبّادُ بْنُ عَبّادٍ عَنْ هِشَامِ بْنِ عُرْوَةَ، عَنْ أبيهِ، عَنْ عَائِشَةَ. قالَتْ: كَانَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم إذَا مَرِضَ أحَدٌ مِنْ أهْلِهِ، نَفَثَ عَلَيْهِ بِالْمُعَوّذَاتِ. فَلَمّا مَرِضَ مَرَضَهُ الّذِي مَاتَ فِيهِ، جَعَلْتُ أنْفُثُ عَلَيْهِ وَأمْسَحُهُ بِيَدِ نَفْسِهِ. لأنّهَا كَانَتْ أعْظَمَ بَرَكَةً مِنْ يَدِي. وَفِي رِوَايَةِ يَحْيَى بْنِ أيّوبَ: بِمُعَوّذَاتٍ.

5664 ـ حَدّثَنَا يَحْيَى بْنُ يَحْيَى. قَالَ: قَرَأْتُ عَلَى مَالِكٍ، عَنِ ابْنِ شِهَابٍ، عَنْ عُرْوَةَ، عَنْ عَائِشَةَ أنّ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم كَانَ إذَا اشْتَكَى يَقْرَأُ عَلَى نَفْسِهِ بِالْمُعَوّذَاتِ. وَيَنْفُثُ. فَلَمّا اشْتَدّ وَجَعُهُ كُنْتُ أقْرَأُ عَلَيْهِ. وَأمْسَحُ عَنْهُ بِيَدِهِ. رَجَاءَ بَرَكَتِهَا.

5665 ـ وحدّثني أبُو الطّاهِرِ وَ حَرْمَلَةُ قالاَ: أخْبَرَنَا ابنُ وَهْبٍ. أخْبَرَنِي يُونُسُ. ح وَحَدّثَنَا عَبْدُ بْنُ حُمَيْدٍ. أخْبَرَنَا عَبْدُ الرّزّاقِ. أخْبَرَنَا مَعْمَرٌ. ح وَحَدّثَنِي مُحَمّدُ بْنُ عَبْدِ اللّهِ بْنِ نُمَيْرٍ. حَدّثَنَا رَوْحٌ. ح وَحَدّثَنَا عُقْبَةُ بْنُ مُكْرَمٍ وَ أحْمَدُ بْنُ عُثْمَانَ النّوْفَلِيّ قالاَ: حَدّثَنَا أبُو عَاصِمٍ. كِلاَهُمَا عَنِ ابْنِ جُرَيْجٍ. أخْبَرَنِي زِيَادٌ. كُلّهُمْ عَنِ ابْنِ شِهَابٍ. بِإسْنَادِ مَالِكٍ. نَحْوَ حَدِيثِهِ. وَلَيْسَ فِي حَدِيثِ أحَدٍ مِنْهُمْ: رَجَاءَ بَرَكَتِهَا. إلاّ فِي حَدِيثِ مَالِكٍ. وَفِي حَدِيثِ يُونُسَ وَزِيَادٍ: أنّ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم كَانَ إذَا اشْتَكَى نَفَثَ عَلَى نَفْسِهِ بِالْمُعَوّذَاتِ، وَمَسَحَ عَنْهُ بِيَدِهِ.

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كېسەل بولۇپ، ئاغرىپ قالسا، سۈرە فەلەق، سۈرە ناستىن ئىبارەت مۇئەۋۋىزاتلارنى ئوقۇپ، ئۆزىگە سۈف دەيتتى، كېسەل جايىنى قولى بىلەن سىلايتتى،ۋاپات تاپقان كېسىلىدە ئاغرىپ قالغاندا، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم سۈف دەيدىغان سۈرە فەلەق، سۈرە ناستىن ئىبارەت مۇئەۋۋىزاتلارنى مەن ئوقۇپ سۈف دەپ قويدۇم ۋە ئۆزىنىڭ قولى بىلەن بەدەنلىرىنى سىلاپ قويدۇم. مۇسلىمنىڭ يەنە بىر رىۋايىتىدە، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئەھلى بەيتىدىن بىرەر كىشى كېسەل بۇلۇپ قالسا، سۈرە فەلەق، سۈرە ناستىن ئىبارەت مۇئەۋۋىزاتلارنى ئوقۇپ، شۇكېسەلگە سۈف دەيتتى، دېيىلگەن. بەيھەقى، بۇخارى،مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كېسەل بولۇپ، ئاغرىپ قالسا، سۈرە فەلەق، سۈرە ناسنى مۇئەۋۋىزاتلارنى ئوقۇپ، ئۆزىگە سۈف دەيتتى، كېسەل جايىنى قولى بىلەن سىلايتتى، (يەنە بىر خاتىرىدە ئائىشەمۇ سىلاپ قوياتتى). بەيھەقى، ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

### 1018 – باب استحباب الرقية من العين والنملة والحمة والنظرة

5666 ـ حدّثنا أبُو بَكْرِ بْنُ أبي شَيْبَةَ. حَدّثَنَا عَلِيّ بْنُ مُسْهِرٍ عَنِ الشّيْبَانِيّ، عَنْ عَبْدِ الرّحْمَنِ بْنِ الأسْوَدِ، عَنْ أبيهِ. قالَ: سَألْتُ عَائِشَةَ عَنِ الرّقْيَةِ؟ فَقالَتْ: رَخّصَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم لأهْلِ بَيْتٍ مِنَ الأنْصارِ، فِي الرّقْيَةِ، مِنْ كُلّ ذِي حُمَةٍ.

5667 ـ حَدّثَنَا يَحْيَى بْنُ يَحْيَى. أخْبَرَنَا هُشَيْمٌ عَنْ مُغِيرَةَ، عَنْ إبْرَاهِيمَ، عَنِ الأسْوَدِ، عَنْ عَائِشَةَ. قالَتْ: رَخّصَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم لاِءَهْلِ بَيْتٍ مِنَ الأنْصَارِ، فِي الرّقْيَةِ، مِنَ الْحُمَةِ.

نەس، ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئەنسارلارنىڭ ئەھلى ـ بەيتلىرىگە كۆز تەككەندىن، يىلان ـ چايانىنىڭ زەھىرىدىن، چۇملە(ۋەباشقا زەھەرلىك ۋايۋانلارنىڭ چېقىۋېلىشىدىن)ياكى ئۇششاق جاراھەتتىن ئايىتى شىپا ئوقۇپ داۋالىنىشقا رۇخسەت قىلغان ئىدى.

**5668 ـ حدّثنا أَبُو بَكْرِ بْنُ أَبِي شَيْبَةَ وَ زُهَيْرُ بْنُ حَرْبٍ وَ ابْنُ أَبِي عُمَرَ ـ وَاللّفْظُ لابْنِ أَبِي عُمَرَ ـ قالُوا: حَدّثَنَا سُفْيَانُ عَنْ عَبْدِ رَبّهِ بْنِ سَعِيدٍ، عَنْ عَمْرَةَ، عَنْ عَائِشَةَ أَنّ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم كَانَ إِذَا اشْتَكَىَ الإِنْسَانُ الشّيْءَ مِنْهُ، أَوْ كَانَتْ بِهِ قَرْحَةٌ أَوْ جَرْحٌ. قَالَ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم بِإِصْبَعِهِ هَكَذَا. وَوَضَعَ سُفْيَانُ سَبّابَتَهُ بِالأَرْضِ ثُمّ رَفَعَهَا «بِاسْمِ اللّهِ. تُرْبَةُ أَرْضِنَا. بِرِيقَةِ بَعْضِنَا. لِيُشْفَىَ بِهِ سَقِيمُنَا. بِإِذْنِ رَبّنَا». قَالَ ابْنُ أَبِي شَيْبَةَ «يُشْفَىَ» وَقَالَ زُهَيْرٌ «لِيُشْفَىَ سَقِيمُنَا».**

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ؛ بىرەركىشىنىڭ ئەزاسى ئاغرىپ قالسا، ياكى ئەزايىغا بىرەر نەرسە چىقىپ قالسا، ياكى جاراھەت بولۇپ قالسا، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم (بارمىقىغا تۈكۈرۈپ، تۇپراققا تەككۈزۈپ)، ئاندىن كېسەل بولغان جايغا بارمىقىنى قويۇپ مۇنداق دەيتتى؛«رەببىمىزنىڭ ئىزنى بىلەن كېسەللىمىزنىڭ شىپا تېپىپ ساقىيىشى ئۈچۈن، بەزىمىزنىڭ شالىسىغا ئارىلاشقان زېمىنىمىزنىڭ تۇپرىقىنىڭ بەركىتىنى تىلەپ، الله نىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن » . بۇخارى،مۇسلىم.

**5669 ـ حدّثنا أَبُو بَكْرِ بْنُ أَبِي شَيْبَةَ وَ أَبُو كُرَيْبٍ وَ إِسْحَقُ بْنُ إِبْرَاهِيمَ (قَالَ إِسْحَقُ: أَخْبَرَنَا. وَقَالَ أَبُو بَكْرٍ وَ أَبُو كُرَيْبٍ ـ وَاللّفْظُ لَهُمَا ـ: حَدّثَنَا مُحَمّدُ بْنُ بِشْرٍ عَنْ مِسْعَرٍ. حَدّثَنَا مَعْبَدُ بْنُ خَالِدٍ عَنِ ابْنِ شَدّادٍ، عَنْ عَائِشَةَ أَنّ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم كَانَ يَأْمُرُهَا أَنْ تَسْتَرْقِيَ مِنَ الْعَيْنِ.**

**5670 ـ حدّثنا مُحَمّدُ بْنُ عَبْدِ اللّهِ بْنِ نُمَيْرٍ. قَالَ: حَدّثَنَا أَبِي. حَدّثَنَا مِسْعَرٌ ، بِهَذَا الإِسْنَادِ، مِثْلَهُ.**

**5671 ـ وحدّثنا ابْنُ نُمَيْرٍ. حَدّثَنَا أَبِي. حَدّثَنَا سُفْيَانُ عَنْ مَعْبَدِ بْنِ خَالِدٍ، عَنْ عَبْدِ اللّهِ بْنِ شَدّادٍ، عَنْ عَائِشَةَ. قَالَتْ: كَانَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم يَأْمُرُنِي أَنْ أَسْتَرْقِيَ مِنَ الْعَيْنِ.**

ئائىشەرەزىيەللاھۇ ئەنھادىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىزنى كۆز تەككەن كېسەلگە ئايىتى شىپا ئوقۇپ داۋالىنىشقا بۇيرىغان.بۇخارى، مۇسلىم توپلىغان.

**5672 ـ وحدّثنا يَحْيَىَ بْنُ يَحْيَىَ. أَخْبَرَنَا أَبُو خَيْثَمَةَ عَنْ عَاصِمٍ الأَحْوَلِ، عَنْ يُوسُفَ بْنِ عَبْدِ اللّهِ، عَنْ أَنَسِ بْنِ مَالِكٍ، فِي الرّقَىَ. قَالَ: رُخّصَ فِي الْحُمَةِ وَالنّمْلَةِ وَالْعَيْنِ.**

**5673 ـ وحدّثنا أَبُو بَكْرِ بْنُ أَبِي شَيْبَةَ. حَدّثَنَا يَحْيَى بْنُ آدَمَ عَنْ سُفْيَانَ ح وَحَدّثَنِي زُهَيْرُ بْنُ حَرْبٍ. حَدّثَنَا حُمَيْدُ بْنُ عَبْدِ الرّحْمَنِ. حَدّثَنَا حَسَنٌ (وَهُوَ ابْنُ صَالِحٍ). كِلاَهُمَا عَنْ عَاصِمٍ، عَنْ يُوسُفَ بْنِ عَبْدِ اللّهِ، عَنْ أَنَسٍ. قَالَ: رَخّصَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم فِي الرّقْيَةِ مِنَ الْعَيْنِ، وَالْحُمَةِ، وَالنّمْلَةِ. وَفِي حَدِيثِ سُفْيَانَ: يُوسُفَ بْنِ عَبْدِ اللّهِ بْنِ الْحَارِثِ.**

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كۆز تەككەندىن، يىلان ـ چايانىنىڭ زەھىرىدىن، چۇملە(ۋەباشقا زەھەرلىك ۋايۋانلارنىڭ چېقىۋېلىشىدىن)ياكى ئۇششاق جاراھەتتىن ئايىتى شىپا ئوقۇپ داۋالىنىشقا رۇخسەت قىلغان ئىدى.مۇسلىم توپلىغان.

**5674 ـ حدّثني أَبُو الرّبِيعِ، سُلَيْمَانُ بْنُ دَاوُدَ. حَدّثَنَا مُحَمّدُ بْنُ حَرْبٍ. حَدّثَنِي مُحَمّدُ بْنُ الْوَلِيدِ الزّبَيْدِيّ عَنِ الزّهْرِيّ، عَنْ عُرْوَةَ بْنِ الزّبَيْرِ، عَنْ زَيْنَبَ بِنْتِ أُمّ سَلَمَةَ، عَنْ أُمّ سَلَمَةَ، زَوْجِ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم أَنّ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم قَالَ لِجَارِيَةٍ، فِي بَيْتِ أُمّ سَلَمَةَ، زَوْجِ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم، رَأَى بِوَجْهِهَا سَفْعَةً فَقَالَ «بِهَا نَظْرَةٌ. فَاسْتَرْقُوا لَهَا» يَعْنِي بِوَجْهِهَا صُفْرَةً.**

ئۇممە سەلەمەت رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنىڭ ئۆيىدە چىرايى سارغىيىپ كەتكەن بىر قىزچاقنى كۆرۈپ مۇنداق دېگەن: بۇ كېسەل بولغان ئايالغا رۇقى يەنى ئايەتنى شىپا قىلىڭلار، چۈنكى، ئۇنىڭغا كۆز تېگىپتۇ. بۇخارى، مۇسلىم، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.

**5675 ـ حدّثني عُقْبَةُ بْنُ مُكْرَمٍ الْعَمّيّ. حَدّثنَا أَبُو عَاصِمٍ عَنِ ابْنِ جُرَيْجٍ. قَالَ: وَأَخْبَرَنِي أَبُو الزّبَيْرِ أَنّهُ سَمِعَ جَابِرَ بْنَ عَبْدِ اللّهِ يَقُولُ: رَخّصَ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم لآلِ حَزْمٍ فِي رُقْيَةِ الْحَيّةِ. وَقَالَ لأَسْمَاءَ بِنْتِ عُمَيْسٍ: «مَا لِي أَرَىَ أَجْسَامَ بَنِي أَخِي ضَارِعَةً تُصِيبُهُمُ الْحَاجَةُ» قَالَتْ: لاَ. وَلَكِنِ الْعَيْنُ تُسْرِعُ إِلَيْهِمْ. قَالَ: «ارْقِيهِمْ» قَالَتْ: فَعَرَضْتُ عَلَيْهِ. فَقَالَ: «ارْقِيهِمْ».**

جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئايەتنى شىپا ئۈقۈشتىن توستى ، ئاندىن ئەمرۇئىبنى ھەزىمنىڭ ئائىلىسىدىكىلەر كېلىپ؛ ئى الله نىڭ ئەلچىسى! بىز يىلان ـ چايان چېقىۋالغانلارغا ئايەتنى شىپا ئوقۇيتتۇق، سىلى ئۇنىڭدىن توسۇپلىغۇ؟دەپ، ئۇقۇيدىغان ئايەتنى شىپالىرىنى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە تەڭلىگەندە مۇنداق دېگەن: مەن بۇنىڭدا ھېچ بىر چاتاق بار دەپ قارىمايمەن، سىلەردىن كىم قېرىندىشىغا پايدا ــ مەنپەئەت يەتكۈزۈشكە قادىر بولسا، پايدا ــ مەنپەئەت يەتكۈزسۇن. يەنى ئۇنىڭدا شىرىك بولمىغاچقا كۆز تەككەنگە ئايەتنى شىپا قىلىشقا رۇخسەت قىلغان. ئەھمەد، مۇسلىم، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

**5676 ـ وحدّثني مُحَمّدُ بْنُ حَاتِمٍ. حَدّثنَا رَوْحُ بْنُ عُبَادَةَ. حَدّثنَا ابْنُ جُرَيْجٍ. أَخْبَرَنِي أَبُو الزّبَيْرِ أَنّهُ سَمِعَ جَابِرَ بْنَ عَبْدِ اللّهِ يَقُولُ: أَرْخَصَ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم فِي رُقْيَةِ الْحَيّةِ لِبَنِي عَمْرٍو.**

جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بەنى ئەمرۇلارغا يىلان ـ چايان چېقىۋالغانلارغا ئايەتنى شىپا ئوقۇشقا رۇخسەت قىلغان ئىدى.

**قَالَ أَبُو الزّبَيْرِ: وَسَمِعْتُ جَابِرَ بْنَ عَبْدِ اللّهِ يَقُولُ لَدَغَتْ رَجُلاً مِنّا عَقْرَبٌ. وَنَحْنُ جُلُوسٌ مَعَ رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم. فَقَالَ رَجُلٌ: يَا رَسُولَ اللّهِ أَرْقِي؟ قَالَ: «مَنِ اسْتَطَاعَ أَنْ يَنْفَعَ أَخَاهُ فَلْيَفْعَلْ».**

**5677 ـ وحدّثني سَعِيدُ بْنُ يَحْيَى الأُمَوِيّ. حَدّثنَا أَبِي. حَدّثنَا ابْنُ جُرَيْجٍ ، بِهَذَا الإِسْنَادِ، مِثْلَهُ غَيْرَ أَنّهُ قَالَ: فَقَالَ رَجُلٌ مِنَ الْقَوْمِ: أَرْقِيهِ يَا رَسُولَ اللّهِ وَلَمْ يَقُلْ: أَرْقِي.**

**5678 ـ حدّثنا أَبُو بَكْرِ بْنُ أَبِي شَيْبَةَ وَ أَبُو سَعِيدٍ الأَشَجّ. قَالاَ: حَدّثنَا وَكِيعٌ عَنِ الأَعْمَشِ، عَنْ أَبِي سُفْيَانَ، عَنْ جَابِرٍ. قَالَ: كَانَ لِي خَالٌ يَرْقِي مِنَ الْعَقْرَبِ. فَنَهَىَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم عَنِ الرّقَىَ. قَالَ فَأَتَاهُ فَقَالَ: يَا رَسُولَ اللّهِ إِنّكَ نَهَيْتَ عَنِ الرّقَىَ. وَأَنَا أَرْقِي مِنَ الْعَقْرَبِ. فَقَالَ «مَنِ اسْتَطَاعَ مِنْكُمْ أَنْ يَنْفَعَ أَخَاهُ فَلْيَفْعَلْ».**

**5679 ـ وحدّثناه عُثْمَانُ بْنُ أَبِي شَيْبَةَ. قَالَ: حَدّثنَا جَرِيرٌ عَنِ الأَعْمَشِ ، بِهَذَا الإِسْنَادِ، مِثْلَهُ.**

**5680 ـ حدّثنا أَبُو كُرَيْبٍ. حَدّثنَا أَبُو مُعَاوِيَةَ. حَدّثنَا الأَعْمَشُ عَنْ أَبِي سُفْيَانَ، عَنْ جَابِرٍ. قَالَ: نَهَىَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم عَنِ الرّقَىَ. فَجَاءَ آلُ عَمْرِو بْنِ حَزْمٍ إِلَىَ رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم فَقَالُوا: يَا رَسُولَ اللّهِ إِنّهُ كَانَتْ عِنْدَنَا رُقْيَةٌ نَرْقِي بِهَا مِنَ الْعَقْرَبِ. وَإِنّكَ نَهَيْتَ عَنِ الرّقَىَ. قَالَ: فَعَرَضُوهَا عَلَيْهِ. فَقَالَ: «مَا أَرَىَ بَأْساً. مَنِ اسْتَطَاعَ مِنْكُمْ أَنْ يَنْفَعَ أَخَاهُ فَلْيَنْفَعْهُ».**

جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئايەتنى شىپا ئۈقۈشتىن توستى ، ئاندىن ئەمرۇئىبنى ھەزىمنىڭ ئائىلىسىدىكىلەر كېلىپ؛ ئى الله نىڭ ئەلچىسى! بىز يىلان ـ چايان چېقىۋالغانلارغا ئايەتنى شىپا ئوقۇيتتۇق، سىلى ئۇنىڭدىن توسۇپلىغۇ؟دەپ، ئۇقۇيدىغان ئايەتنى شىپالىرىنى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە

تەڭلىگەندە مۇنداق دىگەن: مەن بۇنىڭدا ھېچ بىر چاتاق بار دەپ قارىمايمەن، سىلەردىن كىم قېرىندىشىغا پايدا — مەنپەئەت يەتكۈزۈشكە قادىر بولسا، پايدا — مەنپەئەت يەتكۈزسۇن. ئەھمەد، مۇسلىم، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

### 1019 – باب لا بأس بالرقي ما لم يكن فيه شرك

**5681 – حدّثني أَبُو الطّاهِرِ. أَخْبَرَنَا ابْنُ وَهْبٍ. أَخْبَرَنِي مُعَاوِيَةُ بْنُ صَالِحٍ عَنْ عَبْدِ الرّحْمَنِ بْنِ جُبَيْرٍ، عَنْ أَبِيهِ عَنْ عَوْفِ بْنِ مَالِكٍ الأَشْجَعِيّ قَالَ: كُنّا نَرْقِي فِي الْجَاهِلِيّةِ. فَقُلْنَا: يَا رَسُولَ اللّهِ كَيْفَ تَرَى فِي ذَلِكَ؟ فَقَالَ: «اعْرِضُوا عَلَيّ رُقَاكُمْ. لاَ بَأْسَ بِالرّقَى مَا لَمْ يَكُنْ فِيهِ شِرْكٌ».**

ئەۋف ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، بىز جاھالىييەتتىكى چاغدىمۇ ئايىتى شىپالارنى ئوقۇيتتۇق، ئاندىن كىيىن بىز:ئى الله نىڭ ئەلچىسى! سىلى بۇنىڭغا قانداق قارايلا؟دىسەك، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ئايىتى شىپالىرىڭلارنى ماڭا تەڭلەڭلار، مەن بىر كۆرۈپ باقاي، شېرىك ئىشلار بولمىسىلا رۇقى يەنى ئايىتى شىپا قىلساڭلار، چاتاق يوق. مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد توپىغان، سەھىھ. باخشى ـ داخانلار، جىنكەش ـ كاھىنلارچە قىلماي، ئاللاھ ۋە الله نىڭ ئەلچىسى كۆرسىتىپ بەرگەندەك قىلىش، شېرىكدىن ساقلىنىش لازىم.ئەڭ توغرىسى قۇرئان ئايىتى ۋە سەھىھ ھەدىسلەردۇر.

### 1020 – باب جواز أخذ الأجرة على الرقية بالقرآن والأذكار

**5682 – حدّثنا يَحْيَى بْنُ يَحْيَى التّمِيمِيّ. أَخْبَرَنَا هُشَيْمٌ عَنْ أَبِي بِشْرٍ، عَنْ أَبِي الْمُتَوَكّلِ، عَنْ أَبِي سَعِيدٍ الْخُدْرِيّ أَنّ نَاساً مِنْ أَصْحَابِ رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم كَانُوا فِي سَفَرٍ. فَمَرّوا بِحَيَ مِنْ أَحْيَاءِ الْعَرَبِ، فَاسْتَضَافُوهُمْ فَلَمْ يُضِيفُوهُمْ. فَقَالُوا لَهُمْ: هَلْ فِيكُمْ رَاقٍ؟ فَإِنّ سَيّدَ الْحَيّ لَدِيغٌ أَوْ مُصَابٌ. فَقَالَ رَجُلٌ مِنْهُمْ: نَعَمْ. فَأَتَاهُ فَرَقَاهُ بِفَاتِحَةِ الْكِتَابِ. فَبَرَأَ الرّجُلُ. فَأُعْطِيَ قَطِيعاً مِنْ غَنَمٍ. فَأَبَى أَنْ يَقْبَلَهَا. وَقَالَ: حَتّى أَذْكُرَ ذَلِكَ لِلنّبِيّ صلى الله عليه وسلم. فَأَتَى النّبِيّ صلى الله عليه وسلم فَذَكَرَ ذَلِكَ لَهُ. فَقَالَ: يَا رَسُولَ اللّهِ وَاللّهِ مَا رَقَيْتُ إِلاّ بِفَاتِحَةِ الْكِتَابِ. فَتَبَسّمَ وَقَالَ: «وَمَا أَدْرَاكَ أَنّهَا رُقْيَةٌ؟» ثُمّ قَالَ: «خُذُوا مِنْهُمْ وَاضْرِبُوا لِي بِسَهْمٍ مَعَكُمْ».**

**5683 – حدّثنا مُحَمّدُ بْنُ بَشّارٍ وَ أَبُو بَكْرِ بْنُ نَافِعٍ. كِلاَهُمَا عَنْ غُنْدَرٍ، مُحَمّدُ بْنِ جَعْفَرٍ، عَنْ شُعْبَةَ عَنْ أَبِي بِشْرٍ، بِهَذَا الإِسْنَادِ. وَقَالَ فِي الْحَدِيثِ: فَجَعَلَ يَقْرَأُ أُمّ الْقُرْآنِ، وَيَجْمَعُ بُزَاقَهُ، وَيَتْفِلُ. فَبَرَأَ الرّجُلُ.**

**684 ـ5685 ـ وحدّثنا أَبُو بَكْرِ بْنُ أَبِي شَيْبَةَ. حَدّثَنَا يَزِيدُ بْنُ هَرُونَ. أَخْبَرَنَا هِشَامُ بْنُ حَسّانَ عَنْ مُحَمّدِ بْنِ سِيرِينَ، عَنْ أَخِيهِ، مَعْبَدِ بْنِ سِيرِينَ، عَنْ أَبِي سَعِيدٍ الْخُدْرِيّ. قَالَ: نَزَلْنَا مَنْزِلاً. فَأَتَتْنَا امْرَأَةٌ فَقَالَتْ: إِنّ سَيّدَ الْحَيّ سَلِيمٌ، لُدِغَ. فَهَلْ فِيكُمْ مِنْ رَاقٍ؟ فَقَامَ مَعَهَا رَجُلٌ مِنّا. مَا كُنّا نَظُنّهُ يُحْسِنُ رُقْيَةً. فَرَقَاهُ بِفَاتِحَةِ الْكِتَابِ فَبَرَأَ. فَأَعْطَوْهُ غَنَماً، وَسَقَوْنَا لَبَناً. فَقُلْنَا: أَكُنْتَ تُحْسِنُ رُقْيَةً؟ فَقَالَ: مَا رَقَيْتُهُ إِلاّ بِفَاتِحَةِ الْكِتَابِ. قَالَ: فَقُلْتُ: لاَ تُحَرّكُوهَا حَتّى نَأْتِيَ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم. فَأَتَيْنَا النّبِيّ صلى الله عليه وسلم فَذَكَرْنَا ذَلِكَ لَهُ. فَقَالَ: «مَا كَانَ يُدْرِيهِ أَنّهَا رُقْيَةٌ؟ اقْسِمُوا وَاضْرِبُوا لِي بِسَهْمٍ مَعَكُمْ».**

**وحدّثني مُحَمّدُ بْنُ الْمُثَنّى. حَدّثَنَا وَهْبُ بْنُ جَرِيرٍ. حَدّثَنَا هِشَامٌ ، بِهَذَا الإِسْنَادِ، نَحْوَهُ. غَيْرَ أَنّهُ قَالَ: فَقَامَ مَعَهَا رَجُلٌ مِنّا. مَا كُنّا نَأْبُنُهُ بِرُقْيَةٍ.**

ئىبنى ئابباس ، ئەبۇسەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ م مۇنداق دەيدۇ؛ بىر نەچچە ساھابە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ملار سۇ بويىدا ياشايدىغان كىشىلەرنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ قالىدۇ، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا چايان چېقىۋالغان بىر كىشى بارئىكەن، سۇئەھلىدىن بىركىشى ساھابىلارنىڭ ئالدىنى توسۇپ؛ ئارىمىزدا يىلان ياكى چايان چېقىۋالغان بىركىشى بارئىدى، سىلەرنىڭ ئاراڭلاردا ئۇنى داۋالاپ ئايىتى شىپا ئوقۇيدىغان كىشى بارمۇ؟ دىدى، ئاندىن ساھابىلاردىن بىرسى بىرىپ، بىر نەچچە قوي بىرىشكە، ئۇكىشىگە سۈرە پاتىھەنى ئوقۇيدۇ، ئۇكىشى ساقىيىدۇ، ئاندىن ئۇ ساھابە قويلارنى ھەمراھلىرىنىڭ قېشىغا ئېلىپ كىلىدۇ، ئۇلار بۇئىشنى ياقتۇرماي، سەن الله نىڭ كىتابىغا ئەجىر ھەق ئاپسەن دەپ ئەيىبلەيدۇ، ئۇلار مەدىنىگە كەلگەندە؛ ئى الله نىڭ ئەلچىسى!بۇ الله نىڭ كىتابىغا ئەجىر ھەق ئاپتۇ دىگەندە، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ

## سەھىھ مۇسلىمنىڭ تەرجىمىسى

ئەلەيھى ۋەسەللەم: ھەققەتەن سىلەرنىڭ ئەجرى، ئىش ھەققى ئالىدىغان نەرسەڭلارنىڭ ئەڭ لايىق، ھەقلىق راقى ئاللاھنىڭ كىتابى قۇرئاندۇر، ساڭا ئۇ سۆزنىڭ ئايىتى شىپا بولۇپ كېسەلگە داۋا بولۇشىنى نېمە بىلدۈرگەن ئىدى؟ ھەققەتەن توغرا قىلىپسىلەر، تەقسىم قىلىۋېرىڭلار، ماڭىمۇ بىر ئۈلۈش نىسۋە ئېلىپ قويۇڭلار دېدى. بۇخارى توپلىغان، سەھىھ. بۇ ھەدىسنى ئىمام بۇخارى ئىبابەتنىڭ كىتابىدا توپلىغان 5296 _ ھەدىس . بۇخارى رەھمەھۇللا، بىر نەچچە قويغا رۇقى قىلىپ، ئايىتى شىپا ئوقۇپ، داۋالاشتا شەرىت قويۇش دەپ باب قويغان، شۇنداقلا، ئىجارىنىڭ كىتابىدا سۈرە فاتىھەنى ئوقۇپ، داۋالاشقا بېرىلگەن ئەجىر ھەققى دەپ باب قويغان. شىرۋئىبى رەھمەھۇللا مۇئەللىم شەرىت قويمىسا، پەقەت ئازىراق نەرسە بېرىلسە، ياكى شەرىت قويسىمۇ قوبۇل قىلسا بولىدۇ دېگەن، يەنى بۇ تەپسىر ھەدىس ئۆگىتىش مەسىلىسى، ئىسلام دۆلىتىدىكى ئوقۇتقۇچىلارنىڭ مائاشى دۇر، ھەسەن بەسرى، ئىلىم ئېلىشتا ئۇستازىغا 10 دەرھەم بىرەتتى، مۇئەللىملەرنىڭ ئەجىر، ھەق ئېلىشى نى ھېچ كىشى مەكرۇھ دېمىگەن دەپ مۇشۇ بابدا خاتىرلەندى، جۇمھۇر ئالىملار؛ قۇرئان ئۆگىتىشكە ئەجىر، ھەق ئالسا بولىدۇ دېدى، دەلىل، مۇشۇ ھەدىستۇر، ئەبۇ ھەنىيفە رەھمەھۇللا، ئايىتى شىپاغا بولىدۇ، ئىلىم ئۆگىتىشدە بولمايدۇ دېدى، چۈنكى، ئىبادەتكە ھەق ئېلىش دۇرۇس ئەمەس، ئەمما، قۇرئان ئۆگىتىپ قويۇشقا خوتۇن ئېلىپ بەرگىنى سەھىھ، بەزى ئالىملار ؛ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم نىڭ ئەجىر، ھەق دېگىنى ساۋاب، ئەجىر بولىدۇ دېگەن، لېكىن، بۇ س ۆزنى تىلاۋەتتە دېمىگەن، بەلكى ئايىتى شىپا ئوقۇغاندا دېگەندۇر، كېسەلنى ساقايتسا، ئەنە شۇنداق دۇرۇس، ئەگەر ساختا بولسا، ساقايتالمىسا، دۇرۇس ئەمەس، ئۇنىڭ ئۈستىگە شۇ ئىشنى كەسىپ قىلىۋالسا، تېخىمۇ دۇرۇس ئەمەس، ساھابىلار، تابىئىنلار ئۇنداق كەسىپ قىلماي، ئىسلام ئۈچۈن خىزمەت قىلاتتى. خارىجەتنىڭ تاغىسى ئەلاقەت ئىبنى سەھار رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمۇنداق دەيدۇ؛بىز رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ يېنىدىن قايتقاندا، ئەرەپ قەبىلىلىرىدىن بىر قەۋمنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ قالدۇق، ئۇلاربىزگە؛ ھەققەتەن سىلەرنىڭ مۇشۇ كىشىنىڭ قېشىدىن ياخشىلىق بىلەن كەلگەنلىك خەۋىرىڭلار بىزگە يەتتى، بىزنىڭ قېشىمىزدا باغلاقتىكى بىر ئەقلىدىن ئاداشقان كىشى بار،سىلەردە ئۇنىڭغا داۋا بولغىدەك ئايىتى شىپا بارمۇ؟دېدى، بىز:ھەئە بار دېسەك، ئۇلار بىزنىڭ قېشىمىزغا، باغلاقتىكى بىر ئەقلىدىن ئاداشقان كىشىنى ئېلىپ كەلدى، مەن ئۇنىڭغا، ئۈچ كۈن ئەتىگەن _ ئاخشام سۈرە فاتىھەنى ئايىتى شىپا قىلىپ ئوقۇدۇم، ھەر قېتىم بۇ سۈرىنى تامام قىلغاندا، تۈكرىكىمنى يىغىپ ئۇنىڭغا تۈكۈرىدۇم، ئۇ كىشى خۇددى باغلاقدىن بوشانغاندەك، تېزلا ساقىيىپ كەتتى، ئۇلار ماڭا نىسۋە بەردى،مەن؛ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ

5828 ـ حدّثنا عَمْرٌو النّاقِدُ. حَدّثنَا يَزِيدُ بْنُ هَرُونَ عَنْ شُعْبَةَ، عَنْ خُلَيْدِ بْنِ جَعْفَرٍ و الْمُسْتَمِرّ. قَالاَ: سَمِعْنَا أبَا نَضْرَةَ يُحَدّثُ عَنْ أبِي سَعِيدٍ الْخُدْرِيّ أنّ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم ذَكَرَ امْرَأةً مِنْ بَنِي إسْرَائِيلَ. حَشَتْ خَاتَمَهَا مِسْكاً. وَالْمِسْكُ أطْيَبُ الطّيبِ.

ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بەنى ئىسرائىلدىن بىر ئايال ناھايىتى پاكار بولۇپ، ئۇ ئېگىز بويلۇق ئىككى ئايالنىڭ ئارىسىدا ماڭاتتى، كېيىن ئۇ ياغاچتىن ئىككى يالغان پۇت ياساپ، شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئىچى كاۋاك ئالتۇن ئۈزۈكدىن بىرنى سېلىپ، ئۇنىڭ ئىچىگە مىسكە ـ ئەنبەر سېلىپ، كىشىلەرنى پېتىنگە قويىدى، مىسكە ـ ئەنبەرنىڭ ئەڭ خۇشپۇراقى ئىدى، ئۇ ئېگىز بويلۇق ئىككى ئايالنىڭ ئارىسىدىن

ئۆتسە، كىشلەر ئۇ ئايالنى تونىمايتتى، بۇ ئايال مىسكە بار قولى بىلەن مانا مۇشۇنداق ئىشارەت قىلاتتى، مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ. دىمەك، ئۇلارنىڭ ئاياللىرى يالغان پۇت ياساش، يالغان چاچ ياساپ ئۇلاش، ئۇزۇنكىگە مىسكە سېلىۋېلىش قاتارلىق ئىشلار بىلەن پىتنە ــ پاساد تېرىپ، ھالاك بولغان.

**5829 ـ حدّثنا أبُو بَكْرِ بْنُ أَبي شَيْبَةَ وَ زُهَيْرُ بْنُ حَرْبٍ. كِلاَهُمَا عَنِ المُقْرِىءِ. قَالَ أَبُو بَكْرٍ: حَدّثَنَا أبُو عَبْدِ الرّحْمَنِ المُقْرِىءُ عَنْ سَعِيدِ بْنِ أَبي أَيّوبَ. حَدّثَنِي عُبَيْدُ اللّهِ بْنُ أَبي جَعْفَرٍ عَنْ عَبْدِ الرّحْمَنِ الأَعْرَجِ، عَنْ أَبي هُرَيْرَةَ، قَالَ: قَالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: «مَنْ عُرِضَ عَلَيْهِ رَيْحَانٌ، فَلاَ يَرُدّهُ. فَإنّهُ خَفِيفُ الْمَحْمِلِ طَيّبُ الرّيحِ».**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: كىمگە رەيھان گۈل تەقدىم قىلىنسە، ئۇنى رەت قىلمىسۇن، چۈنكى ئۇ كۆتۈرۈشكە يەڭگىل، پۇرىقى خۇشپۇراقتۇر. مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد ، سەھىھ.

**5830 ـ حدّثني هَرُونُ بْنُ سَعِيدٍ الأَيْلِيّ وَ أَبُو طَاهِرٍ وَ أَحْمَدُ بْنُ عِيسَى (قَالَ أَحْمَدُ: حَدّثنَا. وَقَالَ الآخَرَانِ: أَخْبَرَنَا) ابْنُ وَهْبٍ. أَخْبَرَنِي مَخْرَمَةُ عَنْ أَبِيهِ، عَنْ نَافِعٍ، قَالَ: كَانَ ابْنُ عُمَرَ إذَا اسْتَجْمَرَ اسْتَجْمَرَ بِألُوّةٍ، غَيْرَ مُطَرّاةٍ. وَبِكَافُورٍ، يَطْرَحُهُ مَعَ الأَلُوّةِ. ثُمّ قَالَ: هَكَذَا كَانَ يَسْتَجْمِرُ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم.**

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۆزىگە خۇشپۇراق ئەتىر ئىشلەتسە، ئۈيگە خۇشپۇراق نەرسە يېقىشتا، ئەلۇۋۋەت دىيىلىدىغان خۇشپۇراق ياغاچنى باشقا ئەترگە ئارىلاشتۇرماي ياقاتتى، ئىستىمال قىلاتتى، كافۇرا ئىسمىلىك ئەترنى ئىستىمال قىلسا، ئۇنى ئەلۇۋۋەتكە ئارىلاشتۇرۇپ ئىستىمال قىلاتتى، (مەخسەت، خۇشپۇراق ئەتىر ئىستىمال قىلىشتۇر).ناپىئ رەھ ؛ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمۇ شۇنداق ئىستمال قىلاتتى دىگەن.

مۇسلىم 4148 ــ ھەدىس، نەسەئى 5045 ــ ھەدىس، سەھىھ.

## 43 ـ كتاب الشعر

### 1044 ـ باب شېئىر توغرىسىدا

**5831 ـ 5832 ـ حدّثنا عَمْرٌو النّاقِدُ وَ ابْنُ أَبي عُمَرَ. كِلاَهُمَا عَنِ ابْنِ عُيَيْنَةَ. قَالَ ابْنُ أَبي عُمَرَ: حَدّثَنَا سُفْيَانُ عَنْ إبْرَاهِيمَ بْنِ مَيْسَرَةَ، عَنْ عَمْرِو بْنِ الشّرِيدِ، عَنْ أَبِيهِ. قَالَ: رَدِفْتُ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم يَوْماً. فَقَالَ: «هَلْ مَعَكَ مِنْ شِعْرِ أُمَيّةَ بْنِ أَبي الصّلْتِ شَيْءٌ؟» قُلْتُ: نَعَمْ. قَالَ: «هِيهِ» فَأَنْشَدْتُهُ بَيْتاً. فَقَالَ: «هِيهِ» ثُمّ أَنْشَدْتُهُ بَيْتاً. فَقَالَ: «هِيهِ» حَتّى أَنْشَدْتُهُ مِائَةَ بَيْتٍ.**

**5833 ـ وحدّثنا يَحْيَى بْنُ يَحْيَى. أَخْبَرَنَا الْمُعْتَمِرُ بْنُ سُلَيْمَانَ. ح وَحَدّثَنِي زُهَيْرُ بْنُ حَرْبٍ. حَدّثَنَا عَبْدُ الرّحْمَنِ بْنُ مَهْدِيَ. كِلاَهُمَا عَنْ عَبْدِ اللّهِ بْنِ عَبْدِ الرّحْمَنِ الطّائِفِيّ، عَنْ عَمْرِو بْنِ الشّرِيدِ، عَنْ أَبِيهِ. قَالَ: اسْتَنْشَدَنِي رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم. بِمِثْلِ حَدِيثِ إبْرَاهِيمَ بْنِ مَيْسَرَةَ. وَزَادَ: قَالَ «إنْ كَادَ لَيُسْلِمُ» وَفِي حَدِيثِ ابْنِ مَهْدِيَ قَالَ: «فَلَقَدْ كَادَ يُسْلِمُ فِي شِعْرِهِ».**

ئەمرۇنىڭ دادىسى شەرىيد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، بىر كۈنى مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئارقىسىغا مىنگىشىپ كېتىۋاتسام، رەسۇلۇللاھ ماڭا؛ سەن ئۇمەييە ئىبنى ئەبىسسەلتىنىڭ شېئىرلىرىدىن بىرەر نەرسىنى يادا بىلەمسەن؟ دىدى، مەن؛ ھەئە بىلىمەن دىسەم، قېنى ئوقۇغىن دىدى، مەن رەسۇلۇللاھقا ئۇنىڭدىن بىر بىيىت ئوقۇپ بەرسەم، يەنە ئوقۇ!دىدى، يەنە بىر بىيىت ئوقۇپ بەرسەم، يەنە،يەنە دىدى، تاكى مەن 100 بىيىت شېئىرى ئوقۇپ بەردىم.

**5834 – حدّثني أبُو جَعْفَرٍ، مُحَمّدُ بْنُ الصّبّاحِ وَ عَلِيّ بْنُ حُجْرٍ السّعْدِيّ. جَمِيعاً عَنْ شَرِيكٍ. قَالَ ابْنُ حُجْرٍ: أَخْبَرَنَا شَرِيكٌ عَنْ عَبْدِ الْمَلِكِ بْنِ عُمَيْرٍ، عَنْ أَبِي سَلَمَةَ، عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ، عَنِ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم. قَالَ: «أَشْعَرُ كَلِمَةٍ تَكَلّمَتْ بِهَا الْعَرَبُ، كَلِمَةُ لَبِيدٍ:**
**أَلاَ كُلّ شَيْءٍ مَا خَلاَ اللّهَ بَاطِلٌ».**

**5835 – وحدّثني مُحَمّدُ بْنُ حَاتِمِ بْنِ مَيْمُونٍ. حَدّثَنَا ابْنُ مَهْدِيَ عَنْ سُفْيَانَ، عَنْ عَبْدِ الْمَلِكِ بْنِ عُمَيْرٍ. حَدّثَنَا أَبُو سَلَمَةَ عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ. قَالَ: قَالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم «أَصْدَقُ كَلِمَةٍ قَالَهَا شَاعِرٌ، كَلِمَةُ لَبِيدٍ:**
**أَلاَ كُلّ شَيْءٍ مَا خَلاَ اللّهَ بَاطِلُ وَكَادَ أُمَيّةُ بْنُ أَبِي الصّلْتِ أَنْ يُسْلِمَ».**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: شائىر ئېيتقان سۆزنىڭ ئەڭ راستچىل، سەمىيمىرەكى، شائىر لۇبەيدىنىڭ سۆزىدۇر؛« ئەلا، كۇللى شەيئىن ما خەلاالله باتىل »، تەرجىمىسى: ئاللاھدىن باشقا بارلىق نەرسىلەر باتىلدۇر،بۇخارى،مۇسلىم، بەيھەقى، ئىبنى ماجە توپ، سەھەھ.

**5836 – وحدّثني ابْنُ أَبِي عُمَرَ. حَدّثَنَا سُفْيَانُ عَنْ زَائِدَةَ، عَنْ عَبْدِ الْمَلِكِ بْنِ عُمَيْرٍ، عَنْ أَبِي سَلَمَةَ بْنِ عَبْدِ الرّحْمَنِ، عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ أَنّ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم قَالَ: «أَصْدَقُ بَيْتٍ قَالَهُ الشّاعِرُ: أَلاَ كُلّ شَيْءٍ مَا خَلاَ اللّهَ بَاطِلُ وَكَادَ أُمَيّةُ بْنُ أَبِي الصّلْتِ أَنْ يُسْلِمَ».**
**5837 – وحدّثنا مُحَمّدُ بْنُ الْمُثَنّى. حَدّثَنَا مُحَمّدُ بْنُ جَعْفَرٍ. حَدّثَنَا شُعْبَةُ عَنْ عَبْدِ الْمَلِكِ بْنِ عُمَيْرٍ، عَنْ أَبِي سَلَمَةَ، عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ، عَنِ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم. قَالَ: «أَصْدَقُ بَيْتٍ قَالَتْهُ الشّعَرَاءُ: أَلاَ كُلّ شَيْءٍ مَا خَلاَ اللّهَ بَاطِلٌ»**
**5838 – وحدّثنا يَحْيَى بْنُ يَحْيَى. أَخْبَرَنَا يَحْيَى بْنُ زَكَرِيّاءَ عَنْ إِسْرَائِيلَ، عَنْ عَبْدِ الْمَلِكِ بْنِ عُمَيْرٍ، عَنْ أَبِي سَلَمَةَ بْنِ عَبْدِ الرّحْمَنِ. قَالَ: سَمِعْتُ أَبَا هُرَيْرَةَ يَقُولُ: سَمِعْتُ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم يَقُولُ: «إِنّ أَصْدَقَ كَلِمَةٍ قَالَهَا شَاعِرٌ، كَلِمَةُ لَبِيدٍ:**
**أَلاَ كُلّ شَيْءٍ مَا خَلاَ اللّهَ بَاطِلٌ»مَا زَادَ عَلَى ذَلِكَ.**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئەرەبلەر سۆزلىگەن شېئىر سۆزنىڭ ئەڭ ياخشىسى، لۇبەيدەنىڭ سۆزىدۇر، ئۇ بولسا، ئاگاھ بولۇڭلاركى، ئاللاھدىن باشقا بارلىق نەرسە باتىلدۇر . ئۇ مۇسۇلمان بولغىلى تاس ـ تاس قاپتىكەن. مۇسلىم، تىرمىزى توپلىغان، سەھەھ.

**5839 – حدّثنا أَبُو بَكْرِ بْنُ أَبِي شَيْبَةَ. حَدّثَنَا حَفْصٌ وَ أَبُو مُعَاوِيَةَ. ح وَحَدّثَنَا أَبُو كُرَيْبٍ. حَدّثَنَا أَبُو مُعَاوِيَةَ. كِلاَهُمَا عَنِ الأَعْمَشِ. ح وَحَدّثَنَا أَبُو سَعِيدٍ الأَشَجّ. حَدّثَنَا وَكِيعٌ. حَدّثَنَا الأَعْمَشُ عَنْ أَبِي صَالِحٍ، عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ. قَالَ: قَالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: «لأَنْ يَمْتَلِىءَ جَوْفُ الرّجُلِ قَيْحاً يَرِيهِ، خَيْرٌ مِنْ أَنْ يَمْتَلِىءَ شِعْراً». قَالَ أَبُو بَكْرٍ: إِلاّ أَنّ حَفْصاً لَمْ يَقُلْ «يَرِيهِ».**
**5840 – حدّثنا مُحَمّدُ بْنُ الْمُثَنّى وَ مُحَمّدُ بْنُ بَشّارٍ. قَالاَ: حَدّثَنَا مُحَمّدُ بْنُ جَعْفَرٍ. حَدّثَنَا شُعْبَةُ عَنْ قَتَادَةَ، عَنْ يُونُسَ بْنِ جُبَيْرٍ، عَنْ مُحَمّدِ بْنِ سَعْدٍ، عَنْ سَعْدٍ، عَنِ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم. قَالَ: «لأَنْ يَمْتَلِىءَ جَوْفُ أَحَدِكُمْ قَيْحاً يَرِيهِ، خَيْرٌ مِنْ أَنْ يَمْتَلِىءَ شِعْراً».**

ئەبۇ ھۇرەيرە، سەئىد، سەلمان، ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇلاردىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئەلۋەتتە بىرىڭلارنىڭ ئىچىگە، قورسقىغا ئۈنى سىبستىپ، چىرىتىپ پاسادلاشتۇرۇپ يەپ كەتكۈدەك يىرىڭ، زەرداپنىڭ لىق تولۇشى، ئۇنىڭ ئۆچۈن شېئىرنىڭ تولىشىدىن ياخشىراقتۇر. ئەھمەد 8025 ــ ھەدىس، بۇخارى 5689 ــ ھەدىس، تىرمىزى 2778 ــ ھەدىس، ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ماجە، نەسەئى، بەيھەقى، تەبرانى توپلىغان، سەھىھ

**5841 – حدّثنا قُتَيْبَةُ بْنُ سَعِيدٍ الثّقَفِيّ. حَدّثَنَا لَيْثٌ عَنِ ابْنِ الْهَادِ، عَنْ يُحَنّسَ، مَوْلَى مُصْعَبِ بْنِ الزّبَيْرِ، عَنْ أَبِي سَعِيدٍ الْخُدْرِيّ. قَالَ: بَيْنَا نَحْنُ نَسِيرُ مَعَ رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم بِالْعَرْجِ، إِذْ عَرَضَ شَاعِرٌ يُنْشِدُ. فَقَالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: «خُذُوا الشّيْطَانَ، أَوْ أَمْسِكُوا الشّيْطَانَ، لأَنْ يَمْتَلِىءَ جَوْفُ رَجُلٍ قَيْحاً، خَيْرٌ لَهُ مِنْ أَنْ يَمْتَلِىءَ شِعْراً».**

ئەبۇ ھۇرەيرە، ئەبۇسەئىد، سەلمان، ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇلاردىن، بىر چاغدا بىز ئەرەج دېگەن جايدا رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن بىللە كېتىۋاتساق، تۇيۇقسىز بىر شائىر چىقىپ شېئىر دېكلىماتسىيە قىلىۋېدى،

رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن:ئاۋۇ شەيتاننى تۇتۇڭلار، ئەلۋەتتە بىرىڭلارنىڭ ئىچىگە، قورسىقىغا ئۇنى سىستىپ، چىرىتىپ يەپ كەتكۈدەك يىرىڭ ـ زەرداپنىڭ لىق تولۇشى، ئۇنىڭ ئۈچۈن شېئىرنىڭ تولىشىدىن ياخشىراقتۇر،دىدى.مۇسلىم توپلىغان.بۇ يامان تەرىپدۇر.

## 1045 ـ باب تحريم اللعب بالنردشير شىشخال ئويناشنىڭ ھاراملىقى

**5842 ـ حدّثني زُهَيْرُ بْنُ حَرْبٍ. حَدّثَنَا عَبْدُ الرّحْمَنِ بْنُ مَهْدِيَ عَنْ سُفْيَانَ، عَنْ عَلْقَمَةَ بْنِ مَرْثَدٍ، عَنْ سُلَيْمَانَ بْنِ بُرَيْدَةَ، عَنْ أبيهِ أنّ النّبيّ صلى الله عليه وسلم قالَ: «مَنْ لَعِبَ بالنّرْدَشِيرِ، فَكَأَنّمَا صَبَغَ يَدَهُ فِي لَحمْ خِنْزِيرِ وَدَمِهِ».**

بۇرەيدە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: كىم شىشخال ۋە ئۇنىڭ ئوخشاشلىرىنى ئوينىسا، خۇددى ئۇ قولىنى توڭگۇزنىڭ گوشىغا، قېنىغا چىلاپ شورىغاندەك بولىدۇ. ئەھمەد 21901 ـ ھەدىس، مۇسلىم 4194 ـ ھەدىس، ئەبۇ داۋۇد 4288 ـ ھەدىس، ئىبنى ماجە 3753 ـ ھەدىس، سەھىھ. يەنى قىمار ھارامدۇر. ئەبۇ مۇسا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: كىم شىشخال ئوينىسا، ئۇ جەزمەن ئاللاھقا ۋە ئاللاھنىڭ ئەلچىسىگە ئاسىيلىق قىلغان بولىدۇ. ئەبۇ داۋۇد 42867 ـ ھەدىس، ئىبنى ماجە 3752 ـ ھەدىس، ھاكىم، ئەھمەد 18700 ـ ھەدىس، مالىك 1509 ـ ھەدىس، ھەسەن.

# 44 ـ كتـاب الرؤيا

## 1046 ـ باب چۈش تەبىرلىرى توغرىسىدا

**5843 ـ حدّثنا عَمْرٌو النّاقِدُ وَ إسْحَقُ بْنُ إبْرَاهِيمَ وَ ابْنُ أبي عُمَرَ. جَمِيعاً عَنِ ابْنِ عُيَيْنَةَ (وَاللّفْظُ لاِبْنِ أبي عُمَرَ). حَدّثَنَا سُفْيَانُ عَنِ الزّهْرِيّ، عَنْ أبي سَلَمَةَ. قالَ: كُنْتُ أرَى الرّؤْيَا أعْرَى مِنْهَا. غَيْرَ أنّي لاَ أُزَمّلُ. حَتّى لَقِيتُ أبَا قَتَادَةَ. فَذَكَرْتُ ذَلِكَ لَهُ. فَقَالَ: سَمِعْتُ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم يَقُولُ: «الرّؤْيَا مِنَ اللهِ. وَالْحلْمُ مِنَ الشّيْطَانِ. فَإذَا حَلَمَ أحَدُكُمْ حُلْماً يَكْرَهُهُ فَلْيَنْفِثْ عَنْ يَسَارِهِ ثَلاَثاً. وَلْيَتَعَوّذْ بِاللّهِ مِنْ شَرّهَا. فَإنّهَا لَنْ تَضُرّهُ».**

**5844 ـ وحدّثنا ابْنُ أبي عُمَرَ. حَدّثَنَا سُفْيَانُ عَنْ مُحمّدِ بْنِ عَبْدِ الرّحْمَنِ، مَوْلَى آلِ طَلْحَةَ، وَ عَبْدِ رَبّهِ وَ يَحْيَى، ابْنَيْ سَعِيدٍ، وَ مُحَمّدِ بْنِ عَمْرِو بْنِ عَلْقَمَةَ، عَنْ أبي سَلَمَةَ، عَنْ أبي قَتَادَةَ، عَنِ النّبيّ صلى الله عليه وسلم. مِثْلَهُ. وَلَمْ يَذْكُرْ فِي حَدِيثِهِمْ قَوْلَ أبي سَلَمَةَ: كُنْتُ أرَى الرّوءيَا أُعْرَى مِنْهَا. غَيْرَ أنِي لاَ أُزمّلُ.**

**5845 ـ وحدّثني حَرْمَلَةُ بْنُ يَحْيَى أَخْبَرَنَا ابْنُ وَهْبٍ. أخْبَرَنِي يُونُسُ. ح وَحَدّثَنَا إسْحَقُ ابْنُ إبْرَاهِيمَ وَ عَبْدُ بْنُ حُمَيْدٍ. قالاَ: أَخْبَرَنَا عَبْدُ الرّزّاقِ. أخْبَرَنَا مَعْمَرٌ. كِلاَهُمَا عَنِ الزّهْرِيّ، بِهَذَا الأسْنَادِ. وَلَيْسَ فِي حَدِيثِهِمَا: أُعْرَى مِنْهَا: وَزَادَ فِي حَدِيثِ يُونُسَ «فَلْيَبْصُقْ عَلَى يَسَارِهِ، حِينَ يَهُبّ مِنْ نَوْمِهِ، ثَلاَثَ مَرّاتٍ».**

**5846 ـ حدّثنا عَبْدُ اللّهِ بْنُ مَسْلَمَةَ بْنِ قَعْنَبٍ. حَدّثَنَا سُلَيْمَانُ (يَعْنِي ابْنَ بلالٍ) عَنْ يَحْيَى بْنِ سَعِيدٍ. قالَ: سَمِعْتُ أبَا سَلَمَةَ بْنَ عَبْدِ الرّحْمَنِ يَقُولُ: سَمِعْتُ أبَا قَتَادَةَ يَقُولُ: سَمِعْتُ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم يَقُولُ: «الرّؤْيَا مِنَ اللّهِ. وَالْحُلْمُ مِنَ الشّيْطَانِ. فَإذَا رَأى أحَدُكُمْ شَيْئاً يَكْرَهُهُ فَلْيَنْفُثْ عَنْ يَسَارِهِ ثَلاَثَ مَرّاتٍ. وَلْيَتَعَوّذْ بِاللّهِ مِنْ شَرّهَا. فَإنّهَا لَنْ تَضُرّهُ» فَقَالَ: إنْ كُنْتُ لأَرَى الرّوءيَا أثْقَلَ عَلَيّ مِنْ جَبَلٍ. فَمَا هُوَ إلاّ أنْ سَمِعْتُ بِهَذَا الْحَدِيثِ، فَمَا أُبَالِيهَا.**

**5847 ـ وحدّثناه قُتَيْبَةُ وَ مُحَمّدُ بْنُ رُمْحٍ عَنِ اللّيْثِ بْنِ سَعْدٍ. ح وَحَدّثَنَا مُحَمّدُ بْنُ الْمُثَنّى. حَدّثَنَا عَبْدُ الْوَهّابِ (يَعْنِي الثّقَفِيّ). ح وَحَدّثَنَا أبُو بَكْرِ بْنُ أبي شَيْبَةَ. حَدّثَنَا عَبْدُ اللّهِ بْنُ نُمَيْرٍ. كُلّهُمْ عَنْ يَحْيَى بْنِ سَعِيدٍ، بِهَذَا الأسْنَادِ، وَفِي حَدِيثِ الثّقَفِيّ: قَالَ أبُو سَلَمَةَ: فَإنْ كُنْتُ لأَرَى الرّوءيَا. وَلَيْسَ فِي حَدِيثِ اللّيْثِ وَابْنِ نُمَيْرٍ قَوْلُ أبي سَلَمَةَ إلَى آخِرِ الْحَدِيثِ. وَزَادَ ابْنُ رُمْحٍ فِي رِوَايَةِ هَذَا الْحَدِيثِ «وَلْيَتَحَوّلْ عَنْ جَنْبِهِ الّذِي كَانَ عَلَيْهِ».**

5848 ـ وحدّثني أبُو الطاهِر. أخْبَرَنَا عَبْدُ اللهِ بْنُ وَهْبٍ. أخْبَرَنِي عَمْرُو بْنُ الحَارِثِ عَنْ عَبْدِ رَبِّهِ بْنِ سَعِيدٍ، عَنْ أَبِي سَلَمَةَ بْنِ عَبْدِ الرّحْمَن، عَنْ أَبِي قَتَادَةَ، عَنْ رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم أنّهُ قالَ: «الرّؤْيَا الصّالِحَةُ مِنَ اللّهِ. وَالرّؤْيَا السّوْءُ مِنَ الشّيْطَانِ. فَمَنْ رَأَى رُؤْيَا فَكَرِهَ مِنْهَا شَيْئاً فَلْيَنْفُثْ عَنْ يَسَارِهِ، وَلْيَتَعَوّذْ بِاللّهِ مِنَ الشّيْطَانِ، لاَ تَضُرّهُ. وَلاَ يُخْبِرْ بِهَا أحَداً. وَإنْ رَأَى رُؤْيَا حَسَنَةً فَلْيُبْشِرْ. وَلاَ يُخْبِرْ إلاّ مَنْ يُحِبّ».

ئەبۇ قەتادە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ياخشى چۈش ئاللاھ تەرەپتىن، يامان چۈش،ئېھتىلام شەيتان تەرەپتىن بولىدۇ، ئەگەر بىرىڭلار ياخشى چۈش كۆرسە، خۇش بىشارەت ئالسۇن، ئۇنى پەقەت ئۆزى ياخشى كۆرىدىغان كىشىگىلا سۆزلەپ بەرسۇن،كىم ياقتۇرمايدىغان يامان چۈش كۆرسە، سول تەرىپىگە ئۈچ قېتىم تۈكۈرۈۋەتسۇن، ئاللاھقا سېغىنىپ يامان چۈشنىڭ ۋە شەيتاننىڭ يامانلىقىدىن پاناھ تىلىسۇن، ھەقىقەتەن ئۇ، چۈش ئۇ كىشىگە زەرەر يەتكۈزەلمەيدۇ، يامان چۈشنى ھېچ كىشىگە خەۋەر قىلمىسۇن، بۇخارى،مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.

5849 ـ حدّثنا أبُو بَكْرِ بْنُ خَلاّدٍ البَاهِلِيّ وَ أحْمَدُ بْنُ عَبْدِ اللّهِ بْنِ الحَكَمِ. قالاَ: حَدّثنَا مُحَمّدُ بْنُ جَعْفَرٍ. حَدّثنَا شُعْبَةُ عَنْ عَبْدِ رَبّهِ بْنِ سَعِيدٍ، عَنْ أبي سَلَمَةَ قَالَ: إنْ كُنْتُ لأَرَى الرّوءيَا تُمْرِضُنِي. قَالَ فَلَقِيتُ أبَا قَتَادَةَ. فَقالَ: وَأنَا كُنْتُ لأَرَى الرّوءيَا فَتُمْرِضُنِي. حَتّى سَمِعْتُ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم يَقُولُ: «الرّؤيَا الصّالِحَةُ مِنَ اللّهِ. فَإذَا رَأَى أحَدُكُمْ مَا يُحِبّ فَلاَ يُحَدّثْ بِهَا إلاّ مَنْ يُحِبّ. وَإنْ رَأَى مَا يَكْرَهُ فَلْيَتْفِلْ عَنْ يَسَارِهِ ثَلاَثاً، وَلْيَتَعَوّذْ بِاللّهِ مِنْ شَرّ الشّيْطَانِ وَشَرّهَا. وَلاَ يُحَدّثْ بِهَا أحَداً فَإنّهَا لَنْ تَضُرّهُ».

ئەبۇ قەتادە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ياخشى چۈش ئاللاھ تەرەپتىن يامان چۈش شەيتان تەرەپتىن بولىدۇ، كىم ياقتۇرمايدىغان يامان چۈش كۆرسە، سول تەرىپىگە ئۈچ قېتىم تۈكۈرۈۋەتسۇن، ئاللاھقا سېغىنىپ شەيتاندىن پاناھ تىلىسۇن، ھەقىقەتەن ئۇ، چۈش ئۇ كىشىگە زەرەر يەتكۈزەلمەيدۇ، يامان چۈشنى ھېچ كىشىگە خەۋەر قىلمىسۇن، ياتقان جايىدىن يۆتكەلسۇن، ئەگەر ياخشى چۈش كۆرسە، خۇش بىشارەت ئالسۇن، ئۇنى پەقەت ئۆزى ياخشى كۆرىدىغان كىشىگىلا سۆزلەپ بەرسۇن، مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.

5850 ـ حدّثنا قُتَيْبَةُ بْنُ سَعِيدٍ. حَدّثنَا لَيْثٌ. ح وَحَدّثنَا ابْنُ رُمْحٍ. أخْبَرَنَا اللّيْثُ عَنْ أبي الزّبَيْرِ عَنْ جَابِرٍ عَنْ رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم أنّهُ قَالَ «إذَا رَأَى أحَدُكُمُ الرّؤْيَا يَكْرَهُهَا فَلْيَبْصُقْ عَنْ يَسَارِهِ ثَلاَثاً. وَلْيَسْتَعِذْ بِاللّهِ مِنَ الشّيْطَانِ ثَلاَثاً. وَلْيَتَحَوّلْ عَنْ جَنْبِهِ الّذِي كَانَ عَلَيْهِ».

جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بىرىڭلار يامان كۆرىدىغان چۈش كۆرۈپ قالسا، سول تەرىپىگە ئۈچ قېتىم تۈكۈرىۋەتسۇن، ئاللاھقا سېغىنىپ شەيتاندىن ئۈچ قېتىم پاناھ تىلىسۇن، ياتقان جايىدىن يۆتكەلسۇن، مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

5851 ـ محَمّدُ بْنُ أبي عُمَرَ المَكّيّ حَدّثنَا عَبْدُ الوَهّابِ الثّقَفِيّ عَنْ أيّوبَ السّخْتِيَانِيّ عَنْ مُحَمّدِ بْنِ سِيرِينَ عَنْ أبي هُرَيْرَةَ عَنِ النّبيّ صلى الله عليه وسلم. قَالَ «إذَا اقْتَرَبَ الزّمَانُ لَمْ تَكَدْ رُؤْيَا المُسْلِمِ تَكْذِبُ. وَأصْدَقُكُمْ رُؤيَا أصْدَقُكُمْ حَدِيثاً. وَرُؤْيَا المُسْلِمِ جُزْءٌ مِنْ خَمْسٍ وَأرْبَعِينَ جُزْءاً مِنَ النّبُوّةِ. وَالرّؤْيَا ثَلاَثَةٌ: فَرُؤْيَا الصّالِحَةِ بُشْرَى مِنَ اللّهِ. وَرُؤْيَا تَحْزِينٌ مِنَ الشّيْطَانِ. وَرُؤْيَا مِمّا يُحَدّثُ المَرْءُ نَفْسَهُ. فَإنْ رَأَى أحَدُكُمْ مَا يَكْرَهُ، فَلْيَقُمْ فَلْيُصَلّ، وَلاَ يُحَدّثْ بِهَا النّاسَ». قَالَ: «وَأحِبّ القَيْدَ وَأكْرَهُ الغُلّ. وَالقَيْدُ ثَبَاتٌ فِي الدّينِ» فَلاَ أدْرِي هُوَ فِي الحَدِيثِ أمْ قَالَهُ ابْنُ سِيرِينَ.

5852 ـ وحدثنيي مُحَمّدُ بْنُ رَافِعٍ حَدّثنَا عَبْدُ الرّزّاقِ أخْبَرَنَا مَعْمَرٌ عَنْ أيّوبَ بِهَذَا الأسْنَادِ، وَقَالَ فِي الحَدِيثِ: قَالَ أبُو هُرَيْرَةَ: فَيُعْجِبُنِي القَيْدُ وَأكْرَهُ الغُلّ. وَالقَيْدُ ثَبَاتٌ فِي الدّينِ وَقَالَ النّبيّ صلى الله عليه وسلم: «رُؤيَا المُؤْمِنِ جُزْءٌ مِنْ سِتّةٍ وَأرْبَعِينَ جُزْءاً مِنَ النّبُوّةِ».

5853 ـ حدّثني أبُو الرّبِيِّ. حَدّثنَا حَمّادٌ (يَعْنِي ابْنَ زَيْدٍ). حَدّثنَا أيّوبُ وَ هِشَامٌ عَنْ مُحَمّدٍ، عَنْ أبي هُرَيْرَةَ. قَالَ: إذَا اقْتَرَبَ الزّمَانُ. وَسَاقَ الحَدِيثَ. وَلَمْ يَذْكُرْ فِيهِ النّبيّ صلى الله عليه وسلم.

5854 ـ وحدّثناه إسْحَقُ بْنُ إبْرَاهِيمَ. أخْبَرَنَا مُعَاذُ بْنُ هِشَامٍ. حَدّثنَا أبي عَنْ قَتَادَةَ، عَنْ مُحَمّدِ بْنِ سِيرِينَ، عَنْ أبي هُرَيْرَةَ، عَنِ النّبيّ صلى الله عليه وسلم. وَأدْرَجَ فِي الحَدِيثِ قَوْلَهُ: وَأكْرَهُ الغُلّ. إلَى تَمَامِ الكَلاَمِ. وَلَمْ يَذْكُرِ «الرّوءيَا جُزْءٌ مِنْ سِتّةٍ وَأرْبَعِينَ جُزْءاً مِنَ النّبُوّةِ».

5855 ـ5856 ـ حدّثنا مُحَمّدُ بْنُ المُثَنّى وَ ابْنُ بَشّارٍ. قالاَ: حَدّثنَا مُحَمّدُ بْنُ جَعْفَرٍ وَ أبُو دَاوُدَ. ح وَحَدّثنِي زُهَيْرُ بْنُ حَرْبٍ. حَدّثنَا عَبْدُ الرّحْمَنِ بْنُ مَهْدِيَ. كُلّهُمْ عَنْ شُعْبَةَ. ح وَحَدّثنَا عُبَيْدُ اللّهِ بْنُ مُعَاذٍ (وَاللّفْظُ لَهُ). حَدّثنَا أبي. حَدّثنَا شُعْبَةُ عَنْ قَتَادَةَ، عَنْ أنَسِ بْنِ مَالِكٍ، عَنْ عُبَادَةَ بْنِ الصّامِتِ. قَالَ: قَالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: «رُؤيَا المُؤْمِنِ جُزْءٌ مِنْ سِتّةٍ وَأرْبَعِينَ جُزْءاً مِنَ النّبُوّةِ».

**وحدّثنا عُبَيْدُ اللّهِ بْنُ مُعَاذٍ. حَدّثنَا أبي. حَدّثنَا شُعْبَةُ عَنْ ثابتٍ الْبُنَانِيّ، عَنْ أنَس بْنِ مَالِكٍ، عَنِ النّبيّ صلى الله عليه وسلم. مِثْلَ ذَلِكَ.**

ئەبۇ ھۈرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: زامان يېقىنلاشقانسىرى يەنى قىيامەت يېقىن قالغاندا، مۇسۇلمان كىشىنىڭ چۈشى راست بولۇپ، يالغانغا يېقىنمۇ كەلمەيدۇ، ئۇلارنىڭ چۈشى راستراقى سۆزىدە سەمىيمى راستراق بولغىنىدۇر، مۆئمىننىڭ ياخشى چۈشى، پەيغەمبەرلىكنىڭ 46 پارىدىن بىر پارىسىدۇر، 46\بىرىدۇر، پەيغەمبەرلىكتىن بولغان نەرسە يەنى چۈش ئىلھامى يالغان بولمايدۇ، چۈش ئۈچ تۈرلۈك بولىدۇ، بىرى ئاللاھ تەرەپتىن خۇش بىشارەتتۇر، يەنە بىرى نەپسى پەيدا قىلغان دىلدىكى، كۆڭلىدىكى كەسپى ئىشتۇر، ئۈچىنچىسى بولسا، شەيتاننىڭ قورقىتىشىدۇر، بىرىڭلار ئۆزىنى خورسەن قىلىدىغان چۈشنى كۆرسە، خالىسا بىرەر كىشىگە، دوستىغا سۆزلەپ بەرسۇن، ئەگەر ئۇ ياقتۇرمايدىغان يامان چۈش كۆرسە، ھېچ كىشىگە سۆزلەپ بەرمەي، دەس تۇرۇپ، تاھارەت ئېلىپ ناماز ئوقۇسۇن، مەن چۈشتىكى بويۇنغا سېلىنىدىغان تاقاقنى ياخشى كۆرمەيمەن، كويزا ـ كىشەننى ياخشى كۆرىمەن، چۈنكى، بۇنىڭ تەبىرى، دىندا مۇستەھكەم تۇرۇشتۇر . بۇخارى،مۇسلىم تىرمىزى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.بۇ ھەدىسنى ئىمام ئەلبانىي سەھىھ ھەدىسلەر توپلىمىنىڭ رەنىڭ بايانىدا سەھىھ دېگەن.

**5857 ـ حدّثنا عَبْدُ بْنُ حُمَيْدٍ. أخْبَرَنَا عَبْدُ الرّزّاق. أخْبَرَنَا مَعْمَرٌ عَنِ الزّهْرِيّ، عَنِ ابْنِ الْمُسَيّبِ، عَنْ أبي هُرَيْرَةَ. قالَ: قالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: «إنّ رُؤْيَا الْمُؤْمِنِ جُزْءٌ مِنْ سِتّةٍ وَأرْبَعِينَ جُزْءًا مِنَ النّبُوّةِ».**

ئەبۇ ھۈرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مۆئمىننىڭ ياخشى چۈشى، پەيغەمبەرلىكنىڭ 46 پارىدىن بىر پارىسىدۇر،

**5858 ـ وحدّثنا إسْمَاعِيلُ بْنُ الْخَلِيل. أخْبَرَنَا عَلِيّ بْنُ مُسْهِرٍ عَنِ الأعْمَش، ح وَحَدّثنَا ابْنُ نُمَيْرٍ. حَدّثنَا أبي. حَدّثنَا الأعْمَشُ عَنْ أبي صَالِحٍ، عَنْ أبي هُرَيْرَةَ، قالَ: قالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: «رُوءْيَا الْمُسْلِمِ يَرَاهَا أوْ تُرَى لَهُ». وَفِي حَدِيثِ ابْنِ مُسْهِرٍ «الرّوءْيَا الصّالِحَةُ جُزْءٌ مِنْ سِتّةٍ وَأرْبَعِيْنَ جُزْءًا مِنَ النّبُوّةِ».**

ئەبۇ ھۈرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ياخشى، راست چۈش، مۆئمىن كۆرىدىغان ياكى ئۇنىڭغا كۆرسىتىلىدىغان خۇش بىشارەتتۇر، (يەنى سۈرە يۇنۇستىكى بىشارەتتۇر) ياخشى چۈشى، پەيغەمبەرلىكنىڭ 46 پارىدىن بىر پارىسىدۇر، ئىبنى جەرىيرمۇ توپلىغان، سەھىھ.

**5859 ـ5860 ـ وحدّثنا يَحْيَى بْنُ يَحْيَىَ. أخْبَرَنَا عَبْدُ اللّهِ بْنُ يَحْيَى بْنِ أبي كَثِيرٍ. قالَ: سَمِعْتُ أبي يَقُولُ: حَدّثنَا أبُو سَلَمَةَ عَنْ أبي هُرَيْرَةَ، عَنْ رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم قالَ: «رُؤيَا الرّجُلِ الصّالِحِ جُزْءٌ مِنْ سِتّةٍ وَأرْبَعِينَ جُزْءاً مِنَ النّبُوّةِ».**
**5861 ـ وحدّثنا مُحَمّدُ بْنُ رَافِعٍ. حَدّثنَا عَبْدُ الرّزّاق. حَدّثنَا مَعْمَرٌ عَنْ هَمّامِ بْنِ مُنَبّهٍ، عَنْ أبي هُرَيْرَةَ، عَنِ النّبيّ صلى الله عليه وسلم. بِمِثْلِ حَدِيثِ عَبْدِ اللّهِ بْنِ يَحْيَى بْنِ أبي كَثِيرٍ عَنْ أبِيهِ.**
**5862 ـ حدّثنا أبُو بَكْرِ بْنُ أبي شَيْبَةَ. حَدّثنَا أبُو أُسَامَةَ. ح وَحَدّثنَا ابْنُ نُمَيْرٍ. حَدّثنَا أبي. قالاَ جَمِيعاً: حَدّثنَا عُبَيْدُ اللّهِ عَنْ نَافِعٍ، عَن ابْنِ عُمَرَ قالَ: قالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: «الرّؤْيَا الصّالِحَةُ جُزْءٌ مِنْ سَبْعِينَ جُزْءاً مِنَ النّبُوّةِ».**
**5863 ـ5864 ـ وحدّثناه ابْنُ الْمُثنّى وَ عُبَيْدُ اللّهِ بْنُ سَعِيدٍ. قالاَ: حَدّثنَا يَحْيَىَ عَنْ عُبَيْدِ اللّهِ، بِهَذَا الأسْنَادِ.**
**وحدّثناه قُتَيْبَةُ وَ ابْنُ رُمْحٍ عَنِ اللّيْثِ بْنِ سَعْدٍ. ح وَحَدّثنَا ابْنُ رَافِعٍ. حَدّثنَا ابْنُ أبي فُدَيْكٍ. أخْبَرَنَا الضّحّاكُ (يَعْنِي ابْنَ عُثْمَانَ). كِلاَهُمَا عَنْ نَافِعٍ. بِهَذَا الأسْنَادِ. وَفِي حَدِيثِ اللّيْثِ: قالَ نَافِعٌ: حَسِبْتُ أنّ ابْنَ عُمَرَ قالَ: «جُزْءٌ مِنْ سَبْعِينَ جُزْءًا مِنَ النّبُوّةِ».**

ئىبنى ئۆمەر، ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملاردىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ياخشى چۈش پەيغەمبەرلىكنىڭ 70دەن بىر پارىسىدۇر، ئەھمەد، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: سالىھ، ياخشى چۈش، پەيغەمبەرلىكنىڭ 25 پارىسىدىن بىر پارىسىدۇر، ئىبنى نەججار توپل، سەھىھ. ئەبۇ سەئىد، ئىبنى ئەمرۇ، ئەبۇ ھۇرەيرە، ئەبۇ رەزىين، ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ياخشى چۈش، پەيغەمبەرلىكنىڭ 46 پارىدىن بىر پارىسىدۇر، بۇ ھەدىسنى بۇخارى، مۇسلىم، ئەھمەد، ئىبنى ماجە، تەبرانى توپلىغان، بۇ بەك سەھىھ، مۇسۇلمانلار، مۆئمىنلەر، مۇتتەقىيلەر بىر ــ بىرىگە دەرجىدە ئوخشاشمايدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ 25 دىن 70گىچە دىيىلگەن.

### 1047 ـ باب قول النّبيّ عليه الصلاة والسلام «من رآني في المنام فقد رآني»

**5865 ـ حدّثنا أبو الرّبيع، سُلَيْمَانُ بْنُ دَاوُدَ الْعَتَكِيّ. حَدّثنَا حَمّادٌ (يَعْنِي ابْنَ زَيْدٍ). حَدّثنَا أَيّوبُ وَ هِشَامٌ عَنْ مُحَمّدٍ، عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ. قَالَ: قَالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: «مَنْ رَآنِي فِي الْمَنَامِ فَقَدْ رَآنِي، فَإِنّ الشّيْطَانَ لاَ يَتَمَثّلُ بِي».**

جابىر،ئەبۇھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: كىم مېنى چۈشىدە كۆرسە، ھەققەتەن ئۇ، مىنى كۆرگەن بولىدۇ، چۈنكى، شەيتاننىڭ مېنىڭ سۈرىتىمگە كىرىۋېلىشى ھەرگىز لايىق ئەمەس، ئۇ مېنىڭ سۈرىتىمدە كۆرۈنەلمەيدۇ.ئەھمەد،بۇخارى، مۇسلىم، ئىبنى ماجەلەر توپلىغان، سەھىھ. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: كىم مىنى چۈشىدە كۆرسە، ھەققەتەن مەن ئاشۇ شۇ، شەيتان مېنىڭ سۈرىتىمگە كىرەلمەيدۇ. تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.

**5866 ـ وحدّثني أَبُو الطّاهِرِ وَ حَرْمَلَةُ. قَالاَ: أَخْبَرَنَا ابْنُ وَهْبٍ. أَخْبَرَنِي يُونُسُ عَنِ ابْنِ شِهَابٍ. حَدّثنِي أَبُو سَلَمَةَ بْنُ عَبْدِ الرّحْمَنِ أَنّ أَبَا هُرَيْرَةَ قَالَ: سَمِعْتُ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم يَقُولُ: «مَنْ رَآنِي فِي الْمَنَامِ فَسَيَرَانِي فِي الْيَقَظَةِ. أَوْ لَكَأَنّمَا رَآنِي فِي الْيَقَظَةِ. لاَ يَتَمَثّلُ الشّيْطَانُ بِي».**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: كىم مېنى چۈشىدە كۆرسە، يات يېقىندا ئۇ مېنى ئويغاق ھالەتتىمۇ كۆرىدۇ. (يەنى قىيامەتتە كۆرىدۇ، ياكى شۇ زاماندىكىلەر كۆرەتتى). شەيتان مېنىڭ سۈرىتىمدە كۆرۈنەلمەيدۇ.بۇخارى،مۇسلىم،بەيھەقى،ئەبۇ داۋۇد سەھىھ

**5867 ـ وقَالَ فقَالَ أَبُو سَلَمَةَ: قَالَ أَبُو قَتَادَةَ: قَالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: «مَنْ رَآنِي فَقَدْ رَأَى الْحَقّ».**

**5868 ـ وَحَدّثنِيهِ زُهَيْرُ بْنُ حَرْبٍ. حَدّثنَا يَعْقُوبُ بْنُ إِبْرَاهِيمَ. حَدّثنَا ابْنُ أَخِي الزّهْرِيّ. حَدّثنَا عَمّي. فَذَكَرَ الْحَدِيثَيْنِ جَمِيعاً بِإِسْنَادَيْهِمَا. سَوَاءً مِثْلَ حَدِيثِ يُونُسَ.**

ئەبۇ قەتادە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: كىم مىنى كۆرسە، ھەققەتەن ئۇ مېنى راستلا كۆرگەن بولىدۇ. چۈنكى، شەيتان مېنىڭ سۈرەت، پوسۇنىمغا كىرەلمەيدۇ.ئەھمەد، بەيھەقى، مۇسلىم، بۇخارى.

5869 – وحدّثنا قُتَيْبَةُ بْنُ سَعِيدٍ. حَدّثنا لَيْثٌ. ح وَحَدّثنا ابْنُ رُمْحٍ. أَخْبَرَنَا اللّيْثُ عَنْ أَبِي الزّبَيْرِ، عَنْ جَابِرٍ أَنّ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم قَالَ: «مَنْ رَآنِي فِي النّوْمِ فَقَدْ رَآنِي. إِنّهُ لاَ يَنْبَغِي لِلشّيْطَانِ أَنْ يَتَمَثّلَ فِي صُورَتِي». وَقَالَ: «إِذَا حَلَمَ أَحَدُكُمْ فَلاَ يُخْبِرْ أَحَداً بِتَلَعّبِ الشّيْطَانِ بِهِ فِي الْمَنَامِ».

جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم مېنى چۈشىدە كۆرسە ھەقىقەتەن ئۇ، مېنى كۆرگەن بولىدۇ، چۈنكى، شەيتاننىڭ مېنىڭ سۈرىتىمگە كىرىۋېلىشى ھەرگىز لايىق ئەمەس، ئۇ مېنىڭ سۈرىتىمدە كۆرۈنەلمەيدۇ، بىرىڭلار ئىھتىلام بولۇپ قالسا، يەنى چۈشىدە جىنسى مۇناسىۋەت قىلسا، بۇنداق شەيتاننىڭ چۈشىدىكى ئوينىشىنى كىشىلەرگە سۆزلەپ يۈرمىسۇن، مۇسلىم، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

5870 – وحدّثني مُحَمّدُ بْنُ حَاتِمٍ. حَدّثنا رَوْحٌ. حَدّثنا زَكَرِيّاءُ بْنُ إِسْحَقَ حَدّثنِي أَبُو الزّبَيْرِ أَنّه سَمِعَ جَابِرَ بْنَ عَبْدِ اللّهِ يَقُولُ: قَالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: «مَنْ رَآنِي فِي النّوْمِ فَقَدْ رَآنِي. فَإِنّهُ لاَ يَنْبَغِي لِلشّيْطَانِ أَنْ يَتَشَبّهَ بِي».

جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم مېنى چۈشىدە كۆرسە ھەقىقەتەن ئۇ، مېنى كۆرگەن بولىدۇ، چۈنكى، شەيتاننىڭ مېنىڭ سۈرىتىمگە كىرىۋېلىشى ھەرگىز لايىق ئەمەس، ئۇ مېنىڭ سۈرىتىمدە كۆرۈنەلمەيدۇ،ئەھمەد، مۇسلىم، ئىبنى ماجەلەر توپلىغان، سەھىھ.

### 1048 – باب لا يخبر بتلعب الشيطان به في المنام

5871 – حدّثنا قُتَيْبَةُ بْنُ سَعِيدٍ. حَدّثنا لَيْثٌ. ح وَحَدّثنا ابْنُ رُمْحٍ. أَخْبَرَنَا اللّيْثُ عَنْ أَبِي الزّبَيْرِ، عَنْ جَابِرٍ، عَنْ رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم أَنّهُ قَالَ لأَعْرَابِيَ جَاءَهُ فَقَالَ: إِنّي حَلَمْتُ أَنّ رَأْسِي قُطِعَ. فَأَنَا أَتّبِعُهُ. فَزَجَرَهُ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم وَقَالَ: «لاَ تُخْبِرْ بِتَلَعّبِ الشّيْطَانِ بِكَ فِي الْمَنَامِ».

5872 – وحدّثنا عُثْمَانُ بْنُ أَبِي شَيْبَةَ. حَدّثنا جَرِيرٌ عَنِ الأَعْمَشِ، عَنْ أَبِي سُفْيَانَ، عَنْ جَابِرٍ. قَالَ: جَاءَ أَعْرَابِيّ إِلَى النّبِيّ صلى الله عليه وسلم فَقَالَ: يَا رَسُولَ اللّهِ رَأَيْتُ فِي الْمَنَامِ كَأَنّ رَأْسِي ضُرِبَ فَتَدَحْرَجَ فَاشْتَدَدْتُ عَلَىَ أَثَرِهِ. فَقَالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم لِلأَعْرَابِيّ: «لاَ تُحَدّثِ النّاسَ بِتَلَعّبِ الشّيْطَانِ بِكَ فِي مَنَامِكَ». وَقَالَ: سَمِعْتُ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم بَعْدُ، يَخْطُبُ فَقَالَ: «لاَ يُحَدّثَنّ أَحَدُكُمْ بِتَلَعّبِ الشّيْطَانِ بِهِ فِي مَنَامِهِ».

جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : شەيتان بىرىڭلار بىلەن چۈشىدە ئوينىسا، يەنى ئىھتىلام بولۇپ قالسا، بۇ چۈشنى كىشىلەرگە سۆزلەپ يۈرمىسۇن، مۇسلىم، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

5873 – وحدّثنا أَبُو بَكْرِ بْنُ أَبِي شَيْبَةَ وَ أَبُو سَعِيدٍ الأَشَجّ. قَالاَ: حَدّثنا وَكِيعٌ عَنِ الأَعْمَشِ، عَنْ أَبِي سُفْيَانَ، عَنْ جَابِرٍ. قَالَ: جَاءَ رَجُلٌ إِلَى النّبِيّ صلى الله عليه وسلم فَقَالَ: يَا رَسُولَ اللّهِ رَأَيْتُ فِي الْمَنَامِ كَأَنّ رَأْسِي قُطِعَ. قَالَ: فَضَحِكَ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم وَقَالَ: «إِذَا لَعِبَ الشّيْطَانُ بِأَحَدِكُمْ فِي مَنَامِهِ، فَلاَ يُحَدّثْ بِهِ النّاسَ». وَفِي رِوَايَةِ أَبِي بَكْرٍ: «إِذَا لُعِبَ بِأَحَدِكُمْ» وَلَمْ يَذْكُرِ الشّيْطَانَ.

جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، ئۇ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم نىڭ قېشىغا كېلىپ؛ مەن چۈشۈمدە بېشىم كېسىلىپ كۆرۈپتىمەن دېگەندە، رەسۇلۇللاھ كۈلۈپ كېتىپ مۇنداق دېگەن: شەيتان بىرىڭلار بىلەن چۈشىدە ئوينىسا، بۇ چۈشنى كىشىلەرگە سۆزلەپ يۈرمىسۇن.مۇسلىم، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

### 1049 – باب في تأويل الرؤيا

5874 – حدّثنا حَاجِبُ بْنُ الْوَلِيدِ. حَدّثنا مُحَمّدُ بْنُ حَرْبٍ عَنِ الزّبَيْدِيّ. أَخْبَرَنِي الزّهْرِيّ عَنْ عُبَيْدِ اللّهِ بْنِ عَبْدِ اللّهِ أَنّ ابْنَ عَبّاسٍ أَوْ أَبَا هُرَيْرَةَ كَانَ يُحَدّثُ أَنّ رَجُلاً أَتَى رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم. ح وَحَدّثنِي حَرْمَلَةُ بْنُ يَحْيَى التّجِيبِيّ (وَاللّفْظُ لَهُ). أَخْبَرَنَا ابْنُ وَهْبٍ. أَخْبَرَنِي يُونُسُ عَنِ ابْنِ شِهَابٍ أَنّ عُبَيْدَ اللّهِ بْنَ عَبْدِ اللّهِ بْنِ عُتْبَةَ أَخْبَرَهُ أَنّ ابْنَ عَبّاسٍ كَانَ يُحَدّثُ أَنّ رَجُلاً أَتَى رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم فَقَالَ: يَا رَسُولَ اللّهِ إِنّي أَرَى اللّيْلَةَ فِي الْمَنَامِ ظُلّةً تَنْطِفُ السّمْنَ وَالْعَسَلَ. فَأَرَى النّاسَ يَتَكَفّفُونَ مِنْهَا بِأَيْدِيهِمْ. فَالْمُسْتَكْثِرُ وَالْمُسْتَقِلّ. وَأَرَى سَبَباً وَاصِلاً مِنَ السّمَاءِ إِلَى الأَرْضِ. فَأَرَاكَ أَخَذْتَ بِهِ فَعَلَوْتَ. ثُمّ أَخَذَ بِهِ رَجُلٌ مِنْ بَعْدِكَ فَعَلاَ. ثُمّ أَخَذَ بِهِ رَجُلٌ آخَرُ فَعَلاَ. ثُمّ أَخَذَ بِهِ رَجُلٌ آخَرُ فَانْقَطَعَ بِهِ. ثُمّ وُصِلَ لَهُ فَعَلاَ.

قالَ أَبُو بَكْرٍ: يَا رَسُولَ اللَّهِ بِأَبِي أَنْتَ وأُمِّي. وَاللَّهِ لَتَدَعَنِّي فلأَعْبُرَنَّهَا. قالَ رَسُولُ اللَّهِ صلى الله عليه وسلم: «اعْبُرْهَا». قالَ أَبُو بَكْرٍ: أَمَّا الظلَّةُ فظلَّةُ الإِسْلاَمِ. وَأَمَّا الّذِي يُنْطِفُ مِنَ السّمْنِ وَالعَسَلِ فالْقُرْآنُ. حَلاَوَتُهُ وَلِينُهُ. وَأَمّا مَا يَتَكَفَفُ النّاسُ مِنْ ذَلِكَ فالْمُسْتَكْثِرُ مِنَ الْقُرْآنِ وَالْمُسْتَقِلّ. وَأَمّا السّبَبُ الْوَاصِلُ مِنَ السّمَاءِ إِلى الأرْضِ فالْحَقّ الّذِي أَنْتَ عَلَيْهِ. تَأْخُذُ بِهِ فَيُعْلِيكَ اللّهُ بِهِ. ثُمّ يَأْخُذُ بِهِ رَجُلٌ مِنْ بَعْدِكَ فَيَعْلُو بِهِ. ثُمّ يَأْخُذُ بِهِ رَجُلٌ آخَرُ فَيَعْلُو بِهِ. ثُمّ يَأْخُذُ بِهِ رَجُلٌ آخَرُ فَيَنْقَطِعُ بِهِ ثُمّ يُوصَلُ لَهُ فَيَعْلُو بِهِ. فَأَخْبِرْنِي، يَا رَسُولَ اللّهِ بِأَبِي أَنْتَ أَصَبْتُ أَمْ أَخْطَأْتُ؟ قالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: «أَصَبْتَ بَعْضاً وَأَخْطَأْتَ بَعْضاً» قالَ: فَوَاللّهِ يَا رَسُولَ اللّهِ لَتُحَدّثَنّي مَا الّذِي أَخْطَأْتُ؟ قالَ: «لاَ تُقْسِمْ».

5875 ـ وحدّثناه ابْنُ أَبِي عُمَرَ. حَدّثَنَا سُفْيَانُ عَنِ الزّهْرِيّ، عَنْ عُبَيْدِ اللّهِ بْنِ عَبْدِ اللّهِ، عَنِ ابْنِ عَبّاسٍ، قالَ: جَاءَ رَجُلٌ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم مُنْصَرَفَهُ مِنْ أُحُدٍ. فقالَ: يَا رَسُولَ اللّهِ إِنّي رَأَيْتُ هَذِهِ اللّيْلَةَ فِي الْمَنَامِ ظلّةً تَنْطِفُ السّمْنَ وَالْعَسَلَ. بِمَعْنَى حَدِيثِ يُونُسَ.

5876 ـ وحدّثنا مُحَمّدُ بْنُ رَافِعٍ. حَدّثَنَا عَبْدُ الرّزّاقِ. أَخْبَرَنَا مَعْمَرٌ عَنِ الزّهْرِيّ، عَنْ عُبَيْدِ اللّهِ بْنِ عَبْدِ اللّهِ بْنِ عُتْبَةَ، عَنِ ابْنِ عَبّاسٍ أَوْ أَبِي هُرَيْرَةَ. قالَ عَبْدُ الرّزّاقِ: كَانَ مَعْمَرٌ أَحْيَاناً يَقُولُ: عَنِ ا بْنِ عَبّاسٍ. وَأَحْيَاناً يَقُولُ: عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ أَنّ رَجُلاً أَتَى رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم فقالَ: إِنّي أَرَى اللّيْلَةَ ظلّةً. بِمَعْنَى حَدِيثِهِمْ.

5877 ـ وحدّثنا عَبْدُ اللّهِ بْنُ عَبْدِ الرّحْمَنِ الدّارِمِيّ. حَدّثَنَا مُحَمّدُ بْنُ كَثِيرٍ. حَدّثَنَا سُلَيْمَانُ، وَهُوَ ابْنُ كَثِيرٍ، عَنِ الزّهْرِيّ، عَنْ عُبَيْدِ اللّهِ بْنِ عَبْدِ اللّهِ، عَنِ ابْنِ عَبّاسٍ أَنّ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم كَانَ مِمّا يَقُولُ لأَصْحَابِهِ: «مَنْ رَأَى مِنْكُمْ رُؤْيَا فَلْيَقُصّهَا أَعْبُرْهَا لَهُ» قالَ: فَجَاءَ رَجُلٌ فقالَ: يَا رَسُولَ اللّهِ رَأَيْتُ ظلّةً. بِنَحْوِ حَدِيثِهِمْ.

ئەبۇھۇرەيرە، ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇھۇد ئۇرۇشىدىن قايتقاندا بىركىشى كېلىپ: ئى **الله** نىڭ ئەلچىسى! مەن چۈشۈمدە بۇلۇتنى كۆردۈم، بۇلۇت ياغ بىلەن ھەسەل ياغدۇردى، كىشىلەر ئۇنى ئالقانلاپ ئالدى، بەزىلەر كۆپ، بەزىلەر ئاز ئالدى، مەن يەنە ئاسمانغا تۇتاشقان ئارغامچىنى كۆردۈم، سىلى ئۇنىڭغا ئېسىلىپ يۇقىرغا ئۆرلىدىلە، ئاندىن سىلىدىن كېيىن بىركىشى ئۇنىڭغا ئېسىلىپ يۇقىرغا ئۆرلىدى، ئاندىن ئۇنىڭدىن كېيىن يەنەبىركىشىمۇ يۇقىرغا ئۆرلىدى، ئاندىن يەنەبىركىشى ئالدى، ئارغامچا ئۈزۈلۈپ كېتىپ، ئاندىن يەنە ئۇلاندى دە، ئۇمۇ يۇقىرغا ئۆرلىدى، دېدى. ئەبۇبەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:ئى **الله** نىڭ ئەلچىسى! بۇچۈشكە مېنى تەبىر بەرگىلى قويسىلا دېدى، رەسۇلۇللاھ:بۇلىدۇ قېنى تەبىر بېرىپ باققىن دېدى، ئۇ: بۇلۇت ئىسلامدۇر، ئۇنىڭدىن ياغقان ھەسەل بىلەن ياغ قۇرئان ۋە ئۇنىڭ تاتلىق، شىرىن لەززىتىدۇر، كىشىلەرنىڭ ئالقانلاپ ئېلىشى، قۇرئاندىن كۆپ يادا ئالغان ۋە ئاز يادا ئالغانلاردۇر، ئاسمانغا تۇتاشقان ئارغامچا سىلى تۇتۇپ مېڭىۋاتقان ھەق ھەقىقەتتۇر، ئاندىن سىلىدىن كېيىن بىركىشى ئۇنىڭغا ئېسىلىپ(يەنى خەلىپە بولۇپ)ھەق بىلەن يۇقىرغا يۈكسىلىدۇ، ئاندىن يەنەبىركىشى، ئاندىن يەنەبىركىشى شۇنداق قىلىدۇ، كېيىنكىسىنىڭ ئارغامچىسى ئۈزۈلۈپ قېلىپ ئاندىن يەنە ئۇلۇنۇپ يۇقىرغا يۈكسىلىدۇ،دېدى. رەسۇلۇللاھ: بۇچۈشنىڭ بەزى يېرىگە توغرا تەبىر بەردىڭ، بەزى يېرىگە خاتا تەبىر بەردىڭ، دېدى.ئەبۇبەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: ئى **الله** نىڭ ئەلچىسى! مەن سىلىگە **الله** بىلەن قەسەم قىلايكى، (يەنى **الله** نىڭ نامى بىلەن سورايكى) مېنىڭ خاتا كەتكەن يەرلىرىمنى ۋە توغرا تەبىر بەرگەن تەرەپلىرىمنى ماڭا خەۋەر قىلىپ بەرسىلە دېدى،

رەسۇلۇللاھ:ئى ئەبۇبەكرى قەسەم قىلمىغىن دەپ(دەپ بەرمىدى).ئۇلار ئەبۇبەكرى، ئۆمەر، ئوسمان رەزىيەللاھۇ

ئەنھۇملار ئىدى.ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ شېھىد بولاتتى.

## 1050 - باب رؤيا النّبيّ صلى الله عليه وسلم رەسۇلۇللاھ نىڭ چۈشلىرى

**5878 ـ حدّثنا عَبْدُ اللّهِ بْنُ مَسْلَمَةَ بْنِ قَعْنَبٍ. حَدّثَنَا حَمّادُ بْنُ سَلَمَةَ عَنْ ثابتٍ الْبُنَانِيّ، عَنْ أَنَسِ بْنِ مَالِكٍ. قَالَ: قَالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: «رَأَيْتُ ذَاتَ لَيْلَةٍ، فِيمَا يَرَى النّائِمُ، كَأَنّا فِي دَارِ عُقْبَةَ بْنِ رَافِعٍ. فَأُتِينَا بِرُطَبٍ مِنْ رُطَبِ ابْنِ طَابٍ. فَأَوّلْتُ الرّفْعَةَ لَنَا فِي الدّنْيَا وَالْعَاقِبَةَ فِي الآخِرَةِ. وَأَنّ دِينَنَا قَدْ طَابَ».**

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مەن چۈشۈمدە گويىاكى مەن بۈگۈن كېچە ئۇقبەت ئىبنى رابىئنىڭ ھويلىسىدا تۇرىمەن،بىزگە ئىبنى تابەنىڭ خورمىلىرىدىن خورما كەلتۈرۈلدى، بۇ چۈشۈمگە مۇنداق تەبىر بەردىم، ھەقىقەتەن بىز ئۈچۈن بۇ دۇنيادا يۇقىرى كۆتۈرۈلۈش، يۈكسەكلىك بولىدىكەن، ئاخىرەتتىكى ياخشى ئاقىۋەت بىز ئۈچۈن بولىدىكەن، ھەقىقەتەن دىنىمىز پاك ـ پاكىز بولۇپتۇ، ئەھمەد، مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ، يۈكسەكلىك رابىئدىن، ئاقىبەت ئۇقبەتتىن، پاكلىق تابەتدىن ئېلىنغان.

**5879 ـ وحدّثنا نَصْرُ بْنُ عَلِيَ الْجَهْضَمِيّ. أَخْبَرَنِي أَبِي. حَدّثَنَا صَخْرُ بْنُ جُوَيْرِيَةَ عَنْ نَافِعٍ أَنّ عَبْدَ اللّهِ بْنَ عُمَرَ حَدّثَهُ أَنّ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم قَالَ: «أَرَانِي فِي الْمَنَامِ أَتَسَوّكُ بِسِوَاكٍ. فَجَذَبَنِي رَجُلاَنِ. أَحَدُهُمَا أَكْبَرُ مِنَ الآخَرِ. فَنَاوَلْتُ السّوَاكَ الأَصْغَرَ مِنْهُمَا. فَقِيلَ لِي: كَبّرْ. فَدَفَعْتُهُ إِلَى الأَكْبَرِ».**

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:، مەن بۈگۈن ئويقۇمدا، مىسۋاك سىيلىپ چۈش كۆرۈپتىمەن، ماڭا بىرسى چوڭ، بىرى كىچىك ئىككى ئەر كەلدى، مەن مىسۋاكنى كىچىكىگە سۇنۇپ بەرسەم، ماڭا؛ چوڭىغا بەرگىن دېيىلدى، مەن مىسۋاكنى چوڭىراقىغا بەردىم، بەيھەقى ، بۇخارى،مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.

**5880 ـ حدّثنا أَبُو عَامِرٍ، عَبْدُ اللّهِ بْنُ بَرّادٍ الأَشْعَرِيّ وَ أَبُو كُرَيْبٍ، مُحَمّدُ بْنُ الْعَلاَءِ (وَتَقَارَبَا فِي اللّفْظِ). قَالاَ: حَدّثَنَا أَبُو أُسَامَةَ عَنْ بُرَيْدٍ، عَنْ أَبِي بُرْدَةَ، جَدّهِ، عَنْ أَبِي مُوسَىَ، عَنِ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم قَالَ: «رَأَيْتُ فِي الْمَنَامِ أَنّي أُهَاجِرُ مِنْ مَكّةَ إِلَىَ أَرْضٍ بِهَا نَخْلٌ. فَذَهَبَ وَهَلِي إِلَىَ أَنّهَا الْيَمَامَةُ أَوْ هَجَرُ. فَإِذَا هِيَ الْمَدِينَةُ يَثْرِبُ. وَرَأَيْتُ فِي رُؤْيَايَ هَذِهِ أَنّي هَزَزْتُ سَيْفاً. فَانْقَطَعَ صَدْرُهُ. فَإِذَا هُوَ مَا أُصِيبَ مِنَ الْمُؤْمِنِينَ يَوْمَ أُحُدٍ. ثُمّ هَزَزْتُهُ أُخْرَىَ فَعَادَ أَحْسَنَ مَا كَانَ. فَإِذَا هُوَ مَا جَاءَ اللّهُ بِهِ مِنَ الْفَتْحِ وَاجْتِمَاعِ الْمُؤْمِنِينَ. وَرَأَيْتُ فِيهَا أَيْضاً بَقَراً، وَاللّهُ خَيْرٌ. فَإِذَا هُمُ النّفَرُ مِنَ الْمُؤْمِنِينَ يَوْمَ أُحُدٍ. وَإِذَا الْخَيْرُ مَا جَاءَ اللّهُ بِهِ مِنَ الْخَيْرِ بَعْدُ، وَثَوَابُ الصّدْقِ الّذِي آتَانَا اللّهُ بَعْدُ، يَوْمَ بَدْرٍ».**

ئەبۇ مۇسا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مەن چۈشۈمدە مەككىدىن خورمىلىق بىر زېمىنغا ھىجرەت قىلىپ چۈش كۆرۈپتىمەن، گۇمانىم ئۇ زېمىن يەمامە ياكى ھەجەرمىكى دېگەنگە بارد ى، ناگاھان ئۇ يەسرىب دېيىلىدىغان مەدىنە ئىكەن، مەن يەنە مۇشۇ چۈشۈمدە قىلىچنى چېپىپ، شىلتىپ كۆرۈپتىمەن، قىلىچنىڭ باش تەرىپى سۇنۇپ كەتتى، ناگاھان ئۇ مۆئمىنلەرگە ئوھۇد كۈنى يەتكەن مۇسىبەت ئىكەن، ئاندىن يەنە بىر قېتىم چاپتىم، شىلتىدىم، قىلىچ بۇرۇنقىدىن ياخشىراق ھالەتكە قايتتى، مانا بۇ، ئاللاھتائالا بىزگە ئاتا قىلغان غەلىبە، مەككىنى ئىشغال قىلىش، مۆئمىنلەرنىڭ توپلىنىشى، يىغىلىشى ئىكەن، مەن بۇ چۈشۈمدە كالىنى كۆردۈم، ئاللاھ بىلەن

قەسەمكى، بۇ ياخشىلىقتۇر، ناگاھان ئۇ ئوھۇد كۈنىدىكى مۆئمىنلەردىن بىر نەچچە نەپەر كىشىلەر ئىكەن، ناگاھان ياخشىلىق بولسا، ئاللاھتائالا بىزگە كەلتۈرۈپ بەرگەن ياخشىلىقلار ئىكەن، بەدرى كۈنىدىن كېيىنكى ئاللاھ بىزگە ئاتا قىلغان راستچىل ساۋاب ئىكەن، ئەجىرىمىز ئىكەن، بۇخارى،مۇسلىم،بەيھەقى، ئىبنى ماجە سەھىھ.

**5881 – حدّثني مُحَمّدُ بْنُ سَهْلٍ التّمِيمِيّ. حَدّثنَا أبُو الْيَمَانِ. أخْبَرَنَا شُعَيْبٌ عَنْ عَبْدِ اللّهِ بْنِ أبي حُسَيْنٍ. حَدّثنَا نَافِعُ بْنُ جُبَيْرٍ عَنِ ابْنِ عَبّاسٍ. قالَ: قدِمَ مُسَيْلِمَةُ الْكَذّابُ عَلَى عَهْدِ النّبيّ صلى الله عليه وسلم، الْمَدِينَةَ. فَجَعَلَ يَقُولُ: إنْ جَعَلَ لِي مُحَمّدٌ الأمْرَ مِنْ بَعْدِهِ تَبِعْتُهُ. فقدِمَهَا فِي بَشَرٍ كَثِيرٍ مِنْ قوْمِهِ. فأقْبَلَ إلَيْهِ النّبيّ صلى الله عليه وسلم وَمَعَهُ ثَابتُ بْنُ قيْسِ بْنِ شَمّاسٍ. وَفِي يَدِ النّبيّ صلى الله عليه وسلم قِطْعَةُ جَرِيدَةٍ. حَتّى وَقفَ عَلَى مُسَيْلِمَةَ فِي أصْحَابِهِ. قالَ: «لَوْ سَألْتَنِي هَذِهِ الْقِطْعَةَ مَا أعْطَيْتُكَهَا. وَلَنْ أتَعَدّى أمْرَ اللّهِ فِيكَ. وَلَئِنْ أدْبَرْتَ لَيَعْقِرَنّكَ اللّهُ. وَإنّي لأرَاكَ الّذِي أُرِيتُ فِيكَ مَا أُرِيتُ. وَهَذَا ثَابتٌ يُجِيبُكَ عَنّي». ثُمّ انْصَرَفَ عَنْهُ.**

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم نىڭ زامانىسىدا، كاززاپ مۇسەيلەمە ئۆز قەۋمىدىن نۇرغۇن كىشلەر بىلەن بىللە مەدىنىگە كىلىپ: ئەگەر مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللە م بۇئىشنى(يەنى پەيغەمبەرلىكنى، باشلىق بولۇشنى)ئۆزىدىن كېيىن ماڭا تاپشۇرۇپ مىنىڭ قىلىپ بەرسە، مەن ئۇنىڭغا ئەگىشىمەن دىدى. ئاندىن رەسۇلۇﷲ قولىدا خورما تايىقىنىڭ سۇنۇق پارچىسىنى تۇتقان ھالدا سابىت ئىبنى شەماس بىلەن بىللە ئۇنىڭ قېشىغا كىلىپ توختاپ: ئەگەر سەن مەندىن مۇشۇ تاياقنىڭ سۇنۇقىنى سورساڭمۇ، مۇشىنچىلىك نەرسىنىمۇ مەن ساڭا ھەرگىز بەرمەيمەن، ﷲ تائالانىڭ سەن توغرىسىدىكى ئەمرىدىن تاجاۋۇز قىلىپ ئاشالمايمەن، (يەنى ﷲ نىڭ ئەمرىنى بۇزالمايمەن)ئەگەر سەن مەندىن كېيىن ھايات ياشاپ قالساڭ، چوقۇم ﷲ سىنى ھالاك قىلىپ ئۆلتۈرىۋېتىدۇ، مەن سىنى چۈشۈمدە كۆرگەن كىشى شۇ دەپ قارايمەن، ساڭا ماۋۇ سابىت مىنىڭ ئورنۇمدا جاۋاپ بەرسۇن دەپ، قايتىپ كەتتى.چۈش تۈۋەندە سۆزلەندى.

**5882 ـ فقالَ ابْنُ عَبّاسٍ: فَسَألْتُ عَنْ قوْلِ النّبيّ صلى الله عليه وسلم: «إنّكَ أرَى الّذِي أُرِيتُ فِيكَ مَا أُرِيتُ» فَأخْبَرَنِي أبُو هُرَيْرَةَ أنّ النّبيّ صلى الله عليه وسلم قالَ: «بَيْنَا أنَا نَائِمٌ رَأيْتُ فِي يَدَيّ سِوَارَيْنِ مِنْ ذَهَبٍ. فَأهَمّنِي شَأنُهُمَا. فَأُوحِيَ إلَيّ فِي الْمَنَامِ أنِ انْفُخْهُمَا. فَنَفَخْتُهُمَا فَطَارَا. فَأوّلْتُهُمَا كَذّابَيْنِ يَخْرُجَانِ بَعْدِي. فَكَانَ أحَدُهُمَا الأسْوَدُ الْعَنْسِيّ، صَاحِبَ صَنْعَاءَ. وَالآخَرُ مُسَيْلِمَةَ، صَاحِبَ الْيَمَامَةِ».**

ئەبۇ ھۇرەيرە، ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: بىر چاغدا مەن ئۇخلاۋېتىپ، چۈشۈمدە قولۇمدا ئىككى دانە ئالتۇن بىلەيزۈكنى كۆردۈم، بۇ ئىككىسىنىڭ ئىشى مېنى غەمگە سالدى، چۈشۈمدە ماڭا ئۇ ئىككىسىنى پۈۋلىگىن دەپ ۋەھى قىلىندى، مەن ئۇ ئىككىسىنى پۈۋلىسەم، ئۇلار ئۇچۇپ يوقاپ كەتتى، مەن بۇ ئىككى بىلەيزۈكنى مەندىن كېيىن چىقىدىغان ئىككى كاززاپ دەپ چۈشەندىم، بىرسى سەنئالىق قاراتەنلىك ئەنسىي يەنە بىرسى يەمامەلىك مۇسەيلىمە كاززاپتۇر، (بۇلار ئۆلتۈرۈلگەن، مۇسەيلەمەتنى ۋەھشى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۆلتۈرگەن) بۇخارى، نەسەئى، ئىبنى ماجە، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.

**5883 ـ وحدّثنا مُحَمّدُ بْنُ رَافِعٍ. حَدّثَنَا عَبْدُ الرّزّاقِ. أَخْبَرَنَا مَعْمَرٌ عَنْ هَمّامِ بْنِ مُنَبّهٍ. قَالَ: هَـَذَا مَا حَدّثَنَا  أَبُو هُرَيْرَةَ عَنْ رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم. فَذَكَرَ أَحَادِيثَ مِنْهَا: وَقَالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: «بَيْنَا أَنَا نَائِمٌ أُوتِيتُ خَزَائِنَ الأَرْضِ. فَوَضَعَ فِي يَدَيّ أُسْوَارَيْنِ مِنْ ذَهَبٍ. فَكَبُرَا عَلَيّ وَأَهَمّانِي. فَأُوحِيَ إِلَيّ أَنِ انْفُخْهُمَا. فَنَفَخْتُهُمَا فَذَهَبَا. فَأَوّلْتُهُمَا الْكَذّابَيْنِ اللّذَيْنِ أَنَا بَيْنَهُمَا: صَاحِبَ صَنْعَاءَ، وَصَاحِبَ الْيَمَامَةِ».**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مەن ئۇخلاۋاتسام، چۈشۈمدە ماڭا زېمىننىڭ خەزىنىلىرى بېرىلدى، قولۇمغا ئالتۇن بىلەيزۈكتىن ئىككىسى قويۇلدى، بۇ ئىككى ئالتۇن بىلەيزۈك ماڭا ناھايىتى چوڭ كۆرۈنۈپ، مېنى غەم قىلدۇردى، ئاللاھتائالا ماڭا، ئۇ ئىككىسىنى پۈۋدىگىن دەپ ۋەھىي قىلدى، مەن ئۇ ئىككىسىنى پۈۋدىسەم، ئۇلار ئۇچۇپ، يوقاپ كەتتى، مەن ئۇ ئىككى بىلەيزۈكنى ، مەن ئارىسىدا تۇرۇۋاتقان بولساممۇ، پەيغەمبەرلىك داۋاسى قىلدىغان ئىككى كاززاپ دەپ چۈشەندىم، چۈشۈمگە شۇنداق تەبىر بەردىم، بىرىسى سەنئا ئىگىسى يەنە بىر ى يەمامە ئىگىسى، (يەنى سەنئالىق ئەرىيسى بىلەن يەمامەلىك مۇسەيلەمەت كاززاپلار ئىدى)بۇخارى،مۇسلىم، ئەھمەد، بەيھەقى ، سەھىھ.

**5884 ـ حدّثنا مُحَمّدُ بْنُ بَشّارٍ. حَدّثَنَا وَهْبُ بْنُ جَرِيرٍ. حَدّثَنَا أَبِي عَنْ أَبِي رَجَاءٍ الْعُطَارِدِيّ، عَنْ سَمُرَةَ بْنِ جُنْدَبٍ. قَالَ: كَانَ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم إِذَا صَلّى الصّبْحَ أَقْبَلَ عَلَيْهِمْ بِوَجْهِهِ. فَقَالَ: «هَلْ رَأَى أَحَدٌ مِنْكُمُ الْبَارِحَةَ رُؤْيَا؟».**

سۇمرەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ناماز ئۇقۇپ بولسا، بىرگە ئالدىنى قىلىپ؛ سىلەردىن بىرەر كىشى بۈگۈن كېچە چۈش كۆردىمۇ؟ دەپ سورايتتى، ئەگەر بىرەر كىشى چۈش كۆرسە، ئۇنى رەسۇلۇللاھقا سۆزلەپ بېرەتتى، ئاندىن رەسۇلۇللاھ ئۇ چۈشنىڭ تەبىرىنى الله خالىغان ئىلىملەر بىلەن دەپ بېرەتتى،.....

## 45 ـ كتـاب الفضائل      پەزىلەتلەر ۋە قىسقىچە تەرجىمھالىنىڭ كىتابى

### *1051 ـ باب فضل نسب النبيّ صلى الله عليه وسلم، وتسليم الحجر عليه قبل النبوّة*

### رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ نەسەبىنىڭ پەزىلىتى توغرىسىدا

**5885 ـ حدّثنا مُحَمّدُ بْنُ مِهْرَانَ الرّازِيّ وَ مُحَمّدُ بْنُ عَبْدِ الرّحْمَـَنِ بْنِ سَهْمٍ، جَمِيعاً عَنِ الْوَلِيدِ. قَالَ ابْنُ مِهْرَانَ: حَدّثَنَا الْوَلِيدُ بْنُ مُسْلِمٍ. حَدّثَنَا الأَوْزَاعِيّ عَنْ أَبِي عَمّارٍ، شَدّادٍ أَنّهُ سَمِعَ  وَاثِلَةَ بْنَ الأَسْقَعِ يَقُولُ: سَمِعْتُ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم يَقُولُ: «إِنّ اللّهَ اصْطَفَىَ كِنَانَةَ مِنْ وَلَدِ إِسْمَاعِيلَ. وَاصْطَفَىَ قُرَيْشاً مِنْ كِنَانَةَ. وَاصْطَفَىَ مِنْ قُرَيْشٍ بَنِي هَاشِمٍ. وَاصْطَفَانِي مِنْ بَنِي هَاشِمٍ»**

ۋاسىلەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن ئاللاھتائالا كەنانە قەبىلىسىنى ئىسمائىلنىڭ باللىرىدىن تاللىدى، قۇرەيشنى كەنانەدىن تاللىدى، قۇرەيشلەردىن ھاشىم جەمەتىنى تاللىدى، ھاشىم جەمەتىدىن مېنى تاللىدى، مۇسلىم، تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.

**5886 ـ وحدّثنا أَبُو بَكْرِ بْنُ أَبِي شَيْبَةَ. حَدّثَنَا يَحْيَىَ بْنُ أَبِي بُكَيْرٍ عَنْ إِبْرَاهِيمَ بْنِ طَهْمَانَ. حَدّثَنِي سِمَاكُ بْنُ حَرْبٍ عَنْ جَابِرِ بْنِ سَمُرَةَ. قَالَ: قَالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: «إِنّي لأَعْرِفُ حَجَراً بِمَكّةَ كَانَ يُسَلّمُ عَلَيّ قَبْلَ أَنْ أُبْعَثَ. إِنّي لأَعْرِفُهُ الآنَ».**

جابىر ئىبنى سۇمرەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: مەن ھەققەتەن مەككىدىكى بىر تاشنى ئوبدان تونۇيمەن، ئۇ تاش مەن پەيغەمبەر قىلىنىپ ئەۋەتىلىشىمدىن بۇرۇنمۇ ماڭا سالام قىلاتتى، مەن ئۇتاشنى ھازىرمۇ تۇنىيالايمەن.ئەھمەد، مۇسلىم، تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.

## 1052 ـ باب تفضيل نبينا صلى الله عليه وسلم على جميع الخلائق

**5887 ـ حدّثني الْحَكَمُ بْنُ مُوسَىَ، أَبُو صَالِحٍ. حَدّثنَا هِقْلٌ (يَعْنِي ابْنَ زِيَادٍ) عَنِ الأَوزَاعِيّ. حَدّثنِي أَبُو عَمّارٍ. حَدّثنِي عَبْدُ اللّهِ بْنُ فَرّوخَ. حَدّثنِي أَبُو هُرَيْرَةَ قَالَ: قَالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: «أَنَا سَيّدُ وَلَدِ آدَمَ يَوْمَ الْقِيَامَةِ. وَأَوّلُ مَنْ يَنْشَقّ عَنْهُ الْقَبْرُ. وَأَوّلُ شَافِعٍ وَأَوّلُ مُشَفّعٍ».**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن،رەسۇلۇللاھ مۇنداق دىگەن:مەن قىيامەت كۈنى ئادەم بالىسىنىڭ سەييىدى، خوجىسى، مەن قەبرىسى يېرىلىپ چىقىدىغان كىشىنىڭ تۇنجىسى، تۇنجى شاپائەت قىلغۇچى،تۇنجى بولۇپ، شاپائىتى قوبۇل بولىدىغان، شاپائەت ھوقۇقى بېرىلگەن كىشى بولىمەن،مۇسلىم،ئەبۇ داۋۇد توپلىغان سەھىھ

## 1053 ـ باب في معجزات النبيّ صلى الله عليه وسلم پەيغەمبەرلىكنىڭ ئالامەتلىرى بولغان مۆجىزلەر توغرىسىدا

**5888 ـ وحدّثني أَبُو الرّبِيعِ، سُلَيْمَانُ بْنُ دَاوُدَ الْعَتَكِيّ. حَدّثنَا حَمّادٌ (يَعْنِي ابْنَ زَيْدٍ). حَدّثنَا ثَابِتٌ عَنْ أَنَسٍ أَنّ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم دَعَا بِمَاءٍ فَأُتِيَ بِقَدَحٍ رَحْرَاحٍ. فَجَعَلَ الْقَوْمُ يَتَوَضّأُونَ. فَحَزَرْتُ مَا بَيْنَ السّتّينَ إِلَى الثّمَانِينَ. قَالَ: فَجَعَلْتُ أَنْظُرُ إِلَى الْمَاءِ يَنْبُعُ مِنْ بَيْنِ أَصَابِعِهِ.**

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم زەۋرائ دىگەن جايدىكى چاغدا بىرقاچا كەلتۈرۈلدى، رەسۇلۇللاھ قولىنى قاچىنىڭ ئىچىگە قويۇۋىدى، بارماقلىرىنىڭ ئارىسىدىن خۇددى بۇلاقتەك سۇ ئېتىپ چىقىشقا باشلىدى، كىشلەر ئۇنىڭدىن تاھارەت ئالدى، قەتادە ئەنەسكە؛ سىلەر قانچە كىشى ئىدىڭلار؟ دېدى ، ئۇ؛ 300 ياكى تەخمىنەن 300چە يەنەبىردە 60 ـ تىن 80گىچە كىشى ئىدۇق دېدى. بۇخارى،مۇسلىم.

**5889 ـ وحدّثني إِسْحَقُ بْنُ مُوسَى الأَنْصَارِيّ. حَدّثنَا مَعْنٌ. حَدّثنَا مَالِكٌ. ح وَحَدّثنِي أَبُو الطّاهِرِ. أَخْبَرَنَا ابْنُ وَهْبٍ عَنْ مَالِكِ بْنِ أَنَسٍ، عَنْ إِسْحَقَ بْنِ عَبْدِ اللّهِ بْنِ أَبِي طَلْحَةَ، عَنْ أَنَسِ بْنِ مَالِكٍ أَنّهُ قَالَ: رَأَيْتُ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم، وَحَانَتْ صَلاَةُ الْعَصْرِ، فَالْتَمَسَ النّاسُ الْوَضُوءَ فَلَمْ يَجِدُوهُ. فَأُتِيَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم بِوَضُوءٍ. فَوَضَعَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم فِي ذَلِكَ الإِنَاءِ يَدَهُ. وَأَمَرَ النّاسَ أَنْ يَتَوَضّأُوا مِنْهُ. قَالَ: فَرَأَيْتُ الْمَاءَ يَنْبُعُ مِنْ تَحْتِ أَصَابِعِهِ. فَتَوَضّأَ النّاسُ حَتّى تَوَضّأُوا مِنْ عِنْدِ آخِرِهِمْ.**

**5890 ـ حدّثني أَبُو غَسّانَ الْمِسْمَعِيّ. حَدّثنَا مُعَاذٌ (يَعْنِي ابْنَ هِشَامٍ). حَدّثنِي أَبِي عَنْ قَتَادَةَ. حَدّثنَا أَنَسُ بْنُ مَالِكٍ أَنّ نَبِيّ اللّهِ صلى الله عليه وسلم وَأَصْحَابَهُ بِالزّوْرَاءِ (قَالَ: وَالزّوْرَاءُ بِالْمَدِينَةِ عِنْدَ السّوقِ وَالْمَسْجِدِ فِيمَا ثَمّهْ) دَعَا بِقَدَحٍ فِيهِ مَاءٌ. فَوَضَعَ كَفّهُ فِيهِ. فَجَعَلَ يَنْبُعُ مِنْ بَيْنِ أَصَابِعِهِ. فَتَوَضّأَ جَمِيعُ أَصْحَابِهِ. قَالَ: قُلْتُ: كَمْ كَانُوا يَا أَبَا حَمْزَةَ؟ قَالَ: وكَانُوا زُهَاءَ الثّلاَثِمِائَةِ.**

**5891 ـ وحدّثنا مُحَمّدُ بْنُ الْمُثَنّى. حَدّثنَا مُحَمّدُ عَنِ ابْنِ جَعْفَرٍ. عَنْ شُعْبَةَ عَنْ قَتَادَةَ، عَنْ أَنَسٍ أَنّ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم كَانَ بِالزّوْرَاءِ. فَأُتِيَ بِإِنَاءِ مَاءٍ لاَ يَغْمُرُ أَصَابِعَهُ. أَوْ قَدْرَ مَا يُوَارِي أَصَابِعَهُ. ثُمّ ذَكَرَ نَحْوَ حَدِيثِ هِشَامٍ.**

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ بىر قېتىم رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم زەۋرائ دىگەن جايدىكى چاغدا ناماز ۋاقتى بۇلۇپ قېلىپ كىشلەر سۇ تاپالمىغاندا، بىرقاچا كەلتۈرۈلدى، رەسۇلۇللاھ قولىنى قاچىنىڭ ئىچىگە قويۇۋىدى، بارماقلىرىنىڭ ئارىسىدىن خۇددى بۇلاقتەك سۇ ئېتىپ چىقىشقا باشلىدى، كىشلەر ئۇنىڭدىن تاھارەت ئالدى، قەتادە ئەنەسكە؛ سىلەر قانچە كىشى ئىدىڭلار؟ دېدى ، ئۇ؛ 300 ياكى تەخمىنەن

300چە كىشى ئىدۇق دېدى. بۇخارى،مۇسلىم.     ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ     مۇنداق دەيدۇ؛ بىز مۆجىزە ـ ئالامەتلەرنى بەركەت دەپ سانايتتۇق، سىلەر ئۇنى قورقۇتۇپ ئاگاھلاندۇرۇش دەپ سانايدىكەنسىلەر، بىز رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن بىللە كىتىۋاتقان بىر سەپەردە، سۇ بەكلا ئاز قالدى، رەسۇلۇللاھ:سۇنىڭ ئېشىپ قالغىنى بولسا، ئېلىپ كىلىڭلار دېدى، ئۇلار بىر قاچىنى كەلتۈردى، ئۇنىڭدا بەكلا ئاز سۇ بار ئىدى، رەسۇلۇللاھ قولىنى قاچىنىڭ ئىچىگە سېلىپ؛بەركەتلىك، مۇبارەك، پاك سۇغا كىلىڭلار(بۇنىڭدىن ئىچىپ تاھارەت ئېلىڭلار)بەركەت الله تەرەپتىندۇر دېدى، مەن رەسۇلۇللاھنىڭ بارماقلىرىنىڭ ئارىسىدىن خۇددى بۇلاقتەك سۇ ئېتىپ چىقىۋاتقانلىقىنى كۆردۇم، ھەقىقەتەن بىز رەسۇلۇللاھنىڭ ئالدىدا يېيىلىۋاتقان تاماقنىڭ تەسبىھلىرىنى ئاڭلايتتۇق.بۇخارى توپلىغان.

**5892 ـ وحدّثني سَلَمَةُ بْنُ شَبِيبٍ. حَدّثَنَا الْحَسَنُ بْنُ أَعْيَنَ. حَدّثَنَا مَعْقِلٌ عَنْ أَبِي الزّبَيْرِ، عَنْ جَابِرٍ أَنّ أُمّ مَالِكٍ كَانَتْ تُهْدِي لِلنّبِيّ صلى الله عليه وسلم فِي عُكّةٍ لَهَا سَمْناً. فَيَأْتِيهَا بَنُوهَا فَيَسْأَلُونَ الأُدْمَ. وَلَيْسَ عِنْدَهُمْ شَيْءٌ. فَتَعْمِدُ إِلَى الّذِي كَانَتْ تُهْدِي فِيهِ لِلنّبِيّ صلى الله عليه وسلم. فَتَجِدُ فِيهِ سَمْناً. فَمَا زَالَ يُقِيمُ لَهَا أُدْمَ بَيْتِهَا حَتّىَ عَصَرَتْهُ. فَأَتَتِ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم فَقَالَ: «عَصَرْتِيهَا؟» قَالَتْ: نَعَمْ. قَالَ: «لَوْ تَرَكْتِيهَا مَا زَالَ قَائِماً».**

جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ مالىكنىڭ ئانىسى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە تىرىدىن بولغان كىچىك تۇلۇمدا ياغ ھەدىي قىلدى، ئاندىن ئۇنىڭ بالىلىرى كىلىپ، ئۇنىڭدىن ئۆي چىيى تەلەپ قىلدى، ئۇلارنىڭ يېنىدا ھېچ نەرسە يوق ئىدى، ئۇ رەسۇلۇللاھقا ياغ ھەدى قىلغان  ھېلىقى تۇلۇمغا قولىنى سېلىپ، ئۇنىڭ ئىچىدە يەنە ياغ تاپتى، ئۇ تۇلۇمنى پاك ـ پاكىز قېقىپ سىقىپ، ئىچىدىكى ياغنى پۈتۈنلەي تۈكىتىۋەتمىگىچە، ئۇنىڭ ئىچىدىكى ياغ، ئۇلارنىڭ ئۆي چىيى بولۇۋەرگەن ئىدى،  ئاندىن ئۇ رەسۇلۇللاھنىڭ قېشىغا كىلىپ، ئەھۋالنى مەلۇم قىلدى، رەسۇلۇللاھ ئۇنىڭغا؛ سەن ئۇ تۇلۇمنى پاك ـ پاكىز قېقىپ سىقىپ، ئىچىدىكى ياغنى پۈتۈنلەي تۈكىتىۋەتكەنمۇ؟دېدى، ئۇ؛ ھەئە شۇنداق قىلىپتىمەن دېدى، رەسۇلۇللاھ ئۇنىڭغا؛ئەگەر سەن ئۇنى جىم قويغان بولساڭ، ئۇنىڭ ئىچىدىن سىلەرگە دائىم ياغ چىقىۋىرەتتى،دېدى.مۇسلىم توپلىغان.

**5893 ـ وحدّثني سَلَمَةُ بْنُ شَبِيبٍ، حَدّثَنَا الْحَسَنُ بْنُ أَعْيَنَ. حَدّثَنَا مَعْقِلٌ عَنْ أَبِي الزّبَيْرِ، عَنْ جَابِرٍ أَنّ رَجُلاً أَتَى النّبِيّ صلى الله عليه وسلم يَسْتَطْعِمُهُ. فَأَطْعَمَهُ شَطْرَ وَسْقِ شَعِيرٍ. فَمَا زَالَ الرّجُلُ يَأْكُلُ مِنْهُ وَامْرَأَتُهُ وَضَيْفُهُمَا. حَتّىَ كَالَهُ. فَأَتَىَ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم فَقَالَ: «لَوْ لَمْ تَكِلْهُ لأَكَلْتُمْ مِنْهُ، وَلَقَامَ لَكُمْ».**

جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، ھەقىقەتەن بىر كىشى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قېشىغا تاماق سوراپ كېلىدۇ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنىڭغا 30سا ئەتراپىدا ئارپا بېرىدۇ، ئۇلار بۇ ئارپىنى كەمچەنلىگىچە ئۆزى، ئايالى، مېھمىنى يەۋىرىدۇ، كەمچەنلىۋېتىپ، بۇ تۈگەپ كېتىدۇ، ئاندىن ئۇ بۇ ئىشنى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە دىگەندە، رەسۇلۇللاھ «ئەگەر سەن ئۇ ئارپىنى كەمچەنلىمىگەن بولساڭ، سىلەر ئۇنىڭدىن يەۋىرەتتىڭلار، ئۇ

ئارىيا سىلەر ئۈچۈن تۇرمۇشۇڭلارنى بەرپا قىلىپ، مەڭگۈ كۆپايە بولاتتى، (لېكىن، سەن ئۇنى كەمچەنلەپ قويۇپ،كاملىمغىنىنى ئۇقۇپ بىلىپ قالدىڭ _ دە، ئۇ تۈگەپ كەتتى)دىگەن. مۇسلىم 4228 _ ھەدىس، ئەھمەد 14214 _ ھەدىس، سەھىھ، بۇ رۇشەن مۆجىزە، كارامەتتۇر.

**5894 ـ حدّثنا عَبْدُ اللّهِ بْنُ عَبْدِ الرّحْمَنِ الدّارِمِيّ. حَدّثَنَا أَبُو عَلِيَ الْحَنَفِيّ. حَدّثَنَا مَالِكٌ (وَهُوَ ابْنُ أَنَسٍ) عَنْ أَبِي الزّبَيْرِ الْمَكّيّ أَنّ أَبَا الطّفَيْلِ عَامِرَ بْنَ وَاثِلَةَ أَخْبَرَهُ أَنّ مُعَاذَ بْنَ جَبَلٍ أَخْبَرَهُ. قَالَ: خَرَجْنَا مع رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم عَامَ غَزْوَةِ تَبُوكَ. فَكَانَ يَجْمَعُ الصّلاَةَ. فَصَلّى الظّهْرَ وَالْعَصْرَ جَمِيعاً. وَالْمَغْرِبَ وَالْعِشَاءَ جَمِيعاً. حَتّى إذَا كَانَ يَوْماً أَخّرَ الصّلاَةَ. ثُمّ خَرَجَ فَصَلّى الظّهْرَ وَالْعَصْرَ جَمِيعاً. ثُمّ دَخَلَ ثُمّ خَرَجَ بَعْدَ ذَلِكَ. فَصَلّى الْمَغْرِبَ وَالْعِشَاءَ جَمِيعاً. ثُمّ قَالَ: «إِنّكُمْ سَتَأْتُونَ غَداً، إِنْ شَاءَ اللّهُ، عَيْنَ تَبُوكَ. وَإِنّكُمْ لَنْ تَأْتُوهَا حَتّى يُضْحِيَ النّهَارُ. فَمَنْ جَاءَهَا مِنْكُمْ فَلاَ يَمَسّ مِنْ مَائِهَا شَيْئاً حَتّى آتِيَ». فَجِئْنَاهَا وَقَدْ سَبَقَنَا إِلَيْهَا رَجُلاَنِ. وَالْعَيْنُ مِثْلُ الشّرَاكِ تَبِضّ بِشَيْءٍ مِنْ مَاءٍ. قَالَ: فَسَأَلَهُمَا رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: «هَلْ مَسَسْتُمَا مِنْ مَائِهَا شَيْئاً؟» قَالاَ: نَعَمْ. فَسَبّهُمَا النّبِيّ صلى الله عليه وسلم، وَقَال لَهُمَا مَا شَاءَ اللّهُ أَنْ يَقُولَ. قَالَ: ثُمّ غَرَفُوا بِأَيْدِيهِمْ مِنَ الْعَيْنِ قَلِيلاً قَلِيلاً. حَتّى اجْتَمَعَ فِي شَيْءٍ. قَالَ: وَغَسَلَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم فِيهِ يَدَيْهِ وَوَجْهَهُ. ثُمّ أَعَادَهُ فِيهَا. فَجَرَتِ الْعَيْنُ بِمَاءٍ مُنْهَمِرٍ. أَوْ قَالَ: غَزِيرٍ ـ شَكّ أَبُو عَلِيَ أَيّهُمَا قَالَ ـ حَتّى اسْتَقَى النّاسُ. ثُمّ قَالَ: «يُوشِكُ، يَا مُعَاذُ إِنْ طَالَتْ بِكَ حَيَاةٌ، أَنْ تَرَى مَا هَـهُنَا قَدْ مُلِىءَ جِنَاناً».**

ئەبۇقەتادە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ مۇئاز رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، بىز رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن بىللە تەببۇك ئۇرۇشىغا چىققان ئىدۇق، سەپەردە پېشىن بىلەن ئەسىرنىڭ، شام بىلەن خۇپتەننىنىڭ ئارلىقىنى جۈپلەپ ئوقۇيتتى، ئاندىن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىزگە خۇتبە سۆزلەپ مۇنداق دېدى؛ سىلەر كەچ تەرەپتە سەيرى قىلىپ مېڭىپ ۋە كېچىچە مېڭىپ، ئەگەر **الله** خالىسا، ئەتە سۇ بار جايغا بارىسىلەر. كىشىلەر بۇسۆزنى ئاڭلاپلا، بىرسى ـ بىرسىگە قاراپمۇ قويماي سۇ بار جايغا ئالدىرىشىپ ماڭدى، بىر چاغدا رەسۇلۇللاھ سەيرى قىلىپ كىتىۋاتاتتى، تەڭ كېچە بولۇپ كەتتى، ئاندىن رەسۇلۇللاھ يولنىڭ بىر چېتىگە چۈشۈپ ئۇخلاشقا بېشىنى قويدى، ۋە نامىزىمىزنى ئوبدان مۇھاپىزەت قىلىڭلار دېدى، شۇنداقتىمۇ تۇنجى قېتىم ئويغانغان كىشى رەسۇلۇللاھ بولدى، بۇچاغدا كۈن چىقىپ ئۈچىسىغا نۇر تاشلىغان ئىدى، ئاندىن يولغا چىقىڭلار دېدى، بىز يولغا چىقىپ، كۈن كۆتۈرۈلگەنگە قەدەر ماڭدۇق، ئاندىن رەسۇلۇللاھ چۈشۈپ، مەن يېنىمدا ئېلىۋالغان تاھارەت قاچىسىنى تەلەپ قىلدى، ئۇنىڭغا ئازىراق سۇ بار ئىدى، رەسۇلۇللاھ ئۇنىڭدىن سۇنى ئايىغان ھالدا يەڭگىل تاھارەت ئالدى، ئۇنىڭدا يەنە ئازىراق سۇ قېلىپ قالدى، ئاندىن رەسۇلۇللاھ ماڭا؛ سەن بۇ تاھارەت ئالىدىغان قاچاڭدىكى سۇنى ئوبدان ساقلىغىن، چۈنكى پات يېقىندا ھىللا بۇنىڭ ئۈچۈن چوڭ ، بۈيۈك خەۋەر يەنى مۆجىزە يۈز بىرىدۇ دېدى،ئاندىن بىلال نامازغا ئەزان توۋلىدى، رەسۇلۇللاھ بامداتنىڭ ئىككى رەكئەت سۈننىتىنى ئوقۇپ ئاندىن بامدات نامىزىنى ئوقۇپ يولغا چىقتى، بىزمۇ بىللە يولغا يولغا چىقىپ، كۈن تىكلىشىپ ھەممە نەرسە تازا قىززىپ كەتكەن چاغدا كىشىلەرنىڭ قېشىغا باردۇق، ئۇلار؛ ئى **الله** نىڭ ئەلچىسى! بىز ھالاك

بۇلىدىغان بولدۇق، بىز قاتتىق ئۇسساپ كەتتۇق دېدى، رەسۇلۇللاھ ﷺ:سىلەرگە ھالاكەت يوق،سىلەر ھالاك بولمايسىلەر دەپ، ئاندىن ھېلىقى سۇبار قاچىنى كەلتۈرۈپ، كىشىلەرگە سۇ قۇيۇپ بېرىشكە باشلىدى، مەن ئۇلارنى سۇغىرىۋاتاتتىم، ئۇزۇن ئۆتمەي كىشىلەر قاچىدىكى سۇنى كۆرۈپ(سۇنىڭ يەتمەي قېلىشىدىن ئەنسىرەپ)ھەممىسى ئولۇشۇپ قىستىشىپ كەتتى، رەسۇلۇللاھ ﷺ ئۇلارغا؛ جامائەتلەرگە ياخشىلىق قىلىڭلار، ئەخلاقىڭلارنى ياخشى قىلىڭلار، ھەممىڭلار سۇغا قانىسىلەر دېدى، ئاندىن ئۇلارشۇنداق قىلدى، رەسۇلۇللاھ ﷺ كىشىلەرگە سۇ قۇيۇپ بېرىشكە باشلىدى، مەن ئۇلارنى سۇغىرىشقا باشلىدىم، ئاندىن مەن بىلەن رەسۇلۇللاھ ﷺ تىن باشقا بارلىق كىشىلەر تۈگەپ،پەقەت ئىككىمىزلا قالغاندا، رەسۇلۇللاھ ﷺ سۇنى قۇيۇپ؛ ئىچكىن دېدى، مەن؛ ئى اﷲ نىڭ ئەلچىسى! سىلى ئىچمىگىچە مەن ئىچمەيمەن دىسەم، رەسۇلۇللاھ ﷺ:قەۋملەرنى سۇغارغان كىشى ئەڭ ئاخىردا ئىچىدۇ دېدى، ئاندىن مەن ئىچتىم، رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇ ئىچتى، كىشىلەرگە ئۇلارنىڭ قەلبى ئارام تاپقىچە، سۇغا قېنىپ راھەتلەنگىچە، قانغىچە تولۇق سۇ بېرىلدى. مۇئاز رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ئى مۇئاز! ئەگەر ساڭا ھاياتلىق ئۇزۇن بولۇپ، ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈپ قالساڭ، پات يېقىندا مۇشۇ ئەتراپنىڭ يەنى تەبۇكتىكى بۇلاق ئەتراپىنىڭ باغۇ _ بوستانلىققا تولغانلىقىنى كۆرۈشۈڭ مۇمكىن. مۇسلىم 4229 _ ھەدىس، ئەھمەد 21056 _ ھەدىس، سەھىھ.بۇ،مۆجىزە.

5895 ـ حدّثنا عَبْدُ اللّهِ بْنُ مَسْلَمَةَ بْنِ قَعْنَبٍ. حدّثَنَا سُلَيْمَانُ بْنُ بِلاَلٍ عَنْ عَمْرِو بْنِ يَحْيَىَ، عَنْ عَبّاس بْنِ سَهْلِ بْنِ سَعْدٍ السّاعِدِيّ، عَنْ أَبِي حُمَيْدٍ. قَالَ: خَرَجْنَا مَعَ رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم غَزْوَةَ تَبُوكَ. فَأَتَيْنَا وَادِيَ الْقُرَىَ عَلَىَ حَدِيقَةٍ لاِمْرَأَةٍ. فَقَالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: «اخْرِصُوهَا» فَخَرَصْنَاهَا. وَخَرَصَهَا رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم عَشَرَةَ أَوْسُقٍ. وَقَالَ: «أَحْصِيهَا حَتّىَ نَرْجِعَ إِلَيْكِ، إِنْ شَاءَ اللّهُ». وَانْطَلَقْنَا. حَتّىَ قَدِمْنَا تَبُوكَ. فَقَالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: «سَتَهُبّ عَلَيْكُمُ اللّيْلَةَ رِيحٌ شَدِيدَةٌ. فَلاَ يَقُمْ فِيهَا أَحَدٌ مِنْكُمْ. فَمَنْ كَانَ لَهُ بَعِيرٌ فَلْيَشُدّ عِقَالَهُ» فَهَبّتْ رِيحٌ شَدِيدَةٌ. فَقَامَ رَجُلٌ فَحَمَلَتْهُ الرّيحُ حَتّىَ أَلْقَتْهُ بِجَبَلَيْ طَيّءٍ. وَجَاءَ رَسُولُ ابْنِ الْعَلْمَاءِ، صَاحِبِ أَيْلَةَ، إِلَىَ رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم بِكِتَابٍ. وَأَهْدَىَ لَهُ بَغْلَةً بَيْضَاءَ. فَكَتَبَ إِلَيْهِ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم وَأَهْدَىَ لَهُ بُرْداً. ثُمّ أَقْبَلْنَا حَتّىَ قَدِمْنَا وَادِيَ الْقُرَىَ. فَسَأَلَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم الْمَرْأَةَ عَنْ حَدِيقَتِهَا: «كَمْ بَلَغَ ثَمَرُهَا؟» فَقَالَتْ: عَشَرَةَ أَوْسُقٍ. فَقَالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: «إِنّي مُسْرِعٌ. فَمَنْ شَاءَ مِنْكُمْ فَلْيُسْرِعْ مَعِي. وَمَنْ شَاءَ فَلْيَمْكُثْ» فَخَرَجْنَا حَتّىَ أَشْرَفْنَا عَلَىَ الْمَدِينَةِ. فَقَالَ: «هَذِهِ طَابَةُ. وَهَذَا أُحُدٌ. وَهُوَ جَبَلٌ يُحِبّنَا وَنُحِبّهُ». ثُمّ قَالَ: «إِنّ خَيْرَ دُورِ الأَنْصَارِ دَارُ بَنِي النّجّارِ. ثُمّ دَارُ بَنِي عَبْدِ الأَشْهَلِ. ثُمّ دَارُ بَنِي عَبْدِ الْحَارِثِ بْنِ الْخَزْرَجِ. ثُمّ دَارُ بَنِي سَاعِدَةَ. وَفِي كُلّ دُورِ الأَنْصَارِ خَيْرٌ» فَلَحِقَنَا سَعْدُ بْنُ عُبَادَةَ. فَقَالَ أَبُو أُسَيْدٍ: أَلَمْ تَرَ أَنّ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم خَيّرَ دُورَ الأَنْصَارِ. فَجَعَلَنَا آخِراً. فَأَدْرَكَ سَعْدٌ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم. فَقَالَ: يَا رَسُولَ اللّهِ خَيّرْتَ دُورَ الأَنْصَارِ فَجَعَلْتَنَا آخِراً. فَقَالَ: «أَوَلَيْسَ بِحَسْبِكُمْ أَنْ تَكُونُوا مِنَ الْخِيَارِ».

5896 ـ حدّثناه أَبُو بَكْرِ بْنُ أَبِي شَيْبَةَ. حَدّثَنَا عَفّانُ. ح وَحَدّثَنَا إِسْحَقُ بْنُ إِبْرَاهِيمَ. أَخْبَرَنَا الْمُغِيرَةُ بْنُ سَلَمَةَ الْمَخْزُومِيّ. قَالاَ: حَدّثَنَا وُهَيْبٌ. حَدّثَنَا عَمْرُو بْنُ يَحْيَىَ، بِهَذَا الإِسْنَادِ، إِلَىَ قَوْلِهِ «وَفِي كُلّ دُورِ الأَنْصَارِ خَيْرٌ» وَلَمْ يَذْكُرْ مَا بَعْدَهُ مِنْ قِصّةِ سَعْدِ بْنِ عُبَادَةَ. وَزَادَ فِي حَدِيثِ وُهَيْبٍ: فَكَتَبَ لَهُ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم بِبَحْرِهِمْ. وَلَمْ يَذْكُرْ فِي حَدِيثِ وُهَيْبٍ: فَكَتَبَ إِلَيْهِ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم.

ئەبۇھۇمەيدى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ بىز رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن بىللە تەبۇك

ئۇرۇشىغا چىقىپ، يېزىدىكى بىر ئايالنىڭ بېغىغا كەلدۇق، رەسۇلۇللاھ:بۇ باغنىڭ مېۋىسىنى مۆلچەرلەڭلار دېدى،

بىز مۆلچەرلىدۇق، رەسۇلۇللاھ ئۇباغىنىڭ مۇئسىنى ئون ۋەسقە (يەنى 60 سا مىقدارىدا كېلىدۇ)دەپ مۆلچەرلىدى، ۋە ھېلىقى ئايالغا؛ ئەگەر الله خالىسا، بىز قىشقىغا قايتىپ كەلگىچە، سەن بۇباغىنىڭ مۇئسىنى ھىساپلاپ قويغىن دېدى، بىز مېڭىپ تەبۇكقا كەلدۇق، ئاندىن رەسۇلۇللاھ؛پات يېقىندا سىلەرگە بوٚگۈن كېچىلا قاتتىق شامال چىقىدۇ، ئۇشامال چىققاندا سىلەردىن ھېچ كىشى ئورنىدىن تۇرمىسۇن، توٚگىسى بار كىشىلەر توٚگىسىنىڭ نوختىسىنى مەھكەم باغلاپ قويسۇن دېدى، ئاندىن راستىنلا قاتتىق شامال چىقتى،بىر كىشى ئورنىدىن تۇرۇۋىدى، شامال ئۇكىشىنى كوٚتۈرۈپ ئۇچۇرۇپ ئاپىرىپ، (يەمەندىكى)تەيىيئ تېغىغا تاشلىدى، ئاندىن بىز ئۇرۇشتىن قايتىپ كېلىۋېتىپ ھېلىقى يېزىغا كەلدۇق، رەسۇلۇللاھ ھېلىقى ئايالدىن باغىنىڭ مۇئسى قانچىلىك چىقتى ؟دەپ سوردى، ئۇئايال؛ (دەل رەسۇلۇللاھنىڭ مۆلچەرلىگىنىدەكلا)ئون ۋەسقە چىقتى دېدى مەن سىلەرگە ئەنسارىلارنىڭ ھويلا، ئوٚيلىرىنىڭ ئەڭ ياخشىسىدىن خەۋەر بەرمەيمۇ؟ بەنى نەججار ھويلىسى، بەنى ئابدۇ ئەشھەل ھويلىسى، بەنى ھارىس ھويلىسى، ئاندىن خەزرەج ئاندىن بەنى سائىدەت ھويلىسى، ئەنسارىلارنىڭ ھەربىر ھويلا، ئوٚيلىرىدە ياخشىلىق باردۇر، (بۇ ئەنسارىلار پەزىلىتىدۇر) بۇخارى،مۇسلىم، ئەھمەد، بەيھەقى، تىرمىزى، نەسەئى، مۇسلىم توپلىغن، سەھىھ. جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ئەنسارىلارنىڭ دىيارلىرىنىڭ ياخشىسى، بەنۇنەججارنىڭ دىيارىدۇر، تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ. جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ئەنسارىلارنىڭ دىيارلىرىنىڭ ياخشىسى، ئابدۇ ئەشھەل جەمەتىدۇر،ئۇلار ئەنسارلارنىڭ دىيارىنى ياخشى دەپ تاللاپ بىزنى ئارقىدا قويدىلا دېگەن دە، سىلەر ئوٚزۈڭلارنىڭ ياخشى بولىشىڭلار كوٚپايە قىلمامدۇ؟دېدى. تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ..بۇخارى،مۇسلىم.

### *1054 ـ باب توكله على الله تعالى، وعصمة الله تعالى له من الناس*

## رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ الله قا تەۋەككۇل قىلىشى ۋە الله نىڭ ساقلىشى توغرىسىدا

**5897 ـ حدّثنا عَبْدُ بْنُ حُمَيْدٍ. أَخْبَرَنَا عَبْدُ الرّزّاق. أَخْبَرَنَا مَعْمَرٌ عَنِ الزّهْرِيّ، عَنْ أَبِي سَلَمَةَ، عَنْ جَابِرٍ. ح وَحَدّثَنِي أَبُو عِمْرَانَ، مُحَمّدُ بْنُ جَعْفَرِ بْنِ زِيَادٍ (وَاللّفْظُ لَهُ). أَخْبَرَنَا إِبْرَاهِيمُ (يَعْنِي ابْنَ سَعْدٍ) عَنِ الزّهْرِيّ، عَنْ سِنَانِ بْنِ أَبِي سِنَانٍ الدّوءَلِيّ، عَنْ جَابِرِ بْنِ عَبْدِ اللّهِ. قَالَ: غَزَوْنَا مَعَ رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم غَزْوَةً قِبَلَ نَجْدٍ. فَأَدْرَكَنَا رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم فِي وَادٍ كَثِيرِ الْعِضَاهِ. فَنَزَلَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم تَحْتَ شَجَرَةٍ. فَعَلّقَ سَيْفَهُ بِغُصْنٍ مِنْ أَغْصَانِهَا. قَالَ: وَتَفَرّقَ النّاسُ فِي الْوَادِي يَسْتَظِلّونَ بِالشّجَرِ. قَالَ: فَقَالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: «إِنّ رَجُلاً أَتَانِي وَأَنَا نَائِمٌ. فَأَخَذَ السّيْفَ فَاسْتَيْقَظْتُ وَهُوَ قَائِمٌ عَلَى رَأْسِي. فَلَمْ أَشْعُرْ إِلاّ وَالسّيْفُ صَلْتاً فِي يَدِهِ. فَقَالَ لِي: مَنْ يَمْنَعُكَ مِنّي؟ قَالَ: قُلْتُ: اللّهُ. ثُمّ قَالَ فِي الثّانِيَةِ: مَنْ يَمْنَعُكَ مِنّي؟ قَالَ: قُلْتُ: اللّهُ. قَالَ: فَشَامَ السّيْفَ. فَهَا هُوَ ذَا جَالِسٌ» ثُمّ لَمْ يَعْرِضْ لَهُ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم.**

**5898 ـ وحدّثني عَبْدُ اللّهِ بْنُ عَبْدِ الرّحْمَنِ الدّارِمِيّ وَ أَبُو بَكْرِ بْنُ إِسْحَقَ. قَالاَ: أَخْبَرَنَا أَبُو الْيَمَانِ. أَخْبَرَنَا شُعَيْبٌ عَنِ الزّهْرِيّ. حَدّثَنِي سِنَانُ بْنُ أَبِي سِنَانٍ الدّؤَلِيّ وَ أَبُو سَلَمَةَ بْنُ عَبْدِ الرّحْمَنِ أَنّ جَابِرَ بْنَ عَبْدِ اللّهِ الأَنْصَارِيّ، وَكَانَ مِنْ أَصْحَابِ النّبِيّ صلى الله**

**عليه وسلم، أَخْبَرَهُمَا أَنّهُ غَزَا مَعَ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم غَزْوَةً قِبَلَ نَجْدٍ. فَلَمّا قَفَلَ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم قَفَلَ مَعَهُ. فَأَدْرَكَتْهُمُ الْقَائِلَةُ يَوْماً. ثُمّ ذَكَرَ نَحْوَ حَدِيثِ إِبْرَاهِيمَ بْنِ سَعْدٍ وَمَعْمَرٍ.**

**5899 ـ حدّثنا أَبُو بَكْرِ بْنُ أَبِي شَيْبَةَ. حَدّثَنَا عَفّانُ. حَدّثَنَا أَبَانُ بْنُ يَزِيدَ. حَدّثَنَا يَحْيَى بْنُ أَبِي كَثِيرٍ عَنْ أَبِي سَلَمَةَ، عَنْ جَابِرٍ. قَالَ: أَقْبَلْنَا مَعَ رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم. حَتّى إِذَا كُنّا بِذَاتِ الرّقَاعِ. بِمَعْنَى حَدِيثِ الزّهْرِيّ. وَلَمْ يَذْكُرْ: ثُمّ لَمْ يَعْرِضْ لَهُ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم.**

جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: بىز رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن بىللە نەجىد تەرەپتە دۈشمەنگە قارشى ئالدىمىزنى قىلىپ، زاتىررىقائ دىگەن جايغا كەگەندە، يەنە بىرخاتىردە؛ قايتقاندا ـ بىز بىرەر تۈپ سايىلىق دەرەخنىڭ ئۈستىگە كىلىپ قالساق ئۇنى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە قالدۇراتتۇق بۇقېتىممۇ چۈشلۈك ئارامدا شۇنداق قىلدۇق ـ ، رەسۇلۇللاھ چۈشلۈك ئارامغا چۈشتى، كىشىلەر تارقاقلىشىپ، دەرەخ سايىسىدا سايىداپ چۈشلۈك ئارام ئېلىشتى، رەسۇلۇللاھ سەمۇرە دەرىخىنىڭ سايىسىغا چۈشۈپ، قىلىچىنى دەرەخكە ئېسىپ قويۇپتىكەن، بىز قاتتىق ئۇخلاپ كىتىپتىمىز، تۇيۇقسىز رەسۇلۇللاھ بىزنى چاقىردى، بىز كەلسەك، ناگاھان بىر ئەئرابىي رەسۇلۇللاھنىڭ ئالدىدا تۇرىدۇ، رەسۇلۇللاھ: ھەقىقەتەن، ماۋۇ كىشى مەن ئۇخلاۋاتقاندا مىنىڭ قىلىچىمنى  ماڭا قارشى  سۇغۇرۇپتۇ، مەن ئويغىنىپ قارىسام، قىلىچ ئۇنىڭ قولىدا غىلاپسىز يالىڭاچ تۇرۇپتۇ، ئۇ ماڭا؛ سىنى مەندىن توسۇپ، قۇتقۇزىدىغان كىشى بارمۇ؟ ئەمدى سىنى كىم قۇتقۇزىدۇ؟ دىدى، مەن      ؛ ئاللاھ قۇتقۇزىدۇ دىدىم، شۇنداق قىلىپ، ئۇ ئەنە ئ      ولتۇرۇپتۇ دىدى،ئۇنى جازالىمىدى، ئۇشۇجايىدا ئولتۇرۇپ قالدى، بۇخارى،مۇسلىم،           ئەھمەد، نەسەئى، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ. يەنەبىردە؛ تۇيۇقسىز مىشرىكلەردىن بىركىشى كىلىپ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قىلىچىنى ئېلىپ، غىلىپىدىن سۇغۇرۇپ: مەندىن قورقۇۋاتامسەن؟دەپتۇ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: ياق ، قورقمايمەن دىسە، ئۇ: سىنى مەندىن كىم قوغداپ قالىدۇ؟دىدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:مىنى سەندىن الله قوغدايدۇ دىدى، قىلىچ ئۇنىڭ قولىدىن چۈشۈپ كىتىدۇ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم قىلىچنى ئېلىپ، ئەمدى سىنى كىم قۇتۇلدۇرىدۇ؟ دىسە، ئۇ يالۋۇرۇپ؛ سىلى قىلىچنى ئالغان كىشىنىڭ ياخشىسى بولسىلا، يەنى مىنى ئەپۇ قىلسىلا دەيدۇ، رەسۇلۇللاھ؛الله تىن باشقا ھەق ئىلاھنىڭ يوقلىقىغا ، مىنىڭ الله نىڭ ئەلچىسى ئىكەنلىكىمگە گۇۋاھلىق بىرەمسەن؟دىسە، ئۇكىشى؛ياق،ئۇنداق قىلالمايمەن، لېكىن مەن سىلى بىلەن ئۇرۇش قىلماسلىققا، سىلىگە قارشى ئۇرۇشقانلار بىلەنمۇ بىللە چىقماسلىققا ئەھدى ـ توختام بىرەي دەيدۇ، ئاندىن ئۇنى ئۆز يولىغا قويۇپ بىرىدۇ، ئۇكىشى ھەمراھلىرىنىڭ قېشىغا كىلىپ؛ مەن سىلەرگە ئەڭ ياخشى  كىشىنىڭ قېشىدىن كەلدىم دەيدۇ.  يەنەبىردە؛ساھابىلار ئۇنىڭغا تەھدىد سېلىپ قورقۇتىۋىدى، ئۇ قىلىچنى غىلىپىغا سېلىپ ئېسىپ قويدى، دىيىلگەن.بۇخارى،مۇسلىملار توپلىغان.سەھىھنىڭ 2243 ـ ھەدىسى.

### 1055 - باب بيان مثل ما بعث النبيّ صلى الله عليه وسلم من الهدى والعلم

## رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئىلىم ۋە ھىدايەت بىلەن ئەۋەتىلىشى

**5900 - حدّثنا أَبُو بَكْرِ بْنُ أَبِي شَيْبَةَ وَ أَبُو عَامِرٍ الأَشْعَرِيّ وَ مُحَمّدُ بْنُ الْعَلاَءِ (وَاللّفْظُ لأَبِي عَامِرٍ). قَالُوا: حَدّثَنَا أَبُو أُسَامَةَ عَنْ بُرَيْدٍ، عَنْ أَبِي بُرْدَةَ، عَنْ أَبِي مُوسَىَ، عَنِ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم قَالَ: «إِنّ مَثَلَ مَا بَعَثَنِي اللّهُ بِهِ عَزّ وَجَلّ مِنَ الْهُدَىَ وَالْعِلْمِ كَمَثَلِ غَيْثٍ أَصَابَ أَرْضاً. فَكَانَتْ مِنْهَا طَائِفَةٌ طَيّبَةٌ. قَبِلَتِ الْمَاءَ فَأَنْبَتَتِ الْكَلأَ وَالْعُشْبَ الْكَثِيرَ. وَكَانَ مِنْهَا أَجَادِبُ أَمْسَكَتِ الْمَاءَ. فَنَفَعَ اللّهُ بِهَا النّاسَ. فَشَرِبُوا مِنْهَا وَسَقَوْا وَرَعَوْا. وَأَصَابَ طَائِفَةً مِنْهَا أُخْرَىَ. إِنّمَا هِيَ قِيعَانٌ لاَ تُمْسِكُ مَاءً وَلاَ تُنْبِتُ كَلأً. فَذَلِكَ مَثَلُ مَنْ فَقُهَ فِي دِينِ اللّهِ، وَنَفَعَهُ بِمَا بَعَثَنِيَ اللّهُ بِهِ، فَعَلِمَ وَعَلّمَ. وَمَثَلُ مَنْ لَمْ يَرْفَعْ بِذَلِكَ رَأْساً. وَلَمْ يَقْبَلْ هُدَى اللّهِ الّذِي أُرْسِلْتُ بِهِ».**

ئەبۇ مۇسا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاللاھتائالا مەن بىلەن بىرگە ئەۋەتكەن ھىدايەت ۋە ئىلىمنىڭ مىسالى، زېمىنغا چۈشكەن مول يامغۇرغا ئوخشايدۇ، ئۇ زېمىننىڭ بەزى يېرى پاك، مۇنبەت بولۇپ، سۇنى قوبۇل قىلىپ، ناھايىتى كۆپ ئوت _ چۆپ، زىرائەت ئۈندۈرىدۇ، ئۇ زېمىندىن بەزى جايى بولسا، ئۆسۈملۈك ئۈنمەيدىغان سۇنى ئۆزىگە سۈمۈرۈۋالمايدىغان، سۇ ساقلاپ تۇرىدىغان جاي بولۇپ، ئاللاھ ئۇنىڭ بىلەن كىشىلەرگە پايدا _ مەنپەئەت يەتكۈزىدۇ، ئۇلار ئىچىدۇ، سۇغۇرىدۇ، زىرائەت تېرىيدۇ، پادا باقىدۇ، يامغۇر ئۇ زېمىندىن يەنە بىر بۆلىكىگە يېتىدۇ، ھەقىقەتەن بۇ جاي تۈپتۈز بولۇپ، سۇنى ساقلاپ قالمايدۇ، ئوت_ چۆپ، گىياھنىمۇ ئۈندۈرمەيدۇ، تۇزلۇق شور تۇپراقتۇر، ئەنە شۇ ئاللاھنىڭ دىنىدا فىقھى بولغان، قانۇنشۇناس ئالىم بولغان، ئاللاھ، مەن بىلەن بىرگە ئەۋەتكەن نەرسە پايدا _ مەنپەئەت قىلغان، ئۆگەنگەن ۋە ئۆگەتكەن كىشىنىڭ مىسالىدۇر، ۋە ئۇ ھىدايەت ئىلىمغا بېشىنىمۇ كۆتۈرۈپ قويمىغان، مەن بىلەن ئەۋەتىلگەن ئاللاھنىڭ ھىدايىتىنى قوبۇل قىلمىغان كىشىنىڭ مىسالىدۇر. بەيھەقى، بۇخارى 77 _ ھەدىس، مۇسلىم 4232 _ ھەدىس، ئەھمەد 18752 _ ھەدىس.سەھىھ.

ھىدايەتنى، ئىلىمنى قوبۇل قىلىپ ئۆگىنىپ، ئۆگەتكەن كىشى مۇنبەت تۇپراققا ئوخشىدى، ھىدايەتنى، ئىلىمنى ئېلىپ، ئۆزى مەنپەئەت، پايدا ئالماي، باشقىلارغا يەتكۈزگەن كىشى سۇ ساقلىغان جايغا ئوخشىدى، لېكىن، بۇ ھەم ئاخىرىدا ئۆزى كۆيۈپ تۈگەيدىغان شام، چىراققىمۇ ئوخشىدى، ھىدايەتنى، ئىلىمنى قوبۇل قىلمىغان ھەم پايدا _ مەنپەئەت بەرمىگەن كىشى، تۇزلۇق شور زېمىنغا ئوخشىدى.

### 1056 - باب شفقته صلى الله عليه وسلم على أمته، ومبالغتة في تحذيرهم مما يضرهم

## رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئۈممىتىگە شەپقەت قىلىشى ۋە ئەڭ ئاخىرقى پەيغەمبەرلىكى

**5901 - حدّثنا عَبْدُ اللّهِ بْنُ بَرّادٍ الأَشْعَرِيّ و أَبُو كُرَيْبٍ. (وَاللّفْظُ لأَبِي كُرَيْبٍ). قَالاَ: حَدّثَنَا أَبُو أُسَامَةَ عَنْ بُرَيْدٍ، عَنْ أَبِي بُرْدَةَ، عَنْ أَبِي مُوسَىَ عَنِ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم قَالَ: «إِنّ مَثَلِي وَمَثَلَ مَا بَعَثَنِي اللّهُ بِهِ كَمَثَلِ رَجُلٍ أَتَىَ قَوْمَهُ. فَقَالَ: يَا قَوْمِ إِنّي رَأَيْتُ الْجَيْشَ بِعَيْنَيّ. وَإِنّي أَنَا النّذِيرُ الْعُرْيَانُ. فَالنّجَاءَ. فَأَطَاعَهُ طَائِفَةٌ مِنْ قَوْمِهِ. فَأَدْلَجُوا فَانْطَلَقُوا عَلَىَ مُهْلَتِهِمْ. وَكَذّبَتْ طَائِفَةٌ مِنْهُمْ فَأَصْبَحُوا مَكَانَهُمْ. فَصَبّحَهُمُ الْجَيْشُ فَأَهْلَكَهُمْ وَاجْتَاحَهُمْ. فَذَلِكَ مَثَلُ مَنْ أَطَاعَنِي وَاتّبَعَ مَا جِئْتُ بِهِ. وَمَثَلُ مَنْ عَصَانِي وَكَذّبَ مَا جِئْتُ بِهِ مِنَ الْحَقّ».**

ئەبۇ مۇسا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مەن بىلەن بىرگە ئاللاھ ئەۋەتكەن نەرسىنىڭ ۋە مېنىڭ مىسالىم، مۇنۇ كىشىنىڭ مىسالىغا ئوخشايدۇ، ئۇ قەۋمىگە كېلىپ: ئى قەۋمىم، ھەقىقەتەن مەن دۈشمەن قوشۇنلىرىنى مۇشۇ ئىككى كۆزۈم بىلەن كۆردۈم، مەن بولسام سەممىي، سادىق ئاگاھلاندۇرغۇچى، ماڭا ئىشىنىڭلار، نىجاتلىق، نىجاتلىققا ئېرىشىۋېلىڭلار دەيدۇ، ئۇنىڭ قەۋمىدىن بىر تائىپە كىشىلەر ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلىپ،

قاراڭغۇ كېچىدە سەيرە قىلىپ ئالدىرىماي مۆھلەت بىلەن خاتىرجەم يول يۈرىشىپ نىجات تاپىدۇ، دۈشمەندىن قۇتۇلۇپ قالىدۇ، ئۇلاردىن يەنە بىر تائىپىسى ئۇنى ئىنكار قىلىپ، يالغانچى دەپ ئۆز ئورنىدا تاڭ ئاتقۇزىدۇ، شۇنىڭ بىلەن دۈشمەنلەر ئەتىگەندىلا ھۇجۇم قىلىپ، ئۇلارنى ھالاك قىلىدۇ، تۈپتىن ئومومىيۈزلۈك ھالاك قىلىدۇ، قىرىپ تۈگىتىدۇ، ئەنە ئاشۇ بولسا، ماڭا ئىتائەت قىلغان، مەن ئېلىپ كەلگەن ھەققەتكە ئەگەشكەن كىشىنىڭ مىسالى بىلەن ماڭا ئاسىيلىق قىلغان ۋە مەن ئېلىپ كەلگەن ھەققەتنى ئىنكار قىلغان كىشىنىڭ مىسالىدۇر. بەيھەقى،بۇخارى، مۇسلىم.

5902 ـ وحدّثنا قُتَيْبَةُ بْنُ سَعِيدٍ. حَدّثَنَا الْمُغِيرَةُ بْنُ عَبْدِ الرّحْمَنِ الْقُرَشِيّ عَنْ أَبِي الزّنَادِ، عَنِ الأَعْرَجِ، عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ. قَالَ: قَالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: «إِنّمَا مَثَلِي وَمَثَلُ أُمّتِي كَمَثَلِ رَجُلٍ اسْتَوْقَدَ نَاراً. فَجَعَلَتِ الدّوَابّ وَالْفَرَاشُ يَقَعْنَ فِيهِ. فَأَنَا آخِذٌ بِحُجَزِكُمْ وَأَنْتُمْ تَقَحّمُونَ فِيهِ».
5903 ـ وحدّثناه عَمْرٌو النّاقِدُ وَ ابْنُ أَبِي عُمَرَ. قَالاَ: حَدّثَنَا سُفْيَانُ عَنْ أَبِي الزّنَادِ، بِهَذَا الأَسْنَادِ، نَحْوَهُ.
5904 ـ حدّثنا مُحَمّدُ بْنُ رَافِعٍ. حَدّثَنَا عَبْدُ الرّزّاقِ. أَخْبَرَنَا مَعْمَرٌ عَنْ هَمّامِ بْنِ مُنَبّهٍ. قَالَ: هَذَا مَا حَدّثَنَا أَبُو هُرَيْرَةَ عَنْ رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم. فَذَكَرَ أَحَادِيثَ مِنْهَا: وَقَالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: «مَثَلِي كَمَثَلِ رَجُلٍ اسْتَوْقَدَ نَاراً. فَلَمّا أَضَاءَتْ مَا حَوْلَهَا جَعَلَ الْفَرَاشُ وَهَذِهِ الدّوَابّ الّتِي فِي النّارِ يَقَعْنَ فِيهَا. وَجَعَلَ يَحْجُزُهُنّ وَيَغْلِبْنَهُ فَيَتَقَحّمْنَ فِيهَا. قَالَ: فَذَلِكُمْ مَثَلِي وَمَثَلُكُمْ. أَنَا آخِذٌ بِحُجَزِكُمْ عَنِ النّارِ. هَلُمّ عَنِ النّارِ. هَلُمّ عَنِ النّارِ. فَتَغْلِبُونِي تَقَحّمُونَ فِيهَا».
5905 ـ حدّثني مُحَمّدُ بْنُ حَاتِمٍ. حَدّثَنَا ابْنُ مَهْدِيَ. حَدّثَنَا سَلِيمٌ عَنْ سَعِيدِ بْنِ مِينَاءَ، عَنْ جَابِرٍ. قَالَ: قَالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: «مَثَلِي وَمَثَلُكُمْ كَمَثَلِ رَجُلٍ أَوْقَدَ نَاراً. فَجَعَلَ الْجَنَادِبُ وَالْفَرَاشُ يَقَعْنَ فِيهَا. وَهُوَ يَذُبّهُنّ عَنْهَا. وَأَنَا آخِذٌ بِحُجَزِكُمْ عَنِ النّارِ. وَأَنْتُمْ تَفَلّتُونَ مِنْ يَدِي».

ئەبۇ ھۈرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن:ھەققەتەن مېنىڭ مىسالىم بىلەن كىشىلەرنىڭ مىسالى، ئوت ياققان كىشىگە ئوخشايدۇ، ئوت ئەتراپىغا نۇر چېچىپ ئەتراپى يورىغاندا كېپىنەك پەرۋانىلەر ۋە مۇشۇ تۈردىكى ھايۋانلار ئوت ئىچىگە سەكرەشكە باشلايدۇ ۋە ئوتقا چۈشۈپمۇ كېتىدۇ، ئۇ كىشى ئۇلارنى ئوتتىن توسۇشقا باشلايدۇ، ئاخىرى ئۇلار غالىپ كېلىپ، ئوتقا چۈشۈپ كېتىدۇ، ئەنە شۇ مەن بىلەن سىلەرنىڭ مىسالىمىز، مەن سىلەرنى بېلىڭلاردىن تۇتۇپ ئوتتىن توسىمەن، ئوتتىن يىراق تۇرۇڭلار! ئوتتىن يىراق تۇرۇڭلا!!! دەپ كېتىمەن، سىلەر بولساڭلار ماڭا غالىپ كېلىپ، ئوتقا يەنى دوۋزاخقا چۈشۈپ كېتىسىلەر. ئەھمەد، بەيھەقى، بۇخارى،مۇسلىم، تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.

***1057 ـ باب ذكر كونه صلى الله عليه وسلم خاتم النبيين***

5906 ـ حدّثنا عَمْرُو بْنُ مُحَمّدٍ النّاقِدُ. حَدّثَنَا سُفْيَانُ بْنُ عُيَيْنَةَ عَنْ أَبِي الزّنَادِ، عَنْ الأَعْرَجِ، عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ، عَنِ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم. قَالَ: «مَثَلِي وَمَثَلُ الأَنْبِيَاءِ كَمَثَلِ رَجُلٍ بَنَى بُنْيَاناً فَأَحْسَنَهُ وَأَجْمَلَهُ. فَجَعَلَ النّاسُ يُطِيفُونَ بِهِ. يَقُولُونَ: مَا رَأَيْنَا بُنْيَاناً أَحْسَنَ مِنْ هَذَا. إِلاّ هَذِهِ اللّبِنَةَ. فَكُنْتُ أَنَا تِلْكَ اللّبِنَةَ».
5907 ـ وحدّثنا مُحَمّدُ بْنُ رَافِعٍ. حَدّثَنَا عَبْدُ الرّزّاقِ. حَدّثَنَا مَعْمَرٌ عَنْ هَمّامِ بْنِ مُنَبّهٍ. قَالَ: هَذَا مَا حَدّثَنَا أَبُو هُرَيْرَةَ عَنْ رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم. فَذَكَرَ أَحَادِيثَ مِنْهَا: وَقَالَ أَبُو الْقَاسِمِ صلى الله عليه وسلم: «مَثَلِي وَمَثَلُ الأَنْبِيَاءِ مِنْ قَبْلِي كَمَثَلِ رَجُلٍ ابْتَنَى بُيُوتاً فَأَحْسَنَهَا وَأَجْمَلَهَا وَأَكْمَلَهَا. إِلاّ مَوْضِعَ لَبِنَةٍ مِنْ زَاوِيَةٍ مِنْ زَوَايَاهَا. فَجَعَلَ النّاسُ يَطُوفُونَ وَيُعْجِبُهُمُ الْبُنْيَانُ فَيَقُولُونَ: أَلاّ وَضَعْتَ هَهُنَا لَبِنَةً فَيَتِمّ بُنْيَانُكَ» فَقَالَ مُحَمّدٌ صلى الله عليه وسلم: «فَكُنْتُ أَنَا اللّبِنَةَ».

ئۇبەي، جابىر، ئەبۇ ھۈرەيرە، ئەبۇ سەئىدى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇلاردىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: مېنىڭ پەيغەمبەرلەر ئىچىدىكى مىسالىم، مۇنۇ كىشىنىڭ قۇرلۇش مىسالىغا ئوخشايدۇ. ئۇ بىر ھويلا، ئۆي سېلىپ

ناھايىتى گۈزەل، ياخشى، كامىل پۈتتۈرۈپ، پەقەت بىرلا خىشنىڭ ئورنىنى قويۇپ قويىدۇ، قارىغۇچى كىشىلەر بۇ قۇرۇلۇشنى زىيارەت قىلىپ، ھەيران قالىدۇ، ۋە ئۇلار: كاشكى مۇشۇ بىر دانە خىشنىڭ ئورنىمۇ تولۇق تامام بولۇپ كەتكەن، پۈتۈپ كەتكەن بولسىچۇ؟! دەپ قالىدۇ. مەن پەيغەمبەرلەر ئىچىدىكى ئاشۇ بىر تال خىشنىڭ ئورنى بولىمەن، مەن شۇ خىشنىڭ ئورنىنى كامىل تولۇقلايمەن.

**5908 ـ وحدّثنا يَحيَى بْنُ أيّوبَ وَ قُتَيْبَةُ وَ ابْنُ حُجْرٍ. قالُوا: حَدّثَنا إسْمَاعِيلُ (يَعْنُونَ ابْنَ جَعْفَرٍ) عَنْ عَبْدِ اللّهِ بْن دِينَارٍ، عَنْ أبي صَالِحِ السّمّانِ، عَنْ أبي هُرَيْرَةَ أنّ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم قالَ: «مَثَلِي وَمَثَلُ الأنْبِيَاءِ مِنْ قَبْلِي كَمَثَلِ رَجُلٍ بَنَى بُنْيَاناً فَأحْسَنَهُ وأجْمَلَهُ. ألاّ مَوْضِعَ لَبِنَةٍ مِنْ زَاوِيَةٍ مِنْ زَوَايَاهُ. فَجَعَلَ النّاسُ يَطُوفُونَ بِهِ وَيَعْجَبُونَ لَهُ وَيَقُولُونَ: هَلاّ وُضِعَتْ هَذِهِ اللّبِنَةُ قالَ: فَأنَا اللّبِنَةُ. وَأنَا خَاتَمُ النّبِيّينَ».**

**5909 ـ حدّثنا أبُو بَكْرِ بْنُ أبِي شَيْبَةَ وَ أبُو كُرَيْبٍ. قالاَ: حَدّثَنَا أبُو مُعَاوِيَةَ عَنِ الأعْمَشِ، عَنْ أبي صالِحٍ، عَنْ أبي سَعِيدٍ، قَالَ: قالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: «مَثَلِي وَمَثَلُ النّبِيّينَ» فَذَكَرَ نَحْوَهُ.**

**5910 ـ حدّثنا أبُو بَكْرِ بْنُ أبِي شَيْبَةَ. حَدّثَنَا عَفّانُ. حَدّثَنَا سَلِيمُ بْنُ حَيّانَ. حَدّثَنَا سَعِيدُ بْنُ مِينَاءَ، عَنْ جَابِرٍ، عَنِ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم قالَ: «مَثَلِي وَمَثَلُ الأنْبِيَاءِ، كَمَثَلِ رَجُلٍ بَنَى دَاراً فَأتَمّهَا وَأكْمَلَهَا إلاّ مَوْضِعَ لَبِنَةٍ. فَجَعَلَ النّاسُ يَدْخُلُونَهَا وَيَتَعَجّبُونَ مِنْهَا، وَيَقُولُونَ: لَوْلاَ مَوْضِعُ اللّبِنَةِ». قالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: «فَأنَا مَوْضِعُ اللّبِنَةِ. جِئْتُ فَخَتَمْتُ الأنْبِيَاءَ».**

**5911 ـ وَحَدّثَنِيهِ مُحَمّدُ بْنُ حَاتِمٍ. حَدّثَنَا ابْنُ مَهْدِيَ. حَدّثَنَا سَلِيمٌ، بِهَذَا الأسْنَادِ، مِثْلَهُ. وَقَالَ: بَدَلَ ــ أتَمّهَا ــ أحْسَنَهَا.**

ئۇبەي، جابىر، ئەبۇ ھۇرەيرە، ئەبۇ سەئىدى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇلاردىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مېنىڭ پەيغەمبەرلەر ئىچىدىكى مىسالىم، مۇنۇ كىشىنىڭ قۇرۇلۇش مىسالىغا ئوخشايدۇ. ئۇ بىر ھويلا، ئۆي سېلىپ ناھايىتى گۈزەل، ياخشى، كامىل پۈتتۈرۈپ، پەقەت بىرلا خىشنىڭ ئورنىنى قويۇپ قويىدۇ، قارىغۇچى كىشىلەر بۇ قۇرۇلۇشنى زىيارەت قىلىپ، ھەيران قالىدۇ، ۋە ئۇلار: كاشكى مۇشۇ بىر دانە خىشنىڭ ئورنىمۇ تولۇق تامام بولۇپ كەتكەن، پۈتۈپ كەتكەن بولسىچۇ؟! دەپ قالىدۇ. مەن پەيغەمبەرلەر ئىچىدىكى ئاشۇ بىر تال خىشنىڭ ئورنى بولىمەن، مەن شۇ خىشنىڭ ئورنىنى كامىل تولۇقلايمەن. مەن بىلەن قۇرۇلۇش تولۇق،كامىل تامام بولىدۇ، مەن بىلەن بارلىق پەيغەمبەرلىك تامام بولىدۇ، مەن ئەڭ ئاخىرقى پەيغەمبەرمەن.بۇخارى،مۇسلىم،ئەھمەد، تىرمىزى، بەيھەقى، توپلىغان، سەھىھ

### *1058 ـ باب إذا أراد الله تعالى رحمة أمة قبض نبيها قبلها*

**5912 ـ قالَ مُسْلِمٌ: وَحُدّثْتُ عَنْ أبي أُسَامَةَ. وَمِمّنْ رَوَى ذَلِكَ عَنْهُ إبْرَاهِيمُ بْنُ عَبْدِ اللّهِ الْجَوْهَرِيّ. حَدّثَنَا أبُو أُسَامَةَ. حَدّثَنِي بُرَيْدُ بْنُ عَبْدِ اللّهِ عَنْ أبي بُرْدَةَ، عَنْ أبي مُوسَى، عَنِ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم قالَ: «إنّ اللّهَ عَزّ وَجَلّ إذَا أرَادَ رَحْمَةَ أُمّةٍ مِنْ عِبَادِهِ، قَبَضَ نَبِيّهَا قَبْلَهَا. فَجَعَلَهُ لَهَا فَرَطاً وَسَلَفاً بَيْنَ يَدَيْهَا. وَإذَا أرَادَ هَلَكَةَ أُمةٍ، عَذّبَهَا، وَنَبِيّهَا حَيّ، فَأهْلَكَهَا وَهُوَ يَنْظُرُ، فَأقَرّ عَيْنَهُ بِهَلَكَتِهَا حِينَ كَذّبُوهُ وَعَصَوْا أمْرَهُ».**

ئەبۇ مۇسا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن، ئاللاھ بەندىلىرىدىن بىرەر ئۇممەتكە رەھىم قىلىشنى ئىرادە قىلسا، شۇ ئۇممەتنى ھالاك قىلىشتىن بۇرۇن، ئۇلارنىڭ پەيغەمبىرىنى بۇرۇن ئېلىپ كېتىپ، ئۇلارنى كۈتۈپ تۇرىدىغان، ئالدىن تەييارلانغان ئەجرە، كاتتا ساۋاب قىلىپ بېرىدۇ، ئاللاھ بىرەر ئۇممەتنى ھالاك قىلىشنى ئىرادە قىلسا، شۇ ئۇممەتنىڭ پەيغەمبىرى ھايات چاغدىلا ئۇلارنى ئازا پلاپ ھالاك

قىلىدۇ، پەيغەمبەر ئۇلارنىڭ ئاسىي بولغانلىقلىرى ، ئۇنى ئىنكار قىلىپ يالغانغا چىقارغانلىقلىرى سەۋەبىدىن ئۇلارنىڭ

ھالاكىتىنى كۆرۈپ، قەلبى ئارام تاپىدۇ، خۇرسەن بولىدۇ، مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.

## 1059 – باب إثبات حوض نبينا صلى الله عليه وسلم وصفاته ھەۋزى-كەۋسەر توغرىسىدا

5913 – حدّثني أحْمَدُ بْنُ عَبْدِ اللّهِ بْنِ يُونُسَ. حَدّثَنَا زَائِدَةُ. حَدّثَنَا عَبْدُ الْمَلِكِ بْنُ عُمَيْرٍ قَالَ: سَمِعْتُ جُنْدَباً يَقُولُ: سَمِعْتُ النّبيّ صلى الله عليه وسلم يَقُولُ: «أَنَا فَرَطُكُمْ عَلَى الْحَوْضِ».

5914 – حدّثنا أَبُو بَكْرِ بْنُ أَبِي شَيْبَةَ. حَدّثَنَا وَكِيعٌ. ح وَحَدّثَنَا أَبُو كُرَيْبٍ. حَدّثَنَا ابْنُ بِشْرٍ. جَمِيعاً عَنْ مِسْعَرٍ. ح وَحَدّثَنَا عُبَيْدُ اللّهِ بْنُ مُعَاذٍ. حَدّثَنَا أَبِي. ح وَحَدّثَنَا مُحَمّدُ بْنُ الْمُثَنّى. حَدّثَنَا مُحَمّدُ بْنُ جَعْفَرٍ. قَالاَ: حَدّثَنَا شُعْبَةُ. كِلاَهُمَا عَنْ عَبْدِ الْمَلِكِ بْنِ عُمَيْرٍ، عَنْ جُنْدَبٍ، عَنِ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم. بِمِثْلِهِ.

رەسۇلۇللاھ مۇنداق دېگەن: مەن سىلەرنى بۇرۇن بېرىپ ھەۋزى كەۋسەردە كۈتۈپ تۇرىمەن، ئەھمەد، بەيھەقى، جۇندۇپ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، بۇخارى، ئىبنى مەسئۇددىن، 6089 _ ھەدىس، مۇسلىم، جابىر ئىبنى سۇمرەتتىن، مۇسلىم ئىبنى ماجە 3048 _ ھەدىس، سەھىھ.

5915 – حدّثنا قُتَيْبَةُ بْنُ سَعِيدٍ. حَدّثَنَا يَعْقُوبُ (يَعْنِي ابْنَ عَبْدِ الرّحْمَـنِ الْقَارِيّ) عَنْ أَبِي حَازِمٍ، قَالَ: سَمِعْتُ سَهْلاً يَقُولُ: سَمِعْتُ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم يَقُولُ: «أَنَا فَرَطُكُمْ عَلَى الْحَوْضِ، مَنْ وَرَدَ شَرِبَ، وَمَنْ شَرِبَ لَمْ يَظْمَأْ أَبَداً. وَلَيَرِدَنّ عَلَيّ أَقْوَامٌ أَعْرِفُهُمْ وَيَعْرِفُونِي، ثُمّ يُحَالُ بَيْنِي وَبَيْنَهُمْ». قَالَ أَبُو حَازِمٍ: فَسَمِعَ النّعْمَانُ بْنُ أَبِي عَيّاشٍ وَأَنَا أُحَدّثُهُمْ هَذَا الْحَدِيثَ. فَقَالَ: هَكَذَا سَمِعْتَ سَهْلاً يَقُولُ؟ قَالَ فَقُلْتُ: نَعَمْ.

5916 –5917 – قَالَ: وَأَنَا أَشْهَدُ عَلَى أَبِي سَعِيدٍ الْخُدْرِيّ لَسَمِعْتُهُ يَزِيدُ فَيَقُولُ: «إِنّهُمْ مِنّي. فَيُقَالُ: إِنّكَ لاَ تَدْرِي مَا عَمِلُوا بَعْدَكَ. فَأَقُولُ: سُحْقاً سُحْقاً لِمَنْ بَدّلَ بَعْدِي».

سەھلى ئىبنى سەئىد، ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن مەن سىلەرنى ھەۋزى كەۋسەر بويىدا ساقلاپ تۇرىمەن، مېنىڭ يېنىمدىن ئۆتەلىگەن كىشى ئۇنىڭدىن ئىچىدۇ، ئۇنىڭدىن ئىچكەن كىشى مەڭگۈ ئۇسسىمايدۇ، ئەلۋەتتە، ماڭا نۇرغۇن كىشىلەر كېلىدۇ، مەن ئۇلارنى تونۇيمەن، ئۇلار مېنى تونۇيدۇ، ئاندىن ئارىلىقىمىز توسۇلۇپ قالىدۇ، مەن؛ ھەقىقەتەن ئۇلار مېنىڭ ئۈممىتىم ئىدى دەيمەن، ئاندىن ماڭا؛ سەن ئۇلارنىڭ سەندىن كېيىن، نېمىلەرنى پەيدا قىلغىنىنى بىلمەيسەن دېيىلىدۇ، مەن ئاندىن ؛ مەندىن كېيىن دىنىمنى ئۆزگەرتكەن، دىنىنى ئالماشتۇرغان، دىنىدا بىدئەت پەيدا قىلغانلارغا ھالاكەت بولسۇن، ئۇلار ھالاك بولسۇن دەيمەن،بۇخارى،مۇسلىم، ئەھمەد، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.

5918 – وحدّثنا دَاوُدُ بْنُ عَمْرٍو الضّبّيّ. حَدّثَنَا نَافِعُ بْنُ عُمَرَ الْجُمَحِيّ عَنِ ابْنِ أَبِي مُلَيْكَةَ قَالَ: قَالَ عَبْدُ اللّهِ بْنُ عَمْرِو بْنِ الْعَاصِ: قَالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم «حَوْضِي مَسِيرَةُ شَهْرٍ. وَزَوَايَاهُ سَوَاءٌ. وَمَاؤُهُ أَبْيَضُ مِنَ الْوَرِقِ. وَرِيحُهُ أَطْيَبُ مِنَ الْمِسْكِ. وَكِيزَانُهُ كَنُجُومِ السّمَاءِ. فَمَنْ شَرِبَ مِنْهُ فَلاَ يَظْمَأُ بَعْدَهُ أَبَداً».

ئىبنى ئەمرۇ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مېنىڭ كەۋسەر كۆلۈم بىر ئايلىق مۇساپە كەلگىدەك كەڭرىدۇر، ئۇنىڭ ھەممە تەرىپى شۇنداق كەڭ، ھەم چوڭقۇردۇر، سۈيى سۈتتىن ئاق، پۇرىقى

مىسكە ئەنبەردىن خۇشپۇراق، قاچا، جاملىرى بولسا، ئاسماندىكى يۇلتۇزدەك كۆپتۇر، كىم ئۇنىڭدىن بىر قېتىم ئىچسە، مەڭگۈ ئۇسسىمايدۇ، بۇخارى،مۇسلىم،بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.

**5919 ـ قالَ: وَقالَتْ أسْمَاءُ بِنْتُ أبِي بَكْرٍ: قالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: «إنّي عَلَى الْحَوْضِ حَتّى أنْظُرَ مَنْ يَرِدُ عَلَيّ مِنْكُمْ. وَسَيُؤْخَذُ أُنَاسٌ دُونِي. فَأقُولُ: يَا رَبّ مِنّي وَمِنْ أُمّتِي. فَيُقَالُ: أمَا شَعَرْتَ مَا عَمِلُوا بَعْدَكَ؟ وَاللّهِ مَا بَرِحُوا بَعْدَكَ يَرْجِعُونَ عَلَى أعْقَابِهِمْ». قالَ: فَكَانَ ابْنُ أبِي مُلَيْكَةَ يَقُولُ: اللّهُمّ إنّا نَعُوذُ بِكَ أنْ نَرْجِعَ عَلَى أعْقَابِنَا، أوْ أنْ نُفْتَنَ عَنْ دِينِنَا.**

**5920 ـ وحدّثنا ابْنُ أبِي عُمَرَ. حَدّثنَا يَحْيَى بْنُ سُلَيْمٍ عَنِ ابْنِ خُثَيْمٍ، عَنْ عَبْدِ اللّهِ بْنِ عُبَيْدِ اللّهِ بْنِ أبِي مُلَيْكَةَ أنّهُ سَمِعَ عَائِشَةَ تَقُولُ: سَمِعْتُ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم يَقُولُ، وَهُوَ بَيْنَ ظَهْرَانَيْ أصْحَابِهِ: «إنّي عَلَى الْحَوْضِ. أنْتَظِرُ مَنْ يَرِدُ عَلَيّ مِنْكُمْ. فَوَاللّهِ لَيُقْتَطَعَنّ دُونِي رِجَالٌ. فَلأقُولَنّ: أيْ رَبّ مِنّي وَمِنْ أُمّتِي. فَيَقُولُ: إنّكَ لاَ تَدْرِي مَا عَمِلُوا بَعْدَكَ. مَا زَالُوا يَرْجِعُونَ عَلَى أعْقَابِهِمْ».**

ئەسما بىنتى ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ، ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن مەن ھەۋزى كەۋسەر ئۈستىدە سىلەردىن ماڭا كېلىدىغان كىشىلەرگە قاراپ تۇرىمەن، پات يېقىندا نۇرغۇن كىشىلەر قېشىمغا كېلەلمەي، مەندىن يىراق جايدا تۇتۇلىدۇ، مەن ئى رەببىم، ئۇلار مەندىن ئۇلار مېنىڭ ئۈممىتىم ئىدى دەپ قالىمەن، ئاندىن ماڭا ئۇلارنىڭ سەندىن كېيىن نېمە ئىشلارنى قىلغىنىنى بىلەمسەن؟ ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، ئۇلار سەندىن كېيىن ئارقىغا قايتىپ، چېكىنىپ، ئىسلامدىن يېنىۋېلىشۇەردى، مۇرتەد بولۇپ كەتتى دېيىلىدۇ، ئىبنى ئەبۇمۇلەيكەت: ئى **الله**!سىلىگە سېغىنىپ، ئارقىمىزغا چېكىنىپ كىتىشتىن، دىنىمىزدىن پىتنىگە قېلىپ ئازدۇرلۇشتىن پاناھ تىلەيمىز دەتيتتى. بەيھەقى، ئەھمەد، مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.

**5921 ـ وحدّثني يُونسُ بْنُ عَبْدِ الأعْلَى الصّدَفِيّ. أخْبَرَنَا عَبْدُ اللّهِ بْنُ وَهْبٍ. أخْبَرَنِي عَمْرٌو (وَهُوَ ابْنُ الْحَارِثِ) أنّ بُكَيْراً حَدّثَهُ عَنِ الْقَاسِمِ بْنِ عَبّاسٍ الْهَاشِمِيّ، عَنْ عَبْدِ اللّهِ بْنِ رَافِعٍ، مَوْلَى أُمّ سَلَمَةَ، عَنْ أُمّ سَلَمَةَ زَوْجِ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم أنّهَا قَالَتْ: كُنْتُ أسْمَعُ النّاسَ يَذْكُرُونَ الْحَوْضَ. وَلَمْ أسْمَعْ ذَلِكَ مِنْ رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم. فَلَما كَانَ يَوْماً مِنْ ذَلِكَ. وَالْجَارِيَةُ تَمْشُطُنِي. فَسَمِعْتُ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم يَقُولُ: «أيّهَا النّاسُ» فَقُلْتُ لِلْجَارِيَةِ: اسْتَأْخِرِي عَنّي. قَالَتْ: إنّمَا دَعَا الرّجَالَ وَلَمْ يَدْعُ النّسَاءَ. فَقُلْتُ: إنّي مِنَ النّاسِ. فَقَالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: «إنّي لَكُمْ فَرَطٌ عَلَى الْحَوْضِ. فَإيّايَ لاَ يَأْتِيَنّ أحَدُكُمْ فَيُذَبّ عَنّي كَمَا يُذَبّ الْبَعِيرُ الضّالّ. فَأقُولُ: فِيمَ هَذَا؟ فَيُقَالُ: إنّكَ لاَ تَدْرِي مَا أحْدَثُوا بَعْدَكَ. فَأقُولُ: سُحْقاً».**

**5922 ـ وحدّثني أبُو مَعْنٍ الرّقَاشِيّ وَ أبُو بَكْرِ بْنُ نَافِعٍ وَ عَبْدُ بْنُ حُمَيْدٍ قَالُوا: حَدّثنَا أبُو عَامِرٍ(وَهُوَ عَبْدُ الْمَلِكِ بْنُ عَمْرٍو). حَدّثنَا أفْلَحُ بْنُ سَعِيدٍ. حَدّثنَا عَبْدُ اللّهِ بْنُ رَافِعٍ. قَالَ: كَانَتْ أُمّ سَلَمَةَ تُحَدّثُ أنّهَا سَمِعَتِ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم يَقُولُ، عَلَى الْمِنْبَرِ، وَهِيَ تَمْتَشِطُ «أيّهَا النّاسُ» فَقَالَتْ لِمَاشِطَتِهَا: كُفّي رأسِي. بِنَحْوِ حَدِيثِ بُكَيْرٍ عَنِ الْقَاسِمِ بْنِ عَبّاسٍ.**

ئۇممە سەلەمەت رەزىيەلاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن مەن بۇرۇنراق بېرىپ، سىلەرنى ھەۋزى كەۋسەر بېشىدا ساقلاپ تۇرىمەن، بىرىڭلار ماڭا ھەرگىز مۇنداق ھالەتتە كېلىپ قالمىسۇن، ئۇ بولسمۇ،ئۇ مەندىن چەكلىنىپ، يىراقلاشتۇرۇلىدۇ، خۇددى ئېزىپ قالغان تۆگە، كۆل بويىدىن يىراققا قوغلانغاندەك قوغلىنىدۇ، ئاندىن مەن بۇ نېمە قىلغان ئىدى؟ بۇ نېمە قىلغان؟ دەپ قالىمەن، ماڭا ھەقىقەتەن سەن ئۇلارنىڭ سەندىن كېيىن نېملەرنى پەيداقىلغىنىنى بىلمەيسەن دېيىلىدۇ، ئاندىن مەن ئۇنداق بولسا، ئۇ رەھمەتتىن يىراق قىلىنسۇن، ھالاك بولسۇن دەيمەن، دەل مۇشۇ ھالەتتە ماڭا كېلىپ قالماڭلار.

سەھلى ئىبنى سەئىد، ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ھەققەتەن مەن سىلەرنى ھەۋزى كەۋسەر بويىدا ساقلاپ تۇرىمەن، مېنىڭ يېنىمدىن ئۆتەلىگەن كىشى ئۇنىڭدىن ئىچىدۇ، ئۇنىڭدىن ئىچكەن كىشى مەڭگۈ ئۇسسىمايدۇ، ئەلۋەتتە، ماڭا نۇرغۇن كىشىلەر كېلىدۇ، مەن ئۇلارنى تونۇيمەن، ئۇلار مېنى تونۇيدۇ، ئاندىن ئارىلىقىمىز توسۇلۇپ قالىدۇ، مەن ؛ ھەققەتەن ئۇلار مېنىڭ ئۈممىتىم ئىدى دەيمەن، ئاندىن ماڭا؛ سەن ئۇلارنىڭ سەندىن كېيىن، نىمىلەرنى پەيدا قىلغىنىنى بىلمە يسەن دىيىلىدۇ، مەن ئاندىن ؛ مەندىن كېيىن دىنىمنى ئۆزگەرتكەن، دىنىنى ئالماشتۇرغان، دىندا بىدئەت پەيدا قىلغانلارغا ھالاكەت بولسۇن، ئۇلار ھالاك بولسۇن دەيمەن.بۇخارى،مۇسلىم، ئەھمەد، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.

5923 ـ حدّثنا قُتَيْبَةُ بْنُ سَعِيدٍ. حَدّثَنَا لَيْثٌ عَنْ يَزِيدَ بْنِ أَبِي حَبِيبٍ، عَنْ أَبِي الْخَيْرِ، عَنْ عُقْبَةَ بْنِ عَامِرٍ أَنّ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم خَرَجَ يَوْماً فَصَلّىَ عَلَىَ أَهْلِ أُحُدٍ صَلاَتَهُ عَلَى الْمَيّتِ. ثُمّ انْصَرَفَ إِلَىَ الْمِنْبَرِ. فَقَالَ: «إِنّي فَرَطٌ لَكُمْ. وَأَنَا شَهِيدٌ عَلَيْكُمْ. وَإِنّي، وَاللّهِ لأَنْظُرُ إِلَى حَوْضِيَ الاَنَ. وَإِنّي قَدْ أُعْطِيتُ مَفَاتِيحَ خَزَائِنِ الأَرْضِ، أَوْ مَفَاتِيحَ الأَرْضِ. وَإِنّي، وَاللّهِ مَا أَخَافُ عَلَيْكُمْ أَنْ تُشْرِكُوا بَعْدِي. وَلَكِنْ أَخَافُ عَلَيْكُمْ أَنْ تَتَنَافَسُوا فِيهَا».

5924 ـ وحدّثنا مُحَمّدُ بْنُ الْمُثَنّى. حَدّثَنَا وَهْبٌ (يَعْنِي ابْنَ جَرِيرٍ). حَدّثَنَا أَبِي. قَالَ: سَمِعْتُ يَحْيَى بْنَ أَيّوبَ يُحَدّثُ عَنْ يَزِيدَ بْنِ أَبِي حَبِيبٍ، عَنْ مَرْثَدٍ، عَنْ عُقْبَةَ بْنِ عَامِرٍ. قَالَ: صَلّىَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم عَلَىَ قَتْلَىَ أُحُدٍ. ثُمّ صَعِدَ الْمِنْبَرَ كَالْمُوَدّعِ لِلأَحْيَاءِ وَالأَمْوَاتِ. فَقَالَ: «إِنّي فَرَطُكُمْ عَلَى الْحَوْضِ. وَإِنّ عَرْضَهُ كَمَا بَيْنَ أَيْلَةَ إِلَى الْجُحْفَةِ. إِنّي لَسْتُ أَخْشَىَ عَلَيْكُمْ أَنْ تُشْرِكُوا بَعْدِي. وَلَكِنّي أَخْشَىَ عَلَيْكُمُ الدّنْيَا أَنْ تَنَافَسُوا فِيهَا، وَتَقْتَتِلُوا، فَتَهْلِكُوا، كَمَا هَلَكَ مَنْ كَانَ قَبْلَكُمْ».
قَالَ عُقْبَةُ: فَكَانَتْ آخِرَ مَا رَأَيْتُ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم عَلَى الْمِنْبَرِ.

ئۇقبەت ئىبنى ئامىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم خۇددى تىرىكلەر بىلەن ۋە ئۆلۈپ كەتكەنلەر بىلەن ۋىدالاشقاندەك قىلىپ، ئۇھۇد ئۇرىشىدا شېھىد بولغان كىشىلەرگە سەككىز يىلدىن كىيىن جىنازا نامىزى ئوقۇدى،ئاندىن مۇنبەر ئۈستىگە چىقىپ مۇنداق د يدى : ھەققەتەن مەن سىلەرنىڭ ئالدىڭلاردا بېرىپ، سىلەرنى ساقلاپ تۇرىمەن، سىلەر ئۆچۈن ئالدىن تەييارلانغان ئەجرنىڭ ئورنىدا بولىمەن، مەن سىلەرگە گۇۋاھچى بولىمەن، ھەققەتەن سىلەر بىلەن كۆرۈشۈشكە ۋەدىلەشكەن جاي، ھەۋزى كەۋسەر بولىدۇ، ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، ھەققەتەن مەن ھازىر مۇشۇ ئورنىمداھەۋزى كەۋسەرگە قاراپ ئۇنى كۆرۈۋاتىمەن، ھەققەتەن ماڭا زىمىننىڭ خەزىنىلىرىنىڭ ئاچقۇچلىرى بېرىلدى، ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، ھەققەتەن مەن سىلەرنىڭ مەندىن كېيىن شېرىك كەلتۈرۈپ، مۇشرىك بولۇشۇڭلاردىن ئەنسىرىمەيمەن، لېكىن، مەن سىلەرنىڭ دۇنياغا قىزىقىپ كېتىشىڭلاردىن ئەنسىرەيمەن، ئاندىن ئۆز ئارا ئۇرۇش قىلىپ كىتىپ، خۇددى سىلەردىن بۇرۇنقى كىشىلەر ھالاك بولغاندەك، ھالاك بۇلۇپ كىتىسلەر، مەن ئەنە شۇنىڭدىن ئەنسىرەيمەن. بۇخارى،مۇسلىم، ئەھمەد، بەيھەقى

5925 ـ 5926 ـ حدثنا أبُو بَكْر بْنُ أبِي شَيْبَةَ و أبُو كُرَيْبٍ و ابْنُ نُمَيْر. قالُوا: حَدّثنا أبُو مُعاويَة عَن الأعْمَش، عَنْ شَقيق، عَنْ عَبْدِ اللّهِ، قالَ: قالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: «أنَا فَرَطُكُمْ عَلَى الْحَوْض. ولأنَازِعَنّ أقْواماً ثُمّ لأغْلَبَنّ عَلَيْهِمْ، فَأقُولُ: يَا رَبّ أصْحَابي. أصْحَابي. فَيُقَالُ: إنّكَ لاَ تَدْرِي مَا أحْدَثُوا بَعْدَكَ».

وحدّثناه عُثْمَانُ بْنُ أبِي شَيْبَةَ وَ إسْحَـٰقُ بْنُ إبْرَاهِيمَ عَنْ جَرِير، عَن الأعْمَش، بِهَـٰذَا الإسْنَادِ. وَلَمْ يَذْكُرْ «أصْحَابي. أصْحَابي».

5927 ـ حدّثنا عُثْمَانُ بْنُ أبِي شَيْبَةَ وَ إسْحَـٰقُ بْنُ إبْرَاهِيمَ. كِلاَهُمَا عَنْ جَرِير. ح وَحدّثنَا ابْنُ الْمُثنّى حدّثنا مُحَمّدُ بْنُ جَعْفَرٍ. حَدّثنَا شُعْبَةُ. جَمِيعاً عَنْ مُغِيرَة، عَنْ أبِي وَائِلٍ، عَنْ عَبْدِ اللّهِ، عَن النّبيّ صلى الله عليه وسلم بِنَحْوِ حَدِيثِ الأعْمَش. وَفِي حَدِيثِ شُعْبَةَ عَنْ مُغِيرَة: سَمِعْتُ أبَا وَائِلٍ.

5928 ـ وحدّثناه سَعِيدُ بْنُ عَمْرٍو الأشْعَثِيّ. أخْبَرَنَا عَبْثَرٌ. ح وَحدّثنَا أبُو بَكْر بْنُ أبِي شَيْبَةَ. حَدّثنَا ابْنُ فُضَيْلٍ. كِلاَهُمَا عَنْ حُصَيْنٍ، عَنْ أبِي وَائِلٍ، عَنْ حُذَيْفَةَ، عَن النّبيّ صلى الله عليه وسلم. نَحْوَ حَدِيثِ الأعْمَش وَمُغِيرَةَ.

5929 ـ حدّثني مُحَمّدُ بْنُ عَبْدِ اللّهِ بْنِ بَزِيع. حَدّثنَا ابْنُ أبِي عَدِيَ عَنْ شُعْبَة، عَنْ مَعْبَدِ بْنِ خَالِدٍ، عَنْ حَارِثَةَ أنّهُ سَمِعَ النّبيّ صلى الله عليه وسلم قَالَ حَوْضُهُ مَا بَيْنَ صَنْعَاءَ وَالْمَدِينَةِ.

فَقَالَ لَهُ الْمُسْتَوْرِدُ: ألَمْ تَسْمَعْهُ قَالَ «الأوَانِي»؟ قَالَ: لاَ. فَقَالَ الْمُسْتَوْرِدُ «تُرَى فِيهِ الآنِيَةُ مِثْلَ الْكَوَاكِبِ».

5930 ـ وحدّثني إبْرَاهِيمُ بْنُ مُحَمّدِ بْنِ عَرْعَرَةَ. حَدّثنَا حَرَمِيّ بْنُ عُمَارَةَ. حَدّثنَا شُعْبَةُ عَنْ مَعْبَدِ بْنِ خَالِدٍ أنّهُ سَمِعَ حَارِثَةَ بْنَ وَهْبٍ الْخُزَاعِيّ يَقُولُ: سَمِعْتُ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم يَقُولُ. وَذَكَرَ الْحَوْضَ. بِمِثْلِهِ. وَلَمْ يَذْكُرْ قَوْلَ الْمُسْتَوْرِدِ وَقَوْلَهُ.

ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ س مۇنداق دىگەن: مەن سىلەرنى ھەۋزى كەۋسەردە ساقلاپ تۇرىمەن، بىر تۈركۈم قەۋملەرنى بىز تەرەپكە ئېلىۋېلىش ئۈچۈن مەن تەرەپكە تارتىمەن، لېكىن مەن ئۇلارغا مەغلۇپ بولىمەن، يەنى ئۇلار ماڭا بېرىلمەيدۇ، مەن يا رەببىم، مېنىڭ ئەسھابىم، مىنىڭ ھەمراھلىرىم! دەيمەن، ئاندىن ئۇلارنىڭ سەندىن كېيىن نىمىلەرنى پەيدا قىلىۋەتكىنىنى سەن بىلمەيسەن دىيىلىدۇ، ئەھمەد، بەيھەقى تويلىغان، سەھىھ. ھۇزەيفە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ س مۇنداق دىگەن: مەن سىلەرنى ھەۋزى كەۋسەردە كۈتۈپ، ساقلاپ تۇرىمەن، سىلەرگە ئىنتىزار بولىمەن، ماڭا سىلەردىن بىر تۈركۈم ئەرلەر ئاشكارا بولىدۇ، مەن ئۇلارنى تونىغان چېغىمدا ئۇلار مەندىن چەكلىنىدۇ، تارتىۋېلىنىدۇ، مەن ئى رەببىم، مېنىڭ ساھابىلىرىم، ئى رەببىم، مىنىڭ ھەمراھلىرىم دەيمەن، ئاندىن ھەققەتەن سەن ئۇلارنىڭ سەندىن كېيىن نىملەرنى پەيدا قىلغانلىقنى قانداق ھادىسىلەرنى پەيدا قىلغانلىقنى بىلمەيسەن دىيىلىدۇ، بۇخارى 6528 ـ ھەدىسلەر، مۇسلىم 4250 ـ ھەدىسلەر، ئىبنى ماجە 3048 ـ ھەدىس، ئەھمەد 3457 ـ ھەدىسلەر، سەھىھ.

5931 ـ حدّثنا أبُو الرّبِيعِ الزّهْرَانِيّ وَ أبُو كَامِلٍ الْجَحْدَرِيّ. قالاَ: حَدّثنَا حَمّادٌ (وَهُوَ ابْنُ زَيْدٍ) حَدّثنَا أيّوبُ عَنْ نَافِعٍ، عَن ابْنِ عُمَرَ. قَالَ: قَالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: «إنّ أمَامَكُمْ حَوْضاً. مَا بَيْنَ نَاحِيَتَيْهِ كَمَا بَيْنَ جَرْبَا وَأذْرُحَ».

5932 ـ حدّثنا زُهَيْرُ بْنُ حَرْبٍ وَ مُحَمّدُ بْنُ الْمُثنّى وَ عُبَيْدُ اللّهِ بْنُ سَعِيدٍ. قالُوا: حَدّثنَا يَحْيَىَ (وَهُوَ الْقَطّانُ) عَنْ عُبَيْدِ اللّهِ. أخْبَرَنِي نَافِعٌ عَن ابْنِ عُمَرَ، عَن النّبيّ صلى الله عليه وسلم قَالَ «إنّ أمَامَكُمْ حَوْضاً كَمَا بَيْنَ جَرْبَا وَأذْرُحَ». وَفِي رِوَايَةِ ابْنِ الْمُثنّى «حَوْضِي».

5933 ـ5934 ـ وحدّثنا ابْنُ نُمَيْر. حَدّثنَا أبِي. ح وَحدّثنَا أبُو بَكْر بْنُ أبِي شَيْبَةَ. حَدّثنَا مُحَمّدُ بْنُ بِشْرٍ. قالاَ: حَدّثنَا عُبَيْدُ اللّهِ، بِهَـٰذَا الإسْنَادِ، مِثْلَهُ. وَزَادَ: قَالَ عُبَيْدُ اللّهِ: فَسَألْتُهُ فَقَالَ: قَرْيَتَيْنِ بِالشّامِ. بَيْنَهُمَا مَسِيرَةُ ثَلاَثِ لَيَالٍ. وَفِي حَدِيثِ ابْنِ بِشْرٍ: ثَلاَثَةِ أيّامٍ.

5935 ـ وحدّثني حَرْمَلَةُ بْنُ يَحْيَىَ. حَدّثنَا عَبْدُ اللّهِ بْنُ وَهْبٍ. حَدّثنِي عُمَرُ بْنُ مُحَمّدٍ عَنْ نَافِعٍ، عَنْ عَبْدِ اللّهِ أنّ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم قَالَ «إنّ أمَامَكُمْ حَوْضاً كَمَا بَيْنَ جَرْبَا وَأذْرُحَ. فِيهِ أبَارِيقُ كَنُجُومِ السّمَاءِ. مَنْ وَرَدَهُ فَشَرِبَ مِنْهُ، لَمْ يَظْمَأْ بَعْدَهَا أبَداً».

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ھەققەتەن ئالدىڭلاردا ھەۋزى كەۋسەرىم سىلەرنى كۈتۈپ تۇرىدۇ، ئۇنىڭ كەڭلىكى جەرباء بىلەن ئەزرەھنىڭ كەڭلىكىدەك

كېلىدۇ، (بۇ ئىككىسى، شام دىيارىدىكى ئىككى شەھەر بولۇپ، ئارىلىقى ئۈچ كېچە ــ كۈندۈزلۈك مۇساپە كېلىدۇ) كەۋسەر بۇلاق بويىدا ئاسماننىڭ يۇلتۇزلىرىدەك كۆپ، ئۇ رۇق چەينەكلەر، جاملار باردۇر، كەۋسەر گە بېرىپ، ئۇنىڭ سۈيىدىن بىر قېتىم ئىچكەن كىشى، شۇنىڭدىن كېيىن، مەڭگۈ ئۇسسىمايدۇ،بۇخارى، مۇسلىم

5936 ـ وحدّثنا أَبُو بَكْرِ بْنُ أَبِي شَيْبَةَ وَ إِسْحَقُ بْنُ إِبْرَاهِيمَ وَ ابْنُ أَبِي عُمَرَ الْمَكّيّ ـ وَاللّفْظُ لاِبْنِ أَبِي شَيْبَةَ ـ (قَالَ إِسْحَقُ: أَخْبَرَنَا. وَقَالَ الآخَرَانِ: حَدّثَنَا) عَبْدُ الْعَزِيزِ بْنُ عَبْدِ الصّمَدِ الْعَمّيّ عَنْ أَبِي عِمْرَانَ الْجَوْنِيّ، عَنْ عَبْدِ اللّهِ بْنِ الصّامِتِ، عَنْ أَبِي ذَرَ، قَالَ: قُلْتُ: يَا رَسُولَ اللّهِ، مَا آنِيَةُ الْحَوْضِ؟ قَالَ: «وَالّذِي نَفْسُ مُحَمّدٍ بِيَدِهِ لآنِيَتُهُ أَكْثَرُ مِنْ عَدَدِ نُجُومِ السّمَاءِ وَكَوَاكِبِهَا. أَلاَ فِي اللّيْلَةِ الْمُظْلِمَةِ الْمُصْحِيَةِ. آنِيَةُ الْجَنّةِ مَنْ شَرِبَ مِنْهَا لَمْ يَظْمَأْ آخِرَ مَا عَلَيْهِ. يَشْخُبُ فِيهِ مِيزَابَانِ مِنَ الْجَنّةِ. مَنْ شَرِبَ مِنْهُ لَمْ يَظْمَأْ. عَرْضُهُ مِثْلُ طُولِهِ، مَا بَيْنَ عَمّانَ إِلَى أَيْلَةَ. مَاؤُهُ أَشَدّ بَيَاضاً مِنَ اللّبَنِ، وَأَحْلَى مِنَ الْعَسَلِ».

ئەبۇ زەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، ھەۋزى كەۋسەرنىڭ قاچا، جاملىرى، ئاسماندىكى يۇلتۇزلارنىڭ ، قاراڭغۇ ــ زۇلمەتلىك كېچىدە كۆرۈنگەن بارلىق يۇلتۇزلارنىڭ ساندىنمۇ كۆپتۇر، جەننەتنىڭ قاچا ــ جاملىرىدىن بىر قېتىم شاراپ ئىچكەن كىشى، مەڭگۈ ئۇسسىمايدۇ، (ئاخىرۇما ئەلەيھى دىگەن مەڭگۈ دىگەن مەنىدە) كەۋسەر كۆلگە جەننەتتىن ئىككى ئۆستەڭ شاراپ قۇيۇلۇپ تۇرىدۇ، ئۇنىڭدىن بىر قېتىم ئىچكەن كىشى مەڭگۈ ئۇسسىمايدۇ، توغرىلىقى، ئۇزۇنلىقىدەك كەڭدۇر. خۇددى ئۇممان بىلەن ئەيلەت دىگەن جايدەك شۇنداق كەڭدۇر، سۈيى بولسا، سۈتتىن ئاق، ھەسەلدىن تاتلىقتۇر. مۇسلىم 4255 ــ ھەدىس، ئەھمەد 20364 ــ ھەدىس. سەھىھ

5937 ـ حدّثنا أَبُو غَسّانَ الْمِسْمَعِيّ وَ مُحَمّدُ بْنُ الْمُثَنّى وَ ابْنُ بَشّارٍ (وَأَلْفَاظُهُمْ مُتَقَارِبَةٌ). قَالُوا: حَدّثَنَا مُعَاذٌ (وَهُوَ ابْنُ هِشَامٍ). حَدّثَنِي أَبِي عَنْ قَتَادَةَ، عَنْ سَالِمِ بْنِ أَبِي الْجَعْدِ، عَنْ مَعْدَانَ بْنِ أَبِي طَلْحَةَ الْيَعْمَرِيّ، عَنْ ثَوْبَانَ أَنّ نَبِيّ اللّهِ صلى الله عليه وسلم قَالَ: «إِنّي لَبِعُقْرِ حَوْضِي أَذُودُ النّاسَ لأَهْلِ الْيَمَنِ. أَضْرِبُ بِعَصَايَ حَتّى يَرْفَضّ عَلَيْهِمْ». فَسُئِلَ عَنْ عَرْضِهِ فَقَالَ: «مِنْ مُقَامِي إِلَى عَمّانَ». وَسُئِلَ عَنْ شَرَابِهِ فَقَالَ: «أَشَدّ بَيَاضاً مِنَ اللّبَنِ، وَأَحْلَى مِنَ الْعَسَلِ. يَغُتّ فِيهِ مِيزَابَانِ يَمُدّانِهِ مِنَ الْجَنّةِ. أَحَدُهُمَا مِنْ ذَهَبٍ، وَالآخَرُ مِنْ وَرِقٍ».

5938 ـ وَحَدّثَنِيهِ زُهَيْرُ بْنُ حَرْبٍ حَدّثَنَا الْحَسَنُ بْنُ مُوسَى. حَدّثَنَا شَيْبَانُ عَنْ قَتَادَةَ. بِإِسْنَادِ هِشَامٍ. بِمِثْلِ حَدِيثِهِ. غَيْرَ أَنّهُ قَالَ «أَنَا، يَوْمَ الْقِيَامَةِ، عِنْدَ عُقْرِ الْحَوْضِ».

5939 ـ وحدّثنا مُحَمّدُ بْنُ بَشّارٍ. حَدّثَنَا يَحْيَى ابْنُ حَمّادٍ. حَدّثَنَا شُعْبَةُ عَنْ قَتَادَةَ، عَنْ سَالِمِ بْنِ أَبِي الْجَعْدِ، عَنْ مَعْدَانَ، عَنْ ثَوْبَانَ، عَنِ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم. حَدِيثَ الْحَوْضِ. فَقُلْتُ لِيَحْيَ بْنِ حَمّادٍ: هَذَا حَدِيثٌ سَمِعْتَهُ مِنْ أَبِي عَوَانَةَ. فَقَالَ: وَسَمِعْتُهُ أَيْضاً مِنْ شُعْبَةَ فَقُلْتُ: انْظُرْ لِي فِيهِ. فَنَظَرَ لِي فِيهِ فَحَدّثَنِي بِهِ.

سەۋبان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ھەقىقەتەن مەن كەۋسەر كۆلۈمنىڭ سۇ ئىچىدىغان ئورنىدا قىيامەت كۈنى ئەھلى يەمەنلەر ئۈچۈن ياكى كىتابىي ئۇلۇغ تەرەپدىن بېرىلىدىغانلار ئۈچۈن كىشىلەرنى توسۇپ تۇرىمەن، (يەمەن ئەھلى ئۈچۈن توسۇپ، چەكلەپ تۇرىمەن دىگىنى سەھىھ) مەن كىشىلەرنى توسۇپ، ئۇلارنىڭ بەدەنلىرىدىن قانلار ئاققانغا قەدەر ھاسام بىلەن ئۇرىمەن، كەۋسەر كۆلىنىڭ كەڭلىكىدىن سورالدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېدى: كەۋسەرنىڭ كەڭلىكى مېنىڭ مۇشۇ ئورنۇمدىن ئۇممان دىگەن دۆلەتكىچە شۇنداق كەڭدۇر، شارابى، ئىچىملىكى بولسا، سۈتتىن ئاق،

ھەسەلدىن تاتلىقتۇر، كەۋسەر كۆلىگە ئىككى ئۆستەڭ سۇ قۇيۇلۇپ تۇرىدۇ، بۇ ئىككى ئۆستەڭ كەۋسەرنىڭ ئىچىملىكىنى جەننەتتىن زىيادە قىلىپ، كۆپەيتىپ تۇرىدۇ، بۇ ئىككى ئۆستەڭنىڭ بىرى ئالتۇن، يەنە بىرسى بولسا، كۈمۈشتۇر، ئەھمەد، مۇسلىم 4256 ــ ھەدىس، ئەھمەد، 21390 ــ ھەدىس، سەھىھ.

**5940 ـ5941 ـ حدّثنا عَبْدُ الرّحْمَن بْنُ سَلاّمِ الْجُمَحِيّ. حَدّثنَا الرّبيعُ (يَعْنِي ابْنَ مُسْلِمٍ) عَنْ مُحَمّدِ بْنِ زِيَادٍ، عَنْ أبي هُرَيْرَةَ أنّ النّبيّ صلى الله عليه وسلم قَالَ «لأذُودَنّ عَنْ حَوْضِي رِجَالاً كَمَا تُذَادُ الْغَرِيبَةُ مِنَ الإبِلِ».**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئەلۋەتتە مەن نۇرغۇن كىشىلەرنى ھەۋزى كەۋسەر كۆلۈمدىن خۇددى ناتونۇش تۆگە كۆلدىن ھەيدەلگەندەك ھەيدەپ ئايرىۋېتىمەن، چەكلەپ توسىمەن. مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ. يۇقىرىدا ئۇلارنى دىندىن قايتقان مۇرتەد، بىدئەتچى بولۇپ كەتكەن دېيىلگەن سەھىھ ھەدىس ئۆتتى.

**5942 ـ وحدّثني حَرْمَلَةُ بْنُ يَحْيَى. أخْبَرَنَا ابْنُ وَهْبٍ. أخْبَرَنِي يُونُسُ عَنِ ابْنِ شِهَابٍ أنّ أنَسَ بْنَ مَالِكٍ حَدّثَهُ أنّ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم قَالَ: «قَدْرُ حَوْضِي كَمَا بَيْنَ أيْلَةَ وَصَنْعَاءَ مِنَ الْيَمَنِ. وَإنّ فِيهِ مِنَ الأبَارِيقِ كَعَدَدِ نُجُومِ السّمَاءِ».**

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەققەتەن ھەۋزى كەۋسەر كۆلۈمنىڭ چوڭلىقى، خۇددى يەمەندىكى سەنئا بىلەن شامدىكى ئەيلەت دېگەن شەھەرنىڭ ئارىلىقىدەك يىراق، كەڭدۇر، ھەققەتەن ئۇ كۆلدە ئاسماننىڭ يۇلتۇزلىرىدەك كۆپ قاچا ــ قۇچا، جاملار بار، ئەھمەد، بەيھەقى.

**5943 ـ وحدّثني مُحَمّدُ بْنُ حَاتِمٍ. حَدّثنَا عَفّانُ بْنُ مُسْلِمٍ الصّفّارُ. حَدّثنَا وُهَيْبٌ. قَالَ: سَمِعْتُ عَبْدَ الْعَزِيزِ بْنَ صُهَيْبٍ يُحَدّثُ. قَالَ: حَدّثنَا أنَسُ بْنُ مَالِكٍ أنّ النّبيّ صلى الله عليه وسلم قَالَ: «لَيَرِدَنّ عَلَيّ الْحَوْضَ رِجَالٌ مِمّنْ صَاحَبَنِي. حَتّى إذَا رَأيْتُهُمْ وَرُفِعُوا إلَيّ، اخْتُلِجُوا دُونِي. فَلأقُولَنّ: أيْ رَبّ أُصَيْحَابِي. أُصَيْحَابِي. فَيُقَالَ لِي: إنّكَ لاَ تَدْرِي مَا أحْدَثُوا بَعْدَكَ».**

**5944 ـ وحدّثنا أبُو بَكْرِ بْنُ أبي شَيْبَةَ وَ عَلِيّ بْنُ حُجْرٍ. قَالاَ: حَدّثنَا عَلِيّ بْنُ مُسْهِرٍ. حوحَدّثنَا أبُو كُرَيْبٍ. حَدّثنَا ابْنُ فُضَيْلٍ. جَمِيعاً عَنِ الْمُخْتَارِ بْنِ فُلْفُلٍ، عَنْ أنَسٍ، عَنِ النّبيّ صلى الله عليه وسلم. بِهَذَا الْمَعْنَى. وَزَادَ: «آنِيَتُهُ عَدَدُ النّجُومِ».**

ئەنەس، ھۇزەيفە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ساھابىلىرىمدىن بىر تۈركۈم كىشىلەر ھەۋزى كەۋسەر بويىدا مېنىڭ قېشىمغا كېلىدۇ، مەن ئۇلارنى كۆرۈپ تونىغان چېغىمدا ئۇلار مەندىن چەكلىنىپ ئايرىلىپ كېتىدۇ، مەن ئى رەببىم ئۇلار مېنىڭ ساھابىلىرىم، ھەمراھلىرىم ئىدى دەپ قالىمەن، ئاندىن ماڭا ھەققەتەن سەن ئۇلارنىڭ سەندىن كېيىن نېمىلەرنى پەيدا قىلغىنىنى بىلمەيسەن دېيىلىدۇ، (باشقا خاتىرىدە مۇرتەد بولۇپ، دىندىن قايتۇۋالغانلىقى سۆزلىنىدۇ، راستىنلا بەزىلەر رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ۋاپات تاپقاندا يېنىۋالغان). ئەھمەد، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ، دىندىن مۇرتەد بولۇپ يېنىۋالغانلار، ساھابىلار، تابىئىنلار دېيىلمەيدۇ.

**5945 ـ وحدّثنا عَاصِمُ بْنُ النّضْرِ التّيْمِيّ وَ هُرَيْمُ بْنُ عَبْدِ الأعْلَىَ (وَاللّفْظُ لِعَاصِمٍ). حَدّثنَا مُعْتَمِرٌ. سَمِعْتُ أبِي. حَدّثنَا قَتَادَةُ عَنْ أنَسِ بْنِ مَالِكٍ، عَنِ النّبيّ صلى الله عليه وسلم. قَالَ: «مَا بَيْنَ نَاحِيَتَيْ حَوْضِي كَمَا بَيْنَ صَنْعَاءَ وَالْمَدِينَةِ».**

5946 ـ وحدّثنا هَرُونُ بْن عَبْد اللّهِ. حَدّثنا عَبْدُ الصّمَدِ. حَدّثنا هِشَامٌ. ح وَحَدّثنا حَسَنُ بْنُ عَلِيَ الْحُلْوَانِيّ. حَدّثنا أَبُو الْوَلِيدِ الطّيَالِسِيّ. حَدّثنا أَبُو عَوَانَةَ. كِلاَهُمَا عَنْ قَتَادَةَ، عَنْ أَنَسٍ، عَنِ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم. بِمِثْلِهِ، غَيْرَ أَنّهُمَا شَكّا فَقَالاَ: أَوْ مِثْلَ مَا بَيْنَ الْمَدِينَةِ وَعَمّانَ. وَفِي حَدِيثِ أَبِي عَوَانَةَ «مَا بَيْنَ لاَبَتَيْ حَوْضِي».

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كەۋسەر كۆلۈمنىڭ كەڭلىكى خۇددى سەنئا بىلەن مەدىنىدەك ياكى مەدىنە بىلەن ئۇممانىنىڭ ئارىلىقىدەك كېلىدۇ، ئۇ جايدا ئاسماننىڭ يۇلتۇزلىرىدىن كۆپرەك ئالتۇن — كۈمۈشتىن بولغان قاچا، جام، ئىبرىقلارنى كۆرىسەن. ئەھمەد، مۇسلىم، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

5947 ـ وحدّثني يَحْيَى بْنُ حَبِيبٍ الْحَارِثِيّ وَ مُحَمّدُ بْنُ عَبْدِ اللّهِ الرّزّي. قَالاَ: حَدّثنا خَالِدُ بْنُ الْحَارِثِ عَنْ سَعِيدٍ، عَنْ قَتَادَةَ. قَالَ: قَالَ أَنَسٌ: قَالَ نَبِيّ اللّهِ صلى الله عليه وسلم «تُرَى فِيهِ أَبَارِيقُ الذّهَبِ وَالْفِضّةِ كَعَدَدِ نُجُومِ السّمَاءِ».

5948 ـ وَحَدّثنِيهِ زُهَيْرُ بْنُ حَرْبٍ. حَدّثنا الْحَسَنُ بْنُ مُوسَى. حَدّثنا شَيْبَانُ عَنْ قَتَادَةَ. حَدّثنا أَنَسُ بْنُ مَالِكٍ أَنّ نَبِيّ اللّهِ صلى الله عليه وسلم قَالَ مِثْلَهُ. وَزَادَ «أَوْ أَكْثَرُ مِنْ عَدَدِ نُجُومِ السّمَاءِ».

5949 ـ حدّثني الْوَلِيدُ بْنُ شُجَاعِ بْنِ الْوَلِيدِ السّكُونِيّ. حَدّثنِي أَبِي (رَحِمَهُ اللّهُ). حَدّثنِي زِيَادُ بْنُ خَيْثَمَةَ عَنْ سِمَاكِ بْنِ حَرْبٍ، عَنْ جَابِرِ بْنِ سَمُرَةَ، عَنْ رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم قَالَ: «أَلاَ إِنّي فَرَطٌ لَكُمْ عَلَى الْحَوْضِ. وَإِنّ بُعْدَ مَا بَيْنَ طَرَفَيْهِ كَمَا بَيْنَ صَنْعَاءَ وَأَيْلَةَ. كَأَنّ الأَبَارِيقَ فِيهِ النّجُومُ».

جابىر ئىبنى سۇمرەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاگاھ بولۇڭلاركى، ھەققەتەن مەن سىلەرنى ھەۋزى كەۋسەر بويىدا ساقلاپ تۇرىمەن، ھەققەتەن ئۇنىڭ ئىككى تەرىپىنىڭ ئارىلىقى سەنئا بىلەن ئەيلەت شەھىرىنىڭ ئارىلىقىدەك شۇنداق كېلىدۇ، ئۇنىڭ ئالتۇن ـ كۈمۈشتىن بولغان ئورۇق، ئاپتۇۋا، چەينەك، قاچىلىرى يۇلتۇزدەك كۆپتۇر، ئەھمەد،

5950 ـ حدّثنا قُتَيْبَةُ بْنُ سَعِيدٍ وَ أَبُو بَكْرِ بْنُ أَبِي شَيْبَةَ. قَالاَ: حَدّثنا حَاتِمُ بْنُ إِسْمَاعِيلَ عَنِ الْمُهَاجِرِ بْنِ مِسْمَارٍ، عَنْ عَامِرِ بْنِ سَعْدِ بْنِ أَبِي وَقّاصٍ. قَالَ: كَتَبْتُ إِلَى جَابِرِ بْنِ سَمُرَةَ مَعَ غُلاَمِي نَافِعٍ: أَخْبِرْنِي بِشَيْءٍ سَمِعْتَهُ مِنْ رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم. قَالَ فَكَتَبَ إِلَيّ: إِنّي سَمِعْتُهُ يَقُولُ: «أَنَا الْفَرَطُ عَلَى الْحَوْضِ».

رەسۇلۇللاھ مۇنداق دېگەن: مەن سىلەرنى بۇرۇن بېرىپ ھەۋزى كەۋسەردە كۈتۈپ تۇرىمەن، ئەھمەد، بەيھەقى، جۇندۇب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، بۇخارى، ئىبنى مەسئۇددىن، 6089 ــ ھەدىس، مۇسلىم، جابىر ئىبنى سۇمرەتتىن، مۇسلىم 4250 ــ ھەدىس، ئىبنى ماجە 3048 ــ ھەدىس، سەھىھ.

سەۋبان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مېنىڭ ھەۋزى كۆلۈمنىڭ كەڭلىكى ئەدەندىن باشلاپ، ئۇممانۇلبۇلقاغىچە كېلىدۇ، سۈيى سۈتتىن ئاق، ھەسەلدىن تاتلىق، قاچا، جاملىرى ئاسماندىكى يۇلتۇزلارنىڭ سانىدەك كۆپتۇر، ئۇنىڭدىن بىر قېتىم ئىچكەن كىشى، مەڭگۈ ئۇسسىمايدۇ، كەۋسەر كۆلىگە تۇنجى بولۇپ سۇ ئىچكىلى كېلىدىغانلار مۇھاجىرلارنىڭ پېقىر كىشىلىرى بولۇپ، چاچلىرى چۇۋۇق،

كىيىملىرى كىر، ئىپسل ئاياللارنى نىكاھىغا ئىلىپ لەززەتلىنىپ باقمىغان، ئۇلار ئۇچۈن ھاجەت راۋا بولۇشنىڭ ئىشىكلىرى ئىچىلىپ باقمىغان، شۇنداق پېقىر، نامرات مۇھاجىرلار ئىدى،ئەھمەد،ئىبنى ماجە، تىرمىزى، ھاكىم، سەھىھ.

### 1060 ـ باب في قتال جبريل وميكائيل عن النبي صلى الله عليه وسلم، يوم أحد

### جىبرئىل بىلەن مىكائىلنىڭ رەسۇلۇللاھ نى قوغداپ ئۇرۇش قىلىشى ۋە رەسۇلۇللاھ نىڭ باتۇرلىقى

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: مەن دۇنيا ئاخىرەتتە مەريەم ئوغلى ئەيساغا باشقىلاردىن لايىقراق، ئەلاراق بولىمەن (يەنى يېقىن بولىمەن) مەن بىلەن ئۇنىڭ ئارىسىدا پەيغەمبەر يوق (ئەيسا ئەۋەتكەن دەۋەتچىلەر بار) پەيغەمبەرلەر دادا بىر ، ئانىلىرى باشقا ــ باشقا قېرىنداش ئەۋلادلاردۇر، (يەنى ئانىلىرى بىر ئەمەس، نەسەپ كۆتىكى بىردۇر) ئۇلارنىڭ ئانىلىرى خىلمۇ ــ خىل بولىدۇ،

يەنى (ھەرخىل مىللەت، چېچىلاڭغۇ ) لېكىن، بارلىق پەيغەمبەرلەرنىڭ دىنى بىر (ئۇ بولسا، ئىسلام دىنىدۇر، بۇ سەھىھ ھەدىستىن ئادەم ئاتا، نۇھ ئەلەيھىسسالامدىن باشلاپ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگىچە بارلىق پەيغەمبەرلەرنىڭ دىنى ئىسلام دىنى دېگەن چىقىدۇ، بۇ ھەدىس، ئەبۇ داۋۇد 4055 ـ ھەدىس، ئەھمەد 8902 ـ ھەدىس، مۇسلىم 4361 ـ ھەدىس، بەيھەقى، ھەتتا بۇخارىدىمۇ باردۇر، سەھىھ.

6080 ـ حدّثنا أبُو بَكْرِ بْنُ أبِي شَيْبَةَ. حَدّثنَا عَبْدُ الأعْلَىَ عَنْ مَعْمَرٍ، عَنِ الزّهْرِيّ، عَنْ سَعِيدٍ، عَنْ أبِي هُرَيْرَةَ أنّ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم قَالَ: «مَا مِنْ مَوْلُودٍ يُولَدُ إلاّ نَخَسَهُ الشّيْطَانُ. فَيَسْتَهِلُ صَارِخاً مِنْ نَخْسَةِ الشّيْطَانِ. إلاّ ابْنَ مَرْيَمَ وَأُمّهُ». ثُمّ قَالَ أبُو هُرَيْرَةَ: اقْرَأوا إنْ شِئْتُمْ: {وَإنّي أُعِيذُهَا بِكَ وَذُرّيّتَهَا مِنَ الشّيْطَانِ الرّجِيمِ} (3آل عمران الآية: 63).

6081 ـ وحَدّثنِيهِ مُحَمّدُ بْنُ رَافِعٍ. حَدّثنَا عَبْدُ الرّزّاقِ. أخْبَرَنَا مَعْمَرٌ.ح وحَدّثنِي عَبْدُ اللّهِ بْنُ عَبْدِ الرّحْمَنِ الدّارِمِيّ. حَدّثنَا أبُو الْيَمَانِ. أخْبَرَنَا شُعَيْبٌ. جَمِيعاً عَنِ الزّهْرِيّ، بِهَذَا الإسْنَادِ. وَقَالاَ: «يَمَسّهُ حِينَ يُولَدُ، فَيَسْتَهِلّ صَارِخاً مِنْ مَسّةِ الشّيْطَانِ إيّاهُ» وَفِي حَدِيثِ شُعَيْبٍ «مِنْ مَسّ الشّيْطَانِ».

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەر قانداق ئادەم بالىسى تۇغۇلىدىكەن، ئۇ تۇغۇلغان چاغدا شەيتان ئۇنى چىمدىپ چېقىلىدۇ، بالا شەيتاننىڭ چىمدىشىدىن ئاۋاز قىلىپ يىغلاپ كېتىدۇ، لېكىن، مەريەم بىلەن ئۇنىڭ ئوغلى ئەيسا بۇنىڭدىن مۇستەسنادۇر، (چۈنكى، سۈرە ئال ئىمران 63 ـ ئايەتتە مەريەمنىڭ ئانىسى ئاللاھقا سېغىنىپ، ئەۋلادلىرىنى شەيتاندىن پاناھ تىلىۋالغان، ئەۋلادلىرى ئۈچۈنمۇ پاناھ تىلىگەن). بۇخارى،مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.

6082 ـ حدّثنِي أبُو الطّاهِرِ. أخْبَرَنَا ابْنُ وَهْبٍ. حَدّثنِي عَمْرُو بْنُ الْحَارِثِ أنّ أبَا يُونُسَ سُلَيْماً، مَوْلَىَ أبِي هُرَيْرَةَ، حَدّثَهُ عَنْ أبِي هُرَيْرَةَ، عَنْ رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم أنّهُ قَالَ: «كُلّ بَنِي آدَمَ يَمَسّهُ الشّيْطَانُ يَوْمَ وَلَدَتْهُ أُمّهُ، إلاّ مَرْيَمَ وَابْنَهَا».

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مەريەم ئوغلى ئەيسادىن باشقا بارلىق ئادەم بالىلىرىنىڭ ھەممىسى تۇغۇلغان چاغدا، شەيتان بارماقلىرى بىلەن ئۇنىڭ يېنىنى، بىقىنىنى چىمدىپ، ئازار بېرىپ يىغلىتىدۇ، شەيتان ئەيسانى چىمدىشقا باشلىغاندا، پەردە، ھىجاب ئىچىدە چىمدىدى، لېكىن، ئەيسانى ھەقىقى چىمدىپ ئازار بېرىپ يىغلىتالمىدى. بۇخارى،مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.

6083 ـ حدّثنَا شَيْبَانُ بْنُ فَرّوخَ. أخْبَرَنَا أبُو عَوَانَةَ عَنْ سُهَيْلٍ، عَنْ أبِيهِ، عَنْ أبِي هُرَيْرَةَ قَالَ: قَالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: «صِيَاحُ الْمَوْلُودِ حِينَ يَقَعُ، نَزْغَةٌ مِنَ الشّيْطَانِ».

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىچىك بالىنىڭ تۇغۇلۇپ چۇشكەندىكى يىغا ئاۋازى، شەيتاننىڭ چىمدىشىدۇر، ئازار بېرىشىدۇر،بۇخارىي، مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ، ئەيسا بىلەن مەريەم بۇنىڭدىن مۇستەسنادۇر

6084 ـ حدّثنِي مُحَمّدُ بْنُ رَافِعٍ. حَدّثنَا عَبْدُ الرّزّاقِ. حَدّثنَا مَعْمَرٌ عَنْ هَمّامِ بْنِ مُنَبّهٍ. قَالَ: هَذَا مَا حَدّثنَا أبُو هُرَيْرَةَ عَنْ رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم. فَذَكَرَ أحَادِيثَ مِنْهَا: وَقَالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: «رَأَى عِيسَى ابْنُ مَرْيَمَ رَجُلاً يَسْرِقُ. فَقَالَ لَهُ عِيسَى: سَرَقْتَ؟ قَالَ: كَلاّ. وَالّذِي لاَ إلَهَ إلاّ هُوَ فَقَالَ عِيسَى: ءَامَنْتُ بِاللّهِ. وَكَذّبْتُ نَفْسِي».

## سەھىھ مۇسلىمنىڭ تەرجىمىسى

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: مەريەم ئوغلى ئىيسا ئەلەيھىسسالام بىر كىشىنىڭ ئوغرىلىق قىلغىنىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭغا ؛ سەن ئوغرىلىق قىلدىڭمۇ؟ دېسە، ئۇ كىشى؛ ئۆزىدىن باشقا ھىق ئىلاھ بولمىغان ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، مەن ھەرگىز ئوغرىلىق قىلمىدىم دېدى، ئەيسا: مەن ئاللاھقا شەكسىز ئىشەندىم، ئىمان كەلتۈردۈم، مېنىڭ نەپسىم يەنى كۆزۈم يالغانچى ئوخشايدۇ دېدى، ئەھمەد، بەيھەقى،مۇسلىم، نەسەئى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ

***1091 - باب من فضائل إبراهيم الخليل صلى الله عليه وسلم***

**6085 –6086 –6087 - حدّثنا أبُو بَكْرِ بْنُ أبي شَيْبَة. حَدّثنا عَلِيّ بْنُ مُسْهِرٍ و ابْنُ فُضَيْلٍ عَنِ الْمُخْتَارِ. ح وَحَدّثني عَلِيّ بْنُ حُجْرٍ السّعْدِيّ (وَاللفْظُ لَهُ). حَدّثنَا عَلِيّ بْنُ مُسْهِرٍ. أخْبَرَنَا الْمُخْتَارُ بْنُ فُلْفُلٍ عَنْ أنَسِ بْنِ مَالِكٍ. قالَ: جَاءَ رَجُلٌ إلَى رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم فقَالَ: يَا خَيْرَ الْبَرِيّةِ فقَالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: «ذَاكَ إبْرَاهِيمُ عَلَيْهِ السّلاَمُ».**

ئەنەس رەزىيەللاھۇئەنھۇدىن، بىركىشى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللە منى«ئى بارچە مەخلۇقلارنىڭ ئەڭ ياخشىسى!»دەپ چاقىرىۋىدى، رەسۇلۇللاھ:«ئەشۇ بارچە مەخلۇقلارنىڭ ئەڭ ياخشىسى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامدۇر»دېدى

**6088 - حدّثنا قُتَيْبَة بْنُ سَعِيدٍ. حَدّثنَا الْمُغِيرَةُ (يَعْنِي ابْنَ عَبْدِ الرّحْمَن الْحِزَامِيّ) عَنْ أبِي الزّنَادِ، عَنِ الأعْرَجِ، عَنْ أبي هُرَيْرَة قَالَ: قَالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: «اخْتَتَنَ إبْرَاهِيمُ، النّبيّ عَلَيْهِ السّلاَمُ، وَهُوَ ابْنُ ثَمَانِينَ سَنَة، بِالْقَدُومِ».**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: پەيغەمبەر ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام 80 ياشقا كىرگەندە ئۆزىنى _ ئۆزى كەكىدە خەتنە قىلغان ئىدى.بۇخارى،مۇسلىم، ئەھمەد، بەيھەقى

**6089 - وحدّثني حَرْمَلَة بْنُ يَحْيَى. أخْبَرَنَا ابْنُ وَهْبٍ. أخْبَرَنِي يُونُسُ عَنِ ابْنِ شِهَابٍ، عَنْ أبي سَلَمَة بْنِ عَبْدِ الرّحْمَنِ وَ سَعِيدِ بْنِ الْمُسَيّبِ، عَنْ أبي هُرَيْرَة أنّ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم قالَ: «نَحْنُ أحَقّ بِالشّكّ مِنْ إبْرَاهِيمَ. إذْ قالَ: رَبّ أرِني كَيْفَ تُحْيي الْمَوْتَى. قالَ: أوَ لَمْ تُؤْمِنْ قالَ: بَلَى وَلَكِنْ لِيَطْمَئِنّ قَلْبِي. وَيَرْحَمُ اللّهُ لُوطاً. لَقَدْ كَانَ يَأْوِي إلَى رُكْنٍ شَدِيدٍ. وَلَوْ لَبِثْتُ فِي السّجْنِ طُولَ لَبْثِ يُوسُفَ لأجَبْتُ الدّاعِيَ».**

**6090 - وحدّثناه إنْ شَاءَ اللّهُ، عَبْدُ اللّهِ بْنُ مُحَمّدِ بْنِ أسْمَاءَ. حَدّثنَا جُوَيْرِيَة عَنْ مَالِكٍ، عَنِ الزّهْرِيّ أنّ سَعِيدَ بْنَ الْمُسَيّبِ وَ أبَا عُبَيْدٍ أخْبَرَاهُ عَنْ أبي هُرَيْرَة، عَنْ رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم. بِمَعْنَى حَدِيثِ يُونُسَ عَنِ الزّهْرِيّ.**

**6091 - وحدّثني زُهَيْرُ بْنُ حَرْبٍ. حَدّثنَا شَبَابَة. حَدّثنَا وَرْقَاءُ عَنْ أبي الزّنَادِ، عَنِ الأعْرَجِ، عَنْ أبي هُرَيْرَة، عَنِ النّبيّ صلى الله عليه وسلم قَالَ: «يَغْفِرُ اللّهُ لِلُوطٍ إنّهُ أوَى إلَى رُكْنٍ شَدِيدٍ».**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: بىز شەككە يەنى قەلبىمىزنى خاتىرجەم قىلىشقا ئىبراھىمدىنمۇ بەكىراق لايىقراقمىز، ئۇز ۋاختىدا ئۇ: «ئى رەببىم! ئۆلۈكلەرنى قانداق قايسى ھالەتتە تىرىلدۈرىدىغانلىقىڭنى ماڭا كۆرسەتسەڭ دېدى. ئاللاھ ئۇنىڭغا: سەن تېخى ئىمان كەلتۈرۈپ مۆئمىن بولمىدىڭمۇ؟ دېدى. ئىبراھىم ئۇنداق ئەمەس، مەن مۆئمىن، شەكسىز ئىشەنگۈچى، لېكىن، قەلبىم ئارام تاپسۇن، خاتىرجەم بولسۇن ئۈچۈن سورىدۇم دېدى». ئاللاھ لۇتقا رەھمەت قىلسۇن، ھەققەتەن ئۇ ئىلتىجا قىلىدىغان كۈچلۈك جەمەتكە يەنى قوشۇنغا ئىبرىشكەن. چۈنكى، ئاللاھ ۋە پەرىشتىلەر ئۇنىڭ بىلەن بىللە ئىدى، لېكىن، ئۇ كاشكى مېنىڭ كۈچ _ قۇۋۋىتىم بولسا ئىدى، ياكى ئىلتىجا قىلىدىغان كۈچلۈك جەمەتىم

بولسا ئىدى، چوقۇم سىلەرگە زەربە بەرگەن بولاتتىم دەپ سالدى» سۈرە ھود 80 _ ئايەت. ئەگەر مەن تۈرمە ئىچىدە يۈسۈف تۇرغاندەك ئۇزۇن تۇرغان بولسام، ئەلۋەتتە چاقىرىپ كەلگەن كىشىگە جاۋاب بېرىپ تۈرمىدىن چىقىپ كەتكەن بولاتتىم، مەن يۈسۈفنىڭ سەبىرسىدىن ھەيران قالدىم.بۇخارى،مۇسلىم، ئەھمەد، بەيھەقى، ئىبنى ماجەلە

6092 ـ وحدّثني أبُو الطاهِر. أخْبَرَنَا عَبْدُ اللّهِ بْنُ وَهْبٍ. أخْبَرَنِي جَرِيرُ بْنُ حَازِمٍ عَنْ أيّوبَ السّخْتِيانِيّ، عَنْ مُحَمّدِ بْنِ سِيرِينَ، عَنْ أبِي هُرَيْرَةَ أنّ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم قالَ: «لَمْ يَكْذِبْ إبْرَاهِيمُ النّبِيّ، عَلَيْهِ السّلاَمُ، قطّ إلاّ ثلاَثَ كَذَبَاتٍ. ثِنْتَيْنِ فِي ذَاتِ اللّهِ. قَوْلُهُ: إنّي سَقِيمٌ. وَقَوْلُهُ: بَلْ فَعَلَهُ كَبِيرُهُمْ هَذَا. وَوَاحِدَةً فِي شَأْنِ سَارَةَ. فَإنّهُ قَدِمَ أرْضَ جَبّارٍ وَمَعَهُ سَارَةُ. وَكَانَتْ أحْسَنَ النّاسِ. فقَالَ لَهَا: إنّ هَذَا الْجَبّارَ، إنْ يَعْلَمْ أنّكِ امْرَأتِي، يَغْلِبْنِي عَلَيْكِ. فَإنْ سَألَكِ فَأخْبِرِيهِ أنّكِ أُخْتِي. فَإنّكِ أُخْتِي فِي الإسْلاَمِ. فَإنّي لاَ أعْلَمُ فِي الأرْضِ مُسْلِماً غَيْرِي وَغَيْرَكِ. فَلَمّا دَخَلَ أرْضَهُ رَآهَا بَعْضُ أهْلِ الْجَبّارِ. أتَاهُ فقَالَ لَهُ: لَقَدْ قَدِمَ أرْضَكَ امْرَأةٌ لاَ يَنْبَغِي لَهَا أنْ تَكُونَ إلاّ لَكَ. فَأرْسَلَ إلَيْهَا فَأُتِيَ بِهَا. فَقَامَ إبْرَاهِيمُ عَلَيْهِ السّلاَمُ إلَى الصّلاَةِ. فَلَمّا دَخَلَتْ عَلَيْهِ لَمْ يَتَمَالَكْ أنْ بَسَطَ يَدَهُ إلَيْهَا. فَقُبِضَتْ يَدُهُ قَبْضَةً شَدِيدَةً. فقَالَ لَهَا: ادْعِي اللّهَ أنْ يُطْلِقَ يَدِي وَلاَ أضُرّكِ. فَفَعَلَتْ. فَعَادَ. فَقُبِضَتْ أشَدّ مِنَ الْقَبْضَةِ الأُولَى. فقَالَ لَهَا مِثْلَ ذلِكَ. فَفَعَلَتْ. فَعَادَ. فَقُبِضَتْ أشَدّ مِنَ الْقَبْضَتَيْنِ الأُولَيَيْنِ. فقَالَ: ادْعِي اللّهَ أنْ يُطْلِقَ يَدِي. فَلَكِ اللّهَ أنْ لاَ أضُرّكِ. فَفَعَلَتْ. وَأُطْلِقَتْ يَدُهُ. وَدَعَا الّذِي جَاءَ بِهَا فقَالَ لَهُ: إنّكَ إنّمَا أتَيْتَنِي بِشَيْطَانٍ. وَلَمْ تَأْتِنِي بِإنْسَانٍ. فَأخْرِجْهَا مِنْ أرْضِي، وَأعْطِهَا هَاجَرَ.
قَالَ: فَأقْبَلَتْ تَمْشِي، فَلَمّا رَآهَا إبْرَاهِيمُ عَلَيْهِ السّلاَمُ انْصَرَفَ. فقَالَ لَهَا: مَهْيَمْ؟ قَالَتْ: خَيْراً. كَفّ اللّهُ يَدَ الْفَاجِرِ. وَأخْدَمَ خَادِماً.
قَالَ أبُو هُرَيْرَةَ: فَتِلْكَ أُمّكُمْ يَا بَنِي مَاءِ السّمَاءِ.

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام پەقەت ئۈچ قېتىم يالغان سۆزلەپ قويغان، (ئەمەلىيەتتە بۇ يالغانچىلىق ئەمەس) بىرى ئاياللى توغرىسىدا، ئىككىسى ئاللاھنىڭ بارلىق بىرلىكى توغرىسىدا، تەۋھىد مەسىلىسىدە دىنسىز، مۇشرىكلەرگە قارشى دىيىلگەن ئىدى، بۇتنى چېقىش مەخسىتىدە «مەن كېسەل» دەپ قويۇپ، ئايرىلىپ قالغان، يەنە بىرى بۇتنى سەن چاقتىڭمۇ؟ دىيىلگەندە، «مەن ئەمەس، بەلكى ئۇلارنىڭ چوڭراقى چاققاندۇ، بۇتلاردىن سوراپ بېقىڭلار»، دىگەن سۆزىدۇر، ئۈچىنچىسى بولسا، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئايالى سارە بىلەن زالىم، زومىگەر بىر پادىشاھنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ قالىدۇ، ئۇ پادىشاھقا: ھەققەتەن بۇ جايغا بىر كىشى كەپتۇ، ئۇنىڭ بىلەن بىرگە كىشىلەرنىڭ ئەڭ گۈزەل، چىرايلىق، كېلىشكەنرەكى بولغان بىر ئايال بار ئىكەن دىيىلدى، پادىشاھ، ئىبراھىمغا ئەلچى ئەۋەتىپ، بۇ سارە توغرىسىدا سورىدى، ئۇ كىم؟ سېنىڭ نېمەڭ بولىدۇ، دېدى، ئىبراھىم؛ ئۇ مېنىڭ سىڭلىم، ھەمشىرەم دېدى، ئاندىن سارەگە كېلىپ، ئى سارە! يەر يۈزىدە مەندىن ۋە سەندىن باشقا بىرمۇ مۆئمىن يوق، بۇ پادىشاھ مەندىن سېنى سورىغان ئىدى، مەن ئۇنىڭغا سىڭلىم دەپ قويدۇم، مېنى يالغانچى قىلمىساڭ دېدى، (ئۇختى دىگەن قېرىنداش مەنىسىدە بولاتتى)، پادىشاھ، سارەگە ئەلچى ئەۋەتىپ، سارە كىرگەندە، ئۇنىڭغا قول سۇندى، شۇئان ئاللاھنىڭ قۇدرىتى بىلەن ئۇنىڭ قولى تۇتۇلۇپ قالدى، يەنى ئىشلىمەس بولۇپ قالدى، ئاندىن

ئۇ، ئاللاھقا دۇئا قىلساڭ، قولۇم  ساقايسا مەن ساڭا زەرەر يەتكۈزمەيمەن دېدى، سارە ئاللاھقا دۇئا قىلدى، ئۇنىڭ قولى قويۇپ بېرىلىپ، ساقايدى، ئۇ ئاندىن سارەگە، ئىككىنچى قېتىم قول سۇنۇشدى، قولى ئالدىنقىدەك ئوخشاش بەلكى قاتتىقراق تۇتۇلۇپ قالدى، كارغا كەلمىدى، ئۇ يەنە، ئاللاھقا مەن ئۈچۈن دۇئا قىلساڭ، ئەمدى قەتئىي ساڭا زەرەر يەتكۈزمەيمەن دېدى، سارە، دۇئا قىلدى، ئۇنىڭ قولى ساقايدى، ئۇ خاس ھاجىپلىرىنىڭ بەزىسنى چاقىرتىپ، ھەققەتەن سەن ماڭا ئىنساننى ئېلىپ كەلمەي، شەيتاننى ئېلىپ كەپسەن دېدى، ۋە سارەگە ھاجەرنى خادىم، چۆرىلىككە بەردى، سارە، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا كەلگەندە، ئۇ ناماز ئوقۇۋاتاتتى، قولى بىلەن ئىشارەت قىلىپ قانداق بولدى؟ دېدى، سارە: ئاللاھتائالا پاجىر كاپىرنىڭ ھىيلە — مىكرىنى ئۆزىگە قايتۇردى، خار ھالدا زىيانغا ئۇچراتتى، ئۇ تېخى ھاجەرنى خىزمەتچىلىككە بەردى دېدى، (ئى ئاسمان سۈيىنىڭ باللىرى!يەنى ئەرەپلەر!ئاشۇ ھاجەر، ئەرەبلەرنىڭ خۇشۇسەن ئىسمائىلنىڭ ئانىسى ئىدى).

بۇخارى 3108 ــ ھەدىس، مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد، ئەھمەد، بەيھەقىلار توپلىغان، سەھىھ.

**1092 – باب من فضائل موسى صلى الله عليه وسلم**

**6093 – حدثني مُحَمّدُ بْنُ رَافِعٍ. حَدّثنَا عَبْدُ الرّزّاقِ. أَخْبَرَنَا مَعْمَرٌ عَنْ هَمّامِ بْنِ مُنَبّهٍ. قَالَ هَذَا مَا حَدّثنَا  أَبُو هُرَيْرَةَ عَنْ رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم فَذَكَرَ أَحَادِيثَ مِنْهَا: وَقَالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: «كَانَتْ بَنُو إِسْرَائِيلَ يَغْتَسِلُونَ عُرَاةً. يَنْظُرُ بَعْضُهُمْ إِلَىَ سَوْأَةِ بَعْضٍ. وَكَانَ مُوسَىَ عَلَيْهِ السّلاَمُ يَغْتَسِلُ وَحْدَهُ. فَقَالُوا: وَاللّهِ مَا يَمْنَعُ مُوسَىَ أَنْ يَغْتَسِلَ مَعَنَا إِلاّ أَنّهُ آدَرُ. قَالَ: فَذَهَبَ مَرّةً يَغْتَسِلُ. فَوَضَعَ ثَوْبَهُ عَلَىَ حَجَرٍ. فَفَرّ الْحَجَرُ بِثَوْبِهِ. قَالَ: فَجَمَحَ مُوسَىَ بِأَثَرِهِ يَقُولُ: ثَوْبِي. حَجَرُ ثَوْبِي. حَجَرُ حَتّىَ نَظَرَتْ بَنُو إِسْرَائِيلَ إِلَىَ سَوْأَةِ مُوسَىَ. فَقَالُوا: وَاللّهِ مَا بِمُوسَىَ مِنْ بَأْسٍ.  فَقَامَ الْحَجَرُ بَعْدُ، حَتّىَ نُظِرَ إِلَيْهِ. قَالَ: فَأَخَذَ ثَوْبَهُ فَطَفِقَ بِالْحَجَرِ ضَرْباً». قَالَ أَبُو هُرَيْرَةَ: وَاللّهِ إِنّ بِالْحَجَرِ نَدَباً سِتّةٌ أَوْ سَبْعَةٌ. ضَرْبُ مُوسَىَ عَلَيْهِ السّلاَمُ بِالْحَجَرِ.**

**6094 – وحدّثنا يَحْيَىَ بْنُ حَبِيبٍ الْحَارِثِيّ. حَدّثنَا يَزِيدُ بْنُ زُرَيْعٍ. حَدّثنَا خَالِدٌ الْحَذّاءُ عَنْ عَبْدِ اللّهِ بْنِ شَقِيقٍ قَالَ: أَنْبَأَنَا  أَبُو هُرَيْرَةَ قَالَ: كَانَ مُوسَىَ عَلَيْهِ السّلاَمُ رَجُلاً حَيِيّا. قَالَ: فَكَانَ لاَ يُرَىَ مُتَجَرّداً. قَالَ: فَقَالَ بَنُو إِسْرَائِيلَ: إِنّهُ آدَرُ. قَالَ: فَاغْتَسَلَ عِنْدَ مُوَيْهٍ. فَوَضَعَ ثَوْبَهُ عَلَىَ حَجَرٍ. فَانْطَلَقَ الْحَجَرُ يَسْعَىَ. وَاتّبَعَهُ بِعَصَاهُ يَضْرِبُهُ: ثَوْبِي. حَجَرُ ثَوْبِي. حَجَرُ حَتّىَ وَقَفَ عَلَىَ مَلإٍ مِنْ بَنِي إِسْرَائِيلَ. وَنَزَلَتْ: {يَا أَيّهَا الّذِينَ ءَامَنُوا لاَ تَكُونُوا كَالّذِينَ ءَاذَوْا مُوسَىَ فَبَرّأَهُ اللّهُ مِمّا قَالُوا وَكَانَ عِنْدَ اللّهِ وَجِيهاً} (33الأحزاب الآية: 96).**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:    بەنى ئىسرائىللەر بەزىسى بەزىسىنىڭ ئەۋرىتىگە قارىشىپ قىپ يالىڭاچ يۇيىنىشاتتى، ھەققەتەن مۇسا ئەلەيھىسسالام بەكمۇ ھايالىق كىشى ئىدى، يۇيۇنسا، پەردە تارتىپ     يالغۇزيۇيىناتتى، مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ قاتتىق ھايا قىلغانلىقىدىن، تارتىنغانلىقىدىن، ئۇنىڭ بەدىنىدىن ھېچبىرى كۆرۈنۈپ باقمىغان، بەنى ئىسرائىللاردىن ئازار بەرگەن كىشىلەر ئۇنىڭغا ئازار بەردى، ئۇلار؛ مۇسا چوقۇم بەدىنىدە بىرەر ئەيىب بولغاچقا يا ئاق كېسەل، يا  يوداق بۆرىكى چىققا ق ياكى بىرەر ئاپەت بولغانلىقىدىن پەردىلىنىدۇ دېيىشتى، ھەققەتەن، ئاللاھ ئەززە ۋە جەللە مۇسانى ئۇلار دېگەن سۆزلەردىن ئەيىبلەردىن پاكلاشنى ئىرادە قىلدى، بىر كۈنى مۇسا ئەلەيھىسسالام خالى ھالدا يالغۇز يۇيۇندى،

كىيمنى بىر تاشنىڭ ئۈستىدە قويغان ئىدى، يۇيۇنۇپ بولۇپ، كىيمنى ئېلىپ، كىيش ئۈچۈن تاش تەرەپكە ماڭدى، تاش كىيمنى ئېلىپ قاچتى، (سۇبهانالال، بۇ ئالالھنىڭ قۇدرىتى) مۇسا ئەلەيھىسسالام ھاسىسنى ئېلىپ، تاشنى قوغلايتتى، ئۇ، ئى تاش، كىيمىنى قوي! ئى تاش مېنىڭ كىيمىم دەيتتى، تاش قېچىپ بېرىپ، بەنى ئىسرائىللارنىڭ جامائىتى يېنىغا باردى، ئۇلار مۇسا ئەلەيھىسسالامنى ئالالھ ياراتقان نەرسىنىڭ ئەڭ گۈزەل، چىرايلىق ھالىتىدە يالىڭاچ كۆردى، ئەڭ گۈزەللىكىنى كۆردى، ئالالھ ئۇنى ئۇلارنىڭ دىگەن تۆھمەتلىرىدىن پاكلىدى، تاش جىم تۇردى، ئۇ كىيمنى ئېلىپ كىيگەندىن كېيىن، ھاسىسى بىلەن تاشنى ئۇرۇشقا باشلىدى، ئالالھ بىلەن قەسەمكى، مۇسانىڭ ھاسا بىلەن ئۇرغان تەسىرىدىن، تاشتا ئۈچ تاتۇق ياكى بەش دانە ئىز قالدى، ئۇ ئىشلار بولسا، ئالالھنىڭ مۇشۇ سۆزىدە سۆزلەندى، «ئى مۆئمىنلەر! سىلەر مۇساغا ئازا          ر بەرگەن بەنى ئىسرائىللاردەك بولماڭلار، ئالالھ مۇسانى ئۇلارنىڭ ئېيتقان تۆھمەتلىرىدىن ئاقلىدى، مۇسا، ئالالھنىڭ دەرگاھىدا يۈز ئابرۇيلۇق ئىدى» سۈرە ئەھزاپ 69 ــ ئايەت. ئەھمەد، بۇخارى،مۇسلىم، تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.

6095 ـ وحدّثني مُحَمّدُ بْنُ رَافِعٍ وَ عَبْدُ بْنُ حُمَيْدٍ (قالَ عَبْدٌ: أخْبَرَنَا. وَقالَ ابْنُ رَافِعٍ: حَدّثَنَا) عَبْدُ الرّزّاق. أخْبَرَنَا مَعْمَرٌ عَنِ ابْنِ طَاوُسٍ. عَنْ أبِيهِ، عَنْ أبِي هُرَيْرَةَ قالَ: أُرْسِلَ مَلَكُ الْمَوْتِ إلَى مُوسَى عَلَيْهِ السّلاَمُ. فَلَمّا جَاءَهُ صَكّهُ فَفَقأَ عَيْنَهُ. فَرَجَعَ إلَى رَبّهِ فَقَالَ: أرْسَلْتَنِي إلَى عَبْدٍ لاَ يُرِيدُ الْمَوْتَ. قالَ: فَرَدّ اللّهُ إلَيْهِ عَيْنَهُ وَقالَ: ارْجِعْ إلَيْهِ. فَقُلْ لَهُ: يَضَعُ يَدَهُ عَلَى مَتْنِ ثَوْرٍ، فَلَهُ، بِمَا غَطّتْ يَدُهُ بِكُلّ شَعْرَةٍ، سَنَةٌ. قالَ: أيْ رَبّ ثُمّ مَهْ؟ قالَ: ثُمّ الْمَوْتُ. قالَ: فالآنَ. فَسَأَلَ اللّهَ أنْ يُدْنِيَهُ مِنَ الأرْضِ الْمُقَدّسَةِ رَمْيَةً بِحَجَرٍ. فَقالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: «فَلَوْ كُنْتُ ثَمّ، لأرَيْتُكُمْ قَبْرَهُ إلَى جَانِبِ الطّرِيق، تَحْتَ الْكَثِيبِ الأحْمَرِ».

6096 ـ حدّثنا مُحَمّدُ بْنُ رَافِعٍ. حَدّثَنَا عَبْدُ الرّزّاق. حَدّثَنَا مَعْمَرٌ عَنْ هَمّامِ بْنِ مُنَبّهٍ. قالَ هَذَا مَا حَدّثَنَا أبُو هُرَيْرَةَ عَنْ رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم. فَذَكَرَ أحَادِيثَ مِنْهَا: وَقالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم «جَاءَ مَلَكُ الْمَوْتِ إلَى مُوسَى عَلَيْهِ السّلاَمُ. فَقالَ لَهُ: أجِبْ رَبّكَ. قالَ فَلَطَمَ مُوسَى عَلَيْهِ السّلاَمُ عَيْنَ مَلَكِ الْمَوْتِ فَفَقَأهَا. قالَ فَرَجَعَ الْمَلَكُ إلَى اللّهِ تَعَالَى فَقَالَ: إنّكَ أرْسَلْتَنِي إلَى عَبْدٍ لَكَ لاَ يُرِيدُ الْمَوْتَ. وَقَدْ فَقَأَ عَيْنِي. قال فَرَدّ اللّهُ إلَيْهِ عَيْنَهُ وَقالَ: ارْجِعْ إلَى عَبْدِي فَقُلْ: الْحَيَاةَ تُرِيدُ؟ فَإنْ كُنْتَ تُرِيدُ الْحَيَاةَ فَضَعْ يَدَكَ عَلَى مَتْنِ ثَوْرٍ، فَمَا تَوَارَتْ يَدُكَ مِنْ شَعْرَةٍ. فَإنّكَ تَعِيشُ بِهَا سَنَةً. قالَ: ثُمّ مَهْ؟ قالَ: ثُمّ تَمُوتُ. قالَ: فَالآنَ مِنْ قَرِيبٍ. رَبّ أمِتْنِي مِنَ الأرْضِ الْمُقَدّسَةِ. رَمْيَةً بِحَجَرٍ. قالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: «وَاللّهِ لَوْ أنّي عِنْدَهُ لأرَيْتُكُمْ قَبْرَهُ إلَى جَانِبِ الطّرِيق، عِنْدَ الْكَثِيبِ الأحْمَرِ».

6097 ـ قالَ أبُو إسْحَقَ: حَدّثَنَا مُحَمّدُ بْنُ يَحْيَى. حَدّثَنَا عَبْدُ الرّزّاق. أخْبَرَنَا مَعْمَرٌ، بِمِثْلِ هَذَا الْحَدِيثِ.

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ئۆلۈم پەرىشتىسى، مۇسا ئەلەيھىسسالامغا ئەۋەتىلدى، ئۇ كېلىپ؛ رەببىڭنىڭ چاقىرىقىغا ئاۋاز قوشۇپ جېنىڭنى بەر،دىگەندە ، مۇسا ئەلەيھىسسالام بىرنى ئۇرۇپ، ئۇنىڭ كۆزىنى قويۇۋەتتى، پەرىشتە ئالالھنىڭ دەرگاھىغا قايتىپ، مىنى ئۆلۈمنى خالىمايدىغان بەندىگە ئەۋەتىپلا،ئۇ مىنىڭ كۆزۈمنى قويۇۋەتتى، دېدى، ئاندىن ئالالھ ئۇنىڭ كۆزىنى ئەسلىگە قايتۇرۇپ بېرىپ، مۇنداق دېدى، قايتىپ بېرىپ دىگىن، سەن ھايات قېلىشنى مەقسەت قىلامسەن؟ئەگەر ھايات قالماقچى بولساڭ، **الله** مۇنداق دەيدۇ؛مۇسا ئەلەيھىسسالام قولىنى كالىنىڭ دۈمبىسىگە قويسۇن، ئۇنىڭ قولى ياپقان بارلىق تۈكلەرنىڭ ھەربىرىنىڭ باراۋىرىدە بىر يىلدىن ئۆمۈر بىرەي، پەرىشتە كېلىپ شۇنداق دېدى، ئاندىن مۇسا

ئەلەيھىسسالام، كېيىنچۇ؟ دېۋىدى، ئاندىن يەنە ئۆلسەن دېدى، مۇسا ئەلەيھىسسالام، ئۇنداق بولسا، ھازىر ئۆلەي دەپ، ئاللاھدىن بەيتۇلمۇقەددەسكە بىر تاش ئېتىم مىقدارى يېقىن قىلىپ بېرىشنى سورىدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم دېدىكى؛ **اللہ** بىلەن قەسەمكى، ئەگەر مەن شۇ يەردە بولسام، يولنىڭ بىر تەرىپىدىكى، قىزىل دۆۋىنىڭ ئاستىدىكى ئۇنىڭ قەبرىسىنى سىلەرگە كۆرسىتىپ قويغان بولاتتىم، بۇخارى، مۇسلىم،ئەھمەد، بەيھەقى، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

6098 ـ حدّثني زُهَيْرُ بْنُ حَرْبٍ. حَدّثَنَا حُجَيْنُ بْنُ الْمُثَنّى. حَدّثَنَا عَبْدُ الْعَزِيزِ بْنُ عَبْدِ اللّهِ بْنِ أَبِي سَلَمَةَ عَنْ عَبْدِ اللّهِ بْنِ الْفَضْلِ الْهَاشِمِيّ، عَنْ عَبْدِ الرّحْمَـنِ الأَعْرَجِ، عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ قَالَ: بَيْنَمَا يَهُودِيّ يَعْرِضُ سِلْعَةً لَهُ أُعْطِيَ بِهَا شَيْئاً، كَرِهَهُ أَوْ لَمْ يَرْضَهُ ـ شَكّ عَبْدُ الْعَزِيزِ ـ قَالَ: لاَ. وَالّذِي اصْطَفَى مُوسَى عَلَيْهِ السّلاَمُ عَلَى الْبَشَرِ قَالَ: فَسَمِعَهُ رَجُلٌ مِنَ الأَنْصَارِ فَلَطَمَ وَجْهَهُ قَالَ: تَقُولُ: وَالّذِي اصْطَفَى مُوسَى عَلَيْهِ السّلاَمُ عَلَى الْبَشَرِ وَرَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم بَيْنَ أَظْهُرِنَا؟ قَالَ: فَذَهَبَ الْيَهُودِيّ إِلَى رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم فَقَالَ: يَا أَبَا الْقَاسِمِ إِنّ لِي ذِمّةً وَعَهْداً. وَقَالَ: فُلاَنٌ لَطَمَ وَجْهِي. فَقَالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: «لِمَ لَطَمْتَ وَجْهَهُ؟» قَالَ: قَالَ (يَا رَسُولَ اللّهِ): وَالّذِي اصْطَفَى مُوسَى عَلَيْهِ السّلاَمُ عَلَى الْبَشَرِ وَأَنْتَ بَيْنَ أَظْهُرِنَا. قَالَ: فَغَضِبَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم حَتّى عُرِفَ الْغَضَبُ فِي وَجْهِهِ. ثُمّ قَالَ: «لاَ تُفَضّلُوا بَيْنَ أَنْبِيَاءِ اللّهِ. فَإِنّهُ يُنْفَخُ فِي الصّورِ فَصُعِقَ مَنْ فِي السّمَاوَاتِ وَمَنْ فِي الأَرْضِ إِلاّ مَنْ شَاءَ اللّهُ. قَالَ: ثُمّ يُنْفَخُ فِيهِ أُخْرَى. فَأَكُونُ أَوّلَ مَنْ بُعِثَ. أَوْ فِي أَوّلِ مَنْ بُعِثَ. فَإِذَا مُوسَى عَلَيْهِ السّلاَمُ آخِذٌ بِالْعَرْشِ. فَلاَ أَدْرِي أَحُوسِبَ بِصَعْقَتِهِ يَوْمَ الطّورِ. أَوْ بُعِثَ قَبْلِي. وَلاَ أَقُولُ: إِنّ أَحَداً أَفْضَلُ مِنْ يُونُسَ بْنِ مَتّى عَلَيْهِ السّلاَمُ».

6099 ـ وَحَدّثَنِيهِ مُحَمّدُ بْنُ حَاتِمٍ. حَدّثَنَا يَزِيدُ بْنُ هَرُونَ. حَدّثَنَا عَبْدُ الْعَزِيزِ بْنُ أَبِي سَلَمَةَ، بِهَـذَا الإِسْنَادِ، سَوَاءً.

6100 ـ حدّثني زُهَيْرُ بْنُ حَرْبٍ وَ أَبُو بَكْرِ بْنُ النّضْرِ قَالاَ: حَدّثَنَا يَعْقُوبُ بْنُ إِبْرَاهِيمَ. حَدّثَنَا أَبِي عَنِ ابْنِ شِهَابٍ، عَنْ أَبِي سَلَمَةَ بْنِ عَبْدِ الرّحْمَـنِ وَ عَبْدِ الرّحْمَـنِ الأَعْرَجِ، عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ. قَالَ: اسْتَبّ رَجُلاَنِ، رَجُلٌ مِنَ الْيَهُودِ وَرَجُلٌ مِنَ الْمُسْلِمِينَ. فَقَالَ الْمُسْلِمُ: وَالّذِي اصْطَفَى مُحَمّداً صلى الله عليه وسلم عَلَى الْعَالَمِينَ وَقَالَ الْيَهُودِيّ: وَالّذِي اصْطَفَى مُوسَى عَلَيْهِ السّلاَمُ عَلَى الْعَالَمِينَ قَالَ: فَرَفَعَ الْمُسْلِمُ يَدَهُ عِنْدَ ذَلِكَ. فَلَطَمَ وَجْهَ الْيَهُودِيّ. فَذَهَبَ الْيَهُودِيّ إِلَى رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم فَأَخْبَرَهُ بِمَا كَانَ مِنْ أَمْرِهِ وَأَمْرِ الْمُسْلِمِ. فَقَالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: «لاَ تُخَيّرُونِي عَلَى مُوسَى. فَإِنّ النّاسَ يَصْعَقُونَ فَأَكُونُ أَوّلَ مَنْ يُفِيقُ. فَإِذَا مُوسَى بَاطِشٌ بِجَانِبِ الْعَرْشِ. فَلاَ أَدْرِي أَكَانَ فِيمَنْ صَعِقَ فَأَفَاقَ قَبْلِي أَمْ كَانَ مِمّنِ اسْتَثْنَى اللّهُ».

6101 ـ وحدثنا عَبْدُ اللّهِ بْنُ عَبْدِ الرّحْمَـنِ الدّارِمِيّ وَ أَبُو بَكْرِ بْنُ إِسْحَقَ قَالاَ: أَخْبَرَنَا أَبُو الْيَمَانِ. أَخْبَرَنَا شُعَيْبٌ عَنِ الزّهْرِيّ. أَخْبَرَنِي أَبُو سَلَمَةَ بْنُ عَبْدِ الرّحْمَـنِ وَ سَعِيدُ بْنُ الْمُسَيّبِ عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ. قَالَ: اسْتَبّ رَجُلٌ مِنَ الْمُسْلِمِينَ وَرَجُلٌ مِنَ الْيَهُودِ. بِمِثْلِ حَدِيثِ إِبْرَاهِيمَ بْنِ سَعْدٍ عَنِ ابْنِ شِهَابٍ.

6102 ـ وحدّثني عَمْرٌو النّاقِدُ. حَدّثَنَا أَبُو أَحْمَدَ الزّبَيْرِيّ. حَدّثَنَا سُفْيَانُ عَنْ عَمْرِو بْنِ يَحْيَى، عَنْ أَبِيهِ، عَنْ أَبِي سَعِيدٍ الْخُدْرِيّ قَالَ: جَاءَ يَهُودِيّ إِلَى النّبِيّ صلى الله عليه وسلم قَدْ لُطِمَ وَجْهُهُ. وَسَاقَ الْحَدِيثَ بِمَعْنَى حَدِيثِ الزّهْرِيّ. غَيْرَ أَنّهُ قَالَ: فَلاَ أَدْرِي أَكَانَ مِمّنْ صَعِقَ فَأَفَاقَ قَبْلِي، أَوِ اكْتَفَى بِصَعْقَةِ الطّورِ».

6103 ـ حدّثنا أَبُو بَكْرِ بْنُ أَبِي شَيْبَةَ. حَدّثَنَا وَكِيعٌ عَنْ سُفْيَانَ. ح وَحَدّثَنَا ابْنُ نُمَيْرٍ. حَدّثَنَا أَبِي. حَدّثَنَا سُفْيَانُ عَنْ عَمْرِو بْنِ يَحْيَى، عَنْ أَبِيهِ، عَنْ أَبِي سَعِيدٍ الْخُدْرِيّ قَالَ: قَالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم «لاَ تُخَيّرُوا بَيْنَ الأَنْبِيَاءِ». وَفِي حَدِيثِ ابْنِ نُمَيْرٍ: عَمْرُو بْنُ يَحْيَى. حَدّثَنِي أَبِي.

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، مۇسۇلمانلاردىن بىر كىشى بىلەن يەھۇدىيلەردىن بىر كىشى تىللىشىپ قالدى، مۇسۇلمان كىشى؛ ئالەملەرنىڭ ئۈستىگە پەزىلەتتە مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنى تاللىغان **اللہ** بىلەن قەسەمكى،دېدى، يەھۇدىي؛ ئالەملەرنىڭ ئۈستىگە پەزىلەتتە مۇسا ئەلەيھىسسالامنى تاللىغان **اللہ** بىلەن قەسەمكى،دېدى، شۇچاغدىلا مۇسۇلمان كىشى، يەھۇدىينىڭ يۈزىگە بىر كاچات سالدى،يەھۇدىي رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قېشىغا كېلىپ، ئۆزىنىڭ ۋە ھېلىقى مۇسۇلماننىڭ ئىشىدىن يۈز بەرگەن

ئىشلارنى شىكايەت قىلىپ خەۋەر قىلدى، رەسۇلۇللاھ ھېلىقى مۇسۇلماننى چاقىرتىپ سورىغۇندى، ئۇ بولغان ئىشلارنى خەۋەر قىلدى، ئاندىن رەسۇلۇللاھ مۇنداق دىگەن: مېنى مۇسانىڭ ئۈستىگە پەزىلەتلىك دەپ ئۈستۈن بىلىشۋالماڭلار، ھەققەتەن كىشىلەر قىيامەت كۈنى قاتتىق چۆچۈپ، قورقۇپ ھۇشىدىن كېتىدۇ،(ئۆلىدۇ) مەنمۇ ئۇلار بىلەن بىرگە ھۇشۇمدىن كېتىمەن، ھۇشىغا كېلىدىغان كىشىنىڭ تۇنجىسى مەن بولىمەن. ناگاھان مۇسا، ئەرشنىڭ بىر تەرىپىنى تۇتۇپ تۇرىدۇ، ئۇ چۆچۈپ ھۇشىدىن كېتىپ، ئاندىن مەندىن بۇرۇن ھۇشىغا كەلدىمۇ؟ ياكى ئاللاھ مۇستەسنا قىلغان چۆچىمايدىغان، ھۇشىدىن كەتمەيدىغان كىشىدىنمۇ؟ (ياكى ئاللاھنىڭ جامالىنى سورىغاندىكى چۆچۈشى ھېساب قىلىندىمۇ؟) ھېچ بىلمىدىم.بۇخارى،مۇسلىم، ئەھمەد، بەيھەقى، ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ. ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: پەيغەمبەرلەر ئارىسىنى ئۆز ئىختىيارىڭلار بىلەن بىرىنى يەنە بىرىسىدىن پەزىلەتلىك قىلىۋالماڭلار، ھەققەتەن قىيامەت كۈنى كىشىلەر ئۆلۈپ ھەممىسى ھۇشىدىن كېتىدۇ، مەن زىمىن يېرىلىپ، قەبرىدىن تۇنجى بولۇپ چىقىدىغان كىشى بولىمەن، ناگاھان مۇسا ئەرشنىڭ تۈۋرۈكلىرىدىن بىر تۈۋرۈكنى تۇتۇپ تۇرىدۇ، ئۇ چۆچۈپ ھۇشىدىن كىتىپ ئۆلگەن، ئاندىن يەنە ھۇشىغا كەلگەن كىشىلەرنىڭ ئارىسىدا بارمۇ؟ ياكى تۇنجى قېتىمقى ھۇشىدىن كېتىشى ھساب قىلىندىمۇ؟ ھېچ بىلمىدىم.يەنەبىردە؛ سىلەر ئاللاھنىڭ پەيغەمبەرلىرىنىڭ ئارىسىنى، بەزىسىنى بەزىسىدىن پەزىلەتلىك قىلماڭلار، (قىلسا ئاللاھ قىلسۇن)، ھەققەتەن سۇر پۈۋدەلگەندە، ئاللاھ خالىغان كىشىدىن باشقا ئاسمان ــ زىمىندىكى بارلىق كىشىلەر ئۆلىدۇ، ئاندىن يەنە بىر قېتىم پۈۋدەلسە، تىرىلىپ قوپقان كىشىنىڭ تۇنجىسى مەن بولىمەن، ناگاھان مۇسا ئەلەيھىسسالام ئەرشكە ئېسىلىپ تۇرىدۇ. ئۇنىڭغا تۇر تېغىدىكى ھۇشىدىن كېتىش ھېساب قىلىندىمۇ ياكى مەندىن بۇرۇن تىرىلىپ قوپتىمۇ؟ ھېچ بىلمىدىم، مەن ھەرگىز بىرەر كىشىنى يۇنۇس، ئىبنى مەتا دىگەن پەيغەمبەردىن ئەۋزەل دىمەيمەن.سەھىھ.

**6104 ـ حدّثنا هَدّابُ بْنُ خَالِدٍ وَ شَيْبَانُ بْنُ فَرّوخَ قالاَ: حَدّثنَا حَمّادُ بْنُ سَلَمَةَ عَنْ ثَابِتٍ الْبُنَانِيّ وَ سُلَيْمَانَ التّيْمِيّ، عَنْ أَنَس بْنِ مَالِكٍ أَنّ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم قَالَ: «أَتَيْتُ ـ وَفِي رِوَايَةِ هَدّابٍ: مَرَرْتُ ـ عَلَىَ مُوسَىَ لَيْلَةَ أُسْرِيَ بِي عِنْدَ الْكَثِيبِ الأَحْمَرِ. وَهُوَ قَائِمٌ يُصَلّي فِي قَبْرِهِ».**

**6105 ـ وحدّثنا عَلِيّ بْنُ خَشْرَمٍ. أَخْبَرَنَا عِيسَىَ (يَعْنِي ابْنَ يُونُس). ح وَحَدّثنَا عُثْمَانُ بْنُ أَبِي شَيْبَةَ. حَدّثنَا جَرِيرٌ. كِلاَهُمَا عَنْ سُلَيْمَانَ التّيْمِيّ، عَنْ أَنَسٍ. ح وَحَدّثنَاهُ أَبُو بَكْرِ بْنُ أَبِي شَيْبَةَ. حَدّثنَا عَبْدَةُ بْنُ سُلَيْمَانَ عَنْ سُفْيَانَ، عَنْ سُلَيْمَانَ التّيْمِيّ. سَمِعْتُ أَنَساً يَقُولُ: قَالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم «مَرَرْتُ عَلَىَ مُوسَىَ وَهُوَ يُصَلّي فِي قَبْرِهِ». وَزَادَ فِي حَدِيثِ عِيسَىَ «مَرَرْتُ لَيْلَةَ أُسْرِيَ بِي».**

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مېنى سەيرە قىلدۇرۇلغان كېچىسى مەن قىزىل دۆۋىنىڭ يېنىدىكى مۇسانىڭ قەۋرىسى ئۈستىدىن ئۆتتۇم، ئۇ قەبرىدە ئۆرە تۇرۇپ، ناماز ئوقۇۋېتىپتۇ. ئەھمەد، مۇسلىم، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

**1093 - باب في ذكر يونس عليه السلام، وقول النبي صلى الله عليه وسلم «لا ينبغي لعبد أن يقول: أنا خير من يونس بن متى»**

**6106 ـ حدّثنا أَبُو بَكْرِ بْنُ أَبِي شَيْبَةَ وَ مُحَمّدُ بْنُ الْمُثَنّى وَ مُحَمّدُ بْنُ بَشّارٍ. قالُوا: حَدّثَنَا مُحَمّدُ بْنُ جَعْفَرٍ. حَدّثَنَا شُعْبَةُ عَنْ سَعْدِ بْنِ إِبْرَاهِيمَ. قَالَ: سَمِعْتُ حُمَيْدَ بْنَ عَبْدِ الرّحْمَنِ يُحَدّثُ عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ، عَنِ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم أَنّهُ «قَالَ ـ يَعْنِي اللّهَ تَبَارَكَ وَتَعَالَىَ ـ لاَ يَنْبَغِي لِعَبْدٍ لِي (وَقَالَ ابْنُ الْمُثَنّى: لِعَبْدِي) أَنْ يَقُولَ: أَنَا خَيْرٌ مِنْ يُونُسَ بْنِ مَتّىَ، عَلَيْهِ السّلاَمُ».**
**قَالَ ابْنُ أَبِي شَيْبَةَ: مُحَمّدُ بْنُ جَعْفَرٍ عَنْ شُعْبَةَ.**

**6107 ـ حدّثنا مُحَمّدُ بْنُ الْمُثَنّى وَ ابْنُ بَشّارٍ (وَاللّفْظُ لاِبْنِ الْمُثَنّى) قَالاَ: حَدّثَنَا مُحَمّدُ بْنُ جَعْفَرٍ. حَدّثَنَا شُعْبَةُ عَنْ قَتَادَةَ. قَالَ: سَمِعْتُ أَبَا الْعَالِيَةِ يَقُولُ: حَدّثَنِي ابْنُ عَمّ نَبِيّكُمْ صلى الله عليه وسلم (يَعْنِي ابْنَ عَبّاسٍ) عَنِ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم قَالَ: «مَا يَنْبَغِي لِعَبْدٍ أَنْ يَقُولَ: أَنَا خَيْرٌ مِنْ يُونُسَ بْنِ مَتّىَ». وَنَسَبَهُ إِلَىَ أَبِيهِ.**

ئىبنى ئاببास، ئەبۇ ھۇرەيرە، ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇلاردىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: الله مۇنداق دەيدۇ:ھەر قانداق بىر بەندەمنىڭ مەن يۇنۇس ئىبنى مەتتا دېگەن پەيغەمبەردىن ياخشى دېيىشى لايىق ئەمەس. ئەھمەد، بەيھەقى، بۇخارى،مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم مەن يۇنۇس ئىبنى مەتا دېگەن پەيغەمبەردىن ياخشى دېسە، ھەققەتەن ئۇ يالغان سۆزلىگەن بولىدۇ. بۇخارى، تىرمىزى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ. ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بىرىڭلار ھەرگىز، مەن يۇنۇس پەيغەمبەردىن ياخشى دەپ سالمىسۇن. بۇخارى توپلىغان، سەھىھ.

**1094 - باب من فضائل يوسف، عليه السلام**

**6108 ـ حدّثنا زُهَيْرُ بْنُ حَرْبٍ وَ مُحَمّدُ بْنُ الْمُثَنّى وَ عُبَيْدُ اللّهِ بْنُ سَعِيدٍ قَالُوا: حَدّثَنَا يَحْيَى ابْنُ سَعِيدٍ، عَنْ عُبَيْدِ اللّهِ. أَخْبَرَنِي سَعِيدُ بْنُ أَبِي سَعِيدٍ عَنْ أَبِيهِ، عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ. قَالَ: قِيلَ: يَا رَسُولَ اللّهِ مَنْ أَكْرَمُ النّاسِ؟ قَالَ «أَتْقَاهُمْ» قَالُوا: لَيْسَ عَنْ هَذَا نَسْأَلُكَ. قَالَ: «فَيُوسُفُ نَبِيّ اللّهِ ابْنُ نَبِيّ اللّهِ ابْنِ نَبِيّ اللّهِ ابْنِ خَلِيلِ اللّهِ» قَالُوا: لَيْسَ عَنْ هَذَا نَسْأَلُكَ. قَالَ «فَعَنْ مَعَادِنِ الْعَرَبِ تَسْأَلُونِي؟ خِيَارُهُمْ فِي الْجَاهِلِيّةِ خِيَارُهُمْ فِي الإِسْلاَمِ. إِذَا فَقُهُوا».**

ئەبۇ ھۇرەيرە، ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم دىن كىشىلەرنىڭ قايسىسى ئەڭ ھۆرمەتلىك؟دەپ سورالغاندا مۇنداق دېگەن: كىشىلەرنىڭ الله نىڭ نەزلىدىكى ئەڭ ئۇلۇغ،ھۆرمەتلىكراقى ، ئۇلارنىڭ ئەڭ تەقۋاراقىدۇر دېدى، ئۇلار؛ بىز بۇنىڭدىن سورىمىدۇق دېدى، ئاندىن رەسۇلۇللاھ؛ كىشىلەرنىڭ ئەڭ ھۆرمەتلىك ئۇلۇغراقى، ئىبراھىم خەلىلۇالله نىڭ ئوغلى ئىسھاق ئوغلى يەئقۇپ ئوغلى يۇسۇپ ئەلەيھىسسالامدۇر، (يەنى يۇسۇف ئەلەيھىسسالام ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ پەي نەۋرىسى، بۇلارنىڭ ھەممىسى پەيغەمبەرلەردۇر )،دېدى. ئۇلارىيەنە؛ بىز بۇنىڭدىن سورىمىدۇق دېدى، ئاندىن رەسۇلۇللاھ ؛ سىلەر

كىشىلەرنىڭ ، ئەرەبلەرنىڭ كاڭ مەدەنلىرىدىن سوراپسىلەردە؟دېدى، ئۇلار؛ ھەئە شۇنداق دىگەندە، رەسۇلۇللاھ

سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: سىلەرنىڭ جاھالىيەتتىكى ياخشى كىشىڭلار ، دىندا فىقھى قانۇنشۇناس ئالىم

بولسىلا، ئىسلام دىنىدىمۇ ياخشى كىشىلەردۇر،دېدى. بۇخارى،مۇسلىم،بەيھەقى، تەبرانى توپلىغان، سەھىھ.

## 1095 ـ باب من فضائل زكرياء، عليه السلام

6109 ـ حدّثنا هَدّابُ بْنُ خَالِدٍ. حَدّثَنَا حَمّادُ بْنُ سَلَمَةَ عَنْ ثابتٍ، عَنْ أَبي رَافِعٍ، عَنْ أَبي هُرَيْرَةَ أَنّ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم قَالَ: «كَانَ زَكَرِيَاءُ نَجّاراً».

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: زەكەرىييا

ئەلەيھىسسالام ياغاچچى ئىدى، (يەنى ئۆز قولىنىڭ ئەمگىكىدىن ھالالدىن يەيتتى)، ئەھمەد، مۇسلىم، ئىبنى ماجە

## 1096 ـ باب من فضائل الخضر، عليه السلام

6110 ـ حدّثنا عَمْرُو بْنُ مُحمّدٍ النّاقِدُ وَ إِسْحَقُ بْنُ إِبْرَاهِيمَ الْحَنْظَلِيّ وَ عُبَيْدُ اللّهِ بْنُ سَعِيدٍ وَ مُحَمّدُ بْنُ أَبي عُمَرَ الْمَكّيّ. كُلّهُمْ عَنِ ابْنِ عُيَيْنَةَ (وَاللّفْظُ لاِبْنِ أَبي عُمَرَ). حَدّثَنَا سُفْيَانُ بْنُ عُيَيْنَةَ. حَدّثَنَا عَمْرُو بْنُ دِينَارٍ عَنْ سَعِيدِ بْنِ جُبَيْرٍ. قَالَ: قُلْتُ لاِبْنِ عَبّاسٍ: إِنّ نَوْفاً الْبِكَالِيّ يَزْعُمُ أَنّ مُوسَى عَلَيْهِ السّلاَمُ، صَاحِبَ بَنِي إِسْرَائِيلَ لَيْسَ هُوَ مُوسَى صَاحِبَ الْخَضِرِ، عَلَيْهِ السّلاَمُ. فَقَالَ: كَذَبَ عَدُوّ اللّهِ. سَمِعْتُ أُبَيّ بْنَ كَعْبٍ يَقُولُ: سَمِعْتُ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم يَقُولُ: «قَامَ مُوسَى عَلَيْهِ السّلاَمُ خَطِيباً فِي بَنِي إِسْرَائِيلَ. فَسُئِلَ: أَيّ النّاسِ أَعْلَمُ؟ فَقَالَ: أَنَا أَعْلَمُ. قَالَ: فَعَتَبَ اللّهِ عَلَيْهِ إِذْ لَمْ يَرُدّ الْعِلْمَ إِلَيْهِ. فَأَوْحَى اللّهُ إِلَيْهِ: أَنّ عَبْداً مِنْ عِبَادِي بِمَجْمَعِ الْبَحْرَيْنِ هُوَ أَعْلَمُ مِنْكَ. قَالَ مُوسَى: أَيْ رَبّ كَيْفَ لِي بِهِ؟ فَقِيلَ لَهُ: احْمِلْ حُوتاً فِي مِكْتَلٍ. فَحَيْثُ تَفْقِدُ الْحُوتَ فَهُوَ ثَمّ. فَانْطَلَقَ وَانْطَلَقَ مَعَهُ فَتَاهُ. وَهُوَ يُوشَعُ بْنُ نُونٍ. فَحَمَلَ مُوسَى، عَلَيْهِ السّلاَمُ، حُوتاً فِي مِكْتَلٍ. وَانْطَلَقَ هُوَ وَفَتَاهُ يَمْشِيَانِ حَتّى أَتَيَا الصّخْرَةَ. فَرَقَدَ مُوسَى، عَلَيْهِ السّلاَمُ، وَفَتَاهُ. فَاضْطَرَبَ الْحُوتُ فِي الْمِكْتَلِ، حَتّى خَرَجَ مِنَ الْمِكْتَلِ، فَسَقَطَ فِي الْبَحْرِ. قَالَ: وَأَمْسَكَ اللّهُ عَنْهُ جِرْيَةَ الْمَاءِ حَتّى كَانَ مِثْلَ الطّاقِ. فَكَانَ لِلْحُوتِ سَرَباً. وَكَانَ لِمُوسَى وَفَتَاهُ عَجَباً. فَانْطَلَقَا بَقِيّةَ يَوْمِهِمَا وَلَيْلَتَهُمَا. وَنَسِيَ صَاحِبُ مُوسَى أَنْ يُخْبِرَهُ. فَلَمّا أَصْبَحَ مُوسَى، عَلَيْهِ السّلاَمُ، قَالَ لِفَتَاهُ: آتِنَا غَدَاءَنَا لَقَدْ لَقِينَا مِنْ سَفَرِنَا هَذَا نَصَباً. قَالَ: وَلَمْ يَنْصَبْ حَتّى جَاوَزَ الْمَكَانَ الّذِي أُمِرَ بِهِ. قَالَ: أَرَأَيْتَ إِذْ أَوَيْنَا إِلَى الصّخْرَةِ فَإِنّي نَسِيتُ الْحُوتَ وَمَا أَنْسَانِيهُ إِلاّ الشّيْطَانُ أَنْ أَذْكُرَهُ وَاتّخَذَ سَبِيلَهُ فِي الْبَحْرِ عَجَباً. قَالَ مُوسَى: ذَلِكَ مَا كُنّا نَبْغِي فَارْتَدّا عَلَى آثَارِهِمَا قَصَصاً. قَالَ: يَقُصّانِ آثَارَهُمَا. حَتّى أَتَيَا الصّخْرَةَ فَرَأَى رَجُلاً مُسَجّى عَلَيْهِ بِثَوْبٍ. فَسَلّمَ عَلَيْهِ مُوسَى. فَقَالَ لَهُ الْخَضِرُ: أَنّى بِأَرْضِكَ السّلاَمُ؟ قَالَ: أَنَا مُوسَى. قَالَ: مُوسَى بَنِي إِسْرَائِيلَ؟ قَالَ: نَعَمْ. قَالَ: إِنّكَ عَلَى عِلْمٍ مِنْ عِلْمِ اللّهِ عَلّمَكَهُ اللّهُ لاَ أَعْلَمُهُ. وَأَنَا عَلَى عِلْمٍ مِنْ عِلْمِ اللّهِ عَلّمَنِيهِ لاَ تَعْلَمُهُ. قَالَ لَهُ مُوسَى، عَلَيْهِ السّلاَمُ: هَلْ أَتّبِعُكَ عَلَى أَنْ تُعَلّمَنِي مِمّا عُلّمْتَ رُشْداً؟ قَالَ: إِنّكَ لَنْ تَسْتَطِيعَ مَعِيَ صَبْراً. وَكَيْفَ تَصْبِرُ عَلَى مَا لَمْ تُحِطْ بِهِ خُبْراً. قَالَ: سَتَجِدُنِي إِنْ شَاءَ اللّهُ صَابِراً وَلاَ أَعْصِي لَكَ أَمْراً. قَالَ لَهُ الْخَضِرُ: فَإِنِ اتّبَعْتَنِي فَلاَ تَسْأَلْنِي عَنْ شَيْءٍ حَتّى أُحْدِثَ لَكَ مِنْهُ ذِكْراً. قَالَ: نَعَمْ. فَانْطَلَقَ الْخَضِرُ وَمُوسَى يَمْشِيَانِ عَلَى سَاحِلِ الْبَحْرِ. فَمَرّتْ بِهِمَا سَفِينَةٌ. فَكَلّمَاهُمْ أَنْ يَحْمِلُوهُمَا. فَعَرَفُوا الْخَضِرَ فَحَمَلُوهُمَا بِغَيْرِ نَوْلٍ. فَعَمَدَ الْخَضِرُ إِلَى لَوْحٍ مِنْ أَلْوَاحِ السّفِينَةِ فَنَزَعَهُ. فَقَالَ لَهُ مُوسَى: قَوْمٌ حَمَلُونَا بِغَيْرِ نَوْلٍ، عَمَدْتَ إِلَى سَفِينَتِهِمْ فَخَرَقْتَهَا لِتُغْرِقَ أَهْلَهَا. لَقَدْ جِئْتَ شَيْئاً إِمْراً. قَالَ: أَلَمْ أَقُلْ إِنّكَ لَنْ تَسْتَطِيعَ مَعِيَ صَبْراً. قَالَ: لاَ تُؤَاخِذْنِي بِمَا نَسِيتُ وَلاَ تُرْهِقْنِي مِنْ أَمْرِي عُسْراً. ثُمّ خَرَجَا مِنَ السّفِينَةِ. فَبَيْنَمَا هُمَا يَمْشِيَانِ عَلَى السّاحِلِ إِذَا غُلاَمٌ يَلْعَبُ مَعَ الْغِلْمَانِ. فَأَخَذَ الْخَضِرُ بِرَأْسِهِ، فَاقْتَلَعَهُ بِيَدِهِ، فَقَتَلَهُ. فَقَالَ مُوسَى: أَقَتَلْتَ نَفْساً زَاكِيَةً بِغَيْرِ نَفْسٍ؟ لَقَدْ جِئْتَ شَيْئاً نُكْراً. قَالَ: أَلَمْ أَقُلْ لَكَ إِنّكَ لَنْ تَسْتَطِيعَ مَعِيَ صَبْراً؟ قَالَ: وَهَذِهِ أَشَدّ مِنَ الأُولَى. قَالَ: إِنْ سَأَلْتُكَ عَنْ شَيْءٍ بَعْدَهَا فَلاَ تُصَاحِبْنِي. قَدْ بَلَغْتَ مِنْ لَدُنّي عُذْراً. فَانْطَلَقَا حَتّى إِذَا أَتَيَا أَهْلَ قَرْيَةٍ اسْتَطْعَمَا أَهْلَهَا فَأَبَوْا أَنْ يُضَيّفُوهُمَا. فَوَجَدَا فِيهَا جِدَاراً يُرِيدُ أَنْ يَنْقَضّ فَأَقَامَهُ. يَقُولُ مَائِلٌ. قَالَ الْخَضِرُ بِيَدِهِ هَكَذَا. فَأَقَامَهُ. قَالَ لَهُ مُوسَى: قَوْمٌ أَتَيْنَاهُمْ فَلَمْ يُضَيّفُونَا وَلَمْ يُطْعِمُونَا، لَوْ شِئْتَ لاَتّخَذْتَ عَلَيْهِ أَجْراً. قَالَ: هَذَا فِرَاقُ بَيْنِي وَبَيْنِكَ. سَأُنَبّئُكَ بِتَأْوِيلِ مَا لَمْ تَسْتَطِعْ عَلَيْهِ صَبْراً». قَالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: «يَرْحَمُ اللّهُ مُوسَى. لَوَدِدْتُ أَنّهُ كَانَ صَبَرَ حَتّى يُقَصّ عَلَيْنَا مِنْ أَخْبَارِهِمَا». قَالَ: وَقَالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: «كَانَتِ الأُولَى مِنْ مُوسَى نِسْيَاناً». قَالَ: «وَجَاءَ عُصْفُورٌ حَتّى وَقَعَ عَلَى حَرْفِ السّفِينَةِ. ثُمّ نَقَرَ فِي الْبَحْرِ. فَقَالَ لَهُ الْخَضِرُ: مَا نَقَصَ عِلْمِي وَعِلْمُكَ مِنْ عِلْمِ اللّهِ إِلاّ مِثْلَ مَا نَقَصَ هَذَا الْعُصْفُورُ مِنَ الْبَحْرِ».

قَالَ سَعِيدُ بْنُ جُبَيْرٍ: وَكَانَ يَقْرَأُ: وَكَانَ أَمَامَهُمْ مَلِكٌ يَأْخُذُ كُلّ سَفِينَةٍ صَالِحَةٍ غَصْباً. وَكَانَ يَقْرَأُ: وَأَمّا الْغُلاَمُ فَكَانَ كَافِراً.

6111 ـ حدّثني مُحَمّدُ بْنُ عَبْدِ الأَعْلَى الْقَيْسِيّ. حَدّثَنَا الْمُعْتَمِرُ بْنُ سُلَيْمَانَ التّيْمِيّ عَنْ أَبِيهِ، عَنْ رَقَبَةَ، عَنْ أَبِي إِسْحَقَ، عَنْ سَعِيدِ بْنُ جُبَيْرٍ قَالَ: قِيلَ لاِبْنِ عَبّاسٍ: إِنّ نَوْفاً يَزْعُمُ أَنّ مُوسَى الّذِي ذَهَبَ يَلْتَمِسُ الْعِلْمَ لَيْسَ بِمُوسَى بَنِي إِسْرَائِيلَ. قَالَ: أَسَمِعْتَهُ؟ يَا سَعِيدُ قُلْتُ: نَعَمْ. قَالَ: كَذَبَ نَوْفٌ.

6112 ـ حَدّثَنَا أُبَيّ بْنُ كَعْبٍ قَالَ: سَمِعْتُ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم يَقُولُ: «إِنّهُ بَيْنَمَا مُوسَىَ، عَلَيْهِ السّلاَمُ، فِي قَوْمِهِ يُذَكّرُهُمْ بِأَيّامِ اللّهِ. وَأَيّامُ اللّهِ نَعْمَاؤُهُ وَبَلاَؤُهُ. إِذْ قَالَ: مَا أَعْلَمُ فِي الأَرْضِ رَجُلاً خَيْراً أَوْ أَعْلَمَ مِنّي. قَالَ: فَأَوْحَى اللّهُ إِلَيْهِ. إِنّي أَعْلَمُ بِالْخَيْرِ مِنْهُ. أَوْ عِنْدَ مَنْ هُوَ. إِنّ فِي الأَرْضِ رَجُلاً هُوَ أَعْلَمُ مِنْكَ. قَالَ: يَا رَبّ فَدُلّنِي عَلَيْهِ. قَالَ: فَقِيلَ لَهُ: تَزَوّدْ حُوتاً مَالِحاً. فَإِنّهُ حَيْثُ تَفْقِدُ الْحُوتَ. قَالَ: فَانْطَلَقَ هُوَ وَفَتَاهُ حَتّىَ انْتَهَيَا إِلَىَ الصّخْرَةِ. فَعُمّيَ عَلَيْهِ. فَانْطَلَقَ وَتَرَكَ فَتَاهُ. فَاضْطَرَبَ الْحُوتُ فِي الْمَاءِ. فَجَعَلَ لاَ يَلْتَئِمُ عَلَيْهِ. صَارَ مِثْلَ الْكُوّةِ. قَالَ: فَقَالَ فَتَاهُ: أَلاَ أَلْحَقُ نَبِيّ اللّهِ فَأُخْبِرَهُ؟ قَالَ: فَنُسّيَ. فَلَمّا تَجَاوَزَا قَالَ لِفَتَاهُ: آتِنَا غَدَاءَنَا لَقَدْ لَقِينَا مِنْ سَفَرِنَا هَذَا نَصَباً. قَالَ: وَلَمْ يُصِبْهُمْ نَصَبٌ حَتّىَ تَجَاوَزَا. قَالَ: فَتَذَكّرَ قَالَ: أَرَأَيْتَ إِذْ أَوَيْنَا إِلَىَ الصّخْرَةِ فَإِنّي نَسِيتُ الْحُوتَ. وَمَا أَنْسَانِيهُ إِلاّ الشّيْطَانُ أَنْ أَذْكُرَهُ. وَاتّخَذَ سَبِيلَهُ فِي الْبَحْرِ عَجَباً. قَالَ: ذَلِكَ مَا كُنّا نَبْغِي فَارْتَدّا عَلَىَ آثَارِهِمَا قَصَصاً. فَأَرَاهُ مَكَانَ الْحُوتِ. قَالَ: هَهُنَا وُصِفَ لِي. قَالَ: فَذَهَبَ يَلْتَمِسُ فَإِذَا هُوَ بِالْخَضِرِ مُسَجّى ثَوْباً، مُسْتَلْقِياً عَلَى الْقَفَا. أَوْ قَالَ عَلَى حُلاَوَةِ الْقَفَا. قَالَ: السّلاَمُ عَلَيْكُمْ. فَكَشَفَ الثّوْبَ عَنْ وَجْهِهِ قَالَ: وَعَلَيْكُمُ السّلاَمُ: مَنْ أَنْتَ؟ قَالَ: أَنَا مُوسَى. قَالَ: وَمَنْ مُوسَىَ؟ قَالَ: مُوسَى بَنِي إِسْرَائِيلَ. قَالَ: مَجِيءٌ مَا جَاءَ بِكَ؟ قَالَ: جِئْتُ لِتُعَلّمَنِي مِمّا عُلّمْتَ رُشْداً. قَالَ: إِنّكَ لَنْ تَسْتَطِيعَ مَعِيَ صَبْراً. وَكَيْفَ تَصْبِرُ عَلَىَ مَا لَمْ تُحِطْ بِهِ خُبْراً. شَيْءٌ أُمِرْتُ بِهِ أَنْ أَفْعَلَهُ إِذَا رَأَيْتَهُ لَمْ تَصْبِرْ. قَالَ: سَتَجِدُنِي إِنْ شَاءَ اللّهُ صَابِراً وَلاَ أَعْصِي لَكَ أَمْراً. قَالَ: فَإِنِ اتّبَعْتَنِي فَلاَ تَسْأَلْنِي عَنْ شَيْءٍ حَتّىَ أُحْدِثَ لَكَ مِنْهُ ذِكْراً. فَانْطَلَقَا حَتّى إِذَا رَكِبَا فِي السّفِينَةِ خَرَقَهَا. قَالَ: انْتَحَى عَلَيْهَا. قَالَ لَهُ مُوسَى، عَلَيْهِ السّلاَمُ: أَخَرَقْتَهَا لِتُغْرِقَ أَهْلَهَا لَقَدْ جِئْتَ شَيْئَاً إِمْراً. قَالَ: أَلَمْ أَقُلْ إِنّكَ لَنْ تَسْتَطِيعَ مَعِيَ صَبْراً؟ قَالَ: لاَ تُؤَاخِذْنِي بِمَا نَسِيتُ وَلاَ تُرْهِقْنِي مِنْ أَمْرِي عُسْراً. فَانْطَلَقَا حَتّىَ إِذَا لَقِيَا غِلْمَاناً يَلْعَبُونَ. قَالَ: فَانْطَلَقَ إِلَىَ أَحَدِهِمْ بَادِيَ الرّأْيِ فَقَتَلَهُ. فَذُعِرَ عِنْدَهَا، مُوسَىَ، عَلَيْهِ السّلاَمُ، ذَعْرَةً مُنْكَرَةً. قَالَ: أَقَتَلْتَ نَفْساً زَاكِيَةً بِغَيْرِ نَفْسٍ لَقَدْ جِئْتَ شَيْئاً نُكْراً». فَقَالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم عِنْدَ هَذَا الْمَكَانِ: «رَحْمَةُ اللّهِ عَلَيْنَا وَعَلَى مُوسَىَ. لَوْلاَ أَنّهُ عَجّلَ لَرَأَى الْعَجَبَ. وَلَكِنّهُ أَخَذَتْهُ مِنْ صَاحِبِهِ ذَمَامَةٌ. قَالَ: إِنْ سَأَلْتُكَ عَنْ شَيْءٍ بَعْدَهَا فَلاَ تُصَاحِبْنِي. قَدْ بَلَغْتَ مِنْ لَدُنّي عُذْراً. وَلَوْ صَبَرَ لَرَأَى الْعَجَبَ». ـــ قَالَ: وَكَانَ إِذَا ذَكَرَ أَحَداً مِنَ الأَنْبِيَاءِ بَدَأَ بِنَفْسِهِ. «رَحْمَةُ اللّهِ عَلَيْنَا وَعَلَى أَخِي كَذَا. رَحْمَةُ اللّهِ عَلَيْنَا ـــ «فَانْطَلَقَا حَتّىَ إِذَا أَتَيَا أَهْلَ قَرْيَةٍ لِئَاماً فَطَافَا فِي الْمَجَالِسِ فَاسْتَطْعَمَا أَهْلَهَا. فَأَبَوْا أَنْ يُضَيّفُوهُمَا. فَوَجَدَا فِيهَا جِدَاراً يُرِيدُ أَنْ يَنْقَضّ فَأَقَامَهُ. قَالَ: لَوْ شِئْتَ لاَتّخَذْتَ عَلَيْهِ أَجْراً. قَالَ: هَذَا فِرَاقُ بَيْنِي وَبَيْنِكَ وَأَخَذَ بِثَوْبِهِ. قَالَ: سَأُنَبّئُكَ بِتَأْوِيلِ مَا لَمْ تَسْتَطِعْ عَلَيْهِ صَبْراً. أَمّا السّفِينَةُ فَكَانَتْ لِمَسَاكِينَ يَعْمَلُونَ فِي الْبَحْرِ. فأردت أن أَعِيبَهَا وكان وراءهم ملك. فَإِذَا جَاءَ الّذِي يُسَخّرُهَا وَجَدَهَا مُنْخَرِقَةً فَتَجَاوَزَهَا فَأَصْلَحُوهَا بِخَشَبَةٍ. وَأَمّا الْغُلاَمُ فَطُبِعَ يَوْمَ طُبِعَ كَافِراً. وَكَانَ أَبَوَاهُ قَدْ عَطَفَا عَلَيْهِ. فَلَوْ أَنّهُ أَدْرَكَ أَرْهَقَهُمَا طُغْيَاناً وَكُفْراً. فَأَرَدْنَا أَنْ يُبَدّلَهُمَا رَبّهُمَا خَيْراً مِنْهُ زَكَاةً وَأَقْرَبَ رُحْماً. وَأَمّا الْجِدَارُ فَكَانَ لِغُلاَمَيْنِ يَتِيمَيْنِ فِي الْمَدِينَةِ وَكَانَ تَحْتَهُ» إِلَى آخِرِ الآيَةِ.

6113 ـ وحدّثنا عَبْدُ اللّهِ بْنُ عَبْدِ الرّحْمَـٰنِ الدّارِمِيّ. أَخْبَرَنَا مُحَمّدُ بْنُ يُوسُفَ. ح وَحَدّثَنَا عَبْدُ بْنُ حُمَيْدٍ. أَخْبَرَنَا عُبَيْدُ اللّهِ بْنُ مُوسَىَ. كِلاَهُمَا عَنْ إِسْرَائِيلَ، عَنْ أَبِي إِسْحَـٰقَ. بِإِسْنَادِ التّيْمِيّ عَنْ أَبِي إِسْحَـٰقَ. نَحْوَ حَدِيثِهِ.

6114 ـ وحدّثنا عَمْرٌو النّاقِدُ. حَدّثَنَا سُفْيَانُ بْنُ عُيَيْنَةَ عَنْ عَمْرٍو، عَنْ سَعِيدِ بْنِ جُبَيْرٍ، عَنِ ابْنِ عَبّاسٍ، عَنْ أُبَيّ بْنِ كَعْبٍ أَنّ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم قَرَأَ: لَتَخِذْتَ عَلَيْهِ أَجْراً.

6115 ـ حدّثني حَرْمَلَةُ بْنُ يَحْيَىَ. أَخْبَرَنَا ابْنُ وَهْبٍ. أَخْبَرَنِي يُونُسُ عَنِ ابْنِ شِهَابٍ، عَنْ عُبَيْدِ اللّهِ بْنِ عَبْدِ اللّهِ بْنِ عُتْبَةَ بْنِ مَسْعُودٍ، عَنْ عَبْدِ اللّهِ بْنِ عَبّاسٍ أَنّهُ تَمَارَىَ هُوَ وَالْحُرّ بْنُ قَيْسِ بْنِ حِصْنٍ الْفَزَارِيّ فِي صَاحِبِ مُوسَىَ، عَلَيْهِ السّلاَمُ. فَقَالَ ابْنُ عَبّاسٍ: هُوَ الْخَضِرُ. فَمَرّ بِهِمَا أُبَيّ بْنُ كَعْبٍ الأَنْصَارِيّ. فَدَعَاهُ ابْنُ عَبّاسٍ فَقَالَ: يَا أَبَا الطّفَيْلِ هَلُمّ إِلَيْنَا. فَإِنّي قَدْ تَمَارَيْتُ أَنَا وَصَاحِبِي هَذَا فِي صَاحِبِ مُوسَى الّذِي سَأَلَ السّبِيلَ إِلَىَ لُقِيّهِ. فَهَلْ سَمِعْتَ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم يَذْكُرُ شَأْنَهُ؟. فَقَالَ أُبَيّ: سَمِعْتُ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم يَقُولُ: «بَيْنَمَا مُوسَىَ فِي مَلإٍ مِنْ بَنِي إِسْرَائِيلَ. إِذْ جَاءَهُ رَجُلٌ فَقَالَ لَهُ: هَلْ تَعْلَمُ أَحَداً أَعْلَمَ مِنْكَ؟ قَالَ مُوسَىَ: لاَ. فَأَوْحَى اللّهُ إِلَىَ مُوسَىَ: بَلْ عَبْدُنَا الْخَضِرُ. قَالَ: فَسَأَلَ مُوسَىَ السّبِيلَ إِلَىَ لُقِيّهِ. فَجَعَلَ اللّهُ لَهُ الْحُوتَ آيَةً. وَقِيلَ لَهُ: إِذَا افْتَقَدْتَ الْحُوتَ فَارْجِعْ فَإِنّكَ سَتَلْقَاهُ. فَسَارَ مُوسَىَ مَا شَاءَ اللّهُ أَنْ يَسِيرَ. ثُمّ قَالَ لِفَتَاهُ: آتِنَا غَدَاءَنَا. فَقَالَ فَتَى مُوسَىَ، حِينَ سَأَلَهُ الْغَدَاءَ: أَرَأَيْتَ إِذْ أَوَيْنَا إِلَىَ الصّخْرَةِ فَإِنّي نَسِيتُ الْحُوتَ وَمَا أَنْسَانِيهُ إِلاّ الشّيْطَانُ أَنْ أَذْكُرَهُ. فَقَالَ مُوسَىَ لِفَتَاهُ: ذَلِكَ مَا كُنّا نَبْغِي. فَارْتَدّا عَلَىَ آثَارِهِمَا قَصَصاً. فَوَجَدَا خَضِراً. فَكَانَ مِنْ شَأْنِهِمَا مَا قَصّ اللّهُ فِي كِتَابِهِ».

إِلاّ أَنّ يُونُسَ قَالَ: فَكَانَ يَتّبِعُ أَثَرَ الْحُوتِ فِي الْبَحْرِ.

ئىبنى ئاbbas رەزىيەاللە ئەنھۇ بەنى ئىسرائىلنىڭ پەيغەمبىرى مۇسا، خىزىر بىلەن ھەمراھ بولغان مۇسا ئەمەسكەن دېگەن نەۋفكە قاتتىق رەددىيە بېرىپ مۇنداق دېدى: ئۇبەي ئىبنى كەئبى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مۇسا ئەلەيھىسسالام بەنى ئىسرائىللار ئارىسىدا تۇرۇپ خۇتبە ئوقۇدى، ئۇ كىشىلەرگە الله نىڭ نېئمەتلىرىنى ئەسلەتتى، ئۇنىڭدىن كىشىلەرنىڭ قايسى ئەڭ ئالىم؟ دەپ سورالدى، ئۇ مەن دەپ جاۋاب بەردى، ئۇ ئىلىمنى ئاللاھقا نىسبەت بەرمىگەچكە يەنى ئاللاھ ئالىم، ئاللاھنىڭ رەھمەت پەزلى ۋە بىلدۈرۈشى ۋەھى قىلىشى بىلەن ئاندىن مەن ئالىم دېمىگەچكە، ئاللاھتائالا ئۇنىڭغا كايىپ، تاپا

قىلدى، ۋە مۇنداق ۋەھى قىلدى: ھەقىقەتەن ئىككى دېڭىزنىڭ بىرلىشىدىغان جايىدا تۇرۇشلۇق مېنىڭ بىر بەندەم بار، ئۇ سەندىن ئالىمراق دېدى، مۇسا ئەلەيھىسسالام ئى رەببىم!مەن ئۇنىڭدىن قانداق قىلسام ئىلىم ئالالايمەن؟ دېدى، مۇساغا: سەن تائام قىلىشىڭ ئۈچۈن پىشۇرۇلغان ئۆلۈك بېلىقنى سېۋەت، زەمبىلگە سېلىپ، ئۇنى ئېزدە، سەن ئۇ بېلىقنى يۈتتۈرۈپ قويغان جايدا شۇ بەندەم بار دېدى، مۇسا ئەلەيھىسسالام بىلەن بىللە ئۇنىڭ ياش يىگىتى، يۇشەئىبنى نۇن بىللە ماڭدى، ئۇلار بېلىقنى زەمبىلگە سېلىپ ماڭدى، تاكى ئۇلار چوڭ بىر تاشنىڭ يېنىغا كېلىپ، بېشىنى تاشقا قويۇپ ئۇخلاپ قالدى، بېلىق زەمبىلدىن تىرىلىپ چىقىپ، دېڭىزغا ئاجايىپ يول ئالدى، بۇ ئىش مۇسا بىلەن ئۇ يىگىتكە ئاجايىپ ئىش ئىدى، ئاندىن ئۇلار كۈننىڭ قالغان قىسمىدا ۋە بىر كېچە يول يۈردى، تاڭ ئاتقاندا مۇسا، ياش يىگىتكە، ئەتىگەنلىك تامقىمىزنى ئېلىپ كەلگىن، ھەقىقەتەن بۇ سەپىرىمىزدە قاتتىق چارچاپ كەتتۇق دېدى، مۇسا ئەلەيھىسسالام، ئاللاھتائالا ئۇنى بۇيرىغان ماكاندىن ئۆتۈپ كەتمىگىچە قەتئىي سەپەردىن چارچاپ باقمىغان، مۇشەققەت ھېس قىلىپ باقمىغان، ئۇ بەلگىلەنگەن جايدىن ئۆتۈپ كېتىپ، چارچىدى، ئاندىن مۇساغا ياش خادىم:« بىز چوڭ تاش ئاستىدا ئارام ئېلىۋاتقاندا يۈز بەرگەن ئىشتىن يەنى پىشۇرۇلغان بېلىقنىڭ تىرىلىپ، سېۋەتتىن سەكرەپ چىقىپ دەرياغا كىرىپ كەتكەنلىكىدىن ئىبارەت قىزىق ئىشتىن خەۋىرىڭ يوقمۇ؟ مەن راستىنلا بېلىقنى ئۇنتۇپتىمەن، بېلىقنىڭ ئاجايىپ ۋەقەسىنى ساڭا ئېيتىپ بېرىشنى پەقەت شەيتان ماڭا ئۇنتۇلدۇرۇپتۇ، بېلىق دەرياغا ئاجايىپ يول ئالغان ئىدى» دېدى. مۇسا ئەلەيھىسسالام: بىزنىڭ تەلەپ قىلىپ ئىزدەيدىغىنىمىز دەل ئاشۇ ئىدى، دېدى ــ دە: ئىككىسى كەلگەن ئىزى بويىچە كەينىگە يېنىشتى» ئۇلار تاشنىڭ يېنىغا يېتىپ بارغاندا ناگاھان بىر كىشى كىيىمگە يۆگىنىۋېلىپ تۇرۇپتۇ، مۇسا، سالام قىلدى، خىزىر ئەلەيھىسسالام: بۇ زېمىنىڭدا سالام قەيەردىن كەلگەندۇ دەپ ئۆزىگە خىتاپ قىلدى، مۇسا: مەن مۇسا بولىمەن دېدى، خىزىر: بەنى ئىسرائىلنىڭ پەيغەمبىرى مۇسامۇ؟ دېدى، مۇسا ئەلەيھىسسالام: ھەئە شۇنداق، ئاللاھتائالا ساڭا بىلدۈرگەن، توغرا ئىلىمنى ماڭا ئۆگىتىشىڭ ئۈچۈن ساڭا ئەگىشىپ سۆھبىتىڭدە بولايمۇ؟ دېدى، خىزىر: سەن مەن بىلەن بىللە بولۇشقا سەۋرى ــ تاقەت قىلىپ تۇرالمايسەن ، ئى مۇسا! ھەقىقەتەن مەن، ئاللاھتائالا ماڭا بىلدۈرۈپ ئۆگەتكەن، ئاللاھنىڭ ئىلىمدىن ئالاھىدە بىر ئىلىم ئۈستىدە سەن ئۇنى بىلەلمەيسەن، سەنمۇ ئاللاھتائالا ساڭا بىلدۈرگەن، ئاللاھنىڭ ئىلىمدىن بىر ئىلىم ئۈستىدە مەن ئۇ ئىلىمنى بىلمەيمەن، سەن چوڭقۇر تونۇپ يەتمىگەن، سېنىڭ خەۋىرىڭ يوق ئىشقا قانداقمۇ سەۋرى ــ تاقەت قىلىپ تۇرالايسەن؟ دېدى، مۇسا ئېيتتى: ئاللاھ خالىسا مىنى سەۋرى قىلغۇچى كۆرىسەن، سېنىڭ بۇيرۇقىڭغا خىلاپلىق قىلمايمەن، خىزىر ئۇنىڭدىن يولۇققان ئىشلار توغرىسىدا سورىماسلىق توغرىسىدا ۋەدە ئېلىۋېلىپ، ئۇلار دەريا بويىنى بويلاپ يۈرۈپ كەتتى، ئاندىن بىر كېمىچى ئۆتۈپ قالدى، ئۇلار كېمىچىلەرگە ئۆزلىرىنى ئېلىۋېلىش توغرىسىدا سۆز قىلدى، ئۇلار خىزىرنى تونۇپ، ئۇ ئىككەيلەننى ھەقسىز ئېلىۋالدى، ئاندىن ئۇلار كېتىۋاتسا بىر قۇشقاچ كېلىپ، كېمىنىڭ بىر تەرىپىگە چۈشۈپ، دەريادىن بىر ياكى ئىككى چوقۇپ سۇ ئىچتى، ئاندىن خىزىر مۇنداق دېدى: ئى مۇسا! مېنىڭ ئىلمىم بىلەن سېنىڭ ئىلمىڭ، ئاللاھتائالانىڭ ئىلمىدىن پەقەت مۇشۇ قۇشقاچ مۇشۇ دەريا، دېڭىزدىن بىر قېتىم چوقۇپ سۇ ئىچكەنچىلىك ئىشتۇر، (ئاللاھنىڭ ئىلمى چەكسىزدۇر، سەن بىز ھېچنەرسىنى بىلمەيمىز) دەپ ئاندىن خىزىر كېمىنىڭ شاللىرىدىن، تاختايلىرىدىن بىر تاختىنى يۇلۇپ ئېلىۋەتتى، مۇسا: بۇ كىشلەر بىزنى ھەقسىز ئېلىۋالسا، سەن بۇ كېمە ئەھلىنى

ھالاك قىلىش ئۈچۈن بۇ كىمنى تېشۋېتەمسەن؟ دېدى، خىزىر: سەن ھەقىقەتەن مەن بىلەن بىللە بولۇشقا سەۋرى ــ تاقەت قىلىپ تۇرالمايسەن، دېمىدىممۇ؟ دېدى. مۇسا ئېيتتى: ئەھدىنى ئۇنتۇپ قالغانلىقىمغا مېنى ئەيىبلىمە، سەن بىلەن بىللە بولۇشقا مېنى قىيىن ھالغا چۈشۈرۈپ قويما» بۇ تۇنجى قېتىمقىسى مۇسا ئەلەيھىسسالامدىن ئۇنتۇپ قالغانلىقىدىن يۈز بەرگەن كەمچىللىك ئىدى، ئۇلار يۈرۈپ كەتتى، ئاندىن ئۇلار كېتىۋاتسا، ناگاھان بىر كىچىك بالا ئۇششاق بالىلار بىلەن ئويناۋاتقىدەك، خىزىر بۇ بالىنىڭ بېشىنى ئۈستۈندىن تۇتۇپ قولى بىلەن يۇلۇۋەتتى، ئۇ بالىنى ئۆلتۈرۈۋەتتى، مۇسا: ئۇنىڭغا سەن بىر بىگۇناھ جاننى ناھەق ئۆلتۈردۈڭ، سەن ھەقىقەتەن ياۋۇز ئىشنى قىلدىڭ دېدى، خىزىر: سەن ھەقىقەتەن مەن بىلەن بىللە بولۇشقا سەۋرى ــ تاقەت قىلىپ تۇرالمايسەن، دېمىدىممۇ؟ دېدى ــ دە ئۇلار يۈرۈپ كەتتى، مۇسا بۇ قېتىم بىرەر سوئال سورىسا، ھەمراھ قىلماسلىق توغرىسىدا ئەھدى بېرىپ ماڭدى، ئۇلار بىر شەھەرگە يېتىپ كەلدى، شەھەر ئاھالىسىدىن تائام سورىدى، ئۇلار بۇ ئىككەيلەننى مېھمان قىلىشدىن باش تارتتى، ئۇلار بۇ شەھەردە ئۆرۈلۈپ چۈشەي دەپ قالغان بىر تامنى ئۇچراتتى، ئۇنى خىزىر قولى بىلەن سىلاپ تۈزلەپ قويدى، مۇسا ئېيتتى: ئەگەر خالىساڭ بۇ ئىش ئۈچۈن ئەلۋەتتە ئىش ھەققى ئالغان بولاتتىڭ، خىزىر ئېيتتى، مانا بۇ سەن بىلەن مېنىڭ ئايرىلىش ۋاختىمىز، سەن سەۋرى ــ تاقەت قىلىپ تۇرالمىغان يۇقىرقى ئۈچ ئىشنىڭ ھەقىقىتىنى مەن ساڭا چۈشەندۈرۈپ قوياي.........

سۈرە كەھپە 59 ــ ئايەتتىن 82 ــ ئايەتكىچە، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: ئاللاھتائالا مۇساغا رەھمەت قىلسۇن، ئەگەر ئۇ بۇ ئىككىسىنىڭ ئىشلىرىدىن ئاجايىپ ــ غارايىپلارنى بىزگە سۆزلەپ بەرگىچە سەۋرە قىلىپ تۇرغان بولسا ھە! بىز شۇنى ئارزۇ قىلاتتۇق دېگەن، بەيھەقى، تىرمىزى، نەسەئى قاتارلىقلار توپلىغان، بۇخارىدىمۇ بار بولۇپ، سەھىھ. كىمنى بولسا، كەمبەغەل، نامراتلار ئۈچۈن ئەيىبلىك قىلىپ قويۇپ، زالىم پادىشاھدىن ساقلاپ قالغان، بالا بولسا، ئەزەلدىن ئاللاھنىڭ ئىلمىدا كاپىر ئىدى، ئاتا ــ ئانىسىنى ئاياپ ھەم باشقا سالىھ بالا ئاتا قىلىنىشى ئۈچۈن ئاللاھ تەرىپىدىن غەيبنى بىلىپ تۇرۇپ ئۆلتۈرگەن، تامنى بولسا، ئاستىدا ئىككى يېتىمنىڭ خەزىنىسى بار ئىدى، ئۇلار چوڭ بولۇپ ئېلىۋالسۇن ئۈچۈن تۈزلەپ قويدى.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى.

1. جامائەتكە خۇتبە، نۇتۇق سۆزلەش مۇھىم، بۇ جەرياندا سوئال سورىسا بولىدۇ.
2. ئىلمىنى ئاللاھقا نىسبەت بېرىش، مانا مەن ئالىم دەپ چوڭچىلىق قىلماسلىق، كەمتەر بولۇش.
3. ئىلىم ئېلىش پەرىز، پەيغەمبەرمۇ ئىلىم ئالغان،ئىلىم ئېلىپ ئېشىپ قالسىمۇ يەنە ئېلىش لازىم.
4. ئۆلۈك بېلىقنىڭ تىرىلىشىدە، مۆجىزە بار بولۇپ، بۇ قىيامەت كۈنى تىرىلىشكە دەلىل، ھۆججەت.
5. ئاللاھ بۇيرىغان بەلگىلىمىدىن تاجاۋۇز قىلىپ ئۆتۈپ ھەددىدىن ئاشسا، ئۆزى جاپادا قالىدۇ.
6. خىزىر تەنھا ئىبادەت، ئىلىم بىلەنلا ئۆتەتتى، ئۇ ئولتۇرغان جاي يېشىل بولۇپ كەتكەچكە، خىزىر دېيىلگەن.
7. سالام قىلىش قەدىمى ئىبادەتتۇر.
8. ئىلىم ئىككى خىل بولىدۇ، ئىلمى باتىن، يەنى ئىلمى لەدۇن، بۇ ئىلمىنى ئاللاھلا بىلىدۇ ۋە ئاللاھتائالا ئۆزى بىلدۈرگەن كىشى بىلىدۇ، بۇ سىر ئىلمى، غەيىپ ئىلمى بولۇپ، ئاللاھ بۇنى مەخپى تۇتقان، مۇسامۇ بىلەلمىگەن، بۇ ئىلمىنى ئاللاھ بىلدۈرمىسە، كىشى ئۆزى ئېرىشەمەن دەپ ئېرىشەلمەيدۇ، يۇقىرىدا ئۆتكەن سەھىھ

ھەدىستە، ھەقىقەتەن ئىلىم ئېلىش، دەرىس ئوقۇش بىلەن بولىدۇ دېيىلگەن ساھابىلار، تابىئىنلار، قانداق ئىلىم ئالغان بولسا، بىزمۇ شۇنداق ئىلىم ئالىمىز، ئارزۇ، خىيال، گۇمان، ھېچ نەرسىنى بىھاجەت قىلالمايدۇ، دىنى، قۇرئان، ھەدىسنى بىرىنچى بولۇپ، ئاللاھ، ئاندىن پەيغەمبىرى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم، ئاندىن دىن يەتكۈزۈلگەن قۇرئان نازىل قىلىنغان ھەدىس سۆزلەنگەن ساھابىلار، ئاندىن تابىئىنلار، ھەقىقى توغرا چۈشىنىدۇ، سىز ئالىمۇ؟ ياكى ئاللاھ، ئاللاھنىڭ ئەلچىسى ۋە ساھابە، تابىئىنلار ئالىمۇ؟ دەلىل — ئىسپاتىنى شۇلاردەك چۈشىنىڭ، ئىككىنچى ئىلىم مۇساغا بىلدۈرۈلگەن، شەرىئەت ئىلمى بولۇپ، ئۇ تەۋراتتا نازىل قىلىنغان، ھازىر بولسا تەۋرات، ئىنجىللار ئەمەلدىن قالدى، ھازىر قۇرئان، سەھىھ ھەدىسكە، ئىجماﺋ، قىياسقا تايىنىمىز. بىزگە ئەقىدە، ئىبادەتتە ياكى مۇئامىلە، تەرەققىياتتا بولسۇن، قۇرئان، سەھىھ ھەدىسلەر يېتەرلىك، كۇپايە.بىدئەتنىڭ، خۇراپاتنىڭ كېرىكى يوق، بىز مانا مۇشۇ ھەقىقەت ئۈچۈن كۆرەش قىلىۋاتىمىز، ئىلىم، پەلسەپە، ھېكمەت، ئەقىدە، ئىبادەت، ھەممە جەھەتتىن قۇرئان كەرىم بىلەن سەھىھ ھەدىس كۇپايە، ئاسماندا ئۇچسىمۇ ئوتتا كۆيسىمۇ، دېڭىزدىكى سۇ يۈزىدە ئايىغى نەم بولماي ماڭسىمۇ، قۇرئان بىلەن سەھى ھەدىسكە زىت، خىلاپ بولسا، ئۇنى چۆرۈۋەت، يىراققا تاشلىۋەت، چۈنكى، ئۇ دەججال، شەيتانغا ئوخشاشتۇر، خۇلاسە؛ ئىلمىنى، ساھابە، تابىئىنلاردەك ئالايلى، بۇ ئىككى ئىلىم تاقىشىپ قالمايدۇ، بىر — بىرىگە زىت ئەمەس، خىلاپ ئەمەس، سىز كېيىنكى چۈشەنچە سەۋەبلىرىگە قاراڭ، ھەر ئىككى ئىلىم بىر ھەقىقەت ئۈچۈندۇر، قۇرئاننى سەھىھ ھەدىسلەرنى قويۇپ،چۈشۈنۈپ، بىدئەت، خۇراپات، يالغان ئويدۇرما، سۈيقەستكە ئەگەشمەڭ، قاتتىق ھەزەر قىلىڭ، ئى ئاللاھ بىز يەتكۈزدۇق گۇۋاھ بولغىن.

9. سەۋرە قىلىش، چىداش، كەمتەرلىك لازىم، بەدەل تۆلىمەي، نەتىجە ھاسىل بولمايدۇ.

10. ئىلىملىك، ھۆرمەتلىك يۇرت ئاقساقاللىرىنى، ئىمام، خەلىپە، باشلىقلارنى ھەقسىز ئېلىۋالسادۇرۇس.

11. ئاللاھنىڭ ئىلمى چەكسىز، ئاللاھ ھەممىنى، ئۆتكەننى، ھازىرنى، كەلگۈسىنى ئوخشاشلا بىلىدۇ.

12. ئۇ ئۈچ ئىشدا ئۈچ خىل ھېكمەتنى چۈشەندۇق، ئاقىۋەتنى چۈشەندۇق.

13. ئىشلارنى ئالدىن پىلانلاپ، ئۇزۇننى كۆزلەپ، تەدبىر بىلەن ئېلىپ بېرىش لازىم. تەمكىنلىك رەھمانتائالادىن، ئالدىراڭغۇلۇق شەيتاندىن، لېكىن، ئاخىرەت ئەمەللىرىدە، ئىبادەتتە ئالدىراڭغۇلۇق بەك ياخشى، مىس — مىس، لۆم — لۆم بولماي، چاققان بولۇڭ.

## 46 ـ كتاب فضائل الصحابة رضي اللهُ تعالى عنهم

## تۆت خەلىپە قاتارلىق ساھابى رەزىيەللاھ ئەنھۇملارنىڭ پەزىلىتى

### 1097 ـ باب من فضائل أبي بكر الصديق، رضي اللهُ عنه


6228 ـ حدّثنا عَبْدُ بْنُ حُمَيْدٍ. أَخْبَرَنَا عَبْدُ الرَّزّاق. أَخْبَرَنَا مَعْمَرٌ عَنِ الزّهْرِيّ، عَنْ عُرْوَةَ، عَنْ عَائِشَةَ، قَالَتْ: لَمْ يَتَزَوّجِ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم عَلَىَ خَدِيجَةَ حَتّىَ مَاتَتْ.

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا ئېيتىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم خەدىچەرەزىيەللاھۇ ئەنھا ئۆلۈپ كەتمىگىچە ئۇنىڭ ئۈستىگە يەنەبىر خوتۇن ئالمىغان ئىدى.

6229 ـ حدّثنا سُوَيْدُ بْنُ سَعِيدٍ. حَدّثَنَا عَلِيّ بْنُ مُسْهِرٍ عَنْ هِشَامٍ، عَنْ أَبِيهِ، عَنْ عَائِشَةَ. قَالَت: اسْتَأْذَنَتْ هَالَةُ بِنْتُ خُوَيْلِدٍ، أُخْتُ خَدِيجَةَ، عَلَىَ رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم. فَعَرَفَ اسْتِئْذَانَ خَدِيجَةَ فَارْتَاحَ لِذَلِكَ. فَقَالَ: «اللّهُمّ هَالَةُ بِنْتُ خُوَيْلِدٍ» فَغِرْتُ فَقُلْتُ: وَمَا تَذْكُرُ مِنْ عَجُوزٍ مِنْ عَجَائِزِ قُرَيْشٍ، حَمْرَاءِ الشّدْقَيْنِ، هَلَكَتْ فِي الدّهْرِ، فَأَبْدَلَكَ اللّهُ خَيْراً مِنْهَا.

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن، بىر قېتىم خەدىچەرەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ ھەمشىرىسى ھالەت رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قېشىغا كىرىش ئۈچۈن رۇخسەت سورىسا، رەسۇلۇللاھ ئۇنى خەدىچەمىكى دەپ گۇمان قىلىپ تۇيۇقسىزلا خۇرسەن بولۇپ كېتىپ: يا الله! بۇ ھالەت بىنتى خۇۋەيلىد ئىكەن ئەمەسما دېدى. مەن كۆندەشلىك قىلىپ: ئۆتۈپ كەتكەن زامانلاردا ۋاپات بولغان، ئىككى مەڭزى قىزىلقىتىن قىزىرىپ كەتكەن، (ئاغزىدا چىشلىرى قالمىغان) قۇرەيشلەرنىڭ قېرى ئاياللىرىدىن بىر قېرى خوتۇننى ئەجەب كۆپ ئەسلەپ كەتتىلە، الله سىلىگە ئۇنىڭدىن ياخشىراقىنى ئالماشتۇرۇپ بەرگەن تۇرسا دېدىم.

## 1109 ـ باب في فضل عائشة، رضي اللّه تعالى عنها

6230 ـ حدّثنا خَلَفُ بْنُ هِشَامٍ وَأَبُو الرّبِيعِ. جَمِيعاً عَنْ حَمّادِ بْنِ زَيْدٍ (وَاللّفْظُ لأَبِي الرّبِيعِ). حَدّثَنَا حَمّادٌ. حَدّثَنَا هِشَامٌ عَنْ أَبِيهِ، عَنْ عَائِشَةَ أَنّهَا قَالَتْ: قَالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: «أُرِيتُكِ فِي الْمَنَامِ ثَلاَثَ لَيَالٍ. جَاءَنِي بِكِ الْمَلَكُ فِي سَرَقَةٍ مِنْ حَرِيرٍ. فَيَقُولُ: هَذِهِ امْرَأَتُكَ؟ فَأَكْشِفُ عَنْ وَجْهِكِ. فَإِذَا أَنْتِ هِيَ. فَأَقُولُ: إِنْ يَكُ هَذَا مِنْ عِنْدِ اللّهِ، يُمْضِهِ».

6231 ـ حدّثنا ابْنُ نُمَيْرٍ. حَدّثَنَا ابْنُ إِدْرِيسَ. ح وَحَدّثَنَا أَبُو كُرَيْبٍ. حَدّثَنَا أَبُو أُسَامَةَ. جَمِيعاً عَنْ هِشَامٍ، بِهَذَا الإِسْنَادِ، نَحْوَهُ.

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ماڭا مۇنداق دېگەن: سەن ماڭا چۈشۈمدە ، ئۈچ كېچە ئۈچ قېتىم كۆرسىتىلدۇڭ، سېنى پەرىشتە، يىپەك رەختنىڭ پارچىسى ئىچىدە كۆتۈرۈپ كىلىپ ، بۇ

سىنىڭ ئايالىڭ دېدى، پەردىنى ئېچىپ قارىسام، سەن ئىكەنسەن، مەن ؛ ئەگەر بۇ ئاللاھ تەرىپىدىن بولسا، چوقۇم ئىجرا قىلىپ يورىتىدۇ، ئۇچۇمدا بولىدۇ دېدىم، بۇخارى.،مۇسلىم،ئەھمەد، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.

6232 ـ حدّثنا أبُو بَكْرِ بْنُ أبي شَيْبَةَ. قالَ: وَجَدْتُ فِي كِتَابِي عَنْ أبي أسَامَةَ: حَدّثنا هِشَامٌ. ح وَحَدّثنا أبُو كُرَيْبٍ، مُحَمّدُ بْنُ الْعَلاءِ. حَدّثنَا أبُو أسَامَةَ عَنْ هِشَامٍ، عَنْ أبيهِ، عَنْ عَائِشَةَ. قَالَتْ: قَالَ لِي رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: «إنّي لأعْلَمُ إذَا كُنْتِ عَنّي رَاضِيَةً، وَإذَا كُنْتِ عَلَيّ غَضْبَىَ» قَالَتْ: فَقُلْتُ: وَمِنْ أيْنَ تَعْرِفُ ذَلِكَ؟ قَالَ «أمّا إذَا كُنْتِ عَنّي رَاضِيَةً، فَإنّكِ تَقُولِينَ: لاَ. وَرَبّ مُحَمّدٍ وَإذَا كُنْتِ غَضْبَىَ، قُلْتِ: لاَ. وَرَبّ إبْرَاهِيمَ» قَالَتْ: قُلْتُ: أجَلْ. وَاللّهِ يَا رَسُولَ اللّهِ مَا أهْجُرُ إلاّ اسْمَكَ.

6233 ـ وحدّثناه ابْنُ نُمَيْرٍ. حَدّثنا عَبْدَةُ عَنْ هِشَامِ بْنِ عُرْوَةَ، بِهَذَا الإسْنَادِ، إلَىَ قَوْلِهِ: لاَ. وَرَبّ إبْرَاهِيمَ. وَلَمْ يَذْكُرْ مَا بَعْدَهُ.

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا ادىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ماڭا مۇنداق دېگەن: ھەققەتەن مەن سىنىڭ مەندىن رازى بولغىنىڭنى ۋە مەندىن رازى بولماي ماڭا غەزەپ قىلغىنىڭنى بىلىۋالىمەن، مەن؛ ئۇنى قەيەردىن بىلىلا؟دېسەم، ماڭا؛ ئەمما سەن مەندىن رازى بولساڭ، لا ۋە رەببى مۇھەممەد يەنى مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ رەببى بىلەن قەسەمكى دېيسەن، ماڭا غەزەپ قىلىپ، ئۆچ بولۇپ قالساڭ، ئىبراھىمنىڭ رەببى بىلەن قەسەمكى دېيسەن، دېدى، مەن ئى الله نىڭ ئەلچىسى! الله بىلەن قەسەمكى، دەل شۇنداق، لىكىن مەن پەقەت ئىسمىلىرىنىلا تەرك ئېتىمەن دېدىم. بۇخارى،مۇسلىم، ئەھمەد، بەيھەقى ، سەھىھ.

6234 ـ حدّثنا يَحْيَىَ بْنُ يَحْيَىَ. أخْبَرَنَا عَبْدُ الْعَزِيزِ بْنُ مُحَمّدٍ عَنْ هِشَامِ بْنِ عُرْوَةَ، عَنْ أبيهِ، عَنْ عَائِشَةَ أنّهَا كَانَتْ تَلْعَبُ بِالْبَنَاتِ عِنْدَ رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم. قَالَتْ: وَكَانَتْ تَأْتِينِي صَوَاحِبِي فَكُنّ يَنْقَمِعْنَ مِنْ رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم. قَالَتْ: فَكَانَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم يُسَرّبُهُنّ إلَيّ.

6235 ـ حدّثناه أبُو كُرَيْبٍ. حَدّثنَا أبُو أسَامَةَ. ح وَحَدّثنا زُهَيْرُ بْنُ حَرْبٍ. حَدّثنا جَرِيرٌ ح وَحَدّثنا ابْنُ نُمَيْرٍ. حَدّثنا مُحَمّدُ بْنُ بِشْرٍ. كُلّهُمْ عَنْ هِشَامٍ، بِهَذَا الإسْنَادِ. وَقَالَ فِي حَدِيثِ جَرِيرٍ: كُنْتُ ألْعَبُ بِالْبَنَاتِ فِي بَيْتِهِ. وَهُنّ اللّعَبُ.

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا ادىن، مەن بىر نەچچە نەپەر قىزچاقلار بىلەن بىللە رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم نىڭ يېنىدا ئويناتتىم، مىنىڭ مەن بىلەن بىللە ئوينايدىغان ھەمراھلىرىم بارئىدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۆيگە كىرسە، ئۇلار ھايا قىلىپ، تارتىنىپ ئۆي ئىچىگە يوشۇرنۇپ، پەردىلىنەتتى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇلارنى مىنىڭ قېشىمغا ئەۋەتەتتى، ئاندىن ئۇلار مەن بىلەن بىللە ئوينايتتى. بۇخارى،مۇسلىم بىرلىككە كەلگەن.

6236 ـ حدّثنا أبُو كُرَيْبٍ. حَدّثنَا عَبْدَةُ عَنْ هِشَامٍ، عَنْ أبيهِ، عَنْ عَائِشَةَ أنّ النّاسَ كَانُوا يَتَحَرّوْنَ بِهَدَايَاهُمْ يَوْمَ عَائِشَةَ. يَبْتَغُونَ بِذَلِكَ مَرْضَاةَ رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم.

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا ادىن، كىشىلەر ئۆز ھەدىيلىرىنى بىرىشتە مىنىڭ نۆۋەت كۈنۈمنى ئىزدەيتتى، ئۇلار شۇئارقىلىق رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ رازىلىقىنى تەلەپ قىلىشاتتى،

6237 ـ حدّثني الْحَسَنُ بْنُ عَلِيَ الْحُلْوَانِيّ وَأبُو بَكْرِ بْنُ النّضْرِ وَعَبْدُ بْنُ حُمَيْدٍ (قَالَ عَبْدٌ: حَدّثني. وَقَالَ الآخَرَانِ: حَدّثنَا) يَعْقُوبُ بْنُ إبْرَاهِيمَ بْنِ سَعْدٍ. حَدّثنِي أبِي عَنْ صَالِحٍ، عَنِ ابْنِ شِهَابٍ. أخْبَرَنِي مُحَمّدُ بْنُ عَبْدِ الرّحْمَنِ بْنِ الْحَارِثِ بْنِ هِشَامٍ أنّ عَائِشَةَ زَوْجَ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم قَالَتْ: أرْسَلَ أزْوَاجُ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم فَاطِمَةَ، بِنْتَ رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم، إلَىَ رَسُولِ اللّهِ

صلى الله عليه وسلم. فاسْتَأْذَنَتْ عَلَيْهِ وَهُوَ مُضْطَجِعٌ مَعِي فِي مِرْطِي. فَأَذِنَ لَهَا. فَقَالَتْ: يَا رَسُولَ اللّهِ إنّ أزْوَاجَكَ أرْسَلْنَنِي إلَيْكَ يَسْأَلْنَكَ الْعَدْلَ فِي ابْنَةِ أبِي قُحَافَةَ. وَأنَا سَاكِتَةٌ. قَالَتْ: فَقَالَ لَهَا رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: «أيْ بُنَيّةُ ألَسْتِ تُحِبّينَ مَا أُحِبّ؟» فَقَالَتْ: بَلَى. قَالَ: «فَأحِبّي هَذِهِ». قَالَتْ: فَقَامَتْ فَاطِمَةُ حِينَ سَمِعَتْ ذَلِكَ مِنْ رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم. فَرَجَعَتْ إلَى أزْوَاجِ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم فَأخْبَرَتْهُنّ بِالّذِي قَالَتْ. وَبِالّذِي قَالَ لَهَا رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم. فَقُلْنَ لَهَا: مَا نُرَاكِ أغْنَيْتِ عَنّا مِنْ شَيْءٍ. فَارْجِعِي إلَى رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم فَقُولِي لَهُ: إنّ أزْوَاجَكَ يَنْشُدْنَكَ الْعَدْلَ فِي ابْنَةِ أبِي قُحَافَةَ. فَقَالَتْ فَاطِمَةُ: وَاللّهِ لاَ أُكَلّمُهُ فِيهَا أبَداً. قَالَتْ عَائِشَةُ: فَأرْسَلَ أزْوَاجُ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم زَيْنَبَ بِنْتَ جَحْشٍ، زَوْجَ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم، وَهِيَ الّتِي كَانَتْ تُسَامِينِي مِنْهُنّ فِي الْمَنْزِلَةِ عِنْدَ رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم. وَلَمْ أرَ امْرَأةً قط خَيْراً فِي الدّينِ مِنْ زَيْنَبَ. وَأتْقَى لِلّهِ. وَأصْدَقَ حَدِيثاً. وَأوْصَلَ لِلرّحِمِ. وَأعْظَمَ صَدَقَةً. وَأشَدّ ابْتِذَالاً لِنَفْسِهَا فِي الْعَمَلِ الّذِي تَصَدّقُ بِهِ، وَتَقَرّبُ بِهِ إلَى اللّهِ تَعَالَى. مَا عَدَا سَوْرَةً مِنْ حَدّةٍ كَانَتْ فِيهَا. تُسْرِعُ مِنْهَا الْفَيْئَةَ. قَالَتْ: فَاسْتَأْذَنَتْ عَلَى رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم. وَرَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم مَعَ عَائِشَةَ فِي مِرْطِهَا. عَلَى الْحَالَةِ الّتِي دَخَلَتْ فَاطِمَةُ عَلَيْهَا وَهُوَ بِهَا. فَأذِنَ لَهَا رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم. فَقَالَتْ: يَا رَسُولَ اللّهِ إنّ أزْوَاجَكَ أرْسَلْنَنِي إلَيْكَ يَسْأَلْنَكَ الْعَدْلَ فِي ابْنَةِ أبِي قُحَافَةَ. قَالَتْ: ثُمّ وَقَعَتْ بِي. فَاسْتَطَالَتْ عَلَيّ. وَأنَا أرْقُبُ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم، وَأرْقُبُ طَرْفَهُ، هَلْ يَأْذَنُ لِي فِيهَا. قَالَتْ فَلَمْ تَبْرَحْ زَيْنَبُ حَتّى عَرَفْتُ أنّ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم لاَ يَكْرَهُ أنْ أنْتَصِرَ. قَالَتْ: فَلَمّا وَقَعْتُ بِهَا لَمْ أنْشَبْهَا حَتّى أنْحَيْتُ عَلَيْهَا. قَالَت: فَقَالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم وَتَبَسّمَ: «إنّهَا بِنْتُ أبِي بَكْرٍ».

6238 ـ حَدّثَنِيهِ مُحَمّدُ بْنُ عَبْدِ اللّهِ بْنِ قُهْزَاذَ. قَالَ عَبْدُ اللّهِ بْنُ عُثْمَانَ: حَدّثَنِيهِ عَنْ عَبْدِ اللّهِ بْنِ الْمُبَارَكِ، عَنْ يُونُسَ، عَنِ الزّهْرِيّ، بِهَذَا الإسْنَادِ، مِثْلَهُ فِي الْمَعْنَى. غَيْرَ أنّهُ قَالَ: فَلَمّا وَقَعْتُ بِهَا لَمْ أنْشَبْهَا أنْ أثْخَنْتُهَا غَلَبَةً.

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا ادىن، كىشلەر ئۆز ھەدىيلىرىنى بىرىشتە مىنىڭ نۆۋبەت كۈنۈمنى ئىزدەيتتى، ئۇلار شۇئارقىلىق رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ رازىلىقىنى تەلەپ قىلىشاتتى، رەسۇلۇللاھنىڭ ئاياللىرى ئىككى گۇرۇھ ئىدى، بىر گۇرۇھتە مەن، ھەپسە، سەپىيە، سەۋدە رەزىيەللاھۇ ئەنھا لار بار ئىدۇق، يەنە بىر گۇرۇھتە بولسا، ئۇممە سەلەمەت ۋە قالغان ئاياللىرى بار ئىدى، ئۇممە سەلەمەت رەزىيەللاھۇ ئەنھا انىڭ گۇرۇھى ئۇنىڭغا؛ سەن رەسۇلۇللاھقا سۆز قىلساڭ، رەسۇلۇللاھ كىشلەرگە مۇنداق دىسە؛ كىم رەسۇلۇللاھقا ھەدىي قىلماقچى بولسا، ھەدىيىسنى رەسۇلۇللاھ قەيەردە بولسا، شۇ يەرگە بەرسە دىدى، ئۇ سۆز قىلىشۇدى، رەسۇلۇللاھ ئۇنىڭغا؛ سەن ماڭا ئائىشە توغرىسىدا ئازار بەرمىگىن، چۈنكى مەن ئائىشەدىن باشقا ئاياللىرىمنىڭ كۆرپىسىدىكى چېغىمدا، ماڭا ۋەھى كەلمەيدۇ، پەقەت ئائىشەنىڭ كۆرپىسىدە بولسامۇ، ماڭا ۋەھى كىلىشۇرىدۇ دىدى، ئاندىن ئۇ؛ ئى **الله** نىڭ ئەلچىسى! مەن بۇسۆزۈمدىن **الله** قا تۆۋبە قىلدىم دىدى، ئاندىن ئۇلار پاتىمەنى چاقىرىپ، ئۇنى رەسۇلۇللاھنىڭ قىشىغا ئەۋەتىپتۇ، ئۇمۇ سۆز قىلغاندا، رەسۇلۇللاھ ئۇنىڭغا؛ ئى قىزىم! سىز مەن ياخشى كۆرگەننى ياخشى كۆرمەمسىز؟دىسە، ئۇ؛ ئەلۋەتتە سىلى ياخشى كۆرگەننى مەنمۇ ياخشى كۆرىمەن دەيدۇ، رەسۇلۇللاھ ؛ئۇنداق بولسا، سىز ئەبۇبەكرىنىڭ قىزى ئائىشەنى ياخشى كۆرۈڭ دىدى.بۇخارى،مۇسلىم.

6239 ـ وحدّثنا أبُو بَكْرِ بْنُ أبِي شَيْبَةَ. قَالَ: وَجَدْتُ فِي كِتَابِي عَنْ أبِي أُسَامَةَ، عَنْ هِشَامٍ، عَنْ أبِيهِ، عَنْ عَائِشَةَ قَالَتْ: إنْ كَانَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم لَيَتَفَقّدُ يَقُولُ: «أيْنَ أنَا الْيَوْمَ؟ أيْنَ أنَا غَداً؟» اسْتِبْطَاءً لِيَوْمِ عَائِشَةَ. قَالَتْ: فَلَمّا كَانَ يَوْمِي قَبَضَهُ اللّهُ بَيْنَ سَحْرِي وَنَحْرِي.

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ۋاپات تاپقان كىسىلىدە: مەن ئەتە قەيەردە بولىمەن؟دەپ سورايتتى، يەنى ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ كۈنىنى مەقسەت قىلاتتى، رەسۇلۇللاھنىڭ ئاياللىرى

رەسۇلۇللاھقا قەيەردە تۇرۇشنى خالىسا،شۇجايداتۇرۇشىغا ئىزنى بەردى،رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ۋاپات تاپقانغا قەدەر ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ ئۆيىدە تۇردى. ھەم شۇ ئۆيدە مىنىڭ ئۆيۈمدە، مىنىڭ نۆۋبەت كۈنۈمدە، مىنىڭ قۇچۇقۇمدا ۋاپات بولدى، (يەنە مىنىڭ ئۆيۈمگە دەپنە قىلىندى)ۋاپات.بۇخارى.

**6240 ـ6241 ـ حدّثنا قُتَيْبَةُ بْنُ سَعِيدٍ عَنْ مَالِكِ بْنِ أَنَسٍ، فِيمَا قُرِىءَ عَلَيْهِ عَنْ هِشَامِ بْنِ عُرْوَةَ، عَنْ عَبّادِ بْنِ عَبْدِ اللّهِ بْنِ الزّبَيْرِ، عَنْ عَائِشَةَ أَنّهَا أَخْبَرَتْهُ أَنّهَا سَمِعَتْ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم يَقُولُ قَبْلَ أَنْ يَمُوتَ، وَهُوَ مُسْنِدٌ إِلَىَ صَدْرِهَا، وَأَصْغَتْ إِلَيْهِ وَهُوَ يَقُولُ: «اللّهُمّ اغْفِرْ لِي وَارْحَمْنِي. وَأَلْحِقْنِي بِالرّفِيقِ».**

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ؛ **الله** تائالانىڭ ماڭا ئاتا قىلغان نىئمەتلىرىدىن؛رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مىنىڭ ئۆيۈمدە، مىنىڭ نۆۋبەت كۈنۈمدە، مىنىڭ قۇچۇقۇمدا ۋاپات بولدى، (يەنە مىنىڭ ئۆيۈمگە دەپنە قىلىندى)**الله** تائالا رەسۇلۇللاھنىڭ ۋاپات بولىشى ئالدىدا مىنىڭ ئېغىز سۈيۈم بىلەن رەسۇلۇللاھنىڭ شالىسىنى بىرلەشتۇردى، مەن رەسۇلۇللاھنى يۆلەپ ئولتۇراتتىم، ئابدۇررەھمان قولىدا مىسۋاك تۇتقان ھالدا كىرىپ كەلدى، مەن رەسۇلۇللاھنىڭ مىسۋاككا قارىغانلىقىنى كۆرۈپ، مىسۋاكنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى بىلىپ؛ مىسۋاكنى سىلىگە ئېلىپ بىرەيمۇ؟دىسەم، بېشى بىلەن ئىشارەت قىلىپ ھەئە دېدى، مەن مىسۋاكنى ئېلىپ بەردىم، مىسۋاك بەك قاتتىق ئىدى، ئۇنى سىلىشى ئېغىر كەلدى، مەن؛ مىسۋاكنى سىلىگە يۇمشۇتۇپ بىرەيمۇ؟دىسەم، بېشى بىلەن ئىشارەت قىلىپ ھەئە دېدى، مەن مىسۋاكنى ئېلىپ ئېغىزىمدا يۇمشۇتۇپ بەردىم، ئاندىن ئۇنى ئاغزىغا سىلىپ چىشلىرى ئۈستىدە ئۇياقتىن بۇياققا يۈرۈتتى، رەسۇلۇللاھنىڭ ئالدىدا قاچا بار ئىدى، ئۇنىڭدا سۇ بار ئىدى، رەسۇلۇللاھ ئىككى قولىنى سۇغا سىلىپ، قولى بىلەن يۈزىنى سىلاپ تۇرۇپ؛ «لائىلاھە ئىللە**الله**»!!ھەقىقەتەن ئۆلۈم ئۈچۈن قاتتىق مۇشەققەتلەر بار ئىكەن، سەكراتۇلمەۋت قاتتىق ئىكەن دېدى، ئاندىن قولىنى تىكلەپ (ئاسمانغا ئىشارەت قىلىپ)ئى **الله**!ماڭا رەھىم قىلسىلا، مىنى مەغپىرەت قىلسىلا، رەپىيقەلئەئلا يەنى مىنى يۇقىرى مەرتىۋىلىك پەيغەمبەرلەر جامائىتىگەقوشۇپ قويسىلا دەپ قەبزى روھ قىلىندى، ئاندىن قولى پەسكە چۈشۈپ كەتتى.بۇخارى تويلىغان.       ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ئى ئاللاھ، مەن ئۈچۈن مەغپىرەت قىلىپ، ماڭا رەھىيم قىلسىلا، مىنى ئەڭ يۇقىرى مەرتىبىدىكى ھەمراھلار قاتارىدا يەنى يۇقىرى مەرتىبلىك پەيغەمبەرلەر قاتارىغا قوشۇپ قويسىلا، بەيھەقى، تىرمىزى.

**6242 ـ6243 ـ وحدّثنا مُحَمّدُ بْنُ الْمُثَنّى وَابْنُ بَشّارٍ (وَاللّفْظُ لاِبْنِ الْمُثَنّى) قَالاَ: حَدّثَنَا مُحَمّدُ بْنُ جَعْفَرٍ حَدّثَنَا شُعْبَةُ عَنْ سَعْدِ بْنِ إِبْرَاهِيمَ، عَنْ عُرْوَةَ، عَنْ عَائِشَةَ قَالَتْ: كُنْتُ أَسْمَعُ أَنّهُ لَنْ يَمُوتَ نَبِيّ حَتّى يُخَيّرَ بَيْنَ الدّنْيَا وَالآخِرَةِ. قَالَتْ: فَسَمِعْتُ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم، فِي مَرَضِهِ الّذِي مَاتَ فِيهِ، وَأَخَذَتْهُ بُحّةٌ، يَقُولُ: {مَعَ الّذِينَ أَنْعَمَ اللّهُ عَلَيْهِمْ مِنَ النّبِيّينَ وَالصّدّيقِينَ وَالشّهَدَاءِ وَالصّالِحِينَ وَحَسُنَ أُولَئِكَ رَفِيقاً} (4النساء الآية: 96). قَالَتْ: فَظَنَنْتُهُ خُيّرَ حِينَئِذٍ.**

حدّثناه أَبُو بَكْرِ بْنُ أَبِي شَيْبَةَ. حَدّثَنَا وَكِيعٌ. ح وَحَدّثَنَا عُبَيْدُ اللّهِ بْنُ مُعَاذٍ. حَدّثَنَا أَبِي قَالاَ: حَدّثَنَا شُعْبَةُ عَنْ سَعْدٍ، بِهَـذَا الإِسْنَادِ، مِثْلَهُ.

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەر قانداق بىر پەيغەمبەر كېسەل بولسا، ۋاپاتىدىن بۇرۇن دۇنيا بىلەن ئاخىرەتنىڭ بىرىنى تاللاشقا ئىختىيارلىق بېرىلىدۇ، (ئاندىن ئۇ ئاخىرەتنى تاللايدۇ ــ دە، ۋاپات بولىدۇ). رەسۇلۇللاھنى ۋاپات بولۇپ كەتكەن كېسىلىدە قاتتىق ھۆتەل تۇتۇپ كەتتى، ئاندىن مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىدىم: ئى الله منى (ئاخىرەتتە)« اللهنىڭ نېئمىتىگە ئېرىشكەن (سىلى نېئمەت بەرگەن) پەيغەمبەرلەر، سىددىقلار (يەنى يۇقىرى دەرىجىلىك پەيغەمبەرلەر )، شېھىتلار ۋە ياخشىلار بىلەن بىللە »قىلغىن. ئاندىن مەن رەسۇلۇللاھقا ئىختىيارلىق بېرىلگەنلىكىنى بىلدىم.بۇخارى،مۇسلىم، ئىبنى ماجە قاتارلىقلار توپلىغان، سەھىھ.

6244 ـ حدّثني عَبْدُ الْمَلِكِ بْنُ شُعَيْبِ بْنِ اللّيْثِ بْنِ سَعْدٍ. حَدّثَنِي أَبِي عَنْ جَدّي. حَدّثَنِي عُقَيْلُ بْنُ خَالِدٍ. قَالَ: قَالَ ابْنُ شِهَابٍ: أَخْبَرَنِي سَعِيدُ بْنُ الْمُسَيّبِ وَعُرْوَةُ بْنُ الزّبَيْرِ، فِي رِجَالٍ مِنْ أَهْلِ الْعِلْمِ أَنّ عَائِشَةَ، زَوْجَ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم قَالَتْ: كَانَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم يَقُولُ وَهُوَ صَحِيحٌ «إِنّهُ لَمْ يُقْبَضْ نَبِيّ قَط، حَتّى يَرَى مَقْعَدَهُ فِي الْجَنّةِ، ثُمّ يُخَيّرُ» قَالَتْ عَائِشَةُ: فَلَمّا نَزَلَ بِرَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم، وَرَأْسُهُ عَلَى فَخِذِي، غُشِيَ عَلَيْهِ سَاعَةً ثُمّ أَفَاقَ. فَأَشْخَصَ بَصَرَهُ إِلَى السّقْفِ. ثُمّ قَالَ: «اللّهُمّ فِي الرّفِيقِ الأَعْلَى». قَالَتْ عَائِشَةُ: قُلْتُ: إِذاً لاَ يَخْتَارُنَا. قَالَتْ عَائِشَةُ: وَعَرَفْتُ الْحَدِيثَ الّذِي كَانَ يُحَدّثُنَا بِهِ وَهُوَ صَحِيحٌ فِي قَوْلِهِ: «إِنّهُ لَمْ يُقْبَضْ نَبِيّ قط حَتّى يَرَىَ مَقْعَدَهُ مِنَ الْجَنّةِ ثُمّ يُخَيّرُ». قَالَتْ عَائِشَةُ: فَكَانَتْ تِلْكَ آخِرُ كَلِمَةٍ تَكَلّمَ بِهَا رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم قَوْلَهُ: «اللّهُمّ مع الرّفِيقَ الأَعْلَى».

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ساق ۋاقتىدا مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن ھەربىر پەيغەمبەر جەننەتتىكى ئورنىنى كۆرمىگىچە، ئاندىن ياشاش ياكى ئاخىرەتكە جەننەتتكە كېتىش توغرىسىدا ئىختىيارلىق بېرىلمەي تۇرۇپ ۋاپات تاپمايدۇ، (جەننەتتىكى كۆرۈپ ئاندىن تاللاش ئىختىيارلىق بېرىلىپ ۋاپات تاپىدۇ)، ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ: رەسۇلۇللاھقا ئۆلۈم چۈشكەندە، رەسۇلۇللاھنىڭ بېشى مېنىڭ يوتامدا ئىدى، رەسۇلۇللاھ ھوشىدىن كېتىپ، ئاندىن يەنە ھوشىغا كېلىپ؛ كۆزىنى ئۆگزى تەرەپكە كۆتۈرۈپ؛ «الله ھوممە رەپىيقەلئەئلا»دېدى، مەن؛ ئۇنداقتا رەسۇلۇللاھ بىزنى تاللىماي، ئاخىرەتنى تاللاپتۇ دېدىم، ۋە رەسۇلۇللاھنىڭ بىزگە سۆزلەپ بەرگەن:« ھەقىقەتەن ھەربىر پەيغەمبەر جەننەتتىكى ئورنىنى كۆرمىگىچە ، ئاندىن ياشاش ياكى ئاخىرەتكە جەننەتتكە كېتىش توغرىسىدا ئىختىيارلىق بېرىلمىگىچە ۋاپات تاپمايدۇ »، دېگەن ھەدىسىنى راست ئىكەن دەپ تونۇدۇم ، رەسۇلۇللاھنىڭ سۆزلىگەن سۆزىنىڭ ئەڭ ئاخىرقىسى:« «الله ھوممە رەپىيقەلئەئلا»دېيىش بولدى، دېدى.بۇخارى،مۇسلىم، ئەھمەد، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.

6245 ـ حدّثنا إِسْحَقُ بْنُ إِبْرَاهِيمَ الْحَنْظَلِيّ. وَحَدّثَنَا عَبْدُ بْنُ حُمَيْدٍ. كِلاَهُمَا عَنْ أَبِي نُعَيْمٍ. قَالَ عَبْدٌ: حَدّثَنَا أَبُو نُعَيْمٍ. حَدّثَنَا عَبْدُ الْوَاحِدِ بْنُ أَيْمَنَ. حَدّثَنِي ابْنُ أَبِي مُلَيْكَةَ عَنِ الْقَاسِمِ بْنِ مُحَمّدٍ، عَنْ عَائِشَةَ. قَالَتْ: كَانَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم، إِذَا خَرَجَ، أَقْرَعَ بَيْنَ نِسَائِهِ. فَطَارَتِ الْقُرْعَةُ عَلَى عَائِشَةَ وَحَفْصَةَ. فَخَرَجَتَا مَعَهُ جَمِيعاً. وَكَانَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم، إِذَا كَانَ بِاللّيْلِ، سَارَ مَعَ

**عَائِشَةَ، يَتَحَدّثُ مَعَهَا. فَقَالَتْ حَفْصَةُ لِعَائِشَةَ: أَلاَ تَرْكَبِينَ اللّيْلَةَ بَعِيرِي وَأَرْكَبُ بَعِيرَكِ، فَتَنْظُرِينَ وَأَنْظُرُ؟ قَالَتْ: بَلَى. فَرَكِبَتْ عَائِشَةُ عَلَى بَعِيرِ حَفْصَةَ. وَرَكِبَتْ حَفْصَةُ عَلَى بَعِيرِ عَائِشَةَ. فَجَاءَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم إِلَى جَمَلِ عَائِشَةَ، وَعَلَيْهِ حَفْصَةُ، فَسَلّمَ ثُمّ سَارَ مَعَهَا. حَتّى نَزَلُوا. فَافْتَقَدَتْهُ عَائِشَةُ فَغَارَتْ. فَلَمّا نَزَلُوا جَعَلَتْ تَجْعَلُ رِجْلَهَا بَيْنَ الإِذْخِرِ وَتَقُولُ: يَا رَبّ سَلّطْ عَلَيّ عَقْرَباً أَوْ حَيّةً تَلْدَغُنِي. رَسُولُكَ وَلاَ أَسْتَطِيعُ أَنْ أَقُولَ لَهُ شَيْئاً.**

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم سەپەر قىلىشنى ئىرادە قىلسا، ئاياللىرى ئارىسىغا قۇرئە،چەك تاشلايتتى، قايسى ئايالىغا بىللە چىقىشنىڭ چېكى چىقسا، شۇ ئايالىنى سەپەرگە بىللە ئېلىپ چىقاتتى. بۇخارى،مۇسلىم.

**6246 ـ حدّثنا عَبْدُ اللّهِ بْنُ مَسْلَمَةَ بْنِ قَعْنَبٍ. حَدّثَنَا سُلَيْمَانُ (يَعْنِي ابْنَ بِلاَلٍ) عَنْ عَبْدِ اللّهِ بْنِ عَبْدِ الرّحْمَـَنِ، عَنْ أَنَسِ بْنِ مَالِكٍ، قَالَ: سَمِعْتُ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم يَقُولُ: «فَضْلُ عَائِشَةَ عَلَى النّسَاءِ كَفَضْلِ الثّرِيدِ عَلَى سَائِرِ الطّعَامِ».**
**6247 ـ حدّثنا يَحْيَى بْنُ يَحْيَى وَ قُتَيْبَةُ وَ ابْنُ حُجْرٍ. قَالُوا: حَدّثَنَا إِسْمَاعِيلُ (يَعْنُونَ ابْنَ جَعْفَرٍ). ح وَحَدّثَنَا قُتَيْبَةُ. حَدّثَنَا عَبْدُ الْعَزِيزِ(يَعْنِي ابْنَ مُحَمّدٍ). كِلاَهُمَا عَنْ عَبْدِ اللّهِ بْنِ عَبْدِ الرّحْمَـَنِ، عَنْ أَنَسٍ، عَنِ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم. بِمِثْلِهِ. وَلَيْسَ فِي حَدِيثِهِمَا: سَمِعْتُ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم. وَفِي حَدِيثِ إِسْمَاعِيلَ: أَنّهُ سَمِعَ أَنَسَ بْنَ مَالِكٍ.**

ئەنەس، ئەبۇ مۇسا، ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملاردىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ھەقىقەتەن ئائىشەنىڭ ئاياللار ئۈستىدىكى پەزىلىتى خۇددى باشقا تائاملار ئۈستىدىكى شورپىنىڭ پەزىلىتىگە ئوخشايدۇ، ئەھمەد، تىرمىزى، بەيھەقى، نەسەئى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ. ئەنەس رەزىيەللاھۇن ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ئائىشەنىڭ باشقا ئاياللار ئۈستىدىكى پەزىلىتى خۇددى باشقا تائاملار ئۈستىدىكى شورپىنىڭ پەزىلىتىگە ئوخشاشتۇر، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ، تائاملار ئۈستىدىن شورپا پەزىلەتتە ئۈستۈن تۇرغاندەك، ئائىشە پەزىلەتتە ئۈستۈندۇر.

**6248 ـ6249 ـ وحدّثنا أَبُو بَكْرِ بْنُ أَبِي شَيْبَةَ. حَدّثَنَا عَبْدُ الرّحِيمِ بْنُ سُلَيْمَانَ وَيَعْلَى بْنُ عُبَيْدٍ عَنْ زَكَرِيّاءَ، عَنِ الشّعْبِيّ، عَنْ أَبِي سَلَمَةَ، عَنْ عَائِشَةَ أَنّهَا حَدّثَتْهُ أَنّ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم قَالَ لَهَا: «إِنّ جِبْرِيلَ يَقْرَأُ عَلَيْكِ السّلاَمَ» قَالَتْ: فَقُلْتُ: وَعَلَيْهِ السّلاَمُ وَرَحْمَةُ اللّهِ.**
**6250 ـ وحدّثناه إِسْحَقُ بْنُ إِبْرَاهِيمَ. أَخْبَرَنَا أَسْبَاطُ بْنُ مُحَمّدٍ عَنْ زَكَرِيّاءَ، بِهَـَذَا الإِسْنَادِ، مِثْلَهُ.**
**6251 ـ حدّثنا عَبْدُ اللّهِ بْنُ عَبْدِ الرّحْمَـَنِ الدّارِمِيّ. أَخْبَرَنَا أَبُو الْيَمَانِ. أَخْبَرَنَا شُعَيْبٌ عَنِ الزّهْرِيّ. حَدّثَنِي أَبُو سَلَمَةَ بْنُ عَبْدِ الرّحْمَـَنِ أَنّ عَائِشَةَ، زَوْجَ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم، قَالَتْ: قَالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: «يَا عَائِشُ هَـَذَا جِبْرِيلُ يَقْرَأُ عَلَيْكِ السّلاَمَ» قَالَتْ فَقُلْتُ: وَعَلَيْهِ السّلاَمُ وَرَحْمَةُ اللّهِ. قَالَتْ: وَهُوَ يَرَى مَا لاَ أَرَى.**

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ئى ئائىشە! رەزىيەللاھۇ ئەنھا، مانا بۇ جىبرىئىل ساڭا سالام يوللىدى.ئاندىن مەن؛ ۋە ئەلەيھىسسالام ۋە رەھمەتۇاللە ھى دىدىم، رەسۇلۇللاھ مەن كۆرەلمىگەننى كۆرەلەيتتى.بۇخارى. ،مۇسلىم، بەيھەقى، تىرمىزى، نەسەئى، ئىبنى ماجە توپلىغان سەھىھ.

## *1110 ـ باب ذكر حَديث أم زرع* ***ئۇن بىر خوتۇننىڭ ھىكايىسى***

**6252 ـ حدّثنا عَلِيّ بْنُ حُجْرٍ السّعْدِيّ وَ أَحْمَدُ بْنُ جَنَابٍ. كِلاَهُمَا عَنْ عِيسَى(وَاللّفْظُ لاِبْنِ حُجْرٍ). حَدّثَنَا عِيسَى بْنُ يُونُسَ. حَدّثَنَا هِشَامُ بْنُ عُرْوَةَ عَنْ أَخِيهِ، عَبْدِ اللّهِ بْنِ عُرْوَةَ، عَنْ عُرْوَةَ، عَنْ عَائِشَةَ أَنّهَا قَالَتْ: جَلَسَ إِحْدَى عَشْرَةَ امْرَأَةً. فَتَعَاهَدْنَ وَتَعَاقَدْنَ أَنْ لاَ يَكْتُمْنَ مِنْ أَخْبَارِ أَزْوَاجِهِنّ شَيْئاً.**

6253 ـ وَحَدَّثَنِيهِ  الْحَسَنُ بْنُ عَلِيٍّ الْحُلْوَانِيُّ. حَدَّثَنَا مُوسَى بْنُ إِسْمَاعِيلَ. حَدَّثَنَا سَعِيدُ بْنُ سَلَمَةَ عَنْ هِشَامِ بْنِ عُرْوَةَ، بِهَـٰذَا الإِسْنَادِ. غَيْرَ أَنَّهُ قَالَ: عَيَايَاءُ طَبَاقَاءُ. وَلَمْ يَشُكَّ. وَقَالَ: قَلِيلاَتُ الْمَسَارِحِ. وَقَالَ: وَصِفْرُ رِدَائِهَا. وَخَيْرُ نِسَائِهَا. وَعَقْرُ جَارَتِهَا. وَقَالَ: وَلاَ تَنْقُثُ مِيرَتَنَا تَنْقِيثاً، وَقَالَ: وَأَعْطَانِي مِنْ كُلِّ ذَابِحَةٍ زَوْجاً.

اجتمع إحدى عشرة امرأة في الجاهلية فتعاقدن أن يتصادقن بينهن و لا يكتمن من أخبار أزواجهن شيئا فقالت الأولى: زوجي لحم جمل غث على رأس جبل وعر لا سهل فيرتقى و لا سمين فينتقل . قالت الثانية: زوجي لا أبث خبره إني أخاف أن لا أذره إن أذكره أذكر عجره و بجره . قالت الثالثة: زوجي العشنق إن أنطق أطلق و إن أسكت أعلق . قالت الرابعة: زوجي إن أكل لف و إن شرب اشتف و إن اضطجع التف و لا يولج الكف ليعلم البث . قالت الخامسة: زوجي عياياء طباقاء كل داء له داء شجك أو فلك أو جمع كلا لك . و قالت السادسة: زوجي كليل تهامة لا حر و لا قر و لا مخافة و لا سآمة . و قالت السابعة: زوجي إن دخل فهد و إن خرج أسد و لا يسأل عما عهد . و قالت الثامنة: زوجي المس مس أرنب و الريح ريح زرنب و أنا أغلبه و الناس يغلب . قالت التاسعة: زوجي رفيع العماد طويل النجاد عظيم الرماد قريب البيت من الناد . قالت العاشرة: زوجي مالك و ما مالك ؟ مالك خير من ذلك له إبل قليلات المسارح كثيرات المبارك إذا سمعن صوت المزاهر أيقن أنهن هوالك . قالت الحادية عشرة: زوجي أبو زرع و ما أبو زرع ؟ أناس من حلي أذني و ملأ من شحم عضدي و بجحني فبجحت إلي نفسي وجدني في أهل غنيمة بشق فجعلني في أهل صهيل و أطيط و دائس و منق فعنده أقول فلا أقبح و أرقد فأتصبح و أشرب فأتقمح أم أبي زرع و ما أم أبي زرع ؟ عكومها رداح و بيتها فساح ابن أبي زرع و ما ابن أبي زرع ؟ مضجعه كمسل شطبة و تشبعه ذراع الجفرة بنت أبي زرع و ما بنت أبي زرع ؟ طوع أبيها و طوع أمها و ملء كسائها و عطف ردائها و زين أهلها و غيظ جارتها جارية أبي زرع و ما جارية أبي زرع ؟ لا تبث حديثنا تبثيثا و لا تنقث ميرتنا تنقيثا و لا تملأ بيتنا تعثيثا خرج أبو زرع و الأوطاب تمخض فمر بامرأة معها ابنان لها كالفهدين يلعبان من تحت خصرها برمانتين فطلقني و نكحها فنكحت بعده رجلا سريا ركب شريا و أخذ خطيا و أراح علي نعما سريا و أعطاني من كل رائحة زوجا فقال: كلي أم زرع و ميري أهلك فلو جمعت كل شيء أعطانيه ما ملأ أصغر إناء من آنية أبي زرع فقال النبي صلى الله عليه وسلم: يا عائشة ! كنت لك كأبي زرع لأم زرع إلا أن أبا زرع طلق و أنا لا أطلق ( طب ) عن عائشة ورواه ( خ الترمذي في الشمائل ) موقوفا إلا قوله: كنت لك كأبي زرع فرفعاه قالوا: وهو يؤيد رفع الحديث كله .

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، مۇنداق دەيدۇ: جاھالىيەت دەۋرىدە 11 ئايال بىرلىشىپ، ئۆزئارا راست سۆزلەشكە ئەرلىرىنىڭ ئىشلىرىدىن ھېچ نىمىنى يوشۇرماسلىققا ۋەدىلىشىپ مۇنداق دېيىشىپتۇ، بىرىنچىسى مۇنداق دەپتۇ، مېنىڭ ئېرىم خۇددى ئورۇق تۆگىنىڭ گۆشى، بۇ تۆگە چىققىلى بولماس، ئېگىز تاغ ئۈستىدە كىشىلەر ئۆيلىرىگە ئېلىپ كەتكۈدەك سىمىز ئەمەس. «بۇ سۆز كىنايە بولۇپ، مەنىسى مەنپەئەتسىز، ياخشىلىقى كام، مۇتەكەببىر، ناچار ئەخلاقلىق دېگەن بولىدۇ» ئىككىنچىسى مۇنداق دەپتۇ، مەن ئېرىمنىڭ ئەھۋالىنى ئاشكارىلىمايمەن، ئەگەر سۆزلەپ قالسام، ئۇجۇر ــ بۇجۇرگىچە يەنى بارلىق ئەيىب ــ نۇقسانلىرىنى سۆزلىشىمەن، شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ خەۋەرنى توختۇتۇپ بولالماسلىقىمدىن ئەنسىرەيمەن، ياكى ئۇنىڭ مېنى تالاق قىلىۋېتىشىدىن ئەنسىرەپ، بۇ خەۋەرنى بولدى قىلىمەن. ئۈچىنچىسى، مۇنداق دەپتۇ، مېنىڭ ئېرىم، ئەخلاقسىز، مەنپەئەتسىز ئادەم بولۇپ، ئېغىزىمنى ئېچىپ سۆز قىلسام، مېنى تالاق قىلىۋېتىدۇ، ئەگەر جىم تۇرسام، ئېرىم باردەكمۇ ئەمەس، ئېرىم يوق تۇل ئايالمۇ ئەمەس بولۇپ قالىمەن، تۆتىنچىسى مۇنداق دەپتۇ: مېنىڭ ئېرىم تەھامە كېچىسىدەك ئىسسىقمۇ ئەمەس، سوغۇقمۇ ئەمەس، يەنى ئازارىبەرشى يوق ياخشى راھەت، لەززەتلىك ئەر، مۇئتەدىل ئەر، ئەخلاقى ياخشى بولغاچقا، ئۇنىڭدىن قورقمايمەن، مېنىمۇ زېرىكتۈرمەيدۇ، مەخسەت ئۇ ياخشى. بەشىنچىسى مۇنداق دەپتۇ: مېنىڭ ئېرىم ئۆيگە كىرسە، يىلپىزدەك ئۇخلايدۇ، سىرتتىقا چىقسا، شىر ــ يولۋاستەك باتۇر، ئۆيدىكى مال ــ مۈلۈك

**سەھەم مۇسلىمنىڭ تەرجىمىسى**

ئىشلىرىدىن ئانچە سۈرۈشتە قىلىپ كەتمەيدۇ، ئالتىنچىسى، مۇنداق دەپتۇ: ئېرىم تاماق يىسە، يالماپ كۆپ يەيدۇ، شاراپ ئىچسە غۇرتىلدىتىپ ئاۋاز چىقىرىپ ئىچىدۇ، ياتسا، يۆگىنىپ ياتىدۇ، غەم ـ قايغۇنى بىلىش ئۈچۈن، قولنى سالمايدۇ، «يەنى كۆيۈنمەيدۇ، مۇھەببەتسىز ياكى بەدىنىدە كېسەل بولۇپ ئەخلاقلىق، خىجىل بولۇپ شۇنداق قىلىدۇ» يەتتىنچىسى مۇنداق دەپتۇ: ئېرىم بەكمۇ ئوسال، ئەخماق ياكى پەرزەنت كۆرەلمەيدۇ، ھەرقانداق ناچار ئىللەت ئۇنىڭدا تېپىلىدۇ، بېشىڭىزنى يارىدۇ، ياكى يارىلاندۇرىدۇ ياكى ھەممىنى قىلىدۇ، سەككىزىنچىسى، مۇنداق دەپتۇ: مىنىڭ ئېرىمنىڭ پۇرىقى زەرنەپ دىگەن خۇشپۇراق ئۆسۈملۈكنىڭ پۇرىقىدەك مېزىلىك، سىلاشلىرى بولسا، توشقاندەك، شۇنداق ئەخلاقلىق، توققۇزۇنچىسى مۇنداق دەپتۇ: مىنىڭ ئېرىم ئاتاقلىق مەشھۇر، قامەتلىك، كۈلى تولا يەنى سېخى، مەرىت ئۆيى بولسا، مەجلىسخانىغا يېقىن. ئونىنجىسى مۇنداق دەپتۇ: مىنىڭ ئېرىم، خوجايىن، خوجايىن دىگەن نېمە؟ ئۇ ھەممىدىن ياخشى، باي، ياخشىلىقتا ئىگە بولغۇچى، ئۇنىڭ مۇبارەك سۈتى بەرىكەتلىك تۆگىلىرى بولۇپ، يايلاقتا ئاز چىقىدۇ، پادا تايىقىنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىغان ھامان، ئۆلىدىغانلىقىغا شەكسىز ئىشىنىدۇ، يەنى شۇنداق، سېخى گۆشتە مېھمان قىلىدۇ، ئون بىرىنچىسى مۇنداق دەپتۇ: مېنىڭ ئېرىم، ئەبۇ زەرئىدۇر، ئۇ مىنىڭ زىر ـ مۇنچاقلىرىمنى تەۋرەتكەن يەنى ھەدىيىسى كۆپ، بىلىكىمنىڭ يېغىنى توشقۇزۇپ، مىنى سەمرىتكەن، مىنى خۇشال قىلغان، چوڭ قىلغان ئۇلۇغلىغان، مەنمۇ ئۆزۈمنى شۇنداق ھېس قىلدىم، ئۇ مىنى تاغنىڭ بىر چېتىدىكى، بىر نەچچە قويلا بار، ئۆيدىن ئېلىپ چىقىپ ئاتلار كىشنەيدىغان تۆگىلەر بوزلايدىغان ئاشلىق ئاقلاپ، خامان يۇمشىدىغان باي بىر ئائىلىگە ئېلىپ كىردى، ئۇنىڭ ئالدىدا سۆزلىسەم، ھاقارەتلەنمەيمەن، ئۇخلىسام تاڭ ئاتقىچە ئۇخلايمەن، ئىچىملىك ئىچسەم، قېنىپ ئىچىمەن، ئەبۇ زەرئىنىڭ ئانىسى ئۇممە ئەبۇ زەرئى نىمىدىگەن كاتتا ئايال ھە! ئۇنىڭ چوڭ بوخچىسى لىق تولغان، ئۆيلىرىمۇ كەڭرىدۇر، ئەبۇ زەرئىنىڭ ئوغلى بولسا، باتۇر كېلىشكەن ئوغۇلدۇر، قىزى بولسا، ئاتا ـ ئانىسغا ئىتائەتمەن، بەدەنلىرى توشقان كۈندىشىنىڭ ھەستىنى قوزغاپ ئاچچىغىنى كەلتۈرگىدەك قىز، ئۇنىڭ دىدىكى، چۆرىسى بولسا، ئۆينىڭ گېپىنى سىرتتا توشمايدىغان ئۆينى پاكىز تۇتۇپ، ئەخلەت قالدۇرمايدىغان قىز. 11 ـ ئايال گېپىنى داۋام قىلىپ مۇنداق دىدى، ئەبۇ زەرئى يىلىنلەر سۈتكە تولغان چاغدا، سەھراغا چىقىپ كېتىۋېتىپ، كۆكسى ئاناردەك تولغان بىر ئايالغا ئۇچراپ قېلىپ، مىنى تالاق قىلىۋېتىپ، ئۇ ئايالنى ئالدى، مەنمۇ كېيىن باي بىر كىشىگە تەگدىم، ئۇمۇ نەيزە تۇتقان ھالدا ئاتنى تىز مىنەتتى، ئۇ ماڭا پاراۋان، مول تۇرمۇش ئېلىپ كەلدى، ھەرقانداق

مال ــ دۇنياسىنىڭ ئىختىيارىنى ماڭا تاپشۇرۇپ، ئى ئۇممە زەرئى يەڭ، ئىچىڭ، ئاتا ــ ئانىڭىزغىمۇ ئاپىرىڭ دېدى، لېكىن، مىن ئۇنىڭ قىلغىنىنىڭ ھەممىنى بىرلەشتۈرسەممۇ. ئەبۇ زەرئىنىڭ كىچىك بىر تال تاۋىقىغىمۇ يەتمەيتتى، ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دېدى، بۇ سۆزلەرنى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئاڭلاپ، ئى ئائىشە، مەن سىزگە نىسبەتەن، ئۇممە زەرئىگە نىسبەتەن، ئەبۇ زەرئىدەك بولىمەن، لېكىن، ئەبۇ زەرئى تالاق قىلىپتۇ، مەن تالاق قىلمايمەن، دېدى. «مانا مۇشۇ سۆز رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ سۆزىدۇر، قالغىنى ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ سۆزى بولۇپ، ھەدىسى مەۋقۇپ بولىدۇ، لېكىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئاڭلاپ تۇرغان، ئاخىرىدا شۇ سۆزنى قىلغان، بۇ ھەدىستىن ئاياللارغا ياخشىلىق قىلىش، كۆيۈنۈش، ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ پەزىلىتى باردۇر، بۇخارى، مۇسلىم، تىرمىزى، تەبرانى توپلىغان، سەھىھ.

**1111 ـ باب فضائل فاطمة، بنت النبيّ، عليها الصلاة والسلام**

**6254 ـ حدّثنا أَحْمَدُ بْنُ عَبْدِ اللّهِ بْنِ يُونُسَ وَ قُتَيْبَةُ بْنُ سَعِيدٍ. كِلاَهُمَا عَنِ اللّيْثِ بْنِ سَعْدٍ. قَالَ ابْنُ يُونُسَ: حَدّثَنَا لَيْثٌ. حَدّثَنَا عَبْدُ اللّهِ بْنُ عُبَيْدِ اللّهِ بْنِ أَبِي مُلَيْكَةَ الْقُرَشِيّ التّيْمِيّ أَنّ الْمِسْوَرَ ابْنَ مَخْرَمَةَ حَدّثَهُ أَنّهُ سَمِعَ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم عَلَىَ الْمِنْبَرِ، وَهُوَ يَقُولُ: «إِنّ بَنِي هِشَامِ بْنِ الْمُغِيرَةِ اسْتَأْذَنُونِي أَنْ يُنْكِحُوا ابْنَتَهُمْ، عَلِيّ بْنَ أَبِي طَالِبٍ. فَلاَ آذَنُ لَهُمْ. ثُمّ لاَ آذَنُ لَهُمْ. ثُمّ لاَ آذَنُ لَهُمْ. إِلاّ أَنْ يُحِبّ ابْنُ أَبِي طَالِبٍ أَنْ يُطَلّقَ ابْنَتِي وَيَنْكِحَ ابْنَتَهُمْ. فَإِنّمَا ابْنَتِي بَضْعَةٌ مِنّي. يَرِيبُنِي مَا رَابَهَا وَيُؤْذِينِي مَا آذَاهَا».**

مىسۋەر ئىبنى مەخرەمە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنبەر ئۈستىدە تۇرۇپ مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن ھىشام ئىبنى مۇغىيرەنىڭ باللىرى مەندىن ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىپقا ئۆزلىرىنىڭ قىزىنى نىكاھلاپ قويۇش توغرىسىدا ئىزنى، رۇخسەت سورىدى، مەن ئۇ ئىشقا ھەرگىز ئىزنى بەرمەيمەن، رۇخسەت قىلمايمەن، ھەرگىز رۇخسەت قىلمايمەن. لېكىن، ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىپ مېنىڭ قىزىم پاتىمەنى تالاق قىلىپ، قويۇۋېتىپ ئۇلارنىڭ قىزىنى نىكاھلاپ ئالسا، بۇ مۇستەسنا، مەيلى! ھەقىقەتەن پاتىمە مېنىڭ يۈرەك پارەم، ئۇنى خاتىرجەمسىز بىئارام قىلغان نەرسە، مېنىمۇ بىئارام قىلىدۇ، ئۇنىڭغا ئازار، ئەزىيەت يەتكۈزگەن نەرسە، ماڭا ئەزىيەت يەتكۈزگەن بولىدۇ، ئەھمەد، بەيھەقى، ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ. (ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ، پاتىمە رەزىيەللاھۇ ئەنھا بىلەن بىللە ئۆتۈپ، ئۇ قىزنى ئالمىدى)

**6255 ـ حدّثني أَبُو مَعْمَرٍ، إِسْمَاعِيلُ بْنُ إِبْرَاهِيمَ الْهُذَلِيّ. حَدّثَنَا سُفْيَانُ عَنْ عَمْرٍو، عَنْ ابْنِ أَبِي مُلَيْكَةَ، عَنِ الْمِسْوَرِ بْنِ مَخْرَمَةَ. قَالَ: قَالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم «إِنّمَا فَاطِمَةُ بَضْعَةٌ مِنّي. يُؤْذِينِي مَا آذَاهَا».**

مىسۋەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: پاتىمە رەزىيەللاھۇ ئەنھا، مېنىڭ بىر قىسمىم، يۈرەك پارەم، ئۇنى غەزەپلەندۈرگەن، ئاچچىقىنى كەلتۈرگەن كىشى مېنىڭ غەزىپىمنى، ئاچچىقىمنى كەلتۈرگەن بولىدۇ، ھەقىقەتەن پاتىمە مېنىڭ يۈرەك پارەم، ئۇنى خاتىرجەمسىز بىئارام قىلغان نەرسە،

مېنىمۇ بىئارام قىلىدۇ، ئۇنىڭغا ئازار، ئەزىيەت يەتكۈزگەن نەرسە، ماڭا ئەزىيەت يەتكۈزگەن بولىدۇ، (ھازىرمۇ شۇنداق بولىدۇ) بۇخارى،مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ. مىسۋەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: پاتىمە رەزىيەللاھۇ ئەنھا، مېنىڭ بىر پارەم، ئۇنى خاپا قىلغان، غەزەپلەندۈرگەن نەرسە مېنى خاپا قىلغان بولىدۇ، ئۇنى خۇشال، خۇرسەن قىلغان نەرسە مېنى خۇرسەن قىلىدۇ، ھەقىقەتەن قىيامەت كۈنى بارلىق نەسەپلەر ئۈزۈلۈپ كېتىدۇ، لېكىن، مېنىڭ نەسەبىم مېنىڭ سەۋەبىم ماڭا تۇتاشقان سەۋەب، مېنىڭ قۇدا ــ باجىلىق مۇناسىۋىتىم ئۈزۈلۈپ كەتمەيدۇ، ئەھمەد 18149 ــ ھەدىس، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

6256 ـ حدّثني أحمَدُ بْنُ حَنْبَلٍ. أخْبَرنَا يَعْقُوبُ بْنُ إبْرَاهِيمَ. حَدّثنَا أبي عَنِ الْوَلِيدِ ابْنِ كَثِيرٍ. حَدّثنِي مُحَمّدُ بْنُ عَمرِو بْنِ حَلْحَلَةَ الدّوَلِيّ أنّ ابْنَ شِهَابٍ حَدّثهُ أنّ عَلِيّ بْنَ الْحُسَيْنِ حَدّثهُ أنّهُمْ حِينَ قَدِمُوا الْمَدِينَةَ، مِنْ عِنْدِ يَزِيدَ بْنِ مُعَاوِيَةَ، مَقْتَلَ الْحُسَيْنِ بْنِ عَلَيَ رضي اللّهُ عنها، لَقِيَهُ الْمِسْوَرُ بْنُ مَخْرَمَةَ. فَقَالَ لَهُ: هَلْ لَكَ إلَيّ مِنْ حَاجَةٍ تَأمُرُنِي بِهَا؟ قَالَ فَقُلْتُ لَهُ: لاَ. قَالَ لَهُ: هَلْ أنْتَ مُعْطِيّ سَيْفَ رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم؟ فَإنّي أخَافُ أنْ يَغْلِبَكَ الْقَوْمُ عَلَيْهِ. وَايْمُ اللّهِ لَئِنْ أعْطَيْتَنِيهِ لاَ يُخْلَصُ إلَيْهِ أبَداً، حَتّى تَبْلُغَ نَفْسِي. إنّ عَلِيّ بْنَ أبي طَالِبٍ خَطَبَ بِنْتَ أبي جَهْلٍ عَلَى فَاطِمَةَ. فَسَمِعْتُ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم وَهُوَ يَخْطُبُ النّاسَ فِي ذَلِكَ، عَلَى مِنْبَرِهِ هَذا، وَأنَا يَوْمَئِذٍ مُحْتَلِمٌ، فَقَالَ: «إنّ فَاطِمَةَ مِنّي. وَإنّي أتَخَوّفُ أنْ تُفْتَنَ فِي دِينِهَا».
قَالَ: ثُمّ ذَكَرَ صِهْراً لَهُ مِنْ بَنِي عَبْدِ شَمْسٍ. فَأثْنَى عَلَيْهِ فِي مُصَاهَرَتِهِ إيّاهُ فَأحْسَنَ. قَالَ: «حَدّثنِي فَصَدَقَنِي. وَوَعَدَنِي فَأوْفَى لِي. وَإنّي لَسْتُ أُحَرّمُ حَلاَلاً وَلاَ أُحِلّ حَرَاماً. وَلَكِنْ، وَاللّهِ لاَ تَجْتَمِعُ بِنْتُ رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم وَبِنْتُ عَدُوّ اللّهِ مَكَاناً وَاحِداً أبَداً».
6257 ـ6258 ـ حدّثنا عَبْدُ اللّهِ بْنُ عَبْدِ الرّحْمَنِ الدّارِمِيّ. أخْبَرَنَا أبُو الْيَمَانِ. أخْبَرَنَا شُعَيْبٌ عَنِ الزّهْرِيّ. أخْبَرَنِي عَلِيّ بْنُ حُسَيْنٍ أنّ الْمِسْوَرَ بْنَ مَخْرَمَةَ أخْبَرَهُ أنّ عَلِيّ بْنَ أبي طَالِبٍ خَطَبَ بِنْتَ أبي جَهْلٍ. وَعِنْدَهُ فَاطِمَةُ بِنْتُ رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم. فَلَمّا سَمِعَتْ بِذَلِكَ فَاطِمَةُ أتَتِ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم فَقَالَتْ لَهُ: إنّ قَوْمَكَ يَتَحَدّثُونَ أنّكَ لاَ تَغْضَبُ لِبَنَاتِكَ. وَهَذا عَلِيّ، نَاكِحاً ابْنَةَ أبي جَهْلٍ.
قَالَ الْمِسْوَرُ: فَقَامَ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم فَسَمِعْتُهُ حِينَ تَشَهّدَ. ثُمّ قَالَ: «أمّا بَعْدُ، فَإنّي أنْكَحْتُ أبَا الْعَاصِ بْنَ الرّبِيعِ. فَحَدّثنِي فَصَدَقَنِي. وَإنّ فَاطِمَةَ بِنْتَ مُحَمّدٍ مُضْغَةٌ مِنّي. وَإنّمَا أكْرَهُ أنْ يَفْتِنُوهَا. وَإنّهَا، وَاللّهِ لاَ تَجْتَمِعُ بِنْتُ رَسُولِ اللّهِ وَبِنْتُ عَدُوّ اللّهِ عِنْدَ رَجُلٍ وَاحِدٍ أبَداً». قَالَ: فَتَرَكَ عَلِيّ الْخِطْبَةَ.

مىسۋەر ئىبنى مەخرەمەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، ئۇ ئەلى ئىبنى ھۈسەيىندىن رەسۇلۇﷲ نىڭ قىلىچىنى سوراپ؛ بۇنى ماڭا بەسىڭىز چاتاق چىقمايدۇ، سىزدە تۇرسا بىرەر ئىش يېتىپ قىلىشتىن ئەنسىرەيمەن دەپ مۇنۇ ھەدىسنى دەلىللىدى(يەنى پىنتنگە دۈچ كېلىپ قېلىشنى)رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنبەر ئۈستىدە تۇرۇپ ئابدۇشەمسى جەمەتىنىڭ قۇدۇلۇقى تىلغا ئېلىپ، مۇنداق دېگەن: ئۇلار ماڭا راست سۆزلىدى، ۋەدە بىرىپ ۋاپا قىلدى، ھەقىقەتەن پاتىمە مېنىڭ بىر پارەم، يۈرەك پارەم بولىدۇ، مەن ئۇنىڭ دىندا پىتنە ــ پاسادقا دۈچ كېلىپ قېلىشىدىن ئەنسىرەيمەن، ھەقىقەتەن مەن ئاللاھنىڭ ئىزنىسىز ھالالنى ھارام، ھارامنى ھالال قىلالمايمەن، لېكىن، ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، ئاللاھنىڭ ئەلچىسىنىڭ قىزى بىلەن ئاللاھنىڭ دۈشمىنىنىڭ قىزى، بىر ئەرنىڭ ئاستىدا مەڭگۈ بىرلەشمەيدۇ، نىكاھلانمايدۇ، بۇ ھەدىسنى ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ، ئەبۇ جەھىلنىڭ قىزىغا ئەلچى ئەۋەتمەكچى بولغاندا، دېگەن، دۈشمەن ئەبۇجەھىلدۇر. ئەھمەد 18154 ــ ھەدىس، بەيھەقى، ئەبۇ داۋۇد 1773 ــ ھەدىس، ئىبنى ماجە 1988 ــ ھەدىس، سەھىھ.

6259 ـ حدّثنا مَنْصُورُ بْنُ أَبِي مُزَاحِمٍ. حَدّثنَا إِبْرَاهِيمُ (يَعْنِي ابْنَ سَعْدٍ) عَنْ أَبِيهِ، عَنْ عُرْوَةَ، عَنْ عَائِشَةَ. ح وَحَدّثنِي زُهَيْرُ بْنُ حَرْبٍ (وَاللّفْظُ لَهُ). حَدّثنَا يَعْقُوبُ بْنُ إِبْرَاهِيمَ. حَدّثنَا أَبِي عَنْ أَبِيهِ أَنّ عُرْوَةَ بْنَ الزّبَيْرِ حَدّثَهُ أَنّ عَائِشَةَ حَدّثَتْهُ أَنّ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم دَعَا فَاطِمَةَ ابْنَتَهُ فَسَارّهَا. فَبَكَتْ. ثُمّ سَارّهَا فَضَحِكَتْ. فَقَالَتْ عَائِشَةُ: فَقُلْتُ لِفَاطِمَةَ: مَا هَذَا الّذِي سَارّكِ بِهِ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم فَبَكَيْتِ. ثُمّ سَارّكِ فَضَحِكْتِ؟ قَالَتْ: سَارّنِي فَأَخْبَرَنِي بِمَوْتِهِ، فَبَكَيْتُ. ثُمّ سَارّنِي فَأَخْبَرَنِي أَنّي أَوّلُ مَنْ يَتْبَعُهُ مِنْ أَهْلِهِ، فَضَحِكْتُ.

6260 ـ حدّثنا أَبُو كَامِلٍ الْجَحْدَرِيّ، فُضَيْلُ بْنُ حُسَيْنٍ. حَدّثنَا أَبُو عَوَانَةَ عَنْ فِرَاسٍ، عَنْ عَامِرٍ، عَنْ مَسْرُوقٍ، عَنْ عَائِشَةَ قَالَتْ: كُنّ أَزْوَاجُ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم عِنْدَهُ. لَمْ يُغَادِرْ مِنْهُنّ وَاحِدَةً. فَأَقْبَلَتْ فَاطِمَةُ تَمْشِي. مَا تُخْطِىءُ مِشْيَتُهَا مِنْ مِشْيَةِ رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم شَيْئاً. فَلَمّا رَآهَا رَحّبَ بِهَا. فَقَالَ: «مَرْحَباً بِابْنَتِي» ثُمّ أَجْلَسَهَا عَنْ يَمِينِهِ أَوْ عَنْ شِمَالِهِ. ثُمّ سَارّهَا فَبَكَتْ بُكَاءً شَدِيداً، فَلَمّا رَأَى جَزَعَهَا سَارّهَا الثّانِيَةَ فَضَحِكَتْ. فَقُلْتُ لَهَا: خَصّكِ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم مِنْ بَيْنِ نِسَائِهِ بِالسّرَارِ. ثُمّ أَنْتِ تَبْكِينَ؟ فَلَمّا قَامَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم سَأَلْتُهَا مَا قَالَ لَكِ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم؟ قَالَتْ: مَا كُنْتُ أُفْشِي عَلَى رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم سِرّهُ. قَالَتْ: فَلَمّا تُوُفّيَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم قُلْتُ: عَزَمْتُ عَلَيْكِ، بِمَا لِي عَلَيْكِ مِنَ الْحَقّ، لَمَا حَدّثْتِنِي مَا قَالَ لَكِ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم؟ فَقَالَتْ: أَمّا الآنَ، فَنَعَمْ. أَمّا حِينَ سَارّنِي فِي الْمَرّةِ الأُولَى، فَأَخْبَرَنِي «أَنّ جِبْرِيلَ كَانَ يُعَارِضُهُ الْقُرْآنَ فِي كُلّ سَنَةٍ مَرّةً أَوْ مَرّتَيْنِ، وَإِنّهُ عَارَضَهُ الآنَ مَرّتَيْنِ، وَإِنّي لاَ أُرَى الأَجَلَ إِلاّ قَدِ اقْتَرَبَ. فَاتّقِي اللّهِ وَاصْبِرِي. فَإِنّهُ نِعْمَ السّلَفُ أَنَا لَكِ». قَالَتْ: فَبَكَيْتُ بُكَائِي الّذِي رَأَيْتِ. فَلَمّا رَأَى جَزَعِي سَارّنِي الثّانِيَةَ فَقَالَ: «يَا فَاطِمَةُ أَمَا تَرْضَيْ أَنْ تَكُونِي سَيّدَةَ نِسَاءِ الْمُوءْمِنِينَ. أَوْ سَيّدَةَ نِسَاءِ هَذِهِ الأُمّةِ؟» قَالَتْ: فَضَحِكْتُ ضَحِكِي الّذِي رَأَيْتِ.

6261 ـ حدّثنا أَبُو بَكْرِ بْنُ أَبِي شَيْبَةَ. وَحَدّثنَا عَبْدُ اللّهِ بْنُ نُمَيْرٍ عَنْ زَكَرِيّاءَ. ح وَحَدّثنَا ابْنُ نُمَيْرٍ. حَدّثنَا أَبِي. حَدّثنَا زَكَرِيّاءُ عَنْ فِرَاسٍ عَنْ عَامِرٍ، عَنْ مَسْرُوقٍ، عَنْ عَائِشَةَ قَالَتْ: اجْتَمَعَ نِسَاءُ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم. فَلَمْ يُغَادِرْ مِنْهُنّ امْرَأَةً. فَجَاءَتْ فَاطِمَةُ تَمْشِي كَأَنّ مِشْيَتَهَا مِشْيَةُ رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم. فَقَالَ: «مَرْحَباً بِابْنَتِي» فَأَجْلَسَهَا عَنْ يَمِينِهِ أَوْ عَنْ شِمَالِهِ. ثُمّ إِنّهُ أَسَرّ إِلَيْهَا حَدِيثاً فَبَكَتْ فَاطِمَةُ. ثُمّ إِنّهُ سَارّهَا فَضَحِكَتْ أَيْضاً. فَقُلْتُ لَهَا مَا يُبْكِيكِ؟ فَقَالَتْ: مَا كُنْتُ لأُفْشِي سِرّ رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم. فَقُلْتُ: مَا رَأَيْتُ كَالْيَوْمِ فَرَحاً أَقْرَبَ مِنْ حُزْنٍ. فَقُلْتُ لَهَا حِينَ بَكَتْ: أَخَصّكِ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم بِحَدِيثِهِ دُونَنَا ثُمّ تَبْكِينَ؟ وَسَأَلْتُهَا عَمّا قَالَ؟ فَقَالَتْ: مَا كُنْتُ لأُفْشِيَ سِرّ رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم. حَتّى إِذَا قُبِضَ سَأَلْتُهَا فَقَالَتْ: إِنّهُ كَانَ حَدّثَنِي: «أَنّ جِبْرِيلَ كَانَ يُعَارِضُهُ بِالْقُرْآنِ كُلّ عَامٍ مَرّةً. وَإِنّهُ عَارَضَهُ بِهِ فِي الْعَامِ مَرّتَيْنِ. وَلاَ أُرَانِي إِلاّ قَدْ حَضَرَ أَجَلِي. وَإِنّكِ أَوّلُ أَهْلِي لُحُوقاً بِي. وَنِعْمَ السّلَفُ أَنَا لَكِ». فَبَكَيْتُ لِذَلِكَ. ثُمّ إِنّهُ سَارّنِي فَقَالَ: «أَلاَ تَرْضَيْنَ أَنْ تَكُونِي سَيّدَةَ نِسَاءِ الْمُؤْمِنِينَ. أَوْ سَيّدَةَ نِسَاءِ هَذِهِ الأُمّةِ؟» فَضَحِكْتُ لِذَلِكَ.

پاتىمە،ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن، بىز رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم نىڭ ئالدىدا ئىدۇق، پاتىمە رەزىيەللاھۇ ئەنھا ئالدىنى قىلىپ كەلدى، ئۇنىڭ مېڭىشى، رەسۇلۇللاھ نىڭ مېڭىشىدىن پەرقلەنمەيتتى،(يەنى تامامەن ئوخشاپ كىتەتتى) رەسۇلۇللاھ ئۇنى كۆرۈپ : مەرھابا قىزىم، خۇش كەپسىز دەپ، ئۇنى يېنىدا ئولتۇرغۇزۇپ، ئۇنىڭغا مەخپى يۇشۇرۇن سۆز قىلىشىدى، پاتىمە رەزىيەللاھۇ ئەنھا قاتتىق يىغلاپ كەتتى، ئۇنىڭ غەم قىلىپ ئازاپلانغىنىنى كۆرۈپ؛ ئىككىنجى قېتىم يەنە مەخپى سۆز قىلىشىدى، ناگاھان ئۇ كۈلۈپ كەتتى، رەسۇلۇللاھ ئورنىدىن تۇرۇپ، سىرىتقا چىقىپ كەتكەندە، مەن ئۇنىڭدىن؛ ساڭا قانداق مەخپى سۆز قىلدى؟دەپ سورىسام، ئۇ ماڭا؛ مەن رەسۇلۇللاھنىڭ مەخپىيەتلىك سىرىنى ئاشكارىلىمايمەن دېدى، رەسۇلۇللاھ ۋاپات تاپقاندا، مەن يەنە ئۇنىڭغا؛ مەن ئەمدى سەن ماڭا خەۋەر قىلىپ بەرمەكچى بولغان ھەققىمنى ئېلىشنى مەقسەت قىلدىم، قېنى دەپ بەرگىن دىسەم، ئۇ؛ ئەمدى دەپ بەرسەم بۇلىدۇ، دادام بىرىنجى قېتىم ماڭا مەخپى سۆز قىلغاندا مۇنداق دېدى؛ ھەقىقەتەن جىبرىئىل ماڭا قۇرئاننى ھەر يىلى بىر قېتىم تەكرارلايتتى، يەنى تىڭشاپ ئۆتكۈزەتتى، ئۇ ماڭا بۇ يىل قۇرئاننى ئىككى قېتىم تەكرارلاپ، تىڭشىدى، شۇنىڭغا قارىغاندا، ئەجىلىم توشۇپ قالغان ئوخشايدۇ،

ھەققەتەن سەن مېنىڭ ئەھلى بەيتىمدىن تۇنجى بولۇپ ماڭا قوشۇلىسەن، ئاللاھدىن قورقىن، تەقۋادار بولغىن، سەۋرە قىلغىن. ھەققەتەن مەن سەن ئۈچۈن نېمىدىگەن ياخشى تەييارلانغان، ئالدىدىن كېتىپ ساقلاپ تۇرىغان كىشى ھە! دېدى، ئاندىن مېنىڭ جەزە-پەزەلىرىمنى كۆرۈپ،ئىككىنجى قېتىم؛ ئى پاتىمە! سەن مۆئمىنلەرنىڭ ئاياللىرىنىڭ،جەننەت ئەھلىنىڭ ئاياللىرىنىڭ سەييىدى، خوجىسى بولۇشۇڭغا رازى بولمامسەن؟ دېدى، ئاندىن مەن كۈلدۈم دېدى. يەنەبىردە؛ شۇ قېتىمقى كېسىلدە ۋاپات بۇلىشىنى خەۋەر قىلدى، مەن يىغلىدىم، ئاندىن سەن مېنىڭ ئەھلى بەيتىمدىن تۇنجى بولۇپ ماڭا قوشۇلىسەن، دېۋىدى، مەن كۈلدۈم دېيىلگەن. بۇخارى،مۇسلىم،بەيھەقى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

***1112 - باب من فضائل أم سلمة، أم المؤمنين، رضي اللّهُ عنها***

**6262 - حدّثني عَبْدِ الأَعْلَى بْنُ حمّادٍ وَ مُحَمّدُ بْنُ عَبْدُ الأَعْلَى الْقَيْسِيّ. كِلاَهُمَا عَنِ الْمُعْتَمِرِ. قَالَ ابْنُ حَمّادٍ: حَدّثنَا مُعْتَمِرُ بْنُ سُلَيْمَانَ. قَالَ: سَمِعْتُ أَبِي. حَدّثنَا عَنْ عُثْمَانَ عَنْ سَلْمَانَ. قَالَ: لاَ تَكُونَنّ، إنِ اسْتَطَعْتَ، أَوّلَ مَنْ يَدْخُلُ السّوقَ وَلاَ آخِرَ مَنْ يَخْرُجُ مِنْهَا. فَإنّهَا مَعْرَكَةُ الشّيْطَانِ، وَبِهَا يَنْصِبُ رَايَتَهُ. قَالَ: وَأُنْبِئْتُ أَنّ جِبْرِيلَ عَلَيْهِ السّلاَمُ أَتَى نَبِيّ اللّهِ صلى الله عليه وسلم وَعِنْدَهُ أُمّ سَلَمَةَ. قَالَ: فَجَعَلَ يَتَحَدّثُ ثُمّ قَامَ. فَقَالَ نَبِيّ اللّهِ صلى الله عليه وسلم لأُمّ سَلَمَةَ: «مَنْ هَذَا؟» أَوْ كَمَا قَالَ. قَالَتْ: هَذَا دِحْيَةُ. قَالَ: فَقَالَتْ أُمّ سَلَمَةَ: ايْمُ اللّهِ مَا حَسِبْتُهُ إلاّ إيّاهُ. حَتّى سَمِعْتُ خُطْبَةَ رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم يُخْبِرُ بِخَبَرِ جِبرِيل. أَوْ كَمَا قَالَ.قَالَ فَقُلْتُ لأَبِي عُثْمَانَ: مِمّنْ سَمِعْتَ هَذَا؟ قَالَ: مِنْ أُسَامَةَ بْنِ زَيْدٍ.**

سۇلەيمان، ئۇسامە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن، سەن قادىر بۇلىسڭچە بازارغا ئەڭ ئاۋۋال كىرىدىغان، بازاردىن ئەڭ ئاخىرىدا چىقىدىغان كىشىدىن بولما، چۈنكى بازار شەيتان مەيئۇننىڭ جەڭگاھى، ئۇ قۇشۇن بايرىقىنى بازارغا قادايدۇ. ماڭا مۇنداق خەۋەر قىلىندى:جىبرىئىل رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم نىڭ قېشىغا كەلگەندە، رەسۇلۇﷲ ئۇممەسەلەمەتنىڭ يېنىدا ئىكەن، ئۇ رەسۇلۇﷲ بىلەن سۆزلىشىپ قايتىپ كەتىپتۇ، ئاندىن رەسۇلۇﷲ ئۇممەسەلەمەتكە: بايىقى كىم؟دېسە، ئۇ: بۇ دەھيەغۇ دېدى، ئۇ:ﷲ بىلەن قەسەمكى، مەن رەسۇلۇﷲ نىڭ خۇتبىسىدە جىبرىئىلدىن خەۋەر بەرگەنلىكىنى ئاڭلىمىغىچە ئۇنى راستىنلا دەھيەمىكى دەپ گۇمان قىلىپ قاپتىمەن، كىيىن بىلسەم ئۇ جىبرىئىل ئىكەن دېدى. يەنى ئۇ جىبرىئىلنى كۆرگەندۇر.

***1113 - باب من فضائل زينب، أم المؤمنين، رضي اللّهُ عنها***

**6263 - حدّثنا مَحْمُودُ بْنُ غَيْلاَنَ، أَبُو أَحْمَدَ. حَدّثنَا الْفَضْلُ بْنُ مُوسَى السّيْنَانِيّ. أَخْبَرَنَا طَلْحَةُ بْنُ يَحْيَى بْنِ طَلْحَةَ عَنْ عَائِشَةَ بِنْتِ طَلْحَةَ، عَنْ عَائِشَةَ أُمّ الْمُؤْمِنِينَ قَالَتْ: قَالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: «أَسْرَعُكُنّ لَحَاقاً بِي، أَطْوَلُكُنّ يَداً». قَالَتْ: فَكُنّ يَتَطَاوَلْنَ أَيّتُهُنّ أَطْوَلُ يَداً. قَالَتْ: فَكَانَتْ أَطْوَلَنَا يَداً زَيْنَبُ. لأَنّهَا كَانَتْ تَعْمَلُ بِيَدِهَا وَتَصَدّقُ.**

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ؛ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم نىڭ ئاياللىرىنىڭ بەزىسى رەسۇلۇللاھ قا: قايسىمىز سىلىگە ئەڭ بۇرۇن ئۇچۇرىشۇپ قۇشۇلىمىز؟ دېدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: سىلەرنىڭ قولى ئەڭ ئۇزۇن(ئۇچۇق)بولغىنىڭلار دېدى، ئۇلار بىرتال قومۇشنى ئېلىپ، قوللىرىنىڭ

ئۇزۇنلىقنى ئۆلچەشكە باشلىدى، سەۋدەت رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ قولى ھەممىدىن ئۇزۇن ئىدى، بىز كېيىن شۇنى بىلدۇقكى رەسۇلۇللاھ دېگەن قولنىڭ ئۇزۇنلىقى سەدىقە قىلىش ئىكەن، بىزدىن رەسۇلۇللاھقا ئەڭ بۇرۇن ئۇچرىشىپ قوشۇلىدىغىنى زەينەپ رەزىيەللاھۇ ئەنھابۇلۇپ چىقتى، چۈنكى ئۇ ئۆز قولى بىلەن ئىشلەپ، ئەمەل قىلىپ، سەدىقە قىلاتتى، سەدىقە قىلىشنى بەك ياخشى كۆرەتتى. بۇخارى،مۇسلىم.

### 1114 ـ باب من فضائل أم أيمن، رضي اللّهُ عنها

6264 ـ حدّثنا أبُو كرَيبٍ بن أحمَدُ بْنُ الْعَلاءِ، حَدّثنا أبُو أسَامَةَ عَنْ سُلَيْمَانَ بْنِ الْمُغِيرَةِ عَنْ ثابتٍ، عَنْ أنَسٍ، قالَ: انْطَلَقَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم إلَى أمّ أيْمَنَ. فانْطَلَقْتُ مَعَهُ. فنَاوَلَتْهُ إنَاءً فِيهِ شَرَابٌ. قالَ: فلاَ أدْرِي أصَادَفَتْهُ صَائِماً أوْ لَمْ يُرِدْهُ. فجَعَلَتْ تَصْخَبُ عَلَيْهِ وَتَذَمّرُ عَلَيْهِ.

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇممەئەيمەننىڭ قېشىغا ماڭدى، مەنمۇ بىللە باردىم، ئۇممەئەيمەن رەسۇلۇللاھ قا بىر قاچا سۈتنى سۇنۇپ، رەسۇلۇللاھ نىڭ ئۇنى ئىچكىلى ئۇنىماسلىقىغا كايىپ غەزەپ بىلەن ۋارقىراپ يۇقىر ئاۋازدا سۆز قىلىپ(ئىچسىلە بىر ئىچسىلە)دېدى. ئۇ رەسۇلۇللاھ قا سۈتنى رەسۇلۇللاھ نىڭ روزىدار ھالىتىدە سۇنۇپ قالدىمۇ ياكى ئۇنداق ئەمەسمۇ؟بۇنى بىلمىدى.

6265 ـ حدّثنا زُهَيْرُ بْنُ حَرْبٍ. أخْبَرَنِي عَمْرُو بْنُ عَاصِمٍ الكِلابِيّ. حَدّثنا سُلَيْمَانُ بْنُ الْمُغِيرَةِ عَنْ ثابتٍ، عَنْ أنَسٍ قالَ: قالَ أبُو بَكْرٍ رَضِيَ اللّهُ عَنْهُ، بَعْدَ وَفَاةِ رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم، لِعُمَرَ: انْطَلِقْ بنَا إلَى أمّ أيْمَنَ نَزُورُهَا. كَمَا كَانَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم يَزُورُهَا . فلَمّا انْتَهَيْنَا إلَيْهَا بَكَتْ. فقالاَ لَهَا: مَا يُبْكِيكِ؟ مَا عِنْدَ اللهِ خَيْرٌ لِرَسُولِهِ صلى الله عليه وسلم. فقالَتْ: مَا أبْكِي أنْ لاَ أكُونَ أعْلَمُ أنّ مَا عِنْدَ اللّهِ خَيْرٌ لِرَسُولِهِ صلى الله عليه وسلم. وَلَكِنْ أبْكِي أنّ الْوَحْيَ قَدِ انْقَطَعَ مِنَ السّمَاءِ. فهَيّجَتْهُمَا عَلَى الْبُكَاءِ. فجَعَلاَ يَبْكِيَانِ مَعَهَا.

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ۋاپات بولغاندىن كېيىن، ئەبۇبەكرى، ئۆمەرگە؛ بىز بىلەن ئۇممە ئەيمەننىڭ قېشىغا بارغىن، بىز ئۇنى خۇددى رەسۇلۇللاھ زىيارەت قىلغاندەك زىيارەت قىلىپ كېلەيلى، دېدى، بىز ئۇنىڭ قېشىغا بارغاندا، ئۇ يىغلاپ كەتتى، ئۇلار ئۇنىڭغا؛ سىنى نىمە يىغلاتتى؟ سەن رەسۇلۇللاھ ئۈچۈن الله نىڭ دەرگاھىدىكى نەرسىنىڭ ياخشىلىقىنى بىلمەمسەن؟دېدى، ئۇممە ئەيمەن؛ مەن رەسۇلۇللاھ ئۈچۈن الله نىڭ دەرگاھىدىكى نەرسىنىڭ ياخشىلىقىنى بىلمىگەنلىكىمگەيىغلىمىدىم، لېكىن مەن ئاسماندىن ۋەھىينىڭ ئۈزۈلۈپ قالغانلىقىغا يىغلىدىم دەپ ئۇلارنىمۇ يىغلىتىۋەتتى، ئۇلارمۇ ئۇنىڭ بىلەن قوشۇلۇپ يىغلاپ كەتتى.

### 1115 ـ باب من فضائل أم سليم، أم أنس بن مالك، وبلال رضي اللّهُ عَنْهُما

6266 ـ حدّثنا حَسَنٌ الْحُلْوَانِيّ. حَدّثنا عَمْرُو بْنُ عَاصِمٍ. حَدّثنا هَمّامٌ عَنْ إسْحَقَ بْنِ عَبْدِ اللّهِ، عَنْ أنَسٍ، قالَ: كَانَ النّبيّ صلى الله عليه وسلم لاَ يَدْخُلُ عَلَى أحَدٍ مِنَ النّسَاءِ إلاّ عَلَى أزْوَاجِهِ. إلاّ أمّ سُلَيْمٍ. فإنّهُ كَانَ يَدْخُلُ عَلَيْهَا فقِيلَ لَهُ فِي ذلِكَ. فقالَ: «إنّي أرْحَمُهَا. قُتِلَ أخُوهَا مَعِي».

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم پەقەت ئاياللىرىنىڭ قېشىغا ـ بۇلۇپمۇ ئۇممەسەلەمەتنىڭ قېشىغا كۆپ كىرەتتى، بۇ توغرۇلۇق سۆز قىلىنغاندا، رەسۇلۇﷲ: ئۇنىڭ قېرىندىشى مەن بىلەن بىللە جەڭ قىلىمەن دەپ ئۆلتۈرۈلدى، ئۇنىڭغا ئىچىم ئاغرىيدۇ، دېدى.

6267 ـ وحدّثنا ابْنُ أبي عُمَرَ. حَدّثنَا بِشْرٌ (يَعْنِي ابْنَ السّرِيّ). حَدّثنَا حَمّادُ بْنُ سَلَمَةَ عَنْ ثابتٍ، عَنْ أنَسٍ، عَنِ النّبيّ صلى الله عليه وسلم قالَ: «دَخَلْتُ الْجَنّةَ فَسمعْتُ خَشَفَةً. فقُلْتُ: مَنْ هَذا؟ قالُوا: هَذِهِ الْغُمَيْصَاءُ بِنْتُ مِلْحَانَ، أُمّ أنَسِ بْنِ مَالِكٍ».

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: مەن جەننەتكە كىرىپ ئالدىمدا بىرسىنىڭ ماڭغان ئاۋازىنى ئاڭلىدىم، مەن بۇ كىمنىڭ ماڭغان ئاۋازى؟ دېسەم، ماڭا بۇ غۇمەيسا بىنتى مولھاندۇر دىيىلدى، بۇ ئايال ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئانىسىدۇر) ئەھمەد، مۇسلىم، نەسەئى

6268 ـ حدّثني أبُو جَعْفرٍ، مُحَمّدُ بْنُ الْفرَجِ. حَدّثنَا زَيْدُ بْنُ الْحُبَابِ. أخْبَرَنِي عَبْدُ الْعَزِيزِ بْنُ أبي سَلَمَةَ. أخْبَرَنَا مُحَمّدُ بْنُ الْمُنْكَدِرِ عَنْ جَابِرِ بْنِ عَبْدِ اللّهِ أنّ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم قالَ: «أُرِيتُ الْجَنّةَ. فرَأيْتُ امْرَأةَ أبي طَلْحَةَ. ثُمّ سَمِعْتُ خَشْخَشَةً أمَامِي. فإِذَا بِلاَلٌ».

جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: مەن جەننەتتە ئەبۇ تەلھەنىڭ ئايالىنى كۆردۈم، (ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئانىسى)ئاندىن ئالدىم تەرەپتە شىپ ـــ شىپ قىلغان ھەرىكەت ئاۋازىنى ئاڭلاپ قارىسام، بىلال تۇرىدۇ، مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ، بۇ بىر بىشارەتتۇر.

ئەنەس، جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: مەن جەننەتكە كىرىپ، بىرسىنىڭ ماڭغان ھەرىكەت ئاۋازىنى ئاڭلىدىم، بۇ نېمە ئىش؟ دېسەم، ئۇلار بۇ بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدۇر دېدى، ئاندىن كېيىن، يەنە بىر قېتىم جەننەتكە كىرىپ، يەنە شۇنداق بىرسىنىڭ شىپىر ـــ شىپىر ماڭغان ئاۋازىنى ئاڭلاپ، بۇ نېمە ئىش؟ دېسەم، ئۇلار بۇ غۇمەيسا بىنتى مولھاندۇر دېدى، ئابدۇ ئىبنى ھۇمەيدى تەيالىسى توپلىغان، سەھىھ.

## 1116 ـ باب من فضائل أبي طلحة الأنصاريّ، رضي اللّهُ تعالى عنه

6269 ـ حدّثني مُحَمّدُ بْنُ حَاتِمِ بْنِ مَيْمُونٍ. حَدّثنَا بَهْزٌ. حَدّثنَا سُلَيْمَانُ بْنُ الْمُغِيرَةِ عَنْ ثابتٍ، عَنْ أنَسٍ. قالَ: مَاتَ ابْنٌ لأبي طَلْحَةَ مِنْ أمّ سُلَيْمٍ. فقالَتْ لأهْلِهَا: لاَ تُحَدّثُوا أبَا طَلْحَةَ بابْنِهِ حَتّى أكُونَ أنَا أُحَدّثُهُ. قالَ: فجَاءَ فقَرّبَتْ إلَيْهِ عَشَاءً. فأكَلَ وَشَرِبَ. فقالَ: ثُمّ تَصَنّعَتْ لَهُ أحْسَنَ مَا كَانَ تَصنّعُ قبْلَ ذلِكَ. فوَقَعَ بِهَا. فلَمّا رَأتْ أنّهُ قدْ شَبِعَ وَأصَابَ مِنْهَا، قالَتْ: يَا أبَا طَلْحَةَ أرَأيْتَ لَوْ أنّ قوْماً أعَارُوا عَارِيَتَهُمْ أهْلَ بَيْتٍ، فطَلَبُوا عَارِيَتَهُمْ، ألَهُمْ أنْ يَمْنَعُوهُمْ؟ قالَ: لاَ. قالَتْ: فاحْتَسِبِ ابْنَكَ. قالَ: فغَضِبَ وَقالَ: تَرَكْتِنِي حَتّى تَلَطّخْتُ ثُمّ أخْبَرْتِنِي بابْنِي فانْطَلَقَ حَتّى أتَى رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم. فأخْبَرَهُ بِمَا كَانَ. فقَالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: «بَارَكَ اللّهُ لَكُمَا فِي غَابِرِ لَيْلَتِكُمَا» قالَ: فحَمَلَتْ. قالَ: فكَانَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم فِي سَفرٍ وَهِيَ مَعَهُ. وَكَانَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم إذَا أتَى الْمَدِينَةَ مِنْ سَفرٍ، لاَ يَطْرُقُهَا طُرُوقاً. فدَنَوْا مِنَ الْمَدِينَةِ. فضَرَبَهَا الْمَخَاضُ. فاحْتُبِسَ عَلَيْهَا أبُو طَلْحَةَ. وَانْطَلَقَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم. قالَ: يَقُولُ أبُو طَلْحَةَ: إنّكَ لَتَعْلَمُ، يَا رَبّ إنّهُ يُعْجِبُنِي أنْ أخْرُجَ مَعَ نَبِيّكَ إذَا خَرَجَ، وَأدْخُلَ مَعَهُ إذَا دَخَلَ. وَقدِ احْتُبِسْتُ بِمَا تَرَى. قالَ: تَقُولُ أمّ سُلَيْمٍ: يَا أبَا طَلْحَةَ مَا أجِدُ الّذِي كُنْتُ أجِدُ. انْطَلِقْ. فانْطَلَقْنَا. قالَ: وَضَرَبَهَا الْمَخَاضُ حِينَ قدِمَا. فوَلَدَتْ غُلاَماً. فقَالَتْ لِي أمّي: يَا أنَسُ لاَ يُرْضِعُهُ أحَدٌ حَتّى تَغْدُوَ بِهِ عَلَى رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم. فلَمّا أصْبَحَ احْتَمَلْتُهُ. فانْطَلَقْتُ بِهِ إلَى رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم. قالَ: فصَادَفْتُهُ وَمَعَهُ مِيسَمٌ. فلَمّا رَآنِي قالَ: «لَعَلّ أمّ سُلَيْمٍ وَلَدَتْ؟» قُلْتُ: نَعَمْ. فوَضَعَ الْمِيسَمَ. قالَ: وَجِئْتُ بِهِ فوَضَعْتُهُ فِي حَجْرِهِ. وَدَعَا رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم بِعَجْوَةٍ مِنْ عَجْوَةِ الْمَدِينَةِ.

**فلاكَهَا فِي فِيهِ حتّى ذابَتْ. ثُمّ قذفَهَا فِي فِي الصّبيّ. فجَعَلَ الصّبيّ يَتَلَمّظُهَا. قالَ: فقالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: «انْظُرُوا إلَى حُبّ الأنْصَارِ التّمْرَ» قالَ: فمَسَحَ وَجْهَهُ وَسَمّاهُ عَبْدَ اللّهِ.**

**6270 ـ حدّثنا أحْمَدُ بْنُ الْحَسَنِ بْنِ خِرَاشٍ. حَدّثنَا عَمْرُو بْنُ عَاصِمٍ. حَدّثنَا سُلَيْمَانُ بْنُ الْمُغِيرَةِ. حَدّثنَا ثابتٌ. حَدّثنِي أنَسُ بْنُ مَالِكٍ قالَ: مَاتَ ابْنٌ لأبي طَلْحَةَ. وَاقتَصّ الْحَدِيثَ بِمِثْلِهِ.**

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: ئەبۇتەلھەنىڭ بىر ئوغلى بار ئىدى، ئۇسەپەرگە چىقىپ كەتكەندە ئوغلى ئاغرىپ قېلىپ ۋاپات بولۇپ كەتتى، ئۇ.بىرگە: ئەبۇتەلھەگە ئۇنىڭ ئوغلىنىڭ ئىشىنى دېمەڭلار، بۇئىشنى مەن ئۆزۈم دەيمەن دېدى، ئۇ قايتىپ كېلىپ بالامغا نىمە بولدى؟دېدى، ئۇممەسۇلەيم ئەڭ تەمكىن، سەۋرچان ئىدى، ئۇ ھېچ ئىش يوق دەپ بالىنىڭ ئىشىنى يوشۇرۇپ، ئۇنىڭغا كەچلىك تاماق ئەكەلدى، ئۇ يەپ ـ ئىچتى، ئاندىن ئۇ ئەڭ گۈزەل ھالەتتە ياساندى، ئەبۇتەلھە تاماقتىن كىيىن ئۇنىڭ بىلەن بىللە بولدى، ئۇ يەنىلا بالىنىڭ ئىشىنى يۇشۇردى، ئېرىنىڭ يەپ ـ ئىچىپ تويۇپ، قانغىچە بىللە بولغانلىقىنى بىلگەندە، ئاندىن: ئى ئەبۇتەلھە! ئەگەر بىرقەۋم بىرەر ئەھلى ـ بەيتكە نەرسە ئارىيەت بەرسە، ئاندىن ئۇنى تەلەپ قىلسا، ئۆي ئەھلىنىڭ ئۇنى توسۇپ قېلىش ھەققى بارمۇ؟دېدى، ئۇ:ياق، ئارىيەت ئېلىغان نەرسە چوقۇم قايتۇرلىشى كېرەك دېدى، ئاندىن ئۇ: ئۇنداق بولسا، ئوغلۇڭنى الله ئېلىپ كەتتى، ئۇنىڭغا ساۋاپ ئۇمۇت قىلىپ سەۋرە قىلغىن دېدى، ئەبۇتەلھە بۇنىڭدىن خەۋەر تېپىپ غەزەپ قىلىپ: مىنى مەينەتچىلىككە بۇلغاپ بولۇپ ئاندىن خەۋەر قىلغىنىڭ نىمىسى؟دەپ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قېشىغا كېلىپ ئىشنى خەۋەر قىلدى، رەسۇلۇللاھ سىلەر كېچىچە بىللە بولدۇڭلارمۇ؟دېدى، ئۇ ھەئە دېسە، رەسۇلۇللاھ «ئى الله! بۇلار ئۇچۇن بەركەت بەرسلە» الله ئۆتۈپ كەتكەن بۇكېچەڭلارغا بەركەت بېرىدۇ، دېدى، ئاندىن كىيىن ئانام ئۇممەسۇلەيم ھامىلدار بولۇپ، بىر ئوغۇل تۇغدى، ـ رەسۇلۇللاھ سەپەر قىلىپ كەلسە، مەدىنىگە كېچىسى كىرمەيتتى، بۇكېچىسى ئۇلار مەدىنىگە يېقىن قالغاندا ئۇممەسۇلەيمنى تولغاق تۇتتى، ئەبۇتەلھە كىرەلمەي كېچىكىپ قالدى، ئۇ:ئى الله! مىنىڭ رەسۇلۇللاھ بىلەن بىللە چىقىپ، بىللە كىرىشىمنى سىلە ئوبدان بىلىسلا، مەن ھازىر ئامالسىز قالدىم، بۇنى سىلى كۆرۈپ تۇرىلا دېدى، ئۇممەسۇلەيم مەن بەك قىينىلىپ كەتتىم، مېڭىۋېرىڭلار دېدى، ئۇلار كىلىشىگىلا ئۇنى يەنەبىر تولغاق تۇتۇپ، ئۇ بىر ئوغۇل تۇغدى، ئاندىن ئۇماڭا: بۇنى ھېچ كىشى ئىمىتمىسۇن، سەن بۇنى رەسۇلۇللاھ نىڭ قېشىغا ئاپارغىن دېدى، مەن ئۇنى كۆتۈرۈپ رەسۇلۇللاھ نىڭ قېشىغا ئېلىپ كەلدىم، رەسۇلۇللاھ ئۇلاغقا بەلگە سېلىۋاتقان ئىكەن، مىنى كۆرۈپلا ئۇممەسۇلەيم تۇغۇپتۇ ـ دە، دەپ، قولىدىكى نەرسىنى تاشلىۋېتىپ، بالىنى ئالدى، ئۇنىڭ بىلەن بىللە خورما ئېلىۋالغان ئىدىم، رەسۇلۇللاھ ئۇ ئەجۋەت خورمىلىرىنى ئېلىپ يۇقشاق چايناپ، بالىنىڭ ئاغزىغا

سىلىپ ئۈنى ئېغىزلاندۇردى، بالا تىلىنى مىدىرلىتىپ خورمىنى شۈردى، ئاندىن رەسۇلۇللاھ ئەنسارلار خورمىنى بەك ياخشى كۆرىدىكەن قاراڭلار دەپ، بالىغا ئابدۇللاھ دەپ ئىسىم قويدى.

### 1117 ـ باب من فضائل بلال، رضي اللّهُ عنه

6271 ـ حدّثنا عُبَيْدُ بْنُ يَعِيشَ وَ مُحَمّدُ بْنُ الْعَلاَءِ الْهَمْدَانِيّ. قالاَ: حَدّثَنَا أَبُو أُسَامَةَ عَنْ أَبِي حَيّانَ. ح وَحَدّثَنَا مُحَمّدُ بْنُ عَبْدِ اللّهِ بْنِ نُمَيْرٍ (وَاللّفْظُ لَهُ). حَدّثَنَا أَبِي. حَدّثَنَا أَبُو حَيّانَ التّيْمِيّ، يَحْيَى بْنُ سَعِيدٍ عَنْ أَبِي زُرْعَةَ، عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ. قَالَ: قَالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم لِبِلاَلٍ، عِنْدَ صَلاَةِ الْغَدَاةِ: «يَا بِلاَلُ حَدّثْنِي بِأَرْجَى عَمَلٍ عَمِلْتَهُ، عِنْدَكَ، فِي الإِسْلاَمِ مَنْفَعَةً. فَإِنّي سَمِعْتُ اللّيْلَةَ خَشْفَ نَعْلَيْكَ بَيْنَ يَدَيّ فِي الْجَنّةِ». قَالَ بِلاَلٌ: مَا عَمِلْتُ عَمَلاً فِي الإِسْلاَمِ أَرْجَى عِنْدِي مَنْفَعَةً، مِنْ أَنّي لاَ أَتَطَهّرُ طُهُوراً تَامّا، فِي سَاعَةٍ مِنْ لَيْلٍ وَلاَ نَهَارٍ، إِلاّ صَلّيْتُ بِذَلِكَ الطّهُورِ، مَا كَتَبَ اللّهُ لِي أَنْ أُصَلّيَ.

ئەبۇھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بامدات نامىزىدا، بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا: ئى بىلال! سەن ئىسلام دىنىدا ئەمەل قىلغان ئەڭ ئۈمۈتلۈك ئەمەلنى ماڭا سۆزلەپ بەرگىنە چۈنكى مەن جەننەتكە كىرىپ ، ئالدىم تەرەپتە سىنىڭ ئايىقىڭنىڭ شىپ ـ شىپ قىلغان ئاۋازىنى ئاڭلاپ قالدىم دىدى. بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: مەنغۇ مىنىڭ نەزلىمدە ئەڭ ئۈمۈتلۈك ئەمەلنى قىلالمىدىم، مەن پەقەت كېچىدىن ياكى كۈندۈزدىن ھەرقانداق بىرۋاقتتا تاھارەت ئالسامىلا، شۇ تاھارەتنىڭ بەدىلىگە ماڭا تەقدىردە ئۇقۇشۇم پۈتۈلگەن نامازلارنى ئۇقۇيمەن، دىدى. ئىمام بۇخارى،مۇسلىم توپلىغان سەھىھ.

بۇرەيدە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىرئەتىگىنى بىلال رەزىيەاللە ئەنھۇنى چاقىرىپ مۇنداق دىگەن: ئى بىلال! سەن قايسى ئەمەل بىلەن جەننەتكە مەندىن ئىلگىرلەپ كەتتىڭ؟ مەن جەننەتكە كىرسەملا ئالدىم تەرەپتە سىنىڭ شىپ _ شىپ ماڭغان ئاياق ئاۋازىڭنى ئاڭلايمەن، (مەن ئۆتكەن كېچە، جەننەتكە كىرىپ يەنە سىنىڭ ماڭغان ئاۋازىڭنى ئالدىم تەرەپتە ئاڭلاپ قالدىم،) بىلال رەزىيەاللە ئەنھۇ:ئى اللە نىڭ ئەلچىسى! مەن ئەزان تولىسامىلا ئىككى رەكئەت ناماز ئۇقىيمەن، ماڭا تاھارەتسىزلىك يەتسىلا(يەنى تاھارىتىم سۇنسىلا)تاھارەت ئالىمەن دە، اللە ئۈچۈن ئىككى رەكئەت ناماز ئۇقۇش مىنىڭ ئۇستىمدىكى اللە نىڭ ھەققى دەپ قاراپ، ئىككى رەكئەت ناماز ئۇقيمەن دىدى. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:ئۇنداقتا جەننەتكە شۇ ئىككى رەكئەت ناماز بىلەن ئىرىشىپسەندە!،دىدى.تىرمىزى توپلىغان سەھىھ.

### 1118 ـ باب من فضائل عبد اللّهِ بن مسعود وأمه، رضي اللّهُ تعالى عنهما

6272 ـ حدّثنا مِنْجَابُ بْنُ الْحَارِثِ التّمِيمِيّ وَ سَهْلُ بْنُ عُثْمَانَ و عَبْدُ اللّهِ بْنُ عَامِرِ بْنِ زُرَارَةَ الْحَضْرَمِيّ وَ سُوَيْدُ بْنُ سَعِيدٍ وَ الْوَلِيدُ بْنُ شُجَاعٍ (قَالَ سَهْلٌ وَ مِنْجَابٌ: أَخْبَرَنَا. وَقَالَ الآخَرُونَ: حَدّثَنَا) عَلِيّ بْنُ مُسْهِرٍ عَنِ الأَعْمَشِ، عَنْ إِبْرَاهِيمَ، عَنْ عَلْقَمَةَ، عَنْ عَبْدِ اللّهِ. قَالَ: لَمّا نَزَلَتْ هَذِهِ الآيَةُ: {لَيْسَ عَلَى الّذِينَ ءَامَنُوا وَعَمِلُوا الصّالِحَاتِ جُنَاحٌ فِيمَا طَعِمُوا إِذَا مَا اتّقَوْا وَأَمَنُوا} ( 5المائدة الآية: 39) إِلَى آخِرِ الآيَةِ. قَالَ لِي رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: «قِيلَ لِي: أَنْتَ مِنْهُمْ».

ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ دىن،«ئىمان ئەيتىپ، ياخشى ئەمەللەرنى قىلغان كىشىلەرگە (ھاراق ھارام قىلىنىشتىن بۇرۇن)يەپ ـ ئىچىپ سالغىنىغا گۇناھ يوق...» دېگەن ئايەت نازىل قىلىنغاندا، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ماڭا: سەن شۇلارنىڭ جۈملىسىدىن دېدى.(يەنى گۇناھ يوق دېيىلگەن كىشىدىن)

6273 ـ6274 ـ حدّثنا إسْحَقَ بْنُ إبْرَاهِيمَ الْحُنْظَلِيّ وَ مُحَمّدُ بْنُ رَافِعِ ـ وَاللّفْظُ لابْنِ رَافِعِ ـ (قَالَ إسْحَقُ: أخْبَرَنَا. وَقَالَ ابْنُ رَافِعِ: حَدّثَنَا) يَحْيَى بْنُ آدَمَ. حَدّثَنَا ابْنُ أبِي زَائِدَةَ عَنْ أبِيهِ، عَنْ أبِي إسْحَقَ، عَنْ الأسْوَدِ بْنِ يَزِيدَ، عَنْ أبِي مُوسَى. قَالَ: قَدِمْتُ أنَا وَأخِي مِنَ الْيَمَنِ. فَكُنّا حِيناً وَمَا نُرَى ابْنَ مَسْعُودٍ وَأُمّهُ إلاّ مِنْ أهْلِ الْبَيْتِ. مِنْ كَثْرَةِ دُخُولِهِمْ وَلُزُومِهِمْ لَهُ.
6275 ـ حدّثنا زُهَيْرُ بْنُ حَرْبٍ وَ مُحَمّدُ بْنُ الْمُثَنّى و ابْنُ بَشّارٍ. قَالُوا: حَدّثَنَا عَبْدُ الرّحْمَنِ عَنْ سُفْيَانَ، عَنْ أبِي إسْحَقَ، عَنِ الأسْوَدِ، عَنْ أبِي مُوسَى. قَالَ: أتَيْتُ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم وَأنَا أُرَى أنّ عَبْدَ اللّهِ مِنْ أهْلِ الْبَيْتِ. أوْ مَا ذَكَرَ مِنْ نَحْوِ هَذَا.

ئەبۇمۇسا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ دىن، مەن قېرىندىشىم بىلەن بىللە يەمەندىن كېلىپ، بىر مەزگىل تۇرۇپ، ئىبنى مەسئۇد بىلەن ئۇنىڭ ئانىسىنىڭ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم نىڭ ئۆيىگە كۆپ كىرگەنلىكىنى كۆرگەنلىكىمىزدىن، ئۇلارنى رەسۇلۇللاھنىڭ ئەھلى بەيتىدىن ئوخشايدۇ دەپ قاپتىمىز.بۇخارى،مۇسلىم.

6276 ـ حدّثنا مُحَمّدُ بْنُ الْمُثَنّى وَ ابْنُ بَشّارٍ (وَاللّفْظُ لابْنِ الْمُثَنّى). قَالاَ: حَدّثَنَا مُحَمّدُ بْنُ جَعْفَرٍ. حَدّثَنَا شُعْبَةُ عَنْ أبِي إسْحَقَ. قَالَ سَمِعْتُ أبَا الأحْوَصِ قَالَ: شَهِدْتُ أبَا مُوسَى وَأبَا مَسْعُودٍ، حِينَ مَاتَ ابْنُ مَسْعُودٍ. فَقَالَ أحَدُهُمَا لِصَاحِبِهِ: أتُرَاهُ تَرَكَ بَعْدَهُ مِثْلَهُ؟ فَقَالَ: إنْ قُلْتُ ذَاكَ. إنْ كَانَ لَيُؤْذَنُ لَهُ إذَا حُجِبْنَا. وَيَشْهَدُ إذَا غِبْنَا.
6277 ـ حدّثنا أبُو كَرِيبٍ مُحَمّدُ بْنُ الْعَلاَءِ. حَدّثَنَا يَحْيَى بْنُ آدَمَ. حَدّثَنَا قُطْبَةُ (هُوَ ابْنُ عَبْدِ الْعَزِيزِ) عَنِ الأعْمَشِ، عَنْ مَالِكِ بْنِ الْحَارِثِ، عَنْ أبِي الأحْوَصِ قَالَ: كُنّا فِي دَارِ أبِي مُوسَى مَعَ نَفَرٍ مِنْ أصْحَابِ عَبْدِ اللّهِ. وَهُمْ يَنْظُرُونَ فِي مُصْحَفٍ. فَقَامَ عَبْدُ اللّهِ. فَقَالَ أبُو مَسْعُودٍ: مَا أعْلَمُ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم تَرَكَ بَعْدَهُ أعْلَمَ بِمَا أنْزَلَ اللّهُ مِنْ هَذَا الْقَائِمِ. فَقَالَ أبُو مُوسَى: أمَا لَئِنْ قُلْتَ ذَاكَ. لَقَدْ كَانَ يَشْهَدُ إذَا غِبْنَا. وَيُؤْذَنُ لَهُ إذَا حُجِبْنَا.
6278 ـ وحدّثني الْقَاسِمُ بْنُ زَكَرِيّاءَ. حَدّثَنَا عُبَيْدُ اللّهِ (هُوَ ابْنُ مُوسَى) عَنْ شَيْبَانَ، عَنِ الأعْمَشِ، عَنْ مَالِكِ بْنِ الْحَارِثِ، عَنْ أبِي الأحْوَصِ. قَالَ: أتَيْتُ أبَا مُوسَى فَوَجَدْتُ عَبْدَ اللّهِ وَ أبَا مُوسَى. ح وَحَدّثَنَا أبُو كَرِيبٍ. حَدّثَنَا مُحَمّدُ بْنُ أبِي عُبَيْدَةَ. حَدّثَنَا أبِي عَنْ الأعْمَشِ، عَنْ زَيدِ بْنِ وَهْبٍ. قَالَ: كُنْتُ جَالِساً مَعَ حُذَيْفَةَ وَأبِي مُوسَى. وَسَاقَ الْحَدِيثَ. وَحَدِيثُ قُطْبَةَ أتَمّ وَأكْثَرُ.

ئەبۇلئەھۋەس مۇنداق دەيدۇ؛ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ۋاپات بولغاندا مەن ئەبۇمۇسا بىلەن ئەبۇمەسئۇدقا ئۇچراپ قالدىم، ئۇلارنىڭ بىرى يەنە بىرسىگە: بۇكىشى ئۆزىدىن كېيىن ئۆزىگە ئوخشاش بىرەر ئالىمنى قالدۇرۇپ كەتتى دەپ قارامسەن؟دېدى، ئەبۇمۇسا: سەن شۇنداق دەپ قالدىڭ، بىز رەسۇلۇﷲ نىڭ ئۆيىگە كىرىشتىن چەكلەنگەندە ئۇنىڭ كىرىشىگە رۇخسەت قىلىناتتى، بىز يوق ۋاقتىمىزدا ئۇدائىم رەسۇلۇﷲ نىڭ يېنىدا بارئىدى دېدى.يەنەبىرخاتىردە؛ بىز ئەبۇمۇسانىڭ ھويلىسىدا ئىبنى مەسئۇدنىڭ ھەمراھلىرى بىلەن بىللە ئىدۇق، ئۇلار قۇرئانغا قاراۋاتاتتى، ئىبنى مەسئۇد ئورنىدىن تۇرۇپ چىقىپ كەتتى، ئاندىن ئەبۇمەسئۇد: مەن رەسۇلۇﷲ نىڭ ئۆزىدىن كېيىن ﷲ نازىل قىلغان قۇرئانغا ھازىر ئورنىدىن تۇرۇپ چىقىپ كەتكەن كىشىدىنمۇ ئالىمراق بىرەر كىشىنى قالدۇرۇپ كەتكەنلىكىنى بىلمەيمەن دېدى، ئاندىن ئەبۇمۇسا يۇقىرقى سۆزنى دېگەندۇر.

6279 ـ حدّثنا إسْحَقُ بْنُ إبْرَاهِيمَ الْحَنْظَلِيّ. أخْبَرَنَا عَبْدَةُ بْنُ سُلَيْمَانَ. حَدّثَنَا الأعْمَشُ عَنْ شَقِيقٍ، عَنْ عَبْدِ اللّهِ أنّهُ قَالَ: {وَمَنْ يَغْلُلْ يَأْتِ بِمَا غَلّ يَوْمَ الْقِيَامَةِ} (3آل عمران الآية: 161). ثُمّ قَالَ: عَلَى قِرَاءَةِ مَنْ تَأْمُرُونِي أنْ أقْرَأ؟ فَلَقَدْ قَرَأْتُ عَلَى رَسُولِ اللّهِ صلى الله

**عليه وسلم بِضْعاً وَسَبْعِينَ سُورَةً. وَلَقَدْ عَلِمَ أَصْحَابُ رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم أَنّي أَعْلَمُهُمْ بِكِتَابِ اللّهِ. وَلَوْ أَعْلَمُ أَنّ أَحَداً أَعْلَمُ مِنّي لَرَحَلْتُ إِلَيْهِ. قَالَ شَقِيقٌ: فَجَلَسْتُ فِي حَلَقِ أَصْحَابِ مُحَمّدٍ صلى الله عليه وسلم. فَمَا سَمِعْتُ أَحَداً يَرُدّ ذَلِكَ عَلَيْهِ، وَلاَ يَعِيبُهُ.**

ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:«كىم خىيانەت قىلسا، ئۇ قىيامەت كۈنى خىيانەت قىلغان نەرسىسنى گەردىنىدە كۆتۈرۈپ كىلىدۇ.....»دېگەن ئايەتنى قىرائەت قىلىپ: مىنى سىلەر كىمنىڭ قىرائىتى بۇيىچە ئۇقۇشۇمغا بۇيرىيسلەر؟ مەن رەسۇلۇﷲ قا 70 نەچچە سۈرىنى ئۇقۇپ ئاڭلاتقان ئىدىم، رەسۇلۇﷲ نىڭ ساھابىللىرىمۇ ﷲ نىڭ كىتابى قۇرئانغا ئۇلاردىن بەكىرەك مىنىڭ ئالىمراق ئىكەنلىكىمنى بىلىدۇ، ئەگەر قۇرئانغا مەندىنمۇ ئالىمراق بىرەر كىشىنىڭ بارلىقىنى بىلسەم، ئەلۋەتتە ئۇنىڭ قېشىغا سەپەر قىلغان بۇلاتتىم دېدى. رەسۇلۇﷲ نىڭ ساھابىللىرى ئۇنىڭ بۇسۆزىنى رەت قىلمىدى ھەم ئەيىبلىمىدى.

**6280 ـ حدّثنا أَبُو كُرَيبٍ. حَدّثَنَا يَحْيَىَ بْنُ آدَمَ. حَدّثَنَا قُطْبَةُ عَنِ الأَعْمَشِ، عَنْ مُسْلِمٍ، عَنْ مَسْرُوقٍ، عَنْ عَبْدِ اللّهِ. قَالَ: وَالّذِي لاَ إِلَهَ غَيْرُهُ مَا مِنْ كِتَابِ اللّهِ سُورَةٌ إِلاّ أَنَا أَعْلَمُ حَيْثُ نَزَلَتْ. وَمَا مِنْ آيَةٍ إِلاّ أَنَا أَعْلَمُ فِيمَا أُنْزِلَتْ. وَلَوْ أَعْلَمُ أَحَداً هُوَ أَعْلَمُ بِكِتَابِ اللّهِ مِنّي، تَبْلُغُهُ الإِبِلُ، لَرَكِبْتُ إِلَيْهِ.**

ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:ئۆزىدىن باشقا ھەق ئىلاھ بولمىغان ﷲ بىلەن قەسەمكى، ﷲ نىڭ كىتابىدىن ھەرقانداق بىر سۈرە بۇلىدىكەن، مەن ئۇسۈرىنىڭ قاچان قەيەردە نازىل بولغىنىنى ئوبدان بىلىمەن، ﷲ نىڭ كىتابىدىن ھەرقانداق بىر ئايەتنىڭ قاچان، قەيەردە، نىمە ئىش توغرىسىدا، كىم ـ كىملەر توغرىسىدا نازىل بولغىنىنىمۇ ئوبدان بىلىمەن، ئەگەر مەن قۇرئانغا مەندىنمۇ ئالىمراق بىرەر كىشىنىڭ بارلىقىنى بىلسەم، ئۇنىڭ قېشىغا تۆگە ئىلىپ بارالىسلا، ئەلۋەتتە ئۇنىڭ قېشىغا سەپەر قىلغان بۇلاتتىم دېدى.

**6281 ـ حدّثنا أَبُو بَكْرِ بْنُ أَبِي شَيْبَةَ وَ مُحَمّدُ بْنُ عَبْدِ اللّهِ بْنِ نُمَيْرٍ. قَالاَ: حَدّثَنَا وَكِيعٌ. حَدّثَنَا الأَعْمَشُ عَنْ شَقِيقٍ، عَنْ مَسْرُوقٍ. قَالَ: كُنّا نَأْتِي عَبْدَ اللّهِ بْنَ عَمْرٍو فَنَتَحَدّثُ إِلَيْهِ ــ وَقَالَ ابْنُ نُمَيْرٍ: ـ عِنْدَهُ ـ فَذَكَرْنَا يَوْماً عَبْدَ اللّهِ بْنَ مَسْعُودٍ. فَقَالَ: لَقَدْ ذَكَرْتُمْ رَجُلاً لاَ أَزَالُ أُحِبّهُ بَعْدَ شَيْءٍ سَمِعْتُهُ مِنْ رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم. سَمِعْتُ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم يَقُولُ: «خُذُوا الْقُرْآنَ مِنْ أَرْبَعَةٍ: مِنِ ابْنِ أُمّ عَبْدٍ. فَبَدَأَ بِهِ ـ ، وَمُعَاذِ بْنِ جَبَلٍ، وَأُبَيّ بْنِ كَعْبٍ، وَسَالِمٍ، مَوْلَى أَبِي حُذَيْفَةَ».**
**6282 ـ حدّثنا قُتَيْبَةُ بْنُ سَعِيدٍ وَ زُهَيْرُ بْنُ حَرْبٍ وَ عُثْمَانُ بْنُ أَبِي شَيْبَةَ. قَالُوا: حَدّثَنَا جَرِيرٌ عَنِ الأَعْمَشِ، عَنْ أَبِي وَائِلٍ، عَنْ مَسْرُوقٍ. قَالَ: كُنّا عَنْدَ عَبْدِ اللّهِ بْنِ عَمْرٍو. فَذَكَرْنَا حَدِيثاً عَنْ عَبْدِ اللّهِ بْنِ مَسْعُودٍ. فَقَالَ: إِنّ ذَاكَ الرّجُلَ لاَ أَزَالُ أُحِبّهُ بَعْدَ شَيْءٍ سَمِعْتُهُ مِنْ رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم يَقُولُهُ. سَمِعْتُهُ يَقُولُ: «اقْرَؤُوا الْقُرْآنَ مِنْ أَرْبَعَةِ نَفَرٍ: مِنِ ابْنِ أُمّ عَبْدٍ ـ فَبَدَأَ بِهِ ـ وَمِنْ أُبَيّ بْنِ كَعْبٍ، وَمِنْ سَالِمٍ، مَوْلَى أَبِي حُذَيْفَةَ، وَمِنْ مُعَاذِ بْنِ جَبَلٍ». وَحَرْفٌ لَمْ يَذْكُرْهُ زُهَيْرٌ. قَوْلُهُ: يَقُولُهُ.**
**6283 ـ حدّثنا أَبُو بَكْرِ بْنُ أَبِي شَيْبَةَ وَ أَبُو كُرَيْبٍ. قَالاَ: حَدّثَنَا أَبُو مُعَاوِيَةَ عَنِ الأَعْمَشِ. بِإِسْنَادِ جَرِيرٍ وَوَكِيعٍ. فِي رِوَايَةِ أَبِي بَكْرٍ عَنْ أَبِي مُعَاوِيَةَ، قَدّمَ مُعَاذاً قَبْلَ أُبَيَ. وَفِي رِوَايَةِ أَبِي كُرَيبٍ، أُبَيّ قَبْلَ مُعَاذٍ.**
**6284 ـ حدّثنا ابْنُ الْمُثَنّى وَ ابْنُ بَشّارٍ. قَالاَ: حَدّثَنَا ابْنُ أَبِي عَدِيَ. ح وَحَدّثَنِي بِشْرُ بْنُ خَالِدٍ. أَخْبَرَنَا مُحَمّدٌ (يَعْنِي ابْنَ جَعْفَرٍ). كِلاَهُمَا عَنْ شُعْبَةَ، عَنِ الأَعْمَشِ، بِإِسْنَادِهِمْ. وَاخْتَلَفَا عَنْ شُعْبَةَ فِي تَنْسِيقِ الأَرْبَعَةِ.**

ئىبنى ئەمرۇ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: قۇرئاننى تۆت كىشىدىن دەرىس ئىلىپ ئۇقۇڭلار، ئىبنى مەسئۇد، ئۇبەي ئىبنى كەئبى، مۇئاز ئىبنى جەبەل، سالىم رەزىيەللاھۇ

ئەنھۇملاردىن .مەن مۇشۇ سۆزنى ئاڭلىغاندىن باشلاپ، ئۇنى يەنى ئىبنى مەسئۇدنى ياخشى كۆرۈپ كەلدىم.

تىرمىزى، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

6285 ـ حدّثنا مُحمّدُ بْنُ المُثنّى وَ ابْنُ بَشّارٍ. قالاَ: حَدّثنا مُحمّدُ بْنُ جَعْفرٍ. حَدّثنا شُعْبَةُ عَنْ عَمْرو بْن مُرّة، عَنْ إبْراهِيمَ، عَنْ مَسْرُوقٍ، قالَ: ذكَرُوا ابْنَ مَسْعُودٍ عِنْدَ عَبْدِ اللهِ بْنِ عَمْرٍو. فقَالَ: ذَاكَ رَجُلٌ لاَ أزَالُ أحِبّهُ. بَعْدَ مَا سَمِعْتُ مِنْ رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم يَقُولُ: «اسْتَقْرِؤوا القُرْآنَ مِنْ أرْبَعَةٍ: مِن ابْنِ مَسْعُودٍ، وَسَالِمٍ، مَوْلَى أبي حُذَيْفَة، وَأبَيّ بْن كَعْبٍ، وَمُعَاذِ بْن جَبَلٍ».
6286 ـ حدّثنا عُبَيْدُ اللهِ بْنُ مُعَاذٍ. حَدّثنا أبي. حَدّثنا شُعْبَة، بِهذَا الإسْنَادِ. وَزَادَ: قَالَ شُعْبَةُ: بَدَأ بِهذَيْنِ. لاَ أدْرِي بِأيّهِمَا بَدَأ.

ئىبنى ئەمرۇ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: سىلەر قۇرئاننى تۆۋەندىكى تۆت كىشىدىن تەلەپ قىلىپ، شۇلاردىن ئېلىپ ئوقۇڭلار، بىرىنچىسى، ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ، ئىككىنچىسى، ئەبۇ ھۇزەيفەنىڭ ئازادكەردە قۇلى سالىم، ئۈچىنچىسى، ئۇبەي ئىبنى كەئبى، تۆتىنچىسى، مۇئاز ئىبنى جەبەل رەزىيەللاھۇ ئەنھۇلار، يەنى مۇشۇ تۆت كىشىنىڭ قىرائىتى بويىچە ئوقۇڭلار، بۇخارى،مۇسلىم،بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.

## 1119 ـ باب من فضائل أبيّ بن كعب وجماعة من الأنصار، رضي اللّهُ تعالى عنهم

6287 ـ حدّثنا مُحمّدُ بْنُ المُثنّى. حَدّثنا أبُو دَاوُدَ. حَدّثنا شُعْبَة عَنْ قتَادَة. قالَ: سَمِعْتُ أنساً يَقُولُ: جَمعَ القُرْآنَ، عَلَى عَهْدِ رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم، أرْبَعَة. كُلّهُمْ مِنَ الأنْصَارِ: مُعَاذُ بْنُ جَبَلٍ، وَأبَيّ بْنُ كَعْبٍ، وَزَيْدُ بْنُ ثابتٍ، وَأبُو زَيْدٍ.
قالَ قتَادَةُ: قلْتُ لأنَسٍ: مَنْ أبُو زَيْدٍ؟ قالَ: أحَدُ عُمُومَتِي.
6288 ـ حدّثني أبُو دَاوُدَ، سُلَيْمَانُ بْنُ مَعْبَدٍ. حَدّثنا عَمْرُو بْنُ عَاصِمٍ. حَدّثنا هَمّامٌ. قالَ: قلْتُ لأنَسِ بْنِ مَالِكٍ: مَنْ جَمعَ القُرْآنَ عَلَى عَهْدِ رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم؟ قالَ: أرْبَعَة. كُلّهُمْ مِنَ الأنْصَارِ: أبَيّ بْنُ كَعْبٍ. وَمُعَاذُ بْنُ جَبَلٍ، وَزَيْدُ بْنُ ثابتٍ وَرَجُلٌ مِنَ الأنْصَارِ، يُكْنَى أبَا زَيْدٍ.

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم نىڭ زامانىدا، قۇرئاننى تۆۋەندىكى تۆت كىشى توپلاپ يادا ئالغان ئىدى، بىرىنچىسى، ئۇبەي ئىبنى كەئبى، ئىككىنچىسى، مۇئاز ئىبنى جەبەل، ئۈچىنچىسى،زەيدئىبنى سابىت، تۆتىنچىسى، ئەبۇ زەيد، يەنى تاغىلىرىمنىڭ بىرسى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇلار، (يەنە ئەبۇ ھۇزەيفەنىڭ ئازادكەردە قۇلى سالىم، ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمۇبار،)بۇخارى،مۇسلىم.

6289 ـ حدّثنا هَدّابُ بْنُ خَالِدٍ. حَدّثنَا هَمّامٌ. حَدّثنا قتَادَةُ عَنْ أنَسِ بْنِ مَالِكٍ أنّ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم قالَ لأبَيَ: «إنّ اللّهَ عَزّ وَجَلّ أمَرَنِي أنْ أقرَأ عَلَيْكَ» قالَ: آللّهُ سَمّانِي لكَ؟ قالَ «اللّهُ سَمّاكَ لِي» قالَ: فجَعَلَ أبَيّ يَبْكِي.
6290 ـ 6291 ـ حدّثنا مُحمّدُ بْنُ المُثنّى وَ ابْنُ بَشّارٍ. قالاَ: حَدّثنا مُحمّدُ بْنُ جَعْفرٍ. حَدّثنا شُعْبَةُ. قالَ: سَمِعْتُ قتَادَةَ يُحَدّثُ عَنْ أنَسِ بْنِ مَالِكٍ، قالَ: قالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم لأبَيّ بْنِ كَعْبٍ: «إنّ اللّهَ أمَرَنِي أنْ أقرَأ عَلَيْكَ: {لَمْ يَكُنِ الّذِينَ كَفرُوا} ( 89البينة الآية: 1) قالَ: وَسَمّانِي؟ قالَ: «نَعَمْ» قالَ: فبَكَى.

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇبەي ئىبنى كەئبى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا: ھەقىقەتەن **الله** تائالا مېنى ساڭا قۇرئان ئوقۇپ بېرىشىمگە بۇيرىدى، دېدى، ئۇبەي ئىبنى كەئبى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ؛ **الله** تائالا سىلىگە مېنىڭ ئىسمىمنى ئاتاپ ئېنىق دېدىمۇ؟ دېدى، رەسۇلۇللاھ: ھەئە ئىسمىڭنى ئاتىدى دېدى، ئۇبەي ئىبنى كەئبى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: ھەقىقەتەن مەن ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى **الله** نىڭ

نەزلىدە زىكىر قىلىندىمۇ؟ دىدى، رەسۇلۇللاھ: ھەئە سەن زىكىر قىلىندىڭ دىدى، ئۇنىڭ ئىككى كۆزى ياش تۆكۈپ كەتتى، يەنە بىرخاتىردە: رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇبەي ئىبنى كەئبى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا: ھەقىقەتەن **الله** تائالا مىنى ساڭا (قۇرئاندىن)«لەم يەكۇنىللەزىينە كەپەرۇ»نى يەنى سۈرەبەييىنەنى ئوقۇپ بىرىشىمگە بۇيرىدى، دىدى، ئۇبەي ئىبنى كەئبى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ؛ **الله** تائالا سىلىگە مىنىڭ ئىسمىمنى ئاتاپ ئېيتىق دىدىمۇ؟ دىدى، رەسۇلۇللاھ: ھەئە ئىسمىڭنى ئاتىدى دىدى، ئۇ خۇشاللىقىدىن يىغلاپ كەتتى. بۇخارى،مۇسلىم بىرلىككە كەلگەن.

### 1120 ـ باب من فضائل سعد بن معاذ، رضي اللّهُ عنه

6292 ـ حدّثنا عَبْدُ بْنُ حُمَيْدٍ. أَخْبَرَنَا عَبْدُ الرَّزّاق. أَخْبَرنَا ابْنُ جُرَيْجٍ. أَخْبَرَنِي أَبُو الزّبَيْرِ أَنّهُ سَمِعَ جَابِرَ بْنَ عَبْدِ اللّهِ يَقُولُ: قَالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم، وَجَنَازَةُ سَعْدِ بْنِ مُعَاذٍ بَيْنَ أَيْدِيهِمْ: «اهْتَزّ لَهَا عَرْشُ الرّحْمَن».

6293 ـ حدّثنا عَمْرٌو النّاقِدُ. حَدّثَنَا عَبْدُ اللّهِ بْنُ إِدْرِيسَ الأَوْدِيّ. حَدّثَنَا الأَعْمَشُ عَنْ أَبِي سُفْيَانَ، عَنْ جَابِرٍ. قَالَ: قَالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: «اهْتَزّ عَرْشُ الرّحْمَن، لِمَوْتِ سَعْدِ بْنِ مُعَاذٍ».

6294 ـ حدّثنا مُحَمّدُ بْنُ عَبْدِ اللّهِ الرّزّيّ. حَدّثَنَا عَبْدُ الْوَهّابِ بْنُ عَطَاءٍ، الْخَفّافُ عَنْ سَعِيدٍ، عَنْ قَتَادَةَ. حَدّثَنَا أَنَسُ بْنُ مَالِكٍ أَنّ نَبِيّ اللّهِ صلى الله عليه وسلم قَالَ، وَجِنَازَتُهُ مَوْضُوعَةٌ ـ يَعْنِي سَعْداً ـ « اهْتَزّ لَهَا عَرْشُ الرّحْمَنِ».

ئەنەس، جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: سەئدى ئىبنى مۇئازنىڭ ئۆلۈمى ئۈچۈن رەھمانتائالانىڭ ئەرشى تەۋرە پ كەتتى، ئەھمەد،بۇخارى، مۇسلىم، بەيھەقى، نەسەئى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ. ئەنە شۇنداق كىشى ئۈچۈنمۇ قەبرە تارايغان ، تەقۋالىقتا چىڭ تۇرۇڭلار، قەبرە ئازابىدىن ئاللاھقا سېغىنىپ پاناھ تىلەڭلار.

6295 ـ6296 ـ حدّثنا مُحَمّدُ بْنُ الْمُثَنّى وَ ابْنُ بَشّارٍ. قَالاَ: حَدّثَنَا مُحَمّدُ بْنُ جَعْفَرٍ. حَدّثَنَا شُعْبَةُ عَنْ أَبِي إِسْحَقَ. قَالَ: سَمِعْتُ الْبَرَاءَ يَقُولُ: أُهْدِيَتْ لِرَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم حُلّةُ حَرِيرٍ. فَجَعَلَ أَصْحَابُهُ يَلْمِسُونَهَا وَيَعْجَبُونَ مِنْ لِينِهَا. فَقَالَ: «أَتَعْجَبُونَ مِنْ لِينَ هَذِهِ؟ لَمَنَادِيلُ سَعْدِ بْنِ مُعَاذٍ فِي الْجَنّةِ، خَيْرٌ مِنْهَا وَأَلْيَنُ».

6297 ـ حدّثنا مُحَمّدُ بْنُ عَمْرِو بْنِ جَبَلَةَ. حَدّثَنَا أُمَيّةُ بْنُ خَالِدٍ. حَدّثَنَا شُعْبَةُ، بِهَذَا الْحَدِيثِ. بِالإِسْنَادَيْنِ جَمِيعاً. كَرِوَايَةِ أَبِي دَاوُدَ.

ئەنەس، بەررائى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە ئالتۇن ھەل بىرىلگەن يىپەك رەختتىن توقۇلغان رىدا، تون ھەدىي قىلىندى، ساھابىلار ئۇنى كۆرۈپ سىلاشقا باشلىدى، ۋە ئۇنىڭ سىلىقلىقىدىن ھەيران قالغاندا،رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم؛ سىلەر مۇشۇنىڭدىن ھەيران بولۇۋاتامسىلەر؟ ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، سەئىد ئىبنى مۇئازنىڭ جەننەتتىكى لۆڭگىسى، قول ياغلىقى بۇنىڭدىن نەچچە ھەسسە ياخشىدۇر، ھەم سىلىق گۈزەلدۇر دىگەن. تىرمىزى 3782 ــ ھەدىس، نەسەئى 5207 ــ ھەدىس، ئەھمەد 12673 ــ ھەدىس، بۇخارى 2423 ــ ھەدىس، مۇسلىم، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.

6298 ـ حدّثنا زُهَيْرُ بْنُ حَرْبٍ. حَدّثنَا يُونُسُ بْنُ مُحَمّدٍ. حَدّثنَا شَيْبَانُ عَنْ قَتَادَةَ. حَدّثنَا أَنَسُ بْنُ مَالِكٍ أَنّهُ أُهْدِيَ لِرَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم جُبّةٌ مِنْ سُنْدُسٍ. وَكَانَ يَنْهَى عَنِ الْحَرِيرِ. فَعَجِبَ النّاسُ مِنْهَا. فَقَالَ: «وَالّذِي نَفْسُ مُحَمّدٍ بِيَدِهِ إِنّ مَنَادِيلَ سَعْدِ بْنِ مَعَاذٍ، فِي الْجَنّةِ، أَحْسَنُ مِنْ هَذَا».

6299 ـ حدّثناه مُحَمّدُ بْنُ بَشّارٍ. حَدّثنَا سَالِمُ بْنُ نُوحٍ. حَدّثنَا عُمَرُ بْنُ عَامِرٍ عَنْ قَتَادَةَ، عَنْ أَنَسٍ، أَنّ أُكَيْدِرَ دُومَةِ الْجَنْدَلِ أَهْدَى لِرَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم حُلّةً. فَذَكَرَ نَحْوَهُ. وَلَمْ يَذْكُرْ فِيهِ: وَكَانَ يَنْهَى عَنِ الْحَرِيرِ.

ئەنەس، بەررائى رەزىيەللاھۇ ئەنهۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە ئالتۇن ھەل بېرىلگەن يىپەك رەختتىن توقۇلغان رىدا، جۇۋا ھەدىيە قىلىندى، ـ ئەمەلىيەتتە يىپەكتىن توساتتى ـ كىشىلەر ئۇنى كۆرۈپ ھەيران قالغاندا، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم سىلەر مۇشۇنىڭدىن ھەيران بولۇۋاتامسىلەر؟ ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، سەئىد ئىبنى مۇئازنىڭ جەننەتتىكى لۆڭگىسى، قول ياغلىقى بۇنىڭدىن نەچچە ھەسسە ياخشىدۇر، ھەم گۈزەلدۇر دېگەن. تىرمىزى 3782 ــ ھەدىس، نەسەئى 5207 ــ ھەدىس، ئەھمەد 12673 ــ ھەدىس، بۇخارى 2423 ــ ھەدىس، مۇسلىم، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.

***1121 ـ باب من فضائل أبي دجانة، سماك بن خرشة، رضي اللّهُ تعالى عنه***

6300 ـ حدّثنا أَبُو بَكْرِ بْنُ أَبِي شَيْبَةَ. حَدّثنَا عَفّانُ. حَدّثنَا حَمّادُ بْنُ سَلَمَةَ. حَدّثنَا ثَابِتٌ عَنْ أَنَسٍ أَنّ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم أَخَذَ سَيْفاً يَوْمَ أُحُدٍ. فَقَالَ: «مَنْ يَأْخُذُ مِنّي هَذَا السّيْفَ بِحَقّهِ؟» فَبَسَطُوا أَيْدِيَهُمْ. كُلّ إِنْسَانٍ مِنْهُمْ يَقُولُ: أَنَا، أَنَا. قَالَ: «فَمَنْ يَأْخُذُهُ بِحَقّهِ؟» قَالَ: فَأَحْجَمَ الْقَوْمُ. فَقَالَ سِمَاكُ بْنُ خَرَشَةَ، أَبُو دُجَانَةَ: أَنَا آخُذُهُ بِحَقّهِ. قَالَ: فَأَخَذَهُ فَفَلَقَ بِهِ هَامَ الْمُشْرِكِينَ.

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنهۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇھۇد كۈنى بىر قىلىچنى ئېلىپ: كىم بۇقىلىچنى مەندىن ئۇنىڭ ھەققى بىلەن ئالىدۇ؟ دېسە، ئۇلارنىڭ ھەممىسى قوللىرىنى ئۇزۇتۇپ: مانا مەن، مەن ئالىمەن دېيىشتى، ئاندىن رەسۇلۇلله : كىم بۇ قىلىچنى ئۇنىڭ ھەقىقى ھەققى بىلەن ئالىدۇ؟ دېسە، ئۇلار قوللىرىنى يىغىۋېلىشتى، ئاندىن سىماك ئىبنى خەرشەت يەنى ئەبۇدۇجانەت: مانا مەن بۇقىلىچنى ئۆز ھەققى بىلەن ئالىمەن دەپ، ئۇقىلىچنى ئېلىپ، ئۇنىڭ بىلەن كاپىرلارنىڭ باشلىرىنى يېرىۋەتتى.

***1122 ـ باب من فضائل عبد اللّهِ بْنِ عمرو بن حرام، والد جابر، رضي اللّهُ تعالى عنهما***

6301 ـ حدّثنا عُبَيْدُ اللّهِ بْنُ عُمَرَ الْقَوَارِيرِيّ وَ عُمْرٌو النّاقِدُ. كِلاَهُمَا عَنْ سُفْيَانَ. قَالَ عُبَيْدُ اللّهِ: حَدّثنَا سُفْيَانُ بْنُ عُيَيْنَةَ قَالَ: سَمِعْتُ ابْنَ الْمُنْكَدِرِ يَقُولُ: سَمِعْتُ جَابِرَ بْنَ عَبْدِ اللّهِ يَقُولُ: لَمّا كَانَ يَوْمُ أُحُدٍ، جِيءَ بِهِ مُسَجّى، وَقَدْ مُثِلَ بِهِ. قَالَ: فَأَرَدْتُ أَنْ أَرْفَعَ الثّوْبَ، فَنَهَانِي قَوْمِي. ثُمّ أَرَدْتُ أَنْ أَرْفَعَ الثّوْبَ، فَنَهَانِي قَوْمِي. فَرَفَعَهُ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم، أَوْ أَمَرَ بِهِ فَرُفِعَ. فَسَمِعَ صَوْتَ بَاكِيَةٍ أَوْ صَائِحَةٍ. فَقَالَ: «مَنْ هَذِهِ؟» فَقَالُوا: بِنْتُ عَمْرٍو، أَوْ أُخْتُ عَمْرٍو، فَقَالَ: «وَلِمَ تَبْكِي؟ فَمَا زَالَتِ الْمَلاَئِكَةُ تُظِلّهُ بِأَجْنِحَتِهَا حَتّى رُفِعَ».

6302 ـ حدّثنا مُحَمّدُ بْنُ الْمُثَنّى. حَدّثنَا وَهْبُ بْنُ جَرِيرٍ. حَدّثنَا شُعْبَةُ عَنْ مُحَمّدِ ابْنِ الْمُنْكَدِرِ، عَنْ جَابِرِ بْنِ عَبْدِ اللّهِ قَالَ: أُصِيبَ أَبِي يَوْمَ أُحُدٍ. فَجَعَلْتُ أَكْشِفُ الثّوْبَ عَنْ وَجْهِهِ وَأَبْكِي. وَجَعَلُوا يَنْهَوْنَنِي، وَرَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم لاَ يَنْهَانِي. قَالَ وَجَعَلَتْ فَاطِمَةُ، بِنْتُ عَمْرٍو تَبْكِيهِ. فَقَالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: «تَبْكِيهِ، أَوْ لاَ تَبْكِيهِ، مَا زَالَتِ الْمَلاَئِكَةُ تُظِلّهُ بِأَجْنِحَتِهَا، حَتّى رَفَعْتُمُوهُ».

6303 ـ حدّثنا عَبْدُ بْنُ حُمَيْدٍ. حَدّثنَا رَوْحُ بْنُ عُبَادَةَ. حَدّثنَا ابْنُ جُرَيْجٍ. ح وَحَدّثنَا إِسْحَقُ بْنُ إِبْرَاهِيمَ. أَخْبَرَنَا عَبْدُ الرّزّاقِ. حَدّثنَا مَعْمَرٌ. كِلاَهُمَا عَنْ مُحَمّدِ بْنِ الْمُنْكَدِرِ، عَنْ جَابِرٍ بِهَـذَا الْحَدِيثِ. غَيْرَ أَنّ ابْنَ جُرَيْجٍ لَيْسَ فِي حَدِيثِهِ ذِكْرُ الْمَلاَئِكَةِ وَبُكَاءِ الْبَاكِيَةِ.

6304 ـ حدّثنا مُحَمّدُ بْنُ أَحْمَدَ بْنِ أَبِي خَلَفٍ. حَدّثنَا زَكَرِيّاءُ بْنُ عَدِيَ. أَخْبَرَنَا عُبَيْدُ اللّهِ بْنُ عَمْرٍو عَنْ عَبْدِ الْكَرِيمِ، عَنْ مُحَمّدِ بْنِ الْمُنْكَدِرِ، عَنْ جَابِرٍ قَالَ: جِيءَ بِأَبِي يَوْمَ أُحُدٍ مُجَدّعاً. فَوُضِعَ بَيْنَ يَدَيِ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم. فَذَكَرَ نَحْوَ حَدِيثِهِمْ.

جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، دادام ئوھۇد كۈنى ئۆلتۈرۈلۈپ، شېھىد بولغاندا ئۈستى يېپىلغان ھالدا كەلتۈرۈلدى، مەن يۈزىنى ئېچىشنى مەقسەت قىلسام كىشىلەر مېنى توسۇۋالدى، چۈنكى دادامنىڭ ئەزالىرى، قۇلاق ـ بۇرۇنلىرى كاپىرلار تەرىپىدىن كېسىۋېتىلگەن ئىكەن، يەنە ئېچىشنى مەقسەت قىلسام ئۇلار مېنى يەنەتوسۇۋالدى، ئاندىن ئۇنىڭ يۈزىنى رەسۇلۇللاھ ئۆزى ئاچتى ياكى ئېچىشقا بۇيرىدى، ئاندىن ھامىمام پاتىمە يىغلاشقا باشلىدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم، يىغلىما! نېمىگە يىغلايسەن؟ سىلەر ئۇنىڭ جىنازىسىنى كۆتۈرگەنگە قەدەر پەرىشتىلەر ئۇنى قاناتلىرى بىلەن قورشاپ سايىداشلاپ تۇردى دېگەن. نەسەئى 1822 ــ ھەدىس، بۇخارى 1167 ــ ھەدىستە قاناتلىرى بىلەن سايە چۈشۈرۈپ تۇردى دېيىلگەن. مۇسلىم 4518 ــ ھەدىس، سەھىھ.

### 1123 ـ باب من فضائل جليبيب، رضي اللّهُ عنه

6305 ـ حدّثنا إسْحَقُ بْنُ عُمَرَ بْنِ سَلِيطٍ. حَدّثَنَا حَمّادُ بْنُ سَلَمَةَ عَنْ ثَابِتٍ، عَنْ كِنَانَةَ بْنِ نُعَيْمٍ، عَنْ أَبِي بَرْزَةَ: أَنّ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم كَانَ فِي مَغْزَىً لَهُ. فَأَفَاءَ اللّهُ عَلَيْهِ. فَقَالَ لأَصْحَابِهِ: «هَلْ تَفْقِدُونَ مِنْ أَحَدٍ؟» قَالُوا: نَعَمْ. فُلاَناً وَفُلاَناً وَفُلاَناً. ثُمّ قَالَ: «هَلْ تَفْقِدُونَ مِنْ أَحَدٍ؟» قَالُوا: نَعَمْ. فُلاَناً وَفُلاَناً وَفُلاَناً. ثُمّ قَالَ: «هَلْ تَفْقِدُونَ مِنْ أَحَدٍ؟» قَالُوا: لاَ. قَالَ: «لَكِنّي أَفْقِدُ جُلَيْبِيباً. فَاطْلُبُوهُ» فَطُلِبَ فِي الْقَتْلَى. فَوَجَدُوهُ إِلَى جَنْبِ سَبْعَةٍ قَدْ قَتَلَهُمْ. ثُمّ قَتَلُوهُ. فَأَتَى النّبِيّ صلى الله عليه وسلم فَوَقَفَ عَلَيْهِ. فَقَالَ: «قَتَلَ سَبْعَةً. ثُمّ قَتَلُوهُ. هَذَا مِنّي وَأَنَا مِنْهُ. هَذَا مِنّي وَأَنَا مِنْهُ». قَالَ: فَوَضَعَهُ عَلَى سَاعِدَيْهِ. لَيْسَ لَهُ إِلاّ سَاعِدَا النّبِيّ صلى الله عليه وسلم. قَالَ: فَحُفِرَ لَهُ وَوُضِعَ فِي قَبْرِهِ. وَلَمْ يَذْكُرْ غَسْلاً.

ئەبۇبەرزەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، بىر قېتىم رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم غازات قىلىشقا سەپەر قىلدى، الله ئۇنىڭغا غەلبە ئاتا قىلدى، ئاندىن رەسۇلۇللاھ: سىلەر بىرەر كىشىنى يوقۇتۇپ قويدۇڭلارمۇ؟دېدى، ئۇلار: ھەئە، پالانى،پالانى ۋە پالانىمۇ يوق تۇرىدۇ دېدى، ئاندىن رەسۇلۇللاھ: سىلەر يەنە بىرەر كىشىنى يوقۇتۇپ قويدۇڭلارمۇ؟دېدى، ئۇلار: ھەئە، پالانى،پالانى ۋە پالانىمۇ يوق تۇرىدۇ دېدى، ئاندىن ئۈچۈنجى قېتىم يەنە شۇنداق سورىۋىشتە قىلغاندا ئۇلار: ياق ئەمدى ھېچ كىشىنى يوقۇتۇپ قويمىدۇق، ھەممىسى تېپىلدى دېدى، ئاندىن رەسۇلۇللاھ: لېكىن مەن جۇلەيبىبنى يوقۇتۇپ قويدۇم، سىلەر ئۇنى ئىزدەڭلار دېدى. ئۇ جەڭدە قۇربان بولغانلار قاتارىدىن ئىزدىلىپ، ئۇلار ئۇنى يەتتە كىشىنىڭ يېنىدىن تاپتى، ئۇيەتتە كىشىنى جۇلەيبىب ئۆلتۈرگەن ئىدى، ئۇمۇ ئۇلارنىڭ قوراللىرى يارلىنىپ ئۆلگەن ئىدى. ئاندىن رەسۇلۇللاھ كىلىپ ئۇنىڭ ئۈستىدە توختاپ: بۇ كاپىرلاردىن يەتتە كىشىنى ئۆلتۈرۈپتۇ، ئۇلارمۇ بۇنى ئۆلتۈرۈپتۇ، جۇلەيبىب مەندىن، مەن ئۇنىڭدىن، ئۇ مېنىڭ جۈملەمدىن، مەن ئۇنىڭ جۈملىسىدىن(يەنى الله قا ئىتائەت قىلىشتا ھەر ئىككىمىز ئىتتىپاق)دېدى. ئۇنى پەقەت رەسۇلۇللاھ مۇبارەك ئىككى بىلىكىدىلا كۆتۈرۈپ ماڭدى، ئۇنىڭغا قەۋرە كولاندى، ئۇ يەرلىكىگە قويۇلدى، ئۇنى يۇيغانلىقىنى تىلغان ئالمىدى.(يەنى شېھىد يۇيۇلمايدۇ)

## *1124 – باب من فضائل أبي ذر، رضي اللّهُ عنه*

## ئەبۇ زەر رەزىيەللاھ ئەنھۇنىڭ مۇسۇلمان بۇلۇپلا ئىمانىنى ئاشكارا قىلغانلىقى توغرىسىدا

**6306** – حدّثنا هَدّابُ بْنُ خَالِدٍ الأَزْدِيّ. حَدّثَنَا سُلَيْمَانُ بْنُ الْمُغِيرَةِ. أَخْبَرَنَا حُمَيْدُ بْنُ هِلاَلٍ عَنْ عَبْدِ اللّهِ بْنِ الصّامِتِ قَالَ: قَالَ أَبُو ذَرَ: خَرَجْنَا مِنْ قَوْمِنَا غِفَارٍ. وَكَانُوا يُحِلّونَ الشّهْرَ الْحَرَامَ. فَخَرَجْتُ أَنَا وَأَخِي أُنَيْسٌ وَأُمّنَا. فَنَزَلْنَا عَلَى خَالٍ لَنَا. فَأَكْرَمَنَا خَالُنَا وَأَحْسَنَ إِلَيْنَا. فَحَسَدَنَا قَوْمُهُ فَقَالُوا: إِنّكَ إِذَا خَرَجْتَ عَنْ أَهْلِكَ خَالَفَ إِلَيْهِمْ أُنَيْسٌ. فَجَاءَ خَالُنَا فَنَثَا عَلَيْنَا الّذِي قِيلَ لَهُ. فَقُلْتُ: أَمّا مَا مَضَى مِنْ مَعْرُوفِكَ فَقَدْ كَدّرْتَهُ، وَلاَ جِمَاعَ لَكَ فِيمَا بَعْدُ. فَقَرّبْنَا صِرْمَتَنَا. فَاحْتَمَلْنَا عَلَيْهَا. وَتَغَطّى خَالُنَا ثَوْبَهُ فَجَعَلَ يَبْكِي. فَانْطَلَقْنَا حَتّى نَزَلْنَا بِحَضْرَةِ مَكّةَ. فَنَافَرَ أُنَيْسٌ عَنْ صِرْمَتِنَا وَعَنْ مِثْلِهَا. فَأَتَيَا الْكَاهِنَ. فَخَيّرَ أُنَيْساً. فَأَتَانَا أُنَيْسٌ بِصِرْمَتِنَا وَمِثْلِهَا مَعَهَا.

قَالَ: وَقَدْ صَلّيْتُ، يَا ابْنَ أَخِي قَبْلَ أَنْ أَلْقَى رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم بِثَلاَثِ سِنِينَ. قُلْتُ: لِمَنْ؟ قَالَ: لِلّهِ. قُلْتُ: فَأَيْنَ تَوَجّهُ؟ قَالَ: أَتَوَجّهُ حَيْثُ يُوَجّهُنِي رَبّي. أُصَلّي عِشَاءً حَتّى إِذَا كَانَ مِنْ آخِرِ اللّيْلِ أُلْقِيتُ كَأَنّي خِفَاءٌ. حَتّى تَعْلُونِي الشّمْسُ.

فَقَالَ أُنَيْسٌ: إِنّ لِي حَاجَةً بِمَكّةَ فَاكْفِنِي. فَانْطَلَقَ أُنَيْسٌ حَتّى أَتَى مَكّةَ. فَرَاثَ عَلَيّ. ثُمّ جَاءَ فَقُلْتُ: مَا صَنَعْتَ؟ قَالَ: لَقِيتُ رَجُلاً بِمَكّةَ عَلَى دِينِكَ. يَزْعُمُ أَنّ اللّهَ أَرْسَلَهُ. قُلْتُ: فَمَا يَقُولُ النّاسُ؟ قَالَ: يَقُولُونَ: شَاعِرٌ، كَاهِنٌ، سَاحِرٌ. وَكَانَ أُنَيْسٌ أَحَدَ الشّعَرَاءِ.

قَالَ أُنَيْسٌ: لَقَدْ سَمِعْتُ قَوْلَ الْكَهَنَةِ. فَمَا هُوَ بِقَوْلِهِمْ. وَلَقَدْ وَضَعْتُ قَوْلَهُ عَلَى أَقْرَاءِ الشّعْرِ. فَمَا يَلْتَئِمُ عَلَى لِسَانِ أَحَدٍ بَعْدِي أَنّهُ شِعْرٌ. وَاللّهِ إِنّهُ لَصَادِقٌ. وَإِنّهُم لَكَاذِبُونَ.

قَالَ: قُلْتُ: فَاكْفِنِي حَتّى أَذْهَبَ فَأَنْظُرَ. قَالَ: فَأَتَيْتُ مَكّةَ. فَتَضَعّفْتُ رَجُلاً مِنْهُمْ. فَقُلْتُ: أَيْنَ هَذَا الّذِي تَدْعُونَهُ الصّابِىءَ؟ فَأَشَارَ إِلَيّ، فَقَالَ: الصّابِىءَ فَمَالَ عَلَيّ أَهْلُ الْوَادِي بِكُلّ مَدَرَةٍ وَعَظْمٍ. حَتّى خَرَرْتُ مَغْشِيّاعلَيّ. قَالَ: فَارْتَفَعْتُ حِينَ ارْتَفَعْتُ، كَأَنّهُ نُصُبٌ أَحْمَرُ. قَالَ فَأَتَيْتُ زَمْزَمَ فَغَسَلْتُ عَنّي الدّمَاءَ: وَشَرِبْتُ مِنْ مَائِهَا. وَلَقَدْ لَبِثْتُ، يَا ابْنَ أَخِي ثَلاَثِينَ، بَيْنَ لَيْلَةٍ وَيَوْمٍ، مَا كَانَ لِي طَعَامٌ إِلاّ مَاءَ زَمْزَمَ. فَسَمِنْتُ حَتّى تَكَسّرَتْ عُكَنُ بَطْنِي. وَمَا وَجَدْتُ عَلَى كَبِدِي سَخْفَةَ جُوعٍ.

قَالَ: فَبَيْنَا أَهْلُ مَكّةَ فِي لَيْلَةٍ قَمْرَاءَ إِضْحِيَانَ، إِذْ ضُرِبَ عَلَى أَسْمِخَتِهِمْ. فَمَا يَطُوفُ بِالْبَيْتِ أَحَدٌ. وَامْرَأَتَيْنِ مِنْهُمْ تَدْعُوَانِ إِسَافاً وَنَائِلَةَ. قَالَ: فَأَتَتَا عَلَيّ فِي طَوَافِهِمَا فَقُلْتُ: أَنْكِحَا أَحَدَهُمَا الأُخْرَى. قَالَ: فَمَا تَنَاهَتَا عَنْ قَوْلِهِمَا. قَالَ: فَأَتَتَا عَلَيّ. فَقُلْتُ: هَنٌ مِثْلُ الْخَشَبَةِ. غَيْرَ أَنّي لاَ أَكْنِي. فَانْطَلَقَتَا تُوَلْوِلاَنِ وَتَقُولاَنِ: لَوْ كَانَ هَهُنَا أَحَدٌ مِنْ أَنْفَارِنَا. قَالَ: فَاسْتَقْبَلَهُمَا رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم وَأَبُو بَكْرٍ. وَهُمَا هَابِطَانِ. قَالَ: «مَا لَكُمَا؟» قَالَتَا: الصّابِىءُ بَيْنَ الْكَعْبَةِ وَأَسْتَارِهَا. قَالَ: «مَا قَالَ لَكُمَا؟» قَالَتَا: إِنّهُ قَالَ لَنَا كَلِمَةً تَمْلأُ الْفَمَ. وَجَاءَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم حَتّى اسْتَلَمَ الْحَجَرَ. وَطَافَ بِالْبَيْتِ هُوَ وَصَاحِبُهُ. ثُمّ صَلّى. فَلَمّا قَضَى صَلاَتَهُ (قَالَ أَبُو ذَرٍ) فَكُنْتُ أَنَا أَوّلُ مَنْ حَيّاهُ بِتَحِيّةِ الإِسْلاَمِ. قَالَ: فَقُلْتُ: السّلاَمُ عَلَيْكَ يَا رَسُولَ اللّهِ فَقَالَ «وَعَلَيْكَ وَرَحْمَةُ اللّهِ». ثُمّ قَالَ: «مَنْ أَنْتَ؟» قَالَ: قُلْتُ: مِنْ غِفَارٍ. قَالَ: فَأَهْوَى بِيَدِهِ فَوَضَعَ أَصَابِعَهُ عَلَى جَبْهَتِهِ. فَقُلْتُ فِي نَفْسِي: كَرِهَ أَنِ انْتَمَيْتُ إِلَى غِفَارٍ. فَذَهَبْتُ آخُذُ بِيَدِهِ. فَقَدَعَنِي صَاحِبُهُ. وَكَانَ أَعْلَمَ بِهِ مِنّي. ثُمّ رَفَعَ رَأْسَهُ. ثُمّ قَالَ: «مَتَى كُنْتَ هَهُنَا؟» قَالَ: قُلْتُ: قَدْ كُنْتُ هَهُنَا مُنْذُ ثَلاَثِينَ، بَيْنَ لَيْلَةٍ وَيَوْمٍ، قَالَ: «فَمَنْ كَانَ يُطْعِمُكَ؟» قَالَ: قُلْتُ: مَا كَانَ لِي طَعَامٌ إِلاّ مَاءُ زَمْزَمٍ. فَسَمِنْتُ حَتّى تَكَسّرَتْ عُكَنُ بَطْنِي. وَمَا أَجِدُ عَلَى كَبِدِي سُخْفَةَ جُوعٍ. قَالَ: «إِنّهَا مُبَارَكَةٌ. إِنّهَا طَعَامُ طُعْمٍ».

فَقَالَ أَبُو بَكْرٍ: يَا رَسُولَ اللّهِ ائْذَنْ لِي فِي طَعَامِهِ اللّيْلَةَ. فَانْطَلَقَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم وَأَبُو بَكْرٍ. وَانْطَلَقْتُ مَعَهُمَا. فَفَتَحَ أَبُو بَكْرٍ بَاباً. فَجَعَلَ يَقْبِضُ لَنَا مِنْ زَبِيبِ الطّائِفِ. وَكَانَ ذَلِكَ أَوّلَ طَعَامٍ أَكَلْتُهُ بِهَا. ثُمّ غَبَرْتُ مَا غَبَرْتُ. ثُمّ أَتَيْتُ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم فَقَالَ: «إِنّهُ قَدْ وُجّهَتْ لِيَ أَرْضٌ ذَاتُ نَخْلٍ. لاَ أُرَاهَا إِلاّ يَثْرِبَ. فَهَلْ أَنْتَ مُبَلّغٌ عَنّي قَوْمَكَ؟ عَسَى اللّهُ أَنْ يَنْفَعَهُمْ بِكَ وَيَأْجُرَكَ فِيهِمْ». فَأَتَيْتُ أُنَيْساً فَقَالَ: مَا صَنَعْتَ؟ قُلْتُ: صَنَعْتُ أَنّي قَدْ أَسْلَمْتُ وَصَدّقْتُ. قَالَ: مَا بِي رَغْبَةٌ عَنْ دِينِكَ. فَإِنّي قَدْ أَسْلَمْتُ وَصَدّقْتُ. فَأَتَيْنَا أُمّنَا. فَقَالَتْ: مَا بِي رَغْبَةٌ عَنْ دِينِكُمَا. فَإِنّي قَدْ أَسْلَمْتُ وَصَدّقْتُ. فَاحْتَمَلْنَا حَتّى أَتَيْنَا قَوْمَنَا غِفَاراً. فَأَسْلَمَ نِصْفُهُمْ. وَكَانَ يَؤُمّهُمْ إِيمَاءُ بْنُ رَحَضَةَ الْغِفَارِيّ. وَكَانَ سَيّدَهُمْ.

وَقَالَ نِصْفُهُمْ: إِذَا قَدِمَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم الْمَدِينَةَ أَسْلَمْنَا. فَقَدِمَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم الْمَدِينَةَ. فَأَسْلَمَ نِصْفُهُمُ الْبَاقِيَ. وَجَاءَتْ أَسْلَمُ. فَقَالُوا: يَا رَسُولَ اللّهِ إِخْوَتُنَا. نُسْلِمُ عَلَى الّذِي أَسْلَمُوا عَلَيْهِ. فَأَسْلَمُوا. فَقَالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: «غِفَارُ غَفَرَ اللّهُ لَهَا: وَأَسْلَمُ سَالَمَهَا اللّهُ»

**6307** – حدّثنا إِسْحَقُ بْنُ إِبْرَاهِيمَ الْحَنْظَلِيّ. أَخْبَرَنَا النّضْرُ بْنُ شُمَيْلٍ. حَدّثَنَا سُلَيْمَانُ بْنُ الْمُغِيرَةِ. حَدّثَنَا حُمَيْدُ بْنُ هِلاَلٍ بِهَذَا الإِسْنَادِ. وَزَادَ بَعْدَ قَوْلِهِ ـــ قُلْتُ فَاكْفِنِي حَتّى أَذْهَبَ فَأَنْظُرَ ـــ قَالَ: نَعَمْ. وَكُنْ عَلَى حَذَرٍ مِنْ أَهْلِ مَكّةَ. فَإِنّهُمْ قَدْ شَنِفُوا لَهُ وَتَجَهّمُوا.

**6308** – حدّثنا مُحَمّدُ بْنُ الْمُثَنّى الْعَنَزِيّ. حَدّثَنِي ابْنُ أَبِي عَدِيَ قَالَ: أَنْبَأَنَا ابْنُ عَوْنٍ عَنْ حُمَيْدِ بْنِ هِلاَلٍ، عَنْ عَبْدِ اللّهِ بْنِ الصّامِتِ، قَالَ: قَالَ أَبُو ذَرَ: يَا ابْنَ أَخِي صَلّيْتُ سَنَتَيْنِ قَبْلَ مَبْعَثِ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم. قَالَ قُلْتُ: فَأَيْنَ كُنْتَ تَوَجّهُ؟ قَالَ: حَيْثُ وَجّهَنِي اللّهُ. وَاقْتَصّ الْحَدِيثَ بِنَحْوِ حَدِيثِ سُلَيْمَانَ بْنِ الْمُغِيرَةِ. وَقَالَ فِي الْحَدِيثِ: فَتَنَافَرَا إِلَى رَجُلٍ مِنَ الْكُهّانِ. قَالَ فَلَمْ يَزَلْ أَخِي، أُنَيسٌ يَمْدَحهُ حَتّى غَلَبَهُ. قَالَ فَأَخَذْنَا صِرْمَتَهُ فَضَمَمْنَاهَا إِلَى صِرْمَتِنَا. وَقَالَ أَيْضاً فِي حَدِيثِهِ: قَالَ فَجَاءَ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم فَطَافَ بِالْبَيْتِ وَصَلّى رَكْعَتَيْنِ خَلْفَ الْمَقَامِ. قَالَ: فَأَتَيْتُهُ. فَإِنّي لأَوّلُ النّاسِ حَيّاهُ بِتَحِيّةِ الإِسْلاَمِ. قَالَ: قُلْتُ: السّلاَمُ عَلَيْكَ يَا رَسُولَ اللّهِ:

**قالَ «وَعَلَيْكَ السّلَامُ. مَنْ أنْتَ». وَفِي حَدِيثِهِ أيْضاً: فقالَ: «مُنْذُ كَمْ أنْتَ هَهُنَا؟» قالَ: قُلْتُ: مُنْذُ خَمْسَ عَشْرَةَ. وَفِيهِ: فقالَ أبُو بَكْرٍ: أتْحِفْنِي بِضِيَافَتِهِ اللّيْلَةَ.**

ئىبنى سامىتتىن؛ ئەبۇ زەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ مەن، قېرىندىشىم ئۇنەيس، ئانام ئۈچىمىز ئۇرۇش ھارام قىلىنغان ئايىنى ھالال سانايدىغان غىپار قەۋمىدىن يېنىپ چىقىپ تاغامنىڭ ئۆيىگە چۈشتۇق، تاغام بىزنى ناھايىتى بەك ھۆرمەتلەپ بىزگە كۆپ ياخشىلىق قىلدى، ئۇنىڭ قەۋمى بىزگە ھەسەد قىلىپ، ئۇنىڭغا: سەن ئەھلىڭدىن چىقىپ ئۇلارنىڭ قېشىغا بارساڭ، ئۇنەيس بۇنىڭ ئەكسىنى قىلىدۇ دەپتۇ، تاغام ئۇلارنىڭ دېگەنلىرىنى بىزگە ئاشكارلىدى، مەن ئۇنىڭغا: سەن بىزگە بۇرۇن قىلغان بارلىق ياخشىلىقلىرىڭنى بۇلغاپ بولدۇڭ، بۇنىڭدىن كېيىن سەن بىلەن بىللە تۇرالمايمىز دېدىم ـ دە، تۆگىلىرىمىزنى ھەيدەپ كېلىپ، يۈك ـ تاقلىرىمىزنى ئارتتۇق، تاغام كىيىمى بىلەن يۈزىنى يۆگىگەن ھالدا يىغلاپ قالدى، بىز بېرىپ مەككە دىيارىغا چۈشتۇق، ئاندىن ئۇنەيس يەنەبىركىشى بىلەن تۆگە ـ قويلىرىمىزنىڭ كۆپلىكى بىلەن پەخىرلىنىپ بەسلىشىپ، بىر كاھىننىڭ قېشىغا ھۆكۈم تەلەپ قىلىپ باردى، ئۇكاھىن ئۇنەيسنىڭ تۆگە ـ قويلىرىنى كۆپ ھەم ئەبزەل دەپ ھۆكۈم قىلدى، ئۇ قېشىمىزغا نۇرغۇن تۆگە ـ قويلارنى ئېلىپ كەلدى، ئى قېرىندىشىمنىڭ ئوغلى! مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە ئۇچۇرىشىشتىن ئۈچ يىل بۇرۇنلا ناماز ئوقۇيتتىم، مەن(يەنى راۋىي ئىبنى سامىت:) كىم ئۈچۈن ئوقۇيتتىڭ؟دېسەم، ئۇ: **الله** ئۈچۈن دېدى، قاياققا تاراپ؟دېسەم، ئۇ: رەببىم يۈزلۈمنى قاياققا قارىتىپ قويسا شۇ تەرەپكە قاراپ ناماز ئوقۇيتتىم، مەن كېچىچە ناماز ئوقۇپ، كېچە ئاخىرلىشاي دەپ قالغاندا ھېرىپ قالغانلىقىمدىن ئۆزۈمنى خۇددى تاشلاپ قويۇلغان يەڭگىل كاسايا كىيىمدەكلا شاققىدە تاشلاپ تاكى كۈن چۈش بولغىچە ئۇخلاپ ياتاتتىم.

قېرىندىشىم ئۇنەيس ماڭا: مېنىڭ مەككىگە بارىدىغان ھاجىتىم چىقىپ قالدى، سەن بۇيەردە مېنىڭ ئورنۇمدا تۇرۇپ تۇرغىن دەپ، مەككىگە كېتىپ، بەكلا كېچىكىپ ئۇزۇندا كەلدى، مەن ئۇنىڭغا: سەن ئۇيەردە نېمە ئىش قىلدىڭ؟دېسەم، ئۇ: مەن مەككىدە سېنىڭ دىنىڭغا ئوخشاش بىر دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان كىشىگە ئۇچراپ قالدىم، ئۇكىشى **الله** تائالا مېنى پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتتى دەپ داۋا قىلىدىكەن، دېدى. مەن: كىشىلەر نېمە دەۋېتىپتۇ؟دېسەم، ئۇ: كىشىلەر ئۇنى شائىر، جىنكەش كاھىن، سېھىرگەر دەۋېتىپتۇ، ـ ئۇنەيسمۇ شائىرلاردىن ئىدى ـ مەن جىنكەش كاھىنلارنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ باققان ئىدىم، ئۇكىشىنىڭ سۆزى ھەرگىز ئۇلارنىڭ سۆزلىرىگە ئوخشىمايدۇ، مەن ئۇنىڭ سۆزلىرىنى شېئىرى ئۇسلۇبىغا، شېئىر تۈرلىرىگە، شېئىر قاپىيىلىرىغا سېلىپ باقتىم، ئۇنىڭ سۆزلىرى مەندىن باشقىمۇ ھەرقانداق بىر شائىر كىشىنىڭ تىلىدا شېئىر بولۇپ قويۇلمايدۇ، (يەنى ھەرگىز شېئىرگە ئوخشىمايدۇ) **الله** بىلەن قەسەمكى، ئۇكىشى راستچىل بولۇپ، ئۇلار كاززاپ ئىكەن دېدى. ئاندىن مەن ئۇنىڭغا: مەن بېرىپ قاراپ باقاي، سەن بۇيەردە تۇرۇپ تۇرغىن دېسەم، ئۇماڭا: سەن ئۇلاردىن ھەزەر قىلغىن، چۈنكى ئۇلار ئۇكىشىگە غەزەپ قىلىپ، ھۇجۇم قىلىپتۇدېدى، ئاندىن مەن مەككىگە كېلىپ، ئۇلارنىڭ ئەڭ ئاجىز بىركىشىسىدىن:سىلەر دىنىڭدىن قايتىۋالغۇچى سابىئ دەپ ئاتايدىغان كىشى قەيەردە؟ دەپ سورسام، ئۇ باشقىلارغا مېنى كۆرسىتىپ، مەن تەرەپكە ئىشارەت قىلىپ: سابىئ!! مانا بۇكىشىمۇ دىنىدىن قايتىۋاپتۇ!!دېدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ ھەممىسى تاش ـ چالما، سۆڭەكلەرنى ئېلىپ مەن تەرەپكە كېلىپ، ماڭا ھۇجۇم قىلدى، مەن ئۇشۇمدىن كېتىپ يىقىلدىم، بىر چاغلاردا بېشىمنى كۆتۈرۈپ ئورنۇمدىن تۇرسام، مەن خۇددى مۇشرىكلەرنىڭ قۇربانلىق

## سەھىھ مۇسلىمنىڭ تەرجىمىسى

بۇغۇزلاپ ئارتىپ قويىشى ئۈچۈن تىكلەپ قويۇلغان تاشقا ئوخشاش قىپ قىزىل قانغا بويۇلۇپ كىتىپتىمەن، ئاندىن مەن زەمزەم قۇدىقىنىڭ قېشىغا بېرىپ، ئۆزۈمدىن قانلارنى يۇيۇپ تازلىۋىتىپ، زەمزەم سۈيىدىن ئىچتىم، ئى قېرىندىشىمنىڭ ئوغلى! مەن 30 كېچە ـ كۈندۈزگىچە تاماق يىمەستىن بەلكى زەمزەم سۈيىنىلا ئىچىپ ياتتىم، مەن سېمىرىپ قۇرساقلىرىم قاتلىشىپ كەتتى، مەن بۇ بىر ئاي ئىچىدە ھېچ قانداق بىر ئاچلىقنىڭ ئەلمىنى ھىس قىلمىدىم ھەم ئورۇغلاپمۇ كەتمىدىم. بىرچاغدا مەككە ئەھلى قاتتىق ئۇخلاپ كەتكەن، كەئبىنى ھېچ بىركىشى تاۋاپمۇ قىلمىغان، ئاي كۈچلۈك نۇر چېچىۋاتقان ئايدىڭ كېچىدە ئۇلاردىن ئىككى ئايال كىلىپ ئىساپە ۋە نائىلە دېگەن ئىككى بۇتقا دۇئا قىلىپ تاۋاپ قىلدى، ئۇلار ئايلىنىپ مىنىڭ قېشىمغا كەلگەندە مەن ئۇلارنى مەسخىرە قىلىپ: سىلەر بۇ ئىككى بۇتنىڭ بىرىنى يەنەبىرىگە نىكاھلاپ قويمامسىلەر؟دېدىم، ئۇلار سۆزلىرىنى توختاتماي تاۋاپ قىلىۋىرىپ يەنە ئايلىنىپ قېشىمغا كەلگەندە، مەن يەنە كىنايە قىلماستىنلا: بۇ بۇتلار خۇددى ياغاچ قونچاقتەك، خۇددى ئەۋرەتكە ئوخشاشكەن دەپ (ئۇلارنىڭ بۇتلىرىنى تىللاپ ئەيىبلىدىم)ئاندىن ئۇلار ۋويجو!!!ۋايەي!!!دەپ ۋايجان توۋلاپ، ئەگەر بۇيەردە ياردەمچىللىرىمىزدىن بىرەر كىشى بولغان بولسا، ئەلۋەتتە بىزگە ياردەم بەرگەن بولاتتى دەپ يۈرۈپ كەتتى، ئۇلارغا كەئبە تەرەپكە چۈشىۋاتقان رەسۇلۇللاھ بىلەن ئەبۇبەكرى ئۇچراپ قېلىپ : سىلەرگە نىمە بولدى؟ دېدى، ئۇلار: دىنىدىن يېنىۋالغان بىر كىشى كەئبى بىلەن ئۇنىڭ يوپىقى ئارىسىدا تۇرىدۇ دېدى، ئۇ سىلەرگە نىمە دېدى؟دېسە، ئۇلار: ئۇبىزگە تىل بىلەن ئىپادىلىگىلى بولمايدىغان گۇناھى ئەڭ چوڭ قەبىھ سۆزلەرنى قىلىۋەتتى،دېدى. رەسۇلۇللاھ ھەمراھى بىلەن بىللە كىلىپ، ھەجەر ئەسۋەدنى سلاپ سۆيۈپ، كەئبىنى تاۋاپ قىلىپ، ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇدى، نامىزىدىن پارىغ بولغاندا مەن كىلىپ، رەسۇلۇللاھ قا ئىسلام دىنىنىڭ سالىمىنى قىلغان كىشىنىڭ تۇنجىسى مەن بولدۇم ـ دە: ئى اللە نىڭ ئەلچىسى! ئەسسالامۇ ئەلەيكە دېدىم، رەسۇلۇللاھ ماڭا: ۋە ئەلەيكەسسالام ۋە رەھمەتۇللاھ، سەن كىم بولسەن؟دېدى، مەن: مەن غىپار قەبىلىسدىن بولىمەن دېسەم، رەسۇلۇللاھ ئالقىنىنى پىشانىسگە قويدى، مەن ئىچىمدە رەسۇلۇللاھ ئۆزۈمنى غىپار قەبىلىسگە نىسبەت بەرگەنلىكىمنى ياقتۇرمىغان ئوخشايدۇ دەپ، رەسۇلۇللاھ نىڭ قولىنى تۇتۇشقا تەمشىلىۋىدىم، مىنى ئۇنىڭ ھەمراھى يەنى ئەبۇبەكرى توسۇپ قويدى، ئۇ رەسۇلۇللاھ نى مەندىن بەكرەك چۈشىنەتتى، ئاندىن رەسۇلۇللاھ بېشىنى كۆتۈرۈپ: سەن قاچاندىن بىرى بۇيەردە تۇرۇۋاتىسەن؟دېدى، مەن: بۇيەردە تۇرىۋاتقىنىمغا 30 كېچە ـ كۈندۈز بولدى دېسەم، ساڭا كىم تاماق بەردى؟دېدى، مەن؛ مەن بۇ 30 كېچە ـ كۈندۈزگىچە تاماق يىمەستىن بەلكى زەمزەم سۈيىنىلا ئىچىپ ياتتىم، مەن سېمىرىپ قۇرساقلىرىم قاتلىشىپ كەتتى، مەن بۇ بىر ئاي ئىچىدە ھېچ قانداق بىر ئاچلىقنىڭ ئەلمىنى ھىس قىلمىدىم ھەم ئورۇغلاپمۇ كەتمىدىم دېسەم، رەسۇلۇللاھ:زەمزەم سۈيى تامىقى يوقنىڭ تامىقىدۇر(ئۇنى ئىچكەن كىشى خۇددى تاماق يىگەندەك تويىدۇ، ئۇ شاراپ ھەم تاماقتۇر) دېدى، ئاندىن ئەبۇبەكرى: ئى اللە نىڭ ئەلچىسى! بۈگۈنكىشىگە بۈگۈن بىر كىچە تاماق بېرىشىمگە رۇخسەت قىلسىلا دېدى، مەن ئۇلار بىلەن بىللە باردىم، ئۇ ئىشكىنى ئېچىپ بىزگە تائىپنىڭ يىمىشلىرىنى ئالدى، بۇ بىرئايدىن بېرى مەن يىگەن تۇنجى تاماق ئەشۇ يىمىش بولدى. ئاندىن مەن بىر مەزگىل تۇرغاندىن كىيىن كەلسەم، رەسۇلۇللاھ ماڭا: ماڭا ھىجرەت قىلىشىم ئۈچۈن خورمىلىق بىر زىمىن كۆرسىتىلدى، مەن ئۇنى پەقەت يەسرىب يەنى مەدىنە دەپ قارايمەن، سەن بېرىپ ئىسلام دىنىنى مەندىن قەۋمىڭگە يەتكۈزەمسەن؟

## سەھىھ مۇسلىمنىڭ تەرجىمىسى

**الله** سەن سەۋەپلىك ئۇلارغا مەنپەئەت بېرىشى(يەنى ئۇلارنى مۇسۇلمان قىلىشى)ئۇلار سەۋەپلىك ساڭا ئەجىر بېرىشى مۇمكىن دېدى. مەن ئۇنەيسنىڭ قېشىغا كەلسەم، ئۇماڭا: سەن نىمە ئىش قىلدىڭ؟دېدى، مەن: مەن كاتتا ئىش قىلدىم، مەن مۇسۇلمان بولدۇم، مەن ئۇكىشىنىڭ پەيغەمبەرلىكىنى تەستىقلىدىم دېسەم، ئۇ: مەنمۇ سىنىڭ دىنىڭنى ياقتۇرمەن، دىنىڭدىن يۈز ئۆرمەيمەن بەلكى دىنىڭغا كىرىمەن، مەنمۇ مۇسۇلمان بولدۇم، ئۇكىشىنىڭ پەيغەمبەرلىكىنى تەستىقلىدىم دېدى، ئاندىن بىز ئانامنىڭ قېشىغا كەلسەك ئانامۇ: مەنمۇ سىلەرنىڭ دىنىڭلارنى ياقتۇرمەن، دىنىڭلاردىن يۈز ئۆرمەيمەن بەلكى دىنىڭلارغا كىرىمەن، مەنمۇ مۇسۇلمان بولدۇم، ئۇكىشىنىڭ پەيغەمبەرلىكىنى تەستىقلىدىم دېدى، ئاندىن بىز يۈك ـ تاقلىرىمىزنى تۆگىلەرگە ئارتىپ، غىپار قەبىلىسىدىن ئىبارەت قەۋمىمىزنىڭ قېشىغا كەلدۇق، ئۇلارنىڭ يېرىمى شۇچاغدىلا مۇسۇلمان بولدى. ئۇلارغا ئۇلارنىڭ سەيىدى خۇجىسى ئىيمائىبنى رەھزەت ئىمام بولدى. ئۇلارنىڭ قالغان يېرىمى:رەسۇلۇﷲ مەدىنىگە كەلگەندە ئاندىن مۇسۇلمان بۇلىمىز دېدى. ئاندىن رەسۇلۇﷲ مەدىنىگە كەلدى، ئۇلارنىڭ قالغان يېرىمىمۇ مۇسۇلمان بولدى. ئاندىن ئەسلەم قەبىلىسى كىلىپ: ئى **الله** نىڭ ئەلچىسى! ئۇلار بىزنىڭ قېرىنداشلىرىمىز بۇلىدۇ، ئۇلار مۇسۇلمان بولغاندەك بىزمۇ مۇسۇلمان بولدۇق دېدى. ئاندىن رەسۇلۇﷲ: غىپار قەبىلىسىگە **الله** مەغپىرەت قىلسۇن، ئەسلەم قەبىلىسىنى **الله** (ئىككى دۇنيا)سالامەت قىلسۇن دېدى.

6309 ـ وحدّثني إبْرَاهِيمُ بْنُ مُحمّدِ بْنُ عَرْعَرَةَ السّامِيّ وَ مُحمّدُ بْنُ حَاتِمٍ (وَتَقارَبَا فِي سِيَاق الْحَدِيثِ. وَاللّفْظُ لابْنِ حَاتِمٍ) قَالاَ: حَدّثَنَا عَبْدُ الرّحْمَنِ بْنُ مَهْدِيَ. حَدّثَنَا الْمُثَنّى بْنُ سَعِيدٍ عَنْ أَبِي جَمْرَةَ، عَنِ ابْنِ عَبّاسٍ قَالَ: لَمّا بَلَغَ أَبَا ذَرَ مَبْعَثُ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم بِمَكّةَ قَالَ لأخِيهِ: ارْكَبْ إِلَىَ هَذَا الْوَادِي. فَاعْلَمْ لِي عِلْمَ هَذَا الرّجُلِ الّذِي يَزْعُمُ أَنّهُ يَأْتِيهِ الْخَبَرُ مِنَ السّمَاءِ. فَاسْمَعْ مِنْ قَوْلِهِ ثُمّ ائْتِنِي. فَانْطَلَقَ الآخَرُ حَتّىَ قَدِمَ مَكّةَ. وَسَمِعَ مِنْ قَوْلِهِ. ثُمّ رَجَعَ إِلَىَ أَبِي ذَرَ فَقَالَ: رَأَيْتُهُ يَأْمُرُ بِمَكَارِمِ الأَخْلاَقِ. وَكَلاَماً مَا هُوَ بِالشّعْرِ. فَقَالَ: مَا شَفَيْتَنِي فِيمَا أَرَدْتُ. فَتَزَوّدَ وَحَمَلَ شَنّةً لَهُ، فِيهَا مَاءٌ. حَتّىَ قَدِمَ مَكّةَ. فَأَتَىَ الْمَسْجِدَ فَالْتَمَسَ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم وَلاَ يَعْرِفُهُ. وَكَرِهَ أَنْ يَسْأَلَ عَنْهُ. حَتّىَ أَدْرَكَهُ ــ يَعْنِي اللّيْلَ ــ فَاضْطَجَعَ. فَرَآهُ عَلِيّ فَعَرَفَ أَنّهُ غَرِيبٌ. فَلَمّا رَآهُ تَبِعَهُ. فَلَمْ يَسْأَلْ وَاحِدٌ مِنْهُمَا صَاحِبَهُ عَنْ شَيْءٍ. حَتّىَ أَصْبَحَ. ثُمّ احْتَمَلَ قُرَيْبَتَهُ وَزَادَهُ إِلَىَ الْمَسْجِدِ. فَظَلّ ذَلِكَ الْيَوْمَ. وَلاَ يَرَىَ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم. حَتّىَ أَمْسَىَ. فَعَادَ إِلَىَ مَضْجَعِهِ. فَمَرّ بِهِ عَلِيّ. فَقَالَ: مَا أَنَىَ لِلرّجُلِ أَنْ يَعْلَمَ مَنْزِلَهُ؟ فَأَقَامَهُ. فَذَهَبَ بِهِ مَعَهُ. وَلاَ يَسْأَلُ وَاحِدٌ مِنْهُمَا صَاحِبَهُ عَنْ شَيْءٍ. حَتّىَ إِذَا كَانَ يَوْمُ الثّالِثِ فَعَلَ مِثْلَ ذَلِكَ. فَأَقَامَهُ عَلِيّ مَعَهُ. ثُمّ قَالَ لَهُ: أَلاَ تُحَدّثُنِي؟ مَا الّذِي أَقْدَمَكَ هَذَا الْبَلَدَ؟ قَالَ: إِنْ أَعْطَيْتَنِي عَهْداً وَمِيثَاقاً لَتُرْشِدَنّي. فَعَلْتُ. فَفَعَلَ. فَأَخْبَرَهُ. فَقَالَ: فَإِنّهُ حَقّ. وَهُوَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم. فَإِذَا أَصْبَحْتَ فَاتّبِعْنِي. فَإِنّي إِنْ رَأَيْتُ شَيْئاً أَخَافُ عَلَيْكَ، قُمْتُ كَأَنّي أُرِيقُ الْمَاءَ. فَإِنْ مَضَيْتُ فَاتّبِعْنِي حَتّىَ تَدْخُلَ مَدْخَلِي. فَفَعَلَ. فَانْطَلَقَ يَقْفُوهُ. حَتّىَ دَخَلَ عَلَىَ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم وَدَخَلَ مَعَهُ فَسَمِعَ مِنْ قَوْلِهِ. وَأَسْلَمَ مَكَانَهُ. فَقَالَ لَهُ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم: «ارْجِعْ إِلَىَ قَوْمِكَ فَأَخْبِرْهُمْ حَتّىَ يَأْتِيَكَ أَمْرِي». فَقَالَ: وَالّذِي نَفْسِي بِيَدِهِ لأَصْرُخَنّ بِهَا بَيْنَ ظَهْرَانَيْهِمْ. فَخَرَجَ حَتّىَ أَتَىَ الْمَسْجِدَ. فَنَادَىَ بِأَعْلَىَ صَوْتِهِ: أَشْهَدُ أَنْ لاَ إِلَهَ إِلاّ اللّهُ، وَأَنّ مُحَمّداً رَسُولُ اللّهِ. وَثَارَ الْقَوْمُ فَضَرَبُوهُ حَتّىَ أَضْجَعُوهُ. فَأَتَىَ الْعَبّاسُ فَأَكَبّ عَلَيْهِ. فَقَالَ: وَيْلَكُمْ أَلَسْتُمْ تَعْلَمُونَ أَنّهُ مِنْ غِفَارٍ. وَأَنّ طَرِيقَ تُجّارِكُمْ إِلَىَ الشّامِ عَلَيْهِمْ. فَأَنْقَذَهُ مِنْهُمْ. ثُمّ عَادَ مِنَ الْغَدِ بِمِثْلِهَا. وَثَارُوا إِلَيْهِ فَضَرَبُوهُ. فَأَكَبّ عَلَيْهِ الْعَبّاسُ فَأَنْقَذَهُ.

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم نىڭ پەيغەمبەر قىلىنىپ ئەۋەتىلگەنلىكى ئەبۇ زەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغايەتكەندە ئۇ قېرىندىشىغا:سەن مەككىگە بېرىپ، ماڭا ئاسماندىن خەۋەر يەنى ۋەھى كىلىدۇ دەپ داۋا قىلىدىغان ماۋۇ كىشىنىڭ (يەنى رەسۇلۇﷲ نىڭ)ئىلمىنى ئىگىلەپ، خەۋىرىنى ئېلىپ، سۆزىنى ئاڭلاپ بېقىپ قېشىمغا كەلگىن دېدى. ئۇنىڭ قېرىندىشى(ئۇنەيس)مەككىگە كىلىپ، رەسۇلۇﷲ نىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ ئاندىن ئەبۇزەرنىڭ قېشىغا قايتىپ كىلىپ: مەن ئۇنىڭ ئىسىل ئەخلاقلارغا بۇيرىيدىغانلىقىنى كۆردۈم، ئۇ شۇنداق كاتتا سۆزلەرنى قىلىدىكەنكى ئۇنىڭ سۆزلىرى ھەرگىز شېئىر ئەمەستۇر دېدى. ئاندىن ئەبۇزەر: سەن مىنىڭ غەرىزىمنى چۈشەنمىدىڭ،

مەقسىتىمگە يەتكۈزمىدىڭ دەپ، ئۇزۇق ـ تۈلۈك ۋە بىر تۇلۇن سۇ ئېلىپ، مەككىگە ئۆزى كېلىپ، رەسۇلۇللاھ نى ئىزدەپ مەسجىدكە كىردى، ئۇ رەسۇلۇللاھ نى تونىمايتتى، رەسۇلۇللاھ توغرىسىدا بىرەر كىشىدىن سوئال سوراشنى ياقتۇرماي كەچ كىرىپ كەتتى، ئۇ شۇيەردە ياتتى. ئاندىن ئۇنى ئەلى رەزىيەللاھ ئەنھۇ كۆرۈپ ئۇنىڭ بۇ شەھەرگە غەرىب(ناتونۇش يات)كىشى ئىكەنلىكىنى بىلىپ، ئۇنى ئەگەشتۈرۈپ ماڭدى، تاڭ ئاتقىچە ئۇلار بىر بىرىدىن گەپ سوراشمىدى. ئاندىن ئۇ ئۇزۇق ـ تۈلۈك ۋە ھېلىقى تۇلۇندىكى سۈيىنى ئېلىپ مەسجىدكە كەلدى، ئۇ رەسۇلۇللاھ نى كەچ كىرگىچە كۆرەلمەي بۇ كۈنمۇ ئۆتۈپ كەتتى، ئاندىن ئۇ يەنە ھېلىقى ئورنىغا كېلىپ ياتتى، ئەلى رەزىيەللاھ ئەنھۇ يەنە ئۇنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ: بۇ كىشىنىڭ ئۆز مەنزىلىنى بىلىدىغان ۋاقتى تېخى كەلمىگەندىمۇ؟ بۇكىشى تېخىچە ئۆز ئورنىنى تاپالماي بۇيەردە تۇرىدىغۇ دەپ، ئۇنى ئورنىدىن تۇرغۇزۇپ، ئۆزى بىلەن بىللە ئېلىپ ماڭدى، ئۇلار يەنە بىر بىرىدىن گەپ ـ سۆز سوراشمىدى، ئۈچۈنجى كۈنى بولغاندا يەنە شۇنداق قىلىپ، ئەلى رەزىيەللاھ ئەنھۇ ئۇنىڭغا: سىنى بۇ شەھەرگە قايسى نەرسىنىڭ ئېلىپ كەلگەنلىكىنى، بۇيەرگە نېمە سەۋەپتىن كەلگەنلىكىڭنى ماڭا سۆزلەپ بەرەمسەن؟دېدى، ئۇ:ئەگەر سەن ماڭا مىنى توغرا يولغا يېتەكلەشكە، ماڭا يول كۆرسىتىپ قويۇشقا ئەھدى مىساق، ۋەدە بەرسەڭ دەپ بىرىمەن دەپ، شۇنىڭغا ۋەدە ئېلىۋېلىپ ئۇنىڭغا مەقسىدىنى دەپ بەردى. ئاندىن ئەلى: ئۇ ھەق راستۇر، (يەنى ئۇنىڭ ئىشى ھەقتۇر،)ئۇ راستىنلا اللە نىڭ ئەلچىسىدۇر، تاڭ ئاتقاندا سەن ماڭا ئەگىشىپ ماڭغىن، ئەگەر مەن ساڭا ئەنسىرىگىدەك بىرەر ئىشنى كۆرسەم، سۇ تۆككەن بولۇپ(تەرەت قىلغان بولىۋېلىپ)تۇرىۋالىمەن، ئەگەر مەن كېتىۋەرسەم، كىرىدىغان جايغا كىرگەنگە قەدەر ماڭا ئەگىشىپ مېڭىۋەرگىن دېدى. ئۇلار شۇنداق قىلدى، ئەبۇزەر رەسۇلۇللاھ نىڭ قېشىغا كىرگىچە ئەلىيگە ئەگىشىپ ماڭدى، ئۇ ئەلى بىلەن بىللە كىرىپ رەسۇلۇللاھ نىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپلا شۇ ئورنىدىلا مۇسۇلمان بولدى. ئاندىن رەسۇلۇللاھ ئۇنىڭغا:سەن قەۋمىڭنىڭ قېشىغا بېرىپ، ئۇلارغا مەندىن ئىسلام دىنىنى خەۋەر قىلغىن، ساڭا مېنىڭ بۇيرۇقۇم يەتكەنگە قەدەر شۇ جايدا تۇرۇپ تۇرغىن دېدى. ئۇ: جېنىم قول ئىلكىدە بولغان اللە بىلەن قەسەمكى، مەن بۇ ھەقىقەتنى ئۇلارنىڭ ئارىسىدىلا يۇقىرى ئاۋازىم بىلەن ۋارقىراپ تۇرۇپ ئېلان قىلىمەن دەپ چىقىپ، مەسجىدنىڭ يېنىغا كېلىپ، ئەڭ يۇقىرى ئاۋازى بىلەن:«ئەشھەدۇئەن لائىلاھەئىللەللاھ ھۇ ۋە ئەننە مۇھەممەدەن رەسۇلۇللاھ!!!»اللە تىن باشقا ھەق ئىلاھ يوق، مۇھەممەد اللە نىڭ ئەلچىسى دەپ نىدا قىلدى. ئاندىن مۇشرىكلەرنىڭ ھەممىسى توپلىشىپ كېلىپ ئۇنى ئۇرۇپ ياتقۇزىۋەتتى، ئابباس كېلىپ ئۆزىنى ئۇنىڭ ئۈستىگە تاشلاپ، بەدىنى بىلەن ئۇنى تاياقتىن توسۇپ قوغداپ تۇرۇپ: سىلەرگە ۋايدۇر، سىلەر بۇنىڭ غىپار قەبىلىسىدىن ئىكەنلىكىنى بىلمەمسىلەر؟ شامغا بارىدىغان تىجارەت يولۇڭلار بۇلارنىڭ ئۈستىدىن ئۆتىدۇ(سىلەر بۇنىڭدىن ئەنسىرىمەمسىلەر؟)دەپ، ئۇنى ئۇلارنىڭ تاياق ـ توخماقلىرىدىن قۇتقۇزىۋالدى، ئەتىسى ئۇ ئۇلارنىڭ ئارىسىدا تۇرۇپ يەنە ئەڭ يۇقىرى ئاۋازى بىلەن:«ئەشھەدۇئەن لائىلاھەئىللەللاھ ھۇ ۋە ئەننە مۇھەممەدەن رەسۇلۇللاھ!!!» دەپ نىدا قىلدى. ئاندىن مۇشرىكلەرنىڭ ھەممىسى توپلىشىپ كېلىپ يەنە ئۇنى ئۇرۇپ ياتقۇزىۋەتتى، ئابباس كېلىپ ئۆزىنى ئۇنىڭ ئۈستىگە تاشلاپ، بەدىنى بىلەن ئۇنى تاياقتىن توسۇپ، ئۇنى يەنە ئۇلارنىڭ تاياق ـ توخماقلىرىدىن قۇتقۇزىۋالدى.

*1125 ـ باب من فضائل جرير بن عبد اللّهِ، رضي اللّهُ تعالى عنه*

**6310 ـ حدّثنا يَحْيَى بْنُ يَحْيَى. أَخْبَرَنَا خَالِدُ بْنُ عَبْدِ اللّهِ عَنْ بَيَانٍ، عَنْ قَيْسِ بْنِ أَبِي حَازِمٍ، عَنْ جَرِيرِ بْنِ عَبْدِ اللّهِ. ح وَحَدّثَنِي عَبْدُ الْحَمِيدِ بْنُ بَيَانٍ. حَدّثَنَا خَالِدٌ عَنْ بَيَانٍ قَالَ: سَمِعْتُ قَيْسَ بْنَ أَبِي حَازِمٍ يَقُولُ: قَالَ جَرِيرُ بْنُ عَبْدِ اللّهِ: مَا حَجَبَنِي رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم مُنْذُ أَسْلَمْتُ. وَلاَ رَآنِي إِلاّ ضَحِكَ.**

**6311 ـ وحدّثنا أَبُو بَكْرِ بْنُ أَبِي شَيْبَةَ. حَدّثَنَا وَكِيعٌ وَ أَبُو أُسَامَةَ عَنْ إِسْمَاعِيلَ. ح وَحَدّثَنَا ابْنُ نُمَيْرٍ. حَدّثَنَا عَبْدُ اللّهِ بْنُ إِدْرِيسَ. حَدّثَنَا إِسْمَاعِيلُ عَنْ قَيْسٍ، عَنْ جَرِيرٍ قَالَ: مَا حَجَبَنِي رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم مُنْذُ أَسْلَمْتُ. وَلاَ رَآنِي إِلاّ تَبَسّمَ فِي وَجْهِي. زَادَ ابْنُ نُمَيْرٍ فِي حَدِيثِهِ عَنِ ابْنِ إِدْرِيسَ: وَلَقَدْ شَكَوْتُ إِلَيْهِ أَنّي لاَ أَثْبُتُ عَلَى الْخَيْلِ. فَضَرَبَ بِيَدِهِ فِي صَدْرِي وَقَالَ: «اللّهُمّ ثَبّتْهُ. وَاجْعَلْهُ هَادِياً مَهْدِيّا».**

جەرىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، مەن مۇسۇلمان بولغاندىن باشلاپلا، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مەندىن پەردىلىنىۋالمىدى، مېنى ئۆيىگە كىرىشتىن ۋە باشقا ئىشلىرىمدىن توسمىدى، سورساملا بىرەتتى، مېنى كۆرسىلا تەبەسسۇم قىلىپ كۈلەتتى. مەن ئات ئۈستىدە مەزمۇت ، مۇقۇم ئولتۇرالمايدىغانلىقىمنى دېدىم، ئاندىن رەسۇلۇللاھ قولى بىلەن كۆكسۈمگە بىرنى ئۇرۇپ قويدى،تاكى مەن قولىنىڭ ئىزىنى كۆسۈمدە كۆردۈم، ئاندىن ماڭا دۇئا قىلىپ؛ئى **الله**! بۇنى مۇستەھكەم مۇقۇم قىلسىلا، بۇنى ھىدايەت تاپقان يېتەكچى ، توغرا يول تاپقان ۋە توغرا يولغا يېتەكلىگۈچى مەھدىيلەردىن قىلسىلا دېدى، مەن شۇنىڭدىن كېيىن ھەرگىز ئېتىمدىن يىقىلىپ باقمىدىم.

**6312 ـ حدّثني عَبْدُ الْحَمِيدِ بْنُ بَيَانٍ. أَخْبَرَنَا خَالِدٌ عَنْ بَيَانٍ، عَنْ قَيْسٍ، عَنْ جَرِيرٍ قَالَ: كَانَ فِي الْجَاهِلِيّةِ بَيْتٌ يُقَالُ لَهُ ذُو الْخَلَصَةِ. وَكَانَ يُقَالُ لَهُ الْكَعْبَةُ الْيَمَانِيَةُ وَالْكَعْبَةُ الشّامِيّةُ. فَقَالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: «هَلْ أَنْتَ مُرِيحِي مِنْ ذِي الْخَلَصَةِ وَالْكَعْبَةِ الْيَمَانِيَةِ وَالشّامِيّةِ» فَنَفَرْتُ إِلَيْهِ فِي مِائَةٍ وَخَمْسِينَ مِنْ أَحْمَسَ. فَكَسَرْنَاهُ وَقَتَلْنَا مَنْ وَجَدْنَا عِنْدَهُ. فَأَتَيْتُهُ فَأَخْبَرْتُهُ. قَالَ: فَدَعَا لَنَا وَلأَحْمَسَ.**

قاداپ قوۋۇپتۇ، مەن ئۇنىڭ قېشىغا بېرىپ: ئى تاغا!سىزگە ئوق ئاتقان كىم؟دېسەم، ئۇكىشىنى ماڭا ئىشارەت ئارقىلىق كۆرسىتىپ تۇرۇپ:ئەنە ئاشۇ كىشى مىنىڭ قاتىلىم، ماڭا ئوق ئاتقان كىشىنى كۆرەۋاتامسەن؟دېدى. ئاندىن مەن ئۇكىشىنى مەقسەت قىلىپ بېرىپ، ئۇنى ئىزدەپ يۈرۈپ، ئۇنىڭغا ئۇچراشتىم، ئۇ مىنى كۆرۈپلا ئارقىسىغا ئۆرۈلۈپ قاچتى. مەن ئۇنى قوغلىغاچ: جەڭدىن قېچىشتىن هايا قىلمامسەن؟ سەن ئەرەپ ئەمەسما؟ نوچى بولساڭ ئالدىڭنى قىلىپ مۇقۇم تۇر، سۇباتلىق بولمامسەن؟ دېسەم، ئۇ توختىدى، ئىككىمىز ئۇرۇشۇش ئۈچۈن ئۇچۇرشۇپ، ھەر ئىككىمىز بىردىن قېلىچ ئۇرۇشتۇق، مەن ئۇنىڭغا بىر قېلىچ ئۇرۇپلا ئۇنى ئۆلتۈرىۋەتتىم. ئاندىن تاغام ئەبۇئامىرنىڭ قېشىغا كىلىپ: **الله** سىنىڭ قاتىلىڭنى ئۆلتۈرىۋەتتى دېدىم، ئۇ: ئوقنى تارتىپ ئېلىۋەتكىن دېدى، مەن ئوقنى تارتىشىمغىلا قان ئېتىپ چىقتى. ئۇماڭا: ئى قېرىندىشىمنىڭ ئوغلى! سەن رەسۇلۇ**الله** نىڭ قېشىغا بېرىپ، رەسۇلۇ**الله** قا مەندىن سالام يوللىغىن، ۋە يەنە ئەبۇئامىر سىلىنىڭ **الله** تىن ئۇنىڭغا مەغپىرەت قىلىشنى سوراشلىرىنى تەلەپ قىلدى دېگىن، دېدى. ئۇ مىنى كىشىلەرگە باشلىق قىلىپلا، ئۇزۇن تۇرمايلا ئۆلۈپ كەتتى. مەن قايتقاندا رەسۇلۇ**الله** نىڭ قېشىغا كىرسەم، رەسۇلۇ**الله** خورما قوۋزاقلىرى ۋە ئۇنىڭ ئوخشاشلىرى بىلەن توقۇلغان كارۋاتتا ئىكەن، ئۇنىڭ ئۈستىدە كۆرپە يوق ئىكەن، كارۋاتنىڭ توقۇلمىللىرى رەسۇلۇ**الله** نىڭ ئۇچىسىغا، يانلىرىغا ئىز چىقىرۋەتكەن ئىدى. مەن رەسۇلۇ**الله** قا بىزنىڭ ئىشىمىزنى ۋە ئەبۇئامىرنىڭ خەۋىرىنى يەتكۈزدۇم، ۋە يەنە: ئۇماڭا:سەن رەسۇلۇ**الله** قا؛ ئۇ سىلىنىڭ **الله** تىن ئۇنىڭغا مەغپىرەت قىلىشنى سوراشلىرىنى تەلەپ قىلدى دېگىن، دېگەن. ئۇ مەغپىرەت قىلىنىشنى تەلەپ قىلدى دېسەم، رەسۇلۇ**الله** سۇ كەلتۈرۈپ تاھارەت ئېلىپ، ئىككى قولىنى كۆتۈرۈپ: ئى **الله**!ئەبۇئامىر ئۇبەيدكە مەغپىرەت قىلسىلا، قىيامەت كۈنى ئۇنىڭ مەرتىبىسىنى مەخلۇقلىرىدىن نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ مەرتىبىسىنىڭ ئۈستىدە قىلسىلا دېدى. مەن رەسۇلۇ**الله** ئىككى قولىنى كۆتۈرگەندە قولتۇقىنىڭ ئاقلىقىنى كۆردۇم، ئاندىن ئى **الله** نىڭ ئەلچىسى! مەن ئۈچۈنمۇ **الله** تىن مەغپىرەت سورىسىلا دېسەم، رەسۇلۇ**الله** : ئى **الله**! ئىبنى قىيس ئۈچۈن ئۇنىڭ بارلىق گۇناھلىرىنى مەغپىرەت قىلسىلا، قىيامەت كۈنى ئۇنى ئەڭ ھۆرمەتلىك ئىسىل ماكان(جەننەتكە)كىرگۈزسىلە دېدى.بۇ ئىككى دۇئانىڭ بىرسى ئەبۇئامىر ئۈچۈن، يەنەبىرسى ئەبۇمۇسا ئۈچۈن قىلىنغان ئىدى.

### *1135 ـ باب من فضائل الأشعريّين رضي الله عنهم*

**6354 ـ حدّثنا أَبُو كُرَيْبٍ، مُحَمّدُ بْنُ الْعَلاَءِ. حَدّثَنَا أَبُو أُسَامَةَ. حَدّثَنَا بُرَيْدٌ عَنْ أَبِي بُرْدَةَ عَنْ أَبِي مُوسَىَ. قَالَ: قَالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: «إِنّي لأَعْرِفُ أَصْوَاتَ رِفْقَةِ الأَشْعَرِيّينَ بِالْقُرْآنِ، حِينَ يَدْخُلُونَ بِاللّيْلِ، وَأَعْرِفُ مَنَازِلَهُمْ مِنْ أَصْوَاتِهِمْ، بِالْقُرْآنِ بِاللّيْلِ. وَإِنْ كُنْتُ لَمْ أَرَ مَنَازِلَهُمْ حِينَ نَزَلُوا بِالنّهَارِ. وَمِنْهُمْ حَكِيمٌ إِذَا لَقِيَ الْخَيْلَ ــ أَوْ قَالَ الْعَدُوّ ــ قَالَ لَهُمْ: إِنّ أَصْحَابِي يَأْمُرُونَكُمْ أَنْ تَنْظُرُوهُمْ».**

ئەبۇ مۇسا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ھەقىقەتەن مەن ئەشئەرىيىلەرنىڭ كېچىدە كىرگەن چاغدىكى قۇرئانغا بولغان مۇڭلۇق ئاۋازلىرىنى تونۇۋالايمەن، گەرچە مەن ئۇلارنىڭ كۈندۈزى چۈشكەن چاغدىكى مەنزىللىرىنى، جايلىرىنى كۆرمىگەن بولسامۇ، ئۇلارنىڭ قۇرئانغا بولغان ئاۋازلىرىدىن مەنزىل ئورۇنلىرىنى كېچىدىمۇ تونىيالايمەن، ھەكىيم رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئەنە شۇلارنىڭ جۈملىسىدىن بۇلۇپ، ئۈدۈشمەنلەرگە ئۇچراشسا، ئۇلارغا: مىنىڭ ھەمراھلىرىم سىلەرنى مۇشۇيەردە ساقلاپ تۇرۇشۇڭلارغا بۇيرىغان دىيەلەيدۇ(يەنى شۇنداق باتۇردۇر)بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.

**6355 ـ حدّثنا أَبُو عَامِرٍ الأَشْعَرِيّ وَ أَبُو كُرَيْبٍ. جَمِيعاً عَنْ أَبِي أُسَامَةَ. قَالَ أَبُو عَامِرٍ: حَدّثَنَا أَبُو أُسَامَةَ. حَدّثَنِي بُرَيْدُ بْنُ عَبْدِ اللّهِ بْنِ أَبِي بُرْدَةَ عَنْ جَدّهِ، أَبِي بُرْدَةَ، عَنْ أَبِي مُوسَىَ. قَالَ: قَالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: «إِنّ الأَشْعَرِيّينَ، إِذَا أَرْمَلُوا فِي الْغَزْوِ، أَوْ قَلّ طَعَامُ عِيَالِهِمْ بِالْمَدِينَةِ، جَمَعُوا مَا كَانَ عِنْدَهُمْ فِي ثَوْبٍ وَاحِدٍ، ثُمّ اقْتَسَمُوهُ بَيْنَهُمْ فِي إِنَاءٍ وَاحِدٍ، بِالسّوِيّةِ. فَهُمْ مِنّي وَأَنَا مِنْهُمْ».**

ئەبۇ مۇسا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ھەقىقەتەن ئەشئەرىين قەبىلىسى غازاتتا ئوزۇقلىرىنى تۈگەتسە، ئوزۇقى تۈگەپ قومغا چاپلىشىپ قالسا، ياكى شەھەردە ئەھلى بالىلىرىنىڭ تائاملىرى ئاز قالسا، يېنىدا بار نەرسىنىڭ ھەممىسىنى بىر كىيىمگە توپلاپ، يىغىپ ئاندىن ئارىسىغا بىر قاچىدا باراۋەر، ئوخشاش، ئادىل تەقسىم قىلىشىدۇ، ئۇلار مەندىن مەن ئۇلاردىن (يەنى بىز بىر ــ بىرىمىزنىڭ جۈملىسىدىن، مەنمۇ شۇنداق قىلىشنى ياخشى كۆرىمەن، بەرىكەت بار) بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.

### *1136 ـ باب من فضائل أبي سفيان بن حرب، رضي الله عنه*

**6356 ـ حدّثني عَبّاسُ بْنُ عَبْدِ الْعَظِيمِ الْعَنْبَرِيّ وَ أَحْمَدُ بْنُ جَعْفَرٍ الْمَعْقِرِيّ. قَالاَ: حَدّثَنَا النّضْرُ (وَهُوَ ابْنُ مُحَمّدٍ الْيَمَامِيّ). حَدّثَنَا عِكْرِمَةُ. حَدّثَنَا أَبُو زُمَيْلٍ. حَدّثَنِي ابْنُ عَبّاسٍ قَالَ: كَانَ الْمُسْلِمُونَ لاَ يَنْظُرُونَ إِلَىَ أَبِي سُفْيَانَ وَلاَ يُقَاعِدُونَهُ. فَقَالَ لِلنّبِيّ صلى الله عليه وسلم: يَا نَبِيّ اللّهُ ثَلاَثٌ أَعْطِنِيهِنّ. قَالَ: «نَعَمْ» قَالَ: عِنْدِي أَحْسَنُ الْعَرَبِ وَأَجْمَلُهُ، أُمّ حَبِيبَةَ بِنْتُ أَبِي سُفْيَانَ، أُزَوّجُكَهَا. قَالَ: «نَعَمْ» قَالَ: وَمُعَاوِيَةُ تَجْعَلُهُ كَاتِباً بَيْنَ يَدَيْكَ. قَالَ: «نَعَمْ». قَالَ: وَتُؤَمّرُنِي حَتّىَ أُقَاتِلَ الْكُفّارَ، كَمَا كُنْتُ أُقَاتِلُ الْمُسْلِمِينَ. قَالَ: «نَعَمْ».
قَالَ أَبُو زُمَيْلٍ: وَلَوْلاَ أَنّهُ طَلَبَ ذَلِكَ مِنَ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم، مَا أَعْطَاهُ ذَلِكَ. لأَنّهُ لَمْ يَكُنْ يُسْأَلُ شَيْئاً إِلاّ قَالَ: «نَعَمْ».**

ئىبنى ئاbbاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، مۇسۇلمانلار ئەبۇسۇپيانغا ياخشى نەزىرى بىلەن قارىمايتتى، ئۇنىڭ بىلەن بىللە ئولتۇرمايتتى، (چۈنكى ئۇ نۇرغۇن مۇسۇلمانلارنى ئۆلتۈرۈپ بولۇپ ئاندىن مۇسۇلمان بولغان، كىيىن ئۇنىڭ مۇسۇلماندىچىلىقى بەك ياخشى بولۇپ كەتكەن)ئۇ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم گە: ئى الله نىڭ پەيغەمبىرى! ماڭا ئۈچ نەرسىنى بەرسىلە دېدى. رەسۇلۇللاھ بولىدۇ بىرەي دېدى، ئۇ: مىنىڭ قىزىم ئۇممەھەبىيبە ئەرەپلەرنىڭ ئەڭ ياخشىسى ۋە ئەڭ گۈزەل چىرايلىقراقى، مەن ئۇنى سىلىگە ياتلىق قىلاي دېدى، رەسۇلۇللاھ

بۇلىدۇ ئالاي دېدى.(يەنەبىرخاتىرىدە: رەسۇلۇللاھ ئۇنى بۇرۇنلا ئىنكاھىغا ئالغان، بۇدېگىنى بۇرۇنقىنى قايتا ئەسلىگىنى دېيىلدى)ئاندىن ئۇ: ئىوغلۇم مۇئاۋىيىنى ئالدىللىرىدا ۋەھى يازىدىغان كاتىپ قىلسىلا دېدى، بۇنىڭغىمۇ ماقۇل بولدى. مىنى ئەسكەر باشلىقى قىلسىلا، مەن بۇرۇن خۇددى مۇسۇلمانلارغا قارشى ئۇرۇش قىلغاندەك، ئەمدى كاپىرلارغا قارشى ئۇرۇش قىلاي دېدى. رەسۇلۇللاھ بۇلىدۇ دەپ بۇنىڭغىمۇ ماقۇل بولدى. ئەگەر ئۇ يۇقىرقى ئىشلارنى تەلەپ قىلمىغان بولسا، رەسۇلۇللاھ ئۇ ئىشلارنى ئۇنىڭغا بەرمەيتتى، چۈنكى رەسۇلۇللاھ تىن بىرەر نەرسە سورالسىلا، ماقۇل، بۇلىدۇ بەردىم دەيتتى.(شۇڭا سوراپ ئېلىۋالغان)

### *1137 ـ باب من فضائل جعفر بن أبي طالب، وأسماء بنت عميس، وأهل سفينتهم، رضي الله عنهم*

**6357 ـ حدّثنا عَبْدُ اللّهِ بْنُ بَرّادٍ الأشْعَرِيّ وَ مُحَمّدُ بْنُ الْعَلاَءِ الْهَمْدَانِيّ. قالاَ: حَدّثنَا أبُو أُسَامَةُ. حَدّثنِي بُرَيْدٌ عَنْ أبِي بُرْدَةَ، عَنْ أبِي مُوسَىَ. قَالَ: بَلَغَنَا مَخْرَجُ رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم وَنَحْنُ بِالْيَمَنِ. فَخَرَجْنَا مُهَاجِرِينَ إلَيْهِ. أنَا وَأخَوَانِ لِي. أنَا أصْغَرُهُمَا. أحَدُهُمَا أبُو بُرْدَةَ وَالآخَرُ أبُو رُهْمٍ ــ إمّا قَالَ بِضْعاً وَإمّا قَالَ: ثَلاَثَةً وَخَمْسِينَ أوِ اثْنَيْنِ وَخَمْسِينَ رَجُلاً مِنْ قَوْمِي ــ قَالَ: فَرَكِبْنَا سَفِينَةً. فَألْقَتْنَا سَفِينَتُنَا إلَىَ النّجَاشِيّ بِالْحَبَشَةِ. فَوَافَقْنَا جَعْفَرَ بْنَ أبِي طَالِبٍ وَأصْحَابَهُ عِنْدَهُ. فَقَالَ جَعْفَرٌ: إنّ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم بَعَثَنَا هَهُنَا. وَأمَرَنَا بِالإقَامَةِ. فَأقِيمُوا مَعَنَا. فَأقَمْنَا مَعَهُ حَتّىَ قَدِمْنَا جَمِيعاً. قَالَ: فَوَافَقْنَا رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم حِينَ افْتَتَحَ خَيْبَرَ. فَأسْهَمَ لَنَا، أوْ قَالَ أعْطَانَا مِنْهَا. وَمَا قَسَمَ لأحَدٍ غَابَ عَنْ فَتْحِ خَيْبَرَ مِنْهَا شَيْئاً. إلاّ لِمَنْ شَهِدَ مَعَهُ. إلاّ لأصْحَابِ سَفِينَتِنَا مَعَ جَعْفَرٍ وَأصْحَابِهِ. قَسَمَ لَهُمْ مَعَهُمْ. قَالَ: فَكَانَ نَاسٌ مِنَ النّاسِ يَقُولُونَ لَنَا ــ يَعْنِي لأهْلِ السّفِينَةِ ــ: نَحْنُ سَبَقْنَاكُمْ بِالْهِجْرَةِ.**

**6358 قَالَ: فَدَخَلَتْ أسْمَاءُ بِنْتُ عُمَيْسٍ، وَهِيَ مِمّنْ قَدِمَ مَعَنَا، عَلَىَ حَفْصَةَ زَوْجِ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم زَائِرَةً وَقَدْ كَانَتْ هَاجَرَتْ إلَى النّجَاشِيّ فِيمَنْ هَاجَرَ إلَيْهِ. فَدَخَلَ عُمَرُ عَلَىَ حَفْصَةَ، وَأسْمَاءُ عِنْدَهَا. فَقَالَ عُمَرُ حِينَ رَأىَ أسْمَاءَ: مَنْ هَذِهِ؟ قَالَتْ: أسْمَاءُ بِنْتُ عُمَيْسٍ. قَالَ عُمَرُ: الْحَبَشِيّةُ هَذِهِ؟ الْبَحْرِيّةُ هَذِهِ؟ فَقَالَتْ أسْمَاءُ: نَعَمْ. فَقَالَ عُمَرُ: سَبَقْنَاكُمْ بِالْهِجْرَةِ. فَنَحْنُ أحَقّ بِرَسُولِ الله صلى الله عليه وسلم مِنْكُمْ. فَغَضِبَتْ. وَقَالَتْ كَلِمَةً: كَذَبْتَ. يَا عُمَرُ! كَلاّ وَاللّهِ! كُنْتُمْ مَعَ رَسُولِ الله صلى الله عليه وسلم يُطْعِمُ جَائِعَكُمْ، وَكُنّا فِي دَارٍ، أوْ فِي أرْضِ، الْبَعَدَاءِ الْبُغَضَاءِ فِي الْحَبَشَةِ. وَذَلِكَ فِي الله وَفِي رَسُولِهِ وَايْمُ الله! لاَ أطْعَمُ طَعَاماً وَلاَ أشْرَبُ شَرَاباً حَتّى أذْكُرَ مَا قُلْتَ لِرَسُولِ الله صلى الله عليه وسلم. وَنَحْنُ كُنّا نُؤْذَىَ وَنَخَافُ. وَسَأذْكُرُ ذَلِكَ لِرَسُولِ الله صلى الله عليه وسلم وَأسْألُهُ. وَوَاللّهِ! لاَ أكْذِبُ وَلاَ أزِيغُ وَلاَ أزِيدُ عَلَىَ ذَلِكَ. قَالَ فَلَمّا جَاءَ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم قَالَتْ: يَا نَبِيّ الله! إنّ عُمَرَ قَالَ كَذَا وَكَذَا. فَقَالَ رَسُولُ الله صلى الله عليه وسلم «لَيْسَ بِأحَقّ بِي مِنْكُم. وَلَهُ وَلاصْحَابِهِ هِجْرَةٌ وَاحِدَةٌ. وَلَكُمْ أنْتُمْ، أهْلَ السّفِينَةِ، هِجْرَتَانِ».**

**قَالَتْ: فَلَقَدْ رَأيْتُ أبَا مُوسَىَ وَأصْحَابَ السّفِينَةِ يَأتُونِي أرْسَالاً. يَسْألُونِي عَنْ هَذَا الْحَدِيثِ. مَا مِنَ الدّنْيَا شَيْءٌ هُمْ بِهِ أفْرَحُ وَلاَ أعْظَمُ فِي أنْفُسِهِمْ مِمّا قَالَ لَهُمْ رَسُولُ الله صلى الله عليه وسلم. قَالَ أبُو بُرْدَةَ: فَقَالَتْ أسْمَاءُ: فَلَقَدْ رَأيْتُ أبَا مُوسَىَ، وَإنّهُ لَيَسْتَعِيدُ هَذَا الْحَدِيثَ مِنّي.**

ئەبۇمۇسا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ بىز يەمەندىكى چاغدا رەسۇلۇللاھ نىڭ چىققانلىق خەۋىرى بىزگە يېتىپ، بىز رەسۇلۇللاھ نىڭ قېشىغا ھىجرەت قىلىپ چىقتۇق، مەن، مېنىڭ ئىككى ئاكام ئەبۇبۇردەت بىلەن ئەبۇرۇھمى، ۋە يەنە مېنىڭ قەۋمىمدىن 50 نەچچە كىشى كېمىگە چۈشۈپ ماڭدۇق، كېمىمىز بىزنى ھەبەشىستاندىكى نەجاشىينىڭ يۇرتىغا ئاپىرىپ قويۇپ، بىز ئۇ يەردە جەئپەر ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرىغا ئۇچۇرشۇپ قالدۇق، ئۇ بىزگە: رەسۇلۇللاھ بىزنى مۇشۇ جايغا ئەۋەتىپ، مۇشۇ جايدا تۇرىشىمىزغا بۇيرىغان، سىلەرمۇ بىز بىلەن بىللە تۇرۇڭلار دېدى. بىزمۇ ئۇلار بىلەن بىللە تۇرۇپ، ئاندىن ھەممىمىز بىراقلا قايتىپ كەلدۇق. بىز ھەبەشىستاندىن قايتقاندا رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ خەيبەرنى ئىشغال قىلغىنىغا مۇۋاپىق كېلىپ قاپتىمىز، ئاندىن بىزگىمۇ غەنىيمەتتىن نىسۋە بەردى، خەيبەرنىڭ غەنىيمىتى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن بىللە

خەيبەرنى ئىشغال قىلىشقا قاتناشقانلارغىلا تەقسىم قىلىنىپ، ئىشغال قىلىشقا قاتناشمىغانلارغا غەنىيمەتتىن ھېچ نەرسە بېرىلمىدى، پەقەت بىز ھەبەشىستاندىن قايتقان جەئەپەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ نىڭ كېمىسىدىكىلەرگىمۇ غەنىيمەتتىن تەقسىم قىلىنىپ بېرىلدى. كىشىلەر بىز كېمە ئەھلىگە: بىز سىلەردىن بۇرۇن ھىجرەت قىلىشۋالدۇق دەيتتى، نەججاشىينىڭ قېشىغا ھەبەشىستانغا ھىجرەت قىلىپ بارغان، ئاندىن بىز بىلەن بىللە كېمىدە قايتىپ كەلگەن ئەسمائەبىنتى ئۇمەيس رەسۇلۇللاھ نىڭ ئايالى ھەپسىنى زىيارەت قىلىپ كىرىپ، ئۇنىڭ يېنىدا ئولتۇرسا، ئۆمەر كىرىپ: بۇ كىمۇ؟ دەپ سوراپتۇ، ئۇنىڭ قىزى: بۇ ئەسمائەبىنتى ئۇمەيس دەپ جاۋاپ بەرسە، ئۇ: بۇ ھەبەشىستاندا تۇرۇپ، ئاندىن دېڭىز ئارقىلىق سەپەر قىلىپ كەلگەن ئايال شۇمۇ؟دېدى، ئەسمائە: ھەئە مەن شۇ دېسە، ئۆمەر: بىز سىلەردىن بۇرۇن ھىجرەت قىلىشۋالدۇق، سىلەرگە قارىغاندا رەسۇلۇللاھ قا بىز ئەڭ يېقىن ھەم ھەقلىقراق دېدى. ئاندىن ئەسمائە قاتتىق غەزەپ قىلىپ: ئى ئۆمەر!سەن خاتالاشتىڭ، ھەرگىز سەن دېگەندەك بولمايدۇ، الله بىلەن قەسەمكى، سىلەر رەسۇلۇللاھ بىلەن بىللە تۇردۇڭلار، رەسۇلۇللاھ سىلەرنىڭ ئاچلىرىڭلارغا تاماق بەردى(سىلەرگە ئىلىم بەردى، نۇرغۇن ئىشلاردا كۆيۈندى)بىزچۇ؟ بىز نەسەپ جەھەتتىن بىزدىن بەكلا يىراق، دىن جەھەتتىن بىزگە قاتتىق ئۆچ، دۈشمەن بولغان كىشىلەر ئارىسىدا ھەبەشىستاندا تۇردۇق، ئەلۋەتتە بۇئىشىمىز الله ۋە الله نىڭ ئەلچىسىنىڭ رازىلىقى ئۈچۈن بولدى، الله بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، مەن سىنىڭ دېگەنلىرىڭنى رەسۇلۇللاھ قا بايان قىلمىغىچە تاماق يېمەيمەن، بىر ئوتلام سۇمۇ ئىچمەيمەن، بىز بەك كۆپ ئازار يېدۇق، كۆپ ھاللاردا ئەنسىزلىك ئىچىدىلا ياشىدۇق. مەن بۇ ئىشنى رەسۇلۇللاھ قا خەۋەر قىلىپ سوراپ باقىمەن، الله بىلەن قەسەمكى، مەن ھەرگىز يالغان سۆزلىمەيمەن، كەم ـ زىيادە قىلمايمەن، ھەققەتتىن بۇرۇلۇپ كەتمەيمەن دېدى، رەسۇلۇللاھ كەلگەندە ئۇ: ئى الله نىڭ پەيغەمبىرى! ئۆمەر مۇنداق مۇنداق سۆزلەرنى قىلىشۋاتىدۇ، دېگەندە رەسۇلۇللاھ: ماڭا سىلەردىنمۇ يېقىن تۇرۇشقا ھەقلىقراق بىرەر كىشى يوق، ماڭا سىلەر ئەڭ لايىق، ئۆمەر ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرىغا بىرلا ھىجرەت باردۇر، ئى كېمە ئەھلى! سىلەر ئۈچۈن ئىككى ھىجرەتنىڭ ساۋابى باردۇر، (مەن بىلەن ھىجرەت قىلغانلىنىڭ ساۋابى، گەرچە سىلەر بۇ ھىجرەتنى قىلالمىغان بولساڭلارمۇ، سىلەرگە بۇ ھىجرەتنىڭ ۋە ھەبەشىستانغا بولغان ھىجرەتنىڭ ساۋابى بېرىلىدۇ) دېدى. ئاندىن ئەبۇ مۇسا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ۋە كېمە ئەھلى ئارقا ئارقىدىن ماڭا كىشى ئەۋەتىپ مۇشۇ ھەدىستىن سورىشاتتى، ئۇلارنىڭ قەلبىدە رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ

مۇشۇ ھەدىستە دېگىنىدىنمۇ ئۇلۇغراق، ھەم بۈيۈك، ئەڭ خۇشاللىقراق نەرسە يوق ئىدى. ئەبۇمۇسا بۇنى ئاڭلاپ خۇشاللىقىدىن بۇھەدىسنى مەندىن قايتا ـ قايتا سوراپ دېگىنىۋېپ ئاڭلاۋەردى.

### 1138 ـ باب من فضائل سلمان وصهيب وبلال

6359 ـ حدّثنا مُحَمّدُ بْنُ حَاتِمٍ. حَدّثَنَا بَهْزٌ. حَدّثَنَا حَمّادُ بْنُ سَلَمَةَ عَنْ ثَابِتٍ، عَنْ مُعَاوِيَةَ بْنِ قُرّةَ، عَنْ عَائِذِ بْنِ عَمْرٍو أَنّ أَبَا سُفْيَانَ أَتَى عَلَى سَلْمَانَ وَ صُهَيْبٍ وَ بلاَلٍ فِي نَفَرٍ. فَقَالُوا: وَاللّهِ مَا أَخَذَتْ سُيُوفُ اللّهِ مِنْ عُنُق عَدُوّ اللّهِ مَأْخَذَهَا. قَالَ فَقَالَ أَبُو بَكْرٍ: أَتَقُولُونَ هَذَا لِشَيْخِ قُرَيْشٍ وَسَيّدِهِمْ؟ فَأَتَى النّبِيّ صلى الله عليه وسلم فَأَخْبَرَهُ. فَقَالَ: «يَا أَبَا بَكْرٍ لَعَلّكَ أَغْضَبْتَهُمْ، لَئِنْ كُنْتَ أَغْضَبْتَهُمْ لَقَدْ أَغْضَبْتَ رَبّكَ».فَأَتَاهُمْ أَبُو بَكْرٍ فَقَالَ: يَا إِخْوَتَاهْ! أَغْضَبْتُكُمْ؟ قَالُوا: لاَ. يَغْفِرُ الله لَكَ. يَا أُخَيّ!

ئائىز رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، ئەبۇسۇپيان بىرنەچچە نەپەر كىشىنىڭ ئارىسىدا ئولتۇرغان سەلمان، سۇھەيب، بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملارنىڭ قېشىغا كەلگەندە، ئۇلار؛ الله نىڭ قىلىچى الله نىڭ دۈشمىنىنىڭ بويىندىن تېگىدىغان جايغا تېخى تەگمىدى، دېدى، ئاندىن ئەبۇبەكرى ؛ سىلەر قۇرەيشلەرنىڭ سەييىدى، شەيخىغىمۇ مۇشۇنداق دەمسىلەر؟دېدى، ئاندىن ئۇ كېلىپ، بۇئىشلارنى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم گە خەۋەر قىلغاندا، رەسۇلۇللاھ ؛ئى ئەبۇبەكرى! سەن ئۇلارنىڭ غەزىپىنى كەلتۈرۈپ قويغان بولۇشۇڭ مۇمكىن، ئەگەر ئۇلارنىڭ غەزىپىنى كەلتۈرۈپ قويساڭ، رەببىڭنىڭ غەزىپىنى كەلتۈرۈپ قويىسەن دېدى، ئاندىن ئەبۇبەكرى ئۇلارنىڭ قېشىغا كېلىپ؛ ئى قېرىنداشلىرىم! مەن سىلەرنى خاپا قىلىپ قويدۇممۇ؟دېدى، ئۇلار؛ ياق ھېچ قىسى يوق، ئى قېرىندىشىمىز! الله تائالا ساڭا مەغپىرەت قىلسۇن دېدى.

### 1139 ـ باب من فضائل الأنصار ئەنسارلارنىڭ پەزىلىتى

6360 ـ حدّثنا إِسْحَقُ بْنُ إِبْرَاهِيمَ الْحَنْظَلِيّ وَ أَحْمَدُ بْنُ عَبْدَةَ (وَاللّفْظُ لإِسْحَقَ). قَالاَ: أَخْبَرَنَا سُفْيَانُ عَنْ عَمْرٍو، عَنْ جَابِرِ بْنِ عَبْدِ اللّهِ. قَالَ: فِينَا نَزَلَتْ: {إِذْ هَمّتْ طَائِفَتَانِ مِنْكُمْ أَنْ تَفْشَلاَ وَاللّهُ وَلِيّهُمَا} (3آل عمران الآية: 122) بَنُو سَلَمَةَ وَبَنُو حَارِثَةَ. وَمَا نُحِبّ أَنّهَا لَمْ تَنْزِلْ. لِقَوْلِ اللّهِ عَزّ وَجَلّ: {وَاللّهُ وَلِيّهُمَا}.

جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: «ئۆز ۋاقتىدا سىلەردىن ئىككى تائىپە كىشىلەر جەڭدىن قورقۇنچاقلىق قىلىپ قايتىپ كېتىشنى مەقسەت قىلدى، الله ئۇلارنىڭ ئىگىسى......»دېگەن سۈرەئال ئىمران 122 ـ ئايەت بىز ئەنسارلار ھەققىدە نازىل بولغان ئىدى، ئۇئىككى تائىپە كىشى سەلەمەت جەمەتى بىلەن ھارىس جەمەتى ئىدى، «الله ئۇلارنىڭ ئىگىسى» دېگەن سۆزنىڭ جەھەتىدىن بۇئايەتنىڭ نازىل بولماسلىقىنى ياخشى كۆرمەيمىز بەلكى بۇ بىزنىڭ پەزىلىتىمىزدۇر.

6361 ـ حدّثنا مُحَمّدُ بْنُ الْمُثَنّى. حَدّثَنَا مُحَمّدُ بْنُ جَعْفَرٍ وَ عَبْدُ الرّحْمَنِ بْنُ مَهْدِيَ. قَالاَ: حَدّثَنَا شُعْبَةُ عَنْ قَتَادَةَ، عَنِ النّضْرِ بْنِ أَنَسٍ، عَنْ زَيْدِ بْنِ أَرْقَمَ. قَالَ: قَالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: «اللّهُمّ اغْفِرْ لِلأَنْصَارِ، وَلأَبْنَاءِ الأَنْصَارِ، وَأَبْنَاءِ أَبْنَاءِ الأَنْصَارِ».
6362 ـ وَحَدّثَنِيهِ يَحْيَى بْنُ حَبِيبٍ حَدّثَنَا خَالِدٌ (يَعْنِي ابْنَ الْحَارِثِ). حَدّثَنَا شُعْبَةُ، بِهَذَا الإِسْنَادِ.

**6363 ـ حدّثني أَبُو مَعْنٍ الرّقَاشِيّ حَدّثنا عُمَرُ بْنُ يُونُس. حَدّثنا عِكْرِمَةُ (وَهُوَ ابْنُ عَمّار) حَدّثنا إِسْحَقُ (وَهُوَ ابْنُ عَبْدِ اللّهِ بْنِ أَبي طَلْحَةَ) أَنّ أَنَساً حَدّثَهُ أَنّ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم اسْتَغْفَرَ لِلأَنْصَار. قَالَ: وَأَحْسِبُهُ قَالَ: «وَلِذَرَارِيّ الأَنْصَار، وَلِمَوَالِي الأَنْصَار» لاَ أَشُكّ فِيهِ.**

زەيد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ئى ئاللاھ! ئەنسارلارغا مەغپىرەت قىلسىلا، ئەنسارلارنىڭ باللىرىغا مەغپىرەت قىلسىلا، ئەنسارلارنىڭ باللىرىنىڭ باللىرىغا مەغپىرەت قىلسىلا، ئۇلارنىڭ قۇللىرىغا، دوسلىرىغا مەغپىرەت قىلسىلا.

**6364 ـ حدّثني أَبُو بَكْرِ بْنُ أَبي شَيْبَةَ وَ زُهَيْرُ بْنُ حَرْبٍ. جَمِيعاً عَنِ ابْنِ عُلَيّةَ (وَاللّفْظُ لِزُهَيْر). حَدّثنَا إِسْمَاعِيلُ عَنْ عَبْدِ الْعَزِيزِ (وَهُوَ ابْنُ صُهَيْبٍ)، عَنْ أَنَسٍ أَنّ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم رَأَى صِبْيَاناً وَنِسَاءً مُقْبِلِينَ مِنْ عُرْسٍ. فَقَامَ نَبِيّ اللّهِ صلى الله عليه وسلم مُمْثِلاً. فَقَالَ: «اللّهُمّ أَنْتُمْ مِنْ أَحَبّ النّاسِ إِلَيّ. اللّهُمّ أَنْتُمْ مِنْ أَحَبّ النّاسِ إِلَيّ» يَعْنِي الأَنْصَارَ.**

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم توي زىياپىتىدىن قايتقان (ئەنسارلارنىڭ) كىچىك باللىرىنى ۋە ئاياللىرىنى كۆرۈپ ئورنىدىن تۇرۇپ؛ ئى **الله**! سىلى مىنىڭ راست سۆزلىگىنىمنى بىلىپ تۇرىلا، ئى ئەنسارلار! سىلەر ماڭا كىشىلەرنىڭ ئەڭ سۆيۈملۈكرەكى دەپ ئىككى قېتىم دىدى.بۇخارى،مۇسلىم.

**6365 ـ 6366 ـ حدّثنا مُحَمّدُ بْنُ الْمُثَنّى وَ ابْنُ بَشّارٍ. جَمِيعاً عَنْ غُنْدَرٍ. قَالَ ابْنُ الْمُثَنّى: حَدّثنا مُحَمّدُ بْنُ جَعْفَرٍ. حَدّثنا شُعْبَةُ عَنْ هِشَامِ بْنِ زَيْدٍ. سَمِعْتُ أَنَسَ بْنَ مَالِكٍ يَقُولُ: جَاءَتِ امْرَأَةٌ مِنَ الأَنْصَارِ إِلَى رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم. قَالَ: فَخَلاَ بِهَا رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم. وَقَالَ: «وَالّذِي نَفْسِي بِيَدِهِ إِنّكُمْ لأَحَبّ النّاسِ إِلَيّ» ثَلاَثَ مَرّاتٍ.**

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، ئەنسارلاردىن بىرئايال رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قېشىغا كەلدى، رەسۇلۇللاھ ئۇ ئايال بىلەن ئۆزۈن مۇڭدىشىپ:**الله** بىلەن قەسەمكى، ئى ئەنسارلار! سىلەر ماڭا كىشىلەرنىڭ ئەڭ سۆيۈملۈكرەكى دەپ ئىككى ئۈچ قېتىم دىدى.بۇخارى،مۇسلىم.

**6367 ـ حدّثنا مُحَمّدُ بْنُ الْمُثَنّى وَ مُحَمّدُ بْنُ بَشّارٍ (وَاللّفْظُ لاِبْنِ الْمُثَنّى). قَالاَ: حَدّثنا مُحَمّدُ بْنُ جَعْفَرٍ. أَخْبَرَنَا شُعْبَةُ. سَمِعْتُ قَتَادَةَ يُحَدّثُ عَنْ أَنَسِ بْنِ مَالِكٍ أَنّ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم قَالَ: «إِنّ الأَنْصَارَ كَرِشِي وَعَيْبَتِي. وَإِنّ النّاسَ سَيَكْثُرُونَ وَيَقِلّونَ. فَاقْبَلُوا مِنْ مُحْسِنِهِمْ وَاعْفُوا عَنْ مُسِيئِهِمْ».**

ئۇسەيد ئىبنى ھۇزەير، ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ئەنسارلار مىنىڭ ئىچكى سىرلىرىمنى ساقلايدىغان كىشىلەر، مەخپىيەتلىككە ئىشەنچلىك خاس، كىشىلىرىم، ھەقىقەتەن كىشىلەر كۆپىيىپ ئۇلار ئاز قالىدۇ، ئۇلارنىڭ ياخشىلىق قىلغۇچىسىدىن قوبۇل قىلىپ، كەمچىلىك ئەيىب ــ نۇقسان سادىر قىلىپ قالىدىغىنىدىن ئەپۇ قىلىپ، ئۆتنۈۋېتىڭلار، نەسەئى، بەيھەقى، تىرمىزى تويلىغان، سەھىھ، بۇخارى قاتارلىقلاردىمۇ باردۇر. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، ئەبۇبەكرى بىلەن ئاباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملار، ئەنسارلار مەجلىسلىرىدىن بىر مەجلىسنىڭ يېنىدىن ئۆتسە، ئۇلار يىغلاۋاتقۇدەك، ئۇ؛ سىلەرنى نىمە يىغلاتتى؟دىسە، ئۇلار؛ بىز رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم نىڭ بىز بىلەن بىللە ئولتۇرغان مەجلىسنى ئەسلەپ قالدۇق دەپتۇ، ئاندىن ئۇ ئىككىسىنىڭ بىرسى رەسۇلۇللاھ نىڭ قېشىغا كىرىپ، بۇسۆزلەرنى خەۋەر

**سەھىھ مۇسلىمنىڭ تەرجىمىسى**

قىلىپتۇ،ئاندىن رەسۇلۇللاھ بېشىنى تونىنىڭ قىرغىقىدا تېڭىپ چىقىپ، مۇنبەر ئۈستىگە ئۆرلەپ، ـ شۇكۇندىن كىيىن مۇنبەرگە قەتئى چىقمىدى ـ **الله** قا ھەمدۇ ـ سانا ئەيتىپ مۇنداق دېدى؛ مەن سىلەرگە ئەنسارىلارنى ۋەسىيەت قىلىمەن، (يەنى ئۇلارنى لازىم تۇتۇڭلار، ئۇلارغا ياخشىلىق قىلىڭلار) ئەنسارىلار مېنىڭ سىرداشلىرىم ، ئىچكى خاس ئادەملىرىم، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئۈستىدىكى ھەقلەرنى، مەجبۇرىيەتلەرنى ئادا قىلىپ بولدى، ئۇلارنىڭ ھەقلىرى قېلىپ قالدى، ئۇلارنىڭ ياخشىلىق قىلغۇچىلىرىدىن قوبۇل قىلىڭلار، يامانلىقلىرى كۆرۈلۈپ قالسا، ئەپۇ قىلىپ ئۆتنۈپتىڭلار، بۇخارى 3515 _ ھەدىس، مۇسلىم 4565 _ ھەدىس، تىرمىزى 3842 _ ھەدىس، ئەھمەد 13075 _ ھەدىس، سەھىھ.

***1140 ـ باب في خير دور الأنصار، رضي الله عنهم***

**6368 ـ 6369 ـ حدّثنا مُحَمّدُ بْنُ الْمُثنّى وَ ابْنُ بَشّارٍ (وَاللّفْظُ لاِبْنِ الْمُثنّى). قالاَ: حَدّثنَا مُحَمّدُ بْنُ جَعْفَرٍ. حَدّثنَا شُعْبَةُ. سَمِعْتُ قَتَادَةَ يُحَدّثُ عَنْ أنَسِ بْنِ مَالِكٍ، عَنْ أبي أُسَيْدٍ، قَالَ: قَالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: «خَيْرُ دُورِ الأَنْصَارِ بَنُو النّجّارِ. ثُمّ بَنُو عَبْدِ الأَشْهَلِ، ثُمّ بَنُو الْحَارِثِ بْنِ الْخَزْرَجِ. ثُمّ بَنُو سَاعِدَةَ وَفِي كُلّ دُورِ الأَنْصَارِ خَيْرٌ». فَقَالَ سَعْدٌ: مَا أُرَى رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم إلاّ قَدْ فَضّلَ عَلَيْنَا. فَقِيلَ: قَدْ فَضّلَكُمْ عَلَى كَثِيرٍ.**

**6370 ـ حدّثنا قُتَيْبَةُ وَ ابْنُ رُمْحٍ عَنِ اللّيْثِ بْنِ سَعْدٍ. ح وَحَدّثنَا قُتَيْبَةُ. حَدّثنَا عَبْدُ الْعَزِيزِ (يَعْنِي ابْنَ مُحَمّدٍ). ح وَحَدّثنَا ابْنُ الْمُثنّى وَ ابْنُ أبي عُمَرَ. قالاَ: حَدّثنَا عَبْدُ الْوَهّابِ الثّقَفِيّ. كُلّهُمْ عَنْ يَحْيَى بْنِ سَعِيدٍ، عَنْ أنَسٍ، عَنِ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم. بِمِثْلِهِ. غَيْرَ أنّهُ لاَ يَذْكُرُ فِي الْحَدِيثِ قَوْلَ سَعْدٍ.**

**6371 ـ حدّثنا مُحَمّدُ بْنُ عَبّادٍ وَ مُحَمّدُ بْنُ مِهْرَانَ الرّازِيّ (وَاللّفْظُ لاِبْنِ عَبّادٍ). حَدّثنَا حَاتِمٌ (وَهُوَ ابْنُ إسْمَاعِيلَ عَنْ عَبْدِ الرّحْمَنِ بْنِ حُمَيْدٍ، عَنْ إبْرَاهِيمَ بْنِ مُحَمّدِ بْنِ طَلْحَةَ. قَالَ: سَمِعْتُ أبَا أُسَيْدٍ خَطِيباً عِنْدَ ابْنِ عُتْبَةَ. فَقَالَ: قَالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم«خَيْرُ دُورِ الأَنْصَارِ دَارُ بَنِي النّجّارِ، وَدَارُ بَنِي عَبْدِ الأَشْهَلِ وَدَارُ بَنِي الْحَارِثِ بْنِ الْخَزْرَجِ، وَدَارُ بَنِي سَاعِدَةَ». وَاللّهِ لَوْ كُنْتُ مُؤْثِراً بِهَا أحَداً لآثَرْتُ بِهَا عَشِيرَتِي.**

**6372 ـ حدّثنا يَحْيَى بْنُ يَحْيَى التّمِيمِيّ. أخْبَرَنَا الْمُغِيرَةُ بْنُ عَبْدِ الرّحْمَنِ عَنْ أبي الزّنَادِ. قَالَ: شَهِدَ أبُو سَلَمَةَ لَسَمِعَ أبَا أُسَيْدٍ الأَنْصَارِيّ يَشْهَدُ أنّ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم قَالَ: «خَيْرُ دُورِ الأَنْصَارِ بَنُو النّجّارِ. ثُمّ بَنُو عَبْدِ الأَشْهَلِ. ثُمّ بَنُو الْحَارِثِ بْنِ الْخَزْرَجِ. ثُمّ بَنُو سَاعِدَةَ. وَفِي كُلّ دُورِ الأَنْصَارِ خَيْرٌ».**

**قَالَ أبُو سَلَمَةَ: قَالَ أبُو أُسَيْدٍ: أتّهَمُ أنَا عَلَى رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم؟ لَوْ كُنْتُ كَاذِباً لَبَدَأْتُ بِقَوْمِي، بَنِي سَاعِدَةَ. وَبَلَغَ ذَلِكَ سَعْدَ بْنَ عُبَادَةَ فَوَجَدَ فِي نَفْسِهِ. وَقَالَ: خُلّفْنَا فَكُنّا آخِرَ الأَرْبَعِ. أسْرِجُوا لِي حِمَارِي آتِي رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم. وَكَلّمَهُ ابْنُ أخِيهِ، سَهْلٌ. فَقَالَ: أتَذْهَبُ لِتَرُدّ عَلَى رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم؟ وَرَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم أعْلَمُ. أوَلَيْسَ حَسْبُكَ أنْ تَكُونَ رَابِعَ أرْبَعٍ. فَرَجَعَ وَقَالَ: اللّهُ وَرَسُولُهُ أعْلَمُ. وَأمَرَ بِحِمَارِهِ فَحُلّ عَنْهُ.**

**6373 ـ حدّثنا عَمْرُو بْنُ عَلِيّ بْنِ بَحْرٍ. حَدّثنِي أبُو دَاوُدَ حَدّثنَا حَرْبُ بْنُ شَدّادٍ عَنْ يَحْيَى بْنِ أبي كَثِيرٍ. حَدّثنِي أبُو سَلَمَةَ أنّ أبَا أُسَيْدٍ الأَنْصَارِيّ حَدّثَهُ أنّهُ سَمِعَ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم يَقُولُ «خَيْرُ الأَنْصَارِ، أوْ خَيْرُ دُورِ الأَنْصَارِ» بِمِثْلِ حَدِيثِهِمْ. فِي ذِكْرِ الدّورِ. وَلَمْ يَذْكُرْ قِصّةَ سَعْدِ بْنِ عُبَادَةَ رَضِيَ اللّهُ عَنْهُ.**

ئەنەس، ئەبۇ ئۇسەيىد، ئەبۇ ھۇمەيىد، ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملاردىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: مەن سىلەرگە ئەنسارىلارنىڭ ھويلا، ئۆيلىرىنىڭ ئەڭ ياخشىسىدىن خەۋەر بەرمەيمۇ؟ بەنى نەججار ھويلىسى، بەنى ئابدۇ ئەشھەل ھويلىسى، بەنى ھارىس ھويلىسى، ئاندىن خەزرەج ئاندىن بەنى سائىدەت ھويلىسى، ئەنسارىلارنىڭ ھەربىر ھويلا، ئۆيلىرىدە ياخشىلىق باردۇر، (بۇ ئەنسارىلار پەزىلىتىدۇر ، رەسۇلۇللاھ ئۇلارنى بارچە خەلقنىڭ ئۈستىگە پەزىلەتلىك قىلدى ) بۇخارى،مۇسلىم، ئەھمەد، بەيھەقى، تىرمىزى،

نەسەئى، مۇسلىم توپلىغن، سەھىھ. جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ئەنسارىلارنىڭ دىيارلىرىنىڭ ياخشىسى، بەنۇنەججارنىڭ دىيارىدۇر، تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ. جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ئەنسارىلارنىڭ دىيارلىرىنىڭ ياخشىسى، ئابدۇ ئەشھەل جەمەتىدۇر، تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.

6374 ـ وحدّثني عَمْرٌو النّاقِدُ وَ عَبْدُ بْنُ حُمَيْدٍ. قالاَ: حَدّثَنَا يَعْقُوبُ (وَهُوَ ابْنُ إِبْرَاهِيمَ بْنِ سَعْدٍ). حَدّثَنَا أَبي عَنْ صَالِحٍ، عَنِ ابْنِ شِهَابٍ. قالَ: قالَ أَبُو سَلَمَةَ وَ عُبَيْدُ اللّهِ بْنُ عَبْدِ اللّهِ بْنِ عُتْبَةَ بْنِ مَسْعُودٍ. سَمِعَا أَبَا هُرَيْرَةَ يَقُولُ: قَالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم، وَهُوَ فِي مَجْلِسٍ عَظِيمٍ مِنَ الْمُسْلِمِينَ «أُحَدّثُكُمْ بِخَيْرِ دُورِ الأَنْصَارِ؟» قَالُوا: نَعَمْ. يَا رَسُولَ اللّهِ قَالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم «بَنُو عَبْدِ الأَشْهَلِ» قَالُوا: ثُمّ مَنْ؟ قَالَ «ثُمّ بَنُو النّجّارِ» قَالُوا: ثُمّ مَنْ؟ يَا رَسُولَ اللّهِ قَالَ: «ثُمّ بَنُو الحرث بْنِ الْخَزْرَجِ» قَالُوا: ثُمّ مَنْ؟ يَا رَسُولَ اللّهِ قَالَ «ثُمّ بَنُو سَاعِدَةَ» قَالُوا: ثُمّ مَنْ؟ يَا رَسُولَ اللّهِ قَالَ «ثُمّ فِي كُلّ دُورِ الأَنْصَارِ خَيْرٌ» فَقَامَ سَعْدُ بْنُ عُبَادَةَ مُغْضَباً. فَقَالَ: أَنَحْنُ آخِرُ الأَرْبَعِ؟ حِينَ سَمّى رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم دَارَهُم. فَأَرَادَ كَلاَمَ رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم. فَقَالَ لَهُ رِجَالٌ مِنْ قَوْمِهِ: اجْلِسْ. أَلاَ تَرْضَى أَنْ سَمّى رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم دَارَكُمْ فِي الأَرْبَعِ الدّورِ الّتِي سَمّى؟ فَمَنْ تَرَكَ فَلَمْ يُسَمّ أَكْثَرُ مِمّنْ سَمّى. فَانْتَهَى سَعْدُ بْنُ عُبَادَةَ عَنْ كَلاَمِ رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم.

ئەنەس، ئەبۇ ئۇسەيىد، ئەبۇ ھۇمەيىد، ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملاردىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇسۇلمانلارنىڭ چوڭ مەجلىسدە مۇنداق دىگەن: مەن سىلەرگە ئەنسارىلارنىڭ ھويلا، ئۆيلىرىنىڭ ئەڭ ياخشىسىدىن خەۋەر بەرمەيمۇ؟ ئۇلار بولىدۇ دەپ كەينى كەينىدىن سوردى، رەسۇلۇللاھ : بەنى نەججار ھويلىسى، بەنى ئابدۇ ئەشھەل ھويلىسى، بەنى ھارىس ھويلىسى، ئاندىن خەزرەج ئاندىن بەنى سائىدەت ھويلىسى، ئەنسارىلارنىڭ ھەربىر ھويلا، ئۆيلىرىدە ياخشىلىق باردۇر،دىدى.سەئد تۆتىنچى قاتادا تىلغا ئېلىنغىنىغا ئاچچىقلاپ ئاندىن كىيىن تىلغا ئېلىنغىنىغا خۇشال بولدى (بۇ ئەنسارىلار پەزىلىتىدۇر) بۇخارى،مۇسلىم،ئەھمەد، بەيھەقى، تىرمىزى، نەسەئى.

### 1141 ـ باب في حسن صحبة الأنصار، رضي اللّه عنهم

6375 ـ حدّثنا نَصْرُ بْنُ عَلِيَ الْجَهْضَمِيّ وَ مُحَمّدُ بْنُ الْمُثَنّى وَ ابْنُ بَشّارٍ. جَمِيعاً عَنِ ابْنِ عَرْعَرَةَ (وَاللّفْظُ لِلْجَهْضَمِيّ). حَدّثَنِي مُحَمّدُ بْنُ عَرْعَرَةَ. حَدّثَنَا شُعْبَةُ عَنْ يُونُسَ بْنِ عُبَيْدٍ، عَنْ ثَابِتٍ الْبُنَانِيّ، عَنْ أَنَسِ بْنِ مَالِكٍ قَالَ: خَرَجْتُ مَعَ جَرِيرِ بْنِ عَبْدِ اللّهِ الْبَجَلِيّ فِي سَفَرٍ، فَكَانَ يَخْدُمُنِي. فَقُلْتُ لَهُ: لاَ تَفْعَلْ. فَقَالَ: إِنّي قَدْ رَأَيْتُ الأَنْصَارَ تَصْنَعُ بِرَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم شَيْئاً، آلَيْتُ أَنْ لاَ أَصْحَبَ أَحَداً مِنْهُمْ إِلاّ خَدَمْتُهُ. زَادَ ابْنُ الْمُثَنّى وَابْنُ بَشّارٍ فِي حَدِيثِهِمَا: وَكَانَ جَرِيرٌ أَكْبَرَ مِنْ أَنَسٍ. وَقَالَ ابْنُ بَشّارٍ: أَسَنّ مِنْ أَنَسٍ.

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، مەن جەرىر ئىبنى ئابدۇاللە بەجەلى بىلەن بىللە سەپەرگە چىقتىم، ئۇ مەندىن چوڭ تۇرۇپ ماڭا بەك كۆپ خىزمەت قىلىپ كەتتى، مەن ئۇنىڭغا: سەن بۇنداق قىلمىغىن دىسەم، ئۇماڭا: مەن ئەنسارلارنىڭ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە نۇرغۇن ئىشلارنى (خىزمەتلەرنى)قىلىپ بەرگىنىنى كۆرگەن ئىدىم، ئاندىن مەن ئەنسارلاردىن بىرەر كىشىگە ھەمراھ بولۇپ قالساملا، ئۇنىڭ خىزمىتىنى قىلىشقا قەسەم قىلغانمەن دىدى.

*1142 ـ باب دعاء النبيّ صلى الله عليه وسلم لغفار وأسلم*

**6376 ـ حدّثنا هَدّابُ بْنُ خَالِدٍ. حَدّثنَا سُلَيْمَانُ بْنُ الْمُغِيرَةِ. حَدّثنَا حُمَيْدُ بْنُ هِلاَلٍ عَنْ عَبْدِ اللّهِ بْنِ الصّامِتِ. قَالَ: قَالَ أَبُو ذَرَ: قَالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم «غِفَارُ غَفَرَ اللّهُ لَهَا. وَأَسْلَمُ سَالَمَهَا اللّهُ».**

**6377 ـ حدّثنا عُبَيْدُ اللّهِ بْنُ عُمَرَ الْقَوَارِيرِيّ وَ مُحَمّدُ بْنُ الْمُثَنّى وَ ابْنُ بَشّارٍ. جَمِيعاً عَنِ ابْنِ مَهْدِيَ. قَالَ: قَالَ ابْنُ الْمُثَنّى: حَدّثَنِي عَبْدُ الرّحْمَـٰنِ بْنُ مَهْدِيَ. حَدّثنَا شُعْبَةُ عَنْ أَبِي عِمْرَانَ الْجَوْنِيّ، عَنْ عَبْدِ اللّهِ بْنِ الصّامِتِ، عَنْ أَبِي ذَرَ. قَالَ: قَالَ لِي رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: «ائْتِ قَوْمَكَ فَقُلْ: إِنّ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم قَالَ: «أَسْلَمُ سَالَمَهَا اللّهُ وَغِفَارُ غَفَرَ اللّهُ لَهَا».**

**6378 ـ حدّثناه مُحَمّدُ بْنُ الْمُثَنّى وَ ابْنُ بَشّارٍ. قَالاَ: حَدّثنَا أَبُو دَاوُدَ. حَدّثنَا شُعْبَةُ، فِي هَذَا الإِسْنَادِ.**

**6379 ـ حدّثنا مُحَمّدُ بْنُ الْمُثَنّى وَ ابْنُ بَشّارٍ وَ سُوَيْدُ بْنُ سَعِيدٍ وَ ابْنُ أَبِي عُمَرَ. قالُوا: حَدّثنا عبد الوهاب الثقفيّ عَنْ أَيُوب، عَنْ مُحَمّدٍ، عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ. ح وَحَدّثنَا عُبَيْدُ اللّهِ بْنُ مُعَاذٍ. حَدّثنَا أَبِي. ح وَحَدّثنَا مُحَمّدُ بْنُ الْمُثَنّى. حَدّثنَا عَبْدُ الرّحْمَـٰنِ بْنُ مَهْدِيَ. قَالاَ: حَدّثنَا شُعْبَةُ عَنْ مُحَمّدِ بْنِ زِيَادٍ، عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ. ح وَحَدّثَنِي مُحَمّدُ بْنُ رَافِعٍ. حَدّثنَا شَبَابَةُ. حَدّثَنِي وَرْقَاءُ عَنْ أَبِي الزّنَادِ، عَنِ الأَعْرَجِ، عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ. ح وَحَدّثنَا يَحْيَى بْنُ حَبِيبٍ. حَدّثنَا رَوْحُ بْنُ عُبَادَةَ. ح وَحَدّثنَا مُحَمّدُ بْنُ عَبْدِ اللّهِ بْنِ نُمَيْرٍ وَ عَبْدُ بْنُ حُمَيْدٍ عَنْ أَبِي عَاصِمٍ كِلاَهُمَا عَنِ ابْنِ جُرَيْجٍ، عَنْ أَبِي الزّبَيْرِ، عَنْ جَابِرٍ. ح وَحَدّثَنِي سَلَمَةُ بْنُ شَبِيبٍ. حَدّثنَا الْحَسَنُ بْنُ أَعْيَنَ. حَدّثنَا مَعْقِلٌ عَنْ أَبِي الزّبَيْرِ، عَنْ جَابِرٍ. كُلّهُمْ قَالَ: عَنِ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم قَالَ «أَسْلَمُ سَالَمَهَا اللّهُ وَغِفَارُ غَفَرَ اللّهُ لَهَا».**

ئەبۇزەر، ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: غىپار قەبىلىسىگە ئاللاھ مەغپىرەت قىلسۇن، ئەسلەم قەبىلىسىنى ئاللاھ سالامەت قىلسۇن، ئەسىيەت قەبىلىسى ئاللاھقا ۋە ئۇنىڭ ئەلچىسىگە ئاسىيلىق قىلدى، بۇخارى،مۇسلىم،ئەھمەد، بەيھەقى، تىرمىزىلار توپلىغان، سەھىھ.

**6380 ـ وحدّثني حُسَيْنُ بْنُ حُرَيْثٍ. حَدّثنَا الْفَضْلُ بْنُ مُوسَىَ، عَنْ خُثَيْمِ بْنِ عِرَاكٍ، عَنْ أَبِيهِ، عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ أَنّ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم قَالَ: «أَسْلَمُ سَالَمَهَا اللّهُ وَغِفَارُ غَفَرَ اللّهُ لَهَا. أَمَا إِنّي لَمْ أَقُلْهَا. وَلَكِنْ قَالَهَا اللّهُ عَزّ وَجَلّ».**

سەلەمەت ئىبنى ئەكۋە، ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملاردىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئەسلەم قەبىلىسىنى ئاللاھ سالامەت قىلغاي، غىپار قەبىلىسىنى مەغپىرەت قىلغاي، ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، بۇ سۆزنى مەن دېمىدىم، لېكىن ئاللاھمۇ شۇنداق دېدى، ئەھمەد، تەبرانى، ھاكىم، مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.

**6381 ـ حدّثني أَبُو الطّاهِرِ. حَدّثنَا ابْنُ وَهْبٍ عَنِ اللّيْثِ، عَنْ عِمْرَانَ بْنِ أَبِي أَنَسٍ، عَنْ حَنْظَلَةَ بْنِ عَلِيَ، عَنْ خُفَافِ بْنِ إِيمَاءَ الْغِفَارِيّ. قَالَ: قَالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم، فِي صَلاَةٍ: «اللّهُمّ الْعَنْ بَنِي لِحْيَانَ وَرِعْلاً وَذَكْوَانَ. وَعُصَيّةَ عَصَوُا اللّهَ وَرَسُولَهُ. غِفَارُ غَفَرَ اللّهُ لَهَا. وَأَسْلَمُ سَالَمَهَا اللّهُ».**

خۇپاپ، ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئى **الله**!بەنى لەھيان، رىئلە،زەكۋان قەبىلىلىرىگە لەنەت قىلسىلا. ئەسىيەت قەبىلىسى ئاللاھقا ۋە ئۇنىڭ ئەلچىسىگە ئاسىيلىق قىلدى،غىپار قەبىلىسىگە ئاللاھ مەغپىرەت قىلسۇن، ئەسلەم قەبىلىسىنى ئاللاھ سالامەت قىلسۇن، بۇخارى،مۇسلىم.

**6382 ـ حدّثنا يَحْيَىَ بْنُ يَحْيَىَ وَ يَحْيَىَ بْنُ أَيّوبَ وَ قُتَيْبَةُ وَ ابْنُ حُجْرٍ (قَالَ يَحْيَىَ بْنُ يَحْيَىَ: أَخْبَرَنَا. وَقَالَ الآخَرُونَ: حَدّثنَا) إِسْمَاعِيلُ بْنُ جَعْفَرٍ عَنْ عَبْدِ اللّهِ بْنِ دِينَارٍ أَنّهُ سَمِعَ ابْنَ عُمَرَ يَقُولُ: قَالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: «غِفَارُ غَفَرَ اللّهُ لَهَا. وَأَسْلَمُ سَالَمَهَا اللّهُ. وَعُصَيّةُ عَصَتِ اللّهَ وَرَسُولَهُ».**

**6383 ـ حدّثنا ابْنُ الْمُثَنّى. حَدّثنَا عَبْدُ الْوَهّابِ. حَدّثنَا عُبَيْدُ اللّهِ. ح وَحَدّثنَا عَمْرُو بْنُ سَوّادٍ. أَخْبَرَنَا ابْنُ وَهْبٍ. أَخْبَرَنِي أُسَامَةُ. ح وَحَدّثَنِي زُهَيْرُ بْنُ حَرْبٍ وَ الْحُلْوَانِي وَ عَبْدُ بْنُ حُمَيْدٍ عَنْ يَعْقُوبَ بْنِ إِبْرَاهِيمَ بْنِ سَعْدٍ. حَدّثنَا أَبِي عَنْ صَالِحٍ. كُلّهُمْ عَنْ نَافِعٍ، عَنِ ابْنِ عُمَرَ، عَنِ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم. بِمِثْلِهِ. وَفِي حَدِيثِ صَالِحٍ وَأُسَامَةَ أَنّ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم قَالَ ذَلِكَ عَلَى الْمِنْبَرِ.**

**6384 ـ وَحَدّثنِيهِ حَجّاجُ بْنُ الشّاعِرِ. حَدّثنَا أَبُو دَاوُدَ الطّيَالِسِيّ. حَدّثنَا حَرْبُ بْنُ شَدّادٍ عَنْ يَحْيَىَ حَدّثَنِي أَبُو سَلَمَةَ. حَدّثَنِي ابْنُ عُمَرَ. قَالَ: سَمِعْتُ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم يَقُولُ. مِثْلَ حَدِيثِ هَؤُلاَءِ عَنِ ابْنِ عُمَرَ.**

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: غىپار قەبىيلىسىگە ئاللاھ مەغپىرەت قىلسۇن، ئەسلەم قەبىيلىسىنى ئاللاھ سالامەت قىلسۇن، ئەسىيەت قەبىيلىسى ئاللاھقا ۋە ئۇنىڭ ئەلچىسىگە ئاسىيلىق قىلدى، بۇخارى،مۇسلىم،ئەھمەد، بەيھەقى، تىرمىزيلار توپلىغان، سەھىھ.

**1143 ـ باب من فضائل غفار وأسلم وجهينة وأشجع ومزينة وتميم ودوس وطيء**

**6385 ـ حدّثني زُهَيْرُ بْنُ حَرْبٍ. حَدّثنَا يَزِيدُ (وَهُوَ ابْنُ هَرُونَ). أَخْبَرَنَا أَبُو مَالِكٍ الأَشْجَعِيّ عَنْ مُوسَى بْنِ طَلْحَةَ، عَنْ أَبِي أَيّوبَ. قَالَ: قَالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: «الأَنْصَارُ وَمُزَيْنَةُ وَجُهَيْنَةُ وَغِفَارُ وَأَشْجَعُ، وَمَنْ كَانَ مِنْ بَنِي عَبْدِ اللّهِ، مَوَالِيّ دُونَ النّاسِ. وَاللّهُ وَرَسُولُهُ مَوْلاَهُمْ.**

ئەبۇ ئەييۇب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئەنسارىلار ، مۇزەينە ، جۇھەينەت، غىپار، ئەشجەئى قەبىلىسى، ئابدۇددار جەمەتىدىكىلەر مېنىڭ دوستلۇرۇم، باشقىلار ئەمەس، ئۇلار مېنىڭ دوستلىرىم، ئاللاھ ۋە ئاللاھنىڭ ئەلچىسى ئۇلارنىڭ دوستى، ئىگىسى بولىدۇ، ئەھمەد، تىرمىزى، مۇسلىم.

**6386 ـ 6387 ـ حدّثنا مُحَمّدُ بْنُ عَبْدِ اللّهِ بْنِ نُمَيْرٍ. حَدّثنَا أَبِي حَدّثنَا سُفْيَانُ عَنْ سَعْدِ بْنِ إِبْرَاهِيمَ، عَنْ عَبْدِ الرّحْمَنِ بْنِ هُرْمُزَ، الأَعْرَجِ، عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ. قَالَ: قَالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: «قُرَيْشٌ وَالأَنْصَارُ وَمُزَيْنَةُ وَجُهَيْنَةُ وَأَسْلَمُ وَغِفَارُ وَأَشْجَعُ، مَوَالِيّ. لَيْسَ لَهُمْ مَوْلًى دُونَ اللّهِ وَرَسُولِهِ».**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: قۇرەيش، ئەنسار ، جۇھەينە، مۇزەينە، ئەسلەم، ئەشجەئ، غىپار قەبىلىلىرى مېنىڭ دوستۇم، ئۇلارغا ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ ئەلچىسىدىن باشقا يېقىن دوست ۋە ئىگە يوقتۇر، بۇخارى،مۇسلىم،بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.

**6388 ـ حدّثنا مُحَمّدُ بْنُ الْمُثنّى وَ مُحَمّدُ بْنُ بَشّارٍ. قَالَ ابْنُ الْمُثنّى: حَدّثنَا مُحَمّدُ بْنُ جَعْفَرٍ حَدّثنَا شُعْبَةُ عَنْ سَعْدِ بْنِ إِبْرَاهِيمَ. قَالَ: سَمِعْتُ أَبَا سَلَمَةَ يُحَدّثُ عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ، عَنِ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم، أَنّهُ قَالَ: «أَسْلَمُ وَغِفَارُ وَمُزَيْنَةُ، وَمَنْ كَانَ مِنْ جُهَيْنَةَ، أَوْ جُهَيْنَةُ، خَيْرٌ مِنْ بَنِي تَمِيمٍ وَبَنِي عَامِرٍ، وَالْحَلِيفَيْنِ، أَسَدٍ وَغَطَفَانَ».**

ئەبۇ بۇكرەت ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئەسلەم، غ ىپار، مۇزەينەت ، جۇھەينەت قەبىلىسى بەنى تەمىيم، ئەسەد، غەتقان، ئامىر ئىبنى سەئسەت قەبىلىسىدىن ياخشىراقتۇر، تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ، بۇ ھەدىسلەردىكى مەخسەت، شۇ قەبىلىلەر پەزىلىتىدۇر.

**6389 ـ حدّثنا قُتَيْبَةُ بْنُ سَعِيدٍ. حَدّثنَا الْمُغِيرَةُ (يَعْنِي الْحِزَامِيّ) عَنْ أَبِي الزّنَادِ، عَنِ الأَعْرَجِ، عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ، قَالَ: قَالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم. ح وَحَدّثنَا عَمْرٌوالنّاقِدُ وَ حَسَنٌ الْحُلْوَانِيّ وَ عَبْدُ بْنُ حُمَيْدٍ قَالَ عَبْدٌ: أَخْبَرَنِي. وَقَالَ الآخَرَانِ: حَدّثنَا) يَعْقُوبُ بْنُ إِبْرَاهِيمَ بْنِ سَعْدٍ. حَدّثنَا أَبِي عَنْ صَالِحٍ، عَنِ الأَعْرَجِ، قَالَ: قَالَ أَبُو هُرَيْرَةَ: قَالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: «وَالّذِي نَفْسُ مُحَمّدٍ بِيَدِهِ لَغِفَارُ وَأَسْلَمُ وَمُزَيْنَةُ، وَمَنْ كَانَ مِنْ جُهَيْنَةَ، أَوْ قَالَ جُهَيْنَةُ، وَمَنْ كَانَ مِنْ مُزَيْنَةَ، خَيْرٌ عِنْدَ اللّهِ يَوْمَ الْقِيَامَةِ، مِنْ أَسَدٍ وَطَيّءٍ وَغَطَفَانَ».**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، غىپار، ئەسلەم، مۇزەينە، جۇھەينەت، مۇزەينە قەبىلىسىدىن بولغان كىشىلەر قىيامەت كۈنى ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا ئەسەد، تىيئى، غەتقان قەبىيلىلىرىدىن ياخشىراقتۇر. تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.

6390 ـ حدّثني زُهَيْرُ بْنُ حَرْبٍ وَ يَعْقُوبُ الدّوْرَقِيّ. قالاَ: حَدّثنَا إِسْمَاعِيلُ (يَعْنِيان ابْنَ عُلَيّة) حَدّثنَا أَيّوبُ عَنْ مُحمّدٍ، عَنْ أَبي هُرَيْرَةَ، قالَ: قالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم «لأَسْلَمُ وغِفَارُ، وَشَيْءٌ مِنْ مُزَيْنَةَ وَجُهَيْنَةَ، أَوْ شَيْءٌ مِنْ جُهَيْنَةَ وَمُزَيْنَةَ، خَيْرٌ عِنْدَ اللّهِ ـــ قالَ أَحْسِبُهُ قالَ ـــ يَوْمَ الْقِيَامَةِ، مِنْ أَسَدٍ وَغَطَفَانَ وَهَوَازِنَ وَتَمِيمٍ».

6391 ـ حدّثنا أَبُو بَكْرِ بْنُ أَبِي شَيْبَةَ. حَدّثنَا غُنْدَرٌ عَنْ شُعْبَةَ ح وَحَدّثنَا مُحَمّدُ بْنُ الْمُثَنّى وَ ابْنُ بَشّارٍ. قالاَ: حَدّثنَا مُحَمّدُ بْنُ جَعْفَرٍ. حَدّثنَا شُعْبَةُ عَنْ مُحمّدِ بْنِ أَبِي يَعْقُوبَ سَمِعْتُ عَبْدَ الرّحْمَنِ بْنَ أَبِي بَكْرَةَ يُحَدّثُ عَنْ أَبِيهِ أَنّ الأَقْرَعَ بْنَ حَابِسٍ جَاءَ إِلَى رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم. فقالَ: إِنّمَا بَايَعَكَ سُرّاقُ الْحَجِيجِ مِنْ أَسْلَمَ وَغِفَارَ وَمُزَيْنَةَ. وَأَحْسِبُ جُهَيْنَةَ (مُحَمّدٌ الّذِي شَكّ) فقالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: «أَرَأَيْتَ إِنْ كَانَ أَسْلَمُ وَغِفَارُ وَمُزَيْنَةُ ـــ وَأَحْسِبُ جُهَيْنَةُ ـــ خَيْراً مِنْ بَنِي تَمِيمٍ وَبَنِي عَامِرٍ وَأَسَدٍ وَغَطَفَانَ، أَخَابُوا وَخَسِرُوا؟» فقالَ: نَعَمْ. قالَ: «وَالّذِي نَفْسِي بِيَدِهِ إِنّهُمْ لأَخْيَرُ مِنْهُمْ»وَلَيْسَ فِي حَدِيثِ ابْنِ أَبِي شَيْبَةَ: مُحَمّدٌ الّذِي شَكّ.

6392 ـ حدّثني هَرُونُ بْنُ عَبْدِ اللّهِ. حَدّثنَا عَبْدُ الصّمَدِ. حَدّثنَا شُعْبَةُ. حَدّثني سَيّدُ بَنِي تَمِيمٍ، مُحَمّدُ بْنُ عَبْدِ اللّهِ بْنِ أَبِي يَعْقُوبَ الضّبّيّ، بِهَذَا الإِسْنَادِ، مِثْلَهُ. وَقالَ «وَجُهَيْنَةُ» وَلَمْ يَقُلْ: أَحْسِبُ.

6393 ـ حدّثنا نَصْرُ بْنُ عَلِيَ الْجَهْضَمِيّ. حَدّثنَا أَبِي. حَدّثنَا شُعْبَةُ عَنْ أَبِي بِشْرٍ، عَنْ عَبْدِ الرّحْمَنِ بْنِ أَبِي بَكْرَةَ، عَنْ أَبِيهِ، عَنْ رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم، قالَ: «أَسْلَمُ وَغِفَارُ وَمُزَيْنَةُ وَجُهَيْنَةُ خَيْرٌ مِنْ بَنِي تَمِيمٍ وَمِنْ بَنِي عَامِرٍ، وَالْحَلِيفَيْنِ بَنِي أَسَدٍ وَغَطَفَانَ».

6394 ـ حدّثنا مُحَمّدُ بْنُ الْمُثَنّى وَ هَرُونُ بْنُ عَبْدِ اللّهِ. قالاَ: حَدّثنَا عَبْدُ الصّمَدِ.ح وَحَدّثنِيهِ عَمْرٌو النّاقِدُ. حَدّثنَا شَبَابَةُ بْنُ سَوّارٍ. قالاَ: حَدّثنَا شُعْبَةُ عَنْ أَبِي بِشْرٍ، بِهَذَا الإِسْنَادِ.

ئەبۇ ھۈرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئەسلەم، غەپپار، مۇزەينەدىن ئازىراق كىشىلەر، جۇھەينەت قەبىلىلىرى قىيامەت كۈنى ئاللاھنىڭ نەزىرىدە ئەسەد، تەمىيم، ھاۋازىن، غەتفان، تېيئ قەبىلىسىدىن ياخشىراقتۇر، ئەھمەد، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.

6395 ـ حدّثنا أَبُو بَكْرِ بْنُ أَبِي شَيْبَةَ وَ أَبُو كُرَيْبٍ (وَاللّفْظُ لأَبِي بَكْرٍ). قالاَ: حَدّثنَا وَكِيعٌ عَنْ سُفْيَانَ، عَنْ عَبْدِ الْمَلِكِ بْنِ عُمَيْرٍ، عَنْ عَبْدِ الرّحْمَنِ بْنِ أَبِي بَكْرَةَ، عَنْ أَبِيهِ. قالَ: قالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم «أَرَأَيْتُمْ إِنْ كَانَ جُهَيْنَةُ وَأَسْلَمُ وَغِفَارُ خَيْراً مِنْ بَنِي تَمِيمٍ وَبَنِي عَبْدِ اللّهِ بْنِ غَطَفَانَ وَعَامِرِ بْنِ صَعْصَعَةَ» وَمَدّ بِهَا صَوْتَهُ فقالُوا: يَا رَسُولَ اللّهِ فَقَدْ خَابُوا وَخَسِرُوا. قالَ: «فَإِنّهُمْ خَيْرٌ». وَفِي رِوَايَةِ أَبِي كُرَيْبٍ «أَرَأَيْتُمْ إِنْ كَانَ جُهَيْنَةُ وَمُزَيْنَةُ وَأَسْلَمُ وَغِفَارُ».

ئەبۇ بۇكرەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئەسلەم، غ ىپار، مۇزەينەت، جۇھەينەت قەبىلىسى بەنى تەمىيم، ئەسەد، غەتفان، ئامىر ئىبنى سەئسەت قەبىلىسىدىن ياخشىراقتۇر.

6396 ـ حدّثني زُهَيْرُ بْنُ حَرْبٍ. حَدّثنَا أَحْمَدُ بْنُ إِسْحَقَ. حَدّثنَا أَبُو عَوَانَةَ عَنْ مُغِيرَةَ، عَنْ عَامِرٍ، عَنْ عَدِيّ بْنِ حَاتِمٍ. قالَ: أَتَيْتُ عُمَرَ بْنَ الْخَطّابِ فقالَ لِي: إِنّ أَوّلَ صَدَقَةٍ بَيّضَتْ وَجْهَ رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم وَوُجُوهَ أَصْحَابِهِ، صَدَقَةُ طَيّءٍ، جِئْتَ بِهَا إِلَى رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم.

ئەدىي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، مەن ئۆمەرئىبنى خەتتابنىڭ قېشىغا كەلسەم، ئۇماڭا: رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ۋە ساھابىلىرىنىڭ يۈزلىرىنى خۇشاللىقتىن نۇرلاندۇرغان تۇنجى سەدىقە ـ زاكات سەن ئېلىپ كەلگەن تېيئ قەبىلىسىنىڭ سەدىقىسى بولدى دېدى.

6397 ـ حدّثنا يَحْيَى بْنُ يَحْيَى. أَخْبَرَنَا الْمُغِيرَةُ بْنُ عَبْدِ الرّحْمَنِ عَنْ أَبِي الزّنَادِ، عَنِ الأَعْرَجِ، عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ. قالَ: قَدِمَ الطّفَيْلُ وَأَصْحَابُهُ فقالُوا: يَا رَسُولَ اللّهِ إِنّ دَوْساً قَدْ كَفَرَتْ وَأَبَتْ. فَادْعُ اللّهَ عَلَيْهَا. فَقِيلَ: هَلَكَتْ دَوْسٌ. فقالَ: «اللّهُمّ اهْدِ دَوْساً وَائْتِ بِهِمْ».

ئەبۇ ھۈرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، دۇۋەيسلىك تۇپەيل، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قېشىغا كېلىپ؛ دۇۋەيس قەبىلىسى ھالاك بولدى، ئۇلار الله قا ئاسىيلىق قىلدى، ئۇلار ئىسلامغا كىرىشكە ئۇنىمىدى، ئۇلارغا قارشى الله قا بەد دۇئا قىلسىلا دېدى، كىشىلەر رەسۇلۇللاھنى ئۇلارغا قارشى بەد دۇئا قىلىدۇ دەپ گۇمان

قىلىپ قالدى، ئەمەلىيەتتە رەسۇلۇللاھ ئى **الله!** دۇۋەيس قەبىلىسىنى ھىدايەت قىلسىلا، ئۇلارنى ماڭا مۇسۇلمان

ھالىتىدە كەلتۈرۈپ بەرسىلە دېدى.بۇخارى،مۇسلىم.بۇھەدىستا دۇۋەيسلەردە ياخشىلىق بارلىقى باردۇر.

**6398 ـ6399 ـ حدّثنا قُتَيْبَةُ بْنُ سَعِيدٍ. حَدّثَنَا جَرِيرٌ عَنْ مُغِيرَةَ، عَنِ الْحَارِثِ، عَنْ أَبِي زُرْعَةَ قالَ: قالَ أَبُو هُرَيْرَةَ: لاَ أَزَالُ أُحِبّ بَنِي تَمِيمٍ مِنْ ثَلاَثٍ. سَمِعْتُهُنّ مِنْ رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم. سَمِعْتُ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم يَقُولُ: «هُمْ أَشَدّ أُمّتِي عَلَى الدّجّالِ» قالَ: وَجَاءَتْ صَدَقَاتُهُمْ فَقالَ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم: «هَـٰذِهِ صَدَقَاتُ قَوْمِنَا» قالَ: وَكَانَتْ سَبِيّةٌ مِنْهُمْ عِنْدَ عَائِشَةَ. فَقالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: «أَعْتِقِيهَا فَإِنّهَا مِنْ وَلَدِ إِسْمَاعِيلَ».**

**6400 ـ وحدّثنا حَامِدُ بْنُ عُمَرَ الْبَكْرَاوِيّ. حَدّثَنَا مَسْلَمَةُ بْنُ عَلْقَمَةَ الْمَازِنِيّ، إِمَامُ مَسْجِدِ دَاوُدَ. حَدّثَنَا دَاوُدُ عَنِ الشّعْبِيّ، عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ. قالَ: ثَلاَثُ خِصَالٍ سَمِعْتُهُنّ مِنْ رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم فِي بَنِي تَمِيمٍ. لاَ أَزَالُ أُحِبّهُمْ بَعْدُ. وَسَاقَ الْحَدِيثَ بِهَـٰذَا الْمَعْنَى. غَيْرَ أَنّهُ قالَ: «هُمْ أَشَدّ النّاسِ قِتَالاً فِي الْمَلاَحِمِ». وَلَمْ يَذْكُرِ الدّجّالَ.**

ئەبۇھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمۇنداق دەيدۇ؛ مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم نىڭ بەنى تەمىملەر توغرىسىدا ئۈچ نەرسىنى دېگەنلىكىنى ئاڭلىغاندىن باشلاپلا ئۇلارنى ياخشى كۆرۈپ كەلدىم، رەسۇلۇللاھ ئۇلار(يەنى بەنى تەمىملەر)دەججالغا ئۈممىتىمنىڭ ئەڭ قاتتىق قارشى تۇردىغان كىشىللىردۇر دېگەن. ئۇلارنىڭ سەدىقىللىرى كەلگەندە، رەسۇلۇللاھ بۇ بىزنىڭ قەۋمىمىزنىڭ سەدىقىللىرى دېگەن. ئۇلاردىن بىر ئولجا ئېلىنغان ئايال ئائىشەنىڭ قولىغا چۈشكەندە، رەسۇلۇللاھ ئۇنى ئازاد قىلىۋەتكىن، چۈنكى ئۇ ئىسمائىلنىڭ باللىرىدىن دېگەن ئىدى.بۇخارى،مۇسلىم.

## *1144 ـ باب خيار الناس* كىشىلەرنىڭ ئەڭ ياخشىسى توغرىسىدا

**6401 ـ حدّثني حَرْمَلَةُ بْنُ يَحْيَىَ. أَخْبَرَنَا ابْنُ وَهْبٍ. أَخْبَرَنَي يُونُسُ عَنِ ابْنِ شِهَابٍ. حَدّثَنِي سَعِيدُ بْنُ الْمُسَيّبِ عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ أَنّ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم قالَ: «تَجِدُونَ النّاسَ مَعَادِنَ. فَخِيَارُهُمْ فِي الْجَاهِلِيّةِ خِيَارُهُمْ فِي الإِسْلاَمِ إِذَا فَقِهُوا. وَتَجِدُونَ مِنْ خَيْرِ النّاسِ فِي هَـٰذَا الأَمْرِ، أَكْرَهُهُمْ لَهُ. قَبْلَ أَنْ يَقَعَ فِيهِ. وَتَجِدُونَ مِنْ شِرَارِ النّاسِ ذَا الْوَجْهَيْنِ. الّذِي يَأْتِي هَؤُلاَءِ بِوَجْهٍ وَهَؤُلاَءِ بِوَجْهٍ».**

**6402 ـ حدّثني زُهَيْرُ بْنُ حَرْبٍ. حَدّثَنَا جَرِيرٌ عَنْ عُمَارَةَ، عَنْ أَبِي زُرْعَةَ، عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ. ح وَحَدّثَنَا قُتَيْبَةُ بْنُ سَعِيدٍ. حَدّثَنَا الْمُغِيرَةُ بْنُ عَبْدِ الرّحْمَنِ الْحِزَامِيّ عَنْ أَبِي الزّنَادِ، عَنِ الأَعْرَجِ، عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ. قالَ: قالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم «تَجِدُونَ النّاسَ مَعَادِنَ» بِمِثْلِ حَدِيثِ الزّهْرِيّ. غَيْرَ أَنّ فِي حَدِيثِ أَبِي زُرْعَةَ وَالأَعْرَجِ «تَجِدُونَ مِنْ خَيْرِ النّاسِ فِي هَـٰذَا الشّأْنِ أَشَدّهُمْ لَهُ كَرَاهِيَةً حَتّى يَقَعَ فِيهِ».**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىشىلەرنى مەدەن، كاڭلاردەك تاپىسىلەر، ئۇلارنىڭ جاھالىيەتتىكى ياخشىلىرى ئىسلام دىنىدىمۇ فىقھشۇناس ئالىم بولسىلا ياخشى ھېسابلىنىدۇ، بۇ ئىشتا يەنى ئەمىر خەلىپە بولۇشىدا، باشلىق بولۇشتا، شۇ ئىشقا چۈشۈپ قېلىشىدىن بۇرۇن قاتتىق ياقتۇرمىغان كىشىنى، كىشىلەرنىڭ ياخشىسى دىسەڭلار بولىدۇ، (دەل شۇلار سايلىنىدۇ)، قىيامەت كۈنى ئاللاھنىڭ نەزىرىدە سىلەر تاپىدىغان كىشىلەرنىڭ ئەڭ يامىنى ئىككى يۈزلىمە كىشىدۇر، ئاۋۇلارغا بىر يۈزى بىلەن كېلىدۇ، ماۋۇلارغا بىر يۈزى بىلەن كېلىدۇ، ئەھمەد، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.

### 1145 - باب من فضائل نساء قريش

6403 - حدّثنا ابْنُ أبي عُمَرَ. حَدّثنا سُفْيَانُ بْنُ عُيَيْنَةَ عَنْ أبي الزّنَادِ، عَنِ الأعْرَجِ، عَنْ أبي هُرَيْرَةَ. وعَنِ ابْنِ طاوُسٍ، عَنْ أبيهِ، عَنْ أبي هُرَيْرَةَ. قالَ: قالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: «خَيْرُ نِساءٍ رَكِبْنَ الإبِلَ (قالَ أحَدُهُمَا: صَالِحُ نِسَاءِ قُرَيْشٍ. وَقالَ الآخَرُ: نِسَاءُ قُرَيْشٍ) أحْنَاهُ عَلَى يَتِيمٍ فِي صِغَرِهِ. وَأرْعَاهُ عَلَى زَوْجٍ فِي ذَاتِ يَدِهِ».
6404 - حدّثنا عَمْرٌو النّاقِدُ. حَدّثنا سُفْيَانُ عَنْ أبي الزّنَادِ، عَنِ الأعْرَجِ، عَنْ أبي هُرَيْرَةَ. يَبْلُغُ بِهِ النّبيّ صلى الله عليه وسلم. وَابْنُ طاوُسٍ عَنْ أبيهِ يَبْلُغُ بِهِ النّبيّ صلى الله عليه وسلم. بِمِثْلِهِ. غَيْرَ أنّهُ قالَ: «أرْعَاهُ عَلَى وَلَدٍ فِي صِغَرِهِ» وَلَمْ يَقُلْ: يَتِيمٍ.

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: تۆگە مىنگەن ئاياللارنىڭ ياخشىلىرى قۇرەيش ئاياللىرىنىڭ سالىھ ياخشىسىدۇر، بۇ ئاياللار باللىرىغا ، باللاركىچىك چىغىدىن باشلاپلا كۆيۈمچاندۇر، ئېرىگە ئىتائەتچان، ئېرىگە بەكمۇ رىئايە قىلىدىغان ئاياللاردۇر . ئەھمەد، بەيھەقى ، بۇخارى،مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.

6405 - حدّثني حَرْمَلَةُ بْنُ يَحْيَىَ: أخْبَرَنَا ابْنُ وَهْبٍ. أخْبَرَنِي يُونُسُ عَنِ ابْنِ شِهَابٍ. حَدّثَنِي سَعِيدُ بْنُ الْمُسَيّبِ أنّ أبَا هُرَيْرَةَ قالَ: سَمِعْتُ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم يَقُولُ: «نِسَاءُ قُرَيْشٍ خَيْرُ نِسَاءٍ رَكِبْنَ الإبِلَ. أحْنَاهُ عَلَى طِفْلٍ. وَأرْعَاهُ عَلَى زَوْجٍ فِي ذَاتِ يَدِهِ». قالَ: يَقُولُ أبُو هُرَيْرَةَ عَلَى إثْرِ ذَلِكَ: وَلَمْ تَرْكَبْ مَرْيَمُ بِنْتُ عِمْرَانَ بَعِيراً قط.
6406 - مُحَمّدُ بْنُ رَافِعٍ وَ عَبْدُ بْنُ حُمَيْدٍ(قالَ عَبْدٌ: أخْبَرَنَا. وَقالَ ابْنُ رَافِعٍ: حَدّثَنَا) عَبْدُ الرّزّاقِ أخْبَرَنَا مَعْمَرٌ عَنِ الزّهْرِيّ عَنِ ابْنِ الْمُسَيّبِ عَنْ أبي هُرَيْرَةَ أنّ النّبيّ صلى الله عليه وسلم خَطَبَ أمّ هَانِىءٍ، بِنْتَ أبي طَالِبٍ. فَقالَتْ: يَا رَسُولَ اللّهِ إنّي قَدْ كَبِرْتُ. وَلِي عِيَالٌ. فَقالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم «خَيْرُ نِسَاءٍ رَكِبْنَ» ثُمّ ذَكَرَ بِمِثْلِ حَدِيثِ يُونُسَ. غَيْرَ أنّهُ قالَ: «أحْنَاهُ عَلَى وَلَدٍ فِي صِغَرِهِ».
6407 - حدّثني مُحَمّدُ بْنُ رَافِعٍ وَ عَبْدُ بْنُ حُمَيْدٍ (قالَ ابْنُ رَافِعٍ: حَدّثَنَا. وَقالَ عَبْدٌ: أخْبَرَنَا) عَبْدُ الرّزّاقِ. أخْبَرَنَا مَعْمَرٌ عَنِ ابْنِ طاوسٍ، عَنْ أبيهِ، عَنْ أبي هُرَيْرَةَ. ح وَحَدّثنا مَعْمَرٌ عَنْ هَمّامِ بْنِ مُنَبّهٍ، عَنْ أبي هُرَيْرَةَ. قالَ: قالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم «خَيْرُ نِسَاءٍ رَكِبْنَ الإبِلَ، صَالِحُ نِسَاءِ قُرَيْشٍ. أحْنَاهُ عَلَى وَلَدٍ فِي صِغَرِهِ، وَأرْعَاهُ عَلَى زَوْجٍ فِي ذَاتِ يَدِهِ».
6408 - حدّثني أحْمَدُ بْنُ عُثْمَانَ بْنِ حَكِيمٍ الأوْدِيّ. حَدّثنا خَالِدٌ (يَعْنِي ابْنَ مَخْلَدٍ). حَدّثنِي سُلَيْمَانُ (وَهُوَ ابْنُ بِلاَلٍ). حَدّثنِي سُهَيْلٌ عَنْ أبيهِ، عَنْ أبي هُرَيْرَةَ، عَنِ النّبيّ صلى الله عليه وسلم. بِمِثْلِ حَدِيثِ مَعْمَرٍ هَذَا. سَوَاءً.

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: تۆگە مىنگەن ئاياللارنىڭ ياخشىلىرى قۇرەيش ئاياللىرىنىڭ سالىھ ياخشىسىدۇر، بۇ ئاياللار باللىرىغا ، باللاركىچىك چىغىدىن باشلاپلا كۆيۈمچاندۇر، ئېرىگە ئىتائەتچان، ئېرىگە بەكمۇ رىئايە قىلىدىغان ئاياللاردۇر . ئىمراننىڭ قىزى مەريەم ھەرگىز تۆگىگە مىنىپ باقمىغان ئىدى. يەنى بۇھەدىستىكى مەقسەت قۇرەيش ئاياللىرىنىڭ ئەرەب ئاياللىرىنىڭ ئۈستىدىكى پەزىلىتى، ئەلۋەتتە مەريەممۇ پەزىلەتتە ئارتۇق تۇرىدۇ. ئەھمەد، بەيھەقى ، بۇخارى،مۇسلىم ، سەھىھ.

### 1146 - باب مؤاخاة النبيّ صلى الله عليه وسلم بين أصحابه، رضي الله تعالى عنهم

6409 - حدّثني حَجّاجُ بْنُ الشّاعِرِ. حَدّثنا عَبْدُ الصّمَدِ. حَدّثنا حَمّادٌ (يَعْنِي ابْنَ سَلَمَةَ) عَنْ ثَابِتٍ، عَنْ أنَسٍ أنّ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم آخَى بَيْنَ أبي عُبَيْدَةَ بْنِ الْجَرّاحِ وَبَيْنَ أبي طَلْحَةَ.

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئەبۇئۇبەيدەئىبنى جەرراھ بىلەن ئەبۇتەلھەنىڭ ئارىسىنى قەسەم قىلدۇرۇپ ئاكا ـ ئىنى قېرىنداشلاردىن قىلىپ قويغان دېدى.

6410 - حدّثني أبُو جَعْفَرٍ. مُحَمّدُ بْنُ الصّبّاحِ. حَدّثنا حَفْصُ بْنُ غِيَاثٍ. حَدّثنا عَاصِمٌ الأحْوَلُ. قالَ: قِيلَ لأنَسِ بْنِ مَالِكٍ: بَلَغَكَ أنّ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم قالَ: «لاَ حِلْفَ فِي الإسْلاَمِ؟» فَقالَ أنَسٌ: قَدْ حَالَفَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم بَيْنَ قُرَيْشٍ وَالأنْصَارِ، فِي دَارِهِ.

**6411 ـ حدّثنا أَبُو بَكْرِ بْنُ أَبِي شَيْبَةَ وَ مُحَمّدُ بْنُ عَبْدِ اللّهِ بْنِ نُمَيْرٍ. قَالاَ: حَدّثَنَا عَبْدَةُ بْنُ سُلَيْمَانَ عَنْ عَاصِمٍ، عَنْ أَنَسٍ، قَالَ: حَالَفَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم بَيْنَ قُرَيْشٍ وَالأَنْصَارِ، فِي دَارِهِ الّتِي بِالْمَدِينَةِ.**

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا:ساڭا رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم نىڭ« ئىسلام دىنىدا قەسەم قىلىشىپ ئاكا ـ ئىنى بولۇش يوق»دېگەن سۆزى يەتكەندۇ؟دېيلگەندە، ئۇ: رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مەدىنىدىكى ھويلىسىدا قۇرەيشلەر بىلەن ئەنسارلار ئارىسىنى قەسەم قىلدۇرۇپ ئاكا ـ ئىنى قېرىنداشلاردىن قىلىپ قويغان دېدى.

**6412 ـ حدّثنا أَبُو بَكْرِ بْنُ أَبِي شَيْبَةَ. حَدّثَنَا عَبْدُ اللّهِ بْنُ نُمَيْرٍ وَ أَبُو أُسَامَةَ عَنْ زَكَرِيّاءَ، عَنْ سَعْدِ بْنِ إِبْرَاهِيمَ، عَنْ أَبِيهِ، عَنْ جُبَيْرِ بْنِ مُطْعِمٍ. قَالَ: قَالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: «لاَ حِلْفَ فِي الإِسْلاَمِ. وَأَيّمَا حِلْفٍ، كَانَ فِي الْجَاهِلِيّةِ، لَمْ يَزِدْهُ الإِسْلاَمُ إِلاّ شِدّةً».**

جۇبەيىر،ئىبنى ئەمرۇ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مەككە پەتھى يىلى خۇتبە سۆزلەپ مۇنداق دېگەن: ئى ئىنسانلار!ئىسلام دىنىدا قەسەم قىلىشىپ ئاكا ـ ئىنى بولۇش يوق، جاھالىيەتتە شۇنداق قەسەملەر بولۇپ قالسا، ئىسلام دىنى ئۇ قەسەمگە پەقەت قاتتىقلىقنى زىيادە قىلىپ ئېخمۇ چىڭىتىۋېتىدۇ، ۋاپا قىلسا بولىدۇ. (ئىسلام قېرىنداشلىقى ئەۋزەلدۇر). قەيس ئىبنى ئاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: جاھالىيەتتە قەسەم قىلىشىپ، دوستلاشقان بولساڭلار، ئۇ دوستلۇقنى چىڭ تۇتۇڭلار، بۇزۇۋەتمەڭلار، ئىسلام دىنىدا قەسەم قىلىشىپ، دوستلىشىپ ئاكا ــ ئۇكا قېرىنداش بولىدىغان ئىشلار يوق، (چۈنكى، مۆئمىن، مۇسۇلمان قېرىنداشتۇر، ئىسلام قېرىنداشلىقى ئەۋزەلدۇر). ئەھمەد.

### *1147 ـ باب بيان أن بقاء النبيّ صلى الله عليه وسلم أمان لأصحابه، وبقاء أصحابه أمان للأمة*

**6413 2531 ــ 207 حدّثنا أَبُو بَكْرِ بْنُ أَبِي شَيْبَةَ وَ إِسْحَقُ بْنُ إِبْرَاهِيمَ وَ عَبْدُ اللّهِ بْنُ عُمَرَ بْنِ أَبَانَ. كُلّهُمْ عَنْ حُسَيْنٍ. قَالَ أَبُو بَكْرٍ: حَدّثَنَا حُسَيْنُ بْنُ عَلِيَ الْجُعْفِيّ عَنْ مُجَمّعِ بْنِ يَحْيَى، عَنْ سَعِيدِ بْنِ أَبِي بُرْدَةَ، عَنْ أَبِي بُرْدَةَ، عَنْ أَبِيهِ. قَالَ: صَلّيْنَا الْمَغْرِبَ مَعَ رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم. ثُمّ قُلْنَا: لَوْ جَلَسْنَا حَتّى نُصَلّيَ مَعَهُ الْعِشَاءَ قَالَ: فَجَلَسْنَا. فَخَرَجَ عَلَيْنَا. فَقَالَ: «مَا زِلْتُمْ هَـهُنَا؟» قُلْنَا يَا رَسُولَ اللّهِ صَلّيْنَا مَعَكَ الْمَغْرِبَ. ثُمّ قُلْنَا: نَجْلِسُ حَتّى نُصَلّيَ مَعَكَ الْعِشَاءَ. قَالَ «أَحْسَنْتُمْ أَوْ أَصَبْتُمْ» قَالَ: فَرَفَعَ رَأْسَهُ إِلَى السّمَاءِ. وَكَانَ كَثِيراً مِمّا يَرْفَعُ رَأْسَهُ إِلَى السّمَاءِ. فَقَالَ: «النّجُومُ أَمَنَةٌ لِلسّمَاءِ. فَإِذَا ذَهَبَتِ النّجُومِ أَتَى السّمَاءَ مَا تُوعَدُ. وَأَنَا أَمَنَةٌ لأَصْحَابِي. فَإِذَا ذَهَبْتُ أَتَى أَصْحَابِي مَا يُوعَدُونَ. وَأَصْحَابِي أَمَنَةٌ لأُمّتِي. فَإِذَا ذَهَبَ أَصْحَابِي أَتَى أُمّتِي مَا يُوعَدُونَ».**

**6463 ـ حدّثني مُحَمّدُ بْنُ حَاتِمِ بْنِ مَيْمُونٍ. حَدّثَنَا ابْنُ مَهْدِيَ عَنْ مُعَاوِيَةَ بْنِ صَالِحٍ، عَنْ عَبْدِ الرّحْمَنِ بْنِ جُبَيْرِ بْنِ نُفَيْرٍ، عَنْ أَبِيهِ، عَنِ النّوّاسِ بْنِ سِمْعَانَ الأَنْصَارِيّ. قَالَ: سَأَلْتُ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم عَنِ الْبِرّ وَالإِثْمِ؟ فَقَالَ: «الْبِرّ حُسْنُ الْخُلُقِ. وَالإِثْمُ مَا حَاكَ فِي صَدْرِكَ، وَكَرِهْتَ أَنْ يَطّلِعَ عَلَيْهِ النّاسُ».**

**6464 ـ حدّثني هَرُونُ بْنُ سَعِيدٍ الأَيْلِيّ. حَدّثَنَا عَبْدُ اللّهِ بْنُ وَهْبٍ. حَدّثَنِي مُعَاوِيَةُ (يَعْنِي ابْنَ صَالِحٍ) عَنْ عَبْدِ الرّحْمَنِ بْنِ جُبَيْرِ بْنِ نُفَيْرٍ، عَنْ أَبِيهِ، عَنْ نَوّاسِ بْنِ سِمْعَانَ. قَالَ: أَقَمْتُ مَعَ رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم بِالْمَدِينَةِ سَنَةً. مَا يَمْنَعُنِي مِنَ الْهِجْرَةِ إِلاّ الْمَسْأَلَةُ. كَانَ أَحَدُنَا إِذَا هَاجَرَ لَمْ يَسْأَلْ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم عَنْ شَيْءٍ. قَالَ: فَسَأَلْتُهُ عَنِ الْبِرّ وَالإِثْمِ؟ فَقَالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: «الْبِرّ حُسْنُ الْخُلُقِ. وَالإِثْمُ مَا حَاكَ فِي نَفْسِكَ، وَكَرِهْتَ أَنْ يَطّلِعَ عَلَيْهِ النّاسُ».**

نەۋاس ئىبنى سەمئان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن ياخشىلىق بىلەن يامانلىق توغرىسىدا سورسام، مۇنداق دىگەن: ياخشىلىق دىگەن؛ ئەخلاقى گۈزەل بولۇشتۇر، يامانلىق، گۇناھ بولسا،

قەلبىڭنى شەكلەندۈرگەن، سېنى ئىككىلەندۈرگەن ، كىشىلەرنىڭ كۆرۈپ قىلىشىنى، بىلىپ قىلىشىنى، سەن ياقتۇرمىغان ئىشتۇر، مۇسلىم 4633 ــ ھەدىس، تىرمىزى 2311 ــ ھەدىس، بۇخارى، ئەدەپتە تو، سەھىھ.

ئەبۇ سۇئلەبە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ياخشىلىق ياخشى ئىش دىگەن نەپسى، كۆڭۈل خاتىرجەم بولغان، قەلبى ئۇنىڭغا ئارام تاپقان ئىشتۇر، يامانلىق گۇناھ دىگەن گەرچە ساڭا پەتىۋاچىلار (كومىتېتى) پەتىۋا بەرگەن تەقدىردىمۇ، كۆڭۈل خاتىرجەم بولمىغان، قەلب ئارام تاپمىغان، سېنى شەكلەندۈرگەن ئىشتۇر، ئەھمەد توپلىغان، سەھىھ.

## *1162 ـ باب صلة الرحم، وتحريم قطيعتها* سىلە ـ رەھىم قىلىش، ئۇنى ئۈزۈشنىڭ ھاراملىقى

**6465 ـ حدّثنا قُتَيْبَةُ بْنُ سَعِيدِ بْنِ جَمِيلِ بْنِ طَرِيفِ بْنِ عَبْدِ اللّهِ الثّقَفِيّ وَ مُحَمّدُ بْنُ عُبّادٍ. قالاَ: حَدّثنَا حَاتِمٌ (وَهُوَ ابْنُ إِسْمَاعِيلَ) عَنْ مُعَاوِيَةَ (وَهُوَ ابْنُ أَبِي مُزَرّدٍ، مَوْلَى بَنِي هَاشِمٍ). حَدّثَنِي عَمّي، أَبُو الْحُبَابِ، سَعِيدُ بْنُ يَسَارٍ عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ، قَالَ: قَالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: «إِنّ اللّهَ خَلَقَ الْخَلْقَ. حَتّىَ إِذَا فَرَغَ مِنْهُمْ قَامَتِ الرّحِمُ فَقَالَتْ: هَذَا مَقَامُ الْعَائِذِ مِنَ الْقَطِيعَةِ. قَالَ: نَعَمْ. أَمَا تَرْضَيْنَ أَنْ أَصِلَ مَنْ وَصَلَكِ وَأَقْطَعَ مَنْ قَطَعَكِ؟ قَالَتْ: بَلَى. قَالَ: فَذَاكِ لَكِ».**
**ثُمّ قَالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: «اقْرَأُوا إِنْ شِئْتُمْ: {فَهَلْ عَسَيْتُمْ إِنْ تَوَلّيْتُمْ أَنْ تُفْسِدُوا فِي الأَرْضِ وَتُقَطّعُوا أَرْحَامَكُمْ. أُولَئِكَ الّذِينَ لَعَنَهُمُ اللّهُ فَأَصَمّهُمْ وَأَعْمَى أَبْصَارَهُمْ. أَفَلاَ يَتَدَبّرُونَ الْقُرْآنَ أَمْ عَلَى قُلُوبٍ أَقْفَالُهَا}» (74محمد الآيات: 22 - 32 - 42).**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ھەقىقەتەن ئاللاھ بارلىق مەخلۇقلارنى يارىتىپ پارىغ بولغاندا، سىلە ــ رەھىم دەس تۇرۇپ ، رەھمان تائالا نىڭ (ئوخشىشى يوق،ئۈزگە لايىق)بىلىگە ئېسىلىۋالىدۇ ، ئاللاھ ئۇنىڭغا ؛قويىۋەت، نېمە سۆزۈڭ بار دەيدۇ، ئۇ ؛ مانا بۇ سىلىگە سېغىنىپ سىلە ــ رەھىمنىڭ ئۈزۈلۈپ كېتىشىدىن پاناھ تىلىگۈچىنىڭ جايى دەيدۇ. ئاللاھ ؛ شۇنداق راست دەيسەن، سېنى ئۇلىغان كىشىگە مەنمۇ رەھمىتىمنى ئۇلايمەن، سېنى ئۈزگەن كىشىدىن مەنمۇ ئۈزۈۋېتىمەن، يەنە رازى بولمامسەن؟ دېسە، سىلە ــ رەھىم؛ ئەلۋەتتە رازى بولىمەن، ئى رەببىم، دەيدۇ، ئاللاھ ؛ ئۇنداق بولسا ساڭا شۇ بېرىلدى دەيدۇ، ئاندىن ئەگەر خالىساڭلار:« ئەگەر ئىماندىن يۈز ئۆرۈسەڭلار، يەريۈزىدە پىتنە ـ پاساد تېرىپ، سىلە ـ رەھىمنى ئۈزۈۋېتىشىڭلار مۇمكىن، ئەنەشۇلارغا الله لەنەت قىلىدۇ، ئۇلارنىڭ قۇلاقلىرى گاس، كۆزلىرىنى ئەما قىلىۋېتىدۇ......»دىگەن ئايەتنى ئوقۇڭلار دىدى. بۇخارى،مۇسلىم، بەيھەقى، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

**6466 ـ حدّثنا أَبُو بَكْرِ بْنُ أَبِي شَيْبَةَ وَ زُهَيْرُ بْنُ حَرْبٍ (وَاللّفْظُ لأَبِي بَكْرٍ). قَالاَ حَدّثَنَا وَكِيعٌ عَنْ مُعَاوِيَةَ بْنِ أَبِي مُزَرّدٍ، عَنْ يَزِيدَ بْنِ رُومَانَ، عَنْ عُرْوَةَ، عَنْ عَائِشَةَ. قَالَتْ: قَالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: «الرّحِمُ مُعَلّقَةٌ بِالْعَرْشِ تَقُولُ: مَنْ وَصَلَنِي وَصَلَهُ اللّهُ. وَمَنْ قَطَعَنِي قَطَعَهُ اللّهُ».**

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: سىلە ــ رەھىيىم ئەرشكە ئېسىلىپ تۇرۇپ مۇنداق دەيدۇ ؛ مىنى ئۇلاپ، سىلە ــ رەھىيىم قىلغان كىشىگە ئاللاھ مۇ رەھمىتىنى ئۇلاپ يەتكۈزىدۇ، مېنى ئۈزۈۋەتكەن كىشىدىن ئاللاھمۇ ئۈزۈۋېتىدۇ، بۇخارى،مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.

6467 ـ حدّثني زُهَيْرُ بْنُ حَرْبٍ وَ ابْنُ أبي عُمَرَ. قالاَ: حَدّثنَا سُفْيَانُ عَنِ الزّهْرِي، عَنْ مُحَمّدُ بْنِ جُبَيْر بْنِ مُطْعِمٍ عَنْ أبيهِ عَنِ النّبيّ صلى الله عليه وسلم قالَ: «لاَ يَدْخُلُ الْجَنّةَ قاطِعٌ». قالَ ابْنُ أبي عُمَرَ:قالَ سُفْيَانُ: يَعْنِي قاطِعَ رَحِمٍ.
6468 ـ 6469 ـ حدّثني عَبْدُ اللّهِ بْنُ مُحمّدِ بْنِ أسْمَاءَ الضّبَعِيّ. حَدّثنَا جُوَيْرِيَةُ عَنْ مَالِكٍ، عَنِ الزّهْرِيّ أنّ مُحمّدَ بْنَ جُبَيْر بْنِ مُطْعِمٍ أخْبَرَهُ أنّ أبَاهُ أخْبَرَهُ: أنّ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم قال: «لاَ يَدْخُلُ الْجَنّةَ قاطِعُ رَحِمٍ».

جۇبەيىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: سىيلە ـ رەھمىنى ئۈزگۈچى كىشى، يېقىن تۇغقانلىرىغا ياخشىلىق قىلمايدىغان كىشى جەننەتكە كىرەلمەيدۇ. بۇخارى،مۇسلىم ئەھمەد، بەيھەقى، ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.

6470 ـ حدّثني حَرْمَلَةُ بْنُ يَحْيَى التّجِيبيّ. أخْبَرَنَا ابْنُ وَهْبٍ. أخْبَرَنِي يُونُسُ عَنِ ابْنِ شِهَابٍ، عَنْ أنَسِ بْنِ مَالِكٍ. قالَ: سَمِعْتُ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم يَقُولُ: «مَنْ سَرّهُ أنْ يُبْسَطَ عَلَيْهِ رِزْقُهُ، أوْ يُنْسَأَ فِي أثَرِهِ، فَلْيَصِلْ رَحِمَهُ».
6471 ـ وحدّثني عَبْدُ الْمَلِكِ بْنُ شُعَيْبِ بْنِ اللّيْثِ. حَدّثنِي أبي عَنْ جَدّي. حَدّثنِي عُقَيْلُ بْنُ خَالِدٍ. قالَ: قالَ ابْنُ شِهَابٍ: أخْبَرَنِي أنَسُ بْنُ مَالِكٍ. أنّ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم قالَ: «مَنْ أحَبّ أنْ يُبْسَطَ لَهُ فِي رِزْقِهِ، وَيُنْسَأَ لَهُ فِي أثَرِهِ، فَلْيَصِلْ رَحِمَهُ».

ئەنەس، ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: كىم رىزقى كەڭرى بولۇشنى، ئۆمرى ئۇزۇن بولۇشنى ياخشى كۆرسە، سىلە ـ رەھىيىم قىلسۇن، تۇغقانلىرىغا ياخشىلىق قىلسۇن. ئەھمەد، بۇخارى،مۇسلىم، نەسەئى، ئەبۇ داۋۇد، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.

6472 ـ حدّثني مُحَمّدُ بْنُ الْمُثنّى وَ مُحَمّدُ بْنُ بَشّارٍ (وَاللّفْظُ لاِبْنِ الْمُثنّى). قالاَ: حَدّثنَا مُحَمّدُ بْنُ جَعْفَرٍ. حَدّثنَا شُعْبَةُ قالَ: سَمِعْتُ الْعَلاَءَ بْنَ عَبْدِ الرّحْمَنِ يُحَدّثُ عَنْ أبيهِ، عَنْ أبي هُرَيْرَةَ أنّ رَجُلاً قالَ: يَا رَسُولَ اللّهِ إنّ لِي قَرَابَةً. أصِلُهُمْ وَيَقْطَعُونِي. وَأُحْسِنُ إلَيْهِمْ وَيُسِيئُونَ إلَيّ. وَأَحْلُمُ عَنْهُمْ وَيَجْهَلُونَ عَلَيّ. فَقالَ «لَئِنْ كُنْتَ كَمَا قُلْتَ، فَكَأَنّمَا تُسِفّهُمُ الْمَلّ. وَلاَ يَزَالُ مَعَكَ مِنَ اللّهِ ظَهِيرٌ عَلَيْهِمْ، مَا دُمْتَ عَلَى ذَلِكَ».

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن،بىر كىشى كېلىپ؛ ئى ئاللاھنىڭ ئەلچىسى، مېنىڭ يېقىن تۇغقان، خوشنىلىرىم بار بولۇپ، مەن ئۇلارغا سىلە ــ رەھىيىم قىلسام، ئۇلار مەندىن ئۈزۈۋېتىدۇ، مەن ئۇلارغا ياخشىلىق قىلسام، ئۇلار ماڭا يامانلىق قىلىدۇ، مەن ئۇلارغا مېھرىبانلىق قىلىپ، دانا بولسام، ئۇلار ماڭا جاھىللىق، نادانلىق قىلىدۇ دىگەندە، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: ئەگەر سەن، سەن دىگەندەكلا بولساڭ، ھەقىقەتەن ئۇلارغا دائىم كۈل سورىغان يەنى دائىم تائام بېرىپ تۇرغان بولىسەن، مۇشۇ ئىشىڭدا مۇقىم، چىڭ تۇرالىساڭلا، ئۇلارغا قارشى، ئاللاھ تەرەپتىن بىر ياردەمچى دائىم سەن بىلەن بىللە بولىدۇ، سىنى مۇداپىئە قىلىپ قوغدايدۇ دىدى. مۇسلىم 4640 ــ ھەدىس، ئەھمەد 8975 ــ ھ، سەھىھ.

### *1163 ـ باب تحريم التحاسد والتباغض والتدابر*

**ھەسەد قىلىشنىڭ، ئۆچ ـ ئاداۋەتتە بۇلۇپ دۈشمەنلىشىشنىڭ، ئۈچ كۈندىن ئارتۇق ئاداۋەت تۇتۇشنىڭ ھاراملىقى**

6473 ـ حدّثني يَحْيَى بْنُ يَحْيَى. قالَ: قَرَأْتُ عَلَى مَالِكٍ عَنِ ابْنِ شِهَابٍ، عَنْ أَنَسِ ابْنِ مَالِكٍ أَنّ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم قَالَ: «لاَ تَبَاغَضُوا وَلاَ تَحَاسَدُوا وَلاَ تَدَابَرُوا. وَكُونُوا. عِبَادَ اللّهِ إِخْوَاناً. وَلاَ يَحِلّ لِمُسْلِمٍ أَنْ يَهْجُرَ أَخَاهُ فَوْقَ ثَلاَثٍ».
6474 ـ6475 ـ حدّثنا حَاجِبُ بْنُ الْوَلِيدِ. حَدّثَنَا مُحَمّدُ بْنُ الْوَلِيدِ الزّبَيْدِيّ عَنِ الزّهْرِيّ. أَخْبَرَنِي أَنَسُ بْنُ مَالِكٍ أَنّ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم قالَ ح وَحَدّثَنِيهِ حَرْمَلَةُ يَحْيَى. أَخْبَرَنِي ابْنُ وَهْبٍ. أَخْبَرَنِي يُونُسُ عَنِ ابْنِ شِهَابٍ، عَنْ أَنَسٍ، عَنِ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم. بِمِثْلِ حَدِيثِ مَالِكٍ.
حدّثنا زُهَيْرُ بْنُ حَرْبٍ وَ ابْنُ أَبِي عُمَرَ وَ عَمْرٌو النّاقِدُ. جَمِيعاً عَنِ ابْنِ عُيَيْنَةَ، عَنِ الزّهْرِيّ، بِهَذَا الإِسْنَادِ. وَزَادَ ابْنُ عُيَيْنَةَ «وَلاَ تَقَاطَعُوا».
6476 ـ حدّثنا أَبُو كَامِلٍ حَدّثَنَا يَزِيدُ (يَعْنِي ابْنَ زُرَيْعٍ). ح وَحَدّثَنَا مُحَمّدُ بْنُ رَافِعٍ وَ عَبْدُ بْنُ حُمَيْدٍ. كِلاَهُمَا عَنْ عَبْدِ الرّزّاقِ. جَمِيعاً عَنْ مَعْمَرٍ، عَنِ الزّهْرِيّ، بِهَذَا الإِسْنَادِ. أَمّا رِوَايَةُ يَزِيدَ عَنْهُ فَكَرِوَايَةِ سُفْيَانَ عَنِ الزّهْرِيّ. يَذْكُرُ الْخِصَالَ الأَرْبَعَةَ جَمِيعاً. وَأَمّا حَدِيثُ عَبْدِ الرّزّاقِ «وَلاَ تَحَاسَدُوا وَلاَ تَقَاطَعُوا وَلاَ تَدَابَرُوا».

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ئۆزئارا دۈشمەنلەشمەڭلار، غەزەپ قىلىشماڭلار، سىيلە ـــ رەھىيمنى ئۈزمەڭلار، ئالاقىنىمۇ ئۈزمەڭلار، بىر ـــ بىرىڭلارغا ئارقاڭلارنى قىلىپ ئۆچ ـــ ئاداۋەتتە بولماڭلار، ھەسەد قىلىشماڭلار، ئاللاھ سىلەرنى بۇيرىغاندەك ئاكا ـــ ئىنى قېرىنداشلاردىن بولۇپ، ئاللاھنىڭ ياخشى بەندىلىرىدىن بولۇڭلار، مۇسۇلماننىڭ، قېرىندىشىغا ئۈچ كۈندىن ئارتۇق ئاداۋەت تۇتۇشى ھالال ئەمەس. (دەرھال ئەپلەشسۇن). ئەھمەد، بەيھەقى، ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ.

6477 ـ وحدّثنا مُحَمّدُ بْنُ الْمُثَنّى. حَدّثَنَا أَبُو دَاوُدَ. حَدّثَنَا شُعْبَةُ عَنْ قَتَادَةَ، عَنْ أَنَسٍ أَنّ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم قَالَ «لاَ تَحَاسَدُوا وَلاَ تَبَاغَضُوا وَلاَ تَقَاطَعُوا. وَكُونُوا، عِبَادَ اللّهِ إِخْوَاناً».
6478 ـ حَدّثَنِيهِ عَلِيّ بْنُ نَصْرٍ الْجَهْضَمِيّ. حَدّثَنَا وَهْبُ بْنُ جَرِيرٍ. حَدّثَنَا شُعْبَةُ، بِهَذَا الإِسْنَادِ، مِثْلَهُ. وَزَادَ «كَمَا أَمَرَكُمُ اللّهُ».

ئەبۇ ھۈرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: بىر ـــ بىرىڭلارغا غەزەپ قىلماڭلار، ئۆچ ـــ ئاداۋەتتە بولماڭلار، ئۆزئارا ئالاقىنى ئۈزمەڭلار، ئاداۋەتتە بولماڭلار، دۈشمەنلەشمەڭلار، دۇنياغا قىزىقماڭلار، دۇنياغا قىزىقىپ، ئۆزئارا يۈز ـــ ئۆرۈشمەڭلار، الله بۇيرىغاندەكلا ئاللاھنىڭ، قېرىنداش ئاكا ـــ ئۇكا بەندىلىرىدىن بولۇڭلار. مۇسلىم دىسكا 4649 ـــ ھەدىس، سەھىھ.

### *1164 ـ باب تحريم الهجر فوق ثلاث، بلا عذر شرعي*

6479 ـ حدّثنا يَحْيَى بْنُ يَحْيَى. قَالَ: قَرَأْتُ عَلَى مَالِكٍ عَنِ ابْنِ شِهَابٍ، عَنْ عَطَاءِ بْنِ يَزِيدَ اللّيْثِيّ، عَنْ أَبِي أَيّوبَ الأَنْصَارِيّ أَنّ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم قَالَ: «لاَ يَحِلّ لِمُسْلِمٍ أَنْ يَهْجُرَ أَخَاهُ فَوْقَ ثَلاَثِ لَيَالٍ. يَلْتَقِيَانِ فَيُعْرِضُ هَذَا وَيُعْرِضُ هَذَا. وَخَيْرُهُمَا الّذِي يَبْدَأُ بِالسّلاَمِ».
6480 ـ حدّثنا قُتَيْبَةُ بْنُ سَعِيدٍ وَ أَبُو بَكْرِ بْنُ أَبِي شَيْبَةَ وَ زُهَيْرُ بْنُ حَرْبٍ. قَالُوا: حَدّثَنَا سُفْيَانُ ح وَحَدّثَنِي حَرْمَلَةُ بْنُ يَحْيَى. أَخْبَرَنَا ابْنُ وَهْبٍ. أَخْبَرَنِي يُونُسُ ح وَحَدّثَنَا حَاجِبُ بْنُ الْوَلِيدِ. حَدّثَنَا مُحَمّدُ بْنُ حَرْبٍ عَنِ الزّبَيْدِيّ. ح وَحَدّثَنَا إِسْحَقُ بْنُ إِبْرَاهِيمَ الْحَنْظَلِيّ وَ مُحَمّدُ بْنُ رَافِعٍ وَ عَبْدُ بْنُ حُمَيْدٍ عَنْ عَبْدِ الرّزّاقِ، عَنْ مَعْمَرٍ. كُلّهُمْ عَنِ الزّهْرِيّ. بِإِسْنَادِ مَالِكٍ، وَمِثْلِ حَدِيثِهِ. إِلاّ قَوْلَهُ «فَيُعْرِضُ هَذَا وَيُعْرِضُ هَذَا» فَإِنّهُمْ جَمِيعاً قَالُوا فِي حَدِيثِهِمْ، غَيْرَ مَالِكٍ «فَيَصُدّ هَذَا وَيَصُدّ هَذَا».

ئەبۇ ئەييۇب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: مۇسۇلمان كىشىنىڭ، قېرىندىشىغا ئۈچ كۈندىن ئارتۇق ئاداۋەت ساقلىشى ھالال ئەمەس،ئاداۋەت دىگەن: ئاداۋەتتىكى ئىككى كىشى بىرسى ـــ بىرسىگە ئۇچرىشىپ، ئۇدۇل كېلىشىپ قالسىمۇ بىر ـ بىردىن يۈز ئۆرۈۋالىدۇ، ئۇلارنىڭ ياخشىراقى سالامنى باشتا قىلغىنىدۇر. بۇخارى،مۇسلىم،ئەھمەد، بەيھەقى، ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.

6481 ـ حدّثنا مُحَمّدُ بْنُ رَافِعٍ. حَدّثنا مُحَمّدُ بْنُ أَبي فُدَيْكٍ. أَخْبَرَنَا الضّحّاكُ (وَهُوَ ابْنُ عُثْمَانَ) عَنْ نَافِعٍ، عَنْ عَبْدِ اللّهِ بْنِ عُمَرَ، أَنّ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم قَالَ: «لاَ يَحِلّ لِلْمُؤْمِنِ أَنْ يَهْجُرَ أَخَاهُ فَوْقَ ثَلاَثَةِ أَيّامٍ».

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مۆئمىننىڭ، قېرىندىشىغا ئۈچ كۈندىن ئارتۇق ئاداۋەت تۇتىشى ھالال ئەمەس.

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مۇسۇلماننىڭ، ئۆز قېرىندىشىغا ئۈچ كۈندىن ئۇشۇق ئاداۋەت تۇتۇشى ھالال ئەمەس، كىم ئۈچ كۈندىن ئارتۇق ئاداۋەت تۇتۇپ ئۆلۈپ كەتسە، ئۇ دوۋزاخقا كىرىدۇ.ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ

6482 ـ حدّثنا قُتَيْبَةُ بْنُ سَعِيدٍ. حَدّثنا عَبْدُ الْعَزِيزِ (يَعْنِي ابْنَ مُحَمّدٍ) عَنِ العَلاَءِ، عَنْ أَبِيهِ، عَنْ أَبي هُرَيْرَةَ أَنّ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم قَالَ: «لاَ هِجْرَةَ بَعْدَ ثَلاَثٍ».

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئۈچ كۈندىن ئارتۇق ئاداۋەت تۇتۇش يوق، (ئۈچ كۈندىن ئۇشۇق ئاداۋەت تۇتۇش ھارام). مۇسلىم 4645 ـ ھەدىس، ئەھمەد 8564 ـ ھەدىس، سەھىھ.

## 1165 ـ باب تحريم الظن والتجسس والتنافس والتناجش، ونحوها

## جاسۇسلۇق قىلىشنىڭ، يامان گۇمان قىلىشنىڭ ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش ئىشلارنىڭ ھاراملىقى توغرىسىدا

6483 ـ حدّثنا يَحْيَى بْنُ يَحْيَى. قَالَ: قَرَأْتُ عَلَى مَالِكٍ عَنْ أَبِي الزّنَادِ، عَنِ الأَعْرَجِ، عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ أَنّ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم قَالَ: «إِيّاكُمْ وَالظّنّ. فَإِنّ الظّنّ أَكْذَبُ الْحَدِيثِ. وَلاَ تَحَسّسُوا، وَلاَ تَجَسّسُوا، وَلاَ تَنَافَسُوا، وَلاَ تَحَاسَدُوا، وَلاَ تَبَاغَضُوا، وَلاَ تَدَابَرُوا، وَكُونُوا، عِبَادَ اللّهِ إِخْوَاناً».
6484 ـ حدّثنا قُتَيْبَةُ بْنُ سَعِيدٍ. حَدّثنا عَبْدُ الْعَزِيزِ (يَعْنِي ابْنَ مُحَمّدٍ) عَنِ الْعَلاَءِ، عَنْ أَبِيهِ، عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ أَنّ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم قَالَ: «لاَ تَهَاجَرُوا وَلاَ تَدَابَرُوا، وَلاَ تَحَسّسُوا، وَلاَ يَبِعْ بَعْضُكُمْ عَلَى بَيْعِ بَعْضٍ. وَكُونُوا، عِبَادَ اللّهِ إِخْوَاناً».

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاداۋەت تۇتۇشماڭلار، ئۈچ ـ ئاداۋەتتە ئالاقىنى سىيلە رەھىمنى ئۈزۈشمەڭلار، جاسۇسلۇق قىلماڭلار، باشقىلارنىڭ ئەيىب ـ نۇقسانلىرىنى، ئەۋرىتىنى ئىزدىمەڭلار، بەزىڭلار بەزىڭلارنىڭ سودىسى، بەيئىسى ئۈستىگە سودا قىلمىسۇن، ئاللاھنىڭ ئۆزئارا قېرىنداش بەندىلىرىدىن بولۇڭلار.

6485 ـ حدّثنا إِسْحَقُ بْنُ إِبْرَاهِيمَ. أَخْبَرَنَا جَرِيرٌ عَنِ الأَعْمَشِ، عَنْ أَبِي صَالِحٍ، عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ قَالَ: قَالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: «لاَ تَحَاسَدُوا، وَلاَ تَبَاغَضُوا، وَلاَ تَجَسّسُوا، وَلاَ تَحَسّسُوا، وَلاَ تَنَاجَشُوا. وَكُونُوا، عِبَادَ اللّهِ إِخْوَاناً».
6486 ـ حدّثنا الْحَسَنُ بْنُ عَلِيَ الْحُلْوَانِيّ وَ عَلِيّ بْنُ نَصْرٍ الْجَهْضَمِيّ.قَالاَ: حَدّثنا وَهْبُ بْنُ جَرِيرٍ. حَدّثنا شُعْبَةُ عَنِ الأَعمَشِ، بِهَذَا الإِسْنَادِ «لاَ تَقَاطَعُوا، وَلاَ تَدَابَرُوا، وَلاَ تَبَاغَضُوا، وَلاَ تَحَاسَدُوا، وَكُونُوا إِخْوَاناً. كَمَا أَمَرَكُمُ اللّهُ».
6487 ـ وحدّثني أَحْمَدُ بْنُ سَعِيدٍ الدّارِمِيّ. حَدّثنا حَبّانُ حَدّثَنَا وُهَيْبٌ. حَدّثنا سُهَيْلٌ عَنْ أَبِيهِ، عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ، عَنِ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم قَالَ «لاَ تَبَاغَضُوا، وَلاَ تَدَابَرُوا، وَلاَ تَنَافَسُوا. وَكُونُوا، عِبَادَ اللّهِ إِخْوَاناً».

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: گۇمان قىلىشتىن ھەزەر قىلىڭلار، گۇمان سۆزنىڭ ئەڭ يالغىنى دۇر، كىشىلەرنىڭ ئەۋرەتلىرىنى ئىزدىمەڭلار، قۇلاق سالماڭلار،

ئەيىبلىرىنى ئىزدەپ، سۈرۈشتە قىلماڭلار، جاسۇسلۇق قىلماڭلار، بىر ــ بىرىڭلارنىڭ ئارتۇقچىلىقلىرىغا، پەزىلىتىگە قىزىقىشماڭلار، ئۆزئارا ھەسەد قىلىشماڭلار، دۈشمەنلەشمەڭلار، سىلە ــ رەھىمنى ئۈزمەڭلار، بىر ــ بىرىڭلارغا ئارقاڭلارنى قىلىۋالماڭلار، ئاللاھنىڭ ، بىر تۇغقان قېرىنداش ئاكا ــ ئۇكا بەندىلىرىدىن بولۇڭلار، بىر كىشى ، قېرىندىشى ئەلچى ئەۋەتكەن جايغا ، قېرىندىشى نىكاھلاپ ئالمىغىچە ياكى تەرىك ئېتىپ، ۋاز كەچمىگىچە ئەلچى ئەۋەتمىسۇن، (يا ئۇ نىكاھىغا ئالىدۇ، خالاس، يا ئۇ ۋاز كېچىدۇ، ئاندىن ئەلچى ئەۋەتسە بولىدۇ) سودىسى ئۈستىگە سودا قىلمىسۇن. مالىك، ئەھمەد، بۇخارى،مۇسلىم، نەسەئى، ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى، بەيھەقى، دارمى.

**1166 ـ باب تحريم ظلم المسلم وخذله واحتقاره ودمه وعرضه وماله**

### مۇسۇلماننى ھاقارەتلەپ خارلاشنىڭ، ئۇنىڭغا زۇلۇم قىلىشنىڭ، ئۇنىڭ يۈز ئابرۇيىنى تۆكۈشنىڭ ھاراملىقى

**6488 ـ حدّثنا عَبْدُ اللّهِ بْنُ مَسْلَمَةَ بْنِ قَعْنَبٍ. حَدّثَنَا دَاوُدُ (يَعْنِي ابْنَ قَيْسٍ) عَنْ أَبِي سَعِيدٍ، مَوْلَىَ عَامِرِ بْنِ كُرَيْزٍ، عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ. قَالَ: قَالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: «لاَ تَحَاسَدُوا، وَلاَ تَنَاجَشُوا، وَلاَ تَبَاغَضُوا، وَلاَ تَدَابَرُوا، وَلاَ يَبِعْ بَعْضُكُمْ عَلَىَ بَيْعِ بَعْضٍ. وَكُونُوا، عِبَادَ اللّهِ إِخْوَاناً. الْمُسْلِمُ أَخُو الْمُسْلِمِ. لاَ يَظْلِمُهُ، وَلاَ يَخْذُلُهُ، وَلاَ يَحْقِرُهُ. التّقْوَىَ هَهُنَا». وَيُشِيرُ إِلَىَ صَدْرِهِ ثَلاَثَ مَرّاتٍ: «بِحَسْبِ امْرِىءٍ مِنَ الشّرّ أَنْ يَحْقِرَ أَخَاهُ الْمُسْلِمَ. كُلّ الْمُسْلِمِ عَلَىَ الْمُسْلِمِ حَرَامٌ. دَمُهُ وَمَالُهُ وَعِرْضُهُ».**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ئۆزئارا بىر ــ بىرىڭلارغا ھەسەد قىلىشماڭلار، باشقىلارنى ئالداپ مالنىڭ باھاسىنى زىيادە ئۆستۈرىۋالماڭلار، ئۆزئارا ئۆچ ــ ئاداۋەتتە دۈشمەنلەشمەڭلار، بىر ــ بىرىڭلارغا ئارقاڭلارنى قىلماڭلار، يەنى ئاداۋەت قىلماڭلار، ئالاقە، سىيلە ــ رەھىمنى ئۈزمەڭلار.بەزىڭلار، بەزىڭلارنىڭ بەيئى سودىسى ئۈستىگە سودا قىلماڭلار، سېتىۋاتسا ياكى ئېلىۋاتسا سىلەر ئۇنىڭ ئۈستىگە ساتماڭلار، ئالىمەن دىگەننى ۋاز كەچمىگىچە ئالماڭلار، سىلەر ئاللاھنىڭ، قېرىنداش ئاكا ــ ئۇكا، ئاچا ــ سىڭىل بەندىلىرىدىن بولۇڭلار، مۇسۇلمان دىگەن مۇسۇلماننىڭ قېرىندىشى بولىدۇ، مۇسۇلمان مۇسۇلمانغا زۇلۇم قىلمايدۇ، خارلىمايدۇ، ھاقارەتلىمەيدۇ، تەقۋالىق دىگەن مانا مۇشۇ يەردە دەپ قەلبىگە ئىشارەت قىلدى. كىشىنىڭ مۇسۇلمان قېرىندىشىنى ھاقارەتلىشى، ئۇنىڭ يامانلىقىغا يېتەرلىك كۇپايە، ئۇ ئەڭ يامان كىشى ھېسابلىنىدۇ، بارلىق مۇسۇلمانلارنىڭ قېنى، جېنى، مېلى، يۈز ــ ئابرۇيىنى تۆكۈشى ياتابىر مۇسۇلمانغا ھارامدۇر. قېنىنى تۆكۈش ھارام بولغاندەك، يۈز ــ ئابرۇيىنى تۆكۈشمۇ، مېلىمۇ ھارامدۇر. مۇسلىم 4650 ــ ھەدىس، ئەھمەد، بۇخارى تۆت كىتاب توپلىغان، سەھىھ.

**6489 ـ حدّثني أَبُو الطّاهِرِ، أَحْمَدُ بْنُ عَمْرِو بْنِ سَرْحٍ. حَدّثَنَا ابْنُ وَهْبٍ عَنْ أُسَامَةَ (وَهُوَ ابْنُ زَيْدٍ) أَنّهُ سَمِعَ أَبَا سَعِيدٍ، مَوْلَىَ عَبْدِ اللّهِ بْنِ عَامِرِ بْنِ كُرَيْزٍ يَقُولُ: سَمِعْتُ أَبَا هُرَيْرَةَ يَقُولُ: قَالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم. فَذَكَرَ نَحْوَ حَدِيثِ دَاوُدَ. وَزَادَ. وَنَقَصَ. وَمِمّا زَادَ فِيهِ «إِنّ اللّهَ لاَ يَنْظُرُ إِلَىَ أَجْسَادِكُمْ وَلاَ إِلَىَ صُوَرِكُمْ. وَلَكِنْ يَنْظُرُ إِلَىَ قُلُوبِكُمْ» وَأَشَارَ بِأَصَابِعِهِ إِلَىَ صَدْرِهِ.**

6490 ـ حدّثنا عَمْرٌو النّاقِدُ. حَدّثنا كَثِيرُ بْنُ هِشَامٍ. حَدّثنا جَعْفَرُ بْنُ بُرْقَانَ عَنْ يَزِيدَ ابْنِ الأَصَمّ، عَنْ أَبي هُرَيْرَةَ. قَالَ: قَالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: «إِنّ اللّهَ لاَ يَنْظُرُ إِلَىَ صُوَرِكُمْ وَأَمْوَالِكُمْ. وَلَكِنْ يَنْظُرُ إِلَىَ قُلُوبِكُمْ وَأَعْمَالِكُمْ».

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن ئاللاھتائالا سىلەرنىڭ سۈرىتىڭلارغا، تەن كۆرۈنىشىڭلارغا، مال ــ مۈلكۈڭلارغا، باي بولۇشۇڭلارغا قارىمايدۇ، لېكىن، سىلەرنىڭ قەلبىڭلارغا، ئەمەلىڭلارغا، ئەمەلىيىتىڭلارغا قارايدۇ، مۇسلىم، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ. (پەرىشتىلەرمۇ يوقنى يازمايدۇ، ئىخلاس قىلىپ، ياخشى ئەمەل قىلىڭلار، نىيىتىڭلار خالىس بولسۇن)

## 1167 ـ باب النهي عن الشحناء والتهاجر

6491 ـ حدّثنا قُتَيْبَةُ بْنُ سَعِيدٍ عَنْ مَالِكِ بْنِ أَنَسٍ، فِيمَا قُرِىءَ عَلَيْهِ، عَنْ سُهَيْلٍ، عَنْ أَبِيهِ، عَنْ أَبي هُرَيْرَةَ أَنّ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم قَالَ: تُفْتَحُ أَبْوَابُ الْجَنّةِ يَوْمَ الإِثْنَيْنِ، وَيَوْمَ الْخَمِيسِ. فَيُغْفَرُ لِكُلّ عَبْدٍ لاَ يُشْرِكُ بِاللّهِ شَيْئاً. إِلاّ رَجُلاً كَانَتْ بَيْنَهُ وَبَيْنَ أَخِيهِ شَحْنَاءُ. فَيُقَالُ: أَنْظِرُوا هَذَيْنِ حَتّىَ يَصْطَلِحَا. أَنْظِرُوا هَذَيْنِ حَتّىَ يَصْطَلِحَا. أَنْظِرُوا هَذَيْنِ حَتّىَ يَصْطَلِحَا».

6492 ـ حَدّثَنِيهِ زُهَيْرُ بْنُ حَرْبٍ. حَدّثنا جَرِيرٌ. ح وَحَدّثنا قُتَيْبَةُ بْنُ سَعِيدٍ وَ أَحْمَدُ بْنُ عَبْدَةَ الضّبّيّ عَنْ عَبْدِ الْعَزِيزِ الدّرَاوَرْدِيّ. كِلاَهُمَا عَنْ سُهَيْلٍ، عَنْ أَبِيهِ، بِإِسْنَادِ مَالِكٍ. نَحْوَ حَدِيثِهِ. غَيْرَ أَنّ فِي حَدِيثِ الدّرَاوَرْدِيّ «إِلاّ الْمُتَهَاجِرَيْنِ» مِنْ رِوَايَةِ ابْنِ عَبْدَةَ. وَقَالَ قُتَيْبَةُ «إِلاّ الْمُهْتَجِرَيْنِ».

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: جەننەتلەرنىڭ ئىشىكلىرى دۈشەنبە كۈنى، پەيشەنبە كۈنى ئېچىلىدۇ، بۇ كۈنلەردە، ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرمىگەن بارلىق بەندىلەر ئۈچۈن مەغپىرەت قىلىنىدۇ، كەچۈرۈلىدۇ، لېكىن، ئارىلىقىدا ئۆچ ــ ئاداۋەت بار كىشىلەر مەغپىرەت قىلىنماي قالىدۇ، ئۇلار توغرىسىدا «بۇ ئىككىسى يارىشىۋالغىچە، كېلىشىۋالغىچە قالدۇرۇپ قويۇڭلار دېيىلىدۇ »، مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى، بۇخارى ئەدەپتە توپلىغان، سەھىھ.

6493 ـ حدّثنا ابْنُ أَبِي عُمَرَ. حَدّثنا سُفْيَانُ عَنْ مُسْلِمِ بْنِ أَبِي مَرْيَمَ، عَنْ أَبِي صَالِحٍ. سَمِعَ أَبَا هُرَيْرَةَ رَفَعَهُ مَرّةً قَالَ: «تُعْرَضُ الأَعْمَالُ فِي كُلّ يَوْمِ خَمِيسٍ وَاثْنَيْنِ. فَيَغْفِرُ اللّهُ عَزّ وَجَلّ فِي ذَلِكَ الْيَوْمِ لِكُلّ امْرِىءٍ لاَ يُشْرِكُ بِاللّهِ شَيْئاً. إِلاّ امْرَأً كَانَتْ بَيْنَهُ وَبَيْنَ أَخِيهِ شَحْنَاءُ. فَيُقَالُ ارْكُوا هَذَيْنِ حَتّىَ يَصْطَلِحَا. ارْكُوا هَذَيْنِ حَتّىَ يَصْطَلِحَا».

6494 ـ حدّثنا أَبُو الطّاهِرِ وَ عَمْرُو بْنُ سَوّادٍ. قَالاَ: أَخْبَرَنَا ابْنُ وَهْبٍ. أَخْبَرَنَا مَالِكُ بْنُ أَنَسٍ عَنْ مُسْلِمِ بْنِ أَبِي مَرْيَمَ، عَنْ أَبِي صَالِحٍ، عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ، عَنْ رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم قَالَ: «تُعْرَضُ أَعْمَالُ النّاسِ فِي كُلّ جُمُعَةٍ مَرّتَيْنِ. يَوْمَ الإِثْنَيْنِ وَيَوْمَ الْخَمِيسِ. فَيُغْفَرُ لِكُلّ عَبْدٍ مُؤْمِنٍ. إِلاّ عَبْداً بَيْنَهُ وَبَيْنَ أَخِيهِ شَحْنَاءُ. فَيُقَالُ: اتْرُكُوا، أَوِ ارْكُوا، هَذَيْنِ حَتّىَ يَفِيئَا».

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىشىلەرنىڭ ئەمەللىرى ھەر ھەپتىدە ئىككى قېتىم دۈشەنبە، پەيشەنبە كۈنى تەكشۈرۈلۈپ ھېساب ــ كىتاب قىلىنىپ، سۈرۈشتە قىلىنىدۇ، شۇكۈنى الله قا شېرىك كەلتۈرمىگەن ھەربىر مۆئمىن بەندە ئۈچۈن مەغپىرەت قىلىنىدۇ، پەقەت ئارىلىقىدا ئۆچ ــ ئاداۋەت بار كىشىلەر قېلىپ قالىدۇ، بۇلار ئۈچۈن بۇ ئىككى كىشى يارىشىۋالمىغىچە، ئەپلىشىۋالمىغىچە قالدۇرۇپ قويۇڭلار دېيىلىدۇ.

## 1168 ـ باب في فضل الحب في الله   ئاللاھ يولىدا دوستلىشىپ ياخشى كۆرۈشۈشنىڭ پەزىلىتى

6495 ـ حدّثنا قُتَيْبَةُ بْنُ سَعِيدٍ عَنْ مَالِكِ بْنِ أَنَسٍ، فِيمَا قُرِىءَ عَلَيْهِ، عَنْ عَبْدِ اللّهِ ابْنِ عَبْدِ الرّحْمَنِ بْنِ مَعْمَرٍ، عَنْ أَبِي الْحُبَابِ، سَعِيدِ بْنِ يَسَارٍ، عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ، قَالَ: قَالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: «إِنّ اللّهَ يَقُولُ يَوْمَ الْقِيَامَةِ: أَيْنَ الْمُتَحَابّونَ بِجَلاَلِي. الْيَوْمَ أُظِلّهُمْ فِي ظِلّي. يَوْمَ لاَ ظِلّ إِلاّ ظِلّي».

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ھەقىقەتەن ئاللاھتائالا قىيامەت كۈنى مۇنداق دەپ توۋلايدۇ: مېنىڭ كاتتىلىقىم، ئۇلۇغلۇقۇم ئۈچۈنلا دوستلاشقان، مېنى دەپلا ئۆزئارا ياخشى كۆرۈشكەنلەر قېنى! مېنىڭ سايامدىن باشقا سايە بولمىغان بۈگۈنكى كۈندە، مەن ئۇلارغا ئۆزۈمنىڭ سايىسى بىلەنلا سايە تاشلايمەن! ئەھمەد، مۇسلىم تويلىغان، سەھىھ.

6496 ـ 6497 ـ حدّثني عَبْدُ الأَعْلَى بْنُ حَمّادٍ. حَدّثَنَا حَمّادُ بْنُ سَلَمَةَ عَنْ ثَابِتٍ، عَنْ أَبِي رَافِعٍ، عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ، عَنِ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم «أَنّ رَجُلاً زَارَ أَخاً لَهُ فِي قَرْيَةٍ أُخْرَى. فَأَرْصَدَ اللّهُ لَهُ، عَلَى مَدْرَجَتِهِ، مَلَكاً. فَلَمّا أَتَى عَلَيْهِ قَالَ: أَيْنَ تُرِيدُ؟ قَالَ: أُرِيدُ أَخاً لِي فِي هَذِهِ الْقَرْيَةِ. قَالَ: هَلْ لَكَ عَلَيْهِ مِنْ نِعْمَةٍ تَرُبّهَا؟ قَالَ: لاَ. غَيْرَ أَنّي أَحْبَبْتُهُ فِي اللّهِ عَزّ وَجَلّ. قَالَ: فَإِنّي رَسُولُ اللّهِ إِلَيْكَ، بِأَنّ اللّهَ قَدْ أَحَبّكَ كَمَا أَحْبَبْتَهُ فِيهِ».ـ قَالَ الشّيْخُ أَبُو أَحْمَدَ: أَخْبَرَنِي أَبُو بَكْرٍ، مُحَمّدُ بْنُ زَنْجُويَةَ الْقُشَيْرِيّ. حَدّثَنَا عَبْدُ الأَعْلَى بْنُ حَمّادٍ. حَدّثَنَا حَمّادُ بْنُ سَلَمَةَ، بِهَذَا الإِسْنَادِ، نَحْوَهُ.

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: بىر كىشى مەلۇم بىر يېزىدىكى قېرىندىشىنى زىيارەت قىلىپ چىقىپتۇ، ئاللاھتائالا ئۇنىڭ ئۆتىدىغان يولىغا بىر پەرىشتىنى كۈزەتچى قىلىپ قويۇپتۇ، پەرىشتە ئۇ كىشىگە؛ قەيەرگە ماڭدىڭ؟ دەپ سوراپتۇ، ئۇ؛ مېنىڭ بۇ يېزىدا ياكى شەھەردە بىر قېرىندىشىم بارئىدى، زىيارەت قىلىپ ماڭدىم دەپتۇ، پەرىشتە: ئۇ كىشى ئۈچۈن ئۈستۈڭدە قايتۇرىدىغان بىرەر ياخشىلىق بارمىدى؟ ياخشىلىقا جاۋاب قايتۇرۇپ چىقتىڭمۇ؟ دەپ سوراپتۇ، ئۇ كىشى: ياق ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس، ھەقىقەتەن مەن ئۇنى ئاللاھ يولىدا، ئاللاھ رازىلىقى ئۈچۈنلا ياخشى كۆرىمەن دەپتۇ، پەرىشتە ئۇنىڭغا؛ ھەقىقەتەن مەن ساڭا ئەۋەتىلگەن، ئاللاھنىڭ ئەلچىسى بولىمەن، ھەقىقەتەن سەن ئۇ قېرىندىشىڭنى ياخشى كۆرگەندەك ، ئاللاھتائالامۇ سېنى ياخشى كۆرىدۇ دەپتۇ. ئەھمەد، مۇسلىم، بۇخارى ئەدەپتە تويلىغان، سەھىھ.

## 1169 ـ باب فضل عيادة المريض   كېسەل يوقلاشنىڭ پەزىلىتى

6498 ـ حدّثنا سَعِيدُ بْنُ مَنْصُورٍ وَ أَبُو الرّبِيعِ الزّهْرَانِيّ. قَالاَ: حَدّثَنَا حَمّادٌ (يَعْنِيَانِ ابْنَ زَيْدٍ) عَنْ أَيّوبَ، عَنْ أَبِي قِلاَبَةَ، عَنْ أَبِي أَسْمَاءَ، عَنْ ثَوْبَانَ (قَالَ أَبُو الرّبِيعِ: رَفَعَهُ إِلَى النّبِيّ صلى الله عليه وسلم) وَفِي حَدِيثِ سَعِيدٍ: قَالَ: قَالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: «عَائِدُ الْمَرِيضِ فِي مَخْرَفَةِ الْجَنّةِ حَتّى يَرْجِعَ».

سەۋبان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: كېسەل يوقلىغۇچى قايتقانغا قەدەر جەننەت باغلىرى ئىچىدە ماڭىدۇ، (چۈنكى ھەربىر ياخشىلىق، جەننەتكە ئاپىرىدۇ) ئابدۇراھمان

ئىبنى ئەۋف رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: كېسەل يوقلىغۇچى، جەننەتنىڭ باغلىرىدا بولىدۇ، ئۇ كېسەلنىڭ يېنىدا ئولتۇرسا، ئۇنى رەھمەتلەر قورشىۋالىدۇ، بەزار تويلىغ، سەھىھ.

**6499 ـ حدّثنا يَحْيَى بْنُ يَحْيَى. التّمِيمِيّ. أَخْبَرَنَا هُشَيْمٌ عَنْ خَالِدٍ، عَنْ أَبِي قِلاَبَةَ، عَنْ أَبِي أَسْمَاءَ، عَنْ ثَوْبَانَ، مَوْلَى رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم قالَ: قَالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: «مَنْ عَادَ مَرِيضاً، لَمْ يَزَلْ فِي خُرْفَةِ الْجَنّةِ حَتّىَ يَرْجِعَ».**

سەۋبان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: كىم كېسەل يوقلىسا، ئۆيگە قايتىپ كەلگىچە جەننەتنىڭ باغلىرى ئىچىدە تۇرىدۇ.

**6500 ـ حدّثنا يَحْيَى بْنُ حَبِيبٍ الْحَارِثِيّ. حَدّثَنَا يَزِيدُ بْنُ زُرَيْعٍ. حَدّثَنَا خَالِدٌ عَنْ أَبِي قِلاَبَةَ، عَنْ أَبِي أَسْمَاءَ الرّحَبِيّ، عَنْ ثَوْبَانَ عَنِ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم قالَ: «إِنّ الْمُسْلِمَ إِذَا عَادَ أَخَاهُ الْمُسْلِمَ، لَمْ يَزَلْ فِي خُرْفَةِ الْجَنّةِ حَتّىَ يَرْجِعَ».**

سەۋبان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ھەققەتەن بىر مۇسۇلمان، كېسەل بولۇپ قالغان يەنەبىرمۇسۇلمان قېرىندىشىنى يوقلىسا، ئۇ ئۆيگە قايتقانغا قەدەر جەننەتنىڭ باغچىلىرىدا تۇرىۋېرىدۇ. (زىيارەت قىلىسمۇ شۇنداق)، ئەھمەد، مۇسلىم، تىرمىزى تويلىغان، سەھىھ.

**6501 ـ6502 ـ حدّثنا أَبُو بَكْرِ بْنُ أَبِي شَيْبَةَ وَ زُهَيْرُ بْنُ حَرْبٍ. جَمِيعاً عَنْ يَزِيدَ (وَاللّفْظُ لِزُهَيْرٍ) حَدّثَنَا يَزِيدُ بْنُ هَرُونَ. أَخْبَرَنَا عَاصِمٌ الأَحْوَلُ عَنْ عَبْدِ اللّهِ بْنِ زَيْدٍ (وَهُوَ أَبُو قِلاَبَةَ)، عَنْ أَبِي الأَشْعَثِ الصّنْعَانِيّ، عَنْ أَبِي أَسْمَاءَ الرّحَبِيّ، عَنْ ثَوْبَانَ، مَوْلَىَ رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم عَنْ رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم قالَ: «مَنْ عَادَ مَرِيضاً، لَمْ يَزَلْ فِي خُرْفَةِ الْجَنّةِ». قِيلَ: يَا رَسُولَ اللّهِ وَمَا خُرْفَةُ الْجَنّةِ؟ قالَ «جَنَاهَا».حدّثني سُوَيْدُ بْنُ سَعِيدٍ. حَدّثَنَا مَرْوَانُ بْنُ مُعَاوِيَةَ عَنْ عَاصِمٍ الأَحْوَلِ، بِهَـذَا الإِسْنَادِ.**

سەۋبان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: كىم كېسەل يوقلىسا، ئۆيگە قايتىپ كەلگىچە جەننەتنىڭ باغلىرى ئىچىدە تۇرىدۇ.

**6503 ـ حدّثني مُحَمّدُ بْنُ حَاتِمِ بْنِ مَيْمُونٍ. حَدّثَنَا بَهْزٌ. حَدّثَنَا حَمّادُ بْنُ سَلَمَةَ عَنْ ثَابِتٍ، عَنْ أَبِي رَافِعٍ، عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ، قَالَ: قَالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: «إِنّ اللّهَ عَزّ وَجَلّ يَقُولُ، يَوْمَ الْقِيَامَةِ: يَا ابْنَ آدَمَ مَرِضْتُ فَلَمْ تَعُدْنِي. قَالَ: يَا رَبّ كَيْفَ أَعُودُكَ؟ وَأَنْتَ رَبّ الْعَالَمِينَ. قَالَ: أَمَا عَلِمْتَ أَنّ عَبْدِي فُلاَناً مَرِضَ فَلَمْ تَعُدْهُ. أَمَا عَلِمْتَ أَنّكَ لَوْ عُدْتَهُ لَوَجَدْتَنِي عِنْدَهُ؟ يَا ابْنَ آدَمَ اسْتَطْعَمْتُكَ فَلَمْ تُطْعِمْنِي. قَالَ: يَا رَبّ وَكَيْفَ أُطْعِمُكَ؟ وَأَنْتَ رَبّ الْعَالَمِينَ. قَالَ: أَمَا عَلِمْتَ أَنّهُ اسْتَطْعَمَكَ عَبْدِي فُلاَنٌ فَلَمْ تُطْعِمْهُ؟ أَمَا عَلِمْتَ أَنّكَ لَوْ أَطْعَمْتَهُ لَوَجَدْتَ ذَلِكَ عِنْدِي؟ يَا ابْنَ آدَمَ اسْتَسْقَيْتُكَ فَلَمْ تَسْقِنِي. قَالَ: يَا رَبّ كَيْفَ أَسْقِيكَ؟ وَأَنْتَ رَبّ الْعَالَمِينَ. قَالَ: اسْتَسْقَاكَ عَبْدِي فُلاَنٌ فَلَمْ تَسْقِهِ. أَمَا إِنّكَ لَوْ سَقَيْتَهُ وَجَدْتَ ذَلِكَ عِنْدِي».**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ھەققەتەن ئاللاھتائالا قىيامەت كۈنى مۇنداق دەيدۇ: ئى ئادەم بالىسى، مەن كېسەل بولۇپ قالسام، سەن مېنى يوقلىمىدىڭ، بەندە: ئى پەرۋەردىگارىم، سەن ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى تۇرساڭ، مەن سېنى قانداق يوقلايمەن؟ دەيدۇ . ئاللاھ: ھەققەتەن پالانى بەندەم كېسەل بولۇپ قالغاندا ئۇنى يوقلىمىغىنىڭنى بىلمەمسەن؟ دەيدۇ، ۋە يەنە ئەگەر سەن ئۇ بەندىنى مېنىڭ رازىلىقىم ئۈچۈن يوقلىغان بولساڭ، مىنى شۇ جايدا تاپ ىدىغىنىڭنى بىلمەمسەن؟ دەيدۇ، ئى ئادەم بالىسى! مەن سەندىن تائام سورىسام، سەن ماڭا تائام بەرمىدىڭ دەيدۇ، (سەن ، سەدىقە قىلىڭلار دېسەم، بۇيرۇقنا خىلاپلىق قىلدىڭ)، بەندە؛ ئى رەببىم سەن ئالەملەرنىڭ رەببى، ياراتقۇچى، ئىگىسى تۇرساڭ، مەن ساڭا

قانداق تائام بېرىمەن دەيدۇ. ئاللاھ ئۇنىڭغا؛ پالانى بەندەم سەندىن تائام سورىغاندا، ئۇنىڭغا تائام بەرمىدىڭ، بۇنى بىلمەمسەن؟ ئۇنتۇپ قالدىڭمۇ؟ ھەقىقەتەن سەن ئۇنىڭغا تائام بەرگەن بولساڭ، ئۇنىڭ مۇكاپاتىنى مېنىڭ نەزىرىمدە تاپىدىغانلىقىڭنى بىلمەمسەن؟ دەپ، ئاندىن يەنە ؛ ئى ئادەم بالىسى ! مەن سەندىن سۇ سورىسام مېنى سۇغارمىدىڭ دەيدۇ، بەندە ؛ ئى رەببىم، سەن ئالەملەرنىڭ رەببى تۇرساڭ، مەن ساڭا قانداق سۇ بېرىپ سۇغۇرىمەن؟ دەيدۇ. ئاللاھ ئۇنىڭغا ؛ پالانى بەندەم سەندىن سۇ سورىسا، سەن ئۇنىڭغا سۇ بەرمىدىڭ، ئۇنى سۇغارمىدىڭ، ئەمما سەن ئۇنى مېنىڭ رازىلىقىم ئۈچۈن سۇغارغان بولساڭ، ئۇنىڭ مۇكاپاتىنى مېنىڭ نەزىرىمدە تاپالايدىغانلىقىڭنى بىلمەنسەن؟ دەيدۇ. مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ. ھەدىستىكى مەخسەت، ئاللاھنىڭ بۇيرىغىنىنى قىلىشتۇر، ئۇنتۇپ قالماي، كېسەل يوقلاش، باشقىلارغا تائام، سۇ بېرىش، ھاجىتىدىن چىقىش، ياخشىلىق قىلىشلاردۇر، ئاللاھ رازىلىقى ئۈچۈنلا بولۇشى لازىم، مۇكاپاتىنى ھازىرلائەمەس، ئاخىرەتتە كۆرۈش لازىم.

## 1170 - باب ثواب المؤمن فيما يصيبه من مرض أو حزن أو نحو ذلك، حتى الشوكة يشاكها

## مۆئمىننىڭ كېسەل ۋە غەم ـ قايغۇدەك مۇسىيبەتلەردە ئېرىشىدىغان ساۋاپلىرى توغرىسىدا

6504 ـ حدّثنا عُثْمَانُ بْنُ أَبِي شَيْبَةَ وَ إِسْحَقُ بْنُ إِبْرَاهِيمَ (قالَ إِسْحَقُ: أَخْبَرَنَا. وَقالَ عُثْمَانُ: حَدّثَنَا) جَرِيرٌ عَنِ الأَعْمَشِ، عَنْ أَبِي وَائِلٍ، عَنْ مَسْرُوقٍ، قالَ: قالَتْ عَائِشَةُ مَا رَأَيْتَ رَجُلاً أَشَدّ عَلَيْهِ الْوَجَعُ مِنْ رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم. وَفِي رِوَايَةِ عُثْمَانَ ــ مَكَانَ الْوَجَعُ ــ وَجَعاً.
6505 ـ حدّثنا عُبَيْدُ اللّهِ بْنُ مُعَاذٍ أَخْبَرَنِي أَبِي. ح وَحَدّثَنَا ابْنُ الْمُثَنّى وَ ابْنُ بَشّارٍ. قالاَ: حَدّثَنَا ابْنُ أَبِي عَدِيَ. ح وَحَدّثَنِي بِشْرُ بْنُ خَالِدٍ. أَخْبَرَنَا مُحَمّدٌ (يَعْنِي ابْنَ جَعْفَرٍ). كُلّهُمْ عَنْ شُعْبَةَ، عَنِ الأَعْمَشِ. ح وَحَدّثَنِي أَبُو بَكْرِ بْنُ نَافِعٍ. حَدّثَنَا عَبْدُ الرّحْمَنِ. ح وَحَدّثَنَا ابْنُ نُمَيْرٍ. حَدّثَنَا مُصْعَبُ بْنُ الْمِقْدَامِ. كِلاَهُمَا عَنْ سُفْيَانَ، عَنِ الأَعْمَشِ. بِإِسْنَادِ جَرِيرٍ، مِثْلَ حَدِيثِهِ.

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ؛ مەن بىرەركىشىنىڭ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم دىنمۇ قاتتىقراق ئاغرىپ، كېسەل تارتقىنىنى كۆرۈپ باقمىدىم. بۇخارى،مۇسلىم، توپلىغان، سەھىھ.

6506 ـ حدّثنا عُثْمَانُ بْنُ أَبِي شَيْبَةَ وَ زُهَيْرُ بْنُ حَرْبٍ وَ إِسْحَقُ بْنُ إِبْرَاهِيمَ (قالَ إِسْحَقُ: أَخْبَرَنَا. وَقالَ الآخَرَانِ: حَدّثَنَا) جَرِيرٌ عَنِ الأَعْمَشِ، عَنْ إِبْرَاهِيمَ التّيْمِيّ، عَنِ الْحَارِثِ بْنِ سُوَيْدٍ عَنْ عَبْدِ اللّهِ. قالَ: دَخَلْتُ عَلَى رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم وَهُوَ يُوعَكُ. فَمَسِسْتُهُ بِيَدِي. فَقُلْتُ: يَا رَسُولَ اللّهِ إِنّكَ لَتُوعَكُ وَعْكاً شَدِيداً. فَقالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: «أَجَلْ. إِنّي أُوعَكُ كَمَا يُوعَكُ رَجُلاَنِ مِنْكُمْ» قالَ: فَقُلْتُ: ذَلِكَ، أَنّ لَكَ أَجْرَيْنِ، فَقالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: «أَجَلْ» ثُمّ قالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: «مَا مِنْ مُسْلِمٍ يُصِيبُهُ أَذىً مِنْ مَرَضٍ فَمَا سِوَاهُ، إِلاّ حَطّ اللّهُ بِهِ سَيّئَاتِهِ، كَمَا تَحُطّ الشّجَرَةُ وَرَقَهَا». وَلَيْسَ فِي حَدِيثِ زُهَيْرٍ: فَمَسَسْتُهُ بِيَدِي.
6507 ـ حدّثنا أَبُو بَكْرِ بْنُ أَبِي شَيْبَةَ وَ أَبُو كُرَيْبٍ. قالاَ: حَدّثَنَا أَبُو مُعَاوِيَةَ. ح وَحَدّثَنِي مُحَمّدُ بْنُ رَافِعٍ. حَدّثَنَا عَبْدُ الرّزّاقِ. حَدّثَنَا سُفْيَانُ. ح وَحَدّثَنَا إِسْحَقُ بْنُ إِبْرَاهِيمَ. أَخْبَرَنَا عِيسَى بْنُ يُونُسَ وَ يَحْيَى بْنُ عَبْدِ الْمَلِكِ بْنِ أَبِي غَنِيّةَ. كُلّهُمْ عَنِ الأَعْمَشِ. بِإِسْنَادِ جَرِيرٍ. نَحْوَ حَدِيثِهِ. وَزَادَ فِي حَدِيثِ أَبِي مُعَاوِيَةَ. قالَ: «نَعَمْ. وَالّذِي نَفْسِي بِيَدِهِ مَا عَلَى الأَرْضِ مُسْلِمٌ».

ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم نىڭ قېشىغا كىرسەم ، رەسۇلۇللاھ قىزىتما كېسەل بولۇپ قاپتۇ، مەن قولۇم بىلەن سىلاپ تۇتۇپ بېقىپ: ئى الله نىڭ ئەلچىسى!سىلى قاتتىق قىزىتما كېسەل بولۇپ قاپلا دىسەم، شۇنداق ، ھەقىقەتەن مەن سىلەردىن ئىككى كىشى قاتتىق قىززىپ

كېسەل بولغاندەك، قىزىتما كېسەل بولدۇم دېدى، مەن : شۇنداق بولغانكەن سىلىگە ئەجىرمۇ ئىككى كىشىلىك بولامدۇ؟ دىسەم، ئەلۋەتتە شۇنداق بولىدۇ دەپ، ئاندىن يەنە؛ ھەر قانداق بىر مۇسۇلمانغا (بىرەر تال تىكەن، شوخا كىرىپ كەتكەن چاغلىق ياكى ئۇنىڭدىن يۇقىرىراق مۇسىبەت يەتسە )،كېسەلدىن بولغان ئەزىيەت ،ياكى باشقا ئازار يەتسە، ئاللاھ شۇنىڭ بەدىلىگە خۇددى دەرەخ قۇلىقىنى تۆككەندەك، ئۇ مۇسۇلماننىڭ گۇناھلىرىنى تۆكۈۋېتىدۇ،دېدى. بۇخارى 5216 ــ ھەدىس، مۇسلىم 4663 ــ ھەدىس، ئەھمەد 3988 ــ ھەدىس، سەھىھ.

**6508 ـ حدّثنا زُهَيْرُ بْنُ حَرْبٍ وَ إِسْحَقُ بْنُ إِبْرَاهِيمَ. جَمِيعاً عَنْ جَرِيرٍ. قَالَ زُهَيْرٌ: حَدّثَنَا جَرِيرٌ عَنْ مَنْصُورٍ، عَنْ إِبْرَاهِيمَ، عَنِ الأَسْوَدِ، قَالَ: دَخَلَ شَبَابٌ مِنْ قُرَيْشٍ عَلَى عَائِشَةَ، وَهِيَ بِمِنًى. وَهُمْ يَضْحَكُونَ. فَقَالَتْ: مَا يُضْحِكُكُمْ؟ قَالُوا: فُلاَنٌ خَرّ عَلَى طُنُبِ فُسْطَاطٍ، فَكَادَتْ عُنُقُهُ أَوْ عَيْنُهُ أَنْ تَذْهَبَ. فَقَالَتْ: لاَ تَضْحَكُوا. فَإِنّي سَمِعْتُ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم قَالَ: «مَا مِنْ مُسْلِمٍ يُشَاكُ شَوْكَةً فَمَا فَوْقَهَا، إِلاّ كُتِبَتْ لَهُ بِهَا دَرَجَةٌ، وَمُحِيَتْ عَنْهُ بِهَا خَطِيئَةٌ».**

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن، ئۇ چىدىرنىڭ تانىسىغا پۇتلىشىپ يىقىلىپ چۈشكەن كىشىگە كۈلۈشكەن كىشىلەرنى كۈلۈشتىن توسۇپ كۈلۈشمەڭلار چۈنكى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ھەر قانداق بىر مۇسۇلمانغا بىر تال شوخا تىكەن كىرىپ كەتسە، يا ئۇنىڭدىن يۇقىرىراق مۇسىبەت يەتسە، بۇنىڭ بەدىلىگە ئۇ مۇسۇلمان ئۈچۈن بىر ياخشىلىق يېزىلىپ، ئۇنىڭدىن بىر خاتالىق ئۆچۈرۈلىدۇ،دېدى.

**6509 ـ وحدّثنا أَبُو بَكْرِ بْنُ أَبِي شَيْبَةَ وَ أَبُو كُرَيْبٍ. (وَاللّفْظُ لَهُمَا). ح وَحَدّثَنَا إِسْحَقُ الْحَنْظَلِيّ (قَالَ إِسْحَقُ: أَخْبَرَنَا. وَقَالَ الآخَرَانِ: حَدّثَنَا) أَبُو مُعَاوِيَةَ عَنِ الأَعْمَشِ، عَنْ إِبْرَاهِيمَ، عَنِ الأَسْوَدِ، عَنْ عَائِشَةَ. قَالَتْ: قَالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: «مَا يُصِيبُ الْمُؤْمِنَ مِنْ شَوْكَةٍ فَمَا فَوْقَهَا، إِلاّ رَفَعَهُ اللّهُ بِهَا دَرَجَةً، أَوْ حَطّ عَنْهُ بِهَا خَطِيئَةً».**

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: مۆئمىنگە بىر تال شوخا تىكەن كىرىپ كەتكەنچىلىك ۋە ئۇنىڭدىن چوڭراق مۇسىبەت يەتسە، ئاللاھ ئۇنى شۇ مۇسىبەتنىڭ بەدىلىگە بىر دەرىجە يۇقىرى كۆتۈرۈپ، ئۇنىڭدىن بىر خاتالىقنى ئۆچۈرۈۋېتىدۇ. تىرمىزى، ئىبنى ھەببان توپلىغان، سەھىھ.

**6510 ـ حدّثنا مُحَمّدُ بْنُ عَبْدِ اللّهِ بْنِ نُمَيْرٍ. حَدّثَنَا مُحَمّدُ بْنُ بِشْرٍ. حَدّثَنَا هِشَامٌ عَنْ أَبِيهِ، عَنْ عَائِشَةَ قَالَتْ: قَالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: «لاَ تُصِيبُ الْمُؤْمِنَ شَوْكَةٌ فَمَا فَوْقَهَا، إِلاّ قَصّ اللّهُ بِهَا مِنْ خَطِيئَتِهِ».**
**6511 ـ حدّثنا أَبُو كُرَيْبٍ. حَدّثَنَا أَبُو مُعَاوِيَةَ. حَدّثَنَا هِشَامٌ، بِهَذَا الأَسْنَادِ.**
**6512 ـ حدّثني أَبُو الطّاهِرِ. أَخْبَرَنَا ابْنُ وَهْبٍ. أَخْبَرَنِي مَالِكُ بْنُ أَنَسٍ وَ يُونُسُ بْنُ يَزِيدَ عَنِ ابْنِ شِهَابٍ، عَنْ عُرْوَةَ بْنِ الزّبَيْرِ، عَنْ عَائِشَةَ أَنّ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم قَالَ: «مَا مِنْ مُصِيبَةٍ يُصَابُ بِهَا الْمُسْلِمُ إِلاّ كُفّرَ بِهَا عَنْهُ، حَتّى الشّوْكَةِ يُشَاكُهَا».**
**6513 ـ حدّثنا أَبُو الطّاهِرِ. أَخْبَرَنَا ابْنُ وَهْبٍ. أَخْبَرَنِي مَالِكُ بْنُ أَنَسٍ عَنْ يَزِيدَ بْنِ خُصَيْفَةَ، عَنْ عُرْوَةَ بْنِ الزّبَيْرِ، عَنْ عَائِشَةَ، زَوْجِ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم أَنّ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم قَالَ: «لاَ يُصِيبُ الْمُؤْمِنَ مِنْ مُصِيبَةٍ، حَتّى الشّوْكَةِ، إِلاّ قُصّ بِهَا مِنْ خَطَايَاهُ، أَوْ كُفّرَ بِهَا مِنْ خَطَايَاهُ». لاَ يَدْرِي يَزِيدُ أَيّتُهُمَا قَالَ: عُرْوَةُ.**

ئەبۇ سەئىد،ئائىشە، ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: مۆئمىن ـ مۇسۇلمانغا بىرەر مۇشەققەت يەتسە، كېسەل يا ئۆزىدىن ئەنسىرەش غېمى، مۇھىم كۆڭۈل بۆلىدىغان غەم، ياكى ئائىلە غېمى، ئەنسىرەش، قورقۇنچ، ئەزىيەت،دىل ئازارى يەتسە، ھەتتا بىر تال شوخا، تىكەن كىرىپ

كەتسىمۇ، ئاللاھتائالا ئۇنىڭ بەدىلىگە ئۇنىڭ خاتالىقلىرىنى ئۆچۈرۈۋېتىدۇ. بۇئىشلارنى ئۇنىڭ گۇناھلىرىغا كاپپارەت قىلىۋېتىدۇ. ئەھمەد، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.

**6514 ـ حدّثني حَرْمَلَةُ بْنُ يَحْيَىَ. أَخْبَرَنَا عَبْدُ اللّهِ بْنُ وَهْبٍ. أَخْبَرَنَا حَيْوَةُ. حَدّثَنَا ابْنُ الْهَادِ عَنْ أَبِي بَكْرِ بْنِ حَزْمٍ، عَنْ عَمْرَةَ، عَنْ عَائِشَةَ قَالَتْ: سَمِعْتُ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم يَقُولُ: «مَا مِنْ شَيْءٍ يُصِيبُ الْمُؤْمِنَ، حَتّىَ الشّوْكَةِ تُصِيبُهُ، إلاّ كَتَبَ اللّهُ لَهُ بِهَا حَسَنَةً، أَوْ حُطّتْ عَنْهُ بِهَا خَطِيئَةٌ».**

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مۆئمىنگە بىرەر نەرسە ئەزىيەت يەتكۈزسە، مۇسىبەت يەتسە، ھەتتا بىر تال شوخا تىكەن كىرىپ كەتسىمۇ، ئاللاھتائالا ئۇنىڭ ئۈچۈن ئاشۇ مۇسىبەتنىڭ بەدىلىگە بىر ياخشىلىق يېزىپ، ئۇنىڭدىن بىر خاتالىقنى ئۆچۈرۈۋېتىدۇ. **«ئاللاھتائالا، بۇخارى، مۇسلىم قاتارلىق ئىماملارغا رەھمەت قىلسۇن ۋە رازى بولسۇن ئامىن!»**

**6515 ـ حدّثنا أَبُو بَكْرِ بْنُ أَبِي شَيْبَةَ وَ أَبُو كُرَيْبٍ. قَالاَ: حَدّثَنَا أَبُو أُسَامَةَ عَنْ الْوَلَيدِ ابْنِ كَثِيرٍ عَنْ مُحَمّدِ بْنُ عَمْرِو بْنِ عَطَاءٍ، عَنْ عَطَاءِ بْنِ يَسَارٍ، عَنْ أَبِي سَعِيدٍ وَ أَبِي هُرَيْرَةَ أَنّهُمَا سَمِعَا رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم يَقُولُ: «مَا يُصِيبُ الْمُؤْمِنَ مِنْ وَصَبٍ، وَلاَ نَصَبٍ، وَلاَ سَقَمٍ، وَلاَ حَزَنٍ، حَتّىَ الْهَمّ يُهِمّهُ إلاّ كُفّرَ بِهِ مِنْ سَيّئَاتِهِ».**

ئەبۇ سەئىد، ئەبۇ ھۈرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مۇسۇلمانغا بىرەر مۇشەققەت يەتسە، كېسەل يەتسە، ياكى ئۆزىدىن ئەنسىرەش غېمى، مۇھىم كۆڭۈل بۆلىدىغان غەم يەتسە، ياكى ئائىلە غېمى، ئەنسىرەش، قورقۇنچ غېمى يەتسە، ئەزىيەت، ئازار يەتسە، مۇشەققەتلىك غەم ــ ئەندىشە، دىل ئازارى يەتسە، ھەتتا بىر تال شوخا، تىكەن كىرىپ كەتسىمۇ، ئاللاھتائالا ئۇنىڭ بەدىلىگە ئۇنىڭ خاتالىقلىرىنى ئۆچۈرۈۋېتىدۇ. ئەھمەد، بەيھەقى، بۇخارى،مۇسلىم، توپلىغان، سەھىھ.

**6516 ـ حدّثنا قُتَيْبَةُ بْنُ سَعِيدٍ وَ أَبُو بَكْرِ بْنُ أَبِي شَيْبَةَ. كِلاَهُمَا عَنِ ابْنِ عُيَيْنَةَ(وَاللّفْظُ لِقُتَيْبَةَ) حَدّثَنَا سُفْيَانُ عَنِ ابْنِ مُحَيْصِنٍ، شَيْخٍ مِنْ قُرَيْشٍ، سَمِعَ مُحَمّدَ بْنَ قَيْسِ بْنِ مَخْرَمَةَ يُحَدّثُ عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ. قَالَ: لَمّا نَزَلَتْ: {مَنْ يَعْمَلْ سُوءاً يُجْزَ بِهِ} ( 4النساء 321). بَلَغَتْ مِنَ الْمُسْلِمِينَ مَبْلَغاً شَدِيداً. فَقَالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: «قَارِبُوا وَسَدّدُوا. فَفِي كُلّ مَا يُصَابُ بِهِ الْمُسْلِمُ كَفّارَةٌ. حَتّىَ النّكْبَةِ يُنْكَبُهَا. وَالشّوْكَةِ يُشَاكُهَا».**

ئەبۇ ھۈرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، ئاللاھنىڭ: «قەلبىڭلاردا بىرەر نەرسىنى مەيلى ئاشكارا قىلىڭلار ياكى يوشۇرۇن قىلىڭلار، ئاللاھ ئۇنىڭدىن ھېساب ئالىدۇ»، «كىم يامانلىق، گۇناھ قىلىدىكەن، جازاغا تارتىلىدۇ» دېگەن سۆزى نازىل بولغاندا بۇمۇسۇلمانلارغا قاتتىق تەسىر قىلدى، يەنى مۇسۇلمانلارغا قاتتىق ئېغىركۆن كەلدى، ئاندىن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاللاھقا ئىبادەت بىلەن يېقىنچىلىق ئىزدەڭلار، ئوتتۇرىھال، نورمال، توغرا يول تۇتۇڭلار، مۇسۇلمانغا يەتكەن ھەرقانداق مۇسىبەت، ھەتتا ئۇنىڭغا يەتكەن ئەزىيەت، جاپا ــ مۇشەققەت، كىرىپ كەتكەن بىر تال شوخا، تىكەنمۇ مۇسۇلماننىڭ گۇناھلىرىغا كاپارەت بولىدۇ، مۇسلىم 4671 ــ ھەدىس، ترمىزى 2964 ــ ھەدىس، ئەھمەد 7081 ــ ھەدىس، سەھىھ.

**6517 ـ حدّثني عُبَيْدُ اللّهِ بْنُ عُمَرَ الْقَوارِيرِيّ. حَدّثَنَا يَزِيدُ بْنُ زُرَيْعٍ. حَدّثَنَا الْحَجّاجُ الصّوّافُ. حَدّثَنِي أَبُو الزّبَيْرِ. حَدّثَنَا جَابِرُ بْنُ عَبْدِ اللّهِ أَنّ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم دَخَلَ عَلَى أُمّ السّائِبِ، أَوْ أُمّ الْمُسَيّبِ. فَقَالَ: «مَا لَكِ؟ يَا أُمّ السّائِبِ أَوْ يَا أُمّ الْمُسَيّبِ تُزَفْزِفِينَ؟» قَالَتِ: الْحُمّى. لاَ بَارَكَ اللّهُ فِيهَا. فَقَالَ «لاَ تَسُبّي الْحُمّى. فَإِنّهَا تُذْهِبُ خَطَايَا بَنِي آدَمَ. كَمَا يُذْهِبُ الْكِيرُ خَبَثَ الْحَدِيدِ».**

جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇممى سائىبنىڭ قېشىغا كىرىپ: ساڭا نىمە بولدى؟ تىترەۋاتىسەنغۇ؟دىدى. ئۇ: قىزىتما كېسەل بولۇپ قالدىم، **الله** بۇكېسەلگە بەركەت بەرمىسۇن دىدى. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم : قىزىتما كېسەلنى تىللىماڭلار، ئەيىبلىمەڭلار، چۈنكى ئۇ خۇددى كورەك ئوتى تۆمۈرنىڭ كىرىنى تازىلاپ يوقاتقاندەك، ئادەم باللىرىنىڭ خاتالىقلىرىنى ئۆچۈرۈۋېتىدۇ،دىدى.

**6518 ـ حدّثنا عُبَيْدُ اللّهِ بْنُ عُمَرَ الْقَوَارِيرِيّ. حَدّثَنَا يَحيَى بْنُ سَعِيدٍ وَ بِشْرُ بْنُ الْمُفَضّلِ. قَالاَ: حَدّثَنَا عِمْرَانُ، أَبُو بَكْرٍ. حَدّثَنِي عَطَاءُ بْنُ أَبِي رَبَاحٍ. قَالَ: قَالَ لِي ابْنُ عَبّاسٍ: أَلاَ أُرِيكَ امْرَأَةً مِنْ أَهْلِ الْجَنّةِ؟ قُلْتُ: بَلَى. قَالَ: هَذِهِ الْمَرْأَةُ السّوْدَاءُ. أَتَتِ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم قَالَتْ: إِنّي أُصْرَعُ. وَإِنّي أَتَكَشّفُ. فَادْعُ اللّهَ لِي. قَالَ «إِنْ شِئْتِ صَبَرْتِ وَلَكِ الْجَنّةُ. وَإِنْ شِئْتِ دَعَوْتُ اللّهَ أَنْ يُعَافِيَكِ». قَالَتْ: أَصْبِرُ. قَالَتْ: فَإِنّي أَتَكَشّفُ. فَادْعُ اللّهَ أَنْ لاَ أَتَكَشّفَ، فَدَعَا لَهَا.**

ئەتائ رەھ مۇنداق دەيدۇ؛ ماڭا ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ؛ مەن ساڭا جەننەت ئەھلىدىن بولغان بىر ئايالنى كۆرسىتىپ قويمايمۇ؟ دىدى، مەن؛ بۇلىدۇ كۆرسىتىپ قويسىلا دىسەم، ئۇماڭا: مانا مۇشۇ قارا تەنلىك ئايال رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قېشىغا كېلىپ: ھەقىقەتەن مىنىڭ بېشىم قېيىپ، تۇتقاقلىق كېسىلىم تۇتۇپ، بەدىنىمدىن كىيىمىمنى ئېچىپ تاشلايمەن، مەن ئۈچۈن **الله** قا دۇئا قىلغان بولسىلا ( مىنى ساقا يتىۋەتسە) دىدى. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: ئەگەر خالىساڭ، سەۋرە قىلغىن، ساڭا جەننەت بىرىلىدۇ، ئەگەر خالىساڭ، **الله** قا سىنى ساقايتىۋىتىشكە دۇئا قىلاي دىدى. ئۇئايال: مەن سەۋرە قىلاي، مەن ئۇقماستىن بەدىنىمدىن كىيىمىمنى ئېچىپ تاشلايمەن، مەن ئۈچۈن **الله** قا دۇئا قىلغان بولسىلا،بەدىنىمدىن كىيىمىمنى ئېچىچىپ تاشلىمىسام، دىدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇئايالغا دۇئا قىلىپ قويدى.

بۇخارى، مۇسلىم توپلىغان سەھىھ.

## *1171 ـ باب تحريم الظلم* زۇلۇم قىلىشنىڭ ھاراملىقى

**6519 ـ حدّثنا عَبْدُ اللّهِ بْنُ عَبْدِ الرّحْمَنِ بْنِ بَهْرَامَ الدّارِمِيّ. حَدّثَنَا مَرْوَانُ (يَعْنِي ابْنَ مُحَمّدٍ الدّمَشْقِيّ). حَدّثَنَا سَعِيدُ بْنُ عَبْدِ الْعَزِيزِ عَنْ رَبِيعَةَ بْنِ يَزِيدَ، عَنْ أَبِي إِدْرِيسَ الْخَوْلاَنِيّ، عَنْ أَبِي ذَرَ، عَنْ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم. فِيمَا رَوَى عَنِ اللّهِ تَبَارَكَ وَتَعَالَى أَنّهُ قَالَ: «يَا عِبَادِي إِنّي حَرّمْتُ الظّلْمَ عَلَى نَفْسِي. وَجَعَلْتُهُ بَيْنَكُمْ مُحَرّماً. فَلاَ تَظَالَمُوا. يَا عِبَادِي كُلّكُمْ ضَالّ إِلاّ مَنْ هَدَيْتُهُ. فَاسْتَهْدُونِي أَهْدِكُمْ. يَا عِبَادِي كُلّكُمْ جَائِعٌ إِلاّ مَنْ أَطْعَمْتُهُ. فَاسْتَطْعِمُونِي أُطْعِمْكُمْ. يَا عِبَادِي كُلّكُمْ عَارٍ إِلاّ مَنْ كَسَوْتُهُ. فَاسْتَكْسُونِي أَكْسُكُمْ. يَا عِبَادِي إِنّكُمْ تُخْطِئُونَ بِاللّيْلِ وَالنّهَارِ، وَأَنَا أَغْفِرُ الذّنُوبَ جَمِيعاً. فَاسْتَغْفِرُونِي أَغْفِرْ لَكُمْ. يَا عِبَادِي إِنّكُمْ لَنْ تَبْلُغُوا ضَرّي فَتَضُرّونِي. وَلَنْ تَبْلُغُوا نَفْعِي فَتَنْفَعُونِي. يَا عِبَادِي لَوْ أَنّ أَوّلَكُمْ وَآخِرَكُمْ، وَإِنْسَكُمْ وَجِنّكُمْ. كَانُوا عَلَى أَتْقَى قَلْبِ رَجُلٍ وَاحِدٍ مِنْكُمْ. مَا زَادَ ذَلِكَ فِي مُلْكِي شَيْئاً. يَا عِبَادِي لَوْ أَنّ أَوّلَكُمْ وَآخِرَكُمْ. وَإِنْسَكُمْ وَجِنّكُمْ. كَانُوا عَلَى أَفْجَرِ قَلْبِ رَجُلٍ وَاحِدٍ. مَا نَقَصَ ذَلِكَ مِنْ مُلْكِي شَيْئاً. يَا عِبَادِي لَوْ أَنّ أَوّلَكُمْ وَآخِرَكُمْ. وَإِنْسَكُمْ وَجِنّكُمْ. قَامُوا فِي صَعِيدٍ وَاحِدٍ فَسَأَلُونِي. فَأَعْطَيْتُ كُلّ إِنْسَانٍ مَسْأَلَتَهُ. مَا نَقَصَ ذَلِكَ مِمّا عِنْدِي إِلاّ كَمَا يَنْقُصُ الْمِخْيَطُ إِذَا أُدْخِلَ الْبَحْرَ. يَا عِبَادِي إِنّمَا هِيَ أَعْمَالُكُمْ أُحْصِيهَا لَكُمْ. ثُمّ أُوَفّيكُمْ إِيّاهَا. فَمَنْ وَجَدَ خَيْراً فَلْيَحْمَدِ اللّهَ. وَمَنْ وَجَدَ غَيْرَ ذَلِكَ فَلاَ يَلُومَنّ إِلاّ نَفْسَهُ». قَالَ سَعِيدٌ: كَانَ أَبُو إِدْرِيسَ الْخَوْلاَنِيّ، إِذَا حَدّثَ بِهَذَا الْحَدِيثِ، جَثَا عَلَى رُكْبَتَيْهِ.**

6520 ـ حَدّثنِيهِ أَبُو بَكْرِ بْنُ إِسْحَقَ. حَدّثنَا أَبُو مُسْهِرٍ. حَدّثنَا سَعِيدُ بْنُ عَبْدِ الْعَزِيزِ، بِهَذَا الأَسْنَادِ. غَيْرَ أَنّ مَرْوَانَ أَتَمّهُمَا حَدِيثاً.

6521 2577 م2 قَالَ أَبُو إِسْحَقَ: حَدّثنَا بِهَذَا الْحَدِيثِ الْحَسَنُ وَ الْحُسَيْنُ، ابْنَا بِشْرٍ، وَ مُحَمّدُ بْنُ يَحْيَى. قَالُوا: حَدّثنَا أَبُو مُسْهِرٍ. فَذَكَرُوا الْحَدِيثَ بِطُولِهِ.

6522 ـ حدّثنا إِسْحَقُ بْنُ إِبْرَاهِيمَ وَ مُحَمّدُ بْنُ الْمُثنّى. كِلاَهُمَا عَنْ عَبْدِ الصّمَدِ بْنِ عَبْدِ الْوَارِثِ. حَدّثنَا هَمّامٌ. حَدّثنَا قَتَادَةُ عَنْ أَبِي قِلاَبَةَ، عَنْ أَبِي أَسْمَاءَ، عَنْ أَبِي ذَرَ. قَالَ: قَالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم، فِيمَا يَرْوِي عَنْ رَبّهِ تَبَارَكَ وَتَعَالَى: «إِنّي حَرّمْتُ عَلَى نَفْسِي الظّلْمَ وَعَلَى عِبَادِي. فَلاَ تَظَالَمُوا». وَسَاقَ الْحَدِيثَ بِنَحْوِهِ. وَحَدِيثُ أَبِي إِدْرِيسَ الّذِي ذَكَرْنَاهُ أَتَمّ مِنْ هَذَا.

ئەبۇ زەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم رەببىدىن رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دېگەن: ئاللاھتائالا مۇنداق دەيدۇ: ئى بەندىلىرىم! (ھەممىڭلار لەببەي، بىز تەييار دەڭلار) ھەقىقەتەن مەن زۇلۇمنى ئۆزۈمگە ھارام قىلدىم، زۇلۇم قىلىشنى سىلەرنىڭ ئاراڭلاردىمۇ ھارام قىلدىم، ھەرگىز زۇلۇم قىلىشماڭلار!، ئى بەندىلىرىم! مەن ھىدايەت قىلغان كىشىدىن باشقا ھەممىڭلار ئازغۇن، زالالەتچى. مەندىنلا ھىدايەت، توغرا يول تەلەپ قىلىڭلار، مەن سىلەرنى ھىدايەت قىلىمەن، ئى بەندىلىرىم! مەن تائام بەرگەن كىشىدىن باشقا ھەممىڭلار ئاچ، پەقەت مەندىنلا تائام سوراڭلار، مەن سىلەرگە تائام بېرىمەن، ئى بەندىلىرىم! مەن كىيىم ـ كېچەك بەرگەن كىشىدىن باشقا ھەممىڭلار يالىڭاچ، مەندىن كىيىم سوراڭلار، مەن سىلەرگە كىيىم ـ كېچەك بېرىمەن، ئى بەندىلىرىم! ھەقىقەتەن سىلەر كېچە ـ كۈندۈز خاتالىشىپ تۇرىسىلەر، مەن بارلىق گۇناھلارنى مەغپىرەت قىلىپ كەچۈرىمەن، مەندىن مەغپىرەت سوراپ، ئىستىغفار ئوقۇڭلار، مەن سىلەرنى كەچۈرىمەن، سىلەر ئۈچۈن مەغپىرەت قىلىمەن، ئى بەندىلىرىم! ھەقىقەتەن سىلەر ماڭا ھەرگىز زەرەر يەتكۈزەلمەيسىلەر، ماڭا پايدا ـ مەنپەئەتمۇ يەتكۈزەلمەيسىلەر، (پەقەت قىلساڭلار ئۆزۈڭلار ئۈچۈن قىلىسىلەر) ئى بەندىلىرىم! ئەگەر سىلەرنىڭ ئەۋۋەلىڭلار، ئاخىرىڭلار، ئىنسانلىرىڭلار، جىنلىرىڭلار، ھەممىسى سىلەردىن بىرلا كىشىنىڭ قەلبىنىڭ ئەڭ تەقۋالىقى ئۈستىدە بولسا، يەنى ھەممىڭلار ئەڭ تەقۋا، ھەممىڭلار باراۋەر، ئوخشاش، تەقۋا، مۇتتەقى بولساڭلار، ئۇ مېنىڭ مۈلكۈمدە يەنى ئىلكىمدىكى، قولۇمدىكى نەرسىگە قىلچىلىك نەرسىنى زىيادە قىلىۋېتەلمەيدۇ، مېنىڭ كاتتىلىقىمنى، ئۇلۇغلۇقۇمنى زىيادە قىلالمايدۇ، ئى بەندىلىرىم! ئەگەر شەك ـ شۈبھىسىز سىلەرنىڭ ئەۋۋەل ـ ئاخىرىڭلار، ئىنسان، جىنلىرىڭلار سىلەردىن ئەڭ پاجىر، پاسىق، يامان كىشىنىڭ پاسىق قەلبى ئۈستىدە بولساڭلار، يەنى ھەممىڭلار گۇناھ، مەئسىيەتتە پاسىقلاشساڭلار، بۇ ئىشمۇ مېنىڭ مۈلكۈمدىن قىلچىلىك نەرسىنى كاملىتالمايدۇ، ئۇلۇغلۇقۇم كاملاپ، تۆۋەنلەپ كەتمەيدۇ، (قىلساڭلار ئۆزۈڭلارغا قىلىسىلەر)، ئى بەندىلىرىم! ئەگەر ئەۋۋەلىڭلار، ئاخىرىڭلار، ئىنسانلىرىڭلار، جىنلىرىڭلار، ھەممىسى تۈپتۈز بىر مەيدانغا يىغىلىپ، مەندىن سورىساڭلار، مەن ھەربىر ئىنسان، جىنلارغا سورىغىنىنى بەرسەم، ئۇ بېرىۋېرىشىم، مېنىڭ دەرگاھىمدىكى خەزىنىلەرنى قىلچىلىك كاملىتالمايدۇ، پەقەت بىر تال يىڭنىنى كەڭ ھەم چوڭقۇر دېڭىزغا سېلىپ، ئالغانچىلىك ئېشتۇر، ئى بەندىلىرىم! ھەقىقەتەن ئۇ سىلەرنىڭ ئەمەللىرىڭلار، مەن ئۇنى سىلەر ئۈچۈن ھېسابلايمەن، ئاندىن ئۇ ئەمەللەرنىڭ جازا، مۇكاپاتلىرىنى مەن سىلەرگە تولۇق بېرىمەن، كىم ياخشىلىقنى تاپسا، ئاللاھقا ھەمدۇ ـ سانا ئېيتىپ، شۈكۈر قىلسۇن، كىم ئۇنىڭدىن باشقىچىرەك تاپسا، ئۇ پەقەت ئۆزىنى ئەيىبلىسۇن، ئۆزىگە مالامەت، تاپا ـ تەنە قىلسۇن، مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى:

1. بۇ ھەدىس ھەدىس قۇددۇستۇر، يەنى ئاللاھنىڭ سۆزىدۇر.

2. ئاللاھتائالا بارلىق مەخلۇقلار ئارىسىدىن مۇشۇ ئىنساننى چاقىرىپ، يوليورۇق بېرىۋاتىدۇ.

3. ئى بەندىلىرىم دەپ رەھمەت، ئىلتىپات قىلدى.

4. بىز دەرھال لەببەي دەپ مەن تەييار دەپ قۇلاق سېلىشىمىز لازىم، ياخشى بولسا بۇيرىيدۇ، يامان بولسا توسىدۇ، بۇ مۆئمىنىنىڭ بەلگىسى.

5. زۇلۇم قىلىش هارام، قىيامەتتىمۇ زۇلمەتتۇر.

6. ئاللاھ ھىدايەت قىلمىسا، ھەممىسى ئازغۇن، ھىدايەتنى پەقەت ئاللاھدىن، قۇرئاندىن، سەھىھ ھەدىسدىن، سۈننەتتىن سوراش لازىم.

7. يېمەك ــ ئىچمەك، كىيىم ــ كېچەك، زاماندىن، تەبىئەتتىن ئەمەس، ئاللاھ تەرەپتىن كەلدى، بىز رىزىقنى پەقەت بىر ئاللاھدىنلا سورايلى.

8. ئىنسان دائىم خاتالىشىپ تۇرىدۇ، ئەڭ ياخشىسى ئۆزىنى ئېتراپ قىلىپ، تۆۋبە قىلغىنى.

9. گۇناھلارنى پەقەت ئاللاھلا كەچۈرىدۇ، بىز پەقەت ئاللاھقىلا تۆۋبە قىلىشىمىز لازىم.

10. بارلىق بەندىلەرنىڭ تەقۋالىقى ياخشى بولۇپ كېتىشى، ئاللاھنىڭ مۈلكىنى زىيادە قىلالمايدۇ، پاسىق، پاجىر بولۇپ كېتىشى، مۈلكىنى، ئۇلۇغلىقىنى كام قىلالمايدۇ، تۆۋەن قىلالمايدۇ، كىشىلەر قىلسا ئۆزىگە قىلىدۇ.

11. ئاللاھ ھەممە كىشىگە سورىغىنىنى دائىم بېرىپ تۇرسىمۇ خەزىنىسىدىن قىلچىلىك كامىلمايدۇ، چۈنكى، ئۇ دېگەن ئاللاھ، خالىق، ياراتقۇچى.

12. ئەمەللەرنىڭ جازا ــ مۇكاپاتى تولۇق بېرىلىدۇ، قىلچە زۇلۇم قىلىنمايدۇ.

13. ياخشىلىق ئاللاھ تەرەپتىن بولغاچقا، ئاللاھقا ھەمدۇ ــ سانا ئېيتىپ، شۈكرى قىلىمىز.

14. يامانلىق بىزگە نىسبەتەن بېرىلگەچكە، ئۆزىمىزنى ئەيىبلەپ، ئۆزىمىزگە مالامەت قىلىمىز، چۈنكى، ھەر كىم قىلسا ئۆزىگە قىلىدۇ.

15. مۇكاپات، جەننەت، ئاللاھنىڭ رەھمىتى، پەزلىدۇر، جازا، دوۋزاخ بولسا، ئاللاھنىڭ ئادىللىقىدۇر، بىر پىرقىسى جەننەتتە، بىر پىرقىسى دوۋزاختىدۇر، ئاللاھ بىزلەرنى جەننەت ئەھلى قىلسۇن، ئامىن!.

**6523 ـ حدّثنا عَبْدُ اللّهِ بْنُ مَسْلَمَةَ بْنِ قَعْنَبٍ. حَدّثَنَا دَاوُدُ (يَعْنِي ابْنَ قَيْسٍ) عَنْ عُبَيْدِ اللّهِ بْنِ مِقْسَمٍ، عَنْ جَابِرِ بْنِ عَبْدِ اللّهِ أَنّ رَسُولَ اللّهَ صلى الله عليه وسلم قَالَ: «اتّقُوا الظّلْمَ. فَإِنّ الظّلْمَ ظُلُمَاتٌ يَوْمَ الْقِيَامَةِ. وَاتّقُوا الشّحّ. فَإِنّ الشّحّ أَهْلَكَ مَنْ كَانَ قَبْلَكُمْ. حَمَلَهُمْ عَلَىَ أَنْ سَفَكُوا دِمَاءَهُمْ وَاسْتَحَلّوا مَحَارِمَهُمْ».**

جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: زۇلۇمدىن ھەزەر قىلىپ، ساقلىنىڭلار، ھەققەتەن زۇلۇم، قىيامەت كۈنىدىكى زۇلمەتتۇر، بېخىللىقدىن ساقلىنىڭلار، ھەققەتەن بېخىللىق سىلەردىن بۇرۇنقىلارنى ھالاك قىلغۇەتتى، بېخىللىق ئۇلارنى ئۆزئارا قان چېچىشقا، هارامنى ھالال ساناشقا ئاپىرىپ قويىدى. بۇخارى، مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد، ئەھمەدلەر توپلىدى، سەھىھ.

**6524 ـ حدّثني مُحَمّدُ بْنُ حَاتِمٍ. حَدّثَنَا شَبَابَةُ. حَدّثَنَا عَبْدُ الْعَزِيزِ الْمَاجِشُونُ عَنْ عَبْدِ اللّهِ بْنِ دِينَارٍ، عَنِ ابْنِ عُمَرَ. قَالَ: قَالَ رَسُولُ اللّهَ صلى الله عليه وسلم: «إِنّ الظّلْمَ ظُلُمَاتٌ يَوْمَ الْقِيَامَةِ».**

## سەھىھ مۇسلىمنىڭ تەرجىمىسى

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: زۇلۇمدىن ھەزەر قىلىپ ساقلىنىڭلار، ھەقىقەتەن بۇ دۇنيادا زۇلۇم قىلىش، قىيامەت كۈنىدىكى زۇلمەتتۇر، بۇخارى،مۇسلىم، ئەھمەد، تەبرانى، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ ھەدىس.

**6525 ـ حدّثنا قُتَيْبَةُ بْنُ سَعِيدٍ. حَدّثَنَا لَيْثٌ عَنْ عُقَيْلٍ، عَنِ الزّهْرِيّ، عَنْ سَالِمٍ، عَنْ أَبِيهِ أَنّ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم قَالَ «الْمُسْلِمُ أَخُو الْمُسْلِمِ، لاَ يَظْلِمُهُ وَلاَ يُسْلِمُهُ. مَنْ كَانَ فِي حَاجَةِ أَخِيهِ، كَانَ اللّهُ فِي حَاجَتِهِ. وَمَنْ فَرّجَ عَنْ مُسْلِمٍ كُرْبَةً، فَرّجَ اللّهُ عَنْهُ بِهَا كُرْبَةً مِنْ كُرَبِ يَوْمِ الْقِيَامَةِ. وَمَنْ سَتَرَ مُسْلِماً، سَتَرَهُ اللّهُ يَوْمَ الْقِيَامَةِ».**

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: مۇسۇلمان مۇسۇلماننىڭ قېرىندىشى، مۇسۇلمان مۇسۇلمانغا قىلچە زۇلۇم قىلمايدۇ. ئۇنى دۈشمەنگە تاپشۇرۇپ بەرمەيدۇ، خارلىمايدۇ، كىم قېرىندىشىنىڭ ھاجىتىدە بولسا، مۇھتاج چاغدا ياردەم بەرسە، ئاللاھمۇ ئۇ مۇھتاج چاغدا ياردەم بېرىدۇ. كىم مۇسۇلماندىن بۇ دۇنيانىڭ مۇشەققەت، قىيىنچىلىقلىرىدىن بىرنى ئاسان قىلىپ، ئۇنىڭ غەملىرىنى يوق قىلسا، قىيامەت كۈنى ئاللاھ ئۇنىڭدىن قىيامەتنىڭ قىيىنچىلىق، مۇشەققەتلىرىدىن بىرنى ئاسان قىلىپ، غېمىنى يوق قىلىدۇ، كىم مۇسۇلماننىڭ ئەيىب ــ نۇقسانلىرىنى ياپسا، ئاللاھمۇ قىيامەت كۈنى ئۇ كىشىنىڭ ئەيىب ــ نۇقسانلىرىنى ياپىدۇ. ئەھمەد، بەيھەقى،بۇخارى، مۇسلىم ئۇنىڭدىن كېيىنكى ئۈچ كىتاب توپلىغان، سەھىھ.

**6526 ـ حدّثنا قُتَيْبَةُ بْنُ سَعِيدٍ وَ عَلِيّ بْنُ حُجْرٍ. قَالاَ: حَدّثَنَا إِسْمَاعِيلُ (وَهُوَ ابْنُ جَعْفَرٍ) عَنِ الْعَلاَءِ عَنْ أَبِيهِ، عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ أَنّ رَسُولَ اللّهَ صلى الله عليه وسلم قَالَ: «أَتَدْرُونَ مَا الْمُفْلِسُ؟» قَالُوا: الْمُفْلِسُ فِينَا مَنْ لاَ دِرْهَمَ لَهُ وَلاَ مَتَاعَ. فَقَالَ: «إِنّ الْمُفْلِسَ مِنْ أُمّتِي، يَأْتِي يَوْمَ الْقِيَامَةِ بِصَلاَةٍ وَصِيَامٍ وَزَكَاةٍ، وَيَأْتِي قَدْ شَتَمَ هَذَا، وَقَذَفَ هَذَا، وَأَكَلَ مَالَ هَذَا، وَسَفَكَ دَمَ هَذَا، وَضَرَبَ هَذَا. فَيُعْطَى هَذَا مِنْ حَسَنَاتِهِ وَهَذَا مِنْ حَسَنَاتِهِ. فَإِنْ فَنِيَتْ حَسَنَاتُهُ، قَبْلَ أَنْ يُقْضَى مَا عَلَيْهِ. أُخِذَ مِنْ خَطَايَاهُمْ فَطُرِحَتْ عَلَيْهِ. ثُمّ طُرِحَ فِي النّارِ».**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: مۇپلىسنىڭ نېمىلىكىنى بىلەمسىلەر؟ ئۇلار؛ بىز ئارىمىزدا دەرھەم ـ پۇللىرى، مال ـ ماتالىرى يوق كىشىنى مۇپلىس دەيمىز دىگەندە، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ؛ ھەقىقەتەن ئۈممىتىمدىن مۇپلىس ئېپلاس كىشى دىگەن، مۇنداق كىشى بولۇپ، قىيامەت كۈنى نۇرغۇن ناماز، روزا، زاكاتلار بىلەن كېلىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىرگە بىرنى تىللاپ بىرگە بۆھتان قىلىپ، ئۇنىڭ مېلىنى يېۋېلىپ، بۇنىڭ قېنىنى تۆكۈپ، ئۇنى ئۇرۇپ، بۇنى قىلىپ كېلىدۇ ــ دە، ئۇنىڭ ياخشىلىقلىرى ئۇنىڭ ـ بۇنىڭغا ئېلىپ بېرىلىدۇ، ئەگەر باشقىلارنىڭ ئۇنىڭ ئۈستىدىكى ھەققى تۈگىمەستىن ئۇنىڭ ياخشىلىقى تۈگەپ كەتسە، باشقىلارنىڭ خاتالىق گۇناھلىرى ئۇنىڭ ئۈستىگە تاشلىنىپ ، ئاندىن ئۇ دوۋزاخقا تاشلىنىدۇ، مانا بۇ مۇپلىس، ئېپلاس ئادەم دېدى.مۇسلىم تىرمىزى،ئەھمەد توپلىغان، سەھىھ.

**6527 ـ حدّثنا يَحْيَى بْنُ أَيّوبَ وَ قُتَيْبَةُ وَ ابْنُ حُجْرٍ. قَالُوا: حَدّثَنَا إِسْمَاعِيلُ (يَعْنُونَ ابْنَ جَعْفَرٍ) عَنِ الْعَلاَءِ، عَنْ أَبِيهِ عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ أَنّ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم قَالَ: «لَتُؤَدّنّ الْحُقُوقُ إِلَىَ أَهْلِهَا يَوْمَ الْقِيَامَةِ. حَتّىَ يُقَادَ لِلشّاةِ الْجَلْحَاءِ مِنَ الشّاةِ الْقَرْنَاءِ».**

ئەبۇ ھۇرەيرە  رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئەلۋەتتە ھەقلەر، كىشىنىڭ ئىلىشى، نېسۋىلىرى قىيامەت كۈنى ئۆز ئەھلىگە قايتۇرۇلۇپ ئادا قىلىنىدۇ، ھەتتا مۈڭگۈزسىز قوي ئۈچۈن مۈڭگۈزلۈك قويدىن قىساس ئېلىپ بېرىلىدۇ، بۇ دۇنيادا مۈڭگۈزسىز بولۇپ بوزەك قىلىنغان قوي، قىيامەت كۈنى مۈڭگۈزلۈك ھالەتتە ئۆزىنى ئۈسسىگەن قوينى ئۈسسۈۋالىدۇ. (ئاھ! بۇ نېمىدېگەن مىسلىسىز ئادىل قانۇن ھە!). ئەھمەد، مۇسلىم، تىرمىزى، بۇخارى، ئەدەپتە توپلىغان، سەھىھ.

**6528 ـ حدّثنا مُحَمّدُ بْنُ عَبْدِ اللّهِ بْنِ نُمَيْرٍ. حَدّثنَا أَبُو مُعَاوِيَةَ. حَدّثنَا بُرَيْدُ بْنُ أَبِي بُرْدَةَ عَنْ أَبِيهِ، عَنْ أَبِي مُوسَىَ. قَالَ: قَالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: «إِنّ اللّهَ عَزّ وَجَلّ يُمْلِي لِلظّالِمِ. فَإِذَا أَخَذَهُ لَمْ يُفْلِتْهُ». ثُمّ قَرَأَ: {وَكَذَلِكَ أَخْذُ رَبّكَ إِذَا أَخَذَ الْقُرَىَ وَهِيَ ظَالِمَةٌ إِنّ أَخْذَهُ أَلِيمٌ شَدِيدٌ} (11ھود102).**

ئەبۇ مۇسا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەققەتەن، ئاللاھ زالىمغا پۇرسەت، مۆھلەت بېرىدۇ، ھالاك قىلىشقا تۇتقاندا بولسا، ھەرگىز بوش قويۋەتمەيدۇ، خالاس قىلىۋەتمەيدۇ، قاچۇرۇپ قويمايدۇ، ئاندىن «ئۆزلىرىگە زۇلۇم قىلغان شەھەر ئەھلىنى ئازابقا تۇتقاندا، رەببىڭنىڭ جازالاپ تۇتىشى ئەنە شۇنداق قاتتىقتۇر»دېگەن ئايەتنى ئوقۇدى.  ئىبنى ماجە  4008 ـــ ھەدىس، تىرمىزى  3035 ـــ ھەدىس، بەيھەقى، بۇخارى، مۇسلىم سەھىھ، ئايەتمۇ بىللە باردۇر.

## *1172 ـ باب نصر الأخ ظالما أو مظلوما*

**6529 ـ حدّثنا أَحْمَدُ بْنُ عَبْدِ اللّهِ بْنِ يُونُسَ. حَدّثنَا زُهَيْرٌ. حَدّثنَا أَبُو الزّبَيْرِ عَنْ جَابِرٍ قَالَ: اقْتَتَلَ غُلاَمَانِ. غُلاَمٌ مِنَ الْمُهَاجِرِينَ وَغُلاَمٌ مِنَ الأَنْصَارِ. فَنَادَىَ الْمُهَاجِرُ أَوِ الْمُهَاجِرُونَ: يَالَ الْمُهَاجِرِينَ وَنَادَىَ الأَنْصَارِيّ: يَالَ الأَنْصَارِ فَخَرَجَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم فَقَالَ: «مَا هَذَا دَعْوَىَ أَهْلِ الْجَاهِلِيّةِ؟» قَالُوا: لاَ يَا رَسُولَ اللّهِ إِلاّ أَنّ غُلاَمَيْنِ اقْتَتَلاَ فَكَسَعَ أَحَدُهُمَا الآخَرَ. قَالَ «فَلاَ بَأْسَ. وَلْيَنْصُرِ الرّجُلُ أَخَاهُ ظَالِماً أَوْ مَظْلُوماً. إِنْ كَانَ ظَالِماً فَلْيَنْهَهُ، فَإِنّهُ لَهُ نَصْرٌ. وَإِنْ كَانَ مَظْلُوماً فَلْيَنْصُرْهُ».**

جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، مۇھاجىلاردىن بىركىشى بىلەن ئەنسارلاردىن بىركىشى ئۇرۇشۇپ قېلىپ، مۇھاجىركىشى ئەنسارى كىشىنىڭ ئارقىسىغا ئۇرۇۋەتتى، ئاندىن ئەنسارى:ئى ئەنسارىلار!!كىلىڭلار!دېدى، مۇھاجىركىشمۇ:ئى مۇھاجىرلار!كىلىڭلار!دەپ توۋلىدى، ئاندىن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بۇنىمە ئىش ئەمدى؟ بۇجاھالىييەت ئەھلىنىڭ قىلىقىغۇ؟دېدى، ئۇلار ئى الله نىڭ ئەلچىسى! ئىككى كىشى ئۇرۇشۇپ قېلىپ، ئۇلارنىڭ بىرسى يەنەبىرسىنىڭ ئارقىسىغا ئۇرۇۋەتتى دېدى، ئاندىن رەسۇلۇالله مۇنداق دېگەن: كېرەك يوق، چاتاق يوق، كىشى قېرىندىشىغا ئۇ زالىم بولسۇن ياكى زۇلۇمغا ئۇچرىسۇن، ياردەم بەرسۇن، ئەگەر قېرىندىشى زالىم بولسا، ئۇنى زۇلۇمدىن توسسۇن، ھەققەتەن ئۇ چوڭ ياردەم، ئەگەر ئۇ زۇلۇمغا ئۇچرىغان بولسا ياردەم بەرسۇن.(يەنى بېرىپ ئۇلارنى ئاجرىتىپ، ئۇلارغا يادەم بېرىڭلار دېدى)

جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: كىشى قېرىندىشىغا ئۇ زالىم بولسۇن ياكى زۇلۇمغا ئۇچرىغان بولسۇن ياردەم بەرسۇن، ئەگەر قېرىندىشى زالىم بولسا، ئۇنى زۇلۇمدىن توسسۇن، بۇ ئۇنىڭ ئۈچۈن ياردەم بولىدۇ، ئەگەر قېرىندىشى زۇلۇمغا ئۇچرىغان بولسا، ئۇنىڭغا دۈشمىنىگە قارشى ياردەم بەرسۇن، (بولۇپمۇ ئىسلام دۆلەتلىرى ئەمەل قىلسۇن)، ئەھمەد، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.     ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: قېرىندىشىڭغا ئۇ زالىم بولسۇن ياكى مەزلۇم بولۇسۇن  ياردەم بەرگىن دىگەندە زالىمغا قانداق ياردەم بېرىمەن؟ دىيىلدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنى زۇلۇمدىن توسسەن، ھەقىقەتەن شۇنىڭ ئۆزى ياردەم دېدى، ئەھمەد بۇخارى تىرمىزى.

**6530 ـ حدّثنا أَبُو بَكْرِ بْنُ أَبِي شَيْبَةَ وَ زُهَيْرُ بْنُ حَرْبٍ وَ أَحْمَدُ بْنُ عَبْدَةَ الضّبّيّ وَ ابْنُ أَبِي عُمَرَ ــ وَاللّفْظُ لاِبْنِ أَبِي شَيْبَةَ ــ (قَالَ ابْنُ عَبْدَةَ: أَخْبَرَنَا. وَقَالَ الآخَرُونَ: حَدّثَنَا)  سُفْيَانُ بْنُ عُيَيْنَةَ قَالَ: سَمِعَ  عَمْرٌو جَابِرَ بْنَ عَبْدِ اللّهِ يَقُولُ: كُنّا مَعَ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم فِي غَزَاةٍ. فَكَسَعَ رَجُلٌ مِنَ الْمُهَاجِرِينَ رَجُلاً مِنَ الأَنْصَارِ. فَقَالَ الأَنْصَارِيّ: يَا لَلأَنْصَارِ وَقَالَ الْمُهَاجِرِيّ: يَا لَلْمُهَاجِرِينَ فَقَالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم «مَا بَالُ دَعْوَى الْجَاهِلِيّةِ؟» قَالُوا: يَا رَسُولَ اللّهِ كَسَعَ رَجُلٌ مِنَ الْمُهَاجِرِينَ رَجُلاً مِنَ الأَنْصَارِ. فَقَالَ: «دَعُوهَا. فَإِنّهَا مُنْتِنَةٌ» فَسَمِعَهَا عَبْدُ اللّهِ بْنُ أُبَيَ فَقَالَ: قَدْ فَعَلُوهَا. وَاللّهِ لَئِنْ رَجَعْنَا إِلَى الْمَدِينَةِ لَيُخْرِجَنّ الأَعَزّ مِنْهَا الأَذَلّ. قَالَ عُمَرُ: دَعْنِي أَضْرِبْ عُنُقَ هَـذَا الْمُنَافِقِ. فَقَالَ: «دَعْهُ. لاَ يَتَحَدّثُ النّاسُ أَنّ مُحَمّداً يَقْتُلُ أَصْحَابَهُ».**

**6531 ـ حدّثنا إِسْحَقُ بْنُ إِبْرَاهِيمَ وَ إِسْحَقُ بْنُ مَنْصُورٍ وَ مُحَمّدُ بْنُ رَافِعٍ (قَالَ  ابْنُ رَافِعٍ: حَدّثَنَا، وَقَالَ: الآخَرَانِ: أَخْبَرَنَا)  عَبْدُ الرّزّاقِ. أَخْبَرَنَا مَعْمَرٌ عَنْ أَيّوبَ، عَنْ عَمْرِو بْنِ دِينَارٍ، عَنْ جَابِرِ بْنِ عَبْدِ اللّهِ قَالَ: كَسَعَ رَجُلٌ مِنَ الْمُهَاجِرِينَ رَجُلاً مِنَ الأَنْصَارِ. فَأَتَى النّبِيّ صلى الله عليه وسلم فَسَأَلَهُ الْقَوَدَ: فَقَالَ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم: «دَعُوهَا. فَإِنّهَا مُنْتِنَةٌ». قَالَ ابْنُ مَنْصُورٍ فِي رِوَايَتِهِ: عَمْرٌو قَالَ: سَمِعْتُ جَابِراً.**

جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، بىز بىرئۇرۇشتا رەسۇلۇللاھ بىلەن بىللە ئىدۇق، مۇھاجىلاردىن بىركىشى بىلەن ئەنسارلاردىن بىركىشى ئۇرۇشۇپ قېلىپ، مۇھاجىركىشى ئەنسارى كىشىنىڭ ئارقىسىغا ئۇرىۋەتتى، ئاندىن ئەنسارى:ئى ئەنسارىلار!!كىلىڭلار!دېدى، مۇھاجىركىشىمۇ:ئى مۇھاجىرلار!كىلىڭلار!دەپ توۋلىدى، ئاندىن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بۇنىمە ئىش ئەمدى؟ بۇجاھالىيىيەت ئەھلىنىڭ قىلىقىغۇ؟دېدى، ئۇلار ئى **الله** نىڭ ئەلچىسى! ئىككى كىشى ئۇرۇشۇپ قېلىپ، ئۇلارنىڭ بىرسى يەنەبىرسىنىڭ ئارقىسىغا ئۇرىۋەتتى دېدى، ئاندىن رەسۇلۇللاھ:قويىڭلار، بۇئىشنى نېرى تاشلىۋىتىڭلار، بۇدېگەن جاھالىيەتنىڭ سېسىپ كەتكەن قەبىھ يامان ئىشىدۇر، دېدى. بۇئىشنى ئىبنى ئۇبەي ئاڭلاپ:ئۇلار شۇنداق قىلىپتىما؟ **الله** بىلەن قەسەمكى، ئەگەر بىز مەدىنىگە قايتىپ بارساق، ئەزىزلار خارلارنى قوغلاپ چىقىرىدۇ دېدى،(يەنى رەسۇلۇللاھ نى قوغلاپ چىقارماقچى بۇلىدۇ) ئاندىن ئۆمەر قاتارلىق ساھابىلار، بۇ مۇناپىقلارنى ئۆلتۈرۈۋېتەيلى دىگەندە، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: ئۇنى ئۆلتۈرمەڭلار، كىشىلەر ھەقىقەتەن مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۆزىنىڭ ھەمراھلىرىنى، قېرىنداشلىرىنى ئۆلتۈرۈپتۇ دەپ سۆزلەپ يۈرمىسۇن، مەن دەل شۇنى ياقتۇرمايمەن دىگەن ئىدى. بۇخارى،مۇسلىم بۇ مۇناپىقنى ئۆلتۈرمەسلىكنىڭ بىر سەۋەبىدۇر، شۇنىڭدەك كىشىلەر لا ئىلاھە ئىللەللاھ دىگەن كىشىنى ناماز ئوقۇغان كىشىنى ئۆلتۈرۈپتۇ دەپ پىتنە ــ پاساد سۆزلىرىنى قىلىشىپ كېتىدۇ، يامان خەۋەر تارقاپ، يامان تەسىر بېرىدۇ.

## 1173 ـ باب تراحم المؤمنين وتعاطفهم وتعاضدهم   مۆئمىنلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقى توغرىسىدا

6532 ـ حدّثنا أبو بَكْر بْنُ أبي شَيْبَةَ و أبُو عَامِرٍ الأشْعَرِيّ. قالاَ: حَدّثنا عَبْدُ اللّهِ بْنُ إدْرِيسَ وَ أبُو أسَامَةَ. ح وحَدّثنا مُحَمّدُ بْنُ الْعَلاَءِ، أبُو كُرَيْبٍ. حَدّثنا ابْنُ الْمُبَارَكِ وَ ابْنُ إدْرِيسَ وَ أبُو أسَامَةَ. كُلّهُمْ عَنْ بُرَيْدٍ، عَنْ أبي بُرْدَةَ، عَنْ أبي مُوسَىَ. قالَ: قالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: «الْمُؤْمِنُ لِلْمُؤْمِنِ كَالْبُنْيَانِ، يَشُدّ بَعْضُهُ بَعْضاً».

ئەبۇ مۇسا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: مۆئمىن يەنە بىر مۆئمىن ئۈچۈن خۇددى بەزىسى ــ بەزىسىنى چىڭىتىپ، كۈچلەندۈرۈپ تۇرىدىغان بىناغا ئوخشايدۇ،دەپ بارماقلىرىنى كىرىشتۈردى. (ئەنە شۇنداق زىچ ھەمكارلىشىشى، ئۆزئارا ياردەملىشىشى، يار ــ يۆلەكتە بولۇشى لازىم). بەيھەقى، بۇخارى،مۇسلىم، تىرمىزى، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

6533 ـ حدّثنا مُحَمّدُ بْنُ عَبْدِ اللّهِ بْنِ نُمَيْرٍ. حَدّثنا أبي. حَدّثنا زَكَرِيّاءُ عَنِ الشّعْبِيّ، عَنِ النّعْمَانِ بْنِ بَشِيرٍ. قالَ: قالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: «مَثَلُ الْمُؤْمِنِينَ فِي تَوَادّهِمْ وَتَرَاحُمِهِمْ وَتَعَاطُفِهِمْ، مَثَلُ الْجَسَدِ. إذَا اشْتَكَىَ مِنْهُ عُضْوٌ، تَدَاعَىَ لَهُ سَائِرُ الْجَسَدِ بِالسّهَرِ وَالْحُمّىَ».
6534 ـ حدّثنا إسْحَقُ الْحَنْظَلِيّ. أخْبَرَنَا جَرِيرٌ عَنْ مُطَرّفٍ، عَنِ الشّعْبِيّ، عَنِ النّعْمَانِ بْنِ بَشِيرٍ، عَنِ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم. بِنَحْوِهِ.

نۇئمان ئىبنى بۇشەير رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: مۆئمىنلەر ئۆزئارا دوستلۇق، كۆيۈنۈش، رەھىم ــ شەپقەت قىلىشلىرىدا، مېھرىبانلىقلىرىدا خۇددى بىر جەسەدكە ئوخشايدۇ، ئۇ جەسەددىن بىرەر ئەزا كېسەل بولۇپ ئاغرىپ قالسا، جەسەدنىڭ قالغان جايلىرى پۈتۈن ئەزالىرى ئۇيقۇسىزلىق، قىزىش بىلەن تەڭ ئەلەم تارتىدۇ. ئەھمەد 17648 ــ ھەدىس، مۇسلىم 4685 ــ ھەدىس،بۇخارى، سەھىھ. ئەنە شۇنىڭدەك بارلىق مۇسۇلمانلار پۈتۈن بىر گەۋدە بولۇشى، ئۆزئارا كۆيۈنۈشى، ياردەم بېرىشى، ئىتتىپاقلىشىش، خۇشاللىقتا تەڭ خۇشال، دەرت ــ ئەلەم، خاپىلىقتا تەڭ ئەلەم تارتىشى، قايغۇرۇشى بىرسى باش بولسا، بىرسى ئەزا، بىرسى يۈرەك بولسا، بىرسى بۆرەك، بىرسى قول بولسا، بىرسى پۇت بولۇشى، بىرسى ئاشقازان بولسا، بىرسى جىگەر، بىرسى غەرپتە بولسا، يەنە بىرسى شەرىقتە تۇرۇپ، شۇنىڭ غېمىنى يېيىشى، ئاللاھ قۇرئاندا بۇيرىغاندەك ئاكا ــ ئۇكا، ئاچا ــ سىڭىل، قېرىنداشلاردىن بولۇشى بەكمۇ زۆرۈر، مەڭگۈ زۆرۈردۇر.

6535 ـ حدّثنا أبُو بَكْرِ بْنُ أبي شَيْبَةَ وَ أبُو سَعِيدٍ الأشَجّ. قالاَ: حَدّثنا وَكِيعٌ عَنِ الأعْمَشِ، عَنِ الشّعْبِيّ، عَنِ النّعْمَانِ بْنِ بَشِيرٍ، قالَ: قالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم «الْمُؤْمِنُونَ كَرَجُلٍ وَاحِدٍ. إنِ اشْتَكَىَ رَأْسُهُ، تَدَاعَىَ لَهُ سَائِرُ الْجَسَدِ بِالْحُمّىَ وَالسّهَرِ».

نۇئمان ئىبنى بۇشەير رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: مۆئمىنلەر خۇددى بىرلا كىشىگە، بىرلا كىشىنىڭ جەسىدىگە ئوخشايدۇ، ئەگەر ئۇنىڭ بېشى ئاغرىپ قالسا، ئۇنىڭ ئۈچۈن بارلىق ئەزالىرى قىزىش، ئۇيقۇسىز قېلىش بىلەن ئەڭ دەرت ــ ئەلەم تارتىدۇ. ئەھمەد، مۇسلىم

6536 ـ حدّثني مُحَمّدُ بْنُ عَبْدِ اللّهِ بْنِ نُمَيْرٍ. حَدّثنا حُمَيْدُ بْنُ عَبْدِ الرّحْمَنِ عَنِ الأعْمَشِ، عَنْ خَيْثَمَةَ، عَنِ النّعْمَانِ بْنِ بَشِيرٍ، قالَ: قالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: «الْمُسْلِمُونَ كَرَجُلٍ وَاحِدٍ. إنِ اشْتَكَىَ عَيْنُهُ، اشْتَكَىَ كُلّهُ. وَإنِ اشْتَكَىَ رَأْسُهُ، اشْتَكَىَ كُلّهُ».
6537 ـ حدّثنا ابْنُ نُمَيْرٍ. حَدّثنا حُمَيْدُ بْنُ عَبْدِ الرّحْمَنِ عَنِ الأعْمَشِ، عَنِ الشّعْبِيّ، عَنِ النّعْمَانِ بْنِ بَشِيرٍ، عَنِ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم نَحْوَهُ.

نۇئمان ئىبنى بۇشەير رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: مۆئمىنلەر بىرلا كىشىگە ئوخشايدۇ، ئەگەر ئۇنىڭ بېشى ئاغرىسا ھەممە يېرى تەڭ ئاغرىيدۇ، ئەگەر كۆزى ئاغرىسا، يەنە ھەممە يېرى تەڭ ئاغرىپ دەرت ــ ئەلەم تارتىدۇ، قىزىپ ئۇيقۇسىز قالىدۇ. ئەھمەد، مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.(مۆئمىنلەر ئەنە شۇنداق ئىتتىپاق بولۇشى، يار ــ يۆلەكتە بولۇشى، خاپىلىقتا دەرت ــ ئەلەمگە تەڭ ئەلەم تارتىشى، بىر ــ بىرىنىڭ غېمىنى يىيىشى، زۇلۇمدىن قۇتقۇزۇشى، پۈتۈن دۇنيا بويىنچە ھەمكارلىشىپ، بىرلىشىپ، ياردەملىشىش بەكمۇ زۆرۈر، بولۇپمۇ ھازىر قاتتىق زۆرۈردۇر.)

### 1174 - باب النهي عن السباب

6538 ـ حدّثنا يَحْيَى بْنُ أيّوبَ وَ قُتَيْبَةُ وَ ابْنُ حُجْرٍ. قالُوا: حَدّثَنا إسْمَاعِيلُ (يَعْنُونَ ابْنَ جَعْفَرٍ) عَنْ الْعَلاءِ، عَنْ أبيهِ، عَنْ أبي هُرَيْرَةَ أنّ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم قالَ: «الْمُسْتَبّانِ مَا قالاَ، فَعَلَى الْبَادِىءِ، مَا لَمْ يَعْتَدِ الْمَظْلُومُ».

ئەبۇ ھۇرەيرە ،ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: بىرسى ــ بىرسىنى تىللاپ، ئەيىبلەشكۈچى ئىككى كىشىنىڭ دىگەن سۆزلىرىنىڭ گۇناھى، زۇلۇمغا ئۇچرىغۇچى ھەددىدىن ئاشمىسىلا، تاجاۋۇز قىلمىسىلا، تۇنجى قېتىم باشتا باشلىغۇچى كىشىگە بولىدۇ. زۇلۇمغا ئۇچرىغۇچى، ھەددىدىن ئاشۇرىۋەتسە، ھەر ئىككىلىسىگە بولىدۇ. ئەھمەد، مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.

ئىياز رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: بىرسى ــ بىرسىنى تىللاپ، ئەيىبلەشكۈچى ئىككى كىشى، بىر ــ بىرىنى باتىل، پاھىشە سۆز بىلەن تىللاپ ئەيىبلىگۈچى، بىرسى ــ بىرسىنى يالغانچى قىلىپ ئىنكار قىلغۇچى، يالغان سۆزلىگۈچى ئىككى شەيتاندۇر. بۇ ھەدىس ئەھمەتتە بەش ئورۇندا كېلىدۇ. 16836 ــ ھەدىس، 17615 ــ ھەدىس، بۇخارى ئەدەپتە توپلىغان، سەھىھ.

### 1175 - باب استحباب العفو والتواضع

6539 ـ حدّثنا يَحْيَى بْنُ أيّوبَ وَ قُتَيْبَةُ وَ ابْنُ حُجْرٍ. قالُوا: حَدّثَنا إسْمَاعِيلُ (وَهُوَ ابْنُ جَعْفَرٍ) عَنِ الْعَلاَءِ، عَنْ أبيهِ، عَنْ أبي هُرَيْرَةَ، عَنْ رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم قالَ: «مَا نَقَصَتْ صَدَقَةٌ مِنْ مَالٍ. وَمَا زَادَ اللّهُ عَبْداً بِعَفْوٍ إلاّ عِزّا. وَمَا تَوَاضَعَ أحَدٌ لِلّهِ إلاّ رَفَعَهُ اللّهُ».

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: سەدىقە بەرگەنگە مال كامالاپ قالمايدۇ، ئەپۇچان بەندىگە ئاللاھ ئىززەتنى زىيادە قىلىدۇ، ھەر قانداق بىر كىشى ئاللاھ رازىلىقى ئۈچۈن ئۆزىنى تۆۋەن تۇتۇپ، كەمتەر بولسا، ئاللاھ ئۇنى يۇقىرى كۆتىرىدۇ، (تەكەببۇر كىشى ھەممىدىن پەسكەشتۇر). ئەھمەد، مۇسلىم، تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.

## 1176 - باب تحريم الغيبة غەيبەتنىڭ ھاراملىقى

6540 - حدّثنا يَحْيَى بْنُ أيّوبَ وَ قُتَيْبَةُ و ابْنُ حُجْرٍ، قالُوا: حَدّثنَا إسْمَاعِيلُ عَن الْعَلاَءِ، عَنْ أبِيهِ، عَنْ أبي هُرَيْرَةَ أنّ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم قالَ: «أتَدْرُونَ مَا الْغِيبَةُ؟» قالُوا: اللّهُ وَرَسُولُهُ أعْلَمُ. قالَ: ذِكْرُكَ أخَاكَ بِمَا يَكْرَهُ» قِيلَ: أفَرَأيْتَ إنْ كَانَ فِي أخِي مَا أقُولُ؟ قالَ: إن كَانَ فِيهِ مَا تَقُولُ، فَقَدِ اغْتَبْتَهُ. وَإنْ لَمْ يَكُنْ فِيهِ، فَقَدْ بَهَتّهُ».

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: غەيۋەتنىڭ نېمىلىكىنى بىلەمسىلەر؟ ئۇلار؛ الله ۋە الله نىڭ ئەلچىسى بىلىدۇ دېدى، رەسۇلۇللاھ ؛ قېرىندىشىڭنى ئۇ ياقتۇرمايتىدىغان نەرسە بىلەن تىلغا ئالساڭ، ئۇ غەيۋەت بولىدۇ دېدى، ئەگەر مەن قېرىندىشىم توغرىسىدا دېگەن نەرسە ئۇنىڭدا بار بولۇپ قالسىچۇ؟ دېيىلگەندە، رەسۇلۇللاھ: ئەگەر سەن دېگەن شۇ نەرسە ئۇنىڭغا بولسا، غەيۋەت بولىدۇ، ئەگەر بولماي قالسا، سەن ئۇنىڭغا بوھتان چاپلىغان بولىسەن، دېدى. مۇسلىم، تىرمىزى، ئەبۇ داۋۇد، ئەھمەدلەر توپلىغان، سەھىھ.

## 1177 - باب بشارة من ستر الله تعالى عيبه في الدنيا، بأن يستر عليه في الآخرة

### الله نىڭ بىرەر كىشىنىڭ ئەيب-نوقسانلىرىنى بۇدۇنيادا يېپىشى ئاخىرەتتىمۇ يېپىشىنىڭ بىشارىتى ئىكەنلىكى

6541 - حدّثني أمَيّةُ بْنُ بِسْطامٍ الْعَيْشِيّ. حَدّثنَا يَزِيدُ (يَعْنِي ابْنَ زُرَيْعٍ). حَدّثنَا رَوْحٌ عَنْ سُهَيْلٍ، عَنْ أبِيهِ، عَنْ أبي هُرَيْرَةَ، عَن النّبيّ صلى الله عليه وسلم قالَ: «لاَ يَسْتُرُ اللّهُ عَلَىَ عَبْدٍ فِي الدّنْيَا، إلاّ سَتَرَهُ اللّهُ يَوْمَ الْقِيَامَةِ».

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاللاھتائالا بۇ دۇنيادا بىرەر بەندىسىنىڭ ئەيىب ــ نۇقسان، گۇناھلىرىنى ياپقان بولسا، قىيامەت كۈنىمۇ چوقۇم ياپىدۇ. (بۇ دۇنيادا ئېگە بولسا، قىيامەت كۈنىمۇ ئىگە بولىدۇ).

6542 - حدّثنا أبُو بَكْرِ بْنُ أبي شَيْبَةَ. حَدّثنَا عَفّانُ. حَدّثنَا وُهَيْبٌ. حَدّثنَا سُهَيْلٌ عَنْ أبِيهِ، عَنْ أبي هُرَيْرَةَ عَنِ النّبيّ صلى الله عليه وسلم قالَ: «لاَ يَسْتُرُ عَبْدٌ عَبْداً فِي الدّنْيَا، إلاّ سَتَرَهُ اللّهُ يَوْمَ الْقِيَامَةِ».

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بىر بەندە بۇ دۇنيادا بىرەر بەندىنىڭ ئەيىب ــ نۇقسانلىرىنى ياپسا، قىيامەت كۈنى ئاللاھتائالا ئۇ بەندىنىڭ ئەيىب-نۇقسانلىرىنى ياپىدۇ، رەسۋا قىلمايدۇ،

## 1178 - باب مداراة من يتقى فحشه

6543 - حدّثنا قُتَيْبَةُ بْنُ سَعِيدٍ وَ أبُو بَكْرِ بْنُ أبي شَيْبَةَ وَ عَمْرٌو النّاقِدُ وَ زُهَيْرُ بْنُ حَرْبٍ وَ ابْنُ نُمَيْرٍ. كُلّهُمْ عَن ابْنِ عُيَيْنَةَ (وَاللّفْظُ لِزُهَيْرٍ) قالَ: حَدّثنَا سُفْيَانُ (وَهُوَ ابْنُ عُيَيْنَةَ) عَن ابْنِ الْمُنْكَدِرِ. سَمِعَ عُرْوَةَ بْنَ الزّبَيْرِ يَقُولُ: حَدّثتْنِي عَائِشَةُ أنّ رَجُلاً اسْتَأذَنَ عَلَى النّبيّ صلى الله عليه وسلم. فقالَ: «ائْذَنُوا لَهُ. فَلَبِئْسَ ابْنُ الْعَشِيرَةِ، أوْ بِئْسَ رَجُلُ الْعَشِيرَةِ» فَلَمّا دَخَلَ عَلَيْهِ ألاَنَ لَهُ الْقَوْلَ. قَالَتْ عَائِشَةُ: فَقُلْتُ: يَا رَسُولَ اللّهِ قُلْتَ لَهُ الّذِي قُلْتَ. ثُمّ ألَنْتَ لَهُ الْقَوْلَ؟ قالَ «يَا عَائِشَةُ إنّ شَرّ النّاسِ مَنْزِلَةً عِنْدَ اللّهِ يَوْمَ الْقِيَامَةِ، مَنْ وَدَعَهُ، أوْ تَرَكَهُ النّاسُ اتّقَاءَ فُحْشِهِ».

6544 - حدّثني مُحَمّدُ بْنُ رَافِعٍ وَ عَبْدُ بْنُ حُمَيْدٍ. كِلاَهُمَا عَنْ عَبْدِ الرّزّاقِ. أخْبَرَنَا مَعْمَرٌ عَن ابْنِ الْمُنْكَدِرِ فِي هَذَا الأسْنَادِ. مِثْلَ مَعْنَاهُ. غَيْرَ أنّهُ قالَ: «بِئْسَ أخُو الْقَوْمِ وَابْنُ الْعَشِيرَةِ».

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن، بىر كىشى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قېشىغا كىرىشكە ئىزنى سوردى، رەسۇلۇللاھ؛ ئۇنىڭغا رۇخسەت قىلىڭلار، بۇ نىمە دىگەن يامان خوشنا، ئۆز قەۋمىدىن نىمە دىگەن يامان تۇغقان ھە!دېدى، ئۇ كىشى كىرىپ ئولتۇرغاندا بولسا، رەسۇلۇللاھ ئۇنىڭغا خۇش چىراي ئېچىپ تەبەسسۇم قىلىپ،ياخشى سۆزلەرنى قىلدى، ئۇكىشى چىقىپ كەتكەندە، مەن؛ ئى **الله** نىڭ ئەلچىسى! سىلى ئۇنىڭغا ئارقىسىدا مۇنداق،مۇنداق دەۋاتاتتىلە، ئاندىن ئۇنىڭغا ئالدىدا خۇش چىراي ئېچىپ تەبەسسۇم قىلىپ،ياخشى سۆزلەرنى قىلدىلىغۇ؟دىسەم، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ئى ئائىشە! سەن مىنىڭ قاچان پاھىشە سۆز قىلغىنىمنى، ئاغىزىم بەزەپلىك قىلغىنىمنى بىلگەن، شۇنداق بولۇشقا تەكلىپ قىلىپ باققانمۇ؟ ھەقىقەتەن قىيامەت كۈنى ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا مەنزىل جەھەتتىن كىشلەرنىڭ ئەڭ يامانراقى، كىشلەر ئۇنىڭ يامانلىق قىلىشىدىن ئەنسىرەپ تەرىك ئەتكەن، قورقۇپ تاشلىۋەتكەن كىشىدۇر. (شۇڭا مەن ئۇ كىشىگە خۇشچىراي بولدۇم)دېدى. مۇسلىم، بۇخارى، ئەھمەد، بەيھەقى ت، سەھىھ

## 1179 - *باب فضل الرفق* مېھرىبانلىقنىڭ، مۇلايىملىقنىڭ پەزىلىتى

**6545 ـ حدّثنا مُحَمّدُ بْنُ الْمُثَنّى. حَدّثنِي يَحْيَى بْنُ سَعِيدٍ عَنْ سُفْيَانَ. حَدّثنَا مَنْصُورٌ عَنْ تَمِيمِ بْنِ سَلَمَةَ، عَنْ عَبْدِ الرّحْمَنِ بْنِ هِلاَلٍ، عَنْ جَرِيرٍ، عَنِ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم قالَ: «مَنْ يُحْرَمِ الرّفْقَ، يُحْرَمِ الْخَيْرَ».**

**6546 ـ حدّثنا أَبُو بَكْرِ بْنُ أَبِي شَيْبَةَ وَ أَبُو سَعِيدٍ الأَشَجّ وَ مُحَمّدُ بْنُ عَبْدِ اللّهِ بْنِ نُمَيْرٍ. قالُوا: حَدّثنَا وَكِيعٌ. ح وَحَدّثنَا أَبُو كُرَيْبٍ. حَدّثنَا أَبُو مُعَاوِيَةَ. ح وَحَدّثنَا أَبُو سَعِيدٍ الأَشَجّ. حَدّثنَا حَفْصٌ (يَعْنِي ابْنَ غِيَاثٍ). كُلّهُمْ عَنِ الأَعْمَشِ. ح وَحَدّثنَا زُهَيْرُ بْنُ حَرْبٍ وَ إِسْحَقُ بْنُ إِبْرَاهِيمَ ــ وَاللّفْظُ لَهُمَا ــ (قالَ زُهَيْرٌ: حَدّثنَا. وَقالَ إِسْحَقُ: أَخْبَرَنَا) جَرِيرٌ عَنِ الأَعْمَشِ، عَنْ تَمِيمِ بْنِ سَلَمَةَ، عَنْ عَبْدِ الرّحْمَنِ بْنِ هِلاَلٍ الْعَبْسِيّ. قالَ: سَمِعْتُ جَرِيراً يَقُولُ: سَمِعْتُ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم يَقُولُ: «مَنْ يُحْرَمِ الرّفْقَ يُحْرَمِ الْخَيْرَ».**

**6547 ـ حدّثنا يَحْيَى بْنُ يَحْيَى. أَخْبَرَنَا عَبْدُ الْوَاحِدِ بْنُ زِيَادٍ عَنْ مُحَمّدِ بْنِ أَبِي إِسْمَاعِيلَ، عَنْ عَبْدِ الرّحْمَنِ بْنِ هِلاَلٍ. قالَ: سَمِعْتُ جَرِيرَ بْنَ عَبْدِ اللّهِ يَقُولُ: قالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم «مَنْ حُرِمَ الرّفْقَ حُرِمَ الْخَيْرَ، أَوْ مَنْ يُحْرَمِ الرّفْقَ يُحرَمِ الْخَيْرَ».**

جەرىير رەزىيەللاھۇ ئەنھۇىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: كىم مېھرىبانلىقدىن، مۇلايىملىقدىن مەھرۇم قالسا، بارلىق ياخشىلىقلاردىن مەھرۇم قالغان بولىدۇ. ئەھمەد، مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ماجە ئەبۇ دەردائى،ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: كىمگە مېھرىبانلىق نىسۋىسى بېرىلسە، ھەقىقەتەن ئۇ كىشىگە دۇنيا _ ئاخىرەتلىك ياخشىلىقتىن بولغان نىسۋىسى بېرىلگەن بولىدۇ، كىم مېھرىبانلىق، مۇلايىملىق نىسۋىسىدىن مەھرۇم قالسا، جەزمەن ئۇ دۇنيا _ ئاخىرەتلىك ياخشىلىقتىن ئىبارەت نىسۋىسىدىن مەھرۇم قالىدۇ.. ئەھمەد، تىرمىزى تويلىغان، سەھىھ.

**6548 ـ حدّثنا حَرْمَلَةُ بْنُ يَحْيَىَ التّجِيبِيّ. أَخْبَرَنَا عَبْدُ اللّهِ بْنُ وَهْبٍ. أَخْبَرَنِي حَيْوَةُ. حَدّثنِي ابْنُ الْهَادِ عَنْ أَبِي بَكْرِ بْنِ حَزْمٍ، عَنْ عَمْرَةَ (يَعْنِي بِنْتَ عَبْدِ الرّحْمَنِ)، عَنْ عَائِشَةَ، زَوْجِ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم أَنّ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم قالَ: «يَا عَائِشَةُ إِنّ اللّهَ رَفِيقٌ يُحِبّ الرّفْقَ. وَيُعْطِي عَلَى الرّفْقِ مَا لاَ يُعْطِي عَلَى الْعُنْفِ. وَمَا لاَ يُعْطِي عَلَى مَا سِوَاهُ».**

**6549 ـ6550 ـ حدّثنا عُبَيْدُ اللّهِ بْنُ مُعَاذٍ الْعَنْبَرِيّ. حَدّثَنَا أبي. حَدّثَنَا شُعْبَةُ عَنِ الْمِقْدَامِ، (وَهُوَ ابْنُ شُرَيْح بْنِ هَانِىءٍ) عَنْ أبيهِ، عَنْ عَائِشَةَ، زَوْجِ النّبيّ صلى الله عليه وسلم، عَنِ النّبيّ صلى الله عليه وسلم قالَ: «إِنّ الرّفْقَ لاَ يَكُونُ فِي شَيْءٍ إِلاّ زَانَهُ، وَلاَ يُنْزَعُ مِنْ شَيْءٍ إِلاّ شَانَهُ».**

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن ئاللاھ، ناھايىتى كۆيۈمچان، مېھرىباندۇر، ئاللاھ مېھرىبانلىقنى ياخشى كۆرىدۇ، قوپاللىققا، باغرى تاشلىققا بەرمىگەن ياردەملەرنى مېھرىبانلىققا بېرىدۇ، (ئۇنداقتا كىشىلەرگە كۆيۈنۈپ، مېھرىبان بولۇش بىلەن ئاللاھدىن ياردەم سورايلى) مېھرىبانلىقنى، كۆيۈنۈشنى ، مۇلايىملىقنى لازىم تۇتقىن، قوپاللىقتىن، پاھىشە سۆزلەشدىن ھەزەر قىلغىن،ھەقىقەتەن مېھرىبانلىق، كۆيۈنۈش، ھەرقانداق نەرسىدە بولسا، ئۇنى زىننەتلىك، گۈزەل قىلىۋېتىدۇ، ئۇ ھەرقانداق نەرسىدىن تارتىلىپ ئېلىۋېلىنسا، ئۇ نەرسىنى قەبىھ سەتلەشتۈرۈۋېتىدۇ. بۇ ھەدىسنى ئەبۇ داۋۇد، بۇخارى ئەدەپتە ئابدۇللاھ ئىبنى مۇغەپپەلدىن، ئىبنى ماجە، ئىبنى ھەببان، ئەبۇ ھۇرەيرەدىن، ئەھمەد، بەيھەقى، ئەلىدىن، تەبرانى، ئەبۇ ئۇمامەدىن، بەزار، ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملاردىن ،مۇسلىممۇ توپلىغان، سەھىھ.

### *1180 ـ باب النهي عن لعن الدوابّ وغيرها*

## ھايۋانلارغا ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش نەرسىلەرگە لەنەت قىلىشتىن مەنئى قىلىش توغرىسىدا

**6551 ـ حدّثنا أبُو بَكْرِ بْنُ أبي شَيْبَةَ وَ زُهَيْرُ بْنُ حَرْبٍ. جَمِيعاً عَنِ ابْنِ عُلَيّةَ. قالَ زُهَيْرٌ: حَدّثَنَا إِسْمَاعِيلُ بْنُ إِبْرَاهِيمَ. حَدّثَنَا أيّوبُ عَنْ أبي قِلاَبَةَ، عَنْ أبي الْمُهَلّبِ، عَنْ عِمْرَانَ بْنِ حُصَيْنٍ، قالَ: بَيْنَمَا رَسُولُ اللّهَ صلى الله عليه وسلم فِي بَعْضِ أسْفَارِهِ، وَامْرَأةٌ مِنَ الأنْصَارِ عَلَى نَاقَةٍ. فَضَجِرَتْ فَلَعَنَتْهَا. فَسَمِعَ ذَلِكَ رَسُولُ اللّهَ صلى الله عليه وسلم فقالَ: «خُذُوا مَا عَلَيْهَا وَدَعُوهَا. فَإِنّهَا مَلْعُونَةٌ». قالَ عِمْرَانُ: فَكَأنّي أرَاهَا الآنَ تَمْشِي فِي النّاسِ، مَا يَعْرِضُ لَهَا أحَدٌ.**

**6552 ـ حدّثنا قُتَيْبَةُ بْنُ سَعِيدٍ وَ أبُو الرّبيعِ. قالاَ: حَدّثَنَا حَمّادٌ (وَهُوَ ابْنُ زَيْدٍ). ح وَحَدّثَنَا ابْنُ أبي عُمَرَ. حَدّثَنَا الثّقفِيّ. كِلاَهُمَا عَنْ أيّوبَ. بِإِسْنَادِ إسْمَاعِيلَ. نَحْوَ حَدِيثِهِ. إلاّ أنّ فِي حَدِيثِ حَمّادٍ: قالَ عِمْرَانُ: فَكَأنّي أنْظُرُ إِلَيْهَا، نَاقَةً وَرْقَاءَ. وَفِي حَدِيثِ الثّقفِيّ: فقالَ: «خُذُوا مَا عَلَيْهَا وَأعْرُوهَا. فَإِنّهَا مَلْعُونَةٌ».**

جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم، بىز بىلەن بەتنى بوۋات ئۇرۇشىدا كېتىۋاتاتتى، ئەنسارىدىن بىر كىشى ياكى بىرئايال تۆگىسىگە لەنەت ئەيتتى، ئاندىن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنىڭغا سەن ئۇ لەنەتكار تۆگىنى بىزگە ھەمراھ قىلماي، ئۇنىڭدىن چۈشۈپ كەت ، بۇتۆگە لەنەتكار بولغاندىكىن ئۇنى قويۇۋەتىپ، ئۇنىڭ ئۈستىدىكى نەرسىلەرنى ئېلىپ ئۆزۈڭلار كۆتۈرۈپ مېڭىڭلار دېدى. (يەنى بۇ ئىشدىن كايىپ تۇستى) ئاندىن مۇنداق دېدى، سىلەر ئۆزۈڭلارغا، مېلىڭلارغا، ئەۋلاد بالىلىرىڭلارغا قارشى زىيىنىغا دۇئا قىلماڭلار، ئاللاھ تەرەپدىن سورىسا، بېرىلىدىغان بىر سائەت بولۇپ، سىلەر ئۇ دۇئايىڭلار بىلەن شۇ سائەتكە مۇۋاپىق كېلىپ قالماڭلار، ئەگەر مۇۋاپىق كېلىپ قالساڭلار، زىيانغا قىلىنغان دۇئامۇ ئىجاۋەت بولۇپ كېتىدۇ، مۇسلىم 5328 ـ ئۆزۈن ھەدىسنىڭ بىر قىسمى سەھىھ، ئەھمەد، ئىبنى ماجە دارىمدا بار.

6553 ـ حدّثنا أَبُو كَامِلٍ الْجَحْدَرِيّ، فُضَيْلُ بْنُ حُسَيْنٍ. حَدّثنا يَزِيدُ (يَعْنِي ابْنَ زُرَيْعٍ). حَدّثنا التّيْمِيّ عَنْ أَبِي عُثْمَانَ، عَنْ أَبِي بَرْزَةَ الأَسْلَمِيّ، قَالَ: بَيْنَمَا جَارِيَةٌ عَلَىَ نَاقَةٍ، عَلَيْهَا بَعْضُ مَتَاعِ الْقَوْمِ، إِذْ بَصُرَتْ بِالنّبِيّ صلى الله عليه وسلم. وَتَضَايَقَ بِهِمُ الْجَبَلُ. فَقَالَتْ: حَلْ حَلْ. اللّهُمّ الْعَنْهَا قَالَ: فَقَالَ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم: «لاَ تُصَاحِبْنَا نَاقَةٌ عَلَيْهَا لَعْنَةٌ».

6554 ـ حدّثنا مُحَمّدُ بْنُ عَبْدِ الأَعْلَىَ. حَدّثنا الْمُعْتَمِرُ. ح وَحَدّثنِي عُبَيْدُ اللّهِ بْنُ سَعِيدٍ. حَدّثنا يَحْيَىَ (يَعْنِي ابْنَ سَعِيدٍ). جَمِيعاً عَنْ سُلَيْمَانَ التّيْمِيّ، بِهَـَذَا الإِسْنَادِ. وَزَادَ فِي حَدِيثِ الْمُعْتَمِرِ «لاَ. أَيْمُ اللّهِ لاَ تُصَاحِبْنَا رَاحِلَةٌ عَلَيْهَا لَعْنَةٌ مِنَ اللّهِ» أَوْ كَمَا قَالَ.

ئەبۇ بەرزە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، بىرچاغدا بىرقىزچاق كىشىلەرنىڭ ماتالىرى ئارتىلغان تۆگىنىڭ ئۈستىدە كېتىۋېتىپ، رەسۇلۇللاھ نىڭ كىلىۋاتقانلىقىنى كۆردى، تاغ يولى تارئىدى، ئۇ يول بوشۇتۇش ئۈچۈن چو!چو! ئى الله بۇنىڭغا لەنەت قىلسىلا دەپ سالدى، ئاندىن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، بىزگە، لەنەت قىلىنغان لەنەتكەردە تۆگىنى ھەمراھ قىلمىغىن. جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: تۆگىگە لەنەت قىلغان كىم بۇ؟ ئۇ تۆگىدىن چۈشۈپ كەت!، بىزگە لەنەتگەردى تۆگىنى ھەمراھ قىلمىغىن، سىلەر ئۆزۈڭلارغا قارشى بالىلىرىڭلارنىڭ، ماللىرىڭلارنىڭ زىيىنىغا دۇئا قىلماڭلار. ئاللاھدىن سورالسا بېرىدىغان بىرەر سائەتكە، زىيانغا دۇئا قىلىش بىلەن مۇۋاپىق كېلىپ قالماڭلار، ئەگەر شۇ سائەتكە مۇۋاپىق كېلىپ قالساڭلار، بۇ دۇئايىڭلارمۇ ئىجاۋەت قىلىنىپ كېتىدۇ.

6555 ـ حدّثنا هَرُونُ بْنُ سَعِيدٍ الأَيْلِيّ. حَدّثنا ابْنُ وَهْبٍ. أَخْبَرَنِي سُلَيْمَانُ (وَهُوَ ابْنُ بِلاَلٍ) عَنِ الْعَلاَءِ بْنِ عَبْدِ الرّحْمَنِ. حَدّثَهُ عَنْ أَبِيهِ، عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ أَنّ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم قَالَ: «لاَ يَنْبَغِي لِصِدّيقٍ أَنْ يَكُونَ لَعّاناً».

6556 ـ حَدّثنِيهِ أَبُو كُرَيْبٍ. حَدّثنا خَالِدُ بْنُ مَخْلَدٍ عَنْ مُحَمّدِ بْنِ جَعْفَرٍ، عَنِ الْعَلاَءِ بْنِ عَبْدِ الرّحْمَنِ. بِهَـَذَا الإِسْنَادِ، مِثْلَهُ.

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: سىددىيىق يەنى سەممىي سادىق مۆئمىننىڭ لەنەت قىلغۇچى بولۇشى لايىق ئەمەس، لەنەت قىلغۇچى سىددىيىق دەرىجىسىگە يېتەلمەيدۇ. ئەھمەد، مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: مۆئمىن تولا لەنەت قىلغۇچى بولمايدۇ، لەنەت قىلغۇچى كىشى كامىل مۆئمىن بولمايدۇ. (بەلكى، پاسىق كىشىلەر لەنەتكار كېلىدۇ). تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.

6557 ـ حدّثني سُوَيْدُ بْنُ سَعِيدٍ. حَدّثنِي حَفْصُ بْنُ مَيْسَرَةَ عَنْ زَيْدِ بْنِ أَسْلَمَ أَنّ عَبْدَ الْمَلِكِ بْنَ مَرْوَانَ بَعَثَ إِلَىَ أُمّ الدّرْدَاءِ بِأَنْجَادٍ مِنْ عِنْدِهِ. فَلَمّا أَنْ كَانَ ذَاتَ لَيْلَةٍ، قَامَ عَبْدُ الْمَلِكِ مِنَ اللّيْلِ، فَدَعَا خَادِمَهُ، فَكَأَنّهُ أَبْطَأَ عَلَيْهِ، فَلَعَنَهُ. فَلَمّا أَصْبَحَ قَالَتْ لَهُ أُمّ الدّرْدَاءِ: سَمِعْتُكَ، اللّيْلَةَ، لَعَنْتَ خَادِمَكَ حِينَ دَعَوْتَهُ. فَقَالَتْ: سَمِعْتُ أَبَا الدّرْدَاءِ يَقُولُ: قَالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: «لاَ يَكُونُ اللّعّانُونَ شُفَعَاءَ وَلاَ شُهَدَاءَ، يَوْمَ الْقِيَامَةِ».

6558 ـ حدّثنا أَبُو بَكْرِ بْنُ أَبِي شَيْبَةَ. وَ أَبُو غَسّانَ الْمِسْمَعِيّ وَ عَاصِمُ بْنُ النّضْرِ التّيْمِيّ. قَالُوا: حَدّثنا مُعْتَمِرُ بْنُ سُلَيْمَانَ. ح وَحَدّثنا إِسْحَقُ بْنُ إِبْرَاهِيمَ. أَخْبَرَنَا عَبْدُ الرّزّاقِ. كِلاَهُمَا عَنْ مَعْمَرٍ، عَنْ زَيْدِ بْنِ أَسْلَمَ، فِي هَذَا الإِسْنَادِ، بِمِثْلِ مَعْنَىَ حَدِيثِ حَفْصِ بْنِ مَيْسَرَةَ.

ئەبۇ دەردائى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: تولا لەنەت قىلغۇچى، قاغاپ ئەيىبلىگۈچىلەر لەنەت بىلەن دۇئا قىلغۇچىلار، ئاغزى بەزەپ كىشىلەر قىيامەت كۈنى شاپائەتچى ۋە گۇۋاھچى بولالمايدۇ. ئەھمەد، مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ.

6559 ـ حدّثنا أبُو بَكْرِ بْنُ أبِي شَيْبَةَ. حَدّثنا مُعَاوِيَةُ بْنُ هِشَامٍ عَنْ هِشَامِ بْنِ سَعْدٍ، عَنْ زَيْدِ بْنِ أسْلَمَ وَ أبِي حَازِمٍ، عَنْ أمّ الدّرْدَاءِ، عَنْ أبِي الدّرْدَاءِ. سَمِعْتُ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم يَقُولُ «إنّ اللّعّانِينَ لاَ يَكُونُونَ شُهَدَاءَ وَلاَ شُفَعَاءَ، يَوْمَ الْقِيَامَةِ».

ئەبۇ دەردائى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: تولا لەنەت قىلىپ، قاغاپ ئەيىبلىگۈچىلەر، لەنەت بىلەن دۇئا قىلغۇچىلار، ئاغزى بەزەپ كىشىلەر قىيامەت كۈنى شاپائەتچى ۋە گۇۋاھچى بولالمايدۇ. ئەھمەد، مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ.

6560 ـ حدّثنا مُحَمّدُ بْنُ عَبّادٍ وَ ابْنُ أبِي عُمَرَ. قَالاَ: حَدّثنا مَرْوَانُ (يَعْنِيَانِ الْفَزَارِيّ) عَنْ يَزِيدَ(وَهُوَ ابْنُ كَيْسَانَ) عَنْ أبِي حَازِمٍ، عَنْ أبِي هُرَيْرَةَ. قَالَ: قِيلَ: يَا رَسُولَ اللّهِ ادْعُ عَلَى الْمُشْرِكِينَ. قَالَ «إنّي لَمْ أُبْعَثْ لَعّاناً. وَإنّمَا بُعِثْتُ رَحْمَةً».

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، ئى الله نىڭ ئەلچىسى! مۇشرىكلەرگە قارشى بەد دۇئا قىلسىلا دىيىلگەندە، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ھەققەتەن مەن لەنەت قىلغۇچى قىلىنىپ ئەۋەتىلمىدىم، ئالەملەرگە رەھمەت قىلىنىپ ئەۋەتىلدىم، مۇسلىم، بۇخارى ئەدەپتە توپلىغان، سەھىھ.

### 1181 ـ باب من لعنة النبي صلى الله عليه وسلم أو سبه أو دعا عليه، وليس هو أهلاً لذلك، كان له زكاة وأجراً ورحمة

## رەسۇلۇللاھ نىڭ لەنەت قىلىشىنىڭ، جازالىشىنىڭ، دۇئاسىنىڭ شۇكىشىگە ئەجىر ۋە رەھمەت ئىكەنلىكى

6561 ـ حدّثنا زُهَيْرُ بْنُ حَرْبٍ. حَدّثنا جَرِيرٌ عَنِ الأعْمَشِ، عَنْ أبِي الضّحَى، عَنْ مَسْرُوقٍ، عَنْ عَائِشَةَ. قَالَتْ: دَخَلَ عَلَى رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم رَجُلاَنِ. فَكَلّمَاهُ بِشَيْءٍ لاَ أدْرِي مَا هُوَ. فَأغْضَبَاهُ. فَلَعَنَهُمَا وَسَبّهُمَا. فَلَمّا خَرَجَا قُلْتُ: يَا رَسُولَ اللّهِ لِمَنْ أصَابَ مِنَ الْخَيْرِ شَيْئاً مَا أصَابَهُ هَذَانِ. قَالَ صلى الله عليه وسلم «وَمَا ذَاكِ؟» قَالَتْ قُلْتُ: لَعَنْتَهُمَا وَسَبَبْتَهُمَا. قَالَ «أوَ مَا عَلِمْتِ مَا شَارَطْتُ عَلَيْهِ رَبّي؟ قُلْتُ: اللّهُمّ إنّمَا أنَا بَشَرٌ. فَأيّ الْمُسْلِمِينَ لَعَنْتُهُ أوْ سَبَبْتُهُ فَاجْعَلْهُ لَهُ زَكَاةً وَأجْراً».
6562 ـ حدّثناه أبُو بَكْرِ بْنُ أبِي شَيْبَةَ وَ أبُو كُرَيْبٍ. قَالاَ: حَدّثنا أبُو مُعَاوِيَةَ. ح وحَدّثنَاهُ عَلِيّ بْنُ حُجْرٍ السّعْدِيّ وَ إسْحَقُ بْنُ إبْرَاهِيمَ وَ عَلِيّ بْنُ خَشْرَمٍ. جَمِيعاً عَنْ عِيسَى بْنِ يُونُسَ. كِلاَهُمَا عَنِ الأعْمَشِ، بِهَذَا الأسْنَادِ، نَحْوَ حَدِيثِ جَرِيرٍ. وَقَالَ فِي حَدِيثِ عِيسَى: فَخَلَوَا بِهِ، فَسَبّهُمَا، وَلَعَنَهُمَا، وَأخْرَجَهُمَا.

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن، ئىككى كىشى كىرىپ رەسۇلۇللاھ نىڭ غەزىپىنى كەلتۈرۈپ قويغاندا ئۇلارغا لەنەت قىلىپ كايىدى، ئاندىن ئى الله نىڭ ئەلچىسى! ھەرقانداق كىشى ياخشىلىققا ئېرىشەلىسىمۇ بۇئىككى كىشى ئېرىشەلمەيدۇ چۈنكى بۇلارغا سىلى لەنەت قىلدىلا دىسەم، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: سەن تېخى مېنىڭ رەببىمگە شەرت قويۇپ دۇئا قىلغانلىقىمنى بىلمەمسەن؟ مەن مۇنداق دەپ دۇئا قىلدىم، «ئى ئاللاھ، ھەققەتەن مەن بىر ئىنسان . ئەگەر مەن قايسى بىر مۇسۇلمانغا لەنەت قىلىپ سالغان بولسام، ياكى تىللاپ، ئەيىبلەپ سالغان بولسام بۇ ئىشىمنى ئۇ كىشى ئۈچۈن گۇناھىدىن پاكلاش كاپارەت قىلىپ بەرسىلە، ياخشىلىق ئەجىر قىلىپ بەرسىلە» مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.ئەگەر دىگىنى شەرت شۇدۇر.

6563 ـ حدّثنا مُحَمّدُ بْنُ عَبْدِ اللّهِ بْنِ نُمَيْرٍ. حَدّثنا أبِي. حَدّثنا الأعْمَشُ عَنْ أبِي صَالِحٍ، عَنْ أبِي هُرَيْرَةَ، قَالَ: قَالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم «اللّهُمّ إنّمَا أنَا بَشَرٌ. فَأيّمَا رَجُلٍ مِنَ الْمُسْلِمِينَ سَبَبْتُهُ، أوْ لَعَنْتُهُ، أوْ جَلَدْتُهُ. فَاجْعَلْهَا لَهُ زَكَاةً وَرَحْمَةً».
6564 ـ وحدّثنا ابْنُ نُمَيْرٍ. حَدّثنا أبِي. حَدّثنا الأعْمَشُ عَنْ أبِي سُفْيَانَ، عَنْ جَابِرٍ، عَنِ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم مِثْلَهُ إلاّ أنّ فِيهِ «زَكَاةً وَأجْراً».

**6565 ـ حدّثنا أَبُو بَكْرِ بْنُ أَبِي شَيْبَةَ وَ أَبُو كُرَيْبٍ. قالاَ: حَدّثَنَا أَبُو مُعَاوِيَةَ. ح وَحَدّثَنَا إِسْحَـقُ بْنُ إِبْرَاهِيمَ. أَخْبَرَنَا عِيسَى بْنُ يُونُسَ. كِلاَهُمَا عَنِ الأَعْمَشِ. بِإِسْنَادِ عَبْدِ اللّهِ بْنِ نُمَيْرٍ. مِثْلَ حَدِيثِهِ. غَيْرَ أَنّ فِي حَدِيثِ عِيسَىَ جَعَلَ «وَأَجْراً» فِي حَدِيثِ أَبِي هُرَيْرَةَ. وَجَعَلَ «وَرَحْمَةً» فِي حَدِيثِ جَابِرٍ.**

**6566 ـ حدّثنا قُتَيْبَةُ بْنُ سَعِيدٍ. حَدّثَنَا الْمُغِيرَةُ (يَعْنِي ابْنَ عَبْدِ الرّحْمَنِ الْحِزَامِيّ) عَنْ أَبِي الزّنَادِ، عَنِ الأَعْرَجِ، عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ أَنّ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم قَالَ: «اللّهُمّ إِنّي أَتّخِذُ عِنْدَكَ عَهْداً لَنْ تُخْلِفَنِيهِ. فَإِنّمَا أَنَا بَشَرٌ. فَأَيّ الْمُؤْمِنِينَ آذَيْتُهُ، شَتَمْتُهُ، لَعَنْتُهُ، جَلَدْتُهُ. فَاجْعَلْهَا لَهُ صَلاَةً وَزَكَاةً وَقُرْبَةً، تُقَرّبُهُ بِهَا إِلَيْكَ يَوْمَ الْقِيَامَةِ».**

**6567 ـ6568 ـ حدّثناه ابْنُ أَبِي عُمَرَ. حَدّثَنَا سُفْيَانُ. حَدّثَنَا أَبُو الزّنَادِ، بِهَـذَا الإِسْنَادِ، نَحْوَهُ. إِلاّ أَنّهُ قَالَ «أَوْ جَلَدّهُ». قَالَ أَبُو الزّنَادِ: وَهِيَ لُغَةُ أَبِي هُرَيْرَةَ. وَإِنّمَا هِيَ «جَلَدْتُهُ».حدّثني سُلَيْمَانُ بْنُ مَعْبَدٍ. حَدّثَنَا سُلَيْمَانُ بْنُ حَرْبٍ. حَدّثَنَا حَمّادُ بْنُ زَيْدٍ عَنْ أَيّوبَ، عَنْ عَبْدِ الرّحْمَنِ الأَعْرَجِ، عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ، عَنِ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم. بِنَحْوِهِ.**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق سورىغان؛« ئى ئاللاھ ! مەن سىلىنىڭ نەزىلىرىدە ، سىلى ماڭا ھەرگىز خىلاپلىق قىلمايدىغان بىر ئەھدە ئېلىۋالايكى، ـ سىلىغۇ ھەرگىز خىلاپلىق قىلمايلا،ـ ھەقىقەتەن مەن بىر ئىنسان، ئىنسان بولۇش سۈپىتىم بىلەن، بىرەر مۆئمىنگە ئازار بېرىپ ياكى تىللاپ، ئەيىبلەپ ياكى قامچىلاپ ياكى لەنەت قىلىپ قالغان بولسام، سىلى بۇ ئىشلارنى شۇ مۆئمىن ئۈچۈن رەھمەت، مەغپىرەت ۋە گۇناھدىن پاكلاش، قىيامەت كۈنى سىلىگە يېقىنلاشتۇرىدىغان يېقىنلىق مەرتىبىسى قىلىپ بەرسىلە. بەيھەقى مۇسلىم،بۇخارى توپلىغان، سەھىھ.

**6569 ـ حدّثنا قُتَيْبَةُ بْنُ سَعِيدٍ. حَدّثَنَا لَيْثٌ عَنْ سَعِيدِ بْنِ أَبِي سَعِيدٍ، عَنْ سَالِمٍ، مَوْلَى النّصْرِيّينَ. قَالَ: سَمِعْتُ أَبَا هُرَيْرَةَ يَقُولُ: سَمِعْتُ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم يَقُولُ: «اللّهُمّ إِنّمَا مُحَمّدٌ بَشَرٌ. يَغْضَبُ كَمَا يَغْضَبُ الْبَشَرُ. وَإِنّي قَدِ اتّخَذْتُ عِنْدَكَ عَهْداً لَنْ تُخْلِفَنِيهِ. فَأَيّمَا مُؤْمِنٍ آذَيْتُهُ، أَوْ سَبَبْتُهُ، أَوْ جَلَدْتُهُ. فَاجْعَلْهَا لَهُ كَفّارَةً، وَقُرْبَةً، تُقَرّبُهُ بِهَا إِلَيْكَ يَوْمَ الْقِيَامَةِ».**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق سورىغان، ئى ئاللاھ، مەن سىلىنىڭ نەزىلىرىدە سىلى ماڭا ھەرگىز خىلاپلىق قىلمايدىغان بىر ئەھدە ئېلىۋالايكى، سىلىغۇ ھەرگىز خىلاپلىق قىلمايلا، ھەقىقەتەن مەن بىر ئىنسان، ئىنسان بولۇش سۈپىتىم بىلەن، باشقىلار غەزەپ قىلغاندەك غەزەپ قىلىپ بىرەر مۆئمىنگە ئازار بېرىپ ياكى تىللاپ، ئەيىبلەپ ياكى قامچىلاپ ياكى لەنەت قىلىپ قالغان بولسام، سىلى بۇ ئىشلارنى شۇ مۆئمىن ئۈچۈن رەھمەت، مەغپىرەت ۋە گۇناھدىن پاكلاش، قىيامەت كۈنى سىلىگە يېقىنلاشتۇرىدىغان، يېقىنلىق مەرتىبىسى قىلىپ بەرسىلە، بەيھەقى.

**6570 ـ حدّثني حَرْمَلَةُ بْنُ يَحْيَىَ. أَخْبَرَنَا ابْنُ وَهْبٍ. أَخْبَرَنِي يُونُسُ عَنِ ابْنِ شِهَابٍ. أَخْبَرَنِي سَعِيدُ بْنُ الْمُسَيّبِ عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ أَنّهُ سَمِعَ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم يَقُولُ: «اللّهُمّ فَأَيّمَا عَبْدٍ مُؤْمِنٍ سَبَبْتُهُ، فَاجْعَلْ ذَلِكَ لَهُ قُرْبَةً إِلَيْكَ يَوْمَ الْقِيَامَةِ».**

**6571 ـ حدّثني زُهَيْرُ بْنُ حَرْبٍ وَ عَبْدُ بْنُ حُمَيْدٍ. قَالَ زُهَيْرٌ: حَدّثَنَا يَعْقُوبُ بْنُ إِبْرَاهِيمَ. حَدّثَنَا ابْنُ أَخِي ابْنِ شِهَابٍ عَنْ عَمّهِ. حَدّثَنِي سَعِيدُ بْنُ الْمُسَيّبِ عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ أَنّهُ قَالَ: سَمِعْتُ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم يَقُولُ «اللّهُمّ إِنّي اتّخَذْتُ عِنْدَكَ عَهْداً لَنْ تُخْلِفَنِيهِ. فَأَيّمَا مُؤْمِنٍ سَبَبْتُهُ، أَوْ جَلَدْتُهُ. فَاجْعَلْ ذَلِكَ كَفّارَةً لَهُ، يَوْمَ الْقِيَامَةِ».**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق سورىغان، ئى ئاللاھ، مەن سىلىنىڭ نەزىلىرىدە سىلى ماڭا ھەرگىز خىلاپلىق قىلمايدىغان بىر ئەھدە ئېلىۋالايكى، سىلىغۇ ھەرگىز خىلاپلىق

قىلمايلا، ھەقىقەتەن مەن بىر ئىنسان، ئىنسان بولۇش سۈپىتىم بىلەن، ئەگەر مەن قايسى بىر مۆئمىن ـ مۇسۇلمانغا لەنەت قىلىپ سالغان بولسام، ياكى قامچىلاپ، تىللاپ، ئەيىبلەپ سالغان بولسام بۇ ئىشىمنى ئۇ كىشى ئۈچۈن گۇناھىدىن پاكلاش كاپارەت قىلىپ بەرسىلە، ياخشىلىق ئەجىر قىلىپ بەرسىلە ، قىيامەت كۈنى سىلىگە يېقىنلاشتۇرىدىغان، يېقىنلىق مەرتىبىسى قىلىپ بەرسىلە،»

**6572 ـ حدّثني هَرُونَ بْنُ عَبْدِ اللّهِ وَ حَجّاجُ بْنُ الشّاعِرِ. قالاَ: حَدّثَنَا حَجّاجُ بْنُ مُحَمّدٍ. قَالَ: قَالَ ابْنُ جُرَيْجٍ: أَخْبَرَنِي أَبُو الزّبَيْرِ أَنّهُ سَمِعَ جَابِرَ بْنَ عَبْدِ اللّهِ يَقُولُ: سَمِعْتُ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم يَقُولُ: «إِنّمَا أَنَا بَشَرٌ. وَإِنّي اشْتَرَطْتُ عَلَى رَبّي عَزّ وَجَلّ، أَيّ عَبْدٍ مِنَ الْمُسْلِمِينَ سَبَبْتُهُ أَوْ شَتَمْتُهُ، أَنْ يَكُونَ ذٰلِكَ لَهُ زَكَاةً وَأَجْراً».**
**6573 ـ حَدّثَنِيهِ ابْنُ أَبِي خَلَفٍ. حَدّثَنَا رَوْحٌ. ح وَحَدّثَنَاهُ عَبْدُ بْنُ حُمَيْدٍ. حَدّثَنَا أَبُو عَاصِمٍ. جَمِيعاً عَنِ ابْنِ جُرَيْجٍ، بِهَـٰذَا الإِسْنَادِ، مِثْلَهُ.**

جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ھەقىقەتەن مەن بىر ئىنسان، شەك ــ شۈبھىسىز مەن رەببىم ئەززە ۋە جەللىگە مۇنداق شەرت قويۇپ دۇئا قىلدىم، مۇسۇلمانلاردىن قانداق بىر بەندىنى تىللاپ سالغان ياكى ئەيىبلەپ سالغان بولسام، شۇ ئىشىم ئۇ بەندە ئۈچۈن گۇناھىدىن پاكلاش ۋە ئەجىر، مۇكاپات بولسۇن، ئەھمەد، مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.

سەلمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: مېنىڭ ئۈممىتىمدىن قايسى بىر كىشىنى تىللاپ، غەزەپتىن ئەيىبلەپ قالغان بولسام، ياكى لەنەت قىلغان بولسام، ھەقىقەتەن مەن ئادەم بالىسى ، سىلەر غەزەپ قىلغاندەك مەنمۇ غەزەپ قىلىپ، ئاچچىقلايمەن، ھەقىقەتەن، ئاللاھتائالا مېنى ئالەملەرگە رەھمەت قىلىپ ئەۋەتتى، مەن يۇقىرقى ئەيىبلەپ لەنەت قىلىشلارنى قىيامەت كۈنى ئۇلارغا رەھمەت، دۇئايى ــ سالام، شاپائەت قىلىمەن (يۇقىرىدا بۇئىشلار توغرىسىدا ئاللاھدىن دۇئا قىلىپ سورىغان گۇناھىدىن پاكلاش، ئەجىر ساۋاب بېرىش بار) ئەھمەد، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

**6574 ـ حدّثني زُهَيْرُ بْنُ حَرْبٍ وَ أَبُو مَعْنٍ الرّقَاشِيّ (وَاللّفْظُ لِزُهَيْرٍ) قالاَ: حَدّثَنَا عُمَرُ بْنُ يُونُسَ. حَدّثَنَا عِكْرِمَةُ بْنُ عَمّارٍ. حَدّثَنَا إِسْحَقُ بْنُ أَبِي طَلْحَةَ. حَدّثَنِي أَنَسُ بْنُ مَالِكٍ قَالَ: كَانَتْ عِنْدَ أُمّ سُلَيْمٍ يَتِيمَةٌ. وَهِيَ أُمّ أَنَسٍ. فَرَأَى رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم الْيَتِيمَةَ. فَقَالَ: «آنْتِ هِيَهْ؟ لَقَدْ كَبِرْتِ، لاَ كَبِرَ سِنّكِ» فَرَجَعَتِ الْيَتِيمَةُ إِلَى أُمّ سُلَيْمٍ تَبْكِي. فَقَالَتْ أُمّ سُلَيْمٍ: مَا لَكِ؟ يَا بُنَيّةُ قَالَتِ الْجَارِيَةُ: دَعَا عَلَيّ نَبِيّ اللّهِ صلى الله عليه وسلم أَنْ لاَ يَكْبَرَ سِنّي. فَالآنَ لاَ يَكْبَرُ سِنّي أَبَداً. أَوْ قَالَتْ قَرْنِي. فَخَرَجَتْ أُمّ سُلَيْمٍ مُسْتَعْجِلَةً تَلُوثُ خِمَارَهَا. حَتّى لَقِيَتْ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم. فَقَالَ لَهَا رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: «مَا لَكِ؟ يَا أُمّ سُلَيْمٍ» فَقَالَتْ: يَا نَبِيّ اللّهِ أَدَعَوْتَ عَلَى يَتِيمَتِي؟ قَالَ «وَمَا ذَاكِ؟ يَا أُمّ سُلَيْمٍ» قَالَتْ: زَعَمَتْ أَنّكَ دَعَوْتَ أَنْ لاَ يَكْبَرَ سِنّهَا وَلاَ يَكْبَرَ قَرْنُهَا. قَالَ: فَضَحِكَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم. ثُمّ قَالَ «يَا أُمّ سُلَيْمٍ أَمَا تَعْلَمِينَ أَنّ شَرْطِي عَلَى رَبّي، أَنّي اشْتَرَطْتُ عَلَى رَبّي فَقُلْتُ: إِنّمَا أَنَا بَشَرٌ. أَرْضَى كَمَا يَرْضَى الْبَشَرُ. وَأَغْضَبُ كَمَا يَغْضَبُ الْبَشَرُ. فَأَيّمَا أَحَدٍ دَعَوْتُ عَلَيْهِ، مِنْ أُمّتِي، بِدَعْوَةٍ، لَيْسَ لَهَا بِأَهْلٍ، أَنْ تَجْعَلَهَا لَهُ طَهُوراً وَزَكَاةً وَقُرْبَةً تُقَرّبُهُ بِهَا مِنْهُ يَوْمَ الْقِيَامَةِ». وَقَالَ أَبُو مَعْنٍ: يُتَيّمَةٌ. بِالتّصْغِيرِ، فِي الْمَوَاضِعِ الثّلاثَةِ مِنَ الْحَدِيثِ.**

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئانام ئۇممە سۇلەيىنىڭ يېتىمنى كۆرۈپ: سەن تېخى شۈيتى تۇردۇڭمۇ؟ قېرىپقاپسەن، يېشىڭ چوڭايمىغاي دىدى، ئۇيېرىپ ئەرز قىلدى، ئاندىن ئۇممە

سۇلەيم كىلىپ بۇئەھۋاللارنى بايان قىلغاندا رەسۇلۇللاھ ﷺ كۈلۈپ كىتىپ مۇنداق دىگەن: ئى ئۇممە سۇلەيم! سەن مىنىڭ رەببىمگە شەرت قويۇپ دۇئا قىلغىنىمنى بىلمەمسەن؟ مەن مۇنداق دىدىم: ھەقىقەتەن مەن بىر ئىنسان، ئىنسان رازى بولغانغا رازى بولۇپ، ئىنسان غەزەپ قىلغانغا غەزەپ قىلىپ قالىمەن، مىنىڭ ئۈممىتىمدىن ھەر قانداق بىر كىشىگە قارشى دۇئا قىلىپ سالسام، ئۇ كىشى ئۇ دۇئاغا، ئەھلى بولمىسا، مەن خاتالاشقان بولسام ئى ئاللاھ سىلى ئۇنى قىيامەت كۈنى ئۇ كىشىگە گۇناھدىن پاكلىنىش، ئەجىر، ساۋاب، سىلىگە يېقىنلىشىدىغان يېقىنلىق قىلىپ بەرسىلە. ئەھمەد، مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.

6575 ـ حدّثنا مُحَمّدُ بْنُ الْمُثنّى الْعَنَزِيّ. ح وَحَدّثَنَا ابْنُ بَشّارٍ (وَاللّفْظُ لاِبْنِ الْمُثَنّى). قالاَ: حَدّثَنَا أُمَيّةُ بْنُ خَالِدٍ. حَدّثَنَا شُعْبَةُ عَنْ أَبي حَمْزَةَ الْقَصّابِ، عَنِ ابْنِ عَبّاسٍ، قَالَ: كُنْتُ أَلْعَبُ مَعَ الصّبْيَانِ. فَجَاءَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم فَتَوَارَيْتُ خَلْفَ بَابٍ. قَالَ: فَجَاءَ فَحَطَأَنِي حَطْأَةً. وَقَالَ: «اذْهَبْ وَادْعُ لِي مُعَاوِيَةَ». قَالَ: فَجِئْتُ فَقُلْتُ: هُوَ يَأْكُلُ. قَالَ: ثُمّ قَالَ لِيَ: «اذْهَبْ فَادْعُ لِي مُعَاوِيَةَ» قَالَ: فَجِئْتُ فَقُلْتُ: هُوَ يَأْكُلُ. فَقَالَ: «لاَ أَشْبَعَ اللّهُ بَطْنَهُ». قَالَ ابْنُ الْمُثنّى: قُلْتُ لاِمَيّةَ: مَا حَطَأَنِي؟ قَالَ: قَفَدَنِي قَفْدَةً.
6576 ـ حدّثني إِسْحَقُ بْنُ مَنْصُورٍ. أَخْبَرَنَا النّضْرُ بْنُ شُمَيْلٍ. حَدّثَنَا شُعْبَةُ. أَخْبَرَنَا أَبُو حَمْزَةَ. سَمِعْتُ ابْنَ عَبّاسٍ يَقُولُ: كُنْتُ أَلْعَبُ مَعَ الصّبْيَانِ. فَجَاءَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم فَاخْتَبَأْتُ مِنْهُ. فَذَكَرَ بِمِثْلِهِ.

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، مەن كىچىك باللار بىلەن بىللە ئويناۋاتسام، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كىلىپ قالدى، ئاندىن مەن ئىشىكنىڭ ئارقىسىغا يۇشۇرىنىۋالدىم، رەسۇلۇللاھ ﷺ كىلىپ قولى بىلەن تاغىقىم ئارىسىغا ئۇرۇپ قويۇپ؛ ماڭغىن، سەن بىرىپ مۇئاۋىيىنى چاقىرىپ كەل دىدى. مەن بىرىپ كىلىپ: مۇئاۋى تاماق يەۋىتىپتۇ دىسەم، يەنە: سەن بىرىپ ئۇنى چاقىرغىن دىدى. مەن كىلىپ ئۇ تىخىچە تاماق يەۋىتىپتۇ دىسەم، رەسۇلۇللاھ ﷺ : الله ئۇنىڭ قورسىقىنى تويغۇزمىغاي دىدى.(مانابۇ دۇئا ۋە بەزى بىر تىل ـ لەنەتنىڭ تەپسىرى)

## 1182 ـ باب ذم ذي الوجهين، وتحريم فعله

## ئىككى يۈزلىملىكنىڭ ۋە يالغانچىلىقنىڭ، سۆخەنچىلىكنىڭ ھاراملىقى توغرىسىدا

6577 ـ حدّثنا يَحْيَى بْنُ يَحْيَىَ. قَالَ: قَرَأْتُ عَلَىَ مَالِكٍ عَنْ أَبِي الزّنَادِ، عَنِ الأَعْرَجِ، عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ أَنّ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم قَالَ «إِنّ مِنْ شَرّ النّاسِ ذَا الْوَجْهَيْنِ. الّذِي يَأْتِي هَـؤُلاَءِ بِوَجْهٍ، وَهَـؤُلاَءِ بِوَجْهٍ».
6578 ـ حدّثنا قُتَيْبَةُ بْنُ سَعِيدٍ. حَدّثَنَا لَيْثٌ. ح وَحَدّثَنَا مُحَمّدُ بْنُ رُمْحٍ. أَخْبَرَنَا اللّيْثُ عَنْ يَزِيدَ بْنِ أَبِي حَبِيبٍ، عَنْ عِرَاكِ بْنِ مَالِكٍ، عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ أَنّهُ سَمِعَ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم يَقُولُ «إِنّ شَرّ النّاسِ ذُو الْوَجْهَيْنِ. الّذِي يَأْتِي هَـؤُلاَءِ بِوَجْهٍ، وَهَـؤُلاَءِ بِوَجْهٍ.

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ھەقىقەتەن قىيامەت كۈنى ئاللاھنىڭ نەزىلدە كىشىلەرنىڭ ئەڭ يامانراقى بولسا، ئىككى يۈزلۈك كىشىلەردۇر، مانىڭغا بىر يۈزى بىلەن كېلىدۇ، ئانىڭغا يەنە بىر يۈزى بىلەن كېلىدۇ، ئىككى يۈزلىمىدۇر. تىرمىزىھۇ توپلىغان، سەھىھ. ئىككى يۈزلىمە بولۇش، ئىككى يۈزلىمە سۆز قىلىش ھارامدۇر، چۈنكى، ئازاب ۋەدە قىلىنىدى. ئەممار رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: كىم بۇ دۇنيادا مانىڭغا بىر يۈزى بىلەن كېلىد نغان،

ئانىڭغا يەنە بىر يۈزى بىلەن كېلىدىغان ئىككى يۈزلىمە بولسا، قىيامەت كۈنى ئۇ كىشى ئۈچۈن ئوتتىن ئىككى تىل بولىدۇ. دارىمى توپلىغان.

**6579 ـ حدّثني حَرْمَلَةُ بْنُ يَحْيَى. أَخْبَرَنِي ابْنُ وَهْبٍ. أَخْبَرَنِي يُونُسُ عَنِ ابْنِ شِهَابٍ. حَدّثَنِي سَعِيدُ بْنُ الْمُسَيّبِ عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ أَنّ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم. ح وَحَدّثَنِي زُهَيْرُ بْنُ حَرْبٍ. حَدّثَنَا جَرِيرٌ عَنْ عُمَارَةَ، عَنْ أَبِي زُرْعَةَ، عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ، قَالَ: قَالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم «تَجِدُونَ مِنْ شَرّ النّاسِ ذَا الْوَجْهَيْنِ. الّذِي يَأْتِي هَـٰؤُلاَءِ بِوَجْهٍ، وَهَـٰؤُلاَءِ بِوَجْهٍ».**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: قىيامەت كۈنى ئاللاھنىڭ نەزىلىدە سىلەر تاپىدىغان كىشىلەرنىڭ ئەڭ يامىنى ئىككى يۈزلىمە كىشىدۇر، ئاۋۇلارغا بىر يۈزى بىلەن كېلىدۇ، ماۋۇلارغا بىر يۈزى بىلەن كېلىدۇ، بۇخارى،مۇسلىم ئەھمەد، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.

### *1183 ـ باب تحريم الكذب، وبيان المباح منه*

**6580 ـ حدّثني حَرْمَلَةُ بْنُ يَحْيَى. أَخْبَرَنَا ابْنُ وَهْبٍ. أَخْبَرَنِي يُونُسُ عَنِ ابْنِ شِهَابٍ، أَخْبَرَنِي حُمَيْدُ بْنُ عَبْدِ الرّحْمَـٰنِ بْنِ عَوْفٍ أَنّ أُمّهُ، أُمّ كُلْثُومِ بِنْتِ عُقْبَةَ بْنِ أَبِي مُعَيْطٍ، وَكَانَتْ مِنَ الْمُهَاجِرَاتِ الأُوَلِ، اللاّتِي بَايَعْنَ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم، أَخْبَرَتْهُ أَنّهَا سَمِعَتْ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم وَهُوَ يَقُولُ: «لَيْسَ الْكَذّابُ الّذِي يُصْلِحُ بَيْنَ النّاسِ، وَيَقُولُ خَيْراً وَيَنْمِي خَيْراً».**
**قَالَ ابْنُ شِهَابٍ: وَلَمْ أَسْمَعْ يُرَخّصُ فِي شَيْءٍ مِمّا يَقُولُ النّاسُ كَذِبٌ إِلاّ فِي ثَلاَثٍ: الْحَرْبُ، وَالإِصْلاَحُ بَيْنَ النّاسِ، وَحَدِيثُ الرّجُلِ امْرَأَتَهُ وَحَدِيثُ الْمَرْأَةِ زَوْجَهَا.**
**6581 ـ 6582 ـ حدّثنا عَمْرٌو النّاقِدُ. حَدّثَنَا يَعْقُوبُ بْنُ إِبْرَاهِيمَ بْنِ سَعْدٍ. حَدّثَنَا أَبِي عَنْ صَالِحٍ. حَدّثَنَا مُحَمّدُ بْنُ مُسْلِمِ بْنِ عُبَيْدِ اللّهِ بْنِ عَبْدِ اللّهِ بْنِ شِهَابٍ، بِهَـٰذَا الأَسْنَادِ، مِثْلَهُ. غَيْرَ أَنّ فِي حَدِيثِ صَالِحٍ: وَقَالَتْ: وَلَمْ أَسْمَعْهُ يُرَخّصُ فِي شَيْءٍ مِمّا يَقُولُ النّاسُ إِلاّ فِي ثَلاَثٍ. بِمِثْلِ مَا جَعَلَهُ يُونُسُ مِنْ قَوْلِ ابْنِ شِهَابٍ.**
**وحدّثناه عَمْرٌو النّاقِدُ. حَدّثَنَا إِسْمَاعِيلُ بْنُ إِبْرَاهِيمَ. أَخْبَرَنَا مَعْمَرٌ عَنِ الزّهْرِيّ، بِهَـٰذَا الأَسْنَادِ. إِلَىَ قَوْلِهِ «وَنَمَىَ خَيْراً» وَلَمْ يَذْكُرْ مَا بَعْدَهُ.**

ئۇممە گۈلسۇم، شەدداد ئىبنى ئەۋس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملاردىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئۇنىڭدىن بۇنىڭغا، بۇنىڭدىن ئۇنىڭغا ياخشى سۆزلەرنى توشۇپ ئاپارغان، ياخشى سۆزلەرنى قىلىش ئارقىلىق كىشىلەرنىڭ ئارىسىنى ئىسلاھ قىلغان، ئەپلەشتۈرۈپ، ياراشتۇرغان كىشى كاززاپ ئەمەس، يالغانچى ھېسابلانمايدۇ. مۇسلىم، بۇخارى ئەھمەد، بەيھەقى، ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى، تەبرانى توپلىغان، سەھىھ. كىشىلەرنىڭ ھەتتا ئىسلام دۆلەتلىرىنىڭ ئارىسىنى ئىسلاھ قىلىپ كېلىشتۈرۈش، ياراشتۇرۇش ئۈچۈن يالغان سۆزلىسە دۇرۇس، بۇ ھەدىس ،ئىسلامىي ب د ت غا سوۋغات قىلىنىدۇ.

### *1184 ـ باب تحريم النميمة*

**6583 ـ حدّثنا مُحَمّدُ بْنُ الْمُثَنّى وَ ابْنُ بَشّارٍ. قَالاَ: حَدّثَنَا مُحَمّدُ بْنُ جَعْفَرٍ. حَدّثَنَا شُعْبَةُ. سَمِعْتُ أَبَا إِسْحَقَ يُحَدّثُ عَنْ أَبِي الأَحْوَصِ، عَنْ عَبْدِاللّهِ بْنِ مَسْعُودٍ. قَالَ: إِنّ مُحَمّداً صلى الله عليه وسلم قَالَ: «أَلاَ أُنَبّئُكُمْ مَا الْعَضْهُ؟ هِيَ النّمِيمَةُ الْقَالَةُ بَيْنَ النّاسِ». وَإِنّ مُحَمّداً صلى الله عليه وسلم قَالَ: «إِنّ الرّجُلَ يَصْدُقُ حَتّىَ يُكْتَبَ صِدّيقاً. وَيَكْذِبُ حَتّىَ يُكْتَبَ كَذّاباً».**

ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مەن سىلەرگە ئېزھىنىڭ نېمىلىكىنى دەپ بەرمەيمۇ؟ ئۇ بولسىمۇ كىشىلەر ئارىسىدا گەپ ــ سۆز توشۇپ، سۇخەنچىلىك قىلىشتۇر، (گۇناھى ئېغىردۇر) كىشى راست سۆزلەۋېرىپ، راستچىللىقنى ئىزدەۋېرىپ، ئاللاھنىڭ نەزىلىدە سىددىق،

سەممى، راستچىل كىشى دەپ يېزىلىدۇ، كىشى يالغاننىلا ئىزدەپ يالغان سۆزلەۋېرىپ، ئاللاھنىڭ نەزىلدە كاززاپ، يالغانچى دەپ يېزىلىدۇ، مۇسلىم 4718 ـــ ھەدىس، ئەۋسەتتە، دارىمدا ئوخششى بار، سەھىھ. ھۇزەيفە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ئۇياقتىن ـــ بۇياققا كىشىلەرنىڭ گەپ ـــ سۆزلىرىنى توشىغۇچى سۇخەنچى، جەننەتكە كىرمەيدۇ. ئەھمەد، بەيھەقى، بۇخارى، مۇسلىم،كىيىنكى ئۈچ كىتاب توپلىغان، سەھىھ. ئىبنى ئەمرۇ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: گەپ توشۇغۇچى سۇخەنچى، ئاتا ـــ ئانىسىغا ۋارقىراپ گەردەن قاققۇچى، دائىم ھاراق ئىچكۈچى جەننەتكە كىرمەيدۇ. نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

***1185 ـ باب قبح الكذب، وحسن الصدق، وفضله***

**6584 ـ حدّثنا زُهَيْرُ بْنُ حَرْبٍ وَ عُثْمَانُ بْنُ أَبِي شَيْبَةَ وَ إِسْحَقُ بْنُ إِبْرَاهِيمَ (قَالَ إِسْحَقُ: أَخْبَرَنَا. وَقَالَ الآخَرَانِ: حَدّثَنَا) جَرِيرٌ عَنْ مَنْصُورٍ، عَنْ أَبِي وَائِلٍ، عَنْ عَبْدِ اللّهِ، قَالَ: قَالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: «إِنّ الصّدْقَ يَهْدِي إِلَىَ الْبِرّ. وَإِنّ الْبِرّ يَهْدِي إِلَى الْجَنّةِ. وَإِنّ الرّجُلَ لَيَصْدُقُ حَتّى يُكْتَبَ صِدّيقاً. وَإِنّ الْكَذِبَ يَهْدِي إِلَى الْفُجُورِ، وَإِنّ الْفُجُورَ يَهْدِي إِلَى النّارِ، وَإِنّ الرّجُلَ لَيَكْذِبُ حَتّىَ يُكْتَبَ كَذّاباً».**

**6585 ـ حدّثنا أَبُو بَكْرِ بْنُ أَبِي شَيْبَةَ وَ هَنّادُ بْنُ السّرِيّ. قَالاَ: حَدّثَنَا أَبُو الأَحْوَصِ عَنْ مَنْصُورٍ، عَنْ أَبِي وَائِلٍ، عَنْ عَبْدِ اللّهِ بْنِ مَسْعُودٍ قَالَ: قَالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم «إِنّ الصّدْقَ بِرّ. وَإِنّ الْبِرّ يَهْدِي إِلَى الْجَنّةِ. وَإِنّ الْعَبْدَ لَيَتَحَرّىَ الصّدْقَ حَتّىَ يُكْتَبَ عِنْدَ اللّهِ صِدّيقاً. وَإِنّ الْكَذِبَ فُجُورٌ. وَإِنّ الْفُجُورَ يَهْدِي إِلَىَ النّارِ. وَإِنّ الْعَبْدَ لَيَتَحَرّىَ الْكَذِبَ حَتّىَ يُكْتَبَ كَذّاباً».**
**قَالَ ابْنُ أَبِي شَيْبَةَ فِي رِوَايَتِهِ: عَنِ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم.**

ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ھەقىقەتەن راستچىللىق، سەممىي، راست سۆزلەش ياخشىلىققا ھىدايەت قىلىپ ئاپىرىدۇ، ياخشىلىق جەننەتكە ئاپىرىدۇ، ھەقىقەتەن كىشى راست سۆزلەۋېرىپ، ئاللاھنىڭ نەزىلدە سىددىق، يەنى راستچىل، سەممىي كىشى دەپ يېزىلىدۇ (ياكى ماقامى مەرتىبىسى سىددىق بولىدۇ) ھەقىقەتەن يالغانچىلىق گۇناھ، مەئسىيەتكە ئاپىرىدۇ، گۇناھ ـــ مەئسىيەت بولسا، دوۋزاخقا ئاپىرىدۇ، ھەقىقەتەن كىشى يالغان سۆزلەۋېرىپ، ئاللاھنىڭ نەزىلدە كاززاپ دەپ يېزىلىدۇ، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ. (خۇلاسە، راستچىللىق جەننەتكە، كاززاپلىق دوۋزاخقا سەۋەب بولىدى)

**6586 ـ حدّثنا مُحَمّدُ بْنُ عَبْدِ اللّهِ بْنِ نُمَيْرٍ. حَدّثَنَا أَبُو مُعَاوِيَةَ وَ وَكِيعٌ. قَالاَ: حَدّثَنَا الأَعْمَشُ. ح وَحَدّثَنَا أَبُو كُرَيْبٍ. حَدّثَنَا أَبُو مُعَاوِيَةَ. حَدّثَنَا الأَعْمَشُ عَنْ شَقِيقٍ، عَنْ عَبْدِ اللّهِ قَالَ: قَالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم «عَلَيْكُمْ بِالصّدْقِ. فَإِنّ الصّدْقَ يَهْدِي إِلَى الْبِرّ. وَإِنّ الْبِرّ يَهْدِي إِلَى الْجَنّةِ. وَمَا يَزَالُ الرّجُلُ يَصْدُقُ وَيَتَحَرّى الصّدْقَ حَتّى يُكْتَبَ عِنْدَ اللّهِ صِدّيقاً. وَإِيّاكُمْ وَالْكَذِبَ. فَإِنّ الْكَذِبَ يَهْدِي إِلَى الْفُجُورِ. وَإِنّ الْفُجُورَ يَهْدِي إِلَى النّارِ. وَمَا يَزَالُ الرّجُلُ يَكْذِبُ وَيَتَحَرّى الْكَذِبَ حَتّى يُكْتَبَ عِنْدَ اللّهِ كَذّاباً».**

**6587 ـ حدّثنا مِنْجَابُ بْنُ الْحَارِثِ التّمِيمِيّ. أَخْبَرَنَا ابْنُ مُسْهِرٍ. ح وَحَدّثَنَا إِسْحَقُ بْنُ إِبْرَاهِيمَ الْحَنْظَلِيّ. أَخْبَرَنَا عِيسَى بْنُ يُونُسَ. كِلاَهُمَا عَنِ الأَعْمَشِ، بِهَذَا الأسْنَادِ. وَلَمْ يَذْكُرْ فِي حَدِيثِ عِيسَى «وَيَتَحَرّى الصّدْقَ. وَيَتَحَرّى الْكَذِبَ». وَفِي حَدِيثِ ابْنِ مُسْهِرٍ «حَتّى يَكْتُبَهُ اللّهُ».**

ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: سەممى، راست سۆزلەشنى لازىم تۇتۇڭلار، ھەقىقەتەن راستچىللىق، ياخشىلىققا ئاپىرىدۇ، ياخشىلىق بولسا، جەننەتكە ئاپىرىدۇ،

كىشى راست سۆزلەۋېرىپ، راستچىللىقنى ئىزدەۋېرىپ، ئاللاھنىڭ نەزىرىدە سىددىق، سەمىمى، راستچىل كىشى دەپ يېزىلىدۇ، يالغانچىلىقدىن ھەزەر قىلىڭلار، ھەقىقەتەن يالغانچىلىق، گۇناھ ـ مەئسىيەتكە يېتەكلەيدۇ، گۇناھ ـ مەئسىيەت بولسا، دوۋزاخقا ئاپىرىدۇ، كىشى يالغاننىلا ئىزدەپ يالغان سۆزلەۋېرىپ، ئاللاھنىڭ نەزىرىدە كاززاپ، يالغانچى دەپ يېزىلىدۇ، ئەھمەد، مۇسلىم، تىرمىزى، بۇخارى، ئەدەپتە توپلىغان، سەھىھ. ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: راستچىللىقنى لازىم تۇتۇڭلار، چۈنكى ئۇ، ياخشىلىق بىلەن بىللە، ئۇ ئىككىسى جەننەتتە. يالغاندىن ھەزەر قىلىڭلار، چۈنكى، ئۇ گۇناھ، مەئسىيەت بىلەن بىللە بۇ ئىككىسى دوۋزاختا بولىدۇ، ئاللاھتائالادىن شەكسىز ئىشەنچ، ئىمان سوراڭلار، ئىككى ئالەمدە سىلەرنى ئەپۇ قىلىپ، ساقلىشنى سوراڭلار، چۈنكى، كىشىگە شەكسىز ئىشەنچ، ئىماندىن قالسا، ساق ــ سالامەت ساقلىنىشدىن ياخشىراق نەرسە بېرىلمەيدۇ. ئەھمەد، ئىبنى ماجە، بۇخارى ئەدەپتە توپلىغان، سەھىھ.

**1186 ـ باب فضل من يملك نفسه عند الغضب، وبأي شيء يذهب الغضب**

**6588 ـ حدّثنا قُتَيْبَةُ بْنُ سَعِيدٍ وَ عُثْمَانُ بْنُ أَبِي شَيْبَةَ (وَاللّفْظُ لِقُتَيْبَةَ). قَالاَ: حَدّثَنَا جَرِيرٌ عَنْ الأَعْمَش، عَنْ إِبْرَاهِيمَ التّيْمِيّ، عَنِ الْحَارِثِ بْنِ سُوَيْدٍ، عَنْ عَبْدِ اللّهِ بْنِ مَسْعُودٍ. قَالَ: قَالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: «مَا تَعُدّونَ الرّقوبَ فِيكُمْ؟» قَالَ قُلْنَا: الّذِي لاَ يُولَدُ لَهُ. قَالَ: «لَيْسَ ذَاكَ بِالرّقُوبِ. وَلَكِنّهُ الرّجُلُ الّذِي لَمْ يُقَدّمْ مِنْ وَلَدِهِ شَيْئاً» قَالَ: «فَمَا تَعُدّونَ الصّرَعَةَ فِيكُمْ؟» قَالَ: قُلْنَا: الّذِي لاَ يَصْرَعُهُ الرّجَالُ. قَالَ «لَيْسَ بِذَلِكَ. وَلَكِنّهُ الّذِي يَمْلِكُ نَفْسَهُ عِنْدَ الْغَضَبِ».**

**6589 ـ حدّثنا أَبُو بَكْرِ بْنُ أَبِي شَيْبَةَ وَ أَبُو كُرَيْبٍ. قَالاَ: حَدّثَنَا أَبُو مُعَاوِيَةَ. ح وحَدّثَنَا إِسْحَقُ بْنُ إِبْرَاهِيمَ. أَخْبَرَنَا عِيسَى بْنُ يُونُسَ. كِلاَهُمَا عَنِ الأَعْمَش، بِهَذَا الأَسْنَادِ، مِثْلَ مَعْنَاهُ.**

ئىبنى مەسئۇد ۋە يەنەبىر ساھابە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم سىلەر ئاراڭلاردا قانداق كىشىنى رەقۇب دەپ سانايسىلەر؟دېسە، ئۇلار: بالا تۇغۇلمايدىغان تۇغماسنى دېدى، ئاندىن رەسۇلۇللاھ مۇنداق دىگەن: رەقوب دېيىلىدىغان كىشى باللىرى بولسىمۇ، بىرمۇ بالىسى ئۆزىدىن بۇرۇن ئۆلۈپ كەتمىگەن كىشىدۇر، ئۇ ئۆلىدۇ ــ دە، باللىرى ۋارىس بولىدۇ، سىلەر ئاراڭلاردا قانداق كىشىنى باتۇر كىشى ھساپلايسىلەر؟ دېسە، ئۇلار: كىشىلەر يىڭەلمەيدىغان كىشىنى دېدى، ئاندىن رەسۇلۇللاھ: ئۇنداق ئەمەس، كۈچلۈك باتۇرلۇق باشقىلارنى مۇسابىقىدە، چېلىشتا يېڭىۋېلىش بىلەن بولمايدۇ، بەلكى، ھەققى كۈچلۈك باتۇر بولسا، غەزەپ قىلغاندا، ئاچچىقى كەلگەندە نەپسىگە، ئۆزىگە ئىگە بولۇپ، راۋان قىلىشقا قادىر تۇرۇپ، ئاچچىقىنى يەڭگەن كىشىدۇر، دېدى.ئەھمەد توپلىغان، سەھىھ. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: رەقوب دىگەن ئۆزىدىن بۇرۇن بىرمۇ بالىسى ئۆلمىگەن، قىيامەتتە ئالدىن تەييارلانغان ئەجرى بولمىغان كىشىدۇر، (بىرمۇ بالىسى ئۆلمىگەچ رەقوب دېيىلگەن) بۇخارى تارىخدا توپلىغان، سەھىھ.

6590 ـ حدّثنا يَحْيَى بْنُ يَحْيَى وَ عَبْدُ الأعْلَى بْنُ حَمّادٍ. قالاَ، كِلاَهُمَا: قَرَأتُ عَلَى مَالِكٍ عَنِ ابْنِ شِهَابٍ، عَنْ سَعِيدِ بْنِ الْمُسَيّبِ، عَنْ أبي هُرَيْرَةَ أنّ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم قالَ: «لَيْسَ الشّدِيدُ بالصّرَعَةِ. إنّمَا الشّدِيدُ الّذِي يَمْلِكُ نَفْسَهُ عِنْدَ الْغَضَبِ».

6591 ـ6592 ـ حدّثنا حَاجِبُ بْنُ الْوَلِيدِ. حَدّثنا مُحَمّدُ بْنُ حَرْبٍ عَنِ الزّبَيْدِيّ، عَنِ الزّهْرِيّ، أخْبَرَنِي حُمَيْدُ بْنُ عَبْدِ الرّحْمَنِ أنّ أبَا هُرَيْرَةَ قَالَ: سَمِعْتُ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم يَقُولُ: «لَيْسَ الشّدِيدُ بِالصّرْعَةِ» قَالُوا: فَالشّدِيدُ أيّمَ هُوَ؟ يَا رَسُولَ اللّهِ قالَ «الّذِي يَمْلِكُ نَفْسَهُ عِنْدَ الْغَضَبِ».

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كۈچلۈك، باتۇرلۇق باشقىلارنى مۇسابىقىدە، چېلىشتا يېڭىۋېلىش بىلەن بولمايدۇ، بەلكى، ھەقىقى باتۇر، كۈچلۈك كىشى بولسا، غەزەپ قىلغاندا، ئاچچىقى كەلگەندە نەپسىگە، ئۆزىگە ئىگە بولۇپ، راۋان قىلىشقا قادىر تۇرۇپ، ئاچچىقىنى يەڭگەن كىشىدۇر.بۇخارى،مۇسلىم،ئەھمەد،بەيھەقى . سەھەھ، يولۋاسنى يەڭگەن باتۇر ئەمەس، ئاچچىقنى يەڭگەن باتۇر. بىر ساھابە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاچچىقنى يەڭگەن باتۇرلۇق، ھەقىقى باتۇرلۇق بولۇپ، غەزەپ قىلىپ ئاچچىقى كېلىپ، ئاچچىقى كۆچىيىپ، يۈزى قىزىرىپ، چاچلىرى، تۈكلىرى تىترەپ كەتكەندە، ئاچچىقىنى يەڭگەن كىشى ھەقىقى باتۇردۇر، ئەھمەد توپلىغان، ھەسەن.

6593 ـ حدّثنا يَحْيَى بْنُ يَحْيَى وَ مُحَمّدُ بْنُ الْعَلاءِ (قالَ يَحْيَى: أخْبَرَنَا. وَقَالَ ابْنُ الْعَلاءِ: حَدّثنا) أَبُو مُعَاوِيَةَ عَنِ الأعْمَش، عَنْ عَدِيّ بْنِ ثابِتٍ، عَنْ سُلَيْمَانَ بْنِ صُرَدٍ، قَالَ: اسْتَبّ رَجُلاَنِ عِنْدَ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم. فَجَعَلَ أحَدُهُمَا تَحْمَرّ عَيْنَاهُ وَتَنْتَفِخُ أوْدَاجُهُ. قَالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: «إنّي لأَعْرِفُ كَلِمَةً لَوْ قَالَهَا لَذَهَبَ عَنْهُ الّذِي يَجِدُ: أعُوذُ بِاللّهِ مِنَ الشّيْطَانِ الرّجِيمِ» فَقَالَ الرّجُلُ: وَهَلْ تَرَى بِي مِنْ جُنُونٍ؟. قالَ ابْنُ الْعَلاَءِ: فَقَالَ: وَهَلْ تَرَى. وَلَمْ يَذْكُرِ الرّجُلَ.

6594 ـ حدّثنا نَصْرُ بْنُ عَلِيَ الْجَهْضَمِيّ. حَدّثنا أَبُو أُسَامَةَ. سَمِعْتُ الأعْمَشَ يَقُولُ: سَمِعْتُ عَدِيّ بْنَ ثَابِتٍ يَقُولُ: حَدّثنا سُلَيْمَانُ بْنُ صُرَدٍ قَالَ: اسْتَبّ رَجُلاَنِ عِنْدَ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم. فَجَعَلَ أحَدُهُمَا يَغْضَبُ وَيَحْمَرّ وَجْهُهُ. فَنَظَرَ إلَيْهِ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم فَقَالَ: «إنّي لأَعْلَمُ كَلِمَةً لَوْ قَالَهَا لَذَهَبَ ذَا عَنْهُ: أعُوذُ بِاللّهِ مِنَ الشّيْطَانِ الرّجِيمِ» فَقَامَ إلَى الرّجُلِ رَجُلٌ مِمّنْ سَمِعَ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم فَقَالَ: أتَدْرِي مَا قَالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم آنِفاً؟ قَالَ: «إنّي لأَعْلَمُ كَلِمَةً لَوْ قَالَهَا لَذَهَبَ ذَا عَنْهُ: أعُوذُ بِاللّهِ مِنَ الشّيْطَانِ الرّجِيمِ» فَقَالَ لَهُ الرّجُلُ: أمَجْنُوناً تَرَانِي؟.

6595 ـ وحدّثنا أَبُو بَكْرِ بْنُ أبِي شَيْبَةَ. حَدّثنا حَفْصُ بْنُ غِيَاثٍ عَنِ الأعْمَش، بِهَذَا الأسْنَادِ.

سۇلەيمان ئىبنى سەرەد، مۇئاز رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمەدىن، بىز رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم نىڭ ئالدىدا ئولتۇرۇغلۇق ئىدۇق، ئىككى كىشى تىللىشىپ، ئۇرۇشۇپ قالدى، ئۇلارنىڭ بىرسى يەنەبىرسىنى ئاچچىقتىن غەزەپ قىلىپ، يۈزى قىزارغان ھالدا تىللىدى ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم : ھەقىقەتەن مەن بىر كەلىمىنى بىلىمەن، ئەگەر ئۇ كىشى بۇ كەلىمىنى دېسە، ئۇ تاپقان ئاچچىق كېتەتتى، ئۇ بولسا، ئەگەر ئۇ ؛ئەئۇزۇبىللاھى مىنەششايتانىررەجىيىم يەنى ئاللاھقا سېغىنىپ، قوغلانغان شەيتاندىن پاناھ تىلەيمەن دېسە، ئۇنىڭ ئاچچىقى، غەزىپى يوقاپ كېتىدۇ، دېدى. ئۇلار ئۇكىشىگە؛ سەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم نىڭ سۆزىنى ئاڭلىمىدىڭمۇ؟ دېدى، ئۇكىشى: مەن مەجنۇن ساراڭ ئەمەس دېدى.(يەنى مەن جىن چېپىلغان مەجنۇن ئەمەس ئۇنداق بولغانىكەن جىن شەيتاندىن پاناھ تىلىمەيمەن دېدى. مۇشۇنىڭ ئۆزىلا ئەدەپسىزلىك، غەزەپ قىلغانلىق

ئىدى.) ئەھمەد، بەيھەقى، بۇخارى، مۇسلىم، تىرمىزى، ئەبۇ داۋۇدلار توپلىغان، سەھىھ، ئاچچىغىڭلار كەلسە، بۇ سۆزنى دەڭلار، تاھارەت ئېلىپ، ناماز ئوقۇڭلار، ئاللاھ ئاسان قىلار.

### 1187 ـ باب خلق الإنسان خلقاً لا يتمالك

6596 ـ حدّثنا أَبُو بَكْرِ بْنُ أَبِي شَيْبَةَ. حَدّثنا يُونُسُ بْنُ مُحَمّدٍ عَنْ حَمّادِ بْنِ سَلَمَةَ، عَنْ ثَابِتٍ، عَنْ أَنَسٍ أَنّ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم قَالَ: «لَمّا صَوّرَ اللّهُ آدَمَ فِي الْجَنّةِ تَرَكَهُ مَا شَاءَ اللّهُ أَنْ يَتْرُكَهُ. فَجَعَلَ إِبْلِيسُ يُطِيفُ بِهِ. يَنْظُرُ مَا هُوَ. فَلَمّا رَآهُ أَجْوَفَ عَرَفَ أَنّهُ خُلِقَ خَلْقاً لاَ يَتَمَالَكُ».

6597 ـ حدّثنا أَبُو بَكْرِ بْنُ نَافِعٍ. حَدّثنا بَهْزٌ. حَدّثنا حَمّادٌ. بِهَذَا الأَسْنَادِ، نَحْوَهُ.

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاللاھتائالا جەننەتتە ئادەم ئاتىمىزنىڭ سۈرىتىنى سىزىپ، ھەيكىلىنى ياساپ، ئۆزى خالىغان مۇددەتكىچە قالدۇرۇپ قويىدى، ئىبلىس ـ شەيتان، ئادەمنى زىيارەت قىلىپ كۆرۈپ، ئادەمنىڭ ئىچى كاۋاك، بوش ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ، ھەقىقەتەن ئادەمنىڭ ئۆزىگە ئىگە بولالمايدىغان ئاجىز بىرمەخلۇق سۈپىتىدە يارىتىلغان مەخلۇق ئىكەنلىكىنى تونۇپ يەتكەن ئىدى. ئەھمەد، مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.

### 1188 ـ باب النهي عن ضرب الوجه  يۈزگە ئۇرۇشتىن مەنئى قىلىش

6598 ـ6599 ـ حدّثنا عَبْدُ اللّهِ بْنُ مَسْلَمَةَ بْنِ قَعْنَبٍ. حَدّثنا الْمُغِيرَةُ (يَعْنِي الْحِزَامِيّ) عَنْ أَبِي الزّنَادِ، عَنِ الأَعْرَجِ، عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ، قَالَ: قَالَ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: «إِذَا قَاتَلَ أَحَدُكُمْ أَخَاهُ، فَلْيَجْتَنِبِ الْوَجْهَ».

حدّثناه عَمْرٌو النّاقِدُ وَ زُهَيْرُ بْنُ حَرْبٍ. قَالاَ: حَدّثنا سُفْيَانُ بْنُ عُيَيْنَةَ عَنْ أَبِي الزّنَادِ، بِهَذَا الأَسْنَادِ. وَقَالَ: «إِذَا ضَرَبَ أَحَدُكُمْ».

6600 ـ حدّثنا شَيْبَانُ بْنُ فَرّوخَ. حَدّثنا أَبُو عَوَانَةَ عَنْ سُهَيْلٍ، عَنْ أَبِيهِ عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ، عَنِ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم قَالَ: «إِذَا قَاتَلَ أَحَدُكُمْ أَخَاهُ، فَلْيَتّقِ الْوَجْهَ».

ئەبۇ سەئىد ئەبۇھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بىرىڭلار قېرىندىشى بىلەن ئۇرۇشۇپ قالسا، ئۇنىڭ يۈزىگە ئۇرۇشتىن ھەزەر قىلسۇن، ئەھمەد توپلىغان، سەھىھ.

6601 ـ حدّثنا عُبَيْدُ اللّهِ بْنُ مُعَاذٍ الْعَنْبَرِيّ. حَدّثنا أَبِي. حَدّثنا شُعْبَةُ عَنْ قَتَادَةَ. سَمِعَ أَبَا أَيّوبَ يُحَدّثُ عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ قَالَ: قَالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: «إِذَا قَاتَلَ أَحَدُكُمْ أَخَاهُ، فَلاَ يَلْطِمَنّ الْوَجْهَ».

ئەبۇھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بىرىڭلار قېرىندىشى بىلەن ئۇرۇشۇپ قالسا، ئۇنىڭ يۈزىگە قۇشت، شاپىلاق تەستەك بىلەن ئۇرمىسۇن.

6602 ـ حدّثنا نَصْرُ بْنُ عَلِيَ الْجَهْضَمِيّ. حَدّثنِي أَبِي. حَدّثنا الْمُثَنّى. ح وَحَدّثنِي مُحَمّدُ بْنُ حَاتِمٍ. حَدّثنا عَبْدُ الرّحْمَنِ بْنُ مَهْدِيَ عَنِ الْمُثَنّى بْنِ سَعِيدٍ، عَنْ قَتَادَةَ، عَنْ أَبِي أَيّوبَ، عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ، قَالَ: قَالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم. وَفِي حَدِيثِ ابْنِ حَاتِمٍ عَنِ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم قَالَ: «إِذَا قَاتَلَ أَحَدُكُمْ أَخَاهُ، فَلْيَجْتَنِبِ الْوَجْهَ. فَإِنّ اللّهَ خَلَقَ آدَمَ عَلَى صُورَتِهِ».

6603 ـ حدّثنا مُحَمّدُ بْنُ الْمُثَنّى. حَدّثنِي عَبْدُ الصّمَدِ. حَدّثنا هَمّامٌ. حَدّثنا قَتَادَةُ عَنْ يَحْيَى بْنِ مَالِكٍ الْمَرَاغِيّ (وَهُوَ أَبُو أَيّوبَ)، عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ أَنّ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم قَالَ: «إِذَا قَاتَلَ أَحَدُكُمْ أَخَاهُ، فَلْيَجْتَنِبِ الْوَجْهَ».

ئەبۇ سەئىد ،ئەبۇھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ م دىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بىرىڭلار قېرىندىشى بىلەن ئۇرۇشۇپ قالسا، ئۇنىڭ يۈزىگە ئۇرۇشتىن ھەزەر قىلسۇن، چۈنكى الله تائالا ئادەم

ئاتىنى ئۆزى تەرەپتىن بولغان ئالاھىدە گۈزەل سۈرەتتە ياراتقاندۇر. (ياكى بىرىڭلار ئۇرماقچى بولغان شۇكىشىنىڭ سۈرىتىدە ياراتقاندۇر، ياكى ئادەمنىڭ ئۆزىنىڭ گۈزەل سۈرىتىدە ياراتقاندۇر)بۇخارى،مۇسلىم،ئەھمەد توپلىغان. سەھىھ. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بىرىڭلار خادىمىنى، قۇلىنى ئۇرسا، ئۇنىڭ يۈزىدىن ھەزەر قىلسۇن، ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، ھەسەن. باشقا سەھىھ ھەدىسلەردە يۈزىگە ئۇرۇش قاتتىق مەنئىي قىلىنىدۇ،جازادىمۇ شۇنداق، شۇنىڭ ئۈچۈن، بوكس، بوكستا مۇشىلىشىش دۇرۇس ئەمەس.

### 1189 ـ باب الوعيد الشديد لمن عذّب الناس بغير حق

6604 ـ حدّثنا أَبُو بَكْرِ بْنُ أَبِي شَيْبَةَ. حَدّثنا حَفْصُ بْنُ غِيَاثٍ عَنْ هِشَامِ بْنِ عُرْوَةَ، عَنْ أَبِيهِ، عَنْ هِشَامِ بْنِ حَكِيمِ بْنِ حِزَامٍ. قَالَ: مَرّ بِالشّامِ عَلَىَ أُنَاسٍ، وَقَدْ أُقِيمُوا فِي الشّمْسِ، وَصُبّ عَلَىَ رُؤُوسِهِمُ الزّيْتُ. فَقَالَ مَا هَذَا؟ قِيلَ: يُعَذّبُونَ فِي الْخَرَاجِ. فَقَالَ: أَمَا إِنّي سَمِعْتُ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم يَقُولُ: «إِنّ اللّهَ يُعَذّبُ الّذِينَ يُعَذّبُونَ فِي الدّنْيَا».

6605 ـ حدّثنا أَبُو كُرَيْبٍ. حَدّثنا أَبُو أُسَامَةَ عَنْ هِشَامٍ، عَنْ أَبِيهِ، قَالَ: مَرّ هِشَامُ بْنُ حَكِيمِ بْنِ حِزَامٍ عَلَىَ أُنَاسٍ مِنَ الأَنْبَاطِ بِالشّامِ. قَدْ أُقِيمُوا فِي الشّمْسِ. فَقَالَ: مَا شَأْنُهُمْ؟ قَالُوا: حُبِسُوا فِي الْجِزْيَةِ. فَقَالَ هِشَامٌ: أَشْهَدُ لَسَمِعْتُ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم يَقُولُ: «إِنّ اللّهَ يُعَذّبُ الّذِي يُعَذّبُونَ النّاسَ فِي الدّنْيَا».

6606 ـ حدّثنا أَبُو كُرَيْبٍ. حَدّثنا وَكِيعٌ وَ أَبُو مُعَاوِيَةَ. ح وَحَدّثنا إِسْحَقُ بْنُ إِبْرَاهِيمَ. أَخْبَرَنَا جَرِيرٌ. كُلّهُمْ عَنْ هِشَامٍ، بِهَذَا الأَسْنَادِ. وَزَادَ فِي حَدِيثِ جَرِيرٍ، قَالَ: وَأَمِيرُهُمْ يَوْمَئِذٍ عُمَيْرُ بْنُ سَعْدٍ عَلَىَ فِلَسْطِينَ. فَدَخَلَ عَلَيْهِ فَحَدّثَهُ. فَأَمَرَ بِهِمْ فَخُلّوا.

ئىياز ئىبنى غەنەم ، ھىشام ئىبنى ھەكىيم رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمدىن، ئۇ شامدا نىبتىيلەردىن بولغان بىرتۈركۈم كىشىلەرنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ قالىدۇ، ئۇلار ئاپتاپتا تۇرغۇزۇلۇپ، باشلىرىغا قىزىتىلغان ياغ قۇيىلىۋېتىپتۇ، ئۇ؛ بۇ نېمە ئىش؟ دېسە، ئۇلار؛ بۇكىشىلەر دۆلەت تەرىپىدىن بەلگىلەنگەن خىراج باجنى بەرمىگەنلىكى ئۈچۈن ئازاپلىنىۋاتىدۇ دېدى، ئاندىن ھىشام ؛ گۇۋاھلىق بىرىمەنكى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەققەتەن ئاللاھتائالا قىيامەت كۈنى بۇ دۇنيادا كىشىلەرنى ئازابلىغانلارنى ئازابلايدۇ، دېدى. ئەھمەد، مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ، بۇ ھەدىس ئام بولۇپ، ھەرقانداق ئازابتا ئازابلىسا، قىيامەت كۈنى ئازاپلىغۇچىلار ئازابلىنىدۇ، ھەتتا، مۇھەببەت ئازابىمۇ شۇنداق بولىدۇ.

6607 ـ حدّثني أَبُو الطّاهِرِ. أَخْبَرَنَا ابْنُ وَهْبٍ. أَخْبَرَنِي يُونُسُ عَنِ ابْنِ شِهَابٍ، عَنْ عُرْوَةَ بْنِ الزّبَيْرِ أَنّ هِشَامَ بْنَ حَكِيمٍ وجَدَ رَجُلاً، وَهُوَ عَلَىَ حِمْصَ، يُشَمّسُ نَاساً مِنَ النّبَطِ فِي أَدَاءِ الْجِزْيَةِ. فَقَالَ: مَا هَذَا؟ إِنّي سَمِعْتُ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم يَقُولُ: «إِنّ اللّهَ يُعَذّبُ الّذِينَ يُعَذّبُونَ النّاسَ فِي الدّنْيَا».

ھىشام ئىبنى ھەكىيم ، ئىياز ئىبنى غەنەم رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەققەتەن ئاللاھتائالا قىيامەت كۈنى بۇ دۇنيادا كىشىلەرنى ئازابلىغانلارنى ئازابلايدۇ، ئەھمەد، مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ،

### 1190 ـ باب أمر من مرّ بسلاح، في مسجد أو سوق أو غيرهما من المواضع الجامعة للناس، أن يمسك بنصالها

**مەسجىد، بازارلاردىن ئۆتكەندە ئوقنىڭ تىغ ئۇچىدىن تۇتۇۋېلىش، قۇرالنىڭ ئۇچىنى ئاسمانغا قارىتىپ تۇتۇش**

6608 ـ حدّثنا أَبُو بَكْرِ بْنُ أَبِي شَيْبَةَ وَ إِسْحَقُ بْنُ إِبْرَاهِيمَ (قَالَ إِسْحَقُ: أَخْبَرَنَا وَقَالَ أَبُو بَكْرٍ: حَدّثَنَا) سُفْيَانُ بْنُ عُيَيْنَةَ عَنْ عَمْرٍو سَمِعَ جَابِراً يَقُولُ: مَرّ رَجُلٌ فِي الْمَسْجِدِ بِسِهَامٍ. فَقَالَ لَهُ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: «أَمْسِكْ بِنِصَالِهَا».
6609 ـ حدّثنا يَحْيَى بْنُ يَحْيَىَ وَ أَبُو الرّبِيعِ (قَالَ أَبُو الرّبِيعِ: حَدّثَنَا. وَقَالَ يَحْيَىَ: ـــ وَاللّفْظُ لَهُ ـــ أَخْبَرَنَا) حَمّادُ بْنُ زَيْدٍ عَنْ عَمْرِو بْنِ دِينَارٍ، عَنْ جَابِرِ بْنِ عَبْدِ اللّهِ أَنّ رَجُلاً مَرّ بِأَسْهُمٍ فِي الْمَسْجِدِ. قَدْ أَبْدَىَ نُصُولَهَا. فَأُمِرَ أَنْ يَأْخُذَ بِنُصُولِهَا، كَيْ لاَ يَخْدِشَ مُسْلِماً.
6610 ـ حدّثنا قُتَيْبَةُ بْنُ سَعِيدٍ. حَدّثَنَا لَيْثٌ. ح وحَدّثَنَا مُحَمّدُ بْنُ رُمْحٍ. أَخْبَرَنَا اللّيْثُ عَنْ أَبِي الزّبَيْرِ، عَنْ جَابِرٍ، عَنْ رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم أَنّهُ أَمَرَ رَجُلاً، كَانَ يَتَصَدّقُ بِالنّبْلِ فِي الْمَسْجِدِ، أَنْ لاَ يَمُرّ بِهَا إِلاّ وَهُوَ آخِذٌ بِنُصُولِهَا. وَقَالَ ابْنُ رُمْحٍ: كَانَ يَصّدّقُ بِالنّبْلِ.

جابىر، ئەبۇ مۇسۇ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مەسجىدتىن ئوقيا بىلەن ئۆتكەن كىشىنى ھەتتا مەسجىدتە كىشلەرگە ئوقيا سەدىقە قىلىدىغان كىشىنى «ئۇنىڭ تىغ ئۇچىدىن تۇتىۋال) دەپ، مۇسۇلمانىنى جاراھەتلەندۈرمەسلىك ئۈچۈن ئوقنىڭ تىغ ئۇچىدىن تۇتۇۋېلىشقا بۇيرىغان ئىدى.

6611 ـ حدّثنا هَدّابُ بْنُ خَالِدٍ. حَدّثَنَا حَمّادُ بْنُ سَلَمَةَ عَنْ ثَابِتٍ، عَنْ أَبِي بُرْدَةَ، عَنْ أَبِي مُوسَىَ أَنّ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم قَالَ: «إِذَا مَرّ أَحَدُكُمْ فِي مَجْلِسٍ أَوْ سُوقٍ، وَبِيَدِهِ نَبْلٌ، فَلْيَأْخُذْ بِنِصَالِهَا. ثُمّ لِيَأْخُذْ بِنِصَالِهَا. ثُمّ لِيَأْخُذْ بِنِصَالِهَا».
قَالَ: فَقَالَ أَبُو مُوسَىَ: وَاللّهِ مَا مُتْنَا حَتّىَ سَدّدْنَاهَا، بَعْضُنَا فِي وُجُوهِ بَعْضٍ.
6612 ـ حدّثنا عَبْدُ اللّهِ بْنُ بَرّادٍ الأَشْعَرِيّ وَ مُحَمّدُ بْنُ الْعَلاَءِ (وَاللّفْظُ لِعَبْدِ اللّهِ). قَالاَ: حَدّثَنَا أَبُو أُسَامَةَ عَنْ بُرَيْدٍ، عَنْ أَبِي بُرْدَةَ، عَنْ أَبِي مُوسَىَ، عَنِ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم قَالَ: «إِذَا مَرّ أَحَدُكُمْ فِي مَسْجِدِنَا، أَوْ فِي سُوقِنَا، وَمَعَهُ نَبْلٌ، فَلْيُمْسِكْ عَلَىَ نِصَالِهَا بِكَفّهِ. أَنْ يُصِيبَ أَحَداً مِنَ الْمُسْلِمِينَ مِنْهَا بِشَيْءٍ». أَوْ قَالَ: «لِيَقْبِضْ عَلَىَ نِصَالِهَا».

ئەبۇ مۇسۇ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: بىرىڭلار، مەسجىدىمىزدىن ، بازارلىرىمىزدىن ئۆتۈپ قالسا، ئۇنىڭ بىلەن ئوقيا بولسا، ئۇنىڭدىن مۇسۇلمانلارغا مۇسىيبەت يەتمەسلىكى ئۈچۈن ئوقياسىنىڭ ئۈچىنى قولى بىلەن تۇتىۋالسۇن، مۇسۇلمان كىشىنى جاراھەتلەندۈرمىسۇن، بەيھەقى، بۇخارى،مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ماجەلەر توپلىغان، سەھىھ،

## *1191 ـ باب النهي عن الإشارة بالسلاح إلى مسلم*

6613 ـ6614 ـ حدّثني عَمْرٌو النّاقِدُ وَ ابْنُ أَبِي عُمَرَ. قَالَ عَمْرٌو: حَدّثَنَا سُفْيَانُ بْنُ عُيَيْنَةَ. عَنْ أَيّوبَ، عَنِ ابْنِ سِيرِينَ. سَمِعْتُ أَبَا هُرَيْرَةَ يَقُولُ: قَالَ أَبُو الْقَاسِمِ صلى الله عليه وسلم: «مَنْ أَشَارَ إِلَىَ أَخِيهِ بِحَدِيدَةٍ، فَإِنّ الْمَلاَئِكَةَ تَلْعَنُهُ. حَتّىَ وَإِنْ كَانَ أَخَاهُ لأَبِيهِ وَأُمّهِ».حدّثنا أَبُو بَكْرِ بْنُ أَبِي شَيْبَةَ. حَدّثَنَا يَزِيدُ بْنُ هَرُونَ عَنِ ابْنِ عَوْنٍ، عَنْ مُحَمّدٍ، عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ، عَنِ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم. بِمِثْلِهِ.

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: كىم ئۆزىنىڭ قېرىندىشىغا تەھدىد سېلىپ، تۆمۈر تىغ بىلەن ئىشارەت قىلسا، تەھدىد سېلىنغان، ئىشارەت قىلىنغان كىشى گەرچە بىر دادا بىر ئانىدىن بولغان قېرىندىشى بولسىمۇ، ھەققەتەن پەرىشتىلەر ئىشارەت قىلغۇچىغا قۇرالنى قويغانغا قەدەر لەنەت قىلىدۇ.بۇخارى، مۇسلىم، تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.

6615 ـ حدّثنا مُحَمّدُ بْنُ رَافِعٍ. حَدّثَنَا عَبْدُ الرّزّاقِ. أَخْبَرَنَا مَعْمَرٌ عَنْ هَمّامِ بْنِ مُنَبّهٍ قَالَ: هَذَا مَا حَدّثَنَا أَبُو هُرَيْرَةَ عَنْ رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم. فَذَكَرَ أَحَادِيثَ مِنْهَا: وَقَالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم «لاَ يُشِيرُ أَحَدُكُمْ إِلَىَ أَخِيهِ بِالسّلاَحِ. فَإِنّهُ لاَ يَدْرِي أَحَدُكُمْ لَعَلّ الشّيْطَانَ يَنْزِعُ فِي يَدِهِ. فَيَقَعُ فِي حُفْرَةٍ مِنَ النّارِ».

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: بىرىڭلار قېرىندىشىغا قۇرال بىلەن ئىشارەت قىلمىسۇن، ھەققەتەن ئۇ بىلمەي قالىدۇ، شەيتان قۇرالنى ئۇنىڭ قولىدىن

ئېلىۋېلىپ، ئاندىن ئۇنى دوۋزاخنىڭ گىرۋىكىگە، لىۋىگە ئاپىرىپ قويىدۇ، (ئەگەر قارشى تەرەپكە قۇرال تېگىپ ئۆلسە،ئۇقاتىل دوۋزاخقا كىرىدۇ). ئەھمەد، بۇخارى،مۇسلىم، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.

## 1192 ـ باب فضل إزالة الأذى عن الطريق مۇسۇلمانلار يولىدىن ئەزىيەتلەرنى ئازلىۋېتىش

**6616 ـ حدّثنا يَحْيَى بْنُ يَحْيَى. قالَ: قَرَأْتُ عَلَى مَالِكٍ عَنْ سُمَيَ، مَوْلَى أَبِي بَكْرٍ، عَنْ أَبِي صَالِحٍ، عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ أَنّ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم قالَ: «بَيْنَمَا رَجُلٌ يَمْشِي بِطَرِيقٍ، وَجَدَ غُصْنَ شَوْكٍ عَلَى الطّرِيقِ، فَأَخّرَهُ. فَشَكَرَ اللّهُ لَهُ، فَغَفَرَ لَهُ».**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: بىر چاغدا بىر كىشى يولدا كېتىۋېتىپ، يول ئۈستىدە تىكەنلىك بىر شاخنى ئۇچرىتىپ ئۇنى زىيان سالالمىغىدەك جايغا سۆرىۋەتتى، شۇنىڭ بىلەن ئاللاھ ئۇ كىشىدىن رازى بولۇپ، ئۇ كىشى ئۈچۈن مەغپىرەت قىلدى، مالىك، ئەھمەد، بەيھەقى، نەسەئى، ھەتتا بۇخارى، مۇسلىمدىمۇ بار بولۇپ، سەھىھ.

**6617 ـ حدّثني زُهَيْرُ بْنُ حَرْبٍ. حَدّثَنَا جَرِيرٌ عَنْ سُهَيْلٍ، عَنْ أَبِيهِ، عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ. قالَ: قالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: «مَرّ رَجُلٌ بِغُصْنِ شَجَرَةٍ عَلَى ظَهْرِ طَرِيقٍ. فَقَالَ: وَاللّهِ لأُنَحّيَنّ هَـٰذَا عَنِ الْمُسْلِمِينَ لاَ يُؤْذِيهِمْ. فَأُدْخِلَ الْجَنّةَ».**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: بىر كىشى يول ئۈستىدىكى بىر تۈپ دەرەخنىڭ شېخىنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ، ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، مەن بۇ شاخنى مۇسۇلمانلارنىڭ يولىدىن يىراق قىلىمەن، بۇ شاخ ئۇلارغا زەرەر يەتكۈزمىسۇن دەپ، ئۇنى يىراق قىلىپ، كۆزدىن يوقىتىدۇ، شۇ سەۋەبلىك ئۇ مەغپىرەت قىلىنىپ، جەننەتكە كىرگۈزىلىدۇ. ئەھمەد، بۇخارى، مۇسلىم سەھىھ.

**6618 ـ حدّثناه أَبُو بَكْرِ بْنُ أَبِي شَيْبَةَ. حَدّثَنَا عُبَيْدُ اللّهِ. حَدّثَنَا شَيْبَانُ عَنِ الأَعْمَشِ، عَنْ أَبِي صَالِحٍ، عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ، عَنِ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم قالَ: «لَقَدْ رَأَيْتُ رَجُلاً يَتَقَلّبُ فِي الْجَنّةِ، فِي شَجَرَةٍ قَطَعَهَا مِنْ ظَهْرِ الطّرِيقِ. كَانَتْ تُؤْذِي النّاسَ».**

**6619 ـ حدّثني مُحَمّدُ بْنُ حَاتِمٍ. حَدّثَنَا بَهْزٌ. حَدّثَنَا حَمّادُ بْنُ سَلَمَةَ عَنْ ثَابِتٍ، عَنْ أَبِي رَافِعٍ، عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ أَنّ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم قالَ: «إِنّ شَجَرَةً كَانَتْ تُؤْذِي الْمُسْلِمِينَ، فَجَاءَ رَجُلٌ فَقَطَعَهَا. فَدَخَلَ الْجَنّةَ».**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ھەقىقەتەن بىر كىشىنىڭ، يول ئۈستىدىكى كىشىلەرگە ئازار بېرىدىغان، ئەزىيەت يەتكۈزىدىغان بىر تۈپ دەرەخنى كېسىۋېتىپ، ياخشىلىق قىلغانلىقى سەۋەبىدىن جەننەتتە ئۇياقتىن ــ بۇياققا يۆتكىلىپ يۈرگىنىنى كۆردۇم.

**6620 ـ حدّثني زُهَيْرُ بْنُ حَرْبٍ. حَدّثَنَا يَحْيَى بْنُ سَعِيدٍ عَنْ أَبَانَ بْنِ صَمعَةَ. حَدّثَنِي أَبُو الوَازِعِ. حَدّثَنِي أَبُو بَرْزَةَ. قالَ: قُلْتُ: يَا نَبِيّ اللّهِ عَلّمْنِي شَيْئاً أَنْتَفِعُ بِهِ. قالَ «اعْزِلِ الأَذَى عَنْ طَرِيقِ الْمُسْلِمِينَ».**

**6621 ـ حدّثنا يَحْيَى بْنُ يَحْيَى. أَخْبَرَنَا أَبُو بَكْرِ بْنُ شُعَيْبِ بْنِ الْحَبْحَابِ عَنْ أَبِي الْوَازِعِ الرّاسِبِيّ، عَنْ أَبِي بَرْزَةَ الأَسْلَمِيّ أَنّ أَبَا بَرْزَةَ، قالَ: قُلْتُ لِرَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: يَا رَسُولَ اللّهِ إِنّي لاَ أَدْرِي. لَعَسَى أَنْ تَمْضِيَ وَأَبْقَى بَعْدَكَ. فَزَوّدْنِي شَيْئاً يَنْفَعُنِي اللّهُ بِهِ. فَقَالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: «افْعَلْ كَذَا. افْعَلْ كَذَا (أَبُو بَكْرٍ نَسِيَهُ) وَأَمِرّ الأَذَى عَنِ الطّرِيقِ».**

ئەبۇ بەرزەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، مەن؛ئى الله نىڭ ئەلچىسى!ماڭا كىشلەرگىمۇ پايدا يەتكۈزدىغان، ئۇزۇممۇ مەنپەئەتلىنىدىغان بىرئىشنى ئۈگىتىپ قويسىلا دىسەم،رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم نۇرغۇن ئىشلارنى

قىلغىن دەپ كىلىپ  مۇنداق دىگەن: مۇسۇلمانلار يولدىن ئەزىيەتنى يوقاتقىن «بۇ كىچىك ــ چوڭ بارلىق ئەزىيەتنى يوق قىلىشنى تەلەپ قىلىدۇ، شۇنداقلا بارلىق يوللاردىن» مۇسلىم، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

**1193 ـ باب تحريم تعذيب الهرة ونحوها، من الحيوان الذي لا يؤذي**

**6622 ـ حدّثني  عَبْدُ اللّهِ بْنُ مُحَمّدِ بْنِ أَسْمَاءَ بْنِ عُبَيْدٍ الضّبَعِيّ. حَدّثَنَا  جُوَيْرِيَةُ (يَعْنِي ابْنَ أَسْمَاءَ) عَنْ  نَافِعٍ، عَنْ  عَبْدِ اللّهِ أَنّ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم قَالَ: «عُذّبَتِ امْرَأَةٌ فِي هِرّةٍ. سَجَنَتْهَا حَتّىَ مَاتَتْ. فَدَخَلَتْ فِيهَا النّارَ. لاَ هِيَ أَطْعَمَتْهَا وَسَقَتْهَا، إِذْ هِيَ حَبَسَتْهَا. وَلاَ هِيَ تَرَكَتْهَا تَأْكُلُ مِنْ خَشَاشِ الأَرْضِ».**

**6623 ـ حدّثني هَرُونُ بْنُ عَبْدِ اللّهِ وَ عَبْدُ اللّهِ بْنُ جَعْفَرِ بْنِ يَحْيَى بْنِ خَالِدٍ. جَمِيعاً عَنْ مَعَنِ بْنِ عِيسَىَ، عَنْ مَالِكِ بْنِ أَنَسٍ، عَنْ نَافِعٍ، عَنِ ابْنِ عُمَرَ، عَنِ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم. بِمَعْنَى حَدِيثِ جُوَيْرِيَةَ.**

ئىبنى ئۆمەر، ئەبۇ ھۈرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: بىر ئايال مۈشۈك تۇغرىسىدا ئۇنى ئاچ قىلىپ ئۆلگەنگە قەدەر سولاپ قويۇپ، دوۋزاختا ئازابلاندى، دوۋزاخقا كىرىپ كەتتى، ئاللاھ ئۇ ئايالغا مۇنداق دىدى، سەن ئۇ مۈشۈككە تائام بەرمىدىڭ، ئۇنى سولاپ قويۇپ، سۇغۇرۇپمۇ قويمىدىڭ، ئۇنى ھەم قويۇپ بەرمىدىڭ، قويىۋەتكەن بولساڭ، ئۇ مۈشۈك زىمىننىڭ ئوت ــ چۆپلىرىنىمۇ بولسا يىگەن بولاتتى، ئەھمەد، بەيھەقى، دارىقۇتنى توپلىغان، سەھىھ.

**6624 ـ6625 ـ وحَدّثَنِيهِ  نَصْرُ بْنُ عَلِيَ الْجَهْضَمِيّ. حَدّثَنَا عَبْدُ الأَعْلَىَ عَنْ عُبَيْدِ اللّهِ بْنِ عُمَرَ، عَنْ نَافِعٍ، عَنِ ابْنِ عُمَرَ. قَالَ: قَالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: «عُذّبَتِ امْرَأَةٌ فِي هِرّةٍ أَوْثَقَتْهَا. فَلَمْ تُطْعِمْهَا وَلَمْ تَسْقِهَا. وَلَمْ تَدَعْهَا تَأْكُلُ مِنْ خَشَاشِ الأَرْضِ».**
**حدّثنا نَصْرُ بْنُ عَلِيَ الْجَهْضَمِيّ. حَدّثَنَا عَبْدُ الأَعْلَىَ عَنْ عُبَيْدِ اللّهِ عَنْ سَعِيدٍ الْمَقْبُرِيّ، عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ، عَنِ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم. بِمِثْلِهِ.**

ئىبنى ئۆمەر، ئەبۇ ھۈرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: بىر ئايال مۈشۈك تۇغرىسىدا، ئۇنى ئاچ قىلىپ ئۆلگەنگە قەدەر سولاپ قويۇپ، دوۋزاختا ئازابلاندى، (دوۋزاخقا كىرىپ كەتتى، ئاللاھ ئۇ ئايالغا مۇنداق دىدى ؛) سەن ئۇ مۈشۈككە تائام بەرمىدىڭ، ئۇنى سولاپ قويۇپ، سۇغۇرۇپمۇ قويمىد ۇڭ، ئۇنى ھەم قويۇپ بەرمىدىڭ، قويىۋەتكەن بولساڭ، ئۇ مۈشۈك زىمىننىڭ ئوت ــ چۆپلىرىنى ، چاشقاندەك ئۇزۇقنى يىگەن بولاتتى، ئەھمەد، بەيھەقى، بۇخارى، مۇسلىم ،دارىقۇتنى توپلىغان، سەھىھ.

**6626 ـ  حدّثنا مُحَمّدُ بْنُ رَافِعٍ. حَدّثَنَا عَبْدُ الرّزّاقِ. حَدّثَنَا مَعْمَرٌ عَنْ هَمّامِ بْنِ مُنَبّهٍ قَالَ: هَذَا مَا حَدّثَنَا  أَبُو هُرَيْرَةَ عَنْ رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم. فَذَكَرَ أَحَادِيثَ مِنْهَا: وَقَالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم«دَخَلَتِ امْرَأَةٌ النّارَ مِنْ جَرّاءِ هِرّةٍ لَهَا، أَوْ هِرَ. رَبَطَتْهَا فَلاَ هِيَ أَطْعَمَتْهَا. وَلاَ هِيَ أَرْسَلَتْهَا تُرَمْرِمُ مِنْ خَشَاشِ الأَرْضِ. حَتّىَ مَاتَتْ هَزْلاً».**

ئەبۇ ھۈرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: بىر ئايال مۈشۈك سەۋەبىدىن دوۋزاخقا كىرىپ كەتتى، بۇ ئايال مۈشۈكنى تاكى مۈشۈك ئۇرۇقلاپ ئۆلگەنگە قەدەر تائام بەرمەي يا قويۇپ بەرمەي باغلاپ قويدى، قويۇپ بەرگەن بولسا، مۈشۈك زىمىننىڭ ئوت ــ چۆپلىرىنىمۇ بولسا يىگەن بولاتتى، ئەھمەد، بەيھەقى، بۇخارى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

## 1194 - باب تحريم الكبر  كىبىرنىڭ ھاراملىقى

**6627 - حدّثنا أحْمَدُ بْنُ يُوسُفَ الأَزْدِيّ. حَدّثنَا عُمَرُ بْنُ حَفْص بْن غِيَاثٍ. حَدّثنَا أَبي. حَدّثنَا الأَعْمَشُ. حَدّثنَا أَبُو إِسْحَقَ عَنْ أَبي مُسْلِمِ الأَغَرّ أَنّهُ حَدّثَهُ عَنْ أَبي سَعِيدٍ الْخُدْرِيّ وَ أَبي هُرَيْرَةَ قَالاَ: قَالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: «الْعِزّ إِزَارُهُ. وَالْكِبْرِيَاءُ رِدَاؤُهُ. فَمَنْ يُنَازِعُنِي عَذّبْتُهُ».**

ئەبۇ ھۇرەيرە، ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملاردىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاللاھتائالا مۇنداق دەيدۇ: كىبىر، چوڭچىلىق، كاتتىلىق مېنىڭ رىدايىم، ئىززەت، ئۇلۇغلۇق مېنىڭ ئىزارىم، كىم مەندىن بۇ ئىككىسىنىڭ بىرنى تالاشسا، مەن ئۇنى دوۋزاخقا تاشلايمەن، ئەھمەد،مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ماجە تويلىغان، سەھىھ.  ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن ئاللاھتائالا مۇنداق دەيدۇ: ھەقىقەتەن ئىززەت مېنىڭ ئىشتان ــ كۆڭلىكىم، كىبرى چوڭچىلىق مېنىڭ رىدايىم، كىم مەندىن بۇ ئىككى نەرسىنى تالىشىدىكەن، (يەنى كىبىر قىلىدىكەن، ئىززەت ماڭا خاس دەيدىكەن) مەن ئۇنى ئازابلايمەن،سەمۋيە، بۇ ھەدىس ئەۋسەتتە بار، ئەلبانى سەھىھ دېگەن.

## 1195 - باب باب النهي عن تقنيط الإنسان من رحمة الله تعالى  الله نىڭ رەھمىتىدىن ئۈمۈتسىزلەندۈرمەسلىك

**6628 - حدّثنا سُوَيْدُ بْنُ سَعِيدٍ عَنْ مُعْتَمِرِ بْنِ سُلَيْمَانَ، عَنْ أَبِيهِ. حَدّثنَا أَبُو عِمْرَانَ الْجَوْنِيّ عَنْ جُنْدَبٍ أَنّ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم حَدّثَ: «أَنّ رَجُلاً قَالَ: وَاللّهِ لاَ يَغْفِرُ اللّهُ لِفُلاَنٍ. وَإِنّ اللّهَ تَعَالَىَ قَالَ: مَنْ ذَا الّذِي يَتَأَلّى عَلَيّ أَنْ لاَ أَغْفِرَ لِفُلاَنٍ. فَإِنّي قَدْ غَفَرْتُ لِفُلاَنٍ. وَأَحْبَطْتُ عَمَلَكَ» أَوْ كَمَا قَالَ.**

جۇندۇبىلبجلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن بىر كىشى ؛ ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، ئاللاھتائالا پالانىغا ھەرگىز مەغپىرەت قىلمايدۇ دېگەن ئىدى، ئاللاھ مۇنداق دېدى: پالانىغا مەغپىرەت قىلماسلىقىمغا مەن بىلەن ماڭا قەسەم قىلغان كىمكەن ئۇ؟ ھەقىقەتەن مەن شۇ پالانى ئۈچۈن مەغپىرەت قىلدىم، قەسەم قىلغان سېنىڭ بارلىق ئەمەللىرىڭنى كۆيدۈرۈۋەتتىم، بىكار قىلدىم، (قېنى قانداق قىلالايسەن؟) مۇسلىم تويلىغان، سەھىھ. بۇ ھەدىسدىن خۇددى ھالال ــ ھارام قىلىش، ئاللاھنىڭ ئىلكىدە بولغاندەك، بارلىق نەرسىلەر  نى يارىتىش، ھۆكۈم قىلىش، ئاللاھقىلا خاس بولغاندەك، كەچۈرۈش، مەغپىرەت قىلىش، ئاللاھنىڭ ئىلكىدە، بۇ توغرىسىدا بەندە ــ بەندىگە ھۆكۈم قىلالمايدۇ، الله قادىردۇر.

## 1196 - باب فضل الضعفاء والخاملين

**6629 - حدّثني سُوَيْدُ بْنُ سَعِيدٍ. حَدّثَنِي حَفْصُ بْنُ مَيْسَرَةَ عَنِ الْعَلاَءِ بْنِ عَبْدِ الرّحْمَنِ، عَنْ أَبِيهِ، عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ أَنّ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم قَالَ: «رُبّ أَشْعَثَ مَدْفُوعٍ بِالأَبْوَابِ، لَوْ أَقْسَمَ عَلَى اللّهِ لأَبَرّهُ».**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كەمدىن ــ كەم بىر تۈركۈم كىشىلەر باركى،ئۇلار  چاچلىرى چۇۋۇق  توپا چاڭ باسقان،  ئىشىكلەردىن قوغلىنىدۇر، ئىتتىرىلىدۇ،

ئەگەر بۇ كىشى ئاللاھقا قەسەم قىلسا، ئاللاھ ئۇنىڭ دۇئاسىنى ئىجاۋەت قىلىپ، سورىغىنىنى بېرىپ، قەسىمىگە ۋاپا قىلدۇرىدۇ، ئەھمەد، مۇسلىم توپلىغان سەھىھ، ئەنە شۇنداق ئەۋلىيالار بۇ رەزىل دۇنيادا قارشى ئېلىنماي رەت قىلىنىدۇ.

### 1197 - باب النهي من قول: هلك الناس كىشىلەر ھالاك بولدى، ھالاك بولغاي دېمەسلىك توغرىسىدا

6630 - حدّثنا عَبْدُ اللّهِ بْنُ مَسْلَمَةَ بْنِ قعْنَبٍ. حَدّثَنَا حَمّادُ بْنُ سَلَمَةَ عَنْ سُهَيْلِ ابْنِ أَبي صَالِحٍ، عَنْ أَبيهِ، عَنْ أَبي هُرَيْرَةَ. قالَ: قالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم. ح وَحَدّثَنَا يَحْيَى بْنُ يَحْيَىَ قالَ: قَرَأْتُ عَلَىَ مَالِكٍ عَنْ سُهَيْلِ بْنِ أَبي صَالِحٍ، عَنْ أَبيهِ، عَنْ أَبي هُرَيْرَةَ أَنّ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم قالَ: «إِذَا قالَ الرّجُلُ: هَلَكَ النّاسُ، فَهُوَ أَهْلَكَهُمْ».
6631 - حدّثنا يَحْيَى بْنُ يَحْيَىَ. أَخْبَرَنَا يَزِيدُ بْنُ زُرَيْعٍ عَنْ رَوْحِ بْنِ الْقَاسِمِ. ح وَحَدّثَنِي أَحْمَدُ بْنُ عُثْمَانَ بْنِ حَكِيمٍ. حَدّثَنَا خَالِدُ بْنُ مَخْلَدٍ عَنْ سُلَيْمَانَ بْنِ بِلاَلٍ. جَمِيعاً عَنْ سُهَيْلٍ، بِهَـذَا الأَسْنَادِ، مِثْلَهُ.

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بىر كىشى ئىنسانلار ھالاك بولدى ياكى ھالاك بولغاي دېسە، ئۆزى بالدۇر ھالاك بولىدۇ، بۇ ھەدىسنى مۇسلىم، ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ، بۇھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى، بىرەر كىشى مۇسۇلمانلار تۈگەشتى دېسە، ئۆزى بالدۇر تۈگىشىدۇ، ھالاك بولىدۇ. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بىر كىشىنىڭ ئىنسانلار ھالاك بولدى،تۈگەشتى، ئىنسانلار ھالاك بولسۇن دېگىنىنى ئاڭلىساڭ، دەل شۇ كىشى بالدۇر ھالاك بولىدۇ، «چۈنكى ئۇمۇ ئىنسان»،مالىك، مۇسلىم، ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد، بۇخارى، ئەدەپتە توپلىغان.

### 1198 - باب الوصية بالجار والإحسان إليه

6632 - 6633 - حدّثنا قُتَيْبَةُ بْنُ سَعِيدٍ عَنْ مَالِكِ بْنِ أَنسٍ. ح وَحَدّثَنَا قُتَيْبَةُ وَ مُحَمّدُ بْنُ رُمْحٍ عَنِ اللّيْثِ بْنِ سَعْدٍ. ح وَحَدّثَنَا أَبُو بَكْرِ بْنُ أَبي شَيْبَةَ. حَدّثَنَا عَبْدَةُ وَ يَزِيدُ بْنُ هَرُونَ. كُلّهُمْ عَنْ يَحْيَى بْنِ سَعِيدٍ. ح وَحَدّثَنَا مُحَمّدُ بْنُ الْمُثَنّى (وَاللّفْظُ لَهُ). حَدّثَنَا عَبْدُ الْوَهّابِ (يَعْنِي الثّقَفِيّ). سَمِعْتُ يَحيى بْنَ سَعِيدٍ. أَخْبَرَنِي أَبُو بَكْرٍ (وَهُوَ ابْنُ مُحَمّدِ بْنِ عَمْرِو بْنِ حَزْمٍ) أَنّ عَمْرَةَ حَدّثَتْهُ أَنّهَا سَمِعَتْ عَائِشَةَ تَقُولُ: سَمِعْتُ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم يَقُولُ: «مَا زَالَ جِبْرِيلُ يُوصِينِي بِالْجَارِ حَتّىَ ظَنَنْتُ أَنّهُ لَيُوَرّثَنّهُ».
حدّثني عَمْرٌو النّاقِدُ. حَدّثَنَا عَبْدُ الْعَزِيزِ بْنُ أَبي حَازِمٍ. حَدّثَنِي هِشَامُ بْنُ عُرْوَةَ عَنْ أَبيهِ، عَنْ عَائِشَةَ، عَنِ النّبيّ صلى الله عليه وسلم. بِمِثْلِهِ.
6634 - حدّثني عُبَيْدُ اللّهِ بْنُ عُمَرَ الْقَوَارِيرِيّ. حَدّثَنَا يَزِيدُ بْنُ زُرَيْعٍ عَنْ عُمَرَ بْنِ مُحَمّدٍ، عَنْ أَبيهِ. قالَ: سَمِعْتُ ابْنَ عُمَرَ يَقُولُ: قالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم «مَا زَالَ جِبْرِيلُ يُوصِينِي بِالْجَارِ حَتّىَ ظَنَنْتُ أَنّهُ سَيُوَرّثُهُ».

ئائىشە،ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: جىبرىئىل ماڭا؛ خوشنىلارغا ياخشىلىق قىلىشنى كۆپ قېتىم ۋەسىيەت قىلىۋەرگەچكە، مەن ئۇنى خوشنىلارنىمۇ ئۆز خوشنىسىغا ۋارىس قىلىپ قويامدىكى دەپ گۇمان قىلىپ قالدىم. بۇخارى،مۇسلىم، ئەھمەد، بەيھەقى، ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى تۆت كىتاب توپلىغان، سەھىھ.

6635 - حدّثنا أَبُو كَامِلٍ الْجَحْدَرِيّ وَ إِسْحَقُ بْنُ إِبْرَاهِيمَ ــ وَاللّفْظُ لإِسْحَقَ ــ (قالَ: أَبُو كَامِلٍ: حَدّثَنَا. وَقالَ: إِسْحَقُ: أَخْبَرَنَا) عَبْدُ الْعَزِيزِ بْنُ عَبْدِ الصّمَدِ الْعَمّيّ. حَدّثَنَا أَبُو عِمْرَانَ الْجَوْنِيّ عَنْ عَبْدِ اللّهِ بْنِ الصّامِتِ، عَنْ أَبي ذَرَ. قالَ: قالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: «يَا أَبَا ذَرَ إِذَا طَبَخْتَ مَرَقَةً، فَأَكْثِرْ مَاءَهَا، وَتَعَاهَدْ جِيرَانَكَ».

ئەبۇ زەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئى ئەبۇ زەر! سەن گۆش پىشۇرۇپ شورپا قىلساڭ، سۈيىنى كۆپ قىلغىن، ئۇنىڭدىن، خوشناڭغىمۇ ئېلىپ چىقىپ بەرگىن .مۇسلىم، ئىبنى

ماجە توپلىغان، سەھىھ.(جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: بىرىڭلار قازاندا گۆش پىشۇرسا، شورپىسىنى كۆپ قىلىپ، خوشنىسىغىمۇ ئىلىپ چىقىپ بەرسۇن. ئەۋسەتتە بار بولۇپ.)

6636 ـ حدّثنا أبُو بَكْرِ بْنُ أبِي شَيْبَةَ. حَدّثنَا ابْنُ إدْرِيسَ. أخْبَرَنَا شُعْبَةُ. ح وَحَدّثنَا أبُو كُرَيْبٍ. حَدّثنَا ابْنُ إدْرِيسَ. أخْبَرَنَا شُعْبَةُ عَنْ أبِي عِمْرَانَ الْجَوْنِيّ، عَنْ عَبْدِ اللّهِ بْنِ الصّامِتِ، عَنْ أبِي ذَرّ قَالَ: إنّ خَلِيلِي صلى الله عليه وسلم أوْصَانِي: «إذَا طَبَخْتَ مَرَقاً فَأكْثِرْ مَاءَهُ. ثُمّ انْظُرْ أهْلَ بَيْتٍ مِنْ جِيرَانِكَ، فَأصِبْهُمْ مِنْهَا بِمَعْرُوفٍ».

ئەبۇ زەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: بىرىڭلار ياخشىلىقدىن بىرەر نەرسىنى كىچىك سانىمىسۇن، ئەگەر بەرگىدەك نەرسە تاپالمىسا، قېرىندىشىغا خۇشخۇي تەبەسسۇم چىراي بىلەن ئۇچرىشىپ سالام قىلىشسۇن، سەن گۆش سېتىۋالساڭ، ياكى ئۇنى قازاندا پىشۇرساڭ، شورپىسىنى كۆپ قىلىپ خوشناڭغىمۇ ئىلىپ چىقىپ بەرگىن. تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.

جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: بىرىڭلار قازاندا گۆش پىشۇرسا، شورپىسىنى كۆپ قىلىپ، خوشنىسىغىمۇ ئىلىپ چىقىپ بەرسۇن، ئەۋسەتتە بار بولۇپ، سەھىھ.

## 1199 ـ باب استحباب طلاقة الوجه عند اللقاء خوشنىلارغا ياخشىلىق قىلىش ۋە خۇشخۇي چىراي بىلەن كۆرۈشىش

6637 ـ حدّثنِي أبُو غَسّانَ الْمِسْمَعِيّ. حَدّثنَا عُثْمَانُ بْنُ عُمَرَ. حَدّثنَا أبُو عَامِرٍ (يَعْنِي الْخَزّازَ) عَنْ أبِي عِمْرَانَ الْجَوْنِيّ، عَنْ عَبْدِ اللّهِ بْنِ الصّامِتِ، عَنْ أبِي ذَرّ. قَالَ: قَالَ لِيَ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم: «لاَ تَحْقِرَنّ مِنَ الْمَعْرُوفِ شَيْئاً، وَلَوْ أنْ تَلْقَى أخَاكَ بِوَجْهٍ طَلْقٍ».

ئەبۇ زەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: كىچىككىنە ياخشىلىقنىمۇ كىچىك ھەقىرە سانىما، گەرچە سەن قېرىندىشىڭغا خۇشال تەبەسسۇم چىراي بىلەن ئۇچرىشىشنىمۇ، شۇنچىلىك ياخشىلىقنىمۇ كىچىك سانىما. ئەھمەد، مۇسلىم، تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ. ياخشىلىق دىگەن ئاز بولسىمۇ ياخشىلىق دە! ئەبۇ زەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: بىرىڭلار ياخشىلىقدىن بىرەر نەرسىنى كىچىك سانىمىسۇن، ئەگەر بەرگىدەك نەرسە تاپالمىسا، قېرىندىشىغا خۇشخۇي تەبەسسۇم چىراي بىلەن ئۇچرىشىپ سالام قىلىشسۇن، سەن گۆش سېتىۋالساڭ، ياكى ئۇنى قازاندا پىشۇرساڭ، شورپىسىنى كۆپ قىلىپ خوشناڭغىمۇ ئىلىپ چىقىپ بەرگىن. تىرمىزىمۇ توپلىغان، سەھىھ.

## 1200 ـ باب استحباب الشفاعة فيما ليس بحرام

6638 ـ حدّثنَا أبُو بَكْرِ بْنُ أبِي شَيْبَةَ. حَدّثنَا عَلِيّ بْنُ مُسْهِرٍ وَ حَفْصُ بْنُ غِيَاثٍ عَنْ بُرَيْدِ بْنِ عَبْدِ اللّهِ، عَنْ أبِي بُرْدَةَ، عَنْ أبِي مُوسَىَ. قَالَ: كَانَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم، إذَا أتَاهُ طَالِبُ حَاجَةٍ، أقْبَلَ عَلَىَ جُلَسَائِهِ فَقَالَ: «اشْفَعُوا تُؤْجَرُوا. وَلْيَقْضِ اللّهُ عَلَىَ لِسَانِ نَبِيّهِ مَا أحَبّ».

ئەبۇ مۇسا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە سائىل ياكى بىرەر ھاجەت ئىگىسى كەلسە مۇنداق دەيتتى: شاپائەت قىلىڭلار، شۇنداق قىلساڭلار، سىلەرگە ئەجىر بېرىلىدۇ، ئاللاھ، پەيغەمبىرىنىڭ

تىلى ئارقىلىق ئۆزى خالىغانچە ھۆكۈم قىلىدۇ، بۇخارى،مۇسلىم،بەيھەقى، تىرمىزى، ئەبۇ داۋۇد، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ. مۇئاۋىيە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: شاپائەت قىلىڭلار، يەنى قېرىنداشىڭلارنى سوراپ، تىلىۋېلىڭلار، ياردەم بېرىڭلار، شۇنداق قىلساڭلار، سىلەرگە ئەجىر، ساۋاب بېرىلىدۇ، ئىبنى ئەساكىر توپلىغان، سەھىھ، بۇ دۇنيادىكى شاپائەت، ئىگە بولۇش، ياردەم قىلىش، سوراپ تىلىۋېلىش يولىنى مېڭىپ بېرىشتۇر.

### 1201 ـ باب استحباب مجالسة الصالحين ومجانبة قرناء السوء سالىھ كىشىلەر بىلەن بىللە ئولتۇرۇش

6639 ـ حدّثنا أبُو بَكْرِ بْنُ أبي شَيْبَةَ. حَدّثنَا سُفْيَانُ بْنُ عُيَيْنَةَ عَنْ بُرَيْدِ بْنِ عَبْدِ اللّهِ، عَنْ جَدّهِ، عَنْ أبي مُوسَىَ، عَنِ النّبيّ صلى الله عليه وسلم. ح وَحَدّثنَا مُحَمّدُ بْنُ الْعلاَءِ الْهَمْدَانِيّ (وَاللّفْظُ لَهُ). حَدّثنَا أبُو أُسَامَةَ عَنْ بُرَيْدٍ، عَنْ أبي بُرْدَةَ، عَنْ أبي مُوسَىَ، عَنِ النّبيّ صلى الله عليه وسلم قالَ: «إنّمَا مَثَلُ الْجَلِيسِ الصّالِحِ وَالْجَلِيسِ السّوْءِ، كَحَامِلِ الْمِسْكِ وَنَافِخِ الْكِيرِ. فَحَامِلُ الْمِسْكِ، إمّا أنْ يُحْذِيَكَ، وَإمّا أنْ تَبْتَاعَ مِنْهُ، وَإمّا أنْ تَجِدَ مِنْهُ رِيحاً طَيّبَةً. وَنَافِخُ الْكِيرِ، إمّا أنْ يُحْرِقَ ثِيَابَكَ، وَإمّا أنْ تَجِدَ رِيحاً خَبِيثَةً».

ئەبۇ مۇسا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن ياخشى ھەمراھلار مەجلىسى بىلەن يامان ھەمراھلار مەجلىسىنىڭ مىسالى ؛ ياخشى كىشلەرگە ئارىلىشىش بىلەن يامان كىشلەرگە ئارىلىششنىڭ مىسالى ؛ مىسكە ئەنبەر كۆتۈرۈۋالغۇچى بىلەن كۆرەك باسقۇچىغا ئوخشايدۇ، مىسكە كۆتۈرۈۋالغۇچى يا ساڭا مىسكە ئەنبەردىن بېرىدۇ، چىچىپ قويىدۇ، يا سەن ئۇنىڭدىن سېتىۋالىسەن، ھېچ بولمىغاندا، ئۇنىڭدىن خۇشپۇراق، مەزىلىك پۇراقنى تاپىسەن، ھېچبىر زىيىنى يوقتۇر. كۆرەك باسقۇچىغا كەلسەك، يا ئۇ كىيىمىڭنى كۆيدۈرىدۇ، ياكى سەن ئۇنىڭدىن سېسىق پۇراقنى تاپىسەن، ھېچبىر پايدا يوق، (ئەنە شۇنىڭدەك ياخشى تەقۋادار ئالىملار بىلەن ئارىلاشساڭ، ئىلىم ئالىسەن، نەسىھەت ئاڭلايسەن، ئەگىشىسەن، مەنپەئەت باردۇر، يامان كىشىگە ئارىلاشساڭ، زىياندىن باشقىسى يوق، يامانىنىڭ يامىنى يۇقىدۇ خالاس) مۇسلىم،بۇخارى، بەيھەقى.

### 1202 ـ باب فضل الإحسان إلى البنات قىزباللىرىغا ياخشىلىق قىلىش ۋە بالىسى ئۆلۈپ كېتىشنىڭ پەزىلىتى

6640 ـ حدّثنا مُحَمّدُ بْنُ عَبْدِ اللّهِ بْنِ قُهْزَاذَ. حَدّثنَا سَلَمَةُ بْنُ سُلَيْمَانَ. أخْبَرَنَا عَبْدُ اللّهِ. أخْبَرَنَا مَعْمَرٌ عَنِ ابْنِ شِهَابٍ. حَدّثنِي عَبْدُ اللّهِ بْنُ أبي بَكْرِ بْنِ حَزْمٍ عَنْ عُرْوَةَ، عَنْ عَائِشَةَ. ح وَحَدّثنِي عَبْدُ اللّهِ بْنُ عَبْدِ الرّحْمَنِ بْنِ بَهْرَامَ و أبُو بَكْرِ بْنُ إسْحَقَ (وَاللّفْظُ لَهُمَا) قالاَ أخْبَرَنَا أبُو الْيَمَانِ. أخْبَرَنَا شُعَيْبٌ عَنِ الزّهْرِيّ. حَدّثنِي عَبْدُ اللّهِ بْنُ أبي بَكْرٍ أنّ عُرْوَةَ بْنَ الزّبَيْرِ أخْبَرَهُ أنّ عَائِشَةَ زَوْجَ النّبيّ صلى الله عليه وسلم قالَتْ: جَاءَتْنِي امْرَأَةٌ، وَمَعَهَا ابْنَتَانِ لَهَا. فَسَألَتْنِي فَلَمْ تَجِدْ عِنْدِي شَيْئاً غَيْرَ تَمْرَةٍ وَاحِدَةٍ. فَأعْطَيْتُهَا إيّاهَا. فَأخَذَتْهَا فَقَسَمَتْهَا بَيْنَ ابْنَتَيْهَا. وَلَمْ تَأكُلْ مِنْهَا شَيْئاً. ثُمّ قَامَتْ فَخَرَجَتْ وَابْنَتَاهَا. فَدَخَلَ عَلَيّ النّبيّ صلى الله عليه وسلم فَحَدّثتُهُ حَدِيثَهَا. فَقَالَ النّبيّ صلى الله عليه وسلم: «مَنِ ابْتُلِيَ مِنَ الْبَنَاتِ بِشَيْءٍ، فَأحْسَنَ إلَيْهِنّ، كُنّ لَهُ سِتْراً مِنَ النّارِ».

6641 ـ حدّثنا قُتَيْبَةُ بْنُ سَعِيدٍ. حَدّثنَا بَكْرٌ (يَعْنِي ابْنَ مُضَرَ) عَنِ ابْنِ الْهَادِ أنّ زِيَادَ ابْنَ أبي زِيَادٍ، مَوْلَى ابْنِ عَيّاشٍ. حَدّثَهُ عَنْ عِرَاكِ بْنِ مَالِكٍ. سَمِعْتُهُ يُحَدّثُ عُمَرَ بْنَ عَبْدِ الْعَزِيزِ عَنْ عَائِشَةَ أنّهَا قَالَتْ: جَاءَتْنِي مِسْكِينَةٌ تَحْمِلُ ابْنَتَيْنِ لَهَا. فَأطْعَمْتُهَا ثَلاَثَ تَمَرَاتٍ. فَأعْطَتْ كُلّ وَاحِدَةٍ مِنْهُمَا تَمْرَةً. وَرَفَعَتْ إلَىَ فِيهَا تَمْرَةً لِتَأكُلَهَا. فَاسْتَطْعَمَتْهَا ابْنَتَاهَا. فَشَقّتِ التّمْرَةَ، الّتِي كَانَتْ تُرِيدُ أنْ تَأكُلَهَا، بَيْنَهُمَا. فَأعْجَبَنِي شَأنُهَا. فَذَكَرْتُ الّذِي صَنَعَتْ لِرَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم. فَقَالَ: «إنّ اللّهَ قَدْ أوْجَبَ لَهَا بِهَا الْجَنّةَ. أوْ أعْتَقَهَا بِهَا مِنَ النّارِ».

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن، مىنىڭ قېشىمغا بىر ئايال ئىككى قىزىنى بىللە ئېلىپ كىلىپ،مەندىن نەرسە سوردى، مەن پەقەت ئۇ ئايالغا يېنىمدا بار بولغان بىرتاللا خورمىنى بەرسەم، ئۇنى ئۆزى يىمەي، ئىككى قىزىغا تەڭ قىلىپ بىرىپ،ئاندىن چىقىپ كەتتى، مەن بۇ ئىشنى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە سۆزلەپ بەرسەم مۇنداق دىگەن: كىم مۇشۇ قىز باللاردىن بىرەر نەرسە بىلەن سىنالسا، ئاندىن ئۇ قىز باللىرىغا ياخشىلىق قىلسا، ئۇ قىز باللار ئۇنىڭغا دوۋزاخدىن سۇترە، پەردە بولىدۇ. يەنەبىردە:«**الله** ئۇنىڭغا جەننەتنى ۋاجىب قىلىپ، ئۇنى دەۋزەختىن ئازات قىلىدۇ»،دىيىلگەن. بۇخارى،مۇسلىم، ئەھمەد، بەيھەقى، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

**6642 ـ حدّثني عَمْرٌو النّاقِدُ. حَدّثنَا أَبُو أَحْمَدَ الزّبَيْرِيّ. حَدّثنَا مُحَمّدُ بْنُ عَبْدِ الْعَزِيز عَنْ عُبَيْدِ اللّهِ بْنِ أَبي بَكْرِ بْنِ أَنَسٍ، عَنْ أَنَسِ بْنِ مَالِكٍ. قَالَ: قَالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: «مَنْ عَالَ جَارِيَتَيْنِ حَتّىَ تَبْلُغَا، جَاءَ يَوْمَ الْقِيَامَةِ أَنَا وَهُوَ» وَضَمّ أَصَابِعَهُ.**

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: كىم ئىككى قىز بالىغا ئۇلار بالىغ بولغىچە ئىگە بولۇپ، ياخشى قارىسا،قىيامەت كۈنى ئۇ مەن بىلەن بىللە جەننەتكە مۇشۇنداق يېقىن كىرىدۇ. (ئىككى بارمىقىنى يېقىن قىلىپ كۆرسەتتى). مۇسلىم، تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.

### *1203 ـ باب فضل من يموت له ولد فيحتسبه*

**6643 ـ حدّثنَا يَحْيَى بْنُ يَحْيَىَ قَالَ: قَرَأْتُ عَلَى مَالِكٍ عَنِ ابْنِ شِهَابٍ، عَنْ سَعِيدِ بْنِ الْمُسَيّبِ، عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ عَنِ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم قَالَ: «لاَ يَمُوتُ لأَحَدٍ مِنَ الْمُسْلِمِينَ ثَلاَثَةٌ مِنَ الْوَلَدِ فَتَمَسّهُ النّارُ، إِلاّ تَحِلّةَ الْقَسَمِ».**
**6644 ـ حدّثنَا أَبُو بَكْرِ بْنُ أَبِي شَيْبَةَ وَ عَمْرٌو النّاقِدُ وَ زُهَيْرُ بْنُ حَرْبٍ. قَالُوا: حَدّثنَا سُفْيَانُ بْنُ عُيَيْنَةَ. ح وَحَدّثنَا عَبْدُ بْنُ حُمَيْدٍ وَ ابْنُ رَافِعٍ عَنْ عَبْدِ الرّزّاقِ أَخْبَرَنَا مَعْمَرٌ. كِلاَهُمَا عَنِ الزّهْرِيّ. بِإِسْنَادِ مَالِكٍ. وَبِمَعْنَىَ حَدِيثِهِ. إِلاّ أَنّ فِي حَدِيثِ سُفْيَانَ. «فَيَلِجَ النّارَ إِلاّ تَحِلّةَ الْقَسَمِ».**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: باللىرىدىن ئۈچ بالىسى ئۆلۈپ كەتكەن مۇسۇلمان كىشى دوۋزاخقا كىرمەيدۇ، پەقەت سىرات كۆۋرۈكىدىن ئۆتكىچە ئازلا ۋاقىتتا دەۋزەخنى كۆرىدۇ، (سۈرە مەريەمدىكى؛«سىلەردىن ھەر بىر كىشى دوۋزاخقا بارماي قالمايدۇ»، دىگەن ئايەت ئەنە شۇدۇر). بەيھەقى، بۇخارى،مۇسلىم نەسەئى، تىرمىزى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

**6645 ـ حدّثنَا قُتَيْبَةُ بْنُ سَعِيدٍ. حَدّثنَا عَبْدُ الْعَزِيزِ (يَعْنِي ابْنَ مُحَمّدٍ) عَنْ سُهَيْلٍ، عَنْ أَبِيهِ، عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ أَنّ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم قَالَ لِنِسْوَةٍ مِنَ الأَنْصَارِ: «لاَ يَمُوتُ لإِحْدَاكُنّ ثَلاَثَةٌ مِنَ الْوَلَدِ فَتَحْتَسِبَهُ، إِلاّ دَخَلَتِ الْجَنّةَ». فَقَالَتِ امْرَأَةٌ مِنْهُنّ: أَوِ اثْنَيْنِ؟ يَا رَسُولَ الله قَالَ «أَوِ اثْنَيْنِ».**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئەنسارلارنىڭ ئاياللىرىغا مۇنداق دىگەن: ئى ئاياللار! بىرىڭلارنىڭ باللىرىدىن ئۈچ بالىسى ئۆلۈپ كىتىپ، ئۇ بۇ مۇسىبەتكە ئەجىر، ساۋاب ئۈمىد قىلىپ سەۋرى قىلسا، ئۇ جەننەتكە كىرىدۇ، ئۇلاردىن بىرسى:ئى **الله** نىڭ ئەلچىسى!ئىككى بالىسى ئۆلۈپ كەتسىچۇ؟ دىدى. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم؛ ئىككى بالىسى ئۆلۈپ كەتسىمۇ دىدى.يەنە بىرخاتىردە؛بالاغەتكە يەتمىگەن ئۈچ بالىسى ئۆلۈپ كەتسە، جەننەتكە كىرىدۇ،دىدى.

6646 ـ حدّثنا أبُو كَامِلٍ الْجَحْدَرِيّ، فُضَيْلُ بْنُ حُسَيْنٍ، حَدّثنَا أبُو عَوَانَةَ عَنْ عَبْدِ الرّحْمَن بْنِ الأصْبَهَانِيّ، عَنْ أبِي صَالِحٍ، ذَكْوَانَ، عَنْ أبِي سَعِيدٍ الْخُدْرِيّ قَالَ: جَاءَتِ امْرَأةٌ إلَىَ رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم فقَالَتْ: يَا رَسُولَ اللّهِ ذَهَبَ الرّجَالُ بِحَدِيثِكَ. فَاجْعَلْ لَنَا مِنْ نَفْسِكَ يَوْماً نَأْتِيكَ فِيهِ. تُعَلّمُنَا مِمّا عَلّمَكَ اللّهُ. قَالَ «اجْتَمِعْنَ يَوْمَ كَذَا وَكَذَا». فَاجْتَمَعْنَ. فَأتَاهُنّ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم فَعَلّمَهُنّ مِمّا عَلّمَهُ اللّهُ. ثُمّ قَالَ: «مَا مِنْكُنّ مِن امْرَأةٍ تُقَدّمُ بَيْنَ يَدَيْهَا، مِنْ وَلَدِهَا، ثَلاَثَةً، إلاّ كَانُوا لَهَا حِجَاباً مِنَ النّارِ». فَقَالَتِ امْرَأَةٌ: وَاثْنَيْنِ. وَاثْنَيْنِ. وَاثْنَيْنِ؟ فَقَالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: «وَاثْنَيْنِ. وَاثْنَيْنِ. وَاثْنَيْنِ».

6647 ـ حدّثنا مُحَمّدُ بْنُ الْمُثَنّى وَ ابْنُ بَشّارٍ. قَالاَ: حَدّثنَا مُحَمّدُ بْنُ جَعْفَرٍ. ح وحَدّثنَا عُبَيْدُ اللّهِ بْنُ مُعَاذٍ. حَدّثنَا أبِي. حَدّثنَا شُعْبَةُ عَنْ عَبْدِ الرّحْمَن بْنِ الأصْبَهَانِيّ، فِي هَذَا الأسْنَادِ، بِمِثْلِ مَعْنَاهُ. وَزَادَا جَمِيعاً عَنْ شُعْبَةَ، عَنْ عَبْدِ الرّحْمَن بْنِ الأصْبَهَانِيّ. قَالَ: سَمِعْتُ أبَا حَازِمٍ يُحَدّثُ عَنْ أبِي هُرَيْرَةَ قَالَ: «ثَلاَثَةً لَمْ يَبْلُغُوا الْحِنْثَ».

ئەبۇسەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ بىر ئايال كېلىپ: ئى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم! سىلىنىڭ ھەدىس سۆزلىرىنى ئەرلەرلا تىڭشاپ ئېلىپ كەتتى، بىزگىمۇ ۋاقىت چىقىرىپ بىر كۈننى بەلگىلەپ بەرسىلە، بىز شۇ ۋاقىتتا كەلسەك، الله سىلىگە ئۆگەتكەن نەرسىلەردىن بىزگىمۇ ئۆگىتىپ قويسىلا، دېدى. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم : پالانى،پالانى كۈنى ، پالانى،پالانى ئورۇنغا يىغىلىڭلار دېدى. ئۇلار يىغىلىپ بولغاندا، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كېلىپ، الله ئۆگەتكەن نەرسىلەرنى ئۇلارغىمۇ ئۆگىتىپ: ئى ئاياللار! سىلەردىن ھەرقانداق بىر ئايال، بالىلىرىدىن ئۈچىنى ئۆزىدىن بۇرۇن ئاخىرەتكە يولغا سالسا (يەنى بىرىڭلارنىڭ بالىلىرىدىن ئۈچ بالىسى ئۆلۈپ كېتىپ، ئۇ بۇ مۇسىبەتكە ئەجىر، ساۋاب ئۈمىد قىلىپ سەۋرى قىلسا)،ئۇبالىلىرى بۇئايالغا دوزەختىن پەردە بولىدۇ، (ئۇ ئايال جەننەتكە كىرىدۇ)، دېدى. ئۇلاردىن بىرسى:ئى الله نىڭ ئەلچىسى!ئىككى بالىسى ئۆلۈپ كەتسىچۇ؟ دەپ تەكرار سوردى. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمۇ؛ ئىككى بالىسى ئۆلۈپ كەتسىمۇ، ئىككى بالىسى ئۆلۈپ كەتسىمۇ، ئىككى بالىسى ئۆلۈپ كەتسىمۇ شۇنداق بولىدۇ دېدى.(يەنە بىرخاتىردە؛بالاغەتكە يەتمىگەن ئۈچ بالىسى ئۆلۈپ كەتسە، جەننەتكە كىرىدۇ،دېدى). بۇخارى،مۇسلىم.

6648 ـ حدّثنا سُوَيْدُ بْنُ سَعِيدٍ وَ مُحَمّدُ بْنُ عَبْدِ الأعْلَىَ (وَتَقَارَبَا فِي اللّفْظِ) قَالاَ: حَدّثنَا الْمُعْتَمِرُ عَنْ أبِيهِ، عَنْ أبِي السّلِيلِ، عَنْ أبِي حَسّانَ، قَالَ: قُلْتُ لأبِي هُرَيْرَةَ: إنّهُ قَدْ مَاتَ لِيَ ابْنَانِ. فَمَا أنْتَ مُحَدّثِي عَنْ رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم بِحَدِيثٍ تُطَيّبُ بِهِ أنْفُسَنَا عَنْ مَوْتَانَا؟ قَالَ: قَالَ: نَعَمْ. «صِغَارُهُمْ دَعَامِيصُ الْجَنّةِ يَتَلَقّى أحَدُهُمْ أبَاهُ ـــ أوْ قَالَ أبَوَيْهِ ـــ ، فَيَأْخُذُ بِثَوْبِهِ، ـــ أوْ قَالَ بِيَدِهِ ـــ، كَمَا آخُذُ أنَا بِصَنِفَةِ ثَوْبِكَ هَذَا. فَلاَ يَتَنَاهَى، ـــ أوْ قَالَ فَلاَ يَنْتَهِي ـــ، حَتّىَ يُدْخِلَهُ اللّهُ وَأبَاهُ الْجَنّةَ». وفِي رِوَايَةِ سُوَيْدٍ قَالَ: حَدّثنَا أبُو السّلِيلِ. وحَدّثنِيهِ عُبَيْدُ اللّهِ بْنُ سَعِيدٍ. حَدّثنَا يَحْيَىَ (يَعْنِي ابْنَ سَعِيدٍ) عَنِ التّيْمِيّ، بِهَذَا الأسْنَادِ. وَقَالَ: فَهَلْ سَمِعْتَ مِنْ رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم شَيْئاً تُطَيّبُ بِهِ أنْفُسَنَا عَنْ مَوْتَانَا؟ قَالَ: نَعَمْ.

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ قېشىغا بىركىشى كېلىپ: مېنىڭ ئوغلۇم ئۆلۈپ كەتتى، مەن ئۇنىڭغا قاتتىق قايغۇرۇپ، ئازاپلاندىم، سەن يېقىن دوستۇڭ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم دىن، يېقىن كىشىللىرىمىز ئۆلۈپ كەتكەندە، قەلبىمىزنى ئارام تاپقۇزىدىغان، بىزنى ئازاپلىنىشتىن قۇتقۇزىدىغان بىرەر نەرسە ئاڭلىدىڭمۇ؟ دېدى. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ :ھەئە مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم نىڭ مۇنداق

دىگەن لىكىنى ئاڭلىغان ئىدىم : سىلەرنىڭ كىچىك ئۆلۈپ كەتكىنىڭلار، جەننەت ئەھلىنىڭ كىچىك ساياھەتچىلىرى بولۇپ، بۇلارنىڭ بىرسى ئاتا ــ ئانىسىغا ئۇچ ۇرشۇپ، ئۇنىڭ كىيمىدىن تۇتۇۋېلىپ، تاكى ئاللاھتائالا ئۇنى ۋە ئاتا ــ ئانىسى نى جەننەتكە كىرگۈزۈگەنگە قەدەر قويۇەتمەيدۇ، دىگەن. ئەھمەد، مۇسلىم، بۇخارى ئەدەپتە توپلىغان، سەھىھ.مانا بۇ ئەڭ ياخشى تەسەللى ۋە قەلب خاتىرجەملىكىدۇر.

6649 ـ حدّثنا أبو بكر بْنُ أبي شَيْبَةَ وَ مُحَمّدُ بْنُ عَبْدِ اللّهِ بْنِ نُمَيْرٍ وَ أَبُو سَعِيدٍ الأَشَجّ (وَاللّفْظُ لاِءَبي بَكْرٍ). قَالُوا: حَدّثَنَا حَفْصٌ (يَعْنُونَ ابْنَ غِيَاثٍ). ح وَحَدّثنَا عُمَرُ بْنُ حَفْصِ بْنِ غِيَاثٍ. حَدّثَنَا أَبِي عَنْ جَدّهِ، طَلْق بْنِ مُعَاوِيَةَ، عَنْ أَبِي زُرْعَةَ بْنِ عَمْرِو بْنِ جَرِيرٍ، عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ قَالَ: أَتَتِ امْرَأَةٌ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم بِصَبِيَ لَهَا. فَقَالَتْ: يَا نَبِيّ اللّه ادْعُ اللّه لَهُ. فَلَقَدْ دَفَنْتُ ثَلاَثَةً. قَالَ «دَفَنْتِ ثَلاَثَةً؟» قَالَتْ: نَعَمْ. قَالَ «لَقَدِ احْتَظَرْتِ بِحِظَارٍ شَدِيدٍ مِنَ النّارِ». قَالَ عُمَرُ، مِنْ بَيْنِهِمْ: عَنْ جَدّهِ. وَقَالَ الْبَاقُونَ: عَنْ طَلْقٍ. وَلَمْ يَذْكُرُوا الْجَدّ.
6650 ـ حدّثنا قُتَيْبَةُ بْنُ سَعِيدٍ وَ زُهَيْرُ بْنُ حَرْبٍ. قَالاَ: حَدّثَنَا جَرِيرٌ عَنْ طَلْقِ بْنِ مُعَاوِيَةَ النّخَعِيّ، أَبِي غِيَاثٍ، عَنْ أَبِي زُرْعَةَ بْنِ عَمْرِو بْنِ جَرِيرٍ، عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ. قَالَ: جَاءَتِ امْرَأَةٌ إِلَى النّبِيّ صلى الله عليه وسلم بِابْنٍ لَهَا. فَقَالَتْ: يَا رَسُولَ اللّهِ إِنّهُ يَشْتَكِي. وَإِنّي أَخَافُ عَلَيْهِ. قَدْ دَفَنْتُ ثَلاَثَةً. قَالَ «لَقَدِ احْتَظَرْتِ بِحِظَارٍ شَدِيدٍ مِنَ النّارِ». قَالَ زُهَيْرٌ: عَنْ طَلْقٍ. وَلَمْ يَذْكُرِ الْكُنْيَةَ.

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، بىرئايال بالىسىنى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قېشىغا ئېلىپ كېلىپ: ئى الله نىڭ ئەلچىسى! بۇبالام ئاغرىپ قالدى، مەن بۇنىڭدىن قاتتىق ئەنسىرەۋاتىمەن، بۇنىڭغا دۇئا قىلىپ قويسىلا، مەن ھازىر ئۈچ بالامنى دەپنە قىلىپ بولدۇم (بۇئۆلسە تۆتىنچىسى بولۇپ قالىدۇ)دېدى، رەسۇلۇللاە:ئۈچ بالاڭنى دەپنە قىلىپ بولدۇڭمۇ؟دېدى، ئۇ:ھەئە شۇنداق دېدى، رەسۇلۇللاە:ئۇنداق بولسا سەن دەۋزەختىن قاتتىق قېلىن پەردە بىلەن ھەزەر قىلىپ ساقلىنىپسەن دېدى.

## 1204 ـ باب إِذَا أحب اللّه عبداً، حببه إِلى عباده الله ياخشى كۆرگەن كىشىنى بەندىلىرىگىمۇ ياخشى كۆرستىشى

6651 ـ حدّثنا زُهَيْرُ بْنُ حَرْبٍ. حَدّثَنَا جَرِيرٌ عَنْ سُهَيْلٍ، عَنْ أَبِيهِ، عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ. قَالَ: قَالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: «إِنّ اللّهَ، إِذَا أَحَبّ عَبْداً، دَعَا جِبْرِيلَ فَقَالَ: إِنّي أُحِبّ فُلاَناً فَأَحِبّهُ. قَالَ: فَيُحِبّهُ جِبْرِيلُ. ثُمّ يُنَادِي فِي السّمَاءِ فَيَقُولُ: إِنّ اللّه يُحِبّ فُلاَناً فَأَحِبّوهُ. فَيُحِبّهُ أَهْلُ السّمَاءِ. قَالَ: ثُمّ يُوضَعُ لَهُ الْقَبُولُ فِي الأَرْضِ. وَإِذَا أَبْغَضَ عَبْداً دَعَا جِبْرِيلَ فَيَقُولُ: إِنّي أُبْغِضُ فُلاَناً فَأَبْغِضْهُ. قَالَ: فَيُبْغِضُهُ جِبْرِيلُ. ثُمّ يُنَادِي فِي أَهْلِ السّمَاءِ: إِنّ اللّهَ يُبْغِضُ فُلاَناً فَأَبْغِضُوهُ. قَالَ: فَيُبْغِضُونَهُ. ثُمّ تُوضَعُ لَهُ الْبَغْضَاءُ فِي الأَرْضِ».
6652 ـ حدّثنا قُتَيْبَةُ بْنُ سَعِيدٍ. حَدّثَنَا يَعْقُوبُ (يَعْنِي ابْنَ عَبْدِ الرّحْمَـنِ الْقَارِيّ). وَقَالَ قُتَيْبَةُ: حَدّثَنَا عَبْدُ الْعَزِيزِ (يَعْنِي الدّرَاوَرْدِيّ). ح وَحَدّثَنَاهُ سَعِيدُ بْنُ عَمْرٍو الأَشْعَثِيّ. أَخْبَرَنَا عَبْثَرٌ عَنِ الْعَلاَءِ بْنِ الْمُسَيّبِ. ح وَحَدّثَنِي هَرُونُ بْنُ سَعِيدٍ الأَيْلِيّ. حَدّثَنَا ابْنُ وَهْبٍ. حَدّثَنِي مَالِكٌ (وَهُوَ ابْنُ أَنَسٍ). كُلّهُمْ عَنْ سُهَيْلٍ، بِهَـذَا الأَسْنَادِ. غَيْرَ أَنّ حَدِيثَ الْعلاَءِ بْنِ الْمُسَيّبِ لَيْسَ فِيهِ ذِكْرُ الْبُغْضِ.
6653 ـ حدّثني عَمْرٌو النّاقِدُ. حَدّثَنَا يَزِيدُ بْنُ هَرُونَ. أَخْبَرَنَا عَبْدُ الْعَزِيزِ بْنُ عَبْدِ اللّهِ بْنِ أَبِي سَلَمَةَ، الْمَاجِشُونُ عَنْ سُهَيْلِ بْنِ أَبِي صَالِحٍ. قَالَ: كُنّا بِعَرَفَةَ. فَمَرّ عُمَرُ بْنُ عَبْدِ الْعَزِيزِ وَهُوَ عَلَى الْمَوْسِمِ. فَقَامَ النّاسُ يَنْظُرُونَ إِلَيْهِ. فَقُلْتُ لأَبِي: يَا أَبَتِ إِنّي أَرَى اللّه يُحِبّ عُمَرَ بْنَ عَبْدِ الْعَزِيزِ. قَالَ: وَمَا ذَاكَ؟ قُلْتُ: لِمَا لَهُ مِنَ الْحُبّ فِي قُلُوبِ النّاسِ. فَقَالَ: بِأَبِيكَ أَنْتَ سَمِعْتَ أَبَا هُرَيْرَةَ يُحَدّثُ عَنْ رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم. ثُمّ ذَكَرَ بِمِثْلِ حَدِيثِ جَرِيرٍ عَنْ سُهَيْلٍ.

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ھەقىقەتەن، ئاللاھ بىرەر بەندىنى ياخشى كۆرسە، جىبرىئىلنى چاقىرىپ، مۇنداق دەيدۇ: ھەقىقەتەن مەن پالانىنى ياخشى كۆرىمەن، سەنمۇ ئۇنى ياخشى كۆرگىن، ئاندىن جىبرىئىلمۇ ياخشى كۆرۈپ، ئاسمان ئەھلىگە مۇنداق دەپ توۋلايدۇ، ھەقىقەتەن ئاللاھ پالانىنى ياخشى كۆرىدۇ، سىلەرمۇ ئۇنى ياخشى كۆرۈڭلار، ئاندىن ئۇ بەندىنى ئاسمان ئەھلى

ياخشى كۆرىدۇ، ئاندىن ئۇ كىشى ئۈچۈن مۇھەببىتىنى قوبۇل قىلىش ياخشى كۆرۈشلەر زېمىنغا تاشلىنىدۇ، شۇنىڭ بىلەن زېمىن ئەھلىمۇ ياخشى كۆرىدۇ. ئاللاھ بىرەر بە ندىنى ئۆچ كۆرسە، غەزەپ قىلسا، جىبرىئىلنى چاقىرىپ مۇنداق دەيدۇ: ھەقىقەتەن مەن پالانىنى ئۆچ كۆرىمەن، غەزەپ قىلىمەن، سەنمۇ ئۇنى ئۆچ كۆرۈپ، دۈشمەن تۇتقىن، ئاندىن جىبرىئىل ئۇنى ئۆچ كۆرۈپ، ئاسمان ئەھلىگە مۇنداق دەپ توۋلايدۇ، ھەقىقەتەن ئاللاھ، پالانىنى ئۆچ كۆرىدۇ، سىلەرمۇ ئۇنى ئۆچ كۆرۈڭلار، دۈشمەن تۇتۇڭلار! ئاندىن ئاسمان ئەھلى ئۇ بەندىنى ئۆچ كۆرىدۇ، ئاندىن ئۇ بەندىنى ئۆچ كۆرۈش، دۈشمەن تۇتۇش زېمىنغا تاشلىنىدۇ، مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ. قارا قارا! دوستۇم، مانا بۇ ئىلاھى مۇھەببەت، ئاللاھنىڭ ياخشى كۆرۈشى بىز مانا مۇشۇنى مەخسەت قىلىمىز.

## 1205 ـ باب الأرواح جنود مجنّدة روھلارنىڭمۇ قوشۇن ئىكەنلىكى

**6768 ـ حدّثنا مُحَمّدُ بْنُ عَبْدِ اللّهِ الرّزّيّ. حَدّثَنَا خَالِدُ بْنُ الْحَارِثِ الْهُجَيْمِيّ. حَدّثَنَا سَعِيدٌ عَنْ قَتَادَةَ، عَنْ زُرَارَةَ، عَنْ سَعْدِ بْنِ هِشَامٍ، عَنْ عَائِشَةَ قَالَتْ: قَالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم «مَنْ أَحَبّ لِقَاءَ اللّهِ، أَحَبّ اللّهُ لِقَاءَهُ. وَمَنْ كَرِهَ لِقَاءَ اللّهِ، كَرِهَ اللّهُ لِقَاءَهُ» فَقُلْتُ: يَا نَبِيّ اللّهِ أَكَرَاهِيَةُ الْمَوْتِ؟ فَكُلّنَا نَكْرَهُ الْمَوْتَ. فَقَالَ «لَيْسَ كَذَلِكِ. وَلَكِنّ الْمُؤْمِنَ إِذَا بُشّرَ بِرَحْمَةِ اللّهِ وَرِضْوَانِهِ وَجَنّتِهِ، أَحَبّ لِقَاءَ اللّهِ، فَأَحَبّ اللّهُ لِقَاءَهُ. وَإِنّ الْكَافِرَ إِذَا بُشّرَ بِعَذَابِ اللّهِ وَسَخَطِهِ، كَرِهَ لِقَاءَ اللّهِ، وَكَرِهَ اللّهُ لِقَاءَهُ».**
**6769 ـ حدّثناه مُحَمّدُ بْنُ بَشّارٍ. حَدّثَنَا مُحَمّدُ بْنُ بَكْرٍ. حَدّثَنَا سَعِيدٌ عَنْ قَتَادَةَ بِهَذَا الأَسْنَادِ.**

ئائىشە، ئۇبادەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: كىم ئاللاھقا ئۇچرىشىشنى ياخشى كۆرسە، ئاللاھمۇ ئۇنىڭغا ئۇچرىشىشنى ياخشى كۆرىدۇ، كىم ئاللاھقا ئۇچرىشىشنى يامان كۆرسە، ئاللاھمۇ ئۇنىڭغا ئۇچرىشىشنى يامان كۆرىدۇ، ئائىشە ياكى ئاياللىرىنىڭ بەزىسى: بىز ھەممىمىز ئۆلۈمنى يامان كۆرىمىزغۇ؟ دىدى. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:ئىش ئۇنداق بولمايدۇ، مۆئمىن كىشىگە ئۆلۈم ھازىر بولغاندا، ئۇنىڭغا الله نىڭ رازىلىقى، كارامىتى، ئۇنى ھۆرمەتلىشى بىلەن خۇش-بىشارەت بىرىلىدۇ ــدە، ئۇنىڭغا ئالدىدىكى نەرسىدىنمۇ سۆيۈملۈكرەك بىرەر نەرسە بولمايدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇ، ئاللاھقا ئۇچرىشىشنى ياخشى كۆرىدۇ، ئاللاھمۇ ئۇنىڭغا ئۇچرىشىشنى ياخشى كۆرىدۇ.كاپىر كىشىگە ئۆلۈم ھازىر بولغاندا، ئۇنىڭغا الله نىڭ ئازاب-ئۇقۇبىتى، جازاسى بىلەن خۇش-بىشارەت بىرىلىدۇ ــدە، ئۇنىڭغا ئالدىدىكى نەرسىدىنمۇ قەبىھ،

يىرگىنىشلىك، يامانراق بىرەر نەرسە بولمايدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇ، ئاللاھقا ئۇچرىشىشنى ياقتۇرمايدۇ، ئاللاھمۇ ئۇنىڭغا ئۇچرىشىشنى يامان كۆرىدۇ.دىدى.ئەھمەد،بەيھەقى،بۇخارى،مۇسلىم،نەسەئى،تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.

6770 ـ6771 ـ حدّثنا أبُو بَكْر بْنُ أبِي شَيْبَةَ. حَدّثنَا عَلِيّ بْنُ مُسْهِرٍ عَنْ زَكَرِيّاءَ، عَنِ الشّعْبِيّ، عَنْ شُرَيْحِ بْنِ هَانِىءٍ، عَنْ عَائِشَةَ قَالَتْ: قَالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم «مَنْ أحَبّ لِقَاءَ اللّهِ، أحَبّ اللّهُ لِقَاءَهُ. وَمَنْ كَرِهَ لِقَاءَ اللّهِ، كَرِهَ اللّهُ لِقَاءَهُ. وَالْمَوْتُ قَبْلَ لِقَاءِ اللّهِ».

ئائىشە، ئۇبادەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمەدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: كىم ئاللاھقا ئۇچرىشىشنى ياخشى كۆرسە، ئاللاھمۇ ئۇنىڭغا ئۇچرىشىشنى ياخشى كۆرىدۇ، كىم ئاللاھقا ئۇچرىشىشنى يامان كۆرسە، ئاللاھمۇ يامان كۆرىدۇ، ۋە ھالەتكى ئۆلۈم الله قا ئۇچۇرشۇشنىڭ ئالدىدىلا بولىدۇ. ئەھمەد، بەيھەقى، نەسەئى، تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.

6772 ـ6773 ـ وحدّثناه إسْحَقُ بْنُ إبْرَاهِيمَ الْحَنْظَلِيّ. أخْبَرَنِي جَرِيرٌ عَنْ مُطَرّفٍ بِهَـذَا الأسْنَادِ. نَحْوَ حَدِيثِ عَبْثَرٍ.
بۇھەدىسمۇ يۇقىرقىغا ئوخشاش، لېكىن پەرقى؛ ئاشۇ ياخشى كۆرۈش بىلەن يامان كۆرۈشنىڭ دىللارسىقلىپ، كۆزلەر ئالىيىپ، پۇت ـ قوللار كىرىشىپ، جان ئۈزۈش ئالدىدا بۇلىشنى چۈشەندۈرۈپ قويغاندۇر.يەنى شۇ چاغدىكى ھىساپتۇر.

6774 ـ حدّثنا أبُو بَكْر بْنُ أبِي شَيْبَةَ وَ أبُو عَامِرٍ الأشْعَرِيّ وَ أبُو كُرَيْبٍ. قَالُوا: حَدّثنَا أبُو أسَامَةَ عَنْ بُرَيْدٍ، عَنْ أبِي بُرْدَةَ، عَنْ أبِي مُوسَىَ، عَنِ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم قَالَ «مَنْ أحَبّ لِقَاءَ اللّهِ، أحَبّ اللّهُ لِقَاءَهُ. وَمَنْ كَرِهَ لِقَاءَ اللّهِ، كَرِهَ اللّهُ لِقَاءَهُ».

ئائىشە، ئەبۇمۇسا، ئۇبادەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمەدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: كىم ئاللاھقا ئۇچرىشىشنى ياخشى كۆرسە، ئاللاھمۇ ئۇنىڭغا ئۇچرىشىشنى ياخشى كۆرىدۇ، كىم ئاللاھقا ئۇچرىشىشنى يامان كۆرسە، ئاللاھمۇ يامان كۆرىدۇ، (ئاللاھقا ئۇچرىشىشقا گۇمانى ياخشى قىلغان كىشى ئەمەلنى ياخشى قىلىدۇ،بىشارەت بىرلىدۇ). ئەھمەد، بەيھەقى، نەسەئى، تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.

*1227 ـ باب فضل الذكر والدعاء، والتقرب إلى الله تعالى*

6775 ـ حدّثنا أبُو كُرَيْبٍ، مُحَمّدُ بْنُ الْعَلاَءِ. حَدّثنَا وَكِيعٌ عَنْ جَعْفَرِ بْنِ بُرْقَانَ، عَنْ يَزِيدَ بْنِ الأصَمّ، عَنْ أبِي هُرَيْرَةَ قَالَ: قَالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: «إنّ اللّهَ يَقُولُ: أنَا عِنْدَ ظَنّ عَبْدِي بِي. وَأنَا مَعَهُ إذَا دَعَانِي».

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ئاللاھتائالا مۇنداق دەيدۇ: مەن بەندەمنىڭ ماڭا بولغان گۇمانىدا، (بەندەم ماڭا گۇمان قىلىدۇ،گۇمانى ياخشى بولسا، ياخشى ، يامان بولسا، يامان بۇلىدۇ) ئۇ مىنى ئەسلەپ دۇئا قىلسىلا مەن ئۇنىڭ بىلەن بىللە.

6776 ـ حدّثنا مُحَمّدُ بْنُ بَشّارِ بْنِ عُثْمَانَ الْعَبْدِيّ. حَدّثنَا يَحْيَىَ (يَعْنِي ابْنَ سَعِيدٍ) وَ ابْنُ أبِي عَدِيَ عَنْ سُلَيْمَانَ (وَهُوَ التّيْمِيّ)، عَنْ أنَسِ بْنِ مَالِكٍ، عَنْ أبِي هُرَيْرَةَ، عَنِ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم قَالَ: «قَالَ اللّهُ عَزّ وَجَلّ: إذَا تَقَرّبَ عَبْدِي مِنّي شِبْراً، تَقَرّبْتُ مِنْهُ ذِرَاعاً. وَإذَا تَقَرّبَ مِنّي ذِرَاعاً، تَقَرّبْتُ مِنْهُ بَاعاً ــ أوْ بُوعاً ــ. وَإذَا أتَانِي يَمْشِي، أتَيْتُهُ هَرْوَلَةً».
6777 ـ حدّثنا مُحَمّدُ بْنُ عَبْدِ الأعْلَى الْقَيْسِيّ. حَدّثنَا مُعْتَمِرٌ عَنْ أبِيهِ بِهَـذَا الأسْنَادِ. وَلَمْ يَذْكُرْ «إذَا أتَانِي يَمْشِي، أتَيْتُهُ هَرْوَلَةً».

ئەنەس، ئەبۇ ھۇرەيرە، سەلمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملاردىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ئاللاھتائالا مۇنداق دەيدۇ: بەندە ماڭا بىر غېرىچ يېقىنلاشسا، مەن ئۇنىڭغا بىر گەز يېقىنلىشىمەن، بەندەم ماڭا بىر گەز يېقىنلاشسا، مەن ئۇنىڭغا بىر غۇلاچ يېقىنلىشىمەن، ئۇ ماڭا مېڭىپ كەلسە، مەن ئۇنىڭغا يۈگۈرۈپ بارىمەن،

بۇخارى، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ، بۇ مەنىۋى يېقىنلىق بولۇپ، كەيپىياتىنى ئاللاھ ئۆزى بىلىدۇ، ئاللاھ ھەممىگە قادىر، ئوخشىشى يوقتۇر، بىز ئىمان كەلتۈرىمىز،كەيپىياتىدىن سوئال سورىمايمىز.

**6778 ـ حدّثنا أبُو بَكْر بْنُ أبي شَيْبَةَ و أبُو كُرَيْبٍ. (وَاللّفْظُ لأبي كُرَيْبٍ). قالاَ: حَدّثنَا أبُو مُعَاوِيَةَ عَنِ الأعْمَش، عَنْ أبي صَالِحٍ، عَنْ أبي هُرَيْرَةَ قَالَ: قَالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: «يَقُولُ اللّهُ عَزّ وَجَلّ: أنَا عِنْدَ ظَنّ عَبْدِي. وَأنَا مَعَهُ حِينَ يَذْكُرُنِي. فَإنْ ذَكَرَنِي فِي نَفْسِهِ، ذَكَرْتُهُ فِي نَفْسِي. وَإنْ ذَكَرَنِي فِي مَلإٍ، ذَكَرْتُهُ فِي مَلإٍ خَيْرٍ مِنْهُ. وَإنِ اقْتَرَبَ إلَيّ شِبْراً، تَقَرّبْتُ إلَيْهِ ذِرَاعاً، وَإنِ اقْتَرَبَ إلَيّ ذِرَاعاً، اقْتَرَبْتُ إلَيْهِ بَاعاً. وَإنْ أتَانِي يَمْشِي، أتَيْتُهُ هَرْوَلَةً».**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ئاللاھتائالا مۇنداق دەيدۇ: مەن بەندەمنىڭ ماڭا بولغان گۇمانىدا، (بەندەم ماڭا گۇمان قىلىدۇ،گۇمانى ياخشى بولسا، ياخشى ، يامان بولسا، يامان بولىدۇ) ئۇ مىنى ئەسلىسىلا مەن ئۇنىڭ بىلەن بىللە،ئەگەر ئۇ مىنى ئىچىدە مەخپى ئەسلىسە، مەنمۇ ئۇنى ئىچىمدە زاتىمدا مەخپى ئەسلەيمەن، ئۇ مىنى جامائەتلەر ئارىسىدا ئەسلىسە، مەنمۇ ئۇنى ئۇلاردىن ياخشىراق جامائەتلەر ئارىسىدا ئەسلەيمەن، ئەگەر ئۇ ماڭا بىر غېرىچ يېقىنلاشسا، مەن ئۇنىڭغا بىر گەز يېقىنلىشىمەن، ئەگەر ئۇ ماڭا بىر گەز يېقىنلاشسا، مەن ئۇنىڭغا بىر غۇلاچ يېقىنلىشىمەن، ئەگەر ئۇ ماڭا مېڭىپ كەلسە، مەن ئۇنىڭغا يۈگرەپ بارىمەن. ئەھمەد، بەيھەقى، بۇخارى،مۇسلىم تىرمىزى، ئىبنى ماجە سەھىھ.

**6779 ـ حدّثنا أبُو بَكْر بْنُ أبي شَيْبَةَ. حَدّثنَا وَكِيعٌ. حَدّثنَا الأعْمَشُ عَنِ الْمَعْرُور بْنِ سُوَيْدٍ، عَنْ أبي ذر قَالَ: قَالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: «يَقُولُ اللّهُ عَزّ وَجَلّ: مَنْ جَاءَ بِالْحَسَنَةِ فَلَهُ عَشْرُ أمْثَالِهَا وَأزِيدُ. وَمَنْ جَاءَ بِالسّيّئَةِ، فَجَزَاؤُهُ سَيّئَةٌ مِثْلُهَا، أوْ أغْفِرُ. وَمَنْ تَقَرّبَ مِنّي شِبْراً، تَقَرّبْتُ مِنْهُ ذِرَاعاً. وَمَنْ تَقَرّبَ مِنّي ذِرَاعاً، تَقَرّبْتُ مِنْهُ بَاعاً. وَمَنْ أتَانِي يَمْشِي، أتَيْتُهُ هَرْوَلَةً. وَمَنْ لَقِيَنِي بِقُرَابِ الأرْضِ خَطِيئَةً لاَ يُشْرِكُ بِي شَيْئاً، لَقِيتُهُ بِمِثْلِهَا مَغْفِرَةً».**
**قَالَ إبْرَاهِيمُ: حَدّثنَا الْحَسَنُ بْنُ بِشْرٍ. حَدّثنَا وَكِيعٌ. بِهَذَا الْحَدِيث.**
**6780 ـ حدّثنا أبُو كُرَيْبٍ. حَدّثنَا أبُو مُعَاوِيَةَ عَنِ الأعْمَش بِهَذَا الأسْنَادِ. نَحْوَهُ. غَيْرَ أنّهُ قَالَ: «فَلَهُ عَشْرُ أمْثَالِهَا أوْ أزِيدُ».**

ئەبۇ زەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ئاللاھتائالا مۇنداق دەيدۇ: كىم بىر ياخشىلىق قىلسا، ئۇ كىشىگە ئۇنىڭ ئوخشىشىدەك ئون ياخشىلىق بېرىلىپ، نىيىتىگە، ئىخلاسىغا قارىتا مەن يەنە زىيادە قىلىپ بېرىمەن، كىم بىر يامانلىق قىلسا، ئۇنىڭ جازاسى شۇ بىر يامانلىقلا بولۇپ، تۆۋبە قىلسا، مەغپىرەت قىلىۋېتىمەن، كىم ماڭا بىر غېرىچ يېقىنلاشسا، مەن ئۇ كىشىگە بىر گەز يېقىنلىشىمەن، كىم ماڭا بىر گەز يېقىنلاشسا، مەن ئۇ كىشىگە بىر غۇلاچ يېقىنلىشىمەن، كىم ماڭا مېڭىپ كەلسە، مەن ئۇ كىشىگە يۈگرەپ بارىمەن، كىم ماڭا، زىمىن تولغىدەك خاتالىقنى قىلىپ، ئاندىن ماڭا ھېچ نەرسىنى شېرىك كەلتۈرمەي ئۇچراشسا، مەن ئۇ كىشىگە زىمىن تولغىدەك مەغپىرەت بىلەن ئۇچۇرشىمەن، (يەنى مەغپىرەت قىلىپ كەچۈرىۋېتىمەن، شەرتى، ئىمان، شېرىك كەلتۈرمەسلىك). ئەھمەد، مۇسلىم، ئىبنى ماجە ، سەھىھ.

( بۇ ھەدىستىكى ئاللاھنىڭ سۈپەتلىرى، ئۆزگە لايىق رەۋىشتە، ئوخشىشى يوق باردۇر، ئۆزگە مەلۇم، بىزگە مەنىسى مەلۇم، كەيپىياتى نامەلۇم، ئىمان ۋاجىپ، سۇئال بىدئەت دىگەن، قائىدە بويىچە بولىدۇ.)

## 1228 ـ باب كراهة الدعاء بتعجيل العقوبة في الدنيا بۇ دۇنيادىلا ئازاپلىنىشنى ئالدىراپ دۇئا قىلماسلىق

6781 ـ6782 ـ حدّثنا أبُو الْخَطّاب، زِيَادُ بْنُ يَحْيَى الْحَسَّانِيّ. حَدّثَنَا مُحَمّدُ بْنُ أبي عَدِيَ عَنْ حُمَيْدٍ، عَنْ ثَابِتٍ، عَنْ أنَسٍ أنّ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم عَادَ رَجُلاً مِنَ الْمُسْلِمِينَ قَدْ خَفَتَ فَصَارَ مِثْلَ الْفَرْخِ. فَقَالَ لَهُ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: «هَلْ كُنْتَ تَدْعُو بِشَيْءٍ أوْ تَسْأَلُهُ إيّاهُ؟» قَالَ: نَعَمْ. كُنْتُ أقُولُ: اللّهُمّ مَا كُنْتَ مُعَاقِبِي بِهِ فِي الآخِرَةِ، فَعَجّلْهُ لِي فِي الدّنْيَا. فَقَالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: «سُبْحَانَ اللّهِ لاَ تُطِيقُهُ ـــ أوْ لاَ تَسْتَطِيعُهُ ـــ أفَلاَ قُلْتَ: اللّهُمّ آتِنَا فِي الدّنْيَا حَسَنَةً وَفِي الآخِرَةِ حَسَنَةً وَقِنَا عَذَابَ النّارِ»، قَالَ: فَدَعَا اللّهَ لَهُ. فَشَفَاهُ. حدّثناه عَاصِمُ بْنُ النّضْرِ التّيْمِيّ. حَدّثَنَا خَالِدُ بْنُ الْحَارِثِ. حَدّثَنَا حُمَيْدٌ بِهَـٰذَا الأسْنَادِ. إلَى قَوْلِهِ «وَقِنَا عَذَابَ النّارِ» وَلَمْ يَذْكُرِ الزّيَادَةَ.

6783 ـ وحدّثني زُهَيْرُ بْنُ حَرْبٍ. حَدّثَنَا عَفّانُ. حَدّثَنَا حَمّادٌ. أخْبَرَنَا ثَابِتٌ عَنْ أنَسٍ أنّ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم دَخَلَ عَلَى رَجُلٍ مِنْ أصْحَابِهِ يَعُودُهُ، وَقَدْ صَارَ كَالْفَرْخِ. بِمَعْنَى حَدِيثِ حُمَيْدٍ. غَيْرَ أنّهُ قَالَ: «لاَ طَاقَةَ لَكَ بِعَذَابِ اللّهِ» وَلَمْ يَذْكُرْ: فَدَعَا اللّهَ لَهُ. فَشَفَاهُ.

6784 ـ حدّثنا مُحَمّدُ بْنُ الْمُثَنّى وَ ابْنُ بَشّارٍ. قَالاَ: حَدّثَنَا سَالِمُ بْنُ نوح الْعَطّارُ عَنْ سَعِيدِ بْنِ أبي عَرُوبَةَ، عَنْ قَتَادَةَ، عَنْ أنَسٍ، عَنِ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم بِهَـٰذَا الْحَدِيثِ.

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم، كېسەلنىڭ سەۋەبىدىن خۇددى قۇشنىڭ بالىسىدەك يەڭگىللەپ كەتكەن بىر مۇسۇلمان كىشىنى يوقلاپ بىرىپ؛ نىمە دەپ دۇئا قىلدىڭ؟ دىسە، ئۇ كىشى؛ ئى ئاللاھ، مىنى ئاخىرەتتە ئازابلىماقچى بولساڭ، مۇشۇ دۇنيادىلا ئازابلىغىن دەپ دۇئا قىلدىم دىگەندە، رەسۇلۇللاھ : سۇبھانەللاھ! سەن ھەرگىز تاقەت قىلالمايسەن، قادىر بولالمايسەن، نىمىشقا مۇنداق دەپ دۇئا قىلمىدىڭ؟ «ئاللاھۇمما ئاتىنا فىددۇنيا ھەسەنەتەن ۋەفىلئاخىرەتى ھەسەنەتەن ۋەقىنا ئازابەننار» دىگەن.

تەرجىمىسى: ئى ئاللاھ، بىزگە بۇ دۇنيادىمۇ ياخشىلىق ئاتا قىلسىلا، ئاخىرەتتىمۇ ياخشىلىق جەننەت ئاتا قىلسىلا، بىزنى دوۋزاخ ئازابىدىن ساقلىسىلا» كىيىن بۇ كىشى الله قا شۇ دۇئانى قىلسا، كېسىلىدىن ساقىيىپ قالىدۇ، ئەھمەد، مۇسلىم، تىرمىزى، نەسەئى، بۇخارى ئەدەپتە توپلىغان، سەھىھ.

## 1229 ـ باب فضل مجالس الذكر زىكرى مەجلىسنىڭ پەزىلىتى

6785 ـ حدّثنا مُحَمّدُ بْنُ حَاتِمِ بْنِ مَيْمُونٍ. حَدّثَنَا بَهْزٌ. حَدّثَنَا وُهَيْبٌ. حَدّثَنَا سُهَيْلٌ عَنْ أبِيهِ، عَنْ أبي هُرَيْرَةَ، عَنِ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم قَالَ: «إنّ لِلّهِ تَبَارَكَ وَتَعَالَى مَلاَئِكَةً سَيّارَةً، فُضُلاً. يَبْتَغُونَ مَجَالِسَ الذّكْرِ. فَإذَا وَجَدُوا مَجْلِساً فِيهِ ذِكْرٌ قَعَدُوا مَعَهُمْ. وَحَفّ بَعْضُهُمْ بَعْضاً بِأجْنِحَتِهِمْ. حَتّى يَمْلأُوا مَا بَيْنَهُمْ وَبَيْنَ السّمَاءِ الدّنْيَا. فَإذَا تَفَرّقُوا عَرَجُوا وَصَعِدُوا إلَى السّمَاءِ. قَالَ: فَيَسْأَلُهُمُ اللّهُ عَزّ وَجَلّ، وَهُوَ أعْلَمُ بِهِمْ: مِنْ أيْنَ جِئْتُمْ؟ فَيَقُولُونَ: جِئْنَا مِنْ عِنْدِ عِبَادٍ لَكَ فِي الأرْضِ، يُسَبّحُونَكَ وَيُكَبّرُونَكَ وَيُهَلّلُونَكَ وَيُمَجّدُونَكَ وَيَسْألُونَكَ. قَالَ: وَمَاذَا يَسْألُونِي؟ قَالُوا: يَسْألُونَكَ جَنّتَكَ. قَالَ: وَهَلْ رَأوْا جَنّتِي؟ قَالُوا: لاَ. أيْ رَبّ قَالَ: فَكَيْفَ لَوْ رَأوْا جَنّتِي؟. قَالُوا: وَيَسْتَجِيرُونَكَ. قَالَ: وَمِمّ يَسْتَجِيرُونَنِي؟ قَالُوا: مِنْ نَارِكَ. يَا رَبّ قَالَ: وَهَلْ رَأوْا نَارِي؟ قَالُوا: لاَ. قَالَ: فَكَيْفَ لَوْ رَأوْا نَارِي؟. قَالُوا: وَيَسْتَغْفِرُونَكَ. قَالَ: فَيَقُولُ: قَدْ غَفَرْتُ لَهُمْ. فَأعْطَيْتُهُمْ مَا سَألُوا وَأجَرْتُهُمْ مِمّا اسْتَجَارُوا. قَالَ: فَيَقُولُونَ: رَبّ فِيهِمْ فُلاَنٌ. عَبْدٌ خَطّاءٌ. إنّمَا مَرّ فَجَلَسَ مَعَهُمْ. قَالَ: فَيَقُولُ: وَلَهُ غَفَرْتُ. هُمُ الْقَوْمُ لاَ يَشْقَى بِهِمْ جَلِيسُهُمْ».

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ھەقىقەتەن ئاللاھتائالانىڭ (كىشىلەرنىڭ ئەمەللىرىنى يازىدىغان كاتىپ پەرىشتىلەردىن باشقا ) ساياھەتچى پەرىشتىلىرى

**سەھىھ مۇسلىمنىڭ تەرجىمىسى**

بولۇپ، ئۇلار يوللارنى ئايلىنىپ زىكرى ئەھلىلىرىنى ئىزدەيدۇ، ئاللاھنى ئەسلەۋەتقان بىرەر جامائەت قەۋمىنى تاپسا، ئۆزئارا بىر ــ بىرىنى تووۇلۇشۇپ، بۇياققا كېلىڭلار! ھاجىتىڭلارغا كېلىڭلار ! دەپ نىدا قىلىشىدۇ، پەرىشتىلەر ئۇ زىكرى ئەھلىنى قاناتلىرى بىلەن دۇنيا ئاسمىنىغىچە قورشىۋالىدۇ،(ئۇلار بىلەن بىللە ئولتۇرىدۇ، ئۇلارنىڭ قاناتلىرى ئاسمان ـ زىمىن ئارىسىنى لىق قورشىۋالىدۇ، زىكرى ئەھلى تارقىغاندا، ئۇلار ئاسمانغا ئۆرلەيدۇ) . ئۇلارنىڭ پەرۋەردىگارى ئۇلاردىنمۇ ئالىمراق، بىلىپ تۇرۇپ، بەندىلىرىم نېمە دەۋاتىدۇ؟ دەپ سورايدۇ.

پەرىشتىلەر: ئۇلار سىلىگە تەسبىھ، تەكبىر، ھەمدە ئېيتىپ، سىلىنى ئۇلۇغلاۋاتىدۇ دەيدۇ.

ئاللاھ: ئۇلار مېنى كۆرگەنمۇ؟ دېسە،ئۇلار، ياق، ئاللاھ بىلەن قەسەمكى،ئۇلار سىلىنى ھەرگىز كۆرمىگەن دەيدۇ.

ئاللاھ: ئەگە ئۇلار مېنى كۆرگەن بولسا، قانداق بولاتتى؟ دېسە، ئۇلار ; ئەگەر ئۇلار سىلىنى كۆرگەن بولسا، سىلىگە تېخىمۇ قاتتىق ئىبادەت قىلاتتى، سىلىنى تېخىمۇ ئۇلۇغلاپ كېتەتتى، تېخىمۇ كۆپ تەسبىھ، تەكبىر، ھەمدە ئېيتىپ كېتەتتى دەيدۇ.

ئاللاھ: ئۇلار مەندىن نېمىنى سوراۋاتىدۇ؟ دەيدۇ: پەرىشتىلەر؛ ئۇلار سىلىدىن جەننەتنى سوراۋاتىدۇ.

ئاللاھ: ئۇلار جەننەتنى كۆرگەنمۇ؟

پەرىشتىلەر؛ ياق، ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، ئۇلار جەننەتنى كۆرۈپ باقمىغان.

ئاللاھ: ئەگەر ئۇلار جەننەتنى كۆرگەن بولسا، قانداق قىلاتتى؟ دېسە، پەرىشتىلەر ; ئەگەر ئۇلار جەننەتنى كۆرگەن بولسا، جەننەتكە تېخىمۇ قاتتىق ھېرىسمەن بولاتتى، بەك قىزىققان بولاتتى، قاتتىق تەلەپ قىلاتتى دەيدۇ.

ئاللاھ: ئۇلار نېمىدىن پاناھ تىلەۋاتىدۇ؟، پەرىشتىلەر؛ ئۇلار سىلىگە سېغىنىپ، دوۋزاخدىن پاناھ تىلەۋاتىدۇ.

ئاللاھ: ئۇلار دوۋزاخنى كۆرگەنمۇ؟ پەرىشتىلەر ; ياق ئى رەببىم، ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، ئۇلار دوۋزاخنى كۆرمىگەن دەيدۇ.ئاللاھ: ئەگەر ئۇلار دوۋزاخنى كۆرگەن بولسا، قانداق بولاتتى؟ دېسە، ئۇلار ; ئەگەر دوۋزاخنى كۆرگەن بولسا، ئۇنىڭدىن تېخىمۇ قاتتىق قاچاتتى، تېخىمۇ قورققان بولاتتى دەيدۇ، ئاندىن ئاللاھ، ئۇلارغا ; مەن سىلەرنى گۇۋاھچى قىلىمەن، جەزمەن ئۇلار ئۇچۇن مەغپىرەت قىلدىم دەيدۇ، ئاندىن پەرىشتىلەردىن بىرى ; ئۇلارنىڭ ئىچىدە باشقا ھاجەت بىلەن كېلىپ، بىللە ئولتۇرۇپ قالغان، لېكىن ئۇلارنىڭ جۈملىسىدىن ئەمەس بىر كىشى بار(ئۇنىڭ گۇناھى بەك كۆپتۇر )دەيدۇ، ئاللاھ، ئۇلارغا؛ بۇ ئەھلى زىكرى شۇنداق ئالاھىدە بىر كىشلەركى، بۇلارنىڭ سەۋەبىدىن ئۇلار بىلەن بىللە ئولتۇرغان كىشىمۇ شەقى ھېسابلانمايدۇ دەيدۇ . ئەھمەد، بەيھەقى،بۇخارى،مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.

**ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى:**

1 . كىرامەن كاتىبىنلەردىن باشقا ساياھەتچى پەرىشتىلەر باردۇر.

2 . ئۇلار زىكرى ئەھلىنى ئىلىم مەجلىسىنى ئىزدەيدۇ.

3 . پەرىشتىلەر ئۆزئارا سۆزلىشىدۇ، تووۇلىشىدۇ، بىز بىلمەيمىز.

4 .پەرىشتىلەردىن،ﷲ تەئالا بىلەن خىتاپ قىلىپ سۆزلىشىدىغانلىرى باردۇر.

5 . ئاللاھ بىلىپ تۇرۇپ سورايدۇ، بۇنى ھەم رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىزگە بىلسۇن دەپ سۆزلەپ بەردى.

6 . تەسبىھ، تەكبىر، ھەمدۇ ــ سانانىڭ پەزىلىتى بار.

7. بەندىلەر بۇ دۇنيادا ئاللاھنى كۆرەلمەيدۇ.

8. كۆرگەن بولسا، ئىش باشقىچە بولاتتى.

9. جەننەت، دوۋزاخ مەۋجۇددۇر، ھازىرمۇ باردۇر.

10. بەندىلەر بۇ ئىككىسنى كۆرەلمەيدۇ.

11. كۆرگەن بولسا، ئىشلار باشقىچە بولاتتى، بىز ھىلىھەممۇ كۆرگەندەك ئىبادەت قىلايلى.

12. ياخشىلارغا ھەمراھ بولغان ياخشى ھېسابلىنىدۇ. **ئىككى ھەدىس بىراقلا تەرجىمە قىلىندى.**

### 1230 ـ باب فضل الدعاء باللّهُمّ آتنا في الدنيا حسنة، وفي الآخرة حسنة، وقنا عذاب النار

### «رەببەنا ئاتىنا........»دېگەن دۇئانىڭ پەزىلىتى

6786 ـ حدّثني زُهَيْرُ بْنُ حَرْبٍ. حَدّثَنَا إِسْمَاعِيلُ (يَعْنِي ابْنَ عُلَيّةَ) عَنْ عَبْدِ الْعَزِيزِ (وَهُوَ ابْنُ صُهَيْبٍ) قَالَ: سَأَلَ قَتَادَةُ أَنَساً: أَيّ دَعْوَةٍ كَانَ يَدْعُو بِهَا النّبِيّ صلى الله عليه وسلم أَكْثَرَ؟ قَالَ: كَانَ أَكْثَرُ دَعْوَةٍ يَدْعُو بِهَا يَقُولُ: «اللّهُمّ آتِنَا فِي الدّنْيَا حَسَنَةً وَفِي الآخِرَةِ حَسَنَةً وَقِنَا عَذَابَ النّارِ». قَالَ: وَكَانَ أَنَسٌ، إِذَا أَرَادَ أَنْ يَدْعُوَ بِدَعْوَةٍ، دَعَا بِهَا. فَإِذَا أَرَادَ أَنْ يَدْعُو بِدُعَاءٍ، دَعَا بِهَا فِيهِ.

6787 ـ حدّثنا عُبَيْدُ اللّهِ بْنُ مُعَاذٍ. حَدّثَنَا أَبِي. حَدّثَنَا شُعْبَةُ عَنْ ثَابِتٍ، عَنْ أَنَسٍ قَالَ: كَانَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم يَقُولُ: «رَبّنَا آتِنَا فِي الدّنْيَا حَسَنَةً وَفِي الآخِرَةِ حَسَنَةً وَقِنَا عَذَابَ النّارِ».

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كۆپىنچە مۇنداق دۇئا قىلاتتى:

«ئاللاھۇممە رەببەنا ئاتىنا فىددۇنيا ھەسەنەتەن ۋەفىلئاخىرەتى ھەسەنەتەن ۋەقىنا ئازابەننار». تەرجىمىسى: ئى رەببىمىز، بىزگە بۇ دۇنيادىمۇ ياخشىلىق، ئاخىرەتتىمۇ ياخشىلىق ئاتا قىلسىلا، بىزنى دوۋزاخ ئازابىدىن ساقلىسىلا» ئامىن!. ئەھمەد، بەيھەقى،بۇخارى،مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇدلار توپلىغان، سەھىھ. مانا بۇ دۇئانىڭ ئەڭ ياخشىسىدۇر.

### 1231 ـ باب فضل التهليل والتسبيح والدعاء دۇئا ـ تەكبىر، تەسبىھ ـ تەھلىلنىڭ پەزىلىتى

6788 ـ حدّثنا يَحْيَى بْنُ يَحْيَىَ. قَالَ: قَرَأْتُ عَلَىَ مَالِكٍ عَنْ سُمَيَ، عَنْ أَبِي صَالِحٍ، عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ أَنّ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم قَالَ: «مَنْ قَالَ: لاَ إِلَهَ إِلاّ اللّهُ وَحْدَهُ لاَ شَرِيكَ لَهُ، لَهُ الْمُلْكُ وَلَهُ الْحَمْدُ، وَهُوَ عَلَىَ كُلّ شَيْءٍ قَدِيرٌ، فِي يَوْمٍ، مِائَةَ مَرّةٍ. كَانَتْ لَهُ عِدْلَ عَشْرِ رِقَابٍ. وَكُتِبَتْ لَهُ مِائَةُ حَسَنَةٍ. وَمُحِيَتْ عَنْهُ مِائَةُ سَيّئَةٍ. وَكَانَتْ لَهُ حِرْزاً مِنَ الشّيْطَانِ، يَوْمَهُ ذَلِكَ، حَتّىَ يُمْسِيَ. وَلَمْ يَأْتِ أَحَدٌ أَفْضَلَ مِمّا جَاءَ بِهِ إِلاّ أَحَدٌ عَمِلَ أَكْثَرَ مِنْ ذَلِكَ. وَمَنْ قَالَ: سُبْحَانَ اللّهِ وَبِحَمْدِهِ، فِي يَوْمٍ، مِائَةَ مَرّةٍ، حُطّتْ خَطَايَاهُ. وَلَوْ كَانَتْ مِثْلَ زَبَدِ الْبَحْرِ».

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم بىر كۈندە

«لائىلاھە ئىللەللاھۇ ۋەھدەھۇ لاشەرىيكە لەھۇ لەھۇلمۇلكۇ ۋەلەھۇلھەمدۇ ۋەھۇ ئەلا كۇللى شەيئىن قەدىير»

دېگەننى 100 قېتىم دېسە، ئۇ كىشىگە ئون قۇل ئازاد قىلغاننىڭ ساۋابى بولىدۇ، ئۇ كىشىگە 100 ياخشىلىق يېزىلىپ، ئۇنىڭدىن 100 خاتالىق گۇناھى ئۆچۈرىلىدۇ، بۇ سۆزلەر ئۇ كىشىگە شۇ كۈنى كەچ كىرگىچە شەيتاندىن ساقلايدىغان مۇھاپىزەتچى بولىدۇ، ھېچ كىشى ئۇ ئېلىپ كەلگەن ئەمەللەردىن ئەۋزەل ئەمەل بىلەن كېلەلمەيدۇ، پەقەت ئۇنىڭدىن كۆپ ئەمەل قىلغان، بولۇپمۇ شۇ سۆزلەرنى كۆپ دېگەن كىشى ئەۋزەل كېلەلەيدۇ. ئەھمەد، بەيھەقى،بۇخارى،مۇسلىم، تىرمىزى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

( متفق عليه )وعنه قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " من قال : سبحان الله وبحمده في يوم مائة مرة حطت خطاياه وإن كانت مثل زبد البحر

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم ھەر كۈنى «سۇبھانەللاھى ۋەبىھەمدىھى»نى 100 قېتىم دېسە، گەرچە ئۇنىڭ خاتالىقلىرى دېڭىزنىڭ كۆپۈكىدەك كۆپ بولسىمۇ ھەممىسى مەغپىرەت قىلىنىدۇ، ئۆچۈرۈلىدۇ. ئەھمەد، بەيھەقى، بۇخارى، مۇسلىم، تىرمىزى، ئىبنى ماجە

**6789 ـ حدّثني مُحَمّدُ بْنُ عَبْدِ الْمَلِكِ الأُمَوِيّ. حَدّثنَا عَبْدُ الْعَزِيزِ بْنُ الْمُخْتَارِ عَنْ سُهَيْلٍ، عَنْ سُمَيَ، عَنْ أَبِي صَالِحٍ، عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ قَالَ: قَالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: «مَنْ قَالَ، حِينَ يُصْبِحُ وَحِينَ يُمْسِي: سُبْحَانَ اللّهِ وَبِحَمْدِهِ، مِائَةَ مَرّةٍ، لَمْ يَأْتِ أَحَدٌ، يَوْمَ الْقِيَامَةِ، بِأَفْضَلَ مِمّا جَاءَ بِهِ. إِلاّ أَحَدٌ قَالَ مِثْلَ مَا قَالَ أَوْ زَادَ عَلَيْهِ».**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم ئەتىگەن ــ ئاخشاملىرى«سۇبھانەللاھى ۋەبىھەمدىھى»نى يەنە بىر خاتىردە؛«سۇبھانەللاھىلئەزىيم ۋەبىھەمدىھى»نى 100 قېتىم دېسە، قىيامەت كۈنى ھېچ بىر كىشى ئۇ كىشىدىن، ئۇ كىشىنىڭ ئەمەللىرىدىن ئەۋزەل ئەمەل بىلەن كەلەلمەيدۇ، پەقەت شۇنىڭ ئوخشىشىدا ئەتىگەن ــ ئاخشام ئۇمۇ 100 قېتىم دېسە، ياكى زىيادە قىلسا، ئاندىن ئەۋزەل كىلەلەيدۇ، (چۈنكى، زىيادە دېدى ــ دە!). ئەھمەد،بۇخارى، مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى ، سەھىھ.

**6790 ـ حدّثنا سُلَيْمَانُ بْنُ عُبَيْدِ اللّهِ، أَبُو أَيّوبَ الْغَيْلاَنِيّ. حَدّثنَا أَبُو عَامِرٍ (يَعْنِي الْعَقَدِيّ). حَدّثنَا عُمَرُ (وَهُوَ ابْنُ أَبِي زَائِدَةَ) عَنْ أَبِي إِسْحَقَ، عَنْ عَمْرِو بْنِ مَيْمُونٍ قَالَ: مَنْ قَالَ: لاَ إِلَهَ إِلاّ اللّهُ وَحْدَهُ لاَ شَرِيكَ لَهُ، لَهُ الْمُلْكُ وَلَهُ الحَمْدُ وَهُوَ عَلَى كُلّ شَيْءٍ قَدِيرٌ، عَشْرَ مِرَارٍ، كَانَ كَمَنْ أَعْتَقَ أَرْبَعَةَ أَنْفُسٍ مِنْ وَلَدِ إِسْمَاعِيلَ.**
**وَقَالَ سُلَيْمَانُ: حَدّثنَا أَبُو عَامِرٍ. حَدّثنَا عُمَرُ. حَدّثنَا عَبْدُ اللّهِ بْنُ أَبِي السّفَرِ عَنِ الشّعْبِيّ، عَنْ رَبِيعِ بْنِ خُثَيْمٍ. بِمِثْلِ ذَلِكَ. قَالَ فَقُلْتُ لِلرّبِيعِ: مِمّنْ سَمِعْتَهُ؟ قَالَ: مِنْ عَمْرِو بْنِ مَيْمُونٍ. قَالَ فَأَتَيْتُ عَمْرَو بْنَ مَيْمُونٍ فَقُلْتُ: مِمّنْ سَمِعْتَهُ؟ قَالَ: مِنَ ابْنِ أَبِي لَيْلَى. قَالَ فَأَتَيْتُ ابْنَ أَبِي لَيْلَى فَقُلْتُ: مِمّنْ سَمِعْتَهُ؟ قَالَ: مِنْ أَبِي أَيّوبَ الأَنْصَارِيّ. يُحَدّثُهُ عَنْ رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم.**

ئەبۇ ئەييۇب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم: «لائىلاھە ئىللەللاھۇ ۋەھدەھۇ لاشەرىيكە لەھۇ لەھۇلمۇلكۇ ۋەلەھۇلھەمدۇ ۋەھۇۋە ئەلا كۇللى شەيئىن قەدىير» دېگەننى ئون قېتىم دېسە، ئىسمائىلنىڭ باللىرىدىن بىر قۇل (يەنە بىر خاتىرىدە تۆت قۇل) ئازاد قىلغاندەك بولىدۇ. بەيھەقى، نەسەئى، تىرمىزى، سەھىھ.

**6791 ـ حدّثنا مُحَمّدُ بْنُ عَبْدِ اللّهِ بْنِ نُمَيْرٍ وَ زُهَيْرُ بْنُ حَرْبٍ وَ أَبُو كُرَيْبٍ وَ مُحَمّدُ بْنُ طَرِيفٍ الْبَجَلِيّ. قَالُوا: حَدّثنَا ابْنُ فُضَيْلٍ عَنْ عُمَارَةَ بْنِ الْقَعْقَاعِ، عَنْ أَبِي زُرْعَةَ، عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ قَالَ: قَالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: «كَلِمَتَانِ خَفِيفَتَانِ عَلَى اللّسَانِ، ثَقِيلَتَانِ فِي الْمِيزَانِ، حَبِيبَتَانِ إِلَى الرّحْمَنِ. سُبْحَانَ اللّهِ وَبِحَمْدِهِ. سُبْحَانَ اللّهِ الْعَظِيمِ».**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: تىلغا يەڭگىل، مىيزاندا ئېغىر، رەھمانتائالاغا دوستراق، سۆيۈملۈك ئىككى كەلىمە بار، ئۇ بولسىمۇ، « **سۇبھانەللاھى ۋەبىھەمدىھى،**

**سۇبھانەللاھ ھەلئەزىيم**»، ئاللاھ پاكتۇر، ئاللاھقا ھەمدۇ ــ سانا ئېيتىمىز، بەكمۇ ئۇلۇغ، بۈيۈك ئاللاھ پاكتۇر.

بۇخارى،مۇسلىم، ئەھمەد، بەيھەقى، تىرمىزى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

6792 ـ حدّثنا أبُو بَكْر بْنُ أبي شَيْبَةَ و أبُو كُرَيْبٍ. قالاَ: حَدّثنا أبُو مُعَاوِيَةَ عَنِ الأعْمَش، عَنْ أبي صَالِح، عَنْ أبي هُرَيْرَةَ قالَ: قالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: «لأنْ أقولَ: سُبْحَانَ اللهِ وَالْحَمْدُ للهِ ولاَ إلَـهَ إلاّ اللّهُ وَاللّهُ أكْبَرُ، أحَبّ إلَيّ مِمّا طَلَعَتْ عَلَيْهِ الشّمْسُ».

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئەلۋەتتە مېنىڭ

«سۇبھانەللاھ ۋەلھەمدۇلىللاھ ۋەلائىلاھە ئىللەاللە ۋەاللە ئەكبەر» دېيىشىم، ماڭا، ئۈستىگە كۈن چىققان بارلىق

نەرسىلەردىن سۆيۈملۈكتۇر، يەنى پۈتۈن دۇنيادىن ياخشىدۇر. مۇسلىم، تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.

6793 ـ حدّثنا أبُو بَكْر بْنُ أبي شَيْبَةَ. حَدّثنا عَلِيّ بْنُ مُسْهِر و ابْنُ نُمَيْر عَنْ مُوسَى الْجُهَنِيّ. ح وَحَدّثنا مُحَمّدُ بْنُ عَبْدِ اللّهِ بْن نُمَيْر (وَاللّفْظُ لَهُ). حَدّثنا أبي. حَدّثنا مُوسَى الْجُهَنِيّ عَنْ مُصْعَبِ بْن سَعْدٍ، عَنْ أبيهِ قالَ: جَاءَ أعْرَابيّ إلَى رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم. فقالَ: عَلّمْنِي كَلاَماً أقولُهُ. قالَ «قُلْ: لاَ إلَـهَ إلاّ اللّهُ وَحْدَهُ لاَ شَرِيكَ لَهُ، اللّهُ أكْبَرُ كَبِيراً وَالْحَمْدُ للهِ كَثِيراً سُبْحَانَ اللّهِ رَبّ الْعَالَمِينَ، لاَ حَوْلَ وَلاَ قُوّةَ إلاّ باللّهِ الْعَزِيزِ الْحَكِيمِ». قالَ: فَهَؤُلاَءِ لِرَبّي. فمَا لِي؟ قالَ: «قُلِ اللّهُمّ اغْفِرْ لِي وَارْحَمْنِي وَاهْدِنِي وَارْزُقْنِي». قالَ مُوسَى: أمّا عَافِنِي، فأنَا أتَوَهّمُ وَمَا أدْرِي. وَلَمْ يَذْكُر ابْنُ أبي شَيْبَةَ فِي حَدِيثِهِ قَوْلَ مُوسَى.

سەئد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېيدۇ؛بىر ئەئرابى كىشى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم نىڭ قېشىغا

كېلىپ؛ ماڭا مەن دەيدىغان بىرەر نەرسە ئۆگىتىپ قويسىلا دېدى. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم : «**لا**

**ئىلاھە ئىللەللاھۇ ۋەھدەھۇ لاشەرىيكە لەھۇ، الله ئەكبەر كەبىيرا، ۋە لھەمدۇلىللا ھى كەسىيرا،ۋە سۇبھانەللا ھى**

**رەببىلئالەمىين ، لا ھەۋلە ۋەلا قۇۋۋەتە ئىللاھ بىللاھى لئەزىيزىلھەكىيم**» دېگىن دېدى.ئۇكىشى: ئى الله نىڭ

ئەلچىسى! بۇلار رەببىم الله قا خاستۇر، مەن ئۈچۈن قانداق دۇئا قىلىمەن؟ دېدى. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى

ۋەسەللەم: «ئى ئاللاھ!، ماڭا مەغپىرەت قىلسىلا، ماڭا رەھىم قىلسىلا، مىنى ھىدايەت قىلسىلا، ماڭا ھالالدىن

ياخشى رىزىق بەرسىلە، مىنى ساق ــ سالامەت ساقلىسىلا،» دېگىن، (ھەقىقەتەن دۇئا قىلىشتا، ئاشۇ سۆزلەر ساڭا

دۇنيا ــ ئاخىرەتنىڭنى بىرلەشتۈرۈپ، جۇغلاپ كۈپايە بولىدۇ)دېدى.مۇسلىم توپلىغان سەھىھ.

6794 ـ حدّثنا أبُو كَامِلٍ الْجَحْدَرِيّ. حَدّثنا عَبْدُ الْوَاحِدِ (يَعْنِي ابْنَ زِيَادٍ). حَدّثنا أبُو مَالِكٍ الأشْجَعِيّ عَنْ أبيهِ قالَ: كَانَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم يُعَلّمُ مَنْ أسْلَمَ يَقُولُ: «اللّهُمّ اغْفِرْ لِي وَارْحَمْنِي وَاهْدِنِي وَارْزُقْنِي».

6795 ـ حدّثنا سَعِيدُ بْنُ أزْهَرَ الْوَاسِطِيّ. حَدّثنا أبُو مُعَاوِيَةَ. حَدّثنا أبُو مَالِكٍ الأشْجَعِيّ عَنْ أبيهِ قالَ: كَانَ الرّجُلُ إذَا أسْلَمَ عَلّمَهُ النّبيّ صلى الله عليه وسلم الصّلاَةَ. ثُمّ أمَرَهُ أنْ يَدْعُوَ بِهَؤُلاَءِ الْكَلِمَاتِ: «اللّهُمّ اغْفِرْ لِي وَارْحَمْنِي وَاهْدِنِي وَعَافِنِي وَارْزُقْنِي».

سەئد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېيدۇ؛ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇسۇلمان بولۇپ كەلگەن كىشىگە

نامازنى ئۆگىتىپ ئاندىن مۇنداق دۇئا قىلىشنى ئۆگىتىپ قويىتتى:«ئى ئاللاھ!، ماڭا مەغپىرەت قىلسىلا، ماڭا

رەھىيم قىلسىلا، مىنى ھىدايەت قىلسىلا، ماڭا ھالالدىن ياخشى رىزىق بەرسىلە، مىنى ساق ــ سالامەت ساقلىسىلا».

**6796 ـ حدّثني زُهَيرُ بْنُ حَرْبٍ. حَدّثنَا يَزِيدُ بْنُ هَرُونَ. أَخْبَرَنَا أَبُو مَالِكٍ عَنْ أَبِيهِ أَنّهُ سَمِعَ النّبيّ صلى الله عليه وسلم، وَأَتَاهُ رَجُلٌ فَقَالَ: يَا رَسُولَ اللّهِ كَيْفَ أَقُولُ حِينَ أَسْأَلُ رَبّي؟ قالَ «قُلِ: اللّهُمّ اغْفِرْ لِي وَارْحَمْنِي وَعَافِنِي وَارْزُقْنِي» وَيَجْمَعُ أَصَابِعَهُ إِلاّ الإِبْهَامَ «فَإِنّ هَؤُلاَءِ تَجْمَعُ لَكَ دُنْيَاكَ وَآخِرَتَكَ».**

سەئد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ بىركىشى كىلىپ: ئى **الله** نىڭ ئەلچىسى! مەن رەببىمدىن سورغاندا قانداق دۇئا قىلىمەن؟ دىدى. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم : «ئى ئاللاھ!، ماڭا مەغپىرەت قىلسىلا، ماڭا رەھىيم قىلسىلا، مىنى ھىدايەت قىلسىلا، ماڭا ھالالدىن ياخشى رىزىق بەرسىلە، مىنى ساق ــ سالامەت ساقلىسىلا،» دىگىن،ھەقىقەتەن دۇئا قىلىشتا، ئاشۇ سۆزلەر ساڭا دۇنيا ــ ئاخىرەتىڭنى بىرلەشتۈرۈپ، جۇغلاپ كۈپايە بولىدۇ)دىدى. تارىق ئىبنى ئەشجەئىنىڭ دادىسى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم، مۇسۇلمان بولغان كىشىگە نامازنى ئۆگۈتۈپ قويۇپ، ئاندىن ئۇنى مۇنۇ كەلىمىلەر بىلەن دۇئا قىلىشقا بۇيرۇيتتى:« ئى ئاللاھ، ماڭا مەغپىرەت قىلسىلا، ماڭا رەھىيم قىلسىلا،مىنى ھىدايەت قىلسىلا، مىنى ساق ــ سالامەت ساقلىسىلا، ماڭا ھالالدىن ياخشى رىزىق بەرسىلە» تارىق ئىبنى ئەشجەئى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ئى ئاللاھ، ماڭا مەغپىرەت قىلسىلا، ماڭا رەھىيم قىلسىلا، مىنى ساق ــ سالامەت ساقلىسىلا، ماڭا ھالالدىن ياخشى رىزىق بەرسىلە دىگىن، ھەقىقەتەن دۇئا قىلىشتا ئاشۇ سۆزلەر ساڭا دۇنيا ــ ئاخىرەتىڭنى بىرلەشتۈرۈپ، جۇغلاپ كۈپايە بولىدۇ، ئەھمەد، مۇسلىم، ئىبنى ماجە توپلىغان

**6797 ـ حدّثنا أَبُو بَكْرِ بْنُ أَبِي شَيْبَةَ. حَدّثنَا مَرْوَانُ وَ عَلِيّ بْنُ مُسْهِرٍ عَنْ مُوسَى الْجُهَنِيّ. ح وَحَدّثنَا مُحَمّدُ بْنُ عَبْدِ اللّهِ بْنُ نُمَيْرٍ (وَاللّفْظُ لَهُ). حَدّثنَا أَبِي. حَدّثنَا مُوسَى الْجُهَنِيّ عَنْ مُصْعَبِ بْنِ سَعْدٍ. حَدّثنِي أَبِي قَالَ: كُنّا عِنْدَ رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم فَقَالَ: «أَيَعْجِزُ أَحَدُكُمْ أَنْ يَكْسِبَ، كُلّ يَوْمٍ، أَلْفَ حَسَنَةٍ؟» فَسَأَلَهُ سَائِلٌ مِنْ جُلَسَائِهِ: كَيْفَ يَكْسِبُ أَحَدُنَا أَلْفَ حَسَنَةٍ؟ قَالَ «يُسَبّحُ مِائَةَ تَسْبِيحَةٍ، فَيُكْتَبُ لَهُ أَلْفُ حَسَنَةٍ. أَوْ يُحَطّ عَنْهُ أَلْفُ خَطِيئَةٍ».**

سەئد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىزگە مۇنداق دەدى: بىرىڭلار ھەر كۈنى 1000 ياخشىلىق قىلىشدىن ئاجىز كىلەرمۇ؟ ، ئولتۇرغانلاردىن بىرسى ؛ بىرىمىز قانداقمۇ ھەر كۈنى 1000 ياخشىلىق قىلالىسۇن؟ دەپ سوردى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم؛ ئۇ، ئاللاھقا 100 تەسبىھ ئىيتسا، ئاللاھ ئۇ كىشى ئۈچۈن شۇ 100نىڭ باراۋىرىگە 1000 ياخشىلىق يىزىپ ، ئۇنىڭدىن 1000 خاتالىقنى ئۆچۈرۈۋىتىدۇ،دىدى. ئەھمەد، مۇسلىم، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

### *1232 ـ باب فضل الاجتماع على تلاوة القرآن، وعلى الذكر*

## قۇرئان تىلاۋىتىگە ۋە زىكىر ھالقىسىغا يىغىلىشنىڭ پەزىلىتى

**6798 ـ حدّثنا يَحْيَى بْنُ يَحْيَى التّمِيمِيّ وَ أَبُو بَكْرِ بْنُ أَبِي شَيْبَةَ وَ مُحَمّدُ بْنُ الْعَلاَءِ الْهَمْدَانِيّ ــ وَاللّفْظ لِيَحْيَى ــ (قَالَ يَحْيَى: أَخْبَرَنَا. وَقَالَ الآخَرَانِ: حَدّثنَا) أَبُو مُعَاوِيَةَ عَنِ الأَعْمَشِ، عَنْ أَبِي صَالِحٍ، عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ قَالَ: قَالَ رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: «مَنْ نَفّسَ عَنْ مُؤْمِنٍ كُرْبَةً مِنْ كُرَبِ الدّنْيَا، نَفّسَ اللّهُ عَنْهُ كُرْبَةً مِنْ كُرَبِ يَوْمِ الْقِيَامَةِ. وَمَنْ يَسّرَ عَلَى مُعْسِرٍ، يَسّرَ اللّهُ عَلَيْهِ فِي**

**الدّنْيَا وَالآخِرَةِ. وَمَنْ سَتَرَ مُسْلِماً، سَتَرَهُ اللّهُ فِي الدّنْيَا وَالآخِرَةِ. وَاللّهُ فِي عَوْنِ الْعَبْدِ مَا كَانَ الْعَبْدُ فِي عَوْنِ أَخِيهِ. وَمَنْ سَلَكَ طَرِيقاً يَلْتَمِسُ فِيهِ عِلْماً، سَهّلَ اللّهُ لَهُ بِهِ طَرِيقاً إِلَى الْجَنّةِ. وَمَا اجْتَمَعَ قَوْمٌ فِي بَيْتٍ مِنْ بُيُوتِ اللّهِ، يَتْلُونَ كِتَابَ اللّهِ، وَيَتَدَارَسُونَهُ بَيْنَهُمْ، إِلاّ نَزَلَتْ عَلَيْهِمُ السّكِينَةُ، وَغَشِيَتْهُمُ الرّحْمَةُ وَحَفّتْهُمُ الْمَلاَئِكَةُ، وَذَكَرَهُمُ اللّهُ فِيمَنْ عِنْدَهُ. وَمَنْ أَبطَأَ بِهِ عَمَلُهُ، لَمْ يُسْرِعْ بِهِ نَسَبُهُ».**

**6799 ـ حدّثنا مُحَمّدُ بْنُ عَبْدِ اللّهِ بْنِ نُمَيْرٍ. حَدّثَنَا أَبِي. ح وَحَدّثَنَا نَصْرُ بْنُ عَلِيَ الْجَهْضَمِيّ. حَدّثَنَا أَبُو أُسَامَةَ. قَالاَ: حَدّثَنَا الأَعْمَشُ. حَدّثَنَا ابْنُ نُمَيْرٍ عَنْ أَبِي صَالِحٍ. وَفِي حَدِيثِ أَبِي أُسَامَةَ: حَدّثَنَا أَبُو صَالِحٍ عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ قَالَ: قَالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم. بِمِثْلِ حَدِيثِ أَبِي مُعَاوِيَةَ. غَيْرَ أَنّ حَدِيثَ أَبِي أُسَامَةَ لَيْسَ فِيهِ ذِكْرُ التّيْسِيرِ عَلَى الْمُعْسِرِ.**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: كىم بىرەر مۆئمىندىن مۇشۇ دۇنيانىڭ مۇشەققەتلىرىدىن بىرەر مۇشەققەت، قىيىنچىلىقنى ئاسان قىلسا، ئاللاھ ئۇ كىشىدىن قىيامەتنىڭ مۇشەققەت قىيىنچىلىقلىرىدىن بىر مۇشەققەتنى ئاسان قىلىدۇ. كىم نامرات، پېقىرلارغا ئاسان قىلسا، ئاللاھ ئۇ كىشىگە دۇنيا ــ ئاخىرەتتە ئاسان قىلىدۇ، كىم بىر مۇسۇلماننىڭ ئەيىب ــ نۇقسانلىرىنى ياپسا، ئاللاھ ئۇ كىشىنىڭ ئەيىب ــ نۇقسان، گۇناھلىرىنى، دۇنيا ــ ئاخىرەتتە ياپىدۇ. بەندە قېرىندىشىنىڭ ياردىمىدە بولسىلا، ئاللاھ بەندىسىنىڭ ياردىمىدە بولىدۇ، كىم ئىلىم تەلەپ قىلىدىغان يولغا كىرسە، ئاللاھ ئۇ كىشىگە جەننەتنىڭ يولىنى ئاسان قىلىدۇ، بىرەر قەۋم، ئاللاھنىڭ ئۆيلىرىدىن بىرەر مەسجىدگە توپلىشىپ، ئاللاھنىڭ كىتابى قۇرئاننى تىلاۋەت قىلسا، ئۇنى ئۆزئارا دەرىس ئوقۇشسا، ئۇلارغا خاتىرجەملىك، تېنچلىق چۈشىدۇ. ئۇلارنى رەھمەت قورشايدۇ، ئۇلارنى پەرىشتىلەر قورشاپ، ئەتراپىدىن ئورىۋالىدۇ، ئۇلارنى ئاللاھتائالا ئۆز دەرگاھىدىكى كىشلەرنىڭ يەنى پەرىشتىلەرنىڭ ئىچىدە ئالاھىدە تىلغا ئېلىپ، ماختايدۇ.كىمنىڭ ئەمىلى كېچىكىپ قالسا، ئۇنىڭغا نەسەبى ئىلگىرلەپ تېز يېتىپ بارمايدۇ،( يەنى ياخشى ئەمەللىرى بولمىسا، نەسەپ، ھەسەبلىرى پايدا ــ مەنپەئەت قىلمايدۇ). ئەھمەد، مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

**6800 ـ حدّثنا مُحَمّدُ بْنُ الْمُثَنّى وَ ابْنُ بَشّارٍ. قَالاَ: حَدّثَنَا مُحَمّدُ بْنُ جَعْفَرٍ. حَدّثَنَا شُعْبَةُ سَمِعتُ أَبَا إِسْحَقَ يُحَدّثُ عَنِ الأَغَرّ، أَبِي مُسْلِمٍ أَنّهُ قَالَ: أَشْهَدُ عَلَى أَبِي هُرَيْرَةَ، وَ أَبِي سَعِيدٍ الْخُدْرِيّ أَنّهُمَا شَهِدَا عَلَى النّبِيّ صلى الله عليه وسلم أَنّهُ قَالَ: «لاَ يَقْعُدُ قَوْمٌ يَذْكُرُونَ اللّهَ عَزّ وَجَلّ إِلاّ حَفّتْهُمُ الْمَلاَئِكَةُ، وَغَشِيَتْهُمُ الرّحْمَةُ، وَنَزَلَتْ عَلَيْهِمُ السّكِينَةُ، وَذَكَرَهُمُ اللّهُ فِيمَنْ عِنْدَهُ».**

**6801 2700 م1 (...) وَحَدّثَنِيهِ زُهَيْرُ بْنُ حَرْبٍ حَدّثَنَا عَبْدُ الرّحْمَنِ. حَدّثَنَا شُعْبَةُ فِي هَذَا الإِسْنَادِ، نَحْوَهُ.**

ئەبۇ ھۇرەيرە، ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇلاردىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: قەۋم، جامائەتلەر ئاللاھنى ئەسلەپ زىكرى ئېيتىپ ئولتۇرسا، ئۇلارنى پەرىشتىلەر ئەتراپىدىن قورشىۋالىدۇ، ئۇلارنى رەھمەت قورشايدۇ، ئۇلارغا خاتىرجەملىك، تېنچلىق چۈشىدۇ، ئۇلارنى ئاللاھتائالا ئۆز دەرگاھىدىكى پەرىشتىلەرگە ماختاپ، باھالاپ، ئالاھىدە تىلغا ئالىدۇ. ئەھمەد، مۇسلىم توپلىغان سەھىھ.

**6802 ـ حدّثنا أَبُو بَكْرِ بْنُ أَبِي شَيْبَةَ. حَدّثَنَا مَرْحُومُ بْنُ عَبْدِ الْعَزِيزِ عَنْ أَبِي نَعَامَةَ السّعْدِيّ، عَنْ أَبِي عُثْمَانَ، عَنْ أَبِي سَعِيدٍ الْخُدْرِيّ قَالَ: خَرَجَ مُعَاوِيَةُ عَلَى حَلْقَةٍ فِي الْمَسْجِدِ. فَقَالَ: مَا أَجْلَسَكُمْ؟ قَالُوا: جَلَسْنَا نَذْكُرُ اللّهَ. قَالَ: آللّهِ مَا أَجْلَسَكُمْ إِلاّ ذَاكَ؟ قَالُوا: وَاللّهِ مَا أَجْلَسَنَا إِلاّ ذَاكَ. قَالَ: أَمَا إِنّي لَمْ أَسْتَحْلِفْكُمْ تُهْمَةً لَكُمْ. وَمَا كَانَ أَحَدٌ بِمَنْزِلَتِي مِنْ رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم أَقَلّ عَنْهُ حَدِيثاً مِنّي.**

وَإِنّ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم خَرَجَ عَلَى حَلْقَةٍ مِنْ أَصْحَابِهِ. فَقَالَ: «مَا أَجْلَسَكُمْ؟» قَالُوا: جَلَسْنَا نَذْكُرُ اللّهَ وَنَحْمَدُهُ عَلَى مَا هَدَانَا لِلإِسْلاَمِ، وَمَنّ بِهِ عَلَيْنَا. قَالَ: «آللّهِ مَا أَجْلَسَكُمْ إِلاّ ذَاكَ؟» قَالُوا: وَاللّهِ مَا أَجْلَسَنَا إِلاّ ذَاكَ. قَالَ: «أَمَا إِنّي لَمْ أَسْتَحْلِفْكُمْ تُهْمَةً لَكُمْ. وَلَكِنّهُ أَتَانِي جِبْرِيلُ فَأَخْبَرَنِي أَنّ اللّهَ عَزّ وَجَلّ يُبَاهِي بِكُمُ الْمَلاَئِكَةَ».

ئەبۇسەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ:مۇئاۋىيە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مەسجىدتىكى بىر زىكرى ھالقىسىغا چىقىپ:سىلەرنى بۇجايدا نىمە ئولتۇرغۇزدى؟ دېدى، ئۇلار؛ بىز، **الله** نى ئەسلەپ ئولتۇردۇق دېدى، مۇئاۋىيە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: **الله** بىلەن قەسەمكى ، سىلەرنى پەقەت **الله** نى ئەسلەپ زىكرى ئەيتىشلا ئولتۇرغۇزدىمۇ؟ دېدى، ئۇلار: **الله** بىلەن قەسەمكى، بىز پەقەت **الله** نى ئەسلەپ زىكرى ئەيتىش ئۈچۈنلا ئولتۇردۇق، باشقا ئىش ئۈچۈن ئولتۇرمىدۇق دېدى، مۇئاۋىيە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:مەن سىلەرگەخاتا گۇمان قىلىپ، سىلەرگە تۆھمەت قىلىپ قەسەم قىلدۇرمۇدۇم، ـ ھېچ قانداق بىركىشى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە مەندەك يېقىن مەرتىبە، مەنزىلدە تۇرۇپ، رەسۇلۇللاھنىڭ ھەدىسلىرىنى مەندىنمۇ ئازراق سۆزلەپ باققىنى يوق، (يەنى مەن ئېھتىيات قىلىپ ناھايىتى ئاز ھەدىس سۆزلەيمەن) ــھەققەتەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ساھابىللىرىنىڭ زىكرى ھالقىسىغا چىقىپ: سىلەرنى بۇجايدا نىمە ئولتۇرغۇزدى؟ دېدى، ئۇلار؛ بىز،**الله** تائالانىڭ بىزنى ئىسلام دىنىغا ھىدايەت قىلغانلىقى ئۈچۈن، بىزگە ئىسلامنى(ۋە باشقا) نىئمەتلەرنى ئاتا قىلغانلىقى ئۈچۈن، **الله** نى ئەسلەپ زىكرى ئەيتىپ،**الله** قا ھەمدە ئەيتىپ ئولتۇردۇق دېدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: **الله** بىلەن قەسەمكى ، سىلەرنى پەقەت **الله** نى ئەسلەپ زىكرى ئەيتىشلا ئولتۇرغۇزدىمۇ؟ دېدى، ئۇلار: **الله** بىلەن قەسەمكى، بىز پەقەت **الله** نى ئەسلەپ زىكرى ئەيتىش ئۈچۈنلا ئولتۇردۇق، باشقا ئىش ئۈچۈن ئولتۇرمىدۇق دېدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: مەن سىلەرگەخاتا گۇمان قىلىپ، سىلەرگە تۆھمەت قىلىپ قەسەم قىلدۇرمۇدۇم، لېكىن جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام مېنىڭ قېشىمغا كېلىپ: ھەققەتەن **الله** تائالانىڭ سىلەرنى پەرىشتىلەرگە باھالاپ، ماختاپ، ئالاھىدە زىكىر قىلغانلىقىنى خەۋەر قىلدى، دېدى.

## *1233 ـ باب استحباب الاستغفار والاستكثار منه*

6803 ـ حدّثنا يَحْيَى بْنُ يَحْيَى وَ قُتَيْبَةُ بْنُ سَعِيدٍ وَ أَبُو الرّبِيعِ الْعَتَكِيّ. جَمِيعاً عَنْ حَمّادٍ. قَالَ يَحْيَىَ: أَخْبَرَنَا حَمّادُ بْنُ زَيْدٍ عَنْ ثَابِتٍ، عَنْ أَبِي بُرْدَةَ، عَنْ الأَغَرّ الْمُزَنِيّ وَكَانَتْ لَهُ صُحْبَةٌ، أَنّ رَسُولَ اللّهَ صلى الله عليه وسلم قَالَ: «إِنّهُ لَيُغَانُ عَلَى قَلْبِي. وَإِنّي لأَسْتَغْفِرُ اللّهَ، فِي الْيَوْمِ، مِائَةَ مَرّةٍ».

ئەغەررەلمۇزەنىي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەققەتەن مېنىڭ قەلبىممۇ بەزىدە ئاللاھنى ئەسلەشدىن، زىكرىدىن پەردىلىنىپ غەپلەتتە قالىدۇ، ھەققەتەن مەن ھەربىر كۈندە 100 قېتىم ئىستىغفار ئېيتىپ، ئاللاھدىن مەغپىرەت سورايمەن.مۇسلىم، ئەھمەد 17173 ــ ھەدىس، ئەبۇ

داۋۇد 1294 ــ ھەدىس، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم، پەيغەمبەر تۇرۇپ شۇنداق دېسە، 100 قېتىم ئىستىغفار ئېيتىپ تۇرسا، بىزلەر 1000 قېتىم دېيىشكە لايىقمىز. ئەلۋەتتە ھەدىسنىڭ مەخسىدى، بۇ خەۋەرنى سۆزلەپ قويۇش، بىزگە يەتكۈزۈشلا ئەمەس، بىزنى زىكرى ئېيتىڭلار، ئاللاھنى كۆپ ئەسلەپ، مەغپىرەت سوراڭلار دېمەكچى.

6804 ـ حدّثنا أبُو بَكْر بْنُ أبي شَيْبَة. حَدّثنا غُنْدَرٌ عَنْ شُعْبَة، عَنْ عُمْرو بُن مُرّة، عَنْ أبي بُرْدَة قالَ: سَمِعْتُ الأغَرّ، وَكَانَ مِنْ أصْحَابِ النّبيّ صلى الله عليه وسلم، يُحَدّثُ ابْنَ عُمَرَ قالَ: قالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: «يَا أيّهَا النّاسُ تُوبُوا إلَى اللّهِ. فَإنّي أتُوبُ، فِي الْيَوْمِ، إلَيْهِ مِائَة مَرّةٍ».
6805 ـ حدّثناه عُبَيْدُ اللّهِ بْنُ مُعَاذٍ. حَدّثنا أبي ح وَحَدّثنا ابْنُ الْمُثنّى. حَدّثنا أبُو دَاوُدَ وَ عَبْدُ الرّحْمَنِ بْنُ مَهْدِيَ. كُلّهُمْ عَنْ شُعْبَة فِي هَذَا الإسْنَادِ.

ئەغەرر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئى ئىنسانلار! رەببىڭلارغا تۆۋبە قىلىڭلار، ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، مەن ھەر كۈنى ئاللاھقا 100 قېتىم تۆۋبە قىلىپ، مەغپىرەت سورايمەن.

ئەھمەد، مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.

6806 ـ حدّثنا أبُو بَكْر بْنُ أبي شَيْبَة. حَدّثنا أبُو خَالِدٍ (يَعْنِي سُلَيْمَانَ بْنَ حَيّان). ح وحَدّثنا ابْنُ نُمَيْر. حَدّثنا أبُو مُعَاوِيَة.ح وحَدّثنِي أبُو سَعِيدٍ الأشَجّ. حَدّثنا حَفْصٌ (يَعْنِي ابْنَ غِيَاثٍ). كُلّهُمْ عَنْ هِشَامٍ. ح وَحَدّثنِي أبُو خَيْثَمَة، زُهَيْرُ بْنُ حَرْبٍ (وَاللّفظُ لَهُ). حَدّثنا إسْمَاعِيلُ بْنُ إبْرَاهِيمَ عَنْ هِشَامٍ بْنِ حَسّانَ، عَنْ مُحَمّدِ بْنِ سِيرِينَ، عَنْ أبي هُرَيْرَة قالَ: قالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: «مَنْ تَابَ قَبْلَ أنْ تَطْلُعَ الشّمْسُ مِنْ مَغْرِبِهَا، تَابَ اللّهُ عَلَيْهِ».

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم كۈن كىرگەن جايىدىن چىقىشىدىن بۇرۇن تۆۋبە قىلسا، ئاللاھ ئۇنىڭ تۆۋبىسىنى قوبۇل قىلىدۇ، (كۈن كىرگەن جايىدىن چىققاندىن كېيىن قوبۇل بولماسلىقى، ئۇ قىيامەتنىڭ ئالامىتى بولۇپ، شۇنىڭدىن كېيىن تۇغۇلۇپ ئىمان ئېيتسا تۆۋبە قىلسا يەنە قوبۇل قىلىنىدۇ، ئاللاھ ئالىم«ئىبنى ئاббاس رز).

### 1234 ـ باب استحباب خفض الصوت بالذكر

6807 ـ حدّثنا أبُو بَكْر بْنُ أبي شَيْبَة. حَدّثنا مُحَمّدُ بْنُ فُضَيْلٍ وَ أبُو مُعَاوِيَة عَنْ عَاصِمٍ، عَنْ أبي عُثْمَانَ، عَنْ أبي مُوسَىَ قالَ: كُنّا مَعَ النّبيّ صلى الله عليه وسلم فِي سَفَرٍ. فَجَعَلَ النّاسُ يَجْهَرُونَ بِالتّكْبِيرِ. فَقَالَ النّبيّ صلى الله عليه وسلم: «أيّهَا النّاسُ ارْبَعُوا عَلَى أنْفُسِكُمْ. إنّكُمْ لَيْسَ تَدْعُونَ أصَمّ وَلاَ غَائِباً. إنّكُمْ تَدْعُونَ سَمِيعاً قَرِيباً، وَهُوَ مَعَكُمْ» قالَ: وَأنَا خَلْفَهُ، وَأنَا أقُولُ: لاَ حَوْلَ وَلاَ قُوّةَ إلاّ بِاللّهِ. فَقَالَ: «يَا عَبْدَ اللّهَ بْنَ قَيْسٍ ألاَ أدُلّكَ عَلَىَ كَنْزٍ مِنْ كُنُوزِ الْجَنّةِ؟» فَقُلْتُ: بَلَى. يَا رَسُولَ اللّهِ قالَ «قُلْ: لاَ حَوْلَ وَلاَ قُوّةَ إلاّ بِاللّهِ».
6808 ـ حدّثنا ابْنُ نُمَيْرٍ وَ إسْحَقُ بْنُ إبْرَاهِيمَ وَ أبُو سَعِيدٍ الأشَجّ. جَمِيعاً عَنْ حَفْصِ بْنِ غِيَاثٍ، عَنْ عَاصِمٍ بِهَـذَا الأسْنَادِ، نَحْوَهُ.
6809 ـ حدّثنا أبُو كَامِلٍ، فُضَيْلُ بْنُ حُسَيْنٍ. حَدّثنا يَزِيدُ (يَعْنِي ابْنَ زُرَيْعٍ). حَدّثنا التّيْمِيّ عَنْ أبي عُثْمَانَ، عَنْ أبي مُوسَىَ أنّهُمْ كَانُوا مَعَ رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم. وَهُمْ يَصْعَدُونَ فِي ثَنِيّةٍ. قالَ: فَجَعَلَ رَجُلٌ، كُلّمَا عَلاَ ثَنِيّةً، نَادَى: لاَ إلَهَ إلاّ اللّهُ وَاللّهُ أكْبَرُ. قالَ فَقَالَ نَبِيّ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: «إنّكُمْ لاَ تُنَادُونَ أصَمّ وَلاَ غَائِباً» قالَ: فَقَالَ: «يَا أبَا مُوسَىَ أوْ يَا عَبْدَ اللّهِ بْنَ قَيْسٍ ألاَ أدُلّكَ عَلَى كَلِمَةٍ مِنْ كَنْزِ الْجَنّةِ؟» قُلْتُ: مَا هِيَ؟ يَا رَسُولَ اللّهِ قالَ: «لاَ حَوْلَ وَلاَ قُوّةَ إلاّ بِاللّهِ».
6810 ـ وحدّثناه مُحَمّدُ بْنُ عَبْدِ الأعْلَى. حَدّثنا الْمُعْتَمِرُ عَنْ أبِيهِ. حَدّثنا أبُو عُثْمَانَ عَنْ أبي مُوسَىَ قالَ: بَيْنَمَا رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم. فَذَكَرَ نَحْوَهُ.
6811 ـ6812 ـ حدّثنا خَلَفُ بْنُ هِشَامٍ وَ أبُو الرّبِيعِ. قالاَ: حَدّثنا حَمّادُ بْنُ زَيْدٍ عَنْ أيّوبَ، عَنْ أبي عُثْمَانَ، عَنْ أبي مُوسَىَ قالَ: كُنّا مَعَ النّبيّ صلى الله عليه وسلم فِي سَفَرٍ. فَذَكَرَ نَحْوَ حَدِيثِ عَاصِمٍ. وحدّثنا إسْحَقُ بْنُ إبْرَاهِيمَ. أخْبَرَنَا الثّقَفِيّ. حَدّثنا خَالِدٌ الْحَذّاءُ عَنْ أبي عُثْمَانَ، عَنْ أبي مُوسَىَ قالَ: كُنّا مَعَ رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم فِي غَزَاةٍ. فَذَكَرَ الْحَدِيثَ. وَقَالَ فِيهِ: «وَالّذِي تَدْعُونَهُ أقْرَبُ إلَى أحَدِكُمْ مِنْ عُنُقِ رَاحِلَتِهِ». وَلَيْسَ فِي حَدِيثِهِ ذِكْرُ لاَ حَوْلَ وَلاَ قُوّةَ إلاّ بِاللّهِ.

ئەبۇ مۇسا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمۇنداق دەيدۇ؛بىز رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن بىللە سەپەر قىلىپ كېتىۋاتاتتۇق، كىشىلەر ئاۋازلىرىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ، تەكبىر، تەسبىھ ئېيتىشقا باشلىدى، ئاندىن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: ئى ئىنسانلار! ئۆزۈڭلارنى بېسىۋېلىڭلار، ئاۋازىڭلارنى پەسرەك قىلىڭلار، چۈنكى، سىلەر بىرەر گاسنى ياكى بۇ جايدا يوق غائىبنى چاقىرمايسىلەر، بەلكى، سىلەر ھەممىنى ئاڭلاپ تۇرغۇچى، جان تومۇرۇڭلاردىنمۇ يېقىن، سىلەر  بىلەن بىللە بولغان زات ئاللاھنى چاقىرىسىلەر، شۇ ئاللاھقا دۇئا قىلىسىلەر، سىلەر دۇئا قىلىپ چاقىرىدىغا **الله** ، بىرىڭلارغا، ئۇنىڭ ئۇلۇغىنىڭ بويىندىنمۇ يېقىندۇر، دىدى.مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئارقىسىدا ، ئىچىمدە مەخپى ھالدا« لاھەۋلە ۋە لاقۇۋۋەتە ئىللا بىللاھى» دەپ مېڭىۋاتاتتىم، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ماڭا: ئى ئابدۇۋا**الله**! مەن ساڭا جەننەت كاڭلىرىدىن بىركاڭنى كۆرسىتىپ قويمايمۇ؟ دىدى، مەن: ئەلۋەتتە بۇلىدۇ، كۆرسىتىپ قويسىلا دىدىم، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:ئۇ « لاھەۋلە ۋە لاقۇۋۋەتە ئىللا بىللاھى»دېيىشتۇر دىدى.يەنى **الله** نىڭ ياردىمىسىز ھېچ بىر كۈچ ــقۇۋۋەت يوقتۇر. بەيھەقى، ،بۇخارى،مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇدلار توپلىغان، سەھىھ.

**6813 ـ حدّثنا إِسْحَقُ بْنُ إِبْرَاهِيمَ. أَخْبَرَنَا النّضْرُ بْنُ شُمَيْل. حَدّثنَا عُثْمَانُ (وَهُوَ ابْنُ غِيَاثٍ). حَدّثنَا أَبُو عُثْمَانَ عَنْ أَبِي مُوسَىَ الأَشْعَرِيّ قَالَ: قَالَ لِي رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: «أَلاَ أَدُلّكَ عَلَىَ كَلِمَةٍ مِنْ كُنُوزِ الْجَنّةِ ـ أَوْ قَالَ ـ عَلَىَ كَنْزٍ مِنْ كُنُوزِ الْجَنّةِ؟» فَقُلْتُ: بَلَىَ. فَقَالَ: «قُلْ لاَ حَوْلَ وَلاَ قُوّةَ إِلاّ بِاللّهِ».**

ئەبۇ مۇسا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمۇنداق دەيدۇ؛ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ماڭا: ئى ئابدۇۋا**الله**! مەن ساڭا جەننەت كاڭلىرىدىن بىركاڭنى كۆرسىتىپ قويمايمۇ؟ دىدى، مەن: ئەلۋەتتە بۇلىدۇ، كۆرسىتىپ قويسىلا دىدىم، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:ئۇ « لاھەۋلە ۋە لاقۇۋۋەتە ئىللا بىللاھى»دېيىشتۇر دىدى.يەنى **الله** نىڭ ياردىمىسىز ھېچ بىر كۈچ ــقۇۋۋەت يوقتۇر.

**6814 ـ حدّثنا قُتَيْبَةُ بْنُ سَعِيدٍ. حَدّثنَا لَيْثٌ ح وَحَدّثنَا  مُحَمّدُ بْنُ رُمْحٍ أَخْبَرَنَا اللّيْثُ عَنْ يَزِيْدَ بْنِ أَبِي حَبِيبٍ، عَنْ أَبِي الْخَيْرِ، عَنْ عَبْدِ اللّهِ بْنِ عَمْرٍو، عَنْ أَبِي بَكْرٍ أَنّهُ قَالَ لِرَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: عَلّمْنِي دُعَاءً أَدْعُو بِهِ فِي صَلاَتِي. قَالَ: «قُلِ: اللّهُمّ إِنّي ظَلَمْتُ نَفْسِي ظُلْماً كَبِيراً ـ وَقَالَ قُتَيْبَةُ: كَثِيراً ـ وَلاَ يَغْفِرُ الذّنُوبَ إِلاّ أَنْتَ. فَاغْفِرْ لِي مَغْفِرَةً مِنْ عِنْدِكَ وَارْحَمْنِي، إِنّكَ أَنْتَ الْغَفُورُ الرّحِيمُ».**

**6815 ـ وَحدّثنِيهِ  أَبُو الطّاهِرِ. أَخْبَرَنَا عَبْدُ اللّهِ بْنُ وَهْبٍ. أَخْبَرَنِي رَجُلٌ سَمّاهُ، وَ عَمْرُو بْنُ الْحَارِثِ عَنْ يَزِيدَ بْنِ أَبِي حَبِيبٍ، عَنْ أَبِي الْخَيْرِ أَنّهُ سَمِعَ  عَبْدَ اللّهِ بْنَ عَمْرِو بْنِ الْعَاصِ يَقُولُ: إِنّ  أَبَا بَكْرٍ الصّدّيقَ قَالَ لِرَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: عَلّمْنِي، يَا رَسُولَ اللّهِ دُعَاءً أَدْعُو بِهِ فِي صَلاَتِي وَفِي بَيْتِي. ثُمّ ذَكَرَ بِمِثْلِ حَدِيثِ اللّيْثِ. غَيْرَ أَنّهُ قَالَ: «ظُلْماً كَثِيراً»**

ئىبنى ئۆمەر، ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملاردىن، مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە: يارەسۇلە**الله** ! ماڭا، مەن نامىزىمدا دۇئا قىلىدىغان بىر دۇئا ئۆگىتىپ قويسىلا دىسەم، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم؛  مۇنداق دىگىن دىدى: «ئى ئاللاھ! ھەقىقەتەن مەن ئۆز نەپسىمگە بەك كۆپ زۇلۇم قىلدىم،

ھەقىقەتەن گۇناھلارنى سىلىدىن باشقا ھېچ كىشى مەغپىرەت قىلالمايدۇ، پەقەت سىلىلا مەغپىرەت قىلالايلا، مەن ئۈچۈن ئۆز نەزىلىرىدىن مەغپىرەت قىلسىلا، ماڭا رەھىيم قىلسىلا، ھەقىقەتەن سىلى بەكمۇ كەچۈرۈم قىلغۇچى، مەغپىرەت قىلغۇچى، رەھىيم قىلغۇچى». ئەھمەد، بەيھەقى، بۇخارى،مۇسلىم،تىرمىزى، نەسەئى، ئىبنى ماجە توپلى، سەھىھ.

### *1235 ـ باب التعوذ من شر الفتن، وغيرها*

### پىتنە ـ پاسادتىن، ھۇرۇنلۇق، ئاجىزلىق قاتارلىق نەرسىلەردىن پاناھ تىلەش توغرىسىدا

**6816 ـ حدّثنا أَبُو بَكْرِ بْنُ أَبِي شَيْبَةَ وَ أَبُو كُرَيْبٍ (وَاللّفْظُ لأَبِي بَكْرٍ) قالاَ: حَدّثَنَا ابْنُ نُمَيْرٍ. حَدّثَنَا هِشَامٌ عَنْ أَبِيهِ عَنْ عَائِشَةَ أَنّ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم كَانَ يَدْعُو بِهَؤُلاَءِ الدّعَوَاتِ: « اللّهُمّ فَإِنّي أَعُوذُ بِكَ مِنَ الْكَسَلِ وَالْهَرَمِ وَالْمَأْثَمِ وَالْمَغْرَمِ اللّهُمّ فَإِنّي أَعُوذُ بِكَ مِنْ فِتْنَةِ النّارِ، وَعَذَابِ النّارِ، وَفِتْنَةِ الْقَبْرِ، وَعَذَابِ الْقَبْرِ، وَمِنْ شَرّ فِتْنَةِ الْغِنَى، وَمِنْ شَرّ فِتْنَةِ الْفَقْرِ. وَأَعُوذُ بِكَ مِنْ شَرّ فِتْنَةِ الْمَسِيحِ الدّجّالِ. اللّهُمّ اغْسِلْ خَطَايَايَ بِمَاءِ الثّلْجِ وَالْبَرَدِ. وَنَقّ قَلْبِي مِنَ الْخَطَايَا كَمَا نَقّيْتَ الثّوْبَ الأَبْيَضَ مِنَ الدّنَسِ. وَبَاعِدْ بَيْنِي وَبَيْنَ خَطَايَايَ كَمَا بَاعَدْتَ بَيْنَ الْمَشْرِقِ وَالْمَغْرِبِ. ».**
**6817 ـ وحدّثناه أَبُو كُرَيْبٍ. حَدّثَنَا أَبُو مُعَاوِيَةَ وَ وَكِيْعٌ عَنْ هِشَامٍ بِهَذَا الإِسْنَادِ.**

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھ ادىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دۇئا قىلاتتى ؛« ئى ئاللاھ، ھەقىقەتەن مەن سىلىگە سېغىنىپ ھورۇنلۇقدىن، قېرىلىقدىن، قەرزدار بولۇپ قېلىشدىن، گۇناھ قىلىپ قېلىشدىن، دوۋزاخ پىتنىسىدىن، دوۋزاخ ئازابىدىن،قەبرە پىتنىسىدىن، قەبرە ئازابىدىن، بايلىق پىتنىسىنىڭ يامانلىقىدىن، پېقىرلىق پىتنىسىنىڭ يامانلىقىدىن، مەسىھ دەججال پىتنىسىدىن پاناھ تىلەيمەن، ئى ئاللاھ، مىنىڭ خاتالىقلىرىمنى سۇ بىلەن ، قار ، مۆلدۈر بىلەن يۇيۇپ، خۇددى ئاق كىيىمنى قاپقارا كىردىن تازىلىغاندەك، قەلبىمنى، خاتالىقلاردىن پاك ــ پاكىز تازىلىۋەتسىلە، مەن بىلەن خاتالىقىم ئارىسىنى خۇددى مەشرىق بىلەن مەغرىپ ئارىسىدەك يىراق قىلىۋەتسىلە». بەيھەقى،بۇخارى،مۇسلىم، تىرمىزى، نەسەئى، ئىبنى ماجە ، سەھىھ.

### *1236 ـ باب التعوذ من العجز والكسل وغيره*

**6818 ـ حدّثنا يَحْيَى بْنُ أَيّوبَ. حَدّثَنَا ابْنُ عُلَيّةَ. قَالَ: وَأَخْبَرَنَا سُلَيْمَانُ التّيْمِيّ. حَدّثَنَا أَنَسُ بْنُ مَالِكٍ قَالَ: كَانَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم يَقُولُ: «اللّهُمّ إِنّي أَعُوذُ بِكَ مِنَ الْعَجْزِ وَالْكَسَلِ، وَالْجُبْنِ وَالْهَرَمِ، وَالْبُخْلِ. وَأَعُوذُ بِكَ مِنْ عَذَابِ الْقَبْرِ، وَمِنْ فِتْنَةِ الْمَحْيَا وَالْمَمَاتِ».**
**6819 ـ وحدّثنا أَبُو كَامِلٍ. حَدّثَنَا يَزِيدُ بْنُ زُرَيْعٍ. ح وَحَدّثَنَا مُحَمّدُ بْنُ عَبْدِ الأَعْلَى. حَدّثَنَا مُعْتَمِرٌ. كِلاَهُمَا عَنِ التّيْمِيّ، عَنْ أَنَسٍ عَنِ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم بِمِثْلِهِ. غَيْرَ أَنّ يَزِيدَ لَيْسَ فِي حَدِيثِهِ قَوْلُهُ: «وَمِنْ فِتْنَةِ الْمَحْيَا وَالْمَمَاتِ».**
**6820 ـ حدّثنا أَبُو كُرَيْبٍ، مُحَمّدُ بْنُ الْعَلاَءِ. أَخْبَرَنَا ابْنُ مُبَارَكٍ عَنْ سُلَيْمَانَ التّيمِيّ، عَنْ أَنَسِ بْنِ مَالِكٍ، عَنِ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم أَنّهُ تَعَوّذَ مِنْ أَشْيَاءَ ذَكَرَهَا. وَالْبُخْلِ.**

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق پاناھ تىلىگەن، ئى ئاللاھ، ھەقىقەتەن مەن سىلىگە سېغىنىپ ئاجىزلىقدىن، ھورۇنلۇقدىن، قورقۇنچاقلىقدىن، بېخىللىقدىن، بەك قېرىلىقدىن پاناھ تىلەيمەن، سىلىگە سېغىنىپ قەبرە ئازابىدىن، دوۋزاخ ئازابىدىن، ھاياتلىق، ماماتلىق پىتنە ــ پاسادلىرىدىن پاناھ تىلەيمەن، ئەھمەد، بەيھەقى ئۈچ كىتاب توپلىغان، ئۈچ كىتاب، ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى، نەسەئى

**6821 – حدّثنا أبُو بَكْرِ بْنُ نَافِعٍ الْعَبْدِيّ. حَدّثنا بَهْزُ بْنُ أَسَدٍ الْعَمّيّ. حَدّثنا هَرُونُ الأعْوَرُ. حَدّثنا شُعَيْبُ بْنُ الْحَبْحَابِ عَنْ أَنَسٍ قَالَ: كَانَ النّبيّ صلى الله عليه وسلم يَدْعُو بِهؤُلاَءِ الدّعَوَاتِ: «اللّهُمّ إنّي أعُوذُ بِكَ مِنَ الْبُخْلِ وَالْكَسَلِ وَأَرْذَلِ الْعُمُرِ. وَعَذَابِ الْقَبْرِ. وَفِتْنَةِ الْمَحْيَا وَالْمَمَاتِ».**

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق پاناھ تىلىگەن، ئى ئاللاھ، ھەقىقەتەن مەن سىلىگە سېغىنىپ ئاجىزلىقدىن، ھورۇنلۇقدىن، قورقۇنچاقلىقدىن، بېخىللىقدىن، ئۆمۈرنىڭ رەزىللىكىدىن (يەنى بەك قېرىلىقدىن، ئاجىزلىقدىن، ھورۇنلۇقدىن)، بۇ دۇنيانىڭ پىتنىسىدىن پاناھ تىلەيمەن، سىلىگە سېغىنىپ قەبرە ئازابىدىن، دوۋزاخ ئازابىدىن، ھاياتلىق، ماماتلىق پىتنە ــ پاسادلىرىدىن پاناھ تىلەيمەن،

### 1237 – باب في التعوذ من سوء القضاء ودرك الشقاء وغيره

**6822 – حدّثني عَمْرٌو النّاقِدُ وَ زُهَيْرُ بْنُ حَرْبٍ. قالاَ: حَدّثنا سُفْيَانُ بْنُ عُيَيْنَةَ. حَدّثنِي سُمَيّ عَنْ أَبِي صَالِحٍ، عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ أَنّ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم كَانَ يَتَعَوّذُ مِنْ سُوءِ الْقَضَاءِ، وَمِنْ دَرَكِ الشّقَاءِ، وَمِنْ شَمَاتَةِ الأَعْدَاءِ، وَمِنْ جُهْدِ الْبَلاَءِ.**
**قَالَ عَمْرٌو فِي حَدِيثِهِ: قَالَ سُفْيَانُ: أَشُكّ أَنّي زِدْتُ وَاحِدَةً مِنْهَا.**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ئاللاھقا سېغىنىپ، مۇشەققەتلىك بالادىن، ئېغىر سىناقتىن، شەقىيلىكنىڭ تېپىۋېلىشىدىن، قازايى قەدەرنىڭ يامانلىرىدىن، دۈشمەننىڭ خورسەن بولۇشىدىن پاناھ تىلەڭلار.ئۆزىمۇ شۇنداق پاناھ تىلىگەن.بۇخارى،مۇسلىم تۇپلىغان، سەھىھ.

**6823 – حدّثنا قُتَيْبَةُ بْنُ سَعِيدٍ. حَدّثنا لَيْثٌ. ح وَحَدّثنا مُحَمّدُ بْنُ رُمْحٍ (وَاللّفْظُ لَهُ). أَخْبَرَنَا اللّيْثُ عَنْ يَزِيدَ بْنِ أَبِي حَبِيبٍ، عَنِ الْحَارِثِ بْنِ يَعْقُوبَ أَنّ يَعْقُوبَ بْنَ عَبْدِ اللّهِ حَدّثَهُ أَنّهُ سَمِعَ بُسْرَ بْنَ سَعِيدٍ يَقُولُ: سَمِعْتُ سَعْدَ بْنَ أَبِي وَقّاصٍ يَقُولُ: سَمِعْتُ خَوْلَةَ بِنْتَ حَكِيمٍ السّلَمِيّةَ تَقُولُ: سَمِعْتُ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم يَقُولُ: «مَنْ نَزَلَ مَنْزِلاً ثُمّ قَالَ: أَعُوذُ بِكَلِمَاتِ اللّهِ التّامّةِ مِنْ شَرّ مَا خَلَقَ، لَمْ يَضُرّهُ شَيْءٌ، حَتّى يَرْتَحِلَ مِنْ مَنْزِلِهِ ذلِكَ».**

خەۋلەت رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: كىم بىرەر مەنزىل، ئورۇنغا چۈشۈپ، «ئاللاھنىڭ كامىل سۆزلىرى قۇرئانغا سېغىنىپ، ئاللاھ ياراتقان بارلىق نەرسەلەرنىڭ يامانلىقىدىن پاناھ تىلەيمەن دىسە» ئۇ كىشىگە شۇ ئورۇندىن يۆتكىلىپ كەتمىگىچە، ھىچ نەرسە زەرەر يەتكۈزەلمەيدۇ.

ئەھمەد، مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى تۇپلىغان، سەھىھ.

**6824 – وحدّثنا هَرُونُ بْنُ مَعْرُوفٍ وَ أَبُو الطّاهِرِ. كِلاَهُمَا عَنِ ابْنِ وَهْبٍ (وَاللّفظ لِهَرُون) حَدّثنا عَبْدُ اللّهِ بْنُ وَهْبٍ قَالَ: وَأَخْبَرَنَا عَمْرٌو (وَهُوَ ابْنُ الْحَارِثِ) أَنّ يَزِيدَ بْنَ أَبِي حَبِيبٍ وَ الْحَارِثَ بْنَ يَعْقُوبَ حَدّثَاهُ عَنْ يَعْقُوبَ بْنِ عَبْدِ اللّهِ بْنِ الأَشَجّ، عَنْ بُسْرِ بْنِ سَعِيدٍ، عَنْ سَعْدِ بْنِ أَبِي وَقّاصٍ، عَنْ خَوْلَةَ بِنْتِ حَكِيمٍ السّلَمِيّةِ أَنّهَا سَمِعَتْ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم يَقُولُ: «إِذَا نَزَلَ أَحَدُكُمْ مَنْزِلاً فَلْيَقُلْ: أَعُوذُ بِكَلِمَاتِ اللّهِ التّامّاتِ مِنْ شَرّ مَا خَلَقَ. فَإِنّهُ لاَ يَضُرّهُ شَيْءٌ حَتّى يَرْتَحِلَ مِنْهُ».**

خەۋلەت بىنتى ھەكىيم رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: بىرىڭلار بىرەر جايغا چۈشكەندە «ئاللاھنىڭ كامىل سۆزلىرى بىلەن يەنى قۇرئان بىلەن **الله** ياراتقان نەرسەلەرنىڭ يامانلىقىدىن پاناھ تىلەيمەن» دىسە، شۇ جايدىن يۆتكىلىپ كەتمىگىچە ئۇ كىشىگە ھىچ نەرسە زەرەر يەتكۈزەلمەيدۇ، مۇسلىم تۇپلىغان، سەھىھ. بۇ سەھىھ ھەدىستىن قۇرئان، مەخلۇق ئەمەس، چۈنكى، مەخلۇق بىلەن پاناھ تىلەنمەيدۇ، خالىقمۇ ئەمەس، خالىق، ياراتقۇچى پەقەت بىر ئاللاھدۇر، ئۇ پەقەت ئاللاھنىڭ سۈپىتىدۇر.

**6984 ـ وحدّثناه يَحْيَى بْنُ حَبِيْبٍ الْحَارِثِيّ. حَدّثنَا خَالِدُ بْنُ الْحَارِثِ. حَدّثنَا قُرّةُ. حَدّثنَا أَبُو الزّبَيْرِ عَنْ جَابِرِ بْنِ عَبْدِ اللّهِ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: «مَنْ تَسَوّرَ ثَنِيّةَ الْمُرَارِ أَوِ الْمَرَارِ» بِمِثْلِ حَدِيثِ مُعَاذٍ. غَيْرَ أَنّهُ قَالَ: وَإِذَا هُوَ أَعْرَابِيّ جَاءَ يَنْشُدُ ضَالّةً لَهُ.**

جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: سىلەردىن كىم، ئىككى تاغ ئارىسىدىكى تار يول سەنىيەتۇلمەرار دىگەن جايدىكى ئېگىز جايغا ئۆرلەپ چىقسا، ھەققەتەن ئۇنىڭدىن بەنى ئىسرائىللاردىن ئۆچۈرۈلمىگەن گۇناھلار ئۆچۈرۈلىدۇ، مەغپىرەت قىلىنىدۇ، ئۇ جايغا تۇنجى بولۇپ چىققانلار بىزنىڭ ئاتلىق قوشۇنىمىزدىن بەنى خەزرەجنىڭ ئاتلىق قوشۇنلىرى بولدى، ئاندىن كىشلەر تولۇق چىقىپ بولدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ؛ھەممىڭلارغا مەغپىرەت قىلىندى، پەقەت قىزىل تۆگە ئىگىسى مۇناپىققا مەغپىرەت قىلىنمىدى دېدى. بىز ئۇنىڭ قېشىغا بېرىپ؛ بۇياققا كەل! رەسۇلۇللاھ ساڭا مەغپىرەت سوراپ قويسۇن دىسەك، ئۇ؛ مىنىڭ يوقاپ كەتكەن تۆگەمنى تېپىۋېلىشىم، ماڭا ساھىبىڭلار يەنى رەسۇلۇللاھنىڭ مەغپىرەت سوراپ قويۇشىدىن كۆپ ياخشىدۇر دېدى(ئۇ ئابدۇ**الله** ئىبنى ئۇبەي مۇناپىق ئىدى). مۇسلىم 4986 ـ ھەدىس،.

**6985 ـ حدّثني مُحَمّدُ بْنُ رَافِعٍ. حَدّثنَا أَبُو النّضْرِ. حَدّثنَا سُلَيْمَانُ (وَهُوَ ابْنُ الْمُغِيرَةِ) عَنْ ثَابِتٍ، عَنْ أَنَسِ بْنِ مَالِكٍ قَالَ: كَانَ مِنّا رَجُلٌ مِنْ بَنِي النّجّارِ. قَدْ قَرَأَ الْبَقَرَةَ وَآلَ عِمْرَانَ. وَكَانَ يَكْتُبُ لِرَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم. فَانْطَلَقَ هَارِباً حَتّى لَحِقَ بِأَهْلِ الْكِتَابِ. قَالَ: فَرَفَعُوهُ. قَالُوا: هَذَا قَدْ كَانَ يَكْتُبُ لِمُحَمّدٍ. فَأُعْجِبُوا بِهِ. فَمَا لَبِثَ أَنْ قَصَمَ اللّهُ عُنُقَهُ فِيهِمْ. فَحَفَرُوا لَهُ فَوَارَوْهُ. فَأَصْبَحَتِ الأَرْضُ قَدْ**

نَبَذَتْهُ عَلَى وَجْهِهَا. ثُمّ عَادُوا فَحَفَرُوا لَهُ. فَوَارَوْهُ. فَأَصْبَحَتِ الأَرْضُ قَدْ نَبَذَتْهُ عَلَى وَجْهِهَا. ثُمّ عَادُوا فَحَفَرُوا لَهُ. فَوَارَوْهُ. فَأَصْبَحَتِ الأَرْضُ قَدْ نَبَذَتْهُ عَلَى وَجْهِهَا. فَتَرَكُوهُ مَنْبُوذاً.

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛بەنى نەججاردىن بىر كىشى سۈرەبەقەر بىلەن سۈرە ئال ئىمراننى يادا ئېلىپ ئۇقۇغان ئىدى، ئۇ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۈچۈن ۋەھيىنى يېزىپ بىرەتتى، ئاندىن كېين ئۇكىشى مۇرتەد بولۇپ ئىسلام دىنىدىن يېنىۋېلىپ، ئەھلى كىتاپلارغا، مۇشرىكلەرگە قوشۇلۇپ كەتتى، مۇشرىكلەر بۇدېگەن ئۇنىڭ ئۈچۈن ۋەھيي يازاتتى دەپ ئۇنىڭ مەرتىبىسىنى يۇقىر كۆتۈردى، ئۇزۇن تۇرماي **الله** ئۇنى شۇلارنىڭ ئارىسىدىلا ھالاك قىلدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم؛«زىمىن ئۇنى ھەرگىز قوبۇل قىلمايدۇ» دېدى، ئۇنى راستىنلا زىمىن قوبۇل قىلمىدى، ئۇلار ئۇنى بىرنەچچە قېتىم يەرنى چوڭقۇر كولاپ كۆمگەن بولسىمۇ، يەنىلا يەريۈزىگە چىقىپ قالدى، ئۇلار ئۇنى يەريۈزىدە ئۇچۇقلا تاشلاپ قويدى. ماڭا ئەبۇتەلھە مۇنداق خەۋەر قىلدى؛ ئۇ ھېلىقى كاتىپ بولغان كىشى ئۆلۈپ كەتكەن زىمىنغا بارغان ئىكەن، ئۇكىشىنى زىمىن ئۈستىدە تاشلاندۇق ھالىتىدە ئۇچۇرتۇپ؛ بۇكىشىنىڭ ھالىغا نىمە بولدى؟بۇكىشى نىمە ئۈچۈن دەپنە قىلىنمىدى؟ دەپ سورىسا، ئۇلار؛ بىز بۇكىشىنى بىر نەچچە قېتىم دەپنە قىلغان بولساقمۇ، زىمىن بۇكىشىنى ھەرگىز قوبۇل قىلمىدى، دەپ جاۋاب بىرىپتۇ.بۇخارى،مۇسلىم.

**6986 ـ حدّثني أَبُو كُرَيْبٍ، مُحَمّدُ بْنُ الْعَلاَءِ. حَدّثنَا حَفْصٌ (يَعْنِي ابْنَ غِيَاثٍ) عَنِ الأَعْمَشِ، عَنْ أَبِي سُفْيَانَ، عَنْ جَابِرٍ أَنّ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم قَدِمَ مِنْ سَفَرٍ. فَلَمّا كَانَ قُرْبَ الْمَدِينَةِ هَاجَتْ رِيحٌ شَدِيدَةٌ تَكَادُ أَنْ تَدْفِنَ الرّاكِبَ. فَزَعَمَ أَنّ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم قَالَ: «بُعِثَتْ هَذِهِ الرّيحُ لِمَوْتِ مُنَافِقٍ» فَلَمّا قَدِمَ الْمَدِينَةَ، فَإِذَا مُنَافِقٌ عَظِيمٌ، مِنَ الْمُنَافِقِينَ، قَدْ مَاتَ.**

جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىر قېتىملىق سەپەردىن كېلىۋېتىپ، مەدىنىگە يېقىن قالغاندا، ئاتلىق ـ ئۇلاغلىق كىشىنىمۇ يىقىتىپ كۆمۈپ، دەپنە قىلىۋەتكىدەك شۇنداق كۈچلۈك شامال چىقتى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم؛بۇشامال بىر مۇناپىقنىڭ ئۆلۈمى ئۈچۈن ئەۋەتىلدى دېدى، ئاندىن مەدىنىگە كەلسەك، ناگاھان مۇناپىقلارنىڭ چوڭ كاتىۋىشىدىن بىرسى ئۆلۈپتۇ.مۇسلىم.

**6987 ـ حدّثني عَبّاسُ بْنُ عَبْدِ الْعَظِيمِ الْعَنْبَرِيّ. حَدّثنَا أَبُو مُحَمّدٍ، النّضْرُ بْنُ مُحَمّدِ بْنِ مُوسَى الْيَمَامِيّ. حَدّثنَا عِكْرِمَةُ. حَدّثنَا إِيَاسٌ. حَدّثَنِي أَبِي قَالَ: عُدْنَا مَعَ رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم رَجُلاً مَوْعُوكاً. قَالَ: فَوَضَعْتُ يَدِي عَلَيْهِ فَقُلْتُ: وَاللّهِ مَا رَأَيْتُ كَالْيَوْمِ رَجُلاً أَشَدّ حَرّاً. فَقَالَ نَبِيّ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: «أَلاَ أُخْبِرُكُمْ بِأَشَدّ حَرّاً مِنْهُ يَوْمَ الْقِيَامَةِ؟ هَذَيْنِكَ الرّجُلَيْنِ الرّاكِبَيْنِ الْمُقَفّيَيْنِ» لِرَجُلَيْنِ حِينَئِذٍ مِنْ أَصْحَابِهِ.**

ئىياسنىڭ دادىسى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ بىز رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن بىللە قاتتىق قىزىپ قالغان بىركىشى يوقلىدۇق، مەن ئۇنىڭ بېشىغا قولۇمنى قويۇپ: **الله** بىلەن قەسەمكى، مەن بۇگۈنكىدەك بۇنداق قىززىپ كەتكەن كىشىنى كۆرۈپ باقمىغان دېسەم، رەسۇلۇللاھ : مەن سىلەرگە قىيامەت كۈنى

بۇنىڭدىنمۇ قاتتىق قىزىپ كەتكەن كىشىدىن خەۋەر بەرمەيمۇ؟ ئۇ بولسىمۇ ئارقىسىنى قىلىپ قايتىپ كېتىۋاتقان مۇشۇ ئاتلىق ئىككى كىشىدۇر دېدى. ئۇلار ساھابىللىرىدىن ئىككى كىشى ئىدى.

6988 ـ حدّثني مُحمّدُ بْنُ عَبْدِ اللّهِ بْنِ نُميْرٍ. حَدّثنَا أبِي. ح وَحدّثنَا أبُو بَكْرِ بْنُ أبي شَيْبَةَ. حَدّثنَا أبُو أُسَامَةَ. قالاَ: حَدّثنَا عُبَيْدُ اللّهِ. ح وَحدّثنَا مُحمّدُ بْنُ الْمُثنّى (وَاللّفْظُ لَهُ). أخْبَرَنَا عَبْدُ الْوَهّابِ (يَعْنِي الثقفِيّ). حَدّثنَا عُبَيْدُ اللّهِ عَنْ نَافِعٍ، عَنِ ابْنِ عُمرَ، عَنِ النّبيّ صلى الله عليه وسلم قالَ: «مَثلُ الْمُنَافِقِ كَمثَلِ الشّاةِ الْعَائِرَةِ بَيْنَ الْغَنمَيْنِ. تَعِيرُ إلَى هَذهِ مرّةً، وَإلَى هَذهِ مرّةً».
6989 ـ حدّثنا قُتَيْبَةُ بْنُ سَعِيدٍ. حَدّثنَا يَعْقُوبُ (يَعْنِي ابْنَ عَبْدِ الرّحْمَنِ الْقَارِيّ) عَنْ مُوسَى ابْنِ عُقْبَةَ، عَنْ نَافِعٍ، عَنِ ابْنِ عُمرَ، عَنِ النّبيّ صلى الله عليه وسلم بِمِثْلِهِ. غَيْرَ أنّهُ قالَ: «تَكِرّ فِي هَذهِ مرّةً، وَفِي هَذهِ مرّةً».

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مۇناپىقنىڭ ئوخشىشى، ئۇياقتىن ــ بۇياققا چېپىپ يۈرىيدىغان (كۈيلىگەن )قويغا ئوخشايدۇ، بىر قېتىم مانىڭغا بارسا، بىر قېتىم ئانىڭغا بارىدۇ، ئارىلىقتا ھەيران يۈرىيدۇ، (زادى قايسىسىغا ئەگىشىدىغانلىقىنى، قايسىسىغا تەۋە ئىكەنلىكىنى بىلەلمەيسەن، (مۇناپىق، ئەنە شۇنداق بولۇپ، مۇسۇلمانلار بىلەن كۇففارلار ئارىسىدا ھەيران يۈرىيدۇ). نەسەئى 4951 ــ ھەدىس، مۇسلىم 4990 ــ ھەدىس، ئەھمەد 4835 ــ ھەدىس، سەھىھ.

## 54 ـ كتاب صفة القيامة والجنّة والنّار

### 1262 ـ باب قىيامەتنىڭ سۈپىتى ۋە جەننەت بىلەن دەۋزەخ توغرىسىدا

6990 ـ حدّثني أبُو بَكْرِ بْنُ إسْحَقَ. حَدّثنَا يَحْيَى بْنُ بُكَيْرٍ. حَدّثنِي الْمُغِيرَةُ (يَعْنِي الْحِزَامِيّ) عَنْ أبي الزّنَادِ، عَنِ الأعْرَجِ، عَنْ أبي هُرَيْرَةَ، عَنْ رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم قال: «إنّهُ لَيَأْتِي الرّجُلُ الْعَظِيمُ السّمِينُ يَوْمَ الْقِيَامَةِ، لاَ يَزِنُ عِنْدَ اللّهِ جَنَاحَ بَعُوضَةٍ. اقْرَؤُوا: {فَلاَ نُقِيمُ لَهُمْ يَوْمَ الْقِيَامَةِ وَزْناً} (81الكهف الآية: 501).

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن قىيامەت كۈنى ناھايىتى چوڭ، سېمىز، كېلىشكەن كىشىلەر كېلىدۇ، لېكىن، ئۇلار ئاللاھنىڭ نەزىرىدە ميزاندا پاشىنىڭ قانىتىچىلىك ئېغىر كەلمەيدۇ، پاشىنىڭ قانىتىغىمۇ تەڭ كەلمەيدۇ، (يەنى قىلچىلىك ياخشىلىقى يوق) «ئۇلارغا قىيامەت كۈنى ۋەزنى ميزان تۇرغۇزمايمىز » دېگەن ئايەتنى ئۇقۇڭلار.بۇخارى،مۇسلىم، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.

(بۇ ھەدىستە، قىيامەت كۈنى ئەمەللەرنى ميزاندا تارتىش كۆرسىتىلدى، ئۆزىنى يا سۈرەتنى يا ياخشى ئەمەللەرنى يارتىدۇ.)

6991 ـ حدّثنا أحْمَدُ بْنُ عَبْدِ اللّهِ بْنِ يُونُسَ. حَدّثنَا فُضَيْلٌ (يَعْنِي ابْنَ عِيَاضٍ) عَنْ مَنْصُورٍ، عَنْ إبْرَاهِيمَ، عَنْ عُبَيْدَةَ السّلْمَانِيّ، عَنْ عَبْدِ اللّهِ بْنِ مَسْعُودٍ قالَ: جَاءَ حَبْرٌ إلَى النّبيّ صلى الله عليه وسلم فقالَ: يَا مُحمّدُ أوْ يَا أبَا الْقَاسِمِ إنّ اللّهَ تَعالَى يُمْسِكُ السّمَاوَاتِ يَوْمَ الْقِيَامَةِ عَلَى إصْبَعٍ. وَالأرَضِينَ عَلى إصْبَعٍ. وَالْجِبَالَ وَالشّجَرَ عَلَى إصْبَعٍ. وَالْمَاءَ وَالثّرَى عَلَى إصْبَعٍ. وَسَائِرَ الْخَلْقِ عَلَى إصْبَعٍ. ثُمّ يَهُزّهُنّ فيَقُولُ: أنَا الْمَلِكُ. أنَا الْمَلِكُ. فَضحِكَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم تَعجّباً مِمّا قالَ الْحَبْرُ. تَصْدِيقاً لَهُ. ثُمّ قرَأَ: {وَمَا قَدَرُوا اللّهَ حَقّ قَدْرِهِ وَالأرْضُ جَمِيعاً قَبْضَتُهُ يَوْمَ الْقِيَامَةِ وَالسّمَاوَاتُ مَطْوِيّاتٌ بِيَمِينِهِ، سُبْحَانَهُ وَتَعالَى عَمّا يُشْرِكُونَ} (93الزمر الآية: 76).
6992 ـ حدّثنا عُثْمَانُ بْنُ أبي شَيْبَةَ وَ إسْحَقُ بْنُ إبْرَاهِيمَ. كِلاَهُمَا عَنْ جَرِيرٍ. عَنْ مَنْصُورٍ بِهَذَا الإسْنَادِ، قالَ: جَاءَ حَبْرٌ مِنَ الْيَهُودِ إلَى رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم. بِمِثْلِ حَدِيثِ فُضَيْلٍ. وَلَمْ يَذْكُرْ: ثُمّ يَهُزّهُنّ.

وَقَالَ: فَلَقَدْ رَأَيْتُ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم ضَحِكَ حَتّى بَدَتْ نَوَاجِذُهُ تَعَجّباً لِمَا قَالَ: تَصْدِيقاً لَهُ. ثُمّ قَالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: {وَمَا قَدَرُوا اللّهَ حَقّ قَدْرِهِ} وَتَلاَ الآيَةَ.

6993 ـ حدّثنا عُمَرُ بْنُ حَفْصِ بْنِ غِيَاثٍ. حَدّثَنَا أَبِي. حَدّثَنَا الأَعْمَشُ قَالَ: سَمِعْتُ إِبْرَاهِيمَ يَقُولُ: سَمِعْتُ عَلْقَمَةَ يَقُولُ: قَالَ عَبْدُ اللّهِ: جَاءَ رَجُلٌ مِنْ أَهْلِ الْكِتَابِ إِلِى رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم فَقَالَ: يَا أَبَا الْقَاسِمِ إِنّ اللّهَ يُمْسِكُ السّمَاوَاتِ عَلَى إِصْبَعٍ. وَالأَرَضِينَ عَلَى إِصْبَعٍ. وَالشّجَرَ وَالثّرَى عَلَى إِصْبَعٍ. وَالْخَلاَئِقَ عَلَى إِصْبَعٍ. ثُمّ يَقُولُ: أَنَا الْمَلِكُ. أَنَا الْمَلِكُ. قَالَ فَرَأَيْتُ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم ضَحِكَ حَتّى بَدَتْ نَوَاجِذُهُ. ثُمّ قَرَأَ: وَمَا قَدَرُوا اللّهَ حَقّ قَدْرِهِ.

6994 ـ حدّثنا أَبُو بَكْرِ بْنُ أَبِي شَيْبَةَ وَ أَبُو كُرَيْبٍ. قَالاَ: حَدّثَنَا أَبُو مُعَاوِيَةَ. ح وَحَدّثَنَا إِسْحَقُ بْنُ إِبْرَاهِيمَ وَ عَلِيّ بْنُ خَشْرَمٍ. قَالاَ: أَخْبَرَنَا عِيسَى بْنُ يُونُسَ. ح وَحَدّثَنَا عُثْمَانُ بْنُ أَبِي شَيْبَةَ. حَدّثَنَا جَرِيرٌ. كُلّهُمْ عَنِ الأَعْمَشِ بِهَذَا الإِسْنَادِ. غَيْرَ أَنّ فِي حَدِيثِهِمْ جَمِيعاً: وَالشّجَرَ عَلَى إِصْبَعٍ. وَالثّرَى عَلَى إِصْبَعٍ. وَلَيْسَ فِي حَدِيثِ جَرِيرٍ: وَالْخَلاَئِقَ عَلَى إِصْبَعٍ. وَلَـكِنْ فِي حَدِيثِهِ: وَالْجِبَالَ عَلَى إِصْبَعٍ. وَزَادَ فِي حَدِيثِ جَرِيرٍ: تَصْدِيقاً لَهُ تَعَجّباً لِمَا قَالَ.

ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، يەھۇدىيلەردىن بىر ئالىم رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم نىڭ قېشىغا كېلىپ؛ ئى مۇھەممەد! سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھەقىقەتەن **الله** تائالا قىيامەت كۈنى يەتتە ئاسماننى بىر بارمىقىنىڭ ئۈستىدە، يەتتە زېمىننى بىر بارمىقىنىڭ ئۈستىدە، تاغلارنى،دەل ـ دەرەخلەرنى بىر بارمىقىنىڭ ئۈستىدە، سۇنى، تۇپراقلارنى بىر بارمىقىنىڭ ئۈستىدە، قالغان بارلىق مەخلۇقلارنى بىر بارمىقىنىڭ ئۈستىدە تۇتۇپ تۇرۇپ، ئاندىن ئۇلارنى سىلكىپ ھەركەتلەندۈرۈپ؛ مانا مەن بىردىنبىر پادىشاھ، مانا مەن **الله** دەيدۇ دېدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنىڭ سۆزلىرىدىن ئەجەبلىنىپ ھەيران قىلىپ، ئۇنىڭ سۆزىنى تەستىقلاپ كۈلۈپ كەتتى، ئاندىن:« ئۇلار **الله**نى ھەقىقىي رەۋىشتە تونۇمىدى. قىيامەت كۈنى زېمىن پۈتۈنلەي **الله**نىڭ چاڭگىلىدا بولىدۇ، ئاسمانلار **الله**نىڭ ئوڭ قولىدا قاتلىنىپ تۇرىدۇ، **الله** ئۇلار (يەنى مۇشرىكلار) نىڭ شېرىك كەلتۈرگەن نەرسىلىرىدىن پاكتۇر ۋە ئۈستۈندۇر.»(سۈرە زۇمەر 67 ـ )دېگەن ئايەتنى ئوقۇدى.بۇخارى،مۇسلىم.بۇئايەت،سەھىھ ھەدىستىن؛**الله** نىڭ ئۆزىگە لايىق،ئوخشىشى يوق قولى،بارماقلىرى باردۇر.

6995 ـ حدّثني حَرْمَلَةُ بْنُ يَحْيَى. أَخْبَرَنَا ابْنُ وَهْبٍ. أَخْبَرَنِي يُونُسُ عَنِ ابْنِ شِهَابٍ. حَدّثَنِي ابْنُ الْمُسَيّبِ أَنّ أَبَا هُرَيْرَةَ كَانَ يَقُولُ: قَالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: «يَقْبِضُ اللّهُ تَبَارَكَ وَتَعَالَى الأَرْضَ يَوْمَ الْقِيَامَةِ. وَيَطْوِي السّمَاءَ بِيَمِينِهِ. ثُمّ يَقُولُ: أَنَا الْمَلِكُ. أَيْنَ مُلُوكُ الأَرْضِ».

ئەبۇ ھۇرەيرە، ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇلاردىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: قىيامەت كۈنى ئاللاھتائالا زېمىننى چاڭگاللاپ تۇرۇپ، ئاسمانلارنى ئوڭ قولىدا قاتلاپ، يۆگەپ كۆتۈرۈپ تۇرۇپ، مانا مەن ھەق پادىشاھ، زېمىننىڭ پادىشاھلىرى قېنى؟ دەپ نىدا قىلىدۇ، (ئۇ كۈندە پادىشاھلىق قەھھار**الله** غىلا خاستۇر). بۇخارى،مۇسلىم، بەيھەقى، نەسەئى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

6996 ـ وحدّثنا أَبُو بَكْرِ بْنُ أَبِي شَيْبَةَ. حَدّثَنَا أَبُو أُسَامَةَ عَنْ عُمَرَ بْنِ حَمْزَةَ، عَنْ سَالِمِ بْنِ عَبْدِ اللّهِ. أَخْبَرَنِي عَبْدُ اللّهِ بْنُ عُمَرَ قَالَ: قَالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: «يَطْوِي اللّهُ عَزّ وَجَلّ السّمَاوَاتِ يَوْمَ الْقِيَامَةِ. ثُمّ يَأْخُذُهُنّ بِيَدِهِ الْيُمْنَى. ثُمّ يَقُولُ: أَنَا الْمَلِكُ. أَيْنَ الْجَبّارُونَ؟ أَيْنَ الْمُتَكَبّرُونَ؟ ثُمّ يَطْوِي الأَرَضِينَ بِشِمَالِهِ. ثُمّ يَقُولُ: أَنَا الْمَلِكُ. أَيْنَ الْجَبّارُونَ؟ أَيْنَ الْمُتَكَبّرُونَ؟».

ئىبنى ئەمرۇ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: قىيامەت كۈنى ئاللاھتائالا ئاسمانلارنى قاتلاپ ئوڭ قولى بىلەن تۇتۇپ تۇرۇپ مۇنداق دەيدۇ: مانا مەن بىردىنبىر پادىشاھ بولىمەن، مۇتەكەببىرلەر قېنى، زۇلۇمكەش زومىگەرلەر قېنى؟ ئاندىن زېمىننى قاتلاپ، ئۇ يەتتە زېمىننى يەنە بىر قولىدا تۇتۇپ تۇرۇپ، مانا مەن پادىشاھ بولىمەن، زۇلۇمكەش، زومىگەرلەر، زالىم، مۇتەكەببىرلەر قېنى دەپ نىدا قىلىپ تۇۋلايدۇ. مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ. **ئاللاھنىڭ ئۆزىگە لايىق، ئوخشىشى يوق، ئىككى قولى باردۇر، ھەر ئىككىلى قولى ئوڭدۇر، قەتئىي ئوخشىشى يوقتۇر.**

**6997 ـ حدّثنا سَعِيدُ بْنُ مَنْصُورٍ. حَدّثنَا يَعْقُوبُ (يَعْنِي ابْنَ عَبْدِ الرّحْمَنِ). حَدّثنِي أَبُو حَازِمٍ عَنْ عُبَيْدِ اللّهِ بْنِ مِقْسَمٍ أَنّهُ نَظَرَ إِلَى عَبْدِ اللّهِ بْنِ عُمَرَ كَيْفَ يَحْكِي رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم قَالَ: «يَأْخُذُ اللّهُ عَزّ وَجَلّ سَمَاوَاتِهِ وَأَرَضِيهِ بِيَدَيْهِ. فَيَقُولُ: أَنَا اللّهُ.(وَيَقْبِضُ أَصَابِعَهُ وَيَبْسُطُهَا) أَنَا الْمَلِكُ» حَتّىَ نَظَرْتُ إِلَىَ الْمِنْبَرِ يَتَحَرّكُ مِنْ أَسْفَلِ شَيْءٍ مِنْهُ. حَتّىَ إِنّي لأَقُولُ: أَسَاقِطٌ هُوَ بِرَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم.**

**6998 ـ حدّثنا سَعِيدُ بْنُ مَنْصُورٍ. حَدّثنَا عَبْدُ الْعَزِيزِ بْنُ أَبِي حَازِمٍ. حَدّثنِي أَبِي عَنْ عُبَيْدِ اللّهِ بْنِ مِقْسَمٍ، عَنْ عَبْدِ اللّهِ بْنِ عُمَرَ قَالَ: رَأَيْتُ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم عَلَى الْمِنْبَرِ، وَهُوَ يَقُولُ: «يَأْخُذُ الْجَبّارُ، عَزّ وَجَلّ، سَمَاوَاتِهِ وَأَرَضِيهِ بِيَدَيْهِ» ثُمّ ذَكَرَ نَحْوَ حَدِيثِ يَعْقُوبَ.**

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: جەببار ئاللاھ قىيامەت كۈنى ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى ئىككى قولىدا تۇتۇپ تۇرۇپ: مانا مەن جەببار **الله**، ھەممىنى بويسۇندۇرغۇچى، مانا مەن پادىشاھ بولىمەن. دۇنيادىكى زۇلۇمكەش، مۇتەكەببىر، تاجاۋۇزچى پادىشاھلار قېنى؟ دەيدۇ. ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

### *1263 ـ باب ابتداء الخلق، وخلق آدم عليه السلام*

### تۇنجى قېتىم يارىتىلغان مەخلۇق ۋە ئادەمنىڭ يارىلىشى، ئۆلگەندىن كېيىن تىرىلىش توغرىسىدا

**6999 ـ حدّثني سُرَيْجُ بْنُ يُونُسَ وَ هَرُونُ بْنُ عَبْدِ اللّهِ. قَالاَ: حَدّثنَا حَجّاجُ بْنُ مُحَمّدٍ. قَالَ: قَالَ ابْنُ جُرَيْجٍ: أَخْبَرَنِي إِسْمَاعِيلُ بْنُ أُمَيّةَ عَنْ أَيّوبَ بْنِ خَالِدٍ، عَنْ عَبْدِ اللّهِ بْنِ رَافِعٍ، مَوْلَى أُمّ سَلَمَةَ، عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ قَالَ أَخَذَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم بِيَدِي فَقَالَ: «خَلَقَ اللّهُ، عَزّ وَجَلّ، التّرْبَةَ يَوْمَ السّبْتِ. وَخَلَقَ فِيهَا الْجِبَالَ يَوْمَ الأَحَدِ. وَخَلَقَ الشّجَرَ يَوْمَ الإِثْنَيْنِ. وَخَلَقَ الْمَكْرُوهَ يَوْمَ الثّلاَثَاءِ. وَخَلَقَ النّورَ يَوْمَ الأَرْبَعَاءِ. وَبَثّ فِيهَا الدّوَابّ يَوْمَ الْخَمِيسِ. وَخَلَقَ آدَمَ، عَلَيْهِ السّلاَمُ، بَعْدَ الْعَصْرِ مِنْ يَوْمِ الْجُمُعَةِ. فِي آخِرِ الْخَلْقِ. فِي آخِرِ سَاعَةٍ مِنْ سَاعَاتِ الْجُمُعَةِ. فِيمَا بَيْنَ الْعَصْرِ إِلَى اللّيْلِ».**

**قَالَ إِبْرَاهِيمُ: حَدّثنَا الْبِسْطَامِيّ (وَهُوَ الْحُسَيْنُ بْنُ عِيسَى)، وَسَهْلُ بْنُ عَمّارٍ، وَإِبْرَاهِيمُ بْنُ بِنْتِ حَفْصٍ، وَغَيْرُهُمْ، عَنْ حَجّاجٍ، بِهَـذَا الْحَدِيثِ.**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم قولۇمنى تۇتۇپ تۇرۇپ مۇنداق دېگەن: ئاللاھتائالا تۇپراق زېمىنى شەنبە كۈنى ياراتتى، ئۇنىڭ ئىچىدىكى تاغلارنى بولسا، يەكشەنبە كۈنى ياراتتى، دەرەخلەرنى دۈشەنبە كۈنى ياراتتى، مەكرۇھ ئىشلارنى، ياقتۇرۇلمايدىغان نەرسىلەرنى سەيشەنبە كۈنى ياراتتى، نۇرنى چارشەنبە كۈنى ياراتتى، زېمىن ئىچىگە ھايۋانلارنى بولسا، پەيشەنبە كۈنى ياراتتى، كەڭ تارقاتتى، ئادەم ئەلەيھىسسالامنى جۈمئە كۈنى ئەسىردىن كېيىن، مەخلۇقلارنىڭ ئاخىرىدا جۈمئەنىڭ سائەتلىرىنىڭ

ئاخىردا،ئەسىر بىلەن كۈن كىرىش ئارلىقىدا ياراتتى، ئەھمەد 7991 ـ ھەدىس، مۇسلىم 1410 ـ ھەدىس، 4997 ـ ھەدىس، تىرمىزى 450 ـ ھەدىس، نەسەئى، ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ.

**1264 ـ باب في البعث والنشور، وصفة الأرض يوم القيامة**

**7000 ـ حدّثنا أَبُو بَكْرِ بْنُ أَبِي شَيْبَةَ. حَدّثنَا خَالِدُ بْنُ مَخْلَدٍ عَنْ مُحَمّدِ بْنِ جَعْفَرِ بْنِ أَبِي كَثِيرٍ. حَدّثَنِي أَبُو حَازِمِ بْنُ دِينَارٍ عَنْ سَهْلِ بْنِ سَعْدٍ قَالَ: قَالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: «يُحْشَرُ النّاسُ يَوْمَ الْقِيَامَةِ عَلَى أَرْضٍ بَيْضَاءَ، عَفْرَاءَ، كَقُرْصَةِ النّقِيّ، لَيْسَ فِيهَا عَلَمٌ لأَحَدٍ».**

سەھلى ئىبنى سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: كىشىلەر قىيامەت كۈنى خۇددى ئاق ئۇننىڭ توقچىدەك، ئاق نانىدەك نۇرلۇق، ئاق زىمىننىڭ ئۈستىدە تىرىلدۈرۈلۈپ قوپۇرۇلىدۇ، توپلىنىدۇ، ئۇ زىمىندا ھىچ بىر كىشى ئۈچۈن بەلگە، ئالامەت يوقتۇر، ئەلەم يوقتۇر. بەيھەقى، بۇخارى ،مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ. جەننەت ئەھلىگە كالا گۆشى، بېلىق گۆشى ۋە بۇ ئىككىسىنىڭ جىگەر پارچىسى ۋە مۇشۇ زىمىن، يەرشارى، ئاق نان قىلىنىپ زىياپەت بېرىلىدۇ.مۇسلىم.

**7001 ـ حدّثنا أَبُو بَكْرِ بْنُ أَبِي شَيْبَةَ. حَدّثنَا عَلِيّ بْنُ مُسْهِرٍ، عَنْ دَاوُدَ، عَنِ الشّعْبِيّ، عَنْ مَسْرُوقٍ، عَنْ عَائِشَةَ قَالَتْ: سَأَلْتُ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم عَنْ قَوْلِهِ عَزّ وَجَلّ: {يَوْمَ تُبَدّلُ الأَرْضُ غَيْرَ الأَرْضِ وَالسّمَاوَاتُ} ( 41إبراهيم الآية: 84). فَأَيْنَ يَكُونُ النّاسُ يَوْمَئِذٍ؟ يَا رَسُولَ اللّهِ فَقَالَ «عَلَى الصّرَاطِ».**

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن، مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن ، الله تائالا نىڭ :« ئۇ كۈندە زىمىنمۇ باشقا بىر زىمىنغا، ئاسمانلارمۇ باشقا بىر ئاسمانلارغا ئايلىنىدۇ، ئۇلار (يەنى پۈتۈن خالايىق قەبرىلىرىدىن چىقىپ) يېگانە، قۇدرەتلىك اللهنىڭ دەرگاھىدا (يەنى مەھشەرگاھىدا) ھازىر بولىدۇ. »دىگەن(سۈرە ئىبراھىيم 48 ـ )ئايىتى توغرىسىدا سوراپ، كىشىلەر شۇ كۈنى قەيەردە بولىدۇ؟دىسەم، رەسۇلۇللاھ؛ كىشىلەر شۇ كۈنى سىرات كۆۋرۈكى ئۈستىدە بولىدۇ دېدى. مۇسلىم توپلىغان.سەھىھ.

**1265 ـ باب نزل أهل الجنة جەننەت ئەھلىنىڭ زىياپىتى توغرىسىدا**

**7002 ـ حدّثنا عَبْدُ الْمَلِكِ بْنُ شُعَيْبِ بْنِ اللّيْثِ. حَدّثَنِي أَبِي عَنْ جَدّي. حَدّثَنِي خَالِدُ بْنُ يَزِيدَ عَنْ سَعِيدِ بْنِ أَبِي هِلاَلٍ، عَنْ زَيْدِ بْنِ أَسْلَمَ، عَنْ عَطَاءِ بْنِ يَسَارٍ، عَنْ أَبِي سَعِيدٍ الْخُدْرِيّ، عَنْ رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم قَالَ: «تَكُونُ الأَرْضُ يَوْمَ الْقِيَامَةِ خُبْزَةً وَاحِدَةً. يَكْفَؤُهَا الْجَبّارُ بِيَدِهِ. كَمَا يَكْفَؤُ أَحَدُكُمْ خُبْزَتَهُ فِي السّفَرِ. نُزُلاً لأَهْلِ الْجَنّةِ». قَالَ: فَأَتَى رَجُلٌ مِنَ الْيَهُودِ. فَقَالَ: بَارَكَ الرّحْمَنُ عَلَيْكَ، أَبَا الْقَاسِمِ أَلاَ أُخْبِرُكَ بِنُزُلِ أَهْلِ الْجَنّةِ يَوْمَ الْقِيَامَةِ؟ قَالَ: «بَلَى» قَالَ: تَكُونُ الأَرْضُ خُبْزَةً وَاحِدَةً (كَمَا قَالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم). قَالَ: فَنَظَرَ إِلَيْنَا رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم ثُمّ ضَحِكَ حَتّى بَدَتْ نَوَاجِذُهُ. قَالَ: أَلاَ أُخْبِرُكَ بِإِدَامِهِمْ؟ قَالَ: «بَلَى» قَالَ «إِدَامُهُمْ بَالاَمُ وَنُونٌ. قَالُوا: وَمَا هَذَا؟ قَالَ: ثَوْرٌ وَنُونٌ. يَأْكُلُ مِنْ زَائِدَةِ كَبِدِهِمَا سَبْعُونَ أَلْفاً».**

ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: زىمىن قىيامەت كۈنى بىر دانە ناندەك بولۇپ قالىدۇ، ھەممىنى بويسۇندۇرغۇچى جەببار ئالللاھ ، زىمىننى ئۆز قولى بىلەن خۇددى بىرىڭلار سەپەر تەييارلىقىغا ناننى راستىلىغاندەك ، جەننەت ئەھلىگە زىياپەت بېرىش ئۈچۈن قولدىن ـ قولغا يۆتكەپ، راسلايدۇ. ئاندىن يەھۇدىيلاردىن بىر كىشى كىلىپ؛ ئى ئەبۇلقاسىم! رەھمان تائالا ساڭا بەركەت ئاتا

قىلسۇن، ساڭا مەن قىيامەت كۈنىدىكى، جەننەت ئەھلىنىڭ تۇنجى قېتىملىق زىياپىتى توغرىسىدا خەۋەر بەرمەيدۇ؟ دېدى، بۇلىدۇ دىسە، ئۇ؛ سۇلۇللاھ دېگەندەكلا، زىمىن قىيامەت كۈنى بىر دانە راڭ بولىدۇ.....دېدى. رەسۇلۇللاھ بىزگە قاراپ (ئىككى سۆزىنىڭ مۇۋاپىق راست چىققانلىقىدىن)ئېزىق چىشلىرى كۆرۈنۈپ قالغىچە كۈلدى، ئاندىن ئۇكىشى؛ مەن ئۇلارنىڭ ناشتىلىق چاي تامىقىدىن خەۋەر بەرمەيمۇ؟ ئۇ بولىسمۇ، بالامۇن ۋە نۇن يەنى كالاگۆشى بىلەن بېلىق گۆشى، بۇ ئىككىسىنىڭ جىگەرلىرىنىڭ بىر تەرىپىدىكى پارچىسىدىن 70000 كىشى يەپ تۈيىدۇ دېدى. بۇخارى،مۇسلىم،ئەھمەد، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ. مۇسلىم دېىكسىنىڭ 5000 ـ ھەدىسىدە، قىيامەت ۋە جەننەتنىڭ سۈپىتىدە بۇ ھەدىسنى كەلتۈرگەن، ئىمام نەۋەۋى بۇ ھەدىسكە شەرھى يېزىپ، ئاللاھتائالا قىيامەت كۈنى زىمىننى چوڭ بىر دانە نان قىلىپ جەننەت ئەھلى ئۈچۈن زىياپەت بېرىدۇ، ئۇلار بۇ نان بىلەن بىرگە كالا گۆشى، لەھەڭنىڭ جىگەر پارچىسىنى يەپ ناشتا قىلىدۇ دىگەن، ئاللاھ قادىردۇر.

**7003 ـ حدّثنا يَحْيَى بْنُ حَبِيْبٍ الْحَارِثِيّ. حَدّثَنَا خَالِدُ بْنُ الْحَارِث. حَدّثَنَا قُرّةُ. حَدّثَنَا مُحَمّدٌ عَنْ أَبي هُرَيْرَةَ قَالَ: قَالَ النّبيّ صلى الله عليه وسلم: «لَوْ بَايَعَنِي عَشَرَةٌ مِنَ الْيَهُودِ لَمْ يَبْقَ عَلَىَ ظَهْرِهَا يَهُودِيّ إلاّ أَسْلَمَ».**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ئەگەر ماڭا يەھۇدىيلاردىن ئون كىشى ئىمان كەلتۈرگەن بولسا،(مۇسلىمنىڭ لەبزىدە) بەيئەت قىلغان بولسا، ئەلۋەتتە يەريۈزىدىكى بارلىق يەھۇدىيلار مۇسۇلمان بولۇپ ماڭا ئىمان كەلتۈرگەن بولاتتى. بۇخارى.مۇسلىم.

بۇ ئون كىشى چوقۇم ئاساسلىق باش بولغۇچى كىشىلەردۇر، ئۇلار ئىمان كەلتۈرسە، قەۋملىرى ئىمان كەلتۈرەتتى، ئۇلارنىڭمۇ ساۋابى چوڭ، ئۇلۇغ بولاتتى، ئەلۋەتتە ھازىر جىنايىتى ئېغىر بولىدۇ، ئىمانغا دەۋەت قىلىشتا، ئاساسلىق باشلىقلىرىنى دەۋەت قىلىش لازىم، مۇھىم شەخسنى مۇھىم بىلىڭ.

***1266 ـ باب سؤال اليهود النّبيّ صلى الله عليه وسلم عن الروح، وقوله تعالى: يسألونك عن الروح، الآية***

**7004 ـ حدّثنا عُمَرُ بْنُ حَفْص بْنِ غِيَاثٍ. حَدّثَنَا أَبِي. حَدّثَنَا الأَعْمَشُ. حَدّثَنِي إبْرَاهِيمُ عَنْ عَلْقَمَةَ، عَنْ عَبْدِ اللّهِ قَالَ: بَيْنَمَا أَنَا أَمْشِي مَعَ النّبيّ صلى الله عليه وسلم فِي حَرْثٍ، وَهُوَ مُتّكِىءٌ عَلَىَ عَسِيبٍ، إذْ مَرّ بِنَفَرٍ مِنَ الْيَهُودِ. فَقَالَ بَعْضُهُمْ لِبَعْضٍ: سَلُوهُ عَنِ الرّوحِ. فَقَالُوا: مَا رَابَكُمْ إلَيْهِ؟ لاَ يَسْتَقْبِلُكُمْ بِشَيْءٍ تَكْرَهُونَهُ. فَقَالُوا: سَلُوهُ. فَقَامَ إلَيْهِ بَعْضُهُمْ فَسَأَلَهُ عَنِ الرّوحِ. قَالَ: فَأَسْكَتَ النّبيّ صلى الله عليه وسلم. فَلَمْ يَرُدّ عَلَيْهِ شَيْئاً. فَعَلِمْتُ أَنّهُ يُوحَىَ إلَيْهِ. قَالَ: فَقُمْتُ مَكَانِي. فَلَمّا نَزَلَ الْوَحْيُ قَالَ: {وَيَسْأَلُونَكَ عَنِ الرّوحِ، قُلِ الرّوحُ مِنْ أَمْرِ رَبّي وَمَا أُوتِيتُمْ مِنَ الْعِلْمِ إلاّ قَلِيلاً} (17الإسراء الآية: 85).**

**7005 ـ حدّثنا أَبُو بَكْرِ بْنُ أَبِي شَيْبَةَ وَ أَبُو سَعِيدٍ الأَشَجّ. قَالاَ: حَدّثَنَا وَكِيعٌ. ح وَحَدّثَنَا إسْحَقُ بْنُ إبْرَاهِيمَ الْحَنْظَلِيّ وَ عَلِيّ بْنُ خَشْرَمٍ. قَالاَ: أَخْبَرَنَا عِيسَى بْنُ يُونُسَ. كِلاَهُمَا عَنِ الأَعْمَشِ، عَنْ إبْرَاهِيمَ، عَنْ عَلْقَمَةَ، عَنْ عَبْدِ اللّهِ قَالَ: كُنْتُ أَمْشِي مَعَ النّبيّ صلى الله عليه وسلم فِي حَرْثٍ بِالْمَدِينَةِ. بِنَحْوِ حَدِيثِ حَفْصٍ. غَيْرَ أَنّ فِي حَدِيثِ وَكِيعٍ: وَمَا أُوتِيتُمْ مِنَ الْعِلْمِ إلاّ قَلِيلاً. وَفِي حَدِيثِ عِيسَى بْنِ يُونُسَ: وَمَا أُوتُوا، مِنْ رِوَايَةِ ابْنِ خَشْرَمٍ.**

**7006 ـ حدّثنا أَبُو سَعِيدٍ الأَشَجّ. قَالَ: سَمِعْتُ عَبْدَ اللّهِ بْنَ إدْرِيسَ يَقُولُ: سَمِعْتُ الأَعْمَشَ يَرْوِيهِ عَنْ عَبْدِ اللّهِ بْنِ مُرّةَ عَنْ مَسْرُوقٍ، عَنْ عَبْدِ اللّهِ قَالَ: كَانَ النّبيّ صلى الله عليه وسلم فِي نَخْلٍ يَتَوَكّأُ عَلَىَ عَسِيبٍ. ثُمّ ذَكَرَ نَحْوَ حَدِيثِهِمْ عَنِ الأَعْمَشِ. وَقَالَ فِي رِوَايَتِهِ: وَمَا أُوتِيتُمْ مِنَ الْعِلْمِ إلاّ قَلِيلاً.**

ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن بىللە دېھقانچىلىق مەيدانىدا مېڭىپ كېتىۋاتاتتىم، رەسۇلۇللاھ خورما تايىقىدىن بولغان ھاسىسىغا تايىنىپ مېڭىپ، بىرنەچچە نەپەر يەھۇدىيلەرنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ قالدى، ئۇلارنىڭ بەزىسى بەزىسىگە: ئۇنىڭدىن روھ توغرۇلۇق سوئال سوراپ بېقىڭلار دېدى، يەنەبەزىسى: بۇ سوئالنىڭ جاۋابى سىلەرگە ياخشى بولمايدىغان تۇرسا، ئۇ پەقەت سىلەر ياقتۇرمايدىغان نەرسە بىلەنلا جاۋاپ بېرىدىغان تۇرسا، يەنە ئۇنىڭدىن بۇنداق سوئال سوراشقا سىلەرنى زادى نېمە قىززىقتۇردى؟دېدى. ئۇلار شۇنداق قىلىپ سوراپ بېقىڭلار دېيىشتى، ئاندىن ئۇلارنىڭ بەزىسى ئورنىدىن تۇرۇپ رەسۇلۇللاھ تىن روھ توغرۇلۇق سوئال سوردى، رەسۇلۇللاھ ئۇنىڭغا جاۋاپ بەرمەي جىم تۇردى، مەن رەسۇلۇللاھ قا ۋەھى نازىل بۇلىۋاتقانلىقىنى بىلىپ ئۆز ئورنىمدا تۇرۇپ تۇردۇم، ۋەھى چۈشۈپ بولغاندا رەسۇلۇللاھ ئۇلارغا مۇنۇ ئايەتنى ئوقۇپ جاۋاپ بەردى:«ئۇلار سەندىن روھنىڭ ماھىيىتى ھەققىدە سورىشىدۇ، روھنىڭ ھەققى ماھىيىتىنى رەببىم الله ئۆزى بىلىدۇ دېگىن، سىلەرگە ئازغىنا ئىلىم بېرىلگەن».

7007 ـ حدّثنا أبو بكر بْنُ أبي شَيْبَةَ وَ عَبْدُ اللّهِ بْنُ سَعِيدٍ الأشَجّ (وَاللّفْظُ لِعَبْدِ اللّهِ). قالاَ: حَدّثَنَا وَكِيعٌ. حَدّثَنَا الأَعْمَشُ عَنْ أَبِي الضّحَى، عَنْ مَسْرُوقٍ عَنْ خَبّابٍ قَالَ: كَانَ لِي عَلَى الْعَاصِ بْنِ وَائِلٍ دَيْنٌ. فَأَتَيْتُهُ أَتَقَاضَاهُ. فَقَالَ لِي: لَنْ أَقْضِيَكَ حَتّى تَكْفُرَ بِمُحَمّدٍ. قَالَ: فَقُلْتُ لَهُ: إِنّي لَنْ أَكْفُرَ بِمُحَمّدٍ حَتّى تَمُوتَ ثُمّ تُبْعَثَ. قَالَ: وَإِنّي لَمَبْعُوثٌ مِنْ بَعْدِ الْمَوْتِ؟ فَسَوْفَ أَقْضِيكَ إِنْ رَجَعْتُ إِلَى مَالٍ وَوَلَدٍ. قَالَ وَكِيعٌ: كَذَا قَالَ الأَعْمَشُ. قَالَ فَنَزَلَتْ هَذِهِ الآيَةُ: {أَفَرَأَيْتَ الّذِي كَفَرَ بِآيَاتِنَا وَقَالَ لأُوتَيَنّ مَالاً وَوَلَداً} ( 19مريم الآية: 77) إِلَى قَوْلِهِ: {وَيَأْتِينَا فَرْداً}.

7008 ـ حدّثنا أبو كُرَيْبٍ. حَدّثَنَا أَبُو مُعَاوِيَةَ. ح وَحَدّثَنَا ابْنُ نُمَيْرٍ. حَدّثَنَا أَبِي. ح وَحَدّثَنَا إِسْحَقُ بْنُ إِبْرَاهِيمَ. أَخْبَرَنَا جَرِيرٌ. ح وَحَدّثَنَا ابْنُ أَبِي عُمَرَ. حَدّثَنَا سُفْيَانُ. كُلّهُمْ عَنِ الأَعْمَشِ بِهَذَا الإِسْنَادِ، نَحْوَ حَدِيثِ وَكِيعٍ. وَفِي حَدِيثِ جَرِيرٍ: قَالَ: كُنْتُ قَيْناً فِي الْجَاهِلِيّةِ. فَعَمِلْتُ لِلْعَاصِ بْنِ وَائِلٍ عَمَلاً، فَأَتَيْتُهُ أَتَقَاضَاهُ.

خەبباب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، مەن بۇرۇن تۆمۈرچىلىك قىلغان چاغلاردا مىنىڭ ئاس ئىبنى ۋائىلدا قىلىپ قالغان ئىشلىشىم بار ئىدى. مەن ئۇنىڭ قېشىغا قەرز سۈيلەپ بارسام، ئۇ ماڭا: سەن مۇھەممەدكە كاپىر بولمىغىچە ئىشلىشىڭنى ھەرگىز بەرمەيمەن دېدى. مەن ئۇنىڭغا: سەن ئۆلۈپ ئاندىن يەنە تىرىلمىگىچە(يەنى تا قىيامەتكىچە يەنى مەڭگۈ) مەن ئۇنىڭغا كاپىر بولمايمەن دېسەم، ئۇ: مەن ئۆلگىنىمدىن كېيىن يەنە تىرىلەمدىم؟ ئۇنداق بولسا مەن تىرىلىپ، ئەھلى باللىرىمغا، ماللىرىمغا قايتقاندا(يەنى قايتا ئېرىشكىنىمدە)ئاندىن ساڭا قەرزىمنى قايتۇراي دېدى. ئاندىن:«بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزنى ئىنكار قىلغان ۋە ماڭا(ئاخىرەتتە)ئەلۋەتتە مال ـ مۈلۈك، ئەۋلاد بېرىلىدۇ دېگەن ئادەمنى كۆردۈڭمۇ؟*ئۇغەيىبنى بىلگەنمۇ؟ياكى مەرھەمەتلىك الله نىڭ ئەھدىسىگە ئېرىشكەنمۇ؟*ئۇنداق ئەمەس............ئۇ ئالدىمىزغا تانھا كېلىدۇ».دېگەن ئايەتلەر نازىل بولدى.

### 1267 ـ باب في قوله تعالى: وَمَا كَانَ اللّهُ ليعذبهم وأنت فيهم، الآية

7009 ـ حدّثنا عُبَيْدُ اللّهِ بْنُ مُعَاذٍ الْعَنْبَرِيّ. حَدّثنَا شُعْبَةُ عَنْ عَبْدِ الْحَمِيدِ الزّيَادِيّ أَنّهُ سَمِعَ أَنَسَ بْنَ مَالِكٍ يَقُولُ: قَالَ أَبُو جَهْلٍ: اللّهُمّ! إِنْ كَانَ هَذَا هُوَ الْحَقّ مِنْ عِنْدِكَ فَأَمْطِرْ عَلَيْنَا حِجَارَةً مِنَ السّمَاءِ أَوِ ائْتِنَا بِعَذَابٍ أَلِيمٍ. فَنَزَلَتْ: {وَمَا كَانَ اللّهُ لِيُعَذّبَهُمْ وَأَنْتَ فِيهِمْ وَمَا كَانَ اللّهُ مُعَذّبَهُمْ وَهُمْ يَسْتَغْفِرُونَ وَمَا لَهُمْ أَلاّ يُعَذّبَهُمُ اللّهُ وَهُمْ يَصُدّونَ عَنِ الْمَسْجِدِ الْحَرَامِ}(8 الأنفال الآيتان: 33 و 43) إِلَى آخِرِ الآيَةِ.

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، ئەبۇجەھىل:ئى الله!ئەگەر بۇ(يەنى قۇرئان )سىنىڭ تەرپىڭدىن نازىل بولغان ھەقىقەت بۇلىدىغان بولسا، ئاسماندىن ئۈستىمىزگە تاش ياغدۇرغىن، ياكى بىزنى قاتتىق ئازاپ بىلەن جازالىغىن!دېدى.ئاندىن:«سەن ئۇلارنىڭ ئىچىدە تۇرغان چېغىڭدا(سىنى ھۆرمەتلەش يۈزىسىدىن)الله ئۇلارغا ئازاپ قىلمايدۇ، ئۇلار ئىستىغپار ئېيتىپ تۇرغان چاغدا الله ئۇلارغا ئازاپ قىلمايدۇ، ئۇلار باشقىلارنىڭ مەسجىدى ھەرەمگە كىرىشىدىن توسۇۋاتسا، الله ئۇلارغا نىمىشقا ئازاپ قىلمىسۇن؟»دېگەن ئايەتلەر نازىل بولدى. 8 ـ 34 ـ

### 1268 ـ باب قوله: إن الإنسان ليطغى أن رآه استغنى

7010 ـ حدّثنا عُبَيْدُ اللّهِ بْنُ مُعَاذٍ وَ مُحَمّدُ بْنُ عَبْدِ الأَعْلَى الْقَيْسِيّ. قَالاَ: حَدّثنَا الْمُعْتَمِرُ عَنْ أَبِيهِ. حَدّثنِي نُعَيْمُ بْنُ أَبِي هِنْدٍ عَنْ أَبِي حَازِمٍ، عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ قَالَ: قَالَ أَبُو جَهْلٍ: هَلْ يُعَفّرُ مُحَمّدٌ وَجْهَهُ بَيْنَ أَظْهُرِكُمْ؟ قَالَ: فَقِيلَ: نَعَمْ. فَقَالَ: وَاللاّتِ وَالْعُزّى لَئِنْ رَأَيْتُهُ يَفْعَلُ ذَلِكَ لأَطَأَنّ عَلَى رَقَبَتِهِ. أَوْ لأُعَفّرَنّ وَجْهَهُ فِي التّرَابِ. قَالَ: فَأَتَى رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم وَهُوَ يُصَلّي. زَعَمَ لِيَطَأَ عَلَى رَقَبَتِهِ. قَالَ: فَمَا فَجِئَهُمْ مِنْهُ إِلاّ وَهُوَ يَنْكُصُ عَلَى عَقِبَيْهِ وَيَتّقِي بِيَدَيْهِ. قَالَ: فَقِيلَ لَهُ: مَا لَكَ؟ فَقَالَ: إِنّ بَيْنِي وَبَيْنَهُ لَخَنْدَقاً مِنْ نَارٍ وَهَوْلاً وَأَجْنِحَةً. فَقَالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: «لَوْ دَنَا لاَخْتَطَفَتْهُ الْمَلاَئِكَةُ عُضْواً عُضْواً».

قَالَ: فَأَنْزَلَ اللّهُ عَزّ وَجَلّ ـ لاَ نَدْرِي فِي حَدِيثِ أَبِي هُرَيْرَةَ، أَو شَيْءٌ بَلَغَهُ ـ: {كَلاّ إِنّ الإِنْسَانَ لَيَطْغَى أَنْ رَآهُ اسْتَغْنَى إِنّ إِلَى رَبّكَ الرّجْعَى أَرَأَيْتَ الّذِي يَنْهَى عَبْداً إِذَا صَلّى أَرَأَيْتَ إِنْ كَانَ عَلَى الْهُدَى أَوْ أَمَرَ بِالتّقْوَى أَرَأَيْتَ إِنْ كَذّبَ وَتَوَلّى} (يَعْنِي أَبَا جَهْلٍ) {أَلَمْ يَعْلَمْ بِأَنّ اللّهَ يَرَى كَلاّ لَئِنْ لَمْ يَنْتَهِ لَنَسْفَعاً بِالنّاصِيَةِ نَاصِيَةٍ كَاذِبَةٍ خَاطِئَةٍ فَلْيَدْعُ نَادِيَهُ سَنَدْعُ الزّبَانِيَةَ كَلاّ لاَ تُطِعْهُ} ( 69العلق الآيات: 6 - 91). زَادَ عُبَيْدُ اللّهِ فِي حَدِيثِهِ قَالَ: وَأَمَرَهُ بِمَا أَمَرَهُ بِهِ. وَزَادَ ابْنُ عَبْدِ الأَعْلَى: فَلْيَدْعُ نَادِيَهُ. يَعْنِي قَوْمَهُ.

ئەبۇھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ ئەبۇجەھىل ئادەملىرىگە؛ مۇھەممەد يەنە ئاراڭلاردا تۇرۇپمۇ يەرگە يۈزىنى قويۇپ سەجدە قىلىۋاتامدۇ؟دېدى، ئۇنىڭغا؛ھەئە شۇنداق قىلىۋاتىدۇ دېيىلسە، ئۇ؛ لات،ئۇززا بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، ئەگەر مەن ئۇنىڭ يەنە شۇنداق قىلغىنىنى كۆرۈپ قالسام، ئەلۋەتتە ئۇنىڭ گەردىنىگە دەسسەيمەن دېدى، ئاندىن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ناماز ئوقۇۋاتسا، ئۇ رەسۇلۇللاھنىڭ گەردىنىگە دەسسەشنى ئىرادە قىلىپ كىلىپ، تۇيۇقسىزلا ئارقىسىغا چېكىنىپ قاچتى، ئۇ ئىككى قولى بىلەن بىرەر نەرسىدىن ھەزەر قىلىۋاتقاندەك قىلاتتى، ئۇنىڭغا؛ ھوي!ساڭا نىمە بولدى؟(دەسسەش ئۈياقتا تۇرسۇن، ئارقاڭغا قېچىۋاتىسەنغۇ؟) دېيىلدى، ئۇ؛ ھەقىقەتەن مەن بىلەن ئۇنىڭ ئارىسىدا ئوتلۇق ئازگال تۇرىدۇ، ۋە يەنە قورقۇنۇچلۇق بىر نەرسە، قاناتتەك بىر نەرسىمۇ تۇرىدۇ دېدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم؛ ئەگەر ئۇ ماڭا يەنە يېقىنلاشقان بولسا، ئەلۋەتتە پەرىشتىلەر ئۇنى بىر ئەزادىن، بىر ئەزادىن تىتىۋەتەتتى،ئەزالىرىنى يۇلۇپ تاشلايتتى دېدى. ئاندىن ئاللاھالا ئىقرەئ بىسمى دېگەن سۈرە ئەلەقنى نازىل قىلدى. بۇسۈرىدىكى ھەددىدىن ئاشقان كاززاپ كىشى دەل ئەبۇجەھىل ۋە ئۇنىڭ ئوخشاشلىرى ئىدى.

### 1269 ـ باب الدخان گاز تۈتۈن توغرىسىدا

7011 ـ حدّثنا إِسْحَقُ بْنُ إِبْرَاهِيمَ. أَخْبَرَنَا جَرِيرٌ عَنْ مَنْصُورٍ، عَنْ أَبِي الضّحَى، عَنْ مَسْرُوقٍ قَالَ: كُنّا عِنْدَ عَبْدِ اللّهِ جُلُوساً. وَهُوَ مُضْطَجِعٌ بَيْنَنَا. فَأَتَاهُ رَجُلٌ فَقَالَ: يَا أَبَا عَبْدِ الرّحْمَنِ: إِنّ قَاصّا عِنْدَ بَابِ كِنْدَةَ يَقُصّ وَيَزْعُمُ أَنّ آيَةَ الدّخَانِ تَجِيءُ فَتَأْخُذُ بِأَنْفَاسِ الْكُفّارِ. وَيَأْخُذُ الْمُؤْمِنِينَ مِنْهُ كَهَيْئَةِ الزّكَامِ. فَقَالَ عَبْدُ اللّهِ، وَجَلَسَ وَهُوَ غَضْبَانُ: يَا أَيّهَا النّاسُ إِتّقُوا اللّهَ. مَنْ عَلِمَ مِنْكُمْ شَيْئاً، فَلْيَقُلْ

بِمَا يَعْلَمُ. وَمَنْ لَمْ يَعْلَمْ، فَلْيَقُلْ: اللّهُ أَعْلَمُ. فَإِنّهُ أَعْلَمُ لأَحَدِكُمْ أَنْ يَقُولَ، لِمَا لاَ يَعْلَمُ: اللّهُ أَعْلَمُ. فَإِنّ اللّهَ عَزّ وَجَلّ قَالَ لِنَبِيّهِ صلى الله عليه وسلم: {قُلْ مَا أَسْأَلُكُمْ عَلَيْهِ مِنْ أَجْرٍ وَمَا أَنَا مِنَ الْمُتَكَلّفِينَ}(83 ص الآية: 68). إِنّ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم لَمّا رَأَى مِنَ النّاسِ إِدْبَاراً. فَقَالَ: «اللّهُمّ سَبْعٌ كَسَبْعِ يُوسُفَ» قَالَ: فَأَخَذَتْهُمْ سَنَةٌ حَصّتْ كُلّ شَيْءٍ. حَتّىَ أَكَلُوا الْجُلُودَ وَالْمَيْتَةَ مِنَ الْجُوعِ. وَيَنْظُرُ إِلَىَ السّمَاءِ أَحَدُهُمْ فَيَرَىَ كَهَيْئَةِ الدّخَانِ. فَأَتَاهُ أَبُو سُفْيَانَ فَقَالَ: يَا مُحَمّدُ إِنّكَ جِئْتَ تَأْمُرُ بِطَاعَةِ اللّهِ وَبِصِلَةِ الرّحِمِ. وَإِنّ قَوْمَكَ قَدْ هَلَكُوا. فَادْعُ اللّهَ لَهُمْ. قَالَ اللّهُ عَزّ وَجَلّ: {فَارْتَقِبْ يَوْمَ تَأْتِي السّمَاءُ بِدُخَانٍ مُبِينٍ يَغْشَى النّاسَ هَذَا عَذَابٌ أَلِيمٌ} ( 44الدخان الآيتان: 01 و 11) إِلَىَ قَوْلِهِ: {إِنّكُمْ عَائِدُونَ}. قَالَ: أَفَيُكْشَفُ عَذَابُ الآخِرَةِ؟ {يَوْمَ نَبْطِشُ الْبَطْشَةَ الْكُبْرَىَ إِنّا مُنْتَقِمُونَ} (44 الدخان الآية: 61). فَالْبَطْشَةُ يَوْمَ بَدْرٍ. وَقَدْ مَضَتْ آيَةُ الدّخَانِ، وَالْبَطْشَةُ، وَاللّزَامُ، وَآيَةُ الرّومِ.

7012 ـ حدّثنا أَبُو بَكْرِ بْنُ أَبِي شَيْبَةَ. حَدّثَنَا أَبُو مُعَاوِيَةَ وَ وَكِيعٌ. ح وَحَدّثَنِي أَبُو سَعِيدٍ الأَشَجّ. أَخْبَرَنَا وَكِيعٌ. ح وَحَدّثَنَا عُثْمَانُ بْنُ أَبِي شَيْبَةَ. حَدّثَنَا جَرِيرٌ. كُلّهُمْ عَنِ الأَعْمَشِ. ح وَحَدّثَنَا يَحْيَى بْنُ يَحْيَىَ وَ أَبُو كُرَيْبٍ (وَاللّفْظُ لِيَحْيَى). قَالاَ: حَدّثَنَا أَبُو مُعَاوِيَةَ عَنِ الأَعْمَشِ، عَنْ مُسْلِمِ بْنِ صُبَيْحٍ، عَنْ مَسْرُوقٍ قَالَ: جَاءَ إِلَى عَبْدِ اللّهِ رَجُلٌ فَقَالَ: تَرَكْتُ فِي الْمَسْجِدِ رَجُلاً يُفَسّرُ الْقُرْآنَ بِرَأْيِهِ. يُفَسّرُ هَذِهِ الآيَةَ: يَوْمَ تَأْتِي السّمَاءُ بِدُخَانٍ مُبِينٍ. قَالَ: يَأْتِي النّاسَ يَوْمَ الْقِيَامَةِ دُخَانٌ فَيَأْخُذُ بِأَنْفَاسِهِمْ. حَتّىَ يَأْخُذَهُمْ مِنْهُ كَهَيْئَةِ الزّكَامِ. فَقَالَ عَبْدُ اللّهِ: مَنْ عَلِمَ عِلْماً فَلْيَقُلْ بِهِ. وَمَنْ لَمْ يَعْلَمْ فَلْيَقُلْ: اللّهُ أَعْلَمُ. فَإِنّ مِنْ فِقْهِ الرّجُلِ أَنْ يَقُولَ، لِمَا لاَ عِلْمَ لَهُ بِهِ: اللّهُ أَعْلَمُ. إِنّمَا كَانَ هَذَا، أَنّ قُرَيْشاً لَمّا اسْتَعْصَتْ عَلَى النّبِيّ صلى الله عليه وسلم دَعَا عَلَيْهِمْ بِسِنِينَ كَسِنِي يُوسُفَ. فَأَصَابَهُمْ قَحْطٌ وَجَهْدٌ. حَتّىَ جَعَلَ الرّجُلُ يَنْظُرُ إِلَى السّمَاءِ فَيَرَىَ بَيْنَهُ وَبَيْنَهَا كَهَيْئَةِ الدّخَانِ مِنَ الْجَهْدِ. وَحَتّىَ أَكَلُوا الْعِظَامَ. فَأَتَى النّبِيّ صلى الله عليه وسلم رَجُلٌ فَقَالَ: يَا رَسُولَ اللّهِ اسْتَغْفِرِ اللّهَ لِمُضَرَ فَإِنّهُمْ قَدْ هَلَكُوا. فَقَالَ «لِمُضَرَ؟ إِنّكَ لَجَرِيءٌ» قَالَ: فَدَعَا اللّهَ لَهُمْ. فَأَنْزَلَ اللّهُ عَزّ وَجَلّ: {إِنّا كَاشِفُوا الْعَذَابِ قَلِيلاً إِنّكُمْ عَائِدُونَ} ( 44الدخان الآية: 51). قَالَ: فَمُطِرُوا. فَلَمّا أَصَابَتْهُمُ الرّفَاهِيَةُ، قَالَ: عَادُوا إِلَىَ مَا كَانُوا عَلَيْهِ. قَالَ: فَأَنْزَلَ اللّهُ عَزّ وَجَلّ: {فَارْتَقِبْ يَوْمَ تَأْتِي السّمَاءُ بِدُخَانٍ مُبِينٍ يَغْشَىَ النّاسَ هَذَا عَذَابٌ أَلِيمٌ} ( 44الدخان الآيتان: 01 - 21). {يَوْمَ نَبْطِشُ الْبَطْشَةَ الْكُبْرَىَ إِنّا مُنْتَقِمُونَ} (44الدخان الآيات: 61). قَالَ: يَعْنِي يَوْمَ بَدْرٍ.

7013 ـ حدّثن قُتَيْبَةُ بْنُ سَعِيدٍ. حَدّثَنَا جَرِيرٌ عَنِ الأَعْمَشِ، عَنْ أَبِي الضّحَى، عَنْ مَسْرُوقٍ، عَنْ عَبْدِ اللّهِ قَالَ: خَمْسٌ قَدْ مَضَيْنَ: الدّخَانُ، وَاللّزَامُ، وَالرّومُ، وَالْبَطْشَةُ، وَالْقَمَرُ.

7014 ـ حدّثنا أَبُو سَعِيدٍ الأَشَجّ. حَدّثَنَا وَكِيعٌ. حَدّثَنَا الأَعْمَشُ بِهَـذَا الإِسْنَادِ، مِثْلَهُ.

مەسرۇق مۇنداق دەيدۇ: بىركىشى ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ قېشىغا كېلىپ: مەسجىدتە قىسسە سۆزلەيدىغان بىركىشى قۇرئاننى ئۆز رەئيى بىلەن تەپسىرلەپ:«ئى مۇھەممەد!سەن ئاسمان(ھەممە ئادەم)ئۈچۈق (كۆرىدىغان)تۈتۈننى كەلتۈرىدىغان كۈندە ئۇلارغا بولىدىغان ئازاپنى كۈتكىن»دېگەن ئايەتنى مۇنداق تەپسىر قىلدى:قىيامەت كۈنى كىشىلەرگە شۇنداق بىر تۈتۈن كېلىدۇكى، كاپىلارنىڭ نەپەسلىرىنى بوغۇپ قويىدۇ، مۆئمىنلەرگە زۇكام تەگكەندەك بولىدۇ دەۋاتىدۇ، دېدى. ئاندىن ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ قاتتىق غەزەپ قىلىپ:ئى ئىنسانلار! **الله** تىن قورقۇڭلار، سىلەردىن كىم بىرەر نەرسىنىڭ ئىلمىنى بىلسە، بىلگىنىنى دېسۇن، بىلمىگىنىگە **الله** ئالىم دېسۇن، بىلمىگەن نەرسىگە **الله** ئەڭ ئالىم دېيىش شۇكىشىنىڭ پىقھى شۇناس دانا ئالىم ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ، **الله** پەيغەمبىرىگە:«ئەيتقىنكى:(**الله** تەرپىدىن كەلگەن ۋەھيىنى)تەبلىغ قىلىپ يەتكۈزگەنلىكىمگە سىلەردىن ھېچ ھەق تەلەپ قىلمايمەن، مەن قۇرئاننى ئىپتىرا قىلغۇچىلاردىن(يەنى يالغاندىن تۇقۇغۇچىلاردىن، بىلمىگەننى بىلىمەن دېگۈچىلەردىن)ئەمەسمەن»دېگەندۇر. بۇ مۇنداق ئىش:قۇرەيشلەر رەسۇلۇ**الله** قا ئاسىيلىق قىلدى، رەسۇلۇ**الله** ئۇلارنىڭ ئىماندىن يۈز ئۆرۈگەنلىكىنى كۆرگەندە:ئى **الله**!بۇلارغا يۇسۇف ئەلەيھىسسالامنىڭ دەۋرىدىكىدەك قەھەتچىلىك بەرگىن دەپ، بەد دۇئا قىلىۋەتتى، ئاندىن ئۇلارغا قاتتىق قەھەتچىلىك، قۇرغاقچىلىق يېتىپ، ھەممە نەرسىسى ھالاك بولۇپ، ئۇلار ئاچلىقتىن تېرىلەرنى، ئۆزى ئۆلگەن ئۆلۈكلەرنى، سۆڭەكلەرنى يەپ كەتتى، كىشى ئاسمانغا قارىسا، ئاچارچىلىقتىن ئاسمان ئۇنىڭ كۆزىگە گاز ـ تۈتۈندەك كۆرىنەتتى، ئاندىن بىركىشى كېلىپ:ئى **الله** نىڭ ئەلچىسى!مۇزەر قەبىلىسىگە **الله** تىن مەغپىرەت سوراپ دۇئا قىلسىلا، ئۇلار ھالاك بولۇپ كەتتى دېدى. رەسۇلۇ**الله** مۇزەر قەبىلىسىگە دېدىڭما؟ سەن نىمانچە

جۇرئەتلىكسەن؟ دەپ ئۇلارغا دۇئا قىلدى.ئاندىن«بىز سىلەردىن ئازاپنى ئازغىنە ۋاقىت كۆتۈرۋېتىمىز، ئاندىن سىلەر ئىلگىرىكى كاپىرلىق ھالىتىڭلارغا قايتىۋالىسىلەر»دېگەن ئايەت نازىل بولدى.ئۇلارغا يامغۇر يېغىپ، كەڭرىچىلىك، مولچىلىق بولغاندا ئۇلار راستىنلا دەسلەپكى ھالىتىگە قايتىۋالدى. يەنەبىردە: ئەبۇسۇپيان كىلىپ:ئى مۇھەممەد!سەن راستىنلا **الله** قا ئىتائەت قىلىشقا، سىلە ـ رەھىم قىلىشقا بۇيرىغان ھالدا كەلدىڭ، قەۋمىڭ ھالاك بۇلۇپ كەتتى، ئۇلارغا دۇئا قىلغىن دېدى. ئاندىن «ئى مۇھەممەد!سەن ئاسمان(ھەممە ئادەم)ئۇچۇق (كۆرىدىغان) تۈتۈننى كەلتۈرىدىغان كۈندە ئۇلارغا بۇلىدىغان ئازاپنى كۈتكىن*ئۇ تۈتۈن كىشىلەرنى ئورىۋالىدۇ، بۇ قاتتىق ئازاپتۇر،*ئۇلار: پەرۋەردىگارىمىز بىزدىن بۇ ئازاپنى كۆتۈرۋەتكىن، بىز ئىمان ئەيتقۇچى بۇلىمىز دەيدۇ،*ئازاپ كۆتۈرلۈپ كەتكەندە ئۇلار قانداقمۇ ئىبرەت ئالسۇن؟ ............ «بىز سىلەردىن ئازاپنى ئازغىنە ۋاقىت كۆتۈرۋېتىمىز، ئاندىن سىلەر ئىلگىرىكى كاپىرلىق ھالىتىڭلارغا قايتىۋالىسىلەر* ئۇلارنى قاتتىق تۇتقان كۈنىمىزدە چوقۇم جازالايمىز*»دېگەن ئايەتلەر نازىل قىلىندى. (سۈرە دۇخان 10 ـ 15 ـ كىچە)ئۇنىڭ گىپىچە بولسا، ئاخىرەت ئازابىمۇ ئازغىنە ۋاقىت كۆتۈرلۈپ كىتەمدۇ؟(يەنى بۇدېگەن مۇشۇ دۇنيادىكى ئازاپتۇر، ئۇنىڭ تەپسىرى خاتادۇر) «ئۇلارنى قاتتىق تۇتقان كۈنىمىزدە چوقۇم جازالايمىز*»دېگىنى بەدىر كۈنىدىكى جازالاشتۇر، بەش نەرسە ئۆتۈپ بولدى، تۈتۈن، بەدىر كۈنىدىكى ئازاپنىڭ كاپىرلارغا لازىم بۇلىشى، شۇكۈنىدىكى قاتتىق جازالاش يەنى ئۆلتۈرۈش، ئەسىر ئېلىش، رۇم ئايىتى، ئاينىڭ يېرىلىشى قاتارلىقلار، دېدى.

**7015 ـ حدّثنا مُحَمّدُ بْنُ الْمُثنّىَ وَ مُحَمّدُ بْنُ بَشّارِ. قالاَ: حَدّثنَا مُحَمّدُ بْنُ جَعْفَرِ. حَدّثنَا شُعْبَةُ. ح وَحَدّثنَا أَبُو بَكْرِ بْنُ أَبِي شَيْبَةَ (وَاللّفْظُ لَهُ). حَدّثنَا غُنْدَرٌ عَنْ شُعْبَة، عَنْ قَتادَةَ، عَنْ عَزْرَةَ، عَنِ الْحَسَنِ الْعُرَنِيّ، عَنْ يَحْيَى بْنِ الْجَزّار، عَنْ عَبْدِ الرّحْمَنِ بْنِ أَبِي لَيْلَى عَنْ أُبَيّ ابْنِ كَعْبِ، فِي قَوْلِهِ عَزّ وَجَلّ: {وَلَنُذِيقَنّهُمْ مِنَ الْعَذَابِ الأَدْنَى دُونَ الْعَذَابِ الأَكْبَرِ} (32السجدة الآية: 21). قالَ: مَصَائِبُ الدّنْيَا، وَالرّومُ، وَالْبَطْشَةُ، أَوِ الدّخَانُ (شُعْبَةُ الشّاكّ فِي الْبَطْشَةِ أَوِ الدّخَانِ).**

ئۇبەي ئىبنى كەئبى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:**الله** نىڭ« ئۇلارنىڭ تۆۋبە قىلىشى ئۈچۈن بىز ئۇلارغا چوقۇم ئەڭ چوڭ ئازاپتىن(يەنى ئاخىرەت ئازابىدىن)ئىلگىرىكى ئەڭ يېقىن ئازاپ(يەنى دۇنيا ئازابى)نى تېتىتىمىز»دېگەن ئايىتى توغرىسىدا مۇنداق دەيدۇ؛ بۇ ئايەتتىكى دۇنيا ئازابى؛ دۇنيانىڭ مۇسىيبەتلىرى، رۇم ئايىتىدىكى ۋەقەلىكنىڭ ئاقىبىتى، بەدىر كۈنىدىكى جازالاش، تۈتۈن...... قاتارلىقلاردۇر.

## *1270 ـ باب انشقاق القمر* ***ئاينىڭ يېرىلىشى توغرىسىدا***

**7016 ـ حدّثنا عَمْرُو النّاقِدُ وَ زُهَيْرُ بْنُ حَرْبِ. قالاَ: حَدّثنَا سُفْيَانُ بْنُ عُيَيْنَةَ عَنِ ابْنِ أَبِي نَجِيحِ، عَنْ مُجَاهِدٍ، عَنْ أَبِي مَعْمَرِ، عَنْ عَبْدِ اللّهِ قالَ: انْشَقّ الْقَمَرُ عَلَى عَهْدِ رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم بِشِقّتَيْنِ. فَقالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: «اشْهَدُوا».**

**7017 ـ حدّثنا أَبُو بَكْرِ بْنُ أَبِي شَيْبَةَ وَ أَبُو كُرَيْبِ وَ إِسْحَقُ بْنُ إِبْرَاهِيمَ. جَمِيعاً عَنْ أَبِي مُعَاوِيَةَ. ح وَحَدّثنَا عُمَرُ بْنُ حَفْصِ بْنِ غِيَاثِ. حَدّثنَا أَبِي. كِلاَهُمَا عَنِ الأَعْمَشِ. ح وَحَدّثنَا مِنْجَابُ بْنُ الْحَارِثِ التّمِيمِيّ (وَاللّفْظُ لَهُ). أَخْبَرَنَا ابْنُ مُسْهِرِ عَنِ الأَعْمَشِ، عَنْ إِبْرَاهِيمَ، عَنْ أَبِي مَعْمَرِ، عَنْ عَبْدِ اللّهِ بْنِ مَسْعُودٍ قالَ: بَيْنَمَا نَحْنُ مَعَ رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم بِمِنىً، إِذَا انْفَلَقَ الْقَمَرُ فِلْقَتَيْنِ. فَكَانَتْ فِلْقَةٌ وَرَاءَ الْجَبَلِ، وَفِلْقَةٌ دُونَهُ. فَقالَ لَنَا رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: «اشْهَدُوا».**

ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم نىڭ زامانىدا، ئاي ئىككى پارچا بولۇپ يېرىلغان ئىدى، بىر پارچىسى تاغنىڭ ئۈستىدە، يەنەبىر پارچىسى تۆۋەندىرەك تۇردى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم؛گۇۋاھ بولۇڭلار دېدى. بۇخارى،مسلم.يەنى ھەق پەيغەمبەر ئىكەنلىكىمگەگۇۋاھچى.

**7018 – حدّثنا عُبَيْدُ اللّهِ بْنُ مُعَاذٍ الْعَنْبَرِيّ. حَدّثنا أبي. حَدّثنا شُعْبَةُ عَنِ الأعْمَشِ، عَنْ إبْرَاهِيمَ، عَنْ أبي مَعْمَرٍ، عَنْ عَبْدِ اللّهِ بْنِ مَسْعُودٍ قَالَ: انْشَقّ الْقَمَرُ عَلَى عَهْدِ رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم فِلْقَتَيْنِ. فَسَتَرَ الْجَبَلُ فِلْقَةً. وكَانَتْ فِلْقَةٌ فَوْقَ الْجَبَلِ. فَقَالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: «اللّهُمّ اشْهَدْ».**

**7019 – حدّثنا عُبَيْدُ اللّهِ بْنُ مُعَاذٍ. حَدّثنا أبي. حَدّثنا شُعْبَةُ عَنِ الأعْمَشِ، عَنْ مُجَاهِدٍ، عَنِ ابْنِ عُمَرَ، عَنِ النّبيّ صلى الله عليه وسلم مِثْلَ ذَلِكَ.**

**7020 – وَحَدّثنِيهِ بِشْرُ بْنُ خَالِدٍ. أخْبَرَنَا مُحَمّدُ بْنُ جَعْفَرٍ. ح وَحَدّثنا مُحَمّدُ بْنُ بَشّارٍ. حَدّثنا ابْنُ أبي عَدِيَ. كِلاَهُمَا عَنْ شُعْبَةَ. بِإسْنَادِ ابْنِ مُعَاذٍ عَنْ شُعْبَةَ. نَحْوَ حَدِيثِهِ. غَيْرَ أنّ فِي حَدِيثِ ابْنِ أبي عَدِيَ: فَقَالَ: «اشْهَدُوا. اشْهَدُوا».**

ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم نىڭ زامانىدا، ئاي ئىككى پارچا بولۇپ يېرىلغان ئىدى، بىر پارچىسى تاغنىڭ ئۈستىدە، يەنەبىر پارچىسى تۆۋەندىرەك تاغنى يېپىپ تۇردى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم؛گۇۋاھ بولۇڭلار ئى الله!گۇۋاھ بولغىن، دېدى. بۇخارى،مسلم.

**7021 – حدّثني زُهَيْرُ بْنُ حَرْبٍ وَ عَبْدُ بْنُ حُمَيْدٍ. قَالاَ: حَدّثنا يُونُسُ بْنُ مُحَمّدٍ. حَدّثنا شَيْبَانُ. حَدّثنا قَتَادَةُ عَنْ أنَسٍ أنّ أهْلَ مَكّةَ سَألُوا رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم أنْ يُرِيَهُمْ آيَةً. فَأرَاهُمُ انْشِقَاقَ الْقَمَرِ، مَرّتَيْنِ.**

**7022 – وَحَدّثنِيهِ مُحَمّدُ بْنُ رَافِعٍ. حَدّثنا عَبْدُ الرّزّاقِ. أخْبَرَنَا مَعْمَرٌ عَنْ قَتَادَةَ، عَنْ أنَسٍ بِمَعْنَى حَدِيثِ شَيْبَانَ.**

**7023 – وحدّثنا مُحَمّدُ بْنُ الْمُثَنّى. حَدّثنا مُحَمّدُ بْنُ جَعْفَرٍ وَ أبُو دَاوُدَ. ح وَحَدّثنا ابْنُ بَشّارٍ. حَدّثنا يَحْيَى بْنُ سَعِيدٍ وَ مُحَمّدُ بْنُ جَعْفَرٍ وَ أبُو دَاوُدَ. كُلّهُمْ عَنْ شُعْبَةَ، عَنْ قَتَادَةَ، عَنْ أنَسٍ قَالَ: انْشَقّ الْقَمَرُ فِرْقَتَيْنِ.**

**وَفِي حَدِيثِ أبي دَاوُدَ: انْشَقّ الْقَمَرُ عَلَى عَهْدِ رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم.**

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، مەككە ئەھلى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم دىن ئۇلارغا بىرەر ئالامەت مۆجىزە كۆرسۈتۈپ قويۇشنى سورغاندا، رەسۇلۇللاھ ئۇلارغا ئاينىڭ ئىككى پارچىغا بۆلۈنۈپ يېرىلىشنى كۆرسۈتۈپ قويغان ئىدى، تاكى ئۇلار ھىرا غارىنى ئاينىڭ ئىككى پارچىسىنىڭ ئارىسىدا كۆرگەن ئىدى.بۇخارى،مسلم.

**7024 – حدّثنا مُوسَى بْنُ قُرَيْشٍ التّمِيمِيّ. حَدّثنا إسْحَقُ بْنُ بَكْرِ بْنِ مُضَرَ. حَدّثني أبي. حَدّثنا جَعْفَرُ بْنُ رَبِيعَةَ عَنْ عِرَاكِ بْنِ مَالِكٍ، عَنْ عُبَيْدِ اللّهِ بْنِ عَبْدِ اللّهِ بْنِ عُتْبَةَ بْنِ مَسْعُودٍ، عَنْ ابْنِ عَبّاسٍ قَالَ: إنّ الْقَمَرَ انْشَقّ عَلَى زَمَانِ رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم.**

ئىبنى مەسئۇد، ئىبنى ئاbbاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ زامانىدا، ئاي ئىككى پارچا بولۇپ يېرىلغان ئىدى، بىر پارچىسى تاغنىڭ ئۈستىدە، يەنەبىر پارچىسى تۆۋەندىرەك تۇردى، بۇخارى،مسلم.

## *1271 – باب لا أحد أصبر على أذى، من الله عز وجل* الله نىڭمۇ ئازارغا سەۋرە قىلىشى

**7025 – حدّثنا أبُو بَكْرِ بْنُ أبي شَيْبَةَ. حَدّثنا أبُو مُعَاوِيَةَ وَ أبُو أسَامَةَ عَنِ الأعْمَشِ، عَنْ سَعِيدِ بْنِ جُبَيْرٍ، عَنْ أبي عَبْدِ الرّحْمَنِ السّلَمِيّ، عَنْ أبي مُوسَى قَالَ: قَالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: «لاَ أحَدَ أصْبَرُ عَلَى أذىً يَسْمَعُهُ مِنَ اللّهِ عَزّ وَجَلّ. إنّهُ يُشْرَكُ بِهِ، وَيُجْعَلُ لَهُ الْوَلَدُ، ثُمّ هُوَ يُعَافِيهِمْ وَيَرْزُقُهُمْ».**

**7026 – حدّثنا مُحَمّدُ بْنُ عَبْدِ اللّهِ بْنِ نُمَيْرٍ وَ أبُو سَعِيدٍ الأشَجّ. قَالاَ: حَدّثنا وَكِيعٌ. حَدّثنَا الأعْمَشُ. حَدّثنا سَعِيدُ بْنُ جُبَيْرٍ عَنْ أبي عَبْدِ الرّحْمَنِ السّلَمِيّ، عَنْ أبي مُوسَى، عَنِ النّبيّ صلى الله عليه وسلم بِمِثْلِهِ. إلاّ قَوْلَهُ «وَيُجْعَلُ لَهُ الْوَلَدُ» فَإنّهُ لَمْ يَذْكُرْهُ.**

ئەبۇ مۇسا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاللاھتائالادەك ئاڭلاپ تۇرۇپ، كۆرۈپ تۇرۇپ، ئەزىيەتكە بەك سەبرى قىلغۇچى يوق، ھەققەتەن كىشىلەر ئاللاھنىڭ بالىسى بار دەپ داۋا قىلىشىدۇ، ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرىدۇ، ئاللاھ يارىتىپ، رىزىق بەرسە باشقىلارغا چوقۇنىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئاللاھ ئۇلارنى كۆرۈپ تۇرۇپ، بىلىپ تۇرۇپ، يەنە ئۇلارنى ساقلاپ، سالامەت قىلىپ، رىزىق بېرىدۇ، (ئاللاھنىڭ بىر ئىسمى سەبۇردۇر، ئاللاھ ئۇلارنىڭ كېيىنچە تۆۋبە قىلىشىنى ياكى مەڭگۈلۈك دوۋزاخقا كىرىشىنى ئالدىن بىلىدۇ). بەيھەقى بۇخارىي، مۇسلىم، توپلىغان، سەھىھ.

7027 ـ وحدّثني عُبَيْدُ اللّهِ بْنُ سَعِيدٍ. حَدّثَنَا أَبُو أُسَامَةَ عَنِ الأَعْمَش. حَدّثَنَا سَعِيدُ بْنُ جُبَيرٍ عَنْ أَبِي عَبْدِ الرّحْمَـٰنِ السّلَمِيّ قَالَ: قَالَ عَبْدُ اللّهِ بْنُ قَيْسٍ: قَالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: «مَا أَحَدٌ أَصْبَرَ عَلَىَ أَذىً يَسْمَعُهُ مِنَ اللّهِ تَعَالَىَ. إِنّهُمْ يَجْعَلُونَ لَهُ نِدّاً. وَيَجْعَلُونَ لَهُ وَلَداً، وَهُوَ مَعَ ذَلِكَ يَرْزُقُهُمْ وَيُعَافِيهِمْ وَيُعْطِيهِمْ».

ئەبۇ مۇسا،ئىبنى قىيس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاللاھتائالادەك ئاڭلاپ تۇرۇپ، كۆرۈپ تۇرۇپ، ئەزىيەتكە بەك سەبرى قىلغۇچى يوق، ھەققەتەن كىشىلەر ئاللاھنىڭ بالىسى بار دەپ داۋا قىلىشىدۇ، ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرىدۇ، ئاللاھ يارىتىپ، رىزىق بەرسە باشقىلارغا چوقۇنىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئاللاھ ئۇلارنى كۆرۈپ تۇرۇپ، بىلىپ تۇرۇپ، يەنە ئۇلارنى ساقلاپ، سالامەت قىلىپ، رىزىق بېرىدۇ. بەيھەقى بۇخارىي، مۇسلىم، توپلىغان، سەھىھ.

### 1272 ـ باب طلب الكافر الفداء بملء الأرض ذهبا

## قىيامەت كۈنى كاپىرنىڭ زېمىن لىق تولغىدەك ئالتۇنلارنى پىدىيە بېرىپ ئازاپتىن قۇتۇلۇشنى تەلەپ قىلىشى

7028 ـ حدّثنا عُبَيْدُ اللّهِ بْنُ مُعَاذٍ الْعَنْبَرِيّ. حَدّثَنَا أَبِي. حَدّثَنَا شُعْبَةُ عَنْ أَبِي عِمْرَانَ الْجَوْنِيّ، عَنْ أَنَسِ بْنِ مَالِكٍ، عَنِ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم قَالَ: «يَقُولُ اللّهُ تَبَارَكَ وَتَعَالَىَ لأَهْوَنِ أَهْلِ النّارِ عَذَاباً: لَوْ كَانَتْ لَكَ الدّنْيَا وَمَا فِيهَا، أَكُنْتَ مُفْتَدِياً بِهَا؟ فَيَقُولُ: نَعَمْ. فَيَقُولُ: قَدْ أَرَدْتُ مِنْكَ أَهْوَنَ مِنْ هَذَا وَأَنْتَ فِي صُلْبِ آدَمَ: أَنْ لاَ تُشْرِكَ (أَحْسَبُهُ قَالَ) وَلاَ أُدْخِلَكَ النّارَ. فَأَبَيْتَ إِلاّ الشّرْكَ».

7029 ـ حدّثناه مُحَمّدُ بْنُ بَشّارٍ. حَدّثَنَا مُحَمّدٌ (يَعْنِي ابْنَ جَعْفَرٍ). حَدّثَنَا شُعْبَةُ عَنْ أَبِي عِمْرَانَ قَالَ: سَمِعْتُ أَنَسَ بْنَ مَالِكٍ يُحَدّثُ عَنِ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم. بِمِثْلِهِ. إِلاّ قَوْلَهُ «وَلاَ أُدْخِلَكَ النّارَ» فَإِنّهُ لَمْ يَذْكُرْهُ.

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەققەتەن ئاللاھتائالا، دوۋزاخ ئەھلىنىڭ ئازابى ئەڭ تۆۋەن، يەڭگىل بولغىنىغا مۇنداق دەيدۇ: ئەگەر ساڭا پۈتۈن دۇنيا، زېمىندىكى نەرسىنىڭ ھەممىسى بېرىلسە، بۇ ئازابدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن ئۇ نەرسىلەرنى پىدىيە بېرەمتىڭ ؟، ئۇ؛ ھەئە پىدىيە بېرەتتىم دەيدۇ. ئاللاھتائالا ئۇنىڭغا، مەن سەندىن سەن ئادەمنىڭ سۇلبىدا، پۇشتىدا تۇرغان ۋاختىڭدىلا ئۇنىڭدىن ئاسان، ناھايىتى يەڭگىل نەرسىنى سورىغان ئىدىم، ئۇ بولسىمۇ ماڭا ھېچنېمىنى شېرىك قىلماسلىقىڭ

ئىدى، ماڭاشىرىك كەلتۈرمە، مەن سىنى دەۋزەخكە تاشلىمايمەن دېسەم، سەن پەقەت ماڭا شېرىك كەلتۈرۈشكىلا ئۇنىدىڭ، شېرىك كەلتۈرمەسلىككە ئۇنىمىدىڭ دەيدۇ، بۇخارى،مۇسلىم،بەيھەقى.

**7030 ـ حدّثنا عُبَيْدُ اللّهِ بْنُ عُمَرَ الْقَوارِيرِيّ وَ إِسْحَقُ بْنُ إِبْرَاهِيمَ وَ مُحَمّدُ بْنُ الْمُثَنّى وَ ابْنُ بَشّارٍ (قَالَ إِسْحَقُ: أَخْبَرَنَا. وَقَالَ الآخَرُونَ: حَدّثنَا) مُعَاذُ بْنُ هِشَامٍ. حَدّثنَا أَبِي عَنْ قَتَادَةَ. حَدّثنَا أَنَسُ بْنُ مَالِكٍ أَنّ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم قَالَ: «يُقَالُ لِلْكَافِرِ يَوْمَ الْقِيَامَةِ: أَرَأَيْتَ لَوْ كَانَ لَكَ مِلْءُ الأَرْضِ ذَهَباً، أَكُنْتَ تَفْتَدِي بِهِ؟ فَيَقُولُ: نَعَمْ. فَيُقَالُ لَهُ: قَدْ سُئِلْتَ أَيْسَرَ مِنْ ذَلِكَ».**

**7031 ـ وحدّثنا عَبْدُ بْنُ حُمَيْدٍ. حَدّثنَا رَوْحُ بْنُ عُبَادَةَ. ح وَحَدّثنِي عَمْرُو بْنُ زُرَارَةَ. أَخْبَرَنَا عَبْدُ الْوَهّابِ (يَعْنِي ابْنَ عَطَاءٍ). كِلاَهُمَا عَنْ سَعِيدِ بْنِ أَبِي عَرُوبَةَ، عَنِ قَتَادَةَ، عَنْ أَنَسٍ، عَنْ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم بِمِثْلِهِ غَيْرَ أَنّهُ قَالَ: «فَيُقَالُ لَهُ: كَذَبْتَ. قَدْ سُئِلْتَ مَا هُوَ أَيْسَرُ مِنْ ذَلِكَ».**

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: قىيامەت كۈنى دوۋزاخ ئەھلىدىن بىر كىشىگە قېنى دەپ باققىنە؟ ئەگەر سېنىڭ زىمىن تولغىدەك ئالتۇن ــ كۈمۈشلىرىڭ بولغان بولسا، مۇشۇ ئازابىدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن ئۇنى فىدىيە بىرەرمىدىڭ؟ يەر يۈزىدىكى ھەممە نەرسىنى پىدىيە بىرەمتىڭ؟ ئۇ ئەلۋەتتە شۇنداق قىلاتتىم دىسە، ئاللاھتائالا: يالغان سۆزلىدىڭ، مەن سەندىن ئۇنىڭدىنمۇ ئاز، ھەم ئاسانىنى مەخسەت قىلغان ئىدىم. ئادەمنىڭ سۇلبىدىكى چاغدىلا مەن سەندىن ماڭا ھېچ نەرسىنى شېرىك كەلتۈرمەسلىككە ئەھدە، توختام ئالغان ئىدىم، بىراق سەن پەقەت شېرىك كەلتۈرۈشكىلا ئۇنىدىڭ، لائىلاھە ئىللەللاھ دىگىلى ئۇنىمىدىڭ دەيدۇ. ئەھمەد، بەيھەقىلار توپلىغان، سەھىھ.

## 1273 ـ باب يحشر الكافر على وجهه كاپىرلارنىڭ يۈزىچە ماڭدۇرۇلىشى

**7032 ـ حدّثني زُهَيْرُ بْنُ حَرْبٍ وَ عَبْدُ بْنُ حُمَيْدٍ (وَاللّفْظُ لِزُهَيْرٍ). قَالاَ: حَدّثنَا يُونُسُ بْنُ مُحَمّدٍ. حَدّثنَا شَيْبَانُ عَنْ قَتَادَةَ. حَدّثنَا أَنَسُ بْنُ مَالِكٍ أَنّ رَجُلاً قَالَ: يَا رَسُولَ اللّهِ كَيْفَ يُحْشَرُ الْكَافِرُ عَلَىَ وَجْهِهِ يَوْمَ الْقِيَامَةِ؟ قَالَ «أَلَيْسَ الّذِي أَمْشَاهُ عَلَىَ رِجْلَيْهِ فِي الدّنْيَا، قَادِراً عَلَىَ أَنْ يُمْشِيَهُ عَلَىَ وَجْهِهِ يَوْمَ الْقِيَامَةِ؟». قَالَ قَتَادَةُ: بَلَىَ. وَعِزّةِ رَبّنَا**

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، بىر كىشى؛ ئى **الله** نىڭ پەيغەمبىرى! قىيامەت كۈنى كاپىرلار قانداق يۈزىچە قوپۇرۇلىدۇ؟ دەپ سورغاندا ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ھەقىقەتەن ئۇلارنى بۇ دۇنيادا ئىككى پۇتىچە ماڭدۇرۇشقا قادىر بولغان زات ئەلۋەتتە قىيامەت كۈنى ئۇلارنى يۈزىچە ماڭدۇرۇشقا قادىرئەمەسمۇ؟ يەنى قادىردۇر.يەنە بىر خاتىرىدە ؛ دوۋزاخقا دىگەن بار، ئەھمەد 12913 ــ ھەدىس، بەيھەقى، بۇخارى،مۇسلىم،نەسەئى توپلىغان، سەھىھ

## 1274 ـ باب صبغ أنعم أهل الدنيا في النار، وصبغ أشدهم بؤساً في الجنة

**7033 ـ حدّثنا عَمْرٌو النّاقِدُ. حَدّثنَا يَزِيدُ بْنُ هَرُونَ. أَخْبَرَنَا حَمّادُ بْنُ سَلَمَةَ عَنْ ثَابِتٍ الْبُنَانِيّ، عَنْ أَنَسِ بْنِ مَالِكٍ قَالَ: قَالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: «يُؤْتَىَ بِأَنْعَمِ أَهْلِ الدّنْيَا، مِنْ أَهْلِ النّارِ، يَوْمَ الْقِيَامَةِ. فَيُصْبَغُ فِي النّارِ صَبْغَةً. ثُمّ يُقَالُ: يَا ابْنَ آدَمَ هَلْ رَأَيْتَ خَيْراً قَطّ؟ هَلْ مَرّ بِكَ نَعِيمٌ قَطّ؟ فَيَقُولُ: لاَ. وَاللّهِ يَا رَبّ وَيُؤْتَىَ بِأَشَدّ النّاسِ بُؤْساً فِي الدّنْيَا، مِنْ أَهْلِ الْجَنّةِ، فَيُصْبَغُ صَبْغَةً فِي الْجَنّةِ. فَيُقَالُ لَهُ: يَا ابْنَ آدَمَ هَلْ رَأَيْتَ بُؤْساً قَطّ؟ هَلْ مَرّ بِكَ شِدّةٌ قَطّ؟ فَيَقُولُ: لاَ. وَاللّهِ يَا رَبّ مَا مَرّ بِي بُؤْسٌ قَطّ. وَلاَ رَأَيْتُ شِدّةً قَطّ».**

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: قىيامەت كۈنى بۇ دۇنيادا ئەڭ نېئمەتلىك باياشات تۇرمۇش كەچۈرگەن دوۋزاخ ئەھلىدىن بولغان بىر كىشى كەلتۈرۈلۈپ، جەھەننەم ئىچىگە چوڭقۇر تاشلىنىپ چۆكتۈرۈلۈپ،ئاندىن ئۇنىڭغا مۇنداق دېيىلىدۇ: ئى ئادەم بالىسى! سەن بىرەر ياخشىلىق كۆرۈپ باقتىڭمۇ! ساڭا بىرەر نېئمەت كېلىپ يېنىڭدىن ئۆتۈپ باقتىمۇ؟ ئۇ كىشى: ياق، ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، ئى رەببىم، ھەرگىز ياخشىلىق نېئمەت كۆرۈپ باقماپتىمەن دەيدۇ. بۇ دۇنيادا قاتتىق ئازابلانغان ئېغىر كۈنگە قالغان، تۇرمۇشى ناچار ئۆتكەن، ئەمما جەننەت ئەھلىدىن بولغان بىر كىشى كەلتۈرۈلۈپ، ئۇنى جەننەتكە كىرگۈزۈلۈپ، جەننەت نېئمەتلىرىگە چۈمدۈرۈلۈپ، قاندۇرۇلۇپ،ئاندىن مۇنداق دېيىلىدۇ: ئى ئادەم بالىسى! سەن بىرەر قىيىنچىلىقنى، ئازابنى، ناچار تۇرمۇشنى كۆرۈپ باقتىڭمۇ؟، ساڭا ئېغىر، قاتتىق كۈنلەر كېلىپ باقتىمۇ؟ ئۇ كىشى ياق، ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، ئى رەببىم ماڭا ئۇنداق ئازابلىق ناچار تۇرمۇش قىيىنچىلىق كېلىپ باقمىدى، قاتتىق ئېغىر كۈنلەرنىمۇ كۆرۈپ باقمىدىم، ھەرگىز كۆرمىدىم دەيدۇ. (يەنى جەننەتكە نىسبەتەن شۇنداق دەيدۇ). ئەھمەد، مۇسلىم، نەسەئى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ

### 1275 ـ باب جزاء المؤمن بحسناته في الدنيا والآخرة، وتعجيل حسنات الكافر في الدنيا

### مۆئمىننىڭ ئىككى دۇنيالىق مۇكاپاتى ۋە كاپىرنىڭ مۇشۇ دۇنيادىكى مۇكاپاتى توغرىسىدا

7034 ـ حدّثنا أَبُو بَكْرِ بْنُ أَبِي شَيْبَةَ وَ زُهَيْرُ بْنُ حَرْبٍ (وَاللّفْظُ لِزُهَيرِ). قالاَ: حَدّثَنَا يَزِيْدُ بْنُ هَرُونَ. أَخْبَرَنَا هَمّامُ بْنُ يَحْيَى عَنْ قَتَادَةَ، عَنْ أَنَس بْنِ مَالِكٍ قَالَ: قَالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: «إِنّ اللّهَ لاَ يَظْلِمُ مُؤْمِناً حَسَنَةً. يُعْطَى بِهَا فِي الدّنْيَا وَيُجْزَى بِهَا فِي الآخِرَةِ. وَأَمّا الْكَافِرُ فَيُطْعَمُ بِحَسَنَاتِ مَا عَمِلَ بِهَا لِلّهِ فِي الدّنْيَا. حَتّى إِذَا أَفْضَى إِلَى الآخِرَةِ. لَمْ تَكُنْ لَهُ حَسَنَةٌ يُجْزَى بِهَا».

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن ئاللاھتائالا زۇلۇم قىلمايدۇ، مۆئمىن كىشىنىڭ ياخشىلىقىغا كەلسەك، ئۇنىڭغا دۇنيادىمۇ بېرىلىدۇ، ئاخىرەتتە بولسا، كاتتا ساۋاب بېرىلىدۇ، كاپىر، دىنسىزغا كەلسەك، ئاللاھ ئۇنىڭ ياخشىلىقلىرىغا بۇ دۇنيادىلا تائام (ۋە باشقا كىيىم ـ كېچەك، سالامەتلىك) قاتارلىقلارنى بېرىدۇ، ئۇ ئاخىرەتكە بارغاندا بولسا، ئۇنىڭ ئۈچۈن بارابىرىگە ياخشىلىق، مۇكاپات بەرگۈدەك بىرمۇ ياخشىلىقى بولمايدۇ، (چۈنكى، ئۇنىڭ ياخشى ئەمەللىرى ئاخىرەت ئۈچۈن قوبۇل قىلىنمايدۇ، سەۋەبى ئىمان يوق) مۇسلىم، ئەھمەد توپلىغان، سەھىھ.

7035 ـ7036 ـ حدّثنا عَاصِمُ بْنُ النّضْرِ التّيْمِيّ. حَدّثَنَا مُعْتَمِرٌ. قَالَ: سَمِعْتُ أَبِي. حَدّثَنَا قَتَادَةُ عَنْ أَنَسِ بْنِ مَالِكٍ أَنّهُ حَدّثَ عَنْ رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: «إِنّ الْكَافِرَ إِذَا عَمِلَ حَسَنَةً أُطْعِمَ بِهَا طُعْمَةً مِنَ الدّنْيَا. وَأَمّا الْمُؤْمِنُ فَإِنّ اللّهَ يَدّخِرُ لَهُ حَسَنَاتِهِ فِي الآخِرَةِ وَيُعْقِبُهُ رِزْقاً فِي الدّنْيَا، عَلَى طَاعَتِهِ».حدّثنا مُحَمّدُ بْنُ عَبْدِ اللّهِ الرّزّيّ. أَخْبَرَنَا عَبْدُ الْوَهّابِ بْنُ عَطَاءٍ عَنْ سَعِيدٍ، عَنْ قَتَادَةَ، عَنْ أَنَسٍ، عَنِ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم. بِمَعْنَى حَدِيثِهِمَا.

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كاپىر، دىنىسىزغا كەلسەك، ئاللاھ ئۇنىڭ ياخشىلىقلىرىغا بۇ دۇنيادىلا تائام (ۋە باشقا كىيىم ــ كېچەك، سالامەتلىك) قاتارلىقلارنى بېرىدۇ، ئۇ ئاخىرەتكە بارغاندا بولسا، ئۇنىڭ ئۈچۈن بارابىرىگە ياخشىلىق، مۇكاپات بەرگۈدەك بىرمۇ ياخشىلىقى بولمايدۇ، مۆئمىن كىشىنىڭ ياخشىلىقىغا كەلسەك، ئۇنىڭ تائەت ـ ئىبادەتلىرىگە دۇنيادىمۇ رىزق بېرىلىدۇ، ئاخىرەتتە بولسا، الله ئۇنىڭ ئۈچۈن كاتتا ساۋاب ئەجىر تەييارلاپ قويىدۇ.

## 1276 ـ باب مثل المؤمن كالزرع، ومثل الكافر كشجر الأرز مۆئمىننىڭ مىساللىرى

7037 ـ حدّثنا أبو بكْر بْنُ أبي شَيْبَةَ. حَدّثنا عَبْدُ الأعْلَى عَنْ مَعْمَر. عَنِ الزّهْرِيّ، عَنْ سَعِيدٍ، عَنْ أَبي هُرَيْرَةَ قَالَ: قَالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: «مَثَلُ الْمُؤْمِنِ كَمَثَلِ الزّرْعِ. لاَ تَزَالُ الرّيحُ تُمِيلُهُ. وَلاَ يَزَالُ الْمُؤْمِنُ يُصِيبُهُ الْبَلاَءُ. وَمَثَلُ الْمُنَافِقِ كَمَثَلِ شَجَرَةِ الأَرْزِ. لاَ تَهْتَزّ حَتّىَ تَسْتَحْصِدَ».

7038 ـ حدّثنا مُحَمّدُ بْنُ رَافِعٍ وَ عَبْدُ بْنُ حُمَيْدٍ عَنْ عَبْدِ الرّزّاق. حَدّثنَا مَعْمَرٌ عَنِ الزّهْرِيّ بِهَـذَا الإِسْنَادِ. غَيْرَ أَنّ فِي حَدِيثِ عَبْدِ الرّزّاق ــــ مَكَانَ قَوْلِهِ تُمِيلُهُ ـ «تُفِيئُهُ».

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مۆئمىننىڭ مىسالى، زىرائەتكە، ئۆسۈملۈك مايسىسىغا ئوخشايدۇ، شامال ئۇنى دائىم ئېگىپ، لىڭشىتىپ تۇرىدۇ، ئەنە شۇنىڭدەك مۆئمىنگە دائىم سىناق بالالىرى، كېسەل مۇسىبەتلىرى يېتىپ تۇرىدۇ. مۇناپىق بولسا، مۇقىم، مۇستەھكەم تۇرىدىغان سەنۇبەر دەرىخىگە (سۇۋادان تىرەككە)ئوخشايدۇ، ئۇ تەۋرەنمەيدۇ، مىدىرلىمايدۇ، ئاخىرىدا بىراقلا ئۆرۈلۈپ يۇلىنىدۇ، (مۇناپىق ئەنە شۇنداق ھالاك بولىدۇ). ئەھمەد، بۇخارى،مۇسلىم، تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ

7039 ـ حدّثنا أبو بَكْرِ بْنُ أَبي شَيْبَةَ. حَدّثنَا عَبْدُ اللّهِ بْنُ نُمَيْرٍ وَ مُحَمّدُ بْنُ بَشْرٍ. قَالاَ: حَدّثنَا زَكَرِيّاءُ بْنُ أَبي زَائِدَةَ، عَنْ سَعْدِ بْنِ إِبْرَاهِيمَ. حَدّثنِي ابْنُ كَعْبِ بْنِ مَالِكٍ عَنْ أَبِيهِ، كَعْبٍ قَالَ: قَالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: «مَثَلُ الْمُؤْمِنِ كَمَثَلِ الْخَامَةِ مِنَ الزّرْعِ. تُفِيئُهَا الرّيحُ. تَصْرَعُهَا مَرّةً وَتَعْدِلُهَا أُخْرَىَ. حَتّىَ تَهِيجَ. وَمَثَلُ الْكَافِرِ كَمَثَلِ الأَرْزَةِ الْمُجْذِيَةِ عَلَى أَصْلِهَا. لاَ يُفِيئُهَا شَيْءٌ. حَتّىَ يَكُونَ انْجِعَافُهَا مَرّةً وَاحِدَةً».

كەئبى ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مۆئمىننىڭ ئوخشىشى، زىرائەتنىڭ ھۆل، تىنى ئاجىز، يۇمشاق ئۆسۈملۈك مايسىسىغا ئوخشايدۇ، ئۇنى شامال تاكى ئۇ قۇرىغىچە بىر قېتىم ئېگىپ يەرگە چاپلىسا، بىر قېتىم تۇرغۇزۇپ قويىدۇ، (يەنى ئۇنىڭغا كېسەل بالالار يېتىپ تۇرىدۇ). مۇناپىق، كاپىرنىڭ ئوخشىشى بولسا، مۇقىم تۇرىدىغان چوڭ شەمشات دەرىخىگە ئوخشايدۇ، ئۇنى شامال ھېچ نەرسە قىلالمايدۇ، ئۇ جايىدا مۇقىم تۇرىۋېرىدۇ، ھەتتا ئۇنىڭ يىقىلىشى بىراقلا بولىدۇ، يەنى مۇناپىققا بالا، كېسەل يەتمەي بىراقلا ھالاك بولۇپ ئۆلىدۇ. بۇخارى 5211 ــ ھەدىس، ئەھمەد، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.

7040 ـ حدّثني زُهَيْرُ بْنُ حَرْبٍ. حَدّثَنَا بَشْرُ بْنُ السّرِيّ وَ عَبْدُ الرّحْمَنِ بْنُ مَهْدِيَ. قالاَ: حَدّثَنَا سُفْيَانُ عَنْ سَعْدِ بْنِ إبْرَاهِيمَ، عَنْ عَبْدِ الرّحْمَنِ بْنِ كَعْبِ بْنِ مَالِكٍ، عَنْ أَبِيهِ قالَ: قالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: «مَثَلُ الْمُؤْمِنِ كَمَثَلِ الْخَامَةِ مِنَ الزّرْعِ. تُفِيئُهَا الرّيَاحُ. تَصْرَعُهَا مَرّةً وَتَعْدِلُهَا. حَتّى يَأْتِيَهُ أَجَلُهُ. وَمَثَلُ الْمُنَافِقِ مَثَلُ الأَرْزَةِ الْمُجْذِيَةِ. الّتِي لاَ يُصِيبُهَا شَيْءٌ. حَتّى يَكُونَ انْجِعَافُهَا مَرّةً وَاحِدَةً».

7041 ـ وَحَدّثَنِيهِ مُحَمّدُ بْنُ حَاتِمٍ وَ مَحْمُودُ بْنُ غَيْلاَنَ. قالاَ: حَدّثَنَا بِشْرُ بْنُ السّرِيّ. حَدّثَنَا سُفْيَانُ عَنْ سَعْدِ بْنِ إبْرَاهِيمَ، عَنْ عَبْدِ اللّهِ بْنِ كَعْبِ بْنِ مَالِكٍ، عَنْ أَبِيهِ، عَنِ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم غَيْرَ أَنّ مَحْمُوداً قالَ فِي رِوَايَتِهِ عَنْ بِشْرٍ: «وَمَثَلُ الْكَافِرِ كَمَثَلِ الأَرْزَةِ». وَأَمّا ابْنُ حَاتِمٍ فقَالَ: «مَثَلُ الْمُنَافِقِ» كَمَا قالَ زُهَيْرٌ.

7042 ـ وحدّثناه مُحَمّدُ بْنُ بَشّارٍ وَ عَبْدُ اللّهِ بْنُ هَاشِمٍ. قالاَ: حَدّثَنَا يَحْيَى (وَهُوَ الْقَطّانُ) عَنْ سُفْيَانَ، عَنْ سَعْدِ بْنِ إبْرَاهِيمَ (قالَ ابْنُ هَاشِمٍ: عَنْ عَبْدِ اللّهِ بْنِ كَعْبِ بْنِ مَالِكٍ، عَنْ أَبِيهِ. وَقالَ ابْنُ بَشّارٍ: عَنِ ابْنِ كَعْبِ بْنِ مَالِكٍ، عَنْ أَبِيهِ) عَنِ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم بِنَحْوِ حَدِيثِهِمْ. وَقالاَ جَمِيعاً فِي حَدِيثِهِمَا عَنْ يَحْيَى: «وَمَثَلُ الْكَافِرِ مَثَلُ الأَرْزَةِ».

كەئبى ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: مۆئمىننىڭ ئوخشىشى، زىرائەتنىڭ ھۆل، تىنى ئاجىز، يۇمشاق ئۆسۈملۈك مايسىسىغا ئوخشايدۇ، ئۇنى شامال بىر قېتىم ئىگىپ يەرگە چاپلىسا، يەنەبىر قېتىم تۇرلەپ قويىدۇ، (يەنى ئۇنىڭغا كېسەل بالالار يېتىپ تۇرىدۇ)ئۇنىڭغا ئەجىلى كەلگەنگە قەدەر شۇنداق بولىدۇ. مۇناپىقنىڭ ئوخشىشى بولسا، ھېچ نەرسە مۇسىبەت يەتكۈزەلمەيدىغان، مۇقىم تۇرىدىغان چوڭ شەمشات دەرىخىگە ئوخشايدۇ، (ئۇنى شامال ھېچ نەرسە قىلالمايدۇ، ئۇ جايىدا مۇقىم تۇرىۋېرىدۇ)، ھەتتا ئۇنىڭ يۇلىنىشى، يىقىلىشى بىراقلا بولىدۇ، (يەنى مۇناپىققا بالا، كېسەل يەتمەي بىراقلا ھالاك بولۇپ ئۆلىدۇ). بۇخارى 5211 ــ ھەدىس،مۇسلىم، ئەھمەد، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: مۆئمىن، نازۇك، ھۆل زىرائەت، ئۆسۈملۈككە ئوخشايدۇ، شامال كەلسە، شامال ئۇنى ئىگىپ، يىقىلىپ تۇرىدۇ، شامال توختىسا ئۇ تۇزلىنىپ قالىدۇ، ئەنە شۇنىڭدەك مۆئمىن بالالەر، كېسەل مۇسىبەتلەر بىلەن ئىگىلىپ، يىقىلىپ، ئاجىزلىشىپ تۇرىدۇ، پاجىر، پاسىقنىڭ ئوخشىشى بولسا، تۈز، مۇستەھكەم تۇرىدىغان ئۇيۇل، چوڭ دەرەخكە ئوخشايدۇ، ھەتتا ئۇنى ئاللاھ خالىغاندا بىراقلا سۇندۇرۇپ ھالاك قىلىدۇ. بەيھەقى ۋە باشقىلار توپلىغان، سەھىھ. بۇ خىلدىكى ھەدىس، بۇخارى 5212 ــ ھەدىس، مۇسلىم 5026 ــ ھەدىس، ئەھمەد 15209 ــ ھەدىس، 25918 ــ ھەدىس، دارمى 2631 ــ.

## 1277 ـ باب مثل المؤمن مثل النخلة

7043 ـ حدّثنا يَحْيَى بْنُ أَيّوبَ وَ قُتَيْبَةُ بْنُ سَعِيدٍ وَ عَلِيّ بْنُ حُجْرٍ السّعْدِيّ (وَاللّفْظُ لِيَحْيَى) قالُوا: حَدّثَنَا إسْمَاعِيلُ (يَعْنُونَ ابْنَ جَعْفَرٍ). أَخْبَرَنِي عَبْدُ اللّهِ بْنُ دِينَارٍ أَنّهُ سَمِعَ عَبْدَ اللّهِ ابْنَ عُمَرَ يَقُولُ: قالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: «إنّ مِنَ الشّجَرِ شَجَرَةً لاَ يَسْقُطُ وَرَقُهَا. وَإنّهَا مَثَلُ الْمُسْلِمِ. فَحَدّثُونِي مَا هِيَ؟» فَوَقَعَ النّاسُ فِي شَجَرِ الْبَوَادِي.

قالَ عَبْدُ اللّهِ: وَوَقَعَ فِي نَفْسِي أَنّهَا النّخْلَةُ. فَاسْتَحْيَيْتُ. ثُمّ قالُوا: حَدّثَنَا مَا هِيَ؟ يَا رَسُولَ اللّهِ قالَ: فَقَالَ «هِيَ النّخْلَةُ».

قالَ: فَذَكَرْتُ ذٰلِكَ لِعُمَرَ، قالَ: لأَنْ تَكُونَ قُلْتَ: هِيَ النّخْلَةُ، أَحَبّ إلَيّ مِنْ كَذَا وَكَذَا.

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ھەقىقەتەن دەرەخلەردىن بىر دەرەخ بولۇپ، ھەرگىز قۇلىقى چۈشمەيدۇ، ھەقىقەتەن ئۇ دەرەخ (پايدا يەتكۈزۈشتە، زىيان

سالماسلىقتا) مۇسۇلمانغا ئوخشايدۇ، قېنى دەپ بېقىڭلار چۇ، ئۇ قايسى دەرەخ؟ كىشلەر يىزا ـ يايلاقتىكى دەرەخلەرنى تىلغا ئېلىشتى، مىنىڭ قەلبىمگە ئۇدەرەنىڭ خورما دەرىخى ئىكەنلىكى كەلگەن بولسىمۇ، ئارىمىزدا يېشى چوڭلار بولغاچقا تارتىنىپ قالدىم، ئۇلار جىم تۇغاندا رەسۇلۇللاھ: ئۇ خورما دەرىخى دېدى، كېيىن مەن بۇنى دادام ئۆمەرگە بايان قىلسام، دادام ماڭا: سىنىڭ تارتىنماستىنلا ئۇ خورما دەرىخى دېيىشىڭ ماڭا مۇنداق مۇنداق نەرسىلەردىنمۇ سۆيۈملۈكتۇر دېدى. ئەھمەد، بەيھەقى، تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.

7044 ـ حدّثني مُحَمّدُ بْنُ عُبَيْدٍ الْغُبَرِيّ. حَدّثَنَا حَمّادُ بْنُ زَيْدٍ. حَدّثَنَا أَيّوبُ عَنْ أَبِي الْخَلِيلِ الضّبَعِيّ، عَنْ مُجَاهِدٍ، عَنِ ابْنِ عُمَرَ قَالَ: قَالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم يَوْماً لأَصْحَابِهِ: «أَخْبِرُونِي عَنْ شَجَرَةٍ، مَثَلُهَا مَثَلُ الْمُؤْمِنِ». فَجَعَلَ الْقَوْمُ يَذْكُرُونَ شَجَراً مِنْ شَجَرِ الْبَوَادِي. قَالَ ابْنُ عُمَرَ: وَأُلْقِيَ فِي نَفْسِي أَوْ رُوعِي أَنّهَا النّخْلَةُ. فَجَعَلْتُ أُرِيدُ أَنْ أَقُولَهَا. فَإِذَا أَسْنَانُ الْقَوْمِ، فَأَهَابُ أَنْ أَتَكَلّمَ. فَلَمّا سَكَتُوا، قَالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: «هِيَ النّخْلَةُ».
7045 ـ حدّثنا أَبُو بَكْرِ بْنُ أَبِي شَيْبَةَ وَ ابْنُ أَبِي عُمَرَ. قَالاَ: حَدّثَنَا سُفْيَانُ بْنُ عُيَيْنَةَ عَنِ ابْنِ أَبِي نَجِيحٍ، عَنْ مُجَاهِدٍ قَالَ: صَحِبْتُ ابْنَ عُمَرَ إِلَى الْمَدِينَةِ. فَمَا سَمِعْتُهُ يُحَدّثُ عَنْ رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم إِلاّ حَدِيثاً وَاحِداً. قَالَ: كُنّا عِنْدَ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم. فَأُتِيَ بِجُمّارٍ. فَذَكَرَ بِنَحْوِ حَدِيثِهِمَا.
7046 ـ وحدّثنا ابْنُ نُمَيْرٍ. حَدّثَنَا أَبِي. حَدّثَنَا سَيْفٌ قَالَ: سَمِعْتُ مُجَاهِداً يَقُولُ: سَمِعْتُ ابْنَ عمَرَ يَقُولُ: أُتِيَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم بِجُمّارٍ. فَذَكَرَ نَحْوَ حَدِيثِهِمْ.
7047 ـ حدّثنا أَبُو بَكْرِ بْنُ أَبِي شَيْبَةَ. حَدّثَنَا أَبُو أُسَامَةَ. حَدّثَنَا عُبَيْدُ اللّهِ بْنُ عمَرَ عَنْ نَافِعٍ، عَنِ ابْنِ عُمَرَ قَالَ: كُنّا عِنْدَ رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم. فَقَالَ: «أَخْبِرُونِي بِشَجَرَةٍ شِبْهِ، أَوْ كَالرّجُلِ الْمُسْلِمِ. لاَ يَتَحَاتّ وَرَقُهَا».
قَالَ إِبْرَاهِيمُ: لَعَلّ مُسْلِماً قَالَ: وَتُؤْتِي أُكُلَهَا. وَكَذَا وَجَدْتُ عِنْدَ غَيْرِي أَيْضاً. وَلاَ تُؤْتِي أُكُلَهَا كُلّ حِينٍ. قَالَ ابْنُ عُمَرَ: فَوَقَعَ فِي نَفْسِي أَنّهَا النّخْلَةُ. وَرَأَيْتُ أَبَا بَكْرٍ وَعُمَرَ لاَ يَتَكَلّمَانِ. فَكَرِهْتُ أَنْ أَتَكَلّمَ أَوْ أَقُولَ شَيْئاً. فَقَالَ عُمَرُ: لأَنْ تَكُونَ قُلْتَهَا أَحَبّ إِلَيّ مِنْ كَذَا وَكَذَا.

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: مۇسۇلمان ئەرگە ئوخشايدىغان دەرەخدىن ماڭا خەۋەر بېرىپ بېقىڭلار، ئۇ قايسى دەرەخ؟ ئۇنىڭ ھەرگىز قۇلىقى چۈشمەيدۇ، ھەر دائىم مېۋە بېرىپ تۇرىدۇ، كىشلەر يىزا ـ يايلاقتىكى دەرەخلەرنى تىلغا ئېلىشتى، مىنىڭ قەلبىمگە ئۇدەرەخنىڭ خورما دەرىخى ئىكەنلىكى كەلگەن بولسىمۇ، ئارىمىزدا يېشى چوڭلار بولغاچقا تارتىنىپ قالدىم، ئۇلار جىم تۇغاندا رەسۇلۇللاھ: ئۇ خورما دەرىخى دېدى، كېيىن مەن بۇنى دادام ئۆمەرگە بايان قىلسام، دادام ماڭا: سىنىڭ تارتىنماستىنلا ئۇ خورما دەرىخى دېيىشىڭ ماڭا مۇنداق مۇنداق نەرسىلەردىنمۇ سۆيۈملۈكتۇر دېدى. بۇخارى خاتىرلىگەن، سەھىھ، يەنە بىر خاتىرىدە، خورما دەي دەپ بولۇپ، تارتىنىپ قالدىم دىگەن بار.

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: مۆئمىن خورمىغا ئوخشايدۇ، ئۇنىڭدىن نېمە ئالساڭ، ساڭا پايدا ـــ مەنپەئەت يېتىدۇ، (ئەنە شۇنىڭدەك مۆئمىن، قەتئىي زىيىنى يوق، بەلكى، مۇسۇلمانلار مەنپەئەتى ئۈچۈنلا ياشايدۇ، ھەق ئۈچۈن خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ، خالىققا ئىبادەت قىلىدۇ، مەخلۇققا ياخشىلىق قىلىدۇ). تەبرانى توپلىغان، سەھىھ.

ئىبنى ئەمرۇ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مۆئمىننىڭ ئۇخشىشى ھەسەل ھەرىسىگە ئوخشايدۇ، ئەگەر يىسە پاك ــ پاكىزنى يەيدۇ، قويسىمۇ پاك ــ پاكىز قويىدۇ، يەنى ھەسەل چېقىرىدۇ، ئەگەر بىرەر نازۇك دەرەخكە قونسىمۇ ئۇنى سۇندۇرۇپ ئۇشتۇۋەتمەيدۇ، (ئەنە شۇنىڭدەك مۆئمىن، چىچەن، ماھىر ئىشلەمچان ئەزىيەت ئازارلىرى زىيان زەرەرلىرى يوق، مەنپەئەتلىك قانائەتچان، كەسپچان نىجاسەتتىن گۇناھ، مەئسىيەتتىن يىراق، يېيىشى ھالال، نەتىجىسى مول، ئىسلام خەلىپىسىگە ئىتائەتچان، لېكىن، ئاپىتى، مۇسىبىتى كۆپ، ئەجرى كاتتىدۇر). يەنە مۆئمىننىڭ ئۇخشىشى پىششىقلاپ ئىشلەنگەن ساپ ئالتۇنغا ئوخشايدۇ، ئەگەر ئۇنىڭغا كۆرەك پۈۋدىسەڭ، ئۇ قىزىرىپ تېخىمۇ گۈزەل، ياخشى بولۇپ كېتىدۇ، ئەگەر ۋەزنىگە مىيزانغا سالساڭ، قىلچە كاملىمايدۇ، (ئەنە شۇنىڭدەك مۆئمىنگە ۋەز ــ نەسىھەت قىلىنسا، تەرغىپ قىلىنسا، تېخىمۇ ياخشىلىنىشىپ كېتىدۇ، ئالتۇندەك بەرىكەتلىك، ۋەزىندە بىر خىل تۇرىدۇ، ئۆزگىرىۋالمايدۇ، توختالغۇسى باردۇر). بەيھەقى توپلىغان، ھەسەن.

*1278 ـ باب تحريش الشيطان، وبعث سراياه لفتنة الناس، وأن مع كل إنسان قرينا*

**شەيتاننىڭ كىشىلەرنى ئۇرۇشقا سېلىشى، كىشىلەرنى ئازدۇرۇش ئۇچۇن قوشۇن ئەۋەتىشى**

**7048 ـ حدّثنا عُثمَانُ بْنُ أبِي شَيْبَةَ وَ إسْحَقُ بْنُ إبْرَاهِيمَ (قالَ إسْحَقُ: أخْبَرَنَا. وقالَ عُثمَانُ: حَدّثنَا) جَرِيرٌ عَنِ الأعْمَشِ، عَنْ أبِي سُفْيَانَ، عَنْ جَابِرٍ قالَ: سَمِعْتُ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم يَقُولُ: «إنّ الشّيْطَانَ قَدْ أيِسَ أنْ يَعْبُدَهُ الْمُصَلّونَ فِي جَزِيرَةِ الْعَرَبِ. وَلَكِنْ فِي التّحْرِيشِ بَيْنَهُمْ».**

**7049 ـ وحدّثناه أبُو بَكْرِ بْنُ أبِي شَيْبَةَ حَدّثنَا وَكِيعٌ. ح وَحَدّثنَا أبُو كُرَيْبٍ. حَدّثنَا أبُو مُعَاوِيَةَ. كِلاَهُمَا عَنِ الأعْمَشِ بِهَذَا الإسْنَادِ.**

جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەققەتەن شەيتان شەك ــ شۈبھىسىز ناماز ئوقۇغۇچىلارنىڭ ــ ئەرەب يېرىم ئاراللىدا ـ ئۇنىڭغا ئىبادەت قىلىشىدىن ئۈمۈدىنى ئۈزدى، لېكىن، يەنىلا ناماز ئوقۇيدىغان مۇسۇلمانلارنىڭمۇ ئارىسىدا ئىختىلاپ، زىددىيەت، جەڭ، ئۇرۇش پەيدا قىلىشىدىن ئۈمۈدىنى ئۈزمىدى، ئەھمەد، مۇسلىم، تىرمىزى توپلىغان، ئەلبانى بۇ ھەدىس سەھىھ دېگەن، ئەمەلىيەتتە ھەدىستە دېيىلگەندەكلا بولدى، ھەم بولۇۋاتىدۇ، بۇندىن كېيىنكىسىنى ئاللاھ ساقلىسۇن.

**7050 ـ حدّثنا عُثمَانُ بْنُ أبِي شَيْبَةَ وَ إسْحَقُ بْنُ إبْرَاهِيمَ (قالَ إسْحَقُ: أخْبَرَنَا. وقالَ عُثمَانُ: حَدّثنَا) جَرِيرٌ عَنِ الأعْمَشِ، عَنْ أبِي سُفْيَانَ، عَنْ جَابِرٍ قالَ: سَمِعْتُ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم يَقُولُ: «إنّ عَرْشَ إبْلِيسَ عَلَى الْبَحْرِ. فَيَبْعَثُ سَرَايَاهُ فَيَفْتِنُونَ النّاسَ. فَأعْظَمُهُمْ عِنْدَهُ أعْظَمُهُمْ فِتْنَةً».**

جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەققەتەن ئىبلىس، شەيتان پايتەختىنى سۇ ئۈستىگەدېڭىزدىكى قاراڭغۇ زۇلمەتكە قويىدۇ ئاندىن قوشۇن، لەشكەرلىرىنى كىشىلەرنى

ئازدۇرۇشقا ئەۋەتىدۇ، قوشۇننىڭ ئىچىدە ئىبلىسقا ئورۇن، مەرتىبە جەھەتتىن ئەڭ يېقىن تۇرىدىغىنى، پىتنە ـــ پاساد ئازدۇرۇشنى ئەڭ چوڭ، كۆپ قىلغىنىدۇر.

**7051 ـ حدّثنا  أبُو كُرَيْبٍ، مُحمّدُ بْنُ الْعَلاَءِ وَ إسْحَقُ بْنُ إبْرَاهِيمَ (وَاللّفْظُ لأبي كُرَيْبٍ). قالاَ: أخْبَرَنَا أبُو مُعَاوِيَةَ. حَدّثَنَا الأعْمَشُ عَنْ أبي سُفْيَانَ، عَنْ جَابِرٍ قالَ: قالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: «إنّ إبْلِيسَ يَضَعُ عَرْشَهُ عَلَى الْمَاءِ. ثُمّ يَبْعَثُ سَرَايَاهُ. فَأدْنَاهُمْ مِنْهُ مَنْزِلَةً أعْظَمُهُمْ فِتْنَةً. يَجِيءُ أحَدُهُمْ فَيَقُولُ: فَعَلْتُ كَذَا وَكَذَا. فَيَقُولُ: مَا صَنَعْتَ شَيْئاً. قالَ: ثُمّ يَجِيءُ أحَدُهُمْ فَيَقُولُ: مَا تَرَكْتُهُ حَتّى فَرّقْتُ بَيْنَهُ وَبَيْنَ امْرَأتِهِ. قالَ: فَيُدْنِيهِ مِنْهُ وَيَقُولُ: نِعْمَ أنْتَ».  قالَ الأعْمَشُ: أُرَاهُ قالَ: «فَيَلْتَزِمُهُ».**

جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن ئىبلىس شەيتان ، پايتەختىنى سۇ ئۈستىگە قويىدۇ (دېڭىزدىكى قاراڭغۇ زۇلمەتكە) ئاندىن قوشۇن، لەشكەرلىرىنى كىشىلەرنى ئازدۇرۇشقا ئەۋەتىدۇ، قوشۇننىڭ ئىچىدە ئىبلىسقا ئورۇن، مەرتىبە جەھەتتىن ئەڭ يېقىن تۇرىدىغىنى، پىتنە ـــ پاساد ئازدۇرۇشنى چوڭ، كۆپ قىلغىنىدۇر، ئۇلارنىڭ بىرسى كېلىپ، مەن ئانداق ـــ مانداق قىلىۋەتتىم دېسە، ئىبلىس: سەن تېخى ھېچ ئىش قىلالمايسەن، دەپ ئۇنى ياراتمايدۇ،ئاندىن  ئۇلارنىڭ بىرى كېلىپ، مەن پالاننى ئەھلى بىلەن ئايرىۋەتمىگىچە بولدى قىلماي، ئۇلارنى ئايرىۋەتتىم دېيدۇ، ئىبلىس بۇنى ئۆزىگە يېقىن قىلىپ، سەن نېمىدېگەن ياخشى دېيدۇ      .(ۋەئۇنى لازىم تۇتىدۇ.)     مۇسلىم، ئەھمەد تويلىغان، سەھىھ.

ئەنە شۇ سەۋەبتىن ئەر ـــ ئاياللار كىچىككىنە بانا ـــ سەۋەبلەر بىلەن ئايرىلىپ كېتىدۇ.

**7052 ـ حدّثني سَلَمَةُ بْنُ شَبِيبٍ. حَدّثَنَا الْحَسَنُ بْنُ أعْيَنَ. حدّثَنَا مَعْقِلٌ عَنْ أبي الزّبَيرِ، عَنْ جَابِرٍ أنّهُ سَمِعَ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم يَقُولُ: «يَبْعَثُ الشّيْطَانُ سَرَايَاهُ فَيَفْتِنُونَ النّاسَ. فَأعْظَمُهُمْ عِنْدَهُ مَنْزِلَةً أعْظَمُهُمْ فِتْنَةً».**

جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن ئىبلىس، شەيتان قوشۇن، لەشكەرلىرىنى كىشىلەرنى ئازدۇرۇشقا ئەۋەتىدۇ، قوشۇننىڭ ئىچىدە ئىبلىسقا ئورۇن، مەرتىبە جەھەتتىن ئەڭ يېقىن تۇرىدىغىنى، پىتنە ـــ پاساد ئازدۇرۇشنى ئەڭ چوڭ ۋە كۆپ قىلغىنىدۇر.

**7053 ـ حدّثنا عُثْمَانُ بْنُ أبي شَيْبَةَ وَ إسْحَقُ بْنُ إبْرَاهِيمَ (قالَ  إسْحَقُ: أخْبَرَنَا. وَقالَ عُثْمَانُ: حَدّثَنَا)  جَرِيرٌ عَنْ مَنْصُورٍ، عَنْ سَالِمِ بْنِ أبي الْجَعْدِ، عَنْ أبِيهِ، عَنْ عَبْدِ اللّهِ بْنِ مَسْعُودٍ قالَ: قالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: «مَا مِنْكُمْ مِنْ أحَدٍ إلاّ وَقَدْ وُكّلَ بِهِ قَرِينُهُ مِنَ الْجِنّ». قالُوا: وَإيّاكَ؟ يَا رَسُولَ اللّهِ قالَ «وَإيّايَ. إلاّ أنّ اللّهَ أعَانَنِي عَلَيْهِ فَأسْلَمَ. فَلاَ يَأمُرُنِي إلاّ بِخَيْرٍ».**
**7054 ـ حدّثنا ابْنُ الْمُثَنّى وَ ابْنُ بَشّارٍ. قالاَ: حَدّثَنَا عَبْدُ الرّحْمَنِ (يَعْنِيَانِ ابْنَ مَهْدِي) عَنْ سُفْيَانَ ح وَحَدّثَنَا أبُو بَكْرِ بْنُ أبي شَيْبَةَ. حَدّثَنَا يَحْيَى بْنُ آدَمَ عَنْ عَمّارِ بْنِ رُزَيْقٍ. كِلاَهُمَا عَنْ مَنْصُورٍ بِإسْنَادِ جَرِيرٍ. مِثْلَ حَدِيثِهِ. غَيْرَ أنّ فِي حَدِيثِ سُفْيَانَ: «وَقَدْ وُكّلَ بِهِ قَرِينُهُ مِنَ الْجِنّ، وَقَرِينُهُ مِنَ الْمَلاَئِكَةِ».**

ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: سىلەردىن ھەربىر كىشىگە ئۇنىڭ جىندىن بولغان بىر يېقىن ھەمراھى ۋە پەرىشتىدىن بولغان بىر ھەمراھى مۇئەككەل قىلىنغاندۇر، (پەرىشتە ياخشىلىققا بۇيرىسا، شەيتان يامانغا بۇيرىيدۇ). ئۇلار سىلىگىمۇ شۇنداقمۇ؟ دەپ سورىدى، رەسۇلۇللاھ

سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مەنمۇ شۇنداق، لېكىن، ئاللاھتائالا ماڭا ياردەم بەردى، ئۇ مۇسۇلمان بولدى، مەن سالامەت قالدىم، ئۇ مېنى پەقەت ياخشىلىققا بۇيرىيدۇ دېدى. ئەھمەد،بۇخارىي، مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ

**7055 ـ حدّثني هَرُونُ بْنُ سَعِيدٍ الأيْلِيّ. حَدّثَنَا ابْنُ وَهْبٍ. أخْبَرَنِي أبُو صَخْرٍ عَنِ ابْنِ قُسَيْطٍ. حَدّثَهُ أنّ عُرْوَةَ حَدّثَهُ أنّ عَائِشَةَ، زَوْجَ النّبيّ صلى الله عليه وسلم حَدّثَتْهُ أنّ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم خَرَجَ مِنْ عِنْدِهَا لَيْلاً. قَالَتْ فَغِرْتُ عَلَيْهِ. فَجَاءَ فَرَأَى مَا أصْنَعُ. فَقَالَ: «مَا لَكِ؟ يَا عَائِشَةُ أغِرْتِ؟» فَقُلْتُ: وَمَا لِي لاَ يَغَارُ مِثْلِي عَلَى مِثْلِكَ؟ فَقَالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: «أَقَدْ جَاءَكِ شَيْطَانُكِ؟» قَالَتْ: يَا رَسُولَ اللّهِ! أوَ مَعِي شَيْطَانٌ؟ قَالَ: «نَعَمْ» قُلْتُ: وَمَعَ كُلّ إنْسَانٍ؟ قَالَ: «نَعَمْ» قُلْتُ: وَمَعَكَ؟ يَا رَسُولَ اللّهِ قَالَ «نَعَمْ. وَلَكِنْ رَبّي أعَانَنِي عَلَيْهِ حَتّى أسْلَمَ».**

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن، بىر كېچىسى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم قېشىمدىن چىقىپ كىتىپتى، مەن كۈنلەپ قالدىم، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كىلىپ، مىنىڭ ئىشىمنى كۆرۈپ؛ ئى ئائىشە! سىزگە نىمە بولدى؟ كۈندەشلىك قىلىۋاتامسىز؟دېدى، مەن؛ ماڭا نىمە بۇلىتتى؟ مەندەك بىر كىشى سىلىگە كۈندەشلىك قىلمامتى ؟ دىسەم، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم؛ سىزگە شەيتىنىڭىز كىلىپتۇ دېدى، مەن؛ ئى **الله** نىڭ ئەلچىسى! مەن بىلەن شەيتان بىللىمىكەن؟دىسەم، ھەئە دېدى، سىلى بىلەنمۇ شەيتان بىللە بۇلامدۇ؟ سىلىگىمۇ شەيتان كىلەمدۇ؟ دىسەم، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم؛ ھەئە ئەلۋەتتە شۇنداق بۇلىدۇ، لېكىن **الله** ماڭا شەيتانغا قارشى ياردەم بەردى، ئۇ مۇسۇلمان بولدى،مەن سالامەت قالدىم دېدى.

## 1279 ـ *باب لن يدخل أحد الجنة بعمله، بل برحمة اللّهِ تعالى* جەننەتكە پەقەت الله نىڭ رەھمىتى بىلەنلا كىرىش

**7056 ـ حدّثنا قُتَيْبَةُ بْنُ سَعِيدٍ. حَدّثَنَا لَيْثٌ عَنْ بُكَيْرٍ، عَنْ بُسْرِ بْنِ سَعِيدٍ، عَنْ أبِي هُرَيْرَةَ، عَنْ رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم أنّهُ قَالَ: «لَنْ يُنْجِيَ أحَداً مِنْكُمْ عَمَلُهُ» قَالَ رَجُلٌ: وَلاَ إيّاكَ؟ يَا رَسُولَ اللّهِ قَالَ: «وَلاَ إيّايَ. إلاّ أنْ يَتَغَمّدَنِيَ اللّهُ مِنْهُ بِرَحْمَةٍ. وَلَكِنْ سَدّدُوا».**
**7057 ـ وَحَدّثَنِيهِ يُونُسُ بْنُ عَبْدِ الأعْلَى الصّدَفِيّ. أخْبَرَنَا عَبْدُ اللّهِ بْنُ وَهْبٍ. أخْبَرَنِي عَمْرُو بْنُ الْحَارِثِ عَنْ بُكَيْرِ بْنِ الأشَجّ بِهَذَا الإسْنَادِ. غَيْرَ أنّهُ قَالَ: «بِرَحْمَةٍ مِنْهُ وَفَضْلٍ». وَلَمْ يَذْكُرْ: «وَلَكِنْ سَدّدُوا».**
**7058 ـ حدّثنا قُتَيْبَةُ بْنُ سَعِيدٍ. حَدّثَنَا حَمّادٌ (يَعْنِي ابْنَ زَيْدٍ) عَنْ أيّوبَ، عَنْ مُحَمّدٍ، عَنْ أبِي هُرَيْرَةَ أنّ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم قَالَ: «مَا مِنْ أحَدٍ يُدْخِلُهُ عَمَلُهُ الْجَنّةَ» فَقِيلَ: وَلاَ أنْتَ؟ يَا رَسُولَ اللّهِ قَالَ: «وَلاَ أنَا. إلاّ أنْ يَتَغَمّدَنِي رَبّي بِرَحْمَةٍ».**
**7059 ـ حدّثنا مُحَمّدُ بْنُ الْمُثَنّى. حَدّثَنَا ابْنُ أبِي عَدِيَ عَنِ ابْنِ عَوْنٍ، عَنْ مُحَمّدٍ، عَنْ أبِي هُرَيْرَةَ قَالَ: قَالَ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم: «لَيْسَ أحَدٌ مِنْكُمْ يُنْجِيهِ عَمَلُهُ» قَالُوا: وَلاَ أنْتَ؟ يَا رَسُولَ اللّهِ قَالَ: «وَلاَ أنَا. إلاّ أنْ يَتَغَمّدَنِيَ اللّهُ مِنْهُ بِمَغْفِرَةٍ وَرَحْمَةٍ».**
**وَقَالَ ابْنُ عَوْنٍ بِيَدِهِ هَكَذَا. وَأشَارَ عَلَى رَأسِهِ: «وَلاَ أنَا. إلاّ أنْ يَتَغَمّدَنِي اللّهُ مِنْهُ بِمَغْفِرَةٍ وَرَحْمَةٍ».**
**7060 ـ حدّثني زُهَيْرُ بْنُ حَرْبٍ. حَدّثَنَا جَرِيرٌ عَنْ سُهَيْلٍ، عَنْ أبِيهِ، عَنْ أبِي هُرَيرَةَ قَالَ: قَالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: «لَيْسَ أحَدٌ يُنْجِيهِ عَمَلُهُ» قَالُوا: وَلاَ أنْتَ؟ يَا رَسُولَ اللّهِ قَالَ:«وَلاَ أنَا. إلاّ أنْ يَتَدَارَكَنِيَ اللّهُ مِنْهُ بِرَحْمَةٍ».**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: سىلەردىن ھېچ كىمنى ئۇنىڭ ئەملى دوۋزاخدىن قۇتقۇزۇپ نىجاد تاپقۇزالمايدۇ، جەننەتكە ئەكىرەلمەيدۇ، ئۇلار:سىلىمۇ شۇنداقمۇ؟ دىگەندە، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ؛ مەنمۇ شۇنداق، لېكىن، ئاللاھتائالا مېنى رەھمەت پەزلى بىلەن ساقلاپ قالىدۇ، لېكىن، سىلەر (ئەقىيدە، ئىبادەتتە) توغرا، نورمال، ئوتتۇرىھال يول تۇتۇپ، ئاللاھقا يېقىنچىلىق ئىزدەڭلار، ئەتىگەن _ ئاخشامدا ۋە قاراڭغۇ كېچىلەردە، ئىبادەتتە چىڭ تۇرۇڭلار، (بۇ ۋاقىتلار

ئىبادەتنىڭ  ئەۋزەل ۋاختى، ئەتىگەنلىك، كەچلىك ۋە كېچىنىڭ قاراڭغۇ ۋاقىتلىرىدا ناماز ئوقۇڭلار) ئەمەللەردە ئوتتۇرىھال، ئادىل بولۇشنى، نورمال بولۇشنى لازىم تۇتۇپ، ھەددىدىن ئاشماڭلار، ئاندىن نىجادلىققا يېتەلەيسىلەردىدى. بەيھەقى، بۇخارى، مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.

**7061 ـ وحدّثني  مُحَمّدُ بْنُ حَاتِمٍ. حَدّثنَا أَبُو عَبّادٍ يَحْيَىَ بْنُ عَبّادٍ، حَدّثنَا إِبْرَاهِيمُ بْنُ سَعْدٍ. حَدّثنَا ابْنُ شِهَابٍ عَنْ أَبِي عُبَيْدٍ، مَوْلَىَ عَبْدِ الرّحْمَنِ بْنِ عَوْفٍ، عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ قَالَ: قَالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: «لَنْ يُدْخِلَ أَحَداً مِنْكُمْ عَمَلُهُ الْجَنّةَ» قَالُوا: وَلاَ أَنْتَ؟ يَا رَسُولَ اللّهِ قَالَ: «وَلاَ أَنَا. إِلاّ أَنْ يَتَغَمّدَنِيَ اللّهُ مِنْهُ بِفَضْلٍ وَرَحْمَةٍ».**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھېچ بىر كىشىنى ئۇنىڭ ئەمىلى، جەننەتكە ئەكىرەلمەيدۇ، مېنىمۇ ئەمىلىم جەننەتكە ئەكىرەلمەيدۇ، لېكىن، ئاللاھتائالا مېنى رەھمەت پەزلى بىلەن ساقلايدۇ، (ھەممە كىشى ئاللاھنىڭ رەھمەت پەزلى بىلەن جەننەتكە كىرىدۇ، قىلغان ئەمەللىرىمۇ شۇ رەھمەتتۇر، دوۋزاخ، ئاللاھنىڭ ئادىللىقى) سىلەر نورمال، ئوتتۇرىھال، ھەق، توغرا يول تۇتۇپ ئاللاھقا يېقىنچىلىق ئىزدەڭلار، بىرىڭلار ھەرگىز ئۆلۈمنى ئارزۇ قىلمىسۇن، ياخشىلىق قىلغۇچى بولسا، ياخشىلىقنى زىيادە، ئارتۇق قىلىشى مۇمكىن، يامان كىشى بولسا، تۆۋبە قىلىشى، تۆۋبە تەلەپ قىلىشى مۇمكىن. بەيھەقى.

**7062 ـ حدّثنا مُحَمّدُ بْنُ عَبْدِ اللّهِ بْنِ نُمَيْرٍ. حَدّثنَا أَبِي. حَدّثنَا الأَعْمَشُ عَنْ أَبِي صَالِحٍ، عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ قَالَ: قَالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: «قَارِبُوا وَسَدّدُوا. وَاعْلَمُوا أَنّهُ لَنْ يَنْجُوَ أَحَدٌ مِنْكُمْ بِعَمَلِهِ» قَالُوا: يَا رَسُولَ اللّهِ وَلاَ أَنْتَ؟ قَالَ: «وَلاَ أَنَا. إِلاّ أَنْ يَتَغَمّدَنِيَ اللّهُ بِرَحْمَةٍ مِنْهُ وَفَضْلٍ».**

**7063 ـ وحدّثنا ابْنُ نُمَيْرٍ. حدّثنا أَبِي. حَدّثنَا الأَعْمَشُ عَنْ أَبِي سُفْيَانَ، عَنْ جَابِرٍ، عَنِ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم مِثْلَهُ.**

**7064 ـ حدّثنا إِسْحَقُ بْنُ إِبْرَاهِيمَ. حَدّثنَا جَرِيرٌ عَنِ الأَعْمَشِ بِالإِسْنَادَيْنِ جَمِيعاً. كَرِوَايَةِ ابْنِ نُمَيْرٍ.**

**7065 ـ حدّثنا أَبُو بَكْرِ بْنُ أَبِي شَيْبَةَ وَ أَبُو كُرَيْبٍ. قَالاَ: حَدّثنَا أَبُو مُعَاوِيَةَ عَنِ الأَعْمَشِ، عَنْ أَبِي صَالِحٍ، عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ، عَنِ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم بِمِثْلِهِ وَزَادَ «وَأَبْشِرُوا».**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: سىلەردىن ھېچ كىمنى ئۇنىڭ ئەمىلى دوۋزاخدىن قۇتقۇزۇپ نىجاد تاپقۇزالمايدۇ، جەننەتكە ئەكىرەلمەيدۇ، ئۇلار:سىلىمۇ شۇنداقمۇ؟ دېگەندە، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ؛ مەنمۇ شۇنداق، لېكىن، ئاللاھتائالا مېنى رەھمەت پەزلى بىلەن ساقلاپ قالىدۇ، دېدى.

**7066 ـ حدّثني سَلَمَةُ بْنُ شَبِيبٍ. حَدّثنَا الْحَسَنُ بْنُ أَعْيَنَ. حَدّثنَا مَعْقِلٌ عَنْ أَبِي الزّبَيْرِ، عَنْ جَابِرٍ قَالَ: سَمِعْتُ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم يَقُولُ: «لاَ يُدْخِلُ أَحَداً مِنْكُمْ عَمَلُهُ الْجَنّةَ. وَلاَ يُجِيرُهُ مِنَ النّارِ، وَلاَ أَنَا. إِلاّ بِرَحْمَةٍ مِنَ اللّهِ».**

جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: سىلەردىن بىرەر كىشىنى ئۇنىڭ ياخشى ئەمەللىرى جەننەتكە ئەكىرەلمەيدۇ، دوۋزاخدىنمۇ قۇتقۇزالمايدۇ، مەنمۇ شۇنداق، لېكىن، ھەممىمىز ئاللاھنىڭ رەھمەت پەزلى بىلەن دوۋزاخدىن قۇتۇلۇپ، جەننەتكە كىرىمىز، (ياخشى ئەمەللەرمۇ ئاللاھنىڭ

رەھمىتى). مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ. ئاللاھنىڭ رەھمەت قىلىشى بىلەن ھىدايەت تېپىپ، ياخشى ئەمەللەرنى

كۆپلەپ قىلىڭلار، ياخشى ئەمەللەر رەھمەتنىڭ سەۋەبچىسى.

7067 ـ وحدّثنا إِسْحَقُ بْنُ إِبْرَاهِيمَ. أَخْبَرَنَا عَبْدُ الْعَزِيزِ بْنُ مُحَمّدٍ. أَخْبَرَنَا مُوسَى ابْنُ عُقْبَةَ. ح وَحَدّثَنِي مُحَمّدُ بْنُ حَاتِمٍ (وَاللّفْظُ لَهُ). حَدّثَنَا بَهْزٌ. حَدّثَنَا وُهَيْبٌ. حَدّثَنَا مُوسَى بْنُ عُقْبَةَ قَالَ: سَمِعْتُ أَبَا سَلَمَةَ بْنَ عَبْدِ الرّحْمَنِ بْنِ عَوْفٍ يُحَدّثُ عَنْ عَائِشَةَ، زَوْجِ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم أَنّهَا كَانَتْ تَقُولُ: قَالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: «سَدّدُوا وَقَارِبُوا. وَأَبْشِرُوا. فَإِنّهُ لَنْ يُدْخِلَ الْجَنّةَ أَحَداً عَمَلُهُ». قَالُوا: وَلاَ أَنْتَ؟ يَا رَسُولَ اللّهِ قَالَ: «وَلاَ أَنَا. إِلاّ أَنْ يَتَغَمّدَنِيَ اللّهُ مِنْهُ بِرَحْمَةٍ. وَاعْلَمُوا أَنّ أَحَبّ الْعَمَلِ إِلَى اللّهِ أَدْوَمُهُ وَإِنْ قَلّ».

7068 ـ وحدّثناه حَسَنٌ الْحُلْوَانِيّ. حَدّثَنَا يَعْقُوبُ بْنُ إِبْرَاهِيمَ بْنِ سَعْدٍ. حَدّثَنَا عَبْدُ الْعَزِيزِ بْنُ الْمُطّلِبِ عَنْ مُوسَى بْنِ عُقْبَةَ. بِهَذَا الإِسْنَادِ. وَلَمْ يَذْكُرْ «وَأَبْشِرُوا».

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ئىشلىرىڭلاردا نورمال، ئوتتۇرىھال توغرا يول تۇتۇڭلار، يېقىنچىلىق ئىزدەڭلار، خۇش بىشارەت ئېلىڭلار، شۇنى بىلىڭلاركى، سىلەرنىڭ بىرىڭلارنى ھەرگىز ئۇنىڭ ئەمەللىرى جەننەتكە ئەكىرەلمەيدۇ، ئەمەللىرى بىلەن جەننەتكە كىرەلمەيدۇ، مەنمۇ شۇنداق، لېكىن، مېنى ئاللاھتائالا مەغپىرەت قىلىش ي ۋە رەھمىتى بىلەن ساقلاپ قالىدۇ، شۇنى بىلىڭلاركى ئەمەللەرنىڭ الله قا ئەڭ سۆيۈملىكى گەرچە ئاز بولسىمۇ، داۋام قىلىنغىنىدۇر.(جەننەتكە ئاللاھنىڭ رەھمىتى بىلەن پەزلى بىلەن كىرىدۇ، ئەمەللەر بولسا، يەنىلا ئاللاھنىڭ رەھمەتلىرىدۇر، رەھمەت، رەھمەتكە سەۋەب بولىدۇ) ئەھمەد، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.

## 1280 ـ باب إكثار الأعمال، والاجتهاد في العبادة ئىبادەتتە قاتتىق تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ ئەمەللەرنى كۆپلەپ قىلىش

7069 ـ حدّثنا قُتَيْبَةُ بْنُ سَعِيدٍ. حَدّثَنَا أَبُو عَوَانَةَ عَنْ زِيَادِ بْنِ عِلاَقَةَ، عَنِ الْمُغِيرَةِ بْنِ شُعْبَةَ أَنّ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم صَلّىَ حَتّىَ انْتَفَخَتْ قَدَمَاهُ. فَقِيلَ لَهُ: أَتَكَلّفُ هَذَا؟ وَقَدْ غَفَرَ اللّهُ لَكَ مَا تَقَدّمَ مِنْ ذَنْبِكَ وَمَا تَأَخّرَ. فَقَالَ: «أَفَلاَ أَكُونُ عَبْداً شَكُوراً».

7070 ـ حدّثنا أَبُو بَكْرِ بْنُ أَبِي شَيْبَةَ وَ ابْنُ نُمَيْرٍ. قَالاَ: حَدّثَنَا سُفْيَانُ عَنْ زِيَادِ بْنِ عِلاَقَةَ سَمِعَ الْمُغِيرَةَ بْنَ شُعْبَةَ يَقُولُ: قَامَ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم حَتّىَ وَرِمَتْ قَدَمَاهُ. قَالُوا: قَدْ غَفَرَ اللّهُ لَكَ مَا تَقَدّمَ مِنْ ذَنْبِكَ وَمَا تَأَخّرَ. قَالَ: «أَفَلاَ أَكُونُ عَبْداً شَكُوراً؟».

مۇغەيرەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئىككى پۇتى ئىششىپ كەتكەنگە قەدەر قىيامدا تۇرۇپ ناماز ئۇقىدى ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە: سىلىنىڭ ئىلگىرـ ئاخىر بارلىق گۇناھلىرى مەغپىرەت قىلىنغان تۇرسا، نىمە ئۈچۈن شۇنچىۋالا قىلىلا؟ دىيىلگەندە، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: مەن الله قا شۈكۈر قىلغۇچى بەندە بولمايمەنمۇ؟ دىدى.بۇخارى،مۇسلىم

7071 ـ حدّثنا هَرُونُ بْنُ مَعْرُوفٍ وَ هَرُونُ بْنُ سَعِيدٍ الأَيْلِيّ. قَالاَ: حَدّثَنَا ابْنُ وَهْبٍ. أَخْبَرَنِي أَبُو صَخْرٍ عَنِ ابْنِ قُسَيْطٍ، عَنْ عُرْوَةَ بْنِ الزّبَيْرِ، عَنْ عَائِشَةَ قَالَتْ: كَانَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم، إِذَا صَلّىَ، قَامَ حَتّىَ تَفَطّرَ رِجْلاَهُ. قَالَتْ عَائِشَةُ: يَا رَسُولَ اللّهِ أَتَصْنَعُ هَذَا، وَقَدْ غُفِرَ لَكَ مَا تَقَدّمَ مِنْ ذَنْبِكَ وَمَا تَأَخّرَ؟ فَقَالَ: «يَا عَائِشَةُ أَفَلاَ أَكُونُ عَبْداً شَكُوراً».

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ؛ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئىككى پۇتى ئىششىپ كەتكەنگە قەدەر قىيامدا تۇرۇپ ناماز ئۇقىدى، ناماز ئۇقۇسا شۇنداق ئۇزۇن قىيامدا تۇراتتى،ئاندىن مەن رەسۇلۇللاھ

سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە: ئى **الله** نىڭ ئەلچىسى!ئىسلىنىڭ ئىلگىرـ ئاخىر بارلىق گۇناھلىرى مەغپىرەت قىلىنىغان تۇرسا، نىمە ئۈچۈن شۇنچىۋالا قىلىلا؟ دىسەم، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:ئى ئائىشە! مەن **الله** قا شۈكۈر قىلغۇچى بەندە بولمايمەنمۇ؟ دىدى.بۇخارى،مۇسلىم

### 1281 – باب الاقتصاد في الموعظة ۋەز-نەسىھەت توغرىسىدا

7072 – حدّثنا أبُو بَكْر بْنُ أبي شَيْبَةَ حَدّثنا وَكِيعٌ وَ أبُو مُعَاوِيَةَ. ح وَحَدّثنا ابْنُ نُمَيْر (وَاللّفْظ لَهُ). حَدّثنا أبُو مُعَاوِيَةَ عَن الأعْمَش، عَنْ شَقِيق قالَ: كُنّا جُلُوساً عِنْدَ بَابِ عَبْدِ اللّهِ نَنْتَظِرُهُ. فَمَرّ بِنَا يَزِيدُ بْنُ مُعَاوِيَةَ النّخَعِيّ. فَقُلْنَا: أعْلِمْهُ بِمَكَانِنَا. فَدَخَلَ عَلَيْهِ فَلَمْ يَلْبَثْ أنْ خَرَجَ عَلَيْنَا عَبْدُ اللّهِ. فَقَالَ: إنّي أُخْبَرُ بِمَكَانِكُمْ. فَمَا يَمْنَعُنِي أنْ أخْرُجَ إلَيْكُمْ إلاّ كَرَاهِيَةُ أنْ أُمِلّكُمْ. إنّ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم كَانَ يَتَخَوّلُنَا بِالْمَوْعِظَةِ فِي الأيّامِ. مَخَافَةَ السّآمَةِ عَلَيْنَا.

7073 – حدّثنا أبُو سَعِيدٍ الأشَجّ. حَدّثنا ابْنُ إدْرِيسَ. ح وَحَدّثنا مِنْجَابُ بْنُ الْحَارِثِ التّمِيمِيّ. حَدّثنا ابْنُ مُسْهِر. ح وَحَدّثنا إسْحَقُ بْنُ إبرَاهِيمَ وَ عَلِيّ بْنُ خَشْرَمٍ. قالاَ: أخْبَرَنَا عِيسَى بْنُ يُونُسَ. ح وَحَدّثنا ابْنُ أبي عُمَرَ. حَدّثنا سُفْيَانُ. كُلّهُمْ عَن الأعْمَش بِهَذَا الإسْنَادِ، نَحْوَهُ. وَزَادَ مِنْجَابٌ فِي رِوَايَتِهِ عَن ابْنِ مُسْهِر قالَ الأعْمَشُ: وَحَدّثنِي عَمْرُو بْنُ مُرّةَ عَنْ شَقِيق، عَنْ عَبْدِ اللّهِ، مِثْلَهُ.

7074 – وحدّثنا إسْحَقُ بْنُ إبْرَاهِيمَ. أخْبَرَنَا جَرِيرٌ عَنْ مَنْصُور. ح وَحَدّثنا ابْنُ أبي عُمَرَ (وَاللّفْظ لَهُ). حَدّثنا فُضَيلُ بْنُ عِيَاض عَنْ مَنْصُور، عَنْ شَقِيق، أبِي وَائِلٍ قالَ: كَانَ عَبْدُ اللّهِ يُذَكّرُنَا كُلّ يَوْمِ خَمِيس. فَقالَ لَهُ رَجُلٌ: يَا أبَا عَبْدِ الرّحْمَنِ إنّا نُحِبّ حَدِيثَكَ وَنَشْتَهِيهِ. وَلَوَدِدْنَا أنّكَ حَدّثتَنَا كُلّ يَوْمٍ. فَقالَ: مَا يَمْنَعُنِي أنْ أحَدّثَكُمْ إلاّ كَرَاهِيَةُ أنْ أُمِلّكُمْ. إنّ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم كَانَ يَتَخَوّلُنَا بِالْمَوْعِظَةِ فِي الأيّامِ. كَرَاهِيَةَ السّآمَةِ عَلَيْنَا.

شۇقەيق رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ كىشىلەرگە ھەر پەيشەمبە كۈنى ۋەزـ نەسىھەت قىلاتتى.بىر كىشى ئۇنىڭغا:ئى ئەبۇ ئابدۇررەھمان!مەن سىنىڭ بىزگە ھەر كۈنى ۋەزـ نەسىھەت قىلىشىڭنى بەكمۇ ئارزۇ قىلىمەن دىدى.ئابدۇ**الله**؛ مىنى شۇنداق قىلىشتىن سىلەرنى زىركتۈرۈپ قويۇشنى ياقتۇرماسلىقىم توسۇپ قويىدۇ، خۇددى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىزگە مۇشەققەت چۈشۈپ زىرىكىپ قېلىشىمىزدىن ئەنسىرەپ،بىزگە ئايرىم ۋاقىت بەلگىلەپ بەرگەندەك، مەنمۇ سىلەرگە ۋەزـ نەسىھەت قىلىشقا ئايرىم ۋاقىت بەلگىلەپ بىرىپ ، شۇۋاقىتتىلارۇئايە قىلىمەن دىدى. بۇخارى،مۇسلىم،

## 55 – كتاب الجنة، وصفة نعيمها وأهلها

### 1282 – باب جەننەت ۋە ئۇنىڭ ئەھلىنىڭ، نېئمەتلىرىنىڭ سۈپىتى

7075 –7076 – حدّثنا عَبْدُ اللّهِ بْنُ مَسْلَمَةَ بْنِ قَعْنَبٍ. حَدّثنا حَمّادُ بْنُ سَلَمَةَ عَنْ ثَابِتٍ وَ حُمَيدٍ، عَنْ أنَس بْنِ مَالِكٍ قالَ: قالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: «حُفّتِ الْجَنّةُ بِالْمَكَارِهِ. وَحُفّتِ النّارُ بِالشّهَوَاتِ».
وحدّثني زُهَيْرُ بْنُ حَرْبٍ. حَدّثنا شَبَابَةُ. حَدّثنِي وَرْقَاءُ عَنْ أبي الزّنَادِ، عَن الأعْرَجِ، عَنْ أبي هُرَيْرَةَ، عَن النّبِيّ صلى الله عليه وسلم بِمِثْلِهِ.

ئەنەس، ئەبۇ ھۇرەيرە، ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: جەننەت مۇشەققەتلىك ئەمەللەر بىلەن قورشاپ پەردىلەندى، دوۋزاخ بولسا، شەھۋەتلەر بىلەن قورشاپ پەردىلەندى، (ئۇنى بۇسۇپ ئۆتسە، بۇ ئىككىسىگە كىرىدۇ) ئەھمەد، مۇسلىم، تىرمىزىلار نەقىلغان، سەھىھ.

7077 ـ حدّثنا سَعِيدُ بْنُ عَمْرٍو الأَشْعَثِيّ وَ زُهَيْرُ بْنُ حَرْبٍ (قالَ زُهَيْرٌ: حَدّثنا وَقالَ سَعِيدٌ: أَخْبَرَنَا) سُفْيَانُ عَنْ أَبِي الزّنَادِ، عَنِ الأَعْرَجِ، عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ، عَنِ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم قالَ: «قالَ اللّهُ عَزّ وَجَلّ: أَعْدَدْتُ لِعِبَادِيَ الصّالِحِينَ مَا لاَ عَيْنٌ رَأَتْ، وَلاَ أُذُنٌ سَمِعَتْ، وَلاَ خَطَرَ عَلَىَ قَلْبِ بَشَرٍ».

مِصْدَاقُ ذٰلِكَ فِي كِتَابِ اللّهِ: {فَلاَ تَعْلَمُ نَفْسٌ مَا أُخْفِيَ لَهُمْ مِنْ قُرّةِ أَعْيُنٍ جَزَاءً بِمَا كَانُوا يَعْمَلُونَ} (23السجدة الآية: 17).

7078 ـ حدّثني هَرُونُ بْنُ سَعِيدٍ الأَيْلِيّ. حَدّثنا ابْنُ وَهْبٍ. حَدّثني مَالِكٌ عَنْ أَبِي الزّنَادِ، عَنِ الأَعْرَجِ، عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ أَنّ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم قالَ: «قالَ اللّهُ عَزّ وَجَلّ: أَعْدَدْتُ لِعِبَادِيَ الصّالِحِينَ مَا لاَ عَيْنٌ رَأَتْ، وَلاَ أُذُنٌ سَمِعَتْ، وَلاَ خَطَرَ عَلَىَ قَلْبِ بَشَرٍ. ذُخْراً. بَلْهَ مَا أَطْلَعَكُمُ اللّهُ عَلَيْهِ».

7079 ـ حدّثنا أَبُو بَكْرِ بْنُ أَبِي شَيْبَةَ وَ أَبُو كُرَيْبٍ. قالاَ: حَدّثنا أَبُو مُعَاوِيَةَ. ح وَحَدّثنا ابْنُ نُمَيْرٍ (وَاللّفْظُ لَهُ). حَدّثنا أَبِي. حَدّثنا الأَعْمَشُ عَنْ أَبِي صَالِحٍ، عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ قالَ: قالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: «يَقُولُ اللّهُ عَزّ وَجَلّ: أَعْدَدْتُ لِعِبَادِيَ الصّالِحِينَ مَا لاَ عَيْنٌ رَأَتْ، وَلاَ أُذُنٌ سَمِعَتْ، وَلاَ خَطَرَ عَلَى قَلْبِ بَشَرٍ. ذُخْراً. بَلْهَ مَا أَطْلَعَكُمُ اللّهُ عَلَيْهِ».

ثُمّ قَرَأَ: {فَلاَ تَعْلَمُ نَفْسٌ مَا أُخْفِيَ لَهُمْ مِنْ قُرّةِ أَعْيُنٍ}.

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ئاللاھتائالا مۇنداق دەيدۇ: مەن سالىھ، ياخشى مۇتتەقى بەندىلىرىم ئۈچۈن، جەننەتتە كۆز كۆرۈپ باقمىغان، قۇلاق ئاڭلاپ باقمىغان، ئىنسان قەلبىگە خوتۇر چۈشۈپ باقمىغان نەرسىلەرنى تەييارلاپ قويدۇم، ئەگەر خالىساڭلار؛« ئۇلارنىڭ قىلغان ئەمەللىرىگە مۇكاپات يۈزىسىدىن اللهنىڭ ھوزۇرىدا ساقلانغان ۋە ئۇلارنى خۇشال قىلىدىغان كاتتا نىئمەتنى ھېچكىم بىلمەيدۇ. »دىگەن ئايەتنى ئۇقۇڭلار.سۈرە سەجدە 17 ـ ئايەت.بۇخارى،مۇسلىم، ئەھمەد، بەيھەقى، نەسەئى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھەھ.

7080 ـ حدّثنا هَرُونُ بْنُ مَعْرُوفٍ وَ هَرُونُ بْنُ سَعِيدٍ الأَيْلِيّ. قالاَ: حَدّثنا ابْنُ وَهْبٍ. حَدّثني أَبُو صَخْرٍ أَنّ أَبَا حَازِمٍ حَدّثَهُ قالَ: سَمِعْتُ سَهْلَ بْنَ سَعْدٍ السّاعِدِيّ يَقُولُ: شَهِدْتُ مِنْ رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم مَجْلِساً وَصَفَ فِيهِ الْجَنّةَ. حَتّى انْتَهَى. ثُمّ قالَ صلى الله عليه وسلم فِي آخِرِ حَدِيثِهِ: «فِيهَا مَا لاَ عَيْنٌ رَأَتْ، وَلاَ أُذُنٌ سَمِعَتْ، وَلاَ خَطَرَ عَلَى قَلْبِ بَشَرٍ» ثُمّ اقْتَرَأَ هٰذِهِ الآيَةَ: {تَتَجَافَى جُنُوبُهُمْ عَنِ الْمَضَاجِعِ يَدْعُونَ رَبّهُمْ خَوْفاً وَطَمَعاً وَمِمّا رَزَقْنَاهُمْ يُنْفِقُونَ فَلاَ تَعْلَمُ نَفْسٌ مَا أُخْفِيَ لَهُمْ مِنْ قُرّةِ أَعْيُنٍ جَزَاءً بِمَا كَانُوا يَعْمَلُونَ} (23السجدة الآيتان: 16 و 17).

ئەبۇ ھۇرەيرە، سەھلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ جەننەتنى سۈپەتلىگەن مەجلىسىگە قاتناشقان ئىدىم، رەسۇلۇللاھ ئۇنى سۈپەتلەپ ئىنتىھاسىغا يەتكۈزدى، ئاخىردا مۇنداق دىگەن: ئاللاھتائالا مۇنداق دەيدۇ: مەن سالىھ، ياخشى مۇتتەقى بەندىلىرىم ئۈچۈن، جەننەتتە كۆز كۆرۈپ باقمىغان، قۇلاق ئاڭلاپ باقمىغان، ئىنسان قەلبىگە خوتۇر چۈشۈپ باقمىغان نەرسىلەرنى تەييارلاپ قويدۇم، ئەگەر خالىساڭلار؛«..... ئۇلارنىڭ قىلغان ئەمەللىرىگە مۇكاپات يۈزىسىدىن اللهنىڭ ھوزۇرىدا ساقلانغان ۋە ئۇلارنى خۇشال قىلىدىغان كاتتا نىئمەتنى ھېچكىم بىلمەيدۇ. »دىگەن ئايەتنى ئۇقۇڭلار.سۈرە سەجدە 17 ـ ئايەت.بۇخارى،مۇسلىم، ئەھمەد، بەيھەقى، نەسەئى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھەھ.

### *1283 ـ باب إن في الجنة شجرة، يسير الراكب في ظلها مائة عام، لا يقطعها*

7081 ـ حدّثنا قُتَيْبَةُ بْنُ سَعِيدٍ. حَدّثنا لَيْثٌ عَنْ سَعِيدِ بْنِ أَبِي سَعِيدٍ الْمَقْبُرِيّ، عَنْ أَبِيهِ، عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ، عَنْ رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم أَنّهُ قالَ: «إِنّ فِي الْجَنّةِ لَشَجَرَةً يَسِيرُ الرّاكِبُ فِي ظِلّهَا مِائَةَ سَنَةٍ».

7082 ـ حدّثنا قُتَيْبَةُ بْنُ سَعِيدٍ. حَدّثَنَا الْمُغِيرَةُ (يَعْنِي ابْنَ عَبْدِ الرّحْمَنِ الحِزَامِيّ) عَنْ أَبِي الزّنَادِ، عَنِ الأَعْرَجِ، عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ عَنِ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم بِمِثْلِهِ. وَزَادَ: «لاَ يَقْطَعُهَا».

رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ھەقىقەتەن جەننەتتە بىر تۈپ دەرەخ بار بولۇپ، ناھايىتى تېز چاپىدىغان، تېز چاپسۇن ئۈچۈن ئىچى تارتىلغان ، ئورۇق قويۇلغان ئېسىل كاتتا ئاتلىق ئادەم ئۇ دەرەخنىڭ يايىسىدا 100 يىل سەيرە قىلىپ ئات چاپتۇرسا، ئۇ سايىنىڭ بىر چېتىگە ئۈزۈپ چىقالمايدۇ، (جەننەت دەرەخلىرىنىڭ سايىلىرى ئەنەشۇنداقتۇر) ئاللاھ يولىدا ئەتىگەندە يا كەچتە جەڭگە بېرىش، ئۇرۇشقا تەييارلىق قىلىش، ئۆز ئۈستىدىن كۈن چىقىپ كىرگەن بارلىق نەرسىلەردىن ياخشىدۇر. جەننەتتىكى ياچاق ئەگمىسچىلىك ئورۇن، ئۈستىدىن كۈن چىقىپ كىرگەن بارلىق نەرسىدىن يەنى پۈتۈن دۇنيادىن ياخشىراقتۇر. بۇ ھەدىسنى ئەھمەد، بۇخارى، مۇسلىم، تىرمىزى ، بەيھەقى سەھلى ئىبنى سەئىددىن، ئەھمەد، بەيھەقى، تىرمىزى، ئەبۇ سەئىددىن، يەنە بەيھەقى تىرمىزى ئىبنى ماجەلەر، ئەنەس، ئەبۇ ھۈرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇلاردىن تو، سەھىھ.

7083 ـ حدّثنا إِسْحَقُ بْنُ إِبْرَاهِيمَ الْحَنْظَلِيّ. أَخْبَرَنَا الْمَخْزُومِيّ. حَدّثَنَا وُهَيْبٌ عَنْ أَبِي حَازِمٍ، عَنْ سَهْلِ بْنِ سَعْدٍ، عَنْ رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم قَالَ: «إِنّ فِي الْجَنّةِ لَشَجَرَةً يَسِيرُ الرّاكِبُ فِي ظِلّهَا مِائَةَ عَامٍ لاَ يَقْطَعُهَا».

7084 ـ قَالَ أَبُو حَازِمٍ: فَحَدّثْتُ بِهِ النّعْمَانَ بْنَ أَبِي عَيّاشٍ الزّرَقِيّ. فَقَالَ: حَدّثَنِي أَبُو سَعِيدٍ الْخُدْرِيّ عَنِ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم قَالَ: «إِنّ فِي الْجَنّةِ شَجَرَةً يَسِيرُ الرّاكِبُ الْجَوَادُ الْمُضَمّرُ السّرِيعُ، مِائَةَ عَامٍ، مَا يَقْطَعُهَا».

رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ھەقىقەتەن جەننەتتە بىر تۈپ دەرەخ بار بولۇپ، ناھايىتى تېز چاپىدىغان، تېز چاپسۇن ئۈچۈن ئىچى تارتىلغان، ئورۇق قويۇلغان ئېسىل كاتتا ، ئاتلىق ئادەم ئۇ دەرەخنىڭ يايىسىدا 100 يىل سەيرە قىلىپ ئات چاپتۇرسا، ئۇ سايىنىڭ بىر چېتىگە ئۈزۈپ چىقالمايدۇ، (جەننەت دەرەخلىرىنىڭ سايىلىرى ئەنەشۇنداقتۇر) . بۇ ھەدىسنى ئەھمەد، بۇخارى، مۇسلىم، تىرمىزى ، بەيھەقى سەھلى ئىبنى سەئىددىن، ئەھمەد، بەيھەقى، تىرمىزى، ئەبۇ سەئىددىن، يەنە بەيھەقى تىرمىزى ئىبنى ماجەلەر، ئەنەس ، ئەبۇ ھۈرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇلاردىن تو، سەھىھ.

## 1284 ـ باب إحلال الرضوان على أهل الجنة، فلا يسخط عليهم أبدا

7085 ـ حدّثنا مُحَمّدُ بْنُ عَبْدِ الرّحْمَنِ بْنِ سَهْمٍ. حَدّثَنَا عَبْدُ اللّهِ بْنُ الْمُبَارَكِ. أَخْبَرَنَا مَالِكُ بْنُ أَنَسٍ. ح وَحَدّثَنِي هَرُونُ بْنُ سَعِيدٍ الأَيْلِيّ (وَاللّفْظُ لَهُ). حَدّثَنَا عَبْدُ اللّهِ بْنُ وَهْبٍ. حَدّثَنِي مَالِكُ بْنُ أَنَسٍ عَنْ زَيْدِ بْنِ أَسْلَمَ، عَنْ عَطَاءِ بْنِ يَسَارٍ، عَنْ أَبِي سَعِيدٍ الْخُدْرِيّ أَنّ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم قَالَ: «إِنّ اللّهَ يَقُولُ لأَهْلِ الْجَنّةِ: يَا أَهْلَ الْجَنّةِ فَيَقُولُونَ: لَبّيْكَ. رَبّنَا وَسَعْدَيْكَ. وَالْخَيْرُ فِي يَدَيْكَ. فَيَقُولُ: هَلْ رَضِيتُمْ؟ فَيَقُولُونَ: وَمَا لَنَا لاَ نَرْضَى؟ يَا رَبّ وَقَدْ أَعْطَيْتَنَا مَا لَمْ تُعْطِ أَحَداً مِنْ خَلْقِكَ. فَيَقُولُ: أَلاَ أُعْطِيكُمْ أَفْضَلَ مِنْ ذَلِكَ؟ فَيَقُولُونَ: يَا رَبّ وَأَيّ شَيْءٍ أَفْضَلُ مِنْ ذَلِكَ؟ فَيَقُولُ: أُحِلّ عَلَيْكُمْ رِضْوَانِي. فَلاَ أَسْخَطُ عَلَيْكُمْ بَعْدَهُ أَبَداً».

ئەبۇ سەئىدىلخۇدرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ھەقىقەتەن ئاللاھتائالا، جەننەت ئەھلىگە مۇنداق دەيدۇ:ئى جەننەت ئەھلى!، ئۇلار ؛ لەببەي بىز تەييار ،بارلىق ياخشىلىق سىلىنىڭ قوللىرىدا دەيدۇ، ئاللاھ ؛ رازى بولدۇڭلارمۇ؟دەيدۇ، ئۇلار ؛ ھەقىقەتەن سىلى بىزگە مەخلۇقلىرىدىن

ھېچكىشىگە بېرىپ باقمىغان مۇكاپاتلارنى بىزگە بەرگەن تۇرسىلا، بىز يەنە نېمىگە رازى بولمىغۇدەكمىز؟ دەيدۇ، ئاللاھ:مەن سىلەرگە ئۇنىڭدىنمۇ ئەۋزەلرەكىنى بەرمەيمۇ؟ دېسە، ئۇلار ؛ ئى پەرۋەردىگارىمىز، قايسى نەرسە ئۇنىڭدىن ئەۋزەلرەك بولا؟ دەيدۇ. ئاللاھ، ئۇلارغا؛ مەن سىلەرگە مېنىڭ رازىلىقىمنى ھالال قىلىپ چۈشۈرىمەن، مۇندىن كېيىن مەڭگۈ سىلەرگە غەزەپ قىلمايمەن، ئاچچىقلانمايمەن دەيدۇ.بۇخارى،مۇسلىم، ئەھمەد، تىرمىزى، بەيھەقى

**_1285 ـ باب ترائي أهل الجنة أهل الغرف، كما يرى الكوكب في السماء_**

**7086 ـ حدّثنا قُتَيْبَةُ بْنُ سَعِيدٍ. حَدّثنَا يَعْقُوبُ (يَعْنِي ابْنَ عَبْدِ الرّحْمَنِ الْقَارِيّ) عَنْ أَبِي حَازِمٍ، عَنْ سَهْلِ بْنِ سَعْدٍ أَنّ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم قَالَ: «إِنّ أَهْلَ الْجَنّةِ لَيَتَرَاءَوْنَ الْغُرْفَةَ فِي الْجَنّةِ كَمَا تَرَاءَوْنَ الْكَوْكَبَ فِي السّمَاءِ».**

**7087 ـ قَالَ فَحَدّثْتُ بِذَلِكَ النّعْمَانَ بْنَ أَبِي عَيّاشٍ فَقَالَ: سَمِعْتُ أَبَا سَعِيدٍ الْخُدْرِيّ يَقُولُ: «كَمَا تَرَاءَوْنَ الْكَوْكَبَ الدّرّيّ فِي الأُفُقِ الشّرْقِيّ أَوِ الْغَرْبِيّ».**

**7088 ـ وحدّثناه إِسْحَقُ بْنُ إِبْرَاهِيمَ. أَخْبَرَنَا الْمَخْزُومِيّ. حَدّثنَا وُهَيْبٌ عَنْ أَبِي حَازِمٍ بِالإِسْنَادَيْنِ جَمِيعاً، نَحْوَ حَدِيثِ يَعْقُوبَ.**

ئەبۇ سەئىد ، ئەبۇ ھۇرەيرە . سەھلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ م دىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ھەقىقەتەن جەننەت ئەھلىلىرى ئۆزلىرىدىن يۇقىرى ئۆزىنىڭ ئۈستىدىكى غۇرفەت ئەھلى بولغان ئۈستۈن دەرىجىلىكلەرگە ، خۇددى سىلەر مەشرىقنىڭ ياكى مەغرىپنىڭ ئۇپۇقلىرىدا ئۆتۈپ كېتىۋاتقان نۇرلۇق يۇلتۇزغا بېقىشقلارنى ئىگىز كۆتۈرۈپ قاراپ قالغاندەك قارىشىپ قالىدۇ، ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى پەزىلەت پەرقى، ئەنە شۇنداقتۇر،

**7089 ـ حدّثني عَبْدُ اللّهِ بْنُ جَعْفَرِ بْنِ يَحْيَىَ بْنِ خَالِدٍ. حَدّثنَا مَعْنٌ. حَدّثنَا مَالِكٌ. ح وَحَدّثنِي هَرُونُ بْنُ سَعِيدٍ الأَيْلِيّ (وَاللّفْظُ لَهُ). حَدّثنَا عَبْدُ اللّهِ بْنُ وَهْبٍ. أَخْبَرَنِي مَالِكُ بْنُ أَنَسٍ عَنْ صَفْوَانَ بْنِ سُلَيْمٍ، عَنْ عَطَاءِ بْنِ يَسَارٍ، عَنْ أَبِي سَعِيدٍ الْخُدْرِيّ أَنّ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم قَالَ: «إِنّ أَهْلَ الْجَنّةِ لَيَتَرَاءَوْنَ أَهْلَ الْغُرَفِ مِنْ فَوْقِهِمْ، كَمَا تَتَرَاءَوْنَ الْكَوْكَبَ الدّرّيّ الْغَابِرَ مِنَ الأُفُقِ مِنَ الْمَشْرِقِ أَوِ الْمَغْرِبِ. لِتَفَاضُلِ مَا بَيْنَهُمْ» قَالُوا: يَا رَسُولَ اللّهِ تِلْكَ مَنَازِلُ الأَنْبِيَاءِ، لاَ يَبْلُغُهَا غَيْرُهُمْ. قَالَ: «بَلَى. وَالّذِي نَفْسِي بِيَدِهِ رِجَالٌ آمَنُوا بِاللّهِ وَصَدّقُوا الْمُرْسَلِينَ».**

ئەبۇ سەئىد ، ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ھەقىقەتەن جەننەت ئەھلىلىرى ئۆزلىرىدىن يۇقىرى ئۆزىنىڭ ئۈستىدىكى غۇر فەت ئەھلى بولغان ئۈستۈن دەرىجىلىكلەرگە ، خۇددى سىلەر مەشرىقنىڭ ياكى مەغرىپنىڭ ئۇپۇقلىرىدا ئۆتۈپ كېتىۋاتقان نۇرلۇق يۇلتۇزغا بېقىشقلارنى ئىگىز كۆتۈرۈپ قاراپ قالغاندەك قارىشىپ قالىدۇ، ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى پەزىلەت پەرقى ، ئەنە شۇنداقتۇر، ئۇلار؛ ئى **الله** نىڭ ئەلچىسى! ئاشۇبولسا، باشقىلار ئېرىشەلمەيدىغان، پەيغەمبەرلەرنىڭلا ئورۇنلىرىمۇ؟ دىسە، رەسۇلۇللاھ ؛ياق ئۇنداق ئەمەس، **الله** بىلەن قەسەمكى، ئۇلار **الله** قا شەقسىز ئىمان كەلتۈرۈپ، پەيغەمبەرلەرنى تەستىقلىغان كىشىلەردۇر دىدى.بۇخارى،مۇسلىم، ئەھمەد ، نەسەئى، تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.

**_1286 ـ باب فيمن يود رؤية النبيّ صلى الله عليه وسلم، بأهله وماله_**

**7090 ـ حدّثنا قُتَيْبَةُ بْنُ سَعِيدٍ. حَدّثنَا يَعْقُوبُ (يَعْنِي ابْنَ عَبْدِ الرّحْمَنِ) عَنْ سُهَيْلٍ، عَنْ أَبِيهِ، عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ أَنّ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم قَالَ: «مِنْ أَشَدّ أُمّتِي لِي حُبّا، نَاسٌ يَكُونُونَ بَعْدِي، يَوَدّ أَحَدُهُمْ لَوْ رَآنِي، بِأَهْلِهِ وَمَالِهِ».**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مېنىڭ ئۈممىتىم ئىچىدە مېنى قاتتىق ياخشى كۆرىدىغان كىشىلەر بار بولۇپ، ئۇلار مەندىن كېيىن مەيدانغا كېلىدۇ، ئۇلارنىڭ بىرى بارلىق مال ــ مۈلكىنى، ئەھلى ــ بالىلىرىنى بىرىپمۇ بولسا شۇلارنىڭ بەدىلىگە مېنى بىر قېتىم كۆرۈۋېلىشنى بەكمۇ ئارزۇ قىلىپ كېتىدۇ. مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ. مانا ھازىرمۇ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنى چۈشىدە كۆرۈشنى ئارزۇ قىلغانلار كۆپ. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن مەندىن كېيىن، مېنىڭ ئۈممىتىمدىن بىر تۈركۈم كىشىلەر كېلىدۇ، ئۇلارنىڭ بىرسى مېنى بىر قېتىم كۆرىۋېلىشنى، بارلىق مال ــ مۈلكى، ئەھلى، بالىلىرىنىڭ باراۋىرىگە سېتىۋېلىشنى ئارزۇ قىلىپ كېتىدۇ، ھاكىم توپلىغان، ھەسەن.

### 1287 ـ باب في سوق الجنة، وما ينالون فيها من النعيم والجمال

**7091 ـ حدّثنا أَبُو عُثْمَانَ، سَعِيدُ بْنُ عَبْدِ الْجَبّارِ الْبَصْرِيّ. حَدّثنا حَمّادُ بْنُ سَلَمَةَ عَنْ ثَابِتٍ الْبُنَانِيّ، عَنْ أَنَسِ بْنِ مَالِكٍ أَنّ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم قَالَ: «إِنّ فِي الْجَنّةِ لَسُوقاً. يَأْتُونَهَا كُلّ جُمُعَةٍ. فَتَهُبّ رِيحُ الشّمَالِ فَتَحْثُو فِي وُجُوهِهِمْ وَثِيَابِهِمْ. فَيَزْدَادُونَ حُسْناً وَجَمَالاً. فَيَرْجِعُونَ إِلَىَ أَهْلِيهِمْ وَقَدِ ازْدَادُوا حُسْناً وَجَمَالاً. فَيَقُولُ لَهُمْ أَهْلُوهُمْ: وَاللّهِ لَقَدِ ازْدَدْتُمْ بَعْدَنَا حُسْناً وَجَمَالاً. فَيَقُولُونَ: وَأَنْتُمْ، وَاللّهِ لَقَدِ ازْدَدْتُمْ بَعْدَنَا حُسْناً وَجَمَالاً».**

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن جەننەتتە بىر بازار بولۇپ، جەننەت ئەھلى بازارغا ھەر جۈمئە كۈنى كېلىدۇ، (يەنى ھەر جۈمئە كۈنىنىڭ مىقدارىدا كېلىپ تۇرىدۇ) ئۇ بازاردا مىسكە ئەنبەر دۆۋىسى بار بولۇپ، شىمال شامىلى چىقىش بىلەنلا، شامال ئۇلارنىڭ يۈزلىرىگە، كىيىم ــ كېچەكلىرىگە شۇ مىسكە ئەنبەرنى چاچىدۇ، ئاندىن ئۇلارنىڭ ھۆسنى ــ جامالىغا ھۆسۈن - جامال زىيادە بولۇپ، تېخىمۇ گۈزەل، چىرايلىق بولۇپ كېتىدۇ، ئۇلار ئەھلىگە شۇ زىيادە قىلىنغان ھۆسنى ــ جامالى بىلەن قايتىپ بارسا، ئەھلىلىرى ئۇلارغا، ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، سىلەر بىزدىن ئايرىلىپ، ئۇزاق ئۆتمەيلا ھۆسنى جامالىڭلار زىيادە بولۇپ شۇنداق گۈزەل بولۇپ كېتىپسىلەر دەيدۇ، ئۇلارمۇ ئەھلىگە ؛ ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، سىلەرمۇ ھۆسنى ــ جامالىڭلار زىيادە بولۇپ، شۇنداق گۈزەل بولۇپ كېتىپسىلەر دەيدۇ، ھەر ئىككىسى گۈزەل بولۇپ كېتىدۇ، (مانا بۇ سۈرەت بازىرى بولۇشى مۇمكىن) ئەھمەد، مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.

### 1288 ـ باب أول زمرة تدخل الجنة على صورة القمر ليلة البدر، وصفاتهم وأزواجهم

**7092 ـ حدّثني عَمْرٌو النّاقِدُ و يَعْقُوبُ بْنُ إِبْرَاهِيمَ الدّوْرَقِيّ. جَمِيعاً عَنِ ابْنِ عُلَيّةَ (وَاللّفْظُ لِيَعْقُوبَ). قَالاَ: حَدّثَنَا إِسْمَاعِيلُ بْنُ عُلَيّةَ. أَخْبَرَنَا أَيّوبُ عَنْ مُحَمّدٍ قَالَ: إِمّا تَفَاخَرُوا وَإِمّا تَذَاكَرُوا: الرّجَالُ فِي الْجَنّةِ أَكْثَرُ أَمِ النّسَاءُ؟ فَقَالَ أَبُو هُرَيْرَةَ: أَوَ لَمْ يَقُلْ أَبُو الْقَاسِمِ صلى الله عليه وسلم: «إِنّ أَوّلَ زُمْرَةٍ تَدْخُلُ الْجَنّةَ عَلَىَ صُورَةِ الْقَمَرِ لَيْلَةَ الْبَدْرِ. وَالّتِي تَلِيهَا عَلَىَ أَضْوَإِ كَوْكَبٍ دُرّيَ فِي السّمَاءِ. لِكُلّ امْرِىءٍ مِنْهُمْ زَوْجَتَانِ اثْنَتَانِ. يُرَى مُخّ سُوقِهِمَا مِنْ وَرَاءِ اللّحْمِ. وَمَا فِي الْجَنّةِ أَعْزَبُ؟».**

**7093 ـ حدّثنا ابْنُ أَبِي عُمَرَ. حَدّثَنَا سُفْيَانُ عَنِ أَيّوبَ، عَنْ ابْنِ سِيرِينَ قالَ: اخْتَصَمَ الرّجَالُ وَالنّسَاءُ: أَيّهُمْ فِي الجَنّةِ أَكْثَرُ؟ فَسَأَلُوا أَبَا هُرَيْرَةَ فقَالَ: قالَ أَبُو الْقَاسِمِ صلى الله عليه وسلم بِمِثْلِ حَدِيثِ ابْنِ عُلَيّةَ.**

مۇھەممەد رەھ مەيلى پەخىرلىنەمسىلەر ياكى مۇزاكىرە قىلىشامسىلەر قېنى دەپ بېقىڭلار: جەننەتتە ئەرلەر كۆپمۇ؟ ئاياللارمۇ؟دېيىشكەندە ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەنمۇ: جەننەتكە كىرىدىغان تۇنجى قېتىمقى جامائەت، 14 كۈنلۈك تولۇن ئاينىڭ سۈرىتىدە شۇنداق نۇرلۇق، گۈزەلدۇر، ئۇلارنىڭ ئارقىدىن كىرىدىغانلار ئاسماندىكى نۇرى ئەڭ كۈچلۈك يۇلتۇزنىڭ نۇرىدا شۇنداق نۇرلۇق، گۈزەل بولىدۇ، ئۇلارنىڭ دىللىرى بىرلا كىشىنىڭ دىلىدەك ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئىختىلاپ يوق، ئۆزئارا دۈشمەنلىك، ئۆچ ــ ئاداۋەت، ھەسەت قىلىش يوق، ئۇلارنىڭ ھەربىرىنىڭ ئىككىدىن ئايالى باردۇر، بۇ ئاياللارنىڭ سۆڭەكلىرى، گۈزەللىكلىكىدىن پاچىقىنىڭ يىلىكى گۆشىنىڭ ئارقىسىدىن كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ، جەننەتتە تۇل كىشى يوق. ئۇ جەننەت ئەھلى ئەتىگەن ــ ئاخشام مىقداردا ئاللاھقا تەسبىھ ئېيتىپ تۇرىدۇ، كېسەل بولمايدۇ، بەلغەم تۈكۈرمەيدۇ، بۇرنىدىن نەرسە تاشلىمايدۇ، تۈكۈرمەيدۇ، ئۇلارنىڭ قاچىلىرى ئالتۇن ــ كۈمۈشتۇر، تاغاقلىرى ئالتۇندۇر، خۇشپۇراق بولسۇن ئۈچۈن يېقىپ قويىدىغان نەرسىسى ئەلۇۋۋەت دېگەن خۇشپۇراق ياغاچدۇر، (لېكىن، بۇ دۇنيادىكىسىگە ھەرگىز ئوخشىمايدۇ) بەيھەقى

**7094 ـ وحدّثنا قُتَيْبَةُ بْنُ سَعِيدٍ. حَدّثَنَا عَبْدُ الْوَاحِدِ (يَعْنِي ابْنَ زِيادٍ) عَنْ عُمَارَةَ بْنِ الْقَعْقَاعِ. حَدّثَنَا أَبُو زُرْعَةَ قالَ: سَمِعْتُ أَبَا هُرَيْرَةَ يَقُولُ: قالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: «أَوّلُ مَنْ يَدْخُلُ الْجَنّةَ». ح وَحَدّثَنَا قُتَيْبَةُ بْنُ سَعِيدٍ وَ زُهَيْرُ بْنُ حَرْبٍ (وَاللّفْظُ لِقُتَيْبَةَ) قَالاَ: حَدّثَنَا جَرِيرٌ عَنْ عُمَارَةَ، عَنْ أَبِي زُرْعَةَ، عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ قالَ: قالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: «إِنّ أَوّلَ زُمْرَةٍ يَدْخُلُونَ الْجَنّةَ عَلَى صُورَةِ الْقَمَرِ لَيْلَةَ الْبَدْرِ. وَالّذِينَ يَلُونَهُمْ عَلَى أَشَدّ كَوْكَبٍ دُرّيَ، فِي السّمَاءِ، إِضَاءَةً. لاَ يَبُولُونَ، وَلاَ يَتَغَوّطُونَ وَلاَ يَمْتَخِطُونَ وَلاَ يَتْفِلُونَ. أَمْشَاطُهُمُ الذّهَبُ. وَرَشْحُهُمُ الْمِسْكُ. وَمَجَامِرُهُمُ الأَلُوّةُ. وَأَزْوَاجُهُمُ الْحُورُ الْعِينُ. أَخْلاَقُهُمْ عَلَى خُلُقِ رَجُلٍ وَاحِدٍ. عَلَى صُورَةِ أَبِيهِمْ آدَمَ. سِتّونَ ذِرَاعاً، فِي السّمَاءِ».**

**7095 ـ حدّثنا أَبُو بَكْرِ بْنُ أَبِي شَيْبَةَ و أَبُو كُرَيْبٍ. قالاَ: حَدّثَنَا أَبُو مُعَاوِيَةَ عَنِ الأَعْمَشِ، عَنْ أَبِي صَالِحٍ، عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ قالَ: قالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: «أَوّلُ زُمْرَةٍ تَدْخُلُ الْجَنّةَ مِنْ أُمّتِي، عَلَى صُورَةِ الْقَمَرِ لَيْلَةَ الْبَدْرِ. ثُمّ الّذِينَ يَلُونَهُمْ عَلَى أَشَدّ نَجْمٍ، فِي السّمَاءِ، إِضَاءَةً. ثُمّ هُمْ بَعْدَ ذَلِكَ مَنَازِلُ. لاَ يَتَغَوّطُونَ وَلاَ يَبُولُونَ وَلاَ يَمْتَخِطُونَ وَلاَ يَبْزُقُونَ. أَمْشَاطُهُمُ الذّهَبُ. وَمَجَامِرُهُمُ الأَلُوّةُ. وَرَشْحُهُمُ الْمِسْكُ. أَخْلاَقُهُمْ عَلَى خُلُقِ رَجُلٍ وَاحِدٍ. عَلَى طُولِ أَبِيهِمْ آدَمَ، سِتّونَ ذِرَاعاً».**
**قَالَ ابْنُ أَبِي شَيْبَةَ: عَلَى خُلُقِ رَجُلٍ. وَقَالَ أَبُو كُرَيْبٍ: عَلَى خَلْقِ رَجُلٍ. وَقَالَ ابْنُ أَبِي شَيْبَةَ: عَلَى صُورَةِ أَبِيهِمْ.**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن جەننەتكە تۇنجى بولۇپ كىرىدىغان جامائەتلەر 14 كۈنلۈك تولۇن ئايدەك نۇرلۇق، گۈزەلدۇر، ئاندىن قالسا، ئۇلارغا يېقىن بولىدىغانلار بولسا، ئاسماندىكى يۇلتۇزلارنىڭ نۇرى دەك ، يورىشى ئەڭ كۈچلۈك بولغان يۇلتۇزدەك نۇرلۇق، گۈزەلدۇر، ئۇلارنىڭ دىللىرى بىرلا كىشىنىڭ قەلبىدەك بولىدۇ،ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئىختىلاپ، ئۆچ ـ ئاداۋەت يوقتۇر، ھەر بىرىنىڭ ھۆۋرىلئەيندىن ئىككىدىن ھۆرئايالى بولۇپ، بۇ ئاياللارنىڭ سۆڭەك، گۈزەل ئىكەنلىكىدىن

پاچىقىنىڭ يىلىكى گۆشىنىڭ ،سۆڭىكىنىڭ ئارقىسىدىن كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ،ئۇلار ئەتىگەن ــ ئاخشام مىقداردا ئاللاھقا تەسبىھ ئېيتىشىپ تۇرىدۇ، ئۇلار جەننەتتە كېسەل بولمايدۇ،چوڭــ كىچىك تەرەت قىلمايدۇ، تۈكۈرمەيدۇ، مىشقىرمايدۇ، بۇرۇندىن نەرسە كەلمەيدۇ، بەلغەم تۈكۈرمەيدۇ،قاچىلىرىمۇ ئالتۇن ـ كۈمۈشتۇر، ئۇلارنىڭ چاچلىرىنى تارايدىغان تاغاقلىرى ئالتۇندۇر، پۇراقلىرى بولسا، مىسكە ئەنبەردۇر، خۇشپۇراق ئۇچۇن ياندۇرۇپ قويىدىغان شاگلىرى يورۇتۇپ قويىدىغان نەرسىسى بولسا، ئەلۇت دېيىلىدىغان خۇشپۇراق ياغاچتۇر، جۈپتىلىرى، ئاياللىرى بولسا، شەھلا كۆزلۈك ھۆر قىزلاردۇر، ئەخلاقى بولسا، بىرلا كىشىنىڭ ئەخلاقىدەك، سۈرەت، چىراي، بەدەن شەكلى، دادىسى، ئادەم ئاتىنىڭ سۈرىتىدە بولىدۇ، ئادەمنىڭ ئېگىزلىكى 60 گەزدۇر، (ئاللاھ ئادەم ئاتىنى ئۆز قولى بىلەن ئەڭ گۈزەل ياراتقان،جەننەت ئەھلى شۇسۈرەتتەبۇلىدۇ)،مۇسلىم، ئەھمەد، بەيھەقى، ئىبنى ماجە.

**1289 ـ باب في صفات الجنة وأهلها، وتسبيحهم فيها بكرة وعشيا**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: جېنىم قول ئىلكىدە بولغان زات ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، كىشى قەبرە يېنىدىن ئۆتۈپ، ئۇنىڭ ئۈستىدە يۇمىلاپ، قەبرىگە سۈركۈلۈپ تۇرۇپ، كاشكى، ئىسىت! مەن مۇشۇ قەبرە ئىگىسىنىڭ ئورنىدا بولسامچۇ؟! دەپ كەتمىگىچە، بۇ دۇنيا يوقىلىپ قىيامەت قايىم بولمايدۇ، پەقەت شۇنداق دەپ كەتكەندىلا بۇ دۇنيا يوقايدۇ، ئۇ چاغدا ئۇ كىشىدە دىن، ئىمان بولماستىن، بەلكى بالالەر، پىتنە — پاسادلار باردۇر. مۇسلىم، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

**7248 – وحدّثنا ابْنُ أبِي عُمَرَ الْمَكّيّ. حَدّثَنَا مَرْوَانُ عَنْ يَزِيدَ (وَهُوَ ابْنُ كَيْسَانَ)، عَنْ أبِي حَازِمٍ، عَنْ أبِي هُرَيْرَةَ قالَ: قالَ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم: «وَالّذِي نَفْسِي بِيَدِهِ لَيَأتِيَنّ عَلَىَ النّاسِ زَمَانٌ لاَ يَدْرِي الْقَاتِلُ فِي أيّ شَيْءٍ قَتَلَ. وَلاَ يَدْرِي الْمَقْتُولُ عَلَىَ أيّ شَيْءٍ قُتِلَ».**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، كىشىلەرگە بۇندىن كېيىن شۇنداق بىر زامان كېلىدۇكى، قاتىل، قايسى نەرسىنى دەپ قاتىللىق قىلغىنىنى بىلمەيدۇ، ئۆلتۈرۈلگەن كىشىمۇ قايسى نەرسىنى دەپ ئۆلتۈرۈلگىنىنى بىلەلمەيدۇ.

**7249 – وحدثنا عن عَبْدِ اللّهِ بْنِ عُمَرَ بْنِ أبَانَ وَ وَاصِلُ بْنُ عَبْدِ الأعْلَىَ. قالاَ: حَدّثَنَا مُحَمّدُ بْنُ فُضَيْلٍ عَنْ أبِي إسْمَاعِيلَ الأسْلَمِيّ، عَنْ أبِي حَازِمٍ، عَنْ أبِي هُرَيْرَةَ قالَ: قالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: «وَالّذِي نَفْسِي بِيَدِهِ لاَ تَذْهَبُ الدّنْيَا حَتّىَ يَأتِيَ عَلَىَ النّاسِ يَوْمٌ، لاَ يَدْرِي الْقَاتِلُ فِيمَ قَتَلَ. وَلاَ الْمَقْتُولُ فِيمَ قُتِلَ» فَقِيلَ: كَيْفَ يَكُونُ ذَلِكَ؟ قالَ: «الْهَرْجُ. الْقَاتِلُ وَالْمَقْتُولُ فِي النّارِ». وَفِي رِوَايَةِ ابْنِ أبَانَ قالَ: هُوَ يَزِيدُ بْنُ كَيْسَانَ عَنْ أبِي إسْمَاعِيلَ. لَمْ يَذْكُرِ الأسْلَمِيّ.**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، كىشىلەرگە بۇندىن كېيىن شۇنداق بىر زامان كېلىدۇكى، قاتىل، قايسى نەرسىنى دەپ قاتىللىق قىلغىنىنى بىلمەيدۇ، ئۆلتۈرۈلگەن كىشىمۇ قايسى نەرسىنى دەپ ئۆلتۈرۈلگىنىنى بىلەلمەيدۇ.شۇنداق كۈنلەر يېتىپ كەلمىگىچە بۇدۇنيا يوقىمايدۇ.قىيامەت قايىم بولمايدۇ، شۇئەشلار قانداق يۈز بېرىدۇ؟دېيىلدى، رەسۇلۇللاھ؛ ئۇنىڭ سەۋەبى زور قىرغىنچىلىق، ئۇرۇشتۇر، قاتىلمۇ، ئۆلتۈرۈلگەن كىشىمۇ، ھەر ئىككىلىسى دەۋزەخكە كىرىدۇ دېدى.

7250 ـ حدّثنا أبو بَكْر بْنُ أبي شَيْبَة و ابْنُ أبي عُمَرَ (واللّفظ لأبي بَكْر). قالاَ: حَدّثنا سُفْيَانُ بْنُ عُيَيْنَةَ عَنْ زِيَادِ بْنِ سَعْدٍ، عَنْ الزّهْرِيّ، عَنْ سَعِيدٍ، سَمِعَ أَبَا هُرَيْرَةَ يَقُولُ: عَنِ النّبيّ صلى الله عليه وسلم: «يُخَرّبُ الْكَعْبَةَ ذُو السّوَيْقَتَيْنِ مِنَ الْحَبَشَةِ».

7251 ـ وحدّثني حَرْمَلَةُ بْنُ يَحْيَى. أَخْبَرنَا ابْنُ وَهْبٍ. أَخْبَرَنِي يُونُسُ عَنِ ابْنِ شِهَابٍ، عَنِ ابْنِ المُسَيّبِ، عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ قالَ: قالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: «يُخَرّبُ الْكَعْبَةَ ذُو السّوَيْقَتَيْنِ مِنَ الْحَبَشَةِ».

7252 ـ حدّثنا قُتَيْبَةُ بْنُ سَعِيدٍ. حَدّثنا عَبْدُ الْعَزِيزِ (يَعْنِي الدّرَاوَرْدِيّ) عَنْ ثَوْرِ بْنِ زَيْدٍ، عَنْ أَبِي الْغَيْثِ، عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ أَنّ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم قالَ: «ذُو السّوَيْقَتَيْنِ مِنَ الْحَبَشَةِ يُخَرّبُ بَيْتَ اللّهِ عَزّ وَجَلّ».

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: الله نىڭ ئۆيى كەئبىنى ھەبەشىيلىك قارا تەنلىك ئىنچىكە پاچاق كىشىلەر خاراب قىلىدۇ، (يەنەبىر ھەدىستە؛ بىر تاشتىن بىر تاشتىن قومۇرۇپ، يۇلۇپ ئېلىۋېتىدۇ دېيىلگەن). بەيھەقى، نەسەئى، بۇخارى،مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.

7253 ـ وحدّثنا قُتَيْبَةُ بْنُ سَعِيدٍ. أَخْبَرَنَا عَبْدُ الْعَزِيزِ (يَعْنِي ابْنَ مُحَمّدٍ) عَنْ ثَوْرِ بْنِ زَيْدٍ، عَنْ أَبِي الْغَيْثِ، عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ أَنّ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم قالَ: «لاَ تَقُومُ السّاعَةُ حَتّى يَخْرُجَ رَجُلٌ مِنْ قَحْطَانَ يَسُوقُ النّاسَ بِعَصَاهُ».

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: قەھتان دېگەن جايدىن بىر كىشى چىقىپ كىشىلەرنى ھاسىسى بىلەن ھەيدەپ ماڭمىغىچە قىيامەت قايىم بولمايدۇ. بۇخارى،مۇسلىم،بەيھەقىيلار توپلىغان، سەھىھ.

7254 ـ حدّثنا مُحَمّدُ بْنُ بَشّارٍ الْعَبْدِيّ. حَدّثنا عَبْدُ الْكَبِيرِ بْنُ عَبْدِ الْمَجِيدِ، أَبُو بَكْرٍ الْحَنَفِيّ. حَدّثنا عَبْدُ الْحَمِيدِ بْنُ جَعْفَرٍ قالَ: سَمِعْتُ عُمَرَ بْنَ الْحَكَمِ يُحَدّثُ عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ، عَنِ النّبيّ صلى الله عليه وسلم قالَ: «لاَ تَذْهَبُ الأَيّامُ وَاللّيَالِي، حَتّى يَمْلِكَ رَجُلٌ يُقَالُ لَهُ الْجَهْجَاهُ». قالَ مُسْلِمٌ: هُمْ أَرْبَعَةُ إِخْوَةٍ: شَرِيكٌ، وَعُبَيْدُ اللّهِ، وَعُمَيْرٌ، وَعَبْدُ الْكَبِيرِ. بَنُو عَبْدِ الْمَجِيدِ.

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: جەھجاھ دېيىلىدىغان كىشى پادىشاھ بولمىغىچە، كېچە ــ كۈندۈزلەر يوقاپ كەتمەيدۇ، يەنى قىيامەت قايىم بولمايدۇ. مۇسلىم 5183 ــ ھەدىس، تىرمىزى 2154 ــ ھەدىس، سەھىھ. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئازاد قىلىنغان قۇللاردىن جەھجاھ دېيىلىدىغان كىشى، دۇنياغا پادىشاھ بولمىغىچە كېچە ــ كۈندۈز يوقاپ كەتمەيدۇ. تىرمىزى، مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.

7255 ـ حدّثنا أَبُو بَكْرِ بْنُ أَبِي شَيْبَةَ وَ ابْنُ أَبِي عُمَرَ (وَاللّفْظُ لابْنِ أَبِي عُمَرَ) قالاَ: حَدّثنا سُفْيَانُ عَنِ الزّهْرِيّ، عَنْ سَعِيدٍ، عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ أَنّ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم قالَ: «لاَ تَقُومُ السّاعَةُ حَتّى تُقَاتِلُوا قَوْماً كَأَنّ وُجُوهَهُمُ الْمَجَانّ الْمُطْرَقَةُ. وَلاَ تَقُومُ السّاعَةُ حَتّى تُقَاتِلُوا قَوْماً نِعَالُهُمُ الشّعَرُ».

7256 ـ وحدّثني حَرْمَلَةُ بْنُ يَحْيَىَ. أَخْبَرَنَا ابْنُ وَهْبٍ. أَخْبَرَنِي يُونُسُ عَنِ ابْنِ شِهَابٍ. أَخْبَرَنِي سَعِيدُ بْنُ الْمُسَيّبِ أَنّ أَبَا هُرَيْرَةَ قَالَ: قَالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: «لاَ تَقُومُ السّاعَةُ حَتّى تُقَاتِلَكُمْ أُمّةٌ يَنْتَعِلُونَ الشّعَرَ. وُجُوهُهُمْ مِثْلُ الْمَجَانّ الْمُطْرَقَةِ».

ئەبۇ ھۇرەيرە ئەمرۇ ئىبنى تەغلىبە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ھەققەتەن قىيامەتنىڭ بىر ئالامىتى، يۇڭ ئاياغ كىيىدىغان قەۋىملەر بىلەن ئۇرۇش قىلىشىڭلاردۇر، يەنە بىر ئالامىتى بولسا، يۈزلىرى كەڭچىك، يۇمىلاق، خۇددى يوللۇق قالقانغا ئوخشايدىغان قەۋىملەر بىلەن ئۇرۇش قىلىشىڭلاردۇر، (ئالىملار، بۇ قەۋىم تۈركلەر ياكى بابىك ئەھلى دىيدى) ئەھمەد 19755 ــ ھەدىس، بۇخارى 2710 ــ ھەدىس، ئىبنى ماجە 4088 ــ ھەدىس، ئەھمەد، سەھىھ.

7257 ـ وحدّثنا أَبُو بَكْرِ بْنُ أَبِي شَيْبَةَ. حَدّثَنَا سُفْيَانُ بْنُ عُيَيْنَةَ عَنْ أَبِي الزّنَادِ، عَنِ الأَعْرَجِ، عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ يَبْلُغُ بِهِ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم قالَ: «لاَ تَقُومُ السّاعَةُ حَتّى تُقَاتِلُوا قَوْماً نِعَالُهُمُ الشّعَرُ. وَلاَ تَقُومُ السّاعَةُ حَتّى تُقَاتِلُوا قَوْماً صِغَارَ الأَعْيُنِ، ذُلْفَ الآنُفِ».

7258 ـ حدّثنا قُتَيْبَةُ بْنُ سَعِيدٍ. حَدّثَنَا يَعْقُوبُ (يَعْنِي ابْنَ عَبْدِ الرّحْمَـنِ) عَنْ سُهَيْلٍ، عَنْ أَبِيهِ، عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ أَنّ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم قالَ: «لاَ تَقُومُ السّاعَةُ حَتّىَ يُقَاتِلَ الْمُسْلِمُونَ التّرْكَ، قَوْماً وُجُوهُهُمْ كَالْمَجَانّ الْمُطْرَقَةِ. يَلْبَسُونَ الشّعَرَ، وَيَمْشُونَ فِيهِ».

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: مۇسۇلمانلار ئۈچىسىغا يۇڭدىن كىيىم كىيىدىغان، پۇتلىرىغا يۇڭدىن دەپسە كىيىپ يۇڭدا ماڭىدىغان، يۈزلىرى يوللۇق قالقانغا ئوخشايدىغان تۈرك ئىسىملىك قەۋىملەر بىلەن ئۇرۇش قىلمىغىچە قىيامەت قايىم بولمايدۇ. مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: سىلەر ئەجەملەردىن يەنى غەيرى ئەرەپلەردىن بولغان خوۋازە ، كورمان دىگەن قەبىلىلەر بىلەن يەنى شۇ ئىسىم بىلەن ئاتىلىدىغان يۈزلىرى قىزىل، بۇرۇنلىرى پاناق، كۆزلىرى كىچىك، ئاياغلىرى يۇڭدىن بولغان، يۈزى خۇددى يوللۇق قالقان، جەڭ كىيىمگە ئوخشاش قەۋىملەر بىلەن ئۇرۇش قىلمىغىچە قىيامەت قايىم بولمايدۇ. ئەھمەد، بۇخارى توپلىغان، سەھىھ.( ئالىملار: بۇ جەڭ بولۇپ بولغان، يەنە بولۇشى مۇمكىن، ۋەللاھۇ ئەئلەم دىيدى. تۈرۈكلەر، يەئجۇج ــ مەئجۇجلار بىلەن بىر نەۋرە ئىكەن، تۈرۈك، خىتاي، مۇڭغۇللار ئەۋلاد، ئەجدادى بىر)

7259 ـ حدّثنا أَبُو كُرَيْبٍ. حَدّثَنَا وَكِيعٌ وَ أَبُو أُسَامَةَ عَنْ إِسْمَاعِيلَ بْنِ أَبِي خَالِدٍ، عَنْ قَيْسِ بْنِ أَبِي حَازِمٍ، عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ قَالَ: قَالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: «تُقَاتِلُونَ بَيْنَ يَدَيِ السّاعَةِ قَوْماً نِعَالُهُمُ الشّعَرُ. كَأَنّ وُجُوهَهُمُ الْمَجَانّ الْمُطْرَقَةُ. حُمْرُ الْوُجُوهِ، صِغَارُ الأَعْيُنِ ذلف الأنوف».

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: سىلەر يەنە ئاياغلىرى يۇڭدىن بولغان قەۋىم بىلەنمۇ ئۇرۇش قىلمىغىچە قىيامەت قايىم بولمايدۇ، سىلەر كۆزلىرى كىچىك،

يۇزلىرى قىزىل، بۇرنى پاناق، قىسقا، يۈزى يوللۇق قالقانغا ئوخشايدىغان تۈرۈك دېگەن قەۋم بىلەن ئۇرۇش قىلمىغىچە قىيامەت قايىم بولمايدۇ، بىرىڭلارغا شۇنداق بىر زامان كېلىدۇكى، ئۇنىڭ مېنى بىر قېتىم كۆرۈۋېلىشى، بارلىق مال ــ مۈلكى، ئەھلى ــ بالىلىرىنىڭ بەدىلىگە بولىشىدىنمۇ، ئۇنىڭغا سۆيۈملۈك بولۇپ كېتىدۇ. بۇخارى 3322 ــ ھەدىس، مۇسلىم،بەيھەقى، ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

**7260 – حدّثنا زُهَيْرُ بْنُ حَرْبٍ وَ عَلِيّ بْنُ حُجْرٍ (وَاللّفظُ لِزُهَيْرٍ). قالاَ: حَدّثنَا إسْمَاعِيلُ بْنُ إبْرَاهِيمَ عَنِ الْجُرَيْرِيّ، عَنْ أَبِي نَضْرَةَ، قَالَ: كُنّا عِنْدَ جَابِرِ بْنِ عَبْدِ اللّهِ فقالَ: يُوشِكُ أَهْلُ الْعِرَاقِ أنْ لاَ يُجْبَى إلَيْهِمْ قفِيزٌ وَلاَ دِرْهَمٌ. قُلْنَا: مِنْ أيْنَ ذَاكَ؟ قَالَ: مِنْ قِبَلِ الْعَجَمِ. يَمْنَعُونَ ذَاكَ. ثُمّ قالَ: يُوشِكُ أَهْلُ الشّأمِ أنْ لاَ يُجْبَى إلَيْهِمْ دِينَارٌ وَلاَ مُدْيٌ. قُلْنَا: مِنْ أيْنَ ذَاكَ؟ قَالَ: مِنْ قِبَلِ الرّومِ. ثُمّ سكَتَ هُنَيّةً. ثُمّ قَالَ: قَالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: «يَكُونُ فِي آخِرِ أُمّتِي خَلِيفَةٌ يَحْثِي الْمَالَ حَثْياً. لاَ يَعُدّهُ عَدَداً».**
**قَالَ قُلْتُ لأَبِي نَضْرَةَ وَأَبِي الْعَلاَءِ: أَتَرَيَانِ أنّهُ عُمَرُ بْنُ عَبْدِ الْعَزِيزِ؟ فقالاَ: لاَ.**
**7261 – وحدّثنا ابْنُ الْمُثنّى. حَدّثنَا عَبْدُ الْوَهّابِ. حَدّثنَا سَعِيدٌ (يَعْنِي الْجُرَيْرِيّ) بِهَذَا الإسْنَادِ، نَحْوَهُ.**

جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مېنىڭ ئۇممىتىمنىڭ ئەڭ ئاخىرقى كىشىلىرىنىڭ ئارىسىدا ماللارنى ساناپ ئولتۇرمايلا، بۆلۈپ ــ بۆلۈپ، چاڭگاللاپلا ئۈلەشتۈرىدىغان خەلىپە بولىدۇ. ئەھمەد، مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.

**7262 – حدّثنا نَصْرُ بْنُ عَلِيّ الْجَهْضَمِيّ. حَدّثنَا بِشْرٌ (يَعْنِي ابْنَ الْمُفَضّلِ) ح وَحَدّثنَا عَلِيّ بْنُ حُجْرٍ السّعْدِيّ. حَدّثنَا إسْمَاعِيلُ (يَعْنِي ابْنَ عُلَيّةَ). كِلاَهُمَا عَنْ سَعِيدِ بْنِ يَزِيدَ، عَنْ أَبِي نَضْرَةَ، عَنْ أَبِي سَعِيدٍ قَالَ: قَالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: «مِنْ خُلَفَائِكُمْ خَلِيفَةٌ يَحْثُو الْمَالَ حَثْياً. لاَ يَعُدّهُ عَدَداً». وَفِي رِوَايَةِ ابْنِ حُجْرٍ: «يَحْثِي الْمَالَ».**

ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: خەلىپىلىرىڭلاردىن شۇنداق بىر خەلىپە باركى، ئۇ غەنىيمەت ئالغان ماللارنى بۆلۈپ-بۆلۈپ چاڭگاللاپ ئۈلەشتۈرىدۇ، تەقسىم قىلغىچە ساناپ ئولتۇرمايدۇ. بۇ خەلىپە، ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ياكى ئىمام مەھدىي بولۇشى مۇمكىن.

**7263 ـ7264 ـ وحدّثني زُهَيْرُ بْنُ حَرْبٍ. حَدّثنَا عَبْدُ الصّمَدِ بْنُ عَبْدِ الْوَارِثِ. حَدّثنَا أَبِي. حَدّثنَا دَاوُدُ عَنْ أَبِي نَضْرَةَ، عَنْ أَبِي سَعِيدٍ وَ جَابِرِ بْنِ عَبْدِ اللّهِ قالاَ: قَالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: «يَكُونُ فِي آخِرِ الزّمَانِ خَلِيفَةٌ يَقْسِمُ الْمَالَ وَلاَ يَعُدّهُ».**

ئەبۇ سەئىد، جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاخىر زاماندا ئولجا ئېلىنغان غەنىيمەت ماللىرىنى ساناپ ئولتۇرمايلا تەقسىم قىلىدىغان خەلىپە بولىدۇ. ئەھمەد، مۇسلىم.

**7265 – حدّثنا مُحَمّدُ بْنُ الْمُثنّى وَ ابْنُ بَشّارٍ (وَاللّفظُ لابْنِ الْمُثنّى). قالاَ: حَدّثنَا مُحَمّدُ بْنُ جَعْفَرٍ. حَدّثنَا شُعْبَةُ عَنْ أَبِي مَسْلَمَةَ قَالَ: سَمِعْتُ أَبَا نَضْرَةَ يُحَدّثُ عَنْ أَبِي سَعِيدٍ الْخُدْرِيّ قَالَ: أَخْبَرَنِي مَنْ هُوَ خَيْرٌ مِنّي أنّ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم قَالَ لِعَمّارٍ، حِينَ جَعَلَ يَحْفِرُ الْخَنْدَقَ، وَجَعَلَ يَمْسَحُ رَأسَهُ وَيَقُولُ: «بُؤسَ ابْنِ سُمَيّةَ. تَقْتُلُكَ فِئَةٌ بَاغِيَةٌ».**
**7266 – وحدّثني مُحَمّدُ بْنُ مُعَاذِ بْنِ عَبّادٍ الْعَنْبَرِيّ وَ هُرَيْمُ بْنُ عَبْدِ الأَعْلَى. قالاَ: حَدّثنَا خَالِدُ بْنُ الْحَارِثِ. ح وحَدّثنَا إسْحَقُ بْنُ إبْرَاهِيمَ وَ إسْحَقُ بْنُ مَنْصُورٍ وَ مَحْمُودُ بْنُ غَيْلاَنَ وَ مُحَمّدُ بْنُ قُدَامَةَ. قالُوا: أَخْبَرَنَا النّضْرُ بْنُ شُمَيْلٍ. كِلاَهُمَا عَنْ شُعْبَةَ، عَنْ أَبِي مَسْلَمَةَ بِهَذَا الإسْنَادِ، نَحْوَهُ. غَيْرَ أنّ فِي حَدِيثِ النّضْرِ: أَخْبَرَنِي مَنْ هُوَ خَيْرٌ مِنّي، أَبُو قَتَادَةَ. وَفِي حَدِيثِ خَالِدِ بْنِ الْحَارِثِ قَالَ: أُرَاهُ يَعْنِي أَبَا قَتَادَةَ. وَفِي حَدِيثِ خَالِدٍ: وَيَقُولُ: «وَيْسَ» أوْ يَقُولُ: «يَا وَيْسَ ابْنِ سُمَيّةَ».**

ئەبۇ قەتادە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئەممارغا ؛ ئۇخەندەك كولاۋېتىپ، بېشىنى سۈرتۈپ ئەيتىۋاتسا مۇنداق دېگەن: ساڭا ۋايدۇر، ساڭا قاتتىق غەم قايغۇلۇق كۈنلەر كېلىدۇ، ئى

سۇمەييەنىڭ ئوغلى يەنى ئەممار، سىنى تاجاۋۇزچى، زالىم پىرقە بولغان ھەددىدىن ئاشقانلار ئۆلتۈرۈۋىتىدۇ،

مۇسلىم 5192 ــ ھەدىس، ئەھمەد 10588 ــ ھەدىس، بۇخارىدىمۇ باردۇر، سەھىھ، بۇ ھەدىس مۆجىزىدۇر.

**7267 ـ7268 ـ وحدّثني مُحَمّدُ بْنُ عَمْرِو بْنِ جَبَلَة. حَدّثنَا مُحَمّدُ بْنُ جَعْفَرٍ. ح وَحَدّثنَا عُقْبَةُ بْنُ مُكْرَمٍ الْعَمّيّ وَ أَبُو بَكْرِ بْنُ نَافِعٍ (قالَ عُقْبَةُ: حَدّثنَا. وَقالَ أَبُو بَكْرٍ: أَخْبَرَنَا) غُنْدَرٌ. حَدّثنَا شُعْبَةُ قالَ: سَمِعْتُ خَالِداً يُحَدّثُ عَنْ سَعِيدِ بْنِ أَبِي الْحَسَنِ، عَنْ أُمّهِ، عَنْ أُمّ سَلَمَةَ أَنّ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم قالَ لِعَمّارٍ: «تَقْتُلُكَ الْفِئَةُ الْبَاغِيَةُ».**

**7269 ـ وحدّثنا أَبُو بَكْرِ بْنُ أَبِي شَيْبَةَ. حَدّثنَا إِسْمَاعِيلُ بْنُ إِبْرَاهِيمَ عَنِ ابْنِ عَوْنٍ، عَنِ الْحَسَنِ، عَنْ أُمّهِ، عَنْ أُمّ سَلَمَةَ قالَتْ: قالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: «تَقْتُلُ عَمّاراً الْفِئَةُ الْبَاغِيَةُ».**

خۇزەيمەت ئىبنى سابىت، ئەمرۇ ئىبنى ئاس دىن، ئۇنىڭ ئوغلى ئابدۇللاھدىن ، ئەمرۇ ئىبنى ھەزىمدىن ، ئۇممە سەلەمەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ئەممار ئىبنى ياسىرنى ھەددىدىن ئاشقان زالىم جامائەت ئۆلتۈرۈۋىتىدۇ، (راستىنلا ئۇ خاتالاشقانلار تەرەپ ىدىن ئۆلتۈرۈلدى) مۇسلىم، ئەھمەد توپلىغان، سەھىھ. ئەبۇ قەتادە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ئەممار رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى، ھەددىدىن ئاشقان، خاتالاشقان، تاجاۋۇزچى جامائەتلەر ئۆلتۈرۈۋىتىدۇ، (بۇ راستىنلا شۇنداق بولغان، بۇ كىشى ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ خەلىپىلىكىنى بىرلەشتۈرۈش ئۇرۇشىدا ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ تەرەپتە تۇرۇپ شىھىد بولدۇ) ئەبۇ نۇئەيملەر توپلىغان سەھىھ. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ئەممارغا ئىككى ئىش بىراقلا تەكلىنسە، ئۇ بۇ ئىككى ئىشنىڭ ئەڭ توغرىسىنى تاللايدۇ، ئىبنى ماجە توپلىغان، ئەلبانى سەھىھ دىگەن. ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ئەممار رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ، ھەربىر سۆڭەك، پەيلىرىنىڭ ئۇچىغىچە ئىمان لىق تولغاندۇر، نەسەئى 4921 ــ ھەدىس، ئىبنى ماجە 144 ــ ھەدىس، ئەبۇ نۇئەيم توپلىغان، سەھىھ. ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ئەممارغا ۋاي، ئۇنى ئىسلام خەلىپىسىگە قۇرال كۆتۈرگەن ھەددىدىن ئاشقان تاجاۋۇزچى زالىم جامائەتلەر ئۆلتۈرۈۋىتىدۇ، ئەممار ئۇلارنى جەننەتكە چاقىرسا ئۇلار ئەممارنى دوۋزاخقا چاقىرىدۇ. ئەھمەد، بۇخارى ت، سەھىھ.

**7270 ـ حدّثنا أَبُو بَكْرِ بْنُ أَبِي شَيْبَةَ. حَدّثنَا أَبُو أُسَامَةَ. حَدّثنَا شُعْبَةُ عَنْ أَبِي التّيّاحِ قالَ: سَمِعْتُ أَبَا زُرْعَةَ عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ عن النّبِيّ صلى الله عليه وسلم قالَ: «يُهْلِكُ أُمّتِي هَذَا الْحَيّ مِنْ قُرَيْشٍ». قالُوا: فَمَا تَأْمُرُنَا؟ قالَ: «لَوْ أَنّ النّاسَ اعْتَزَلُوهُمْ».**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ئۈممىتىمنى، بارلىق كىشلەرنى قۇرەيشلەردىن بولغان مۇشۇ قەبىلە ھالاك قىلىۋىتىدۇ، ئۇلار بىزنى نىمىگە بۇيرىيلا؟ دىگەندە، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھەي! كاشكى كىشلەر ئۇلاردىن ئايرىلىۋالسا ھە! دەيمەن دىگەن.

(يەنى، كىچىك بالا پادىشاھلار مىراس ئارقىلق باش بولۇپ ھالاك قىلىنىۋېتىدۇ). ئەھمەد 7663 ــ ھەدىس، بۇخارى 3336 ــ ھەدىس، مۇسلىم 5195 ــ ھەدىس، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.

**7271 ـ 7272 ـ حدثنا عَمْرٌو النّاقِدُ وَ ابْنُ أَبِي عُمَرَ (وَاللّفْظُ لابْنِ أبي عُمَرَ). قالاَ: حَدّثنَا سُفْيَانُ عَنِ الزّهْرِيّ، عَنْ سَعِيدِ بْنِ الْمُسَيّبِ، عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ قَالَ: قَالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: «قَدْ مَاتَ كِسْرَىَ فَلاَ كِسْرَىَ بَعْدَهُ. وَإِذَا هَلَكَ قَيْصَرُ فَلاَ قَيْصَرَ بَعْدَهُ. وَالّذِي نَفْسِي بِيَدِهِ لَتُنْفَقَنّ كُنُوزُهُمَا فِي سَبِيلِ اللّهِ».**

جابىر ئىبنى سۇمرەت، ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملاردىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىسراي ئۆلدى، ئۇ ھالاك بولۇپ تۈگەشسە، ئۇنىڭدىن كېيىن كىسراي بولمايدۇ، قەيسەر ھالاك بولسا، ئۇنىڭدىن كېيىن قەيسەر بولمايدۇ، جېنىم ئىلكىدە بولغان ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، ئۇ ئىككىسىنىڭ ئالتۇن ــ كۈمۈشلىرىنى سىلەر چوقۇم نەپىقە، خىراجەت قىلىپ خەژلەيسىلەر، ئەھمەد، بەيھەقى، تىرمىزى.

**7273 ـ حدثنا مُحَمّدُ بْنُ رَافِعٍ حَدّثنَا عَبْدُ الرّزّاقِ. حَدّثنَا مَعْمَرٌ عَنْ هَمّامِ بْنِ مُنَبّهٍ قَالَ: هَذَا مَا حَدّثنَا أَبُو هُرَيْرَةَ عَنْ رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم. فَذَكَرَ أَحَادِيثَ مِنْهَا: وَقَالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: «هَلَكَ كِسْرَىَ ثُمّ لاَ يَكُونُ كِسْرَىَ بَعْدَهُ. وَقَيْصَرُ لَيَهْلِكَنّ ثُمّ لاَ يَكُونُ قَيْصَرُ بَعْدَهُ. وَلَتُقْسَمَنّ كُنُوزُهُمَا فِي سَبِيلِ اللّهِ».**

**7274 ـ حدثنا قُتَيْبَةُ بْنُ سَعِيدٍ. حَدّثنَا جَرِيرٌ عَنْ عَبْدِ الْمَلِكِ بْنِ عُمَيْرٍ، عَنْ جَابِرِ بْنِ سَمُرَةَ قَالَ: قَالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: «إِذَا هَلَكَ كِسْرَىَ فَلاَ كِسْرَىَ بَعْدَهُ» فَذَكَرَ بِمِثْلِ حَدِيثِ أَبِي هُرَيْرَةَ سَوَاءً.**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىسرا ھالاك بولدى، ئاندىن كېيىن ھەرگىز كىسرا بولمايدۇ، قەيسەر ھالاك بولدى، ئاندىن ئۇنىڭدىن كېيىن ھەرگىز قەيسەر بولمايدۇ، ئۇ ئىككىسىنىڭ ئالتۇن ــ كۈمۈشلىرى ئاللاھ يولىدا تەقسىم قىلىنىدۇ. رەسۇلۇللاھ؛ئۇرۇشنى ھىيلە ـ نەيرەڭ بىلەن بولىدۇ دېدى. مۇسلىم 5197 ــ ھەدىس، بۇخارى 2888 ــ ھەدىس، سەھىھ. قەيسەر، رۇم پادىشاھى، كىسرا پارىسلار پادىشاھىنىڭ لەقىمى بولۇپ، راستىنلا ئۇلارنىڭ مال ــمۈلكى، ئالتۇن ــ كۈمۈشلىرى ئاللاھ يولىدا تەقسىم قىلىنغان، ئۇلاردىن كېيىن تا ھازىرغىچە كىسرا، قەيسەر بولۇپ باقمىدى، بۇ ھەدىس رۇشەن مۆجىزىدۇر.

**7275 ـ حدثنا قُتَيْبَةُ بْنُ سَعِيدٍ وَ أَبُو كَامِلٍ الْجَحْدَرِيّ. قَالاَ: حَدّثنَا أَبُو عَوَانَةَ عَنْ سِمَاكِ بْنِ حَرْبٍ، عَنْ جَابِرِ بْنِ سَمُرَةَ قَالَ: سَمِعْتُ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم يَقُولُ: «لَتَفْتَحَنّ عِصَابَةٌ مِنَ الْمُسْلِمِينَ، أَوْ مِنَ الْمُوءْمِنِينَ، كَنْزَ آلِ كِسْرَىَ الّذِي فِي الأَبْيَضِ».**
**قَالَ قُتَيْبَةُ: مِنَ الْمُسْلِمِينَ. وَلَمْ يَشُكّ.**

**7276 ـ حدثنا مُحَمّدُ بْنُ الْمُثَنّى وَ ابْنُ بَشّارٍ. قَالاَ: حَدّثنَا مُحَمّدُ بْنُ جَعْفَرٍ. حَدّثنَا شُعْبَةُ عَنْ سِمَاكِ بْنِ حَرْبٍ قَالَ: سَمِعْتُ جَابِرَ بْنَ سَمُرَةَ قَالَ: سَمِعْتُ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم. بِمَعْنَىَ حَدِيثِ أَبِي عَوَانَةَ.**

جابىر ئىبنى سۇمرەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئەلۋەتتە، مۇسۇلمانلاردىن بىر بۆلۈك جامائە قوشۇن، كىسرا قوشۇنىنىڭ ئاق قەسىردىكى كاڭلىرىنى ئالتۇن ــ كۈمۈشلىرىنى ئىشغال قىلىدۇ، خەزىنىسىنى ئولجا، غەنىيمەت ئالىدۇ. مۇسلىم 5198 ــ ھەدىس، ئەھمەد 19905 ــ ھەدىس، سەھىھ. بۇ سەھىھ ھەدىس، رۇشەن مۆجىزىدۇر

**7277 ـ حدّثنا قُتَيْبَةُ بْنُ سَعِيدٍ. حَدّثَنَا عَبْدُ الْعَزِيزِ (يَعْنِي ابْنَ مُحَمّدٍ) عَنْ ثَوْرٍ (وَهُوَ ابْنُ زَيْدٍ الدّيلِيّ) عَنْ أَبِي الْغَيْثِ، عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ أَنّ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم قَالَ: «سَمِعْتُمْ بِمَدِينَةٍ جَانِبٌ مِنْهَا فِي الْبَرّ وَجَانِبٌ مِنْهَا فِي الْبَحْرِ؟» قَالُوا: نَعَمْ. يَا رَسُولَ اللّهِ قَالَ: «لاَ تَقُومُ السّاعَةُ حَتّى يَغْزُوَهَا سَبْعُونَ أَلْفاً مِنْ بَنِي إِسْحَقَ. فَإِذَا جَاوُوهَا نَزَلُوا. فَلَمْ يُقَاتِلُوا بِسِلاَحٍ وَلَمْ يَرْمُوا بِسَهْمٍ. قَالُوا: لاَ إِلَهَ إِلاّ اللّهُ وَاللّهُ أَكْبَرُ. فَيَسْقُطُ أَحَدُ جَانِبَيْهَا. قَالَ ثَوْرٌ: لاَ أَعْلَمُهُ إِلاّ قَالَ: «الّذِي فِي الْبَحْرِ. ثُمّ يَقُولُوا الثّانِيَةَ: لاَ إِلَهَ إِلاّ اللّهُ وَاللّهُ أَكْبَرُ. فَيَسْقُطُ جَانِبُهَا الآخَرُ. ثُمّ يَقُولُوا الثّالِثَةَ: لاَ إِلَهَ إِلاّ اللّهُ وَاللّهُ أَكْبَرُ. فَيُفَرّجُ لَهُمْ. فَيَدْخُلُوهَا فَيَغْنَمُوا. فَبَيْنَمَا هُمْ يَقْتَسِمُونَ الْمَغَانِمَ، إِذْ جَاءَهُمُ الصّرِيخُ فَقَالَ: إِنّ الدّجّالَ قَدْ خَرَجَ. فَيَتْرُكُونَ كُلّ شَيْءٍ، وَيَرْجِعُونَ».**
**7278 ـ حدّثني مُحَمّدُ بْنُ مَرْزُوقٍ. حَدّثَنَا بِشْرُ بْنُ عُمَرَ الزّهْرَانِيّ. حَدّثَنِي سُلَيْمَانُ بْنُ بِلاَلٍ حَدّثَنَا ثَوْرُ بْنُ زَيْدٍ الدّيلِيّ فِي هَذَا الإِسْنَادِ، بِمِثْلِهِ.**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: سىلەر مەدىنىنىڭ بىر تەرىپى قۇرۇقلۇقتا، يەنە بىر تەرىپى دېڭىزدا دەپ ئاڭلاپ باققانمۇ؟ ئۇلار؛ھەئە ئاڭلىغان دېگەندە، رەسۇلۇللاھ ؛ مەدىنىنى ئىشغال قىلىش ئۈچۈن ئىسھاقنىڭ باللىرىدىن 70000 كىشىلىك قوشۇن غازات قىلمىغىچە قىيامەت قايىم بولمايدۇ، ئۇلار مەدىنىگە چۈشىدۇ، ئۇلار قورال بىلەن جەڭ قىلمايدۇ، ئوقيامۇ ئاتمايدۇ، ئۇلار پەقەت لائىلاھە ئىلەللاھۇ ئاللاھۇ ئەكبەر!!! دېسىلا مەدىنىنىڭ ئىككى تەرىپىنىڭ بىرسى يەنى دېڭىزدىكى تەرىپى گۈمۈرۈلۈپ چۈشۈپ كېتىدۇ. ئاندىن ئىككىنچى قېتىم لا ئىلاھە ئىللەللاھۇ ئاللاھۇ ئەكبەر!!! دەپ تەكبىر ئېيتسا، ئۇنىڭ قۇرۇقلۇقتىكى يەنە بىر تەرىپى چۈشۈپ كېتىدۇ، ئاندىن ئۇلار ئۈچىنچى قېتىم تەكبىر ئېيتىشى بىلەن ئۇلار ئۈچۈن غەلىبە ئاتا قىلىنىپ، ئىشلار ئاسان بولىدۇ، ئۇلار مەدىنىگە كىرىپ، غەنىيمەتلەرنى ئېلىپ، تەقسىم قىلىشىۋاتقاندا تۇيۇقسىز بىر جاكارچى ؛ ھەققەتەن دەججال چىقىپتۇ!!! دەپ توۋلايدۇ، ئاندىن ئۇلار ھەممە نەرسىلەرنى قالدۇرۇپ قويۇپ، قايتىپ كېتىدۇ، مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.

**7279 ـ7280 ـ حدّثنا أَبُو بَكْرِ بْنُ أَبِي شَيْبَةَ. حَدّثَنَا مُحَمّدُ بْنُ بِشْرٍ. حَدّثَنَا عُبَيْدُ اللّهِ عَنْ نَافِعٍ، عَنِ ابْنِ عُمَرَ، عَنِ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم قَالَ: «لَتُقَاتِلُنّ الْيَهُودَ. فَلَتَقْتُلُنّهُمْ حَتّى يَقُولُ الْحَجَرُ: يَا مُسْلِمُ هَذَا يَهُودِيّ. فَتَعَالَ فَاقْتُلْهُ».**
**وحدّثناه مُحَمّدُ بْنُ الْمُثَنّى وَ عُبَيْدُ اللّهِ بْنُ سَعِيدٍ. قَالاَ: حَدّثَنَا يَحْيَى عَنْ عُبَيْدِ اللّهِ بِهَذَا الإِسْنَادِ. وَقَالَ فِي حَدِيثِهِ: «هَذَا يَهُودِيّ وَرَائِي».**
**7281 ـ حدّثنا أَبُو بَكْرِ بْنُ أَبِي شَيْبَةَ. حَدّثَنَا أَبُو أُسَامَةَ. أَخْبَرَنِي عُمَرُ بْنُ حَمْزَةَ قَالَ: سَمِعْتُ سَالِماً يَقُولُ: أَخْبَرَنَا عَبْدُ اللّهِ بْنُ عُمَرَ أَنّ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم قَالَ: «تَقْتَتِلُونَ أَنْتُمْ وَيَهُودُ. حَتّى يَقُولَ الْحَجَرُ: يَا مُسْلِمُ هَذَا يَهُودِيّ وَرَائِي. تَعَالَ فَاقْتُلْهُ».**

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: سىلەر يەھۇدىيلار بىلەن ئۇرۇش قىلىسىلەر، ئاندىن سىلەر ئۇلارنىڭ ئۈستىدىن غالىپ كېلىسىلەر، ھەتتا ئۇلارنىڭ بىرسى تاشنىڭ ئارقىسىغا يوشۇرۇنىۋالسا، تاش سىلەرگە؛ ئى ئاللاھنىڭ بەندىسى! مانا بۇ يەھۇدىي مېنىڭ ئارقامغا يوشۇرۇنىۋالدى، ئۇنى ئۆلتۈرۈۋەت دەيدۇ، بەيھەقى، تىرمىزى. بۇ سەھىھ ھەدىسدىن كەلگۈسىدىكى خۇش بىشارەت مۆجىزىسىدىن باشقا تاش سۆز قىلىدىغان مۆجىزە باردۇر، بەلكىم، بۇ شۇ چاغدا ئۆز ئەينى يۈز بېرىشى مۇمكىن، ياكى تاشتا سىگنال، بەلگە بېرىدىغان نەرسە ئورنىتىلغان بولىدۇ، بۇ ئادەتتىن تاشقىرى كەشپىياتقا ئىشارەتتۇر.

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: سىلەر يەھۇدىيلار بىلەن ئۇرۇش قىلمىغىچە ھەتتا بىر تاش، ئى مۇسۇلمان! ماۋۇ يەھۇدىي مېنىڭ ئارقامغا مۆكۈۋالدى، ئۇنى ئۆلتۈرۈۋەتكىن دەپ سۆزلىمىگىچە قىيامەت قايىم بولمايدۇ. بەيھەقى، بۇخارىلار توپلىغان، سەھىھ.

7282 ـ حدّثنا حَرْمَلَةُ بْنُ يَحْيَى. أَخْبَرَنَا ابْنُ وَهْبٍ. أَخْبَرَنِي يُونُسُ عَنِ ابْنِ شِهَابٍ. حَدّثَنِي سَالِمُ بْنُ عَبْدِ اللّهِ أَنّ عَبْدَ اللّهِ بْنَ عُمَرَ أَخْبَرَهُ أَنّ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم قَالَ: تُقَاتِلُكُمُ الْيَهُودُ، فَتُسَلّطُونَ عَلَيْهِمْ. حَتّى يَقُولَ الْحَجَرُ: يَا مُسْلِمُ هَذَا يَهُودِيّ وَرَائِي فَاقْتُلْهُ».
7283 ـ حدّثنا قُتَيْبَةُ بْنُ سَعِيدٍ. حَدّثَنَا يَعْقُوبُ (يَعْنِي ابْنَ عَبْدِ الرّحْمَنِ) عَنْ سُهَيْلٍ، عَنْ أَبِيهِ، عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ أَنّ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم قَالَ: «لاَ تَقُومُ السّاعَةُ حَتّى يُقَاتِلَ الْمُسْلِمُونَ الْيَهُودَ. فَيَقْتُلُهُمُ الْمُسْلِمُونَ. حَتّى يَخْتَبِىءَ الْيَهُودِيّ مِنْ وَرَاءِ الْحَجَرِ وَالشّجَرِ. فَيَقُولُ الْحَجَرُ أَوِ الشّجَرُ: يَا مُسْلِمُ يَا عَبْدَ اللّهِ هَذَا يَهُودِيّ خَلْفِي. فَتَعَالَ فَاقْتُلْهُ. إِلاّ الْغَرْقَدَ. فَإِنّهُ مِنْ شَجَرِهِم».

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مۇسۇلمانلار، يەھۇدىيلار بىلەن ئۇرۇش قىلمىغىچە قىيامەت قايىم بولمايدۇ، ئۇلارنى مۇسۇلمانلار ئۆلتۈرىدۇ، ھەتتا، يەھۇدىي، تاشنىڭ، دەرەخنىڭ ئارقىسىغا يوشۇرۇنۇۋالسا، تاش ياكى دەرەخ:ـ ئى مۇسۇلمان! ئى الله نىڭ بەندىسى! مانا بۇ يەھۇدىي مېنىڭ ئارقامغا يوشۇرۇنۇۋالدى، بۇياققا كەل، ئۇنى ئۆلتۈرۈۋەت دەپ سۆزلەپ كېتىدۇ، (ياردەم بېرىدۇ). لېكىن، غەرقەد ئىسىملىك دەرەخ ئۇنداق دېمەيدۇ، چۈنكى، ئۇ يەھۇدىيلارنىڭ دەرىخىدۇر. (ئۇ شۇلار كۆيىنىدىغان شوخلۇق، تىكەنلىك دەرەخ). مۇسلىم 5203 ـــ ھەدىس، بۇخارى 2709 ـــ ھەدىس، ئەھمەد 8807 ـــ ھەدىس، سەھىھ. بۇ ھەدىس، ھازىرمۇ ۋە كەلگۈسىدىمۇ زور مۆجىزە بولۇپ، ئىنتايىن ئىلغار يېڭى ئىلىم ـــ پەن تەرەققىياتىغا، كەشپىياتقا ئىشارەت قىلىدۇ، جانسىز نەرسىنىڭ سۆزلىشىگە ئىشارەت قىلىدۇ، كۆزىتىش ئاپاراتلىرىغا سۈنئىي رادارغا، سۈنئىي مۇھاپىزەتلەرگە بىز بىلمەيدىغان ئاجايىپ ـــ غارايىپ مۆجىزە، ئالامەتلەرگە ئىشارەت قىلىدۇ. ۋەللاھۇ ئەئلەم.

7284 ـ حدّثنا يَحْيَى بْنُ يَحْيَى وَ أَبُو بَكْرِ بْنُ أَبِي شَيْبَةَ (قَالَ يَحْيَى: أَخْبَرَنَا. وَقَالَ أَبُو بَكْرٍ: حَدّثَنَا) أَبُو الأَحْوَصِ. ح وَحَدّثَنَا أَبُو كَامِلٍ الْجَحْدَرِيّ. حَدّثَنَا أَبُو عَوَانَةَ. كِلاَهُمَا عَنْ سِمَاكٍ، عَنْ جَابِرِ بْنِ سَمُرَةَ قَالَ: سَمِعْتُ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم يَقُولُ: «إِنّ بَيْنَ يَدَيِ السّاعَةِ كَذّابِينَ». وَزَادَ فِي حَدِيثِ أَبِي الأَحْوَصِ: قَالَ فَقُلْتُ لَهُ: آنْتَ سَمِعْتَ هَذَا مِنْ رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم؟ قَالَ: نَعَمْ.
7285 ـ وحدّثني ابْنُ الْمُثَنّى وَ ابْنُ بَشّارٍ. قَالاَ: حَدّثَنَا مُحَمّدُ بْنُ جَعْفَرٍ. حَدّثَنَا شُعْبَةُ عَنْ سِمَاكٍ بِهَذَا الإِسْنَادِ، مِثْلَهُ. قَالَ سِمَاكٌ: وَسَمِعْتُ أَخِي يَقُولُ: قَالَ جَابِرٌ: فَاحْذَرُوهُمْ.

جابىر ئىبنى سۇمرەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن قىيامەتنىڭ ئالدىدا نۇرغۇن كاززاپلار چىقىدۇ، ئۇلاردىن قاتتىق ھەزەر قىلىڭلار، ئەھمەد، مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.يالغان ھەدىسىدىنمۇ ھەزەر قىلىڭلار. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن قىيامەت قايىم بولۇش ئالدىدا 30 دەججال، كاززاپ بار، (يەنە بىر خاتىرىدە ھەممىسى پەيغەمبەرلىك داۋاسى قىلىدۇ، ھەزەر قىلىڭلار دېگەن بار) ئەھمەد توپلىغان، سەھىھ.

7286 ـ حدّثني زُهَيْرُ بْنُ حَرْبٍ وَ إِسْحَقُ بْنُ مَنْصُورٍ (قَالَ إِسْحَقُ: أَخْبَرَنَا. وقَالَ زُهَيْرٌ: حَدّثنَا) عَبْدُ الرّحْمَنِ ـــ وَهُوَ ابْنُ مَهْدِيَ ـــ عَنْ مَالِكٍ، عَنْ أَبِي الزّنَادِ، عَنِ الأَعْرَجِ، عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ، عَنِ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم قَالَ: «لاَ تَقُومُ السّاعَةُ حَتّى يُبْعَثَ دَجّالُونَ كَذّابُونَ. قَرِيبٌ مِنْ ثَلاَثِينَ. كُلّهُمْ يَزْعُمُ أَنّهُ رَسُولُ اللّهِ».

7287 ـ حدّثنا مُحَمّدُ بْنُ رَافِعٍ. حَدّثنَا عَبْدُ الرّزّاقِ. أَخْبَرَنَا مَعْمَرٌ عَنْ هَمّامِ بْنِ مُنَبّهٍ، عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ، عَنِ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم بِمِثْلِهِ. غَيْرَ أَنّهُ قَالَ: يَنْبَعِثَ.

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ناھايىتى كۆپ ئىككى جامائە قوشۇن، ئۆزئارا ئۇرۇشمىغىچە قىيامەت قايىم بولمايدۇ، ئۇلارنىڭ داۋاسى بىردۇر. ئوتتۇزغا يېقىن كاززاپ دەججاللار ئوتتۇرىغا چىقمىغىچە قىيامەت قايىم بولمايدۇ، ھەممىسى مەن ئاللاھنىڭ ئەلچىسى، مەن پەيغەمبەر دەپ داۋا قىلىدۇ. (ئۇلار شۇڭا كاززاپتۇر). ئەھمەد، بەيھەقى،بۇخارى،مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى.

سەۋبان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مېنىڭ ئۈممىتىمدىن نۇرغۇن قەبىلىلەر مۇشرىكلارغا قوشۇلۇپ كەتمىگىچە بۇتلارغا چوقۇنۇپ، ئىبادەت قىلىنىپ كەتمىگىچە قىيامەت قايىم بولمايدۇ. پات يېقىندا مېنىڭ ئۈممىتىم ئىچىدىلا 30 كاززاپ بولىدۇ، ھەممىسى پەيغەمبەرلىك داۋاسى قىلىدۇ، مانا مەن پەيغەمبەرلەرنىڭ ئەڭ ئاخىرقىسى، ئاخىرلاشتۇرغۇچى، ئاخىرقى پەيغەمبەر بولىمەن، مەندىن كېيىن ھەرگىز ھەقىقى، راست پەيغەمبەر كەلمەيدۇ. تىرمىزى، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

## 1320 ـ باب ذكر ابن صياد ئىبنى سەييادنىڭ قىسسىسى

7288 ـ حدّثنا عُثْمَانُ بْنُ أَبِي شَيْبَةَ وَ إِسْحَقُ بْنُ إِبْرَاهِيمَ ـــ وَاللّفْظُ لِعُثْمَانَ ـــ (قَالَ إِسْحَقُ: أَخْبَرَنَا. وقَالَ عُثْمَانُ: حَدّثنَا) جَرِيرٌ عَنِ الأَعْمَشِ، عَنْ أَبِي وَائِلٍ، عَنْ عَبْدِ اللّهِ قَالَ: كُنّا مَعَ رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم. فَمَرَرْنَا بِصِبْيَانٍ فِيهِمُ ابْنُ صَيّادٍ. فَفَرّ الصّبْيَانُ وَجَلَسَ ابْنُ صَيّادٍ. فَكَأَنّ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم كَرِهَ ذَلِكَ. فَقَالَ لَهُ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم: «تَرِبَتْ يَدَاكَ. أَتَشْهَدُ أَنّي رَسُولُ اللّهِ؟» فَقَالَ: لاَ. بَلْ تَشْهَدُ أَنّي رَسُولُ اللّهِ. فَقَالَ عُمَرُ بْنُ الْخَطّابِ: ذَرْنِي. يَا رَسُولَ اللّهِ حَتّى أَقْتُلَهُ. فَقَالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: «إِنْ يَكُنِ الّذِي تَرَى، فَلَنْ تَسْتَطِيعَ قَتْلَهُ».

7289 ـ حدّثنا مُحَمّدُ بْنُ عَبْدِ اللهِ بْنِ نُمَيْرٍ وَ إِسْحَقُ بْنُ إِبْرَاهِيمَ وَ أَبُو كُرَيْبٍ ـــ وَاللّفْظُ لأَبِي كُرَيْبٍ ـــ (قَالَ ابْنُ نُمَيْرٍ: حَدّثنَا. وَقَالَ الآخَرَانِ: أَخْبَرَنَا) أَبُو مُعَاوِيَةَ. حَدّثنَا الأَعْمَشُ عَنْ شَقِيقٍ، عَنْ عَبْدِ اللّهِ قَالَ: كُنّا نَمْشِي مَعَ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم. فَمَرّ بِابْنِ صَيّادٍ. فَقَالَ لَهُ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: «قَدْ خَبَأْتُ لَكَ خَبِيئاً» فَقَالَ: دُخّ. فَقَالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: «اخْسَأْ. فَلَنْ تَعْدُوَ قَدْرَكَ» فَقَالَ عُمَرُ: يَا رَسُولَ اللّهِ دَعْنِي فَأَضْرِبَ عُنُقَهُ. فَقَالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: «دَعْهُ. فَإِنْ يَكُنِ الّذِي تَخَافُ، لَنْ تَسْتَطِيعَ قَتْلَهُ». بۇئىككى ھەدىس تۆۋەندىكى ئۆزۈن ھەدىسكە ئوخشاشتۇر.7300 ـ ھەدىسكە قاراڭ.

7290 ـ حدّثنا مُحَمّدُ بْنُ الْمُثَنّى. حَدّثنَا سَالِمُ بْنُ نُوحٍ عَنِ الْجُرَيْرِيّ، عَنْ أَبِي نَضْرَةَ، عَنْ أَبِي سَعِيدٍ قَالَ: لَقِيَهُ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم وَأَبُو بَكْرٍ وَعُمَرُ فِي بَعْضِ طُرُقِ الْمَدِينَةِ. فَقَالَ لَهُ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: «أَتَشْهَدُ أَنّي رَسُولُ اللّهِ؟» فَقَالَ هُوَ: أَتَشْهَدُ أَنّي رَسُولُ اللّهِ؟ فَقَالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: «آمَنْتُ بِاللّهِ وَمَلاَئِكَتِهِ وَكُتُبِهِ. مَا تَرَى؟» قَالَ: أَرَى عَرْشاً عَلَى الْمَاءِ. فَقَالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: «تَرَى عَرْشَ إِبْلِيسَ عَلَى الْبَحْرِ. وَمَا تَرَى؟» قَالَ: أَرَى صَادِقَاً وَكَاذِباً أَوْ كَاذِبَيْنِ وَصَادِقاً. فَقَالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: «لُبِسَ عَلَيْهِ، دَعُوهُ».

7291 ـ حدّثنا يَحْيَى بْنُ حَبِيبٍ وَ مُحَمّدُ بْنُ عَبْدِ الأَعْلَى قَالاَ: حَدّثنَا مُعْتَمِرٌ، قَالَ: سَمِعْتُ أَبِي قَالَ: حَدّثنَا أَبُو نَضْرَةَ عَنْ جَابِرِ بْنِ عَبْدِ اللّهِ قَالَ: لَقِيَ نَبِيّ اللّهِ صلى الله عليه وسلم ابْنَ صَائِدٍ، وَمَعَهُ أَبُو بَكْرٍ وَعُمَرُ. وَابْنُ صَائِدٍ مَعَ الْغِلْمَانِ. فَذَكَرَ نَحْوَ حَدِيثِ الْجُرَيْرِيّ.

ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، مەدىنە يوللىرىنىڭ بەزىسىدە ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ، ۋە ئەبۇبەكرى، ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملار ئىبنى سەييادقا ئۇچراپ، رەسۇلۇللاھ ئۇنىڭغا: مېنىڭ الله نىڭ ئەلچىسى

ئىكەنلىكىمگە گۇۋاھلىق بىرەمسەن؟دېسە، ئۇ ؛(سىنىڭ تۇرۇلۇك ساۋاتسىز ئەرەپلەرنىڭ پەيغەمبىرى ئىكەنلىكىڭگە گۇۋاھلىق بىرىمەن)، سەنمۇ مىنىڭ الله نىڭ ئەلچىسى ئىكەنلىكىمگە گۇۋاھلىق بىرەمسەن؟دېدى، رەسۇلۇللاھ : مەن ، الله قا ۋە الله نىڭ پەرىشتىللىرىگە، كىتاپلىرىغا، ئەلچىللىرىگە ئىمان كەلتۈردۈم، سەن قانداق قارايسەن؟ نىمىنى كۆردۈلىڭ؟دېدى، ئۇ؛ مەن سۇ ئۈستىدە ئەرشىنى كۆردۈم دېدى، رەسۇلۇللاھ : سەن ئىبلىس شەيتاننىڭ دېڭىز ئۈستىدىكى ئەرشىنى كۆرۈپسەن، سەن يەنە نىمىنى كۆردۈلىڭ دىسە، ئۇ؛ ماڭا ئىككى راستچىل سەمىيمى كىشى ۋە بىر يالغانچى كىشى، ياكى ئىككى يالغانچى بىلەن بىر راستچىل كىشى كەلدى دېدى، رەسۇلۇللاھ ؛ بۇنىڭغا ئىشلار ئېلىشىپ كىتىپتۇ، ئۇنى قويۇۋېتىڭلار دېدى.

7292 ـ7293 ـ حدّثني عُبَيْدُ اللّهِ بْنُ عُمَرَ الْقَوارِيرِيّ وَ مُحَمّدُ بْنُ الْمُثنّى قالاَ: حَدّثَنَا عَبْدُ الأَعْلَى. حَدّثَنَا دَاوُدُ عَنْ أَبي نَضْرَةَ، عَنْ أبي سَعِيدٍ الْخُدْرِيّ قالَ: صَحِبْتُ ابْنَ صَائِدٍ إِلَى مَكّةَ. فَقالَ لِي: أَمَا قَدْ لَقِيتُ مِنَ النّاسِ. يَزْعُمُونَ أَنّي الدّجّالُ. أَلَسْتَ سَمِعْتَ أليس قد قال «لاَ يُولَدُ لَهُ» قالَ: قُلْتُ: بَلَى. قالَ: فَقَدْ وُلِدَ لِي. أوَلَيْسَ سَمِعْتَ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم يَقُولُ: «وَلاَ يَدْخُلُ الْمَدِينَةَ وَلاَ مَكّةَ وقد ولد لي» قُلْتُ: بَلَى. قالَ: فَقَدْ وُلِدْتُ بِالْمَدِينَةِ. وَهَا أنَا أُرِيدُ مَكّةَ وقد أسلمت. قالَ: ثُمّ قالَ لِي فِي آخِرِ قَوْلِهِ: أَمَا، وَاللّهِ، إِنّي لأَعْلَمُ مَوْلِدَهُ، وَمَكَانَهُ وَأيْنَ هُوَ. قالَ: فَلَبَسَنِي».حدّثنا يَحْيَى بْنُ حَبِيبٍ وَ مُحَمّدُ بْنُ عَبْدِ الأَعْلَى. قالاَ: حَدّثَنَا مُعْتَمِرٌ قالَ: سَمِعْتُ أَبي يُحَدّثُ عَنْ أَبِي نَضْرَةَ، عَنْ أَبي سَعِيدٍ الخُدْرِيّ قالَ: قالَ لِي ابْنُ صَائِدٍ، وَأَخَذَتْنِي مِنْهُ ذَمَامَةٌ: هَذَا عَذَرْتُ النّاسَ. مَالِي وَلَكُمْ؟ يَا أَصْحَابَ مُحَمّدٍ أَلَمْ يَقُلْ نَبِيّ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: «إِنّهُ يَهُودِيّ» وَقَدْ أَسْلَمْتُ. قالَ: «وَلاَ يُولَدُ لَهُ» وَقَدْ وُلِدَ لِي. وَقالَ: «إِنّ اللّهَ قَدْ حَرّمَ عَلَيْهِ مَكّةَ» وَقَدْ حَجَجْتُ. قالَ فَمَا زَالَ حَتّى كَادَ أَنْ يَأْخُذَ فِيّ قَوْلُهُ. قالَ: فَقالَ لَهُ: أَمَا، وَاللّهِ، إِنّي لأَعْلَمُ الآنَ حَيْثُ هُوَ. وَأَعْرِفُ أَبَاهُ وَأُمّهُ. قالَ: وَقِيلَ لَهُ: أَيَسُرّكَ أَنّكَ ذَاكَ الرّجُلُ؟ قالَ فَقالَ: لَوْ عُرِضَ عَلَيّ مَا كَرِهْتُ.

7294 ـ حدّثنا مُحَمّدُ بْنُ المُثنّى. حَدّثَنَا سَالِمُ بْنُ نُوحٍ. أَخْبَرَنِي الجُرَيْرِيّ عَنْ أَبي نَضْرَةَ، عَنْ أَبي سَعِيدٍ الخُدْرِيّ قالَ: خَرَجْنَا حُجّاجاً أَوْ عُمّاراً وَمَعَنَا ابْنُ صَائِدٍ. قالَ: فَنَزَلْنَا مَنْزِلاً. فَتَفَرّقَ النّاسُ وَبَقِيتُ أَنَا وَهُوَ. فَاسْتَوْحَشْتُ مِنْهُ وَحْشَةً شَدِيدَةً مِمّا يُقَالُ عَلَيْهِ. قالَ: وَجَاءَ بِمَتَاعِهِ فَوَضَعَهُ مَعَ مَتَاعِي. فَقُلْتُ: إنّ الْحَرّ شَدِيدٌ. فَلَوْ وَضَعْتَهُ تَحْتَ تِلْكَ الشّجَرَةِ. قالَ: فَفَعَلَ. قالَ: فَرُفِعَتْ لَنَا غَنَمٌ. فَانْطَلَقَ فَجَاءَ بِعُسَ. فَقالَ: اشْرَبْ. أَبَا سَعِيدٍ فَقُلْتُ: إِنّ الْحَرّ شَدِيدٌ وَاللّبَنُ حَارّ. مَا بِي إِلاّ أَنّي أَكْرَهُ أَنْ أَشْرَبَ عَنْ يَدِهِ ــ أَوْ قالَ آخُذَ عَنْ يَدِهِ ــ فَقالَ: أَبَا سَعِيدٍ لَقَدْ هَمَمْتُ أَنْ آخُذَ حَبْلاً فَأُعَلّقَهُ بِشَجَرَةٍ ثُمّ أَخْتَنِقَ مِمّا يَقُولُ لِيَ النّاسُ، يَا أَبَا سَعِيدٍ مَنْ خَفِيَ عَلَيْهِ حَدِيثُ رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم مَا خَفِيَ عَلَيْكُمْ، مَعْشَرَ الأَنْصَارِ أَلَسْتَ مِنْ أَعْلَمِ النّاسِ بِحَدِيثِ رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم؟ أَلَيْسَ قَدْ قَالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: «هُوَ كَافِرٌ» وَأَنَا مُسْلِمٌ؟ أَوَلَيْسَ قَدْ قَالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: «هُوَ عَقِيمٌ لاَ يُولَدُ لَهُ» وَقَدْ تَرَكْتُ وَلَدِي بِالْمَدِينَةِ؟ أَوَلَيْسَ قَدْ قَالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: «لاَ يَدْخُلُ الْمَدِينَةَ وَلاَ مَكّةَ» وَقَدْ أَقْبَلْتُ مِنَ الْمَدِينَةِ وَأَنَا أُرِيدُ مَكّةَ؟. قالَ أَبُو سَعِيدٍ الْخُدْرِيّ: حَتّى كِدْتُ أَنْ أَعْذِرَهُ. ثُمّ قالَ: أَمَا، وَاللّهِ، إِنّي لأَعْرِفُهُ وَأَعْرِفُ مَوْلِدَهُ وَأَيْنَ هُوَ الآنَ. قالَ: قُلْتُ لَهُ: تَبّا لَكَ. سَائِرَ الْيَوْمِ.

ئەبۇسەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، مەن مەككىگە بارغىچە، ئىبنى سەييادقا ھەمراھ بولۇپ ماڭغان ئىدىم، ئۇ ماڭا؛ سەن كىشىلەردىن مەن توغرۇلۇق نىمىلەرنى ئاڭلىدىڭ؟ ئۇلار مىنى دەججال دەپ داۋا قىلىشىدىكەن،سەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ؛ «دەججالغا بالا تۇغۇلمايدۇ» دىگەنلىكىنى ئاڭلىمىغانمۇ؟ ماڭا بالا تۇغۇلدى، رەسۇلۇللاھ ؛دەججالنى «كافىر»دىمىگەنمۇ؟ مانا مەن مۇسۇلمان بولدۇم، ئۇنى مەككە ـ مەدىنىگە كىرەلمەيدۇ، دىمىگەنمۇ؟ مانا مەن ھازىر مەدىنىدىن چىقىپ، مەككىگە قاراپ كىتىۋاتىمەن، ئەمما الله بىلەن قەسەمكى، مەن دەججالنىڭ تۇغۇلغان ئورنىنى، تۇرۇشلۇق ماكانىنى، ھازىر ئۇنىڭ قەيەردە ئىكەنلىكىنى، ئاتا ـ

ئانىسىنى بىلىمەن دېدى، ئۇ ماڭا ئىشلارنى بەكلا ئېلىشتۇرىۋەتتى، مەن ئۇنىڭغا: بۈگۈندىن باشلاپ ساڭا هالاكەت بولسۇن دېدىم، ئىبنى سەييادقا: سىنىڭ ئەشۇ دەججال بولۇشۇڭ سىنى خۇرسەن قىلامدۇ؟دىيىلسە، ئۇ: ئەگەر شۇنداق بولۇش ماڭا تەڭلەنسە، مەن ئۇنى ياقتۇرماي قالمايمەن يەنى خالايمەن دېدى.مۇسلىم.

**7295 ـ حدّثنا نَصرُ بْنُ عَلِيَ الْجَهْضَمِيّ. حَدّثَنَا بِشْرٌ (يَعْنِي ابْنَ مُفَضّلِ) عَنْ أَبِي مَسْلَمَةَ، عَنْ أَبِي نَضْرَةَ، عَنْ أَبِي سَعِيدٍ قَالَ: قَالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم لابْنِ صَائِدٍ: «مَا تُرْبَةُ الجَنّةِ؟» قَالَ: دَرْمَكَةٌ بَيْضَاءُ، مِسْكٌ. يَا أَبَا القَاسِمِ قَالَ: صَدَقْتَ».**
**7296 ـ وحدّثنا أَبُو بَكْرِ بْنُ أَبِي شَيْبَةَ. حَدّثَنَا أَبُو أُسَامَةَ عَنِ الْجُرَيْرِيّ، عَنْ أَبِي نَضْرَةَ، عَنْ أَبِي سَعِيدٍ أَنّ ابْنَ صَيّادٍ سَأَلَ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم عَنْ تُرْبَةِ الْجَنّةِ؟ فَقَالَ: «دَرْمَكَةٌ بَيْضَاءُ، مِسْكٌ خَالِصٌ».**

ئەبۇسەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، ئىبنى سەيياد، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن جەننەتنىڭ تۇپرىقى توغرىسىدا سورغاندا، رەسۇلۇللاھ مۇنداق دىگەن: جەننەتنىڭ تۇپرىقى، دەرمەكەتنىڭ ئاق ئۇنىدەك، ئاق نانغا ئوخشاشتۇر، خالىس ساپ مىسك ـ ئەنبەردۇر.يەنەبىردە رەسۇلۇللاھ ئىبنى سەييادتىن سورسا شۇنداق جاۋاپ بەردى ئاندىن ئۇنىڭغا راست دېدىڭ دېدى. مۇسلىم. جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: جەننەتنىڭ زىمىنى، تۇپرىقى ئاق، نۇرلۇق، خۇددى ئاق ناندەك گۈزەلدۇر، ئەبۇشىشەيىخ.

**7297 ـ حدّثنا عُبَيْدُ اللّهِ بْنُ مُعَاذٍ الْعَنْبَرِيّ. حَدّثَنَا أَبِي. حَدّثَنَا شُعْبَةُ عَنْ سَعْدِ بْنِ إِبْرَاهِيمَ، عَنْ مُحَمّدِ بْنِ الْمُنْكَدِرِ قَالَ: رَأَيْتُ جَابِراً بْنَ عَبْدِ اللّهِ يَحْلِفُ بِاللّهِ أَنّ ابْنَ صَائِدٍ الدّجّالُ. فَقُلْتُ: أَتَحْلِفُ بِاللّهِ؟ قَالَ: إِنّي سَمِعْتُ عُمَرَ يَحْلِفُ عَلَى ذَلِكَ عِنْدَ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم. فَلَمْ يُنْكِرْهُ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم.**

ئىبنى مۇنكەدىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، مەن جابىر ئىبنى ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ نىڭ، الله بىلەن قەسەم قىلىپ تۇرۇپ؛ ئىبنى سەيياد دەججالنىڭ ئۆزى شۇ دىگەنلىكىنى كۆرۈپ؛ سەن الله بىلەن قەسەم قىلىۋاتىسەنغۇ؟دىسەم، ئۇ ماڭا؛ مەن ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ نىڭ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم نىڭ ئالدىدا، الله بىلەن قەسەم قىلىپ تۇرۇپ؛ ئىبنى سەيياد دەججالنىڭ ئۆزى شۇ دىگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىدىم، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنى ئىنكار قىلمىدى دېدى. بۇخارى،مۇسلىم توپلىغان.لېكىن يۇقىردا مۇسلىمنىڭ سەھىھ ھەدىسىدا؛ تەمىيمۇددارىينىڭ ھەدىسى ئۆتتى، ئۇنىڭدا دەججال بىر ئارالدا باغلاقلىق ئىكەن. ناپىئتىن، ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما؛ الله بىلەن قەسەمكى، مەسىھ دەججالنىڭ ئىبنى سەيياد ئىكەنلىكىدە قىلچە شەك قىلمايمەن، دەيتتى.ئەبۇداۋۇد ،بەيھەقى توپلىغان،سەھىھ.

**7298 ـ حدّثني حَرْمَلَةُ بْنُ يَحْيَى بْنِ عَبْدِ اللّهِ بْنِ حَرْمَلَةَ بْنِ عِمْرَانَ التّجِيبِيّ. أَخْبَرَنِي ابْنُ وَهْبٍ. أَخْبَرَنِي يُونُسُ عَنِ ابْنِ شِهَابٍ، عَنْ سَالِمِ بْنِ عَبْدِ اللّهِ، أَخْبَرَهُ أَنّ عَبْدَ اللّهِ ابْنَ عُمَرَ أَخْبَرَهُ أَنّ عُمَرَ بْنَ الخَطّابِ انْطَلَقَ مَعَ رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم فِي رَهْطٍ قِبَلَ ابْنِ صَيّادٍ حَتّى وجدَهُ يَلْعَبُ مَعَ الصّبْيَانِ عِنْدَ أُطمِ بَنِي مَغَالَةَ. وَقَدْ قَارَبَ ابْنُ صَيّادٍ، يَوْمَئِذٍ، الْحُلُمَ. فَلَمْ يَشْعُرْ حَتّى ضَرَبَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم ظَهْرَهُ بِيَدِهِ. ثُمّ قَالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم لابْنِ صَيّادٍ: «أَتَشْهَدُ أَنّي رَسُولُ اللّهِ؟» فَنَظَرَ إِلَيْهِ ابْنُ صَيّادٍ فَقَالَ: أَشْهَدُ أَنّكَ رَسُولُ الأُمّيّينَ. فَقَالَ ابْنُ صَيّادٍ لِرَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: أَتَشْهَدُ أَنّي رَسُولُ اللّهِ؟ فَرَفَضَهُ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم وَقَالَ: «آمَنْتُ بِاللّهِ وَبِرُسُلِهِ». ثُمّ قَالَ لَهُ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: «مَاذَا تَرَىَ؟» قَالَ ابْنُ صَيّادٍ: يَأْتِينِي**

صَادِقٌ وَكَاذِبٌ. فَقَالَ لَهُ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: «خُلِّطَ عَلَيْكَ الأَمْرُ». ثُمّ قَالَ لَهُ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: «إِنّي قَدْ خَبَأْتُ لَكَ خَبِيئاً» فَقَالَ ابْنُ صَيّادٍ: «هُوَ الدّخّ» فَقَالَ لَهُ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: «اخْسَأْ. فَلَنْ تَعْدُوَ قَدْرَكَ» فَقَالَ عُمَرُ بْنُ الْخَطّابِ: ذَرْنِي. يَا رَسُولَ اللّهِ أَضْرِبْ عُنُقَهُ. فَقَالَ لَهُ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: «إِنْ يَكُنْهُ فَلَنْ تُسَلّطَ عَلَيْهِ. وَإِنْ لَمْ يَكُنْهُ فَلاَ خَيْرَ لَكَ فِي قَتْلِهِ».

7299 ـ وَقَالَ سَالِمُ بْنُ عَبْدِ اللّهِ: سَمِعْتُ عَبْدَ اللّهِ بْنَ عُمَرَ يَقُولُ: انْطَلَقَ بَعْدَ ذَلِكَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم وَأُبَيّ بْنُ كَعْبٍ الأَنْصَارِيّ إِلَى النّخْلِ الّتِي فِيهَا ابْنُ صَيّادٍ. حَتّى إِذَا دَخَلَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم النّخْلَ، طَفِقَ يَتّقِي بِجُذُوعِ النّخْلِ. وَهُوَ يَخْتِلُ أَنْ يَسْمَعَ مِنِ ابْنِ صَيّادٍ شَيْئاً، قَبْلَ أَنْ يَرَاهُ ابْنُ صَيّادٍ. فَرَآهُ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم وَهُوَ مُضْطَجِعٌ عَلَى فِرَاشٍ فِي قَطِيفَةٍ، لَهُ فِيهَا زَمْزَمَةٌ. فَرَأَتْ أُمّ ابْنِ صَيّادٍ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم وَهُوَ يَتّقِي بِجُذُوعِ النّخْلِ. فَقَالَتْ لاِبْنِ صَيّادٍ: يَا صَافِ (وَهُوَ اسْمُ ابْنِ صَيّادٍ) هَذَا مُحَمّدٌ. فَثَارَ ابْنُ صَيّادٍ. فَقَالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: «لَوْ تَرَكَتْهُ بَيّنَ».

7300 ـ قَالَ سَالِمٌ: قَالَ عَبْدُ اللّهِ بْنُ عُمَرَ: فَقَامَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم فِي النّاسِ فَأَثْنَى عَلَى اللّهِ بِمَا هُوَ أَهْلُهُ. ثُمّ ذَكَرَ الدّجّالَ فَقَالَ: «إِنّي لأُنْذِرُكُمُوهُ. مَا مِنْ نَبِيَ إِلاّ وَقَدْ أَنْذَرَهُ قَوْمَهُ. لَقَدْ أَنْذَرَهُ نُوحٌ قَوْمَهُ. وَلَكِنْ أَقُولُ لَكُمْ فِيهِ قَوْلاً لَمْ يَقُلْهُ نَبِيّ لِقَوْمِهِ. تَعَلّمُوا أَنّهُ أَعْوَرُ. وَأَنّ اللّهَ تَبَارَكَ وَتَعَالَى لَيْسَ بِأَعْوَرَ».

قَالَ ابْنُ شِهَابٍ: وَأَخْبَرَنِي عُمَرُ بْنُ ثَابِتٍ الأَنْصَارِيّ أَنّهُ أَخْبَرَهُ بَعْضُ أَصْحَابِ رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم أَنّ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم قَالَ، يَوْمَ حَذّرَ النّاسَ الدّجّالَ: «إِنّهُ مَكْتُوبٌ بَيْنَ عَيْنَيْهِ كَافِرٌ. يَقْرَؤُهُ مَنْ كَرِهَ عَمَلَهُ. أَوْ يَقْرَؤُهُ كُلّ مُؤْمِنٍ». وَقَالَ: «تَعَلّمُوا أَنّهُ لَنْ يَرَى أَحَدٌ مِنْكُمْ رَبّهُ عَزّ وَجَلّ حَتّى يَمُوتَ».

7301 ـ حدّثنا الْحَسَنُ بْنُ عَلِيَ الْحُلْوَانِيّ وَ عَبْدُ بْنُ حُمَيْدٍ. قَالاَ: حَدّثَنَا يَعْقُوبُ (وَهُوَ ابْنُ إِبْرَاهِيمَ بْنِ سَعْدٍ). حَدّثَنَا أَبِي عَنْ صَالِحٍ، عَنِ ابْنِ شِهَابٍ. أَخْبَرَنِي سَالِمُ بْنُ عَبْدِ اللّهِ أَنّ عَبْدَ اللّهِ بْنَ عُمَرَ قَالَ: انْطَلَقَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم وَمَعَهُ رَهْطٌ مِنْ أَصْحَابِهِ. فِيهِمْ عُمَرُ بْنُ الْخَطّابِ. حَتّى وَجَدَ ابْنَ صَيّادٍ غُلاَماً قَدْ نَاهَزَ الْحُلُمَ. يَلْعَبُ مَعَ الْغِلْمَانِ عِنْدَ أُطُمِ بَنِي مُعَاوِيَةَ. وَسَاقَ الْحَدِيثَ بِمِثْلِ حَدِيثِ يُونُسَ. إِلَى مُنْتَهَى حَدِيثِ عُمَرَ بْنِ ثَابِتٍ. وَفِي الْحَدِيثِ عَنْ يَعْقُوبَ، قَالَ: قَالَ أُبَيّ (يَعْنِي قَوْلِهِ: لَوْ تَرَكَتْهُ بَيّنَ) قَالَ: لَوْ تَرَكَتْهُ أُمّهُ، بَيّنَ أَمْرَهُ.

7302 ـ وحدّثنا عَبْدُ بْنُ حُمَيْدٍ وَ سَلَمَةُ بْنُ شَبِيبٍ. جَمِيعاً عَنْ عَبْدِ الرّزّاقِ. أَخْبَرَنَا مَعْمَرٌ عَنِ الزّهْرِيّ، عَنْ سَالِمٍ، عَنِ ابْنِ عُمَرَ أَنّ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم مَرّ بِابْنِ صَيّادٍ فِي نَفَرٍ مِنْ أَصْحَابِهِ. فِيهِمْ عُمَرُ بْنُ الْخَطّابِ. وَهُوَ يَلْعَبُ مَعَ الْغِلْمَانِ عِنْدَ أُطُمِ بَنِي مَغَالَةَ. وَهُوَ غُلاَمٌ. بِمَعْنَى حَدِيثِ يُونُسَ وَصَالِحٍ. غَيْرَ أَنّ عَبْدَ بْنَ حُمَيْدٍ لَمْ يَذْكُرْ حَدِيثَ ابْنِ عُمَرَ، فِي انْطِلاَقِ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم مَعَ أُبَيّ بْنِ كَعْبٍ، إِلَى النّخْلِ.

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن، ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن بىللە، ھەمراھلىرىدىن ئىبارەت جامائەتلەر ئارىسىدا ئىبنى سەييياد تەرەپكە بېرىپتۇ، ئۇ بەنىي مۇغالىتە قەبىلىسىنىڭ قورغانلىرىدىن بىر قورغان ئىچىدە، كىچىك باللار بىلەن بىللە ئويناۋاتقان ئىكەن، ئىبنى سەييياد شۇ كۈنلەردە ئىھتىلام بولۇشقا يېقىن قالغان ئىكەن، رەسۇلۇللاھ مۇبارەك قولى بىلەن ئۇنىڭ ئۇچىسىغا ئۇرغانغا قەدەر، ئۇ ئۇلارنىڭ بارغانلىقىنى سەزمەپتۇ، رەسۇلۇللاھ ئۇنىڭغا: مېنىڭ **الله** نىڭ ئەلچىسى ئىكەنلىكىمگە گۇۋاھلىق بېرەمسەن؟دېسە، ئۇ رەسۇلۇللاھقا قاراپ؛سېنىڭ تۇرۇلۇك ساۋاتسىز ئەرەپلەرنىڭ پەيغەمبىرى ئىكەنلىكىڭگە گۇۋاھلىق بېرىمەن، سەنمۇ مېنىڭ **الله** نىڭ ئەلچىسى ئىكەنلىكىمگە گۇۋاھلىق بېرەمسەن؟دېدى، رەسۇلۇللاھ سوئال ـ جاۋابنى تاشلاپ، ئۇنى قاتتىق بىر سىقىپ قويۇپ بىرىپ ئاندىن ئۇنىڭغا: مەن ، **الله** قا ۋە **الله** نىڭ ئەلچىسىگە ئىمان كەلتۈردۈم، سەن قانداق قارايسەن؟ نىمىنى كۆردۈلڭ؟دېدى، ئۇ؛ ماڭا راستچىل سەمىيمى كىشى ۋە يالغانچى كىشى كەپتۇ دېدى، رەسۇلۇللاھ؛ ساڭا ئىشلار ئېلىشىپ كىتىپتۇ، مەن سەندىن بىر نەرسىنى يوشۇردۇم(ئۇنى تاپالامسەن؟) دېدى.ـ رەسۇلۇللاھ ئەسلى«يەۋمە تەئتىسسامائۇ بىدۇخانىممۇبىين»دىگەننى يوشۇرغان ئىدى،ـ ئۇ؛ يوشۇرغان نەرسەڭ، دۇخ،دۇخ دېدى، رەسۇلۇللاھ؛ئاغزىڭنى يۇم!! ھەددىڭدىن ئاشما!دېدى، ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ؛ ئى **الله** نىڭ ئەلچىسى! ئىبنى سەيىيادنىڭ كاللىسىنى ئېلىشىمغا ماڭا رۇخسەت قىلامالا؟ دىگەندە، رەسۇلۇللاھ مۇنداق دىگەن: ئەگەر ئۇ دەججال بولۇپ قالسا، سەن ئۇنىڭغا ھەرگىز غالىپ بولالمايسەن (يەنى ئۇنى ئەيسا ئۆلتۈرىدۇ) ئەگەر ئۇ دەججال بولماي قالسا، ئۇنى ئۆلتۈرۈۋېتىشدە ياخشىلىق يوق . ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛

شۇنىڭدىن كېيىن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم، ئۇبەي ئىبنى كەئبى بىلەن بىللە ئىبنى سەيياد بار خورمىزارلىقنى مەقسەت قىلىپ بېرىپتۇ، رەسۇلۇللاھ ئۆزىنى ئىبنى سەييادنىڭ كۆرۈپ قېلىشىدىن بۇرۇن، ئۇنىڭدىن بىرەر نەرسە ئاڭلاشنى مەقسەت قىلىپ، خورمىنىڭ شاخلىرى بىلەن ئۆزىنى دالدىغا ئېلىپ يوشۇرۇنىشقا باشلاپتۇ، ئىبنى سەيياد ئۆزىنىڭ تونىغا يۆگىنىپ، كۆرپىسى ئۈستىدە ياتقان ئىكەن، ئۇنىڭدىن بىرخىل چۈشۈنۈكسىز ئاۋازلار يىراقتىن ئاڭلىنىپ چىقىۋاتقان ئىكەن، ئۇنىڭ ئانىسى ، رەسۇلۇللاھنىڭ خورمىنىڭ شاخلىرى بىلەن ئۆزىنى دالدىغا ئېلىپ يوشۇرۇنغىنىنى كۆرۈپ؛ ھەي ساپ!! دەپ ئۇنى تووْلاپ، بۇ مۇھەممەد كەپتۇ دېدى، ئاندىن ئىبنى سەيياد سۆزىنى توختاتتى،ئاندىن رەسۇلۇللاھ ؛ھەي!ئەگەر ئۇنىڭ ئانىسى ئۇنى جىم قويغان بولسا، ئۇنىڭ ئىشى ئۇچۇق ـ ئاشكارا بولاتتى دېدى.ئاندىن بىر كۈنى رەسۇلۇللاھ كىشىلەر ئارىسىدا تۇرۇپ، **الله** قا ھەمدۇ ـ سانا ئەيتىپ، ئاندىن دەججالنى تىلغا ئېلىپ مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن مەن سىلەرنى دەججالدىن ئاگاھلاندۇرىمەن، ھەر قانداق پەيغەمبەر قەۋمىنى دەججالدىن ئاگاھلاندۇردى، نوھ ئەلەيھىسسالامۇ قەۋمىنى دەججالدىن ئاگاھلاندۇرغان ئىدى، لېكىن، مەن سىلەرگە دەججال توغرىسىدا ھېچبىر پەيغەمبەر قەۋمىگە دەپ بەرمىگەن بىر سۆزنى دەپ بېرىمەن، ئۇ بولسىمۇ، ھەقىقەتەن دەججالنىڭ بىر كۆزى كوردۇر . ھەقىقەتەن، ئاللاھ بىر كۆزى كور ئەمەستۇر، (ئاللاھنىڭ ئوخشىشى يوق. دەججال دېگەن ئادەم بالىسى) دىققەت قىلىڭلار، سىلەر ئۆلۈپ ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا بارمىغىچە رەببىڭلارنى ھەرگىز كۆرەلمەيسىلەر. ئۇنىڭ بىر كۆزى كوردۇر. رەببىڭلار بىر كۆزى كور ئەمەس، ئوخشىشى يوق. دەججالنىڭ پېشانىسىگە «كافر» دېگەن خەت يېزىقلىق بولۇپ، ئۇنى ھەر قانداق كاتىپ ۋە غەيرى كاتىپ بولغان خەت يازالايدىغان مۆئمىن ئوقۇيالايدۇ. بۇخارى،مۇسلىم،بەيھەقى، تىرمىزى 2175 ـ ھەدىس، ئەبۇ داۋۇد 3768 ـ ھەدىس، سەھىھ. توغرىسىنى **الله** ئۆزى بىلىدۇ.

**7303 ـ حدّثنا عَبْدُ بْنُ حُمَيْدٍ. حَدّثَنَا رَوْحُ بْنُ عُبَادَةَ. حَدّثَنَا هِشَامٌ عَنْ أَيّوبَ، عَنْ نَافِعٍ قالَ: لَقِيَ ابْنُ عُمَرَ ابْنَ صَائِدٍ فِي بَعْضِ سكك المَدِينَةِ. فَقالَ لَهُ قَوْلاً أَغْضَبَهُ. فَانْتَفَخَ حَتّى مَلأَ السّكّةَ. فَدَخَلَ ابْنُ عُمَرَ عَلَى حَفْصَةَ وَقَدْ بَلَغَهَا. فَقالَتْ لَهُ: رَحِمَكَ اللّهُ مَا أَرَدْتَ مِنِ ابْنِ صَائِدٍ؟ أَمَا عَلِمْتَ أَنّ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم قالَ: «إِنّمَا يَخْرُجُ مِنْ غَضْبَةٍ يَغْضَبُهَا».**

ناپىئتىن، ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مەدىينە يوللىرىنىڭ بەزىسىدە ئىبنى سەييادقا ئۇچراپ قېلىپ، ئۇنىڭغا بىر قىسىم سۆزلەرنى قىلىپ، ئۇنىڭ قاتتىق ئاچچىقىنى كەلتۈرۈۋېتىدۇ، ئۇ ئاچچىقتىن يولغا لىق كەلگىدەك(يەنى يولغا پاتمىغىدەك)ئىششىپ يوغىناپ كېتىدۇ، ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ، ھەپسە رەزىيەللاھۇ ئەنھا ئىنىڭ قېشىغا كىرگەندە،ـ ئۇنىڭغا ھېلىقى يولدىكى ئىشلار يەتكەچكە ـ ئۇنىڭغا؛**الله** ساڭا رەھمەت قىلسۇن، سەن ئىبنى سەييادتىن نىمىنى مەقسەت قىلدىڭ؟ سەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم نىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى بىلمەمسەن؟: ھەقىقەتەن دەججال قاتتىق غەزەپ قىلىپ ئاچچىقلانغاندا چىقىدۇ ، مۇسلىم 5216 ـ ھەدىس، ئەھمەد 25223 ـ ھەدىس، 25221 ـ ھەدىس، سەھىھ.

**7304 ـ حدّثنا مُحَمّدُ بْنُ الْمُثَنّى. حَدّثَنَا حُسَيْنٌ (يَعْنِي ابْنَ حَسَنِ بْنِ يَسَارٍ). عن ابْنُ عَوْنٍ عَنْ نَافِعٍ قالَ: كَانَ نَافِعٌ يَقُولُ: ابْنُ صَيّادٍ، قالَ: قالَ ابْنُ عُمَرَ: لَقِيتُهُ مَرّتَيْنِ. قال فَلَقِيتُهُ فَقُلْتُ لِبَعْضِهِمْ: هَلْ تَحَدّثُونَ أَنّهُ هُوَ؟ قالَ: لاَ. وَاللّهِ قال قُلْتُ: كَذَبْتَنِي. وَاللّهِ لَقَدْ أَخْبَرَنِي بَعْضُكُمْ أَنّهُ لَنْ يَمُوتَ حَتّى يَكُونَ أَكْثَرَكُمْ مَالاً وَوَلَداً. فَكَذَلِكَ هُوَ زَعَمُوا الْيَوْمَ. قالَ فَتَحَدّثْنَا ثُمّ فارَقْتُهُ قالَ: فَلَقِيتُهُ لَقْيَةً أُخْرَى وَقَدْ نَفَرَتْ**

عَيْنُهُ. قالَ: فقُلْتُ: مَتَى فعَلَتْ عَيْنُكَ مَا أرَى؟ قالَ: لاَ أدْرِي. قالَ: قُلْتُ: لاَ تَدْرِي وَهِيَ فِي رَأسِكَ؟ قالَ: إنْ شَاءَ اللّهُ خَلَقَهَا فِي عَصَاكَ هَذِهِ. قالَ: فَنَخَرَ كَأشَدّ نَخِيرِ حِمَارٍ سَمِعْتُ. قالَ: فزَعَمَ بَعْضُ أصْحَابِي أنّي ضَرَبْتُهُ بعَصاً كَانَتْ مَعِي حَتّى تَكَسّرَتْ. وَأمّا أنَا، فوَاللّهِ مَا شَعَرْتُ. قالَ: وَجَاءَ حَتّى دَخَلَ على أمّ المُوءمِنِينَ فحَدّثَهَا فقالَتْ: مَا تُرِيدُ إلَيْهِ؟ ألَمْ تَعْلَمْ أنّهُ قدْ قالَ: «إنّ أوّلَ مَا يَبْعَثُهُ عَلَى النّاسِ غَضَبٌ يَغْضَبُهُ».

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: مەن ئىبنى سەييادقا ئۇچۇنجى قېتىم ئۇچراشقاندا، ئۇنىڭ بىر كۆزىنىڭ ئىرىسى بىر يانغا قىچىپ، ئىششىپ كىتىپتىكەن، مەن ئۇنىڭغا؛ مەن كۆرىۋاتقان كۆزۈڭدىكى بۇ ھادىس قاچان يۈز بەردى؟ دىسەم، ئۇماڭا؛ بىلمەيمەن دىدى، مەن؛ كۆزۈڭ سىنىڭ ئۆزۈڭنىڭ بېشىدا تۇرسىمۇ بىلمەمسەن؟دىسەم، ئۇ؛ ئەگەر الله خالىسا، بۇ كۆزنى سىنىڭ ھاساڭغىمۇ يارىتىۋىرىدۇ دىدى، ئاندىن خۇددى ئىشەك ھاڭرىغاندەك، قاتتىق ئاۋاز قىلىپ ئاچچىقلاپ كەتتى.كىشىلەر ئۇنىڭ كۆزىگە مىنى ھاسا بىلەن ئۇردى دەپ گۇمان قىلىدىكەن، لىكىن مەن ئۇنى ئۇرمۇدۇم. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ، ھەپسە رەزىيەللاھۇ ئەنھە ئانىڭ قىشىغا كىرگەندە،ـ ئۇنىڭغا ھىلىقى يولدىكى ئىشلار يەتكەچكە ـ ئۇنىڭغا؛الله ساڭا رەھمەت قىلسۇن، سەن ئىبنى سەييادتىن نىمىنى مەقسەت قىلدىڭ؟ سەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم نىڭ مۇنداق دىگەن لىكىنى بىلمەمسەن؟ : ھەقىقەتەن دەججال قاتتىق غەزەپ قىلىپ ئاچچىقلانغاندا چىقىدۇ.

## 1321 ـ باب ذكر الدجال وصفته وما معه دەججال ۋە ئۇنىڭ سۈپىتى توغرىسىدا

7305 ـ7306 ـ حدّثنا أبُو بَكْرِ بْنُ أبِي شَيْبَةَ. حَدّثَنَا أبُو أُسَامَةَ وَ مُحَمّدُ بْنُ بِشْرٍ. قالاَ: حَدّثنَا عُبَيْدُ اللّهِ عَنْ نَافِعٍ، عَنِ ابْنِ عُمَرَ. ح وَحَدّثَنَا ابْنُ نُمَيْرٍ (وَاللّفْظُ لَهُ). حَدّثنَا مُحَمّدُ بْنُ بِشْرٍ. حَدّثَنَا عُبَيْدُ اللّهِ عَنْ نَافِعٍ، عَنِ ابْنِ عُمَرَ أنّ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم ذَكَرَ الدّجّالِ بَيْنَ ظَهْرَانَي النّاسِ فقالَ: «إنّ اللّهَ تَعَالَى لَيْسَ بِأعْوَرَ. ألاَ وَإنّ الْمَسِيحَ الدّجّالَ أعْوَرُ الْعَيْنِ الْيُمْنَى. كَأنّ عَيْنَهُ عِنَبَةٌ طَافِئَةٌ».

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ئاللاھتائالا ئەۋەتكەن ھەرقانداق بىر پەيغەمبەر ئۇممىتىنى دەججالدىن ئاگاھلاندۇردى، نۇھ ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى بارلىق پەيغەمبەرلەر دەججالدىن ئاگاھلاندۇردى، ھەقىقەتەن دەججال سىلەرنىڭ ئاراڭلارغا چىقىدۇ، ئۇنىڭ ئىشىدىن ھېچ نەرسە سىلەرگە مەخپى بولمايدۇ، دەججالمۇ سىلەرگە مەخپى بولمايدۇ. ھەقىقەتەن رەببىڭلار الله سىلەرگە مەخپى بولمايدۇ، الله نىڭ بىركۆزى كور ئەمەس، دەججالنىڭ بولسا ئوڭ كۆزى كوردۇر، ئۇنىڭ كۆزى خۇددى سوقا ئۈزۈمدەك ئۆرلەڭگۈ، كۆكتۇر.بۇخارى،مۇسلىم.

7307 ـ حدّثنا مُحَمّدُ بْنُ الْمُثَنّى وَ مُحَمّدُ بْنُ بَشّارٍ. قالاَ: حَدّثنا مُحَمّدُ بْنُ جَعْفَرٍ. حَدّثَنَا شُعْبَةُ عَنْ قَتَادَةَ قالَ: سَمِعْتُ أنَسَ بْنَ مَالِكٍ. قالَ: قالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: «مَا مِنْ نَبِيَ إلاّ وَقَدْ أنْذَرَ أُمّتَهُ الأعْوَرَ الْكَذّابَ. ألاّ إنّهُ أعْوَرُ. وَإنّ رَبّكُمْ لَيْسَ بِأعْوَرَ. وَمَكْتُوبٌ بَيْنَ عَيْنَيْهِ كَ ف رَ».
7308 ـ حدّثنا ابْنُ الْمُثَنّى وَ ابْنُ بَشّارٍ (وَاللّفْظُ لابْنِ المُثَنّى). قالاَ: حَدّثَنَا مُعَاذُ بْنُ هِشَامٍ. حَدّثنِي أبِي عَنْ قَتَادَةَ. حَدّثنَا أنَسُ بْنُ مَالِكٍ أنّ نَبِيّ اللّهِ صلى الله عليه وسلم قالَ: «الدّجّالُ مَكْتُوبٌ بَيْنَ عَيْنَيْهِ ك ف ر. أيْ كَافِرٌ».
7309 ـ وحدّثنِي زُهَيْرُ بْنُ حَرْبٍ. حَدّثنَا عَفّانُ. حَدّثَنَا عَبْدُ الوَارِثِ عَنْ شُعَيْبِ بْنِ الحَبْحَابِ، عَنْ أنَسِ بْنِ مَالِكٍ قالَ: قالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: «الدّجّالُ مَمْسُوحُ الْعَيْنِ مَكْتُوبٌ بَيْنَ عَيْنَيْهِ كَافِرٌ» ثُمّ تَهَجّاهَا ك ف ر. «يَقْرَؤُهُ كُلّ مُسْلِمٍ».

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ھەر قانداق بىر پەيغەمبەر بولىدىكەن، ئۇ ئۈممىتىنى بىر كۆزى كور، كاززاپ دەججالدىن ئاگاھلاندۇردى، ئاگاھ بولۇڭلار، دەججالنىڭ بىر كۆزى كوردۇر، ھەققەتەن رەببىڭلار بىر كۆزى كور ئەمەس. (الله نىڭ قەتئىي ئوخششى يوقتۇر)، دەججالنىڭ ئىككى كۆزى ئارىسىغا، پىشانىسىغا «ك ف ر» دەپ يېزىقلىقتۇر، ئۇنى ھەر قانداق مۆئمىن ئوقۇيالايدۇ، بۇخارى،مۇسلىم. تىرمىزىيلار توپلىغان، سەھىھ. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ئاللاھتائالا ئەۋەتكەن ھەر قانداق پەيغەمبەر ئۈممىتىنى بىر كۆزى كور كاززاپ دەججالدىن ئاگاھلاندۇردى، ئاگاھ بولۇڭلار، دەججالنىڭ بىر كۆزى كوردۇر، ھەققەتەن پەرۋەردىگارىڭلار بىر كۆزى كور ئەمەس، دەججالنىڭ ئىككى كۆزى ئارىسىغا، پىشانىسىغا (كافىر) دەپ يېزىقلىق بولۇپ، ئۇ خەتنى ھەر قانداق مۆئمىن ئوقۇيالايدۇ. ئەھمەد، بەيھەقى، ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ. بۇ ھەدىسىدىن ئاللاھتائالانىڭ ئۆزىگە لايىق رەۋىشتە ئوخششى يوق، ئىككى كۆزى باردۇر، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بار دىدى، بىزمۇ بار دېدۇق، قەتئىي ئوخششى يوقتۇر، كۆزى بارلىقى مەلۇم، كەيپىياتى نامەلۇم، ئىمان، ئېتىقاد ۋاجىپ، كەيپىياتتىن سوئال سوراش بىدئەتتۇر.

**7310 ـ حدّثنا مُحَمّدُ بْنُ عَبْدِ اللّهِ بْنِ نُمَيْرٍ وَ مُحَمّدُ بْنُ العَلاَءِ وَ إِسْحَقُ بْنُ إِبْرَاهِيمَ (قَالَ إِسْحَقُ: أَخْبَرَنَا. وَقَالَ الآخَرَانِ: حَدّثَنَا) أَبُو مُعَاوِيَةَ عَنِ الأَعْمَشِ، عَنْ شَقِيقٍ، عَنْ حُذَيْفَةَ قَالَ: قَالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: «الدّجّالُ أَعْوَرُ الْعَيْنِ الْيُسْرَىَ. جُفَالُ الشّعَرِ. مَعَهُ جَنّةٌ وَنَارٌ. فَنَارُهُ جَنّةٌ وَجَنّتُهُ نَارٌ».**

ھۇزەيفە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: دەججالنىڭ سول كۆزى كوردۇر، ئۇنىڭ تۈكلىرى بەك كۆپ، قويۇقتۇر، (چۈنكى ئۇ ئۇزۇن باغلاقتا تۇرغان) ئۇنىڭ بىلەن بىرگە جەننەت، دوۋزاخنىڭ تەقلىدى كۆرۈنۈشى باردۇر، ئۇنىڭ دوۋزاخ دىگىنى جەننەتتۇر، جەننەت دىگىنى دوۋزاختۇر، ئەھمەد، مۇسلىم، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

**7311 ـ حدّثنا أَبُو بَكْرِ بْنُ أَبِي شَيْبَةَ. حَدّثَنَا يَزِيدُ بْنُ هَرُونَ عَنْ أَبِي مَالِكٍ الأَشْجَعِيّ، عَنْ رِبْعِيّ بْنِ حِرَاشٍ، عَنْ حُذَيْفَةَ قَالَ: قَالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: «لأَنَا أَعْلَمُ بِمَا مَعَ الدّجّالِ مِنْهُ. مَعَهُ نَهْرَانِ يَجْرِيَانِ. أَحَدُهُمَا، رَأْيَ الْعَيْنِ، مَاءٌ أَبْيَضُ. وَالآخَرُ، رَأْيَ الْعَيْنِ، نَارٌ تَأَجّجُ. فَإِمّا أَدْرَكَنّ أَحَدٌ فَلْيَأْتِ النّهْرَ الّذِي يَرَاهُ نَاراً وَلْيُغَمّضْ. ثُمّ لِيُطَأْطِىءْ رَأْسَهُ فَيَشْرَبَ مِنْهُ. فَإِنّهُ مَاءٌ بَارِدٌ. وَإِنّ الدّجّالَ مَمْسُوحُ الْعَيْنِ. عَلَيْهَا ظَفَرَةٌ غَلِيظَةٌ. مَكْتُوبٌ بَيْنَ عَيْنَيْهِ كَافِرٌ. يَقْرَؤُهُ كُلّ مُؤْمِنٍ، كَاتِبٍ وَغَيْرِ كَاتِبٍ».**

**7312 ـ7313 ـ حدّثنا عُبَيْدُ اللّهِ بْنُ مُعَاذٍ. حَدّثَنَا أَبِي. حَدّثَنَا شُعْبَةُ. ح وَحَدّثَنَا مُحَمّدُ بْنُ الْمُثَنّى (وَاللّفْظُ لَهُ). حَدّثَنَا مُحَمّدُ بْنُ جَعْفَرٍ. حَدّثَنَا شُعْبَةُ عَنْ عَبْدِ الْمَلِكِ بْنِ عُمَيْرٍ، عَنْ رِبْعِيّ ابْنِ حِرَاشٍ، عَنْ حُذَيْفَةَ، عَنِ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم أَنّهُ قَالَ: فِي الدّجّالِ: «إِنّ مَعَهُ مَاءً وَنَاراً. فَنَارُهُ مَاءٌ بَارِدٌ، وَمَاؤُهُ نَارٌ. فَلاَ تَهْلِكُوا».قَالَ أَبُو مَسْعُودٍ: وَأَنَا سَمِعْتُهُ مِنْ رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم.**

ھۇزەيفە، ئەبۇ مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: مەن دەججالنىڭ ئۆزى بىلەن بىللە بار بولغان سېھرى، ھىيلە ــ نەيرەڭلىرىنى ئۇبدان بىلىمەن، ئۇنىڭ بىلەن

## سەھىھ مۇسلىمنىڭ تەرجىمىسى

ئېقىۋاتقان ئىككى ئۆستەڭ بار بولۇپ، ئۇنىڭ بىرى كۆزگە كۆرۈنۈشتە ئاپئاق سۇدەك كۆرۈنىدۇ، يەنە بىرى بولسا يالقۇنلاۋاتقان ئوتتەك كۆرۈنىدۇ، سىلەردىن بىر كىشى بۇ ئەھۋاللارنى ئۇچرىتىپ قالسا، ئۆزى ئوت دەپ گۇمان قىلغان ئۆستەڭگە چۈشسۇن، ئاندىن بېشىنى پەس قىلىپ سىلىكسۇن، سۇ ئىچسۇن، ھەقىقەتەن ئۇ ئوتتەك كۆرۈنگىنى سوغۇق سۇدۇر، ھەقىقەتەن دەججالنىڭ سول كۆزى (بىر خاتىرىدە ئوڭ كۆزى) سىلىقۋەتكەنكلا كوردۇر، كۆزىنىڭ ئۈستىدە يېپىپ تۇرىدىغان قېلىن تېرە باردۇر، ئىككى كۆزىنىڭ ئارىسىغا «كافىر» دەپ يېزىلغان بولۇپ، بۇ خەتنى كاتىپ بولسۇن ياكى خەت يازالمايدىغان مۆئمىن بولسۇن، ھەر قانداق مۆئمىن ئوقىيالايدۇ، ئوقۇشنىڭ (شەرتى مۆئمىن بولۇشتۇر). ئەھمەد، بەيھەقى، ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ.

7314 ـ حدّثنا عَلِيّ بْنُ حُجْرٍ. حَدّثَنَا شُعَيْبُ بْنُ صَفْوَانَ عَنْ عَبْدِ المَلِكِ ابْنِ عُمَيْرٍ، عَنْ رِبْعِيّ بْنِ حِرَاشٍ، عَنْ عُقْبَةَ بْنِ عَمْرٍو، أَبِي مَسْعُودٍ الأَنْصَارِيّ قَالَ: انْطَلَقْتُ مَعَهُ إلَىَ حُذَيْفَةَ بْنِ الْيَمَانِ. فَقَالَ لَهُ عُقْبَةُ: حَدّثْنِي مَا سَمِعْتَ مِنْ رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم فِي الدّجّالِ. قَالَ: «إِنّ الدّجّالَ يَخْرُجُ. وَإِنّ مَعَهُ مَاءً وَنَاراً. فَأَمّا الذِي يَرَاهُ النّاسُ مَاءً، فَنَارٌ تُحْرِقُ. وَأَمّا الّذِي يَرَاهُ النّاسُ نَاراً، فَمَاءٌ بَارِدٌ عَذْبٌ. فَمَنْ أَدْرَكَ ذَلِكَ مِنْكُمْ فَلْيَقَعْ فِي الّذِي يَرَاهُ نَاراً. فَإِنّهُ مَاءٌ عَذْبٌ طَيّبٌ». فَقَالَ عُقْبَةُ: وَأَنَا قَدْ سَمِعْتُهُ. تَصْدِيقاً لِحُذَيْفَةَ.

7315 ـ حدّثنا عَلِيّ بْنُ حُجْرٍ السّعْدِيّ وَ إِسْحَقُ بْنُ إِبْرَاهِيمَ ــ وَاللّفْظُ لاِبْنِ حُجْرٍ ــ (قَالَ إِسْحَقُ: أَخْبَرَنَا. وَقَالَ ابْنُ حُجْرٍ: حَدّثَنَا) جَرِيرٌ عَنِ الْمُغِيرَةِ، عَنْ نُعَيمِ بْنِ أَبِي هِنْدٍ، عَنْ رِبْعِيّ بْنِ حِرَاشٍ قَالَ: اجْتَمَعَ حُذَيْفَةُ وَ أَبُو مَسْعُودٍ. فَقَالَ حُذَيْفَةُ: «لأَنَا بِمَا مَعَ الدّجّالِ أَعْلَمُ مِنْهُ. إِنّ مَعَهُ نَهْراً مِنْ مَاءٍ وَنَهْراً مِنْ نَارٍ. فَأَمّا الّذِي تَرَوْنَ أَنّهُ نَارٌ، مَاءٌ. وَأَمّا الّذِي تَرَوْنَ أَنّهُ مَاءٌ، نَارٌ فَمَنْ أَدْرَكَ ذَلِكَ مِنْكُمْ فَأَرَادَ الْمَاءَ فَلْيَشْرَبْ مِنَ الّذِي يَرَاهُ أَنّهُ نَارٌ. فَإِنّهُ سَيَجِدُهُ مَاءً». قَالَ أَبُو مَسْعُودٍ: هَكَذَا سَمِعْتُ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم يَقُولُ.

ھۇزەيفە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ھەقىقەتەن دەججال چىققاندا ئۇنىڭ بىلەن سۇ ھەم ئوت باردۇر، ئەمما كىشىلەر، مۇزلۇق سۇ دەپ گۇمان قىلغان نەرسە بولسا، ئەمەلىيەتتە، كۆيدۈرىدىغان ئوتتۇر، ئەمما، كىشىلەر ئوت دەپ گۇمان قىلغان نەرسە، ئەمەلىيەتتە سوغۇق تاتلىق سۇدۇر، سىلەردىن كىم شۇ ئەھۋالنى تاپسا، دەججالنىڭ سىنىقىغا دۇچ كەلسە، ئوت دەپ گۇمان قىلغان نەرسىگە ئىككىلەنمەي سەكرەپ چۈشسۇن، چۈنكى، ئۇ تاتلىق سوغۇق سۇدۇر، ھەقىقەتەن دەججالنىڭ سول كۆزى (بىر خاتىرىدە ئوڭ كۆزى) سىلىقۋەتكەندەكلا كوردۇر، كۆزىنىڭ ئۈستىدە يېپىپ تۇرىدىغان قېلىن تېرە باردۇر، ئىككى كۆزىنىڭ ئارىسىغا «كافىر» دەپ يېزىلغان بولۇپ، بۇ خەتنى كاتىپ بولسۇن ياكى خەت يازالمايدىغان مۆئمىن بولسۇن، ھەر قانداق مۆئمىن ئوقىيالايدۇ، ئوقۇشنىڭ (شەرتى مۆئمىن بولۇشتۇر). ئەھمەد، بەيھەقى، ئەبۇ داۋۇد، بۇخارى،مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ. (دەججال بىر قولىدا ئوت، بىر قولىدا سۇ بىلەن كىشىلەرنى سىناپ، ئازدۇرىدۇ، ئىلاھلىق داۋاسى قىلىدۇ، ئۇنىڭدا سېھىرگەرلىك بار، جىنلار ھەمكارلىشىدۇ، شەيتان ياردەمچى بولىدۇ، بەندىلەرنى سىناش ئۈچۈن ھەرخىل ئىشلار باردۇر، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭغا ئالدانماڭلار، ئۇنىڭ بىر كۆزى كوردۇر، پىشانىسىدە كاپىر دىگەن خەت يېزىقلىق بولىدۇ)

**7316 ـ حدّثني مُحَمّدُ بْنُ رَافِعٍ. حَدّثنَا حُسَيْنُ بْنُ مُحَمّدٍ. حَدّثنَا شَيْبَانُ عَنْ يَحْيَى، عَنْ أبي سَلَمَةَ قالَ: سَمِعْتُ أَبَا هُرَيْرَةَ قَالَ: قَالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: «ألاَ أُخْبِرُكُمْ عَنِ الدّجّالِ حَدِيثاً مَا حَدّثَهُ نَبِيّ قَوْمَهُ؟ إِنّهُ أَعْوَرُ. وَإِنّهُ يَجِيءُ مَعَهُ مِثْلُ الْجَنّةِ وَالنّارِ. فَالّتِي يَقُولُ إِنّهَا الجَنّةُ، هِيَ النّارُ، وَإِنّي أَنْذَرْتُكُمْ بِهِ كَمَا أَنْذَرَ بِهِ نُوحٌ قَوْمَهُ».**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: مەن سىلەرگە دەججال توغرىسىدا مەندىن بۇرۇن ھىچبىر پەيغەمبەر قەۋمىگە سۆزلەپ بەرمىگەن بىر سۆزنى سۆزلەپ بەرمەيمۇ؟ ھەقىقەتەن ئۇ بىر كۆزى كوردۇر، ئۇنىڭ بىلەن بىللە جەننەت، دوۋزاخنىڭ مىسالى، ئوخشاش سۈرىتى بار، ئۇ نىڭ جەننەت دىگىنى دوۋزاخدۇر، (يەنە بىر خاتىرىدە ئۇنىڭ ئوت دىگىنى مۇزلۇق سۇدۇر) ھەقىقەتەن مەن سىلەرنى دەججالدىن خۇددى نۇھ ئەلەيھىسسالام قەۋمىنى ئاگاھلاندۇرغاندەك ئاگاھلاندۇرىمەن، بۇخارى،مۇسلىم بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ. ئىلگىرىكى ئۇممەتلەرنىڭ ۋە ھازىر ئۆلۈپ كېتىۋاتقان كىشىلەرنىڭ دەججالدىن ئاللاھقا سېغىنىپ پاناھ تىلىشى، يامانلىقتا، رەزىللىككە، مۇنكەر ئىشقا، باتىلغا، دىنسىزلىقتا قارشى تۇرۇشدۇر، دۈشمەنگە ئالدىن تەييارلىق قىلىشدۇر، ئىددىيىدە جەڭ قىلىشتۇر، شەكسىز ئىشەنگەن ئىماندۇر، ۋەللاھۇ ئەئلەم.

**7317 ـ حدّثنا أَبُو خَيْثَمَةَ، زُهَيْرُ بْنُ حَرْبٍ. حَدّثنَا الْوَلِيدُ بْنُ مُسْلِمٍ. حَدّثنِي عَبْدُ الرّحْمَنِ ابْنُ يَزِيدَ بْنِ جَابِرٍ. فَحَدّثنِي يَحْيَى بْنُ جَابِرٍ الطّائِيّ، قاضِي حِمْصَ. حَدّثنِي عَبْدُ الرّحْمَنِ بْنُ جُبَيْرٍ عَنْ أَبِيهِ، جُبَيْرِ بْنِ نُفَيْرٍ الحَضْرَمِيّ أَنّهُ سَمِعَ النّوّاسَ بْنَ سَمْعَانَ الْكِلاَبِيّ. ح وَحَدّثنِي مُحَمّدُ بْنُ مِهْرَانَ الرّازِيّ (وَاللّفْظُ لَهُ). حَدّثنَا الْوَلِيدُ بْنُ مُسْلِمٍ. حَدّثنَا عَبْدُ الرّحْمَنِ بْنُ يَزِيدَ بْنِ جَابِرٍ عَنْ يَحْيَى بْنِ جَابِرٍ الطّائِيّ، عَنْ عَبْدِ الرّحْمَنِ بْنِ جُبَيْرِ بْنِ نُفَيْرٍ، عَنْ أَبِيهِ، جُبَيْرِ بْنِ نُفَيْرٍ، عَنِ النّوّاسِ بْنِ سَمْعَانَ قَالَ: ذَكَرَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم الدّجّالَ ذَاتَ غَدَاةٍ، فَخَفّضَ فِيهِ وَرَفّعَ. حَتّى ظَنَنّاهُ فِي طَائِفَةِ النّخْلِ. فَلَمّا رُحْنَا إِلَيْهِ عَرَفَ ذَلِكَ فِينَا. فَقَالَ: «مَا شَأْنُكُمْ؟» قُلْنَا: يَا رَسُولَ اللّهِ ذَكَرْتَ الدّجّالَ غَدَاةً فَخَفّضْتَ فِيهِ وَرَفّعْتَ. حَتّى ظَنَنّاهُ فِي طَائِفَةِ النّخْلِ. فَقَالَ: «غَيْرُ الدّجّالِ أَخْوَفُنِي عَلَيْكُمْ. إِنْ يَخْرُجْ، وَأَنَا فِيكُمْ، فَأَنَا حَجِيجُهُ دُونَكُمْ. وَإِنْ يَخْرُجْ، وَلَسْتُ فِيكُمْ، فَامْرُؤٌ حَجِيجُ نَفْسِهِ. وَاللّهُ خَلِيفَتِي عَلَى كُلّ مُسْلِمٍ. إِنّهُ شَابّ قَطَطٌ. عَيْنُهُ طَافِئَةٌ. كَأَنّي أُشَبّهُهُ بِعَبْدِ الْعُزّى بْنِ قَطَنٍ. فَمَنْ أَدْرَكَهُ مِنْكُمْ فَلْيَقْرَأْ عَلَيْهِ فَوَاتِحَ سُورَةِ الْكَهْفِ. إِنّهُ خَارِجٌ خَلّةً بَيْنَ الشّامِ وَالْعِرَاقِ. فَعَاثَ يَمِيناً وَعَاثَ شِمَالاً. يَا عِبَادَ اللّهِ فَاثْبُتُوا». قُلْنَا: يَا رَسُولَ اللّهِ وَمَا لَبْثُهُ فِي الأَرْضِ؟ قَالَ: «أَرْبَعُونَ يَوْماً. يَوْمٌ كَسَنَةٍ. وَيَوْمٌ كَشَهْرٍ. وَيَوْمٌ كَجُمُعَةٍ. وَسَائِرُ أَيّامِهِ كَأَيّامِكُمْ» قُلْنَا: يَا رَسُولَ اللّهِ فَذَلِكَ الْيَوْمُ الّذِي كَسَنَةٍ، أَتَكْفِينَا فِيهِ صَلاَةُ يَوْمٍ؟ قَالَ: «لاَ. اقْدُرُوا لَهُ قَدْرَهُ» قُلْنَا: يَا رَسُولَ اللّهِ وَمَا إِسْرَاعُهُ فِي الأَرْضِ؟ قَالَ: «كَالْغَيْثِ اسْتَدْبَرَتْهُ الرّيحُ. فَيَأْتِي عَلَى الْقَوْمِ فَيَدْعُوهُمْ، فَيُؤْمِنُونَ بِهِ وَيَسْتَجِيبُونَ لَهُ. فَيَأْمُرُ السّمَاءَ فَتُمْطِرُ. وَالأَرْضَ فَتُنْبِتُ. فَتَرُوحُ عَلَيْهِمْ سَارِحَتُهُمْ، أَطْوَلَ مَا كَانَتْ ذُراً، وَأَسْبَغَهُ ضُرُوعاً، وَأَمَدّهُ خَوَاصِرَ. ثُمّ يَأْتِي الْقَوْمَ. فَيَدْعُوهُمْ فَيَرُدّونَ عَلَيْهِ قَوْلَهُ. فَيَنْصَرِفُ عَنْهُمْ. فَيُصْبِحُونَ مُمْحِلِينَ لَيْسَ بِأَيْدِيهِمْ شَيْءٌ مِنْ أَمْوَالِهِمْ. وَيَمُرّ بِالْخَرِبَةِ فَيَقُولُ لَهَا: أَخْرِجِي كُنُوزَكِ. فَتَتْبَعُهُ كُنُوزُهَا كَيَعَاسِيبِ النّحْلِ. ثُمّ يَدْعُو رَجُلاً مُمْتَلِئاً شَبَاباً. فَيَضْرِبُهُ بِالسّيْفِ فَيَقْطَعُهُ جَزْلَتَيْنِ رَمْيَةَ الْغَرَضِ. ثُمّ يَدْعُوهُ فَيُقْبِلُ وَيَتَهَلّلُ وَجْهُهُ. يَضْحَكُ. فَبَيْنَمَا هُوَ كَذَلِكَ إِذْ بَعَثَ اللّهُ الْمَسِيحَ ابْنَ مَرْيَمَ. فَيَنْزِلُ عِنْدَ الْمَنَارَةِ الْبَيْضَاءِ شَرْقِيّ دِمَشْقَ. بَيْنَ مَهْرُودَتَيْنِ. وَاضِعاً كَفّيْهِ عَلَى أَجْنِحَةِ مَلَكَيْنِ. إِذَا طَأْطَأَ رَأْسَهُ قَطَرَ. وَإِذَا رَفَعَهُ تَحَدّرَ مِنْهُ جُمَانٌ كَاللّؤْلُؤِ. فَلاَ يَحِلّ لِكَافِرٍ يَجِدُ رِيحَ نَفَسِهِ إِلاّ مَاتَ. وَنَفَسُهُ يَنْتَهِي حَيْثُ يَنْتَهِي طَرْفُهُ. فَيَطْلُبُهُ حَتّى يُدْرِكَهُ بِبَابِ لُدَ. فَيَقْتُلُهُ. ثُمّ يَأْتِي عِيسَى ابْنَ مَرْيَمَ قَوْمٌ قَدْ عَصَمَهُمُ اللّهُ مِنْهُ. فَيَمْسَحُ عَنْ وُجُوهِهِمْ وَيُحَدّثُهُمْ بِدَرَجَاتِهِمْ فِي الْجَنّةِ. فَبَيْنَمَا هُوَ كَذَلِكَ إِذْ أَوْحَى اللّهُ إِلَى عِيسَى: إِنّي قَدْ أَخْرَجْتُ عِبَاداً لِي، لاَ يَدَانِ لأَحَدٍ بِقِتَالِهِمْ. فَحَرّزْ عِبَادِي إِلَى الطّورِ. وَيَبْعَثُ اللّهُ يَأْجُوجَ وَمَأْجُوجَ. وَهُمْ مِنْ كُلّ حَدَبٍ يَنْسِلُونَ. فَيَمُرّ أَوَائِلُهُمْ عَلَى بُحَيْرَةِ طَبَرِيّةَ. فَيَشْرَبُونَ مَا فِيهَا. وَيَمُرّ آخِرُهُمْ فَيَقُولُونَ: لَقَدْ كَانَ بِهَذِهِ، مَرّةً، مَاءٌ. وَيُحْصَرُ نَبِيّ اللّهِ عِيسَى وَأَصْحَابُهُ. حَتّى يَكُونَ رَأْسُ الثّوْرِ لأَحَدِهِمْ خَيْراً مِنْ مِائَةِ دِينَارٍ لأَحَدِكُمُ الْيَوْمَ. فَيَرْغَبُ نَبِيّ اللّهِ عِيسَى وَأَصْحَابُهُ. فَيُرْسِلُ اللّهُ عَلَيْهِمُ النّغَفَ فِي رِقَابِهِمْ. فَيُصْبِحُونَ فَرْسَى كَمَوْتِ نَفْسٍ وَاحِدَةٍ. ثُمّ يَهْبِطُ نَبِيّ اللّهِ عِيسَى وَأَصْحَابُهُ إِلَى الأَرْضِ. فَلاَ يَجِدُونَ فِي الأَرْضِ مَوْضِعَ شِبْرٍ إِلاّ مَلأَهُ زَهَمُهُمْ وَنَتْنُهُمْ. فَيَرْغَبُ نَبِيّ اللّهِ عِيسَى وَأَصْحَابُهُ إِلَى اللّهِ. فَيُرْسِلُ اللّهُ طَيْراً كَأَعْنَاقِ الْبُخْتِ. فَتَحْمِلُهُمْ فَتَطْرَحُهُمْ حَيْثُ شَاءَ اللّهُ. ثُمّ يُرْسِلُ اللّهُ مَطَراً لاَ يَكُنّ مِنْهُ بَيْتُ مَدَرٍ وَلاَ وَبَرٍ. فَيَغْسِلُ الأَرْضَ حَتّى يَتْرُكَهَا كَالزّلَفَةِ. ثُمّ يُقَالُ لِلأَرْضِ: أَنْبِتِي ثَمَرَتَكِ، وَرُدّي بَرَكَتَكِ. فَيَوْمَئِذٍ تَأْكُلُ الْعِصَابَةُ مِنَ الرّمّانَةِ. وَيَسْتَظِلّونَ بِقِحْفِهَا. وَيُبَارَكُ فِي الرّسْلِ. حَتّى أَنّ اللّقْحَةَ مِنَ الإِبِلِ لَتَكْفِي الْفِئَامَ مِنَ النّاسِ.**

**وَاللِّقْحَةَ مِنَ الْبَقَرِ لَتَكْفِي الْقَبِيلَةَ مِنَ النّاسِ وَاللِّقْحَةَ مِنَ الْغَنَمِ لَتَكْفِي الْفَخِذَ مِنَ النّاسِ. فَبَيْنَمَا هُمْ كَذٰلِكَ إِذْ بَعَثَ اللّٰهُ رِيحاً طَيِّبَةً. فَتَأْخُذُهُمْ تَحْتَ آبَاطِهِمْ. فَتَقْبِضُ رُوحَ كُلِّ مُؤْمِنٍ وَكُلِّ مُسْلِمٍ. وَيَبْقَى شِرَارُ النّاسِ، يَتَهَارَجُونَ فِيهَا تَهَارُجَ الْحُمُرِ، فَعَلَيْهِمْ تَقُومُ السّاعَةُ».**

**7318 ـ حدّثنا عَلِيّ بْنُ حُجْرٍ السّعْدِيّ. حَدّثَنَا عَبْدُ اللّهِ بْنُ عَبْدِ الرّحْمَنِ ابْنِ يَزِيدَ بْنِ جَابِرٍ وَ الْوَلِيدُ بْنُ مُسْلِمٍ قَالَ ابْنُ حُجْرٍ: دَخَلَ حَدِيثُ أَحَدِهِمَا فِي حَدِيثِ الآخَرِ عَنْ عَبْدِ الرّحْمَنِ بْنِ يَزِيدَ ابْنِ جَابِرٍ، بِهَـٰذَا الإِسْنَادِ. نَحْوَ مَا ذَكَرْنَا. وَزَادَ بَعْدَ قَوْلِهِ: «ـــ لَقَدْ كَانَ بِهَـٰذِهِ، مَرّةً، مَاءٌ ـــ ثُمّ يَسِيرُونَ حَتّى يَنْتَهُوا إِلَى جَبَلِ الْخَمَرِ. وَهُوَ جَبَلُ بَيْتِ الْمَقْدِسِ. فَيَقُولُونَ: لَقَدْ قَتَلْنَا مَنْ فِي الأَرْضِ. هَلُمّ فَلْنَقْتُلْ مَنْ فِي السّمَاءِ. فَيَرْمُونَ بِنُشّابِهِمْ إِلَى السّمَاءِ. فَيَرُدّ اللّهُ عَلَيْهِمْ نُشّابَهُمْ مَخْضُوبَةً دَماً».**

**وَفِي رِوَايَةِ ابْنِ حُجْرٍ: «فَإِنّي قَدْ أَنْزَلْتُ عِبَاداً لِي، لاَ يَدَيْ لأَحَدٍ بِقِتَالِهِمْ».**

نەۋۋاس ئىبنى سەمئان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: مىنى سىلەردىن ئەنسىرەتكىنى دەججالدىن باشقا نەرسىدۇر ياكى دەججالدىن باشقا نەرسە مىنى سىلەرگە ئەنسىرىتەلمەيدۇ، ئەگەر ئۇ مەن ئاراڭلاردىكى چاغدا چىقىپ قالسا، مەن سىلەرنى قوييۇپ، ئۇنىڭ بىلەن ئۆزۈم ھۆججەت قوييۇپ داۋالىشىمەن، مەن غالىپ كىلىمەن، ئەگەر ئۇ ئاراڭلاردا مەن يوق چاغدا چىقىپ قالسا، ھەربىر ئىنسان ئۆزى ھۆججەت قوييۇپ داۋالىشىدۇ، دەججالغا قارشى چىلىك تۇرىدۇ، ئاللاھتائالا ھەربىر مۇسۇلمانغا مىنىڭ خەلىپەم، ئىز باسارىم بولۇپ ياردەم بىرىدۇ، ھەقىقەتەن دەججال: يىرىك چاچلىق، چىچى قاتتىق بۇدرە، بىر كۆزى نۇرسىز، خۇددى ئۇزۇمدەك ئۆرلەپ قالغاندۇر، مەن ئۇنى ئابدۇلئۇززا ئىبنى قەتەنگە ئوخشىتىمەن، سىلەردىن كىم دەججالنى تاپسا، ئۇنىڭغا قارشى سۈرە كەھفىنىڭ باش تەرىپىدىكى ئايەتلەرنى ئوقۇسۇن،بۇ سىلەرنى ئۇنىڭ پىتنىسىدىن ئەمىن ساقلاپ قالىدۇ، دەججال شام بىلەن ئىراق ئارىسىدىكى تاشلىق بىر زىمىندىن چىقىدۇ، ئۇ ئوڭ تەرەپكە، سول تەرەپكە قاتتىق پىتنە ــ پاسادلار بىلەن ئالدىرايدۇ، ئى ئاللاھنىڭ بەندىلىرى! مۇستەھكەم، چىڭ تۇرۇڭلار، سۇباتلىق بولۇڭلار، ساھابىلار، ئى ئاللاھنىڭ ئەلچىسى، ئۇ زىمىندا قانچىلىك تۇرىدۇ؟ دىدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم؛ 40 كۈن تۇرىدۇ، تۇنجى بىر كۈن بىر يىلدەك. ئىككىنچى كۈن بىر ئايدەك، يەنە بىر كۈن بىر ھەپتىدەك بولۇپ، قالغان كۈنلىرى سىلەرنىڭ ھازىرقى كۈنلىرىڭلارغا ئوخشاشتۇر دىدى، ساھابىلار: ئى ئاللاھنىڭ ئەلچىسى، ئاشۇ بىر كۈن بىر يىلدەك بولسا، شۇ بىر يىلدەك بىر كۈن ئىچىدە ھازىرقى بىر كۈنلۈك نامىزىمىز كۇپايە بولامدۇ؟ دىدى. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: ياق، ھەرگىز كۇپايە بولمايدۇ، ئۇ كۈننى ھازىرقى مۇشۇ كۈنگە ئۆلچەڭلار، مىقدارىنى ئۆلچەپ شۇ ئۇزۇن بىر كۈندە بىر يىللىق نامازنى ئوقۇيسىلەر دەپ جاۋاب بەردى، ئۇلار دەججالنىڭ زىمىندىكى ئالدىراش سۈرئىتى قانداق بولىدۇ؟ دىدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم؛ خۇددى شامال، بوران قالدۇرغان يامغۇردۇر، يەنى بوراندەك تىزلىكتە زىمىننى ئايلىنىدۇ دىدى، دەججال مەلۇم بىر قەۋىمگە كىلىپ، ئۇلارنى ئۆزىگە چاقىرىدۇ، ئۇلار ئۇنىڭغا ئىشىنىپ، ئىمان كەلتۈرىدۇ، چاقىرىقىغا ئاۋاز قوشىدۇ، ئۇ ئاسماننى بۇيرۇيدۇ، ئاسمان يامغۇر ياغدۇرىدۇ، زىمىننى بۇيرىسا زىرائەت، ئوت ــ چۆپلەرنى مول ئۈندۈرىدۇ، ئۇلارغا چاھارپاي، ھايۋانلىرى كەچ تەرەپتە لوكىسى ناھايىتى ئىگىز، بويى ئۆسكەن يىلىنلىرى سۈتكە تولغان، قورساقلىرى توييۇپ، تازا چىققان ھالەتتە قايتىپ كىلىدۇ، (يەنى بىر كۈندىلا سەمرىپ كىتىدۇ،) ئاندىن ئۇ يەنە بىر قەۋىمگە كىلىپ، ئۇلارنى چاقىرىدۇ، ئۇلار ئۇنىڭ سۆزىنى رەت قىلىدۇ، دەججال ئۇلاردىن قايتىپ كىتىدۇ، ئۇلار قەھەتچىلىككە قىلىپ، قوللىرىدا ھىچ نەرسە قالمايدۇ، مال ــ مۈلۈكلىرى تۈگەپ كىتىدۇ، دەججال بىر خارابىلىقدىن ئۆتۈپ، ئۇ جايغا؛ ئالتۇن ــ كۈمۈش كانلىرىڭنى چىقارغىن دەيدۇ، ئاندىن ئۇ جاينىڭ كانلىرى دەججالغا خۇددى ھەسەل ھەرىسىنىڭ جامائەت تويى ئەگەشكەندەك ئەگىشىۋالىدۇ، ئاندىن ئۇ، تولغان، ياش،

سېمىز بىر يىگىتنى چاقىرىپ، ئۇنى قىلىچ بىلەن چېپىپ، ئىككى پارچە قىلىپ، ئوقيانى نىشانغا ئاتقاندەك يىراققا ئېتىۋېتىدۇ، ئاندىن دەججال ئۇ يىگىتنى چاقىرسا، يىگىت يۈزلىرى نۇرلانغان، كۈلۈمسىرىگەن ھالدا خۇشخۇي چىراي بىلەن ئالدىنى قىلىپ كېلىدۇ، ئۇلار شۇ ھالەتتە تۇرغاندا، تۇيۇقسىز ئاللاھتائالا مەريەم ئوغلى ئەيسانى ئەۋەتىدۇ، ئەيسا، (ھازىرقى سۇرىيەنىڭ پايتەختى) دەمەشقنىڭ شەرقى تەرىپىدىكى ئاق مۇنارغا زەئپىران بىلەن بويالغان ئىككى تون ئارىسىدا ئىككى قولىنى ئىككى پەرىشتىنىڭ قاناتلىرىغا قويغان ھالدا چۈشىدۇ، ئۇ بېشىنى پەس قىلسا، تامچىلار چۈشىدۇ، بېشىنى ئېگىز كۆتۈرسە ئۇنىڭدىن خۇددى گۆھەر دانچىلىرىدەك تەر چۈشىدۇ، ھەرقانداق كاپىر، دىنسىز ئۇنىڭ نەپەس پۇرىقىنى تاپسا، شۇ ھامان ئۆلىدۇ، ئۇنىڭ نەپەس پۇراقلىرى كۆزى يەتكەن جايغا يېتىدۇ، ئاندىن ئەيسا ئەلەيھىسسالام دەججالنى قوغلاپ بېرىپ، ئۇنى لود دىگەن جاينىڭ ئىشىكىدە تېپىپ، شۇ جايدىلا ئۆلتۈرىۋېتىدۇ، ئاندىن ئەيسا ئەلەيھىسسالامغا، ئاللاھتائالا دەججالدىن ساقلاپ، مۇھاپىزەت قىلىپ قالغان قەۋملەر كېلىدۇ، ئەيسا ئۇلارنىڭ يۈزلىرىنى سىلاپ ئۇلارغا ئۇلارنىڭ جەننەتتىكى دەرىجىلىرىنى سۆزلەپ بېرىدۇ، ئۇلار شۇ ھالەتتە تۇرغاندا، تۇيۇقسىز، ئاللاھتائالا، ئەيسا ئەلەيھىسسالامغا مۇنداق ۋەھى قىلىدۇ: ھەقىقەتەن مەن نۇرغۇن بەندىلەرنى چىقىرىۋېتىمەن، ئۇلارنى ئۆلتۈرۈشكە ئۇلار بىلەن ئۇرۇش قىلىشقا ھېچبىر كىشى ئۇچۇن كۈچ ــ قۇدرەت يوق، سەن بۇ بەندىلىرىمنى تۇر تېغىغا يىغقىن! (ئەيسا، مۇسۇلمانلار بىلەن تۇر تېغىغا جايلاشقاندا) ئاللاھتائالا يەئجۇج ۋە مەئجۇجلارنى ئەۋەتىدۇ، ئۇلار ھەربىر ئېگىز جايلاردىن ئالدىرىشىپ، يۈگۈرۈشۈپ كېلىدۇ، ئۇلارنىڭ ئەۋۋەلكى قوشۇنلىرى تەبرىييە دېڭىزىدىن ئۆتۈپ، ئۇنىڭدىكى سۇنى ئىچىپ تۈگىتىدۇ، ئۇلارنىڭ ئاخىرى كېلىپ، ھەقىقەتەن مۇشۇ جايدا بىر قېتىم سۇ ئېقىپتىكەن ھە! دەپ قالىدۇ. ئاندىن ئۇلار سەيرە قىلىپ، خەمىر تېغىغا يېتىپ بارىدۇ، ئۇ بەيتۇلمۇقەددەستىكى تاغدۇر، ئاندىن ئۇلار ھەقىقەتەن بىز زىمىندىكى كىشلەرنى ئۆلتۈرۈپ تۈگەتتۇق، كېلىڭلار، ئەمدى بىز ئاسماندىكى كىشلەرنى ئۆلتۈرەيلى! دەپ ئاسمانغا ئوقيا ئاتىدۇ، ئاللاھ ئۇلارنى تېخىمۇ پىتنە، سىناققا قويۇش ئۇچۇن، ئۇلارنىڭ ئوقيالىرىنى قانغا بويالغان ھالدا قايتۇرۇپ بېرىدۇ،

ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى ئەيسا ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى مۇھاسىرىگە ئېلىنىدۇ، ھەتتا ئۇلارغا بىر كالىنىڭ بېشى، بۈگۈنكى كۈندە سىلەرنىڭ بىرىڭلارغا 100 دىينار ئالتۇن بولۇشىدىنمۇ ياخشىراق بولۇپ قالىدۇ، ئەيسا ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى ئاللاھقا ئىلتىجا قىلىپ، تەزەررۇئ بىلەن دۇئا قىلىدۇ، ئاللاھتائالا يەئجۇج ۋە مەئجۇجلارنىڭ بويۇنلىرىغا تۆگە، قوينىڭ بۇرنىغا كىرىۋالىدىغان قۇرۇتتەك بىر خىل قۇرۇتنى ئەۋەتىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇلار خۇددى بىر كىشى ئۆلگەندەكلا، ئۆلۈكلەرگە ئايلىنىپ كېتىدۇ، ئاندىن ئاللاھتائالانىڭ ياردىمى بىلەن ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى ئەيسا ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى (قورغاندىن )زىمىنغا چۈشىدۇ، ئۇلار زىمىندىن بىر غېرىچ يەرنى تاپسىلا ئۇ جايدا يەئجۇج مەئجۇجلارنىڭ تاپلىرى، سېسىق پۇراقلىرى لىق تولغاندۇر، ئەيسا ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى، ئاللاھقا دۇئا قىلىدۇ، ئاللاھتائالا ئۇلارنىڭ دۇئاسىنى ئىجاۋەت قىلىپ، تۆگىنىڭ بوينىغا ئوخشاپ كېتىدىغان قۇشلارنى ئەۋەتىدۇ، قۇشلار ئۇلارنى كۆتۈرۈپ، ئاللاھ خالىغان جايلارغا زىمىننىڭ ئەڭ يىراق چوڭقۇر جايلىرىغا تاشلايدۇ،مۇسۇلمانلار ئۇلارنىڭ قۇرال ــياراق، ئوقيالىرىنىڭ ياغىچىنى يەتتە يىل قالايدۇ، ئاندىن، ئاللاھتائالا يامغۇر ئەۋەتىدۇ، بۇ يامغۇر ھەربىر يۇڭ كىگىز ئۆي بولسۇن، ياكى تاش، چالما ئۆي بولسۇن، پاك ــ پاكىز يۇيۇپ، تازىلاپ، زىمىننى خۇددى ئەينەكتەك پاكىز قىلىپ قويىدۇ، ئاندىن زىمىنغا مېۋىلىرىڭنى ئۈندۈرگىن، بەرىكىتىڭنى ياغدۇرغىن دىيىلىدۇ، شۇ چاغدىكى

**سەھىھ مۇسلىمنىڭ تەرجىمىسى**

بەرىكەتتىن بىر توپ جامائەت، بىر دانە ئانارنى يەپ تويىدۇ، ئۇنىڭ شاخلىرىدا سايىدايدۇ، ئۇ چاغدا سۈتكە شۇنداق بەرىكەت بېرىلىدۇكى، ھەقىقەتەن بىر دانە سېغىن تۆگە كىشىلەردىن نۇرغۇن جامائەتكە كۇپايە بولىدۇ. بىر دانە سېغىن كالا، كىشىلەرنىڭ بىر قەبىيلىسىگە كۇپايە بولىدۇ، بىر دانە سېغىن قوي، كىشىلەرنىڭ بىر جەمەتكە كۇپايە بولىدۇ، ئۇلار شۇ ھالەتتە تۇرغاندا، تويۇقسىز ئاللاھتائالا، پاك، خۇشپۇراق بىر خىل يۇمشاق لەرزان شامالنى ئەۋەتىدۇ، ئۇ شامال ئۇلارنىڭ قولتۇقلىرىدىن ئۆتۈپ، ھەربىر مۆئمىن مۇسۇلماننىڭ جېنىنى ئالىدۇ، كىشىلەرنىڭ ئەڭ يامانلىرى قېلىپ قالىدۇ، ئۇلار ئۇ چاغدا خۇددى ئىشەكلەر ئوچۇق - ئاشكارا بىرسى  _ بىرسىگە ئارتىلىپ، چېپىشقاندەك ئوچۇق _ ئاشكارا مۇنكەر ئىشلارنى، جىنسى مۇناسىۋەتلەرنى قىلىشىدۇ، (ھايا قەتئىي يوقتۇر) ئەنە شۇلارنىڭ ئۈستىگە قىيامەت قايىم بولىدۇ، ئەھمەد 16971 _ ھەدىس، ئىبنى ماجە 4065 _ ھەدىس، تىرمىزى 2166 _ ھەدىس، مۇسلىم 5228 _، سەھىھ،

**ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى**

1. دەججال ئەڭ قورقۇنۇشلۇق پىتنە _ پاسادچى.

2. ھەربىر مۇسۇلمان ئاللاھنىڭ ياردىمى بىلەن ئۇنىڭغا قارشى ھۆججەت قويۇپ داۋالىشىدۇ.

3. دەججالنىڭ سۈپىتى، چىقىش ئورنى ئوچۇق سۆزلەندى.

4. دەججالغا قارشى سۈرە كەھپىنىڭ بېشى ئوقۇلىدۇ.

5. ئۇ شام بىلەن ئىراق ئارىسىدىن چىقىپ، پاساد تېرىيدۇ.

6. ئۇ زېمىندا 40 كۈن تۇرىدۇ، مۇددىتى يۇقىرىدا ئۆتتى.

7. ۋاقىت پەرقى مەككە _ مەدىنىگە ئوخشاشمايدىغان جايلاردىكى ياكى ھازىرقى ۋاقىتتىن ئۇزۇن بولۇپ كەتسە، ياكى باشقا پىلانىتلارغا چىقىپ قالسا، ئالەم بوشلۇقىغا سەپەر قىلىپ قالسا، نامازنى مۇشۇ 24 سائەتلىك كۈنگە ئۆلچەيمىز.

8. دەججالغا ئەگىشىدىغانلار ۋە رەت قىلىدىغانلار، يەنىلا ھەق ۋە باتىل، ئىككى تائىپە كىشىلەر باردۇر.

9. دەججالغا كىشىلەرنى سىناش يۈزىسىدىن ھەرخىل سېھىرلىك ئىشلار بېرىلگەن، جىن _ شەيتانلار ھەمكارلىشىدۇ، ئەمەلىيەتتە ئىشلار دەل ئەكسىدۇر.

10. ھەربىر كىشى ھەربىر مۇسۇلمان ئىددىيىسىدە، ئېتىقادىدا دەججالغا قارشى كۆرەش قىلىدۇ، رەزىللىككە، باتىلغا قارشى كۆرەش قىلىدۇ، مانا بۇ ھازىرمۇ پاناھ تىلەشتۇر.

11. شۇ زامانلاردىكى مۆئمىنلەرمۇ قاتتىق سىناققا، بالالارغا گىرىپتار بولىدۇ.

12. ئەيسا ئەلەيھىسسالام دەمەشققە يەنى ھازىرقى سۈرىيىگە چۈشىدۇ،ئۇنى پەرىشتە ئېلىپ چۈشۈپ قويىدۇ.

13. ئەيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ كۈچلۈك، باتۇرلىقى، كارامىتى بار ھالدا چۈشۈشى، كاپىرلار ئۇنى كۆرۈپلا ئۆلۈپ كېتىشى باردۇر.

15. ئەيسا چۈشۈپ دەججالنى ئۆلتۈرىدۇ، مانا بۇ قىيامەت قۇرۇلۇشىنىڭ ئالامىتى.

16. دەججالدىن ساقلىنىپ قالغان مۇسۇلمانلارغا ئەيسا، جەننەت بىلەن خۇش بىشارەت بېرىدۇ.

17. ئاندىن يەئجۇج مەئجۇجلار چىقىدۇ، تەنتاۋى ۋە بەزى ئالىملار ئۇلار بولسا، مۇڭغۇللار بىلەن خەنزۇلار دەپ قارىغان.

18. يەئجۇج مەئجۇجلار ئادەم باللىرىدۇر.

19. ئۇلار ئاسمانغا ھۇجۇم قىلماقچى بولىدۇ، مانا بۇ ئالەم بوشلۇقىدا ئۇرۇش قىلىشقا ئىشارەتتۇر.

20. شۇنچە كۆپ، شۇنچە ھاكاۋۇر، ھەددىدىن ئاشقان بۇ زالىملارنى ئاللاھتائالا بىر قۇرۇت دېگەن قوشۇن بىلەن ھالاك قىلىدۇ، مانا بۇ ۋابا كېسىللىگە، مىكروپ، ۋىرۇسقا ئىشارەتتۇر، شۇنداقلا مۇسۇلمانلارنى ئايرىپ قىلىپ، دىنسىزلارنى يوقىتىدىغان گىس تەتقىقاتىدۇر.

21. ئاندىن، زىمىن تازىلىنىپ، قاتتىق بەرىكەت، مولچىلىق بولۇپ كېتىدۇ، كىيىن مۇسۇلمانلار قالماي تۈگەپ، ئەڭ يامان، ھاياسىز، دىنسىزلار قېلىپ قالىدۇ، قىيامەت ئەنە شۇلارنىڭ ئۈستىگە قۇرۇلىدۇ.

### *1322 ـ باب في صفة الدجال، وتحريم المدينة عليه، وقتله المؤمن وإحيائه*

**7319 ـ حدّثني عَمْرٌو النّاقِدُ وَ الحَسَنُ الحُلْوَانِيّ وَ عَبْدُ بْنُ حُمَيْدٍ. وَأَلْفاظُهُمْ مُتَقارِبَةٌ. وَالسّيَاقُ لِعَبْدٍ (قالَ: حَدّثنِي. وَقالَ الآخَرَانِ: حَدّثَنَا) يَعْقُوبُ ــ وَهُوَ ابْنُ إبْرَاهِيمَ بْنِ سَعْدٍ ــ. حدّثنَا أَبِي عَنْ صَالِحٍ، عَنِ ابْنِ شِهَابٍ، أَخْبَرَنِي عُبَيْدُ اللّهِ بْنُ عَبْدِ اللّهِ بْنِ عُتْبَةَ أَنّ أَبَا سَعِيدٍ الْخُدْرِيّ قَالَ: حَدّثَنَا رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم يَوْماً حَدِيثاً طَوِيلاً عَنِ الدّجّالِ. فَكَانَ فِيمَا حَدّثَنَا قَالَ: «يَأْتِي، وَهُوَ مُحَرّمٌ عَلَيْهِ أَنْ يَدْخُلَ أَنْقَابَ الْمَدِينَةِ. فَيَنْتَهِي إِلَى بَعْضِ السّبَاخِ الّتِي تَلِي الْمَدِينَةَ. فَيَخْرُجُ إِلَيْهِ يَوْمَئِذٍ رَجُلٌ هُوَ خَيْرُ النّاسِ، أَوْ مِنْ خَيْرِ النّاسِ. فَيَقُولُ لَهُ: أَشْهَدُ أَنّكَ الدّجّالُ الّذِي حَدّثَنَا رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم حَدِيثَهُ. فَيَقُولُ الدّجّالُ: أَرَأَيْتُمْ إِنْ قَتَلْتُ هَذَا ثُمّ أَحْيَيْتُهُ، أَتَشُكّونَ فِي الأَمْرِ؟ فَيَقُولُونَ: لاَ. قَالَ: فَيَقْتُلُهُ ثُمّ يُحْيِيهِ. فَيَقُولُ حِينَ يُحْيِيهِ: وَاللّهِ مَا كُنْتُ فِيكَ قَطّ أَشَدّ بَصِيرَةً مِنّي الآنَ. قَالَ: فَيُرِيدُ الدّجّالُ أَنْ يَقْتُلَهُ فَلاَ يُسَلّطُ عَلَيْهِ». قَالَ أَبُو إِسْحَقَ؟ يُقَالُ إِنّ هَذَا الرّجُلَ هُوَ الْخَضِرُ عَلَيْهِ السّلاَمُ.**

**7320 ـ وحدّثني عَبْدُ اللّهِ بْنُ عَبْدِ الرّحْمَنِ الدّارِمِيّ. أَخْبَرَنَا أَبُو الْيَمَانِ. أَخْبَرَنَا شُعَيْبٌ عَنِ الزّهْرِيّ فِي هَذَا الإِسْنَادِ، بِمِثْلِهِ.**

ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: دەججال مەدىنىنى مەخسەت قىلىپ كېلىدۇ، ۋەھالەنكى، ئۇنىڭغا، مەدىنىنىڭ كوچا يوللىرىغا كىرىش ھارام قىلىنغان، يەنى چەكلەنگەن، ئۇ، مەدىنىنگە يېقىن، گىياھ ئۈنمەس شورلۇق زېمىننىڭ بەزىسىگە چۈشىدۇ، شۇ كۈنى ئۇنىڭغا كىشىلەرنىڭ ئەڭ ياخشىسى بولغان بىر كىشى چىقىپ مۇنداق دەيدۇ: گۇۋاھلىق بېرىمەنكى، ھەقىقەتەن سەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىزگە سۆزلەپ بەرگەن دەججال بولىسەن، دەججال ئۇلارغا: قانداق قارايسىلەر؟ قىنى دەپ بېقىڭلارچۇ؟ ئەگەر بۇنى ئۆلتۈرۈپ ئاندىن تىرىلدۈرسەم، يەنە مېنىڭ ئىشىمدا ئىلاھلىقىمدا شەك قىلامسىلەر دەيدۇ، ئۇلار ياق شەك قىلمايمىز دەيدۇ، دەججال ئۇ كىشىنى ئۆلتۈرۈپ، ئالللاھنىڭ ئىرادىسى، ئىزنى بىلەن تىرىلدۈرىدۇ، ئاندىن ئۇ كىشى تىرىلىپ قوپۇپ، ئالللاھ بىلەن قەسەمكى مەن ساڭا نىسبەتەن بۈگۈنكىدەك كۈچلۈك ھۆججەت، دەلىل ــ ئىسپات، ئالامەتكە ئېرىشىپ باقمىغان دەيدۇ، (چۈنكى ئۇ مۇشۇ ھەدىسنىڭ مۆجىزىسىنى بىلىدۇ، كۆزى بىلەن كۆرىدۇ). ئاندىن دەججال ئۇنى ئۆلتۈرۈشنى مەخسەت قىلىدۇ يۇ، لېكىن، غالىپ كېلەلمەيدۇ، كۈچى يەتمەيدۇ.بۇخارى،مۇسلىم، ئەھمەد، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.

**7321 ـ حدّثني مُحَمّدُ بْنُ عَبْدِ اللّهِ بْنِ قُهْزَاذَ، مِنْ أَهْلِ مَرْوَ. حَدّثَنَا عَبْدُ اللّهِ بْنُ عُثْمَانَ عَنْ أَبِي حَمْزَةَ، عَنْ قَيْسِ بْنِ وَهْبٍ، عَنْ أَبِي الْوَدّاكِ، عَنْ أَبِي سَعِيدٍ الْخُدْرِيّ قَالَ: قَالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: «يَخْرُجُ الدّجّالُ فَيَتَوَجّهُ قِبَلَهُ رَجُلٌ مِنَ الْمُؤْمِنِينَ. فَتَلْقَاهُ الْمَسَالِحُ، مَسَالِحُ الدّجّالِ. فَيَقُولُونَ لَهُ: أَيْنَ تَعْمِدُ؟ فَيَقُولُ: أَعْمِدُ إِلَى هَذَا الّذِي خَرَجَ. قَالَ: فَيَقُولُونَ لَهُ: أَوَ مَا تُؤْمِنُ بِرَبّنَا؟ فَيَقُولُ:**

مَا بِرَبِّنَا خَفَاءٌ. فَيَقُولُونَ: اقْتُلُوهُ. فَيَقُولُ بَعْضُهُمْ لِبَعْضٍ: أَلَيْسَ قَدْ نَهَاكُمْ رَبُّكُمْ أَنْ تَقْتُلُوا أَحَداً دُونَهُ. قَالَ: فَيَنْطَلِقُونَ بِهِ إِلَى الدَّجَّالِ. فَإِذَا رَآهُ الْمُؤْمِنُ قَالَ: يَا أَيُّهَا النَّاسُ هَذَا الدَّجَّالُ الَّذِي ذَكَرَ رَسُولُ اللَّهِ صلى الله عليه وسلم. قَالَ: فَيَأْمُرُ الدَّجَّالُ بِهِ فَيُشَبَّحُ. فَيَقُولُ: خُذُوهُ وَشُجُّوهُ. فَيُوسَعُ ظَهْرُهُ وَبَطْنُهُ ضَرْباً. قَالَ: فَيَقُولُ: أَوَ مَا تُؤْمِنُ بِي؟ قَالَ: فَيَقُولُ: أَنْتَ الْمَسِيحُ الْكَذَّابُ. قَالَ فَيُؤْمَرُ بِهِ فَيُؤْشَرُ بِالْمِئْشَارِ مِنْ مَفْرِقِهِ حَتَّى يُفَرَّقَ بَيْنَ رِجْلَيْهِ. قَالَ: ثُمَّ يَمْشِي الدَّجَّالُ بَيْنَ الْقِطْعَتَيْنِ. ثُمَّ يَقُولُ لَهُ: قُمْ. فَيَسْتَوِي قَائِماً. قَالَ: ثُمَّ يَقُولُ لَهُ: أَتُؤْمِنُ بِي؟ فَيَقُولُ: مَا ازْدَدْتُ فِيكَ إِلاَّ بَصِيرَةً. قَالَ: ثُمَّ يَقُولُ: يَا أَيُّهَا النَّاسُ إِنَّهُ لاَ يَفْعَلُ بَعْدِي بِأَحَدٍ مِنَ النَّاسِ. قَالَ: فَيَأْخُذُهُ الدَّجَّالُ لِيَذْبَحَهُ. فَيُجْعَلَ مَا بَيْنَ رَقَبَتِهِ إِلَى تَرْقُوَتِهِ نُحَاساً. فَلاَ يَسْتَطِيعُ إِلَيْهِ سَبِيلاً. قَالَ: فَيَأْخُذُ بِيَدَيْهِ وَرِجْلَيْهِ فَيَقْذِفُ بِهِ. فَيَحْسِبُ النَّاسُ أَنَّمَا قَذَفَهُ إِلَى النَّارِ. وَإِنَّمَا أُلْقِيَ فِي الْجَنَّةِ». فَقَالَ رَسُولُ اللَّهِ صلى الله عليه وسلم: «هَذَا أَعْظَمُ النَّاسِ شَهَادَةً عِنْدَ رَبِّ الْعَالَمِينَ».

ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: دەججال ئاشكارا بولۇپ چىقىدۇ، مۆئمىنلەردىن بىر كىشى ئۇ تەرەپكە ئالدىنى قىلىپ ماڭىدۇ، ئۇ كىشىگە دەججالنىڭ قۇراللىق قوشۇنلىرىدىن بىر قوشۇن ئۇچراپ، قەيەرنى مەخسەت قىلىپ ماڭدىڭ دەيدۇ، ئۇ كىشى: يېڭىدىن چىققان مۇشۇ كىشىنى يەنى دەججالنى مەخسەت قىلىپ ماڭدىم دەيدۇ، ئۇلار: سەن تېخى بىزنىڭ رەببىمىزگە ئىمان كەلتۈرمىدىڭمۇ؟ دەيدۇ، ئۇ كىشى، بىزنىڭ رەببىمىز مەخپى ئەمەس، ئۇ نەگە بارساق بىز بىلەن بىللە دەيدۇ، ئۇلار، ئۇنى ئۆلتۈرۈڭلار! دەيدۇ، بەزىسى — بەزىسىگە رەببىڭلار سىلەرنى ئۇنىڭسىز بىرەر كىشىنى ئۆلتۈرۈشۈڭلاردىن توسمىغانمۇ؟ ئۇنى ئۆزى ئۆلتۈرسۇن دەپ ئۇ كىشىنى دەججالنىڭ قېشىغا ئاپىرىدۇ، مۆئمىن كىشى دەججالنى كۆرگەندە، ئى ئىنسانلار! ئى خالايىق! بۇ كىشى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىزگە سۆزلەپ بەرگەن دەججال شۇ ئىكەن دەپ نىدا قىلىدۇ، دەججال ئۇنى تۇتۇپ يەرگە ياتقۇزۇشقا بۇيرۇپ مۇنداق دەيدۇ، ئۇنى تۇتۇڭلار، باش — كۆزىنى ئۇرۇپ يېرىڭلار، ئاندىن ئۇ مۆئمىننىڭ ئۇچىسىغا قورساقلىرىغا ناھايىتى كۆپ ئۇرۇلىدۇ، ئۇرۇپ بولغاندىن كىيىن دەججال ئۇ كىشىگە، سەن يەنە ماڭا ئىمان كەلتۈرمەمسەن؟ ماڭا ئىشەنمەمسەن؟ دەيدۇ. مۆئمىن: سەن دىگەن كاززاپ مەسىيھ دەججال تۇرساڭ دەيدۇ، ئاندىن ئۇ مۆئمىن، دەججالنىڭ ئەمرى — پەرمانى بىلەن بېشىنىڭ چاچ ئايرىمىسىدىن باشلاپ چاتىرقىچە ھەرە بىلەن تىلىنىپ ئىككى پارچە قىلىنىدۇ، ئاندىن دەججال ئۇ ئىككى پارچە ئارىسىدا مېڭىپ، ئۇ كىشىگە ئورنۇڭدىن تۇر! دەيدۇ، ئاندىن ئۇ كىشى، ئاللاھنىڭ ئىزنى بىلەن ئورنىدىن دەس تۇرىدۇ، ئاندىن دەججال ئۇ كىشىگە؛ ئەمدى ماڭا ئىشىنەمسەن، ئىمان كەلتۈرەمسەن؟ دەيدۇ. مۆئمىن كىشى؛ مەن پەقەت مۆجىزە ئالامەتنى رۇشەن ھۆججەتنى زىيادە قىلدىم، دەيدۇ، ئاندىن مۆئمىن كىشى كىشىلەرگە: ئى خالايىق! ھەقىقەتەن ئۇ دەججال ئەمدى ھېچ كىشىگە ماڭا قىلغاندەك قىلالمايدۇ، قورقماڭلار دەيدۇ، ئاندىن دەججال ئۇ كىشىنى بوغۇزلىۋېتىش ئۈچۈن تۇتىدۇ، ئۇ كىشىنىڭ گەردىنىدىن گېلىغىچە بويىنىغا مىس قوغۇشۇن قىلىنىدۇ، دەججال ئۇ كىشىنى بوغۇزلاپ ئۆلتۈرۈشكە

قادىر بولالمايدۇ، ئاندىن ئۇ كىشىنىڭ ئىككى قول ــ پۇتىدىن تۇتۇپ، يىراققا ئاتىدۇ، كىشىلەر ئۇنى دوۋزاخقا ئۇتقا ئاتتى دەپ گۇمان قىلىپ قالىدۇ، ئەمەلىيەتتە ئۇ كىشى جەننەتكە، باغۇ ــ بوستانلىققا تاشلىنىدۇ. مانا بۇ مۆئمىن كىشى ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى ئاللاھنىڭ دەرگاھىدىكى گۇۋاھلىقى ئەڭ بۈيۈك كىشىدۇر.

### 1323 ـ باب في الدجال وهو أهون على الله عز وجل

7322 ـ حدّثنا شِهَابُ بْنُ عَبّادٍ الْعَبْدِيّ. حَدّثنا إبْرَاهِيمُ بْنُ حُمَيْدٍ الرّوءاسِيّ عَنْ إسْمَاعِيلَ بْنِ أبِي خَالِدٍ، عَنْ قَيْسِ بْنِ أبِي حَازِمٍ، عَنِ الْمُغِيرَةِ بْنِ شُعْبَةَ قَالَ: مَا سَأَلَ أحَدٌ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم عَنِ الدّجّالِ أكْثَرَ مِمّا سَألْتُ. قَالَ: «وَمَا يُنْصِبُكَ مِنْهُ؟ إنّهُ لاَ يَضُرّكَ» قَالَ: قُلْتُ: يَا رَسُولَ اللّهِ إنّهُمْ يَقُولُونَ: إنّ مَعَهُ الطّعَامَ وَالأنْهَارَ. قَالَ: «هُوَ أهْوَنُ عَلَى اللّهِ مِنْ ذٰلِكَ».

7323 ـ حدّثنا سُرَيْجُ بْنُ يُونُسَ. حَدّثنا هُشَيْمٌ عَنْ إسْمَاعِيلَ، عَنْ قَيْسٍ، عَنِ الْمُغِيرَةِ بْنِ شُعْبَةَ قَالَ: مَا سَأَلَ أحَدٌ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم عَنِ الدّجّالِ أكْثَرَ مِمّا سَألْتُهُ. قَالَ: «وَمَا سُؤَالُكَ؟» قَالَ قُلْتُ: إنّهُمْ يَقُولُونَ: مَعَهُ جِبَالٌ مِنْ خُبْزٍ وَلَحْمٍ، وَنَهَرٌ مِنْ مَاءٍ. قَالَ: «هُوَ أهْوَنُ عَلَى اللّهِ مِنْ ذٰلِكَ».

7324 ـ حدّثنا أبُو بَكْرِ بْنُ أبِي شَيْبَةَ وَ ابْنُ نُمَيْرٍ. قَالاَ: حَدّثنا وَكِيعٌ. ح وَحَدّثنا إسْحَقُ بْنُ إبْرَاهِيمَ. أخْبَرَنا جَرِيرٌ. ح وَحَدّثنا ابْنُ أبِي عُمَرَ. حَدّثنا سُفْيَانُ. ح وَحَدّثنا أبُو بَكْرِ بْنُ أبِي شَيْبَةَ. حَدّثنا يَزِيدُ بْنُ هَرُونَ. ح وَحَدّثنِي مُحَمّدُ بْنُ رَافِعٍ. حَدّثنا أبُو أسَامَةَ. كُلّهُمْ عَنْ إسْمَاعِيلَ بِهَـذَا الإسْنَادِ، نَحْوَ حَدِيثِ إبْرَاهِيمَ بْنِ حُمَيْدٍ. وَزَادَ فِي حَدِيثِ يَزِيدَ: فَقَالَ لِي: «أيْ بُنَيّ».

مۇغىيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، ھېچ بىر كىشى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن دەججال توغرىسىدا، مەندىنمۇ كۆپرەك سوئال سورىمىدى، مەن ئەڭ كۆپ سوئال سورىسام، رەسۇلۇللاھ ماڭا؛ دەججال ساڭا زەرەر يەتكۈزەلمەيدۇ(سەن ئەنسىرىمىگىن)دېدى، مەن؛ ئۇلار؛ دەججال بىلەن بىللە تاغدەك نانلار، ئۆستەڭدە ئېقىپ تۇرىدىغان سۇلار بار دېيىشىدۇ دېسەم، رەسۇلۇللاھ؛ دەججالنىڭ ئۆزىمۇ، الله تائالاغا، شۇنەرسىلەردىنمۇ ھاقارەتلىك تۇرسا دېدى.(يەنى ئۇھەققى ئەمەس، بەلكى جىن ـ شەيتانلار ھەمكارلاشقان يالغان كۆرۈنۈشلەردۇر، ئۇ ھەرقانداق داۋالارنى قىلسىمۇ، بەر بىر ئۇنىڭ بىر كۆزى كورلۇق ئىنسانىي سۈپىتى،كازراپلىق ئالامىتى باردۇر)بۇخارى،مۇسلىم.

### 1324 ـ باب في خروج الدجال ومكثه في الأرض، ونزول عيسى وقتله إياه، وذهاب أهل الخير والإيمان، وبقاء شرار الناس وعبادتهم الأوثان، والنفخ في الصور، وبعث من في القبور

## دەججالنىڭ چىقىپ يەر يۈزىدە تۇرىشى، ئەيسانىڭ چۈشۈپ ئۇنى ئۆلتۈرۈشى، ئىمانلىق ياخشى كىشىلەر كېتىپ، يامان كىشىلەرنىڭلا قېلىپ، بۇتلارغا ئىبادەت قىلىپ كېتىشى، سۈرنىڭ پۈۋدىلىشى......توغرىسىدا

7325 ـ حدّثنا عُبَيْدُ اللّهِ بْنُ مُعَاذٍ الْعَنْبَرِيّ. حَدّثنا أبِي. حَدّثنا شُعْبَةُ عَنِ النّعْمَانِ بْنِ سَالِمٍ قَالَ: سَمِعْتُ يَعْقُوبَ بْنَ عَاصِمِ بْنِ عُرْوَةَ بْنِ مَسْعُودٍ الثّقَفِيّ يَقُولُ: سَمِعْتُ عَبْدَ اللّهِ بْنَ عَمْرٍو، وَجَاءَهُ رَجُلٌ، فَقَالَ: مَا هَذَا الْحَدِيثُ الّذِي تُحَدّثُ بِهِ؟ تَقُولُ: إنّ السّاعَةَ تَقُومُ إلَى كَذَا وَكَذَا. فَقَالَ: سُبْحَانَ اللّهِ أوْ لاَ إلَـهَ إلاّ اللّهُ. أوْ كَلِمَةً نَحْوَهُمَا. لَقَدْ هَمَمْتُ أنْ لاَ أحَدّثَ أحَداً شَيْئاً أبَداً. إنّمَا قُلْتُ: إنّكُمْ سَتَرَوْنَ بَعْدَ قَلِيلٍ أمْراً عَظِيماً. يُحَرّقُ الْبَيْتُ، وَيَكُونُ، وَيَكُونُ. ثُمّ قَالَ: قَالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: «يَخْرُجُ الدّجّالُ فِي أُمّتِي فَيَمْكُثُ أرْبَعِينَ (لاَ أدْرِي: أرْبَعِينَ يَوْماً، أوْ أرْبَعِينَ شَهْراً، أوْ أرْبَعِينَ عَاماً). فَيَبْعَثُ اللّهُ عِيسَى ابْنَ مَرْيَمَ كَأنّهُ عُرْوَةُ بْنُ مَسْعُودٍ. فَيَطْلُبُهُ فَيُهْلِكُهُ ثُمّ يَمْكُثُ النّاسُ سَبْعَ سِنِينَ. لَيْسَ بَيْنَ اثْنَيْنِ عَدَاوَةٌ. ثُمّ يُرْسِلُ اللّهُ رِيحاً بَارِدَةً مِنْ قِبَلِ الشّامِ. فَلاَ يَبْقَى عَلَى وَجْهِ الأرْضِ أحَدٌ فِي قَلْبِهِ مِثْقَالُ ذَرّةٍ مِنْ خَيْرٍ أوْ إيمَانٍ إلاّ قَبَضَتْهُ. حَتّى لَوْ أنّ أحَدَكُمْ دَخَلَ فِي كَبِدِ جَبَلٍ لَدَخَلَتْهُ عَلَيْهِ، حَتّى تَقْبِضَهُ». قَالَ: سَمِعْتُهَا مِنْ رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم. قَالَ: «فَيَبْقَى شِرَارُ النّاسِ فِي خِفّةِ الطّيْرِ وَأحْلاَمِ السّبَاعِ. لاَ يَعْرِفُونَ مَعْرُوفاً وَلاَ يُنْكِرُونَ مُنْكَراً. فَيَتَمَثّلُ لَهُمُ الشّيْطَانُ فَيَقُولُ: ألاَ تَسْتَجِيبُونَ؟ فَيَقُولُونَ: فَمَا تَأْمُرُنَا؟ فَيَأمُرُهُمْ بِعِبَادَةِ الأوْثَانِ. وَهُمْ فِي ذٰلِكَ دَارّ رِزْقُهُمْ، حَسَنٌ عَيْشُهُمْ. ثُمّ يُنْفَخُ فِي الصّورِ. فَلاَ يَسْمَعُهُ أحَدٌ إلاّ أصْغَى لِيتاً وَرَفَعَ لِيتاً. قَالَ وَأوّلُ مَنْ يَسْمَعُهُ رَجُلٌ يَلُوطُ حَوْضَ إبِلِهِ. قَالَ: فَيَصْعَقُ، وَيَصْعَقُ النّاسُ. ثُمّ يُرْسِلُ اللّهُ ــ أوْ قَالَ يُنْزِلُ اللّهُ ــ مَطَراً كَأنّهُ الطّلّ أوِ الظّلّ (نُعْمَانُ الشّاكّ) فَتَنْبُتُ مِنْهُ أجْسَادُ النّاسِ. ثُمّ يُنْفَخُ فِيهِ أُخْرَى

**فَإِذَا هُمْ قِيَامٌ يَنْظُرُونَ. ثُمّ يُقَالُ: يَا أَيّهَا النّاسُ هَلموا إِلَى رَبّكُمْ. وَقِفُوهُمْ إِنّهُمْ مَسْؤُولُونَ. قَالَ: ثُمّ يُقَالُ: أَخْرِجُوا بَعْثَ النّارِ. فَيُقَالُ: مِنْ كَمْ؟ فَيُقَالُ: مِنْ كُلّ أَلْفٍ، تِسْعَمِائَةٍ وَتِسْعَةً وَتِسْعِينَ. قَالَ: فَذَاكَ يَوْمَ يَجْعَلُ الوِلْدَانَ شِيباً. وَذَلِكَ يَوْمَ يُكْشَفُ عَنْ سَاقٍ».**

**7326 ـ وحدّثني مُحَمّدُ بْنُ بَشّارٍ. حَدّثنَا مُحَمّدُ بْنُ جَعْفَرٍ. حَدّثنَا شُعْبَةُ عَنِ النّعْمَانِ بْنِ سَالِمٍ قَالَ: سَمِعْتُ يَعْقُوبَ بْنَ عَاصِمِ بْنِ عُرْوَةَ بْنِ مَسْعُودٍ قَالَ: سَمِعْتُ رَجُلاً قَالَ لِعَبْدِ اللّهِ بْنِ عَمْرٍو: إِنّكَ تَقُولُ: إِنّ السّاعَةَ تَقُومُ إِلَى كَذَا وَكَذَا. فَقَالَ: لَقَدْ هَمَمْتُ أَنْ لاَ أُحَدّثَكُمْ بِشَيْءٍ. إِنّمَا قُلْتُ: إِنّكُمْ تَرَوْنَ بَعْدَ قَلِيلٍ أَمْراً عَظِيماً. فَكَانَ حَرِيقَ الْبَيْتِ (قَالَ شُعْبَةُ: هَذَا أَوْ نَحْوَهُ) قَالَ عَبْدُ اللّهِ بْنُ عَمْرٍو: قَالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: «يَخْرُجُ الدّجّالُ فِي أُمّتِي» وَسَاقَ الْحَدِيثَ بِمِثْلِ حَدِيثِ مُعَاذٍ. وَقَالَ فِي حَدِيثِهِ: «فَلاَ يَبْقَى أَحَدٌ فِي قَلْبِهِ مِثْقَالُ ذَرّةٍ مِنْ إِيمَانٍ إِلاّ قَبَضَتْهُ». قَالَ مُحَمّدُ بْنُ جَعْفَرٍ: حَدّثَنِي شُعْبَةُ بِهَذَا الْحَدِيثِ مَرّاتٍ. وَعَرَضْتُهُ عَلَيْهِ.**

ئىبنى ئۆمەر،ئىبنى ئەمرۇ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: دەججال مېنىڭ ئۈممىتىم ئىچىدە ئاشكارا بولۇپ چىقىپ، قىرىق (كۈن) تۇرىدۇ، ـ 40كۈنمۇ؟ياكى ئايمۇ؟ياكى يىلمۇ؟ بۇنى بىلمىدىم ـ ئاندىن ئاللاھتائالا، مەريەم ئوغلى ئەيسانى ئەۋەتىدۇ، ئۇ خۇددى سۇقەفىيلىك ئۇرۋەت ئىبنى مەسئۇدقا ئوخشايدۇ، ئەيسا، دەججالنى ئىزدەپ قوغلاپ بىرىپ ئۆلتۈرىدۇ، ئاندىن كىشلەر ئارىسىدا يەتتە يىل تۇرىدۇ، بۇ يىللاردا ئىككى كىشىنىڭ ئارىسىدا ئۆچ ــ ئاداۋەت بولمايدۇ، ئاندىن، ئاللاھتائالا سوغۇق شامالنى ئەۋەتىدۇ، بۇ شامال شام تەرەپتىن چىقىپ، يەر يۈزىدە قەلبىدە زەررە مىقدارىدا ئىمانى بار كىشىنىڭ ھىچ بىرىنى قالدۇرماي جېنىنى قەبزى روھ قىلىپ ئالىدۇ. ھەتتا، بىرىڭلار تاغنىڭ ئوتتۇرىدىكى غارغا كىرىۋالسىمۇ ئۇ شامال كىرىپ ئۇنىڭمۇ جېنىنى ئالىدۇ، ئاندىن كىشلەرنىڭ ئەڭ يامانلىرى قېلىپ قالىدۇ، ئۇلار يامانلىقىدىن، ئەقلسىزلىقىدىن، تاجاۋۇز قىلىشىدا، زۇلۇم قىلىشىدا خۇددى يىرتقۇچ، گۆشخور ھايۋانلارنىڭ، گۆشخور قۇشلارنىڭ ئەخلاقىدا بولۇپ كېتىدۇ، ياخشىلىقنى ياخشىلىق دەپ تونىمايدۇ، يامانلىقنى ئىنكار قىلمايدۇ، ئاندىن ئۇلارغا شەيتان سۈرەتكە كېلىپ، يول كۆرسەتكۈچنىڭ سۈرىتىگە كىرىۋېلىپ، چاقىرىققا ئاۋاز قوشمامسىلەر؟ دەيدۇ، ئۇلار بىزنى نېمىگە بۇيرۇيسەن؟ دەيدۇ، شەيتان ئۇلارنى بۇتلارغا ئىبادەت قىلىپ، بۇتقا چوقۇنۇشقا بۇيرۇيدۇ، ئۇلار بۇتقا ئىبادەت قىلىپ كېتىدۇ. ئۇلار شۇ ھالەتتە تۇرغاندا، ئۇلارنىڭ رىزقى كەڭرىپ، تۇرمۇش مەئىيشىتى ناھايىتى ياخشىلىنىپ كېتىدۇ، ئاندىن سۈر مۈڭگۈز پۈۋدىلىدۇ، يەنى ئىسراپىل سۈرىنى پۈۋلەيدۇ، ئۇنى ئاڭلىغان ھەر قانداق بىر كىشى بويىنىنى ئىگىپ، بېشىنى كۆتۈرۈپ قۇلاق سالىدۇ، ئۇ ئاۋازنى ئاڭلايدىغان تۇنجى كىشى تۆگىنىڭ كۆلىنى ئوڭشاۋاتقان كىشى بولۇپ، ئۇ شۇ ھامان ھوشىدىن كېتىپ ئۆلىدۇ، ئاندىن بارلىق كىشلەر ئۆلىدۇ، ئاندىن ئاللاھتائالا خۇددى شەبنەم تامچىسىدەك يامغۇرنى ئەۋەتىدۇ، شۇ يامغۇردىن، زېمىندىن ئىنسانلارنىڭ جەسەدلىرى ئۈنۈپ چىقىدۇ، ئاندىن سۈرە يەنە بىر قېتىم پۈۋدىلىدۇ. كىشلەر ناگاھان قەبرىلىرىدىن چىقىپ، تىرىلىپ قوپۇپ، نېمىگە بۇيرۇلىدىغانلىقىغا ئىنتىزار بولۇپ قاراپ تۇرىشىدۇ، ئاندىن، ئى ئىسانلار! (جىنلار!) رەببىڭلار

تەرەپكە كېلىڭلار! دېيىلىدۇ. ئۇلارنى توختىتىڭلار، ھەقىقەتەن ئۇلاردىن سوئال سورىلىدۇ، ھېساب ئېلىنىدۇ دېيىلىدۇ، ئاندىن دوزاخ ئەھلىنى چىقىرىڭلار دېيىلىدۇ، قانچىلىك دەپ سورىلىدۇ؟ ھەر 1000دىن 999نى دوزاخقا چىقىرىلىدۇ دېيىلىدۇ، ئەنە شۇ بولسا، قورقۇنۇشلۇقىدىن كىچىك باللارنىڭ چېچىنى ئاق باش قىلىۋېتىدىغان كۈندۇر، ئاشۇ بولسا، ئىش بەكمۇ قىيىنلىشىدىغان كۈندۇر، (بۇ، سۈرە قەلەم 42 ـ ئايەت، باللارنىڭ بېشى ئاقىرىشى، سۈرە مۇززەممىل 17 ـ ئايەت). ئەھمەد 6268 ـ ھەدىس، مۇسلىم 5233 ـ ھەدىس، سەھىھ. مانا بۇ بىزنىڭ ئەقىيدىمىز، بىز شەكسىز ئىشىنىمىز.

7327 ـ حدّثنا أبُو بَكْرِ بْنُ أبِي شَيْبَةَ. حَدّثَنَا مُحَمّدُ بْنُ بِشرٍ عَنْ أبِي حيّانَ، عَنْ أبِي زُرْعَةَ، عَنْ عَبْدِاللّهِ بْنِ عَمْرٍو قالَ: حَفِظْتُ مِنْ رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم حَدِيثاً لَمْ أنْسَهُ بَعْدُ. سَمِعْتُ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم يَقُولُ: «إنّ أَوّلَ الآيَاتِ خُرُوجاً، طُلُوعُ الشّمْسِ مِنْ مَغْرِبِهَا، وَخُرُوجُ الدّابّةِ عَلَى النّاسِ ضُحًى. وَأَيّهُمَا مَا كَانَتْ قَبْلَ صَاحِبَتِهَا، فَالأُخْرَى عَلَى إثْرِهَا قَرِيباً».

7328 ـ وحدّثنا مُحَمّدُ بْنُ عَبْدِ اللّهِ بْنِ نُمَيْرٍ. حَدّثَنَا أبِي. حَدّثَنَا أبُو حيّانَ عَنْ أبِي زُرْعَةَ قالَ: جَلَسَ إلَى مَرْوَانَ بْنِ الْحَكَمِ بِالْمَدِينَةِ ثَلاَثَةُ نَفَرٍ مِنَ الْمُسْلِمِينَ. فَسَمِعُوهُ وَهُوَ يُحَدّثُ عَنِ الآيَاتِ: أنّ أوّلَهَا خُرُوجاً الدّجّالُ. فَقَالَ عَبْدُ اللّهِ بْنُ عَمْرٍو: لَمْ يَقُلْ مَرْوَانُ شَيْئاً. قَدْ حَفِظْتُ مِنْ رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم حَدِيثاً لَمْ أنْسَهُ بَعْدُ. سَمِعْتُ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم يَقُولُ. فَذَكَرَ بِمِثْلِهِ.

7329 ـ وحدّثنا نَصْرُ بْنُ عَلِيَ الْجَهْضَمِيّ. حَدّثَنَا أبُو أحْمَدَ. حَدّثَنَا سُفْيَانُ عَنْ أبِي حَيّانَ، عَنْ أبِي زُرْعَةَ قالَ: تَذَاكَرُوا السّاعَةَ عِنْدَ مَرْوَانَ. فَقَالَ عَبْدُ اللّهِ بْنُ عَمْرٍو: سَمِعْتُ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم يَقُولُ: بِمِثْلِ حَدِيثِهِمَا. وَلَمْ يَذْكُرْ ضُحًى.

ئىبنى ئەمرۇ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: قىيامەت ئالدىدىكى ئالامەتلەرنىڭ تۇنجى بولۇپ چىقىدىغىنى، قۇياشنىڭ كىرگەن جايىدىن چىقىشىدۇر، ئىنسانلارغا چاشكا ۋاقتى بىلەن سۆزلەيدىغان ھايۋاننىڭ چىقىشىدۇر، بۇ ئىككى ئالامەتنىڭ قايسىسى يەنە بىرسىدىن بۇرۇن يۈز بەرسە، يەنە بىرسىمۇ ئۇنىڭغا بەكلا يېقىندۇر، ئەگىشىپلا كېلىدۇ، ئەھمەد، مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ. ئەبۇ ئۇمامە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: قىيامەت ئالامەتلىرىنىڭ تۇنجىسى قۇياشنىڭ كىرگەن جايىدىن چىقىشىدۇر، (ئاندىن قالغانلىرى يۈز بېرىدۇ) تەبرانى توپلىغان، سەھىھ.

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئۈچ نەرسە چىقسا، «ئۇنىڭدىن بۇرۇن ئىمان كەلتۈرمىگەن، ئىمانى ئارقىلىق بىرەر ياخشىلىق قىلىپ باقمىغان كىشىلەرگە ئىمانى ياخشىلىقلىرى پايدا ــ مەنپەئەت قىلمايدۇ»، (چۈنكى، بۇ ئۈچ نەرسە قىيامەتنىڭ ئالامەتلىرى).

1. كۈننىڭ كىرگەن جايىدىن چىقىشى. 2. دەججالنىڭ چىقىشى.بەزىلەر بۇنى تۇنجى ئالامەت دېيدى.

3. زېمىننىڭ سۆزلەيدىغان ھايۋىنى چىقسا، ھېچ كىشىگە ئىمان پايدا ــ مەنپەئەت بەرمەيدۇ، مۇسلىم، تىرمىزى.

## 1325 ـ باب قصّة الجسّاسة دەججالنىڭ جاسۇسى توغرىسىدا

7330 ـ حدّثنا عَبْدُ الْوَارِثِ بْنُ عَبْدِ الصّمَدِ بْنِ عَبْدِ الْوَارِثِ، وَ حَجّاجُ بْنُ الشّاعِرِ. كِلاَهُمَا عَنْ عَبْدِ الصّمَدِ (وَاللّفْظُ لِعَبْدِ الْوَارِثِ بْنِ عَبْدِ الصّمَدِ). حَدّثَنَا أبِي عَنْ جَدّي، عَنِ الْحُسَيْنِ بْنِ ذَكْوَانَ. حَدّثَنَا ابْنُ بُرَيْدَةَ. حَدّثَنِي عَامِرُ بْنُ شَرَاحِيلَ الشّعْبِيّ شَعْبُ هَمْدَانَ أنّهُ سَأَلَ فَاطِمَةَ بِنْتَ قَيْسٍ، أُخْتَ الضّحّاكِ بْنِ قَيْسٍ. وَكَانَتْ مِنَ الْمُهَاجِرَاتِ الأُوَلِ. فَقَالَ: حَدّثِينِي حَدِيثاً سَمِعْتِيهِ مِنْ رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم. لاَ تُسْنِدِيهِ إلَى أحَدٍ غَيْرِهِ. فَقَالَتْ: لَئِنْ شِئْتَ لأَفْعَلَنّ. فَقَالَ لَهَا: أجَلْ حَدّثِينِي. فَقَالَتْ: نَكَحْتُ ابْنَ الْمُغِيرَةِ. وَهُوَ مِنْ خِيَارِ

## سەھىھ مۇسلىمنىڭ تەرجىمىسى

شَبَابِ قُرَيْشٍ يَوْمَئِذٍ. فَأُصِيبَ فِي أَوّلِ الْجِهَادِ مَعَ رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم. فَلَمّا تَأَيّمْتُ خَطَبَنِي عَبْدُ الرّحْمَنِ بْنُ عَوْفٍ، فِي نَفَرٍ مِنْ أَصْحَابِ رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم. وَخَطَبَنِي رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم عَلَىَ مَوْلاَهُ أُسَامَةَ بْنِ زَيْدٍ. وَكُنْتُ قَدْ حُدّثْتُ أَنّ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم قَالَ: «مَنْ أَحَبّنِي فَلْيُحِبّ أُسَامَةَ» فَلَمّا كَلّمَنِي رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم قُلْتُ: أَمْرِي بِيَدِكَ. فَأَنْكِحْنِي مَنْ شِئْتَ. فَقَالَ: «انْتَقِلِي إِلَىَ أُمّ شَرِيكٍ» وَأُمّ شَرِيكٍ امْرَأَةٌ غَنِيّةٌ، مِنَ الأَنْصَارِ. عَظِيمَةُ النّفَقَةِ فِي سَبِيلِ اللّهِ. يَنْزِلُ عَلَيْهَا الضّيفَانُ. فَقُلْتُ: سَأَفْعَلُ. فَقَالَ: «لاَ تَفْعَلِي. إِنّ أُمّ شَرِيكٍ امْرَأَةٌ كَثِيرَةُ الضّيفَانِ. فَإِنّي أَكْرَهُ أَنْ يَسْقُطَ عَنْكِ خِمَارُكِ. أَوْ يَنْكَشِفَ الثّوْبُ عَنْ سَاقَيْكِ، فَيَرَىَ الْقَوْمُ مِنْكِ بَعْضَ مَا تَكْرَهِينَ، وَلَـكِنِ انْتَقِلِي إِلَىَ ابْنِ عَمّكِ، عَبْدِ اللّهِ بْنِ عَمْرِو بْنِ أُمّ مَكْتُومٍ» (وَهُوَ رَجُلٌ مِنْ بَنِي فِهْرٍ، فِهْرِ قُرَيْشٍ. وَهُوَ مِنَ الْبَطْنِ الّذِي هِيَ مِنْهُ) فَانْتَقَلْتُ إِلَيْهِ.

ئەبۇسەلەمەت،پاتىمەبىنتى قىيس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن، ئۇ تۇنجى قېتىم ھىجرەت قىلغان ئايال ئىدى، ئۇمۇغەيرىنىڭ ئوغلىغا تېگىپ تۇل قالغاندا ئۇنىڭغا ئابدۇررەھمان بىلەن ئۇسامە ئەلچى كىرگۈزىدۇ، رەسۇلۇﷲ: كىم مېنى ياخشى كۆرسە، ئۇسامەنىمۇ ياخشى كۆرسۇن دېيدۇ. دەل مۇشۇ چاغدا ياكى يەنەبىرخاتىردە؛ ئەبۇئەمرۇ پاتىمەبىنتى قىيسنى ئۈچ تالاق قىلدى، ئۇ يۇرتىدا يوق ئىدى، ۋەكىلىدىن پاتىمەگە ئارپا ئەۋەتتى، پاتىمە ئۇنى ئاز كۆرۈپ كايىدى، ئەبۇئەمرۇ ياكى ۋەكىلى؛ ﷲ بىلەن قەسەمكى، سەن ئۈچۈن بىزنىڭ ئۈستىمىزدە ھېچ نەرسە يوق،ساڭاھېچ نەرسە بېرىلمەيدۇ دېدى، پاتىمەبىنتى قىيس رەزىيەللاھۇ ئەنھا كېلىپ، بۇئىشنى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە خەۋەر قىلدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم؛ سەن ئۈچ تالاق قىلىنغان بولساڭ، ساڭا نەپىقە بېرىلمەيدۇ، (لېكىن سەن ھامىلدار بولساڭ بېرىلىدۇ)دەپ، ئۇنى ئۇممە شېرىيكنىڭ ئۆيىدە ئىددەت تۇتۇشقا بۇيرىدى، ئاندىن؛ ئۇ ئايالنىڭ ئۆيىگە ئۇنىڭ يېقىن تۇققانلىرىدىن مېنىڭ ساھابىلىرىم كىرىپ تۇرىدۇ، ئۇنىڭ مېھمىنى كۆپ، مەن سېنىڭ رومىلىڭ چۈشۈپ كېتىپ، پاچىقىڭ كۆرۈنۈپ قېلىپ، باشقىلارنىڭ چېچىڭنى، پاچىقىڭنى كۆرۈپ قېلىشىنى ياقتۇرمايمەن، سەن ئەڭ ياخشىسى ئابدۇﷲ ئىبنى ئۇممەمەكتۇمنىڭ ئۆيىدە ئىددەت تۇتقىن، ئۇ ئەئما كىشى بولغاچقا،تاشقى كىيىمىڭنى خاتىرجەم سالالايسەن، ئىددىتىڭ توشقاندا ماڭا خەۋەر قىلغىن دېدى، مەن ئىددىتىم توشقاندا خەۋەر قىلىپ، مۇئاۋىيە ئىبنى ئەبۇسۇپيان بىلەن ئەبۇجۆھمە (ئۆزئارا ئۇقۇشماي)ماڭا ئەلچى ئەۋەتىپتۇ دېسەم، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم؛ئەبۇجۆھمە ھاسىسىنى گەردىنىدىن چۈشۈرمەيدۇ،يەنى ئاياللىرىنى ئۇرىدىغان تاياقچى، مۇئاۋىيە بەك پەقىر نامراتتۇر، سەن ئۇسامە ئىبنى زەيدكە تەككىن دېدى، مەن ئۇنى ياقتۇرمۇدۇم، ئاندىن يەنە؛ ئۇسامەگە تەككىن دېدى، مەن ئۇنىڭغا تەگدىم، ﷲ ماڭا ئۇنىڭدا نۇرغۇن ياخشىلىقلارنى قىلىپ بەردىكى، باشقىلار مېنىڭ ئورنۇمدا بولۇشنى بەك ئارزۇ قىلىپ كەتكىدەك دەرىجىدە بولۇپ قالدىم..........

فَلَمّا انْقَضَتْ عِدّتِي سَمِعْتُ نِدَاءَ الْمُنَادِي، مُنَادِي رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم يُنَادِي: الصّلاَةَ جَامِعَةً. فَخَرَجْتُ إِلَى الْمَسْجِدِ. فَصَلّيْتُ مَعَ رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم. فَكُنْتُ فِي صَفّ النّسَاءِ الّتِي تَلِي ظُهُورَ الْقَوْمِ. فَلَمّا قَضَى رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم صَلاَتَهُ، جَلَسَ عَلَى الْمِنْبَرِ وَهُوَ يَضْحَكُ. فَقَالَ: «لِيَلْزَمْ كُلّ إِنْسَانٍ مُصَلاّهُ». ثُمّ قَالَ: «أَتَدْرُونَ لِمَ جَمَعْتُكُمْ؟» قَالُوا: اللّهُ وَرَسُولُهُ أَعْلَمُ.

قَالَ: «إِنّي، وَاللّهِ مَا جَمَعْتُكُمْ لِرَغْبَةٍ وَلاَ لِرَهْبَةٍ. وَلَـكِنْ جَمَعْتُكُمْ، لأَنّ تَمِيماً الدّارِيّ، كَانَ رَجُلاً نَصْرَانِيّا، فَجَاءَ فَبَايَعَ وَأَسْلَمَ. وَحَدّثَنِي حَدِيثاً وَافَقَ الّذِي كُنْتُ أُحَدّثُكُمْ عَنْ مَسِيحِ الدّجّالِ. حَدّثَنِي أَنّهُ رَكِبَ فِي سَفِينَةٍ بَحْرِيّةٍ، مَعَ ثَلاَثِينَ رَجُلاً مِنْ لَخْمٍ وَجُذَامَ. فَلَعِبَ بِهِمُ الْمَوْجُ شَهْراً فِي الْبَحْرِ. ثُمّ أَرْفَؤُوا إِلَى جَزِيرَةٍ فِي الْبَحْرِ حَتّى مَغْرِبِ الشّمْسِ. فَجَلَسُوا فِي أَقْرُبِ السّفِينَةِ. فَدَخَلُوا الْجَزِيرَةَ. فَلَقِيَتْهُمْ دَابّةٌ أَهْلَبُ كَثِيرُ الشّعَرِ. لاَ يَدْرُونَ مَا قُبُلُهُ مِنْ دُبُرِهِ. مِنْ كَثْرَةِ الشّعَرِ. فَقَالُوا: وَيْلَكِ مَا أَنْتِ؟ فَقَالَتْ: أَنَا الْجَسّاسَةُ. قَالُوا: وَمَا الْجَسّاسَةُ؟ قَالَتْ: أَيّهَا الْقَوْمُ انْطَلِقُوا إِلَى هَـذَا الرّجُلِ فِي الدّيْرِ. فَإِنّهُ إِلَى خَبَرِكُمْ بِالأَشْوَاقِ. قَالَ: لَمّا سَمّتْ لَنَا رَجُلاً فَرِقْنَا مِنْهَا أَنْ تَكُونَ شَيْطَانَةً. قَالَ: فَانْطَلَقْنَا سِرَاعاً. حَتّى دَخَلْنَا الدّيْرَ. فَإِذَا فِيهِ أَعْظَمُ إِنْسَانٍ رَأَيْنَاهُ قَطّ خَلْقاً. وَأَشَدّهُ وِثَاقاً. مَجْمُوعَةٌ يَدَاهُ إِلَى عُنُقِهِ، مَا بَيْنَ رُكْبَتَيْهِ إِلَى كَعْبَيْهِ، بِالْحَدِيدِ. قُلْنَا: وَيْلَكَ مَا أَنْتَ؟ قَالَ: قَدْ قَدَرْتُمْ عَلَى خَبَرِي. فَأَخْبِرُونِي مَا أَنْتُمْ؟ قَالُوا: نَحْنُ أُنَاسٌ مِنَ الْعَرَبِ. رَكِبْنَا فِي سَفِينَةٍ بَحْرِيّةٍ. فَصَادَفْنَا الْبَحْرَ حِينَ اغْتَلَمَ. فَلَعِبَ بِنَا الْمَوْجُ شَهْراً. ثُمّ أَرْفَأْنَا إِلَى جَزِيرَتِكَ هَـذِهِ. فَجَلَسْنَا فِي أَقْرُبِهَا. فَدَخَلْنَا الْجَزِيرَةَ. فَلَقِيَتْنَا دَابّةٌ أَهْلَبُ كَثِيرُ الشّعَرِ. لاَ يُدْرَى مَا قُبُلُهُ مِنْ دُبُرِهِ مِنْ كَثْرَةِ الشّعَرِ. فَقُلْنَا: وَيْلَكِ مَا أَنْتِ؟ فَقَالَتْ: أَنَا الْجَسّاسَةُ. قُلْنَا: وَمَا الْجَسّاسَةُ؟ قَالَتِ: اعْمِدُوا إِلَى هَـذَا الرّجُلِ فِي الدّيْرِ. فَإِنّهُ إِلَى خَبَرِكُمْ بِالأَشْوَاقِ. فَأَقْبَلْنَا إِلَيْكَ سِرَاعاً. وَفَزِعْنَا مِنْهَا. وَلَمْ نَأْمَنْ أَنْ تَكُونَ شَيْطَانَةً. فَقَالَ: أَخْبِرُونِي عَنْ نَخْلِ بَيْسَانَ. قُلْنَا: عَنْ أَيّ شَأْنِهَا تَسْتَخْبِرُ؟ قَالَ: أَسْأَلُكُمْ عَنْ نَخْلِهَا، هَلْ يُثْمِرُ؟ قُلْنَا لَهُ: نَعَمْ. قَالَ: أَمَا إِنّهُ يُوشِكُ أَنْ لاَ تُثْمِرَ. قَالَ: أَخْبِرُونِي عَنْ بُحَيْرَةِ الطّبَرِيّةِ. قُلْنَا: عَنْ أَيّ شَأْنِهَا تَسْتَخْبِرُ؟ قَالَ: هَلْ فِيهَا مَاءٌ؟ قَالُوا: هِيَ كَثِيرَةُ الْمَاءِ. قَالَ: أَمَا إِنّ مَاءَهَا يُوشِكُ أَنْ يَذْهَبَ. قَالَ: أَخْبِرُونِي عَنْ عَيْنِ زُغَرَ. قَالُوا: عَنْ أَيّ شَأْنِهَا تَسْتَخْبِرُ؟ قَالَ: هَلْ فِي الْعَيْنِ مَاءٌ؟ وَهَلْ يَزْرَعُ أَهْلُهَا بِمَاءِ الْعَيْنِ؟ قُلْنَا لَهُ: نَعَمْ. هِيَ كَثِيرَةُ الْمَاءِ، وَأَهْلُهَا يَزْرَعُونَ مِنْ مَائِهَا. قَالَ: أَخْبِرُونِي عَنْ نَبِيّ الأُمّيّينَ مَا فَعَلَ؟ قَالُوا: قَدْ خَرَجَ مِنْ مَكّةَ وَنَزَلَ يَثْرِبَ. قَالَ: أَقَاتَلَهُ الْعَرَبُ؟ قُلْنَا: نَعَمْ. قَالَ: كَيْفَ صَنَعَ بِهِمْ؟ فَأَخْبَرْنَاهُ أَنّهُ قَدْ ظَهَرَ عَلَى مَنْ يَلِيهِ مِنَ الْعَرَبِ وَأَطَاعُوهُ. قَالَ لَهُمْ: قَدْ كَانَ ذَلِكَ؟ قُلْنَا: نَعَمْ.

قَالَ: أَمَا إِنّ ذَاكَ خَيْرٌ لَهُمْ أَنْ يُطِيعُوهُ. وَإِنّي مُخْبِرُكُمْ عَنّي. إِنّي أَنَا الْمَسِيحُ. وَإِنّي أُوشِكُ أَنْ يُؤْذَنَ لِي فِي الْخُرُوجِ. فَأَخْرُجُ فَأَسِيرُ فِي الأَرْضِ فَلاَ أَدَعُ قَرْيَةً إِلاّ هَبَطْتُهَا فِي أَرْبَعِينَ لَيْلَةً. غَيْرَ مَكّةَ وَطَيْبَةَ. فَهُمَا مُحَرّمَتَانِ عَلَيّ. كِلْتَاهُمَا. كُلّمَا أَرَدْتُ أَنْ أَدْخُلَ وَاحِدَةً، أَوْ وَاحِداً مِنْهُمَا، اسْتَقْبَلَنِي مَلَكٌ بِيَدِهِ السّيْفُ صَلْتاً. يَصُدّنِي عَنْهَا. وَإِنّ عَلَى كُلّ نَقْبٍ مِنْهَا مَلاَئِكَةً يَحْرُسُونَهَا.

قَالَتْ: قَالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم، وَطَعَنَ بِمِخْصَرَتِهِ فِي الْمِنْبَرِ «هَـذِهِ طَيْبَةُ. هَـذِهِ طَيْبَةُ. هَـذِهِ طَيْبَةُ» يَعْنِي الْمَدِينَةَ «أَلاَ هَلْ كُنْتُ حَدّثْتُكُمْ ذَلِكَ؟» فَقَالَ النّاسُ: نَعَمْ. «فَإِنّهُ أَعْجَبَنِي حَدِيثُ تَمِيمٍ أَنّهُ وَافَقَ الّذِي كُنْتُ أُحَدّثُكُمْ عَنْهُ وَعَنِ الْمَدِينَةِ وَمَكّةَ. أَلاَ إِنّهُ فِي بَحْرِ الشّامِ أَوْ بَحْرِ الْيَمَنِ. لاَ بَلْ مِنْ قِبَلِ الْمَشْرِقِ، مَا هُوَ. مِنْ قِبَلِ الْمَشْرِقِ، مَا هُوَ. مِنْ قِبَلِ الْمَشْرِقِ، مَا هُوَ». وَأَوْمَأَ بِيَدِهِ إِلَى الْمَشْرِقِ. قَالَتْ: فَحَفِظْتُ هَـذَا مِنْ رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم.

7331 ـ حدّثنا يَحْيَى بْنُ حَبِيبٍ الْحَارِثِيّ. حَدّثَنَا خَالِدُ بْنُ الْحَارِثِ الْهُجَيْمِيّ، أَبُو عُثْمَانَ. حَدّثَنَا قُرّةُ. حَدّثَنَا سَيّارٌ، أَبُو الْحَكَمِ. حَدّثَنَا الشّعْبِيّ قَالَ: دَخَلْنَا عَلَى فَاطِمَةَ بِنْتِ قَيْسٍ فَأَتْحَفَتْنَا بِرُطَبٍ يُقَالُ لَهُ رُطَبُ ابْنِ طَابٍ. وَأَسْقَتْنَا سَوِيقَ سُلْتٍ. فَسَأَلْتُهَا عَنِ الْمُطَلّقَةِ ثَلاَثاً أَيْنَ تَعْتَدّ؟ قَالَتْ: طَلّقَنِي بَعْلِي ثَلاَثاً. فَأَذِنَ لِي النّبِيّ صلى الله عليه وسلم أَنْ أَعْتَدّ فِي أَهْلِي. قَالَتْ فَنُودِيَ فِي النّاسِ: إِنّ الصّلاَةَ جَامِعَةً. قَالَتْ: فَانْطَلَقْتُ فِيمَنِ انْطَلَقَ مِنَ النّاسِ. قَالَتْ: فَكُنْتُ فِي الصّفّ الْمُقَدّمِ مِنَ النّسَاءِ. وَهُوَ يَلِي الْمُؤَخّرَ مِنَ الرّجَالِ. قَالَتْ فَسَمِعْتُ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم، وَهُوَ عَلَى الْمِنْبَرِ يَخْطُبُ فَقَالَ: «إِنّ بَنِي عَمَ لِتَمِيمٍ الدّارِيّ رَكِبُوا فِي الْبَحْرِ». وَسَاقَ الْحَدِيثَ وَزَادَ فِيهِ: قَالَتْ: فَكَأَنّمَا أَنْظُرُ إِلَى النّبِيّ صلى الله عليه وسلم، وَأَهْوَى بِمِخْصَرَتِهِ إِلَى الأَرْضِ، وَقَالَ: «هَـذِهِ طَيْبَةُ» يَعْنِي الْمَدِينَةَ.

7332 ـ وحدّثنا الْحَسَنُ بْنُ عَلِيَ الْحُلْوَانِيّ وَ أَحْمَدُ بْنُ عُثْمَانَ النّوْفَلِيّ. قَالاَ: حَدّثَنَا وَهْبُ بْنُ جَرِيرٍ. حَدّثَنَا أَبِي. قَالَ: سَمِعْتُ غَيْلاَنَ بْنَ جَرِيرٍ يُحَدّثُ عَنِ الشّعْبِيّ، عَنْ فَاطِمَةَ بِنْتِ قَيْسٍ قَالَتْ: قَدِمَ عَلَى رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم تَمِيمٌ الدّارِيّ فَأَخْبَرَ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم أَنّهُ رَكِبَ الْبَحْرَ. فَتَاهَتْ بِهِ سَفِينَتُهُ. فَسَقَطَ إِلَى جَزِيرَةٍ. فَخَرَجَ إِلَيْهَا يَلْتَمِسُ الْمَاءَ. فَلَقِيَ إِنْسَاناً يَجُرّ شَعَرَهُ. وَاقْتَصّ الْحَدِيثَ. وَقَالَ فِيهِ: ثُمّ قَالَ: أَمَا إِنّهُ لَوْ قَدْ أُذِنَ لِي فِي الْخُرُوجِ، قَدْ وَطِئْتُ الْبِلاَدَ كُلّهَا، غَيْرَ طَيْبَةَ. فَأَخْرَجَهُ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم إِلَى النّاسِ فَحَدّثَهُمْ قَالَ: «هَـذِهِ طَيْبَةُ. وَذَاكَ الدّجّالُ».

7333 ـ حدّثني أَبُو بَكْرِ بْنُ إِسْحَقَ. حَدّثَنَا يَحْيَى بْنُ بُكَيْرٍ. حَدّثَنَا الْمُغِيرَةُ (يَعْنِي الْحِزَامِيّ) عَنْ أَبِي الزّنَادِ، عَنِ الشّعْبِيّ، عَنْ فَاطِمَةَ بِنْتِ قَيْسٍ أَنّ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم قَعَدَ عَلَى الْمِنْبَرِ فَقَالَ: «أَيّهَا النّاسُ حَدّثَنِي تَمِيمٌ الدّارِيّ أَنّ أُنَاساً مِنْ قَوْمِهِ كَانُوا فِي الْبَحْرِ. فِي سَفِينَةٍ لَهُمْ. فَانْكَسَرَتْ بِهِمْ. فَرَكِبَ بَعْضُهُمْ عَلَى لَوْحٍ مِنْ أَلْوَاحِ السّفِينَةِ. فَخَرَجُوا إِلَى جَزِيرَةٍ فِي الْبَحْرِ» وَسَاقَ الْحَدِيثَ.

پاتىمە بىنتى قىيس رەزىيەللاھۇ ئەنهادىن، مەن ئىددىتىم توشقاندا رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم نىڭ

مۇئەززىنىنىڭ نامازغا كىلىڭلار!!دىگەن نىداسىنى ئاڭلاپ، مەسجىدكە چىقىپ، ئاياللار سىپىدە تۇرۇپ رەسۇلۇللاھ

بىلەن ناماز ئوقۇدۇم، رەسۇلۇللاھ نامىزىنى ئوقۇپ بولۇپ، كۈلگەن ھالدا مۇنبەر ئۈستىدە ئولتۇرۇپ؛ ھەر بىر

## سەھىھ مۇسلىمنىڭ تەرجىمىسى

ئىنسان نامازگاھىدا مەھكەم ئولتۇرسۇن، مىنىڭ سىلەرنى نىمە ئۈچۈن يىغقانلىقىمنى بىلەمسىلەر؟دېدى، ئۇلار؛ **الله** ۋە **الله** نىڭ ئەلچىسى بىلىدۇ دېدى، ئاندىن رەسۇلۇللاھ مۇنداق دىگەن: ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، ھەققەتەن مەن بۇ ئورنۇمدا سىلەرگە پايدا ــ مەنپەئەتلىك بىرەر ئىش ئۈچۈن قىزىقىپ ياكى قورقۇپ، قىزىقتۇرۇش ياكى قورقۇتۇش ئۈچۈن تۇرم ۇدۇم، سىلەرنى ئۇنىڭ ئۈچۈن يىغمىدىم، لېكىن، ناسارا دىنىدىكى تەمىيمۇددارى ماڭا كېلىپ،مۇسۇلمان بۇلۇپ، خۇشاللىق بىر خەۋەرنى يەتكۈزدى، مەن بۇ خەۋەردىن خۇشال بولۇپ، قەلبىم ئارام تېپىپ، چۈشتە ئۇخلىيالمىدىم، پەيغەمبىرىڭلارنىڭ بۇ خۇشاللىقنى سىلەرگە يەتكۈزۈشنى ياخشى كۆردۈم، دىققەت قىلىڭلار، ھەققەتەن تەمىيمۇددارى ماڭا؛ مەن سىلەرگە دەججال توغرىسىدا سۆزلەپ بىرىدىغان بىر ھەدىسىمگە مۇۋاپىق كىلىدىغان سۆزنى قىلىپ مۇنداق خەۋەر قىلدى:ئۇ 30 كىشى بىلەن لەخمى جۇزام دىگەن جايدىن كېمە بىلەن دېڭىزغا سەپەرگە چىقىپتۇ،دولقۇن ئۇلارنىڭ كىمىسىنى بىر ئاي ئاۋارە قىلىپ، مەقسەتلىرىدىن باشقا ياققا بۇراپ، شامال ئۇلارنى كېمىسى بىلەن ئۇلار تونىمايدىغان بىر ئارالغا ئاپىرىپ قويۇپتۇ، ئۇلار كۈن كىرگەن چاغدا بىر ئارالغا يېقىن بېرىپ قاپتۇ، ئۇلار كېمىسىنىڭ يېنىغائېلىۋېلىنغان كىچىك قۇلۋاققا ئولتۇرۇپ، مەلۇم بىر ئارالغا چىقىپتۇ، ناگاھان ئۇلار يۇڭلۇق، يۇڭلىرى، چاچ تۈكلىرى ناھايىتى قويۇق ھەم كۆپ بىر مەخلۇققا ئۇچراپتۇ، ئۇلار بۇ مەخلۇقنىڭ يۇڭىنىڭ كۆپلىكىدىن ئەر يا ئاياللىقىنى بىلمەيدىكەن، ئۇلار ئۇنىڭدىن ساڭا ۋايدۇر،سەن نېمە؟ دەپ سوراپتۇ، ئۇ، مەن جاسۇس (دەججالنىڭ جاسۇسى) دەپتۇ، ئۇلار، ئۇنداق بولسا، بىزگە بىرەر خەۋەر دەپ بەرگىن دەپتۇ، ئۇ، مەن سىلەرگە بىرەر خەۋەرنى دەپ بەرمەيمەن، سىلەردىنمۇ خەۋەر تەلەپ قىلمايمەن، لېكىن، بۇ غاردا خەۋەر بار، سىلەر جاھىللارچە ئېزىپ بۇ جايغا يېقىن كېلىپ قاپسىلەر، كۆپ مۇشەققەت تارتىپسىلەر، بۇ غارغا بېرىڭلار، ھەققەتەن ئۇنىڭ ئىچىدە سىلەرنىڭ خەۋرىڭلارنى كۈتۈپ، ئىشتىياق چېكىپ تۇرغان سىلەرگىمۇ خەۋەر يەتكۈزمەكچى بولغان بىر كىشى بار دەپتۇ، ـ ئۇ بىزگە بىر كىشى بار دىگەندە، بىز ئۇنىڭ جىن ـ شەيتان ئىكەنلىكىدىن قورقتۇق ـ ئۇلار كېلىپ، ئىچىگە كىرسە، ئۇ غاردا قولى بويىنىغا قاتتىق باغلاقلىق، تىزىدىن باشلاپ ئىككى ھۇشقىغىچە تۆمۈر زەنجىر ــ كىشەنلەر بىلەن باغلاپ قويۇلغان ،ناھايىتى چوڭ بىر قېرى شەيىخ تۇرغۇدەك، بۇ قېرى، غەم ــ قايغۇسىنى شىكايەتلىرىنى ئاشكارىلاپ تۇرۇپتۇ، بۇلار؛ ساڭا ۋايدۇر، سەن نىمە؟ دىسە، ئۇ؛سىلەر مىنىڭ خەۋىرىمگە قادىر بۇلدۇڭلار،ماڭا دەڭلار قېنى، سىلەر نىمە؟ سىلەر قەيەردىن كەلدىڭلار؟ دەپ سوراپتۇ، ئۇلار ؛بىز ئەرەپ، بىز شامدىن كەلدۇق دەپ،يۇلۇقغان ئىشلىرىنى سۆزلەپ بىرىپتۇ، ئۇ ؛ ئەرەبلەر نېمە

قىلىۋاتىدۇ؟ دەپتۇ، ئۇلار؛ مانا بىز ئەرەبلەر، نېمىدىن سورايسەن؟ دەپتۇ، ئۇ؛ ئاراڭلاردا ئاشكارا بولۇپ چىققان بىر كىشى بار، ئۇ نېمە ئىش قىلىۋاتىدۇ؟ دەپ سوراپتۇ، ئۇلار ؛ ياخشى، ئۇ بىر قەۋىم بىلەن قارشىلىشىپ، ئۇرۇش قىلغان، ئاللاھ ئۇنى ئۇلار ئۈستىدىن غالىب قىلدى، بۈگۈن ئۇلارنىڭ ئىشى ھەم، ئىتتىپاقتۇر، ئىلاھى بىردۇر، دىنى بىردۇر دېسە، ئۇ؛ زەغرە قۇدۇقىغا نېمە بولدى؟ دېدى، ئۇلار؛ ياخشى، كىشىلەر ئۇ قۇدۇقدىن زىرائەتلىرىنى سۇغۇرۇۋاتىدۇ، سۇ، ئىچىملىك ئۈچۈن سۇ ئېلىۋاتىدۇ دېسە، ئۇ، ئەممان قۇدۇقچۇ؟ بېيسان خورمىلىرى چۇ؟ دېدى، ئۇلار؛ بۇ باغلار ھەر يىلى مېۋە بېرىۋاتىدۇ دېدى، ئۇ تەبرىييە دېڭىزى نېمە بولدى؟ دەپ سورىدى، ئۇلار سۈيىنىڭ كۆپلىكىدىن تېشىپ كېتەي دەپ قالدى دېدى، ئاندىن ئۇ ھەسرەتلىك ھالدا قاتتىق ئۈچ قېتىم تىندى، ۋە مۇنداق دېدى؛ئۇ قۇدۇقلارنىڭ ۋە شۇ دېڭىزنىڭ سۈيى يۇقاپ كىتىشى مۇمكىن، ئۇ باغلارمۇ مېۋە بەرمەسلىكى مۇمكىن، ماڭا تۈرۈك ئەرەپلەرنىڭ پەيغەمبىرى توغرۇلۇق خەۋەر بېرىڭلار،ئۇ نىمە قىلىۋاتىدۇ؟دىسە، ئۇلار؛مىنىڭ مەككىدىن چىقىپ، مەدىنىگە چۈشۈپ، غەلبە قىلغانلىقىمنى خەۋەر قىلسا، ئۇ؛ئۇلارنىڭ ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلىشى ئۆزلىرى ئۈچۈن بەك ياخشىدۇر،مەن بولسام دەججال بۇلىمەن، ماڭا بىر كۈنى چىقىشىمغا ئىزنى بىرلىدۇ، ئەگەر مەن مۇشۇ باغلاقدىن بوشانسام، قېچىپ قۇتۇلسام ، مۇشۇ ئىككى پۇتۇم بىلەن ھېچبىر زىمىن قويماي، بارلىق زىمىنغا دەسسەيمەن، 40 كۈن ئىچىدە پۈتۈن جايغا بارىمەن، لېكىن، مەككە بىلەن تەييىبەت بۇنىڭدىن مۇستەسنا، ماڭا ئۇ جايغا كىرىشكە يول يوق،ماڭا ئۇجايغا كىرىشىم ھارام قىلىنغان، بۇ ئىككى جاينىڭ بىرەرسىگە كىرمەكچى بولسام، پەرىشتىلەر قىلىچىنى يالىڭاچلاپ چىقىپ مىنى تۇسىدۇ،بۇ ئىككى جاينىڭ ھەر بىر كوچا ـ يول ـ ئېغىزلىرىدا پەرىشتىلەر پوستا تۇرۇپ، ئۇجاينى قوغدايدۇ دېدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم سۆزنى داۋام قىلىپ، ھاسىسى بىلەن مۇنبەرنى ئۇرۇپ قويۇپ، مېنىڭ خۇشاللىقىم مانا مۇشۇ يەرگە يەتتى، مەن مۇشۇ ئاخىرقى سۆزگە خۇشال بولدۇم، مانا بۇ مەدىنە تەييىبەت دىگەن شۇدۇر، جېنىم ئېلىكىدە بولغان ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، مەدىنىدىكى ھەربىر تار يول، كەڭ يول، تاغ، يايلاق بولسۇن، ھەممىلا جايدا پەرىشتىلەر قىيامەت كۈنىگىچە قېلىچىنى سۇغۇرۇپ، غىلاپسىز ھالدا تۇتۇپ تۇرىدۇ، (شۇنىڭ ئۈچۈن دەججال كىرەلمەيدۇ) مەن سىلەرگە تولۇق يەتكۈزدۇممۇ؟دېدى، ئۇلار؛ ھەئە يەتكۈزدىلە دىسە، رەسۇلۇللاھ ؛ ئاگاھ بۇلۇڭلاركى، دەججال ھازىر شام ياكى يەمەن دېڭىزىدا، ياق، ئۇ بەلكى مەشرىق تەرەپتە ئىكەن دەپ، كۈن چىقىش تەرەپكە ئىشارەت

قىلدى. ئەھمەد 26083 ــ ھەدىس، ئىبنى ماجە 4064 ــ ھەدىس، ئەبۇ داۋۇد 3767 ــ ھەدىس، تىرمىزى 2179 ــ ھەدىس، مۇسلىم، سەھىھ.

**7334 ـ7335 ـ حدّثني عَلِيّ بْنُ حُجْرٍ السّعْدِيّ. حَدّثَنَا الْوَلِيدُ بْنُ مُسْلِمٍ. حَدّثَنِي أَبُو عَمْرٍو (يَعْنِي الأَوْزَاعِيّ) عَنْ إِسْحَقَ بْنِ عَبْدِ اللّهِ بْنِ أَبِي طَلْحَةَ. حَدّثَنِي أَنَسُ بْنُ مَالِكٍ قَالَ: قَالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: «لَيْسَ مِنْ بَلَدٍ إِلاّ سَيَطَؤُهُ الدّجّالُ. إِلاّ مَكّةَ وَالْمَدِينَةَ. وَلَيْسَ نَقْبٌ مِنْ أَنْقَابِهَا إِلاّ عَلَيْهِ الْمَلاَئِكَةُ صَافّينَ تَحْرُسُهَا. فَيَنْزِلُ بِالسّبَخَةِ. فَتَرْجُفُ الْمَدِينَةُ ثَلاَثَ رَجَفَاتٍ. يَخْرُجُ إِلَيْهِ مِنْهَا كُلّ كَافِرٍ وَمُنَافِقٍ».**

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مەككە بىلەن مەدىنىدىن باشقا بارلىق شەھەر ــ يېزىلارغا دەججال دەسسەيدۇ، مەككە ـ مەدىنىنىڭ ھەربىر يوللىرىدا، كوچا ئېغىزلىرىدا پەرىشتىلەر قۇراللىق ھالدا سەپ تارتىپ تۇرۇپ مەدىنىنى قوغدايدۇ، دەججال گىياھ ئۈنمەيدىغان تۇزلۇق، شورلۇق بىر زېمىنغا چۈشۈپ، چېدىرنى شۇ جايغا تىكىدۇ، مەدىنە ئۈز ئەھلىگە قاتتىق ئۈچ قېتىم تەۋرەيدۇ، شۇنىڭ بىلەن ھەربىر كاپىر، مۇناپىقلار مەدىنىدىن دەججالنىڭ قېشىغا چىقىدۇ، (مانا بۇ قىيامەت ئالامىتى). مۇسلىم 5236 ــ ھەدىس، بۇخارى 1748 ــ ھەدىس، بەيھەقى، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

## 1326 ـ باب في بقية من أحاديث الدجال

**7336 ـ حدّثنا مَنْصُورُ بْنُ أَبِي مُزَاحِمٍ. حَدّثَنَا يَحْيَى بْنُ حَمْزَةَ عَنِ الأَوْزَاعِيّ، عَنْ إِسْحَقَ بْنِ عَبْدِ اللّهِ، عَنْ عَمّهِ، أَنَسِ بْنِ مَالِكٍ أَنّ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم قَالَ: «يَتْبَعُ الدّجّالَ، مِنْ يَهُودِ أَصْبَهَانَ، سَبْعُونَ أَلْفاً. عَلَيْهِمُ الطّيَالِسَةُ».**

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: دەججالغا ئەسبىھاننىڭ يەھۇدىيلىرىدىن 70000 يەھۇدىي ئەگىشىدۇ، ئۇلارنىڭ ئۈستىدە سىزىق يوللۇق قېلىن كاسايا جۇۋا باردۇر. (ئۇلارنى مۇسۇلمانلار ئۆلتۈرۈۋېتىدۇ، بۇ ۋەقە يۇقىرىدا تاش دەرەخنىڭ سۆز قىلىشىدا ئۆتكەن). مۇسلىم 5237 ــ ھەدىس، ئەھمەد 12865 ــ ھەدىس، سەھىھ.

**7337 ـ حدّثني هَرُونُ بْنُ عَبْدِ اللّهِ. حَدّثَنَا حَجّاجُ بْنُ مُحَمّدٍ قَالَ: قَالَ ابْنُ جُرَيْجٍ: حَدّثَنِي أَبُو الزّبَيْرِ أَنّهُ سَمِعَ جَابِرَ بْنَ عَبْدِ اللّهِ يَقُولُ: أَخْبَرَتْنِي أُمّ شَرِيكٍ أَنّهَا سَمِعَتِ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم يَقُولُ: «لَيَفِرّنّ النّاسُ مِنَ الدّجّالِ فِي الْجِبَالِ» قَالَتْ أُمّ شَرِيكٍ: يَا رَسُولَ اللّهِ فَأَيْنَ الْعَرَبُ يَوْمَئِذٍ؟ قَالَ: «هُمْ قَلِيلٌ».**

**7338 ـ وحدّثناه مُحَمّدُ بْنُ بَشّارٍ وَ عَبْدُ بْنُ حُمَيْدٍ. قَالاَ: حَدّثَنَا أَبُو عَاصِمٍ عَنِ ابْنِ جُرَيْجٍ بِهَذَا الإِسْنَادِ.**

ئۇممە شەرىيك رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئەلۋەتتە كىشىلەر دەججالدىن (يەنى ئۇماندىن ياندۇرۇۋېتىشىدىن ئەنسىرەپ، ئۇنىڭ پىتنىسىدىن، ھۇجۇمىدىن)، تاغلارغا قېچىپ چىقىۋالىدۇ. مەن؛ ئى الله نىڭ ئەلچىسى! شۇكۈنلەردە ئەرەبلەر قەيەردە بولىدۇ؟دېسەم، رەسۇلۇللاھ ؛ ئۇلار ئۇچاغدا بەكلا ئازدۇر دېدى.ئەھمەد، مۇسلىم، تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.

**7339 ـ حدّثني زُهَيْرُ بْنُ حَرْبٍ. حَدّثَنَا أَحْمَدُ بْنُ إِسْحَقَ الْحَضْرَمِيّ. حَدّثَنَا عَبْدُ الْعَزِيزِ (يَعْنِي ابْنَ الْمُخْتَارِ). حَدّثَنَا أَيّوبُ عَنْ حُمَيْدِ بْنِ هِلاَلٍ، عَنْ رَهْطٍ، مِنْهُمْ أَبُو الدّهْمَاءِ وَ أَبُو قَتَادَةَ قَالُوا: كُنّا نَمُرّ عَلَى هِشَامِ بْنِ عَامِرٍ، نَأْتِي عِمْرَانَ بْنَ حُصَيْنٍ. فَقَالَ ذَاتَ يَوْمٍ: إِنّكُمْ**

لَتُجَاوِزُونِي إِلَى رِجَالٍ، مَا كَانُوا بِأَحْضَرَ لِرَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم مِنِّي. وَلاَ أَعْلَمَ بِحَدِيثِهِ مِنِّي. سَمِعْتُ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم يَقُولُ: «مَا بَيْنَ خَلْقِ آدَمَ إِلَى قِيَامِ السّاعَةِ خَلْقٌ أَكْبَرُ مِنَ الدّجّالِ».

7340 ـ وحدّثني مُحَمّدُ بْنُ حَاتِمٍ. حَدّثَنَا عَبْدُ اللّهِ بْنُ جَعْفَرٍ الرّقّيّ. حَدّثَنَا عُبَيْدُ اللّهِ بْنُ عَمْرٍو عَنْ أَيّوبَ، عَنْ حُمَيْدِ بْنِ هِلاَلٍ، عَنْ ثَلاَثَةِ رَهْطٍ مِنْ قَوْمِهِ، فِيهِمْ أَبُو قَتَادَةَ قَالُوا: كُنّا نَمُرّ عَلَى هِشَامِ بْنِ عَامِرٍ، إِلَى عِمْرَانَ بْنِ حُصَيْنٍ. بِمِثْلِ حَدِيثِ عَبْدِ الْعَزِيزِ بْنِ مُخْتَارٍ. غَيْرَ أَنّهُ قَالَ: «أَمْرٌ أَكْبَرُ مِنَ الدّجّالِ».

ھىشام ئىبنى ئامىر،ئىمران رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمىدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئادەم يارالغاندىن باشلاپ، تا قىيامەت قايىم بولغىچە، دەججالنىڭ پىتنىسىدىنمۇ چوڭراق نەرسە يوقتۇر، ئۇ بەك چوڭ ئىشتۇر. ئەھمەد، مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.

7341 ـ حدّثنا يَحْيَى بْنُ أَيّوبَ وَ قُتَيْبَةُ بْنُ سَعِيدٍ وَ ابْنُ حُجْرٍ. قَالُوا: حَدّثَنَا إِسْمَاعِيلُ (يَعْنُونَ ابْنَ جَعْفَرٍ) عَنِ الْعَلاَءِ، عَنْ أَبِيهِ، عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ أَنّ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم قَالَ: «بَادِرُوا بِالأَعْمَالِ سِتّا: طُلُوعَ الشّمْسِ مِنْ مَغْرِبِهَا، أَوِ الدّخَانَ، أَوِ الدّجّالَ، أَوِ الدّابّةَ، أَوْ خَاصّةَ أَحَدِكُمْ، أَوْ أَمْرَ الْعَامّةِ».

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئالتە ئىشنىڭ يېتىپ كېلىشىدىن بۇرۇن ياخشى ئەمەللەرگە ئالدىراڭلار، 1. كۈننىڭ كىرگەن جايى مەغرىپتىن چىقىشى، 2. كەڭ كۆلەملىك تۈتۈن، گاز. 3. زېمىندىن ھايۋاننىڭ چىقىپ سۆزلىشى، 4. دەججالنىڭ چىقىشى، 5. ھەربىرىڭلارنىڭ ئۆلۈمى يېتىپ كېلىشىدىن بۇرۇن، 6. ئاۋام خەلقنىڭ ئۆلۈمى قىيامەتتىن بۇرۇن.

7342 ـ7343 ـ حدّثنا أُمَيّةُ بْنُ بِسْطَامَ الْعَيْشِيّ. حَدّثَنَا يَزِيدُ بْنُ زُرَيْعٍ. حَدّثَنَا شُعْبَةُ عَنْ قَتَادَةَ عَنِ الْحَسَنِ، عَنْ زِيَادِ بْنِ رِيَاحٍ، عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ، عَنِ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم قَالَ: «بَادِرُوا بِالأَعْمَالِ سِتّا: الدّجّالَ، وَالدّخَانَ، وَدَابّةَ الأَرْضِ، وَطُلُوعَ الشّمْسِ مِنْ مَغْرِبِهَا، وَأَمْرَ الْعَامّةِ، وَخُوَيْصّةَ أَحَدِكُمْ».
وحدّثناه زُهَيْرُ بْنُ حَرْبٍ وَ مُحَمّدُ بْنُ الْمُثَنّى. قَالاَ: حَدّثَنَا عَبْدُ الصّمَدِ بْنُ عَبْدِ الْوَارِثِ. حَدّثَنَا هَمّامٌ عَنْ قَتَادَةَ بِهَـٰذَا الإِسْنَادِ، مِثْلَهُ.

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئالتە ئىشنىڭ يېتىپ كېلىشىدىن بۇرۇن ياخشى ئەمەللەرگە ئالدىراڭلار، 1. كەڭ كۆلەملىك تۈتۈن، گاز. 2. دەججالنىڭ چىقىشى، 3. زېمىندىن ھايۋاننىڭ چىقىپ سۆزلىشى، 4. كۈننىڭ كىرگەن جايى مەغرىپتىن چىقىشى، 5. ئاۋام خەلقنىڭ ئۆلۈمى قىيامەتتىن بۇرۇن، 6. ھەربىرىڭلارنىڭ ئۆلۈمى يېتىپ كېلىشىدىن بۇرۇن، ياخشى ئەمەللەرگە ئالدىراڭلار .مۇسلىم ، ئەھمەد 8910 ــ ھەدىس، سەھىھ

*1327 ـ باب فضل العبادة في الهرج*

7344 ـ حدّثنا يَحْيَى بْنُ يَحْيَى. أَخْبَرَنَا حَمّادُ بْنُ زَيْدٍ عَنْ مُعَلّى بْنِ زِيَادٍ، عَنْ مُعَاوِيَةَ بْنِ قُرّةَ، عَنْ مَعْقِلِ بْنِ يَسَارٍ أَنّ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم. ح وَحَدّثَنَاهُ قُتَيْبَةُ بْنُ سَعِيدٍ. حَدّثَنَا حَمّادٌ عَنِ الْمُعَلّى بْنِ زِيَادٍ، رَدّهُ إِلَى مُعَاوِيَةَ بْنِ قُرّةَ. رَدّهُ إِلَى مَعْقِلِ بْنِ يَسَارٍ. رَدّهُ إِلَى النّبِيّ صلى الله عليه وسلم قَالَ: «الْعِبَادَةُ فِي الْهَرْجِ، كَهِجْرَةٍ إِلَيّ».
7345 ـ وَحَدّثَنِيهِ أَبُو كَامِلٍ. حَدّثَنَا حَمّادٌ، بِهَـٰذَا الإِسْنَادِ، نَحْوَهُ.

مەئقەل ئىبنى يەسسار رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئۇرۇش مالىمانچىلىقىدىكى، پىتنە ــ پاساد يىللاردىكى ئىبادەت، خۇددى ماڭا قىلغان ھىجرەتكە ئوخشايدۇ، تەبرانى.

## 1328 – باب قرب الساعة قىيامەتنىڭ بەكلا يېقىنلىقى توغرىسىدا

7346 – حدّثنا زُهَيْرُ بْنُ حَرْبٍ. حَدّثنا عَبْدُ الرّحْمَنِ (يَعْنِي ابْنَ مَهْدِي). حَدّثنا شُعْبَةُ عَنْ عَلِيّ بْنِ الأقمَرِ، عَنْ أبي الأحْوَصِ، عَنْ عَبْدِ اللّهِ، عَنِ النّبيّ صلى الله عليه وسلم قالَ: «لاَ تَقُومُ السّاعَةُ إلاّ عَلَى شِرَارِ النّاسِ».

ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: قىيامەت پەقەت كىشلەرنىڭ ئەڭ يامان كىشىللىرىنىڭ ئۈستىگە قۇرۇلىدۇ. ئەھمەد، مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ. قىيامەت قايىم بولۇش ئاز قالغانسىرى كىشلەر يامانلىشىدۇ، زامان يامان بولىدۇ، يامان كىشلەرلا قالغاندا قىيامەت قۇرۇلىدۇ.

7347 – حدّثنا سَعِيدُ بْنُ مَنْصُورٍ. حَدّثنا يَعْقُوبُ بْنُ عَبْدِ الرّحْمَنِ وَ عَبْدُ العَزِيزِ بْنُ أبي حَازِمٍ عَنْ أبي حَازِمٍ، عَنْ سَهْلِ بْنِ سَعْدٍ، قالَ: قالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم. ح وَحَدّثنا قُتَيْبَةُ بْنُ سَعِيدٍ (وَاللّفظ لَهُ). حَدّثنا يَعْقُوبُ عَنْ أبي حَازِمٍ أنّهُ سَمِعَ سَهْلاً يَقُولُ: سَمِعْتُ النّبيّ صلى الله عليه وسلم يُشِيرُ بِإصْبَعِهِ الّتِي تَلِي الإِبْهَامَ وَالْوُسْطَى، وَهُوَ يَقُولُ: «بُعِثْتُ أنَا وَالسّاعَةَ هَكَذَا».

7348 – حدّثنا مُحَمّدُ بْنُ الْمُثَنّى وَ مُحَمّدُ بْنُ بَشّارٍ. قالاَ: حَدّثنا مُحَمّدُ بْنُ جَعْفَرٍ. حَدّثنا شُعْبَةُ قالَ: سَمِعْتُ قَتَادَةَ. حَدّثنا أنَسُ بْنُ مَالِكٍ قالَ: قالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: «بُعِثْتُ أنَا وَالسّاعَةُ كَهَاتَيْنِ».

قالَ شُعْبَةُ: وَسَمِعْتُ قَتَادَةَ يَقُولُ فِي قَصَصِهِ: كَفَضْلِ إحْدَاهُمَا عَلَى الأُخْرَى. فَلاَ أدْرِي أذْكَرَهُ عَنْ أنَسٍ، أوْ قَالَهُ قَتَادَةُ.

ئەنەس،قەتادە، سەھلى ئىبنى سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمالاردىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مەن بىلەن قىيامەتنىڭ ئارىلىقى مانا مۇشۇنىڭغا ئوخشاش يېقىن ھالەتتە پەيغەمبەر قىلىنىپ ئەۋەتىلدىم، (رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئىككى بارمىقىنى يېقىن قىلىپ كۆرسەتكەن) رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ پەيغەمبەرلىكى بىلەن قىيامەت شۇنداق يېقىن، بۇخارى،مۇسلىم،ئەھمەد، تىرمىزى، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ. ئەبۇ جۇبەيرەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مەن قىيامەت شامىلىنىڭ ئەۋۋىلىدە يەنى قىيامەت ئالامەتلىرىنىڭ ئەۋۋىلىدە ئەۋەتىلدىم، ھاكىم توپلىغ، سەھىھ.

7349 – 7350 – وحدّثنا يَحْيَى بْنُ حَبِيبٍ الحَارِثِيّ. حَدّثنا خَالِدٌ (يَعْنِي ابْنَ الحَارِثِ). حَدّثنا شُعْبَةُ قالَ: سَمِعْتُ قَتَادَةَ وَ أبَا التّيّاحِ يُحَدّثانِ أنّهُمَا سَمِعَا أنَساً يُحَدّثُ أنّ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم قالَ: «بُعِثْتُ أنَا وَالسّاعَةَ هَكَذَا» وَقَرَنَ شُعْبَةُ بَيْنَ إصْبَعَيْهِ. الْمُسَبّحَةِ وَالْوُسْطَى، يَحْكِيهِ. وحدّثنا عُبَيْدُ اللّهِ بْنُ مُعَاذٍ. حَدّثنا أبي. ح وَحَدّثنا مُحَمّدُ بْنُ الْوَلِيدِ. حَدّثنا مُحَمّدُ بْنُ جَعْفَرٍ. قالاَ: حَدّثنا شُعْبَةُ عَنْ أبي التّيّاحِ، عَنْ أنَسٍ، عَنِ النّبيّ صلى الله عليه وسلم بِهَذَا.

7351 – وحدّثناه مُحَمّدُ بْنُ بَشّارٍ. حَدّثنا ابْنُ أبي عَدِيَ عَنْ شُعْبَةَ، عَنْ حَمْزَةَ (يَعْنِي الضّبّيّ) وَ أبي التّيّاحِ عَنْ أنَسٍ، عَنِ النّبيّ صلى الله عليه وسلم بِمِثْلِ حَدِيثِهِمْ.

7352 – وحدّثنا أبُو غَسّانَ الْمِسْمَعِيّ. حَدّثنا مُعْتَمِرٌ عَنْ أبِيهِ، عَنْ مَعْبَدٍ، عَنْ أنَسٍ قالَ: قالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: «بُعِثْتُ أنَا وَالسّاعَةَ كَهَاتَيْنِ». قالَ وَضَمّ السّبّابَةَ وَالْوُسْطَى.

ئەنەس،قەتادە، سەھلى ئىبنى سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمالاردىن جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم خۇتبە سۆزلىسە، كۆزلىرى قىزىرىپ كېتەتتى، ئاۋازى ئۆستۈنلەپ يۇقىرى كۆتۈرۈلۈپ كېتەتتى، غەزىپى ئۆرلەپ، كۈچىيىپ كېتەتتى، خۇددى قوشۇن سىلەرگە ئەتىگەن سەھەردە ياكى كەچكىچە ھۇجۇم قىلىپ كېلىدۇ دەپ، قوشۇندىن ئاگاھلاندۇرغاندەك، ئاگاھلاندۇراتتى، مەن بىلەن قىيامەتنىڭ ئارىلىقى مانا مۇشۇنىڭغا

ئوخشاش يېقىن ھالەتتە پەيغەمبەر قىلىنىپ ئەۋەتىلدىم، دەپ كۆرسەتكۈچ بارمىقى بىلەن ئوتتۇر بارمىقىنى يېقىن قىلىپ كۆرسەتكەن ئىدى.مۇسلىم، ئىبنى ماجە، ئىبنى ھەببان، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

7353 ـ حدّثنا أبُو بَكْرِ بْنُ أبِي شَيْبَةَ وَ أبُو كُرَيْبٍ. قالاَ: حَدّثنا أبُو أسَامَةَ عَنْ هِشَامٍ، عَنْ أبِيهِ، عَنْ عَائِشَةَ قَالَتْ: كَانَ الأعْرَابُ إذَا قَدِمُوا عَلَى رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم سَألُوهُ عَنِ السّاعَةِ: مَتَى السّاعَةُ؟ فَنَظَرَ إلَى أحْدَثِ إنْسَانٍ مِنْهُمْ فَقَالَ: «إنْ يَعِشْ هَذَا، لَمْ يُدْرِكْهُ الْهَرَمُ، قَامَتْ عَلَيْكُمْ سَاعَتُكُمْ».

7354 ـ وحدّثنا أبُو بَكْرِ بْنُ أبِي شَيْبَةَ. حَدّثنا يُونُسُ بْنُ مُحَمّدٍ عَنْ حَمّادِ بْنِ سَلَمَةَ، عَنْ ثَابِتٍ، عَنْ أنَسٍ أنّ رَجُلاً سَألَ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: مَتَى تَقُومُ السّاعَةُ؟ وَعِنْدَهُ غُلاَمٌ مِنَ الأنْصَارِ، يُقَالُ لَهُ مُحَمّدٌ. فقَالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: «إنْ يَعِشْ هَذَا الْغُلاَمُ، فَعَسَى أنْ لاَ يُدْرِكَهُ الْهَرَمُ، حَتّى تَقُومَ السّاعَةُ».

ئەنەس، مۇغىيرەت، ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملاردىن، ئەئرابىيلاردىن بولغان كىشىلەر كېلىپ؛ قىيامەت قاچان؟ دەپ سورىغاندا، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇلاردىن بىر بالىنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ مۇنداق دىگەن: ئەگەر بۇ بالا ھايات ياشاپ قالسا، بۇ بالىنى قېرىلىق تېپىشتىن بۇرۇن قىيامەت قايىم بولۇشى مۇمكىن، مۇسلىم 5249 ــ ھەدىس، بۇخارى 6006 ــ ھەدىس، ئەبۇ داۋۇد 4119 ــ ھەدىس، ئەھمەد 13347 ــ ھەدىس، سەھىھ. يەنە بىر خاتىرىدە سىلەرنىڭ قىيامىتىڭلار قايىم بولىدۇ دىگەن بار، ئىمام نەۋەۋى بۇ ھەدىسنىڭ شەرھىسىدە قازى ئىيازنىڭ مۇنۇ سۆزىنى يازغان، بۇ توغرىسىدىكى بارلىق رىۋايەتلەر ئاشۇ مەنىگە يەنى سىلەرنىڭ قىيامەتىڭلار دىگەنگە قايتىدۇ، ئۇ بولسىمۇ شۇلارنىڭ ئۆلۈپ تۈگىشىدۇر، ئەلۋەتتە كىچىك بىر بالا ھايات كەچۈرۈپ قالسا، ئۇ قېرىغىچە چوڭلار ئۆلۈپ تۈگەيدۇ، ھەدىسنىڭ مەنىسى، ئۇ بالا قېرىغىچە ئۆلۈپ تۈگەپ كىتىشىڭلار قىيامەتكە ئوخشاشدۇر دىگەن بولىدۇ، ياكى بۇ بالا ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرمىگەن، ئۇزۇن ياشىمىغان ھەم قېرىمىغان، كىچىكلا ئۆلۈپ كەتكەن دىيىلدى.

7355 ـ وحدّثني حَجّاجُ بْنُ الشّاعِرِ. حَدّثنا سُلَيْمَانُ بْنُ حَرْبٍ. حَدّثنا حَمّادٌ (يَعْنِي ابْنَ زَيْدٍ). حَدّثنا مَعْبَدُ بْنُ هِلاَلٍ الْعَنَزِيّ عَنْ أنَسِ بْنِ مَالِكٍ أنّ رَجُلاً سَألَ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم قَالَ: مَتَى تَقُومُ السّاعَةُ؟ قَالَ فَسَكَتَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم هُنَيْهَةً. ثُمّ نَظَرَ إلَى غُلاَمٍ بَيْنَ يَدَيْهِ مِنْ أزْدِ شَنُوءَةَ. فقَالَ: «إنْ عُمّرَ هَذَا، لَمْ يُدْرِكْهُ الْهَرَمُ حَتّى تَقُومَ السّاعَةُ». قَالَ: قَالَ أنَسٌ: ذَاكَ الْغُلاَمُ مِنْ أتْرَابِي يَوْمَئِذٍ.

7356 ـ حدّثنا هَرُونُ بْنُ عَبْدِ اللّهِ. حَدّثنا عَفّانُ بْنُ مُسْلِمٍ. حَدّثنا هَمّامٌ. حَدّثنا قَتَادَةُ، عَنْ أنَسٍ قَالَ: مَرّ غُلاَمٌ لِلْمُغِيرَةِ بْنِ شُعْبَةَ، وَكَانَ مِنْ أقْرَانِي. فقَالَ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم: «إنْ يُوءَخّرْ هَذَا، فَلَنْ يُدْرِكَهُ الْهَرَمُ، حَتّى تَقُومَ السّاعَةُ».

ئەنەس، مۇغىيرەت، ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملاردىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم دىن قىيامەت قاچان؟ دەپ سورالغاندا بىر بالىنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ مۇنداق دىگەن: ئەگەر بۇ بالا ھايات ياشاپ قالسا، بۇ بالىنى قېرىلىق تېپىشتىن بۇرۇن قىيامەت قايىم بولۇشى مۇمكىن، يەنە بىر خاتىرىدە سىلەرنىڭ قىيامىتىڭلار قايىم بولىدۇ دىگەن بار،بۇخارى 6006 ــ ھەدىس، ئەبۇ داۋۇد 4119 ــ ھەدىس، ئەھمەد 13347 ــ ھەدىس، سەھىھ.

7357 ـ حدّثني زُهَيْرُ بْنُ حَرْبٍ. حَدّثنَا سُفْيَانُ بْنُ عُيَيْنَةَ عَنْ أَبِي الزّنَادِ، عَنِ الأَعْرَجِ، عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ يَبْلُغُ بِهِ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم قالَ: «تَقُومُ السّاعَةُ وَالرّجُلُ يَحْلُبُ اللّقْحَةَ، فَمَا يَصِلُ الإِنَاءُ إِلَىَ فِيهِ حَتّىَ تَقُومَ. وَالرّجُلاَنِ يَتَبَايَعَانِ الثّوْبَ، فَمَا يَتَبَايَعَانِهِ حَتّىَ تَقُومَ. وَالرّجُلُ يَلِطُ فِي حَوْضِهِ، فَمَا يَصْدُرُ حَتّىَ تَقُومَ».

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كۈن كىرگەن جايدىن چىقمىغىچە قىيامەت قايىم بولمايدۇ، كۈن كىرگەن جايدىن چىققاندا بولسا، كىشىلەر ئۇنى كۆرۈپ، ھەممىسى ئىمان كەلتۈرۈپ، مۆئمىن بولدۇق، مۇسۇلمان بولدۇق دەپ كېتىدۇ، ئەنە شۇ چاغ بولسا، ھېچبىر كىشىگە، شۇنىڭدىن بۇرۇن ئىمان كەلتۈرمىگەن بولسا، شۇنىڭدىن بۇرۇن ئىماندا ياخشىلىق قىلمىغان بولسا، ئالامەتنى كۆرۈپ ئېيتقان ئىمانى، قىلغان ياخشى ئەمەللىرى پايدا — مەنپەئەت قىلمايدىغان چاغدۇر. (شۇ زاماندىن كېيىن تۇغۇلغانلارغا ئىمانى پايدا قىلىشى مۇمكىن). قىيامەت شۇنداق تۇيۇقسىز يۈز بېرىدۇكى، ئىككى كىشى سودا قىلىش ئۈچۈن رەختلىرىنى، كىيىملىرىنى ئېچىپ كۆرۈشۈپ، سودىنى قىلىشقا ھەم شۇ رەختنى قاتلاپ جايىغا ئېلىپ قويۇشقا قادىر بولالمايدۇ. قىيامەت شۇنداق تۇيۇقسىز قايىم بولىدۇكى، كىشى تۆگىنىڭ سۈتىنى ئېلىپ كېلىپ، ئىچىشكە قادىر بولالمايدۇ، قىيامەت شۇنداق تۇيۇقسىز يۈز بېرىدۇكى، كىشى قۇدۇق، كۆللىرىنى ئوڭشاپ، چۆرىسىگە لاي قويۇپ ئىسلاھ قىلىدۇ، لېكىن، ئۇنىڭدىن سۇ ئىچەلمەيدۇ، ھەم سۇغىرالمايدۇ. قىيامەت تۇيۇقسىزلا يۈز بېرىدۇكى، كىشى يەيدىغان تامىقىنى ئاغزىغا كۆتۈرۈپ شۇ چاغقىچە قىيامەت قايىم بولۇپ كېتىپ ئۇ تاماقنى يېيىشكە قادىر بولالمايدۇ. بەيھەقى، ئىبنى ماجە، ئەھمەد 8468 — ھەدىس، بۇخارى 6025

## 1329 ـ باب ما بين النفختين سۇرنىڭ ئىككى قېتىم پۈۋدىلىشىنىڭ ئارلىقىدىكى ۋاقىت

7358 ـ حدّثنا أَبُو كُرَيْبٍ، مُحَمّدُ بْنُ الْعَلاَءِ. حَدّثنَا أَبُو مُعَاوِيَةَ عَنِ الأَعْمَشِ، عَنْ أَبِي صَالِحٍ، عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ قَالَ: قَالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم، «مَا بَيْنَ النّفْخَتَيْنِ أَرْبَعُونَ» قَالُوا: يَا أَبَا هُرَيْرَةَ أَرْبَعُونَ يَوْماً؟ قَالَ: أَبَيْتُ. قَالُوا: أَرْبَعُونَ شَهْراً؟ قَالَ: أَبَيْتُ — قَالُوا: أَرْبَعُونَ سَنَةً؟ قَالَ: أَبَيْتُ. «ثُمّ يُنْزِلُ اللّهُ مِنَ السّمَاءِ مَاءً فَيَنْبُتُونَ كَمَا يَنْبُتُ الْبَقْلُ».
قَالَ: «وَلَيْسَ مِنَ الإِنْسَانِ شَيْءٌ إِلاّ يَبْلَىَ. إِلاّ عَظْماً وَاحِداً وَهُوَ عَجْبُ الذّنَبِ. وَمِنْهُ يُرَكّبُ الْخَلْقُ يَوْمَ الْقِيَامَةِ».
7359 ـ وحدّثنا قُتَيْبَةُ بْنُ سَعِيدٍ. حَدّثنَا الْمُغِيرَةُ (يَعْنِي الْحِزَامِيّ) عَنْ أَبِي الزّنَادِ، عَنِ الأَعْرَجِ، عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ أَنّ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم قَالَ: «كُلّ ابْنِ آدَمَ يَأْكُلُهُ التّرَابُ إِلاّ عَجْبَ الذّنَبِ. مِنْهُ خُلِقَ وَفِيهِ يُرَكّبُ».

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئىسرافىلنىڭ ئىككى قېتىملىق سۇرنى پۈۋدىشىنىڭ ئارىلىقى 40 دۇر، ـ ئۇلار؛ ئى ئەبۇھۇرەيرە! 40 كۈنمۇ؟دېسە، ئۇ؛ مەن بىلمەيمەن دېدى، 40 ئايمۇ؟ 40 يىلمۇ؟ دېسە، يەنە مەن بىلمەيمەن دېدى ـ ئىككىنچى قېتىم سۇرنى پۈۋدىگەندىن كېيىن، ئاللاھتائالا ئاسماندىن سۇ چۈشۈرىدۇ، ئاندىن كىشىلەر خۇددى كۆكتات، ئوت — چۆپ ئۈنگەندەك ئۈنۈپ چىقىدۇ، ئىنساننىڭ ھەممە يېرى، بارلىق جەسەد، ئەزالىرى سېسىپ، چىرىپ كېتىدۇ، پەقەت بىرلا سۆڭەك قېلىپ

قالىدۇ، ئۇ بولسىمۇ توققۇز كۆزنىڭ ئاخىردىكى قۇيرۇق سۆڭەكدۇر، ئىنسان شۇ سۆڭەكتىن يارىتىلغان، قىيامەت كۈنىمۇ شۇ سۆڭەكدىن قۇراشتۇرۇلۇپ، تىرىلىپ قوپىدۇ.يەنەبىردە؛ ئادەم بالىسىنىڭ جەسەدلىرىنىڭ ھەممە يېرىنى تۇپراق يەپ كېتىدۇ، پەقەت توققۇز كۆزنىڭ ئاخىرىدىكى قۇيرۇق سۆڭىكىنى تۇپراق چىرىتىپ يېيەلمەيدۇ، ئادەم بالىسى شۇ سۆڭەكدىن يارالغان، يەنە شۇ سۆڭەكدىن قۇراشتۇرۇلىدۇ، يەنى تىرىلدۇرۇلىدۇ.بەيھەقى،بۇخارى، مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ماجە توپلىغان، بۇ سەھىھ ھەدىس، مۆجىز دۇر، سەھىھ.

**7360 ـ حدّثنا مُحَمّدُ بْنُ رَافِعٍ. حَدّثنَا عَبْدُ الرّزّاق. حَدّثنَا مَعْمَرٌ عَنْ هَمّامِ بْنِ مُنَبّهٍ قَالَ: هَذَا مَا حَدّثنَا أَبُو هُرَيْرَةَ عَنْ رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم. فَذَكَرَ أَحَادِيثَ مِنْهَا: وَقَالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: «إِنّ فِي الإِنْسَانِ عَظْماً لاَ تَأْكُلُهُ الأَرْضُ أَبَداً. فِيهِ يُرَكّبُ يَوْمَ الْقِيَامَةِ» قَالُوا: أَيّ عَظْمٍ هُوَ؟ يَا رَسُولَ اللّهِ قَالَ: «عَجْبُ الذّنَبِ».**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ئىنسانىنىڭ ھەممە يېرى، بارلىق جەسەد، ئەزالىرى سىسىپ، چىرىپ كېتىدۇ، پەقەت ئۇنىڭدا بىرلا سۆڭەك قېلىپ قالىدۇ،ئۇنى زىمىن مەڭگۇ چىرىتىپ يېيەلمەيدۇ، ئۇ بولسىمۇ توققۇز كۆزنىڭ ئاخىردىكى قۇيرۇق سۆڭەكدۇر، ئىنسان شۇ سۆڭەكتىن يارىتىلغان، قىيامەت كۈنىمۇ شۇ سۆڭەكدىن قۇراشتۇرۇلۇپ، تىرىلىپ قوپىدۇ.

## 57 ـ كتـاب الزهد والرقائق

### 1330 ـ باب قەلبى يۇمشاق بولۇش، زاھىد بولۇپ ئاخىرەتكە تۇرۇشنىڭ كىتابى

**7361 ـ حدّثنا قُتَيْبَةُ بْنُ سَعِيدٍ. حَدّثنَا عَبْدُ الْعَزِيزِ (يَعْنِي الدّارَاوَرْدِيّ) عَنِ الْعَلاَءِ، عَنْ أَبِيهِ، عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ قَالَ: قَالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: «الدّنْيَا سِجْنُ الْمُؤْمِنِ وَجَنّةُ الْكَافِرِ».**

ئەبۇ ھۇرەيرە، سەلمان، ئىبنى ئۇمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملاردىن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: بۇ دۇنيا دىگەن مۆئمىننىڭ تۈرمىسى، كاپىر، دىنسىزلارنىڭ جەننىتىدۇر، ئەھمەد، مۇسلىم، تىرمىزى، ئىبنى ماجە، تەبرانى، ھاكىم، بەزار توپلىغان، سەھىھ، بۇ دۇنيا جەننەتكە نىسبەتەن تۈرما بولسا، دوۋزاخقا نىسبەتەن جەننەتتۇر.

**7362 ـ حدّثنا عَبْدُ اللّهِ بْنُ مَسْلَمَةَ بْنِ قَعْنَبٍ. حَدّثنَا سُلَيْمَانُ (يَعْنِي ابْنَ بِلاَلٍ) عَنْ جَعْفَرٍ، عَنْ أَبِيهِ، عَنْ جَابِرِ بْنِ عَبْدِ اللّهِ أَنّ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم مَرّ بِالسّوقِ، دَاخِلاً مِنْ بَعْضِ الْعَالِيَةِ، وَالنّاسُ كَنَفَتَيْهِ. فَمَرّ بِجَدْيٍ أَسَكّ مَيّتٍ. فَتَنَاوَلَهُ فَأَخَذَ بِأُذُنِهِ. ثُمّ قَالَ: «أَيّكُمْ يُحِبّ أَنّ هَذَا لَهُ بِدِرْهَمٍ؟» فَقَالُوا: مَا نُحِبّ أَنّهُ لَنَا بِشَيْءٍ. وَمَا نَصْنَعُ بِهِ؟ قَالَ: أَتُحِبّونَ أَنّهُ لَكُمْ؟» قَالُوا: وَاللّهِ لَوْ كَانَ حَيّا، كَانَ عَيْباً فِيهِ، لأَنّهُ أَسَكّ. فَكَيْفَ وَهُوَ مَيّتٌ؟ فَقَالَ: «فَوَاللّهِ لَلدّنْيَا أَهْوَنُ عَلَى اللّهِ، مِنْ هَذَا عَلَيْكُمْ».**

**7363 ـ حدّثني مُحَمّدُ بْنُ الْمُثَنّى الْعَنَزِيّ وَ إِبْرَاهِيمُ بْنُ مُحَمّدِ بْنِ عَرْعَرَةَ السّامِيّ. قَالاَ: حَدّثنَا عَبْدُ الْوَهّابِ (يَعْنِيَانِ الثّقَفِيّ) عَنْ جَعْفَرٍ، عَنْ أَبِيهِ، عَنْ جَابِرٍ، عَنِ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم بِمِثْلِهِ. غَيْرَ أَنّ فِي حَدِيثِ الثّقَفِيّ: فَلَوْ كَانَ حَيّا كَانَ هَذَا السّكَكُ بِهِ عَيْباً.**

جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم، ئىككى قۇلىقى چۇلاق بىر كىچىك قوينىڭ جەسىدىنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ،ئۇنىڭ تاپىنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ؛قايسىڭلار بۇنى بىر دەرھەمگە ئېلىشنى ياخشى كۆرىدۇ؟ دىسە، ئۇلار؛ بىز ئۇنى ھېچ نەرسىگە ئېلىشنى ياخشى كۆرمەيمىز دېدى،(چۈنكى ئۇ ئۆلۈك، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئەيىب ـ نۇقسانى بار)ئاندىن رەسۇلۇللاھ مۇنداق دىگەن:ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، ئەلۋەتتە بۇ دۇنيا ئاللاھقا، مۇشۇ جەسەد سىلەرگە ھاقارەتلىك بولغاندىنمۇ ھاقارەتلىكتۇر، ھېچنەرسىگە ئەرزىمەيدۇ. (باشقا خاتىرىدە، بۇ دۇنيا ئاللاھنىڭ نەزلىدە بىر تال پاشىنىڭ قانىتىغا ئەرىزگەن بولسا، كاپىرلارغا بىر تامچە سۇنىمۇ بەرمىگەن بولاتتى دىيىلگەن ئۆتتى). ئەھمەد 14402 ــھ ەدىس، ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ.

**7364 ـ7365 ـ حدّثنا هَدّابُ بْنُ خَالِدٍ. حَدّثنَا هَمّامٌ. حَدّثنَا قَتَادَةُ عَنْ مُطَرّفٍ، عَنْ أَبِيهِ قَالَ: أَتَيْتُ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم وَهُوَ يَقْرَأُ أَلْهَكُمُ التّكَاثُرُ قَالَ: «يَقُولُ ابْنُ آدَمَ: مَالِي. مَالِي (قَالَ) وَهَلْ لَكَ، يَا ابْنَ آدَمَ مِنْ مَالِكَ إِلاّ مَا أَكَلْتَ فَأَفْنَيْتَ، أَوْ لَبِسْتَ فَأَبْلَيْتَ، أَوْ تَصَدّقْتَ فَأَمْضَيْتَ؟».**

ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قېشىغا كەلسەم، «سىلەرنى مالىلارنىڭ، باللارنىڭ كۆپۈيۈشى بىلەن پەخىرلىنىش ئالداپ ھەقدىن تۇسۇپ قويدى»دىگەن ئايەتنى ئوقۇپ مۇنداق دىگەن: ئادەم بالىسى مېلىم، مېلىم دەيدۇ، ئى ئادەم بالىسى!، سەن ئۆچۈن پەقەت مېلىڭدىن يەپ تۈگەتكىنىڭ، كىيىم كىيىپ، چىرىتكىنىڭ، سەدىقە قىلىپ يۇرتكىنىڭ يېتىدۇ. ئەھمەد، مۇسلىم، نەسەئى، تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ. ئەگەر كاتتا، ياخشىسى بولسا، ئاللاھ يولىدا چىقىم قىلىۋېلىشتۇر. چۈنكى، ئۇنى ساڭا ئاللاھ بەرگەندۇر.

**7366 ـ7367 ـ حدّثني سُوَيْدُ بْنُ سَعِيدٍ. حَدّثَنِي حَفْصُ بْنُ مَيْسَرَةَ عَنِ الْعَلاَءِ، عَنْ أَبِيهِ، عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ أَنّ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم قَالَ: «يَقُولُ الْعَبْدُ: مَالِي. مَالِي. إِنّمَا لَهُ مِنْ مَالِهِ ثَلاَثٌ: مَا أَكَلَ فَأَفْنَى. أَوْ لَبِسَ فَأَبْلَى. أَوْ أَعْطَى فَاقْتَنَى. وَمَا سِوَى ذَلِكَ فَهُوَ ذَاهِبٌ، وَتَارِكُهُ لِلنّاسِ». وَحَدّثنِيهِ أَبُو بَكْرِ بْنُ إِسْحَقَ. أَخْبَرَنَا ابْنُ أَبِي مَرْيَمَ. أَخْبَرَنَا مُحَمّدُ بْنُ جَعْفَرٍ. أَخْبَرَنِي الْعَلاَءُ بْنُ عَبْدِ الرّحْمَنِ بِهَذَا الإِسْنَادِ، مِثْلَهُ.**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: بەندە مېلىم، مېلىم دەيدۇ، ھەققەتەن ئۇنىڭ ئۈچۈن پەقەت مال ــ مۈلكىدىن ئۈچ نەرسە قالىدۇ، يەپ تۈگەتكىنى، كىيىپ چىرىتكىنى ياكى بىرىپ باي قىلغىنى، رازى قىلغىنى، يەنى سەدىقە قىلغىنى قالىدۇ،ئۇنىڭدىن باشقا مالاردىن ئۇ كېتىپ، ماللىرنى كىشىلەرگە قالدۇرىدۇ. ئەھمەد، مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.

**7368 ـ حدّثنا يَحْيَى بْنُ يَحْيَى التّمِيمِيّ وَ زُهَيْرُ بْنُ حَرْبٍ. كِلاَهُمَا عَنِ ابْنِ عُيَيْنَةَ. قَالَ يَحْيَى: أَخْبَرَنَا سُفْيَانُ بْنُ عُيَيْنَةَ عَنْ عَبْدِ اللّهِ بْنِ أَبِي بَكْرٍ قَالَ: سَمِعْتُ أَنَسَ بْنَ مَالِكٍ يَقُولُ: قَالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم «يَتْبَعُ الْمَيّتَ ثَلاَثَةٌ. فَيَرْجِعُ اثْنَانِ وَيَبْقَى وَاحِدٌ. يَتْبَعُهُ أَهْلُهُ وَمَالُهُ وَعَمَلُهُ. فَيَرْجِعُ أَهْلُهُ، وَمَالُهُ، وَيَبْقَى عَمَلُهُ».**

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: مېيىتكە ئۈچ نەرسە ئەگىشىدۇ، ئىككىسى قايتىپ كېلىپ، بىرسى قېلىپ قالىدۇ،ئۇنىڭغا ئەھلى، ئەمىلى، مېلى ئەگىشىدۇ، ئەھلى

بىلەن ماللىرى قايتىدۇ، ئەمەللىرى ئۈنىڭ بىلەن بىللە قالىدۇ. بۇخارى،مۇسلىم،ئەھمەد ، بەيھەقى، تىرمىزى، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

7369 ـ حدّثني حَرْمَلَةُ بْنُ يَحْيَى بْنِ عَبْدِ اللّهِ (يَعْنِي ابْنَ حَرْمَلَةَ بْنِ عِمْرَانَ التّجِيبِيّ). أَخْبَرَنَا ابْنُ وَهْبٍ. أَخْبَرَنِي يُونُسُ عَنِ ابْنِ شِهَابٍ، عَنْ عُرْوَةَ بْنِ الزّبَيْرِ أَنّ الْمِسْوَرَ بْنَ مَخْرَمَةَ أَخْبَرَهُ أَنّ عَمْرُو بْنَ عَوْفٍ، وَهُوَ حَلِيفُ بَنِي عَامِرِ بْنِ لُؤَيَ وَكَانَ شَهِدَ بَدْراً مَعَ رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم، أَخْبَرَهُ، أَنّ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم بَعَثَ أَبَا عُبَيْدَةَ بْنَ الْجَرّاحِ إِلَى الْبَحْرَيْنِ. يَأْتِي بِجِزْيَتِهَا. وَكَانَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم هُوَ صَالَحَ أَهْلَ الْبَحْرَيْنِ. وَأَمّرَ عَلَيْهِمُ الْعَلاَءَ بْنَ الْحَضْرَمِيّ. فَقَدِمَ أَبُو عُبَيْدَةَ بِمَالٍ مِنَ الْبَحْرَيْنِ. فَسَمِعَتِ الأَنْصَارُ بِقُدُومِ أَبِي عُبَيْدَةَ. فَوَافَوْا صَلاَةَ الْفَجْرِ مَعَ رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم. فَلَمّا صَلّى رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم انْصَرَفَ. فَتَعَرّضُوا لَهُ. فَتَبَسّمَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم حِينَ رَآهُمْ. ثُمّ قَالَ: «أَظُنّكُمْ سَمِعْتُمْ أَنّ أَبَا عُبَيْدَةَ قَدِمَ بِشَيْءٍ مِنَ الْبَحْرَيْنِ؟» فَقَالُوا: أَجَلْ. يَا رَسُولَ اللّهِ قَالَ: «فَأَبْشِرُوا وَأَمّلُوا مَا يَسُرّكُمْ. فَوَاللّهِ مَا الْفَقْرَ أَخْشَى عَلَيْكُمْ. وَلَكِنّي أَخْشَى عَلَيْكُمْ أَنْ تُبْسَطَ الدّنْيَا عَلَيْكُمْ، كَمَا بُسِطَتْ عَلَى مَنْ كَانَ قَبْلَكُمْ. فَتَنَافَسُوهَا كَمَا تَنَافَسُوهَا. وَتُهْلِكَكُمْ كَمَا أَهْلَكَتْهُمْ».

7370 ـ حدّثنا الْحَسَنُ بْنُ عَلِيَ الْحُلْوَانِيّ وَ عَبْدُ بْنُ حُمَيْدٍ. جَمِيعاً عَنْ يَعْقُوبَ بْنِ إِبْرَاهِيمَ ابْنِ سَعْدٍ. حَدّثَنَا أَبِي عَنْ صَالِحٍ ح وَحَدّثَنَا عَبْدُ اللّهِ بْنُ عَبْدِ الرّحْمَنِ الدّارِمِيّ. أَخْبَرَنَا أَبُو الْيَمَانِ. أَخْبَرَنَا شُعَيْبٌ. كِلاَهُمَا عَنِ الزّهْرِيّ بِإِسْنَادِ يُونُسَ وَمِثْلِ حَدِيثِهِ. غَيْرَ أَنّ فِي حَدِيثِ صَالِحٍ «وَتُلْهِيكُمْ كَمَا أَلْهَتْهُمْ».

ئەمرۇ ئىبنى ئەۋف رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئەبۇئۇبەيدەنى بەھرەينگە ئولجا ـ غەنىيمەتلەرنى ئېلىپ كىلىشكە ئەۋەتكەن ئىدى، ـ ئۇلار بىلەن سۈلھىلىشىپ، ئۇلارغا ئىلائىنى باشلىق قىلغان ئىدى ـ ئۇكەلگەندە كىشىلەر بامدات نامىزىغا ئۇلگۇرەپ توپلاشتى، ئاندىن رەسۇلۇﷲ نامازدىن قايتقاندا تەبەسسۇم قىلىپ مۇنداق دىگەن: مەن سىلەرنى ھەققەتەن ئەبۇ ئۇبەيدە، بەھرەيىندىن ئولجا، غەنىيمەت ئېلىپ كەلگەنلىكىنى ئاڭلىدى، دەپ گۇمان قىلىمەن، سىلەر ئاڭلىغان بولۇشۇڭلار مۇمكىن، بىشارەت ئېلىڭلاركى، ئۇ راست ئېلىپ كەلدى، سىلەرنى خۇرسەن قىلىدىغان، سىلەرگە ئاسان قىلىدىغان نەرسىلەرنى، ئاززۇ ــ ئۈمىد قىلساڭلار بولىدۇ، ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، مەن سىلەرگە پېقىرلىقدىن ئەنسىرىمەيمەن ، لىكىن مەن دۇنيانىڭ، خۇددى سىلەردىن بۇرۇنقى كىشىلەرگەكەڭرى بۇلۇپ كەتكەندەك ، سىلەرگىمۇ كەڭرى بۇلۇپ كىتىشىدىن ئەنسىرەيمەن،ئاندىن سىلەر، بۇرۇنقىلارقىززىققاندەك ،دۇنياغا قىزىقىپ كىتىسىلەر،ئاندىن دۇنيا ،بۇرۇنقىلارنى ھالاك قىلغادەك ،سىلەرنىمۇ ھالاك قىلىۋىتىدۇ،مەن شۇنىڭدىن ئەنسىرەيمەن. بۇخارى،مۇسلىم، ئەھمەد ،بەيھەقى،تىرمىزى،ئىبنى ماجە توپلىغان ،سەھىھ

7371 ـ حدّثنا عَمْرُو بْنُ سَوّادٍ الْعَامِرِيّ. أَخْبَرَنَا عَبْدُ اللّهِ بْنُ وَهْبٍ. أَخْبَرَنِي عَمْرُو بْنُ الْحَارِثِ أَنّ بَكْرَ بْنَ سَوَادَةَ حَدّثَهُ أَنّ يَزِيدَ بْنَ رَبَاحٍ (هُوَ أَبُو فِرَاسٍ، مَوْلَى عَبْدِ اللّهِ بْنِ عَمْرِو بْنِ الْعَاصِ) حَدّثَهُ عَنْ عَبْدِ اللّهِ بْنِ عَمْرِو بْنِ الْعَاصِ، عَنْ رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم أَنّهُ قَالَ: «إِذَا فُتِحَتْ عَلَيْكُمْ فَارِسُ وَالرّومُ، أَيّ قَوْمٍ، أَنْتُمْ؟» قَالَ عَبْدُ الرّحْمَنِ بْنُ عَوْفٍ: نَقُولُ كَمَا أَمَرَنَا اللّهُ. قَالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: «أَوْ غَيْرُ ذَلِكَ. تَتَنَافَسُونَ. ثُمّ تَتَحَاسَدُونَ. ثُمّ تَتَدَابَرُونَ. ثُمّ تَتَبَاغَضُونَ. أَوْ نَحْوَ ذَلِكَ. ثُمّ تَنْطَلِقُونَ فِي مَسَاكِينِ الْمُهَاجِرِينَ، فَتَجْعَلُونَ بَعْضَهُمْ عَلَى رِقَابِ بَعْضٍ».

ئىبنى ئەمرۇ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: سىلەرگە پارىس، رۇملار ئىشغال قىلىنسا، قانداق قەۋىم بولۇپ كېتەرسىلەر؟ ئۇلار ئاللاھ بۇيرۇغاندەك بولىمىز دىيىشتى، ياكى

ئۇنىڭدىن باشقا سۆزلەر دېيىلدى. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: سىلەر مال دۇنياغا قىزىقىپ كېتىسلەر ئاندىن ئۆزئارا ھەسەد قىلىشىسلەر ئاندىن بىر ــ بىرىڭلارغا ئارقاڭلارنى قىلىسلەر، ئاندىن غەزەپ قىلىشىسلەر ئاندىن مۇھاجىرلارنىڭ جايىغا بارىسلەر، ئۇلارنىڭ بىر قىسمىنى يەنە بىر قىسمىنىڭ گەردىنىگەئارتىپ قويىسلەر، يەنى جەڭ قىلىشىپ، ئۆزئارا قىرغىنچىلىق قىلىشىسلەر، مۇسلىم، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

7372 ــ7373 ـ حدّثنا يَحْيَى بْنُ يَحْيَى وَ قُتَيْبَةُ بْنُ سَعِيدٍ (قالَ قُتَيْبَةُ: حَدّثَنَا. وَقالَ يَحْيَى: أَخْبَرَنَا) الْمُغِيرَةُ بْنُ عَبْدِ الرّحْمَنِ الْحِزَامِيّ عَنْ أَبِي الزّنَادِ، عَنِ الأَعْرَجِ، عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ أَنّ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم قَالَ: «إِذَا نَظَرَ أَحَدُكُمْ إِلَى مَنْ فُضّلَ عَلَيْهِ فِي الْمَالِ وَالْخَلْقِ، فَلْيَنْظُرْ إِلَى مَنْ هُوَ أَسْفَلَ مِنْهُ مِمّنْ فُضّلَ عَلَيْهِ».حدّثنا مُحَمّدُ بْنُ رَافِعٍ. حَدّثَنَا عَبْدُ الرّزّاقِ. حَدّثَنَا مَعْمَرٌ عَنْ هَمّامِ بْنِ مُنَبّهٍ، عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ عَنِ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم بِمِثْلِ حَدِيثِ أَبِي الزّنَادِ، سَوَاءً.

7374 ـ وحدّثني زُهَيْرُ بْنُ حَرْبٍ. حَدّثَنَا جَرِيرٌ. ح وَحَدّثَنَا أَبُو كُرَيْبٍ. حَدّثَنَا أَبُو مُعَاوِيَةَ. ح وَحَدّثَنَا أَبُو بَكْرِ بْنُ أَبِي شَيْبَةَ (وَاللّفْظُ لَهُ). حَدّثَنَا أَبُو مُعَاوِيَةَ وَ وَكِيعٌ عَنِ الأَعْمَشِ، عَنْ أَبِي صَالِحٍ، عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ قَالَ: قَالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم «انْظُرُوا إِلَى مَنْ أَسْفَلَ مِنْكُمْ. وَلاَ تَنْظُرُوا إِلَى مَنْ هُوَ فَوْقَكُمْ. فَهُوَ أَجْدَرُ أَنْ لاَ تَزْدَرُوا نِعْمَةَ اللّهِ». قَالَ أَبُو مُعَاوِيَةَ «عَلَيْكُمْ».

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بىرىڭلار مال جەھەتتىن، چىراي گۈزەللىك، ئەخلاق جەھەتتىن ئۆزىدىن يۇقىرى كىشىگە قارىغاندا، دەرھال ئۆزىدىن تۆۋەن كىشىگە قارىسۇن، (شۇنداق قىلسا، تۈزكۈر بولماستىن شۈكرى قىلىدۇ) ئۆزۈڭلاردىن تۆۋەن تۇرىدىغان كىشىلەرگە قاراڭلار، سىلەردىن ھەر جەھەتتە يۇقىرى تۇرىدىغانلارغا قارىماڭلار، شۇنداق قىلىش، ئاللاھنىڭ سىلەرگە قىلغان نېئمىتىنى ھاقارەتلىمەسلىككە، ئاز كۆرمەسلىككە، ئەيىبلىمەسلىككە، ئەڭ لايىقتۇر، (يەنى تۇز كور بولماي، شۈكرى قىلىشقا ئاپىرىدۇ لېكىن، ئۇلگە، ئۆرنەك قىلىشتا پەيغەمبەرگە، ساھابىلارغا، تابىئىنلارغا قاراۋەرگىن )، بۇخارى،مۇسلىم، ئەھمەد، نەسەئى، ئىبنى ماجە بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ

7375 ـ حدّثنا شَيْبَانُ بْنُ فَرّوخَ. حَدّثَنَا هَمّامٌ. حَدّثَنَا إِسْحَقُ بْنُ عَبْدِ اللّهِ بْنِ أَبِي طَلْحَةَ. حَدّثَنِي عَبْدُ الرّحْمَنِ بْنُ أَبِي عَمْرَةَ أَنّ أَبَا هُرَيْرَةَ حَدّثَهُ أَنّهُ سَمِعَ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم يَقُولُ: «إِنّ ثَلاَثَةً فِي بَنِي إِسْرَائِيلَ. أَبْرَصَ وَأَقْرَعَ وَأَعْمَى فَأَرَادَ اللّهُ أَنْ يَبْتَلِيَهُمْ. فَبَعَثَ إِلَيْهِمْ مَلَكاً. فَأَتَى الأَبْرَصَ فَقَالَ: أَيّ شَيْءٍ أَحَبّ إِلَيْكَ؟ قَالَ: لَوْنٌ حَسَنٌ وَجِلْدٌ حَسَنٌ وَيَذْهَبُ عَنّي الّذِي قَدْ قَذِرَنِي النّاسُ. قَالَ: فَمَسَحَهُ فَذَهَبَ عَنْهُ قَذَرُهُ. وَأُعْطِيَ لَوْناً حَسَناً وَجِلْداً حَسَناً. قَالَ: فَأَيّ الْمَالِ أَحَبّ إِلَيْكَ؟ قَالَ: الإِبِلُ (أَوْ قَالَ الْبَقَرُ. شَكّ إِسْحَقُ) ـ إِلاّ أَنّ الأَبْرَصَ أَوِ الأَقْرَعَ قَالَ أَحَدُهُمَا: الإِبِلُ. وَقَالَ الآخَرُ: الْبَقَرُ ـ قَالَ: فَأُعْطِيَ نَاقَةً عُشَرَاءَ. فَقَالَ: بَارَكَ اللّهُ لَكَ فِيهَا. قَالَ: فَأَتَى الأَقْرَعَ فَقَالَ: أَيّ شَيْءٍ أَحَبّ إِلَيْكَ؟ قَالَ: شَعَرٌ حَسَنٌ وَيَذْهَبُ عَنّي هَذَا الّذِي قَذِرَنِي النّاسُ. قَالَ: فَمَسَحَهُ فَذَهَبَ عَنْهُ. وَأُعْطِيَ شَعَراً حَسَناً. قَالَ: فَأَيّ الْمَالِ أَحَبّ إِلَيْكَ؟ قَالَ: الْبَقَرُ. فَأُعْطِيَ بَقَرَةً حَامِلاً. فَقَالَ: بَارَكَ اللّهُ لَكَ فِيهَا. قَالَ: فَأَتَى الأَعْمَى فَقَالَ: أَيّ شَيْءٍ أَحَبّ إِلَيْكَ؟ قَالَ: أَنْ يَرُدّ اللّهُ إِلَيّ بَصَرِي فَأُبْصِرَ بِهِ النّاسَ. قَالَ: فَمَسَحَهُ فَرَدّ اللّهُ إِلَيْهِ بَصَرَهُ. قَالَ: فَأَيّ الْمَالِ أَحَبّ إِلَيْكَ؟ قَالَ: الْغَنَمُ. فَأُعْطِيَ شَاةً وَالِداً. فَأُنْتِجَ هَذَانِ وَوَلّدَ هَذَا. قَالَ: فَكَانَ لِهَذَا وَادٍ مِنَ الإِبِلِ. وَلِهَذَا وَادٍ مِنَ الْبَقَرِ. وَلِهَذَا وَادٍ مِنَ الْغَنَمِ.

قَالَ ثُمّ إِنّهُ أَتَى الأَبْرَصَ فِي صُورَتِهِ وَهَيْئَتِهِ فَقَالَ: رَجُلٌ مِسْكِينٌ. قَدِ انْقَطَعَتْ بِي الْحِبَالُ فِي سَفَرِي. فَلاَ بَلاَغَ لِيَ الْيَوْمَ إِلاّ بِاللّهِ ثُمّ بِكَ. أَسْأَلُكَ، بِالّذِي أَعْطَاكَ اللّوْنَ الْحَسَنَ وَالْجِلْدَ الْحَسَنَ وَالْمَالَ، بَعِيراً أَتَبَلّغُ عَلَيْهِ فِي سَفَرِي. فَقَالَ: الْحُقُوقُ كَثِيرَةٌ. فَقَالَ لَهُ: كَأَنّي أَعْرِفُكَ. أَلَمْ تَكُنْ أَبْرَصَ يَقْذَرُكَ النّاسُ؟ فَقِيراً فَأَعْطَاكَ اللّهُ؟ فَقَالَ: إِنّمَا وَرِثْتُ هَذَا الْمَالَ كَابِراً عَنْ كَابِرٍ. فَقَالَ: إِنْ كُنْتَ كَاذِباً، فَصَيّرَكَ اللّهُ إِلَى مَا كُنْتَ. قَالَ: وَأَتَى الأَقْرَعَ فِي صُورَتِهِ فَقَالَ لَهُ مِثْلَ مَا قَالَ لِهَذَا. وَرَدّ عَلَيْهِ مِثْلَ مَا رَدّ عَلَى هَذَا. فَقَالَ: إِنْ كُنْتَ كَاذِباً فَصَيّرَكَ اللّهُ إِلَى مَا كُنْتَ. قَالَ: وَأَتَى الأَعْمَى فِي صُورَتِهِ وَهَيْئَتِهِ فَقَالَ: رَجُلٌ مِسْكِينٌ وَابْنُ سَبِيلٍ. انْقَطَعَتْ بِيَ الْحِبَالُ فِي سَفَرِي. فَلاَ بَلاَغَ لِيَ الْيَوْمَ إِلاّ بِاللّهِ ثُمّ بِكَ. أَسْأَلُكَ، بِالّذِي رَدّ عَلَيْكَ بَصَرَكَ، شَاةً أَتَبَلّغُ بِهَا فِي سَفَرِي. فَقَالَ: قَدْ كُنْتُ أَعْمَى فَرَدّ اللّهُ إِلَيّ بَصَرِي. فَخُذْ مَا شِئْتَ. وَدَعْ مَا شِئْتَ. فَوَاللّهِ لاَ أَجْهَدُكَ الْيَوْمَ شَيْئاً أَخَذْتَهُ لِلّهِ. فَقَالَ: أَمْسِكْ مَالَكَ. فَإِنّمَا ابْتُلِيتُمْ. فَقَدْ رُضِيَ عَنْكَ وَسُخِطَ عَلَى صَاحِبَيْكَ.

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ھەقىقەتەن بەنى ئىسرائىللار ئىچىدە ئۈچ نەپەر كىشى بار بولۇپ، بىرسى ئاق كېسەل، بىرسى تاز، يەنە بىرسى بولسا، كور ئادەم ئىدى، ئاللاھ ئۇلارنى سىنىماقچى بولۇپ، ئۇلارغا پەرىشتە ئەۋەتىدۇ، (ئەمەلىيەتتە، ئاللاھ ئالدىدىن بىلىپ تۇرىدۇ) پەرىشتە ئاق كېسەلى بار كىشىنىڭ قېشىغا كېلىپ؛ ساڭا قايسى نەرسە ئەڭ سۆيۈملۈك؟ دەيدۇ، ئۇ كىشى گۈزەل تېرە، گۈزەل رەڭ، گۈزەل چىراي ماڭا ئەڭ سۆيۈملۈك، چۈنكى، كىشلەر مېنى نىجىسنىڭ ئورنىدا ئەيىبلەيدۇ دەيدۇ. پەرىشتە ئۇنى شۇنداق بىر سىلاپ قويسا، ئۇ ساقىيىدۇ، ئاندىن ئۇنىڭغا، ئاللاھ تەرىپىدىن گۈزەل تېرە، گۈزەل، ياخشى رەڭ بېرىلىدۇ، پەرىشتە ئۇنىڭغا ساڭا مالنىڭ قايسىسى ئەڭ سۆيۈملۈك دېسە؟ ئۇ تۆگە دەيدۇ، ئۇنىڭغا بىر دانە بوغاز تۆگە بېرىلىدۇ، پەرىشتە: ئاللاھ ساڭا بۇ تۆگىدە بەرىكەت ئاتا قىلسۇن دەپ دۇئا قىلىپ ، ئاندىن تازنىڭ يېنىغا كېلىپ؛ ساڭا قايسى نەرسە سۆيۈملۈكرەك؟ دېسە، ئۇ ئەڭ گۈزەل چاچ، ئاندىن بۇ كېسەل مەندىن يوقىتىلسا، چۈنكى، كىشلەر مېنى ئەيىبلەيدۇ دەيدۇ. پەرىشتە سىلاپ قويسا، بۇ كېسەلمۇ ساقىيىدۇ، ئۇنىڭغا ئەڭ گۈزەل چاچ بېرىلىدۇ، مالنىڭ قايسىسى ساڭا سۆيۈملۈك؟ دېسە، ئۇ، كالا دەيدۇ. ئۇنىڭغا بوغاز كالىدىن بىرنى بېرىپ، بەرىكەت تىلەپ، ئاندىن ئەما كىشىنىڭ قېشىغا كېلىپ ؛ ساڭا قايسى نەرسە سۆيۈملۈك دېسە، ئۇ، ئاللاھ ماڭا كۆزۈمنى قايتۇرۇپ بەرسە، مېنى ساق قىلىپ قويسا، مەن كىشلەرنى بىر كۆرۈۋالسام دەيدۇ، پەرىشتە سىلاپ قويسا، ئاللاھ ئۇنىڭ كۆزىنى ساقايتىپ قويىدۇ، پەرىشتە، ساڭا قايسى مال ئەڭ سۆيۈملۈك دېسە، ئۇ، قوي دەيدۇ، ئاندىن ئۇنىڭغا بوغاز قويدىن بىرسى بېرىلىدۇ، تۆگە بوتلاقلاپ، كالا ــ قويلار تۇغۇپ، ئاق كېسەلنىڭ بىر جاڭگال تۆگىسى، ئەمانىڭ بىر يايلاق قويلىرى، تازنىڭ بولسا، بىر جاڭگال كالىسى بولۇپ كېتىدۇ، ئاندىن پەرىشتە ئاق كېسەلنىڭ قېشىغا، ئۇنىڭ بۇرۇنقى سۈرىتى، تۇرقى بىلەن كېلىپ مۇنداق دەيدۇ ؛ مەن مىسكىن ئەر، سەپىرىمدە ئوزۇق ــ تۈلۈكۈم، قاتناش قۇرالىم ئۈزۈلۈپ قالدى، بۈگۈن بۇ سەپەرنىڭ مەنزىلىگە پەقەت ئاللاھنىڭ ياردىمى بىلەن، ئاندىن قالسا، سېنىڭ ياردىمىڭ بىلەن يېتىشىم مۇمكىن بولىدۇ، مەن سەندىن ساڭا گۈزەل رەڭ، گۈزەل چىراي، گۈزەل تېرە ئاتا قىلغان، كۆپلەپ مال ــ مۈلۈك ئاتا قىلغان زات، ئاللاھنىڭ نامى بىلەن، ھەققى بىلەن پەقەت بىرلا تۆگە سورايمەن، مەن ئۇ تۆگىدە بۇ سەپەرنى قىلىپ، مەخسەتكە يېتىۋالاي دېسە، ئۇ ئاق كېسەل، ھەقىقەتەن ھەقلەر دىگەن بەك كۆپ ! دەيدۇ، پەرىشتە، ئۇنىڭغا مەن سېنى تونىغاندەك قىلىمەرغۇ؟ ، سەن ھېلىقى كىشلەر ئەيىبلەيدىغان پېقىر، يوقسىز ئاق كېسەل شۇغۇ ؟، ئاللاھ ساڭا ھەممىنى

بېرىپتۇ دەيدۇ، ئۇ، بۇ ئاگاھلاندۇرۇشقا پىسەنت قىلماي، مەن بۇ ماللارغا چوڭلاردىن، ئاتا ــ بوۋامدىن، ئەجدادىمدىن ۋارىس بولۇپ، ماڭا مىراس قالغان دەيدۇ، پەرىشتە: ئەگەر سەن يالغانچى بولساڭ، ئاللاھ سېنى ئەسلى ھالىتىڭگە ئاپىرىپ، قايتۇرۇۋەتسۇن دەپ ، تازنىڭ قېشىغا شۇ تازنىڭ سۈرىتى، تۇرقى بىلەن كېلىپ، مۇنداق دەيدۇ؛ يەنى ئاق كېسەلگە دىگەندەك مۇساپىرنىڭ ھاجىتىنى دەيدۇ، تونىغانلىقىنى ئاگاھلاندۇرىدۇ، بۇ تازمۇ ئۇنىڭدەك رەت قىلىپ جاۋاب بېرىدۇ، پەرىشتە بۇنىڭغىمۇ، ئەگەر سەن يالغانچى بولساڭ، ئاللاھ سېنىمۇ ئەسلى ھالىتىڭگە قايتۇرۇۋەتسۇن دەپ ئەمانىڭ قېشىغا، بۇنىڭ سۈرىتى، تۇرقى بىلەن كېلىدۇ، ئاندىن شۇ بىچارىلىق بىلەن مەن بىر مىسكىن ئەر، بۇ سەپىرىمدە ئوزۇق ــ تۈلۈكۈم، ئۇلۇغۇم ئۈزۈلۈپ قالدى، بۈگۈن پەقەت ئاللاھنىڭ ياردىمى، ئاندىن قالسا، ئاللاھنىڭ ئىلھامى بىلەن سېنىڭ ياردىمىڭ ئارقىلىق مەخسەتكە يېتەلەيمەن، مەن سەندىن پەقەت ساڭا كۆزۈڭنى قايتۇرۇپ بەرگەن ئاللاھنىڭ ھەققى، ھۆرمىتى بىلەن بىر دانە قوي سورايمەن، مەن بۇ قوينى ئىستېمال قىلىپ، سەپىرىمدىكى مەخسىدىمگە يېتىۋالاي دەيدۇ، ئەما كىشى ؛ ھەقىقەتەن مەن ئەما، كور ئىدىم، پېقىر ئىدىم، ئاللاھ كۆزۈمنى ساقايتىپ، ماڭا نۇرغۇن مال ــ دۇنيا بەردى، سەن بۇ ماللاردىن خالىغىنىڭنى ئالغىن، ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، بۈگۈن مەن سەن ئالغان نەرسىلەرگە، ساڭا تاپا ــ تەنە ياكى تەشەككۇر، مەدھىيە ئوقىمايمەن، پەقەت، ئاللاھقىلا ھەمدۇ ــ سانا ئېيتىمەن، شۈكرى قىلىمەن دېدى، پەرىشتە، ئۇنىڭغا ؛ مېلىڭنى ئۆزۈڭ ئېلىپ قال، ماڭا مال لازىم ئەمەس ئىدى، ھەقىقەتەن سىلەر سىنالدىڭلار، جەزمەن ئاللاھتائالا سەندىن رازى بولدى، سەن سىناقدىن ئۆتتۈڭ، ئىككى قېرىندىشىڭغا ئاللاھ كايىپ، غەزەپ قىلدى دېدى، بەيھەقى،بۇخارى،مۇسلىم، توپلىغان، سەھىھ. ئاللاھ بەرگەننى بىزمۇ بېرىپ، كۆپ شۈكرى قىلىشىمىز لازىم، گەرچە بىزمۇ ئۇلاردەك ئەما، تاز بولمىساقمۇ، بىزگىمۇ بۇلارنى ئاللاھ بەرگەندۇر، ئاللاھ بىزنى مۇشۇنداق گۈزەل، قامەتلىك قىلىپ ياراتقان. بۇھەدىستىن كىبىر،پەخىرلىنىش تۇگە،كالا ئەھلىدە بۇلۇدۇ،مىسكىنلىك،خاتىرجەملىك قوي ئەھلىدە دىگەن چىقىدۇ.

7376 ـ حدّثنا إِسْحَـٰقُ بْنُ إِبْرَاهِيمَ وَ عَبّاسُ بْنُ عَبْدِ الْعَظِيمِ ـ وَاللّفْظ لإِسْحَـٰقَ ـ (قال عَبّاسٌ: حَدّثنَا. وَقَالَ إِسْحَـٰقُ: أَخْبَرَنَا) أَبُو بَكْرٍ الْحَنَفِيّ. حَدّثنَا بُكَيْرُ بْنُ مِسْمَارٍ. حَدّثنِي عَامِرُ ابْنُ سَعْدٍ قَالَ: كَانَ سَعْدُ بْنُ أَبِي وَقّاصٍ فِي إِبِلِهِ. فَجَاءَهُ ابْنُهُ عُمَرُ. فَلَمّا رَآهُ سَعْدٌ قَالَ: أَعُوذُ بِاللّهِ مِنْ شَرّ هَـٰذَا الرّاكِبِ. فَنَزَلَ. فَقَالَ لَهُ: أَنَزَلْتَ فِي إِبِلِكَ وَغَنَمِكَ وَتَرَكْتَ النّاسَ يَتَنَازَعُونَ الْمُلْكَ بَيْنَهُمْ؟ فَضَرَبَ سَعْدٌ فِي صَدْرِهِ فَقَالَ: اسْكُتْ. سَمِعْتُ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم يَقُولُ: «إِنّ اللّهِ يُحِبّ الْعَبْدَ التّقِيّ، الْغَنِيّ، الْخَفِيّ».

سەئىد ئىبنى ئەبۇ ۋەققاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇكىشىلەرنى تەرىك ئېتىپ تۇگە ـ قويلىرىنىڭ ئارىسىدا ئىبادەت بىلەن ياشاۋاتاتتى، ئۇنىڭ قېشىغا ئوغلى كەلگەندە ئۇ:«ﷲ قا سېغىنىپ بۇئاتلىق كىشىنىڭ يامانلىقىدىن پاناھ

تىلەيمەن» دېدى، ئاندىن ئوغلى ئاتتىن چۈشۈپ ئۇنىڭغا: سىلى كىشىلەرنى ئۆزئارا پادىشاھلىق تالاشقان ھالەتتە تاشلاپ قويۇپ، تۆگە ـ قويلىرىنىڭ ئارىسىغا كىرىۋالدىلىمۇ؟دېدى، ئاندىن ئۇ ئوغلىنىڭ كۆكسىگە بىرنى ئۇرۇپ:سۆز قىلماي جىم تۇرغىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن، ئاللاھتائالا تەقۋا، مۇتتەقى، بىھاجەت بولغان، ئۆزىنى كىشىلەردىن بىھاجەت تۇتىدىغان، ئىبادەتتە مەخپى بەندىنى ياخشى كۆرىدۇ، دېدى.ئەھمەد، مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.

7377 ـ حدّثنا يَحْيَى بْنُ حَبِيبٍ الْحَارِثِيّ. حَدّثَنَا الْمُعْتَمِرُ. قَالَ: سَمِعْتُ إِسْمَاعِيلَ عَنْ قَيْسٍ، عَنْ سَعْدٍ ح وَحَدّثَنَا مُحَمّدُ بْنُ عَبْدِ اللّهِ بْنِ نُمَيْرٍ. حَدّثَنَا أَبِي وَ ابْنُ بِشْرٍ. قَالاَ: حَدّثَنَا إِسْمَاعِيلُ عَنْ قَيْسٍ قَالَ: سَمِعْتُ سَعْدَ بْنَ أَبِي وَقّاصٍ يَقُولُ: وَاللّهِ إِنّي لأَوّلُ رَجُلٍ مِنَ الْعَرَبِ رَمَى بِسَهْمٍ فِي سَبِيلِ اللّهِ. وَلَقَدْ كُنّا نَغْزُو مَعَ رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم، مَا لَنَا طَعَامٌ نَأْكُلُهُ إِلاّ وَرَقُ الْحُبْلَةِ، وَهَذَا السّمُرُ. حَتّى إِنّ أَحَدَنَا لَيَضَعُ كَمَا تَضَعُ الشّاةُ. ثُمّ أَصْبَحَتْ بَنُو أَسَدٍ تُعَزّرُنِي عَلَى الدّينِ. لَقَدْ خِبْتُ، إِذاً، وَضَلّ عَمَلِي وَلَمْ يَقُلِ ابْنُ نُمَيْرٍ: إِذاً.
7378 ـ وحدّثناه يَحْيَى بْنُ يَحْيَى. أَخْبَرَنَا وَكِيعٌ عَنْ إِسْمَاعِيلَ بْنِ أَبِي خَالِدٍ بِهَـذَا الإِسْنَادِ. وَقَالَ: حَتّى إِنْ كَانَ أَحَدُنَا لَيَضَعُ كَمَا تَضَعُ الْعَنْزُ، مَا يَخْلِطُهُ بِشَيْءٍ.

قىيس ئىبنى ھازىم رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ دىن، سەئد ئىبنى ئەبى ۋەققاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ؛ھەقىقەتەن مەن ئەرەپلەردىن الله يولىدا ئوق ئاتقان تۇنجى كىشى بولىمەن، مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن بىللە غازات قىلغان ھالىتىمىزگە قاراپ باقسام، ئۇچاغلاردا بىزگە يېگىلى تاماق يوق ئىدى، پەقەت سەمۇرە دەرىخىنىڭ مېۋىسى بىلەن قۇلقى بار ئىدى، بىزنىڭ ھەر بىرىمىز ئۇنىڭدىن يەپ، خۇددى قوي ماياقلىغاندەك ماياقلايتتى، ئۇماياقنىڭ قۇرۇقلىقىدىن بەزىسى بەزىسىگە زادى ئېلىشمايتتى، ئاندىن بەنى ئەسەدلەر مىنى ئىسلامغا ئاساسەن(يەنى نامىزىم توغرىسىدا)ئەيىبلەپ،تاپا ـ تەنە قىلىشتى، ئۇنداقتا ئەگەر ئۇلار دېگەندەك بولىدىغان بولسا، مەن چوڭ زىيان تارتقان بولمامدىم؟، ئەمەللىرىم بىكار بولۇپ كەتكەن بولمامدۇ؟دېدى، ئۇلار ئۇنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ قېشىغا ئەرز ـ شىكايەت قىلىپ، چېقىپ بېرىپ؛ئۇ نامازنى ياخشى ئوقۇمايدۇ دېگەن ئىدى. بۇخارى،مۇسلىم بىرلىككە كەلگەن.

7379 ـ حدّثنا شَيْبَانُ بْنُ فَرّوخَ، حَدّثَنَا سُلَيْمَانُ بْنُ الْمُغِيرَةِ. حَدّثَنَا حُمَيْدُ بْنُ هِلاَلٍ عَنْ خَالِدِ بْنِ عُمَيْرٍ الْعَدَوِيّ قَالَ: خَطَبَنَا عُتْبَةُ بْنُ غَزْوَانَ. فَحَمِدَ اللّهَ وَأَثْنَى عَلَيْهِ ثُمّ قَالَ: أَمّا بَعْدُ. فَإِنّ الدّنْيَا قَدْ آذَنَتْ بِصُرْمٍ وَوَلّتْ حَذّاءَ. وَلَمْ يَبْقَ مِنْهَا إِلاّ صُبَابَةٌ كَصُبَابَةِ الإِنَاءِ. يَتَصَابّهَا صَاحِبُهَا. وَإِنّكُمْ مُنْتَقِلُونَ مِنْهَا إِلَى دَارٍ لاَ زَوَالَ لَهَا. فَانْتَقِلُوا بِخَيْرِ مَا بِحَضْرَتِكُمْ. فَإِنّهُ قَدْ ذُكِرَ لَنَا أَنّ الْحَجَرَ يُلْقَى مِنْ شَفَةِ جَهَنّمَ. فَيَهْوِي فِيهَا سَبْعِينَ عَاماً لاَ يُدْرِكُ لَهَا قَعْراً. وَوَاللّهِ لَتُمْلأَنّ. أَفَعَجِبْتُمْ؟ وَلَقَدْ ذُكِرَ لَنَا أَنّ مَا بَيْنَ مِصْرَاعَيْنِ مِنْ مَصَارِيعِ الْجَنّةِ مَسِيرَةُ أَرْبَعِينَ سَنَةً. وَلَيَأْتِيَنّ عَلَيْهَا يَوْمٌ وَهُوَ كَظِيظٌ مِنَ الزّحَامِ. وَلَقَدْ رَأَيْتُنِي سَابِعَ سَبْعَةٍ مَعَ رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم. مَا لَنَا طَعَامٌ إِلاّ وَرَقُ الشّجَرِ. حَتّى قَرِحَتْ أَشْدَاقُنَا. فَالْتَقَطْتُ بُرْدَةً فَشَقَقْتُهَا بَيْنِي وَبَيْنَ سَعْدِ بْنِ مَالِكٍ. فَاتّزَرْتُ بِنِصْفِهَا وَاتّزَرَ سَعْدٌ بِنِصْفِهَا. فَمَا أَصْبَحَ الْيَوْمَ مِنّا أَحَدٌ إِلاّ أَصْبَحَ أَمِيراً عَلَى مِصْرٍ مِنَ الأَمْصَارِ. وَإِنّي أَعُوذُ بِاللّهِ أَنْ أَكُونَ فِي نَفْسِي عَظِيماً وَعِنْدَ اللّهِ صَغِيراً. وَإِنّهَا لَمْ تَكُنْ نُبُوّةٌ قَطّ إِلاّ تَنَاسَخَتْ، حَتّى يَكُونَ آخِرُ عَاقِبَتِهَا مُلْكاً. فَسَتَخْبُرُونَ وَتُجَرّبُونَ الأُمَرَاءَ بَعْدَنَا.
7380 ـ وحدّثني إِسْحَقُ بْنُ عُمَرَ بْنِ سَلِيطٍ. حَدّثَنَا سُلَيْمَانُ بْنُ الْمُغِيرَةِ. حَدّثَنَا حُمَيْدُ بْنُ هِلاَلٍ عَنْ خَالِدِ بْنِ عُمَيْرٍ وَقَدْ أَدْرَكَ الْجَاهِلِيّةَ. قَالَ: خَطَبَ عُتْبَةُ بْنُ غَزْوَانَ، وَكَانَ أَمِيراً عَلَى الْبَصْرَةِ. فَذَكَرَ نَحْوَ حَدِيثِ شَيْبَانَ.

**7381 ـ وحدّثنا أَبُو كُرَيْبٍ، مُحَمّدُ بْنُ الْعَلاَءِ. حَدّثَنَا وَكِيعٌ عَنْ قُرّةَ بْنِ خَالِدٍ، عَنْ حُمَيْدِ بْنِ هِلاَلٍ، عَنْ خَالِدِ بْنِ عُمَيْرٍ قَالَ: سَمِعْتُ عُتْبَةَ بْنَ غَزْوَانَ، يَقُولُ: لَقَدْ رَأَيْتُنِي سَابِعَ سَبْعَةٍ مَعَ رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم. مَا طَعَامُنَا إِلاّ وَرَقُ الْحُبْلَةِ. حَتّىَ قَرِحَتْ أَشْدَاقُنَا.**

**7440 ـ حدّثنا إِسْحَـَقُ بْنُ إِبْرَاهِيمَ وَ مُحَمّدُ بْنُ الْمُثَنّى الْعَنَزِيّ وَ مُحَمّدُ بْنُ عَبْدِ اللّهِ الرّزّيّ. جَمِيعاً عَنِ الثّقَفِيّ (وَاللّفْظُ لاِبْنِ الْمُثَنّى). حَدّثَنَا عَبْدُ الْوَهّابِ. حَدّثَنَا خَالِدٌ عَنْ مُحَمّدِ بْنِ سِيرِينَ، عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ قَالَ: قَالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: «فُقِدَتْ أُمّةٌ مِنْ بَنِي إِسْرَائِيلَ، لاَ يُدْرَى مَا فَعَلَتْ. وَلاَ أُرَاهَا إِلاّ الْفَأْرَ. أَلاَ تَرَوْنَهَا إِذَا وُضِعَ لَهَا أَلْبَانُ الإِبِلِ لَمْ تَشْرَبْهُ. وَإِذَا وُضِعَ لَهَا أَلْبَانُ الشّاءِ شَرِبَتْهُ؟». قَالَ أَبُو هُرَيْرَةَ: فَحَدّثْتُ هَـَذَا الْحَدِيثَ كَعْباً فَقَالَ: آنْتَ سَمِعْتَهُ مِنْ رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم؟ قُلْتُ: نَعَمْ. قَالَ ذَلِكَ مِرَاراً. قُلْتُ: أَأَقْرَأُ التّوْرَاةَ؟ قَالَ إِسْحَـَقُ فِي رِوَايَتِهِ «لاَ نَدْرِي مَا فَعَلَتْ».**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بەنى ئىسرائىللاردىن بىر ئۈممەت يوقاپ كەتتى، ئۇلارغا نېمە قىلىنغىنى بىلىنمەيدۇ، ئۇ ئېنىق ئەمەس، مەن ئۇلارنى چاشقانمىكى دەپ گۇمان قىلىمەن، ئۇنىڭغا قارىمامسىلەر؟ تۆگە سۈتى قويۇلسا، ئۇنى ئىچمەيدۇ، قوينىڭ سۈتى قويۇلسا، چاشقان ئۇنى ئىچىدۇ، (مانا بۇ دەلىل _ ئىسپاتتۇر) ئەھمەد، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.

**7441 ـ وحدثني أَبُو كُرَيْبٍ، مُحَمّدُ بْنُ الْعَلاَءِ. حَدّثَنَا أَبُو أُسَامَةَ عَنْ هِشَامٍ، عَنْ مُحَمّدٍ، عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ قَالَ «الْفَأْرَةُ مَسْخٌ. وَآيَةُ ذَلِكَ أَنّهُ يُوضَعُ بَيْنَ يَدَيْهَا لَبَنُ الْغَنَمِ فَتَشْرَبُهُ. وَيُوضَعُ بَيْنَ يَدَيْهَا لَبَنُ الإِبِلِ فَلاَ تَذُوقُهُ» فَقَالَ لَهُ كَعْبٌ: أَسَمِعْتَ هَـَذَا مِنْ رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم؟ قَالَ: أَفَأُنْزِلَتْ عَلَيّ التّوْرَاةُ؟.**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: چاشقان سۈرىتى ئۆزگەرتىلگەن مەخلۇق، ئۇنىڭ ئالامىتى:ئۇنىڭغا قارىمامسىلەر؟ تۆگە سۈتى قويۇلسا، ئۇنى ئىچمەيدۇ، قوينىڭ سۈتى قويۇلسا، چاشقان ئۇنى ئىچىدۇ، (مانا بۇ دەلىل _ ئىسپاتتۇر) ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئى ئەئرابى! ھەقىقەتەن ئاللاھتائالا بەنى ئىسرائىلدىن ئىككى قەبىلىگە غەزەپ قىلغان ئۇلارنى يەر يۈزىدە ئۆمىلەيدىغان ھايۋانغا ئۆزگەرتىۋەتكەن، مەن بۇ كىلە، پاتمىچۇقنى

شۇ سۈرەتنى ئۆزگەرگەنلەرمۇ ياكى ئەمەسمۇ؟ ھېچ بىلەلمىدىم، مەن ئۇنى يېمەيمەن، ھەم ئۇنىڭدىن توسمايمەن. مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ. يەنە بىر ھەدىستە سۈرەتنى ئۆزگەرتىلگەنلەر نەسلى قالدۇرمايلا ھالاك بولۇشى سۆزلەنگەن، بۇنى ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمۇ شۇنداق تەپسىر قىلغان، ئاللاھ ئالىم. ئۇممە سەلەمەت رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاللاھتائالا لەنەت قىلىپ، ھالاك قىلىپ، سۈرىتىنى باشقا نەرسىگە، ھايۋانغا ئۆزگەرتىۋەتكەن نەرسە ئۈچۈن نەسەپ يوق، ئارقىدىن كېلىدىغان بالا، ئەۋلاد يوقتۇر، (ئۇلار غەمدە، پۇتۇنلەي نەسلى قۇرۇپ، ھالاك بولۇپ تۈگەشتى). تەبرانى توپلىغان، سەھىھ.

### 1342 ـ باب لا يلدغ المؤمن من جحر مرتين

## مۆئمىننى بىر تۆشۈكتە ئىككى قېتىم يىلان چاقمايدۇ،دېگەن توغرىسىدا

7442 ـ7443 ـ حدّثنا قُتَيْبَةُ بْنُ سَعِيدٍ. حدّثنَا لَيْثٌ عَنْ عُقَيْلٍ، عَنِ الزّهْرِيّ، عَنِ ابْنِ الْمُسَيّبِ، عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ، عَنِ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم قالَ: «لاَ يُلْدَغُ الْمُؤْمِنُ، مِنْ جُحْرٍ وَاحِدٍ، مَرّتَيْنِ؟».
وَحَدّثَنِيهِ أَبُو الطّاهِرِ وَ حَرْمَلَةُ بْنُ يَحْيَى. قَالاَ: أَخْبَرَنَا ابْنُ وَهْبٍ عَنْ يُونُسَ. ح وَحَدّثَنِي زُهَيْرُ بْنُ حَرْبٍ وَ مُحَمّدُ بْنُ حَاتِمٍ، قَالاَ: حَدّثَنَا يَعْقُوبُ بْنُ إِبْرَاهِيمَ. حَدّثَنَا ابْنُ أَخِي ابْنِ شِهَابٍ عَنْ عَمّهِ، عَنِ ابْنِ الْمُسَيّبِ، عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ، عَنِ النّبِي صلى الله عليه وسلم بِمِثْلِهِ.

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مۆئمىننى بىر تۆشۈكتە ئىككى قېتىم يىلان چاقمايدۇ.بۇخارى،مۇسلىم، ئەھمەد، بەيھەقى، ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ. مۇسۇلمانلارغا قارشى شېئىر بىلەن زىيانكەشلىك قىلغان بىر كىشىنى قويۇپ بەرسە، ئۇ يەنە زىيانكەشلىك قىلىدۇ، ئاندىن ئۇ يەنە ئەسىرگە چۈشكەندە، مېنى قويۇپ بەرسىلە دەيدۇ. دەل شۇ چاغدا رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بۇ ھەدىسنى ئېيتىپ، ئۇنىڭ كاللىسىنى ئالىدۇ.

### 1343 ـ باب المؤمن أمره كله خير

7444 ـ حدّثنا هَدّابُ بْنُ خَالِدٍ الأَزْدِيّ وَ شَيْبَانُ بْنُ فَرّوخَ، جَمِيعاً عَنْ سُلَيْمَانَ بْنِ الْمُغِيرَةِ (وَاللّفْظُ لِشَيْبَانَ). حَدّثَنَا سُلَيْمَانُ. حَدّثَنَا ثَابِتٌ عَنْ عَبْدِ الرّحْمَنِ بْنِ أَبِي لَيْلَى، عَنْ صُهَيْبٍ قَالَ: قَالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: «عَجَباً لأَمْرِ الْمُؤْمِنِ. إِنّ أَمْرَهُ كُلّهُ خَيْرٌ. وَلَيْسَ ذَاكَ لأَحَدٍ إِلاّ لِلْمُؤْمِنِ. إِنْ أَصَابَتْهُ سَرّاءُ شَكَرَ. فَكَانَ خَيْراً لَهُ. وَإِنْ أَصَابَتْهُ ضَرّاءُ صَبَرَ، فَكَانَ خَيْراً لَهُ».

سۇھەيب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مۆئمىننىڭ ئىشى ئەجەپلىنەرلىكتۇر، ھەققەتەن مۆئمىننىڭ بارلىق ئىشلىرى ياخشىلىقتۇر، بۇنداق ياخشىلىق پەقەت مۆئمىن ئۈچۈنلا بولىدۇ، مۆئمىن بولمىغان كىشىلەرگە ئۇنداق بولمايدۇ، ئەگەر مۆئمى رگە خۇرسەن بولىدىغان، خۇشاللىق ئىشلار يەتسە، ئۇ شۈكرى قىلىدۇ ــ دە، بۇ ئۇنىڭ ئۈچۈن ياخشىلىقتۇر، ئەگەر ئۇنىڭغا زەرەر يەتسە، سەۋرى قىلىدۇ ــ دە، بۇمۇ ئۇنىڭ ئۈچۈن ياخشىلىق بولىدۇ، ئەھمەد، مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.

### 1344 ـ باب النهي عن المدح إذا كان فيه إفراط، وخيف منه فتنة على الممدوح

## باشقىلارنى مەدھىلەپ كېتىشتىن مەنئى قىلىش توغرىسىدا

7445 ـ حدّثنا يَحْيَى بْنُ يَحْيَى. حَدّثَنَا يَزِيدُ بْنُ زُرَيْعٍ عَنْ خَالِدٍ الْحَذّاءِ، عَنْ عَبْدِ الرّحْمَنِ بْنِ أَبِي بَكْرَةَ، عَنْ أَبِيهِ قَالَ: مَدَح رَجُلٌ رَجُلاً، عِنْدَ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم قَالَ، فَقَالَ: «وَيْحَكَ قَطَعْتَ عُنُقَ صَاحِبِكَ. قَطَعْتَ عُنُقَ صَاحِبِكَ» مِرَاراً «إِذَا كَانَ أَحَدُكُمْ مَادِحاً صَاحِبَهُ لاَ مَحَالَةَ، فَلْيَقُلْ: أَحْسِبُ فُلاَناً. وَاللّهُ حَسِيبُهُ. وَلاَ أُزَكّي عَلَى اللّهِ أَحَداً. أَحْسِبُهُ، إِنْ كَانَ يَعْلَمُ ذَاكَ، كَذَا وَكَذَا».

7446 ـ وحدّثني مُحَمّدُ بْنُ عَمْرِو بْنِ عَبّادِ بْنِ جَبَلَةَ بْنِ أَبِي رَوّادٍ. حَدّثَنَا مُحَمّدُ بْنُ جَعْفَرٍ. ح وَحَدّثَنِي أَبُو بَكْرِ بْنُ نَافِعٍ. أَخْبَرَنَا غُنْدَرٌ قَالَ: شُعْبَةُ حَدّثَنَا عَنْ خَالِدٍ الْحَذّاءِ، عَنْ عَبْدِ الرّحْمَنِ بْنِ أَبِي بَكْرَةَ، عَنْ أَبِيهِ، عَنِ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم أَنّهُ ذُكِرَ عِنْدَهُ رَجُلٌ. فَقَالَ رَجُلٌ: يَا رَسُولَ اللّهِ مَا مِنْ رَجُلٍ، بَعْدَ رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم، أَفْضَلُ مِنْهُ فِي كَذَا وَكَذَا. فَقَالَ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم: «وَيْحَكَ قَطَعْتَ عُنُقَ صَاحِبِكَ» مِرَاراً يَقُولُ ذٰلِكَ. ثُمّ قَالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: «إِنْ كَانَ أَحَدُكُمْ مَادِحاً أَخَاهُ، لاَ مَحَالَةَ، فَلْيَقُلْ: أَحْسِبُ فُلاَناً، إِنْ كَانَ يُرَى أَنّهُ كَذٰلِكَ. وَلاَ أُزَكّي عَلَى اللّهِ أَحَداً».

7447 ـ وَحَدّثَنِيهِ عَمْرٌو النّاقِدُ. حَدّثَنَا هَاشِمُ بْنُ الْقَاسِمِ. ح وَحَدّثَنَاهُ أَبُو بَكْرِ بْنُ أَبِي شَيْبَةَ. حَدّثَنَا شَبَابَةُ بْنُ سَوّارٍ. كِلاَهُمَا عَنْ شُعْبَةَ بِهَـٰذَا الإِسْنَادِ، نَحْوَ حَدِيثِ يَزِيدَ بْنِ زُرَيْعٍ. وَلَيْسَ فِي حَدِيثِهِمَا: فَقَالَ رَجُلٌ: مَا مِنْ رَجُلٍ بَعْدَ رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم أَفْضَلُ مِنْهُ.

ئەبۇ بۇكرەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم قېرىندىشىنى بەكلا ماختاپ مەدھىيلىگەن كىشىگە: ساڭا ۋايدۇر، سەن قېرىندىشىڭنىڭ بوينىنى ئۈزۈپ تاشلىدىڭ، ئۇنى بوغۇزلىغان بولدۇڭ، بىرىڭلار قېرىندىشىنى ماختاپ، مەدھىيلەشتىن زادى ئامال بولمىسا، مەدھىيلىمەكچى بولسا، مەن پالاننى مۇشۇنداق گۇمان قىلىمەن دېسۇن. ئۇنىڭ ھېسابىنى ئاللاھ ئالىدۇ، ئىچكى دۇنياسىنى ئاللاھ بىلىدۇ، مەن بىرەر كىشىنى ئاللاھقا ماختاپ ئاقلاپ مەدھىيلەپ كەتمەيمەن، مۇنداق ـ مۇنداق گۇمان قىلىمەن، ئەگەر بىلسە، مۇنداق گۇمان قىلىمەن دېسۇن دېگەن ئىدى. مۇسلىم، بۇخارى ئەھمەد، بەيھەقى، ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ماجە

7448 ـ حدّثني أَبُو جَعْفَرٍ، مُحَمّدُ بْنُ الصّبّاحِ. حَدّثَنَا إِسْمَاعِيلُ بْنُ زَكَرِيّاءَ عَنْ بُرَيْدِ بْنِ عَبْدِ اللّهِ بْنِ أَبِي بُرْدَةَ، عَنْ أَبِي مُوسَىَ، قَالَ: سَمِعَ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم رَجُلاً يُثْنِي عَلَىَ رَجُلٍ، وَيُطْرِيهِ فِي الْمِدْحَةِ. فَقَالَ: «لَقَدْ أَهْلَكْتُمْ، أَوْ قَطَعْتُمْ، ظَهْرَ الرّجُلِ».

ئەبۇمۇسا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم قېرىندىشىنى بەكلا ئۇچۇرۇپ ماختاپ مەدھىيلىگەن كىشىگە: سىلەر قېرىندىشىڭلارنىڭ ئۇچىسىنى، بوينىنى كېسىپ ئۈزۈپ تاشلىدىڭلار، ئۇنى ھالاك قىلىپ بوغۇزلىغان بولدۇڭلار،دېدى.

7449 ـ حدّثنا أَبُو بَكْرِ بْنُ أَبِي شَيْبَةَ وَ مُحَمّدُ بْنُ الْمُثَنّى. جَمِيعاً عَنِ ابْنِ مَهْدِيَ (وَاللّفْظُ لاِبْنِ الْمُثَنّى) قَالاَ: حَدّثَنَا عَبْدُ الرّحْمَنِ، عَنْ سُفْيَانَ، عَنْ حَبِيبٍ، عَنْ مُجَاهِدٍ، عَنْ أَبِي مَعْمَرٍ قَالَ: قَامَ رَجُلٌ يُثْنِي عَلَىَ أَمِيرٍ مِنَ الأُمَرَاءِ. فَجَعَلَ الْمِقْدَادُ يَحْثِي عَلَيْهِ التّرَابَ، وَقَالَ: أَمَرَنَا رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم أَنْ نَحْثِيَ فِي وُجُوهِ الْمَدّاحِينَ التّرَابَ.

مىقداد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئەمىرلەردىن بىرئەمىرنى بەكلا ئۇچۇرۇپ ماختاپ مەدھىيلىگەن كىشىگە توپا چېچىپ: رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىزنى مەدھىيچىلەرنى كۆرسەڭلار، يۈزىگە توپا چېچىڭلار دەپ بۇيرىغان دېدى.

7450 ـ وحدّثنا مُحَمّدُ بْنُ الْمُثَنّى وَ مُحَمّدُ بْنُ بَشّارٍ (وَاللّفْظُ لاِبْنِ الْمُثَنّى) قَالاَ: حَدّثَنَا مُحَمّدُ بْنُ جَعْفَرٍ. حَدّثَنَا شُعْبَةُ عَنْ مَنْصُورٍ، عَنْ إِبْرَاهِيمَ، عَنْ هَمّامِ بْنِ الْحَارِثِ أَنّ رَجُلاً جَعَلَ يَمْدَحُ عُثْمَانَ. فَعَمِدَ الْمِقْدَادُ. فَجَثَا عَلَىَ رُكْبَتَيْهِ، وَكَانَ رَجُلاً ضَخْماً، فَجَعَلَ يَحْثُو فِي وَجْهِهِ الْحَصْبَاءَ. فَقَالَ لَهُ عُثْمَانُ: مَا شَأْنُكَ؟ فَقَالَ: إِنّ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم قَالَ: «إِذَا رَأَيْتُمُ الْمَدّاحِينَ، فَاحْثُوا فِي وُجُوهِهِمُ التّرَابَ».

7451 ـ وحدّثناه مُحَمّدُ بْنُ الْمُثَنّى وَ ابْنُ بَشّارٍ. قَالاَ: حَدّثَنَا عَبْدُ الرّحْمَنِ عَنْ سُفْيَانَ، عَنْ مَنْصُورٍ. ح وَحَدّثَنَا عُثْمَانُ بْنُ أَبِي شَيْبَةَ. حَدّثَنَا الأَشْجَعِيّ، عُبَيْدُ اللّهِ بْنُ عُبَيْدِ الرّحْمَنِ عَنْ سُفْيَانَ الثّوْرِيّ، عَنِ الأَعْمَشِ وَ مَنْصُورٍ، عَنْ إِبْرَاهِيمَ، عَنْ هَمّامٍ، عَنِ الْمِقْدَادِ، عَنِ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم بِمِثْلِهِ.

**سەھىھ مۇسلىمنىڭ تەرجىمىسى**

مەدھىيىچىلەرنى كۆرسەڭلار، يۈزىگە توپا چېچىڭلار دېگەن ھەدىسنى ئەھمەد، بۇخارى، مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى، تەبرانى، بەيھەقى، ھاكىملار مىقداد ، ئىبنى ئۆمەر، ئىبنى ئەمرۇ ، ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملاردىن توپلىغان، سەھىھ، ئەبۇ ھۇرەيرە، ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملاردىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مەدداھلارنىڭ يەنى مەدھىيىچىلەرنىڭ يۈزىگە توپا چېچىڭلار! تىرمىزى، ئىبنى ئەدى، ئەبۇ نۇئەيملەر توپلىغان، ئەلبانى رەھمەھۇللا بۇ ھەدىس سەھىھ دېگەن يەنە رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مەدھىيىچىلەرنىڭ ئاغزىغا توپا چېچىڭلار! بۇ ھەدىسنى ئىبنى ماجە، مىقداد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، ئىبنى ھەببان، ئىبنى ئۆمەردىن ئىبنى ئەساكىر، ئۇبادەت ئىبنى سامىت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملاردىن توپلىغان، سەھىھ ھەدىستۇر.

## 1345 ـ باب مناولة الأكبر چوڭلارنى ھۆرمەتلەش

7452 ـ حدّثنا نَصْرُ بْنُ عَلِيَ الْجَهْضَمِيّ حَدّثني أبي حَدّثنا صَخْرٌ (يَعْني ابْنَ جُوَيْرِيَة) عَنْ نَافِع أنّ عَبْدَ اللّهِ بْنَ عُمَرَ حَدّثَهُ أنّ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم قال: «أرَانِي فِي الْمَنَام أتَسَوّكُ بِسِوَاكٍ. فَجَذَبَنِي رَجُلاَن. أحَدُهُمَا أكْبَرُ مِنَ الآخَر. فَنَاوَلْتُ السّوَاكَ الأصْغَرَ مِنْهُمَا. فَقِيلَ لِي: كَبّرْ، فَدَفَعْتُهُ إلَى الأكْبَرِ».

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:، مەن بۈگۈن ئويقۇمدا مىسۋاك سىلىپ چۈش كۆرۈپتىمەن، ماڭا بىرسى چوڭ، بىرى كىچىك ئىككى ئەر كەلدى، مەن مىسۋاكنى كىچىككە سۇنۇپ بەرسەم، ماڭا ؛ چوڭىغا بەرگىن دېيىلدى، مەن مىسۋاكنى چوڭىراقىغا بەردىم، بەيھەقى ، بۇخارى،مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.

## 1346 ـ باب التثبت في الحديث، وحكم كتابة العلم

### ھەدىسنى ئىسپاتلاپ بېقىش، ئىلىمنى يېزىۋېلىشنىڭ ھۆكمى توغرىسىدا

7453 ـ حدّثنا هَرُونُ بْنُ مَعْرُوفٍ. حَدّثنَا بِهِ سُفْيَانُ بْنُ عُيَيْنَة عَنْ هِشَامٍ، عَنْ أبِيهِ قالَ: كَانَ أبُو هُرَيْرَة يُحَدّثُ وَيَقُولُ: اسْمَعِي يَا رَبّةَ الْحُجْرَةِ اسْمَعِي يَا رَبّةَ الْحُجْرَةِ وَعَائِشَة تُصَلّي. فَلَمّا قَضَتْ صَلاَتَهَا قالَتْ لِعُرْوَة: ألاَ تَسْمَعُ إلَى هَذَا وَمَقَالَتِهِ آنِفاً؟ إنّمَا كَانَ النّبيّ صلى الله عليه وسلم يُحَدّثُ حَدِيثاً، لَوْ عَدّهُ الْعَادّ لأحْصَاهُ.

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن، ئۇ ئەبۇھۇرەيرىنىڭ ھەدىسنى بەك تېز سۆزلىۋېتىشىگە رەددىيە بېرىپ مۇنداق دەيدۇ:رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم،سىلەر كەينى ـ كەينىدىن تېز سۆزلىگەندەك، ئالدىراپ تېز سۆزلىمەي،بەلكى شۇنداق ئوچۇق، تەپسىلى ئالدىرىماي سۆزلەيتتىكى، ئەگەر سۆزلىرىنى سانىغۇچى ساناپ قالسا، ئەلۋەتتە دانىمۇ ــ دانە ھېسابلىيالايتتى.بۇخارى،مۇسلىم، بەيھەقى، ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ.

7454 ـ حدّثنا هَدّابُ بْنُ خَالِدٍ الأَزْدِيّ. حَدّثنا هَمّامٌ عَنْ زَيْدِ بْنِ أَسْلَمَ، عَنْ عَطَاءِ ابْنِ يَسَارَ، عَنْ أَبِي سَعِيدٍ الْخُدْرِيّ أَنّ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم قالَ: «لاَ تَكْتُبُوا عَنّي. وَمَنْ كَتَبَ عَنّي غَيْرَ الْقُرْآنِ فَلْيَمْحُهُ. وَحَدّثُوا عَنّي، وَلاَ حَرَجَ. وَمَنْ كَذَبَ عَلَيّ ـــ قالَ هَمّامٌ أَحْسِبُهُ قالَ ـــ مُتَعَمّداً فَلْيَتَبَوّأْ مَقْعَدَهُ مِنَ النّارِ».

ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: سىلەر مەندىن، قۇرئاندىن باشقا نەرسىنى يازماڭلار، كىم مەندىن، قۇرئاندىن باشقا نەرسىنى يازغان بولسا، ئۇنى ئۆچۈرۋەتسۇن، سىلەر مەندىن مەن سۆزلىگەن ھەدىسنى سۆزلىسەڭلار، گۇناھ يوق، كىم ماڭا مەن دىمىگەننى دىدى دەپ قەستەن يالغان سۆزلىسە، ئۇ ئۆز جايىنى دوۋزاخدىن ئىلىۋالسۇن. ئەھمەد، مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ. بۇرۇن قۇرئاننى يىزىۋاتقاچقا، ئىلىشىپ كىتىشدىن ئەنسىرەپ يىزىشتىن توسقان، شۇ ۋاقىتلاردىمۇ يىراقتىن كەلگەن ئەئرابىيغا يىزىۋىلىشقا رۇخسەت بەرگەن ھەدىسنىڭ دەلىلى بىلەن ۋە بىر ھەدىس بولسىمۇ يەتكۈزۈش ئۆز ئەينى يەتكۈزۈشنىڭ دەلىلى بىلەن كىيىنكى ۋاقىتلاردا ھەدىس يىزىلغان، قاتتىق تەكشۈرۈپ، ھەققى سەھىھ، مۇتىۋاتىرلىرى توپلانغان، خۇددى بۇخارى، مۇسلىم ۋەباشقا سەھىھ كىتابلاردەك.

رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن:(مەندىن ھەدىس سۆزلەشتىن ھەزەر قىلىڭلار.لىكىن بىلگىنىڭلارنى سۆزلەڭلار.) كىم ماڭا، مەن دىمىگەننى دىدى دەپ قەستەن يالغان سۆزلىسە، (يەنى يالغان ھەدىس سۆزلىسە،) ئۇ ئۆزئورنىنى دوۋزاخدىن ئىلىۋالسۇن، (يەنە بىر خاتىرىدە ئۇ دوۋزاخقا كىرىدۇ دىيىلگەن).

بۇ ھەدىسنى ئەھمەد، بەيھەقى، بۇخارى، مۇسلىم، نەسەئى، تىرمىزى، ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ماجە، ھاكىم، تەبرانى، خەتىيبۇلبەغداد، ئىبنى ئەساكىر، ئىبنى سائىد، ئەبۇ مەسئۇد، بەزار، ئىبنى ئەدى، ئەبۇ نۇئەيىم، ئىبنى قانىئ، ھاكىم مەدخەلدە، ئۇقەيلى، ئىبنى جەۋزى، دارمى قاتارلىق 22 كىتاب، ئەنەس، زۇبەيىر، ئەبۇ ھۇرەيرە، ئەلى، جابىر، ئەبۇ سەئىدىلخۇدرى، ئىبنى مەسئۇد، خالىد ئىبنى ئەرخەت، زەيىد ئىبنى ئەرقەم، سەلەمەت، ئۇقبەت، مۇئاۋىيە، سائىب، سەلمان، خالىد خۇزائى، سۇھەيىب، تارىق، تەلھە، ئىبنى ئاببas، ئىبنى ئۆمەر، ئۇتبەت، ئەرىس، ئەممار، ئىمران، ئەمرۇ ئىبنى ھەرىس، ئەمرۇ ئىبنى ئەبەسەت، ئەمرۇ ئىبنى مۇررەت، مۇغەيرە، يەئلا، ئەبۇ ئۇبەيدە، ئەبۇ مۇسا، بەررائى، مۇئاز، نەبىيتە، ئەبۇ مەيمۇنە، ئەبۇرەمسە، ئىبنى زۇبەيىر، ئەبۇ راپىئ، ئۇممە ئەيمەن، سەلمان پارىسى، ئەبۇ ئۇمامە، راپىئئىبنى خەدىجە، يەزىيد، ئائىشە، ئەبۇ بەكرى، ئۆمەر، سەئىد ئىبنى ۋەققاس، ھۇزەيفە ئىبنى ئۇسەيد، ھۇزەيفە ئىبنى يەماني، ئوسمان، سەئىد ئىبنى زەيىد، ئۇسامە، بۇرەيدە، سەپىينە، ئەبۇ قەتادە، جۇندۇئ، سەئىد ئىبنى مىداس، ئابدۇللاھ ئىبنى زەغبى، ئابدۇللاھ ئىبنى ئەبۇ ئەۋفا، ئەففان، غەزۋان،

## سەھىھ مۇسلىمنىڭ تەرجىمىسى

ئەبۇ كەبشە، ئەبۇ زەر، غايقى قاتارلىق 68 ساھابە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملاردىن توپلىغان، سەھىھ مۇتىۋاتىردۇر. ئەڭ ئىشەنچلىك ھەدىسدۇر. مۇتىۋاتىر ھەدىسنى ئىنكار قىلغۇچى كاپىر بولىدۇ.

### *1347 ـ باب قصة أصحاب الأخدود والساحر والراهب والغلام*

### ئەسھابۇلئۇخدۇدنىڭ قىسسىسى، سېھرىگەر، راھىب بىلەن كارامەت بېرىلگەن بالا توغرىسىدا

7455 ـ حدّثنا هَدّابُ بْنُ خَالِدٍ. حَدّثَنَا حَمّادُ بْنُ سَلَمَةَ. حَدّثَنَا ثابتٌ عَنْ عَبْدِ الرّحْمَنِ بْنِ أبي لَيْلَى، عَنْ صُهَيْبٍ أنّ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم قالَ: «كَانَ مَلِكٌ فِيمَنْ كَانَ قبْلَكُمْ. وكَانَ لَهُ سَاحِرٌ. فَلَمّا كَبرَ قالَ لِلْمَلِكِ: إنّي قدْ كَبرْتُ فابْعَثْ إلَيّ غُلاَماً أُعَلّمْهُ السّحْرَ. فَبَعَثَ إلَيْهِ غُلاَماً يُعَلّمُهُ. فكَانَ فِي طَرِيقِهِ، إذَا سلَكَ، رَاهِبٌ. فقعَدَ إلَيْهِ وَسَمِعَ كَلاَمَهُ. فَأعْجَبَهُ. فكَانَ إذَا أتَى السّاحِرَ مَرّ بالرّاهِبِ وَقعَدَ إلَيْهِ. فإذَا أتَى السّاحِرَ ضَرَبَهُ. فشكَا ذلِكَ إلَى الرّاهِبِ. فقالَ: إذَا خَشِيتَ السّاحِرَ فقُلْ: حَبَسَنِي أهْلِي. وإذَا خَشِيتَ أهْلَكَ فقُلْ: حَبَسَنِي السّاحِرُ. فَبَيْنَمَا هُوَ كَذَلِكَ إذْ أتَى عَلَى دَابّةٍ عَظِيمَةٍ قدْ حَبَسَتِ النّاسَ. فقالَ: الْيَوْمَ أعْلَمُ آلسّاحِرُ أفْضَلُ أمِ الرّاهِبُ أفْضَلُ؟ فَأخَذَ حَجَراً فقالَ: اللّهُمّ إنْ كَانَ أمْرُ الرّاهِبِ أحَبّ إلَيْكَ مِنْ أمْرِ السّاحِرِ فاقْتُلْ هَذِهِ الدّابّةَ. حَتّى يَمْضِيَ النّاسُ. فَرَمَاهَا فقتَلَهَا. وَمَضَى النّاسُ. فَأتَى الرّاهِبَ فَأخْبَرَهُ. فقالَ لَهُ الرّاهِبُ: أيْ بُنَيّ أنْتَ، الْيَوْمَ، أفْضَلُ مِنّي. قدْ بَلَغَ مِنْ أمْرِكَ مَا أرَى. وَإنّكَ سَتُبْتَلَى. فَإنِ ابْتُلِيتَ فَلاَ تَدُلّ عَلَيّ. وَكَانَ الْغُلاَمُ يُبْرِىءُ الأكْمَهَ وَالأبْرَصَ وَيُدَاوِي النّاسَ مِنْ سَائِرِ الأدْوَاءِ. فَسَمِعَ جَلِيسٌ لِلْمَلِكِ كَانَ قدْ عَمِيَ. فَأتَاهُ بِهَدَايَا كَثِيرَةٍ. فقالَ: مَا هَهُنَا لَكَ أجْمَعُ، إنْ أنْتَ شَفَيْتَنِي. فقالَ: إنّي لاَ أشْفِي أحَداً. إنّمَا يَشْفِي اللّهُ. فَإنْ أنْتَ آمَنْتَ بِاللّهِ دَعَوْتُ اللّهَ فشَفَاكَ. فَآمَنَ بِاللّهِ. فشَفَاهُ اللّهُ. فَأتَى الْمَلِكَ فَجَلَسَ إلَيْهِ كَمَا كَانَ يَجْلِسُ. فقالَ لَهُ الْمَلِكُ: مَنْ رَدّ عَلَيْكَ بَصَرَكَ؟ قالَ: رَبّي. قالَ: وَلَكَ رَبّ غَيْرِي؟ قالَ: رَبّي وَرَبّكَ اللّهُ. فَأخَذَهُ فَلَمْ يَزَلْ يُعَذّبُهُ حَتّى دَلّ عَلَى الْغُلاَمِ. فَجِيءَ بِالْغُلاَمِ. فقالَ لَهُ الْمَلِكُ: أيْ بُنَيّ قدْ بَلَغَ مِنْ سِحْرِكَ مَا تُبْرِىءُ الأكْمَهَ وَالأبْرَصَ وَتَفْعَلُ وَتَفْعَلُ. فقالَ: إنّي لاَ أشْفِي أحَداً. إنّمَا يَشْفِي اللّهُ. فَأخَذَهُ فَلَمْ يَزَلْ يُعَذّبُهُ حَتّى دَلّ عَلَى الرّاهِبِ. فَجِيءَ بِالرّاهِبِ. فقِيلَ لَهُ: ارْجِعْ عَنْ دِينِكَ. فَأبَى فَدَعَا بِالْمِنْشَارِ. فَوَضَعَ الْمِنْشَارَ فِي مَفْرِقِ رَأْسِهِ. فشَقّهُ حَتّى وَقَعَ شِقّاهُ. ثُمّ جِيءَ بِجَلِيسِ الْمَلِكِ فقِيلَ لَهُ: ارْجِعْ عَنْ دِينِكَ فَأبَى. فَوَضَعَ الْمِنْشَارَ فِي مَفْرِقِ رَأْسِهِ. فشَقّهُ بِهِ حَتّى وَقَعَ شِقّاهُ. ثُمّ جِيءَ بِالْغُلاَمِ فقِيلَ لَهُ: ارْجِعْ عَنْ دِينِكَ. فَأبَى. فَدَفَعَهُ إلَى نَفَرٍ مِنْ أصْحَابِهِ فقالَ: اذْهَبُوا بِهِ إلَى جَبَلِ كَذَا وكَذَا. فاصْعَدُوا بِهِ الْجَبَلَ. فَإذَا بَلَغْتُمْ ذِرْوَتَهُ، فَإنْ رَجَعَ عَنْ دِينِهِ، وَإلاّ فاطْرَحُوهُ. فذَهَبُوا بِهِ فصَعِدُوا بِهِ الْجَبَلَ. فقالَ: اللّهُمّ اكْفِنِيهِمْ بِمَا شِئْتَ. فَرَجَفَ بِهِمُ الْجَبَلُ فسَقطُوا. وَجَاءَ يَمْشِي إلَى الْمَلِكِ. فقالَ لَهُ الْمَلِكُ: مَا فَعَلَ أصْحَابُكَ؟ قالَ: كَفَانِيهِمُ اللّهُ. فَدَفَعَهُ إلَى نَفَرٍ مِنْ أصْحَابِهِ فقالَ: اذْهَبُوا بِهِ فاحْمِلُوهُ فِي قُرْقُورة، فتَوَسّطُوا بِهِ الْبَحْرَ. فَإنْ رَجَعَ عَنْ دِينِهِ وَإلاّ فاقْذِفُوهُ. فذَهَبُوا بِهِ. فقالَ: اللّهُمّ اكْفِنِيهِمْ بِمَا شِئْتَ فانْكَفَأتْ بِهِمُ السّفِينَةُ فغَرِقُوا. وَجَاءَ يَمْشِي إلَى الْمَلِكِ. فقالَ لَهُ الْمَلِكُ: مَا فَعَلَ أصْحَابُكَ؟ قالَ: كَفَانِيهِمُ اللّهُ. فقالَ لِلْمَلِكِ: إنّكَ لَسْتَ بِقَاتِلِي حَتّى تَفْعَلَ مَا آمُرُكَ بِهِ. قالَ: وَمَا هُوَ؟ قالَ: تَجْمَعُ النّاسَ فِي صَعِيدٍ وَاحِدٍ. وَتَصْلُبُنِي عَلَى جِذْعٍ. ثُمّ خُذْ سَهْماً مِنْ كِنَانَتِي. ثُمّ ضَعِ السّهْمَ فِي كَبِدِ الْقَوْسِ. ثُمّ قُلْ: بِاسْمِ اللّهِ، رَبّ الْغُلاَمِ. ثُمّ ارْمِنِي. فَإنّكَ إذَا فَعَلْتَ ذَلِكَ قتَلْتَنِي. فَجَمَعَ النّاسَ فِي صَعِيدٍ وَاحِدٍ. وَصَلَبَهُ عَلَى جِذْعٍ. ثُمّ أخَذَ سَهْماً مِنْ كِنَانَتِهِ. ثُمّ وَضَعَ السّهْمَ فِي كَبِدِ الْقَوْسِ ثُمّ قالَ: بِاسْمِ اللّهِ، رَبّ الْغُلاَمِ. ثُمّ رَمَاهُ فَوَقَعَ السّهْمُ فِي صُدْغِهِ. فَوَضَعَ يَدَهُ فِي صُدْغِهِ فِي مَوْضِعِ السّهْمِ.فَمَاتَ. فقالَ النّاسُ: آمَنّا بِرَبّ الْغُلاَمِ. آمَنّا بِرَبّ الْغُلاَمِ. فَأُتِيَ الْمَلِكُ فقِيلَ لَهُ: أرَأيْتَ مَا كُنْتَ تَحْذَرُ؟ قدْ، وَاللّهِ نَزَلَ بِكَ حَذَرُكَ. قدْ آمَنَ النّاسُ فَأمَرَ بِالأُخْدُودِ فِي أفْوَاهِ السّكَكِ فَخُدّتْ وَأضْرَمَ النّيرَانَ. وَقالَ: مَنْ لَمْ يَرْجِعْ عَنْ دِينِهِ فَأحْمُوهُ فِيهَا. أوْ قِيلَ لَهُ: اقْتَحِمْ. فَفَعَلُوا حَتّى جَاءَتِ امْرَأةٌ وَمَعَهَا صَبِيّ لَهَا. فتَقَاعَسَتْ أنْ تَقَعَ فِيهَا. فقالَ لَهَا الْغُلاَمُ: يَا أُمّهِ اصْبِرِي. فَإنّكِ عَلَى الْحَقّ».

سۇھەيب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: سىلەردىن ئىلگىرى بىر پادىشاھ بولۇپ، ئۇنىڭ بىر سېھرىگەرى بار ئىدى، ئۇ سېھرىگەر ياشتا چوڭايغاندا، پادىشاھقا: مەن قېرىپ قالدىم، ماڭا بىر بالا ئەۋەتسەڭ، مەن ئۇنىڭغا سېھرىگەرلىكنى ئۆگەتسەم دەپتۇ، پادىشاھ ئۇنىڭغا بىر بالىنى ئەۋەتىپتۇ، ئۇ بالا يولدا كېتىۋېتىپ، بىر راھىبقا ئۇچراپ قاپتۇ، ئۇ بالا راھىبنىڭ يېنىدا ئولتۇرۇپ، سۆزلىرىنى ئاڭلاپ ئۇنىڭغا قىزىقىپتۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇ ھەر كۈنى سېھرىگەرنىڭ قېشىغا بارغىچە راھىبنىڭ قېشىدا ئولتۇرىدىكەن، سېھرىگەرنىڭ قېشىغا كەلگەندە سېھرىگەر كېچىكىپ قالدىڭ دەپ ئۇرىدىكەن، بالا بۇ ئىشنى راھىبقا شىكايەت قىلىپتۇ، راھىب ئۇنىڭغا: ئەگەر سەن سېھرىگەردىن قورقساڭ، مېنى ئۆيدىكىلەر تۇتۇپ قالدى دېگىن، ئەگەر ئۆيدىكىلەردىن قورقساڭ، مېنى سېھرىگەر تۇتۇپ قالدى، شۇنىڭ ئۈچۈن كېچىكىپ قالدىم دېگىن دەپتۇ، شۇ كۈنلەرنىڭ بىرىدە تۇيۇقسىز ناھايىتى چوڭ، يوغان بىر ھايۋان پەيدا بولۇپ، كىشىلەرنىڭ ئۆتىدىغان

يولىنى توسۋاپتۇ، ئۇ بالا كۆڭلىدە راھىب ئەۋزەلمۇ؟ ياكى سېھرىگەر ئەۋزەلمۇ؟ بۇنى بۈگۈن بىلىمەن دەپتۇ ــ دە، تاشتىن بىرنى ئېلىپ، ئى ئاللاھ، ئەگەر ساڭا راھىبنىڭ ئىشى سېھرىگەرنىڭ ئىشىدىن سۆيۈملۈك، ياخشى بولسا، مۇشۇ تاش بىلەن ئۇ ھايۋاننى ئۆلتۈرگىن، كىشىلەر يولغا ماڭسۇن دەپ، تاشنى ئېتىپتۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇ ھايۋان ئۆلۈپتۇ، كىشىلەر يولغا راۋان بولۇپتۇ، ئۇ بۇ ئىشىدىن راھىبنى خەۋەرلەندۈرۈپتۇ، راھىب، ئۇ بالىغا: ئەي بالام، سەن بۈگۈن مەندىن ئۈستۈن بولۇپ كېتىپسەن، مەندىن ئەۋزەل بولۇپسەن، مەن كۆرگەن نەرسىلەر ساڭا يېتىپتۇ، سەن پات يېقىندا قاتتىق سىنىلىسەن، ئەگەر سىنالساڭ، مېنى بىلدۈرمىگىن، مېنى كۆرسىتىپ قويمىغىن دەپتۇ، ئۇ بالا، قارىغۇ ۋە ئاق كېسەللەرنى داۋالايدىغان ۋە كىشىلەرنى باشقا كېسەللەردىن داۋالايدىغان بولۇپتۇ، بىر كۈنى پادىشاھنىڭ قارىغۇ بولۇپ قالغان بىر ھەمراھى بۇنى ئاڭلاپ، نۇرغۇن ھەدىيەلەر بىلەن كېلىپ، ئۇ بالىغا: ئەگەر كۆزۈمنى ساقايتىپ قويساڭ، مۇشۇ مال ــ دۇنيانىڭ ھەممىسىنى ساڭا بېرىمەن دەپتۇ، ئۇ بالا: ئەمەلىيەتتە مەن ھېچبىر كىشىنى ساقايتالمايمەن، پەقەت ئاللاھ ئۆزى ساقايتىدۇ، ئەگەر سەن ئاللاھقا ئىمان ئېيتساڭ، مەن ئاللاھقا دۇئا قىلاي، ئاللاھ سىنى ساقايتىپ قويسۇن دەپتۇ، ھېلىقى كىشى ئاللاھقا ئىشىنىپ ئىمان ئېيتىپتۇ، ئاللاھ ئۇنىڭ كۆزىنى ساقايتىپتۇ، ئۇ پادىشاھنىڭ قېشىغا بېرىپ، بۇرۇنقىغا ئوخشاش بىللە ئولتۇرۇپتۇ، پادىشاھ ئۇنىڭغا: سېنىڭ كۆزۈڭنى كىم ساقايتىپ قويدى؟ دەپتۇ، ئۇ كىشى رەببىم دەپتۇ، پادىشاھنىڭ غەزىپى كېلىپ، سېنىڭ مەندىن باشقا رەببىڭ بارمۇ؟ تېخى دەپتۇ، ئۇ كىشى: ئۇ ئاللاھ، سېنىڭ ۋە مېنىڭ رەببىمدۇر دەپتۇ، شۇنىڭ بىلەن پادىشاھ ئۇنى قاتتىق ئازابتا قىيناپ، ئۇ ئاخىرى ھېلىقى بالىنى دەپ قويۇپ، گەپ بالىغا يېتىپتۇ، ئاندىن بالا كەلتۈرۈلۈپتۇ، پادىشاھ ئۇنىڭغا: ھەي ئوغلۇم، سېنىڭ سېھرىڭ قارىغۇ ۋە ئاق كېسەللەرنى داۋالاشقا يېتىپتۇ ۋە مۇنداق ــ مۇنداق ئىشلارنى قىپسەن، دەپتۇ، ئۇ بالا: ياق مەن ھېچ كىمنى ساقايتالمايمەن، پەقەت بىر ئاللاھلا ئۆزى ساقايتىدۇ دەپتۇ، شۇنىڭ بىلەن پادىشاھ ئۇ بالىنىمۇ ئازابلاۋەرگەچكە، ئاخىرى ئىش ھېلىقى راھىبقا تاقىلىپتۇ، راھىب كەلتۈرۈلۈپ، ئۇنىڭغا: دىنىڭدىن يان دېيىلىپتۇ، ئۇنىماپتۇ، دىنىدىن زادى يانماپتۇ، پادىشاھ ئۇنىڭ بېشىغا بېشىنىڭ قاپ ئوتتۇرىسىغا ھەرىنى قويۇپ، راھىبنىڭ بېشىنى ھەرىدەپتۇ، ئۇ راھىبنى تىلىپ ئىككى پارا قىپتۇ، راھىب ئىككى پارچە بولۇپ، يەرگە يىقىلىپتۇ، لېكىن، دىنىدىن يانماپتۇ، ئاندىن ھېلىقى پادىشاھنىڭ ھەمراھى كەلتۈرلۈپ، ئۇنىڭغا دىنىڭدىن يان دېيىلىپتۇ، ئۇمۇ ئۇنىماپتۇ، ئۇنىڭمۇ بېشىغا ھەرە قويۇلۇپ، تىلىپ ئىككى پارچە قىلىنىپتۇ، بۇمۇ دىنىدىن يانماي، ئىككى پارچە بولۇپ يەرگە يىقىلىپتۇ، ئاندىن ھېلىقى بالىنى كەلتۈرۈلۈپ، ئۇنىڭغا دىنىڭدىن يانغىن دەپتۇ، بالىمۇ دىنىدىن زادى يانماپتۇ، پادىشاھ بالىنى ئۆز ھەمراھلىرىدىن بىر توپ كىشىگە تاپشۇرۇپ: سىلەر پالانى تاغقا چىقىڭلار، تاغنىڭ چوققىسىغا يەتكەندە دىنىدىن يانسا مەيلى قويىۋېتىڭلار، ئەگەر دىنىدىن يانمىسا، ئۇنى تاغدىن تاشلىۋېتىڭلار دەپتۇ. ئۇلار مېڭىپ، ئېگىز بىر تاغقا چىقىپتۇ، ئۇ بالا ئى ئاللاھ، سەن خالىغان نەرسەڭ بىلەن ماڭا كۇپايە بولغىن دەپ دۇئا قىلىپتۇ، شۇ چاغدا تاغلار تىترەپ، تەۋرەپ پادىشاھنىڭ ئادەملىرى تاغدىن دۇملاپ چۈشۈپ كېتىپ، ئۆلۈپتۇ، ئۇ بالا پادىشاھنىڭ ئالدىغا ساق ــ سالامەت مېڭىپ كەپتۇ، پادىشاھ ئۇنىڭغا ھەمراھلىرىڭغا نېمە بولدى؟ دەپ سوراپتۇ، ئۇ بالا، ئۇلارغا مەن ئۈچۈن ئاللاھ كۇپايە قىلدى دەپتۇ، پادىشاھ ئۇنى يەنە بىر توپ كىشىلەرگە تاپشۇرۇپ: سىلەر ئۇنى ئاپىرىپ، كېمىگە سېلىڭلار، كېمە دېڭىزنىڭ ئوتتۇرىغا بارغاندا، ئۇ دىنىدىن يانسا مەيلى، ئەگەر دىنىدىن

يانمىسا، ئۇنى دېڭىزغا تاشلىۋېتىڭلار دەپتۇ، ئۇلار مېڭىپ دېڭىزنىڭ ئوتتۇرىغا كەلگەندە، بالا: ئى ئاللاھ سەن خالىغان نەرسەڭ بىلەن مەن ئۈچۈن ئۇلارغا قارشى كۇپايە بولغىن، دەپ دۇئا قىلىپتۇ، ئۇنىڭ دۇئايى ئىجابەت بولۇپ. شۇ چاغدا دېڭىزدىكى كېمە دولقۇن سەۋەبىدىن داۋالغۇپ پادىشاھنىڭ ئادەملىرى سۇغا غەرىق بولۇپ كېتىپتۇ، ئۇ پادىشاھنىڭ قېشىغا ساق ـــ سالامەت مېڭىپ كەپتۇ، پادىشاھ ئۇ بالىغا: ھەمراھلىرىڭغا نېمە بولدى؟ دەپتۇ، بالا: ئۇلارغا قارشى مەن ئۈچۈن ئاللاھ كۇپايە قىلدى دەپتۇ، بالا پادىشاھقا يەنە: سەن مەن دىگەن ئىشنى قىلمىغىچە مېنى ھەرگىز ئۆلتۈرەلمەيسەن دەپتۇ، پادىشاھ: قېنى دىگىنە ئۇ نېمە ئىش؟ دەپ سوراپتۇ، بالا: سەن كىشىلەرنى تۈپتۈز بىر مەيدانغا يىغقىن، ۋە مېنى خورمىنىڭ شېخىغا ئاسقىن، ئاندىن مېنىڭ ئوقدانىمنىڭ ئۆزىدىن بىر ئوقيانى ئېلىپ، ئوقيانىڭ ئوتتۇرىغا قويۇپ، بالىنىڭ رەببى ئاللاھنىڭ نامى بىلەن باشلايمەن، بىسمىللاھى دەپ ئاندىن ماڭا ئاتقىن، شۇنداق قىلغاندا ئاندىن مېنى ئۆلتۈرەلەيسەن دەپتۇ، پادىشاھ كىشىلەرنى كەڭرى بىر مەيدانغا يىغىپتۇ، بالىنى خورما شېخىغا ئېسىپتۇ، ئاندىن بالىنىڭ ئوق خالتىسىدىن بىر ئوقنى ئېلىپ، ئۇنى ئوقيانىڭ ئوتتۇرىغا قويۇپ، بالىنىڭ رەببى بولغان ئاللاھنىڭ نامى بىلەن باشلايمەن، بىسمىللاھ دەپ ئۇنىڭغا ئېتىپتۇ، ئوق بالىنىڭ چېكىسىگە تېگىپتۇ، ئۇ قولى بىلەن چېكىسىنى تۇتقىنىچە قەھرىمانلارچە شېھىد بولۇپتۇ، كىشىلەر بىز بالىنىڭ پەرۋەردىگارىغا ئىمان ئېيتتۇق!!! دەپ ۋارقىرىشىپتۇ، بىرسى، پادىشاھنىڭ قېشىغا كېلىپ ئۇنىڭغا: سەن ھەزەرقىلغان نەرسەڭنى كۆردۈڭمۇ، ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، سەن ھەزەر قىلغان نەرسە يۈز بەردى، كىشىلەر ئىمان ئېيتتى دەپتۇ، شۇنىڭ بىلەن پادىشاھ كوچا ئېغىزلىرىغا خەندەك، ئازگال كولاپ، ئوت يېقىشقا بۇيرۇپتۇ، ئوت يالقۇنجاشقا باشلاپتۇ، پادىشاھ: كىم دىنىدىن يانمايدىكەن، ئۇنى ئوتقا تاشلاڭلار، ئۇلارغا ئوتقا سەكرەڭلار دېيىلسۇن دەپتۇ، ئۇلار شۇنداق قىلىپتۇ، ھەتتا، كىچىك بالىسى بار بىر ئايال كېلىپ، كەينىگە چېكىنگەن ئىكەن، ئوتقا چۈشۈشتىن كەينىگە داجىغاندا، ئۇنىڭ بالىسى تىلغا كېلىپ، ئى ئانا، سەن ھەقنىڭ ئۈستىدە سەۋرە قىلغىن دەپ ۋاقىرىپتۇ، ئەھمەد بىلەن مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ. مۇپەسسىر ئالىملار، بۇ سەھىھ ھەدىسنى سۈرە ئوخدۇدنىڭ تەپسىرى قىلغان، جۈملىدىن ئىبنى كەسىير، سەييىد قۇتۇپلار شۇنداق تەپسىر قىلىدۇ، شۇنداقلا بۇ سەھىھ ھەدىستىن، پەلەستىن قاتارلىق دۆلەتلەردە بىر قىسىم دوكتۇر، ئالىملار ھۇجۇم خاراكتېرلىك ئەمەس، مۇداپىئە خاراكتېرلىك جەڭدە ئامال قالمىغاندا ئۆزىنى قوشۇپ پارتىلىتىشقا، دۈشمەننى چېكىندۈرۈشكە دەلىل ئالغان، شۇنداقلا بۇ ھەدىسدە ئەۋلىيالار كارامىتى ھەق ئىكەن، بۇ ئىسلام دىنىنىڭ مۆجىزىسىدۇر، ئۇ راھىب ئېسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆزگىرىشىدىن بۇرۇنقى توغرا ئىسلام دىنىدا ئىدى، بۇ ھەدىس، يۇقىرقى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ باشلىرى ھەرىدەلسىمۇ، قوۋۇرغىلىرى تارالسىمۇ، بۇ ئىشلار ئۇلارنى دىنىدىن توسۇپ قالالمىغان دىگەن، سەھىھ ھەدىسكە شەرھى، ئىزاھات بولىدۇ، ئاللاھ بىزنى ھەققەتچىلەردىن قىلسۇن، بىزگە ئۆزى ئىگە بولۇپ، ياردەم بەرسۇن، ئامىن!

### 1348 ـ باب حديث جابر الطويل، وقصة أبي اليسر

### جابىر رەزىيەللاھ ئەنھۇنىڭ ئۇزۇن ھەدىسى ۋە ئەبۇليۇسر رەزىيەللاھ ئەنھۇنىڭ قىسسىسى

7456 ـ حدّثنا هَرُونُ بْنُ مَعْرُوفٍ وَ مُحَمّدُ بْنُ عَبّادٍ (وَتَقَارَبَا فِي لَفْظِ الْحَدِيثِ) وَ السّيَاقُ لِهَرُونَ. قالاَ: حَدّثَنَا حَاتِمُ بْنُ إِسْمَاعِيلَ عَنْ يَعْقُوبَ بْنِ مُجَاهِدٍ، أَبِي حَزْرَةَ، عَنْ عُبَادَةَ ابْنِ الْوَلِيدِ بْنِ عُبَادَةَ بْنِ الصّامِتِ قَالَ: خَرَجْتُ أَنَا وَأَبِي نَطْلُبُ الْعِلْمَ فِي هَذَا الْحَيّ مِنَ الأَنْصَارِ، قَبْلَ أَنْ يَهْلِكُوا. فَكَانَ أَوّلُ مَنْ لَقِينَا أَبَا الْيَسَرِ، صَاحِبَ رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم. وَمَعَهُ غُلاَمٌ لَهُ. مَعَهُ ضِمَامَةٌ مِنْ

**صُحُفٍ. وَعَلَى أَبِي الْيَسَرِ بُرْدَةٌ وَمَعَافِرِيٌّ. وَعَلَى غُلاَمِهِ كذلك. فَقَالَ لَهُ أَبِي: يَا عَمِّ إِنِّي أَرَى فِي وَجْهِكَ سُفْعَةً مِنْ غَضَبٍ. قَالَ: أَجَلْ. كَانَ لِي عَلَى فُلاَنِ بْنِ فُلاَنٍ الْجِذامِيِّ مَالٌ. فَأَتَيْتُ أَهْلَهُ فَسَلَّمْتُ. فَقُلْتُ: ثَمَّ هُوَ؟ قَالُوا: لاَ. فَخَرَجَ عَلَيَّ ابْنٌ لَهُ جَفْرٌ. فَقُلْتُ لَهُ: أَيْنَ أَبُوكَ؟ قَالَ: سَمِعَ صَوْتَكَ فَدَخَلَ أَرِيكَةَ أُمِّي. فَقُلْتُ: اخْرُجْ إِلَيَّ. فَقَدْ عَلِمْتُ أَيْنَ أَنْتَ. فَخَرَجَ. فَقُلْتُ: مَا حَمَلَكَ عَلَى أَنِ اخْتَبَأْتَ مِنِّي؟ قَالَ: أَنَا، وَاللَّهِ، أُحَدِّثُكَ. ثُمَّ لاَ أَكْذِبُكَ. خَشِيتُ، وَاللَّهِ أَنْ أُحَدِّثَكَ فَأَكْذِبَكَ. وَأَنْ أَعِدَكَ فَأُخْلِفَكَ. وَكُنْتَ صَاحِبَ رَسُولِ اللَّهِ صلى الله عليه وسلم. وَكُنْتُ، وَاللَّهِ مُعْسِراً. قَالَ: قُلْتُ: آللَّهِ قَالَ: اللَّهِ قُلْتُ: آللَّهِ قَالَ: اللَّهِ. قُلْتُ: آللَّهِ قَالَ: اللَّهِ. قَالَ: فَأَتَى بِصَحِيفَتِهِ فَمَحَاهَا بِيَدِهِ. فَقَالَ: إِنْ وَجَدْتَ قَضَاءً فَاقْضِنِي. وَإِلاَّ، أَنْتَ فِي حِلٍ. فَأَشْهَدُ بَصَرُ عَيْنَيَّ هَاتَيْنِ (وَوَضَعَ إِصْبَعَيْهِ عَلَى عَيْنَيْهِ) وَسَمْعُ أُذُنَيَّ هَاتَيْنِ، وَوَعَاهُ قَلْبِي هَذَا (وَأَشَارَ إِلَى مَنَاطِ قَلْبِهِ) رَسُولَ اللَّهِ صلى الله عليه وسلم وَهُوَ يَقُولُ: «مَنْ أَنْظَرَ مُعْسِراً، أَوْ وَضَعَ عَنْهُ، أَظَلَّهُ اللَّهُ فِي ظِلِّهِ».**

ئۇبادە مۇنداق دەيدۇ: مەن دادام بىلەن بىللە ئەنسارلار تۈگەپ كېتىشتىن بۇرۇن ئۇلاردىن ئىلىم تەلەپ قىلىپ چىقتىم، بىز ئۇچراشقان تۇنجى كىشى ساھابە ئەبۇليۇسىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بولدى، ئۇنىڭ خادىم غۇلامى ئۇنىڭ بىلەن بىللە ئىكەن، غۇلامىنىڭ قولىدا قۇرئان كىتاپ يېزىلغان يۆگەك بار ئىكەن، ئەبۇليۇسىرنىڭ ئۈستىدە كاسايا، يوللۇق تون بار بولۇپ، ئۇنىڭ قۇلىنىڭ ئۈستىدىمۇ شۇنداق تون بار ئىكەن. دادام ئۇنىڭغا: ئى تاغا!مەن يۈزلىرىدە غەزەپنىڭ ئالامىتىنى كۆرىۋاتىمەنغۇ؟دېدى، ئۇ:شۇنداق، مىنىڭ پالانىدا مال ئېلىشىم بار ئىدى، مەن ئۇنىڭ ئۆيىگە بېرىپ، سالام قىلىپ، ئۇ ئۆيدە بارمۇ؟دېسەم، ئۇلار:ئۇ ئۆيدە يوق دېدى، ئاندىن قېشىمغا تېخى بالاغەتكە يەتمىگەن كىچىك بىر بالا چىقىپتى، مەن ئۇنىڭغا:داداڭ قەيەردە؟دېسەم، ئۇ:دادام سىنىڭ ئاۋازىڭنى ئاڭلاپ، ئانامنىڭ كارۋىتى ئاستىغا كىرىۋالدى دېدى، ئاندىن مەن:بۇياققا چىق!!مەن سىنىڭ قەيەردە ئىكەنلىكىڭنى بىلدىم دېسەم، ئۇ چىقتى، مەن ئۇنىڭغا:مەندىن يوشۇرۇنىۋېلىشىڭغا نىمە سەۋەب بولدى؟دېسەم، ئۇ:مەن ساڭا سۆز قىلسام، يالغان سۆزلىمەي، راست سۆزلىسەم بولىدۇ، **الله** بىلەن قەسەمكى، مەن ساڭا سۆز قىلغاندا يالغان سۆزلەپ قېلىشتىن، ساڭا ۋەدە بېرىپ ئۇنىڭغا خىلاپلىق قىلىپ قېلىشتىن قورقتۇم، سەن رەسۇلۇل**الله** نىڭ ساھابىسى تۇرساڭ، ۋە**الله** ھى مەن بەك نامرات، يوقسىزمەن دېدى. مەن ئۇنىڭغا ئۈچ قېتىم: **الله** بىلەن قەسەم قىلالامسەن؟دېسەم، ئۇ ئۈچ قېتىم:**الله** بىلەن قەسەمكى، سۆزۈم راست دېدى، ئاندىن مەن نىسى دەپتىرىنى كەلتۈرۈپ، ئۇنىڭ ئۈستىدىكى ئېلىشىمنى ئۆز قولۇم بىلەن ئۆچۈرۈۋېتىپ: ئەگەر پۇل تاپالىساڭ، بېرەرسەن، تاپالمىساڭ، مەن سەندىن رازى، مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دىگەنلىكىنى مۇشۇ ئىككى كۆزۈم بىلەن كۆرۈپ تۇرۇپ، قۇلۇقۇم بىلەن ئاڭلىغان ئىدىم، قەلبىم ئۇنى يادا ئالغان ئىدى، رەسۇلۇل**الله** مۇنداق دەيدۇ: كىم قەرزى بېرىپ تۇرغان نامرات كىشىنىڭ، باي بولۇشىنى، قادىر بولۇشىنى كۈتۈپ تۇرسا، ياكى ئۇنىڭدىن قەرزنى كۆتۈرۈۋەتسە، ئۆتۈۋەتسە، ئالللاھنىڭ (ئوخششى يوق)سايىسىدىن باشقا سايە يوق بولغان قىيامەت كۈنى، ئالللاھ ئۇ كىشىگە ئۆز سايىسىدىن سايە چۈشۈرۈپ ئۆتۈۋېتىدۇ.

**7457 ـ قَالَ: فَقُلْتُ لَهُ أَنَا: يَا عَمِّ لَوْ أَنَّكَ أَخَذْتَ بُرْدَةَ غُلاَمِكَ وَأَعْطَيْتَهُ مَعَافِرِيَّكَ، وَأَخَذْتَ مَعَافِرِيَّهُ وَأَعْطَيْتَهُ بُرْدَتَكَ، فَكَانَتْ عَلَيْكَ حُلَّةٌ وَعَلَيْهِ حُلَّةٌ. فَمَسَحَ رَأْسِي وَقَالَ: اللَّهُمَّ بَارِكْ فِيهِ. يَا ابْنَ أَخِي بَصَرُ عَيْنَيَّ هَاتَيْنِ، وَسَمْعُ أُذُنَيَّ هَاتَيْنِ، وَوَعَاهُ قَلْبِي هَذَا (وَأَشَارَ إِلَى مَنَاطِ قَلْبِهِ) رَسُولَ اللَّهِ صلى الله عليه وسلم وَهُوَ يَقُولُ: «أَطْعِمُوهُمْ مِمَّا تَأْكُلُونَ. وَأَلْبِسُوهُمْ مِمَّا تَلْبَسُونَ». وَكَانَ أَنْ أَعْطَيْتُهُ مِنْ مَتَاعِ الدُّنْيَا أَهْوَنَ عَلَيَّ مِنْ أَنْ يَأْخُذَ مِنْ حَسَنَاتِي يَوْمَ الْقِيَامَةِ.**

ئەبۇ زەر، جابىر،ئەبۇليۇسىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمدىن، ئۇ قۇلىغا ئۆزى كەيگەن كىيىمگە ئوخشاش تون كىيىم ئېتىپ بېرىدۇ، مەن ئۇنىڭدىن ھېلىقى تون توغرۇلۇق سورسام، ئۇ؛ مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم نىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى كۆزۈم بىلەن كۆرۈپ تۇرۇپ،قۇلۇقۇم بىلەن ئاڭلىغان ئىدىم، ئۇنى قەلبىم يادا ئالغان ئىدى،

«ئەتىراپىڭلاردىكى قۇل، چۆرە قىرىندىشىڭلارنى ئاللاھ سىلەرگە نىئمەت قىلىپ، قول ئاستىڭلاردا ئىتائەتچان قىلىپ بەردى، **الله** تائالا كىمنىڭ قۇل، چۆرە قىرىندىشى نى ئۇنىڭ قول ئاستىدا قىلىپ بەرسە ، ئۆزى يېگەن تائامدىن تائام، كىيىمىدىن كىيىم بەرسۇن، ئۇنى ئۇتاقەت قىلالمايدىغان ئەمەللەرگە تەكلىپ قىلمىسۇن،»مىنىڭ ئۇنىڭغا بەرگىنىم دۇنيا ماتالىرىدۇر، بۇ ماڭا نىسبەتەن ئۇنىڭ قىيامەت كۈنى ياخشىلىقلىرىمدىن ئېلىنىۋېلىنىشىغا قارىغاندا بەكلا ھاقارەتلىك ھېچ نەرسىگە ئەرزىمەس نەرسىدۇر دېدى.

7458 ـ ثُمّ مَضَيْنَا حَتّى أَتَيْنَا جَابِرَ بْنَ عَبْدِ اللّهِ فِي مَسْجِدِهِ، وَهُوَ يُصَلّي فِي ثَوْبٍ وَاحِدٍ، مُشْتَمِلاً بِهِ. فَتَخَطّيْتُ الْقَوْمَ حَتّى جَلَسْتُ بَيْنَهُ وَبَيْنَ الْقِبْلَةِ. فَقُلْتُ: يَرْحَمُكَ اللّهُ أَتُصَلّي فِي ثَوْبٍ وَاحِدٍ وَرِدَاؤُكَ إِلَى جَنْبِكَ؟ قَالَ: فَقَالَ بِيَدِهِ فِي صَدْرِي هَكَذَا. وَفَرّقَ بَيْنَ أَصَابِعِهِ وَقَوّسَهَا: أَرَدْتُ أَنْ يَدْخُلَ عَلَيّ الأَحْمَقُ مِثْلُكَ، فَيَرَانِي كَيْفَ أَصْنَعُ، فَيَصْنَعُ مِثْلَهُ.

مۇھەممەد ئىبنى مۇنكەدىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ (ئۇبادەنىڭ سۆزىنىڭ ئاخىرى:ئاندىن بىز جابىرنىڭ قېشىغا كەلدۇق)جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ گەردىنى تەرەپتىن چىگىۋالغان بىرلا كىيىمدە يەنى ئىشتىنىدىلا ناماز ئۇقىدى، ۋە ھالەنكى ئۇنىڭ رىدا كىيىمى كىيىم ئاسقۇچ ئۇستىدە ئېسىقلىق ئىدى. بىرسى يەنى مەن ئۇنىڭغا:سەن رىدايىڭنى يېنىڭدا قويۇپ بىرلا ئىشتاندا ناماز ئۇقۇمسەن؟دېدى. جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ : مەن شۇ ئىشنى ساڭا ئوخشاش ئەخمەقلەر كۆرسۇن دەپ، ماڭائوخشاش قىلسۇن دەپ قىلدىم ،رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ زامانىدا قايسى بىرىمىزنىڭ ئىككى كىيىمى بار ئىدى ؟ دېدى. بۇخارىدىمۇ بار.

أَتَانَا رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم فِي مَسْجِدِنَا هَذَا. وَفِي يَدِهِ عُرْجُونُ ابْنِ طَابٍ. فَرَأَىَ فِي قِبْلَةِ الْمَسْجِدِ نُخَامَةً فَحَكّهَا بِالْعُرْجُونِ. ثُمّ أَقْبَلَ عَلَيْنَا فَقَالَ: «أَيّكُمْ يُحِبّ أَنْ يُعْرِضَ اللّهُ عَنْهُ؟» قَالَ: فَخَشَعْنَا. ثُمّ قَالَ: «أَيّكُمْ يُحِبّ أَنْ يُعْرِضَ اللّهُ عَنْهُ؟» قَالَ: فَخَشَعْنَا. ثُمّ قَالَ: «أَيّكُمْ يُحِبّ أَنْ يُعْرِضَ اللّهُ عَنْهُ؟» قُلْنَا: لاَ أَيّنَا، يَا رَسُولَ اللّهِ قَالَ: «فَإِنّ أَحَدَكُمْ إِذَا قَامَ يُصَلّي، فَإِنّ اللّهَ تَبَارَكَ وَتَعَالَى قِبَلَ وَجْهِهِ. فَلاَ يَبْصُقَنّ قِبَلَ وَجْهِهِ. وَلاَ عَنْ يَمِينِهِ. وَلْيَبْصُقْ عَنْ يَسَارِهِ، تَحْتَ رِجْلِهِ الْيُسْرَىَ. فَإِنْ عَجِلَتْ بِهِ بَادِرَةٌ فَلْيَقُلْ بِثَوْبِهِ هَكَذَا» ثُمّ طَوَىَ ثَوْبَهُ بَعْضَهُ عَلَى بَعْضٍ فَقَالَ: «أَرُونِي عَبِيراً» فَقَامَ فَتًى مِنَ الْحَيّ يَشْتَدّ إِلَىَ أَهْلِهِ. فَجَاءَ بِخَلُوقٍ فِي رَاحَتِهِ. وَأَمْسَكَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم فَجَعَلَهُ عَلَىَ رَأْسِ الْعُرْجُونِ. ثُمّ لَطَخَ بِهِ عَلَىَ أَثَرِ النّخَامَةِ.
فَقَالَ جَابِرٌ: فَمِنْ هُنَاكَ جَعَلْتُمُ الْخَلُوقَ فِي مَسَاجِدِكُمْ.

جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ :ئاندىن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم قولىدا ئىبنى تابىنىڭ خورما ياغىچىنى تۇتقان ھالدا مەسجىدىمىزگە كىلىپ، قىبلە تامدا بەلغەمنى كۆرۈپ، ئۇنى تاياق بىلەن چىقىرۋىتىپ بىزگە ئالدىنى قىلىپ مۇنداق دىگەن: قايسىڭلار **الله** نىڭ ئۇنىڭدىن يۈز ئۆرىۋېلىشىنى ياخشى كۆرىدۇ؟ بىز قورقتۇق، يەنەشۇنداق دەپتى، بىز ھېچ قايسىمىز ئۇنداق بۇلىشىنى ياخشى كۆرمەيدۇ دېسەك، ئاندىن بىرىڭلار ئۆزىنىڭ يۈزىگە تۈكۈرۈلۈشنى ياخشى كۆرەمدۇ؟ ھەققەتەن سىلەردىن بىر كىشى نامازدا قىبلىگە ئالدىنى قىلسا، جەزمەن ئۇ رەببى ئەززە ۋە جەللىگە ئالدىنى قىلغان بولىدۇ، **الله** ئۇنىڭ يۈزى تەرەپتە، پەرىشتىلەر ئوڭ تەرىپىدە تۇرىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن ئالدىغا ياكى ئوڭ تەرىپىگە تۈكۈرمىسۇن، سول تەرىپىگە ياكى پۇتىنىڭ ئاستىغا تۈكۈرسۇن،

ئەگەر ئۇنى بىرەر ئىش يەنى بەلغەم ئالدىرىتىپ، جىددىيلەشتۈرسە، مانا مۇنداق چاپىنىنىڭ پىشىگە تۈكۈرسۇن، دەپ، بەلغەمنى كىيىمىگە سۈرتىۋەتتى، ئاندىن ئەتىر كەلتۈرۈپ، ئۇنى ھېلىقى جايغا چاچتى، شۇسەۋەبتىن سىلەر مەسجىدلىرىڭلارغا ئەتىر چاچالايسىلەر، دېدى.

**7459 ـ سِرْنَا مَعَ رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم فِي غَزْوَةِ بَطْنِ بُوَاطٍ. وَهُوَ يَطْلُبُ الْمَجْدِيّ بْنَ عَمْرٍو الْجُهَنِيّ. وَكَانَ النّاضِحُ يَعْقُبُهُ مِنّا الْخَمْسَةُ وَالسّتّةُ وَالسّبْعَةُ. فَدَارَتْ عُقْبَةُ رَجُلٍ مِنَ الأَنْصَارِ عَلَىَ نَاضِحٍ لَهُ. فَأَنَاخَهُ فَرَكِبَهُ. ثُمّ بَعَثَهُ فَتَلَدّنَ عَلَيْهِ بَعْضَ التّلَدّنِ. فَقَالَ لَهُ: شَاءَ لَعَنَكَ اللّهُ. فَقَالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: «مَنْ هَذَا اللاّعِنُ بَعِيرَهُ؟» قَالَ: أَنَا. يَا رَسُولَ اللّهِ قَالَ: «انْزِلْ عَنْهُ. فَلاَ تَصْحَبْنَا بِمَلْعُونٍ. لاَ تَدْعُوا عَلَىَ أَنْفُسِكُمْ، وَلاَ تَدْعُوا عَلَىَ أَوْلاَدِكُمْ، وَلاَ تَدْعُوا عَلَىَ أَمْوَالِكُمْ، لاَ تُوَافِقُوا مِنَ اللّهِ سَاعَةً يُسْأَلُ فِيهَا عَطَاءٌ، فَيَسْتَجِيبُ لَكُمْ».**

جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، بىز رەسۇلۇللاھ بىلەن بىللە مەجدىينى مەقسەت قىلىپ بەتنى بوۋات ئۇرۇشىدا كېتىۋاتاتتۇق، بىزدىن بەش ئالتا ھەتتا يەتتە كىشى بىرتۈگىگە نۆبەتلىشىپ مىنەتتۇق، ئەنسارىدىن بىر كىشى ياكى بىرئايال يېتىۋالغان تۆگىسىگە لەنەت ئەيتتى، ئاندىن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم : تۆگىگە لەنەت قىلغان كىم بۇ؟ سەن ئۇ لەنەتكار تۆگىنى بىزگە ھەمراھ قىلماي، ئۇنىڭدىن چۈشۈپ كەت ، بۇتۆگە لەنەتكار بولغاندىكىن ئۇنى قويىۋەتىپ، ئۇنىڭ ئۈستىدىكى نەرسىلەرنى ئېلىپ ئۆزۈڭلار كۆتۈرۈپ مېڭىڭلار، ئۇ تۆگىدىن چۈشۈپ كەت!بىزگە لەنەتگەردى تۆگىنى ھەمراھ قىلمىغىن، سىلەر ئۆزۈڭلارغا قارشى بالىلىرىڭلارنىڭ، ماللىرىڭلارنىڭ زىيىنىغا دۇئا قىلماڭلار. ئاللاھدىن سورالسا بېرىدىغان بىرەر سائەتكە، زىيانغا دۇئا قىلىش بىلەن مۇۋاپىق كېلىپ قالماڭلار، ئەگەر شۇ سائەتكە مۇۋاپىق كېلىپ قالساڭلار، بۇ دۇئايىڭلارمۇ ئىجاۋەت قىلىنىپ كېتىدۇ.

**7460 ـ سِرْنَا مَعَ رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم. حَتّىَ إِذَا كَانَتْ عُشَيْشِيَةٌ وَدَنَوْنَا مَاءً مِنْ مِيَاهِ الْعَرَبِ، قَالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: «مَنْ رَجُلٌ يَتَقَدّمُنَا فَيَمْدُرُ الْحَوضَ فَيَشْرَبُ وَيَسْقِينَا؟» قَالَ جَابِرٌ: فَقُمْتُ فَقُلْتُ: هَذَا رَجُلٌ، يَا رَسُولَ اللّهِ فَقَالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: «أَيّ رَجُلٍ مَعَ جَابِرٍ؟» فَقَامَ جَبّارُ بْنُ صَخْرٍ. فَانْطَلَقْنَا إِلَىَ الْبِئْرِ. فَنَزَعْنَا فِي الْحَوْضِ سَجْلاً أَوْ سَجْلَيْنِ. ثُمّ مَدَرْنَاهُ. ثُمّ نَزَعْنَا فِيهِ حَتّىَ أَفْهَقْنَاهُ. فَكَانَ أَوّلَ طَالِعٍ عَلَيْنَا رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم. فَقَالَ: «أَتَأْذَنَانِ؟» قُلْنَا: نَعَمْ. يَا رَسُولَ اللّهِ فَأَشْرَعَ نَاقَتَهُ فَشَرِبَتْ. شَنَقَ لَهَا فَشَجَتْ فَبَالَتْ. ثُمّ عَدَلَ بِهَا فَأَنَاخَهَا. ثُمّ جَاءَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم إِلَى الْحَوْضِ فَتَوَضّأَ مِنْهُ. ثُمّ قُمْتُ فَتَوَضّأْتُ مِنْ مُتَوَضّإِ رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم. فَذَهَبَ جَبّارُ بْنُ صَخْرٍ يَقْضِي حَاجَتَهُ. فَقَامَ رَسُولُ اللّهِ لِيُصَلّيَ. وَكَانَتْ عَلَيّ بُرْدَةٌ ذَهَبْتُ أَنْ أُخَالِفَ بَيْنَ طَرَفَيْهَا فَلَمْ تَبْلُغْ لِي. وَكَانَتْ لَهَا ذَبَاذِبُ فَنَكّسْتُهَا ثُمّ خَالَفْتُ بَيْنَ طَرَفَيْهَا. ثُمّ تَوَاقَصْتُ عَلَيْهَا ثُمّ جِئْتُ حَتّىَ قُمْتُ عَنْ يَسَارِ رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم. فَأَخَذَ بِيَدِي فَأَدَارَنِي حَتّىَ أَقَامَنِي عَنْ يَمِينِهِ. ثُمّ جَاءَ جَبّارُ بْنُ صَخْرٍ فَتَوَضّأَ. ثُمّ جَاءَ فَقَامَ عَنْ يَسَارِ رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم. فَأَخَذَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم بِيَدَيْنَا جَمِيعاً. فَدَفَعَنَا حَتّىَ أَقَامَنَا خَلْفَهُ. فَجَعَلَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم يَرْمُقُنِي وَأَنَا لاَ أَشْعُرُ. ثُمّ فَطِنْتُ بِهِ. فَقَالَ: هَكَذَا بِيَدِهِ. يَعْنِي شُدّ وَسَطَكَ. فَلَمّا فَرَغَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم قَالَ: «يَا جَابِرُ» قُلْتُ: لَبّيْكَ. يَا رَسُولَ اللّهِ قَالَ: «إِذَا كَانَ وَاسِعاً فَخَالِفْ بَيْنَ طَرَفَيْهِ. وَإِذَا كَانَ ضَيّقاً فَاشْدُدْهُ عَلَىَ حِقْوِكَ».**

جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: بىز رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن بىللە ماڭدۇق، كەچ تەرەپتە ئەرەپ سۇلىرىدىن بىر سۇ بار جايغا يېقىنلاشتۇق، رەسۇلۇللاھ:كىم بىزدىن بۇرۇن بېرىپ، كۆلنى لايلاپ ئوڭشاپ، سۇ ئىچىپ، ئاندىن بىزنى سۇغىرىدۇ؟دېدى، مەن ئورنۇمدىن تۇرۇپ:ئى **الله** نىڭ ئەلچىسى! مانا مەن

بارای دېدىم، رەسۇلۇللاھ : جابىر بىلەن كىم بىللە بارىدۇ؟دېدى، ئاندىن جەببارئىبنى سەخر ئورنىدىن تۇردى، بىز قۇدۇقنىڭ قېشىغا بېرىپ، بىر ئىككى چېلەك سۇ تارتىپ، ئۇنىڭ يېنىدىكى سۇ تولدۇرىدىغان كۆلنى لاي بىلەن ئوڭشاپ، ئاندىن ئۇنى سۇ بىلەن لىق تولدۇردۇق. تۇنجى قېتىم بىزنىڭ قېشىمىزغا يېتىپ كەلگەن كىشى رەسۇلۇللاھ بولۇپ: رۇخسەتمۇ؟دېدى، بىزھە ئە رۇخسەت دېسەك، رەسۇلۇللاھ تۆگىسىنىڭ بېشىنى سۇغا تەڭلەپ قويۇپ بېرىپ ئۇنىڭ نوختىسىدىن تۇتۇپ تۇردى، تۆگە سۇ ئىچىپ، ئاندىن چاتىرىسىنى كەرىپ سيىدى، ئاندىن تۆگىنى ئۇياققىراق ئاپىرىپ ياتقۇزۇپ قويدى. ئاندىن رەسۇلۇللاھ كۆلنىڭ قېشىغا كېلىپ تاھارەت ئالدى. مەنمۇ رەسۇلۇللاھ تاھارەت ئالغان ئورۇندىن تاھارەت ئالدىم. جەببار ھاجەتكە كەتكەن ئىدى. ئاندىن رەسۇلۇللاھ نامازغۇقۇش ئۆچۈن تۇردى، مەن ئۇستۇمدىكى توننى كىرىشتۈرۈشكە ئۇرۇنغان بولساممۇ، ئۇ ماڭا يەتمىدى، توننىڭ ئەتراپىدا پۆپۈك بۇغۇچلىرى بار ئىدى، مەن ئۇنى ئۇلاپ چىگىپ، ئاندىن ئىككى تەرىپىنى كىرىشتۈرۈپ، بوينىمغا باغلاپ تۇرۇپ، كېلىپ سول تەرىپىدە تۇرىۋىدىم، (قولىنى ئارقا تەرىپىدىن ئەكىلىپ)، مىنىڭ قولۇمدىن تۇتۇپ، مىنى ئارقا تەرەپتىن ئايلاندۇرۇپ، ئوڭ تەرىپىدە تۇرغۇزۇپ قويدى، ئاندىن جېببارئىبنى سەخر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ كېلىپ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ سول تەرىپىدە تۇردى، ئاندىن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھەر ئىككىلىمىزنىڭ قولى مىزدىن تۇتۇپ ئىتتىرىپ، ئارقىسىدا تۇرغۇزۇپ قويدى . رەسۇللۇلاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ماڭا قاراۋەرسە، مەن ئۇنى بىلمەپتىمەن، كېيىن چۈشەنگىنىمدە قولى بىلەن بىلىگىنى چىگىۋالغىن دەپ ئىشارەت قىلدى، ئاندىن نامازدىن پارىغ بولغاندا مۇنداق دىگەن: ئى جابىر! ئەگەر كىيىم كېچەك كەڭرى بولۇپ قالسا، كەڭرى كىيىپ ئىككى تەرىپىنى ئالماشتۇرۇپ، پەشلىرىنى كىرىشتۈرۈپ ناماز ئوقۇغىن، ئەگەر كىيىم تار، قىس يەنى كەم بولۇپ قالسا، ئۇنى بىلىگگە باغلاپ، ئەۋرىتىڭنى يېپىپ ناماز ئوقۇساڭ بولىدۇ. —

7461 ـ سِرْنَا مَعَ رَسُولِ اللَّهِ صلى الله عليه وسلم. وَكَانَ قُوتُ كُلّ رَجُلٍ مِنّا، فِي كُلّ يَوْمٍ، تَمْرَةً. فَكَانَ يَمَصّهَا ثُمّ يَصُرّهَا فِي ثَوْبِهِ. وَكُنّا نَخْتَبِطُ بِقِسِيّنَا وَنَأْكُلُ. حَتّىَ قَرِحَتْ أَشْدَاقُنَا. فَأُقْسِمُ أُخْطِئَهَا رَجُلٌ مِنّا يَوْماً. فَانْطَلَقْنَا بِهِ نَنْعَشُهُ. فَشَهِدْنَا أَنّهُ لَمْ يُعْطَهَا. فَأُعْطِيهَا فَقَامَ فَأَخَذَهَا.
7462 ـ سِرْنَا مَعَ رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم حَتّىَ نَزَلْنَا وَادِياً أَفْيَحَ. فَذَهَبَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم يَقْضِي حَاجَتَهُ. فَاتّبَعْتُهُ بِإِدَاوَةٍ مِنْ مَاءٍ. فَنَظَرَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم فَلَمْ يَرَ شَيْئاً يَسْتَتِرُ بِهِ. فَإِذَا شَجَرَتَانِ بِشَاطِىءِ الْوَادِي. فَانْطَلَقَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم إِلَىَ إِحْدَاهُمَا فَأَخَذَ بِغُصْنٍ مِنْ أَغْصَانِهَا. فَقَالَ: «انْقَادِي عَلَيّ بِإِذْنِ اللّهِ» فَانْقَادَتْ مَعَهُ كَالْبَعِيرِ الْمَخْشُوشِ، الّذِي يُصَانِعُ قَائِدَهُ. حَتّىَ أَتَىَ الشّجَرَةَ الأُخْرَىَ. فَأَخَذَ بِغُصْنٍ مِنْ أَغْصَانِهَا. فَقَالَ: «انْقَادِي عَلَيّ بِإِذْنِ اللّهِ» فَانْقَادَتْ مَعَهُ كَذَلِكَ. حَتّىَ إِذَا كَانَ بِالْمَنْصَفِ مِمّا بَيْنَهُمَا، لأَمَ بَيْنَهُمَا (يَعْنِي جَمَعَهُمَا) فَقَالَ: «الْتَئِمَا عَلَيّ بِإِذْنِ اللّهِ» فَالْتَأَمَتَا. قَالَ جَابِرٌ: فَخَرَجْتُ أُحْضِرُ مَخَافَةَ أَنْ يُحِسّ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم بِقُرْبِي فَيَبْتَعِدَ (وَقَالَ مُحَمّدُ بْنُ عَبّادٍ: فَيَتَبَعّدَ) فَجَلَسْتُ أُحَدّثُ نَفْسِي. فَحَانَتْ مِنّي لَفْتَةٌ، فَإِذَا أَنَا بِرَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم مُقْبِلاً، وَإِذَا الشّجَرَتَانِ قَدِ افْتَرَقَتَا. فَقَامَتْ كُلّ وَاحِدَةٍ مِنْهُمَا عَلَىَ سَاقٍ.

**فَرَأَيْتُ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم وَقَفَ وَقْفَةً. فَقَالَ بِرَأْسِهِ هَكَذَا (وَأَشَارَ أَبُو إِسْمَاعِيلَ بِرَأْسِهِ يَمِيناً وَشِمَالاً) ثُمّ أَقْبَلَ. فَلَمّا انْتَهَى إِلَيّ قَالَ: «يَا جَابِرُ! هَلْ رَأَيْتَ مَقَامِي؟» قُلْتُ: نَعَمْ. يَا رَسُولَ اللّهِ! قَالَ: «فَانْطَلِقْ إِلَى الشّجَرَتَيْنِ فَاقْطَعْ مِنْ كُلّ وَاحِدَةٍ مِنْهُمَا غُصْناً. فَأَقْبِلْ بِهِمَا. حَتّى إِذَا قُمْتَ مَقَامِي فَأَرْسِلْ غُصْناً عَنْ يَمِينِكَ وَغُصْناً عَنْ يَسَارِكَ».**

**قَالَ جَابِرٌ: فَقُمْتُ فَأَخَذْتُ حَجَراً فَكَسَرْتُهُ وَحَسَرْتُهُ. فَانْذَلَقَ لِي. فَأَتَيْتُ الشّجَرَتَيْنِ فَقَطَعْتُ مِنْ كُلّ وَاحِدَةٍ مِنْهُمَا غُصْناً. ثُمّ أَقْبَلْتُ أَجُرّهُمَا حَتّى قُمْتُ مَقَامَ رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم. أَرْسَلْتُ غُصْناً عَنْ يَمِينِي وَغُصْناً عَنْ يَسَارِي. ثُمّ لَحِقْتُهُ فَقُلْتُ: قَدْ فَعَلْتُ: يَا رَسُولَ اللّهِ! فَعَمّ ذَاكَ؟ قَالَ: «إِنّي مَرَرْتُ بِقَبْرَيْنِ يُعَذّبَانِ. فَأَحْبَبْتُ، بِشَفَاعَتِي، أَنْ يُرَفّهَ عَنْهُمَا، مَا دَامَ الْغُصْنَانِ رَطْبَيْنِ».**

جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، بىز رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن بىللە كېتىۋېتىپ، كەڭرى بىر تۈزلەڭلىككە چۈشتۇق، ـ ئۇچاغلاردا بىزدىن ھەر بىرىمىزنىڭ بىر كۈنلۈك ئوزۇقى بىر تال خورما ئىدى. ئۇخورمىنى شۈمۈپ ئاندىن كىيىمگە سېلىۋالاتتى، خورما تەقسىم قىلىنىپ، خاتالىقتىن بەردۇقمىكى دەپ گۇمان قىلىنىپ، بىزدىن بىرىكىشىگە ئۇنىڭ بىر تال خورمىسى بېرىلمەي قاپتۇ، بىز ئۇنىڭ ئاجىزلاپ كەتكىنىنى بىلىپ ئۇنىڭ قېشىغا بېرىپ، ئۇنى يۆلەپ تۇرغۇزۇپ، ئۇنىڭغا خورما بېرىلمىگەنلىكىگە گۇۋاھلىق بەردۇق، ئاندىن ئۇ بېرىپ خورمىسىنى ئېلىۋالدى. ـ رەسۇلۇللاھ تەرەت قىلغىلى كېتىپ، دالدا قىلىپ پەردىلەنگىدەك ھېچ نەرسىنى كۆرمىدى، ناگاھان ئۇ ۋادىينىڭ بىر چېتىدە ئىككى تۈپ دەرەخنى كۆرۈپ، رەسۇلۇللاھ ئۇدەرەخلەرنىڭ بىرىنىڭ قېشىغا بېرىپ، ئۇنىڭ شاخلىرىدىن بىر شاخنى تۇتۇپ تۇرۇپ؛ **الله** نىڭ ئىزنى بىلەن ماڭا بويسۇنغىن دېدى، ئۇ دەرەخ خۇددى بۇرنىغا چۆلمۈك ئۆتكۈزۈلگەن تۆگە يېتىلىگەن ئىگىسىگە بويسۇنۇپ بىللە ماڭغاندەك، رەسۇلۇللاھ قا بويسۇنۇپ بىللە مېڭىپ، يەنە بىر تۈپ دەرەخنىڭ قېشىغا كەلدى، رەسۇلۇللاھ ئۇدەرەخنىڭمۇ شاخلىرىدىن بىر شاخنى تۇتۇپ تۇرۇپ؛ **الله** نىڭ ئىزنى بىلەن ماڭا بويسۇنغىن دېدى، ئۇ دەرەخمۇ شۇنىڭدەك بويسۇندى، ئۇلار قاپ ئوتتىرىغا كېلىپ بارابەر سەپكە تىزىلغاندا، رەسۇلۇللاھ ئۇلارغا؛ **الله** نىڭ ئىزنى بىلەن ماڭا پەردە بولۇش ئۈچۈن كىرىشىپ گىرەلىشىڭلار دېدى، ئۇئىككى تۈپ دەرەخ بىر ـ بىرىگە گىرەلىشىپ پەردە بولۇپ بەردى، مەن رەسۇلۇللاھ نىڭ مېنىڭ يېقىنلىقىمنى سېزىپ قېلىپ، مەندىن يىراقلاپ كېتىشىدىن ئەنسىرەپ ئالدىراپ يېنىپ چىقىپ، مەن ئۆز ئۆزۈمگە:بۇگۈن ماڭا ئىلتىپات قىلغىدەك بىر ئىش ئاشكارا بولدى، بۈگۈن مەن ئاجايىب ـ غارايىب بىر ئىشنى كۆردۈمغۇ دەپ، پىچىرلاپ ئولتۇرسام، ناگاھان رەسۇلۇللاھ مەن تەرەپكە ئالدىنى قىلىپ كېلىۋاتىدۇ، ھېلىقى ئىككى تۈپ دەرەخ بولسا، بىر ـ بىرىدىن ئايرىلىپ، ھەرقايسى ئۆز ئورۇنلىرىغا بېرىپ تۇردى. مەن رەسۇلۇللاھ نىڭ شۇچاغدا ئۇزۇن تۇرۇپ، بېشى بىلەن مانا مۇشۇنداق ئوڭ تەرەپكە ۋە سول تەرەپكە ئىشارەت قىلىپ ئاندىن ئالدىنى قىلىپ كەلگەنلىكىنى كۆرگەن ئىدىم. ئاندىن رەسۇلۇللاھ مېنىڭ قېشىمغا كېلىپ: ئى جابىر! سەن مېنىڭ باياتىن تۇرغان ئورنۇمنى كۆردۈڭمۇ؟دېدى، مەن ھەئە دېسەم، سەن بايىقى ئىككى تۈپ

دەرەخنىڭ يېنىغا بېرىپ، ئۇلارنىڭ ھەر بىرىدىن بىر تالدىن شاخنى كېسىپ ئېكىلىپ، بايا مەن تۇرغان ئورۇندا تۇرۇپ، بىر تال شاخنى ئوڭ تەرىپىڭگە، يەنە بىر تالنى سول تەرىپىڭگە تاشلاپ قويۇپ قويغىن دېدى. مەن بىر تال تاشنى ئېلىپ ئۇنى سۇندۇرۇپ، ئۇنى بىلەپ ئىتتىكلەشتىپ، ـ تاش ماڭا ئاسانلا ئىتتىك بولدى ـ ھېلىقى ئىككى تۈپ دەرەخنىڭ قېشىغا كېلىپ، ھەر بىرىدىن بىر تالدىن شاخنى كېسىپ، ئاندىن ئۇنى سۆرەپ ئېلىپ كېلىپ، رەسۇلۇللاھ تۇرغان جايدا تۇرۇپ، بىر تال شاخنى ئوڭ تەرىپىمدە، يەنە بىر تالنى سول تەرىپىمدە قويۇپ قويۇپ، ئاندىن رەسۇلۇللاھ قا يېتىشىۋېلىپ: ئى الله نىڭ ئەلچىسى! مەن سىلى دېگەندەك قىلدىم، نىمە ئۈچۈن شۇنداق قىلدۇق؟دېسەم، رەسۇلۇللاھ: مەن باياتىن ئىككى قەۋرىنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپتىمەن، ئۇنىڭ ئىچىدىكى كىشىلەر ئازاپلىنىۋېتىپتۇ، مەن ئۆزۈمنىڭ شاپائىتى بىلەن مۇشۇ ئىككى تال شاخ ھۆل تۇرسىلا ئۇنىلاردىن ئازاپنىڭ يەڭگىللىشىنى بەكمۇ ياخشى كۆرىمەن دېدى.

7463 ـ قالَ: فَأتَيْنا الْعَسْكَرَ. فقالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: «يَا جَابِرُ نَادِ بِوَضُوءٍ» فقُلْتُ: ألاَ وَضُوءَ؟ ألاَ وَضُوءَ؟ ألاَ وَضُوءَ؟ قالَ: قُلْتُ: يَا رَسُولَ اللّهِ مَا وَجَدْتُ فِي الرّكْبِ مِنْ قطْرَةٍ. وكَانَ رَجُلٌ مِنَ الأنْصارِ يُبَرّدُ لِرَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم الْمَاءَ. فِي أشْجَابٍ لَهُ، عَلَى حِمَارَةٍ مِنْ جَرِيدٍ. قالَ: فقالَ لِيَ: «انْطلِقْ إلَى فُلاَنِ بْنِ فُلاَنٍ الأنْصارِيّ، فانْظُرْ هَلْ فِي أشْجَابِهِ مِنْ شَيْءٍ؟» قالَ: فانْطَلَقْتُ إلَيْهِ فنَظَرْتُ فِيهَا فلَمْ أجِدْ فِيهَا إلاّ قطْرَةً فِي عَزْلاَءِ شَجْبٍ مِنْهَا، لَوْ أنّي أفْرِغُهُ لَشَرِبَهُ يَابِسُهُ. فأتَيْتُ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم فقُلْتُ: يَا رَسُولَ اللّهِ إنّي لَمْ أجِدْ فِيهَا إلاّ قطْرَةً فِي عَزْلاَءِ شَجْبٍ مِنْهَا. لَوْ أنّي أفْرِغُهُ لَشَرِبَهُ يَابِسُهُ. قالَ: «اذْهَبْ فأْتِنِي بِهِ» فأتَيْتُهُ بِهِ. فأخَذَهُ بِيَدِهِ فجَعَلَ يَتَكَلّمُ بِشَيْءٍ لاَ أدْرِي مَا هُوَ. ويَغْمِزُهُ بِيَدِهِ. ثُمّ أعْطانِيهِ فقالَ: «يَا جَابِرُ نَادِ بِجَفْنَةٍ» فقُلْتُ: يَا جَفْنَةَ الرّكْبِ فأُتِيتُ بِهَا تُحْمَلُ. فوَضَعْتُهَا بَيْنَ يَدَيْهِ. فقالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم بِيَدِهِ فِي الْجَفْنَةِ هَكَذَا. فبَسَطَهَا وفَرّقَ بَيْنَ أصَابِعِهِ. ثُمّ وَضَعَهَا فِي قعْرِ الْجَفْنَةِ. وقالَ: «خُذْ. يَا جَابِرُ فصُبّ عَلَيّ. وقُلْ: بِاسْمِ اللّهِ» فصَبَبْتُ عَلَيْهِ وقُلْتُ: بِاسْمِ اللّهِ. فرَأيْتُ الْمَاءَ يَفُورُ مِنْ بَيْنِ أصَابِعِ رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم. ثُمّ فارَتِ الْجَفْنَةُ ودَارَتْ حَتّى امْتَلأتْ. فقالَ: يَا جَابِرُ نَادِ مَنْ كَانَ لَهُ حَاجَةٌ بِمَاءٍ» قالَ: فأتَى النّاسُ فاسْتَقَوْا حَتّى رَوُوا. قالَ: فقُلْتُ: هَلْ بَقِيَ أحَدٌ لَهُ حَاجَةٌ؟ فرَفَعَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم يَدَهُ مِنَ الْجَفْنَةِ وَهِيَ مَلأَى.

